مۇھەممەد يۇسۇپ

# بەش پەرز ۋە ئائىلە تۈزۈمى

# خمس فرائض ونظام الأسرة في الإسلام

**تأليف: محمد يوسف محمد ترسون**

طبع هذا الكتاب من حساب ريع وقف أهالي كريا
في المدينة المنورة

بۇ ئەسىرىمنى كىچىكىمدە دەسلەپ بولۇپ ئاغزىما ئىلىم سالغان، پەرزەنتلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەستىن، بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان مەرھۇمە ئانام پاتەمخاننىڭ روھىغا بېغىشلايمەن.

-ئاپتور

# بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە سالام يوللايمەن.

ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بىرى مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقىمگە، خۇسۇسەن ياش-ئۆسمۈرلەرگە پايدىسى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىت بىلەن ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەقىدە پرىنسىپىدىن باشلاپ بىلگىنىمچە بەزى كىتابلارنى ئاددى تىلدا يېزىپ چىققان ئىدىم. بۇ كىتابلار ئۆز ۋاقتىدا نەشىر قىلىپ كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىغا تارقىلىتىلغان ئىدى. كىتابلىرىمنى بىر توم قىلىپ توپلاپ نەشىر قىلدۇرۇشنى ئۇزۇندىن بىرى ئويلىغان بولساممۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن كېچىكىپ كەلدى.

مانا ئەمدى بۈگۈن كىتابلىرىمنى توپلاپ چىقىپ، « ئىسلام ئەقىدىلىرى، « ناماز ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى»، «زاكات پەرزى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى»، « روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى»، «ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش قوللانمىسى»، «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» بويىچە رەتلەپ چىقتىم ۋە ھەممىنى بىر توپلام ئىچىگە كىرگۈزۈپ نەشىرگە تەييارلىدىم.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ خەيرلىك ئىشنىڭ مۇسۇلمان خەلقىمگە مەنپەئەتلىك بولىشى تىلەيمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ

1430-ھىجرىيە يىلى 21-جامادى ئەۋۋەل

2009 -يىلى16-ماي

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 5
مۇندەرىجە ........................................ 7


## ئەقىدە كىتابى


**ئىسلام ئەقىدىلىرى** ........................................ 41
مۇقەددىمە ........................................ 47
ئىنسان ۋە دىن ........................................ 47
دىن ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتۇر ........................................ 48
ئاللاھنىڭ دىنى بىردۇر ........................................ 49
ئىسلام دىنى ........................................ 52
ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئىتى ........................................ 54
غەيرى دىندىكىلەردىن ئىسلام دىنى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........................................ 55
ئىمان ۋە ئىسلام ........................................ 56
ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ........................................ 56
ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ........................................ 58
ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........................................ 58
كەلىمە تەيىيبەنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى ........................................ 59
ئىسلام دىنى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىمامدۇ ........................................ 61
ئىماننىڭ كەم ـ زىيادە بولىشى ........................................ 63
ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللار ........................................ 63
ئىماننىڭ ئالامەتلىرى ........................................ 64
ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىراتلىرى ........................................ 66
ئادەمنى ئىماندىن چىقىرىدىغان ئامىللار ........................................ 69
بىرىنچى بۆلۈم: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ........................................ 71
ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ........................................ 71
ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھتۇر ........................................ 71
باشقا دىندىلەرنىڭ ئاللاھ ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........................................ 76
ئىنسانلار دىنسىز ياشىمىغان ........................................ 77

ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى .................................... 78
ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاسىتىلىرى .................................... 80
ئەقىلنىڭ رولى .................................... 80
ئەقىل ئاللاھنى تونۇشنىڭ قورالى .................................... 82
ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ يولى .................................... 85
ئاللاھنى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن تونۇغىلى بولىدۇ.................................... 89
ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرى .................................... 90
ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر .................................... 93
**ئىبادەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر.................................... 94**
ئىبادەتنىڭ دائىرىسى .................................... 94
ئىبادەت قىلىش يوللىرى.................................... 96
ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ سىرى .................................... 99
ئىبادەت قىلىش پرىنسىپى ....................................100
ئېتىقاد قەلبنىڭ، ئەمەل بەدەننىڭ ئىشى....................................102
تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى....................................103
شېرىك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ....................................105
شىركۇلئەكبەر ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى....................................105
شىركۇلئەسغەر ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى ....................................111
تۇمار ئېسىش ۋە دەم سېلىش مەسىلىسى ....................................112
قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ساۋابى ....................................117
بىدئەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى....................................118
ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشىنىڭ ھېكمىتى ....................................119
بىدئەتلەرنى مەنئى قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىلىرى ....................................121
**ۋەسىلە ھەققىدىكى مەسىلىلەر ....................................123**
بۇيرۇلغان ۋەسىلە ....................................123
مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە....................................125
شەرىئەتتىن دەلىلى بولمىغا ۋەسىلە ....................................126
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىش ....................................126
ئاللاھقا دۇئا قىلىش بىراۋنىڭ ۋاسىتىسىغا مۇھتاج ئەمەس....................................127
ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىككى ئىبادەت ....................................128
جىھادنىڭ پەرز ئەينغا ئۆزگىرىشى ....................................130

جىھادنىڭ بۇيرۇلۇش سەۋەبى........................................130
ئىسلامىي جىھادنىڭ پرىنسىپلىرى........................................131
”جىھاد“ سۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مەنىسى........................................132
تەۋبە ۋە ئۇنىڭ قوبۇل بولۇش پرىنسىپى........................................133
ئاللاھنىڭ ھەققىدىن كېيىنكى ھەق........................................134
ئىككىنچى بۆلۈم: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش........................................135
پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى........................................135
پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىللىرى........................................137
مۆجىزە........................................137
پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلار........................................138
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام........................................139
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى........................................140
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى........................................141
قۇرئان مۆجىزىسى........................................143
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن باشقا مۆجىزىلىرى........................................147
قەدىمقى كىتابلارنىڭ بىشارەتلىرى........................................151
تەۋراتنىڭ بىشارەتلىرى........................................151
ئىنجىلنىڭ بىشارەتلىرى........................................156
تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىن باشقا دىنىي كىتابلاردىكى بىشارەتلەر........................................162
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىچەكتىن خەۋەر بېرىشى........................................163
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ئۇنىڭ ئاللاھ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ........................................166
ئۆز ۋاقتىدىكى ھەقىقەتچىلەرنىڭ ئېتىراپلىرىدىن بىر قانچە مىسال........................................169
ھازىرقى زامان ياۋروپالىق ئالىملارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلىق ئېيتقانلىرى........................................174
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنقى پەيغەمبەرلەردىن پەرقى........................................176
سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى........................................178
قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىش سۈننەتتىن بىھاجەت قىلىدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە........................................179
ھەدىسلەرگا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە........................................181
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش........................................182

ئۈچىنچى بۆلۈم: روھىي ئالەملەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ..................184
غەيب ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ..............................184
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ......................................185
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر ........186
پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىلىرى .............................187
جىنلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى..........................................188
شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋاراكتېرى.......................................191
تۆتىنچى بۆلۈم: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش................196
ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلار...............................................196
ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر198
ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى .....................199
قۇرئان كەرىم .................................................................200
قۇئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرى....................................202
قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن ئارتۇقچىلىقى.........202
بىرىنچى: تەبىئىي پەن دەلىللىرى.......................................207
ئىككىنچى: ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر...................................213
ئۈچىنچى: تېخنىكىلىق دەلىللەر ........................................216
تۆتىنچى : ئاسترونومىيىلىك دەلىللەر ..................................218
بەشىنچى: تىببىي دەلىللەر..............................................223
ئالتىنچى: ئىجتىمائىي دەلىللەر.........................................225
قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى .............228
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ...230
قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئېل ئېلان قىلىدۇ ...................231
قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئالاھىدىلىكى
233...............................................................................
قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ ساقلىماقتا .....................................234
قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۆجىزە ..........................235
باشقا دىندىكىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئېيتقانلىرى.................239
بەشىنچى بۆلۈم: تەقدىر ۋە قازا (قازا ۋە قەدەر)غا ئىمان كەلتۈرۈش ......241
قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى ..............................................242
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر.......244

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى ........... 245
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى ........................... 247
ھىدايەت ۋە زالالەت ئاللاھتىن .................................... 250
ھىدايەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........................................ 250
تەۋەككۇل ۋە ئۇنىڭ شەرتى ......................................... 254
قازا ۋە قەدەرگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋاب ...................... 254
ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولمايدىغان ئىشلار ............................ 256
ئالتىنچى باب قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ......................... 258
قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىككى ھەقىقەت 259
قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى .......................... 260
قايتا تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە ......................... 260
قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ..................................... 264
قەبرىدىكى تىرىلىش ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى ............................... 266
بەرزەخ ئالەمى .................................................. 267
قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە ئازابى ........................................ 268
قەبرىدىكى تىرىلىسكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە ...................... 269
ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى نەدە؟ ...................................... 272
قىيامەتنىڭ باشلىنىشى ............................................ 272
قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار ................................... 273
ئىنساننىڭ تەركىبى ............................................... 274
جەننەت بىلەن دوزاخ ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈلىكى .......................... 277
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ......................................... 280

## ناماز كىتابى

**مۇقەددىمە** .................................................... 284
ئىبادەت ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات .................................. 287
ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ......................................... 287
ھەممە ئىبادەتكە چاقىرىلغان ........................................ 287
ئىبادەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ ......................................... 288
ئىنسان ئىبادەت قىلىشقا مۇھتاج ...................................... 289
ئىبادەتنىڭ ماھىيىتى .............................................. 290
ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر .................................. 291

ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت نامازدۇر........................ 292
ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى........................ 293
ئىسلام فىقھى........................ 298
فىقھىنىڭ تەرىپى........................ 298
ئىسلام فىقھىنىڭ ماۋزۇسى........................ 299
ئىسلام فىقھىنىڭ خىزمەتلىرى........................ 299
فىقھ ئىلمىنىڭ كېلىپ ـ چىقىش تارىخى........................ 300
فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب........................ 300
مەزھەبنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى........................ 301
مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى........................ 301
ئىسلام دۇنياسىدىكى تۆت مەزھەب ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى........................ 303
ئىمام ئەزەم........................ 303
ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ نوپۇزى........................ 304
ئىمام ئەزەمنىڭ پرىنسىپى........................ 304
ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرى........................ 305
ئەبۇ يۇسۇف بىلەن مۇھەممەدنىڭ ھەنەفىي مەزھىبىدىكى ئورنى........................ 305
ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئىماملىرى ئارا پرىنسىپى........................ 306
يۇقىرىقى بايانلار بىلەن بۇ كىتابنىڭ مۇناسىۋىتى........................ 307
مەزھەپ چۈشەنچىسى........................ 308
تەقلىد مەسىلىسى........................ 309
تەقلىد قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار........................ 310
تەقلىد قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار........................ 312
تەقلىد قىلىشقا بولىدىغان كىشىلەر........................ 312
ئادالەتلىك مۇجتەھىدلار كىملەر؟........................ 313
مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ ھۆكمى........................ 313
رۇخسەت ئىزدەپ باشقا مەزھەپكە ئۆتۈش جائىزمۇ؟........................ 314
مەزھەبكە ئەگەشمەسلىك دەۋاسى........................ 315
بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتىكى مېتودىم........................ 316
مۇكەللەپنىڭ تەرىپى........................ 316
شەرىئەت ئىستىلاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى........................ 316
پەرز........................ 317

ۋاجىب ......................................................318
سۈننەت......................................................319
ھارام......................................................320
مەكرۇھ تەھرىمى ......................................................320
مەكرۇھ تەنزىھى ......................................................321
مۇباھ ......................................................321
مۇباھ ئىشلارنىڭ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتۈشى ......................................................321
بىرىنچى بۆلۈم: ئىسلام دىنىدىكى ناماز ......................................................324
ئىسلام دىنىدىكى ناماز ......................................................325
نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى......................................................325
نامازنىڭ پەزىلىتى ......................................................326
نامازنىڭ ھۆكمى......................................................327
كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنىڭ سىرى ......................................................331
نامازنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلىرى......................................................334
نامازنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى......................................................334
نامازنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى......................................................336
ناماز پاكىزىلىق ۋە گۈزەللىكتۇر ......................................................336
ناماز ئىنساننىڭ سەۋىرچانلىقى ۋە چىداملىقىنى ئاشۇرىدۇ ......................................................337
ناماز ئەخلاقنى كۈچەيتىدىغان قۇۋۋەتتۇر ......................................................338
نامازدىكى ھەرىكەتلەر گىمناستىكىدىن پايدىلىقتۇر ......................................................339
ناماز روماتىزىمنىڭ شىپاسىدۇر ......................................................341
ئىسلام دىنىدا تەلەپ قىلىنغان ناماز ......................................................342
ئەقىلنىڭ ئەمەللىرى......................................................343
قەلبىنىڭ ئەمەللىرى......................................................343
ھېسسى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى......................................................343
تاشقى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى......................................................344
«خۇشۇئ» نامازنىڭ جېنىدۇر ......................................................344
نامازدا «خۇشۇئ»نىڭ ئەھمىيىتى ......................................................344
«خۇشۇئ»دېگەن نېمە؟ ......................................................345
«خۇشۇئ»نىڭ ھۆكمى ......................................................345
ساۋاب «خۇشۇئ» دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ......................................................347

«خۇشۇئ»نىڭ ئامىللىرى ........................ 348
«خۇشۇئ» نى ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى ........................ 349
قۇرئان كەرىمنى قانداق ئاڭلاش كېرەك؟ ........................ 351
«خۇشۇئ»غا زىيانلىق ئامىللار ........................ 352
نامازدا بۇرۇلۇشنىڭ مەنىسى ........................ 355
ئىنسان پىسخولوگىيىسى ۋە بەش ۋاخ ناماز ........................ 356
پېشىن ۋاقتى ........................ 357
ئەسىر ۋاقتى ........................ 357
شام ۋاقتى ........................ 358
خۇپتەن ۋاقتى ........................ 358
نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى ........................ 358
كۇپىرنىڭ تۈرلىرى ........................ 361
ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنىڭ ھۆكمى ........................ 361
ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى ........................ 362
ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ ھۆكمى ........................ 364
ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى ........................ 364
ئىككىنچى بۆلۈم: نامازنىڭ شەرتلىرى ........................ 367
نامازنىڭ بىرىنچى شەرتى پاكلىقنىڭ بايانى ........................ 367
تاشقى پاكلىققا بۇيرۇلۇشنىڭ ھېكمەتلىرى ........................ 367
ئىچكى پاكلىققا بۇيرۇلۇشنىڭ ھېكمەتلىرى ........................ 369
پاكلىنىشقا بولىدىغان سۇلار ........................ 369
سۇلارنىڭ تۈرلىرى ........................ 371
تۇرغۇن سۇنىڭ ھۆكمى ........................ 372
ئىستىنجا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ........................ 373
ئىستىنجانىڭ ھۆكمى ........................ 373
ئىستىنجادا قوللىنىشقا جائىز بولىدىغان ماددىلار ........................ 374
ئىستىنجادا قوللىنىشقا جائىز بولمايدىغان ماددىلار ........................ 374
ئىستىبرا ........................ 374
ھاجەتخانىغا كىرىشنىڭ ئەدەپلىرى ........................ 375
نىجاسەتلەر ۋە ئۇلاردىن پاكلىنىش ........................ 376
نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى ........................ 376

نىجاسەتلەردىن كەچۈرۈم قىلىنىش مىقدارى ........ 376

نىجاسەتلەردىن پاكلىنىش ۋە كىيىملەرنى پاكلاش ئۇسۇلى ........ 377

نامازنىڭ ئىككىنچى شەرتى تاھارەتنىڭ بايانى ........ 379

تاھارەتنىڭ پەرزلىرى ........ 379

تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى ........ 380

تاھارەتتىكى مەكرۇھلار ........ 381

تاھارەت ئېلىشنىڭ ئەدەبلىرى ۋە قائىدە - تەرتىبلىرى........ 381

مىسۋاك ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ........ 382

تاھارەتتە شۈبھە ........ 383

تاھارەتنىڭ ھېكمىتى ........ 384

تاھارەتنىڭ گۈزەللىككە بولغان پايدىسى........ 385

تاھارەتنىڭ ئىنسان ساقلىقىغا بولغان پايدىسى ........ 387

تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار ........ 390

تاھارەتنى بۇزمايدىغان ئىشلار ........ 390

ئاياقلارغا مەسھى قىلىشنىڭ بايانى ........ 391

ئاياقلارغا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى ........ 391

ئاياقلارغا مەسھى قىلىشنىڭ شەرتى........ 391

مەسھىنىڭ قائىدىسى ........ 391

مەسھىنىڭ مۇددىتى ........ 392

مەسھىنى بۇزىدىغان ئامىللار........ 392

تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىش ........ 393

ئۆزرۈرلۈك كىشىلەر قانداق قىلىشى كېرەك........ 393

ئۆزرۈر قوبۇل قىلىنىشىنىڭ شەرتى ........ 394

ئاياللارنىڭ ئاياللىق ھاللىرى........ 394

ئاياللارنىڭ ئايلىق ھالى........ 394

ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالى ........ 394

ئاياللار ئۈچۈن ئايلىق ۋە تۇغۇتلۇق ھاللىرىدا مەنئى قىلىنغان ئىشلار ...... 395

ئايلىق ۋە تۇغۇتلۇق ھاللىرىدىكى ئاياللارغا يېقىنلىق قىلىش مەسىلىسى ... 395

ئاياللارنىڭ ئۆزرۈرلۈك ھالى ........ 396

ئاياللار ھەيزدار ياكى ئۆزرۈرلۈك ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيدۇ؟........ 397

تاھارەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار ........ 397

جۇنۇپ كىشى ئۇچۇن مەنئى قىلىنغان ئىشلار ........................ 398
غۇسلىنىڭ بايانى ........................................ 399
غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەر ...................... 399
غۇسلىنىڭ تۈرلىرى ........................................ 400
پەرز بولغان غۇسلى ........................................ 400
غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلمايدىغان ئىشلار ...................... 400
غۇسلىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ........................ 400
سۈننەت بولغان غۇسلى ........................................ 401
مۇستەھەب بولغان غۇسلى ........................................ 402
غۇسلىنىڭ پەرزلىرى ........................................ 403
غۇسلىنىڭ سۈننەتلىرى ........................................ 404
غۇسلى قىلىشنىڭ قائىدىسى ........................................ 404
غۇسلىنىڭ ھېكمىتى ........................................ 405
غۇسلىنىڭ پايدىلىرى ........................................ 405
غۇسلىنىڭ تىببىي جەھەتتىكى پايدىسى ........................ 406
تەيەممۇمنىڭ بايانى ........................................ 406
تەيەممۇمنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەر ........................ 406
تەيەممۇمنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ........................ 407
تەيەممۇم قىلىشنىڭ شەرتلىرى ........................ 408
تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى ........................................ 409
تەيەممۇمنىڭ قائىدىسى ........................................ 410
تەيەممۇم قىلىشقا بولىدىغان ماددىلار ........................ 410
تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار ........................ 410
تەيەممۇمنىڭ ھېكمىتى ........................................ 411
نامازنىڭ ئۈچىنچى شەرتى: ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى ........................ 411
بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى ........................................ 411
ئەڭ پەزىلەتلىك ۋاقىتلار ........................................ 412
ناماز ۋاقىتلىرىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ........................ 414
ناماز ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىنىڭ ھېكمىتى ........................ 415
ناماز ۋاقىتلىرى ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىش ........................ 416
ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار ........................ 417

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەش ۋاقىتتا ناماز ئوقۇماسلىقنىڭ سەۋەبى...419
ئەزاننىڭ بايانى.....................................................419
ئەزان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ..........................................419
ئەزان ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى .......................................420
ئەزاننىڭ بۇيرۇلغانلىقىنىڭ ھېكمىتى .............................421
تەكبىر ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ......................................422
تەكبىر ئېيتىشنىڭ ھۆكمى ..........................................422
نامازنىڭ تۆتىنچى شەرتى ئەۋرەت جايلارنى يېپىشنىڭ بايانى............424
ئەۋرەت جايلارنىڭ چەك ــ چېگرىسى..............................424
ئەرلەرنىڭ ئەۋرەت جايلىرى ........................................424
ئاياللارنىڭ ئەۋرەت جايلىرى........................................424
بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنىڭ ئەۋرەتلىرى ...........................425
ئەۋرەت جايلارنى يېپىشنىڭ ھېكمىتى ..............................425
ئەۋرەت جايلارنى يېپىشنىڭ ئەدەپلىرى ............................426
نامازنىڭ بەشىنچى شەرتى قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش .................427
قىبلىگە قاراشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟ ...........427
قىبلىنى تاپالمىغان چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟........................428
قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ ئەدەپلىرى ....................................429
نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى...................................429
نامازدا نېمە ئۈچۈن كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرىمىز؟ ....................430
نامازنىڭ ئالتىنچى شەرتى: نىيەت ..................................431
نىيەتنىڭ ۋاقتى......................................................432
نىيەت قىلىش ئۇسۇلى ...............................................432
ئۈچىنچى بۆلۈم: نامازنىڭ قائىدە ــ تەرتىبلىرى ......................434
بەش ۋاخ نامازنىڭ رەكئەتلىرى......................................435
بەش ۋاخ نامازنىڭ ئوقۇلۇش تەرتىپى................................435
بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى ...............436
نامازنىڭ پەرزلىرى...................................................439
نامازنىڭ بىرىنچى پەرزى: تەكبىر تەھرىمە ...........................439
نامازنىڭ ئىككىنچى پەرزى: قىيام ....................................440
نامازنىڭ ئۈچىنچى پەرزى: قىرائەت ..................................441

نامازنىڭ تۆتىنچى پەرزى: رۇكۇ ........................ 442
نامازنىڭ بەشىنچى پەرزى: سەجدە ........................ 442
نامازنىڭ ئالتىنچى پەرزى: قەئدە ئاخىر ........................ 443
نامازنىڭ ۋاجىبلىرى ........................ 445
نامازنىڭ سۈننەتلىرى ........................ 446
نامازنىڭ ئەدەپلىرى ........................ 447
ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرى........................ 448
بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشى........................ 448
ئەرلەرنىڭ ئولتۇرۇش شەكلى ........................ 451
ئاياللارنىڭ ئولتۇرۇش شەكلى ........................ 451
پېشىن نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى ........................ 453
ئەسىر نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى ........................ 454
شام نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى ........................ 454
خۇپتەن نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى........................ 454
ۋىتىر نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى ........................ 455
نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........................ 456
نامازنىڭ مەكرۇھلىرى ........................ 459
نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار........................ 461
نامازغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ........................ 463
نامازنى توختىتىش ياكى كەينىگە سۈرۈشنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر.. 463
نامازنى توختىتىش ياكى كەينىگە سۈرۈشنى جائىز قىلىدىغان سەۋەبلەر ... 464
نامازدا شۈبھە ........................ 464
سەجدە سەھۋىنىڭ بايانى ........................ 466
سەجدە سەھۋىنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر........................ 466
پەرزنىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكىگە مىسال ........................ 467
ۋاجىبنىڭ سەھۋەنلىكتىن تەرك قىلىنغىنىغا مىسال........................ 467
ۋاجىبنىڭ سەھۋەنلىكتىن كېچىكتۈرۈلگىنىگە مىسال ........................ 468
سەجدىنى ۋاجىب قىلىدىغان سەھۋەنلىكنىڭ تەكرارلىنىشى ........................ 468
سەجدە سەھۋىنىڭ قىلىنىش ئۇسۇلى ........................ 468
سەجدە سەھۋى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ھاللار........................ 469
نامازدا تاھارەتنىڭ بۇزۇلىشى........................ 469

سۈترە ۋە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش مەسىلىسى.................469
قىرائەت خاتالىقلىرى.................................................470
تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ بايانى.........................................470
تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ بۇيرۇلىشى.....................................470
تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشقا سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتلىرى........471
تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر...............471
تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ قىلىنىش ئۇسۇلى.................................472
تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى...........................................472
تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان شەرتلەر......................472
سەجدە ئايىتىنىڭ تەكرارلىنىشى كۆپ قېتىم سەجدە قىلىشنى لازىم قىلامدۇ؟
473..........................................................................
سەجدە ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرىلەر ۋە ئايەتلەر..............473
قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى............................................474
قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى...........................................477
قۇرئان يادلاشنىڭ پەزىلىتى...........................................478
قۇرئاننى خەتمە قىلىش................................................479
قۇرئان كەرىمنى تەرتىل بىلەن ئوقۇش...................................479
قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش................................479
قازا نامازلار ھەققىدىكى مەسىلىلەر.....................................480
نامازلارنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ئۆزۈرلىرى..................................480
نامازنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئۆزۈرلەر....................481
قازا نامازلارنى ئوقۇش ئۇسۇلى.........................................482
قازا نامازلارنى ئوقۇشنىڭ تەرتىبى.....................................482
قازا نامازلارنى ئوقۇشتا تەرتىبنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى......................483
قازاسى ئوقۇلىدىغان نامازلار...........................................484
مېيىتتىن ناماز ۋە روزىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى...........................484
ئوقۇيالمىغان نامازلارنىڭ كاپارىتى بارمۇ؟...............................485
نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇش مەسىلىسى.............................485
نامازلارنى جەمئى قىلىشنىڭ شەرتلىرى.................................489
تۆتىنچى بۆلۈم: نامازلارنىڭ تۈرلىرى.................................490
جامائەت نامىزى......................................................492

جامائەت نامىزىنىڭ ھۆكمى........................................492
جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ................................493
جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ھېكمىتى....................................494
جامائەت نامىزى ئەسكىرىي تەربىيىدۇر() ..................................495
مەسجىد ئومۇمنىڭ مەكتىپىدۇر.......................................496
مەسجىدكە بېرىشنىڭ ئەدەپلىرى ......................................496
ئىماملىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ................................497
ئىماملىققا ھەقلىق بولغۇچىلار.......................................497
ئىماملىقى مەكرۇھ بولىدىغانلار .......................................498
ئىسلام ئۇممىتىنى چەتكە قېقىشنىڭ خاتالىقى....................................500
ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ شەرتلىرى.......................................501
جامائەت توغرىسىدىكى مەسىلىلەر .......................................501
جامائەت سېپىنىڭ تەرتىپى ..........................................502
ئالدىنقى سەپتە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى.......................................502
ئارقا سەپتە ئۆزى يالغۇز تۇرغان كىشىنىڭ مەسىلىسى ............................503
جامائەت سانى ...............................................504
جامائەتنىڭ تۈرى...............................................505
مۇدرىك ھەققىدىكى مەسىلىلەر.......................................505
لاھىق ھەققىدىكى مەسىلىلەر.......................................507
مەسبۇق ھەققىدىكى مەسىلىلەر.......................................508
جامائەت نامىزى توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر....................................510
جامائەتنىڭ ساۋابىنى تېپىش..........................................511
بىرىنچى رەكئەتكە ئۈلگۈرۈش..........................................512
قايسى ھالەتتە ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ، جامائەتنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ؟512
جامائەتنىڭ ئىمامدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرى ...............................513
ئىمام قىلمىسا جامائەتمۇ قىلمايدىغان ئىشلار ................................514
ئىمام قىلسا جامائەت قىلمايدىغان ئىشلار.......................................514
ئىمام قىلمىسىمۇ جامائەت قىلىدىغان ئىشلار....................................515
سەجدە سەھۋى توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر ...................................515
جۈمە نامىزى ..................................................517
جۈمە نامىزىنىڭ ھۆكمى ..........................................517

جۈمە كۈنىنىڭ پەزىلىتى.......................... 518
جۈمە نامىزى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى .......................... 519
جۈمە نامىزىنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ ھېكمىتى.......................... 519
جۈمە نامىزى پەرز بولىدىغان كىشىلەر .......................... 520
جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى .......................... 520
جۈمە نامىزىنىڭ پەرزلىرى .......................... 522
خۇتبە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر.......................... 522
خۇتبىنىڭ شەرتلىرى.......................... 522
خۇتبە ئوقۇشنىڭ كەيپىيىتى .......................... 523
جۈمە كۈنىدىكى سۈننەت ئەمەللەر.......................... 523
جۈمە كۈنىدە مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار.......................... 525
جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى .......................... 526
يولۇچى نامىزى .......................... 527
يولۇچىلارغا ئائىت ھۆكۈملەر.......................... 527
سەپەردە نامازنى قەسر قىلىشنىڭ دەلىلى.......................... 529
مۇقىمنىڭ يولۇچى ھۆكمىگە كىرىشىنىڭ شەرتلىرى.......................... 530
يولۇچىنىڭ مۇقىملىق ھۆكمىگە كىرىشىنىڭ شەرتلىرى.......................... 531
قەسر توغرۇلۇق مەزھەپ قاراشلىرى.......................... 531
ھېيت نامازلىرى.......................... 533
ھېيت نامازلىرىنىڭ بۇيرۇلىشىنىڭ دەلىلى .......................... 533
ھېيت نامازلىرى كىملەرگە ۋاجىب بولىدۇ؟ .......................... 534
ھېيت نامازلىرىنىڭ دۇرۇس بولىشىنىڭ شەرتلىرى .......................... 534
ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتى .......................... 534
ھېيت نامازلىرىدا سۈننەت بولغان ئىشلار .......................... 535
ھېيت نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيىتى .......................... 535
ھېيت نامازلىرىدىكى ئارتۇق تەكبىرلەر توغرۇلۇق مەسىلىلەر .......................... 536
تەشرىق تەكبىرلىرى .......................... 537
تەشرىق تەكبىرلىرىنىڭ تېكىستى.......................... 538
تەشرىق تەكبىرلىرىنىڭ قازاسى توغرۇلۇق مەسىلىلەر.......................... 538
تەراۋىھ نامىزى.......................... 540
تەراۋىھ نامىزىنىڭ ھۆكمى .......................... 540

تەراۋىھ نامىزىنىڭ ۋاقتى ....................................541
تەراۋىھ نامىزىنىڭ بۆيرۇلىشى ....................................541
تەراۋىھ نامىزىنىڭ رەكئەت سانى....................................541
تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيىتى ....................................542
تەراۋىھ نامىزى توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر ....................................543
كېسەللەر نامىزى ....................................545
ئىما ـ ئىشارەت دېگەن نېمە؟ ....................................546
ئىما- ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا تاقىتى يەتمىگەن كىشى قانداق قىلىدۇ؟ ....................................547
ئىما- ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش توغرۇلۇق مەسىلىلەر ....................................547
ئىستىسقا (سۇ تىلەش) نامىزى ....................................549
ئىستىسقا نامىزىنىڭ بۇرۇنقى دىنلاردىمۇ بارلىقى....................................549
ئىستىسقا نامىزىنىڭ كەيپىيىتى....................................550
كۇسۇف ۋە خۇسۇف نامازلىرى....................................551
كۇسۇپ ۋە خۇسۇف نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيىتى ....................................552
قورقۇنچ (خەۋف) نامىزى ....................................553
قورقۇنچ نامىزىنىڭ كەيپىيىتى....................................554
مۇستەھەب نامازلار ....................................556
تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزىنىڭ ۋاقتى ....................................556
2 ـ چاشگاھ نامىزى ....................................557
3 ـ تەھەججۇد (كېچە) نامىزى ....................................558
تەھەججۇد نامىزىنىڭ كەيپىيىتى ....................................559
تەھەججۇد نامىزىنىڭ ۋاقتى ....................................560
بارائەت كېچىسىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى....................................561
بارائەت كېچىسىدىكى بىدئەتلەر....................................561
4 ـ تاۋاپ نامىزى ....................................562
نەپلە نامىزى ھەققىدىكى مەسىلىلەر....................................563
نەپلە ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار....................................564
نەپلە نامازلارنىڭ تۈرلىرى ....................................565
2 ـ ئىستىخارە نامىزى....................................565
ئىستىخارە دۇئاسى ....................................565

3- هاجەت نامىزى..................................566
4 - ئەۋۋابىين نامىزى..................................567
تەسبىھ نامىزى ھەققىدىكى بەزى مەسىلىلەر..................................569
جىنازە نامىزى..................................570
ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىتى ..................................571
ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرۈش..................................571
كېسەل يوقلاش ..................................571
سەكەراتتىكى كىشىنىڭ تەۋبىسى ۋە ئىمانى ..................................572
بىراۋ سەكەراتقا چۈشكەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ..................................573
مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ..................................575
مېيىتنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ..................................576
بىرىنچى پەرز: مېيىتنى يۇيۇش..................................577
مېيىتنى يۇغۇچىلار ھەققىدىكى مەسىلىلەر..................................577
مېيىتنى يۇيۇشنىڭ ئۇسۇلى ..................................578
مېيىتنى يۇيۇشنىڭ شەرتلىرى ..................................579
ئىككىنچى پەرز مېيىتنى كېپەنلەش ..................................580
كېپەننىڭ ئۆلچىمى..................................580
كېپەنلەش ئۇسۇلى ..................................581
ئۈچىنچى پەرز مېيىتنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇش..................................582
جىنازە نامىزىنىڭ ھۆكمى..................................582
جىنازە نامىزىنىڭ ئىماملىقىغا ھەقلىق كىشىلەر..................................582
جىنازە نامىزى ئوقۇلمايدىغان كىشىلەر..................................583
جىنازە نامىزىنىڭ شەرتلىرى ..................................583
جىنازە نامىزىنىڭ پەرزلىرى ..................................584
جىنازە نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى..................................584
ئەر جىنازىسىنىڭ نىيىتى ..................................584
ئايال جىنازىسىنىڭ نىيىتى ..................................584
ئوغۇل بالا جىنازىسىنىڭ نىيىتى ..................................584
قىز بالا جىنازىسىنىڭ نىيىتى ..................................585
جىنازە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيىتى..................................585
جىنازىلەرنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى..................................587

جىنازە نامىزى قاچان ئوقۇلىدۇ؟ ..................................587
جىنازە نامىزى نەدە ئوقۇلىدۇ؟ ..................................588
مېيىتنى يۆتكەش مەسىلىسى..................................588
تۆتىنچى پەرز مېيىتنى دەپنە قىلىش ..................................590
مېيىت نەدە دەپنە قىلىنىدۇ؟..................................591
قەبرىنىڭ ئۆلچىمى ..................................591
مېيىتنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ..................................592
قەبرە قانچىلىك كۆتۈرۈلىدۇ؟..................................593
قەبرىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش..................................593
تاۋۇت ياكى ساندۇقتا دەپنە قىلىش..................................594
قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھۆكمى ..................................594
قۇرئان ئوقۇپ ساۋابىنى مېيىتقا ئاتاش..................................595
شېھىد ۋە ئۇنىڭغا خاس ئەھكاملار..................................596
شېھىدلار قانداق دەپنە قىلىنىدۇ؟..................................597
**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدىن ئۆرنەكلەر ..................................599**
قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش ..................................599
نامازغا باشلاش تەكبىرى ..................................599
تەكبىردە قولنى كۆتۈرۈش ..................................600
ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش..................................602
ئىككى قولنى كىندىك ئاستىدا ياكى كۆكسىدە تۇتۇش ..................................602
سانا ئوقۇش ..................................603
قىيامدا تۇرۇش..................................606
خۇشۇئ ۋە سەجدە قىلىدىغان جايغا قاراش ..................................607
قىرائەت..................................607
فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش ..................................608
ئامىن دېيىش..................................608
ئامىننى مەخپىي ياكى ئاشكارا دېيىش مەسىلىسى..................................608
فاتىھەدىن كېيىنكى قىرائەت ..................................609
بامدات نامىزىنىڭ قىرائىتى ..................................609
پېشىن نامىزىنىڭ قىرائىتى ..................................610
ھەر بىر رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش..................................611

ئەسىر نامىزىنىڭ قىرائىتى ........................ 611
شام نامىزىنىڭ قىرائىتى................................ 612
خۇپتەن نامىزىنىڭ قىرائىتى ........................... 612
ۋىتىر نامىزىنىڭ قىرائىتى ............................ 613
تەھەججۇد نامىزىنىڭ قىرائىتى ........................ 614
جۈمە نامىزىنىڭ قىرائىتى ............................ 615
ھېيت نامازلىرىنىڭ قىرائىتى............................ 615
بەش ۋاخ نامازنىڭ قىرائەتلىرىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئوقۇش............ 615
رۇكۇ قىلىش............................................ 616
رۇكۇنىڭ كەيپىيىتى ...................................... 616
رۇكۇ بىلەن سەجدىنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىش.......... 617
رۇكۇدا ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە زىكىرلەر ........................... 617
رۇكۇ قىلىش مىقدارى.................................... 618
رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە قۇرئان ئوقۇماسلىق .......................... 618
رۇكۇدىن تۇرۇش ......................................... 619
سەجدە.................................................... 620
سەجدىنى ئالدىرىماي قىلىش.............................. 621
سەجدىدە ئوقولىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار.......................... 622
سەجدىدە قۇرئان ئوقۇماسلىق ............................ 623
سەجدىنى ئۇزۇن قىلىش ................................... 624
سەجدىدىن تۇرۇش........................................ 624
ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ئولتۇرۇش......................... 625
ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا زىكىر ئېيتىش ........................ 625
ئىككىنچى سەجدىگە بېرىش ............................. 626
سەجدىدىن رەكئەتكە تۇرۇش............................... 626
بىرىنچى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش .......................... 626
تەشەھھۇد ئوقۇش........................................ 627
تەشەھھۇد ئوقۇغاندا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى مىدىرلىتىش ................ 627
ئاخىرقى ئولتۇرۇش ....................................... 628
تەشەھھۇدنىڭ تېكستى...................................... 628
«ئەتتەھىياتۇ» دىن كيىن دۇرۇد ئوقۇش ............................ 629

دۇئادىن ئاۋۋال تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەش.......................630
سالام بېرىشتىن بۇرۇن دۇئا قىلىش..............................630
سالام بېرىش.......................................................633

## زاكات كىتابى

بىرىنچى بۆلۈم: ئىسلام دىنىدىكى زاكات.........................645
زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى...................................645
زاكات بېرىشنىڭ پەزىلىتى...........................................646
زاكاتنىڭ بۇيرۇلۇشى.................................................646
زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە غايىسى......................647
ئىسلام نەزىرىدە پۇل- مالنىڭ ماھىيىتى..............................648
ئىسلام نەزەرىدە پۇل- مالنىڭ ۋەزىپىسى.............................649
ئىسلام نەزەرىدە ئىشلەشنىڭ قىممىتى................................650
مال- دۇنيا غايە ئەمەس...............................................651
زاكات بېرىشنىڭ پايدىلىرى...........................................652
زاكات بېرىشنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى:...............................652
زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى......................................653
زاكات بېرىش بىلەن پۇل- مال كېمەيمەيدۇ............................655
زاكات بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى.........................................657
ئىككىنچى بۆلۈم: زاكاتنىڭ پەرزلىكى.................................660
زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى..................................660
زاكاتنىڭ بىرىنچى شەرتى: مۇسۇلمان بولۇش...........................660
زاكاتنىڭ ئىككىنچى شەرتى: بالاغەتكە يەتكەن بولۇش...................661
زاكاتنىڭ ئۈچىنچى شەرتى: ئەقىل- ھوشى جايىدا بولۇش..................661
زاكاتنىڭ تۆتىنچى شەرتى: مەلۇم مىقداردا پۇل- مالغا ئىگە بولۇش.........662
زاكاتنىڭ بەشىنچى شەرتى: پۇل- مالغا ئىگە بولغانغا بىر يىل ئۆتۈشى.....663
زاكاتنىڭ ئالتىنچى شەرتى: قەرزدار بولماسلىق..........................664
زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتى.........................................665
زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى..........................................666
زاكاتنى يىل توشۇشتىن بۇرۇن ئادا قىلىشقا بولامدۇ؟......................667
ئۈستىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك زاكات قالغان ھالدا ئۆلگەن كىشى ھەققىدە
667..................................................................

ئۈچىنچى بۆلۈم: ........................................................669
زاكات كېلىدىغان ماللار..............................................669
زاكات كېلىدىغان ماللار............................................670
نەق پۇل- زاكىتىنىڭ مىقدارى ........................................670
تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى............................................671
خاتا چۈشەنچىلەرگە رەددىيە...........................................673
يىل ئىچىدىكى كىرىمنىڭ مەسىلىسى.................................674
ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ھەققىدە..............................675
باشقىلارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنىڭ زاكىتى ...........................679
چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى ..............................................680
چارۋا ماللىرىغا زاكات كېلىشىنىڭ شەرتلىرى ........................681
تۆگىنىڭ زاكات مىقدارى ..............................................682
تۆگە سانى ۋە زاكات مىقدارى.........................................682
كالىنىڭ زاكىتى...........................................................684
قويلارنىڭ زاكىتى.........................................................685
ئاتلارغا زاكات كېلەمدۇ؟ ...............................................686
تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى.................687
زاكاتقا بېرىشكە يارىمايدىغان ماللار ..................................687
ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكىتى .......................................688
ئۆشرە- خىراج بېرىش ئۇسۇلى .......................................689
ئاشلىق ۋە مېۋىلەرگە زاكات كېلىشىنىڭ ئۆلچىمى ..................689
كۆكتاتلارنىڭ زاكىتى ..................................................690
كۆكتاتلارنىڭ زاكات مىقدارى.........................................692
يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى......................................693
يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكات مىقدارى ...........................694
دېڭىز بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى..........................................696
ھەسەلنىڭ زاكىتى .....................................................696
بولاپ كېتىلگەن، ئوغۇرلانغان ۋە يوقتۇرۇلگەندىن كېيىن تېپىلغان ماللارنىڭ زاكىتى.....................................................................697
شېرىكەت ھەسسىدارلىقىنىڭ زاكىتى ................................698
زاكات ھەققىدە بەزى سوئاللار........................................699

زاكاتتا بېرىلىدىغان ماللارنىڭ قىممىتىنى بېرىشكە بولامدۇ؟............699
باج ـ سېلىقلار زاكاتنىڭ ئورنىدا تۇرامدۇ؟ ..............................700
زاكاتنى بىر دۆلەتتىن ئىككىنچى بىر دۆلەتكە يۆتكەشكە بولامدۇ؟.........701
بەلگىلەنگەن زاكات مىقدارىدىن كەم ـ زىيادە قىلىشقا بولامدۇ؟...........703
تۆتىنچى بۆلۈم ............................................................704
زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر................................................704
زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر.................................................705
زاكات ئالىدىغانلارنىڭ تەپسىلاتى..............................................705
«ئاللاھنىڭ يولى» دېگەننىڭ مەنىسى ۋە مەقسىتى ............................710
زاكاتنى 8 خىل شەخسنىڭ ھەممىسىگە بېرىش شەرتمۇ؟ ........................712
زاكات بېرىلمەيدىغانلار .......................................................714
زاكات توغرۇلۇق كۆپرەك سورىلىدىغان سوئاللارغا جاۋابلار ................718

## روزا كىتابى

بىرىنچى بۆلۈم:رامىزان روزىسى.................................................731
رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلەتلىرى....................................................732
رامىزان روزىسىنىڭ ھۆكمى........................................................736
روزىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى..................................................736
روزىنىڭ پايدىلىرى...............................................................738
روزىنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى....................................................738
روزىنىڭ بۇدۇنيالىق پايدىلىرى.....................................................740
روزا تۇتۇشنىڭ تىببىي جەھەتتىكى پايدىلىرى ......................................742
روزا تۇتۇشنىڭ ئىجتىمائىي پايدىلىرى..............................................742
روزا ئىنساننى گۇناھلاردىن ساقلايدىغان قالقاندۇر .................................743
روزا گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرىدۇ..................................................744
روزا تۇتۇش ئىرادىنى تاۋلايدۇ......................................................744
روزا ئىنسانغا پەرھىزنى ئۆگىتىدۇ...................................................745
رامىزان روزىسىنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ ھېكمەتلىرى......................................746
رامىزان روزىسى قاچان پەرز قىلىنغان؟ ...........................................747
روزىنى تەرك قىلىشنىڭ گۇناھى.....................................................748
ئىككىنچى بۆلۈم...................................................................750
رامىزان ئېيىنىڭ ئىسپاتلىنىشى .....................................................750

رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى قانداق ئىسپاتلىنىدۇ؟ ........................751
ئاي كۆرۈش ئۇچۇن ئىزدىنىش ئىبادەتتۇر ...........................................752
بىر دۆلەتتە كۆرۈنگەن ئاي باشقا دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭمۇ روزا تۇتۇشلىرى ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟............................................................................752
روزا تۇتۇش كۈنىنى دۆلەت تەرەپتىن بەلگىلىشى شەرتمۇ؟...............755
شەۋۋال ئېيىنىڭ ئىسپاتلىنىشى..........................................................755
ئاي كۆرۈنگەنلىكىگە بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى يېتەرلىكمۇ؟........756
ئاي كۆرۈشنىڭ ۋاقتى .................................................................757
ئۈچىنچى بۆلۈم .........................................................................758
روزىنىڭ ئەھكاملىرى.....................................................................758
روزىنىڭ مەنىسى ..........................................................................759
روزىنىڭ ھەقىقىتى .......................................................................759
روزا كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟..........................................................760
روزا تۇتۇشنىڭ شەرتلىرى ..............................................................761
روزىنىڭ پەرزلىرى ........................................................................761
نىيەتتە روزىنىڭ تۈرىنى تەيىنلەش مەسىلىسى .....................................763
روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار..............................................................763
روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار ..........................767
روزىدا ئېسىدە يوق يەپ ياكى ئىچىپ قويغان كىشىنىڭ ھۆكمى..........768
روزا تۇتقۇچىلارغا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار .........................................768
روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار.........................770
ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللار ھەققىدە ..........................773
مۇساپىر ۋە كېسەل كىشىلەر ھەققىدە.....................................................774
مۇساپىر ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئەۋزەلمۇ ياكى تۇتماسلىقمۇ؟ ....................776
ھامىلدار، بالا ئېمىتىدىغان ئاياللارۋە ياشىنىپ قالغان كىشىلەر ھەققىدە ...777
ئۇستىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك روزىسى قالغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ھەققىدە ................................................................................778
تۆتىنچى بۆلۈم: روزىنىڭ تۈرلىرى .......................................................780
روزىنىڭ تۈرلىرى............................................................................781
پەرز بولغان روزىلار ........................................................................781
ۋاجىب بولغان روزا..........................................................................781

سۈننەت بولغان روزىلار ........................................ 781
ئەرەفات كۈنىنىڭ پەزىلىتى........................................ 782
ھارام قىلىنغان روزا ........................................ 786
مەكرۇھ بولىدىغان روزا ........................................ 787
نەپلىي روزىلار ........................................ 789
بەشىنچى بۆلۈم ........................................ 790
رامىزاندىكى پەزىلەتلىك ۋاقىتلار ........................................ 790
رامىزان ئېيى ئىبادەت ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئېيىدۇر ........................................ 791
تەراۋىھ نامىزى........................................ 792
تەراۋىھ نامىزى توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر ........................................ 793
رامىزان ئېيىدا جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىشى ....... 793
رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى........................................ 794
قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلەتلىرى ........................................ 795
قەدىر كېچىسى ئىسلام مىللىتىگە بېرىلگەن ئىمتىيازدۇر ........................................ 796
فىتىر سەدىقىسى (سەدەقايى پىترى) ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى........................................ 798
فىتىر سەدىقىسى بېرىش ۋاجىب بولغانلار ........................................ 798
فىتىر سەدىقىسىنى بېرىش ۋاقتى........................................ 798
فىتىر سەدىقىسى بېرىلىدىغانلار........................................ 798
ئالتىنچى بۆلۈم........................................ 799
ئېتىكاپ توغرىسىدا........................................ 799
ئېتىكاپنىڭ ۋە ئۇنىڭ قائىدە - تەرتىبلىرى........................................ 800
ئېتىكاپنىڭ بۇيرۇلۇشى ........................................ 800
ئېتىكاپنىڭ پەزىلەتلىرى ........................................ 800
ئېتىكاپنىڭ تۈرلىرى ........................................ 801
ئېتىكاپنىڭ شەرتلىرى........................................ 801
ئېتىكاپنى بۇزىدىغان ئامىللار........................................ 803
ئېتىكاپ قىلغان كىشى ئۈچۈن مۇستەھەب بولغان ئىشلار ........................................ 804
ئېتىكاپ قىلغان كىشى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار ........................................ 804
ئاياللار نەدە ئېتىكاپ قىلىدۇ؟........................................ 804
روزا ھەققىدە كۆپرەك سورىلىدىغان........................................ 806
سوئاللارغا جاۋابلار........................................ 806

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ..................................810
`ئەرەبچە ئەسەرلەردىن: ..................................810
تۈركچە ئەسەرلەردىن: ..................................810

## ھەج كىتابى

ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى ..................................811
مۇقەددىمە..................................813
ھەجنىڭ پەرزلىكى..................................815
ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشنىڭ پەزىلەتلىرى..................................815
ھەج كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟..................................816
ھەج قاچان پەرز بولىدۇ؟ ..................................817
ھەج قىلىش ۋاقتى..................................817
ئىھرام باغلاش ئورۇنلىرى (مىقات)..................................819
زۇلھەلىفە..................................820
زۇلھەلىفە:..................................820
جۇھفە ..................................820
قەرنۇل مەنازىل..................................820
يەلەملەم ..................................820
زاتى ئىرق..................................820
مىقات ھەققىدە مەسىلىلەر ..................................820
ئىھرام باغلاش ئۇسۇلى ..................................821
ھەجنىڭ تۈرلىرى..................................822
ھەجنىڭ پەرزلىرى..................................823
ئۆمرەنىڭ بايانى ..................................826
ئۆمرەنىڭ پەرزلىرى ..................................827
ئۆمرەنىڭ ۋاجىبلىرى ..................................827
ھەج بىلەن ئۆمرە پائالىيەتلىرىنىڭ پەرقى ..................................827
ئىھرام ئىچىدە چەكلەنگەن ئىشلار ..................................828
جازا مىقدارى..................................829
ۋاجىبنى تەرك ئەتكەنىنىڭ جازاسى..................................830
ئىھرام ئىچىدە تۇرۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنىنىڭ جازاسى........830
قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىدىن بىرەر جانلىقنى ئۆلتۈرگەنىنىڭ جازاسى..........830

ئىھرام ئىچىدە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار ........ 831
ئۆمرە قىلىش ئۇسۇلى ........ 831
ھەج قىلىش ئۇسۇلى ........ 834
قۇربانلىق قىلىدىغانلار ........ 835
ئاياللارغا خاس ئەھكاملار ........ 838
ئەرەفات كۈنىنىڭ ئىسلام نەزەرىدىكى ئورنى ........ 838
بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بايانى ........ 842
مەككىگە كەلگۈچىلەردە كۆرۈلىدىغان خاتالىقلار ۋە مەسىيەتلەر ........ 843
ھەج پائالىيىتى جەريانىدا سادىر بولىدىغان بەزى خاتالىقلار ........ 848
ئىھرامدا كۆرىلىدىغان خاتالىقلار ........ 849
كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا كۆرىلىدىغان خاتالىقلار ........ 849
سەئى قىلىشتا كۆرىلىدىغان خاتالىقلار ........ 850
ئەرەفاتتا كۆرىلىدىغان خاتالىقلار ........ 851
مۇزدەلىفەدە كۆرىلىدىغان خاتالىقلار ........ 852
شەيتانغا تاش ئېتىشتىكى خاتالىقلار ........ 852
مىنادا كۆرىلىدىغان خاتالىقلار ........ 853
ھەرەمدىن چىقىشتا كۆرىلىدىغان خاتالىق ........ 854
مەدىنە زىيارىتىنىڭ ئەدەپلىرى ........ 854
ھەج جەريانىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........ 856
كەبىنى تاۋاب قىلىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 857
ئەرەفاتتا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 858
قۇرئان كەرىمدىن تاللانغان دۇئالار ........ 859
ھەدىسلەردىن تالانغان دۇئالار ........ 864
مەسجىدى ھەرەم ۋە مەسجىد نەبەۋىي ھەققىدە مەلۇمات ........ 868
مەسجىدى ھەرەم ........ 868
مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھازىرقى كۆلىمى ........ 868
مەسجىدى ھەرەمنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى ........ 869
ئىسلامدىن كېيىنكى مەسجىدى ھەرەم ........ 869
ھەرەمنىڭ چېگرىسى ........ 870
ھەرەمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ........ 870
كەبە ۋە ئۇنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرى ........ 871

كەبىنىڭ رېمونت قىلىنىش باسقۇچلىرى........................872
ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇش قىسسىسى.....................872
ھۇجرە قىسسىسى ..................................................873
كەبىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېمونت قىلىنىشى ..........................873
كەبىنىڭ ئىشىكى....................................................874
مۇلتەزەم............................................................874
ھۇجرە...............................................................874
ھەتىم ..............................................................875
كەبىنىڭ يوپۇغى....................................................875
كەبىنىڭ يوپۇغىنىڭ خىراجىتى ....................................876
كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش فابرىكىسى ..............................876
كەبىنىڭ يوپۇغىنىڭ رەڭگى ۋەشەكلى ..............................876
كەبىنىڭ ھازىرقى يوپۇقى .........................................877
مەقامۇ ئىبراھىم ....................................................877
مەقامۇ ئىبراھىمدىكى گۈمبەزنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى ...............877
زەمزەم سۈيى ......................................................878
زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قايتىدىن ئېچىلىشى ۋە ئورنى......................878
زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئورنى ..........................................879
زەمزەم سۈيىنىڭ خاسىيىتى ........................................879
زەمزەم سۈيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى....................................879
زەمزەم سۈيىنىڭ مۆجىزىسى ........................................880
تەتقىقاتچىلارنى ھەيران قالدۇرغان مۆجىزە............................881
زەمزەم سۈيى ئىچىشنىڭ پايدىسى .................................881
قىبلە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار ..............................882
نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى....................................883
ھەجەرۇلئەسۋەد .....................................................884
ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىق ئەمەس........884
ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر ........................885
ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ كۈمۈش بىلەن قاپلىنىشى........................885
رۇكنى يەمانى .......................................................886
مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى ھەققىدە مەلۇمات .........................887

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى........................................887
مەسجىد نەبەۋى.................................................887
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرى..............................888
رەۋزە شەرىپ...................................................888
سۇففە.........................................................888
ھۇجرە شەرىپ...................................................889
ھازىرقى مەسجىد نەبەۋى..........................................889
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى..............................890
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسگە قىلىنغا سۇيىقەستلەر.........891
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار.......................................900

## ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى

بىرىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى....................................905
ئىككىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى...................................907
بىرىنچى بۆلۈم.................................................909
ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشى.............................................909
ئۆيلىنىش......................................................909
ئۆيلىنىشنىڭ غايىسى.............................................911
ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئومۇمىي غايىلىرى.................................912
1. ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى...........................913
2. ئائىلە قۇرۇشنىڭ سىياسىي غايىسى..............................914
3. ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي غايىسى............................916
4. ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئەخلاقىي غايىسى..............................917
5. ئائىلە قۇرۇشنىڭ ساغلىق تەرەپتىن بولغان غايىسى..................917
6. ئائىلە قۇرۇشنىڭ روھىي تەرەپتىن بولغان غايىسى..................919
ئۆيلىنىشنىڭ ھېكمىتى............................................920
ئۆيلىنىشنىڭ پايدىلىرى...........................................922
پەرزەنت كۆرۈش.................................................922
پەرزەنت كۆرۈشنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى:..........................923
ھارامدىن ساقلىنىش..............................................924
كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش..........................................925
ئۆي ئىشلىرىدىن ئازات بولۇش.....................................925

ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش.......926
تۇرمۇش قۇرغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر .......926
تۇرمۇش قۇرۇشتا ئەرلەرنىڭ جور تاللىشى .......928
تۇرمۇش قۇرۇشتا ئاياللارنىڭ جور تاللىشى.......933
مۇھەببەت .......934
ئىشق .......936
كۆڭلەش.......936
ئىسلام دىنىدىكى كۆڭلەشنىڭ مەنىسى .......938
ئالدانغان ئىشەنچ.......939
غۇرۇرنىڭ يۇقالغانلىقى ئەرلىكنىڭ ئۆلگەنلىكىدۇر.......940
يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان بوشلۇقلار .......941
ئاياللارنىڭ ئەۋرەت ئەزالىرى .......943
مەھرەم دېگەن كىملەر ؟.......944
ئاياللارنىڭ مەھرەملىرى .......944
ئەركىشىنىڭ مەھرەملىرى.......945
ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس.......945
مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش مەسىلىسىدىكى چەكلىمىلەر .......946
مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشى .......946
مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئەرلەرگە ياتلىق بولالماسلىقى....949
ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنىڭ ھارامىلىقى .......950
نىكاھلىنىشتا مەڭگۈلۈك بولۇش نىيىتى شەرت.......950
ئىسلام دىنى ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى .......952
كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ چەكلىمىسى ۋە شەرتى.......955
كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىشنىڭ ھېكمىتى.......956
ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بىر ـ بىرىنى كۆرۈشى .......957
تويدىن بۇرۇنقى ئۇچرىشىشنىڭ چەكلىمىلىرى .......957
قىز ـ ئوغۇللارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلىماسلىق .......958
ئۆيلىنىشتىكى قىيىنچىلىقلار.......959
نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار .......961
مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار .......961

نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ..................962
ئېمىلداشلىق سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ............962
ئېمىلداشلىق سابىت بولۇشنىڭ شەرتلىرى ......................................963
قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان ئاياللار ..........964
مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار .........................965
سۆز سېلىش ..................................................................966
نىشانلىنىش (گۈل قويۇش) ...................................................966
ئىددەت ئىچىدىكى ئاياللارغا نىشانلىنىش مەسىلىسى .........................967
باراۋنىڭ نىشانلانغىنىغا نىشانلىنىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكى .................969
تويدىكى خوشاللىق تەنتەنىسى ...............................................970
توينى نامايان قىلىش .........................................................971
تويدا ناخشا ئېيتىش ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىش.........................973
نىكاھ ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى.....................................................975
نىكاھنىڭ شەرتلىرى ............................................................975
نىكاھنىڭ لەۋزىلىرى ...........................................................976
نىكاھتىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلار ............................................976
ئەر-خوتۇنلۇق ھاياتى...........................................................978
ئاۋۋالقى ئۇچرىشىش ...........................................................978
جىنسى ئالاقە ..................................................................979
يېقىنچىلىقنىڭ مۇقەددىمىلىرى...................................................980
ئايال كىشىلەرنىڭ زىننەتلىرى توۋەندىكىچە:...................................981
ئەر كىشىنىڭ زىننىتى .........................................................982
يېقىنچىلىقنىڭ ئەدەپلىرى ......................................................982
ئاياللارنىڭ ئايالىق ھاللىرى........................................................984
ئاياللارنىڭ ئايلىق ھالى............................................................985
ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالى .......................................................985
ئاياللارنىڭ ئۆزۆرلۈك ھالى .......................................................985
ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق ھالى.....................................................986
ئاياللارغا ئايالىق ھاللىرىدا يېقىنچىلىق قىلىش مەسىلىسى ...............986
ئىنسانىنىڭ جىنسي ئورگىنىدىن چىقىدىغان سۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى...990
سپېرما ..........................................................................990

مەزى ........................................................................ 991
ۋەدى ........................................................................ 991
سۈيدۈك ........................................................................ 991
جىنسىي ھەۋەسنىڭ نورمالسىزلىقى ۋە ئېھتىلام............................. 991
جىنسىي ھەۋەسنىڭ نورمالسىزلىقى .............................................. 991
ئېھتىلام........................................................................ 992
ئائىلىنىڭ مەسئۇللۇقى............................................................ 993
ئەرلەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئارتۇقچىلىقى ............................................ 995
ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە ھۆرمەت قىلىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن مۇھىم........................................................................ 996
ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەرلىكى ............................................ 999
ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولىدىغان مەسىلىلەر ............................ 1000
ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولالمايدىغان مەسىلىلەر............................ 1002
غەرب يازغۇچىلىرىدىن بەزى ھەقىقەتپەرۋەرلەرنىڭ ئېتىراپلىرى ...... 1007
ئەر ـ ئاياللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبلەر.......................................... 1010
ئايالنىڭ ئېرىگە قىلىدىغان ياخشىلىقلىرى........................................ 1011
ئەرنىڭ ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر........................................ 1012
ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر .................................... 1017
تۇغۇت چەكلەش مەسىلىسى .................................................... 1019
شەخسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى....... 1022
تۇغۇشنىڭ ۋاقىتلىق ئالدى ئېلىش ھەققىدە پەتىۋا .......................... 1023
بالىنى چۈشۈرىۋېتىش مەسىلىسى ................................................ 1024
ئانا ـ بالا ھەقلىرى ............................................................ 1025
بالا ئېمىتىش مەسىلىسى.............................................................. 1025
ھەزانە (يەسلى)...................................................................... 1027
باللارنى يەسلى يېشىدا تەربىيىلەشكە ھەقلىق بولۇشنىڭ شەرتلىرى.... 1029
ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ................................................ 1029
ئاياللارنىڭ بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىكى........................................ 1029
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ئاياللىرى ياخشى ئۈلگە .. 1030
بىلىمسىزلىك ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىش دەۋرى ............................ 1030
ئانىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشى ئاتىلارنىڭكىدىن مۇھىم........................ 1031

ئايالLارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ........................ 1032
ئايال كىشى ۋە ئىشلەش ........................................ 1032
ئەر ـ ئايال ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى........................ 1035
نەسىھەت قىلىش ................................................. 1036
بىر تۆشەكتە ياتماسلىق........................................ 1036
يېنىك ئۇرۇش .................................................. 1037
ئاياللىرىنى ئۇرىدىغانلار ياخشى ئادەملەر ئەمەس...................... 1037
ئايالLارنى ئۇرۇش سەلبىي نەتىجىگە سەۋەب بولىدۇ ................ 1039
ئايالLارنىڭ كىيىنىش ئۆلچىمى........................................ 1039
ئايالLارنىڭ رومال ئارتىشى (ھىجاب)................................. 1039
رومالنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئۆلچىمى.............................. 1041
رومال ئارتىش قالاقلىق ئەمەس .................................... 1042
ئىككىنچى بۆلۈم................................................... 1044
ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى ............................................... 1044
ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ..... 1045
زىنا ئائىلە بۇزۇلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى ............................ 1049
تالاق ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى ....................................... 1050
تالاق ئالدىرايدىغان مەسىلە ئەمەس ................................. 1051
تالاق قىلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ......................... 1053
تالاقنىڭ تۈرلىرى.................................................. 1054
ئۈچ تالاقنى تەھلىل قىلىش ....................................... 1055
بىر لەۋز بىلەن ئۈچ تالاق قىلىش .................................. 1056
مەسنىڭ ، زورلانغۇچىنىڭ ۋە بىھۇشنىڭ تالىقى.......................... 1057
غائىبنىڭ تالىقى ................................................. 1058
ئايا ئېرىدىن خېتىنى ئالماستىن ياتلىق بولمايدۇ............................ 1059
بېخىلنىڭ تالىقى ................................................. 1059
شەرت بىلەن تالاق قىلىش.......................................... 1060
مۇرتەد بولۇش بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلىشى ............................ 1060
بەدەللىك تالاق .................................................. 1061
تالاقتىن كېيىنكى ئىشلار .......................................... 1061
ئۈچىنچى بۆلۈم: ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە................................. 1063

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى .................... 1064
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى................ 1065
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش جىھاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلدۇر............... 1067
ئاتا ـ ئانىغا ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىش .......... 1069
ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىدىن چوڭدۇر ........................ 1069
ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە تەۋسىيەلەر ......................... 1070
ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشنىڭ گۇناھى........................ 1072
ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشىتىش كەچۈرۈلمەس گۇناھ.......................... 1073
ئاللاھ زۇلۇمنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرمەيدۇ ........................... 1074
ئائىلىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ................... 1075
ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...................... 1075
ئائىلىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ... 1076
ئائىلىنىڭ خوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى............................ 1076
كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىكى ئەدەپ ئەخلاقلار ........................ 1076
ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىدىكى ئەدەپلەر................................ 1077
سىلە ـ رەھىم ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى................................ 1078
سىلە ـ رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ مەرتىۋىلىرى.............................. 1079
سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ ھۆكمى .......................................... 1079
سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ پەزىلىتى....................................... 1080
ئومۇمىي سىلە ـ رەھىم........................................... 1082
خۇسۇسىي سىلە ــ رەھىم........................................... 1082
سىلە ـ رەھىمنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى .................................. 1083
خوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىڭ پرىنسىپلىرى.................... 1084
خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش زۆرۈر......................................... 1084
`خوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى ............................................ 1085
خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تەرتىپى .................................... 1086
تۆتىنچى بۆلۈم .................................................. 1087
پەرزەنتلەر ھەققىدە.............................................. 1087
پەرزەنتلەر ئائىلىنىڭ زىننىتىدۇر.............................................. 1088
پەرزەنتلەر ئاللاھنىڭ ئامانەتلىرىدۇر............................................. 1089
ئاتا ـ بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتى............................................. 1090

بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ............................ 1092
بالىلارنىڭ ئانىسىنى تاللاش .................................................. 1093
بالىلارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش ......................................... 1094
ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ..................................................... 1094
بالىلارنى بېقىش ................................................................ 1095
بالىلارنى تەربىيىلەش.......................................................... 1096
بالىلارنى ئوقۇتۇش............................................................. 1100
بالىلارنىڭ تويلىرىنى قىلىش .................................................. 1102
تەربىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى ........................................................ 1103
بالىلارنى ئېتىقادىي جەھەتتىن تەربىيىلەش .................................. 1103
بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەش .................................. 1105
ئەخلاق دېگەن نېمە؟........................................................... 1106
بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەش...................................... 1106
بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەش.................................... 1107
ئائىلە ھاياتى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار ....................................... 1112
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ...................................................... 1118

# ئىسلام ئەقىدىلىرى

## بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ئىنسانلارغا ئۇلۇغ دىننى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى تۇرلۇك بەختسىزلىكلەردىن قۇتۇلدۇرغان ۋە مۆمىنلەرنى ھىدايەتكە باشلىغان، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالاملىرىمنى يوللايمە. ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە مەڭگۈلۈك ئامانلىق تىلەيمەن.

ھايات ــ ئىمان ۋە كۈرەش دېمەكتۇر. يەر يۈزىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ئىنسان، ئىنساندىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئۇنىڭ قەلبى، قەلبتىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئىماندۇر. ئىمان بىلەن بېزەلگەن قەلب گۈلىستانغا، ئىماندىن خالىي قالغان قەلب خارابىگە ئوخشايدۇ. ئىماننىڭ ئىبتىداسى ئاللاھنى تونۇش، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاھقا بولغان ئىماننى ۋە ئۇنىڭ كېرەكلىك شەرتلىرىنى تولۇقلىماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى، قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولۇپ، ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن بىھاجەت بولالمايدۇ. چۈنكى ئىمان كامىل، ئېتىقاد توغرا بولماستىن قىلىنغان ھەر قانداق ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بىكاردۇر. ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ ئاللاھقا قىلغان ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىمۇ، ئاللاھ دەرگاھىدا ھەقىقىي ئىخلاس ۋە مۇھەببەت بولالمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق سىستېمىسى بولغىنىدەك، ئىخلاس ۋە ئەمەل ئىبادەتنىڭ ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن سىستېمىسى توغرا ئىتىقادتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: » ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ، ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئېتىقادى توغرا بولمايدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭدىن بىھاجەت (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلمايدۇ) «. شۇڭا ئاللاھقا لايىقىدا شۈكۈر ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى كۆرسەتكەن بويىچە بەندىچىلىكنى ئادا قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن توغرا ئېتىقادلارنى

ئۇگىنىش ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئالاھىدە بۇرچىدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەملىكىتىمىزدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئازساندىكى بەزى دىنىي كىتابلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، دىنىمىزدىكى ئېتىقاد مەسىلىلىرىگە ئائىت نوپۇزلۇق بىرەر ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقى تولدۇرۇشقا تېگىشلىك بىر بوشلۇق ئىدى.

مەملىكەتتە بولغان چاغلىرىمدا، دوستلىرىمنىڭ سورىغان سوئاللىرى ئاساسەن ئېتىقاد مەسىلىلىرى توغرىسىدا بولدى. شۇڭا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا مۇۋاپىق بولغان، بىرەر ئەقىدە كىتابى يېزىپ چىقىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. مانا بۈگۈن ئاللاھ مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرغان ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتە كۆپ ۋاقت ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، بۈگۈن بۇ كىتابنى يېزىشنى باشلاۋاتىمەن. بەلكى بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىزنىڭ دىنىمىزدىكى توغرا ئېتىقادلارغا ئىگە بولۇشقا بولغان ئېھتىياجى ئەڭ زور ئېھتىياجلاردىن بىرى بولسا كېرەك.

«ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق بۇكىتاب بىر مۇقەددىمە ۋە ئالتە بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىماننىڭ ئاساسى پرىنسىپى بولغان ئالتە ئىماننىڭ ھەر بىرىنى بىردىن بابقا ئايرىپ چۈشەندۈردۈم:

بىرىنچى بۆلۈم: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش

ئىككىنچى بۆلۈم: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئۈچىنچى بۆلۈم: روھىي ئالەملەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

تۆتىنچى بۆلۈم: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

بەشىنچى بۆلۈم: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئالتىنچى بۆلۈم:: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان مەنبەلەردىن پايدىلاندىم ھەمدە ئەستە قالدۇرۇشقا ئۇڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن سوئال-جاۋابلىق قىلدىم. بۇ كىتابنىڭ ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە بىرەر نۇسخىدىن ساقلىنىشى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرگە يادقا ئالدۇرۇپ ئوقۇتۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

بۇ كىتابنى سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە تەجرىبەمنىڭ يوقلىقىدىن بەزى خاتالىقلار ۋە

تۇرلۇك سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى سەمىمىي قارشى ئالىمەن. بۇ كىتابنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىشىنى ۋە بۇ كىتابنى ئوقۇغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا مەنپەئەتلىك بولۇشىنى جانابى ئاللاھتىن تىلەيمەن.

ياخشىلىقتىن ھېچ ئىزىم يوق، ئۆمرۈم ئۆتتى ۋەيران بۇپ،

ئوقۇغاندىن نەپ بېرەلمەي، چۆللەر ئارا سەرسان بۇپ.

بۇ سەۋەبتىن ھەسرىتىم كۆپ، يۈرىكىمدە دەرت ـ ئەلەم،

بىلگىنىمنى يەتكۈزەي دەپ، قولغا زالدىم مەن قەلەم.

نەسىب بولدۇم بۇ شەرەپكە، ئۆزۈم ئاسىي ـ گۇناھكار.

رەھمىتىدىن ئۇل خۇدانىڭ، دىلدا ئۆچمەس ئۈمىد بار،

(تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر تاپالمىغان بىرباش پىياز)،

تەڭ دېمەيمەن شۇ پىيازغا، تاپقانلىرىم بەكمۇ ئاز.

شۇنداقتىمۇ ھىممەت قىلدىم، تۆھپە دېسەم ئەرزىمەس.

خەلقىم ئۈچۈن تەر تۆكەلسەم، شۇ كۇپايە بولدى ـ بەس.

مۇھەممەد يۈسۈپ

1995 ـ يىل 27 ـ يانۋار ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

# مۇقەددىمە

## ئىنسان ۋە دىن

ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە ئەقىدىسى تەڭلا يارىتىلغان. ئىنسانىيەت ئەقلى تەرەققى قىلىش ۋە تاكامۇللىشىش يولىدا ئۆزلىگەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھقا باشلايدىغان ئىلاھىي دەۋەتلىرىگە ئەگىشىپ ئۇلار بىلەن بىرگە تاكامۇللىشىش يولىغا كىرىپ كەلدى. ئىنسانلار بىر زامانلار، ھەق دىنىنىڭ روھىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ، كۇپرى، زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تىڭىرقىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار يەنە ھەق دىنغا قايتىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگەشتۈرۈپ، دىنىنىمۇ تەدرىجىي ھالدا تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكۈزدى. ﴿**ٱلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلأِسْلاَمَ دِيناً**﴾ يەنى «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[1].

ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە مەدەنىي مەخلۇقات بولغىنىدەك، ئۇ تۇغۇلۇشىدىن دىيانەتلىك مەخلۇقاتتۇر.

ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئەقىدىسى ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشىدىنلا ئۇلار بىلەن بىرگە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿**فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفاً فِطْرَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيْهَا**﴾ يەنى«باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ھەرقانداق كىشى ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن

(1) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

(2) رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

توغۇلىدۇ»[1].

مەرھۇم ئۇستاز ئاققاد مۇنداق دېگەن:«ئاشقازاننىڭ تائامغا ئېھتىياجى بولغىنىدەك، ئىنسان تەبىئىتىنىڭمۇ ئېتىقادقا ئېھتىياجى باردۇر».

## دىن ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتتۇر

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان بىرەر توغرا دىنغا ئىنتايىن موھتاجدۇر. چۈنكى يەر يۈزىدە قانۇنغا ھۆرمەت قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ۋە ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە دىنىنىڭ كۈچىگە تەڭ كېلەلەيدىغان بىرەر كۈچ يوقتۇر.

بۈنىڭدىكى سىر شۇكى: ئىنسان كائىناتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق يارىتىلغان ئۇلۇغ بىر مەۋجۇدات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە ئىختىيارى تەسەررۇپاتلىرى، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى ۋە قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان بىر نەرسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىنساندىكى ئىنسانىي روھتۇر! ئۇ، ۋىجدان ۋە ئەقىدە، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنسانلار تاشقى دۇنياسىدىن ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسىدىن - ۋىجدانىدىن - باشقۇرىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان، ھەقسىزلىككە يول قويمايدىغان، ئادالەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشتا، دۆلەت قانۇنلىرى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى جازادىن، تۈرمىدىن ۋە جەرىمانىدىن قورقۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار ۋە قورقۇپ تۇرۇپ، ھەق - ھوقۇقلارغا ھۆرمەت قىلىدىغانلار، قانۇننىڭ ئارغامچىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىقىش يولى تاپقىچىلىك شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار قانۇننىڭ كونتروللىدىن چىققان ھامان، ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھتىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن قورققان ۋە ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغان ھالدا، ھەق - ھوقۇقلارنى قوغدايدىغانلار ۋە ھاياتلىقتىكى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تولۇق ئادا قىلىدىغانلار، مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ھېچ ۋاقىت ئاللاھنىڭ كونتروللىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىمانى بولغاچقا، ئۇلار ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا بوزغۇنچىلىق قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىدۇ - دە، ھەر ئىشتا، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي بۇرچلىرىنى ئادا

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىشنى ئاۋۋالقى ئورۇندا قويىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، دىنىي تەربىيە بىلەن ئەخلاقنى كۈچەيتمەستىن، ئىلىم ــ پەن ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزىلا جەمئىيەتتە ئامانلىق، تۇرمۇشتا باياشات ۋە خاتىرجەملىك يارىتىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دەپ ئويلاش ئىنتايىن خاتادۇر. چۈنكى، ئىلىم ـ پەن ئىككى بىسلىق پىچاققا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسلاھ قىلغىلى بولغىنىدەك، بۇزغۇنچىلىقمۇ بولىدۇ. خۇددى ئىلىم ـ پەن سايىسىدا، دۇنيانى بىر ئاندا دىمار قىلىۋېتەلەيدىغان ئاتوم بومبىسىنى ياسىغىلى بولغىنىدەك، تۇرمۇشتا كىشىلەرگە ئۇڭايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان پەن ـ تېخنىكىلارنى، قاتناش قوراللىرىنى ۋە ئۈچۈر ۋاستىلىرىنى يارىتىشقىمۇ بولىدۇ. زامانىمىز پەن تېخنىكىسى بۇنىڭغا شاھىدتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىلىم ـ پەننى ئۆز يولىدا ـ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى يولىدا ـ قوللىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىدا ئەخلاقىي جەھەتتىن بىرەر كۈزەتچىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئەقىدە ۋە ئىماندۇر. شۇڭا، »ئەخلاق بىلەن دىيانەتكە يۆلەنمىگەن ھەرقانداق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خۇددى يىقىلغىلى ئاز قالغان بىناغا ئوخشايدۇ«، دەپ توغرا ئېيتىلغان. دېمەك: دىيانەتنىڭ تۇرمۇشتىكى رولى خۇددى يۈرەكنىڭ بەدەندىكى رولىغا ئوخشاشتۇر.

## ئاللاھنىڭ دىنى بىردۇر

دىيانەتنىڭ ئاساسى ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىن بېرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئەقىدە، ئەقىدىنىڭ نېگىزى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىشتۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىنىپ كەلگەن دىن ـ ئىسلام دىنىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەرلەر جامائەسى، ئوخشاشمىغان ئانىلارنىڭ باللىرىمىز، دىنىمىز بىر، شەرىئەتلىرىمىز پەرقلىقتۇر». ئاللاھنىڭ دىنى ئەزەلدىن تا قىيامەتكىچە بىردۇر. ئۇ، « ئىسلام » دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ۋە شەرىئىتىگە ئەمەل قىلغانلارنى ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن «مۇسۇلمان» (يەنى بويسۇنغۇچى) دەپ ئاتاپ كەلگەن. ﴿هُوَ سَمَّاكُمُ ٱلْمُسْلمِينَ من قَبْلُ وَفِي هَـٰذَا﴾ يەنى «ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ

ئاتىدى، قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى»[1]

بۇنىڭدىن ئوچۇقلانىدىكى: «ئىسلام»مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغىلا؛ «مۇسۇلمان»مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغىلا خاس بولماستىن، بەلكى «ئىسلام » ئاللاھتىن كەلگەن ھەرقانداق دىنغا، «مۇسۇلمان» ئاللاھ ئەۋەتكەن ھەرقانداق پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە قويۇلغان ئىسمدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىستىمالى بويىچە: «مۇسۇلمان» سۆزى ئەزەلدىن تا قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە قويۇلغان ئورتاق ئىسمدۇر.

ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنىڭ ئاساسي نوقتىسى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسى ئىدى. ﴿**وَمَآ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلاَّ نُوحِيٓ إِلَيْهِ أَنَّهُ لآ إِلَٰهَ إِلاَّ أَنَا۠ فَٱعْبُدُونِ**﴾ يەنى «سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن ھەرقانداق پەيغەمبەرگە مەندىن باشقا ھەقىقي ئىلاھ يوق، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، دەپ ۋەھيى قىلدۇق».

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەر «مۇسۇلمانلار» ئىدى. ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَأُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ**﴾ يەنى«مەن مۇسۇلمانلاردىن (يەنى ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلاردىن) بولۇشقا بۇيرۇلدۇم»[2]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى:

﴿**رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ**﴾ يەنى «پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن مۇسۇلمانلاردىن قىلغىن. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن مۇسۇلمان ئۇممەت چىقارغىن»[3].

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى:

(1) ھەج سۈرىسى 78 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى72 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 128ـ ئايەت.

﴿رَبِّ قَدْ آتَيْتَنِي مِنَ ٱلْمُلْكِ وَعَلَّمْتَنِي مِن تَأْوِيلِ ٱلأَحَادِيثِ فَاطِرَ ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ أَنتَ وَلِيِّي فِي ٱلدُّنُيَا وَٱلآخِرَةِ تَوَفَّنِي مُسْلِماً وَأَلْحِقْنِي بِٱلصَّالِحِينَ﴾ يەنى «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە ۋاپات قىلدۇرغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن»[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

﴿يٰقَوْمِ إِن كُنتُمْ آمَنتُمْ بِٱللَّهِ فَعَلَيْهِ تَوَكَّلُوۤاْ إِن كُنتُم مُّسْلِمِينَ﴾ يەنى «ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئاللاھقا بويسۇنۇڭلار، مۇسۇلمان بولساڭلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار»[2].

ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۆمىنلەرمۇ مۇسۇلمانلار ئىدى:

﴿قَالَ ٱلْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنْصَارُ ٱللَّهِ آمَنَّا بِٱللَّهِ وَٱشْهَدْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾ يەنى «ھەۋارىيلار (ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن ھەقىقى مۆمىنلەر) ئېيتتى: "ئاللاھ ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق گۇۋاھ بولغىنكى، بىز مۇسۇلمانلارمىز»[3].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى:

﴿وَأُمِرْتُ لأَنْ أَكُونَ أَوَّلَ ٱلْمُسْلِمِينَ﴾ يەنى «(بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم»[4].

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن بىلىنىدۇكى، ئىسلام دىنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دىنى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەندە كامالىغا يەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇستەقىل، يېڭى بىر دىن ئېلىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى تا قىيامەتكىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. زامانىمىزدىكى يەھۇدىيلىق بىلەن خرىستىئانلىق ئەسلى بۇزۇلغان دىنلار بولۇپ، «يەھۇدىي» ۋە«خرىستىئان»دېگەن ئاتالغۇلارمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان. چۈنكى مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارغا كەلگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ روھى «ئىسلام» ئىدى.

---

(1) يۇسۇپ سۈرىسى 101 ـ ئايەت.

(2) يۇنۇس سۈرىسى 84ـ ئايەت.

(3) ئال ئىمران سۈرىسى 52ـ ئايەت.

(4) زۇمەر سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

# ئىسلام دىنى

1 ـ ئىسلام دىنى ـ ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق باشقا ساماۋىي دىنلارغا خاتىمە بەرگەن ۋە ئىنسانلارغا ئۇنىڭ بىلەن نېمەتنى تاماملىغان بىر دىندۇر. ﴿**مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَآ أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَـٰكِن رَّسُولَ ٱللَّهِ وَخَاتَمَ ٱلنَّبِيِّينَ**﴾ يەنى «مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن بىرسىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر»[1].

2 ـ ئىسلام دىنى ـ ئاللاھ ئۇنى تا قىيامەتكىچىلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولۇشقا تاللىغان بىر دىندۇر. ﴿**ٱلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلأِسْلاَمَ دِيناً**﴾ يەنى «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولوشقا تاللىدىم»[2].

3ـ ئىسلام دىنى ـ ئاللاھقا قوبۇل بولغان بىرلا دىن بولۇپ، بونىڭدىن باشقىسى قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ. ﴿**إِنَّ الدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلإِسْلاَمُ**﴾ يەنى« ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولغان دىن ئىسلام (دىنى) دۇر »[3]. ﴿**وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ ٱلإِسْلاَمِ دِيناً فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي ٱلآخِرَةِ مِنَ ٱلْخَاسِرِينَ**﴾ يەنى «كىمكى ئىسلام دىنىدىن غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ئۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر»[4].

4 ـ ئىسلام دىنى ـ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىلغان دۇنياۋىي دىندۇر. ﴿**قُلْ يٰأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعاً ٱلَّذِي لَهُ مُلْكُ ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ لاۤ إِلَـٰهَ إِلاَّ هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِيِّ ٱلأُمِّيِّ ٱلَّذِي يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ**﴾ يەنى« ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى؛ ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنلارنىڭ پادشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

(2) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

(3) ئال ئىمران سۈرىسى 19ـ ئايەت.

(4) ئالى ئىمران سورىسى 85 ـ ئايەت.

ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار. ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار»[1].

5 ـ ئىسلام دىنى ـ ئۆزىدىن بۇرۇنقى پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ ئاساسلىق غايىسىنى ئۆزئىچىگە ئالغان، مەقسەتلىرىنى ئورۇنلىغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكانغا مۇۋاپىق، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئويغۇن كېلىشتەك ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن تونۇلغان، ئەڭ ئىلغار بىر دىندۇر.﴿وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَابَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقاً لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَابِ وَمُهَيْمِناً عَلَيْهِ﴾ يەنى «ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىركى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىد بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق»[2].

ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقانداق زامان، ھەرقانداق ماكانغا مۇۋاپىق ۋە ھەر مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنىڭ مەنىسى ـ ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ۋە ئوخشاش بولمىغان ئەسىرلەر، ھەم زامانلاردا تەتبىق قىلىنىشقا تامامەن ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش ھېچبىر دەۋردە، ھېچبىر جايدا، ھېچبىر مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە ياكى بەخت ـ سائادىتىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىگە ۋە مەنپەئەتلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

6 ـ ئىسلام دىنى ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ۋە بۇ دىننى باشقا دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بىردىندۇر. **﴿ٱلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلأِسْلاَمَ دِيناً﴾** يەنى «مۇشرىكلەر يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى»[3]. **﴿هُوَ ٱلَّذِيۤ أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ﴾** يەنى «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسنى

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

(2) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

(3) سەف سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى»[1].

7 ـ ئىسلام دىنى ـ ئەقىدە ۋە شەرىئەتتىن ئىبارەت بولۇپ ئۇ، ئەقىدە ۋە شەرىئەتتە ئەڭ تاكامۇللاشقان بىردىندۇر.

## ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئىتى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى تۆۋەندىكىلەرگە بۇيرۇيدۇ:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن مەنئى قىلىدۇ.

2 ـ راستچىللىققا بۇيرۇيدۇ، يالغانچىلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

3 ـ ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، ھەقسىزلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

4 ـ ئىشەنچلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، خىيانەت قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

5 ـ ۋاپادارلىققا بۇيرۇيدۇ، ۋاپاسىزلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

6 ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى قاخشىتىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

7 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنى بۇيرۇيدۇ، ئۇنى ئۈزۈپ قويۇشتىن مەنئى قىلىدۇ.

8 ـ خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا جەۋر سېلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

9 ـ پاكىزلىققا بۇيرۇيدۇ، پاسكىنىلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

10 ـ رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، شەپقەتسىزلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

11 ـ مەرد، سېخى بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

12 ـ بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ، جاھىللىق ۋە قاششاقلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

13 ـ كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

14 ـ پائالىيەتچان بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، ھورۇنلۇق ۋە تەييارتاپلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

---

(1) نۇر سۈرىسى 55 ـ ئايەت.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلام دىنى كىشىلەرنى بارلىق ئېسىل ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى پۈتۈن رەزىللىك، پەسكەشلىك ۋە ناچارلىقلاردىن مەنئى قىلىدۇ، بارلىق ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە بارلىق يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىدۇ. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَٱلۡإِحۡسَانِ وَإِيتَآءِ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَيَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَاءِ وَٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡبَغۡيِ يَعِظُكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر) ئارىسىدا، ئادىل بولۇشقا (جىمى خەلقىقە) ياخشىلىق قىلىشقا خىش - ئەقرىبالارغا سىلە رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلىسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەندە نەسىھەت قىلىدۇ»[1].

ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولۇش - ئۇنىڭدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان پۈتۈن مەسىلىلەرگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۆز ۋاقتىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ دىنىنىڭ پۈتۈن دىنلاردىن ھەق ۋە توغرا بىر دىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولالمىغان.

## غەيرى دىندىكىلەردىن ئىسلام دىنى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە ئىلغارلىقىنى غەيرىي دىندىكى نۇرغۇنلىغان ھازىرقى زامان ھەر ساھە ئىلىم - پەن ئالىملىرىمۇ تونۇپ يېتىپ مۇسۇلمان بولماقتا. ئۇلاردىن بەزىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغانلىقى توغرىلىق سورالغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرىدىن بىر قانچىنى نەقىل كەلتۈرۈشنى خالايمىز:

1 - ئەنگىلىيىلىك تىلشۇناس ۋە بىيولوگىيە مۇتەخەسسىسى پروفېسسور لىيون مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئەقلىي بىلىش ئۇستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ پىكرىي ئېنېرگىيىسىنى تۇگۇلتىپ قويۇشقا ئەمەس، بەلكى تەرەققى قىلدۇرۇشقا چاقىرىدۇ».

2 - ھوللاندىيىلىك تارىخشۇناس ۋە تالانتلىق شائىر دوكتور ر. ل. مىلما مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا تەركىيدۇنيالىق تەرغىب قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭدا باشقا دىنلاردا بولغاندەك، دىنني

---

(1) نەھل سۈرىسى 90 - ئايەت.

بىسمدارلىق يوق، مۇسۇلمان ئادەم نەدىلا بولمىسۇن ھەقىقەتنى ئىزدەشكە چاقىرىلغان، ئىسلام دىنىدا قېرىنداشلىق بىلەن باراۋەرلىك ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلغان، ئىسلام دىنى ئەقىلنى قەدىرلەيدۇ، ھاراقنى ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ھارام قىلغان».

3 ـ ياپونىيىلىك ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار مۇتەخەسسىسى دوكتور ئې.م. مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق ۋە ئۇڭغايلىقى يۈزىسىدىن، ئاددى كىشىلەرمۇ ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە تۇرمۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىدا باشقا دىنلاردىكىدەك دىنىي بىسمدارلارنى ۋە ئۇلارنى باشقىلاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇتىدىغانلارنى تاپقىلى بولمايدۇ».

4 ـ ياپونىيىلىك ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى دوكتور ش. نوتاكى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بالىلىقىمدىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇددا دىنىنى تەرك ئېتىپ ئىسلام دىنىغا كىرىشىم بىلەن كەڭ كەتكەن بىر روھىي ئالەمنى كەشىپ قىلغان بولدۇم ۋە ئۆمرۈم ئىچىدە تۇنجى قېتىم ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىدىم».

## ئىمان ۋە ئىسلام

سوئال: ئىمان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىمان ـ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئېتىقاد قىلىش، تىل بىلەن ئۇنىڭغا ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنى ئىسپاتلاش دېمەكتۇر.

ھەسەنۇلبەسرىي رەزىيەللاھـو ئەنھـۇ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىمان ـ ئاغزاكى ئارمان قىلىش ياكى ئۆزىنى مۇسۇلمانچە كۆرسىتىش بىلەن ھاسىل بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، دىلدا ئورۇن ئالىدىغان، ئۇنىڭ راستلىقىنى ئەمەل ئىسپاتلايدىغان نەرسىدۇر».

## ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى

سوئال: ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى نېمە؟

جاۋاب: ئىماننىڭ ئاساسىي پرىنسىپى تۆۋەندىكى 6 ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت:

1 ـ ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

2 ـ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

3 ـ ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

4 ـ ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

5 ـ قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

6 ـ ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

يۇقىرىقى 6 ھەقىقەتكە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلغان ئادەم «مۆمىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿**يَا أَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ آمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِي نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِيۤ أَنَزلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلاۤئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيداً**﴾ يەنى «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان ـ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت»[2].

سوئال: ئىسلام دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام ـ ئاللاھقا ئۆزىنى تاپشۇرۇش، يەنى تائەت ـ ئىبادەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇش دېمەكتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن دىن «ئىسلام» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ ئىسلامنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿**مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ للَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِندَ رَبِّهِ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ**﴾ يەنى «كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىكەن) ئۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچ قورقۇنچ

---

(1) نىسا سۈرىسى 136 ـ ئايەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋە غەم قايغۇ بولمايدۇ»[1].

## ئىسلامنىڭ ئاساسي پرىنسىپلىرى

سوئال: ئىسلامنىڭ ئاساسي پرىنسىپلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامنىڭ ئاساسي پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد بەرھەق (يەنى ھەقىقىي ئىلاھ)يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش.

2 ـ ھەركۈنى بەش ۋاخ نامازنى، ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش.

3 ـ يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.

4 ـ پۇل ـ مېلى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە، يىلدا بىر قېتىم پۇل ـ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىش.

5 ـ ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ قودرىتى يەتسە، ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم بەيتوللاھقا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش.

ئىسلامنىڭ يۇقىرىقى بەش چوڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئادەم «مۇسۇلمان»دەپ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئىسلام ـ ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد بەرھەق يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتىن ئىبارەت»[2].

## ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

سوئال: ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ـ بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان زىچ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتتۇر. ئىسلام ـ

(1) بەقەرە سۈرىسى 112 ـ ئايەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىمان ۋە ئەمەل دېمەكتۇر. چۈنكى ئىمان ئېتىقادقا، ئەمەل شەرىئەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئېتىقاد بىلەن شەرىئەت ئىككىسى بىرلىكتە ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە، ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنغان.

ئاللاھ ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿**إِنَّ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ ٱلرَّحْمَـٰنُ وُدّاً**﴾ يەنى« ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ»[1].

ئېنىقكى، دىللاردا مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئىسلامنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاللاھ ئاخىرەتتە جەننەتنى قازىنىش پەقەت ئىسلامنىڭ يەنى ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ ٱلْفِرْدَوْسِ نُزُلاً * خَالِدِينَ فِيهَا لاَ يَبْغُونَ عَنْهَا حِوَلاً**﴾ يەنى«شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ»[2].

سوئال: كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟

جاۋاب: كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ﴿ لاإله إلا الله محمد رسول الله﴾« لائىلاھە ئىللەللاھو، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» يەنى ( ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسى) دېگەن كەلىمە تەييىبەنى مەنىسنى بىلىپ ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىقرار قىلىش بىلەن كىرىدۇ.

## كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى

سوئال: بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى: ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى

---

(1) مەريەم سۈرىسى 96 ـ ئايەت.

(2) كەھف سۈرىسى 107 ـ ئايەت.

دېگەنلىكتۇر. بۇ كەلىمە ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتايىن ئىخچام بىر كەلىمە بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشتە، ئالدى بىلەن ئۇلاردىن مۇشۇ كەلىمە تەلەپ قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلىمە تەييىبە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلارنى ئىنكار قىلىپ، چىن دىلىدىن ﴿ لاإلــه إلا اللهُ ﴾ يەنى«ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دەيدىكەن، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ مال ــ مۈلكى ۋە جېنى قوغدىلىدۇ، ئۇنىڭ (ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان ياكى ئالدامچىلىق قىلغانلىقىنىڭ) ھېسابى ئاللاھقىدۇر»[1].

سوئال: كەلىمە تەييىبەنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

جاۋاب: كەلىمە تەييىبە ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ مەنىسىگە ئىقرار قىلىپ، كۆڭلىدىن تەسدىق ۋە قوبۇل قىلىش بىلەن مۇسۇلمان بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلىقنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىدىغان بىردىنبىر ئەھمىيەتلىك كەلىمىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ شۇئارى ۋە روھى ﴿ لاإلــه إلا اللهُ ﴾ يەنى «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دېگەنلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى قوبۇل قىلىپ ئىقرار ۋە تەسدىق قىلغان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئۇرۇنلىغان بولىدۇ.

﴿محمد رســول الله﴾ يەنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى» دەپ ئېتىراپ قىلىپ، گۇۋاھلىق بېرىش بولسا،﴿ لاإلــــه إلا اللهُ﴾ دېگەن شاھادەتنى تولۇقلىغانلىقتور. بۇ ئىككى شاھادەت (يەنى كەلىمە تەييىبە) ئىسلام دىنىنىڭ روھى بولغىنىنىڭ سىرتىدا، پۈتۈن ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنىڭ كاپالىتىدۇر. چۈنكى، ئاللاھقا ئىخلاس قىلماستىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشمەستىن قىلىنغان ئەمەل - ئىبادەتلەر ھەرگىز قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھقا چىن ئىخلاس قىلىش بىلەن ﴿لاإلــــه إلا اللهُ﴾ دېگەن شاھادەت ئورۇندىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىش بىلەن »مچمد رسول الله« دېگەن شاھادەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئاخىرەتتە ئازابتىن ساقلىنىش ۋە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كاپالەت قىلغۇچىمۇ بىردىنبىر كەلىمە تەييىبەدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «” ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بەرھەق پەيغەمبىرى“ دەپ چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ، گۇۋاھلىق بەرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇچۇن ئاللاھ دوزاخنى ھارام قىلدى»[1].

سوئال: كەلىمە تەييىبەنىڭ پايدىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: كەلىمە تەييىبەنىڭ پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپ. كەلىمە تەييىبەنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى، كىشىلەرنى مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشنىڭ قۇللۇقىدىن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ باشقىسىغا ئەگىشىشنىڭ ھالاكەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتەك، توغرا يولغا يېتەكلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئىككى ئالەمدە بەختلىك قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سوئال: قانداق كىشى ھەقىقىي مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ؟

جاۋاب: يۇقىرىقى 6 ئىمانغا، ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان پۈتۈن مەسىلىلەرگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان جىمى ئەھكاملارنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلغان كىشى ھەقىقىي مۆمىن ۋە مۇسۇلمان بولالايدۇ.

ئاللاھ ھەقىقىي مۆمىنلەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُواْ وَجَاهَدُواْ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أُوْلَـٰئِكَ هُمُ ٱلصَّادِقُونَ﴾** يەنى «شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي مۆمىنلەر ـ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار ئىمان دەۋاسىدا راستچىللاردۇر»[2].

## ئىسلام دىنى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىمامدۇ

سوئال: ئىسلام دىنى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلامدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلاشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى: ئاۋۋال ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى كىشىلەرگە تولۇق بايان قىلىش ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ ئوقۇپ بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنى خالىسا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش،

---

(1) مۇسلىم ۋە بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ھوجۇرات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

خالىسا تەرك ئېتىش ئىختىيارى بىلەن ئۆز ھالىرىغا قويۇۋېتىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقُرْآناً فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى ٱلنَّاسِ عَلَىٰ مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنْزِيلاً﴾ يەنى «قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق، قۇرئانغا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار (بۇ سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلار) دېگىن»[1].

يەنى خالىساڭلار ئىمان ئېيتىڭلار، خالىساڭلار كۇپۇرلۇق ھالىتىڭلار بىلەن قېلىڭلار، سىلەرگە ئۆزۈڭلار خالىمىغان بىر ئېتىقادنى تېڭىش يوق، دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا كىرىشكە ھېچ ۋاقىت زورلىغان ئەمەس ۋە زورلىمايدۇ. بەلكى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا چىرايلىقچە دەۋەت قىلىدۇ، بەس. چۈنكى ئىسلام دىنى بىر نەرسىگە ئىشىنىدۇكى، ئۇ بولىسمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى، تەلىماتلىرىنىڭ ئۈلغارلىقى ۋە قانۇن ـ پرىنسىپلىرىنىڭ ئادىللىقىدۇر!

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لاَ إِكْرَاهَ فِي ٱلدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشْدُ مِنَ ٱلْغَيِّ فَمَنْ يَكْفُرْ بِٱلطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسْتَمْسَكَ بِٱلْعُرْوَةِ ٱلْوُثْقَىٰ لاَ ٱنفِصَامَ لَهَا ﴾ يەنى« دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوق. ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى. كىمكى تاغوت (يەنى ئاللاھتىن باشقا مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن ئۇ، سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ»[2].

قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتى مۇسۇلمانلار كۇففارلارغا غالىب كەلگەن چاغلاردىمۇ، ئۇلارنى دىنغا كىرىشكە زورلاشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن:

﴿ وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ٱسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّىٰ يَسْمَعَ كَلاَمَ ٱللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ﴾ يەنى«ئەگەر مۇشرىكلەردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ، ئاللاھنىڭ كالامنى (يەنى قۇرئان كەرىم)نى ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتىگە

(1) ئىسرا سۈرىسى 106 ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 256 ـ ئايەت.

يەتكەنـگە) قەدەر ئۇنىڭغـا ئامـانلىق بەرگـىن، ئانـدىن (ئـۇ، ئىمـان ئېيتمـىسا) ئـۇنى جېنـى، مېلى ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن»[1].

## ئىماننىڭ كەم - زىيادە بولىشى

سوئال: ئىمان كەم - زىيادە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىمـان كەم - زىيـادە بولـىدۇ. ئـاللاھنى يـاد ئېتىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنـى قىلىـش بىـلەن ئىمـان زىيادىلىـشىدۇ ۋە كۈچىيـىدۇ، ئـاللاھنى ئۇنۇتـۇش ۋە گۇنـاھ، يامـان ئـىشلارنى قىلىـش بىـلەن ئىمـان ناقىسلىـشىدۇ ۋە ئاجىزلىـشىدۇ. مانـا بـۇ، ئىماننىـڭ كەم - زىيـادە بولىدىغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر:

﴿إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانـًا وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ﴾ يەنـى «پەقەت ئـاللاھ يـاد ئېتىلـسە دىللىرىـدا قورقـۇنچ پەيـدا بولـىدىغان، ئاللاھنىـڭ ئـايەتلىرى تىـلاۋەت قىلىنـسا ئىمـانى كۈچىيـىدىغان كىـشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر »[2].

ئىمـان ئاللاھنىـڭ زىكـرى بىـلەن كۈچىيـىدۇ ۋە ئۇنىڭـدىن غاپىـل قـېلىش بىـلەن ئاجىزلىـشىدۇ. ئـاللاھ ئىماننىـڭ ياخشى ئەمەللەر بىـلەن زىيادىلىـشىدىغانلىقى توغرۇلـۇق يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ ٱلسَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ ٱلْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادُوٓاْ إِيمَانـًا مَّعَ إِيمَانِهِمْ﴾ يەنـى «مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمـان قوشۇلۇشـى ئۈچـۈن ئـاللاھ ئۇلارنىـڭ دىللىرىغـا تەمكىنلىكنـى چۈشۈردى»[3].

## ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللار

سوئال: ئىماننى كۈچەيتىدىغان ۋە ئۇنى زىيادە قىلىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جـاۋاب: ئىمـانىنى كۈچلەندۈرىـدىغان ۋە ئـۇنى زىيـادە قىلىـدىغان ئـامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 - ئىلىم

(1) تەۋبە سۈرىسى 6 - ئايەت.

(2) ئەنفال سۈرىسى 2 - ئايەت.

(3) فەتھ سۈرىسى 4 - ئايەت.

ئىلىم ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئاللاھنى تونۇش ئېتىقادنى كۈچەيتىدۇ، ئېتىقادنىڭ كۈچىيىشى ئىماننىڭ كۈچىيىشى دېمەكتۇر.

ئاللاھ ئىلىم توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

﴿**قُلْ هَلْ يَسْتَوِي ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لاَ يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُو ٱلأَلْبَابِ**﴾ يەنى «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ ؟" پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ»[1].

2 ـ ئەمەل

ياخشى ئەمەللەر بەندىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان يېقىنلىقىنى زىچ باغلاپ تۇرىدىغان بىر چوڭ ۋاستە بولۇپ، ئىنسان ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئىماننى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

3 ـ تەپەككۇر

ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش كىشىنى ئاللاھنى تېخىمۇ تونۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھنى تونۇش ئىماننى كۈچەيتىدۇ. قۇرئاندا تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر.

4 ـ ئاللاھنى ياد قىلىش

قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تەسبىھ ـ تەھلىللەرنى ئېيتىش بىلەن ئاللاھنى ياد ئېتىش ئىماننىڭ كۈچىيىشىگە ۋاستە بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھنى ياد ئېتىش ئاللاھقا بولغان ئىخلاس ۋە مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. ئىخلاس ۋە مۇھەببەت ئىماننى كۈچەيتىدۇ ۋە كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

**ئىماننىڭ ئالامەتلىرى**

سوئال: ئىماننىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىماننىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ گۈزەل ئەخلاق

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

گۈزەل ئەخلاق - سۆز - ھەرىكەت ۋە ئىش - پائالىيەتلەردە توغرا بولۇش دېمەكتۇر. گۈزەل ئەخلاقنىڭ پادىشاھى توغرىلىقتۇر. گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامىللىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ**﴾ يەنى «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[2].

2 - ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسى

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى ۋە بۇ سۆيگۈنىڭ پۈتۈن ئىش - پائالىيەت ۋە گەپ - سۆزلەردە ئىپادىلىنىشى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئۇنىڭدا ئۈچ خىل خىسلەت تېپىلسا، ئۇ، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى ۋە تەمىنى تېتىغان بولىدۇ، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى، بىراۋنى دۆست تۇتسا، ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇشى، بىراۋنى دۈشمەن بىلسە، ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن بىلىشى، ئىماندىن يېنىپ كېتىشنى، گويا ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ يامان كۆرۈشى»[3].

3 - ئاللاھتىن قورقۇش

ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغان كىشى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇيدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مانا بۇ، ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّمَا يَخْشَى ٱللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ ٱلْعُلَمَـٰٓؤُا۟**﴾ يەنى «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ»[4].

ئاللاھتىن قورقۇش ئىماننىڭ كاملىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇش - ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىش دېگەنلىكتۇر.

4 - ياخشى ئەمەللەر

---

(1) نۇن سۈرىسى 4 - ئايەت.

(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) فاتىر سۈرىسى 28 - ئايەت.

روھلارنى پاكلايدىغان، ھاياتنى گۈللەندۈرىدىغان ياخشى ئەمەللەر ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرلىكتە كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئىمان ئەگەر ياخشى ئەمەللەردىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ، نە مېۋىسىدىن، نە سايىسىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان پايدىسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ. ئىمانسىز قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرمۇ رىيا ۋە نىفاقتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُوٓاْ إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ أُوْلَـٰئِكَ لَهُمُ ٱلأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾ يەنى «ئازابقا يولۇقۇشتىن ساقلىنىش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى(ۋە رىيانى) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر»[1].

## ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىراتلىرى

سوئال: ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىراتلىرى نېمە؟

جاۋاب: ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىغا بېرىدىغان تەسىراتلىرى ئىنتايىن كۆپ، بىز تۆۋەندە پەقەت بىر قانچىسىنى بايان قىلىمىز.

1 ـ ھىدايەت

ئىمان كىشىنى توغرا يولغا باشلاش ئارقىلىق، ئۇنى ئىككى ئالەمنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرىدۇ. چۈنكى توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى، شۇنىڭدەك، ئاخىرەتتە جەننەتنى قازىنىشمۇ ھىدايەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّالِحَاتِ يَهْدِيهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيمَانِهِمْ تَجْرِي مِن تَحْتِهِمُ ٱلأَنْهَارُ فِي جَنَّاتِ ٱلنَّعِيمِ﴾ يەنى«شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ»[2].

2 ـ شۇجائەت

ئىمان مۇسۇلمان كىشىدە، ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىدىن قورقمايدىغان، ئېسىل خىسلەتنى

(1) ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

(2) يۇنۇس سۈرىسى 9 ـ ئايەتتە.

يېتىلدۇرىدۇ. چۈنكى ئىمانىنىڭ ھەقىقىتى، كىشىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش، ئۆلتۈرۈش ـ تىرىلدۈرۈش ۋە رىزىق بېرىش پەقەت بىر ئاللاھنىڭ قولىدا، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى مۇشۇ ئېتىقادى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن ھۆر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ھۆررىيىتىنى قوغداش يولىدا، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُل لَّن يُصِيبَنَآ إِلاَّ مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَنَا هُوَ مَوْلاَنَا﴾ يەنى «ئېيتقىنكى، بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز»[1].

3 ـ غەلىبە

ئىمان مۆمىن كىشىلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقىي مۆمىنلەرنى ھالاكەتلەردىن ساقلايدۇ ۋە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَكَانَ حَقّاً عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى «مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى»[2].

زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ ۋەدە قىلغان ياردەملەردىن مەھرۇم قېلىپ، خار ۋە زەبۇنلۇق گىرداۋىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەلەپ قىلغان رەۋىشتە ھەقىقىي مۆمىنلەردىن بولالمىغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى، «مۆمىن» سۆزى بىلەن «مۇسۇلمان» سۆزى ئوتتۇرىسىدا ئومۇم ۋە خاسلىق جەھەتتىن پەرق باردۇر. ھەرقانداق مۆمىن مۇسۇلمان دېيىلىدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇسۇلمان مۆمىن دېيىلمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇ ئايەت:

﴿قَالَتِ ٱلأَعْرَابُ آمَنَّا قُل لَّمْ تُؤْمِنُواْ وَلَـٰكِن قُولُوۤاْ أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ ٱلإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ﴾ يەنى «ئەئرابىلار ”ئىمان ئېيتىپ مۆمىن بولدۇق“دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،”( تېخى)ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇنۇپ مۇسۇلمان بولدۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى»[3].

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 51 ـ ئايەت.

(2) رۇم سۈرىسى 47 ـ ئايەت.

(3) ھۇجۇرات سۈرىسى 14ـ ئايەت.

ئاللاھنىڭ قۇرئانىدىكى ۋەدىلىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن كىشى ئاللاھنىڭ مەزكۇر ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسى مۆمىنلەرگىلا خاس قىلىنغانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلەيدۇ.

4 ـ قانائەت

ئىمان مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبىدە، قانائەت ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي چىن ئىمان رىزىق پەقەت ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھتىن باشقا رىزىق بەرگۈچى يوق، ئاللاھتىن كەلگەن رىزىقنى توسۇۋالغۇچى ھەم يوق، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱللَّهُ يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَنْ يَشَآءُ وَيَقْدِرُ﴾ يەنى «ئاللاھ (ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن) خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ»[1].

5 ـ خاتىرجەملىك

ئىمان مۇسۇلمان كىشىنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق بېغىشلايدۇ. چۈنكى دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر جەۋر ـ زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىكلەرگە ئۇچرايدۇ. لېكىن ئىنتىقام ئېلىشقا كۆپىنچىسىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرايدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ بەدىلىنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھوزۇرسىز ۋە خاتىرجەمسىز ياشاشقا يۈز تۇتىدۇ. قاندا، ئىمان ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئالالمىغان ئىنتىقاملىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان، تارتقان زىيانلىرىنى پايدىغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان كەرەملىك ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە ئىشىنىپ، ئاخىرەتنى كۈتۈپ، خاتىرجەم، بەھوزۇر ئۆمۈر سۈرۈشكە ئۈندەيدۇ.

6 ـ چىدام ۋە سەۋرچانلىق

ئىمان مۇسۇلمان كىشىدە، باشقا كەلگەن ھەرقانداق بالا ـ قازا ۋە مۇسىبەتلەر ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان، چىداملىق ئىرادىنى يېتىشتۈرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي چىن ئىمان باشقا كەلگەن پۈتۈن بالايىئاپەت ۋە مۇسىبەتلەر ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلىشى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مۆمىن كىشى بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە مۇسىبەتلەرنى قەيسەرلىك بىلەن قارشى ئالىدۇ ۋە سەۋر بىلەن ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، تۇرمۇشنى يەنىلا بەھوزۇر ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ. ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىغا

(1) رەئد سۈرىسى 26 ـ ئايەت.

بىرىدىغان مۇندىن باشقا ئىجابىي تەسىرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇلارنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

## ئادەمنى ئىماندىن چىقىرىدىغان ئامىللار

سوئال: ئىمان ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئىسلام دىنىغا ئىنكار قىلىش.

2 ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش.

3 ـ مۇناپىقلىق، يەنى ئىچىدە مۇسۇلمانلىقنى سۆزلەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك ياكى ئۇنىڭغا شەك قىلىش.

4 ـ ئەمەل ـ ئىبادەتنى ياكى دۇئانى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېتىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش.

5 ـ كۇففارلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا ۋە تۇتقان يوللىرىغا كۆڭۈلدىن رازىلىق بىلدۈرۈش.

6 ـ باشقىلارنىڭ تۇتقان يوللىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئەۋزەل كۆرۈش.

7 ـ قۇرئان ۋە سەھى ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولغان ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش.

8 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنى مەسخىرە قىلىش.

9 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا كۇففارلار بىلەن بىرلىشىش.

10 ـ باشقا قانۇنلارنى ئىسلام شەرىئىتىدىن ئەۋزەل كۆرۈش.

11 ـ سېھىرگەرلىك قىلىش ياكى سېھىرگە ئىشىنىش.

12 ـ ئىسلام تەلىماتلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ياكى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش.

13 ـ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھى ھەدىسلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا قايىل بولماسلىق ياكى شەرىئەتنى كەمسىتىش، يەنى ئۇنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشمايدۇ، دېيىش.

14 ـ داخـان، پـالچى ۋە رامچىلارنىـڭ غەيبـتىن سـۆزلىگەن سـۆزلىرىگە ئىـشىنىش. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام: «كىمكـى داخـان، كاھىنلارنىـڭ سـۆزلىرىگە ئىـشىنىدىكەن، ئـۇ مۇھەممەتكە (يەنى ماڭا) كەلگەن دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن[1].

15 ـ ئاللاھنىڭ ئەمرـ پەرمانلىرىنى ئاشكارا رەت قىلىش، يەنـى ھەقىقەتكە ئىقرار قىلىـپ تـۇرۇپ، ئۇنىڭغـا بويـسۇنۇشتىن بـاش تـارتىش. شـەيتانلارنىڭ ئاتىـسى ئىبلىـسمۇ ھەقىقەتنـى بىلەتتـى ۋە ئـاللاھنى ئېتىـراپ قىلاتتـى. بىـراق ئىـبلىس تەكەببۇرلـۇقتىن ئاللاھنىـڭ پەرمانىغـا ئاشـكارا قارشـى چىققـانلىقى سـەۋەبتىن، ئـۇ كـاپىرلاردىن بولـۇپ كەتـكەن ۋە ئاللاھنىــڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈلۈك قوغلانغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ ٱسْجُدُواْ لِآدَمَ فَسَجَدُواْ إِلاَّ إِبْلِـيسَ أَبَـىٰ وَٱسْـتَكْبَرَ وَكَـانَ مِـنَ ٱلْكَـــافِرِينَ**﴾ يەنـى «ئـۆز ۋاقتىـدا پەرىـشتىلەرگە: ”ئـادەمگە سـەجدە قىلىڭـلار“ دېـدۇق، ئىبلىـستىن باشـقا ھەممىـسى سـەجدە قىلـدى، ئىـبلىس (سـەجدە قىلـىشتىن) بـاش تـارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ، كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى»[2].

يۇقىرىـدا بايـان قىلىنغـان كۇپرىنىـڭ تۈرلىرىـدىن قايسى بىرىنـى سـادىر قىلغـان كـىشى ئىـسلام ۋە ئىمانـدىن چىققـان بولىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا ھەممىمىزنـى ئىمـانىمىزدا مەھـكەم قىلـسۇن، ئـامىن! اللهم ثبـت قلوبنـا بـلـۇ دينـك!!! (ئـى ئـاللاھ! قەلبىمىزنـى سـېنىڭ دىنىڭغـا مەھكەم قىلغىن!!!)

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) بەقەرە سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

# بىرىنچى بۆلۈم: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش

سوئال: ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى دەلىل ـ ئىسپاتقا موھتاجمۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بىلەن كۆرسىتىش ھاجەتسىز. چۈنكى ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سانسىز ئالامەتلەر ئەتراپىمىزدا ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. كائىناتتىكى ھەر بىر ئالامەت ۋە ھەر بىر مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلىش، خۇددى ئوپئوچۇق كۈندۈزدە، ئاسماندا قۇياشنىڭ بارلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش بىمەنىلىكتۇر.

ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپمۇ، خۇددى ئەما كىشىلەر كۈندۈزدىكى قۇياشنىڭ كۆزلەرنى چاقنىتىدىغان پارقىراق نۇرىنى كۆرەلمىگىنىدەك، بەزى ئىنسانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھەممىشە نامايان بولۇپ تۇرغان، ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان سانسىز ئالامەتلەرنى كۆرەلمەيۋاتماقتا. ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مانا بۇ سەۋەبتىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن بەزىسىنى كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

سوئال: ئاللاھنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە دەلىللەر ئۇنىڭ بارلىقىغا كەسكىن دالالەت قىلىدۇ. دۇنيادىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئۆزىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى، ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەرنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

## ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھتۇر

بۇ مەنادا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ لآيَاتٍ لِّلْمُـؤْمِنِينَ﴾ يەنى «ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر

ئۇچۇن (ئـاللاھ تائالانـىڭ بـارلىقى، بىرلىكـى ۋە قـۇدرىتىنى كۆرسـىتىدىغان) نۇرغـۇن دەلىلـلەر بار»[1].

بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن:

**وفي كل شيئ له آية ، تدل على أنه الواحد**

ھەرنەرسىدە ئاللاھ ئۇچۇن بار ئالامەت،

بىرلىكىگە قىلىدۇ شەكسىز دالالەت.

كائىنات ۋە ئۇنىڭـدىكى جـانلىق ـ جانسىز بـارلىق شـەيئىلەرنىڭ قانـداق پەيـدا بولغـانلىقى ھەققىـدە ئىزدىنىـپ، ئۇنىڭغا جـاۋاب تاپمـاقچى بولغـان ھەر قانـداق كىشى، تۆۋەنـدىكى تـۆت جاۋابتىن باشقىسىنى تاپالمايدۇ:

1 ـ كائىنـات ۋە ئۇنىڭـدىكى شـەيئىلەر ئۆزلىكىـدىن پەيـدا بولغـان، يەنـى ماددىنىـڭ زەررىلىـرى (پـارچىلىرى) ئەقىـل، ئىـدراك ۋە تەپەككـۇر قىلىـش قـابىلىيىتىگە ئىـگە بولـۇش ئـارقىلىق، كائىنـات ۋە ئۇنىڭـدىكى بـارلىق شـەيئىلەرنى ۋۇجۇتقـا چىقارغـان دېـيىش. بۇنـداق جاۋاب ئەقىلغا ھەرگىزمۇ مۇۋاپىـق كەلمەيـدۇ، چۈنكى ، تـاش، سۇ، ھـاۋا، تـۇپراق ۋە ئـۇلاردىن باشـقا مـاددىلاردا ئەقىـل، ئىـدارك ۋە تەپەككـۇر قىلىـش قابىلىيىتىنىـڭ يـوقلىقى ھەممىـگە مەلـۇم. تـارىختىن بىـرى، ھېچبىـر زامـان ئۇلارنىـڭ ئەقىـل، ئىـدراك ۋە تەپەككـۇر قىلىـش قـابىلىيىتىگە، شـۇنداقلا يـارىتىش قـۇدرىتىگە ئىـگە بولغـانلىقى مەلـۇم ئەمەس. ئەھـۋال بۇنـداق ئىـكەن، ھېچقانـداق ئەقىـل، ئىـدراك يـاكى كـۈچ ـ قـۇۋۋەتكە ئىـگە بولمىغـان ماددىلارنىـڭ كائىنـاتنى ئەمەس، بەلكـى ئۆزلىرىنىمـۇ بارلىققـا كەلتۈرەلمەيـدىغانلىقى ئېنىقتـۇر. شـۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جاۋاب ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلىنىدۇ.

2 ـ كائىنـات ۋە ئۇنىڭـدىكى شـەيئىلەرنى تەبىـئەت ياراتقـان دېـيىش. ئەگەر بىـز، بـۇ جـاۋابنى بەرگـۈچىلەردىن تەبىـئەت دېـگەن نـېمە دەپ سـورايدىغان بولـساق، ئـۇلاردىن بەزىـلەر: «تەبىـئەت ــ كائىناتنىـڭ مەنزىرىسـى» دەپ جـاۋاب بېرىـدۇ. بۇنىڭـدىن مەلـۇم بولىـدۇكى، كائىنـات يـوق ئىـكەن تەبىئەتمۇ يـوق ئىـدى. چـۈنكى بىـر نەرسىنىڭ مەنزىرىـسى شـۇ نەرسـە مەۋجـۇد بولغانـدىلا ئانـدىن مەۋجـۇد بولالايـدۇ. ئـۇ نەرسـە بولمىـسا مەنزىرىـسىمۇ بولمايـدۇ. ئۇنـداقتا تەبىـئەت بـۇرۇن ئـۆزى يـوق تـۇرۇپ، قانـداقمۇ كائىنـات ۋە ئۇنىڭـدىكى شـەيئىلەرنى يارىتالىـدى؟ ئەگەر بىـز تەبىئەتنـى كائىنـاتتىن بـۇرۇن بـار ئىـدى، دەپ پەرەز

(1) جاسىيە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

قىلغاندىمۇ، تەبىئەت ئەقىل ـ ئىدراك ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان بىر نەرسە تۇرۇپ، قانداقمۇ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى، جۈملىدىن ئەقىللىق ئىنسانلارنى يارىتالىسۇن؟! ئۇلاردىن بەزىلەر تەبىئەتنى «كائىناتنىڭ ئۆزى» دەپ تەرىپلىسە، بەزىلەر ئۇنى «يوشۇرۇن كۈچ» دەپ تەرىپلىمەكتە. بۇ يوشۇرۇن كۈچ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بولماي نېمە؟ ئۇلار بۇنى «تەبىئەت» دەپ چۈشەنسە، بىز ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى، دەپ چۈشىنىمىز. دېمەك، كائىناتنى تەبىئەت ياراتقان دېيدىغان بۇ جاۋابمۇ، يۇقىرىقىسىدىن قېلىشمايدىغان بىمەنە جاۋابتۇر.

3ـ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر تاسادىپى يارىتىلىپ قالغان، يەنى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر، ئەسلىدە ئاتوم زەررىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ھەرىكەتكە كېلىش ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن تاسادىپى پۇتلىشىشى نەتىجىسىدە كائىنات ۋۇجۇتقا كەلگەن دېيىش.

ئۇنداقتا، قۇياشنىڭ ماددىلىرى ئىسسىق ماددىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇياش دۇنياغا ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق بېرىدۇ. يەرشارى ۋە باشقا پلانىتلارنىڭ ماددىلىرىدا ئىسسىقلىق ماددىسى يوق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. تاسادىپى بولغان ئىشلارنىڭ پىلانسىز ۋە نىزامسىز ھالدا، ئۇشتۇمتۇت مەيدانغا كېلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق بىر مەسىلە. قانداقلارچە، ئىسسىقلىق ماددىلىرى تاسادىپى ھالدا ھەممىسى بىر يەرگە كېلىپ قۇياشقا ئايلىنىپ قالدى؟ يەرشارىدىن باشقا پلانىتلاردا سۇنىڭ يوقلۇقى ۋە ئۇ جايلاردا جانلىقلارنىڭ ياشىمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغان بىر ئىلمىي ھەقىقەت بولغان يەردە، سۇ قانداق بولۇپ باشقا پلانىتلاردا بولۇپ قالماستىن، تاسادىپى جانلىقلار ياشايدىغان يەرشارىدىلا بولۇپ قالغان؟ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار بىر خىل ئىنچىكە نىزام ۋە مۇكەممەل بىر قانۇن سىستېمىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. تاسادىپى بولغان ئىشلار ـ بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ـ نىزامسىز ۋە پىلانسىز بولىدۇ. بۇ ھالدا، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدىكى نىزام ۋە قانۇن سىستېمىلار نەدىن كەلدى؟ تەسادىپىلىق ئۆزىدە بولمىغان نىزام ۋە قانۇن سىستېمىلارنى كائىناتقا قانداقمۇ بېرەلەيدۇ؟ دېمەك، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنى تاسادىپى پەيدا بولۇپ قالغان دېگەن جاۋاب، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا يۆلەنمىگەن سەپسەتىدۇر.

4 ـ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھ ياراتقان دېيىش.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل جاۋابنىڭ ھېچبىرى ئىلمىي ئاساسقا يۆلەنمىگەنلىكى ۋە ئەقىل، مەنتىققا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك رەت قىلىنغانلىقىدىن مەلۇم بولدىكى، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەر ئىلىم ـ ھېكمەتلىك ۋە چەكسىز

قۇدرەتلىك، كامىل بىر زات تەرىپىدىن ئىنتايىن ئىنچىكە نىزام ۋە پۇختا پىلانلار بىلەن يارىتىلغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. ئۇ زات بولسىمۇ، ئاللاھتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز پۈتۈن شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لَآ إِلَـٰهَ إِلاَّ هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَٱعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾** يەنى «ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. ئاللاھتىن بۆلەك ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر»[1].

تارىختىن بۇيان، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم »كائىناتنى مەن ياراتتىم« دەپ دەۋا قىلغىنى يوق. چۈنكى ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچى يوق ـ دە!!

ئاللاھتىن باشقا بىرى كائىنات ياكى ئۇنىڭدىكى شەيئىلەردىن بىرەرسىنى يوقتىن بار قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ئېلان قىلغان ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتى دۇنياغا يۈركەتكەن بولاتتى. مەسىلەن: توكنى ئىجاد قىلغان ئىدىسونمۇ ئۆزىنىڭ توكنى ئىجاد قىلغانلىقىنى ئېلان قىلماي قالمىغان. ئەگەر ئاللاھتىن باشقا قۇياشنى ياكى ئاينى ياكى بىرەر جانلىقنى ياراتقان بىرسى بولسا ئىدى، ئۇ، ئۆزىنى ئېلان قىلماي قالمايتتى. چۈنكى ھەرقانداق ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى ۋە ئۆزىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشنى خالايدۇ. دېمەك: مەۋجۇداتلارنى يارىتىشتا ئاللاھتىن باشقا بىرەر ياراتقۇچىنىڭ بولمىغانلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى يالغۇز ئاللاھتۇر! ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچىنىڭ يوقلىقى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان كەسكىنلەشكەن بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر!

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لاَعِبِينَ. مَا خَلَقْنَاهُمَآ إِلاَّ بِٱلْحَقِّ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لاَ يَعْلَمُونَ﴾** يەنى «ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ (يەنى بىكارغا) ياراتقىنىمىز يوق. ئۇلارنى بىز پەقەت ھەق ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ»[2].

»كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز پۈتۈن شەيئىلەرنى ئاللاھ ياراتقان« دېگەن
4 ـ جاۋابنى بەرگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىئىتىنى ساقلاپ قالغان ۋە

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

(2) دۇخان سۈرىسى 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر.

ئەقىلنىڭ ساداسىغا ماسلاشقان مۆمىن زاتلاردۇر. ئۇلار ھەممىنى ئاللاھ ياراتقانلىقىغا ئىقرار قىلىدۇ ۋە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق بىر ياراتقۇچىنىڭ يوقلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان سەممىي ئېتىقاد ۋە پاك ھېس بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان مۇنۇ دىنىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفاً فِطْرَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيْهَا لاَ تَبْدِيلَ لِخَلْقِ ٱللَّهِ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلْقَيِّمُ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ﴾ يەنى «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ»[1].

بۇ ئايەت، ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلغان ھەق دىن بىلەن تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە ئاللاھقا ئىشىنىش ئېڭى تۇغۇلۇشتىن باردۇر. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ راھەت - پاراغەتلىك چاغلاردا ئىنسانلارنىڭ غاپىللىقى سەۋەبى بىلەن، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چارىسى تۈگىگەن ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ۋاقىتتا، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن پارتلاپ چىقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئۇلار پۈتۈن كامالى ئىخلاس بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدۇر. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَا مَسَّ ٱلإِنسَانَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُ مُنِيباً إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُ نِعْمَةً مِّنْهُ نَسِيَ مَا كَانَ يَدْعُوۤ إِلَيْهِ مِن قَبْلُ﴾ يەنى «ئىنسانغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتسە پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنگەن ھالدا، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇ ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان (ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتنى كۆتىرىۋەتكەن) چاغدا، ئاللاھقا زىيان زەخمەتنى كۆتىرىۋېتىش توغرىلىق ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ»[2].

(1) رۇم سۈرىسى 30 - ئايەت.

(2) زۇمەر سۈرىسى 8 - ئايەت.

**باشقا دىندىلەرنىڭ ئاللاھ ھەققىدە ئېيتقانلىرى**

فىرانسىيىلىك پەيلاسوپ، شەك مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى دېكارت DESCARTES مۇنداق دېگەن ئىكەن: « مەن ئۆز زاتىمدىكى بىر ەر يېتەرسىزلىكنى ھېس قىلغىنىمدا، بارلىق يېتەرسىزلىكلەردىن پاك بولغان كامالەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن ۋە مەندىكى بۇ ھېسنى بارچە ئالىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئاشۇ كامىل زاتنىڭ قەلبىمگە سالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىۋاتىمەن، ئۇ زات بولسا - ئاللاھتۇر!».

ئامېرىكا مائارىپ بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى ئا.ك. مورىسون A.K.MORISON «ئىنسان ئۆزى يالغۇز تۇرالمايدۇ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن شەيئىلەر ۋە ھەر شەيئىدىكى مۇكەممەل نىزام - سىستېمىلەر ئوچۇق گۇۋاھتۇر. بۇلارسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئالغان سائادىتىمۇ ئاللاھنىڭ بېكىتكەن بىر نىزامىدۇر».

فىرانسىيىلىك مەشھۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ئالىمى دۇركېيىم DURKHEIM مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئىنسانلار ھەرگىزمۇ بۇ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسىنى ئويلىماستىن ياشاپ ئۆلمەيدۇ. توغرا، ئىنسانلار ئاللاھنى ئەقلى بىلەن تونۇيالماستىن، باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ بىلىپ چوقۇنغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ دەپ بىلىدۇ».

فىرانسىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ بىرېكسون BREKSON مۇنداق دېگەن ئىكەن: «دۇنيادا ئىلىم - پەن ۋە پەلسەپىسى بولمىغان ئىنسانلار جامائەسى تېپىلىشى مۇمكىن، بىراق بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئىنسانلار جەمئىيىتى تېپىلمايدۇ».

ئەرنىس رىنان E.R «دىنلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا بىز ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسە، ھەتتا ئەقىل، ئىلىم - پەن ۋە سانائەتلەرنى قوللىنىش ئەركىنلىكىمىزمۇ يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن، بىراق دىنىي ئېتىقادنىڭ ئىنسانلار قەلبىدىن ئۆچۈرۈلۈپ، يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۇ، ئىنسان تەپەككۇرىنى زېمىن ھاياتىدىكى كىچىككىنە بىر دائىرىگە قىسقارتىپ قويماقچى بولغان ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە جانلىق دەلىل بولغان ھالدا، مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ».

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر ھەرخىل ئىلىم - پەنلەر ساھەسىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ۋە ئۇنىڭغا ئىچكىرلەپ كىرىپ ھەقىقەتكە يەتكەن باشقا دىندىكى ئالىملارنىڭ

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىدىندۇر.

## ئىنسانلار دىنسىز ياشىمىغان

ئۆتمۈشلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ ئاساسلىق دەۋىتى ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى يەككە ـ يېگانە بىر تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشنى ئاساسلىق نوقتا قىلغان بولسىمۇ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى، دىندارلارنىڭ ھەق يولدىن ئېزىشى، كىشىلەرنىڭ ھەق دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، ئوتنى، دەرەخلەرنى، بۇتلارنى ۋە باشقا ھەرخىل مەخلۇقاتلارنى ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتى بىلەن ئاللاھقا ۋاستە قىلىۋالغانلىقىنى، كېيىنچە، ئۇلارغا رەسمىي تۈردە چوقۇنغانلىقىنى كۆرىمىز.

قۇرئان كەرىم بىزگە، ئۆز ۋاقتىدىكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَإِذَا مَسَّ ٱلإِنسَانَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُ مُنِيباً إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُ نِعْمَةً مِّنْهُ نَسِيَ مَا كَانَ يَدْعُوۤ إِلَيْهِ مِن قَبْلُ**﴾ يەنى «ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار ”بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنىشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر“ دەيدۇ»[1].

ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلاتتى. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ**﴾ يەنى «ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى دەپ سورساڭ، ئۇلار: ”ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتتى“ دەيدۇ»[2].

تارىخشۇناسلار يەر يۈزىدە ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ دىيانەتسىز ياشىمىغانلىقىنى پەكۇنلىدى. ئاللاھتىن باشقا ھەر خىل مەبۇدلارغا چوقۇنغانلارمۇ ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلەرنى ياراتقۇچى خالىق دەپ ئاتىمايتتى، بەلكى ئۇلارنى ياراتقۇچى تەڭرىگە ۋاستە بولغۇچى ئىلاھلىرىمىز ياكى كىچىك خۇدالىرىمىز دەپ ئاتايتتى. يېقىنقى زامانلارغىچە، ئاپرىقىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھالىتىدە ئۆتكۈزۈلەردە، كەپىلەردە ياشاپ كەلگەن، ئادەم

(1) زۇمەر سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

(2) زۇخرۇف سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

گۆشىنى يەيدىغان ئىنتايىن ۋەھشىي قەۋم «ھوتېنتوت» قەبىلىلىرىمۇ، پۈتۈن ئىلاھلارنىڭ بېشىدا، يالغۇز بىر ئىلاھ بار، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە ئۇنى «ئاتىلارنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتايتتى.

ئىنسان توغرا يولدىن ئېزىپ، قانچىلىك چوڭ خۇراپاتلارغا چۆكۈپ كەتسىمۇ، بەرىبىر ئۇنىڭ ئەقلى ھېچ نەرسىنىڭ سەۋەبسىز ۋۇجۇتقا چىقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ - دە، ئۇ ئەقلىنى مۇشۇ سەۋەبلەر قانۇنىغا ئەگەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ بېشىغا كۈلپەتلەر كېلىپ، دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى كارغا كەلمىگەن چاغدا ئۇنىڭ ئەقلى ئۇنى ئاللاھقا تونۇشتۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ.

خۇلاسە: ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەلىپىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ، ئەقلىنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە كامالىتىدۇر.

ئاللاھنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى يەككە - يېگانە خالىق (ياراتقۇچى) ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك.

## ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى

سوئال: ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنىڭ جاۋابى مۇسۇلمانلاردا تەيياردۇر. ھەر قانداق بىر ئىجادكار ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىسىنىڭ سىرىنى، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئىجاد قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ياخشى بىلگەندەك، بارلىق كائىناتنىڭ، جۈملىدىن ئىنساننىڭ ئىجادكارى ۋە ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالا «ئىنسان» دەپ ئاتالغان بۇ مەخلۇقاتنى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەلۋەتتە ياخشى بىلىدۇ.

قېنى ئاللاھتىن سوراپ باقايلى: ئى ئاللاھ ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتتىڭ؟ ئۇنى يېمەك – ئىچمەك ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ؟ ياكى زېمىن ئۈستىگە تۇغۇلۇپ، بىرەر غايە ۋە نىشانسىز ھالدا ئويۇن - تاماشالار بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى يەنە شۇ زېمىننىڭ تېگىگە كۆمۈلۈپ تۈگىشىشى ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا روھ، ئەقىل ۋە ئىرادە ئاتا قىلغىنىڭنىڭ سىرى نېمە؟

ئاللاھ بىزنىڭ بۇ سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىپ قۇرئان كەرىمدە، ئىنسانىنى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىدىن ئورۇن باسار قىلىپ ياراتقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ:

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي ٱلأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُواْ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ ٱلدِّمَآءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّيۤ أَعْلَمُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ﴾ يەنى «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە:"مەن يەر يۈزىدە ئورۇن باسار يارىتىمەن" دېدى. پەرىشتىلەر "يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز" دېدى. ئاللاھ "مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن" دېدى »[1].

يەر يۈزىدە ئورۇنباسار بولۇشىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئەڭ ئالدىنقى شەرتى ئىنسانىنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ وَمِنَ ٱلأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ ٱلأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِّتَعْلَمُوۤاْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمَا﴾ يەنى «ئاللاھ يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەتتە قىلىپ) ياراتتى، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ. (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر »[2].

﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلإِنسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُونِ﴾ يەنى «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم »[3].

بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ كائىناتتىكى شەيئىلەر ئۈستىدە ياخشى ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلغان كىشى كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ، ئۆزىدىن باشقىسى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ۋە باشقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. مەسىلەن: سۇ زېمىننى ياشارتىش ئۈچۈن، زېمىن ناباتاتلارنى چىقىرىش ئۈچۈن، ناباتاتلار ئىنسانلار ۋە ھايۋاناتلارنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھايۋاناتلار ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆمۈر

(1) بەقەرە سۈرىسى 30 - ئايەت.

(2) تالاق سۈرىسى 13 - ئايەت.

(3) زارىيات سۈرىسى 56 - ئايەت.

سۈرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەمدى ئىنسان كىم ئۈچۈن؟

ئىنسانىنىڭ پۈتۈن كائىناتتىكىلەرنىڭ ئۇلۇغراقى بولۇپ يارىتىلغانلىق ھۆرمىتىگە مۇۋاپىق، ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىردىنبىر ئەڭ توغرا جاۋاب شۇكى، ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن: ئاللاھنى تونۇش، ئۇنىڭغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇ ۋەجىدىن، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار پەقەت ئىنسانىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يارىتىلغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن.

ئىنسان ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى شەيئىلەردىن ئۇلۇغدۇر. بۇلار قانداقمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئىلاھ بولالىسۇن؟! شۇڭا ئىنسانىنىڭ قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ئوت، كالا ۋە باشقا مەخلۇقاتلارغا چوقۇنۇشى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرگەنلىكىدۇر. ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتىن باشقىسى ياراشمايدۇ.

## ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى

سوئال: ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككىگە قىسقارتىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرى، ئەقىل بىلەن ئىلىم، يەنە بىرى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت.

## ئەقىلنىڭ رولى

سوئال: ئاللاھنى ئەقىل ۋە ئىلىم ئارقىلىق قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنساندىكى ئورگانلارنىڭ ھېچبىرى بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس. ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ يېتەكچىسى بولغان ئەقىلنى ئالايلۇق: ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى ـ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىزدەنمەيدىكەن، ئۇ، ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسىنى جارى قىلدۇرمىغان، ھەتتا بارا ـ بارا ئەقلىنىڭ رولىنى تامامەن يوقاتقان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋىتى پەقەت ئەقىللارغا خىتاب قىلىدۇ. كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ياخشى چۈشىنىپ، ئاندىن ئىسلام دىنىغا

كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، قۇرئان كەرىمدە، ئاللاھنىڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلِ ٱنظُرُواْ مَاذَا فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ﴾ يەنى «ئېيتىنىقكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار»[1].

بۇ ئايەتتىكى كۆزىتىشتىن مەقسەت، ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى ئاجايىب قۇدرەتلىرى ۋە كامالىغا يەتكەن سەنئەتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئاللاھنى تونۇشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّن بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لاَ تَعْلَمُونَ شَيْئاً وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلْسَّمْعَ وَٱلأَبْصَارَ وَٱلأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ يەنى «ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى»[2].

ئاللاھ كائىناتتىكى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن ئىبرەت ئالمىغانلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَفَلَمْ يَسِيرُواْ فِي ٱلأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَآ أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لاَ تَعْمَى ٱلأَبْصَارُ وَلَـٰكِن تَعْمَىٰ ٱلْقُلُوبُ ٱلَّتِي فِي ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى «ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەر كور بولمايدۇ. لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كوردۇر»[3].

ئاللاھ ئىنساندىكى قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەك قاتارلىق ئورگانلارنىڭ بىكارغا

(1) يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەت.

(2) نەھل سۈرىسى 78 ـ ئايەت.

(3) ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

يارىتىلمىغانلىقى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ ٱلسَّمْعَ وَٱلْبَصَرَ وَٱلْفُؤَادَ كُلُّ أُولَـٰئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولاً ﴾ يەنى «قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۇستىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ»[1].

دېمەك: قۇلاق، كۆز، قەلب قاتارلىق سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمەتلىرى كۆپ ۋە بۇ ئەزالارنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولغانلىقىدىن، ئاللاھ بۇ ئەزالارنى قۇرئاندا بىر قانچە يەردە تەكرار بايان قىلغان. چۈنكى ئىنسان قۇلىقى بىلەن ئاللاھنىڭ كالامىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئاڭلايدۇ. كۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرىنى، ئۇنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىدىغان تۈرلۈك ئالامەتلەرنى كۆرىدۇ. قەلبى بىلەن، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ئەزانى ئىشلىتىش پەقەت ئەقىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. ئەقىل ئۆز يولىدا ئىشلىتىلگەندىلا، يۇقىرىقى ئۈچ ئەزامۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالايدۇ.

## ئەقىل ئاللاھنى تونۇشنىڭ قورالى

ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىسى بولغان «ئەقىل»نى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە 50 ئورۇندا، «ئەقىل ئىگىلىرى»نى 10 ئورۇندا ماختىغان. ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان كائىناتتىكى تۈرلۈك ئالامەتلەر بايان قىلىنغان كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرلىرىنى﴿إن في ذلك لآيات لقوم يعقلون﴾ يەنى «چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى بايان قىلدۇق». ﴿أفلا تعقلون﴾ يەنى «ئەقىل ئىشلىتىپ چۈشەنمەمسىلەر؟».﴿ فاعتبروا ياأولى الألباب﴾ يەنى « ئىبرەت ئېلىڭلار ئى ئەقىل ئىگىلىرى!» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر بىلەن تۈگەتكەن. ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى ئاللاھقا باشلايدۇ. ئىنساندىكى بۇ خىل تەبىئەت ياكى قابىلىيەت يالغۇز ۋىجدانلا ئەمەس ياكى يالغۇز ئەقىللا ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋىجدان بىلەن ئەقىلنىڭ بىرىكىشىدۇر. ئەقىل يالغۇز ئۆزىلا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ بىلىدۇ. ئىنسان ئەقلى شۇنداقكى، ئۇ ھېچ ئوقۇماستىن ياكى ئۆگەنمەستىن ئەڭ ئاۋۋال سەۋەبلەر قانۇنىغا(يەنى ھېچ نەرسىنىڭ سەۋەبسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدىغانلىقىغا ۋە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا) ئىشىنىدۇ. سەۋەبسىز بىرەر شەيئىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئىشەنمەيدۇ. ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتتىن يىراق ياشىغان سەھرالىق بىر ئادەم ئاللاھ توغرىلىق سورالغىنىدا، سەۋەبلەر قانۇنىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن: « قۇملۇقتىكى تۆگە ئىزى بۇ جايدىن تۆگىنىڭ ئۆتكەنلىكىگە، ئۇلاق ئىزلىرى بۇ جايدىن كارۋانلارنىڭ ئۆتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان ئاسمان، قىتئەلەر ۋە تۈرلۈك يوللار بىلەن كېڭەيگەن زېمىن ۋە دولقۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېڭىزلار ئۇلارنى ياراتقان يەككە - يېگانە زات - ئاللاھقا قانداقمۇ دالالەت قىلمىسۇن!؟»

دۇنيادا ھېچكىم «ئۆزى يوق نەرسە بىرەر ئىش قىلالمايدۇ» دىن ئىبارەت ئەقلىي پرىنسىپنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بىز بۇ ئەقلىي پرىنسىپنى تەتبىقلايدىغان بولساق تۆۋەندىكى نەتىجىگە ئېرىشىمىز: بۇ پايانسىز كائىناتتا، ھەر لەھزىدە مىليونلىغان يېڭىلىقلار، ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاددىسى، مىڭلارچە جانلىق ئۆلۈپ يەنە مىڭلارچىسى ھاياتقا يېڭىدىن كۆز ئېچىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز شۇنداق جەزم قىلىدۇكى، ھەرقانداق ھادىسىنىڭ بىرەر پەيدا قىلغۇچىسى ۋە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارى بولغىنىدەك، ئالەمنىڭمۇ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتۇر! چۈنكى يوق نەرسە بىرەر نەرسىنى پەيدا قىلالمايدۇ!

﴿ أَمْ خُلِقُواْ مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ ٱلْخَالِقُونَ ﴾ يەنى «ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىلارمۇ؟»[1].

يولدا كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلنى يىراقتىن كۆزەتكەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ توختاش ئىشارەتلىرىدە توختاپ، تار كوچىلاردا بىرەر نەرسىگە ئورۇلۇپ بەرمەستىن، قائىدە بويىچە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم سالاھىيەتلىك بىر شوپۇرنىڭ بارلىقىنى جەزم قىلىدۇ. چۈنكى ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرسىز يۇرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە باشقا پلانېتلارنىڭ بەلگىلەنگەن سىستېما بويىچە ئىنتىزامچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى، كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە پەسىللەرنىڭ بۇ توغرا ھەرىكەتلەر ئارقىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئالمىشىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ھەر قانداق ئادەم بۇ كائىناتنى باشقۇرۇپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىلىم - ھېكمەتلىك ۋە كۈچ - قۇدرەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى چوقۇم جەزم قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

---

(1) تۇر سۈرىسى 35-36- ئايەتلەر.

«ئۆزى يوق نەرسە بىرەر ئىش قىلالمايدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بويىچە ئېيقاندىمۇ، ئەگەر ئاللاھ مەۋجۇد بولمىغان بولسا ئىدى، يۇقىرىقىلارنىڭ بار بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇدلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

«سەنئەتكارىسىز سەنئەت ۋە ئاپتورىسىز ئەسەر ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ » دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق ـ جانسىز بارلىق شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولالامدۇ؟!

دىكارت DESKARTES ئۆزىنىڭ شەك مەزھىبىنى پەيدا قىلىپ چىققىنىدىن باشلاپ، ھەر نەرسىگە شەك قىلىدۇ. بۇ شەك ئاخىرى ئۆزىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقىغا ھېچ شەك قىلالمايدۇ ۋە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: »ئەگەر مەن ئۆزۈم توغرىلىق شەك قىلىدىغان بولسام، ئۆزۈم يوق تۇرۇپ قانداقمۇ شەك قىلالايمەن؟ مەن ئۇيلاشقا ئىگە بولغىنىم ئۈچۈن مېنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىمدە ھېچ شەك قالمىغان بولدى. ئۇنداقتا، مېنى كىم ياراتتى؟ مېنى بۇ ماددىي كائىنات ياراتتىمۇ؟ ئەگەر مېنى بۇ ئەقىل ئىدراككا ئىگە بولمىغان بۇ كائىنات ياراتقان بولسا، مەندىكى ئەقىلنى كىم بەردى؟ كائىنات ئۆزىدە بولمىغان ئەقىلنى ماڭا بېرەلەمدۇ؟! بىر نەرسىگە ئىگە بولمىغان كىشى ئۇ نەرسىنى باشقىسىغا قانداق بېرەلىسۇن؟!»

ئون سەككىزىنچى يۈز يىلنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ھېرشېل HERSCHELL مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىلىم ـ پەننىڭ مەيدانى كېڭەيگەنسېرى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك دەلىللەر تېخىمۇ كۆپىيىدۇ».

توغرا، ئىلىم ـ پەن مەيدانىنىڭ كېڭەيگەنلىكى ئىنسان ئەقلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئەقىل ئىلىمنىڭ قۇرالىدۇر! ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنىڭ ئاللاھنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىلىم ـ ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَفَمَن يَعْلَمُ أَنَّمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ٱلْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَىٰٓ ۚ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴾

يەنى «ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان)دىلى كور ئادەم بىلەن ئوخشاش

بولامدۇ؟ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ»[1].

فىرانسىس بىكون F.B. مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئازراق پەلسەپە ئوقۇش كىشىنى دىنسىزلىققا مايىل قىلىدۇ. ئەمما پەلسەپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش ئەقىلنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ».

بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن دارۋىن ۋە ماركسلار ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيەلەرنىڭ ئىلمىي ئاساسقا ئەمەس، پەقەت تەخمىنى خىياللارغىلا ئاساسلانغانلىقى سەۋەبلىك تەنقىتكە يۈز تۇتقان چۈپەي نەزەرىيەلەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىماقتا.

« زامانىمىزدىكى ئالىملار ئىلىم ـ پەن نامىدىن ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى بۈرۈنقى ئەسىرلەرگە قارىغاندا زامانىمىزدا ئىلىم ـ پەن تەرەققى قىلدى ۋە ئۇنىڭ مەيدانى كېڭەيدى»[2].

## ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ يولى

سوئال: ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن بىلگىلى بولىدۇ.

سوئال: ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: «سەنئەت ـ سەنئەتكارنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ۋە ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدىنى ھەركىم ياخشى بىلىدۇ. بىز بۇ قائىدىنى تەتبىقلاپ كۆرگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز:

سەنئەتتىكى ئۇيۇمچانلىق سەنئەتكارنىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى، سەنئەتتىكى گۈزەللىك سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىكلەرنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، سەنئەتتىكى ئۆزگىچىلىك سەنئەتكارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا يېتەرلىك ئىرادە، ئىلىم ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋاھاكازالار....

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە

---

(1) رەئد سۈرىسى 19ـ ئايەت.

(2) نەقىللەر ئۇستاز رەھمەتۇللا ئىنايەتۇللانىڭ »ئىلىم ۋە ئىمان« ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

قىلغۇچىسى بولغان زات ـ ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، خالىغاننى ياراتقۇچى، ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى..... ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

مەسىلەن: بىر ئاپتوموبىل توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاپتوموبىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا بېتەرلىك تۆمۈرلەرگە ۋە ئۇنى مۇناسىپ شەكىلدە كېسىدىغان ھۈنەرگە ئىگە ۋە ئۇنى چىرايلىق قۇراشتۇرۇپ ئاپتوموبىل قىلىشقا قادىر ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلنىڭ ئەينەكلىرى، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك ئەينەكلەرگە ۋە ئەينەكلەرنى ئاپتوموبىلنىڭ مودېلىغا مۇناسىپ شەكىلدە كېسەلەيدىغان ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلدىكى پۈتۈن زاپچاسلار، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بۇ زاپچاسلارنى ئۆز ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرالايدىغان ھۈنەر ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىك سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇندىن باشقا، ئاپتوموبىلنىڭ موتورىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ چىراقلىرىغىچە بولغان ھەر بىر پارچىسى، رەڭگى ۋە مودېلى، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ماھىرلىقى، ئۇستىلىقى ۋە باشقا كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز بۇ ئاددى بىر ئاپتوموبىل توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بىلىۋالغىنىمىزغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى مەخلۇقاتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىقمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ ياراتقان شەيئىلىرىدىكى ئىنتايىن مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاجايىپ ئىشلاردىن بىرەرسىنى بايقىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىق سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە ئۇلاردىن باشقا سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسىدىكى مۇكەممەل قانۇنىيەتنى بىلگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر شەيئىنى شۇنداق مۇكەممەل يارىتىش ۋە بېكىتىشنى بىلىدىغان، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىك سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

كائىناتتىكى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن نىزام ۋە سىستېمىلەرنىڭ نۇقسانسىز داۋام قىلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ۋە بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىك سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئـاللاھ تائالانـىڭ دۇئـالارنى ئىجـابەت قىلغىنـى، ھەتتـا قورغـاقچىلىقتىن ئىستىـسقا(سـۇ سوراش)نامىزى ئوقـۇپ ئـاللاھتىن سـۇ تىلىگەنـلەرگە يـامغۇر ياغـدۇرۇپ بەرگىنـدىن، ئۇنـىڭ ھەر قانداق دۇئا ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىق سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

تەبىئەتنـىڭ ئـادەمنى ھەيـران قالـدۇرارلىق گـۈزەل مەنزىرىـسىنى كـۆرگىنىمىزدە، ئـاللاھ تائالانـىڭ شـەيئىلەرنى خالىغانچە ھەرخـىل گـۈزەل شـەكىللەردە يارىتىـشقا قـادىر ئىكەنلىـك سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھايـاتىمىزدا بىـرەر يـاكى كـۆپ قېـتىم ئۆلۈمنىـڭ تۇمـشۇقىغا كېلىـپ قـالغىنىمىزدا، ئۇنىڭـدىن ئامـان قـالغىنىمىزنى ئـويلىغىنىمىزدا، ئـاللاھ تائالانـىڭ خەۋپ - خەتەرلەردىـن ساقلىغۇچى ئىكەنلىك سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھېچقانـداق كېـسەللىك تارتماسـتىن يـاكى بىـرەر ۋەقەگە ئۇچرىماسـتىن ياتقـان يېرىـدىلا ئۆلـۈپ كەتـكەن بىراۋنـى كـۆرگىنىمىزدە، ئـاللاھ تائالانـىڭ ئۆلتۈرۈشـكە قـادىر ئىكەنلىـك سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھنىــڭ قۇرغــاقچىلىقتىن ئــۆلگەن زېمىننــى، يــامغۇر بىــلەن قايتــا ياشــارتىپ تىرىلــدۈرگىنىنى كــۆرگىنىمىزدە، ئۇنىــڭ ئۆلــۈكلەرنى تىرىلدۈرىــدىغانلىق ســۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

مۇنــدىن باشــقا، كائىنــاتتىكى ھەر بىــر مەخلۇقــات ئۈســتىدە پىكىــر يۈرگــۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن ئالىي سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿إِنَّ فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ لآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ. وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَآبَّـةٍ آيَـاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ. وَٱخْتِلاَفِ ٱللَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِّن رِّزْقٍ فَأَحْيَـا بِـهِ ٱلأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ ٱلرِّيَاحِ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ. تِلْكَ آيَاتُ ٱللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِـٱلْحَقِّ فَبِـأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ ٱللَّهِ وَآيَاتِـهِ يُؤْمِنُـونَ﴾** يەنـى «ئاسمانلاردا ۋە زېمىنـدا ئاللاھقا ئىشەنگۈچىلەر ئۈچـۈن (ئۇنـىڭ كامـالىي قـۇدرىتىنى كۆرسـىتىدىغان) ھەقىـقەتەن نۇرغـۇن دەلىلـلەر بـار. سـىلەرنىڭ يارىتىلىـشىڭلاردا ۋە ئـاللاھ زېمىنـدا تـارقىتىۋەتكەن جـانىۋارلاردا (ئاللاھنىـڭ قـۇدرىتىگە) جەزمەن ئىـشىنىدىغان قەۋم ئۈچـۈن نۇرغـۇن دەلىلـلەر بـار. كېـچە بىـلەن كۈنـدۈزنىڭ نۆۋەتلىـشىپ تۇرۇشـىدا، ئاللاھنىـڭ بۇلـۇتتىن(كـۆكتىن) يـامغۇر ياغـدۇرۇپ ئۇنـىڭ بىـلەن رىزىقلانـدۇرۇپ ئـۆلگەن زېمىننـى تىرىلدۈرىشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆنىلىشىنى

ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئى مۇھەممەد! ئۇنى ساڭا ھەقلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىپ بېرىمىز. كۇففارلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟»[1].

سوئال: ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھەممە سۈپەتلىرىنى تونۇغىلى بولامدۇ؟

جاۋاب: تەپەككۇر ئارقىلىق ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تونۇغىلى بولمايدۇ. خۇددى ئاپتوموبىل توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغىنىمىزدا، مەزكۇر ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلنى ياساپ چىقىشتىكى ماھىرلىقى، ئۇستىلىقى ۋە بۇساھەدە يېتىشكەن ئىنژېنېر ئىكەنلىكىگە ئوخشىغان بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇيالىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ بويى ئېگىزمۇ ياكى پاكارمۇ، ئۇ مەرتمۇ ياكى بېخىلمۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقى ياخشىمۇ ياكى ناچارمۇ ۋە باشقا سۈپەتلىرىنى بىلەلمىگىنىمىزگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى سەنئەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ بارچە سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلەلمەيمىز.

سوئال: ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەنمۇ بىلەلمىگەن سۈپەتلىرىنى قانداق بىلىمىز؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن، يەنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن بىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: ئاللاھ تائالانىڭ جەمئىي 99 ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا** ﴾ يەنى «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار. ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار»[2].

ئاللاھنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرى توغرىلىق پىكىر يۈرگۈزگەن ھەرقانداق ئادەم، ئاللاھنىڭ بارچە كامالەتلەرگە ئىگە، نەقەدەر كاتتا ۋە ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ.

(1) جاسىيە سۈرىسى 3 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

(2) ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت.

## ئاللاھنى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن تونۇغىلى بولىدۇ

سوئال: ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئارقىلىق قانداق تونۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنساندا بەش ھېسسىي ئەزا بولۇپ، كائىناتتىكى بەزى ماددىي شەيئىلەرنى شۇ ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىدۇ، مەسىلەن: ئىنسان كۆزى بىلەن شەيئىلەرنى كۆرۈپ بىلىدۇ، قولىقى بىلەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىلىدۇ، قولى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ بىلىدۇ، بۇرنى بىلەن ھىدىنى پۇراپ بىلىدۇ ۋە تىلى بىلەن تەمىنى تېتىپ بىلىدۇ. ئىنسان بۇ بەش ھېسسىي ئەزاسى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق ئاڭلاپ بىلىدۇ. مەسىلەن: مەككىنى كۆرمىگەن كىشىمۇ، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق مەككىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا بارلىقىغا ھېچ شەك قىلمايدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق بۇ ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن ھېچ شەك قىلمايمىز. ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى يوق دەپ ئىنكار قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. مەسىلەن: رادىئو دولقۇنلىرى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا بار، ئەمما رادىئو بولمىسا ئۇنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. توك سىمدا توكنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، پەقەت لامپۇچكىنى ئۇنىڭغا چاتقاندىلا توكنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دۇنيادا ھېسسىي ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىلگىلى ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن شەيئىلەر بار. ھازىرقى ئىلىم ـ پەن دۇنيادىكى ماددىي شەيئىلەرنىڭ پەقەت %3.5 نىلا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانلىقى ۋە قالغان %96.5 نى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھاۋادىن ھەر ئاندا نەپەس ئېلىپ تۇرىمىز. لېكىن ھاۋانىڭ ماھىيىتىنى ھېسسىي ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىلەلمەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنسان ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ زاتىنى ئىدراك قىلالمايدۇ. چۈنكى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق پەقەت بەزى ماددىي شەيئىلەرنىلا بىلگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھنىڭ زاتى ماددا ئەمەس. شۇڭا، ئىنساننىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبتىن، ئۇ، ئاللاھنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تونۇشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق تونۇيدۇ. دۇنيادا ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەر قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى شۈبھىسىز دەرىجىدە ئىسپاتلانغان، ئىشەنچلىك) ھەدىسلەرنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىدۇر. مۇشرىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھنى تەرىپلەپ بېرىشنى سورىغاندا، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ. ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُنْ لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ** ﴾ يەنى

«ئېيتقىنكى، ”ئۇ ئاللاھ بىردۇر، ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ“»[1].

سوئال: ئاللاھقا قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ئەزەلدىن بار بولغان يالغۇز ئىلاھتۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن كائىناتنى يارىتىشتا ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىشتا ھېچ بىر شېرىكى يوقتۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ كامالى سۈپەتلىرى بىلەن ھەمىشە سۈپەتلىنىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ بارلىق ئەيىب - نوقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، دەپ ئىمان ئېيتىش كېرەك.

## ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرى

سوئال: ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ كۆپلىگەن كامالى سۈپەتلىرى بار.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىجمالى ئىمان كەلتۈرۈش ئالاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ بىر پارچىسىدۇر. تۆۋەندە، بىزنىڭ تەپسىلىي بىلىپ ئىمان كەلتۈرۈشىمىزگە زۆرۈر بولغان سەككىز سۈپەتنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

1 - حَيٌّ (ھەمىشە تىرىك بولغۇچى)

2 - عَالِمٌ (ھەممىنى بىلگۈچى ئالىم)

3 - قَادِرٌ (ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان قادىر)

4 - مُرِيدٌ (ئىرادە قىلغۇچى)

5 - مُكَوِّنٌ (ئىجاد قىلغۇچى)

6 - مُتَكَلِّمٌ ( سۆزلىگۈچى)

7 - سَمِيعٌ ( ئاڭلىغۇچى )

8 - بَصِيرٌ (كۆرگۈچى)

سوئال: ئاللاھنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

---

(1) ئىخلاس سۈرىسى.

جاۋاب: ئاللاھ ئەزەلدىن تىرىك بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ تىرىكلىكى جان ۋە جىسىم بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن تىرىكتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْحَيُّ ٱلْقَيُّومُ ﴾ يەنى «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر. ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

سوئال: ئاللاھنىڭ ئالىم ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. ئاللاھنىڭ بىلىشى ئەقىل ۋە زېھىن بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن بىلگۈچىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»[2].

سوئال: ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. ئۇ، ھېچ نەرسىدىن ئاجىز كەلمەيدۇ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا غالىب كېلەلمەيدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر»[3].

سوئال: ئاللاھنىڭ ئىرادە قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسى بولۇپ، ھەممە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىسىز ھېچ نەرسە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ ﴾ يەنى «ئاللاھ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر»[4].

سوئال: ئاللاھنىڭ سۆزلىگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

---

(1) بەرقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

(3) ھەدىد سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

(4) بۇرۇج سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

جاۋاب: ئاللاھ ئەزەلدىن سۆزلىگۈچى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ئاللاھنىڭ سۆزلىشى تىل ۋە ئېغىز بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن سۆزلىگۈچىدۇر. ئاللاھ بو ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَكَلَّمَ ٱللَّهُ مُوسَىٰ تَكْلِيماً ﴾ يەنى «ئاللاھ مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى»[1].

سوئال: ئاللاھنىڭ ئىجاد قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ پەيدا قىلغۇچىسىدۇر. كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھنىڭ يارىتىشى ۋە ئىجاد قىلىشى بىلەن پەيدا بولغاندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر»[2].

سوئال: ئاللاھنىڭ ئاڭلىغۇچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ھەر قانداق ئاۋازلارنى، دۇئالارنى ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلىغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ ئاڭلىشى قۇلاق بىلەن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ئۆزىگە لايىق سۈپىتى بىلەن ئاڭلىغۇچىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱللَّهُ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تورغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[3].

سوئال: ئاللاھنىڭ كۆرگۈچى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھەتتا قاراڭغو كېچىدە قارا تاش ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱللَّهُ بَصِيرٌ بِٱلْعِبَادِ ﴾يەنى «ئاللاھ بەندىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[4].

---

(1) نىسا سۈرىسى 164 ـ ئايەت.

(2) زۇمەر سۈرىسى 62 ـ ئايەت.

(3) مائىدە سۈرىسى 76 ـ ئايەت.

(4) ئال ئىمران سۈرىسى15 ـ ئايەت.

## ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

سوئال: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

2 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى مۇتلەق پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

﴿ **ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَٱعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ** ﴾ يەنى « ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر»[1].

3 ـ ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانە ئىلاھ، بىرلا ھەقىقىي ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

﴿ **وَإِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ لَّا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلرَّحْمَٰنُ ٱلرَّحِيمُ**﴾ يەنى «سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[2].

4 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، يەنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغان ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتمەستىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئالىي ماقامىغا لايىق ھالدا ئۇنىڭغا مەنسۇب قىلىش ۋە ئۇنى شۇ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا وَذَرُواْ ٱلَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِيٓ أَسْمَآئِهِ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ**﴾ يەنى «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 102ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 163 ـ ئايەت.

ئېتىڭلار. ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[1].

سوئال: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ غايىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسلىق غايىسى ـ ئەقىل، فىترەت( يارىتىلىشتىن ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش ئېڭى) ۋە ھەقىقەتنىڭ چاقىرىقىغا ئەگەشكەن ھالدا، ئالاھقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىپ، ئىنسان بولۇپ يارالغانلىق بۇرچىنى ئۆتەش ئارقىلىق، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

سوئال: ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ـ ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىشىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلإِنسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُونِ﴾ يەنى «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[2].

## ئىبادەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

سوئال: ئىبادەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىبادەت ـ تىل، قەلب ۋە بەدەننىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاللاھقا بەندىچىلىكنى ئادا قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي للَّهِ رَبِّ ٱلْعَالَمِينَ ﴾ يەنى «ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (يەنى دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ ئۈچۈندۇر»[3].

### ئىبادەتنىڭ دائىرىسى

سوئال: ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىبادەت بىرىنچىدىن، بىر پۈتۈن ئىسلام دىنىنى ۋە ھاياتنىڭ ھەممە

---

(1) ئەئراق سۈرىسى 180 ـ ئايەت.

(2) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

(3) ئەنئام سۈرىسى 162 ـ ئايەت.

تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئىنسانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئىبادەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئىبادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرىلىق سورالغىنىدا، مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئىبادەت ـ ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەت ۋە قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. ناماز ئوقۇماق، روزا تۇتماق، زاكات بەرمەك، ھەج قىلماق، راست سۆزلىمەك، ئامانەتنى ئادا قىلماق، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلماق، تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلماق، ۋەدىگە ۋاپا قىلماق، ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلماق، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلماق، بىلىم ئالماق، خوشنىلارغا، يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلماق، دۇئا قىلماق، قۇرئان ئوقۇماق، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەت ۋە ئىخلاس قىلماق، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلماق، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئازابىدىن ھەزەر قىلماق، بالا ـ قازاغا رازى بولماق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت تۈرىگە كىرىدۇ ». خۇلاسە قىلغاندا، دىن دېمەك ئىبادەت دېمەكتۇر.

2 ـ ئىبادەتنىڭ ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

ئىبادەت ـ ئەدناسى ئادەتتىكى يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئولتۇرۇش ـ قوپۇش قائىدىلىرىدىن باشلاپ، يۇقىرىسى دۆلەت سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇللىرىغىچە بولغان بىر پۈتۈن قائىدە ـ تەرتىبلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى پائالىيەتلەر توغرا نىيەت بىلەن مۇسۇلماندىن سادىر بولغانىكەن، ئۇلار تائەت ـ ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە ھالال رىزىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەش نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. بىرلا سۈرە بەقەرەدە مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان قىساس، ۋەسىيەت، روزا، ناماز، جىھاد قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ «سىلەرگە پەرز قىلىندى» دېگەن بىرخىل ئىبارە بىلەن بايان قىلىنغانلىقىدىن شۇ ھەقىقەت ئاشكارا بولىدۇكى، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئىبادەت سۆزىدىن پەقەت ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق بەش چوڭ ئىبادەتنىلا چۈشىنىدۇ. ئۇلار ئىبادەتنىڭ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن، مۇئامىلە ئىشلىرى، قانۇن ـ پرىنسىپ ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. ئىبادەت ھەرگىز يۇقىرىقى بەش چوڭ ئىبادەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلارنىلا بەجا كەلتۈرگەن كىشى ئاللاھ بۇيرىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ. بەلكى بۇ بەش چوڭ ئىبادەت، ئىسلامنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى

ئاساسلىق ئىبادەتلەر بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار ئاللاھ بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ھەممىسى ئەمەس!

3 ـ ئىبادەتنىڭ ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەر دىننىڭ ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئاللاھقا تەپەككۇر قىلىش بىلەن، قەلبى بىلەن، قولىقى بىلەن، كۆزى بىلەن (باشقا ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن)، پۈتۈن بەدىنى بىلەن، پۇل ـ مېلى بىلەن، جېنىنى پىدا قىلىش بىلەن، يۇرتىدىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ.

## ئىبادەت قىلىش يوللىرى

1 ـ تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلىش

تەپەككۇر بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ ئاسمان ۋە زېمىندىكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى، ئىنساننىڭ ئۆز زاتىدىكى ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرەتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى تونۇش دېمەكتۇر.

قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەقىلنى ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَفِي ٱلْأَرْضِ آيَاتٌ لِّلْمُوقِنِينَ * وَفِيٓ أَنفُسِكُمْ أَفَلاَ تُبْصِرُونَ﴾ يەنى «زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟»[1].

ئىبن ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر سائەتلىك تەپەككۇر بىر كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر».

2 ـ قەلب بىلەن ئىبادەت قىلىش

قەلب بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلار بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە

(1) زارىيات سۈرىسى 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر.

رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، غەزىپىدىن قورقۇش، ئۇنىڭغا يۈزلىنىش، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ۋە تەقسىماتىغا رازى بولۇش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىش، بالا ـ قازاغا سەبىر قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەلبنىڭ ئىبادەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَـآءَ﴾ يەنى «ئۇلار ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»[1].

3 ـ تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش

تىل بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىش (ئاللاھنى مەدھىيىلەش)، زىكىر ـ تەسبىھ (ئاللاھنىڭ نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى) ئېيتىش، دۇئا قىلىش، تەكبىر (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەش) ـ تەھلىل (ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى ھەم يوق ئىكەنلىكىنى) ئېيتىش دېمەكتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ ٱذْكُرُواْ ٱللَّهَ ذِكْراً كَـثِيراً وَسَـبِّحُوهُ بُكْـرَةً وَأَصِـيلاً ﴾يەنى «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار»[2].

4 ـ بەدەن بىلەن ئىبادەت قىلىش

بەدەن بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ بەدەننىڭ ھەرىكىتى ياكى بەدەننىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: رامىزاندا روزا تۇتقاندا بەدەننىڭ لەززەتلىرى ۋە نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىدىن ۋازكېچكەنگە، ناماز ئوقۇغاندا پۈتۈن بەدەننىڭ ئىشتىراك قىلغىنىغا ۋە ھەج قىلغاندا بەدەننىڭ يول ۋە ئىسسىق ئازابىغا بەرداشلىق بەرگىنىگە ئوخشاش ئىبادەتلەردۇر. بۇ يەردىكى »بەدەن« دىن مەقسەت، ئىنساننىڭ ماددىي جىسملار بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەقلى، تىلى، قەلبى ۋە باشقا ئورگانلىرىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ۋۇجۇدى دېمەكتۇر.

5ـ پۇل ـ مال بىلەن ئىبادەت قىلىش

پۇل ـ مال بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ زاكات، سەدىقە بېرىش، ھاجەتمەنلەرگە خەير ـ

---

(1) بەييىنە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

(2) ئەھزاب سۈرىسى 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر.

ئېھسان قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ھەج ـ ئۆمرە ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپ قىلىش دېگەنلىكتۇر.

6 ـ جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش

جاننى پىدا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش، ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ھەقىقەتنى قوغداش يولىدا جاننى پىدا قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُواْ وَجَاهَدُواْ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أُوْلَـٰئِكَ هُمُ ٱلصَّادِقُونَ﴾** يەنى «شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي مۆمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»[1].

7 ـ ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش

ۋەتەندىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىش ـ جىھاد، ھەج ـ ئۆمرە ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا ۋەتەندىن ئايرىلىش دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَمَا كَانَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةً فَلَوْلاَ نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي ٱلدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوٓاْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾**يەنى «ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ) ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقۋا بەندىلىرىدىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەھسىل قىلىشقا) چىقمىدى»[2].

يەنى، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن چىقىش پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدە پەرز كىپايە بولۇپ، بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئورۇنلىشى بىلەن بۇ پەرز ئادا تاپىدۇ[3].

---

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

(2) تەۋبە سۈرىسى 122 ـ ئايەت.

(3) دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ« ئىسلامدا ئىبادەت» ناملىق كىتابىدىن.

## ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ سىرى

سوئال: ئاللاھ تائالاغا نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمىز؟

جاۋاب: بەندىلەرنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىدىن ئاللاھقا ھېچبىر پايدا يەتمەيدۇ. ئىبادەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ ئاسىيلىقلىرىدىنمۇ، ئاللاھقا ھېچبىر زىيان يەتمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن بىھاجەتتۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ شۇنداق ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى پەرۋەردىگاركى، ئۇ ئىنسانلارنى پايدىسىز ۋە ھېكمەتسىز ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە پايدىلىق بولىدىغان ئىشلارغىلا بۇيرۇيدۇ. ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسىمۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر!

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بىزنىڭ يۇقىرىقى سوئاللىمىزغا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ:

﴿**هَٰذَا مِن فَضْلِ رَبِّي لِيَبْلُوَنِيٓ أَأَشْكُرُ أَمْ أَكْفُرُ وَمَن شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِۦ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ رَبِّي غَنِيٌّ كَرِيمٌ**﴾ يەنى «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ (ماڭا قىلغان) ئېھسانى، ئۇ شۈكۈر قىلامدىم، يا تۇزكورلۇق قىلامدىم، بۇنىڭ بىلەن مېنى سىنىدى، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم (ئۇنىڭ شۈكۈر قىلىشىدىن بىھاجەتتۇر) ئاللاھنىڭ كەرەمى كەڭدۇر، دېدى»[1].

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَلَقَدْ آتَيْنَا لُقْمَانَ ٱلْحِكْمَةَ أَنِ ٱشْكُرْ لِلَّهِ وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِۦ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ**﴾ يەنى «بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەتنى ئاتا قىلدۇق (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن شۈكۈر قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇپۇرلۇق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى ئاللاھ (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر. مەدھىيىگە لايىقتۇر»[2].

سوئال: ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىش كېرەك؟

---

(1) نەمل سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

(2) لوقمان سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

جاۋاب: ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئۇلار كۆرسەتكەن بويىچە ئىبادەت قىلىش كېرەك. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُوٓاْ أَطِيعُواْ اللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَلاَ تُبْطِلُوٓاْ أَعْمَالَكُمْ﴾ يەنى «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇپرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئەمەلنى بىزنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر»[2].

## ئىبادەت قىلىش پرىنسىپى

سوئال: ئىبادەتنىڭ ئاللاھ كۆرسەتكەن سىستېمىسى قايسى؟

جاۋاب: ئىبادەتنىڭ ئاللاھ كۆرسەتكەن سىستېمىسى - ئىبادەتنى ئاللاھقا چىن ئىخلاس، مۇھەببەت ۋە ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئېھسان تەرىقىسىدە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق قىلىنغان ئىبادەتلا ئاللاھ دەرگاھىدا قوبۇل بولىدۇ.

سوئال: ئېھسان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئېھسان - ئەمەل - ئىبادەتلەرنى، خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئادا قىلىش دېمەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھسان توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «ئېھسان - خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كورمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[3].

سوئال: ئىخلاس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىخلاس - ئەمەل - ئىبادەتلەرنى رىيا (كىشىلەرگە كۆرسىتىش) ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتىدە، ئۇنى ئاللاھقا خالىس قىلىش دېمەكتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. ئاللاھ ئىخلاس ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَٱعْبُدِ ٱللَّهَ مُخْلِصاً لَّهُ ٱلدِّينِ ﴾ يەنى «دىنىڭنى شېرىكتىن (نىفاق ۋە رىيادىن) ساپ

---

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 33 - ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن»[1].

ھەرقانداق ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى پەقەت ئاللاھقا بولغان ئىخلاس ۋە مۇھەببەتكە باغلىقتۇر. چۈنكى ئىبادەت دېگەن ـ ئىنساننىڭ بەدىنىگە ياكى تاشقى قىياپىتىگە قارىتىلغان بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ قەلب يۈكسەكلىكىدىن ئۇرغۇپ چىققىدىغان رازىمەنلىك ۋە سەمىمىيەتتۇر. ئاللاھقا چىن قەلبىدىن ئىخلاس ۋە مۇھەببىتى بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ۋە ياخشى ئەمەللىرى پەقەتلا پايدىسىز پائالىيەتلەردىن ئىبارەت بىر نەرسىدۇر. بۇنداق پائالىيەتلەردىن ئاللاھ بىھاجەتتۇر، ئەلۋەتتە. خۇددى ساختا پۇلنىڭ بانكىدا ئۆتمىگىنىدەك، ئىخلاسسىز ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىمۇ ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ.

سوئال: نىيەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: نىيەت ـ دىلدىكى مەقسەت دېمەكتۇر. ئەمەللەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[2].

كىمكى ھاياتىنىڭ غايىسىنى، ـ ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئورۇنباسارلىق سۈپىتى بىلەن ـ ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتكە بېغىشلايدىكەن، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەت، ئىش ـ پائالىيەت ۋە ھەتتا سۈكۈناتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ »جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم« دېگەن مۇقەددەس سۆزىنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى بىز ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى بىر قانچە مىنۇتلار ئىچىدىلا ئادا قىلىنىدىغان كۈندىلىك ئىبادەتلەرگىلا قىسقارتىپ قويىدىغان بولساق، بۇ ئايەتتىكى يارىتىلىشنىڭ غايىسى قىلىنغان چوڭقۇر مەنىنى چۈشەنمىگەن بولىمىز.

مەرھوم ئۇستاز مۇھەممەد غازالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دېمەك ـ كەم ـ زىيادە قىلىشقا بولمايدىغان، ھەتتا بارماقلار بىلەن سانىغىلى بولىدىغان ئازغىنە ئىبادەتلەر ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىنساننىڭ ھاياتىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە سالاھىيەتلىك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. بىر زاۋۇتنى ياسىماقچى بولغان ئىنژىنېر ئۇ زاۋۇتتىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆزدە تۇتماستىن، بەلكى بۇ زاۋۇتنىڭ ھەممىشە

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 2 ـ ئايەت.
(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىشلەپچىقىرىشقا سالاھىيەتلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئايروپىلاننىڭ سالاھىيىتى - ئۇنىڭ ئۇچۇش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، قەلەمنىڭ سالاھىيىتى – يېزىش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، ئىنسانىنىڭمۇ ئەمەل - ئىبادىتىنىڭ ھەمىشە ئاللاھقا يارارلىق بولۇپ، قوبۇل بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ نىيىتى ھەرئىشتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئۆزلىكىدىن ئىبادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. پۇل چىقىرىدىغان زاۋۇتمۇ ئۇنىڭغا كىرگەن قىممەتسىز خام ئەشيالارنى قىممەتلىك پۇل قىلىپ چىقارغىنىدەك، ئىنساننىڭ نىيىتى سالاھىيەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىنىكى پۈتۈن ئىشلىرى كاتتا ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ»[1].

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتى ئاللاھتىن قەتئىي ئايرىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئادا قىلىش، غايىسى ئاللاھنى رازى قىلىش، ئۇنىڭ دەلىلى قۇرئان بىلەن ھەدىستۇر.

## ئېتىقاد قەلبنىڭ، ئەمەل بەدەننىڭ ئىشى

سوئال: كىشىلەرنىڭ «دىن قەلبىمىزدە» دېگەن دەۋا بىلەن ئەمەل قىلماسلىقى توغرىمۇ؟

جاۋاب: بۇ سۆز بەزى كىشىلەرنىڭ، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەل - ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئېيتىپ كەلگەن بىمەنە سۆزدۇر. مەلۇمكى، دىن - ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقىدە مەسىلىلىرى قەلبتە بولىسمۇ، ئەمەل - ئىبادەتلەر، مۇئامىلاتلار ۋە باشقا ئەمەللەر قەلب بىلەن بەدەننىڭ بىردەك ئىشتىراك قىلىشى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، دىن - ئەقىدە بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى - بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك - دىن دېمەك - ئەمەل - ئىبادەت دېمەكتۇر.

«دىن قەلبىمىزدە» دېگۈچىلەرنىڭ بۇ دەۋاسى راست بولىدىغان بولسا، قەلبتىكى دىننىڭ ئالامەتلىرى ئۇلارنىڭ تاشقى پائالىيەتلىرىدە كۆرۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئەكس ئەتكەن بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ، تۈزۈلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئۇ،

---

(1) ئۇلۇغ ئۇستاز مۇھەممەد غازالىينىڭ «بۇ بىزنىڭ دىنىمىز» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

بۇزۇلىدىكەن، بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇ بولسىمۇ، قەلبتۇر»[1].

بۇھەدىسنىڭ مەنىسىگە كۆرە، قەلبى تۈزۈك بولغان كىشىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمۇ تۈزۈك، قەلبى بۇزۇق كىشىنىڭ ئىشلىرىمۇ بۇزۇق بولىدۇ. بىراۋنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى ۋە قىلىقلىرىدىكى ئىپسىللىك ياكى ناچارلىق ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئىپسىللىكى ياكى ناچارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سوئال: ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت قايسى؟

جاۋاب: ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ كاتتا ئىبادەت تەۋھىد بولۇپ، تەۋھىد پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرىدۇر. «تەۋھىد» سىز قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل بولمايدۇ. تەۋھىدنىڭ ئەكسى شېرىكتۇر.

## تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سوئال: تەۋھىد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ـ ئاللاھنى بىر بىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغىلا خالىس قىلىش دېمەكتۇر.

سوئال: تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: تەۋھىد ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ تەۋھىد رۇبۇبىيە.

2 ـ تەۋھىد ئۇبۇدىيە (ئۇلۇھىيە).

3 ـ تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات.

سوئال: تەۋھىد رۇبۇبىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد رۇبۇبىيە ـ ھەممىنى ياراتقۇچى بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئېتىراپ قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **ٱللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ** ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ۋە ئۇ، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)»[2].

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) زۇمەر سۈرىسى 62 ـ ئايەت.

سوئال: تەۋھىد ئۇلۇھىيە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ئۇلۇھىيە ـ ئەمەل، ئىبادەتلەرنى بىر ئاللاھقىلا خالىس قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغان سۆزىدە، ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعْبُدْنِي﴾ يەنى «مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھدۇرمەن. مەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. يالغۇز ماڭا ئىبادەت قىلغىن»[1].

سوئال: تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات ـ ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىي ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان گۈزەل ئىسىملىرى ۋەئېسىل سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى باشقىلارنىڭ ئىسىملىرىغا ۋە سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماسلىق، شۇنداقلا ئاللاھنى ھېچ بىر شەيئىگە ئوخشاتماسلىق دېمەكتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ ﴾ يەنى «ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر»[2].

سوئال: تەۋھىدنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىدنىڭ پايدىسى ـ بۇ دۇنيادا توغرا يول تېپىش، ئاخىرەتتە ئازابتىن قۇتۇلۇش ۋە جەننەتكە كىرىش بىلەن ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱلَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُوٓاْ إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ أُوْلَـٰئِكَ لَهُمُ ٱلأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ ﴾ يەنى «ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇبتۇر. ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»[3].

سوئال: تەۋھىدنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: تەۋھىد ـ ئىمان ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرى، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ ئورتاق چاقىرىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلىدۇر. ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن تەۋھىدكە

---

(1) تاھا سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
(2) شۇرا سۈرىسى 11 ـ ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

چاقىرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى 13 يىللىق دەۋىتىمۇ پەقەت كىشىلەرنى تەۋھىدكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بولغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَمَآ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلاَّ نُوحِيٓ إِلَيْهِ أَنَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلاَّ أَنَا۠ فَٱعْبُدُونِ** ﴾ يەنى «ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە »مەندىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، دەپ ۋەھيى قىلدۇق»[1].

تەۋھىدسىز ئېيتىلغان ئىمان ۋە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ!

## شېرىك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سوئال: ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟

جاۋاب: ئەڭ چوڭ گۇناھ ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

سوئال: شېرىك دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شېرىك ـ ئېتىقاد، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ۋە دۇئالاردا ئاللاھقا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇش دېگەنلىكتۇر. شېرىك تەۋھىدنىڭ ئەكسىدۇر.

سوئال: شېرىكنىڭ تۈرلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: شېرىك ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى شېركۇلئەكبەر (چوڭ شېرىك) يەنە بىرى شېركۇلئەسغەر (كىچىك شېرىك) لەردىن ئىبارەتتۇر.

## شىركۇلئەكبەر ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

سوئال: شىركۇلئەكبەرنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: شىركۇلئەكبەرنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

جاۋاب: شېرىك ـ ئېتىقاد، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ۋە دۇئالاردا ئاللاھقا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇش دېگەنلىكتۇر. شېرىك تەۋھىدنىڭ ئەكسىدۇر.

سوئال: شېرىكنىڭ تۈرلىرى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: شېرىك ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى شېركۇلئەكبەر (چوڭ شېرىك) يەنە بىرى شېركۇلئەسغەر (كىچىك شېرىك) لەردىن ئىبارەتتۇر.

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

سوئال: شىركۇلئەكبەرنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: شىركۇلئەكبەرنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ كائىناتنى ئىدارە قىلىشتا ئاللاھتىن باشقا بەزى باشقۇرغۇچىلار بار، دەپ ئېتىقاد قىلىش. مەسىلەن: ئەۋلىيالار، قۇتۇبلار، پىرلەر ۋە مازايى ـ ماشايىخلار كائىناتتىكى بەزى ئىشلارنى تەسەررۇپ قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇ خىل شېرىك ئاللاھنىڭ تەسەررۇپاتىغا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر.

2 ـ ئاللاھقا ۋە ئاللاھقا خاس سۈپەتلەرگە باشقىلارنى ئوخشىتىش. مەسىلەن: ئەۋلىيا، قۇتۇبلار، پالچىلار ۋە داخانلارنى غەيبنى بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش. بۇخىل شېرىك ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى غەيبلەرنى بىلىش ئاللاھقا خاس سۈپەت. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَعِندَهُ مَفَاتِحُ ٱلْغَيْبِ لاَ يَعْلَمُهَآ إِلاَّ هُوَ وَيَعْلَمُ مَا فِي ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ وَمَا تَسْقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلاَّ يَعْلَمُهَا وَلاَ حَبَّةٍ فِي ظُلُمَاتِ ٱلأَرْضِ وَلاَ رَطْبٍ وَلاَ يَابِسٍ إِلاَّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ﴾ يەنى «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، دەرەختىن تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھال ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى، داخان، پالچى، رامچى ۋە كاھىنلارنىڭ غەيبتىن سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ، ماڭا كەلگەن دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ»[2].

3 ـ ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەش ۋە ئۇلاردىن كېسەللەرگە شىپالىق سوراش، پەرزەنت تىلەش ۋە بەرىكەت تىلەش، شۇنداقلا مەيلى تىرىك بولسۇن، مەيلى ئۆلۈك بولسۇن، ئاللاھتىن باشقا بىراۋنى تەبىئىي سەۋەبلەر ۋەتەبىئىي چارىلارنىڭ سىرتىدا كىشىلەرگە غەيبتىن ياردەم قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش. بۇخىل شېرىك ئىبادەتتە ۋە ياردەم سوراشتا ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغانلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر

(1) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: »دۇئا ـ ئىبادەتتۇر« دەپ كۆرسەتكەن[1]. بۇنداق قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، مۇسۇلمانلىقنىڭ «ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز» دېگەن ئاساسىي پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كەرىمدە، ئۆلۈكلەردىن نەرسە سوراشنىڭ ئاللاھقا ئۇلارنى شېرىك كەلتۈرگەنلىك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ: ﴿ **إِن تَدْعُوهُمْ لاَ يَسْمَعُواْ دُعَاءكُمْ وَلَوْ سَمِعُواْ مَا ٱسْتَجَابُواْ لَكُمْ وَيَوْمَ ٱلْقِيَامَةِ يَكْفُرُونَ بِشِرْكِكُمْ** ﴾ يەنى «ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ. ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى (ئاللاھقا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ»[2].

ئەسكەرتىش: ئاۋام خەلقنىڭ ئىغىزىدا كۆپ تارقالغان »ياپىرىم!« ياكى »مەدەت يا پىرىم!« دېگەن سۆزلەر شېرىك ۋە كۇپرى سۆزلەردۇر. كىشىلەر دەۋاتقان بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، بىلمەي ئېغىزلىرىدىن چىقىرىدۇ. «مەدەت» سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «ياردەم سورايمەن» دېگەنلىكتۇر ، «يا پىرىم» دېگەن سۆزدىكى »يا« ئەرەب تىلىدا «مەدەت ۋە ياردەم سورايمەن» دېگەن جۈملىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بىراۋدىن مەدەت سورىۋاتقانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇنداق كۇپرى سۆزنى ئېيتىشتىن ساقلىنىش زۆرۈردۇر. بۇنىڭ ئورنىغا «مەدەت يا ئاللاھ» دېيىش تولىمۇ توغرا مۇناجات ۋە ئېسىل دۇئادۇر.

4 ـ ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش، يەنى ئەۋلىيالارنىڭ، پىرلەرنىڭ ۋە مازايى ـ ماشايىخلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىمىز، دېگەن گۇمان بىلەن، ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش، ھەتتا مازارلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە ئاتاپ مال كېسىش قەتئىي ھارامدۇر. قۇربانلىق ـ ئىبادەت بولغانلىق سۈپىتى بىلەن، ئۇ پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنْحَرْ** ﴾ يەنى «پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئۇقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن»[3].

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

(2) فاتىر سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

(3) كەۋسەر سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن!» [1].

5 ـ سېھرگەرلىك قىلىش. سېھرگەرلىك ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، سېھرگەرلىك قىلغۇچىلار شەكسىز كاپىرلاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَـٰكِنَّ ٱلشَّيَاطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ ٱلسِّحْرَ﴾ يەنى «سۇلايمان (سېھرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگەنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «يەتتە ھالاكەتتىن قېچىڭلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش...» [3].

6ـ ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىش. چۈنكى قەسەم ـ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئۇنىڭ جازالىشىدىن قورقىلىدىغان بىر زاتنىڭ نامىنى ئاتاش ئارقىلىق، بىرەر ئىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ مەنىسى: «ئەگەر مەن يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسام، نامى ئاتالغان بۇ زات مېنى ئۇرسۇن» دېگەنلىكتۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغلۇقنىڭ يېگانە ئىگىسى، قىلمىشلارغا يېتەرلىك جازا بەرگۈچى ۋە ئازابىدىن قورقۇلغۇچى زات ـ ئاللاھتۇر. ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغۇچى، ئاللاھقىلا خاس بولغان ئۇلۇغلۇق ۋە قىلمىشلارغا جازا بېرىشتەك ئالىي سۈپەتلەرگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغان بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەن[4].

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ مۇشرىك ۋە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ»[5].

ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەم شېرىك ۋە كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىن سانالسىمۇ، ئۇ قەسەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قەسەم ئاللاھنىڭ مۇبارەك

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) بەقەرە سۈرىسى102 ـ ئايەت.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(5) تىرمىزى رىۋايىتى.

ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا قىلىنىدۇ. قەسەمنىڭ ئىبارىلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: والله (ۋەللاھى) تالله (تەللاھى) ۋە باالله (بىللاھى) دىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشلەرنىڭ «مېنى نان ئۇرسۇن»، «ئۇنداق بولۇپ كېتەي، مۇنداق بولۇپ كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرى قەسەمگە ياتمايدۇ.

ئەمما كىشى قەسەم قىلدىم دەپ: «مەن كاپىر بولۇپ كېتەي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان ۋە قەسىمدە يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىسلام مىللىتىنىڭ غەيرى بىلەن يالغان ئىشقا قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ، ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ»[1].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: قەسەم قىلغۇچى قەسىمدە، ئەگەر ئىش شۇنداق بولمىغان بولسا، مەن ”كاپىر بولۇپ كېتەي“ ياكى ”يەھۇدىي بولۇپ كېتەي“ ياكى ”خرىستىئان بولۇپ كېتەي“ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان ۋە شۇ قەسىمدە يالغانغا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ. يەنى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: »كىمكى قەسىمدە، "مەن ئىسلامدىن چىقىپ كېتەي" دەيدېكەن، ئەگەر ئۇ يالغان ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئۆزى دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر راست ئىشقا شۇنداق دەپ قەسەم قىلغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلىقىغا سالامەت قايتالمايدۇ»[2].

7 ـ ئەۋلىيالار، پىرلەر ۋە مازايى ـ ماشايىخلارغا ئاللاھقا ئەقىدە قىلغاندەك ئەقىدە قىلىش، ئۇلارنى ئاللاھنى سۆيگەندەك سۆيۈش، ئۇلاردىن ئاللاھتىن قورققاندەك قورقۇش ۋە ئۇلارغا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندەك چوقۇنۇش.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَندَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ آمَنُوٓاْ أَشَدُّ حُبًّا لِّلَّهِ**﴾ يەنى «بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنى مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە بويسۇنىدۇ)

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

مۆمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتىدۇ»[1].

بۇ ئايەتتە، ئاللاھتىن غەيرىلەرنى، ئاللاھنى دوست تۇتقاندەك دوست تۇتۇپ، ئەقىدە قىلىشنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ جۈملىسىدىن سانىغان. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئاللاھتىن باشقىسىدىن خۇددى ئاللاھتىن قورققاندەك قورقۇش ۋە ئۇلارغا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندەك چوقۇنۇشمۇ شېرىكنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

8 ـ ئۆلۈكلەرنى ـ مەيلى ئۇلار پەيغەمبەر بولۇپ كەتسۇن، مەيلى ئەۋلىيا بولۇپ كەتسۇن ـ كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **أَمَّن يُجِيبُ ٱلْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ ٱلسُّوٓءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَآءَ ٱلْأَرْضِ أَءِلَٰهٌ مَّعَ ٱللَّهِ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ** ﴾ يەنى «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىنىنىڭ ئورۇنباسارى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنە ۋەز - نەسىھەت ئالىسىلەر»[2].

﴿ **وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَ وَإِن يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ** ﴾ يەنى «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇچاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[3].

سوئال: شىركۇلئەكبەرنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: شىركۇلئەكبەرنى سادىر قىلغان ئادەم ئىماندىن چىقىدۇ، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان پۈتۈن ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، پەقەت شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ شېرىكتىن قەتئىي قول ئۈزۈپ، قايتا ئىمان ئېيتىشى ۋە گۇناھلىرىغا ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋبە قىلىشى ئارقىلىق ئاللاھ خالىسا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

(1) بەقەرە سۈرىسى 165 ـ ئايەت.
(2) نەمل سۈرىسى 62 ـ ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى17ـ ئايەت.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ ٱللَّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيداً ﴾ يەنى «ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىسىنى (ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ»[1] .

### شىركۇلئەسغەر ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى

سوئال: شىركۇلئەسغەرنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: شىركۇلئەسغەرنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئۆلۈكلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە مازارلارنى تاۋاپ قىلىش. چۈنكى تاۋاپ قىلىش پەقەت بەيتۇللاھتىكى «كەبە» گىلا خاستۇر. بەيتۇللاھتىن باشقا جاينى تاۋاپ قىلغان كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى تاۋاپ ـ ئىبادەتتۇر. ئىبادەتنى ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قىلىشنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلْيَطَّوَّفُواْ بِٱلْبَيْتِ ٱلْعَتِيقِ ﴾ يەنى «(ھاجىلار) قەدىمى بەيت (يەنى بەيتۇللاھنى) تاۋاپ قىلسۇن»[2] .

ئەمما قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈمنى ئەسكە ئېلىش ۋە مازاردا ياتقان يېقىنلارغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن مازارلارغا بېرىش ساۋابلىق ئىشتۇر.

2 ـ رىيا، يەنى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلماستىن، باشقىلارغا كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن قىلىش. چۈنكى بەندىلەرنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى كۈزىتىش، ئۇلارغا ساۋاب بېرىش پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش بولسا، ئاللاھنىڭ ئەمەللەرگە ساۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى كۈزىتىش سۈپىتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشقانلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغىنىم، ئاللاھقا ئەڭ كىچىك شىكنىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشىڭلاردۇر، ئۇ بولسىمۇ، رىيادۇر»[3] .

(1) نىسا سۈرىسى 116 ـ ئايەت.

(2) ھەج سۈرىسى 29 ئايەت.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَآءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلاً صَالِحاً وَلاَ يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ يەنى «كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (يەنى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن) ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»[1] .

3 ـ ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا باشقىلارغا بويسۇنۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا بەندىگە بويسۇنۇشقا بولمايدۇ»[2] . چۈنكى ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش پەقەت ئاللاھقىلا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا ـ پەرزلەرنى تەرك ئېتىش، شەرىئەتتە مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىش ۋە ھارامنى ھالال ئورنىدا قوللىنىش قاتارلىق ئىشلاردا ـ باشقىلارغا بويسۇنغان كىشى (يەنى بىراۋدىن قورقۇپ ياكى ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسى قىلىپ شونداق قىلغان كىشى)ئاللاھقا ئىتائەتتە شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، باشقىلارغا بويسۇنغۇچىلار ئۇلارنى بويسۇنغان كىشىلىرىنى ئاللاھقا ئوخشاش، بەلكى ئاللاھتىن يۇقىرى كۆرگەن بولىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## تۇمار ئېسىش ۋە دەم سېلىش مەسىلىسى

سوئال: تۇمار ئېسىش ۋە دەم سېلىش شىركمۇ؟

ج : تۇمار ئېسىش ۋە دەم سېلىشنىڭ شىرك دائىرىسىگە كىرىدىغانلىرىمۇ ۋە جائىز بولىدىغانلىرىمۇ بار. بۇنىڭغا بىنائەن، تۇمار ئېسىش ۋە دەم سېلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى شىرك دائىرىسىگە كىرىدىغىنى، يەنە بىرى، جائىز بولۇپ، رۇخسەت قىلىنغىنى.

دەم سېلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ كېسەللەرگە، ھەتتا ساقلارغىمۇ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ياكى ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئوقۇش بىلەن بولىدىغان دەم سېلىش بولۇپ، بۇ جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئوقۇپ دەم سالغانلىقى ۋە باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر بۇ خىلدىكى دەم سېلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «بىزجاھىلىيەت( ئىسلامدىن ئىلگىرىكى دەۋر)تە دەم

---

(1) كەھف سۈرىسى 110 ـ ئايەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

سالاتتۇق. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن "يارەسۇلەللاھ! دەم سېلىشقا نېمە دەيسىز؟ ـ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ـ ئاۋۋال قانداق دەم سالىدىغانلىقىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، دەم سېلىش ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك دائىرىسىگە كىرىدىغان نەرسىلەردىن خالىي بولسىلا جائىز بولغان بولىدۇ ـ دېدى»[1] .

فەتھۇلمەجىد ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئىسلام ئالىملىرى ئۈچ شەرت بىلەن دەم سېلىشنى جائىز كۆردى: بىرىنچىسى، دەم سېلىشتا پەقەت قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىلا ئوقۇلىشى، ئىككىنچىسى، سېلىنغان دەمنىڭ ئەرەب تىلىدا بولۇپ، مەنىسى چۈشىنىشلىك بولۇشى، ئۈچىنچىسى، دەم ئۆزلىكىدىن تەسىر قىلماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە ئىرادىسى بىلەنلا تەسىر قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت»[2] .

دەم سېلىشنىڭ ئۇسۇلى ـ قۇرئان ئايەتلىرىدىن ياكى ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن خالىغانلىرىنى ئوقۇپ، ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا سۈفلەش ياكى سۇغا ئوقۇپ ئىچكۈزۈش ياكى ئىچىشتۇر.

2ــ دەم سېلىشنىڭ شېرىك دائىرىسىگە كىرىدىغان تۈرى بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ ياكى جىنلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاش ياكى مەنىسى چۈشىنىكسىز تىلسىملارنى ئوقۇش بىلەن سېلىنىدىغان دەم. بۇنداق قىلىشتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلغان. چۈنكى ئۇ شېرىك ئەمەلىدۇر.

تۇمارمۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن يېزىلغان تۇمار بولۇپ، ئۇنىڭ جائىزلىقى ياكى جائىز ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئىسلام ئالىملىرى ئىختىلاپلاشقان:

1 ـ بۇ تۈردىكى تۇمارنى جائىز دېگۈچىلەر، مەشھۇر ساھابىلاردىن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزلىرى ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ پەتىۋاسىغا يۆلەنگەن ۋە تۇمارنى ئۆزلىكىدىن تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە ئىرادىسى بىلەنلا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشنى شەرت قىلغان. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ﴿ **أَعُوذُ**

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) فەتھۇلمەجىد 135ـ بەت.

بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ ﴾ يەنى « ئاللاھقا سىغىنىپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، ئۇنىڭ جازاسىدىن، مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، شەيتانلارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىدىن ۋە ۋەسۋەسە قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى بالاغەتكە يەتكەن بالىلىرىغا ئۆگىتىپ ئوقۇتىدىغانلىقى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەنلىرى ئۈچۈن، ئۇنى قەغەزگە يېزىپ ئۇلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ»[1] .

بۇھەدىستىن، چوڭلارغا ئايەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئوقۇتۇش، نارىسىدىلەرگە بولسا، ـ ئۇلار ئۆزلىرى ئوقۇيالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ـ قۇرئان ئايەتلىرىدىن ياكى ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن يېزىپ، تۇمار قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇشنىڭ جائىزلىقى ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ تۇمار ئېسىشىنىڭ ھاراملىقىدا ئىسلام ئالىملىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

2 ـ تۇمار ئېسىشنى جائىز ئەمەس دېگۈچىلەر بولۇپ، بۇلار ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئاببباس ۋە ھۇزەيفە قاتارلىق مەشھۇر ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىگە يۆلەنگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ”دەم سېلىش، تۇمار ئېسىش ۋە ئەر ـ خوتۇنلارنى بىر ـ بىرىگە ئامراق قىلىش نىيىتى بىلەن يېزىلغان تىلسىملارنىڭ بەزىسى شىركتۇر“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم»[2] .

تۇمار ئېسىشنى جائىز ئەمەس دېگۈچىلەرنىڭ بەزى دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇمار ئېسىش، دەم سېلىش ۋە تىلسىم يېزىشنىڭ بەزىسىنى شىركتىن سانىغان. شىرك ئىنتايىن خەتەرلىك گۇناھ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى تەرك ئېتىش زۆرۈر.

(2) خۇراپاتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇھىمدۇر. بۇ ئىشلار بارا ـ بارا شىرك ئىشلارغا يول ئاچىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇمار ئېسىش ۋە يېزىش ھارامدۇر.

(3) تۇمار ئاسقانلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇماردىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىيالمىغانلىقتىن گۇناھكار بولىدۇ.

2 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ، پىرلەرنىڭ، جىنلارنىڭ ۋە باشقا

(1) تىرمىزى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ھەرقانداق مەخلۇقنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تۇمارلار بولۇپ، بۇ خىلدىكى تۇمارلارنى ئېسىش ۋە يېزىشنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغانلىقىغا ئىسلام ئالىملىرى ھەممە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:«كىمكى تۇمار ئاسىدىكەن ئۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[1] .

ۋە «كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، ئۇ ئېسىۋالغان شۇ تۇمارى بىلەن تەرك ئېتىلىدۇ»[2] . دېگەن ھەدىسلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى ئاساس قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، قانداق تۈردىكى تۇمار بولمىسۇن، ئۇنى ئېسىشنى جائىز ئەمەس دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى كۈچلۈكتۇر.

سوئال: تۇمار ئاسماستىنمۇ بالايى ـ قازالاردىن ساقلىنىش چارىلىرى بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە بار. تۇمار ئېسىشقا ھاجەت بولماستىنمۇ، بالا ـ قازالاردىن ۋە يامان كۆز، يامان تىللارنىڭ، ھەسەتخورلارنىڭ شەررىدىن ساقلىنىشنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ياخشى چارىلىرى بار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ: "يارەسۇلەللاھ! مېنى كېچە ئىلان چېقىۋالدى" دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ئەگەر سەن ئاخشام ياتىدىغان ۋاقتىڭدا:

﴿ **أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ** ﴾ يەنى« (ئاللاھقا سېغىنىپ مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن) دېگەن بولساڭ ئىدىڭ ساڭا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتمىگەن بولاتتى "دېدى»[3] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە، ساھابىلىرىغا تەلىم بېرىپ: «سىلەر ئاخشاملىرى يېتىشتىن بۇرۇن:

﴿**أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ**﴾ يەنى(ئاللاھقا سېغىنىپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، ئۇنىڭ جازاسىدىن ۋە مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، شەيتانلارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىدىن ۋە ۋەسۋەسە قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن) دەڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، بالا ـ قازالاردىن ساقلىنىسىلەر» دەپ

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كۆرسەتكەن[1] .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئاخشىمى ياتاق جايىغا بارغىنىدا، ئىككى ئالقىنىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاچقىنىچە، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئالقانلىرىغا سۈفلەپ بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن ھەممىلا يېرىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن سىلاپ چىقاتتى، سىلاشنى ئاۋۋال بېشى بىلەن يۈزىدىن باشلايتتى ۋە ھەر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن سىلايتتى»[2] .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بەدىنىدە بىرەر راھەتسىزلىك ھېس قىلغىنىدا، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن ھەممىلا يېرىنى سىلاپ چىقىش بىلەن دەم سالاتتى. ئاغرىقى قاتتىق بولغان چاغلاردا، مەزكۇر سۈرىلەرنى مەن ئوقۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن (يەنى قولىنى تۇتقان ھالدا، ئۆز قولى بىلەن) بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى سىلاپ چىقاتتىم»[3] .

سوئال: شىركۇلئەسغەرنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: شىركۇلئەسغەر ـ گۇناھى كەبىرىلەر (چوڭ گۇناھلار)دىن بولۇپ، ئۇنى سادىر قىلغۇچى ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ شىركتىن يىراق بولۇش بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتلەردىن قۇتقۇزالايدۇ. شىركۇلئەسغەرنى سادىر قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ باشقا ياخشى ئەمەللىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ھەر ھالەتتە شىركتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش زۆرۈردۇر.

سوئال: شىركنىڭ زىيانلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: شىكنىڭ زىيانلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇلاردىن:

1 ـ شىركنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى شۇكى، ئۇ ـ شىرك كەلتۈرگۈچىنىڭ جەننەتتىن مەھرۇم بولۇشىغا، دوزاختا مەڭگۈ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ نَّهُ مَن يُشْرِكْ بِٱللَّه فَقَدْ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيه ٱلْجَنَّةَ وَمَـأْوَاهُ ٱلنَّـارُ﴾ يەنى «كىمكى، ئاللاھقا شىرك كەلتۈردىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. ئۇنىڭ جايى دوۋزاخ

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇخارى رىۋايىتى.

بولىدۇ»[1] .

2 ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ پۈتۈن ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **وَلَوْ أَشْرَكُواْ لَحَبِطَ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَعْمَلُونَ** ﴾ يەنى «ئەگەر ئۇلار شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى»[2] .

3 ـ شېرىك ـ ئاللاھقا مەخلۇقاتلارنى ئوخشاتقانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر، ئۇنى ئاللاھ تائالا «ئەڭ چوڭ زۇلۇم» دەپ ئاتىغا: ﴿**إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ**﴾ يەنى «شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر»[3] .

زۇلۇم ـ بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىدىن باشقا ئورۇنغا قوللىنىش دېگەنلىكتۇر. ئىبادەتلەردە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم، ئاللاھقىلا خاس بولغان ئىبادەتنى باشقىسىغا مەنسۇپ قىلىش ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ ھەققىگە خىيانەت ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

4 ـ شېرىك ـ ئەڭ زور گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا:”مەن سىلەرگە ئەڭ زور گۇناھلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟“ دېگەنىدە، ساھابىلار ”ئەلۋەتتە ئېيتىپ بەرسىلە يارەسۇلۇللاھ “ دەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”ئەڭ زور گۇناھلار ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش“دەپ جاۋاب بېرىدۇ»[4] .

## قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ساۋابى

سوئال: قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: قايسى بىر ۋاقىتتا بولمىسۇن، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ساۋابلىق ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى بۇرۇن قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقانىدىم. قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار»[5].

(1) مائىدە سۈرىسى 72 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 88 ـ ئايەت.
(3) لوقمان سۈرىسى 13ـ ئايەت.
(4) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(5) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يەنە ئــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: «قەبرىلەرنـــى زىيـــارەت قىلىـــش ســـىلەرگە ئـــاخىرەتنى يادلاندۇرىدۇ»[1] .

سوئال: قەبرىلەرنى قانداق زىيارەت قىلىش كېرەك؟

جـاۋاب: قەبرىلەرنـى ـ پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالامنىڭ كۆرسەتمـىسى بـويىچە، ئۆلـۈكلەرگە ئـالالاھتىن مەغپىـرەت تـىلەش بـىلەن زىيـارەت قىلىـش كېـرەك. ئۆلـۈكلەردىن بىـر نەرسـە سوراشـقا بولمايــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام ســاھابىلارغا قەبرىلەرنـــى زىيـــارەت قىلىــش توغرىلىـق مۇنـداق تەلىـم بەرگەن: «بـۇ دىيـاردا ياتىۋاتقـان مـۆمىن، مۇسـۇلمانلار! سـىلەرگە ئالالاھنـىڭ سـالامى بولسۇن، بىزلەرمـۇ خـۇدا خالىغـان ۋاقىتتـا سـىلەرگە يېتىـشىمىز. بـىزگە ۋە سىلەرگە ئالالاھتىن ئامانلىق تىلەيمەن»[2] .

**بىدئەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى**

سوئال: بىدئەت دېگەن نېمە؟

جــاۋاب: بىــدئەت ــ لـۇغەت ئېتىبــارى بىــلەن، يېڭىلىقلارنــى ئىجــاد، ئىختىــرا ۋە پەيــدا قىلىش دېمەكتۇر.

يېڭىلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچـىسى، زامـانىمىزدىكى پەن ـ تېخنىكـا يېڭىلىقلىرىغـا ئوخـشاش، دۇنيـا ئىـشلىرىغا مۇناســىۋەتلىك يــېڭىلىقلار بولــۇپ، ئــۇلارنى ئىجــاد ۋە ئىختىــرا قىلىــش ئىــسلام دىنىـــدا تەشەببۇس قىلىنغان ياخشى ئىشلاردىندۇر.

ئىككىنچـىسى، دىنـدا يېڭىلىـق پەيـدا قىلىـش بولـۇپ، ئـۇ قەتئىـي چەكلىنىـدۇ ۋە ئۇنىڭغـا ھەرگىز يـول قويۇلمايـدۇ. چـۈنكى، دىـن ئـۆز ۋاقتىـدىلا تاكامۇللىـشىپ بولغـانلىقى ئۈچـۈن، ئـۇ ھېچقانــداق يېڭىلىــق يــاكى ئۆزگەرتىــشنى قوبــۇل قىلمايــدىغان بىــر كامــالەتتۇر. چــۈنكى كامالىغـا يەتـكەن نەرسـە زىيـادىنى قوبـۇل قىلمايـدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالام كىـشىلەرنى بىدئەت پەيـدا قىلىـشتىن مەنئـى قىلىـپ: «كىمكـى بىزنـىڭ بـۇ دىنىمىزغـا، ئۇنىڭـدا بولمىغـان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىۋالىدىكەن، ئۇ قەتئىي رەت قىلىنىدۇ!» دەپ كۆرسەتكەن[3] .

سوئال: دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر قايسىلار؟

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇخارى رىۋايىتى.

جاۋاب: دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى تۈردىكىسى، سۆز ۋە ئېتىقادتىكى بىدئەتلەر بولۇپ، ئىسلامدىكى ئازغۇن مەزھەبلەردىن: جەھەمىيە، رافىزە، خاۋارىج ۋە بەزى شىئەلەرنىڭ ئېتىقاد سىستېمىلىرىدىكى بىدئەتلەردۇر.

ئىككىنچى تۈردىكىسى، ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن ئەمەل — ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىدئەتلەر بولۇپ، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئاللاھ كۆرسەتكەن يوسۇندا ئادا قىلماسلىق ياكى يېڭى ئىبادەت سىستېمىلىرىنى بەلگىلىۋېلىش قاتارلىقلاردۇر.

## ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشىنىڭ ھېكمىتى

سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىيلىك بىلەن مەنئى قىلىشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بەلگىلىمىگەن قائىدە ـ قانۇنلارنى كىشىلەرنىڭ بۇ دىنغا بەلگىلىۋېلىشىنى ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش نىيىتى بىلەن بولسىمۇ دىندا بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى ئىبادەت دەپ ئاتاپ بۇ دىنغا كىرگۈزۈۋېلىشىنى قەتئىيلىك بىلەن، كەسكىن مەنئى قىلىشتا ناھايىتى ھېكمەتلىك ئىدى. ھەتتا ناھايىتى ئوچۇق ۋە كەسكىن ھالدا«**كل بدعة ضلالة**»يەنى «بىدئەتنىڭ ھەرقاندىقى زالالەتتۇر» دەپ ئېلان قىلدى. دىنلار تارىخىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋىرى بولغان ھەرقانداق ئادەم، ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىي تۈردە مەنئى قىلغانلىقىدىكى ھېكمەتلەرنى ئوچۇق ۋە ئاشكارا كۆرەلەيدۇ.

تارىختىن بىرى پۈتۈن دىنلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا ۋە ئاخىرى بېرىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا بىردىنبىر سەۋەب بولۇپ كەلگەن نەرسە ـ بىدئەتتۇر.

1 ـ بىدئەت ـ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىندارلارنى ئۆز غايىلىرىدىن ئاداشتۇرۇش ۋە دىندىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان قورالى بولۇپ كەلدى. دىن دۈشمەنلىرى دىندارلار سېپىگە كىرىۋېلىپ، دىندارلاردىن بەزى نادانلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈنۈشتە ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ئەمما غايىسى ئۇلارنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چىقىرىشتىن ئىبارەت مېكىرلىرىگە قايىل قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىنىنى، بەخت ـ سائادىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىنى بولسا خاراپ قىلدى. ئۇلارنىڭ دىنى تۇرمۇشىدا ئۆز شەرىئەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشلىرىغا قەتئىي پۇرسەت بەرمەستىن، ھەدەپ تۈرلۈك خۇراپاتلارنى ئىبادەت نامى بىلەن دىنغا ئېلىپ كىرىشكە باشلىدى. بارلىق خۇراپات ۋە پاساتچىلىقلارنىڭ ئىشكىنى شۇ بىدئەت ئېچىۋەتتى. كېيىنچە ئۇلار بىدئەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە، مەزكۇر دىنلار تۈپ ئاساسىدىن

بۇزۇلدى.

2 ـ بىدئەت يولى بىلەن، ساماۋىي دىنلارغا شىك، بۇددىستلىق ئەقىدىلىرى ھەدەپ كىرىپ كەلدى، نەتىجىدە دىندارلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق دىنلىرىدىن ئېزىپ، ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرۈش يوللىرىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلارغا چوقۇنۇش بىلەن تۇتۇگەشتى. ئەسلى ساماۋىي دىن بولغان خرىستىئان دىنىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، خرىستىئانلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى ۋە ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېيتقان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ ئېلان قىلغان. مەتتا ئىنجىلى 18 ـ باب 20 ـ تېكىستتە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «ئەمما ئىنسان ئوغلىنىڭ (يەنى مېنىڭ) بېشىنى قويىدىغان يېرى يوق»، يەنە شۇ بابنىڭ 64 ـ تېكىستىدە «ئىسا: ــ مەن ھازىردىن باشلاپ سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، سىلەر كۆرۈپ تۇرغان كىشى ئىنسان ئوغلىدۇر ـ دېدى» دەپ قەيت قىلىنغان.

بۈگۈنكى خرىستىئانلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى«كرىست»قا باغلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن، «كرىست»نى ئۇلۇغلىغان بولسا، ھازىرقىلىرى ئۆزلىرى ئىلاھ دەپ بىلىدىغان ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قويۇپ، «كرىست» نىڭ ئۆزىگە چوقۇنماقتا.

3 ـ بىدئەت يولى بىلەن دىندا چېكىدىن ئېشىش، دىندارلارغا ئۇلار تاقەت قىلالغۇسىز، ئېغىر تەلەپلەرنى قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنى دىندىن زېرىكتۈرۈش قاتارلىق سەلبىي نەتىجىلەر كېلىپ چىقتى.

4 ـ بىدئەت يولى بىلەن كىشىلەر دىنلاردا خالىغانچە شەرىئەت ۋە ئىبادەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقتى. دىن ئادەملىرى ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھ ھالال قىلغان دۇنيا زىننەتلىرى ۋە خوشبۇيلارنى دىندارلارغا ھارام قىلدى. ئۇلار ”دىن“ نامى بىلەن دۇنيا ئىشلىرىغا سەلبىي نەزەردە قارىدى. ئىمان دەۋاسى بىلەن كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىنى بوغدى. ئاللاھقا يېتىمىز دېگەن گۇمان بىلەن بەندىلەرنى ئازابلىدى. نەتىجىدە، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنى خاراب قىلدى. بۇ ئورۇندا خرىستىئان دىن ئادەملىرىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش دەۋاسى بىلەن، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا خىلاپ ھالدا، ئىنسان تەبىئىتىگە موناسىپ كەلمەيدىغان »تەركىدۇنيالىق« تەرغىباتىنى ئەۋجىگە چىقىرىشى ئارقىلىق پۈتۈن ياۋروپا خەلقىنى دىندىن زېرىكتۈرگەنلىكى، ئاخىرىدا ياۋروپادا SECULARESM «دىننى سىياسەتتىن ئايرىش» ئېقىمىنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى بايان قىلىش يېتەرلىك.

5 ـ بىدئەت يولى بىلەن ـ دىنلاردا تەرەققىياتقا، ئىلىم ـ پەنگە ۋە ھەر قانداق كەشپىياتلارغا قارشى يېڭى نىزاملار ئويدۇرۇپ چىقىلدى. ھەتتا ياۋروپا خەلقى خىرىستىئان دىن ئادەملىرىنىڭ بىسمىدارلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھالغا كەلدى. چۈنكى دىن ئادەملىرى ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنى، كەشپىياتچىلارنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىپ ئۆلتۈرۈپلا تۇردى. يەرشارىنىڭ توپ شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان ئالىم گالىلېي گالىلېيونى خىرىستىئان چېركاۋىدىن كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغانلىقىمۇ بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

## بىدئەتلەرنى مەنئى قىلغانلىقنىڭ نەتىجىلىرى

سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى مەنئى قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىي مەنئى قىلىپ كەلگەنلىكى نەتىجىسىدە، دىنىي ئەقىدىلىرىمىز، ئىبادەتلىرىمىز ۋە پۈتۈن پائالىيەتلىرىمىز پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تا مۇشۇ كۈنگىچە ھېچ قانداق ئۆزگەرتىش ۋە بۇزۇلۇشلارغا ئۇچرىماستىن، كەم ــ زىيادە قىلىنماستىن داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئېتىقادلار ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق جەۋھىرى مەسىلىلىرىدە پۈتۈن ئىسلام مەزھەبلىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. مەسىلەن: دىنىمىزدىكى ئېتىقاد مەسىلىلىرى ۋە شەرىئىتىمىزدىكى ناماز، روزا، زاكات، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەر پۈتۈن كەيپىيەتلىرى بىلەن شىئە بولسۇن، سۈننى بولسۇن ۋە باشقا مەزھەبلەر بولسۇن، ھەممىسىدە بىر خىلدۇر. مەزھەبلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار پەقەت مۇستەھەپ (ياخشى سانالغان ئىشلار) مەكرۇھ (يامان سانالغان ئىشلار) قاتارلىق كىچىك مەسىلىلەرگىلا مەركەزلەشكەن. ئېتىقاد، ئەخلاق، ئىبادەت، ھالال ـ ھارام، مۇئامىلە ۋە قانۇن ـ پرىنسىپ مەسىلىلىرىدە مەزھەبلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يوقتۇر. مانا بۇ، ئىسلام دىنىغىلا خاس بىر ئىمتىيازدۇر. يەر يۈزىدىكى ھېچقانداق بىر دىن ئىسلام دىنى ئېرىشكەن بۇ ئىمتىيازغا ئېرىشەلىگەن ئەمەس. باشقا ھەرقانداق بىردىندا ئىبادەتلەر ھەتتا ئېتىقادلار يىللار بىلەن ئۆزگىرىپ، ئەسىرلەر بىلەن بۇزۇلۇپ كەلگەن. چۈنكى ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىندا، بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشتا قاتتىق تەلەپ قويۇلمىغان. ئەمما ئىسلام دىنى ئىشنىڭ بېشىدىلا ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇ دىنغا قائىدە ـ نىزام ۋە ھەرخىل دىنىي يېڭىلىقلارنى، دىندا بۇيرۇلمىغان ئىبادەت شەكىللىرىنى كىرگۈزۈشكە قەتئىي يول بەرمەي كەلدى. ئىسلام دىنىدا ئەزەلدىن تا ھازىرغىچە خىرىستىئان دىنىدا بولغىنىغا ئوخشاش «دىن ئادەملىرى» دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي بىسمىدارلار مەۋجۇد ئەمەس.

ئـاللاھتىن باشـقا ھېچكىمنىـڭ دىنىنـى ئـۆزگەرتىش ۋە كـىشىلەرنىڭ گۇنـاھلىرىنى ئـاللاھ نامىـدىن كەچـۈرۈم قىلىـش، ئـاللاھ ھـالال قىلغـان نـېمەتلەردىن دىنـدالارنى مەنئـى قىلىـش ھوقۇقى يوقتۇر. ئىـسلام دىنىـدا ئىبادەتلەر بىۋاسـىتە ئـاللاھقىلا قىلىنىـدۇ، ئـۇنى پەقەت ئـاللاھ ئـۆزىلا قوبـۇل قىلىـدۇ. گۇنـاھلارنى پەقەت ئـاللاھ ئـۆزى خالىـسا كەچۈرىـدۇ. بـۇ مـاۋزۇدا خرىـستىئان دىنىنىـڭ ھـازىرقى شـەرىئىتىگە قارايـدىغان بولـساق: ئۇنىـڭ خرىـستىئان دىـن ئـــادەملىرى تەرىپىـــدىن ئۆزگەرتىلـــىپ كېلىنىۋاتقـــانلىقىنى ۋە ئىنجىلـــدىكى نۇرغـــۇن ئەھكاملارنىـڭ ئەمەلـدىن قالـدۇرۇلغانلىقىنى، ھەمـدە ئىـسا ئەلەيھىـسسالامنىڭ ”مەن دىنىنـى كېمەيـتىش ئۈچـۈن ئەمەس، تولـۇقلاش ئۈچـۈن كەلـدىم“ دەپ ئـېيتقان قىلغـان مـۇقەددەس دەستۇرىغا خىلاپلىق قىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرىمىز.

تـوغرا، ئىـسلام دىنىـدىمۇ بەزى دەۋرلەردە مۇسـۇلمانلاردىن قىـسمەن كىـشىلەر قۇرئـان ۋە ھەدىسلەردە بۇيرۇلمىغان بىـر قىـسىم بىـدئەتلەرنى ئىبادەت نـامى بىـلەن دىنغـا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغـان بولـسىمۇ، ھەر دەۋردە ئىـسلام دىنىنـى تولـۇق بورمىلاشـلاردىن قوغـداپ تۇرىـدىغان ھەقىقەتـپەرۋەرلەر كەم بولمىغاچقـا، بۇنـداق بىـدئەتلەر ئـۆز ۋاقتىـدىلا رەت قىلىنىـپ كەلـدى. چۈنكى بـۇ دىنىنـى تـا قىيـامەتكىچە ھەر قانـداق بىـر ئـۆزگەرتىش ۋە كەم - زىيـادە قىلىـشلاردىن سـاپ قىلىـپ، سـاقلىغان ھالـدا ئـاخىرغىچە داۋام قىلىـدۇرۇش ئاللاھنىـڭ ۋەدىـسى ئىـدى. ئـاللاھ تائـالا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلـى ئـارقىلىق بـۇ ۋەدىـسىنى مۇنـداق دەپ ئـېيتقان قىلغــان. «بــۇ ئــۇممەتكە ئــاللاھ تائــالا ھەر يــۈز يىلنىــڭ بېــشىدا ئۇلارنىــڭ دىنىنــى يېڭىلايـدىغان (يەنـى بىـدئەتلەردىن تازىلايـدىغان) بىرىنـى چوقـۇم ئەۋەتىـپ تۇرىـدۇ»[1] .

ئاللاھ يەنە قۇرئانـدا ﴿**إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَـهُ لَحَـٰفِظُونَ**﴾يەنـى «قۇرئـاننى بىـز نازىـل قىلدۇق، ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز»[2] .

دەپ ۋەدە قىلغـان. مۇسـۇلمانلارنىڭ مـۇقەددەس دەسـتۇرى بولغـان قۇرئـان قۇغـدالغان ئىـكەن، ئۇلارنىـڭ دىنـى، ئېتىقـادى، ئىبـادەتلىرى ۋە پۈتـۈن ئىـشلىرى قوغدىلىـدۇ دېمەكتـۇر. ئاللاھنىڭ بۇ ۋەدىسى ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېــگەن «ســىلەرگە ئاللاھنىــڭ كىتــابى بىــلەن سـۈننەتلىرىمنى قويـۇپ كەتـتىم، سـىلەر بـۇ ئىككىـسىنى چىـڭ تۇتـساڭلار، مەنـدىن كېـيىن ھەرگىزمۇ ئېزىپ كەتمەيسىلەر»[3] .

---

(1) ئىمام ئەبۇداۋود رىۋايىتى.

(2) ھىجر سۈرىسى 9 - ئايەت.

(3) بۇخارىي رىۋايىتى.

مۇسۇلمانلار مۇشۇ پرىنسىپقا چىن ئەمەل قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پۈتۈن ساھابىلار، خەلىپىلەر، تابىئىنلار (ساھابىلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلار) ۋە مەزھەب ئالىملىرى بىدئەتنى مەنئى قىلىشتا ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن ئىش كۆردى، ئاددى بىر بىدئەتنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا رەت قىلىپ كەلدى. چۈنكى ھەرقانداق چوڭ ئىشلار كىچىكتىن باشلىنىدۇ.

ئىمام مالىك بىدئەت توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «بۇرۇنقىلاردا (يەنى ساھابى ۋە تابىئىنلار دەۋرلىرىدە) بولمىغان بىرەر ئىشنى مۇشۇ ئۇممەتنىڭ دىنىغا كىرگۈزمەكچى بولغان كىشى، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دىنغا خىيانەت قىلغان (يەنى دىننى تولۇق يەتكۈزمىگە) دەپ تۆھمەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم﴾ دەيدۇ. دىن ئۆز ۋاقتىدا كامالىغا يەتكەن. شۇ ۋاقىتتا دىندىن سانالمىغان نەرسە ھازىرمۇ دىندىن سانالمايدۇ».

## ۋەسلە ھەققىدىكى مەسىلىلەر

سوئال: ۋەسلە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەسىلە - دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى، ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى بىرەر ھاجەتنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر شەخسنى ۋاستە قىلىپ ئارىغا سېلىش دېگەنلىكتۇر.

ۋەسلە (يەنى ۋاستە) 3 تۈرلۈك بولۇپ، بىرى يول قويۇلغان ۋەسلىلەر، ئىككىنچىسى، مەنئى قىلىنغان ۋەسلىلەر، ئۈچىنچىسى، شەرئىيەتتىن دەلىلى بولمىغان ۋەسلىدۇر.

### بۇيرۇلغان ۋەسلە

سوئال: بۇيرۇلغان ۋەسلە قايسى؟

جاۋاب: بۇيرۇلغان ۋەسلە - قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىسلەردە بۇيرۇلغان ۋە ساھابىلار قوللانغان ۋەسلىلەر بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بولغان چىن ئىمانىنى ۋەسلە قىلىشى. قۇرئان كەرىم ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ۋەسلە قىلىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلغان كىشىلەرنىڭ قىسسىسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) « رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى

مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن. بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن.﴾[1]

يۇقىرىقى ئايەتلەرگە ئەگەشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى﴾[2]

(2) ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلىش

ئاللاھ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋەسىلە قىلىپ، ئاللاھقا قىلغان دۇئاسىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ ئۇ، قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا) پەرۋەردىگارىم! سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سەن جىمى كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن. مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم، دەپ نىدا قىلدى﴾[3].

كېيىنكى ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق﴾[4].

(3) ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى ۋەسىلە قىلىش. ئاللاھ بىزگە ۋەسىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار﴾[5].

(4) ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ كامالى سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ھەمىشە تىرىك تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن، سېنىڭدىن ياردەم سورايمەن»[6]

(5) ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىشى. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇش ۋە

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 193 - ئايەت
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 195 - ئايەت
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 87 - ئايەت
(4) ئەنبىيا سۈرىسى 88 - ئايەت
(5) ئەئراف سۈرىسى180 - ئايەت
(6) تىرمىزى رىۋايىتى

ئۇنى سۆيۈش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇش ۋە باشقا ياخشى قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ۋەسىلە قىلىش دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ۋەسىلىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە، ئۈچ نەپەر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلىقى، تاغ ئۈستىدىن بىر يوغان تاشنىڭ دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى يېپىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈر ئىچىگە سولىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق چارىسى قالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، كامالى ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردىن سالامەت چىقىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنغان.[1]

(6) ئاللاھتىن قورقۇپ، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى تەرك ئەتكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلىش. يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ياخشى ئەمەللەرگە كىرىدۇ. يۇقىرىدا قىسسىسى بايان قىلىنغان ئۆڭكۈردىكى ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى زىنا قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولۇپ بولغان ۋاقتىدا، ئاللاھنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورققانلىقتىن زىنانى تەرك ئەتكەنلىكىنى ۋەسىلە قىلغانىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولغان ۋە ئۆڭكۈردىن سالامەت چىقىپ كەتكەن.

(7) تىرىك بولغان ئاتا ـ ئانا ۋە تىرىك ئالىم ـ ئۆلىما، تەقۋا كىشلەرنىڭ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ بېرىشىنى سوراش. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نى دۇئالىرىدا ۋەسىلە قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ساھابىلار بىر كۈنى ئۇنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋەسىلە قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلغان:«ئى ئاللاھ! بىز پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ سەندىن سۇ تىلەپ دۇئا قىلغىنىمىزدا، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدىڭ، ئەمدى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنى ۋەسىلە قىلدۇق، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن.[2]

### مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە

سوئال: مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە قايسى؟

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

جاۋاب: مەنئى قىلىنغان ۋەسىلە. ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئويغۇن كەلمەيدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنئى قىلغان ۋەسىلە بولۇپ، ئۇ شىرك ۋە خۇراپاتتۇر. مەسىلەن: دۇئانى ئۆلۈكلەردى بىرەرسىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن "يا پىرىم!" ياكى "يا ئىمام غەۋسۇلئەزەم!" ياكى "يا تۆت ئىماملىرىم!" ياكى "يا ئىمام جەپىرى تەيران!" ئاللاھتىن ماڭا پەرزەنت تىلەپ بەرگىن، بايلىق تىلەپ بەرگىن، شىپالىق تىلەپ بەرگىن، دەپ سورىغانغا ئوخشاش.

## شەرىئەتتىن دەلىلى بولمىغا ۋەسىلە

سوئال: شەرىئەتتىن دەلىلى بولمىغا ۋەسىلە دىگەن قايسى؟

جاۋاب: يول قويۇلغانلىقىغا شەرىئەتتىن دەلىلى بولمىغان ۋەسىلە ـ قۇرئان كەرىمدە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ياكى ئۆلگىلىك ساھابىلارنىڭ دۇئالىرىدا ئۇچرىمىغان ۋەسىلە بولۇپ، « ئى ئاللاھ! پالانىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن مىنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلىگەنلىرىمنى بەرگىن»، دەپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاش. بۇخىل ۋەسىلىنى بەزى ئالىملار جائىز دەپ قارىسا بەزى ئالىملار ئىسلامنىڭ «يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى مەنئى قىلىش» دەيدىغا ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن توغرا ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇنداق دۇئا شىرك دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى دۇئا ئاللاھقا قىلىنغان، پەقەت ۋەسىلە بۇيرۇلمىغان يول بىلەن قىلىنغان، بەس.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ « پەتىۋا ئىشلار كومىتېتى»دىكى ئۆلىمالار" ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى بىلەن..... " دەپ دۇئا قىلسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغان سوئالغا جاۋاب بىرىپ مۇنداق دىگەن: « دۇئادا " ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ياكى بەرىكىتى يا ئۇلۇغلىقى يۈزىسىدىن مىنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن، تىلەكلىرىمنى بەرگىن" دەپ ۋەسىلە قىلىش شىرك سانالمايدۇ، ئەمما شىككە بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن مۇنداق ۋەسىلىنى قىلماسلىق كېرەك»[1].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىش

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق ۋەسىلە قىلىش كېرەك؟

---

www.islamQA.com (1)

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىشتا، ئۇنىڭغا بولغان چىن ئىمانىمىز، ئىخلاسىمىز، مۇھەببىتىمىز ۋە چوڭقۇر ئەقىدىمىزنى ۋەسىلە قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس، مۇھەببەت ۋە ئەقىدە قىلىش ئەڭ ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا بۇ ئەمەللەرنى ۋەسىلە قىلىش جائىزدۇر. بۇنداق قىلىش ـ قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ـ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلغانلىقتۇر.

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىنى كىمدىن سوراش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىنى ئاللاھتىن سوراش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شاپائەت قىلىش رۇخسىتىنى بەرگۈچى ئاللاھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىگە شاپائەتنى كىمدىن، قانداق سوراش كېرەك ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىپ: «ئى ئاللاھ! رەسۇلۇللاھنى ماڭا شاپائەت قىلدۇرغىن» دەپ سورىغىن، دەپ كۆرسەتكەن[1].

## ئاللاھقا دۇئا قىلىش بىراۋنىڭ ۋاستىسىغا مۇھتاج ئەمەس

سوئال: ئاللاھقا دۇئا قىلىش بىراۋنىڭ ۋاستىسىغا موھتاجمۇ؟

جاۋاب: ئاللاھقا دۇئا قىلىش ھېچكىمنىڭ ۋاستىسىغا موھتاج ئەمەس. ئاللا ھەرقانداق بەندىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ ۋە پۈتۈن ئەھۋالىنى ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق دۇئانى بىۋاستە ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ ٱلدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾ يەنى «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىن مەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن) ماڭا دۇئا قىلسا مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن»[2].

سوئال: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى قانداق دوست تۇتۇش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇلار رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش ۋە ئۇلار رازى بولمايدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش، ئۇلارنىڭ

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

(2) بەقەرە سۈرىسى 186 ـ ئايەت.

دوستلىرىغا دوست، دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن بولۇش بىلەن دوست تۇتۇش كېرەك. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ ٱللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ يەنى «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، ئاللا سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۆتكەنكى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلارنى مېنى ئۆز ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە پۈتۈن كىشىلىرىدىن بەك دوست تۇتۇپ سۆيمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ»[2] .

**ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىككى ئىبادەت**

سوئال: ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامدا ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن ئەڭ چوڭ ئىبادەتلەر ئىككى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت، يەنە بىرى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر.

سوئال: ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئەمر ـ مەرۇپ ـ ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش، ۋەز نەسىھەت ـ كىشىلەرگە ئاخىرەتنى يادلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

سوئال: ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: كىشىلەرگە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەنى: ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ئالىم بولسۇن، جاھىل بولسۇن ھەر بىر شەخسنىڭ دىنىي بۇرچىدۇر. شەرىئەت ئىستېمالى بويىچە ئېيتقاندا، پەرز ئەيىندۇر. ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئىسلام مىللىتىگە خاس ئالاھىدە بىر خىسلەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ﴾ يەنى «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان،

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر»[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنىڭ ھەرقانداق مۇسۇلمانغا پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىرەر يامانلىقنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن(يەنى يامانلىق قىلغۇچىنى ئۇنىڭدىن مەنئى قىلسۇن)، ئەگەر ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، قەلبى بىلەن ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزلىقىدۇر»[2] .

سوئال: جىھاد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: "جىھاد" سۆزى ئەرەب تىلىدىكى "جەھد" سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى « كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىششش»، « ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش» دېگەنلىكتۇر. تىرىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىككى قاتلاملىق مەنىگە بولۇپ، بىرىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ مەنىۋي جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى، ئىككىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ ماددىي تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ھەقىقانىي ئۇرۇشلاردا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

جىھادنىڭ بىرىنچى قاتلام مەنىسىدىكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىش «چوڭ جىھاد» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەخسنىڭ بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ بارلىق گۇناھ ـمەسىيەت ۋە ئازغۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، قەلبىنى پاكلىشى ۋە تۈرلۈك گۇناھلاردىن، ئەخلاقسىزلىقلاردىن، خۇسۇسەن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، گۇمانخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، ئاچكۆزلۈك ۋە ئۈچمەنلىكلەرگە ئوخشىغان يامان ئىللەتلەردىن يىراق بولۇپ نەپسىنى پاكلىشى، قەلبىگە سۆيگۈ-مۇھەببەت، مېھرى-شەپقەت، ئادالەتپەرۋەرلىك، ياردەمسۆيەرلىكلەرگە ئوخشىغان ئېسىل خىسلەتلەرنى يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىگە، ئىلتىپاتىغا ۋە رازىلىقىغا ئېرىششنى كۆرسىتىدۇ.

جىھادنىڭ ئىككىنچى قاتلام مەنىسىدىكى ھەقىقانىي ئۇرۇش «كىچىك جىھاد» دەپ ئاتىلىپ، ھەقىقانىي ئۇرۇشنى توغرا يوسۇندا ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلىمالار ئۆزىنى ئېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇرۇشنىڭ «كىچىك جىھاد»، نەپسىنى پاكلاپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ« چوڭ جىھاد» دەپ ئاتالغانلىقىغا ھەيران قالغۇچىلار

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 110 ـ ئايەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولسا، ئۇلارغا دەيمىزكى، ئادەم ئىچ دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىپ، نەپسى شەيتاننىڭ ھەر تۈرلۈك ۋەسۋەسىلىرىنى يەڭگەندىن كېيىن، قان تۆكۈشنى تەقەززا قىلىدىغان ئۇرۇش مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتالمايدۇ.

سوئال: جىھادنىڭ ھۆكمى نىمە؟

جاۋاب: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش پەرز كىفايە دۇر.[1] جىھاد بەزى شارائىتلاردا خۇددى بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاشلا پەرز ئەين[2] بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

## جىھادنىڭ پەرز ئەينغا ئۆزگىرىشى

سوئال: جىھاد قىلىش قايسى ۋاقىتلاردا پەرز ئەين بولىدۇ؟

جاۋاب: جىھاد تۆۋەندىكى 3 شارائىتتا پەرز ئەينگە ئۆزگىرىدۇ:

(1) جىھادقا تەيىنلىنىپ مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ بولغان كىشى ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

(2) مۇسۇلمانلار تۇرىۋاتقان رايون ياكى دۆلەتكە دۈشمەنلەر بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىش پەرز ئەين بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

(3) دۆلەت تەرىپىدىن مەلۇم شەخسلەر جىھادقا چىقىشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، چىقىشقا بەلگىلەنگەن شۇ مەلۇم شەخسلەر ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

## جىھادنىڭ بۇيرۇلۇش سەۋەبى

سوئال: جىھاد قىلىش نىمە ئۈچۈن بۇيرۇلغان؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا جىھادنىڭ بۇيرۇلغانلىق سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك 3 مەقسەتكە قىسقارتىشقا بولىدۇ.

(1) زۇلۇمغا ۋە ھەر تۈرلۈك ھەقسىزلىكلەرگە قارشى تۇرۇش.

(2) باشقىلار تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن تارتىپ ئېلىنغان ھەق-ھوقۇقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش.

---

(1) پەرز كىفايە ـ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئورۇنلىشى بىلەن باشقىلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز.

(2) پەرز ئەين ـ ھەربىر كىسى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلاشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر.

(3) ئىسلام ئەقىدىسىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغداش، ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن ( قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى»[1]

## ئىسلامىي جىھادنىڭ پرىنسىپلىرى

سوئال: ئىسلامىي جىھادنىڭ پرىنسىپلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىسلامىي جىھادنىڭ پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچماسلىق. بۇ پرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان:«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇزچىلارنى ئاللاھ راستىنلا ياقتۇرمايدۇ»[2]

(2) تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا زەربە بېرىشتە ئاشۇرىۋەتمەسلىك. بۇ پرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان:«بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار»[3]

(3) دۈشمەنلەرنىڭ تىنچلىققا مايىل ئىكەنلىكى ياكى تاجاۋۇزچىلىقنى توختىتىدىغانلىقى بىلىنگەن ۋاقىتتا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماستىن، مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش. قۇرئان كەرىم بۇ پرىنسىپنى مۇنداق بايان قىلغان:«ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن»[4]

(4) ئۇرۇش قىلمىغانلارغا چېقىلماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئاۋۋال مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە تەلىمات بېرىپ: « سىلەرگە تىغ تەڭلىمىگەنلەرنى، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى، باللارنى ئۆلتۈرمەڭلار! زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ بەدەنلىرىنى پارچىلىماڭلار، ئەسىرلەرنى خورلىماڭلار»[5] دەپ قاتتىق جېكىلەيتتى.

---

(1) ھەج سۈرىسى 39- ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 190- ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى 194- ئايەت

(4) ئەنفال سۈرىسى 61. ئايەت

(5) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

(5) مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەردىن ئۇرۇش قىلمىغانلارغا يامانلىق قىلماسلىق، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇش. بۇ پرىنسىپنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان: ﴿كۇففارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشۇڭلاردىن توسمايدۇ﴾[1].

دۇنيادا قايسىبىر دىن، قايسىبىر قانۇن، قانچىلىك ئىلغار ۋە قانچىلىك ئىنساپلىق بولۇپ كەتسۇن، ئۇرۇش ماۋزۇسىدا ئىسلام دىنى بېكىتكەن بۇ پولاتتەك پرىنسىپلارغا يېتەلمەيدۇ. پرىنسىپلار قەغەزدە يېزىلغان تەقدىردىمۇ ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا، ئۇرۇش مەيدانىدا مۇسۇلمانلاردەك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. تارىخ بۇنىڭغا گۇۋاھ.

## "جىھاد" سۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مەنىسى

سوئال: ئىسلامدا قانچە تۈرلۈك جىھاد بار؟

**جاۋاب:** ئەرەب تىلىدىكى «جىھاد»سۆزى قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكىدەك 3 خىل مەنىدە كەلگەن:

1ـ ئاللاھ يولىدا قولغا قورال ئېلىپ غازات قىلىش. ﴿مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلار، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ﴾[2].

2ـ ھەقىقەتنى جاكارلاپ سۆز بىلەن كۈرەش قىلىش.﴿قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن﴾[3].

3ـياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.﴿ كىمكى (ياخشى ئەمەللەرنى ئورۇنلاش يولىدا) جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر﴾[4].

«مۇجاھىد» زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچى كىشى دېگەنلىكتۇر.

---

(1) مۇمتەھىنە سۈرىسى 8ـ ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى 95ـئايەت.

(3) فۇرقان سۈرىسى 52ـئايەت

(4) ئەنكەبۇت سۈرىسى 52ـئايەت.

**تەۋبە ۋە ئۇنىڭ قوبۇل بولۇش پرىنسىپى**

سوئال: ئاللاھقا قانداق قىلىنغان تەۋبە قوبۇل بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە قىلمىشلار، ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: ئاللاھنىڭ «قىل» ۋە «قىلما»دېگەن ئەمر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ سادىر قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنساننى شۇنچە گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەخلۇقاتنىڭ ئۇلۇغراقى قىلىپ بەلگىلىدى، تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. بۇ سەۋەبتىنمۇ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. ئەمما مەخلۇقاتنى، خۇسۇسەن ئىنسانلارنى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يەۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئابرويلىرىنى تۆكۈش قاتارلىق قىلمىشلار، ئۇلارنىڭ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن بەھۇزۇر ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ تۆۋىسى تۆۋەندىكى 3 شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1 ـ بۇرۇن قىلغان گۇناھ ـ يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش،

2 ـ گۇناھ ـ يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش،

3 ـ بۇرۇن قىلغان گۇناھ ـ يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش

ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا قارشى ئىشلەنگەن زۇلۇم، ھەقسىزلىق، دۈشمەنلىك، ھارامخورلۇق ۋە باشقا يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسى، يۇقىرىقى 3 شەرت بىلەن بىرلىكتە، 4ـ شەرت (ھەقسىزلىق قىلىنغۇچى ياكى تاجاۋۇز قىلىنغۇچىدىن كەچۈرۈم سوراش، ھەققى بولسا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش) بىلەنلا قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۆز ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنى يۇقىرىقى 3 شەرت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلارنىڭ تەۋبىسىنى، يامانلىق قىلىنغۇچى ۋە ھەق ئىگىسى رازى بولۇپ ئۆتمىگىچە، ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۆتمەيدۇ. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئادالىتىدۇر.

## ئاللاھنىڭ ھەققىدىن كېيىنكى ھەق

سـوئال: ئـاللاھ ۋە ئۇنىـڭ پەيغەمبىرىنىـڭ ھەققىـدىن كېـيىن ئىنـسانىنىڭ ئۈسـتىدىكى ئەڭ چوڭ ھەق قايسى؟

جـاۋاب: ئاللاھنىـڭ ھەققىـدىن قالـسا، ئىنـسانىنىڭ ئۈسـتىدىكى ئەڭ چـوڭ ھەق ــ ئاتـا ـ ئانىنىـڭ ھەققىـدۇر. چـۈنكى ئاتـا ـ ئـانىلار بىزنىـڭ دۇنياغـا كېلىـشىمىزگە سـەۋەب بولغـان، بىزنـى جاپـا ـ مۇشـەققەتلەرگە چىـداپ، بېقىـپ چـوڭ قىلغـان كىـشىلەردۇر. ئـاللاھ بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دەيـدۇ: «پەرۋەردىگارىـڭ پەقەت ئۇنىـڭ ئـۆزىگىلا ئىبـادەت قىلىـشىڭلارنى ۋە ئاتـا ـ ئاناڭلارغـا ياخـشىلىق قىلىـشىڭلارنى تەۋسـىيە قىلـدى. ئۇلارنىـڭ بىـرى يـاكى ئىككىلىـسى سېنىڭ قـول ئاسـتىڭدا بولـۇپ، ياشـىنىپ قالـسا، ئۇلارغـا ئۇھـوي دېمىگـىن (يەنـى مـاللىقنى بىلدۈرىـدىغان شـۇنچىلىك سـۆزنىمۇ قىلمىغىـن) ئـۇلارنى دۈشـكەلىمە، ئۇلارغـا يۇمـشاق سـۆز قىلغىن»[1].

(1) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

# ئىككىنچى بۆلۈم: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

سوئال: پەيغەمبەرلەر قانداق زاتلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەر ـ ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىپ، ئۆز تەرىپىدىن ئۇلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر بارلىق ئەيىب ـ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك، مەسۇم زاتلاردۇر، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ئىزلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالىي پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئۈلگىدۇر.

سوئال: پەيغەمبەرلەر نىمە ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە گۇناھ ـ يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرگە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجْتَنِبُواْ ٱلطَّاغُوتَ﴾ يەنى «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: "ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا چوقۇنۇشتىن) يىراق بولۇڭلار" دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق»[1] .

**پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى**

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى قانچە ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسىملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان، قۇرئان كەرىمدە پەقەت 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان.

ئۇلار: ئادەم، ئىدرىس، نوھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىيل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۈسۈپ، ئەييۇب، شۇئەيب، مۇسا، ھارۇن، داۋۇد، سۇلايمان، يۇنۇس، ئىلياس، ئەليەسە، زۇلكىفل، زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

بۇلاردىن باشقا، ئۇزەير، لوقمان ۋە زۇلقەرنەيىن قاتارلىق ئۈچ زاتنىڭ ئىسىملىرى

---

(1) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

قۇرئانــدا تىلغــا ئېلىنغــان بولــسمۇ، بۇلارنىــڭ پەيغەمــبەر ئىكەنلىكــى يــاكى ئەمەســلىكى توغرىلىــق قۇرئــان كەرىــم يــاكى ھەدىــسلەردە ئېنىــق مەلۇمــات بېــرىلمىگەن. شــۇڭا قىــسمەن ئــالىملار يــۇقىرىقى ئــۈچ زاتنىــى پەيغەمــبەرلەردىن ســانىغان بولــسىمۇ، كــۆپ ســاندىكى ئىــسلام ئـــالىملىرى ئـــۇلارنى پەيغەمـــبەرلەردىن ئەمەس، بەلكـــى ياخـــشى، تەقـــۋا، ئەۋلىيالارنىـــڭ جۈملىــسىدىن ســانايدۇ. شــۇنىڭدەك، قۇرئــان كەرىمــدە ئىــسملىرى بايــان قىلىنمىغــان پەقەت بەزى ھەدىــسلەردە ۋە تـــارىخ كىتابلىرىـــدا ئىـــسملىرى بايـــان قىلىنغـــان ۋە پەيغەمـــبەر ئىكەنلىكلىـــرى ســـۆزلەنگەن بەزى كىـــشىلەر بولـــۇپ، ئـــۇلار: شـــىش، يۇشـــەئ، خىزىـــر، بەشـــىر، دانىيال، ئىشمۇئىل، ئەرمىيا، ھەزقەل، جىرجىس، ھەبقۇق ۋە ھەنزەلە ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

خۇلاســـە: قۇرئـــان كەرىمـــدە، ئىـــسملىرى ئېنىـــق بايـــان قىلىنغـــان 25 پەيغەمـــبەرگە تەپــسىلىي ۋە قۇرئانــدا ئىــسملىرى بايــان قىلىنمىغــان جىمــى پەيغەمــبەرلەرگە ئىجمــالىي ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

قۇرئــان كەرىمــدە ئىــسملىرى بايــان قىلىنمىغــان پەيغەمــبەرلەر ھەققىــدە ئــاللاھ مۇنــداق دەيدۇ:

﴿ **وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلاً مِّن قَبْلِكَ مِنْهُم مَّن قَصَصْنَا عَلَيْكَ وَمِنْهُمْ مَّن لَّمْ نَقْصُصْ عَلَيْــكَ** ﴾ يەنــى «(ئــى مــۇھەممەد) ســەندىن ئىلگــىرى بىــز ھەقــقەتەن نۇرغــۇن پەيغەمبەرلەرنــى ئەۋەتتــۇق، ئۇلارنىــڭ ئارىــسىدا ســاڭا بايــان قىلىــپ بەرگەنلىرىمىزمــۇ، بايــان قىلىــپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار»[1] .

مۇسۇلمانلار جىمــى پەيغەمــبەرلەرگە ئىمــان كەلتۈرۈشــكە بۇيرۇلغــان. ئــاللاھ مۆمىنلەرنىــڭ سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **لاَ نُفَــرِّقُ بَــيْنَ أَحَــدٍ مِّــن رُّسُــلِهِ** ﴾يەنــى «(ئــۇلار) "ئاللاھنىــڭ پەيغەمبەرلىرىنىــڭ ھېچبىرىنــى ئــايرىۋەتمەيمىز (يەنــى ئۇلارنىــڭ بەزىــسىگە ئىمــان ئېيتىــپ، بەزىــسىگە ئىمــان ئېيتماي قالمايمىز)" دەيدۇ»[2] .

پەيغەمبەرلەرنىــڭ بەزىــسىگە ئىمــان ئېيتىــپ، بەزىــسىگە ئىمــان ئېيتمىغــان كىــشىنىڭ ئىمانى مەقبۇل ئەمەس. نەتىجىدە، ئۇ مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ئاللا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿**إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُواْ بَيْنَ ٱللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيَقُولُــونَ نُــؤْمِنُ**

(1) غافىر سۈرىسى 78 ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 285 ـ ئايەت.

بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَن يَتَّخِذُواْ بَيْنَ ذَٰلِكَ سَبِيلاً أُوْلَـٰئِكَ هُـمُ ٱلْكَـافِرُونَ حَقّـاً وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَاباً مُّهِيناً﴾ يەنى «شۇبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (ئاللاھقا ئىشىنىپ، پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ)ئوتتۇرىسىدا يول تۇتماقچى بولغانلار، ئەنە شۇلار (ئىمانى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر. كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق»[1] .

## پەيغەمبەرلەرنىڭ دەلىللىرى

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەر قايسىلار؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بەرھەق پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىك ئەھۋالىنى كۆچلەندۈرىدىغان دەلىللىرى ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان مۆجىزىلىرىدۇر. ئاللاھ ھەرقانداق پەيغەمبەرنى ئەۋەتىشتە، ئۇنىڭ ۋە ئۇممىتىنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھالدا مۆجىزىلەرنى يارىتىپ بەرگەن. ﴿ لَقَـدْ أَرْسَـلْنَا رُسُـلَنَا بِٱلْبَيِّنَـاتِ ﴾ يەنى«بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق»[2] .

## مۆجىزە

سوئال: مۆجىزە دېگەن نىمە؟

جاۋاب: مۆجىزە سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ـ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرنى ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز قالدۇرغۇچى بىردىنبىر خارىقى ئادەت ئىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، دۇنيادا «يەتتە چوڭ مۆجىزە» دەپ ئاتالغان يادىكارلىقلاردىن مىسىردىكى پىرامىدا، جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلى، ھىندىستاندىكى تاجمەھەل ۋە باشقىلار، شۇنداقلا بۇرۇنقىلارنىڭ قولىدىن كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكىلەرنىڭ نەزەرىدە پەۋقۇلئاددە سانالغان سىرلىق ئىشلار زامانىمىز كىشىلىرى نەزەرىدە مۆجىزە دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

---

(1) نىسا سۈرىسى 151 ـ 150 ـ ئايەت.

(2) ھەدىد سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

مۆجىزىنىڭ شەرىئەت ئىستىمالىدىكى مەنىسى ـ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھالدا، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكلىرىنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھ ئاتا قىلغان دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى كىم ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى كىم؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى ھەممىدە ساماۋىي دىنلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تاماملىغۇچى، بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پۈتۈن ساماۋىي دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىك تاماملانغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر»[1] .

سوئال: پەيغەمبەرلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكلىرى ھەق ۋە راستتۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىنى كىشىلەرگە كەم ـ زىيادە قىلماستىن، ئاللاھ كۆرسەتكەن بويىچە تولۇق يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىنى كامىل ئادا قىلغان ئۇلۇغ زاتلاردۇر.

## پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلار

سوئال: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1 ـ پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىنلار ئىكەنلىكىگە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلغانلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنكار قىلغانلىق

(1) ئەھزاب سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى توغرىلىق﴿كَذَّبَتْ قَوْمُ نُوحٍ الْمُرْسَلِينَ﴾ يەنى «نوھنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلەرگە ئىنكار قىلدى» دېيىش ئارقىلىق، بىرلا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىنكار قىلغانلارنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىنكار قىلغانلىق، دەپ ھۆكۈم قىلغان. ھالبۇكى، ئۇ ۋاقىتتا، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە نوھ ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەر كەلمىگەن ۋە ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغىلا ئىنكار قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، خرىستىئانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشمىگەنلىكلىرى ئەينى ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشمىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە نامى تىلغا ئېلىنىپ، پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بىلىنگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلغانلىق پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

2 ـ قۇرئان كەرىمدە ئىسمىلىرى بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نوھ ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردىن ئىبارەت ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرگە تەپسىلىي؛ قۇرئان كەرىمدە ئىسمىلىرى بايان قىلىنمىغانلىقتىن، ئىسمىلىرى بىزگە مەلۇم بولمىغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ ـ ئۇلاردىن سادىر بولغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ ئىسپاتلانغان ـ خەۋەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

4 ـ بىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ـ نىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش. ﴿ **فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِيَ أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيماً** ﴾ يەنى «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[1] .

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام**

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىم؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ـ بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ

---

(1) نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايەت.

ئاخىرقىسى، ئىنسانلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن، ساماۋىي دىنلارنى تولۇقلىغان ۋە بۇ دىنلارنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئەڭ شەرەپلىك پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەر بىر پەيغەمبەر بىر مەخسۇس مىللەت ئارىسىغا ئەۋەتىلگەن بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىيۈزلۈك بۇرچىنى زىممىسىگە ئالغان ھالدا پۈتۈن ئالەمگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ئالاھىدە پەيغەمبەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە رولى ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت قىلىشى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەت قىلغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ دەيدىغان ئورۇنغا كۆتىرىلگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 571 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل، فىل يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئايىنىڭ 9 ـ كۈنى(يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، 12 ـ كۈنى) دۈشەنبە كۈنلۈكتە، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئائىلىسى بولغان بەنى ھاشىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىسمائىل ئوغۇللىرىدىن كەنانە قەبىلىسىنى تاللىدى، كەنانە قەبىلىسىدىن قۇرەيشنى، قۇرەيشتىن ھاشىم ئوغۇللىرىنى، ھاشىم ئوغۇللىرىدىن مېنى تاللىدى»[1] .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئالىيجاناپ پەزىلىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە تونۇلغان، ھەتتا ئۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىشەنچلىك مۇھەممەد»، «راستچىل مۇھەممەد» دېگەنگە ئوخشاش ئېسىل ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى

ئۇ قىرىق ياشقا يەتكەن چېغىدا ئاللاھ جىبرىئىل ئىسىملىك پەرىشتىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن مەككىدە ئاۋۋال ئۈچ يىل يوشۇرۇن، كېيىن 10 يىل ئاشكارا، جەمى 13 يىل ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان جەبىر ـ زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەككىنى تەرك ئېتىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇ، مەدىنىگە كەلگەندىن

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كېيىن، كۈنـدىن ـ كـۈنگە مۇسـۇلمانلار سـانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىـسلام دىنىنـىڭ قـۇدرەت تېپىـــشى نەتىجىـــسىدە، مەدىنىـــدە تـــۇنجى ئىـــسلام دۆلىتىنــــى قۇرۇلـــدۇ. مـــۇھەممەد ئەلەيهىسـسالامنىڭ يېتەكچىلىكىـدە مەدىنىـدە تەشـكىللەنگەن ئـون مـىڭ كىـشىلىك ئىـسلام قوشۇنى ھىجرىيەنىـڭ 8 ـ يىلـى مەكـكە شـەھرىنى مۇشـرىك كۈچلىرىنىـڭ قولىـدىن ئـازات قىلىپ، ئۇنى مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزىدۇ.

پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مـۇھەممەد ئەلەيهىسـسالام ئۆزىنىـڭ پەيغەمبەرلىـك ۋەزىپىـسىنى تولـۇق ئـادا قىلغانــدىن كېـيىن، مىلادىنىـــڭ 632 ـ يىلـى، ھىجرىيەنىـــڭ 11 ـ يىلـى رەبىئۇلئەۋۋەل ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دۈشەنبە كۈنلۈكتە 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھەرقانــداق مۇسـۇلماننىڭ پەيغەمبىرىمىـز مـۇھەممەد ئەلەيهىسـسالام ھەققىـدە بـۇ قەدەر مەلۇماتلارغـا ئىـگە بولۇشـى ئىنتـايىن زۆرۈردۇر. بۇنىڭـدىن كـۆپرەك مەلۇماتقـا ئىـگە بولۇشـنى خالىغـان كىـشى «مـۇھەممەد ئەلەيهىسـسالامنىڭ تەرجىمىھـالى» دېـگەن كىتابقـا مـۇراجىئەت قىلسۇن.

سـوئال: پەيغەمبىرىمـىز مـۇھەممەد ئەلەيهىسـسالامنىڭ ھەق پەيغەمـبەر ئىكەنلىكىنـى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر قايسىلار؟

جـاۋاب: پەيغەمبىرىمـــز مـــۇھەممەد ئەلەيهىســـسالامنىڭ ئاللاھنىـــڭ ھەق ئەلچىـــسى ئىكەنلىكىنـى ئىـسپاتلايدىغان دەلىلــلەر مىڭـلاپ بـار. مـۇھەممەد ئەلەيهىسـسالامنىڭ قولىـدا مەيــدانغا كەلــگەن ھېســسىي ۋە مەنىــۋى مــۆجىزىلەر، غەيبــتىن خەۋەر بېرىــشى، باشــقا دىنلارنىــڭ كىتابلىرىـــدا بېـرىلگەن بىــشارەتلەر ۋە ئۇنىـــڭ شــانلىق ھاياتىـــدىكى جــانلىق پاكىتلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئاللاھ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

سوئال: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى قايسىلار؟

جـاۋاب: پەيغەمبىرىمـىز مـۇھەممەد ئەلەيهىسـسالامنىڭ كـۆپلىگەن مـۆجىزىلىرى بولغـان. مـۇھەممەد ئەلەيهىسـسالامنىڭ مـۆجىزىلىرى ئىچىـدىكى ئەڭ ئۇلـۇغ ۋە مەڭگۈلـۈك مـۆجىزە ـ قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىم مەنىۋى مۆجىزىدۇر.

مـۆجىزە پەيغەمبەرلەرنىــڭ ئەۋەتىلــگەن زامــان ۋە ماكانلىرىنىــڭ شــارائىتىغا مۇناســپ ھالــدا ھەرخىــل، ھەر تۈرلـۈك بولغــان، مەســىلەن: ئــاللاھ ئىبــراھىم ئەلەيهىســسالامغا ئــوت تەســىر قىلمايــدىغان مــۆجىزىنى يارىتــىپ بەرگەن، ھەتتــا ئــونى زالىــم نەمــرۇد ئوتقــا تاشـلىغاندىمۇ، ئـۇ، ئۆتتـا كـۆيمىگەن. يۇسـۇپ ئەلەيهىسـسالامغا چۈشـلەرگە تـوغرا تەبىـر

بېرىش مۆجىزىسىنى يارىتىپ بەرگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولىدىكى ھاسىسى ئەجدىرھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىنى يارىتىپ بەرگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالامغا، ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان، ھەتتا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدىغان مۆجىزىنى يارىتىپ بەرگەن. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسا، ئۇششاق تاشلارنىڭ ئۇنىڭغا سالام بېرىشى، دەرەخنىڭ ئۇنىڭغا يىغلىشى، ئاز تاماقنىڭ ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن كۆپ كىشىنى تويغۇزۇشى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىقىشى ۋە باشقىلار قاتارلىق ھېسسىي مۆجىزىلەر، قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت دائىملىق مەنىۋى مۆجىزىنى يارىتىپ بەرگەن.

مۆجىزە ـ ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە، ھەر بىر دەۋرنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ دەۋردىكى ئەڭ يۈكسەك تەرەققىياتنى بېسىپ چۈشىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن، شۇ دەۋردىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن كەلگەن. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى، سېھىرگەرلىكتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسىسىنى بىر ئاندا ئەجدىرھاغا ئايلاندۇرالايدىغان، قولىنى چىراقتەك ياندۇرالايدىغان مۆجىزىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، شۇ زاماندىكى پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ تاشلاپ، سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇر ھالغا چۈشۈرگەن.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى، تىبابەت ئىلمى پەۋقۇلئاددە تەرەققىي قىلغان بىر دەۋر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاق كېسەلنى ۋە تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدىغان مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق، ئىسرائىل قەۋمىنى ئىمانغا كىرگۈزگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە كەلسەك، بۇ دەۋردىكى ئەرەبلەر ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتتە ئىنتايىن زور تەرەققىي تاپقان بولۇپ، رەقىبلىرىگە شېئىر بىلەن تاقابىل تۇراتتى، بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىگە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئەرەب»يەنى (تىللىق راۋان)، ئەرەب بولمىغان باشقا مىللەتلەرنى«ئەجەم» يەنى(تىلسىز) دەپ ئاتايتتى. ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق بىر دەۋرگە مۇناسىپ ھالدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەر قانداق بالاغەت، پاساھەت ۋە بەدىئىيلىكلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋە ئۇنىڭ مۇنازىرىسى ئەسىرلەر بويى كۈچىدىن قالمايدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزە ـ قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئۈستۈنلىكىنى يوققا چىقاردى. ھەتتا ئۇلار بالاغەت ۋە پاساھەت جەھەتتە قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى ئەمەس، بەلكى ئون ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز قالغانلىقلىرىنى ئۆزلىرى

ئېتىـــراپ قىلـــدى. مانـــا بـــۇلار پەيغەمبەرلەرنـــىڭ دەۋالىرىنـــىڭ ھەق ۋە راســـت ئىكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

## قۇرئان مۆجىزىسى

قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىنى تۆۋەندە تۆتكە قىسقارتىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1 ـ قۇرئاننىڭ تەركىبلىنىشتىكى ئۈستۈنلىكى

قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆز ئۆزى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەردىن بولۇپ، كەلىملىرىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق پەۋقۇلئاددە يۇقىرىدۇر. قۇرئاننىڭ ئىبارىلىرىمۇ ئىنتايىن سىلىق، چاقىان، مەنىگە دالالەت قىلىش ئۈستۈنلىكى ئالاھىدە يۇقىرى، ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەپلىك ھەم ئوڭايدۇر. قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ بۇنى ھېس قىلالايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئاڭلىۋاتقان ئەرەبچە سۆزلەر ئىچىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى تېزلا بايقىۋالالايدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھەر بىر سۆزدە، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى بارچە بەدىئىيلىك تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۈلگىلىرى تېپىلىدۇ. ئەرەبلەر قۇرئان كەرىم چۈشۈشتىن بۇرۇن قەتئىي سۆزدە يېڭىلمايتتى. ھەتتا يۇنان، ھىندىستان ۋە ئىراننىڭ ئاتاغلىق ئەدىبلىرى ۋە شائىرلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى. قۇرئاننىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. قۇرئان ئەرەبلەرگە مۇنازىرە ئېلان قىلىپ، دەسلەپتە ئۇلاردىن بەدىئىيلىكتە قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى تەلەب قىلدى. ئۇلار كەلتۈرەلمىدى. ئاندىن ئۇلاردىن ئون سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنى سورىدى. ئۇلار يەنە كەلتۈرەلمىدى. ئاخىرىدا ئون ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشنى تەلەب قىلدى. يەنە كەلتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىش بىلەن ئەرەبلەرنىڭ قۇرئانغا قەتئىي تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى:

﴿ **قُل لَّئِنِ ٱجْتَمَعَتِ ٱلْإِنسُ وَٱلْجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأْتُواْ بِمِثْلِ هَـٰذَا ٱلْقُرْآنِ لاَ يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَـوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيراً** ﴾يەنى «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»[1] .

2 ـ قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئاجايىبلىقى

(1) ئىسرا سۈرىسى 88ـ ئايەت.

قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى ئىنسانلارغا تونۇشلۇق بولغان ھېچقانداق بىر ئۇسلۇبقا ئوخشىمايدۇ. ئۇ شېئىر ئەمەس، نەسىر ئەمەس، داستان ئەمەس ۋە باشقا ئىنسانىي ئۇسلۇبلاردىن بىرى ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا خاس بولغان ئىلاھىي ئۇسلۇبتۇر. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى دەسلەپتە قۇرئاننى مۇھەممەدنىڭ سۆزى دەپ دەۋا قىلغان بولسا، ئۇلار قۇرئاننىڭ كەسكىن مۇنازىرىسى ئالدىدا يېڭىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ھەيران قالغىنىدىن كېيىن، قۇرئاننى سېھىر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا سېھىرگەر دەپ دەۋا قىلىشتى. چۈنكى ئۇلار شۇ ۋاقىتتا، قۇرئاننىڭ راستىنلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىگە جەزم قىلغان ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ قۇرئاننى سېھىر دېگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ، قۇرئاننىڭ ئىنسانلارغا تونۇشلۇق بولغان بىرەر ئەدەبىي ئۇسلۇبقا ئوخشىمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ زورلىقىدىن ئىدى. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى، ئەرەبلەر ئادەتتە قوللىنىۋاتقان ئەرەب ھەرپلىرى ا، ب ، ت، ڭ، ج ۋە باشقىلاردىن تەركىبلەنگەن تۇرۇپ، ئەرەبلەرنىڭ مۇشۇ قۇرئان ئايەتلىرىگە ئوخشايدىغان ئون ئايەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ شۇبھىسىزكى، قۇرئاننىڭ ئاللاھ سۆزى ئىكەنلىكى ئىدى.

سىز بىرەر بەدىئىي ئەسەرنى دەسلەپ ئوقۇغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، ئۇنى تويماي ئوقۇيسىز. ئەمما ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇغىنىڭىزدا سىزدىكى ھاياجان يوقىلىدۇ، سىزگە بىرەر يېڭىلىق ھېس قىلىنمىغانلىقتىن، ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇشتىن زېرىكىش ھېس قىلىسىز. ھالبۇكى قۇرئاندا بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر يوق. ئەكسىچە، سىز قۇرئاننى قانچىلىك كۆپ قايتىلاپ ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ جازىبىسىتى شۇنچىلىك ئاشىدۇ، ئۇنى تويماي ئوقۇيسىز. ئۇنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتى سىزنى زوقلاندۇرىدۇ. ئەينى ئايەت ياكى سۈرىنى ھەر قېتىم قايتا ئوقۇغىنىڭىزدا سىزگە يېڭى - يېڭى مەنە ۋە ھېسلارنى بېرىدۇ. بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم فاتىھە سۈرىسىنى ئاز دېگەندە كۈندە 32 قېتىم ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدىن ھېچقانداق زېرىكىش ياكى مالاللىق ھېس قىلمايدۇ. ئەكسىچە، قۇرئاننىڭ كۆڭۈللەرگە ھوزۇر - ھالاۋەت بېرىش نىسبىتى ئاشىدۇ. بۇ ھوزۇر - ھالاۋەتنى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلىدىغانلارلا ئەمەس، بەلكى ئېلىپبەنىڭ چوڭقىنى بىلمەيدىغان مۇسۇلمان كىشىمۇ - ئەگەر ئىخلاسى بولسا - ئەلۋەتتە تېتىيالايدۇ.

3 - قۇرئاننىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى راستچىللىقى

قۇرئان كەرىمدە خەۋەر بېرىلگەن نۇرغۇن ئىشلار ئەمەلىيەتتە مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: دۇنيانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلىرى بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن،

ئەرەب مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش مەغلۇبىيەت بولىدىغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇتپەرەس، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خرىستىئانلار ئىدى. بۇۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىدىن خەۋەر بېرىپ:

﴿ غُلِبَتِ ٱلرُّومُ فِيٓ أَدۡنَى ٱلۡأَرۡضِ وَهُم مِّنۢ بَعۡدِ غَلَبِهِمۡ سَيَغۡلِبُونَ. فِي بِضۡعِ سِنِينَۗ لِلَّهِ ٱلۡأَمۡرُ مِن قَبۡلُ وَمِنۢ بَعۡدُۚ وَيَوۡمَئِذٖ يَفۡرَحُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ. بِنَصۡرِ ٱللَّهِۚ يَنصُرُ مَن يَشَآءُۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴾ يەنى «رىملىقلار يېقىن بىر جايدا(پەلەستىندە) يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ. ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرىشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ»[1] .

ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن رىملىقلار ئىرانلىقلارنى يېڭىدۇ.

مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوق قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلىرىنى قوللىنىدۇ، كۆپ قېتىم سۇيىقەستلەرنى پىلانلايدۇ. شۇۋاقىتتا قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىرىنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغۡ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ وَإِن لَّمۡ تَفۡعَلۡ فَمَا بَلَّغۡتَ رِسَالَتَهُۥۚ وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِ ﴾يەنى «ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ»[2] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. بۇ ئايەت چۈشكەن ھامان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا: »ئەي خالايىق! بىزدىن يىراق تۇرۇڭلار، بىزنى ئاللاھ ئۆزى قوغدايدۇ« دەپ ئېلان قىلىدۇ ۋە ئەمەلىيەتتە سۇيىقەستلەردىن ئامان قالىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى مەككىنى مۇشرىكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. قۇرئان ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىپ:

﴿لَّقَدۡ صَدَقَ ٱللَّهُ رَسُولَهُ ٱلرُّءۡيَا بِٱلۡحَقِّۖ لَتَدۡخُلُنَّ ٱلۡمَسۡجِدَ ٱلۡحَرَامَ إِن شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ

(1) رۇم سۈرىسى 2-5. ئايەتلەر.

(2) مائىدە سۈرىسى 37 - ئايەت

**مُحَلِّقِينَ رُءُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ لاَ تَخَافُونَ فَعَلِمَ مَا لَمْ تَعْلَمُواْ فَجَعَلَ مِن دُونِ ذَلِكَ فَتْحاً قَرِيباً**﴾يەنى «ئى مۇھەممەد! سەن ساھابىلىرىڭ ئاللاھ خالىسا دۈشمەندىن خاتىرجەم بولغان ھالدا، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار)قىرقىغان ھالدا قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر»[1]، دەيدۇ ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئىسلام قوشۇنى مەككىنى تىنچلىق بىلەن پەتھى قىلىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاننى ئۆزى ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ:

﴿**إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ**﴾ يەنى «قۇرئاننى بىز چۈشۈردۇق، بىز ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز»[2] دېگەنىدى. قۇرئاننىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 14 ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، قۇرئان ھازىرغىچە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىلمەستىن، شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قۇرئاننىڭ مۇندىن باشقا غەيبىتىن بەرگەن ۋە ئەمەلىيەتتە مەيدانغا چىققان خەۋەرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

4 ـ قۇرئاننىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر ئۇممى پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەنلىكى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمرى ئىچىدە ھېچ ئوقۇمىغان، بۇ سەۋەبتىن ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا چۈشكەن قۇرئاندا، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇممەتلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى، ھەتتا تارىخ يۈزىدە ھېچ ئىزى قالمىغان قەدىمىي مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناسلارنىڭ يۈزدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسەلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسەلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خرىستىئان) ئالىملىرىنىڭ قولىدىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ قىسسىلىرى بىلەن ئوخشاش چىققان. بۇ سەۋەبتىنمۇ شۇ زامانلاردا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئالىملىرى كۆپ بولغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ يۇقىرىقى قىسسىلەرنى شۇ ھەقىقەتتى بىلەن بايان قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق

(1) فەتھ سۈرىسى 27ـ ئايەت.

(2) ھىجر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

ئىكەن، قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق!

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن باشقا مۆجىزىلىرى

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن باشقا مۆجىزىلىرى مەدانغا كەلگەنمۇ؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن باشقا كۆپلىگەن مۆجىزىلىرى مەدانغا كەلگەن. مەسىلەن:

1. ئاينىڭ يېرىلىشى

مۇشرىك ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ئەگەر سەن راستىنلا پەيغەمبەر بولىدىغان بولساڭ، ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ بېرەلەيسەن» دېگەندە، ئاللاھ تائالا ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ۋەقەلىكنى شۇ ۋاقىتتىكى مۇسۇلمان، كاپىر ھەممىسى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىكىنى مەشھۇر ساھابىلاردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، ئەنەس ۋە باشقىلار سۆزلىگەن. ئىمام بۇخارى »سەھىھۇلبۇخارى«ناملىق شانلىق ئەسىرىدە بۇ ۋەقەلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تۆرلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىغان. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەلىك توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

﴿**إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَـٰفِظُونَ**﴾يەنى «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى، (قۇرەيش كۇففارلىرى بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ ”داۋاملاشقۇچى سېھىر“دېيىشىدۇ»[1] .

2. ئىسرا - مىراج

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىر كېچىدىلا مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدىن پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بارغان. بۇ ۋەقە »ئىسرا«يەنى (كېچىدە يۈرۈش) دەپ ئاتالغان. يەنە شۇ كېچىدە ئۇنى يەتتىنچى ئاسمانغىچە ئېلىپ چىققان، شۇ جايدا ئۇنىڭغا ۋە ئۇممەتلىرىگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغان. بۇ ۋەقە »مىراج« يەنى (ئۆرلەش) دەپ ئاتالغان. بەش ۋاخ نامازنىڭ »مۇسۇلمانىنىڭ مىراجى« دەپ ئاتالغانلىقىمۇ بۇ سەۋەبتىن - ئۇنىڭ مىراج كېچىسى يەتتىنچى ئاسماندا پەرز قىلىنغانلىقى سەۋەبتىن - ئىدى. ئاللاھ بۇ ۋەقەلىكنى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿ **سُبْحَانَ ٱلَّذِي أَسْرَىٰ بِعَبْدِهِ لَيْلاً مِّنَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ إِلَىٰ ٱلْمَسْجِدِ ٱلأَقْصَى ٱلَّذِي بَارَكْنَا**

---

(1) قەمەر سۈرىسى1 - 2 - ئايەتلەر.

حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَآ إِنَّهُ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلبَصِيرُ﴾ يەنى «بىر كېچىدە، ئۇنىڭغا قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتەيلى دەپ، بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە نوقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1] .

ئاللاھ مىراج توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ذُو مِرَّةٍ فَٱسْتَوَىٰ. وَهُوَ بِٱلأُفُقِ ٱلأَعْلَىٰ. ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّىٰ. فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَىٰ. فَأَوْحَىٰ إِلَىٰ عَبْدِهِ مَآ أَوْحَىٰ مَا كَذَبَ ٱلْفُؤَادُ مَا رَأَىٰ﴾ يەنى «ئۇنىڭ (يەنى جىبرائىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىن يېقىنراق يېقىنلاشتى. ئاللاھ بەندىسىگە (جىبرائىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى ( يەنى راست كۆردى)» [2] .

3 ـ بوران ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلغانلىقى

مەككە مۇشرىكلىرى بارلىق ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىنتايىن زور قوشۇن تەييارلاپ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە بېسىپ كەلگەندە، مۇسۇلمانلار مەدىنىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا كولىغان خەندەكنىڭ بىر تەرىپىدە، مۇشرىك قوشۇنلىرى ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇراتتى. تۇساتتىن قاتتىق بوران چىقىشى بىلەن مۇشرىك قوشۇنلىرىنىڭ چېدىرلىرى، سۇلىرى، ئات ـ ئۇلاقلىرى ئەجەللىك ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ. مۇشرىك قوشۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھ ئەۋەتكەن نامەلۇم قوشۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. قالغانلىرى قاچىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى بولسا غەلىبە قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ۋەقەلىكنى مۇسۇلمانلارغا ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ ٱذْكُرُواْ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَآءَتْكُمْ جُنُودٌ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحاً وَجُنُوداً لَّمْ تَرَوْهَا وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيراً﴾ يەنى «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە

(1) ئىسرا سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(2) نەجم سۈرىسى 6 ـ11 ـ ئايەتلەر.

قىلغان نىيىتىنى ئەسلەڭلار، ئۇز ۋاقتىدا ئۇستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1] .

4 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت ئەسناسىدا ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرنىڭ ياردەم قىلغانلىقى

مەككە مۇشرىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ياتقان ئۆيىگە كىرىدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئاللىقاچان مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىپ بولغان ئىدى. قۇرەيش كاتتىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلۈك ياكى تىرىك تۇتۇپ كەلگەن ئادەمگە 100 تۆگە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سەھرا يولباشچىلىرى 100 تۆگىگە ئىگە بولۇشنىڭ مەستانىلىكىدە، بۇ ئىككىسىنى قوغلاشقا كىرىشىدۇ. مەشھۇر سەھرا يولباشچىسى سۇراقە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمراھى ئەبۇبەكرىنىڭ يوشۇرۇنىۋالغان غاردىن چىققىنىنى كۆرۈپ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. سۇراقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىشى بىلەن ئېتىنىڭ ئىككى پۇتى قۇرسىقىغىچە قۇمغا پېتىپ قالىدۇ. ئاللاھ بۇ قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿ **إِلاَّ تَنصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ ٱللَّهُ إِذْ أَخْرَجَهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ثَانِيَ ٱثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي ٱلْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لاَ تَحْزَنْ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَنَا فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَيْهِ وَأَيَّدَهُ بِجُنُودٍ لَّمْ تَرَوْهَا** ﴾ يەنى «ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۇز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) قوغلاپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا بىر كىشى (ئەبۇبەكرى)ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا ”غەم قىلما، ئاللاھ چوقۇم بىز بىلەن بىللە“ دەيتتى. ئاللاھ پەيغەمبىرىگە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان)قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى. ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار»[2] .

5 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىققانلىقى

ئەنەس ئىبنى مالىك باشچىلىقىدىكى بىر توپ ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ناماز ئەسرىنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالغانىدى، تاھارەت ئېلىشقا

(1) ئەھزاب سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

(2) تەۋبە سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

يېتەرلىك سۇ يوق، پەقەت بىر قاچىدىلا ئازراق سۇ قالغان ئىكەن. بىز بۇ سۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغان ئېلىپ كېلىشۇدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىدىكى سۇغا قولىنى سېلىپ تۇرۇپ، بىزلەرنى ”كېلىڭلار، تاھارەت ئېلىڭلار“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن بۇلاقتەك سۇلار چىقىپ تۇراتتى. ھەممىمىز تاھارەت ئالدۇق. سانىمىز 300 دىن كۆپرەك كىشى ئىدى»[1] .

بۇ مۆجىزىنىڭ مۇندىن باشقا ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە كۆپ قېتىم تەكرارلانغانلىقى توغرىلىق باشقا ھەدىسلەرمۇ بار.

6 ـ ئازغىنە تاماقنىڭ كۆپ كىشىنى تويغۇزغانلىقى

مەدىنىدە خەندەك كولاش پائالىيىتىگە قاتناشقان ساھابىلارنىڭ بىردەك رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خەندەك كولىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەممىمىزنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەن ئىدى. جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر قانچە ساھابىلىرى بىلەن غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قوي سويغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك مەيدانىدىكى ھەممىمىزنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى. سانىمىز 1000دىن كۆپرەك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماققا دۇئا قىلىشى بىلەن بۇ تاماق شۇنچىلىك بەرىكەتلىك بولۇپ كەتتىكى، بىز ئارقا ئارقىدىن جابىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تويغىچە غىزالاندۇق»[2] .

7 ـ ياغاچنىڭ يىغلىغانلىقى

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدى خورما دەرەخلىرى بىلەن تۇرغۇزۇلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھەمىشە مەسجىدتىكى بىر تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى. كېيىنچە مەسجىدكە مىنبەر ياسىلىپ، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى تۈۋرۈككە يۆلەنمەستىن، شۇ مىنبەردە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيدىغان بولدى. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ خۇتبە ئوقۇۋاتقىنىدا ھېلىقى ياغاچتىن خۇددى كىچىك بالىنىڭ يىغىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاتتىق يىغا چىقىپ كەتتى، مەسجىد ئەھلى دەسلەپتە ئالاقىزادە بولۇپ كېتىشتى، كېيىنچە ئۇلارمۇ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ بۇ ياغاچقا مۇبارەك قولىنى قويۇشى بىلەن ئۇنىڭ يىغىسى بېسىلدى»[3] .

8 ـ قەتادەنىڭ كۆزىنىڭ شىپا تاپقانلىقى

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بۇخارى رىۋايىتى.

قەتادە ئىسىملىك بىر ساھابىنىڭ ئۇھۇد غازىتىدا يارىدارلىنىپ بىر كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆزىنى مۇبارەك قولى بىلەن تۇتۇپ ئورنىغا سېلىپ قويۇشى بىلەن، ئۇنىڭ كۆزى خۇددى ھېچنەرسە بولمىغاندەكلا ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ "بۇ كۆزۈم يەنە بىر ساق كۆزۈمدىنمۇ بەكرەك كۆرىدىغان بوپقالدى" دېگەنلىكىنى كۆپ ساھابىلار رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىقى مۆجىزىلەرنىڭ ھەر بىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا مەيدانغا كەلگەن مەزكۇر مۆجىزىلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ــ مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن ــ ھېچكىم ئىنكار قىلالمىغان.

## قەدىمقى كىتابلارنىڭ بىشارەتلىرى

بۇرۇنقى دىنىي كىتابلاردىكى بىشارەتلەر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا يەھۇدىي، خرىستىئان، مەجۇس(ئاتەشپەرەس)، ھىندۇس، بىرەھما ۋە باشقا دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا كۆپلىگەن بىشارەتلەر كەلگەن. ھېچكىم بۇ بىشارەتلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كىتابلىرىغا يېزىۋالغان دەپ گۇمان قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ بىشارەتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن بىرقانچە ئەسىرلەر بۇرۇن بېرىلگەن. يۇقىرىقى دىنلارنىڭ كىتابلىرى نۇرغۇن قېتىملىق ئۆزگەرتىلىش ۋە يەڭگۈشلىنىشلىرىگە قارىماي بەزى بىشارەتلەر ساقلىنىپ قالغان. تۆۋەندە مەزكۇر بىشارەتلەردىن بىرقانچە مىسال بېرىلىدۇ:

### تەۋراتنىڭ بىشارەتلىرى

تۆۋەندە تەۋراتتىن بەش بىشارەت بايان قىلىنىدۇ:

1ــ «رەب مۇساغا "ئۇلار ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرى ئىچىدىن ساڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر چىقىرىمەن ۋە سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قويىمەن"دېدى»[1] .

تەۋراتنىڭ بۇ تېكىستى ئىنجىلدىمۇ تىلغا ئېلىنغان: «مۇسا مۇنداق دېگەن"رەب سىلەرگە قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن ماڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر چىقىرىدۇ. ئۇ نېمە

(1) تەۋرات«تەسنىيە»بابى 18ـ تېكست.

دېسە شۇنى ئاڭلايسىلە»“[1] .

مەشھۇر خرىستىئان دىن ئالىمى بۇشرا زۇخارى مىخائىل (مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن يازغان) «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىنجىلنىڭ بىشارەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، تەۋرات ۋە ئىنجىللارنىڭ باشقا بابلىرىدا كۆپلەپ قەيت قىلىنغان يۇقىرىقى تېكىستتىن خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن مەيدانغا كەلگەن يەنى ئىسرائىل (ئىسرائىل ئوغۇللىرى)غا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ”قېرىنداشلىرىڭلار ئارىسىدىن“دېگەن سۆزى، ئىسھاقنىڭ قېرىندىشى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىشارەتتۇر. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئەرەب بولۇپ، ئۇلاردىن كەلگەن پەيغەمبەر يالغۇز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن يۇشە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئىسھاق ۋە ياقۇب (ئىسرائىل)نىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر. بۇ سەۋەبتىن يۇشە بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچبىرى بۇ بىشارەتتىكى پەيغەمبەر بولالمايدۇ. ئەگەر بىشارەتتىن ئۇلار مەقسەت قىلىنغان بولسا ئىدى، بىشارەتنىڭ تېكىستى”قېرىنداشلىرىڭلار ئىچىدىن“ ئەمەس، ”سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن“ دېيىلگەن بولاتتى.

يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ماڭا ئوخشاش»دېگەن سۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى يۇشە بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرىدە، ئېلىپ كەلگەن شەرىئىتىدە ۋە باشقا كۆپلىگەن مەسىلىلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرىگە قارشى جىھاد قىلدى ۋە ئۇلارنى يەڭدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ پىرئەۋنگە قارشى جىھاد قىلدى ۋە ئۇنى يەڭدى. مۇندىن باشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى جىھاد، قانۇن - پرىنسىپ، جازا قانۇنلىرى ۋە باشقىلار قاتارلىق 20گە يېقىن خۇسۇسىيەت ۋە ئۆزگىچىلىكلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، يۇشە ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىمايدۇ. يۇشە ئەلەيھىسسالامغا بىرەر كىتاب چۈشكىنى يوق، ئۇ جىھاد قىلغىنى يوق. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاتىسىز دۇنياغا كەلگەن بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا كەلگەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆلۈمىمۇ ئوخشىمايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ دەپنە

(1) مەتتا ئىنجىلى«پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرى»بابى 22 ـ تېكىست.

قىلىنغان بولسا، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ كېتىلگەن. «شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مۇساغا ئوخشاش بىرەر پەيغەمبەر كەلگىنى يوق»[1] .

ئاللاھنىڭ بۇ تېكىستتىكى «سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قويىمەن» دېگەن سۆزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، پەقەت ئاللاھنىڭ پەرىشتە جىبرائىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆزلىگەنلىرىنى يادلىۋېلىپ شۇ بويىچە ئۇممەتلىرىگە يەتكۈزىدىغان ئۇممىي (ساۋاتسىز) پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن يەھۇدىيلار تەۋراتتا بىشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئۇلار كۈتكەن پەيغەمبەر ئىسا ئەلەيھىسسالام ياكى يۇشەلەردىن بىرى ئەمەس ئىدى. چۈنكى يۇشە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن كىشى، ئىسا ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقان پەيغەمبەر. ئۇنداقتا ئۇلار كىمنى كۈتەتتى؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۈتەتتى«.

2 ـ «رەب سىنادىن كەلدى، ئۇلارغا سائىردىن ئاشكارا بولدى، پاران تاغلىرىدا پارلىدى ۋە ئون مىڭلارچە مۇقەددەسلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوتلۇق پەرمان بار ئىدى»[2] .

يۇقىرىقى تېكىستتىكى «سىنادىن كەلدى»دېگەن سۆز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مىسىرنىڭ تۇرسىنا تېغىدا ئىلاھىي تەلىماتلارنىڭ بېرىلگەنلىكىگە، «سائىردىن ئاشكارا بولدى» سۆزى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئورشىلىمغا يېقىن بولغان سائىر دېگەن جايدا ئىنجىلنىڭ بېرىلىدىغانلىقىغا ۋە «پاران تاغلىرىدا پارلىدى»سۆزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن چىقىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. «پاران»نىڭ ئەرەبچە ئوقۇلىشى «فاران»بولۇپ، مەككىنىڭ قەدىمىي ئىسىملىرىدىن بىرى. تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش بابى» 21 ـ تېكىستىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ فاران چۆللىرىدە هايات كەچۈرگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىقى تېكىستتىكى «ئوڭ تەرىپىدە ئوتلۇق پەرمان بار ئىدى» سۆزىمۇ ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان جىهادقا ئىشارەت قىلىدۇ.

هازىرقى خرىستىئان پوپلىرىدىن ئىبراھىم خەلىل ئەھمەد (مۇسۇلمان بولغاندىن

(1) تەۋرات »تەسنىيە« 34 ـ تېكىست.
(2) تەۋرات«تەسنىيە» 33 ـ تېكىست.

كېيىن ئىسمىنى شۇنداق دەپ ئاتىغان) تەۋراتنىڭ بۇ تېكىستى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تېكىستتىكى خەۋەرلەر مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ چىقىدىغان ئورۇنلىرىنى بەلگىلىگەن بىشارەتتۇر. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ ئايىتىگە مۇۋاپىقلىشىدۇ:

﴿وَٱلتِّينِ وَٱلزَّيْتُونِ. وَطُورِ سِينِينَ. وَهَـٰذَا ٱلْبَلَدِ ٱلْأَمِينِ﴾يەنى «ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى، سىنا تېغى بىلەن قەسەمكى بۇ تىنچ شەھەر (مەككە) بىلەن قەسەمكى..»[1] بۇ ئايەتلەر مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ چىقىدىغان ئورۇنلىرىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام توغۇلغان پەلەستىن تارىختىن بېرى ئەنجۈر بىلەن زەيتۇنغا مەشھۇردۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھىي تەلىماتلار ۋە تەۋرات بېرىلگەن جاينىڭ نامى تۇرى سىنا تېغى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن ۋە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن جاينىڭ نامى مەككىدۇر».

3 ـ ئاللاھ تەۋراتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «ئۇلار مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئىلاھ ئەمەس نەرسىلەرگە چوقۇنۇش ئارقىلىق مېنى غەزەپلەندۈردى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلمىسىز، قالاق بىر قەۋمگە ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قىزغاندۇرىمەن»[(2)] .

يۇقىرىقى تېكىستتىكى «بىلىمسىز ۋە قالاق قەۋم» دېگەن ئىبارىدە ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئەرەبلەر ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى دۇنيادا ئەڭ قالاق، بىلىمسىز ۋە ۋەھشى بىر قەۋم ئىدى، ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن بىرەر پەيغەمبەرمۇ كەلمىگەن. يەھۇدىيلار ئەرەبلەرنى دېدەك ئايالنىڭ ئەۋلادى دەپ ئەيىبلايتتى ۋە ئىنسان قاتارىدا كۆرمەيتتى. چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ، جۈملىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادى بولغان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئايالى ھاجەر (مىسىر پادىشاھى ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن قوشۇپ بېرىلگەن خىزمەتچى ئايال)دىن تۇغۇلغان، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئاتىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئايالى سارەدىن تۇغۇلغان بولغانلىقى ئۈچۈن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ئەرەبلەردىن ئۈستۈن كۆرەتتى.

يۇقىرىقى تېكىستتىكى بىشارەت ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆزدە تۇتمايدۇ، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ مۇناسىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىدى. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەۋلادىدىن قىزغانمايدۇ. قىزغىنىش پەقەت ياتلارغا، خۇسۇسەن

1 تىن سۈرىسى1 ـ3 ـ ئايەتلەر

(2) تەۋرات«تەسنىيە» 21:32.

ئۆزىنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن سانالغانلارغا كەلگەن ئامەتنى كۆرەلمەسلىكتىن بولدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **لَقَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْ أَنْفُسِهِمْ يَتْلُواْ عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَابَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبْلُ لَفِي ضَلاَلٍ مُّبِينٍ** ﴾ يەنى «ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى( يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى»[1] .

4 ـ تەۋراتتا ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قىلغان مۇنۇ ۋەدىسى قەيت قىلىنغان:«سېنىڭ نەسلىڭدىن بولغان ئىسمائىل(ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئايالى ھاجەرنىڭ ئوغلى)دىن كىشىلەرگە يولباشچى بولىدىغان ياخشى ئۈممەت چىقىرىمەن». ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەر كەلمىگەندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدەك كىشىلەرگە يولباشچى بولىدىغان ياخشى ئۈممەت مەيدانغا كېلىپ باققان ئەمەس. بۇ قۇرئان كەرىمدىكى:

﴿**كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ**﴾ يەنى«ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»[2] دېگەن ئايەتكە مۇۋاپىقلىشىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى بىنا قىلىۋېتىپ ئاللاھقا قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقى ئىدى. ئۇلار مۇنداق دۇئا قىلغان«.....پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلار( يەنى ئەۋلادلىرىمىز)ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭ(قۇرئان)نى، ھېكمەت(پاك سۈننەت)نى ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىق ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن»[3] .

تەۋراتنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى توغرىلىق بەرگەن بېشارەتلىرىدە، ئۇنىڭ نامى ئۇلۇغلىنىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ تۆگىگە مىنىدىغانلىقى، قىلىچ تۇتۇپ جىھاد قىلىپ ئۆزى

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 164ـ ئايەت.

2 ئال ئىمران سۈرىسى110ـ ئايەت.

(3) بەقەرە سۈرىسى129ـ ئايەت.

ۋە ساھابىلىرى غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھەر كۈنى دۇرۇد ئوقۇلىدىغانلىقى(بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بەش ۋاخ نامازلىرىدىكى تەشەھھۇدلىرىدا ئىپادىلەنمەكتە) ۋە ئىككى تارغىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەرلىك ئالامىتى بارلىقى قەيت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تارغىقى ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك ئالامىتى بار ئىدى.

5 ـ تەۋراتتا ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «... ئەمما تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ۋە مەن بۇيرۇمىغانلارنى مېنىڭ نامىمدىن ياكى باشقا يالغان مەبۇدلارنىڭ نامىدىن سۆزلىگەن پەيغەمبەر ئۆلتۈرۈلىدۇ»[1] .

يۇقىرىقى تېكىست يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئالدامچىلارنىڭ چوقۇم ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ سۆزىگە مۇۋاپىقلىشىدۇ:

﴿ وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ ٱلْأَقَاوِيلِ. لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِٱلْيَمِينِ. ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ ٱلْوَتِينَ ﴾ يەنى «ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق»[2] .

يۇقىرىقىلاردىن ئىسپاتلاندىكى، ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋا قىلىپ چىققان بىر كىشى بولسا ئىدى، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتى. يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلەردىن بولغان ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرەلمىگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىھادلارغا ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ ئالدىنقى سەپتە بولغان ۋاقىتلىرىدىمۇ دۈشمەنلەر ئۇنى يارىدار قىلالىغان بولسىمۇ ئۆلتۈرەلمىگەن. ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۇنى دۈشمەنلەرنىڭ قەستلىرىدىن ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ﴿ وَٱللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِ ﴾يەنى«ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلايدۇ»[3] .

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىنىپ قالغان ھالدا ئاخىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

### ئىنجىلنىڭ بىشارەتلىرى

ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەسلى ئىنجىلنىڭ ئاللىبۇرۇن يەر

---

(1) تەۋرات«تەسنىيە» 18: 21.

(2) ھاققە سۈرىسى44 ـ 46 ـ ئايەتلەر.

(3) مائىدە سۈرىسى 67ـ ئايەت.

يۈزىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىكى ۋە ھازىرقى خرىستىئانلارنىڭ قولىدىكى ئىنجىللارنىڭ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن خېلى كۆپ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغانلىقى پۈتكۈل خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ھەقىقەتتۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالام نامىدىن كۆپلىگەن ئىنجىللار يېزىپ چىقىلىدۇ. مىلادىيەنىڭ 325- يىلى ئىمپېراتور كونستانتىن (KONSTANTIN)نىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھازىرقى تۈركىيىنىڭ «ئىزنىك» دېگەن يېرىدە مىڭدىن كۆپرەك خرىستىئان دىنىي ئالىملىرى يىغىلىپ بىر چوڭ قۇرۇلتاي ئاچىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ قارارى بويىچە، شۇ ۋاقىتتىكى 70 تىن كۆپرەك ئىنجىلدىن ئاپتورلىرى بىر قەدەر مەشھۇرراق بولغان 4 ئىنجىلنى تاللاپ چىقىدۇ ۋە قالغانلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا كۈچكە ئىگە دەپ تاللاپ چىقىلغان مەشھۇر 4 ئىنجىلنى «مۇقەددەس كىتاب» ياكى »يېڭى ئەھد«دەپ ئاتايدۇ. ھازىرقى خرىستىئانلارنىڭ قولىدىكى 4 ئىنجىل يۇھەننا ، مەتتا، لۇقا ۋە ماركۇس ئىسىملىك 4 شەخسنىڭ يېزىپ چىققان ئىنجىللىرىدۇر. شۇ ۋاقىتتا چەكلەنگەن ئىنجىللار ئىچىدە بەرنابا ئىنجىلى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىنجىلمۇ بار ئىدى. بۇ ئىنجىلنى شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن خرىستىئان دىن ئادەملىرى يوشۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇ سەۋەبتىن ئۇ مەشھۇر 4 ئىنجىل قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ مەشھۇر پوپ فرامىنو دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ئىنجىلدا ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بەندە ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلغانلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قەيت قىلىنغان ھەمدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنلىكىمۇ قەيت قىلىنغان. ھازىرقى زامان مەشھۇر پوپلىرىدىن دوكتور چارلىز فرانس «ئىسادىن كېيىن يوقالغان ھەقىقەتلەر ئىچىلماقتا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بەرنابا ئىنجىلى يېزىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا چېركاۋلار ئۇنى يوشۇرغان. ئۆلۈك دېڭىز ئەتراپىدىن يېڭى قېزىلغان قولىيازمىلار بەرنابا ئىنجىلىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقتا».

ئۆلۈك دېڭىز ئەتراپىدىن قېزىلغان ساپال كوزىلار ئىچىدىن قەدىمكى قولىيازمىلار چىققان. بۇ قولىيازمىلارنى ئوردانىيە پادىشاھلىقى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە دوكتور د.ف. برايت بۇ قولىيازمىلارنىڭ ئىنجىللارنى تەتقىق قىلىش ئىلمىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «بۇ قولىيازمىلارنىڭ راست ئىكەنلىكىدە دۇنيادا ھېچكىم قىلچە شەك قىلالمىدى. بۇ قولىيازمىلار بىزنىڭ خرىستىئانلار توغرىسىدىكى كۆز قارىشىمىزدا ئىنقىلاپ قوزغىماقتا». ۋاشىنگتون چېركاۋلىرىنىڭ باش رەئىسى پوپ ئا. پاۋۇل «ئۆلۈك دېڭىز قولىيازمىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۆلۈك دېڭىز

قولىيازمىلىرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى ئەھمىيەتلىك چوڭ كەشپىياتلارنىڭ بىرى. ئۇ بىزنىڭ ئىنجىلغا بولغان تەقلىدىي چۈشەنچىمىزنى ئۆزگەرتمەكتە».

ئۆلۈك دېڭىزدىن تېپىلغان بۇ قولىيازمىلارنىڭ بىرىدە: « ئىسا خرىستىئانلارنىڭ پەيغەمبىرى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر پەيغەمبەر بار»دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىستمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەر يالغۇز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

بەرنابا ئىنجىلىنىڭ ھەممە خرىستىئانلار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى بىشارەتلەر توغرىلىق توختىلىشنى ھاجەتسىز دەپ قارايمىز ۋە تۆۋەندە پۈتكۈل خرىستىئان دۇنياسى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان مەشھۇر 4 ئىنجىلدە ساقلىنىپ قالغان بەزى بىشارەتلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

1ـ مەتتا ئىنجىلىدا يەسۇئ (ئىنجىللاردا ئىسا ئەلەيھىسسالام يەسۇئ دەپ قەيت قىلىنغان) مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە بىناكار قويۇپ كەتكەن تاش بىنادىكى بىر بوش ئورۇن توغرىلىق سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم. بۇ بوش ئورۇن رەب(پەرۋەردىگار) تەرىپىدىن تۆرنىڭ ئىگىسى( ھۆرمەتكە سازاۋەر) بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىزگە نىسبەتەن ھەيران قالارلىق بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويماقچىمەنكى، ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقى چوقۇم سىلەردىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى چىقىرىدىغان بىر مىللەتكە بېرىلىدۇ»[1] .

يۇقىرىقى تېكىستلەردە پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ روھىي بويىچە ئەمەل قىلىدىغان بىر مىللەتكە بېرىلىدىغانلىقى ۋە بۇ مىللەتنىڭ شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ قالىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«مېنىڭ ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى بىر بىناغا ئوخشايدۇكى، بۇ بىنا ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئېسىل سېلىنغان، لېكىن ئۇنىڭ تۆر تەرىپىدە بىر خىشنىڭ ئورنى بوش قويۇلغان، بۇ بىنانى كۆرگەن كىشىلەر ”مۇشۇ بوش ئورۇنغا بىرلا خىش قويۇلغان بولسا بۇ بىنا تولۇق پۈتەر ئىكەن“ دېيىشىدۇ. شۇ بوش ئورۇنغا قويۇلغان خىش مانامەن. مېنىڭ كېلىشىم بىلەن پەيغەمبەرلىك تاماملاندى»[2] .

2 ـ «يەسۇئ مۇنداق دېدى ”مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى. مەن چوقۇم سىلەردىن ئايرىلىمەن. ئەگەر مەن ئايرىلمىسام رەب سىلەرگە

---

(1) مەتتا ئىنجىلى 11ـ 12ـ 13 ـ تېكىستلەر.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

فاراكلىتنى ئەۋەتمەيدۇ“ »[1] .

يـۇقىرىقى تېكىـستتىكى «فاراكلىـت» سـۆزى ئەرەبچىـدىكى «مـۇھەممەد» ۋە «ئەھــمەد» دېگەن ئىسىملارنىڭ مەنىسىگە يېقىنلىشىدۇ. ئىسلام ئـالىملىرى بـۇ سـۆزنى خرىستىئانلارغا قارشى دەلىـل قىلىـپ كۆرسىتىدۇ. ئەممـا خرىسـتىئان ئالىملىرىغا كـۆرە، «فاراكلىـت» دېگەن سـۆز ئەسـلىدە گرېـك تىلىـدىكى «پرېكلىتـوس»سـۆزىنىڭ بـۇزۇپ قوللىنىلىـشى بولـۇپ، ئۇنىـڭ مەنىـسى «هــۆرمەتكە سـازاۋەر بولغــۇچى» يـاكى «مــۇئەللىم» دېـگەن مەنىنــى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئـان كەرىمـدە مـۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىنجىلـدىكى ئىـسمى ئەھـمەد ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

3 ـ يۇھەننـا ئىنجىلىـدا قىبلىنىــڭ بەيتۇلمۇقەددەســتىن ئۆزگەرتىلىدىغانلىقــدىن بىـشارەت بېـرىلگەن. قىبلىنىــڭ ئۆزگەرتىلىـشى پەقەت پەيغەمبەرنىــڭ ۋاستىــسى بىـلەن بولىـدۇ. هـالبۇكى، ئىـسا ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋرىـدە قىـبلە ئـۆزگەرتىلگەن ئەمەس، بەلكـى مــۇھەممەد ئەلەيهىســسالامنىڭ زامانىـــدىلا ئـــۆزگەرتىلگەن. يۇھەننـــا ئىنجىلـــى ئىـــسا ئەلەيهىســسالام بىـــلەن ســـامىرىيەنىڭ ئايـــالى ئوتتۇرىـــسىدا ئـــۆتكەن دىئالوگتـــا، ئىـــسا ئەلەيهىسسالامنىڭ كىشىلەر يـۈز كەلتـۈرۈپ نامـاز ئوقۇيـدىغان قىبلىنىـڭ مەلـۇم بىـر ۋاقىتتـا مەلـۇم بىـر جايغـا ئۆزگەرتىلىدىغانلىقــدىن خەۋەر بەرگەن. «ســامىرىيەنىڭ ئايــالى يەســۇئ (ئىـسا)غـا ”بىزنىـڭ ئەجـدادلىرىمىز بـۇ تاغقـا قـاراپ سـەجدە قىلاتتـى. سـىلەر سـەجدە قىلىـشقا لايىــق جــاي ئېروســالىم (بەيتۇلمــۇقەددەس)دا دەۋاتىــسىلەر“دېــدى. يە ســۇئ بۇئايالغــا ”هەي ئايــال! ئىــشەنگىنكى بىــر زامــان كېلىــدۇ، شــۇ ۋاقىتتــا ســىلەر ئېروســالىمدىمۇ ئەمەس، بــۇ تاغدىمۇ ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر جايدا ئاللاھقا سەجدە قىلىسلەر“ دېدى»[2] .

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **قَدْ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي ٱلسَّمَآءِ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَاهَا فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَابَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ وَمَا ٱللَّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ** ﴾يەنـى «بىـز سـېنىڭ (كەبە قىـبلەڭ بولۇشـنى تىـلەپ)قايتـا ـ قايتـا ئاسـمانغا قارىغـانلىقىڭنى كـۆرۈپ تۇرىـۋاتىمىز. نامـازدا يـۈزۈڭلارنى مەسـجىدى هەرەم تەرەپــكە قىلىڭـلار. هەقــقەتەن ئەهلــى كىتــاب(يەنــى يەهــۇدىيلار ۋە خرىــستىئانلار) بۇنىــڭ(يەنــى قىبلىنىـــڭ كەبىـــگە ئۆزگەرتىلىـــشىنىڭ) پەرۋەردىگـــارى

(1) يۇھەننا ئىنجىلى18:16.

(2) يۇھەننا ئىنجىلى 4 ـ باب 20 ـ 24 ـ تېكىستلەر.

تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ(ھەقىقەتنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت) قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس»[1] .

4 ـ مەتتا ئىنجىلىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام تەۋراتتا بىشارەت بەرگىنىدەك ـ پەيغەمبەرلىك نۆۋىتىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېتىشتۈرىدىغان باشقا بىر مىللەتكە بېرىلىدىغانلىقىنى بىشارەتلىگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئېيتىمەنكى، ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقى (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىشتەك كاتتا نېمەتنى) سىلەردىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېتىشتۈرىدىغان بىر مىللەتكە بېرىلىدۇ»[2] .

5 ـ يۇھەننا ئىنجىلىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلىق بىشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان: «مېنىڭ سىلەرگە دېمەكچى بولغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى. لېكىن سىلەر ھازىر بۇ سۆزلەرنى ئۈستۈڭلەرگە ئېلىشقا تاقەت قىلالمايسەن. ھەقىقىي روھ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) كەلگەندە، ئۇ سىلەرگە ھەممە ھەقىقەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. بەلكى ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەيدۇ. سىلەرگە كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرىدۇ»[3] .

يۇقىرىقى تېكىستلەردە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كېلىدىغان، ئۆز خاھىشىدىن ئەمەس، پەقەت ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدىغان ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدىغان بىر پەيغەمبەردىن بىشارەت بېرىلگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرەلەيدىغان بىرەر پەيغەمبەر كەلگىنى يوق ۋە كەلمەيدۇ!

يۇھەننا ئىنجىلىنىڭ يۇقىرىقى تېكىستىدىكى «ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ» دېگەن سۆز ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەرىپلەپ:

﴿ **وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلْهَوَىٰ.إِنْ هُوَ إِلاَّ وَحْيٌ يُوحَىٰ** ﴾يەنى «ئۇ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا چۈشكەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»[4] دېگەن سۆزگە مۇۋاپىقلىشىدۇ.

(1) بەقەرە سۈرىسى 144 ـ ئايەت.

(2) ئىنجىل مەتتا 21 ـ باب 42 ـ تېكىست.

(3) ئىنجىل يۇھەننا6 ـ باب 12 ـ 13 ـ تېكىستلەر.

4 نەجم سۈرىسى 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر

ئـاللاھ تەرىپىــدىن مۇسـا ئەلەيھىســسالامغا بېــرىلگەن ئەســلى تەۋرات بىــلەن ئىــسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى ئىنجىلنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىدىن خېلى كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن يەر يۈزىدىن يوق قىلىنغانلىقى ۋە ھازىرقى تەۋرات ۋە ئىنجىل نۇسخىلىرىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان كىتابلار ئىكەنلىكىگە يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلار ھەممە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان مەزكۇر تەۋرات ۋە ئىنجىللارمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەرخىل ئۆزگەرتىلىش ۋە بۇرمىلىنىشلارغا ئۇچرىغانلىقى، خۇسۇسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ دىنىي ئالىملىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىكى ئۇچۇق ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان ۋە ئۇنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى روشەن بېشارەتلەرنى يوقىتىۋەتكەن. ھىندىستانلىق دىنلار تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسى مەشھۇر ئالىم رەھمەتۇللا ھىندىي «ھەقىقەتنىڭ ئىسپاتلىنىشى» ناملىق ئەسىرىدە بۇھەقىقەتنىڭ راستلىقىنى قىلچە شەك قىلغىلى بولمايدىغان كەسكىن دەلىل ۋە پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ چىققان.

ھازىرقى تەۋرات بىلەن ئىنجىللارنىڭ تارىختا بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە ھازىرقى زامان يەھۇدىي ۋە خرىستىئان پوپلىرى ۋە ئالىملىرىمۇ ئىقراردۇر. بۇشرا زۇخارى مىخائىل «مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىنجىللاردىكى بېشارەتلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «پوپلار ئىنجىللارنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ھەرخىل ئىنجىللارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ۋە يەڭگۈشلەش ئىشلىرىنىڭ پوپلار قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ». ئابدۇلئەھەد داۋۇد ئەشۇرىي (ئەسلى ئىسمى مېتىرات مەۋسەل) «ئىنجىل ۋە كرېست» ناملىق ئەسىرىدە خرىستىئانلارنىڭ ئىنجىللاردىكى بېشارەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىگە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: « خرىستىئانلارنىڭ ئېغىزلىرىدا جارى بولۇپ كېلىۋاتقان ”ماختاش يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاللاھقا، تىنچلىق زېمىن ئەھلىگە ۋە خوشاللىق كىشىلەرگە يار بولسۇن“ دېگەن تېكىستىنىڭ ئەسلىسى ”ماختاش يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاللاھقا، ئىسلام زېمىن ئەھلىگە بولسۇن ۋە ئەھمەد كىشىلەرگە يار بولسۇن“ ئىدى». ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىلدا «ئەھمەد» دەپ ئاتالغانلىقىنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **وَإِذْ قَالَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ يَٰبَنِي إِسْرَٰٓءِيلَ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُم مُّصَدِّقٗا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ وَمُبَشِّرَۢا بِرَسُولٖ يَأْتِي مِنۢ بَعْدِي ٱسْمُهُۥٓ أَحْمَدُ** ﴾يەنى «ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئوغلى ئىسا:

"ئــى ئــسرائىل ئەۋلادى! مەن ســىلەرگە ھەقــقەتەن ئــاللاھ ئەۋەتــكەن، مەنــدىن بــۇرۇن كەلــگەن تەۋراتنــى تەســدىق قىلغــۇچى، مەنــدىن كېــيىن كېلىــدىغان ئەھــمەد ئــىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن"دېدى»[1] .

## تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىن باشقا دىنىي كىتابلاردىكى بىشارەتلەر

1 ـ بىراھمـا دىنىنىـڭ مـۇقەددەس كىتـابى «سـاما فېـدا»دا مۇنـداق دېيىلىـدۇ: «ئەھـمەد پەرۋەردىگارىدىن بىر دىن تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ پەقەت ھېكمەت بىلەن تولغان»[2] .

2 ـ مەجۇســي (ئاتەشپەرەســلەر)دىنىنىــڭ مــۇقەددەس كىتــابى « زېنــد ئافــستا» دامــۇھەممەد ئەلەيھىســسالامنىڭ ســۈپەتلىرى مۇنــداق قەيــت قىلىنغــان: «ئــاللاھ پۈتــۈن ئــالەمگە رەھــمەت قىلىــپ بىــر پەيغەمــبەر ئەۋەتىــدۇ، ئۇنىڭغــا ئەبــۇلەھەب ئــىسىملىك بىــرى دۈشــمەنلىك كۆرســىتىدۇ، بــۇ پەيغەمــبەر كىــشىلەرنى بىــر ئىلاھقــا ئېتىقــاد قىلىــشقا چاقىرىدۇ»[3] .

3 ـ قەدىمقــى ئىــرانلىقلار ئېتىقــاد قىلغــان زەرادەشــت دىنىنىــڭ مــۇقەددەس كىتابىــدا مۇنــداق دەپ قەيــت قىلىنغــان: «ئەرەب ســەھرالىرىدىن چىقىــدىغان قىزىــل تۆگىلىــك پەيغەمــبەر كەلگىچىلىــك ســىلەر مەن ئــۈگەتكەن تەلىمــاتلارنى چىــڭ تۇتــۇڭلار». بــۇ بىــشارەتنى پارىــسچىدىن ئەرەبچىــگە تەرجــىمە قىلغــۇچى ئۇســتاز مــۇھەممەد ئابــدۇلغاففار ھاشــىمى مۇنـداق دەپ يازغـان:«شۈبھىــسىزكى، بـۇ ئىرانلىـق پەيغەمبەرنىـڭ مەزكـۇر بېشارىتى قىزىل تۆگىسى بىلەن تونۇلغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ».

4ـ ھىنـدۇس دىنىنىـڭ مـۇقەددەس كىتـابى«ئېدھرۇۋىـدېم»دە، مـۇھەممەد ئەلەيھىـسسالام توغرىلىــق مۇنــداق دەپ قەيــت قىلىنغــان: «ئەي خــالايىق! ســۆزۈمنى ئــاڭلاڭلار ۋە چۈشــىنىڭلار! مــۇھەممەد ئــىسىملىك بىــر پەيغەمــبەر كېلىــدۇ، ئۇنىــڭ ئۇلــۇغلىقى ھەتتــا جەننەتتىمۇ مەدھىيىلىنىدۇ، ئۇ ھەمىشە ماختىلىدۇ»[4] .

يەنە ھىنــدۇس دىنىنىــڭ «بھوشــى بىــرانېم» نــاملىق مــۇقەددەس كىتابىــدا مۇنــداق دەپ قەيـت قىلىنغـان: «شـۇ ۋاقىتتـا مـۇھەممەد ئـىسىملىك بىرسـى پەيغەمـبەر بولـۇپ ئەۋەتىلىـدۇ، ئۇ دۇنيانىڭ ئۇستازى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ كىشىلەرنى بەش پەرز ئارقىلىق پاكلايدۇ»[5] .

---

(1) سەف سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

(2) ساما فېدا 2 ـ توم 6 ـ 8 ـ تېكىستلەر.

(3) زېند ئافستا 1 ـ توم 10 ـ تېكىست.

(4) ئېدھرۇۋىدېم2ـ توم 70 ـ بۆلۈم: 1 ـ 3 ـ تېكىستلەر.

(5) بھوشى برانېم 2 ـ توم 3 ـ بۆلۈم: 3 ـ 4 ـ تېكىستلەر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىچەكتىن خەۋەر بېرىشى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ عَالِمُ ٱلْغَيْبِ فَلاَ يُظْهِرُ عَلَىٰ غَيْبِهِ أَحَداً. إِلاَّ مَنِ ٱرْتَضَىٰ مِن رَّسُولٍ ﴾يەنى «ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۇزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت ئاللاھ ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)» [1] .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن غەيبلەر (كېلىچەكتە بولىدىغان ئىشلار)نىڭ جۈملىسىدىن قىيامەتنىڭ ھازىرقى زاماندا كۆرىلىۋاتقان ئالامەتلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. تۆۋەندە زامانىمىزدا بارلىققا كەلگەن قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرقانچە مىسال بېرىلىدۇ.

1 ـ كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان ئاجايىب ئىشلار

زامانىمىزدا ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن تېخى مۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن پەن ـ تېخنىكىلىرى، كەشپىياتلار ۋە ئىجادىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. تېلېۋىزىيە، ئانتېنا، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت، تور ئۇچۇرلىرى ۋە باشقا يېڭىلىقلار زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئاجايىب ئىشلاردىندۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا كېلىچەكتىكى ئاجايىب ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: « سىلەر ئاجايىب ئىشلارنى كۆرمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. سىلەر كۆرۈپ باقمىغان ۋە خىيالىڭلارغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئاجايىب ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ».

2 ـ يالاڭتۆشلەرنىڭ ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى، چوپانلىقتىن باشقا ھۈنەر ـ كەسىبنى بىلمەيدىغان، نامراتلىقتىن موھتاجلىقتا كۈن ئۆتكۈزىدىغان يالاڭتۆشلەرنىڭ ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا پېترولدىن ئىبارەت كاتتا بايلىقنى ئاتا قىلغىنىدىن كېيىن، ئەسىرلەر بويى چوپانلىقتىن باشقا كەسىب بىلمەيدىغان، نامراتلىقتا ئۆتكەن ئەرەبلەرنىڭ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىن خەۋەر بەرگەندەك، ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولغانلىقى ۋە تۇرمۇشىنىڭ موھتاجلىقتىن ئۆزگىرىپ، باشقا موھتاجلارغا خەيرىيەت قىلىدىغان

---

(1) جىن سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر.

دەرىجىگە يەتكەنلىكى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «موھتاجلىقتا كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئاچ - يالىڭاچ چوپانلارنىڭ ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە بولغىنىنى كۆرگىنىڭدە قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ»[1] .

3 - يېرىم يالىڭاچ كىيىنىدىغان، باشلىرىغا تاج تاقىۋالغان ئازغۇن ۋە ئازدۇرغۇچى ئاياللارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن خەۋەر بەرگەنلىرىنىڭ زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن ھېچكىم شەكلەنمەيدۇ. ھازىرقى كۈندە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن بېرىلىۋاتقان پروگراممىلاردىكى، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرىدىكى ناخشىچى ئاياللار ۋە رەسىملەردە يېرىم يالىڭاچ كىيىنىپ يۈرىدىغان ئاياللار، «دۇنيا گۈزىلى» دەپ باشلىرىغا گۈزەللىك تاجلىرىنى تاقىۋالغان ئاياللار بۇنىڭ مىسالىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن دوزاختا كىرىدىغان ئىككى خىل كىشلەرنى تېخى كۆرگىنىم يوق: بىرى، قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرىقىغا ئوخشايدىغان قامچىلارنى تۇتىۋالغان بولۇپ، كىشلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرىدىغان (يەنى كىشلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىدىغان)لار، يەنە بىرى، يېرىم يالىڭاچ كىيىنىۋالغان، باشلىرىغا گۈزەللىك تاجلىرىنى تاقىۋالغان، ئازغۇن ۋە ئازدۇرغۇچى ئاياللار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ»[2] .

4- جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۆزلەيدىغانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىلىق توختىلىپ مۇنداق دېگەن:«قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئادەم ئۆيىدىن چىقىپ قايتقىچە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئايىغى ۋە قامچىسى سۆزلەپ بېرىدۇ»[3] .

ئاياغ جانسىز نەرسە، قامچىمۇ جانسىز نەرسە. بىر زامانلار كېلىپ جانسىز نەرسىلەردىن ئاۋاز چىقىدىغانلىقنى مۇندىن تېخى يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلار تەسەۋۋۇرىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. زامانىمىزدا يانفۇن ئىجاد قىلىنىشى بىلەن كىشلەر سىرتتا كېتىۋېتىپ ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلايدىغان بولدى. مۇندىن كېيىن

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

مەخپىيەتلىك ئۇچۇن يانفۇنلارنى قامچىنىڭ بىر تەرىپىگە ياكى ئاياقلارنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشلا قالدى.

5ـ دىنىي ئالىملارنىڭ تۈگەپ كېتىشى، يەرتەۋرەشنىڭ كۆپ بولۇشى، ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشى، پاساتچىلىقنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئېگىز بىنالارنىڭ بارلىققا كېلىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئالىملار تۈگەپ كەتمىگىچە، يەر تەۋرەش كۆپ بولمىغىچە، زامانلار يېقىنلاشمىغىچە، پىتنەـ پاساتچىلىق كۆپەيمىگىچە ۋە كىشىلەر ئېگىز بىنالارغا ئورۇنلاشمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ»[1] .

ھەدىستىكى «ئالىملار»دىن دىنىي ئالىملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «زامانلارنىڭ يېقىنلىشىشى»دىن تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن ئىشنىڭ كۆپلىكى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى سەۋەبلىك، كۈنلەرنىڭ خۇددى سائەتلەردەكلا تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ قورقماي سۆزلەيدىغان دىنىي ئالىملارنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكى، يەرتەۋرەش ھادىسىلىرى بىلەن پاساتچىلىقلارنىڭ كۆپ بولۇۋاتقانلىقى، تىرىكچىلىكنىڭ قىيىنلىقى سەۋەبلىك ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتكەندەك ھېس قىلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېگىز بىنالاردا ئولتۇرۇشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى زامانىمىزدا كۆرۈلۈۋاتماقتا.

6 ـ جازانىخورلۇقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە بىر زامان كېلىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا جازانە (ئۆسۈم) يېمىگەن ئادەم قالمايدۇ. جازانە يېمىگەن ئادەمگىمۇ ئۇنىڭ چاڭ توزانلىرى يېتىدۇ»[2] .

زامانىمىزدا بانكىلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۆسۈمنىڭ ھەممىلا جايدا ئومۇملاشقانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن خەۋەرلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇندىن باشقا كېلىچەكتىن بەرگەن خەۋەرلىرى كۆپ بولۇپ، نۇرغۇنلىرى زامانىمىزدا مەيدانغا كەلمەكتە ۋە نۇرغۇنلىرىنى كېلىچەك مەيدانغا چىقارغۇسى.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئەھمەد رىۋايىتى.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ئۇنىڭ ئاللاھ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە باشقا تەرەپلىرى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تۆۋەندە ئەھمىيەتلىكرەك دەپ قارالغان 3 مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز:

1 ـ راستچىللىق

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغانلىقىغا ئۇنىڭ قەۋمى ھەممە بىردەك گۇۋاھلىق بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن قەۋمى ئىچىدە «راستچىل مۇھەممەد» ۋە «ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دېگەندەك ئوخشاش ئىسىل ئۇنۋانلار بىلەن تونۇلغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا جېنى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ جەھىل(ئەسلى ئىسمى ئەبۇلھەكەم)مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: « بىز سېنىڭ راستچىللىقىڭغا ئىنكار قىلغىنىمىز يوق، پەقەت سەن ئېلىپ كەلگەن يېڭى دىنىڭغا ئىنكار قىلىۋاتىمىز»[1] .

شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن: ﴿ئۇلار سېنى (يەنى سېنىڭ راستچىللىقىڭنى) ئىنكار قىلمايدۇ، لېكىن زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[2] .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ئەكس ئەتكەن بولۇپ، مۇسۇلمان، كاپىر ھېچكىمنىڭ ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن ئەيىبلىگىنى مەلۇم ئەمەس. 40 ياشقا كەلگىچىلىك بولغان ئارىلىقتا كىشىلەر پىششىق بىلىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىياسىيونمۇ، دىن تەرغىباتچىسىمۇ ياكى ناتىقمۇ ئەمەس ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مېتافىزىكا، ئەدەب ـ ئەخلاق تەلىماتى، قانۇنشۇناسلىق، سىياسەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق ياكى جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق مەسىلىلەردىن بىرەر مەسىلە

(1) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋەقەلىك.

(2) ئەنئام سۈرىسى 33 ـ ئايەت.

ئۈستىدە سۆز ئېچىپ باققىنىنى زادى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقى ھەم پەزىلىتى ئىنتايىن مۇكەممەل، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى جەلب قىلارلىق، تەربىيىلىنىشمۇ ئىنتايىن ئالىيجاناب ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەرنى پەۋقۇلئاددە ھەيران قالدۇرغۇدەك ئالاھىدىلىكىمۇ يوق ئىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ئىنقىلابى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىشىدىن ئۈمىدمۇ كۈتمەيتتى.

لېكىن ئۇ ھىرا غارىدىن ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدى. قېنى ئويلاپ باقايلى، مۇشۇنداق ئالىيجاناب خىسلەتلىك بىر ئادەم تويۇقسىزدىن 180 گرادوس ئۆزگىرىپ «يالغانچى» بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنى يالغاندىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئاتاپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتا غەزىپىنى قوزغىتىۋېتىشى مۇمكىنمۇ؟

2 ـ ئىنتىزامچانلىق

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى چاقىرغان نەرسىگە ئالدى بىلەن ئۆزى تولۇق ئەمەل قىلاتتى. ئىنسان نەپسى ئۆزىگە چەكلىمىلەرنى قويۇشنى ياقتۇرمايدۇ. خۇسۇسەن جەمئىيەتتە مەلۇم ئورنى بولغان بىر ئادەم ئۇچۇن بۇ ئىش تېخىمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋاسى، ئەڭ ئەخلاقلىقى، ئىبادەتلەرنى بىجا كەلتۈرۈشتە ئەڭ ئالدىنقىسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇ رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ كۆپ روزا تۇتاتتى، كېچىلىرى ئۇخلىماي نامازدا تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ھەتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: "يا رەسۇلەللاھ نېمانچە ئۆزىڭىزنى قىينايسىز، سىزنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن: «ئاللاھنىڭ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىسى بولمايمەنمۇ!» دەيتتى[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچە كۆپ سەدىقە قىلاتتىكى، كۆپ ھاللاردا ئۆيىدە ئۆزى يەيدىغان بىر نەرسە قالمايتتى. ئۇ ۋاپات بولغىنىدا، ئۇنىڭ تۆمۈر كىيىمى بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدا گۆرۈدە ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە دىنىنى تەشۋىق قىلغۇچى، مۇسۇلمانلارغا ئىمام، غازاتلاردا قوماندان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن غازاتلارغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئالغان. ھەتتا بىر غازاتتا ئۇ ئېغىر يارىدارلانغان ۋە ئىككى چىشى چېقىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزى

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

كىشىلەرگە تەشۋىق قىلغان ھەر قانداق بىر ئىشنى ئورۇنلاشتا ھەمىشە ئالدىنقى سەپتە ئىدى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىشتىمۇ ئۈلگە ئىدى. ئۇ بىر قېتىم مۇنداق بىر ئۆچمەس سۆزنى قالدۇرغا: «ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغۇرلۇق قىلىدىكەن، مۇھەممەد چوقۇم ئۇنىڭ قولىنى كېسىدۇ»[1] .

ئۇ ھەر تەرەپتىن كامالىغا يەتكەن بىر ئۈلگە. ئۇنىڭ ھەر بىر ئىش - ئىزىدىن ئەڭ كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۈلگىلىرىنى بايقىيالايمىز. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ماختىغان: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ يەنى «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن»[2] .

شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان: ﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ ٱللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو ٱللَّهَ وَٱلْيَوْمَ ٱلْآخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ كَثِيراً﴾يەنى«سىلەرگە ــ ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[3] .

3 ـ قايتماس ئىرادە

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتىكى قەتئىي ئىرادىسىدىن ھەرگىزمۇ بوشاپ قالمىدى. ئۇ دەۋەت يولىدا بىركۈنمۇ توختاپ قالمىدى، ئۈمىدسىزلەنمىدى، بەلكى بارلىق چارىلەرنى قوللاندى. دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بېۋاستە ھەر بىر قەبىلىنىڭ يېنىغا باردى، گاھ ئۇلارنى زىياپەتكە، گاھ يىغىنغا چاقىردى، ئۇلارغا ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ئەرەب كۇففارلىرىنىڭ تۈرلۈك جىسمانىي ئازابلاشلىرىغا ئۇچرىدى، مۇشرىكلەر تەرىپىدىن قويۇلغان ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي جازا جەريانىدا مۇسۇلمانلار ئاچارچىلىقتىن تېرىلەرنى ۋە يوپۇرماقلارنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. مەجبۇرلۇقتىن رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى، ئۆزىمۇ جەۋر - زۇلۇمنىڭ دەستىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جىھاد قىلدى. مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىشتىن ۋازكېچىشى شەرتى بىلەن، ئۇنىڭغا سورىغان نەرسىسنى بېرىش، ھەتتا ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىۋېلىش ۋە پۈتۈن بايلىقلىرىنى ئۇنىڭغا

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) قەلەم سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

(3) ئەھزاب سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

يىغىپ بېرىش ياكى ئەگەر دىن تەشۋىقاتىنى تاشلىمىسا ئۇنىڭدىن قاتتىق ئىنتىقام ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىختىيارنى ئۇنىڭغا سۇنغاندا، ئۇ ھاياتىنىڭ نېمە بولىشىغا قارىماي ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشنى تاللىغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىدىكى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك بوھتانلىرى، دۈشمەنلىكلىرى ۋە جىسمانىي ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرىشى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتىكى قەتئىي ئىرادىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئاخىردا چوقۇم ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر تۇرمۇش يولى بولۇپ كۆتىرىلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەنلىكىدىن ئىدى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستىنلا ئاللاھ ئەلچىسى ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزگەنلىكىنى رەت قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتلار ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئېلىپىنىڭ سۇنقىچىلىكمۇ خەت تونۇماي ئىنتايىن ئاددى ھالدا تىنچقىنە 40 يىلنى ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ سۆز قابىلىيىتى بىردىن ئېشىپ پۈتۈن ئەرەبلەرنى ھەيران قالدۇرغانلىقى، ئۆز ۋاقتىدىكى ئاتاغلىق شائىرلار، ئەدىبلەر ۋە يەھۇدى، خرىستىئان ئالىملىرىنىڭ ئۇنىڭ مۇنازىرىسى ئالدىدا يېڭىلەنلىكى بىردىنبىر ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ قوللىشى بىلەن غەلىبە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟

## ئۆز ۋاقتىدىكى ھەقىقەتچىلەرنىڭ ئېتىراپلىرىدىن بىر قانچە مىسال

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇنىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى توغرىلىق كۆپلىگەن يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىن ئالىملىرىدىن بولغان ھەقىقەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ساماۋىي كىتابلىرىدا بېرىلگەن بىشارەتلەر ئارقىلىق بىلگەنلىرىنى تەرەپسىزلىك مەيدانىدا تۇرۇپ ئوچۇق جاكارلىغان.

1 ـ راھىب بەھىرا

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن شامغا قىلغان تۇنجى قېتىملىق سەپىرىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئىزدەۋاتقان راھىب بەھىرا بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىكى ۋە ئىككى تارغىقى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرىنى كۆردى ۋە ئەبۇ تالىبتىن سورىدى:

ـ بۇ بالا سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟

ـ بۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ ـ دېدى ئەبۇ تالىب.

ـ بۇ بالىنىڭ دادىسى ھايات ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

ــ بۇ بالا قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ دادىسى بۇ بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ۋاپات بولغان.

ـــ توغرا ئېيتتىڭ، شەھىرىڭگە قايتقاندىن كېيىن بۇ بالىنى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىدىن قاتتىق قوغدىغىن!

2 ـ راھىب نېستورا

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شام سەپەرلىرىدىن بىرىدە، راھىب نېستورا ئۇنىڭ بېشىدا ئاق بۇلۇتنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ساماۋىي كىتابلاردا بىشارەت بېرىلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى.

3 ـ ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشى

پادىشاھ نەجاشى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار توپىنىڭ يېتەكچىسى جەپەر ئىبنى ئەبۇتالىب ئوقۇپ بەرگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا ئىختىيارسىز ھالدا يىغلاپ كېتىدۇ، ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ ۋە جەپەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئېتىقاد قىلغان بۇ دىن بىلەن ئىساغا كەلگەن دىن ئىككىسى بىر مەنبەدىن چىققان».

بۇ سەۋەبتىن ھەبەشىستان زېمىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتلىرىدە پاناھ گاھى بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەجاشىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ يازغان مەكتۇبى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ كەمتەرلىك بىلەن تەختتىن چۈشىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىغا جاۋاب يېزىپ، خرىستىئان ئالىملىرىدىن تەشكىللەنگەن 14 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىدۇ. ئەلچىلەرنىڭ 6 نەپىرى ھەبەشىستاندىن قالغان 8 نەپىرى شام ئەھلىدىن ئىدى. ئەلچىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياسىن سۈرىسىنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگىنىدە، ئۇلار ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ قاتتىق يىغلىشىپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا شۇ ۋاقىتتا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ ياش تۆككۈشكەن خرىستىئان ئالىملىرى ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈرىدۇ:

**﴿ لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ ٱلنَّاسِ عَدَاوَةً لِّلَّذِينَ آمَنُواْ ٱلْيَهُودَ وَٱلَّذِينَ أَشْرَكُواْ وَلَتَجِدَنَّ أَقْرَبَهُمْ مَّوَدَّةً لِّلَّذِينَ آمَنُواْ ٱلَّذِينَ قَالُوۤاْ إِنَّا نَصَارَىٰ ذٰلِكَ بِأَنَّ مِنْهُمْ قِسِّيسِينَ وَرُهْبَاناً وَأَنَّهُمْ لاَ يَسْتَكْبِرُونَ.**

**وَإِذَا سَمِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَى ٱلرَّسُولِ تَرَىٰٓ أَعْيُنَهُمْ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمْعِ مِمَّا عَرَفُواْ مِنَ ٱلْحَقِّ يَقُولُونَ رَبَّنَآ آمَنَّا فَٱكْتُبْنَا مَعَ ٱلشَّاهِدِينَ** ﴾يەنى «ئى مۇھەممەد! يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلەرنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن، بىز خرىستىئان دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن، بۇ، خرىستىئانلارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقىقەتنى) قوبۇل قىلىشتا تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر. ئۇلار پەيغەمبەرگە چۈشكەن قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار ئېيتىدۇكى: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى(پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدىن قىلغىن»[1] .

4 ـ مەككىگە ئەۋەتىلگەن خرىستىئان ئەلچىلەر ئۆمىكى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى باشلىنىپ ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خەۋىرى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە پۇر كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋەتتى. بۇ سەۋەبتىن مەككىگە يېقىن شەھەرلەردىكى خرىستىئانلار ھەر قايسى دۆلەت ۋە شەھەرلەردىن تەشكىللەنگەن 20 كىشلىك خرىستىئان دىن ئالىملىرى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى مەككىگە ئەۋەتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە ئۇ دەۋەت قىلىۋاتقان يېڭى دىننى تەكشۈرۈپ كۆرۈش قارارىغا كېلىدۇ. 20 كىشلىك خرىستىئان دىن ئالىملىرى ئۆمىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ، سورىغان سوئاللىرىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى ئاڭلايدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى ئېلان قىلىشىدۇ. ئۇلار مەككىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئەبۇ جەھل باشچىلىقىدىكى بىر توپ قۇرەيش كۇففارلىرى ئۇلاردىن قاتتىق نارازى بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنى ئاللاھ خورلىسۇن، سىلەر ئۆز دىنىڭلارغا ۋە قېرىنداشلىرىڭلارغا ئاسىيلىق قىلىپ، سىلەر مۇندىن بۇرۇن بىرگە بولۇپ باقمىغان بۇ كىشى (مۇھەممەد)گە ئىشىنىپ كەتتىڭلار، ئۇنىڭ خەۋىرىنى قەۋمىڭلارغا يەتكۈزىسىلەر، سىلەر دىنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار، بىز سىلەردەك ئاخماقلارنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز». ئەلچىلەر ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز سىلەر بىلەن تالىشىپ ئولتۇرمايمىز. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز

(1) مائىدە سۈرىسى 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر.

ئـۆزىمىزگە، سـىلەرنىڭ ئـىشلىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلارغـا. بىـز ئـۆزىمىزگە ياخـشىلىق بولـىدىغان ئىشلارنى قىلىمىز». ئاللاھ تائـالا شـۇ ۋاقىتتـا بـۇ ئەلچـىلەر ھەققـىدە مۇنـۇ ئـايەتنى چۈشـۈردى: ﴿قۇرئانـدىن ئىلگىـرى بىـز كىتـاب (يەنـى تەۋرات، ئىنجىـل) چۈشـۈرگەنلەر (يەنـى يەھـۇدىي ۋە خرىـستىئانلاردىن بولغـان مـۆمىنلەر)قۇرئانغـا ئـىشىنىدۇ. ئۇلارغـا قۇرئـان تـىلاۋەت قىلىنغـان چاغـدا، ئـۇلار: "بىـز قۇرئانغـا ئـىشەندۇق، شۈبھىـسىزكى، ئـۇ پەرۋەردىگـارىمىز تەرىپىـدىن چۈشـكەن ھەقىقەتتـۇر. بىـز ھەقىـقەتەن بۇنىڭـدىن بـۇرۇن مۇسـۇلمان ئىـدۇق" دەيـدۇ. ئۇلارنـىڭ سەۋر - تـاقىتى ئۈچـۈن ئۇلارغـا قـوش ساۋاب بېرىلـىدۇ. ئـۇلار ياخـشىلىق ئـارقىلىق يامـانلىقنى دەپئـى قىلىـدۇ. بىـز ئۇلارغـا رىـزىق قىلىـپ بەرگەن نەرسـىلەردىن ياخـشىلىق يوللىرىغـا سـەرپ قىلىـدۇ. ئـۇلار بىھـۇدە سـۆزلەرنى ئاڭلىغانـدا ئۇنىڭـدىن يـۈز ئـۆرۈپ يەنـى قـولاق سـالماي: "بىزنىـڭ ئەمەللىرىمىـز ئـۆزىمىز ئۈچـۈن، سـىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمـۇ ئـۆزۈڭلار ئۈچـۈن، سـىلەرگە ئامـانلىق بولـسۇن، بىـز نـادانلاردىن دوسـتلۇق تىلىمەيمىز" دەيدۇ﴾[1].

5 - ئابدۇللا ئىبنى سالام

ئابـدۇللا ئىبنـى سـالام ئـۆز ۋاقتـىدا مەدىنىـدىكى يەھۇدىيلارنـىڭ بۈيـۈك ئۆلىماسـى ۋە ھەمـمە ئېتىـراپ قىلغـان، خەلـق ئىچىـدە چـوڭ ئىنـاۋەت تاپقـان بىـر كاتتـا زات ئىـدى. مـۇھەممەد ئەلەيھىـسسالام مەدىنىـگە كەلگەنـدىن كېيىن، ئـۇ مـۇھەممەد ئەلەيھىـسسالامنى سـىناپ كۆرىـدۇ، پەيغەمبەرلىـك ئـالامەتلىرىنى تونـۇپ يېتىـدۇ ۋە مۇسـۇلمان بولـىدۇ. بىـراق ئۆزىنىـڭ مۇسـۇلمان بولغـانلىقىنى ۋاقتىـنچە مەخپـى تۇتۇشـنى رەسـۇلۇللاھتىن ئۆتۈنىـدۇ ۋە يەھۇدىيلارنـىڭ ئـۆزى توغرىلىـق پىكرىنـى ئـاڭلاپ بېقىـشنى ئىلتىمـاس قىلىـدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام يەھـۇدىيلارنى چاقىرىـپ بىـر جايغـا توپلايـدۇ ۋە ئابـدۇللا ئىبنـى سـالام توغرىلىـق نېمە دەيـدىغانلىقلىرىنى سورايدۇ. ئابـدۇللا ئىبنـى سـالام بـۇ ۋاقىتتـا ئۇلارغـا يېقىن بىر جايدا يوشـۇرۇنۇپ تـۇراتتى. يەھـۇدىيلار ئابـدۇللا ئىبنـى سـالامنى تەرىـپلەپ: «ئـۇ بىزنىـڭ يولباشـچىمىز ۋە يولباشـچىمىزنىڭ ئـوغلى، ئـۇ ئـارىمىزدىكى بىردىنبىـر دىنىـي ئـالىم كىـشىمىز ۋە دىنىـي ئالىمىمىزنىـڭ ئـوغلى» دېيىـشىدۇ. شـۇ ۋاقىتتـا ئابـدۇللا ئىبنـى سـالام يوشـۇرۇنغان يېرىـدىن چىقىـپ، ئـۇلارنى ئىـسلام دىنىغـا دەۋەت قىلىـدۇ ۋە ئـۇلارنى تەۋراتتـا بىـشارەت بېرىلگەن ئـاخىر زامـان پەيغەمبىـرى مـۇھەممەد ئەلەيھىـسسالامغا ئەگىشىـشكە چاقىرىـدۇ. بـۇنى ئاڭلىغـان يەھـۇدىيلار غەزەپـتىن چوقـان سېلىـشىپ كېتىـدۇ ۋە تەكەببۇرلـۇق قىلىـپ ھەقىقەتنى ئېتىـراپ قىلىـشتىن بـاش تارتىـدۇ. شـۇ ۋاقىتتـا ئـاللاھ ئەرەبلەرگە خىتـاب قىلىـپ

---

(1) قەسەس سۈرىسى 52 - 54 - ئايەتلەر.

بۇ يەھۇدىي ئالىمى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەتنى چۈشۈردى:

﴿ **قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِن كَانَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ وَكَفَرْتُم بِهِۦ وَشَهِدَ شَاهِدٌ مِّنۢ بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ مِثْلِهِۦ فَـَٔامَنَ وَٱسْتَكْبَرْتُمْ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ** ﴾يەنى «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەن تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار(ھالىڭلار قانداق بولماقچى؟) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى (ئابدۇللا ئىبنى سالام) قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ ئىمان كەلتۈرسە، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىماندىن باش تارتساڭلار (ھالىڭلار نېمە بولماقچى؟) شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[1] .

6 ـ سەلمان فارسىي

سەلمان فارسىي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى 3 تۈرلۈك ئۆزگىچىلىكى بىلەن سىناپ بېقىش مەقسىتىدە يولغا چىقىدۇ. بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئۆزگىچىلىكنىڭ بىرىنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقى، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ سوۋغىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، ئۈچىنچىسى ئىككى تارغىقى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك بەلگىسى ئىدى.

سەلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۆزگىچىلىكلىرىنى شام راھىبلىرىدىن ئاڭلىۋالغان ئىدى.

سەلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سىناش ئۈچۈن، بىر ئۇۋۇچ خورمىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە بۇ «سەدىقە» دەپ ئۇنىڭغا سۇنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خورمىدىن ئۆزى بىرەر تالمۇ يېمەستىن يېنىدىكىلەرگە تارقىتىۋېتىدۇ.

سەلمان يەنە بىر ئۇۋۇچ خورمىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ بۇ «ھەدىيە» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىلارنى قوبۇل قىلىپ يەيدۇ.

سەلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تارغىقى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك بەلگىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنى كۆرىدۇ ۋە ھامان مۇسۇلمان بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، زەيد، مۇھەيرەق ۋە باشقا كۆپلىگەن يەھۇدىي ئالىملىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىگە ئاساسەن ئۇنى

(1) ئەھقاف سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

تەكشۈرۈش ۋە سىناپ كۆرۈش ئارقىلىق مۇسۇلمان بولغاندەك، ئىدرىس، ئەشرەف، سەمامە، ئەيمەن ۋە دۇرەيد قاتارلىق خرىستىئان ئالىملىرىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىللاردا تەرىپلەنگەن سۈپەتلىرىگە ئاساسلىنىپ ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە سىناپ كۆرۈش نەتىجىسىدە مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئالىملىرىنىڭ قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتا تۇتقان ھەققانىي پوزىتسىيىسىنى ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ئازغۇنلۇقىغا دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى:

﴿**أَوَ لَمْ يَكُن لَّهُمْ آيَةً أَن يَعْلَمَهُ عُلَمَاءُ بَنِي إِسْرَائِيلَ**﴾ يەنى «يەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ راستىنلا ئاللاھ سۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟!»[1] .

﴿**ٱلَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ ٱلْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ وَإِنَّ فَرِيقاً مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ ٱلْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ**﴾يەنى «بىز كىتاب بەرگەنلەر( يەنى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار) ئۇنى(يەنى مۇھەممەدنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ»[2] .

## ھازىرقى زامان ياۋروپالىق ئالىملارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلىق ئېيتقانلىرى

1 ـ ئانى بىسىنتو مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەرەب مىللىتىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىنىڭ تەرجىمھالى ۋە پەزىلىتىنى تەتقىق قىلغان ھەر قانداق كىشى بۇ ئالىيجاناب پەيغەمبەرگە ھۆرمەت قىلماي تۇرالمايدۇ. بۇ پەيغەمبەرنىڭ دىن تەشۋىقاتى ۋە تۇرمۇش جەريانىنى چۈشەنگەن كىشى مۇھەممەد ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەن، دەپ تونۇشى مۇمكىن. گەرچە مەن سىزگە ئېيتقان كۆپ ئىشلار نۇرغۇن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ تارىخىنى قايتىلاپ ئوقۇغىنىمدا، بۇ ئالىيجاناب ئەرەب يولباشچىسىغا نىسبەتەن مېنىڭدە قايتىدىن ئەقىدە باغلاش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھېسسىياتى قوزغىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن»[3] .

---

(1) شۇئەرا سۈرىسى 197ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 146 ـ ئايەت.

(3) ئانى بىسىنتونىڭ »مۇھەممەدنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتلىرى» ناملىق ئەسىرى 4 ـ بەت.

2 ـ رەمادىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەگەر نىشانى ئۇلۇغ، قوللانغان ۋاستىسى كىچىك، لېكىن نەتىجىسى قالتىس بولۇش ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۈچ ئۆلچەم دېيىلسە، ئۇنداقتا ھازىرقى دۇنيادا كىممۇ مۇھەممەدتەك ئۇلۇغ كىشى بىلەن تەڭلىشەلىسۇن؟ ئەڭ ئاتاغلىق دەپ سانالغان شەخسلەرمۇ پەقەت قورال ـ جابدۇق، قانۇن ۋە ئىمپېرىيە يارىتالىدى. ئۇلارنىڭ ياراتقىنى پەقەتلا كۆچلۈك ماددىي ھوقۇق بولۇپ، بۇلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۈگەپ، ئۇنىڭدىن بىرەر ئەسەرمۇ قالمىدى. لېكىن بۇ كىشى(مۇھەممەد) ئارمىيە، قانۇن، ئىمپېرىيە، مىللەت ۋە پادىشاھلىقنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ چاغدىكى پۈتۈن دۇنيا ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئۆزگەرتەلىدى. بۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە ئېتىقاد ۋە قەلبلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ غەلبە ئالدىدا ئىنتايىن سەۋرچان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىرادىسىنى بىرەر ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىرلا ئېتىقادقا بېغىشلىدى. ئۇ بىركۈنمۇ توختىماستىن داۋاملىق ناماز ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن ئېلىپ بارغان سىرلىق سۆھبەتلىرى، ۋاپاتى ۋە ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ھەرگىزمۇ ئەلنى ئالداپ نام ـ ئابروي قازانغۇچى بولماستىن، ئەكسىچە بىر قەتئىي ئىرادىلىك ئېتىقادچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ»[1].

3 ـ مېكىر. خ. ھارت »تارىختىكى تەسىرى ئەڭ زور 100 ئەرباب« ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: »مەن مۇھەممەدنى دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ زور ئەربابلار تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىغا قويۇشنى تاللىدىم. بۇنىڭغا بەزى كىتابخانلار ھەيران قېلىشى ۋە بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئۇ ھەقىقەتەن تارىختىكى دىن ۋە ھاكىمىيەت جەھەتتە تەڭلا ئاجايىب نەتىجە ياراتقان بىردىنبىر ئۇلۇغ ئەربابتۇر»[2].

كرېست ئارمىيىسى شەرققە تاجاۋۇز قىلغان زامانلاردا، خىلمۇ خىل يالغان سۆزلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت چاپلانغان. ھازىردا بۇرۇنقى جەمئىيەت ئۆزگىرىپ، دىنغا نىسبەتەن كەڭچىلىك ۋە ئىدىيە ئەركىنلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، غەرب ئالىملىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە بەزىلىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى سەممىي ھەم ئوبيكتىپ ھالدا چۈشىنىشكە ھەر قانداق بىر تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنى يوق. غەرب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنى، راستچىللىقنى، ئەمەلىيەتچانلىقنى

(1) رەمادېنىنىڭ«تۈرك تارىخى» ناملىق ئەسىرى 276 ـ277 ـ بەتلەر.

(2) مېكىر. خ. ھارتنىڭ «تارىختىكى تەسىرى ئەڭ زور 100 ئەرباب» ناملىق ئەسىرى 33 ـ بەت.

ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغۋار نەتىجىلىرىنى مەدھىيىلىگەن. لېكىن ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئېتىراپ قىلمىغان. بۇ خىل ئۆز ـ ئۆزىگە زىت كېلىدىغان ئەھۋال كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتا پىسخىكا ھالىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەندىلا ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنقى پەيغەمبەرلەردىن پەرقى

سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئېرىشكىنىدىن پەرقلىق بولغان ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن زاتتۇر:

1 ـ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ھەر بىرى ئۆزىنىڭ قەۋمىگىلا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. ﴿**وَلِكُلِّ قَوْمٍ هَادٍ**﴾يەنى «ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچى پەيغەمبىرى بولىدۇ»[1] .

﴿**وَإِن مِّنْ أُمَّةٍ إِلاَّ خَلاَ فِيهَا نَذِيرٌ**﴾ يەنى«قانداقلا بىر ئۇممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن»[2] .

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل دۇنياغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَآ أَرْسَلْنَاكَ إِلاَّ رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ** ﴾يەنى «ئى مۇھەممەد! سېنى بىز پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق»[3] .

﴿**تَبَارَكَ ٱلَّذِي نَزَّلَ ٱلْفُرْقَانَ عَلَىٰ عَبْدِه لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيراً**﴾يەنى « پۈتۈن جاھان ئەھلىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى چۈشۈرگەن ئاللاھنىڭ

---

(1) رەئد سۈرىسى 7ـ ئايەت.

(2) فاتىر سۈرىسى 24ـ ئايەت.

(3) ئەنبىيا سۈرىسى 107ـ ئايەت.

بەرىكىتى بولىدۇ»[1] .

2 ـ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا كۈچىنى كۆرسىتەلەيتتى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە توگىشەتتى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى ئەجدىھارغا ئايلاندۇرۇشى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغما كورنى ساقايتىشى قاتارلىق مۆجىزىلەر، مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىلا كۈچىنى كۆرسىتەلىگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن كېيىن كۆرۈلمىگىنىگە ئوخشاش. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى بولغان قۇرئان تا قىيامەتكىچە ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغۇچى ۋە رەقىبلىرىگە ئۆزىنىڭ مۇنازىرىسىنى ئېلان قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەرنىڭ تالانتلىق ئەدىبلىرى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە ئوخشاش بىرەر ئايەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلغان بولسا، ھازىرمۇ ئەھۋال شۇنداق، ھازىرغىچە ھېچكىم بىرەر ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا چىقىرالىغىنى يوق.

3 ـ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېڭىلىنىپ كەلگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى تا قىيامەتكىچە يېڭىلانمايدۇ ۋە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ!

4 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ شاپائەتنىڭ ئىگىسىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ بۇيۈك ئىمتىيازدىن نېسىۋىسى يوق.

سوئال: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇش نېمە بىلەن بولىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتۇش ـ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئىزچىل ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلماستىن، ئۇنىڭغا ئەگەشمەستىن ئۇنى دوست تۇتىمەن، دېگەنلىك پەقەت قۇرۇق دەۋادىنلا ئىبارەت بىرنەرسىدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَّنْ يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ ٱللَّهَ ﴾ يەنى « كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن،

---

(1) قۇرقان سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[1] .

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق دوست تۇتۇش كېرەك؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئاللاھتىن باشقا ھەممىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چەكسىز ئىخلاس ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت قىلىش، ئۇنى چىن قەلبتىن سۆيۈش ئارقىلىق دوست تۇتۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق كىشىلەردىن بەك دوست تۇتۇپ، يۇرەكتىن سۆيمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ»[2] .

## سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

سوئال:سۈننەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: «سۈننەت» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: يول دېگەنلىك. ئەمما ئۇنىڭ شەرىئەت ئىستېمالىدىكى مەنىسى: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى ۋە باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىشلاردىن شەرىئەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى جائىز سانىغانلىرى دېمەكتۇر.

ھەدىس - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى دېمەكتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، سۈننەت ئومۇملۇقنى، ھەدىس بولسا خاسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى «ھەدىس»نى «سۈننەت» بىلەن بىر مەنىدە ئىستېمال قىلىدۇ.

سوئال: سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى نېمە؟

جاۋاب: سۈننەت(ياكى ھەدىس) ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى ئاساسلىق دەستۇرىنىڭ ئىككىنچىسى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچ ئاساسلىق مەنبەئىنىڭ ئىككىنچىسى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمانىدۇر.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق دەستۇرى قۇرئان، ئاندىن سۈننەتتۇر. ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسي مەنبەلىرى 3 بولۇپ، بىرىنچىسى قۇرئان كەرىم، ئىككىنچىسى سۈننەت (ياكى ھەدىس)، ئۈچىنچىسى ئىجما (ئورتاق كېڭىشىش ئارقىلىق قارار قىلىش) كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

﴿ وَمَآ آتَاكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَٱنتَهُواْ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ﴾ يەنى «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر»[1].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَّنْ يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ ٱللَّهَ﴾ يەنى «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[2].

**قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىش سۈننەتتىن بىھاجەت قىلىدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە**

سوئال: قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىش سۈننەتتىن بىھاجەت قىلىدۇ دېگۈچىلەرگە قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: سۈننەت قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي دەستۇرى، قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانىدۇر. قۇرئاندىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان ۋە بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە سۈننەتتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، نامازنى قانداق، قانچە ۋاخ ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئوقۇشنى بايان قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىگە تايىنىپ سۈننەتلىرى ئارقىلىق قۇرئاننىڭ مۇجمەللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ناماز ۋە باشقا ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە تەرتىبلىرى، سانى ۋە ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى بېكىتكەن. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«نامازنى خۇددى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[3] دەپ ئۆگەتكەن. زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق.

« بىز قۇرئانچىلارمىز»، « بىز پەقەت قۇرئانغىلا يۈلىنىمىز»، « قۇرئان ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان، ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شۇئارلارنى توۋلاپ يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىنى يىقىتىشتىن باشقىنى ئويلىمىسا كېرەك. بۇ

---

(1) ھەشر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

(2) نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت.

(3)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

سۆزلەر«باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆز»لەردۇر. چۈنكى «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز ـ ھەق سۆز. ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قۇرئانچىدۇر. ئۇ قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى باتىلنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. ئۇ باتىل قايسى دېگەندە، قۇرئاننىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن، قۇرئاننى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۇچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت نىجىس مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر! سۈننەتنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن:« بىر زامان كېلىدۇكى، بىراۋ ساپاغا يۆلىنىۋېلىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ھەدىسلىرىمدىن بىر ھەدىسنى ئوقۇغىنىدا،"سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەنلەرنى ھالال ۋە ئۇنىڭدا ھارام دېگەنلەرنى ھارام دەپ بىلسەك بىزگە يېتىدۇ" دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغانلارمۇ ئاللاھ ھارام قىلغانلارغا ئوخشاشتۇر!»(1)

قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىپ، سۈننەتتىن بىھاجەت بولىمىز دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزلىرىنى " قۇئانچىلارمىز" دەپ ئاتىۋالغۇچىلەر ئەمەلىيەتتە قۇرئانچىلار ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنى پەرز قىلغان. « پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۈزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»(2) بەلكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرىغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ئىمانىنى يوق سانىغان. ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ

---

(1) ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى

(2) نىسا سۈرىسى 80- ئايەت

دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1].

ئىبنى ھەزم[2] « ئەل ئىھكام فى ئەل ئەھكام»ناملىق ئەسىرىدە :«كىمكى بىرگە قۇرئان كەرىم يېتىدۇ، قۇرئاندىكىلەرنىلا ئالىمىز دەيدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ» دېگەن. ئاجىرىي[3] «شەرىئەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1ـ توم 412ـ بېتىدە مۇنداق دېگەن:«قۇرئان كەرىمدىكى پەرزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بارچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى سۆزلىگەن ئادەم ئىسلام مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە كۇپپارلاردىن سانىلىدۇ».

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئىبنى باز مۇنداق دېگەن:«سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق دېگۈچىلەر مۇرتەد بولغان شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى سۈننەتكە ئىنكار قىلغانلىق قۇرئانغا ئىنكار قىلغانلىق، قۇرئان بىلەن سۈننەت ئىككىسىنى قايسىبىرىگە ئىنكار قىلغان ئادەم پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ»[4]

### ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگۈچىلەرگە رەددىيە

سوئال: ئۇلارنىڭ ”ھەدىسلەرگا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ“ دېگەن دەۋاسىغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ئۇلارنىڭ”ھەدىسلەر ئارىسىدا يالغان ھەدىسلەرمۇ ئورۇن ئالغانلىقى سەۋەبلىك، ھەدىسقا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ“ دېگەن سۆزى ئىسلام

(1) نىسا سۈرىسى 65ـ ئايەت

(2) ئىبنى ھەزم ـ ( 384ھ 994م ) ئەندۇلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)دە دۇنياغا كەلگەن، زاھىرى مەزھىبىنىڭ پېشىۋاسى، فىقھ، ھەدىس، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە ئىلملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن، ئىمام تەبەرىيدىن قالسا ئەڭ كۆپ كىتاپ يازغان، چوڭ ھەجىملىك 12 پارچە كىتابىنىڭ ئاپتورى، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بىرى، جىمقىلىقچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئىزچىل ئەگىشىش پىكرىنى جانلاندۇرغان، زالىم پادىشاھلارنىڭ مال ـ دۇنيا بېرىپ ئۆزلىرىگە تارتىشىغا كەلمىگەن، ئاتاقلىق ئالىم. ھىجرىيە 456 ـيىلى شەبان ئايىنىڭ 28 ـ كۈنى (مىلادىيە 1064 ـيىلى 15 ـ ئىيۇل ) كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

(3) ئاجىرى ـ ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين ئابدۇللا ئاجىرى 280 ھ باغدادتا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس ئالىم، 10 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك كىتاب يازغان، 360ـ يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە ۋاپات بولغان.

(4) «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» 2ـ توم 403ـ بەت.

ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن ھەدىسشۇناس ئالىملار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇنلۇق سۆز ئەمەس. ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسلەر ئىچىدىن راست ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىرىش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، ھەدىس نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان ھەرقانداق يالغان ياكى شۈبھىلىك ھەدىسنى، ھەتتا بىرەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا، شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان باغلىنىش ياكى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ راستچىللىقىدا ياكى تەقۋالىقىدا ئازراق شەك كۆرۈلگەن ھامان ئۇ ھەدىسنى قەتئىي رەت قىلىپ كەلگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ھەدىس ياكى قانداقلا بىر خەۋەرنى ئېنىقلاشتىكى ۋايىغا يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى ۋە ئىنتايىن ھوشيارلىقىغا ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارايدىغان باشقا دىنىنىڭ ئالىملىرىمۇ قايىل بولۇپ كەلمەكتە.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ئەڭ پەزىلەتلىك ئىبادەتلەردىندۇر. ئاللاھ بىزلەرنى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِيِّ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ صَلُّواْ عَلَيْهِ وَسَلِّمُواْ تَسْلِيماً﴾ يەنى «ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى شەنىنى ئۇلۇغلايدۇ، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ) پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا قىلىنغان ھەر قانداق دۇئا، ماڭا دۇرۇد ئېيتىلمىغىچە قوبۇل قىلىنمايدۇ»[2].

بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئالاردا ۋە باشقا ھەرقانداق ۋاقىتلاردا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەدىس ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئىنتايىن چوڭ. ئۇ ئىنسانىيەتنى ئىمانغا چاقىرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى كۇپرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېرىشتۈرگەن ۋە ئىككى دۇنيالىق

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

بەختىلىك يولىغا باشلىغان قەدىرلىك زاتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ زېمىندا كېزىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى بار. ئۇلار ماڭا ئۈممىتىمنىڭ دۇرۇد ۋە سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ»[1].

سوئال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇد قايسى؟

جاۋاب: ئەڭ ئەۋزەل دۇرد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئۆگەتكەن مۇنۇ دۇرۇدتۇر: ﴿**أَلَّلهُمَّ صَلِّ عَلىَ مُحَمَّد، وَعَلىَ آلِ مُحَمَّد، كَمَا صَلَّيْتَ عَلىَ إِبْرَاهِيْم وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ، أَلَّلهُمَّ بَارِكْ عَلىَ مُحَمَّدٍ وَعَلىَ آلِ مُحَمَّد، كَمَا بَارَكْتَ عَلىَ إِبْرَاهِيْمَ وَعَلىَ آلِ إِبْرَاهِيْمَ فِي الْعَالَمِيْنَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ**﴾[2].

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم: روھىي ئالەملەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

سوئال: روھىي ئالەملەر دېگەن نېمىلەر؟

جاۋاب: روھىي ئالەملەر ـ ئىنسانلار ئىدراك قىلالمايدىغان يوشۇرۇن ئالەملەر دېمەكتۇر. كائىناتتىكى شەيئىلەر ئىككى تۈرلۈكتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى، ئىنساندىكى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلار: ئادەم، ھايۋان، تاغ، دەريا، تېرىم، دەرەخ ۋە باشقا ھەر قانداق ماددىي شەيئىلەر، يەنە بىرى، ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلار: پەرىشتىلەر، جىنلار، شەيتانلار ۋە باشقىلار. بۇخىل شەيئىلەرنى ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن ئىدراك قىلالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇلار غەيبىي ئالەملەر ياكى روھىي ئالەملەر، دەپ ئاتىلىدۇ.

سوئال: ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى قانداق بىلىدۇ؟

جاۋاب: ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكىنى كۆرمىگەن ئادەم ئامېرىكا دېگەن دۆلەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاش ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ بارلىقىدىن قەتئىي شەك قىلمىغىنىدەك، مۇسۇلمانلار غەيبىي ئالەملەرنى ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن بىلەلمىگەن بولسىمۇ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئىشىنىدۇ.

### غەيب ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

سوئال: غەيب دېگەن نېمە؟

جاۋاب: غەيب ـــ ھېسسىي ئورگانلار بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان، مېتافىزىكا ئالەمگە ئائىت ئىشلاردۇر. غەيبلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ﴿ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئاسمان ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلمەيدۇ﴾[1].

غەيبلەرنى پەقەت ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **﴿قُل لاَّ يَعْلَمُ مَن فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ ٱلْغَيْبَ إِلاَّ ٱللَّهُ﴾**يەنى «ئاللاھتىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە

(1) نەمل سۈرىسى 65 ـ ئايەت

زېمىندىكى غەيبنى بىلمەيدۇ »[1].

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكىنى كۆرمىگەن ئادەم ئامېرىكا دېگەن دۆلەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاش ئارقىلىق، ئامېرىكىنىڭ بارلىقىدىن قەتئىي شەك قىلمىغىنىدەك، مۇسۇلمانلار غەيبىي ئالەملەرنى ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن بىلەلمىگەن بولسىمۇ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئىشىنىدۇ. غەيبلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ كامالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا غەيبكە ئىشىنىشنى مۆمىنلەرنىڭ بىرىنچى سۈپىتى قىلىپ «ئۇلار غەيبكە ئىشەنگۈچىلەردۇر» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى قۇرئاننىڭ ئېپتىداسىدىلا ماختايدۇ.

سوئال: نېمە ئۈچۈن غەيبكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىلگەن؟

جاۋاب: كائىناتتىكى ئاشكارا شەيئىلەرنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنى ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلار ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق بىلەلمىگەن شەيئىلەرنى ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق بىلدۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيبكە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. چۈنكى غەيبلەرگە ئىشىنىش ئاللاھنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنى ھەق ۋە راست دەپ تەسدىق قىلغانلىقتۇر.

## پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

سوئال: پەرىشتىلەر قانداق بەندىلەر؟

جاۋاب: پەرىشتىلەر - روھىي ئالەمدۇر. ئۇلار كۆرۈنمەيدىغان دۇنيانىڭ بىر قىسمى. ماھىيەت جەھەتتە، ئۇلاردا بىرەر نەرسە ئىستېمال قىلىش يوق ھەمدە ئۇخلاشقىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇلارنى ئەر ياكى ئايال دېيىلمەيدۇ. پەرىشتىلەردە، ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا بولغىنىدەك، شەھۋانىيلىق يوقتۇر. پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇلارغا ئىنكار قىلىش كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿يَا أَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ آمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِي نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِيۤ أَنْزَلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلاۤئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيداً ﴾**

(1) نەمل سۈرىسى 65 ـ ئايەت.

يەنــى «ئـى مـۆمىنلەر! ئاللاھقـا، ئاللاھنىــڭ پەيغەمبــىرىگە ۋە ئـاللاھ ئۇنىڭغـا چۈشـۈرگەن كىتابقـا (يەنـى قۇرئـان) غـا ۋە ئىلگىـرى ئـاللاھ چۈشـۈرگەن كىتابلارغـا (يەنـى قۇرئانــدىن بـۇرۇن نازىــل قىلىنغــان ســاماۋىي كىتابلارغــا) ئىمــان كەلتــۈرۈڭلار. كىمكــى ئــاللاھنى، ئاللاھنىــڭ پەرىــشتىلىرىنى، كىتــابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنــى ۋە ئــاخىرەت كــۈنىنى ئىنكــار قىلىدىكەن، ئۇ، قاتتىق ئازغان بولىدۇ»[1] .

سوئال: پەرىشتىلەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھنىــڭ پەرىــشتىلىرىنىڭ بــارلىقى ھەقتــۇر، ئــۇلار ھەمىــشە ئاللاھنىــڭ تــائەت ـ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ھۆرمەتلىك، ئىتائەتچان ۋە مەسۇم بەندىلەردۇر.

ئاللاھ پەرىشتىلەرنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ بَلْ عِبَادٌ مُّكْرَمُونَ لاَ يَسْبِقُونَهُ بِــالْقَوْلِ﴾ يەنـى «ئاللاھنىــڭ پەرىــشتىلىرى ھۆرمەتلىــك بەندىلەردۇر، ئۇلار ئاللاھقا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ»[2] .

## پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

سوئال: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جــاۋاب: پەرىــشتىلەرگە ئىمــان كەلتــۈرۈش تۆۋەنــدىكى 4 مەســىلىگە ئىــشىنىپ ئېتىقــاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ ئۇلارنىــڭ بارلىقىغــا ئىــشىنىش. چــۈنكى، پەرىــشتىلەرنىڭ بــار ئىكەنلىكىــگە ئىــشىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىلىرىدىن سانىلىدۇ.

2 ـ جىبرىئىــل، ئىــسرافىل، مىكائىــل ۋە ئەزرائىللارغــا ئوخــشاش بىــزلەرگە ئىــسىملىرى مەلــۇم بولغــان پەرىــشتىلەرگە تەپــسىلىي، ئىــسىملىرى بىــزلەرگە مەلــۇم بولمىغــان جىمــى پەرىشتىلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3 ـ جىبرائىلغـا ئوخـشاش بىـزگە سۈپەتلىرى مەلـۇم بولغـان پەرىـشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىمـان كەلتـۈرۈش. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام بىـر ھەدىـسىدە جىبرائىلنـى ئەسـلى سـۈرىتىدە (600 قــانىتى بىــلەن ئۇپــۇقنى يــورگىگەن ھالىتــىدە) كــۆرگەنلىكىنى بايــان قىلغــان. پەرىــشتىلەر گاھــىدا ئــادەم ســۈرىتىدىمۇ كۆرۈنــىدۇ. ھەزرىتــى مەريەمنىــڭ يېنىغــا كېلىــپ، ئۇنىڭغــا ئىــسا ئەلەيھىســسالامنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىــدىن بىــشارەت بەرگەن پەرىــشتىمۇ، ئەر

(1) نىسا سۈرىسى 136 ـ ئايەت.

(2) ئەنبىيا سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

كــشىنىڭ ســۈرىتىدە كەلــگەن. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامغىمۇ جىبرائىــل ئەر كــشىنىڭ سۈرىتىدە بىر قانچە قېتىم كۆرۈنگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

4 - پەرىــشتىلەرنىڭ ئــاللاھ تەرىپىــدىن تاپــشۇرۇلغان ۋەزىپىلــرى ۋە ئەمەللىرىــدىن بــىزگە مەلــۇم بولغانلىرىغــا ئــشىنىش. مەســىلەن: جىبرىئىلنىــڭ ۋەزىپىــسى، ئــاللاھ بىــلەن ئۇنىــڭ پەيغەمبەرلىــرى ئوتتۇرىــسىدا ئەلچىلىــك قىلىــش. ئەزرائىلنىــڭ ۋەزىپىــسى، ئەجەلــى توشــقانلارنىڭ جــانلىرىنى ئــېلىش. مىكائىلنىــڭ ۋەزىپىــسى، ئاللاھنىــڭ ئەمــرى بىــلەن شــامالارنى قوزغــاش ئــارقىلىق بۇلــۇتلارنى ھەرىكەتلەنــدۈرۈپ، زېمىنىنــڭ ئــاللاھ خالىغــان جايلىرىغــا يــامغۇرلارنى ياغــدۇرۇش. ئىــسرافىلنىڭ ۋەزىپىــسى، قىيــامەت قــايىم بولــۇش ئالدىــدا، بىرىنچــى قېتىملىــق ســۈرگە پــۈۋلەش ئــارقىلىق بــۇ دۇنيــا ھاياتىنىــڭ ئاخىرلاشــقانلىقىنى ۋە ئاخىرەت ئــالىمى باشلانغان كۈنىــدە، ئىككىنچــى قېتىملىــق سۈرگە پــۈۋلەش بىــلەن ئىنــسانلار تىرىلدۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتۇر.

سوئال: پەرىشتىلەر نېمىدىن يارىتىلغان؟

جــاۋاب: ئىنــسانلار تــۇپراقتىن يارىتىلغــان بولــسا، پەرىــشتىلەر «نــۇر» (يەنــى يورۇقلــۇق) دىــن يارىتىلغــان. پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام بىــر ھەدىــسىدە «پەرىــشتىلەر نــۇردىن يارىتىلغــان»([1]) دەپ بايــان قىلغــان. ھېــسسىي بولمىغــان يەنــى ئىنــسانلار ھېــسسىي ئەزالــرى ئــارقىلىق بىلەلمىــگەن شــەيئىلەرنى يــوق، دەپ ئىنكــار قىلىــش تــوغرا ئەمەســتۇر. چــۈنكى بىــز بولارغــا ئىنكــار قىلمــاقچى بولــساق، كۆڭــۈل، جــان، ئەقىــل ۋە ۋىجــدان قاتــارلىقلارغىمۇ ئىنكــار قىلــشىمىزغا تــوغرا كېلىــدۇ. چــۈنكى بۇلارنىمــۇ ھېــسسىي ئەزالار ئــارقىلىق بىلگىلــى بولمايــدۇ ئەمەســمۇ. كۆڭــۈل، جــان، ئەقىــل قاتارلىقلارنىــڭ قانــداق ئىكەنلىكىنــى كــۆرگەن كــشى يــوق. ھالبۇكى دۇنيــادا ھــېچكىم تىرىــك نەرســىدە جاننىــڭ، ئەقىــل - ھۇشــى جايىــدا بولغــان ئادەمــدە ئەقىل ۋە كۆڭۈلنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

## پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىلىرى

سوئال: پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى قانداق؟

جــاۋاب: پەرىــشتىلەرنىڭ خــاراكتېرى - ئاللاھقــا مــۇتلەق ئىتــائەت قىلىــشتىن ئىبــارەتتۇر. ئــۇلاردا كەمچىلىــك ئۆتكــۈزۈش ۋە ئاللاھقــا ئاســيىلىق قىلىــش يوقتــۇر. ئــاللاھ پەرىــشتىلەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

---

1 مۇسلىم رىۋايىتى

﴿لاَّ يَعْصُونَ ٱللَّهَ مَآ أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾ يەنى «ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ. نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»[1] .

سوئال: پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمە؟

جاۋاب: پەرىشتىلەردىن ھەر بىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئايرىم ۋەزىپىلىرى باردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى خاتىرلەش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ئىنسانلارنى كېچە - كۈندۈزنىڭ بالايى - ئاپەتلىرى ۋە خەۋپ - خەتەرلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. بەزىلىرى بەندىلەرنىڭ جانلىرىنى قەبزى روھ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ئۆلگەنلەردىن سوراق - سوئال قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇرئان ئوقۇلغان، ئاللاھ ياد قىلىنغان ئورۇنلارغا ۋە مەسجىدلەرگە بېرىپ ئۇلارغا سامى بولۇش بىلەن مەشغۇل بولسا، بەزىلىرى ھەمىشە ئاللاھقا سەجدە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى مەدھىيىلەش بىلەن مەشغۇلدۇر. پەرىشتىلەرنىڭ مەشھۇرلىرى: جىبرائىل، ئەزرائىل، مىكائىل ۋە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

ئاللاھ پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَهُمْ بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يَشْفَعُونَ إِلاَّ لِمَنِ ٱرْتَضَىٰ وَهُم مِّنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ ﴾يەنى «ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر) ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغان ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن تىترەپ تۇرىدۇ»[2] .

سوئال: پەرىشتىلەر نەدە؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، پەرىشتىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاسمانلاردا تۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلسا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زېمىندا يۈرۈپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئاسمانلار بىلەن زېمىن ئارىسىدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىدا سەير قىلىدۇ.

## جىنلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى

سوئال: جىنلار قانداق تائىپىلەر؟

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 - ئايەت.

(2) ئەنبىيا سۈرىسى 28 - ئايەت.

جاۋاب: جىنلار ـ پەرىشتىلەرگە ئوخشاش غەيبىي ئالەملەردىن بولۇپ، پەرىشتىلەرنى كۆرگىلى بولمىغاندەك، ئۇلارنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن بىرى، ئىنكار قىلىش كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە جىنلارنىڭ بارلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىنكار قىلغانلىقتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەرلىرىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

سوئال: جىنلار نېمىدىن يارىتىلغان؟

جاۋاب: پەرىشتىلەر يورۇقلۇقتىن يارىتىلغان بولسا، جىنلار ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغان. ئاللاھ جىنلارنىڭ يارىتىلىشى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱلۡجَآنَّ خَلَقۡنَٰهُ مِن قَبۡلُ مِن نَّارِ ٱلسَّمُومِ ﴾ يەنى «جىنلارنى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق»[1].

بۇ ئايەتتىن جىنلارنىڭ ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بورۇن يارىتىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

سوئال: جىنلارنىڭ خاراكتېرى قانداق؟

جاۋاب: جىنلارنىڭ خاراكتېرىمۇ ئىنسانلارنىڭ خارەكتېرىگە ئوخشاشتۇر، يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇسۇلمان، ياخشى تەقۋالارمۇ، يامان، گۇناھكار، ئاسىيلارمۇ باردۇر.

ئاللاھ جىنلارنىڭ سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَأَنَّا مِنَّا ٱلۡمُسۡلِمُونَ وَمِنَّا ٱلۡقَٰسِطُونَ ﴾ يەنى «بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار، مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ»[2].

سوئال: جىنلارمۇ قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلامدۇ؟

جاۋاب: جىنلارمۇ قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارغا ئوخشاش بۇدۇنيادىكى بارلىق ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرىدىن ئەلۋەتتە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ ياخشى

---

(1) ھىجر سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

(2) جىن سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

ئىشلارنى قىلىپ ئاللاھنى رازى قىلغانلىرى ساۋابقا ئېرىشكىنىدەك، يامان ئىشلارنى قىلىپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىرى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىلغان ۋە ئىبادەت ئۈچۈن يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلإِنسَ إِلاَّ لِيَعْبُدُونِ** ﴾ يەنى «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[(1)].

سوئال: جىنلار غەيبنى بىلەمدۇ؟

جاۋاب: جىنلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش غەيبلەرنى بىلمەيدۇ. چۈنكى غەيبلەرنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا كەرىمدە، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، جىنلارنىڭ غەيبلەرنى بىلمىگەنلىكلىرى ۋە ھەرگىزمۇ بىلمەيدىغانلىقلىرىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **مَا دَلَّهُمْ عَلَىٰ مَوْتِهِ إِلاَّ دَابَّةُ الأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ ٱلْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ ٱلْغَيْبَ مَا لَبِثُواْ فِي ٱلْعَذَابِ ٱلْمُهِينِ** ﴾يەنى «سۇلايمان(ھاسىسىنى قورۇت يەپ) يىقىلغاندا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ۋاقت ئۇزاق ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى»[(2)].

دېمەك، جىنلار غەيبنى بىلمەيدۇ. ئەمما ئۇلار بىزلەرنى كۆرەلەيدۇ، بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لاَ تَرَوْنَهُمْ**﴾ يەنى «ئۇ، (يەنى ئىبلىس) ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر»[(3)].

چۈنكى ئىبلىس جىنلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يارىتىلغان ماددىسى بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئوت يالقۇنى.

---

(1) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

(2) سەبەئ سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

(3) ئەئراف سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

## شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋاراكتېرى

سوئال: شەيتانلار قانداق مەخلۇقلار؟

جاۋاب: شەيتانلار ـ جىنلاردىن كېلىپ چىققان كاپىرلار بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. شەيتانلار ھەمىشە ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ. شەيتانلارمۇ جىنلارغا ئوخشاش جىسمىسىز مەخلۇقات بولۇپ، ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلار بىزلەرنى كۆرىدۇ. شەيتانلار ھەرقانداق يوللار بىلەن ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىرىدىن قىلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئىنسانلارنى شەيتانلارنىڭ شەررىدىن (يەنى يامانلىقلىرى ۋە ئازدۇرۇشلىرىدىن) ساقلىنىشقا ۋە ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ بىزگە شەيتانلاردىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَٱسْتَعِذْ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ** ﴾ يەنى «ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتسە) ئاللاھقا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن»[1] .

ئاللاھ ئىنسانلارنى شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگىشىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **أَفَتَتَّخِذُونَهُۥ وَذُرِّيَّتَهُۥٓ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِي وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّ** ﴾ يەنى «مېنى قويۇپ ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (يەنى شەيتانلارنى) دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر»[2] .

سوئال: ئىبلىس دېگەن كىم؟

جاۋاب: ئىبلىس ـ شەيتانلارنىڭ ئاتىسى. ئۇ جىنلاردىن كېلىپ چىققان رەزىل مەخلۇقتۇر. ئاللاھ ئىبلىسنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختىلىپ: ﴿**كَانَ مِنَ ٱلْجِنِّ**﴾«ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى»دەيدۇ[3] .

ئىبلىس ـ ئەڭ ئەشەددىي كاپىر بولۇپ، ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ بولغىنىدىن كېيىن، ئىبلىسنى پۈتۈن پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن سەجدە

---

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

(2) كەھف سۈرىسى 50 ـ ئايەت.

(3) كەھف سۈرىسى 50 ـ ئايەت.

قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ھەممە پەرىشتىلەر سەجدە قىلسا، ئىبلىس تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ئۇنى ئۆز ھىمايىسىدىن قوغلاپ، كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن قىلىۋېتىدۇ. ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ، كاپىر بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈنلا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنى ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئىبلىسنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان شەيتانلارمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك دۈشمەن بولۇپ كەلمەكتە.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە:

﴿ وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلاَئِكَةِ ٱسْجُدُواْ لآدَمَ فَسَجَدُواْ إِلاَّ إِبْلِيسَ أَبَىٰ وَٱسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلْكَافِرِينَ وَقُلْنَا يَاآدَمُ ٱسْكُنْ أَنْتَ وَزَوْجُكَ ٱلْجَنَّةَ وَكُلاَ مِنْهَا رَغَداً حَيْثُ شِئْتُمَا وَلاَ تَقْرَبَا هَـٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلْظَّالِمِينَ فَأَزَلَّهُمَا ٱلشَّيْطَانُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِ وَقُلْنَا ٱهْبِطُواْ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ ﴾يەنى « ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە:"ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار" دېدۇق. ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى. تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى. بىز (ئادەمگە) "ئى ئادەم سەن ئايالىڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە، كەڭتاشا يەپ - ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزۈڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر" دېدۇق. شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ، خاتالاشتۇردى)، تۇرىۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى. (ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا)"بىر - بىرىڭلار بىلەن دۈشمەن بولۇشقان ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار" دېدۇق»[1]

شەيتانلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارلىقى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن بىرى، ئىنكار قىلىش كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

سوئال: شەيتانلارنىڭ خاراكتېرى قانداق؟

(1) بەقەرە سۈرىسى 34 ـ 35 ـ 36 ـ ئايەتلەر.

جاۋاب: شەيتانلارنىڭ خاراكتېرى ـ پۈتۈنلەي يامانلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، شەيتانلار ھەرخىل يوللار بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە يامانلىقنىڭ، ئازغۇنلۇقنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى سېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ ٱلشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَٱتَّخِذُوهُ عَدُوّاً إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُواْ مِنْ أَصْحَابِ ٱلسَّعِيرِ ﴾ يەنى «شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر. ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار. شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ»[1] .

سوئال: شەيتانلار كىملەرنى ئازدۇرالايدۇ؟

جاۋاب: شەيتانلار ئاللاھنىڭ تائەتىدىن يىراقلاشقان، ئىمانى ئاجىز، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمىغان كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئەمما ھەمىشە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە بولغۇچى، تەقۋادار، ئىرادىلىك ۋە ئىخلاسمەن زاتلارنى شەيتانلار ھېچبىر يول بىلەن ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسنىڭ بۇھەقتىكى ئىقرارىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ * إِلاَّ عِبَادَكَ مِنْهُمُ ٱلْمُخْلَصِينَ ﴾ يەنى «(ئىبلىس ئېيتتىكى) ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن، ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)» [2] .

ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى ئىمانى كامىل، تەقۋادار، ئىرادىلىك ۋە ئىخلاسمەن زاتلاردۇر.

سوئال: ئاللاھ نېمە ئۈچۈن شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشىغا يول قويغان؟

جاۋاب: بۇ دۇنيا ئىمتىھان دۇنياسى بولۇپ، يامانلىق بولمىسا ياخشىلىقنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلىنمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ جەننەتنى يارىتىش بىلەن بىرگە دوزاخنىمۇ ياراتقان. چۈنكى دوزاخ بولمىسا جەننەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلىنمەيتتى. شۇڭا ئاللاھ ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن ئىنسانلارنى بۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا شەيتانلارنىمۇ ئەۋەتكەن ۋە شەيتانلارغا ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش قابىلىيىتىنى

(1) فاتىر سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) ساد سۈرىسى 82 ـ 83 ـ ئايەتلەر.

بەرگەن. قەدىمــدە ئــادەم ئەلەيھىســسالام تــوغرا يــول ۋە ياخــشىلىقنىڭ، ئــىبلىس بولــسا ئــازغۇنلىق ۋە يامانلىقنىــڭ ۋەكىلــى بولــۇپ ئــۆتكەن بولــسا، كېــيىن ۋە تاھــازىرمۇ ئــادەم ئەلەيھىســسالامنىڭ ئەۋلادلىرىــدىن بىــر قىــسىم كىــشىلەر، يەنــى پەيغەمــبەرلەر ۋە ئۇلارغــا ئەگەشكەن مـۆمىن زاتـلار تـوغرا يـول ۋە ياخشى ئىشلارغا، شـەيتانلار ئـازغۇنلۇق بىـلەن يامـان ئىـشلارغا ۋەكىللىــك قىلغــان ھالــدا ئۆمــۈر سـۈرمەكتە. بىــز ئەتراپىمىزدىكــى شــەيئىلەر ۋە تارىخلارغــا قارايــدىغان بولــسا، ھايــاتلىق ئەزەلــدىن زىــددىيەتلەر بىلەنــلا داۋام قىلىــپ كەلگەنلىكىنــى ۋە دۇنيانىــڭ ھېچبىــر يېرىــدە قارشىلىقــسىز، زىددىيەتــسىز جەمئىيەتنىــڭ تېپىلمايــدىغانلىقىنى، ھەرقانــداق بىــر جەمئىــيەت زىــددىيەت ۋە قارشــىلىقلار ئارىــسىدا دەۋر سۈرىۋاتقانلىقىنى ئوچـۇق كـۆرەلەيمىز. ھەمـدە زىـددىيەت ھاياتنىـڭ قـانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنـى بىلەلەيمىز.

دېــمەك: زىددىيەتــسىز جەمئىــيەت بولمايــدۇ! شــەيتانلار ھەر زامــان ئىنــسانلارنىڭ ئەشــەددىي دۈشــمەنلىرىدۇر. دۇنيــادىكى بىــر ـ بىــرىگە قارشــى زىــددىيەتلىك كــۈچلار زامانلارنىـڭ ئۆتىۈشـى يـاكى باشـقا سـەۋەبلەر بىـلەن بىـر ـ بىـرىگە دوسـت بولـۇشـۇپ كېتىـشى مــۇمكىن. بەلكــى شــۇنداق بولغــانلارمۇ بــار. ئەممــا ئــادەم ئەۋلادى بىــلەن شــەيتانلارنىڭ ئوتتۇرىــسىدىكى بــۇ زىــددىيەت مەڭگــۈ ھەل بولمايــدىغان ۋە ئەبەدى شــۇنداق داۋام قىلىــدىغان ئالاھىــدە چــوڭ زىــددىيەتتۇر. شــۇڭا ئــاللاھ ئــادەم ئەلەيھىســسالامدىن باشــلاپ پۈتــۈن پەيغەمــبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىــڭ ئــۈممەتلىرىگە شــەيتانلاردىن يىــراق بولۇشــنى قايتــا ـ قايتا تەۋسىيە قىلىـپ كەلمەكـتە. كىمكـى شـەيتانلارغا ئالـدىنىپ كەتمەسـتىن، ئـاللاھ تەرەپكە بۇرۇلـۇپ ئـۆزىنى ئاللاھنىـڭ دىنىغـا بېغىـشلايدىكەن، ئـۇ، ئاللاھنىـڭ ھىمايىـسى ئاسـتىغا كىــرگەن بولــدۇ. ئــۇ ئاللاھنىــڭ ھىمايىــسىدە بولغــانىكەن، ئۇنىڭغــا شــەيتان زىيــان يەتكۈزەلمەيـدۇ. كىمكـى ئـاللاھنى ئۇنتـۇپ شـەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسـىلىرىگە ۋە نەيرەڭلىـرىگە ئالـدىنىپ، ئۇلارنىـڭ قوينىغـا ئـۆزىنى ئاتىـدىكەن، ئـۇ، شـەيتانلارنىڭ تەۋەلىـرىگە ئايلىنىـپ قالىدۇ ـ دە، شەيتانلار بىلەن بىرگە دوزاختا مەڭگۈلۈك تەۋە بولىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ ٱلرَّحْمَـٰنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ * وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ ﴾** يەنـى «كىمكـى مېھرىبـان ئـاللاھنى يـاد ئېتىشتىن (يەنـى قۇرئانـدىن) يـۈز ئۆرۈيـدىكەن، بىـز ئۇنىڭغـا شـەيتاننى مۇسـەللەت قىلىمىز، شـەيتان ئۇنىڭغـا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شۈبھىـسىزكى شـەيتانلار ئـۇلارنى تـوغرا يولـدىن توسـىدۇ. ئـۇلار بولـسا

ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ»[1] .

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر

## تۆتىنچى بۆلۈم: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

سوئال: ئاللاھنىڭ كىتابلىرى قانداق كىتابلار؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ كىتابلىرى ــ ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن مۇقەددەس كىتابلاردۇر. ئۇلار ساماۋىي كىتابلار دەپ ئاتىلىدۇ.

سوئال: ئاللاھ بۇ كىتابلارنى نېمە ئۈچۈن چۈشۈرگەن؟

جاۋاب: ئاللاھ بۇ كىتابلارنى ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنى يامان يوللاردىن قايتۇرۇپ، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتەك توغرا يولغا باشلاپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈرگەن.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ ٱلنَّاسَ مِنَ ٱلظُّلُمَاتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذْنِ رَبِّهِمْ إِلَىٰ صِرَاطِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَمِيدِ﴾** يەنى «بۇ قۇرئان شۇنداق بىر كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن كۇپرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن ئاللاھنىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) چۈشۈردۇق»[1] .

### ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلار

سوئال: ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلاردا نېمىلەر سۆزلەنگەن؟

جاۋاب: ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلاردا، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭ پەرۋىش قىلغۇچىسى يالغۇز ئاللاھ ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان مەبۇد بەرھەق يوق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك مەسىلىلەر، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى، ھەرتۈرلۈك پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئاخىرەت ئالەمىنىڭ خەۋەرلىرى، دۇئا ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇل ۋە سىستېمىلىرى، ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ قانۇن، پرىنسىپلىرى قاتارلىقلار سۆزلەنگەن.

سوئال: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب چۈشۈرۈلگەنمۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب چۈشۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ

---

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

ئـاز قـسمىغا كىتـاب چۈشـۈرۈلگەن بولـسىمۇ، كۆپىنچـىسىگە ئـاللاھتىن ۋەھـىيلا كېلەتتـى. ئـۇلار ئـاللاھتىن كەلـگەن ۋەھيىنىـڭ روھىنـى ئـۈممەتلىرىگە يەتكـۈزۈش ئـارقىلىق، ئـۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلاتتى.

سوئال: ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار قايسىلار؟

جـاۋاب: ئـاللاھ تەرىپـىدىن چۈشـۈرۈلگەن كىتـابلار قۇرئـان كەرىمنىـڭ بايـان قىلىـشى بويىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ تەۋرات ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن. ﴿**إِنَّآ أَنزَلْنَا ٱلتَّوْرَاةَ فِيهَا هُــدًى وَنُــورٌ**﴾ يەنــى «بىــز ھەقىــقەتەن (مۇســاغا) تەۋراتنــى نازىــل قىلــدۇق، تەۋراتتــا (تــوغرا يولغــا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار»[1] .

2 ـ زەبـۇر ـ داۋۇد ئەلەيھىسـسالامغا چۈشـۈرۈلگەن. (تەۋراتـتىن ئـورۇن ئالماقتـا). ﴿**وَآتَيْنَــا دَاوُودَ زَبُوراً**﴾ يەنى «داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق»[2] .

3 ـ ئىنجىل ـ ئىسا ئەلەيھىسـسالامغا چۈشۈرۈلگەن. ﴿**وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ٱبْــنِ مَــرْيَمَ وَآتَيْنَــاهُ ٱلإِنْجِيــــلَ**﴾ يەنــى «ئارقــدىن مەريەم ئــوغلى ئىــسانى ئەۋەتتــۇق، ئۇنىڭغــا ئىنجىلنــى ئاتــا قىلدۇق»[3] .

4ـ قۇرئان ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسـسالامغا چۈشۈرۈلگەن.﴿ **إِنَّآ أَنْزَلْنَاهُ قُرْآناً عَرَبِيّــاً لَّعَلَّكُــمْ تَعْقِلُــونَ** ﴾ يەنـى «شۈبھىـسىزكى، سـىلەرنى چۈشەنـسۇن دەپ ئـۇنى ئەرەبچە قۇرئـان قىلىـپ چۈشۈردۇق»[4] .

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ھەدىــسلىرىغا كــۆرە، يــۇقىرىقىلاردىن باشــقا بەزى پەيغەمــبەرلەرگە ســاماۋىي كىتــابلار چۈشـۈرۈلگەنلىكى مەلــۇم. ئــۇلار تۆۋەنــدىكىلەردىن ئىبارەت:

ئــادەم ئەلەيھىســسالامغا 10 بەتلىــك، ئىبــراھىم ئەلەيھىســسالامغا 10 بەتلىــك، شــىش ئەلەيھىســــسالامغا 50 بەتلىــــك، ئىــــدرىس ئەلەيھىســــسالامغا 30 بەتلىــــك كىتــــابلار

(1) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

(2) نىسا سۈرىسى 163 ـ ئايەت.

(3) ھەدىد سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

(4) يۈسۈپ سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

چۈشۈرۈلگەن.

سوئال: بۇ كىتابلار ئاللاھتىن قانداق رەۋىشتە چۈشۈرۈلگەن؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلار پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن دىۋان قىلىنغان ھالدا، بىر يولى چۈشۈرۈلگەن بولسا، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەقەلەرنىڭ تەلىپىگە ۋە شارائىتلارنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ ھالدا، ئاز - ئازدىن ئۇقۇپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ۋەھيى يولى بىلەن تولۇق 23 يىل ئىچىدە تەدرىجىي چۈشۈرۈلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھتىن تاپشۇرۇپ ئالغان قۇرئان كەرىمنى ئاللاھتىن چۈشكەن پېتى كەم - زىيادە قىلماستىن، بىرەر ھەرىپكە چاغلىق ئۆزگەرتىۋەتمەستىن ئىسلام ئۇممىتىگە ئەينەن يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك بۇرچىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلغان.

سوئال: ۋەھيى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋەھيى سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى - ئىلھام دېمەكتۇر.

ئەمما ۋەھيىنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى: ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرگە بىۋاستە ياكى پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆز قىلىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ ٱللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِن وَرَآءِ حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِيَ بِإِذْنِهِۦ مَا يَشَآءُ** ﴾ يەنى « ئاللاھ ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدا ياكى پەرىشتىدىن بولغان بىر ئەلچىنى ئەۋەتىپ ئۇ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان»[1] .

**ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر**

سوئال: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئۇلارغا كىتابلارنى چۈشۈرگەنلىكى ۋە بۇ كىتابلار ئارقىلىق ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا چاقىرغانلىقى، ئۇلارنى يامان يوللاردىن توسۇپ ئۇنىڭ

(1) شۇرا سۈرىسى 51 - ئايەت.

ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر.

سوئال: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش نىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 مەسىلىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ساماۋىي كىتابلارنىڭ راستىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەق كىتابلار ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىش.

2 ـ ئاللاھ تائالا بىزگە ئىسمىلىرىنى بىلدۈرگەن قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق ساماۋىي كىتابلارغا تەپسىلىي؛ ئىسمىلىرى بىزگە مەلۇم بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن خەۋەرلىرىگە ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالغان خەۋەرلىرىدىن قۇرئاننىڭ تەستىقلىغانلىرىغا ئىشىنىپ، ئۇنى تەستىق قىلىش.

4 ـ ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش.

## ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى

سوئال: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى نىمە؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ. نەتىجىدە، مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ﴿**يَا أَيُّهَا ٱلَّذِينَ آمَنُواْ آمِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِي نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِ وَٱلْكِتَابِ ٱلَّذِيۤ أَنزَلَ مِن قَبْلُ وَمَن يَكْفُرْ بِٱللَّهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيداً**﴾ يەنى «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن كىتاب قۇرئانغا ۋە ئىلگىرى ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلارغا(يەنى ساماۋىي كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ»[1] .

مۇندىن باشقا پايدىلىرىمۇ كۆپتۇر. ئۇلاردىن:

(1) نىسا سۈرىسى 136 ـ ئايەت.

1 ـ ئاللاھنىڭ ھەرقانداق بىر قەۋمگە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە باشلىغانلىقىنى تونۇپ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان رەھمەت ۋە شەپقەتلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا لايىق شۈكۈر ئادا قىلىش.

2 ـ ئاللاھنىڭ كىتابلىرىدىكى ئىلاھىي دەستۇرلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشىش.

3 ـ ئاللاھنىڭ ھەر قەۋمگە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھالدا شەرىئەت بەلگىلىگەنلىكىدىكى ئۇلۇغ ھېكمەتنى تونۇش.

4 ـ ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى نېمەتلىرىگە لايىقىدا شۈكۈر ئادا قىلىش

## قۇرئان كەرىم

سوئال: قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبىئىدۇر. بۇنىڭغا پۈتۈن ئىسلام ئەھلى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋىي) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتاب ( قۇرئان)نى چۈشۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا چۈشۈرگەن قۇرئان (ئەھكاملىرى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسىي خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن)[1].

سوئال: قۇرئان كەرىم قاچان ۋە قانداق توپلانغان؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمرى ئىچىدە ئوقۇمىغان، مەكتەپ كۆرمىگەن بىر زات بولغانلىقتىن، ئۇ خەت يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن. ھەر قېتىم جىبرائىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئېلىپ كېلىپ، قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئوقۇپ بەرگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىپ ساھابىلىرىغا ئۆزى يادلىغىنى بويىچە يادقا ئالدۇرۇش بىلەن بىرگە «كۇتتابۇلۋەھيى» ( ۋەھيىلەرنى يازغۇچى كاتىبلار) غا بۇيرۇپ ئۇلارنى سىلىق تاشلارغا، تېرىلەرگە ۋە خورمىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ساقلاتتى. «كۇتتابۇلۋەھيى» ساھابىلارنىڭ ئەڭ بىلىملىك ۋە

---

(1) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەت

ئىقتىدارلىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن چوڭ بىر كومىتېت بولۇپ، كومىتېتتا ۋەھىيلەرنى يېزىپ خاتىرلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 40قا يېقىن مەخسۇس كاتىب بار ئىدى. كومىتېتنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىزچە ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنى، شۇ بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ئەينەن يېزىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مۇسۇلمانلارغا ئۇنى يادلىتىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇش ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ دەۋرىدە، قۇرئاننى تولۇق يادلىۋالغان قارىيلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىقىپ كىشلەرنى قايمۇقتۇرۇشقا ئورۇنغان كاززابلارغا قارشى ئۇرۇشتا بىر كۈندىلا 70 قارىينىڭ شېھىد بولغانلىقى شۇ زامانلاردا قۇرئاننى تولۇق يادلىغان قارىيلارنىڭ تولىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ، كىشلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ھەدىسلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلغانلىقىدىن ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا قۇرئاننىڭ بارلىق ئايەت ۋە سۈرىلىرى يېزىلىپ ۋە رەتلىنىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ توپلىنىپ دىۋان قىلىنمىغان ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات بولغاچقا قۇرئان ئايەتلىرىدىن يەنە چۈشۈشىدىن ئۈمىدۋار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان كاززابلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، قۇرئاننى تولۇق يادلىۋالغان قارىيلاردىن كۆپ كىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارىيلار تۈگەپ كەتسە، كېيىنچە، قۇرئان ئايەتلىرىنى توپلاپ دىۋان قىلىشنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، پۈتۈن ساھابىلارنىڭ مۇۋاپىقەتچىلىكى بىلەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى توپلاپ، ئۇنى كىتاب قىلىپ ئۆز يېنىدا ساقلايدۇ. توپلاش ئىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىبى ۋە »كۇتتابۇلۋەھيى« كومىتېتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كومىتېت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قۇرئاننى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدا ساقلايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆز ئۆيىدە ساقلايدۇ. ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قۇرئاننى قىرائەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا بەزى ئىختىلاپلار چىقىدۇ. ھەتتا قۇرئان كۆپلىگەن

قەبىلىلەرنىڭ شېئىرلىرىدە ئۇقۇلۇپ، قىرائەت، تەجۋىد تەرەپتىن بەزى خاتالىقلار كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قايتۇرۇپ ئېلىپ زەيدئىبنى سابىت ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زوبەيرلەر باشچىلىقىدىكى «كۆتتابۇلۋەھيى»گە بۇيرۇپ، قۇرئان كەرىمنى قۇرەيش شېۋىسىدە بىر نۇسخا يازدۇرۇپ چىقىدۇ. (قۇرئاندىكى ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، «كۆتتابۇلۋەھيى» گە يازدۇرۇپ ساقلىغان ئىدى). ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ بىر نۇسخىنى 7 نۇسخىغا كۆپەيتكۈزۈپ، بىرىنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ قالىدۇ، قالغان ئالتە نۇسخىسىنى مەككە، شام، يەمەن، كۇفە، بەسرە ۋە بەھرەين قاتارلىق ئىسلام شەھەرلىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

## قۇئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرى

سوئال: قۇرئان كەرىم قانچە سۈرە ۋە قانچە ئايەتتىن تەركىب تاپقان؟

جاۋاب: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىم 114 سۈرە، 6236 ئايەت، 77439 سۆز ۋە 325743 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. قۇرئان كەرىم باراۋەر 30 پارىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر پارىسى ئىككى ھىزبىغا، ھەربىر ھىزبىسى تۆت روبئىغا بۆلۈنىدۇ. نەتىجىدە قۇرئان 30 پارا، 60 ھىزب، ۋە 240 روبئىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن ئارتۇقچىلىقى

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلاردىن ئارتوقچىلىقى كۆپتۇر، ئەمما بىز بۇيەردە قۇرئاننىڭ 7 ئالاھىدىلىكىنىلا بايان قىلىساق شۇ يېتەرلىك دەپ ئويلايمىز. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ قۇرئان كەرىمدىن باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن دېگۈدەك ئۆزگەرتىلىش ۋە بورمىلىنىشلارغا ئۇچرىغان. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى يوقالغان. مەسىلەن: يەھۇدىيلار تەۋراتنى، خىرىستىئانلار ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ئاللاھ تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى تەۋرات بىلەن ئىسا

ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى ئىنجىل ئۆزگەرتىلىش ۋە بورمىلىنىش ئارقىلىق ئۆز ئەسلىنى يوقاتقان ۋە كېيىنچە يەر يۈزىدىن تامامەن يوقالغاندىن كېيىن، ھازىرقى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 750 يىل كېيىن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 622ـ يىلى ئەزرا ئىسىملىك بىر كاھىن تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغانلىقى مەلۇم. ھازىرقى خرىستىئانلارنىڭ قولىدىكى «لۇقا ئىنجىلى»، « ماركۇس ئىنجىلى»، «مەتتا ئىنجىلى» ۋە «يۇھەننا ئىنجىلى» دەپ ئاتىلىدىغان تۆت ئىنجىل كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان 70 تىن كۆپرەك ئىنجىلدىن تاللىنىپ چىقىلغان ئىنجىللاردۇر. ئەمما قۇرئان كەرىم بولسا، ئۇنى ئاللاھ ھەرقانداق ئۆزگەرتىش ۋە بۇزۇلۇشلاردىن ساقلاپ قالغان. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم 14 ئەسىردىن بېرى ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ۋە كەم - زىيادە قىلىشلارغا ئۇچرىمىغان ھالدا، بىر خىل نۇسخىدا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ساقلاشقا ۋە ئۇزى قىيامەتكىچە مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ يەنى «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»[1].

ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ھېچقانداق دەلىل - پاكىتلار بولمىغان تەقدىردىمۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ 14 ئەسىردىن بېرى بىرەر ھەرپىكە چاغلىق ئۆزگەرتىلمەستىن بىرخىل داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى دىنىمىزنىڭ ھەقلىقىگە ئەڭ كۈچلۈك ۋە يېتەرلىك دەلىلدۇر. چۈنكى تارىختىن بېرى قۇرئاندىن باشقا بىرەر كىتابنىڭ شۇنچىلىك ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزگەرمەي كەلگىنى يوق. ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە «كۇتتابۇلۋەھيى» تەرىپىدىن 7 نۇسخىغا كۆچۈرۈلگەن قۇرئان نۇسخىسىنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىرمۇ ئىستانبۇل »توپقاپى ساراي مۇزىيى«دە، يەنە بىر نۇسخىسى تاشكەنتتىكى دىنىي ئىدارىدا ساقلانماقتا. قۇرئاننىڭ قالغان بەش نۇسخىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك بالايى - ئاپەتلەر سەۋەبلىك يوقىلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. مەزكۇر ئىككى نۇسخا قۇرئان بىر - بىرىدىن قىلچە پەرقلەنمىگىنىدەك، ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەڭ تارقىلىۋاتقان قۇرئان نۇسخىلىرىنىڭ ئۆز ئەينىسىدۇر.

2 - قۇرئان كەرىم - ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئۇ، ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە مەزكۇر كىتابلاردىكى ئىلاھىي تەلىماتلار ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلمەي قالغانلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلغۇچى

---

(1) ھىجر سۈرىسى 9 - ئايەت.

ھەم تەسدىق قىلغۇچىدۇر. ﴿وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَابَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقاً لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَابِ وَمُهَيْمِناً عَلَيْهِ﴾يەنى « ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىد بولغۇچى ھەق كىتاب قۇرئاننى چۈشۈردۇق..» [1] .

3 ـ قۇرئان كەرىم ھېچقانداق بىر ئىلمىي ھەقىقەتكە زىت كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ بىلەن تامامەن ماسلىشىدۇ. زامانىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

4 ـ قۇرئان كەرىم ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىنبىر دائىملىق مۆجىزىسىدۇر.

5 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرى تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ ۋە قەتئىي ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

6 ـ قۇرئان كەرىم ـ ئوقۇش ۋە يادلاشقا تولىمۇ ئوڭاي كىتابتۇر. ئۇ، تىلغا ئېغىر سۆزـ كەلىمىلەردىن ئەلۋەتتە خالىيدۇر.

7 ـ قۇرئان كەرىم ـ ئۇنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ئەمەل قىلىنىدىغان، تىلاۋىتى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان ئالاھىدە بىر دەستۇردۇر.

8ـ پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ھېسسىي مۆجىزىلەردىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشىنىدىغان، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىم زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن كۈچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك ئەقلىي مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم ”مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى“دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا روياپقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

(1) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئىش ـ ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقانلىقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆتكەندە يېرىلغان دېڭىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۆيەت ئۇنىڭ ئىگىسى داۋام قىلغان مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىرگە داۋام قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۆپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە داۋام قىلغىنىغا ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېيىتنى تىرىلدۈرۈش بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوغدىلىپ مەڭگۈگە داۋام قىلىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەمىشە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان ۋە ئۇلار كىتابلىرىنى چىڭ ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما قۇرئان كەرىمنى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. (قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز)[1].

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە داۋام قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بۇرۇنقى ساماۋىي كىتابلارنى قوغداشتىكى ئاجىزلىقلىرىنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنۇتتى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

---

1 ھىجر سۈرىسى 9- ئايەت

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسىدىن باشقا يەنە قانداق مۆجىزىسى بار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسىدىن باشقا، ئىلمىي ۋە كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشتەك سېھرىي مۆجىزىسى باردۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشتىكى سېھرى كۈچىگە قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ھېچكىم ئىنكار قىلالىغان ئەمەس. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئەرەبلەر ئەرەب تىلىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبلىرىغا پەۋقۇلئاددە ماھىر بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ بەدىئىيلىكىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى بىرەر قېتىم ئاڭلىغان ئادەم ئۇنىڭ ئاللاھ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى سېزەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئەرەب كۇففارلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى ئۆز تەۋەلىرىنى قۇرئاننى ئاڭلاشتىن توساتتى. ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لاَ تَسْمَعُواْ لِهَـٰذَا ٱلْقُرْآنِ وَٱلْغَوْاْ فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ**﴾ يەنى «كاپىرلار ”بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرىۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن“ دەيدۇ»[1] .

كۇففار ئەرەبلەر قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بىرەر ئۇسلۇب بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا خاس ئىلاھىي ئۇسلۇب بىلەن كەلگەنلىكى سەۋەبلىك، ئۆزلىرىنىڭ ئاتاغلىق ئەدىب ۋە تالانتلىق شائىرلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قۇرئانغا تاقابىل تۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار تەۋەلىرىگە چوڭ يىغىن چاقىرىپ، يىغىندا ھەممە بىردەك قۇرئان كەرىمنى سېھىر دېيىشكە ئىتتىپاقلىشىدۇ. قۇرەيش كۇففارلىرىنىڭ مۇشاۋىرى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ثُمَّ أَدْبَرَ وَٱسْتَكْبَرَ. فَقَالَ إِنْ هَـٰذَآ إِلاَّ سِحْرٌ يُؤْثَرُ. إِنْ هَـٰذَآ إِلاَّ قَوْلُ ٱلْبَشَرِ**﴾يەنى «ئاندىن ئىماندىن يۈز ئۆرىدى (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتتى، بۇ ئاللاھ سۆزى ئەمەس، پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر دېدى»[2].

دېمەك، ئۆز ۋاقتىدىكى پۈتۈن ئەرەبلەر قۇرئان كەرىمنىڭ سېھرى كۈچىگە قايىل بولغان. نۇرغۇنلىرى ئۇنى بىر ياكى ئىككى قېتىم ئاڭلاش بىلەن مۇسۇلمان بولغان. ھەتتا مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ قاتتىق دۈشمەنلىك

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 26. ئايەت.

(2) مۇددەسسىر سۈرىسى 23 ـ 25 ـ ئايەتلەر.

كۆرسـەتكەن ۋە تـاش يـۇرەك دەپ ئاتالغـان ئـۆمەر ئىبنـى خەتتـابمۇ سىڭلـىسىدىن قۇرئـان كەرىمنىـڭ تىلاۋىتىنـى ئـاڭلاپ قالغانـدىن كېيىن، كـۆڭلى بىـردىنلا يۇمـشاپ كەتـكەن ۋە هامـان ئىمـان ئېيتىـپ مۇسـۇلمان بولغـان. ئەمما هەقىـقەت خـۇددى كۈنـدۈزدىكى قۇياشـتەك روشـەن كۆرۈنـىپ تۇرسـىمۇ، ئۆزلىرىنىـڭ تەكەببـۇرلىقى سـەۋەبلىك ئىمانـدىن يـۈز ئۆرۈگەنلەرمۇ ئاز بولمىغان. ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَجَحَدُواْ بِهَا وَٱسْتَيْقَنَتْهَآ أَنفُسُهُمْ ظُلْماً وَعُلُوّاً﴾ يەنـى «ئـۇلار ئـۇ ئـايەتلەرنى ئىچـىدە ئېتىـراپ قىلـدى، لـېكىن ئـۇلار ئـۇنى زۇلـۇم ۋە تەكەببۇرلـۇق يۈزىـسىدىن ئىنكـار قىلدى»[1].

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى قايسىلار؟

جـاۋاب: قۇرئـان كەرىمنىـڭ ئىلمىـي هەقىقەتلەردىـن خەۋەر بەرگەن مـۆجىزىلىرى ئىنتايىن كۆپ تۆۋەندە بەزىسى بايان قىلىنىدۇ:

## بىرىنچى: تەبىئى پەن دەلىللىرى

(1) شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ قوزغىلىشى

بۇلۇتلارنىـڭ يۆتىلىـشى بۇلـۇتلارنى بارلىققـا كەلتۈرىـدىغان ۋە ئـۇلارنى هەرىكەتلەندۈرىدىغان شامالنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىـدۇ. تەتقىقـاتچى ئـالىملار شامالنىڭ دېڭىز يۈزىگە كۆتۈرۈلگەن سۇ پـارلىرىنى يۇقىرىغا كۆتـۈرۈپ بۇلـۇت هاسىل قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا شامالنىڭ چاڭ ـ توزانلارنى ۋە بىر قىسىم تـۇپراق دانچىلىرىنىمۇ يۇقىرىغا كۆتىرىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار يەنە شامالار كۆتىرىپ يۇقىرىغـا ئېلىـپ چىققـان چـاڭ ـ تـوزان، تـۇپراق دانچىلـىرى، ئۆسـۈملۈك ئـۇرۇقچىلىرى ۋە تۇمـان قاتـارلىقلارنى دېڭـىزدىن كۆتـۈرۈلگەن سـۇ پارلىرىغـا ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ دانچىلارنىڭ ئەتراپىنى سۇ پـارلىرى ئـوراپ ئاسـتا ـ ئاسـتا چوڭىيىـشى نەتىجىـسىدە ئېغىـر بۇلـۇت پارچىلىرىنىـڭ بارلىققـا كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

---

(1) نەمل سۈرىسى 14ـ ئايەت.

قۇرئــان كەرىــم بۇلۇتنىــڭ شــاماللار ئــارقىلىق قوزغىلىــدىغانلىقىنى بايــان قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ئــالالھ شــامالالنى ئەۋەتىــپ بۇلــۇتنى قوزغايــدۇ، ئانــدىن ئــۇنى ئاســماندا خالىغىنىچە تارقىتىدۇ﴾[1].

قۇرئــان يەنە، شــامالالرنىڭ ســۇپارلىرىنى ھەيدەيــدىغانلىقىنى، ئانــدىن ئۇنىڭــدىن ئېغىــر بۇلــۇت ھاســىل بولــۇپ، ئۇنىڭــدىن يــامغۇر تــامچىلىرى چۈشــىدىغانلىقىنى بايــان قىلىــدۇ: ﴿بىــز يــامغۇرنى ھەيدەيــدىغان شــامالالرنى ئەۋەتتــۇق. بىــز بۇلــۇتتىن يــامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر﴾[2].

(2) ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكى

كىــشىلەر ئاســمان جىــسىملىرىنىڭ ئەســلىدە تۇمــان ئىكەنلىكىنــى بىلمەيتتــى. تەتقىقــاتچىلار زامــانىمىزدىكى ئىلىــم - پەننىــڭ سايىــسىدا ئاســمان جىــسىملىرىدىكى قالــدۇق تۈتــۈن مــاددىلىرىنى ۋە ئــۇالردىن يېڭــى پلانېتلارنىــڭ تەركىــب بولىۋاتقــانلىقىنى كــۆردى. ئەممــا قۇرئــان كەرىــم بــۇھەقتىكى مۇنــدىن بــۇرۇن قەيــت قىلغــان.﴿ئــالالھ ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى﴾[3].

(3) ئاي نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى

تەتقىقــاتچىلار ئاينىــڭ ئەســلىدە قۇياشــقا ئوخــشاش يانــدىغان نۇرلــۇق مــاددا بولــۇپ، كېيىن ئۇنىــڭ نــۇرى ئۆچــۈرۈلگەنلىكىنى ۋە كېچىــدىكى ئــاي نۇرىنىــڭ پەقەت قارشــى تەرەپتىكــى قۇياشــنىڭ نۇرىــدىن ئەكــس ئەتــكەن( قايتۇرغــان) يورۇقلــۇق ئىكەنلىكىنــى بايقىــدى. ھــالبۇكى قۇرئــان كەرىــم بــۇھەقتىكى ئــاللىبۇرۇن ئــېلان قىلغــان: ﴿كــېچە بىــلەن كۈنــدۈزنى ئىككــى ئــالامەت قىلــدۇق، كېچىنىــڭ ئــالامىتىنى(يەنــى نــۇرىنى) كۆتىرىۋەتتۇق﴾[4].

قۇرئــان كەرىــم يەنە قۇياشــنى يــانغۇچى چىــراق، ئــاينى يورۇقلــۇق بەرگــۈچى دەپ تەرىــپلىگەن: ﴿ئاســماندا بــۇرۇجلەرنى، يېنىــپ تۇرىــدىغان چىــراق(قۇيــاش)نــى ۋە نۇرلــۇق ئاينى ياراتقان ئالالھنىڭ بەرىكتى بۈيۈكتۇر﴾[5].

(1) رۇم سۈرىسى 47 ـ ئايەت
(2) ھىجر سۈرىسى 22 ـ ئايەت
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 11 ـ ئايەت
(4) ئىسرا سۈرىسى 12 ـ ئايەت
(5) فۇرقان سۈرىسى 61ـ ئايەت

بۇ ئايەتلەردە، ئاينىڭ يوروۇقلۇقنى قۇياشتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاللاھ تائالانىڭ قۇياش بىلەن ئاينى ”ئىككى چىراغ“ دەپ تونۇشتۇرماستىن، قۇياشنى ”چىراغ“، ئاينى ”نۇرلۇق“ دەپ سۈپەتلىگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنى ئونۇتماسلىق كېرەككى، قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆز ئورنىغا شۇنداق كەم ـ زىيادە قىلىنماستىن، ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەرگىزمۇ مەقسەتسىز ئەمەس. ئەرەب تىلىنىڭ زەۋقىنى تېتىغانلار بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

(4) ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكى

كىشىلەر ھازىرقى ئىلىم ـ پەن بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ئوكسىگېننى ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىمۇ بار، دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئايروپىلان ئىجاد قىلىنىپ كىشىلەر ئاسمانغا ئۆرلىگەندىن كېيىن، ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىنى، بۇ سەۋەبتىن ئۇ جايلاردا نەپەسنىڭ سىقىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن ئېلان قىلغان: ﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە، ئىمان ئېيتىش قىيىن كەلگەنلىكتىن كۆكسى تارايغان كىشى ھاۋا بوشلۇقىغا چىققاندا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپەسى سىقىلغان كىشىگە ئوخشىتىلغان. بۇ ئايەتتە، ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېننىڭ كەملىكىدىن نەپەس ئېلىشنىڭ قىيىنلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

(5) ھەر شەيئىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ جانلىقلارغا ئوخشاش جۈپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن: ﴿پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتقان، زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جۈپ ياراتقان ئاللاھ بارچە نوقسانلاردىن پاكتۇر﴾[2].

(6) سېزىمنىڭ تېرىدە ئىكەنلىكى

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 125ـ ئايەت

(2) ياسىن سۈرىسى 36 ـ ئايەت

تىببىــي مۇتەخەسســسلەر ئــاغرىقنى هــېس قىلىــش پەقەت تېرىــدە ئىكەنلىكىنــى ئىــسپاتلاپ چىقتــى. بەدەنــگە ئوكــۇل سـېلىنغاندىمۇ ئوكــۇل تېرىــدىن گۆشــكە ئۆتــۈپ بــولغىچە ئــاغرىق هــېس قىلىنىــدۇ. ئەممــا ئوكــۇل گۆشــكە ئۆتــۈپ بولغانــدىن كېــيىن ئــاغرىق هــېس قىلىنمايــدۇ. كۆيۈكمــۇ شــۇنداق. قۇرئــان بــۇ ئىلمــي ھەقىقەتنــى ئــۆز ۋاقتىــدىلا ئــېلان قىلغــان:﴿شۈبهىــسىزكى، بىزنىــڭ ئــايەتلىرىمىزنى ئىنكــار قىلغــانلارنى دوزاخقــا كىرگــۈزىمىز، ئۇلارنىــڭ تېرىلىــرى پىــشىپ تــۆگىگەن چاغــدا ئــازاپنى تېــتىش ئۈچۈن ئۇرنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز﴾[1].

(7) دېڭىزنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرى

كىــشىلەر دېڭىزلارنىــڭ ســۇ ئۈســتى دولقۇنلىرىــدىن باشــقا ئىچكــى دولقۇنلارنىڭمــۇ بــارلىقىنى بىلمەيتتــى، شــۇنداقلا ســۇ ئۈســتى دولقونلىرىنىــڭ يۇقىرىــدىن چۈشــكەن يورۇقلـۇقنى توسـۇۋېلىپ، سـۇ تېگىــدە قــاراڭغۇلۇق پەيــدا قىلىــدىغانلىقىنى بىلمەيتتــى. هــازىرقى پەن - تېخنىكــا بــۇنى ئىــسپاتلىدى. ئەممــا قۇرئــان ئەڭ ئــاۋۋال بــۇنى ئىــسپاتلىغان ئىــدى:﴿دېڭىزنــى قــاتمۇ قــات دولقـۇنلار ۋە دولقۇنلارنىــڭ ئۈســتىدىكى قــارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ﴾[2].

(8) جــۇغراپىيە ئــالىملىرى ئىلمــي تەكــشۈرۈش ئېلىــپ بېرىــش ئــارقىلىق پەلەســتىننىڭ ئېرۇســالىم رايــونىنى دۇنيــا بــويىچە يەر يــۈزى ئەڭ چوڭقــۇر، ئەڭ تــۆۋەن رايــون دەپ هېــسابلاپ چىقتــى. بــۇ ھەقىــقەت قۇرئــان كەرىمــدە مۇنــداق بايــان قىلىنغــان:﴿رىملىقــلار ئەڭ يــېقىن بىــر جايــدا( زېمىننىــڭ ئەڭ تــۆۋەن يېرىــدە) يېڭىلــدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ﴾[3].

رىملىقــلار بىــلەن ئىــرانلىقلار هــازىرقى پەلەســتىن رايونىــدا ئۇرۇشــقان بولــۇپ، ئېرۇســالىم رايونىغا توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇن مەپەسسىرلەرمۇ شۇنداق قاراشتا.

(9) تاغلارنىڭ قوزۇق ئىكەنلىكى

ئــارخېئولوگىيە ئــالىملىرى تاغلارنىــڭ يەر ئاســتىدىكى قىــسمى يەر ئۈســتىدىكى قىــسمى بىــلەن ئوخــشاش بولــۇپ قېقىلغــان قوزۇققــا ئوخــشايدىغانلىقىنى، ئۇنىــڭ يەر تەۋرەشــنىڭ ئالــدىنى ئــېلىش يــاكى يەر تەررەشــنى ئاجىزلاشتۇرۇشــتا مــۇئەييەن رول

(1) نىسا سۈرىسى 56- ئايەت
(2) نۇر سۈرىسى 40 - ئايەت
(3) رۇم سۈرىسى 2-4- ئايەتلەر

ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:﴿(زېمىنىنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟﴾[1]، ﴿يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق﴾[2].

(10) يەرشارىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق. ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ﴾[3].

بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ئورنى قۇياشتىن 93 مىليون مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوقىدا 24 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى 365 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. زېمىن شار شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سائەتلىك ئايلىنىشى مىڭ مىل (1500 كىلومېتىر) بولۇپ، ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى بىر سائەتلىك ئايلىنىشى 65 مىڭ مىلدۇر. ئەگەر يەر شارى ئۆزىنىڭ ھازىرقى شەكلى ۋە ھەجمىدىن چوڭ ياكى كىچىك بولغان بولسا، زېمىندىكى ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. چۈنكى يەر شارىنىڭ شەكلى بىلەن ھەجمى ئۇنىڭ تېزلىكى ۋە ئايلىنىشىغا مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى بىر سائەتتە مىڭ مىل بولماستىن، ئۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا يەنە ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ھازىرقىدىن زىيادە بولۇپ يۈز مىڭ مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلىقى 120 سائەتكە سوزۇلۇپ كېتىپ، زىرائەتلەر كۆيۈپ كەتكەن ۋە جانلىقلارمۇ ھالاك بولاتتى. ئەگەر كەم بولۇپ يۈز مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ۋاقتى ئاران 1سائەت 20 مىنۇتقا قىسقىراپ كېتىپ، زىرائەتلەر پىشمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يىللىق ئايلىنىشى 18 مىلدىن كەم ـ زىيادە بولغان بولسا، دۇنيادىكى 4 پەسىلدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىش نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. شۇنداقلا، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان مۇساپىسى ھازىرقى مىقداردىن يېقىن بولغان بولسا، يەرشارىدىكى ئىنسان، ھايۋان، دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋ زىرائەت ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ مۇساپىسى ھازىرقى مىقداردىن يىراق بولغان بولسا،

(1) نەبە سۈرىسى 7ـ ئايەت

(2) ئەنبىيا سۈرىسى 31ـ ئايەت

(3) سۈرە ياسىن 39ـ 40ـ ئايەتلەر

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەردۇر. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە پۇختا پىلانى بىلەن ئەزەلدە شۇنداق بېكىتىلگەن قانۇنىيەتلەردۇر.

(11) زەررىدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقى

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمان - زېمىندىكى زەررە (ئاتوم) چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچ قايسىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا خاتىرىلەنگەن﴾[1]. بۇ ئايەت ئەڭ كىچىك نەرسە - ئاتوملا ئەمەس، بەلكى ئاتومدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ماتېرىيالىزمچىلار 19 - ئەسىرگە كەلگۈچىلىك ئەڭ كىچىك نەرسە ئاتوم دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرى ئاتومدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاتومنىڭ كىچىك پارچىلىرى پروتون، نېيترون ۋە ئېلېكتروندىن ئىبارەت.

(12) ھەرنەرسىنىڭ ئۆلچەملىك يارىتىلغانلىقى

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق. ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق. يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتتۇق﴾[2]. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ھەر نەرسە مەلۇم مىقداردا ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئوكسىگېننىڭ مىقدارى %21 بولماي % 50 بولغان بولسا، دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ئەڭ كىچىك بىر شامال بىلەن ھالاك بولغان بولاتتى. دۇنيادىكى جانلىقلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىپ، كاربون4 ئوكسىدىنى سىرتقا چىقىرىدۇ. زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەل - دەرەخلەر كاربون 4ئوكسىدىنى نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ساپ ئوكسىگېننى سىرتقا چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەت ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولسا ئىدى، جانلىقلار ۋە جانسىز ئۆسۈملۈكلەر ياشىمىغان بولاتتى. بۇ ئايەتتىكى ﴿ئۆلچەملىك﴾دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «نىسبەتنىڭ باراۋەرلىكى» دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى زامان خىمىيە ئالىملىرى

(1) سۈرە يۇنۇس 16 - ئايەت

(2) ھىجىر سۈرىسى 19 - ئايەت

زىرائەتلەردىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچەمدە تەڭپۇڭلاشقان نەرسىلەردىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

(13) بارماق ئىزلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى

ئاللاھ تائالا يەنە قۇرئان كەرىمدە: ﴿بىز ئۇلارنىڭ (يەنى ئىنسانلارنىڭ) بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز﴾[1] دېگەن. ئىنسانلاردىكى پۈتۈن ئورگانلىرى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: كۆز كۆزگە، قۇلاق قۇلاققا، قول قولغا، بۇرۇن بۇرۇنغا ئوخشايدۇ. بىراق، بارماقلارنىڭ سىزىقلىرى ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە ئوخشاش چىقمايدۇ. بەلكى ھېچبىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىرسىنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىكى ﴿بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقىقەت 1884-يىلى كەشىپ قىلىنىپ، شۇنىڭدىن بېرى بارماق ئىزلىرى ئىنسانلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.

مۇنىدىن باشقا قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر زامانىمىزدا، ئىلىم - پەن سايىسىدا ئىسپاتلاندى ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ يېقىن كېلەچەكتە ئىسپاتلىنىشىغا ئىشىنىمىز.

## ئىككىنچى: ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر

(1) تۇپان ۋەقەسى

قۇرئاندا ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا نۇھ(Noah) ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۈچۈن ياسالغان كېمە ھەققىدىكى قىسسە بايان قىلىنغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل ئۆمۈر سۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى قەۋمىنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئاللاھ ئۇنى كېمە ياساشقا بۇيرۇيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى ئاللاھ بۇيرۇغان شەكىلدە ياساپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى ۋە ھەر جانلىقتىن بىر جۈپتىن كېمىسىگە ئالىدۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن شىددەتلىك بىر يامغۇر يېغىپ «ئاللاھنىڭ ئازابى نەدە؟ ئۇنى كۆرسەتمەمسەن؟» دەپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سۇدا غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ.

(1) قىيامەت سۈرىسى 4 ـ ئايەت

بۇ ۋەقە ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 68 پارچىدىن كۆپرەك داستان يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋەقەلىكنى سۆزلىگەن. زامانىمىزدا ئارخېئولوگىيە ئىلمى سايىسىدا بۇ ۋەقە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانغان. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيە دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ ھادىسىنىڭ پۈتۈن يەرشارىغا ئومۇم بولغانلىق ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر.

1960 ـ يىللىرىدا ئامېرىكىلىق ئىككى ئارخېئولوگ تەرىپىدىن مېكسىكا قولتۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، بۇ جايدىكى جانلىق ماكروئورگانىزم ماددىلىرىنىڭ قەدىمكى زامانلارغا ئائىت قالدۇقلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ميامى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Rodhe، Cesare ئىسىملىك ئىككى ئارخېئولوگ، ئىسلاند ئۇنىۋېرسىتېتىدىن Nicolas لاردىن James Kannet ۋەكامبرج ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تەشكىللەنگەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان مېكسىكا قولتۇقىدىكى بىر تۈزلۈقتا دراماتىك بىر چوڭ ئۆزگىرىش بايقالغان. بۇ بولسىمۇ، مۇندىن 11600 ـ 12000 يىل بۇرۇن مېكسىكا قولتۇقىنىڭ تاتلىق سۇ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى ئىدى. ساماۋىي كىتابلاردا بۇ ۋەقەلىك «تۇپان سۈيى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.[1]

(2) ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرى

ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ بارلىقى قۇرئان كەرىمدە سۆزلەنگەن بولسىمۇ، يېقىنغىچە بۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ياۋروپالىقلار رەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ سايىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار بىلەن بۇ شەھەرلەر ئوتتۇرىغا چىققان. سەمۇد قەۋمى چوڭ ئاد قەۋمىنىڭ بىر بۆلۈكى بولۇپ، بۇلار مەككىدىن سىناغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. سەمۇد قەۋمى قۇرئاننىڭ «ئەئراف»، «ھۇد»، «ھىجر» ۋە «قەمەر» سۈرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. «پاتلايمۇس تارىخى» ناملىق قەدىمكى زامانلارغا ئائىت تارىخي ئەسەر تېپىلغاندىن كېيىن، قېزىشلار بۇنىڭغا ئاساسەن باشلانغان ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ قوۋملارنىڭ شەھەرلىرى تېپىلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىياد ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاسارە ئەتىقە ئالىمى دوكتور ئابدۇراھمان ئەنسارىي تەرىپىدىن ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى «مەدائىنى سالىھ» دېگەن يېرىدە ئېلىپ بېرىلغان قېزىشتا، سەمۇد قەۋمىنىڭ شەھەرلىرى بايقالغان. بۇ شەھەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى

---

(1) تۈركچە «دىنلار تارىخى» ناملىق كىتابتىن.

2000 ـ يىللارغا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇم دۆۋىسى ئاستىدا قالغان، تاشتىن ياسالغان كاتتا سارايلار ۋە شۇ ۋاقىتتىكى سەمۇدىيە يېزىقلىرى بىلەن يېزىلغان تارىخىي ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلغان.[1]

(3) ئىرەم شەھىرى

ئىرەم شەھرىدە ھۇد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋملىرى ياشىغان بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە ھۇد قەۋمىنىڭ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتىپ، كۆۋرۈك ـ زالالەت ۋە ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش بىلەن ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىرەم شەھرىدە ئۆتكەنلىكى ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ «سەرسەر» دەپ ئاتالغان كۈچلۈك بىر بوران بىلەن بىر كېچىدىلا ھالاك قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن. ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد قەۋمىنى، يۈكسەك بىنالىرى بىلەن ئوخشىشى يارىتىلىپ باقمىغان ئىرەم شەھرىنى، ۋادىقۇرادا[2] تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا قىلغان) سەمۇد قەۋمىنى ئاللاھ قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾[3].

1982 ـ يىلى كالىفورنىيىلىك بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نامىنى بىر ئىنگلىز جاسۇسىدىن ئاڭلىغان قەدىمىي شەھەر يوللىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، بۇلار نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. كېيىنچە ئۇلار مەخسۇس رادارلارنى ئىشقا سېلىپ ئەرەبىستان ۋە ئومان چۆللىرىگە تارقىلىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئۇلار قەدىمىي شەھەر يوللىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار، ئىككىنچى ئەسىردە ئۆتكەن «پاتلامىيۇس» دېگەن تارىخچى بايان قىلغان ئىرەم (تارىخچى ئىرىم دەپ ئاتىغان) شەھرىنى 12 مېتىر قېلىنلىقتىكى قۇملۇقنىڭ ئاستىدىن تېپىپ چىقىدۇ. 4800 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ شەھەرنىڭ تېپىلغانلىقى «چۆللەرنىڭ ئاتلىسى» (Atlantic of the Sand) سەرلەۋھىسى ئاستىدا «Times» ۋە « Newsweek » گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.[4]

---

(1) لوندوندا نەشىر قىلىنىدىغان ئەرەبچە «الشرق الۆوسط» (ئوتتۇرا شەرق) گېزىتى 2001 ـ يىل 2 ـ ئاي 25 ـ سانىدىن.

(2) ۋادى قۇرا ـ ئەلا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىنىڭ شىمالىدىكى خەيبەر رايونى بىلەن ئەلتىما رايونى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تاغلىق رايون. قەدىمدە سەمۇد قەۋمى ياشىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بۇ جاي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە ئۆتكەن.

(3) فەجر سۈرىسى 6 ـ 9 ـ ئايەتلەر

(4) «سىزنىتى ژۇرنىلى» 98 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىن ئېلىنىدى ـ تۈركچە

يۇقىرىقى شەھەرلەر ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ قەۋملىرى قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتلاردىمۇ بىلىنمەيتتى. بىرىنچى بولۇپ قۇرئان ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ۋە ئاقىۋەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن.

(4) پىرئەۋننىڭ جەسىدى

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزدۇق. ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بىلەن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا "ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر. مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن" دېدى.(ئۇنىڭغا ئېيتىلدىكى،) "(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى ( ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغانىدىڭ. سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىدىڭنى قۇتقۇزىمىز(يەنى جەسىدىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز")﴾[1].

ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنگلىزلار تەرىپىدىن «جەبەلەيىن» دېگەن جايدىن پىرئەۋننىڭ جەسىدى تېپىلىپ، ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ جەسەتنىڭ ئۆمرىنى بىلىش ئۈچۈن، جەسەتلەرنىڭ ئۆمۈرلىرىنى بىلىشتە قوللىنىلىدىغان ھەرتۈرلۈك مېتودلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلغانىنىڭ سىرتىدا، كاربون 14 مېتودىمۇ ئىشقا سېلىنغان. ئەجەپلىنەرلىككى، بۇ جەسەت 3000 يىللىق بولۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىرىسلا چۈرۈگەن، ئەمما ئورگانلىرى بۇزۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جەسەد مۇميا قىلىنمىغان ئىكەن. چۈنكى مۇميا قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى جايىدا ئىدى. ھازىر بۇ جەسەت ئەنگلىيە مۇزېيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا.

## ئۈچىنچى: تېخنىكىلىق دەلىللەر

(1) ئېمبرىئولوگىيە(تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمى) بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان فرانسىيە تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور (Maurese) زامانىۋى تىببىي ئاپپاراتلار ئارقىلىق ئانا قورسىقىدىكى بالا ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ، قۇرئان كەرىمدە ئەسىرلەر بۇرۇن بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققانلىقىغا ھەيران قالغان ۋە ياۋروپانىڭ ئەڭ كۆپ

(1) يۇنۇس سۈرىسى 89 ـ 91 ـ ئايەتلەر

تىراژلىق گىزىت، ژۇرناللىرىدا «قۇرئان ۋە زامانىۋىيلاشقان مېدىتسىنا» ( the Quran and Modern science) سەرلەۋھىسى ئاستىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان.

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى ئۈچ قات پەردە )ئىچىدە يارىتىدۇ﴾[1]. بۇ ئايەتتىكى ئۈچ قات پەردە - بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى. بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قات پەردىدۇر. يېقىنقى زامان مېدىتسىنا ۋە تەبىئەت مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئۈچ قات پەردىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ناملارنى بەرگەن. ئۇلار ”مىنبارى“، ”خوربۇن“، ”لەفائىفى“ دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) فرانسۇز سۇ تەتقىقاتى ئالىمى Jac Cousteau ئاق دېڭىز بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان«جەبەلتارىق» بوغۇزىدا(كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان)بىر سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقىنى، ئىككى پەرقلىق ئىسسىقلىقتا ۋە تۇزلۇق ئورانىغا ئىگە بولغان بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەستىن، بىر - بىرىگە يېقىن ئېقىۋاتقانلىقىنى كەشىپ قىلغان. ئەدەن قولتۇقىنى قىزىل دېڭىزدىن ئايرىپ تۇرىدىغان مەندەب بوغۇزىدىمۇ سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى كەشىپ قىلىنغان. بۇ قېتىمقىسىنى گېرمانىيىلىكلەر كەشىپ قىلغان. دۇنيانىڭ كۆپ مەملىكەتلىرىدە سۇ توسمىسىنىڭ بارلىقى بايقالغان. مەسىلەن: بېنگال، بېرما ۋە ھىندىستاندىمۇ بۇ تۈردىكى سۇ توسمىلىرى بولغان دېڭىز، دەريالارنىڭ بارلىقى كېيىنكى يىللاردا كەشىپ قىلىنغان.

يۇقىرىقى كەشپىياتنى Cousteau دوستى پروفېسسور M.Bukail غا ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇ، بۇ كەشپىياتنىڭ يېڭى كەشپىياتلاردىن ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا قۇرئان كەرىمدىن بۇلارنى ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىدۇ: ﴿ئۇ، ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزىدۇ. ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ﴾[2].

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 6- ئايەت

(2) رەھمان سۈرىسى 19 - 20 - ئايەتلەر

## تۆتىنچى : ئاسترونومىيىلىك دەلىللەر

### (1) يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇياش بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ﴾[1].

بۇ ئىبارىلەر ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئانچە ھەيران قالارلىق ئىبارىلەر ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، بەزى ۋاقىتلاردا ئورۇنلىرىنىڭ يىراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. لېكىن ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ ئايلىنىدىغان پەلەكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەندەك، قۇياشنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدىمۇ ھېچنەرسىنى بىلمەيتتى.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتىنىڭ شۇ ئەسىردە تونۇلمىغان يېڭى مەرىپەتلەر بىلەن كەلگەنلىكى بۇ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانلارنىڭ سۆزى بولماستىن بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دالالەت قىلىدۇ.

دوكتور مورىس بوكاي بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم زېمىننىڭ مەركىزى نوقتا ئىكەنلىكى، قۇياشنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلەك ھەققىدىكى كونا چۈشەنچىنى بايان قىلماستىن بەلكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بەلگىلەنگەن مۇئەييەن پەلەكلىرى ئىچىدە سەير قىلىدىغانلىقىنى يېڭى دەۋرى ئىلمىگە ئويغۇن ھالدا بايان قىلماقتا»[2]

---

(1) سۈرە ياسىن 38-، 39-، 40- ئايەتلەر

(2) مورىس بوكاي فرانسىيىلىك مەشھۇر دوختۇر بولۇپ، كىچىكىدىن خرىستىئان دىنىنىن كاتولىك مەزھىبىگە ئېتىقات قىلىپ ئۆسكەن. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق پادىشاھى فەيسەل ئىبنى ئابدۇل ئەزىز(1906-1975)نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلىپ، پادىشاھنىڭ مەخسۇس دوختورى بولغان. مورىس بوكاي بۇ جەرياندا يەھۇدىي ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى، پىرئەۋن قىسسىلىرىنى ئوقۇپ تەتقىق قىلىپ چىقىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە «ئىنجىل، قۇرئان ۋە ھازىرقى ئىلىم ـ پەن» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تىللاردىن 17 تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئـۇ يەنە مۇنـداق دەيـدۇ: «قۇرئـان كەريـم ھەر بىـر يۇلتۇزنىـڭ بەلگىلەنـگەن پەلەك ئىچىـدە ئايلىنىدىغانلىقـىدىن ئىبـارەت ئىلگىرىكـى ئەسـىرلەردە تونۇلمىغـان يېڭـى بىـر چۈشـەنچىنى تەقـدىم قىلـدى. قۇرئـان كەريـم سـۆزلىگەن قۇياشـنىڭ ئايلىنىشى، يېڭـى ئىلىـم ئىسـپاتلىغاندەك قۇياشـنىڭ سېكونتىغا 250 كىلـو مېتىـر تېزلىـك بىـلەن ئـۆز ئـوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىدۇر».

دوكتـۇر مـورىس بوكـاي «زېمىـن قۇياشـنىڭ ئەتراپىـدا ئايلىنىـدۇ، ئۇنىـڭ ئەكـسىچە بولمايـدۇ دەپ قارىغـان پەلەك ئـالىملىرى سـۆزلىگەندەك، مـۇھەممەد ئەلەيھىسـساالامۇ قوياش ۋە ئايلارنىـڭ ھەرىكەتلىرىـدىن سـۆزلەپ ئۇلـۇغ مۇتەپەككۇرغـا ئايلانغـان» دېـگەن سـۆزگە مۇنـداق رەددىـيە بەرگەن: «پەلەك ئـالىملىرى بـۇ يەردە تـوغرا دېـيەلىگەن بولـسىمۇ، قويـاش ئالەمنىـڭ مەركىـزىي نوقتىـسى بولـۇپ، ئـۇ ھەرگىـز ھەرىكەتلەنمەيـدۇ دېـگەن قارىـشىدا خاتالاشـقان. دېـمەك پەلەك ئـالىملىرى خاتـا ۋە تـوغرا نەزەرىيىلەرنىمـۇ ئوتتۇرىغـا قويغان. خاتـا ۋە تـوغرا نەزەرىيىلەرنـى ئوتتۇرىغـا قويغـان پەلەك ئالىملىرىنىـڭ سـۆزلىرىنى، مەڭگـۇ خاتـا سـۆزلىمەيدىغان قۇرئـان كەرىمنىـڭ سـۆزلىرىگە قانـداقمۇ ئوخـشاتقىلى بولسۇن؟».

بۇ ئىنسابلىق بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ھەققانىي گۇۋاھلىقىدۇر.

يۇنـان پەلـسەپىلىرى، رىـم قـانۇنلىرى، ھىنـدىـستان ھېكمەتلىـرى، ئەرىـستوتىل ۋە ئەپلاتۇننىـڭ نەزەرىيىلىرىـدىن يىـراق ھالـدا، سـەھرادا ئۆسـۈپ يېـتىلگەن بىـر زاتنىـڭ كائىنـات نىزاملىـرى ھەققىـدە 20- ئەسـىرنىڭ مائارىـپ سەۋىيىـسىگە ئۇيغـۇن ھالـدا بەدىئىـي ئىبـارىلەر بىـلەن سـۆزلىگەنلىكى ئىنـسانىنى ھەقىـقەتەن ھەيـران قالدۇرىـدۇ. بۇنىڭغـا نەزەر سالغان ئىنسان، ئـۇ زاتنىـڭ سـۆزلىرىنىڭ ئىلمـي تەرەققىيات ئەسـىرىدىن بىـر قـانچە ئەسـىر ئىلگىرىكـى مەرىپەتلەرنـى قوشـۇمچە قىلىـش بىـلەن بىـرگە، ئىلگىرىكـى پەلسەپىلەردىن كېلىپ چىققان خاتا قاراشلارغا تۈزۈتۈش بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ.

يـۇقىرىقىلاردىن كـىيىن: «قۇرئـان كەرىـم مـۇھەممەد ئەلەيھىسـساالامنىڭ ئىجـادىيىتى ياكى ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ تەلىماتى» دېيىش ئەقىلغا سىغامدۇ؟.

ئەگەر شـۇنداق بولغـان بولسا ئىـدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسـساالام شـۇ ئەسـىرنىڭ ئىلىـم ۋە مەرىپەتلىـرى بـويىچە سـۆزلىگەن بـولاتتى، ئەلـۋەتتە. لـېكىن مـۇھەممەد ئەلەيھىسـساالام ئـۇ ئەسـىرنىڭ ئىلىـم ۋە مەرىپەتلىرىـدىن خەۋەرسىـز ئىـدى، سـۆزلىگەن ۋاقىتتـا ئـۇ ئەسـىرنىڭ ئىلىـم ۋە مەرىپەتلىرىنىـڭ قارشـىسىغا سۆزلەتتى، ئـۇ ئەسـىردىكى خاتـالىقلارنى پاش قىلاتتى.

مانــا بـــۇ ھەقىقەتــلەر بىزنــى ”قۇرئـــان كەرىـــم ئىنســانىيەتنىڭ تەلىمـــاتى ۋە ئىجـــادىيەتلىرى بولماســـتىن، بەلكـــى ئاســـمان ۋە زېمىننىـــى يـــاراتقۇچى، يوشـــۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر“ دېيىشىمىزگە مەجبۇر قىلدى.

(2) زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى

قۇرئـان كەرىـم كىـچە، كۈنـدۈز ھەققىـدە ھـېچكىم ئىنكـار قىلالمىغـىدەك ناھـايىتى ئوچـــۇق چۈشـــەنچىلەرنى ئوتتۇرىغـــا قويـــدى. بـــۇ، قۇرئـــان كەرىـــم مـــۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامغا چۈشـكەن ۋاقىتتىكـى خەلقنىـڭ ئىلىـم ۋە مەرىپەتلىرىگىمـۇ تامـامەن ئۇيغـۇن كەلـگەن. لـېكىن قۇرئـان كەرىـم زېمىنىنـىڭ شـار شـەكىللىك ئىكەنلىكـى ۋە ئۇنىـــڭ ئايلىنىـــپ تۇرىدىغانلىقىـــدىن ئىبـــارەت ئىلگىرىكـــى ئەســـىردىكى ئىنســانلار بايقىيالمىغــان باشــقا ئىلىــم ۋە مەرىــپەتلەرگە بولغــان ئىــشارەتلەرنى ھەم ئــۆز ئىچــگە ئالغان ھالدا چۈشكەن.

ئــاللاھ تائــالا قۇرئــان كەرىــم مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ئاللاھنــىڭ كېچىنــى كۈنــدۈزگە ۋە كۈنــدۈزنى كــېچىگە كىرگۈزىــدىغانلىقىنى، كــۈن بىــلەن ئــاينى بويسـۇندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمەمـسەن؟ (قۇيـاش بىـلەن ئايىنـىڭ) ھەر بىـرى مـۇئەييەن مـۇددەت (يەنـى قىيـامەت) كــىچە (ئــۆز پەلىكىــدە) ســەير قىلىــدۇ. ئــاللاھ ســىلەرنىڭ قىلمىــشىڭلاردىن تولــۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

﴿ئـاللاھ كـېچە بىـلەن (يەنـى كېچىنىـڭ قـاراڭغۇلۇقى بىـلەن) كۈنـدۈزنى ياپىـدۇ، كـېچە بىـلەن كۈنـدۈز بىـر- بىرىنـى قوغلىـشىدۇ (يەنـى داۋاملىـق ئـورۇن ئالمىـشىپ تۇرىدۇ)﴾[2].

﴿ئـاللاھ ئاسـمانلارنى ۋە زېمىننـى ھەق ئاساسـىدا يـاراتتى. ئـاللاھ كېچىنـى كۈنـدۈزگە كىرگۈزىـدۇ ۋە كۈنـدۈزنى كـېچىگە كىرگۈزىـدۇ، ئـاللاھ كـۈن بىـلەن ئـاينى (بەنـدىلەرنىڭ مەنـپەئەتىگە) بويسـۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىـڭ ھەر بىـرى مـۇئەييەن ۋاقىـتقىچە (يەنـى قىيـامەتكىچە ئـۆز ئوقىـدا) سـەير قىلىـدۇ، بىلىڭلاركـى، ئـۇ (يەنـى ئـاللاھ ئـۆز ئىـشىدا) غالىبتۇر. (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولىمۇ) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[3].

---

(1) سۈرە لۇقمان 29- ئايەت

(2) سۈرە ئەئراف 54- ئايەت

(3) سۈرە زۇمەر 5- ئايەت

بۇ ئايەتلەر ئىنسانلارغا كۈندۈزدىن كېيىن كېچىنىڭ، كېچىدىن كېيىن كۈندۈزنىڭ كېلىشىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە ياشىغان ھەر بىر ئىنسان بۇ ھەقىقەتنى بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ ئايەتتىن ئانچە ھەيرانلىق ھېس قىلمىغان. ئەمما ھازىرقى ئىنسانلار بۇ ئايەتتە زېمىننىڭ ئايلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى ئىنسانلار بايقىيالمىغان ئىشارەتلەرنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى پەقەت يېڭى ئەسىردىلا بايقىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿كېچە بىلەن كۈندۈز بىر- بىرىنى قوغلىشىدۇ﴾ دېگەن سۆزى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىردەممۇ توختىماستىن ياكى بىر - بىرىگە ساقلىماستىن داۋاملىق بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ ماڭىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا. لېكىن ئۇلار قەيەرگىچە ۋە قانداق قوغلىشىپ ماڭىدۇ؟

كېچە بىلەن كۈندۈز ئاخىرىسى يوق، چەكسىز، ئۈزۈن يولدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ماڭامدۇ؟ شۇنداق پەرەز قىلىنغان ۋاقىتتا زېمىندا پەقەت بىر كېچە ۋە بىر كۈندۈزنىڭلا ئوتتۇشىگە توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى بىز كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىر خىل نىزامدا بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى، قۇياشنىڭ شەرق تەرەپتىن چىقىپ، غەرب تەرەپتە غايىپ بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

قۇرئان كەرىمدىكى بۇ تېخنىكىلىق سۈرەت ھەققىدە ئويلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدىكى يەنە بىر سۈرەتكە يۆتكەلگىنىمىزدە، بۇ ئايەتنىڭ زېمىننىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئۈچۈق ئىشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

دېمەك، كۈندۈزنى يوشۇرۇپ، كېچىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە كۈندۈز كېچىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىلىدۇ. كېچىنى ئۆچۈرۈپ، كۈندۈزنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كېچە كۈندۈزنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلىدۇ.

بۇ ئىككى كىرگۈزۈشنىڭ ئوتتۇرىسىدا شار شەكىللىك بىر جىسىمنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز، ئەنە شۇ جىسىم كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر - بىرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ، بىرىنى يەنە بىرىدىن يوشۇرىدۇ. بىرىنىڭ يەنە بىرىنى يېپىشى ئادەتتىكى تۈز شەكىللىك جىسىم بىلەن ھاسىل بولمايدۇ، بۇ پەقەت شار شەكىللىك بىر جىسىمنىڭ ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولىدۇ.

دېمەك، قۇرئـان كەرىمنىـڭ ئـايەتلىرى يېڭـى دەۋر ئىلـىم - مەرىپەتلىـرى ئـىشىنىپ، باش ئەگكەن ئىلمـي ھەقىقەتلەرنـى ئېچىـپ بېرىـپ، ئۇنىـڭ ئىلمـي ھەقىقەتـلەر بىـلەن ھەرگىزمۇ زىتلىشىپ قالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرگەن بولدى.

مانـا بـۇ ھەقىقەتلەرنـى ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان قۇرئـان كەرىمنىـڭ ئىنـسانىيەتنىڭ ئىجادىيىتى بولىشى مۇمكىنمۇ؟

يۇقىرىقى ئىلمـي ھەقىقەتلەنـى 14 ئەسـىر بـۇرۇن قۇرئـان كەرىـم سـۆزلىگەن ئىـكەن، نـېمە ئۈچـۈن مۇسـۇلمانلار بـۇلارنى شـۇ ۋاقىتـتىلا ئـېلان قىلىـپ، ھـازىرقى ئەسـىردىكىگە ئوخشاش ھەممە كىـشى قوبـۇل قىلىـدىغان ھالغا كەلتـۈرمىگەن؟ بۇنىـڭ جـاۋابى مۇنـداق، قۇرئـان كەرىـم تـا قىيـامەتكىچە ھەرقانـداق زامانلارنىـڭ ئىلـىم سەۋىيىـسى ۋە ئەقىـل قـابىلىيىتىگە ئۇيغـۇن كېلىـدىغان يېگـانە كىتـاب. قۇرئـان كەرىـم سـۆزلىگەن ئىلمـي ھەقىقەتـلەر ئۆتمۈشـلەردىكىلەرنىڭ ئەقلـى ۋە ئىلـىم سەۋىيىـسىگە مۇۋاپىقلاشـقان ۋە ئـۇلار بىــلەن قۇرئــان كەرىــم ئوتتۇرىــسىدا ھېچقانــداق زىتلىــق يــۈز بەرمىگەنــدەك، ھــازىر ئىــسپاتلانغان ئىلمـــي كەشــپىياتلار بىــلەن ماسلىــشىدۇ، تــا قىيــامەتكىچە شــۇنداق ماسلىـشىدۇ. قۇرئـان كەرىمـدە ھـازىرقى ئىنـسانلارنىڭ ئىلـىم سەۋىيىـسى ۋە ئاقىـل - قابىلىيىتى ئىـدراك قىلالمىغـان ئىلمـي ھەقىقەتـلەر كېيىنكـى زامـانلاردا چوقـۇم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شۇنى قەتئىـي ئەسـتىن چىقارماسلىق كېرەككـى، قۇرئـان كەرىـم بىـرەر پەن - تېخنىكـا كىتـابى ئەمەس، بەلكـى ئـۇ ئەقىـدە، ئىبـادەت، ئەخـلاق ۋە مۇئـامىلە كىتابىـدۇر. ئـۇ ئىنــسانلارغا پەن - تېخنىكــدىن مەلــۇم مــاۋزۇلاردا يــىپ ئــۇچى بېرىــپ، ئۇلارنىــڭ ئـىزدىنىش يـولىنى ئېچىـپ بېرىـدۇ. دېـمەك، قۇرئـان كەرىـم ئومـۇمي قانۇنىيەتلەرنىـڭ خۇسۇسىي يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمـبەر ئەلەيھىـــسسالامنىڭ ھــازىر كەشــىپ قىلىنغــان ۋە كېيىــنچە كەشــىپ قىلىنىــدىغان پۈتــۈن ئىلمـــي ھەقىقەتلەرنـــى شــەرھلەپ بەرمىگەنلىكىنىــڭ ســەۋەبىگە كەلــسەك، بــۇ ئىلمـــي ھەقىقەتلەرنـــى ھــازىرقى بــويىچە شــەرھلەپ بەرگەنــدە، ئــۇ چـاغلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلـى قوبـۇل قىلالمـايتتى، بـۇ ئەھـۋالنىڭ ئاساسـلىق مەسـىلە بولغـان دىنـي مەسـىلىلەرگە سـەلبىي تەسـىرى بولـۇپ قـېلىش ئېھتىمـالى بـار ئىـدى. چـۈنكى پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالامنىڭ ئـاللاھ تائالانىـڭ قـۇدرىتى بىـلەن بىـر كېچىـدە مەككىـدىن پەلەسـتىندىكى مەسـجىد ئەقـساغا بېرىـپ كەلگەنلىــك قىسسىــسىنى شــۇ ۋاقىتتىكـى ئىنـسانلارنىڭ كـوپ سـانلىقى قوبـۇل قىلالمىغـان يەردە، ھـازىرقى ئىلمـي كەشـپىياتلاردىن سـۆز ئېچىـشقا ھەرگىزمـۇ ئـورۇن يـوق ئىـدى. ھەتتـا مۇنـدىن يـۈز يىـل

بـــۇرۇنقى ئىنـــسانلارغا كومپيۇئـــوتېر، ئىنتېرنېـــت، ئانتېننـــا قاتـــارلىق هـــازىرقى پەن ـ تېخنىكــدىن سـۆز ئاچقـان ئـادەم هەرقـانچە ئـىشەنچلىك، ئـالىم كـىشى بولـۇپ كەتـسىمۇ، ئىنسانلار هامان ئۇنى يالغانغا چىقىراتتى.

## بەشىنچى: تىببىي دەلىللەر

(1) هەسەلنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكى

ئاللاھ تائالا قۇرئـان كەرىمـدە: ﴿هەسـەل هەرىـسىنىڭ قارنىـدىن ئىنسانلارغا شـىپالىق بولــدىغان خىلمــۇ خىــل رەڭلىــك ئىچىملىــك( هەســەل) چىقىــدۇ. بۇنىڭــدا(ئاللاھنىــڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار﴾[1] دەيدۇ.

تــارىختىن بىــرى ئىنـــسانلار هەســـەلنىڭ شـــىپالىق ئىكەنلىكىنـــى ئـــۇزۇن يىللىـــق ئەمەلىـــي تەجرىبىلــرى بىــلەن ئـــىسپاتلىغان بولــسىمۇ، كــۈنىمىزدىكى زامانىۋىيلاشــقان مېدىتسىنا ئىلمى سايىسىدا ئـۇنى قەتئىـي شـەك قوبـۇل قىلمايـدىغان ئىلمىـي هەقىقەتكە ئايلانـدۇرغان. هەسـەلنىڭ شـىپالىق تەرەپلىـرى ناھـايىتى كۆپتـۇر. قىسقىـسى، دوختـۇرلار ئـۇنى كــۆپلىگەن هەرخىــل كېــسەللەرنىڭ ئــستېمال قىلىــشىنى تەۋســيە قىلماقتــا. هەسـەلدە مېكروبلارغـا قارشـى مـاددىمۇ بولغاچقـا ئـۇنى كۆيـۈكلەرگە، يارىلارغـا سۈۋاشـنىڭ پايـدىلىق ئىكەنلىكىنىمـۇ سـۆزلىمەكتە. مۇنــدىن باشــقا بۇۋاقلارنىــڭ ئەت ئىبلــشى ۋە سـاقلىقىنى ساقلىـشى ئۈچۈنمـۇ ئۇلارغـا هەسـەل يېگۈزۈشـنى تەۋسـيە قىلماقتـا. تىببىـي مۇتەخەسىســسلىرى تەرىپىــدىن بىــر جــۈپ ئىككىزەكنىــڭ بىــرىگە كۈنــدە مەلــۇم مىقــداردا هەســەل ئــستېمال قىلــدۇرۇش بىــلەن ئىلىــپ بېرىلغــان تەجــربە نەتىجــسىدە، ئىككــى ئـايلىق مـۇددەت ئىچىـدە كۈنلـۈكى مەلـۇم مىقـداردا هەسـەل ئـستېمال قىلغـان بۇۋاقنىـڭ ئېغىرلىقــى، هەســەل ئــستېمال قىلمىغـــان بۇۋاقنىــڭ ئېغىرلىقىــدىن 2 كىلــو ئــارتۇق كەلگەن.

(2) بۇۋاقـقا ئانا سۈتىنى ئەڭ ئـاز ئىككـى يىـل ئېمىتىش لازىـم ئىكەنلىكىنـى دەسلەپ قىلىـپ قۇرئـان سـۆزلىگەن. تېخـى 5 ـ 10 يىـل بـۇرۇنلا ئـۆزلىرى ياسـاپ چىققـان سۈنئىي سۈتنى ماختـاپ، «ئەمـدى ئانـا سۈتىنىڭ كېرىكـى يـوق» دەپ دەۋا قىلغـان ياۋروپـالىقلار، ئەمــدىلىكتە، پەن ـ تېخنىكىنىـــڭ يـــاردىمى ئارقىـــسىدا بـــۇ هەقىقەتنـــى چۈشـــىنىپ، بۇۋاقلارغـا ئانـا سـۈتىنى ئەڭ ئـاز دېگەنــدە 1ــ 2 يىــل بېرىــشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنــى تەكىتلىمەكتە.

---

(1) نەھل سۈرىسى 69 ـ ئايەت

(3) تازىلىق، پاكىزلىق مۇسۇلمانلاردا مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بىرى ئەڭ مۇقەددەس سانىلىپ كەلگەن بىر ئەنئەنە بولسا، ياۋروپادا تېخى 1800 ـ يىللىرىغا كەلگىچە تەرەتخانا، مۇنچا دەيدىغان نەرسىلەرنىڭ يوق ئىكەنلىكى تارىخلاردىن مەلۇم. 1500 ـ يىلى شەرقنى كەزگەن بەزى ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە ھەر بىر ئۆينىڭ مەخسۇس تەرەتخانىسى، مەخسۇس مۇنچىسى بارلىقىنى كۆرۈپ، شەرق توغرۇلۇق ئىجابىي ئەسەرلەرنى يازغان ئىكەن.

ئەمما مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ تەربىيىسى بىلەن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ئاز دېگەندە ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مۇنچىغا كىرىشىنىڭ، ساقال ـ بۇرۇتلارنى ۋە قول ـ پۇتلارنىڭ تىرناقلىرىنى ھەپتىدە بىرەر قېتىم قىسقارتىپ، تازىلاپ تۇرۇشىنىڭ، كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن 5 قېتىم تاھارەت ئېلىپ، ئېغىز، بۇرۇن، قول، پۇت ۋە يۈزلىرىنى 5 قېتىم يۇيۇشىنىڭ، گاھىدا پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ غۇسلى قىلىشىنىڭ،كىيىم كونا بولسىمۇ، يۇيۇپ چىرايلىق، پاكىز كىيىشىنىڭ، ئاممىۋىي پائالىيەتلەرگە، جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلارغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، ئۆزىگە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى چېچىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئەنئەنە ۋە ئېسىل مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

(4) ھاراقنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ ئاۋۋال قۇرئان سۆزلىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنىڭ ئېزى ۋە كۆپى بەرىبىر ئوخشاشلا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ھازىرقى پەن تەخنىكىنىن سايىسىدا، ھاراقنىن زىيىنى ناھايىتى ئەنىق ۋە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانماقتا. ھاراقنىڭ ھۈجەيرىلەردە، خۇسۇسەن مېڭە ھۈجەيرىلىرىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى زامانىمىزدا ئىلمىي ھەقىقەتكە ئايلانغان. ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنغان ھاراقنىڭمۇ، تەسىرى ھامان بىلىنمىگەن بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئادەم جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقى ۋە ھەرتۈرلۈك كېسەللىكلەرگە يول ئاچىدىغانلىقىمۇ بىر ئىلمىي ھەقىقەتتۇر. ھاراقنىڭ زىيىنى توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايمەن. چۈنكى ھەركىم ئۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. قىسقىسى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە قانداقلا بىر ناچار ئىللەت ۋە ئەخلاقسىزلىق بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم ھاراقنىڭ بارلىقى بايقالماقتا.

يۇقىرىقى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇنقى زامانلارنىڭ شارائىتىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ئىلمىي

كەشپىياتلارنى ئاچىدىغان ئىلىم - پەنگە ياكى ھازىرقىدەك زامانىۋى ئاپپاراتلار ئىگە بولمىغان، ساۋاتسىز بىرسىنىڭ بىلەلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ سۆزى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق.

## ئالتىنچى: ئىجتىمائىي دەلىللەر

(1) باللار ھوقۇقى

مىلادىيە 6- ئەسىرگە كەلگۈچىلىك تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قىز بولۇشى جىددىي بىر ئەيىب ئىدى. يالغۇز ئەرەب يېرىم ئارىلىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ئەللەردە شۇنداق ئىدى. پەقەت يېڭى دىن(ئىسلام دىنى)نىڭ كېلىشى بۇ ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى.

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن:

- باللار ھۆردۇر، قىز - ئوغۇللار ھۆرمەتتە ئوخشاش تۇغۇلىدۇ ۋە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

— باللار مال - مۈلۈك ئىگىسى بولالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن كەلگەن ھەدىيەلەر، ياردەملەر ۋە ئۇلارغا ئاتىۋېتىلگەن مال - مۈلۈكلەر ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە بولغانغا قەدەر ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىدۇ. كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز قوللىنىلمايدۇ.

- باللارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش كېرەك.

— باللارنى ئوقۇتۇش ۋە ياخشى تەربىيىلەش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى.

- باللارنى 10 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئۇرۇشقا بولمايدۇ.

— باللارنىڭ ئۆيلۈك - ئۇچاقلىق بولغانغا قەدەر بارلىق چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. كىچىك باللارنى مەئىشەتنىڭ تىرىكچىلىكلىرىگە شېرىك قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

- باللارغا زىيانكەشلىك قىلىنمايدۇ.

- باللار ئۈچۈن بەددۇئا قىلىنمايدۇ.

- باللار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش كېرەك، بىرىنى دەپ باشقىلىرىنى رەنجىتىشكە بولمايدۇ.

دۇنيادا "بالىلار ھوقۇقى باياناممىسى"نىڭ ئېلان قىلىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ بىر يېڭىلىقى بولدى.

مەلۇمكى، قۇرئاننىڭ بالىلار ئۈچۈن بەرگەن ھۆرمىتى ۋە ئەھمىيىتى دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر قانۇندا تېپىلمايدۇ. تەبىئىيكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى خورلىماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن يەرلىك قانۇنلار ئىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى ئۆي ئىچىگە يارىمايدۇ. قانۇن پەقەت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرىكىدىن چىقىشى لازىم. بۇ بولسىمۇ، بىر ھېساب كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىماسلىقنىڭ جازاسىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى بىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

(2) ئاياللار ھوقۇقى

مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ھۆر ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ھەق ـ ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى ئېلان قىلىندى.

تېخى مىلادىيەنىڭ 1700 ـ يىللىرى فرانسىيەدە ئاياللارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى ياكى باشقا بىر جىنس ئىكەنلىكى توغرۇلۇق جىددىي تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن.6ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىدا ئاياللار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، قۇل ئورنىدا كۆرۈلەتتى. يەھۇدىي دىنىدا ئاياللار شەيتانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان بولسا، بۇددىزمدا ئاياللار جىن، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلارنىڭ دىنىدا بولسا، ۋابا، كېسەللىك ۋە باشقا بەختسىزلىكلەر ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلار ئېرى ئۆلگەن ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېرى بىلەن بىرگە كۆيدۈرەتتى. ھازىرمۇ بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ قىسمەن مەزھەبلىرىدە ھۆكۈم سۈرمەكتە. پەقەت، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار قانۇنىدا، ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بەلگىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپى كۆتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتلارنىڭ شارائىتىدا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە، خۇسۇسەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاياللار مىراس ئورنىدا قوللىنىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قالدۇرغان مال ـ مۈلۈكلەردىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەمما ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا مۇنۇ ھوقۇقلارنى بەلگىلىدى:

ـ ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى بار.

ـ ئەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يېتەرلىك بولسا ئايالىغا خىزمەتچى تۇتۇپ بەرگىنى ياخشى.

ــ ئايـاللار قانـداقلا شـارائىتتا بولمىـسۇن، ئۇلارنـىڭ ئوقـۇش، ئـۆگىنىش ئەركىنلىكى بار.

ــ ئاياللارنـىڭ ئەرلەرگە ئوخـشاش ئـۆزى خالىغـان بىرسـى بىـلەن تۇرمـۇش قـۇرۇش، ئەگەر بەختلىك بولالمىغان ھالەتتە يېتەرلىك ئۆزۈر بىلەن ئاجرىشىش ھوقۇقى بار.

ـ ئاياللارنى ئۇرۇپ، تىللاشقا ۋە خورلاشقا بولمايدۇ.

ـ ئاياللار تۇغۇشنى خالىسا، ئۇلارنى تۇغۇشتىن مەنئى قىلىشقا بولمايدۇ.

ـ ئاياللارنى پۇل تېپىشقا زورلاشقا بولمايدۇ.

ـ ئاياللار ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشقا زورلانمايدۇ.

يـۇقىرىقى ھوقـۇقلار مىلادىـيە 6 ـ ئەسـىرىدە ئـېلان قىلىنغـان بولـسىمۇ، ياۋرۇپـادا ۋە ئىـسلام دائىرىـسىنىڭ سـىرتىدىكى ئەلـلەردە، تېخـى 18 ـ ئەسـىرگە قەدەر بىـردەك ئېتىـراپ قىلىنماي كەلگەنىدى.

1940ــ يىللاردىــن باشــلاپ، دۇنياغــا داڭلىــق ئۇنىۋېرســتېتلاردىن ئوكــسفورد ۋە كـامبرىج ئۇنىۋېرسـتېتلىرى قىزلارنىڭمـۇ ئوقـۇش، ئـۆگىنىش ھوقـۇقىنى ئەتىـراپ قىلىـپ، مەزكـۇر ئۇنىۋېرســتېتلارغا قوبـۇل قىلىنىــدىغان ئوقۇغـۇچىلار سـانىنىڭ % 25 بىـلەن % 40 نـى قىـزلاردىن ئـېلىش قـارارىنى چىقارغـان بولـسا، ئىـسلام دىنـى 6ـ ئەسـىردىلا قىـز ـ ئوغۇللارنــىڭ تەلىــم ئېلىــشتا ئوخــشاش ھوقۇقىــا ئىــگە ئىكەنلىكىنــى ئــېلان قىلىــپلا قالماسـتىن، «ئوقـۇش، ئـۆگىنىش ئەر بولـسۇن، ئايـال بولـسۇن، ھەر قانــداق مۇسـۇلمان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر» دەپ بەلگىلىگەن.

مىلادىــيە 6 ـ ئەســىرنىڭ شــارائىتىغا قارايــدىغان بولــساق، بۇنــداق ھەرقايــسى ئەسـىرلەرنىڭ شـارائىتىغا ۋە كىـشىلەرنىڭ مەنىـپەئەتىگە ئويغـۇن كېلىـدىغان، ئادالەتلىـك ۋە ئېـسىل قــانۇنلارنى، ھەزرىتــى مـۇھەممەد ئەلەيھىســسالامدەك، ئالالاھنــىڭ ئىلاھــي مەكتىپىـدىن باشـقا مەكـتەپ كـۆرمىگەن، ئوقـۇش ۋە يېزىـشنى ئـۆگەنمىگەن بىـر ئـۇممى (ساۋاتــسىز)پەيغەمبەرنىــڭ لايىھـلەپ چىقىـشى مـۇمكىن ئەمەس! بەلكـى شـۇۋاقىتتىكى ئالاھىدە تەلىم كـۆرگەن ۋە بـۇ ساھەدە پەۋقۇلئـاددە ئەتراپلىـق يېتىـشكەن ئىنسانلارنىڭمۇ

بۇنداق ئېسىل قانۇنلارنى لايىھىلەپ چىقالىشى تەسەۋۋۇردىن يىراق، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا قۇرئان كەرىم بەلگىلىگەن بۇ قانۇنلار نەدىن كەلدى؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھتىن كەلدى!

شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلىكلەرنى زامانىمىزغا قىياس قىلىپ چۈشىنىدىغان بولساق، تارىخ پەلسەپىسىگە كۆرە چوڭ خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالىمىز. شۇڭا ھەر قانداق ۋەقەلىك ۋە ھادىسىلەرنى شۇ زامانلارنىڭ شارائىتىغا قاراپ چۈشىنىش ئىلىم ئەھلىنىڭ مېتودىدۇر. خۇسۇسەن، تارىخنى يەكۈنلەشتە چوڭ ئاساستۇر. زامانىمىزدا ئاددى سانالغان ئىشلار، ئۆتمۈشتىكىلەر ئۈچۈن چوڭ بىلىملەر ئىدى. چۈنكى، زامانىمىزدىكى تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كومپيۇتېر، ئانتېننا، ئىنتېرنېت ۋە باشقىلار تېخى يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە كۆرە مۇمكىن ئەمەس ئىشلاردىن ئىدى. بۇئىشلار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى.

زامانىمىزدىكى 6ـ 7 ياشلىق بالىلار مىكروب ۋە باكتېرىيىلەرنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇلۇغ ئالىم فارابىي ياشىغان زامانلاردا، مىكروب بىلەن باكتېرىيىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىش ئىشىمۇ ئالاھىدە چوڭ بىلىم سانىلاتتى.

## قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسى قايسىلار؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمنىڭ غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشتىكى مۆجىزىسىنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) دۇنيانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلىرى بولغان رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئىرانلىقلار رىملىقلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئەرەب مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭمۇ رىملىقلارغا ئوخشاش مەغلۇبىيەت بولىدىغانلىقىنى سۆزلەشكە باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلىدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇتدىست، رىملىقلار ساماۋىي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خرىستىئانلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قۇرئان رىملىقلارنىڭ كېيىنكى غەلبىسىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿رىملىقلار يېقىن بىر جايدا(پەلەستىندە) يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ. ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن

خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ﴾[1] دېگەن ۋە ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن رىملىقلار ئىرانلىقلارنى يەڭگەن.

(2) مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوق قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارىلىرىنى قوللىنىدۇ، كۆپ قېتىم سۈيقەستلەرنى پىلانلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىرىنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ: ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[2] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. بۇ ئايەت چۈشكەن ھامان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا: «ئەي خالايىق! بىزدىن يىراق تۇرۇڭلار، بىزنى ئاللاھ ئۆزى قوغدايدۇ» دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە سۈيقەستلەردىن ئامان قالغان.

(3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى مەككىنى مۇشرىكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. قۇرئان ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىپ: ﴿ئى مۇھەممەد! سەن ساھابىلىرىڭ ئاللاھ خالىسا دۈشمەندىن خاتىرجەم بولغان ھالدا، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار)قىرقىغان ھالدا قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر﴾[3] دېگەن ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىسلام قوشۇنى مەككىنى تىنچلىق بىلەن ئازات قىلغان.

(4) ئاللاھ قۇرئاننى ئۆزى ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ: ﴿قۇرئاننى بىز چۈشۈردۇق، بىز ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز﴾[4] دېگەنىدى. قۇرئاننىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 14 ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، قۇرئان ھازىرغىچە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىلمەستىن، شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قۇرئاننىڭ مۇندىن باشقا غەيبتىن بەرگەن ۋە ئەمەلىيەتتە مەيدانغا چىققان خەۋەرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

(1) رۇم سۈرىسى 1-4- ئايەتلەر
(2) مائىدە سۈرىسى 67- ئايەت
(3) فةته سىرعسع 27- ظايةت
(4) هعجر سىرعسع 9 - ظايةت

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى

سوئال: نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى قۇرئان بولغان؟

جاۋاب: مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەر بىر دەۋرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلىكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن بىلەن دۈشمەن ئېلان قىلغاننىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بەلكى دۈشمەن ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئۈچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى تىببىي جەھەتتە زور ئاشقان بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ - كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىر خۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «ئۇكاز» بازىرىدا پۈتۈن ئەدىبلەر ۋە شائىرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئاستىدا شېئىر ماھارىتى كۆرسىتەتتى. «ئۇكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھاياتى كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرى ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر - بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۇمۇر سۈرەتتى. شۇڭا ئۇلار بالاغەتلىك، بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى.

قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرۈلەتتى، يەنە شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىكە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن پۈتۈن ئىقلىملارنى يورۇتقان، بالاغەت، پاساھەت جەھەتتىكى بەدىئىيلىكتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلۈشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب» ( تىلى راۋان) باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم» ( تىلسىز) دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاغلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۇئىل ئېلان قىلىشى ئىدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.

## قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئىل ئېلان قىلىدۇ

قۇرئان كەرىم جىمى ئەرەبلەرگە دۇئىل ئېلان قىلغىنىدەك، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دۇئىل ئېلان قىلغاندى. قۇرئان بۇ خۇسۇستا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: قۇرئان كەرىم رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قايتا ئۇرۇش چىقىدىغانلىقى ۋە رىملىقلارنىڭ يېڭىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەندە، مۇسۇلمانلار«ھەق ۋە راست»دەپ تەستىق قىلىشتى، ئەرەب، ئەجەم بۇددىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يانداشلىرى بولسا، «بۇ يالغان گەپ، كۆرىمىز قېنى. قايسىمىزنىڭ كۆتكىنى ئەمەلگە ئاشىدىكەن» دېيىشتى ۋە ئىككى پىرقە بۇ كېلەچەكتىكى ئۇرۇشنى ئىنتىزار بىلەن كۈتتى. ئارىدىن تولۇق 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رىملىقلار خۇددى قۇرئاننىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىدەك ئىرانلىقلارنى يەڭدى. ئەگەر ئەھۋال قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك بولماستىن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ رىملىقلار يېڭىلگەن بولسا ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسا نېمە بولماقچى ئىدى؟ شەكسىزكى، ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى "يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرى يالغان چىقتى" دەپ تۆھمەت قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان بولاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دەستۇرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئان كەرىم يالغانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇ يېڭى دىن ئەجەلگە يولۇققان بولاتتى. ئەمما خەۋەر بەرگۈچى ئاللاھ تائالا ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەس. 7 يىلدىن كېيىن بولىدىغان سوقۇشنىڭ

نەتىجىسىدىن خەۋەر بېرىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭلا ئەمەس، ھەتتا ھەربىر ئىشلار ئىستراگىيىسى ساھەسىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ھەربىي قومانىدانلارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش ئىدى.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان خارىقى ئادەت ئىشلار ئىدى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ جازالىماقچى بولغىنىدا، ئۇنى ئىلاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۆزلىرىگە ھاقارەت قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى جازالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغىنىدا، ئوت ئۆزىنىڭ كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقتىن ئۇلارنى مات قىلىپ قويىدى.

شۇ ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئامان قېلىش ئەمەس، بەلكى ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش قانۇنىيىتىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ساختا ئىلاھلارنىڭ جازالاشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتىن قۇتقۇزۇشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا ئىدى، قەۋمى ئۇنى خۇددى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۇيىقەستچى قەۋملەر تۇتالمىغاندەك تۇتالمىغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان سەۋەبلەر بىلەنمۇ ئۇنى قۇتقۇزالايتتى. ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېچىپ قۇتۇلغان ياكى يامغۇر يېغىپ ئوت ئۆچۈپ قالغان بولسا ئىدى، قەۋمى "ئەگەر بىز ئىبراھىمنى تۇتالىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئىلاھلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغان ۋە ئوت ئۆچۈپ قالمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كۆيدۈرۈلگەن بولاتتى"دەپ كۆرەڭلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت دۆۋىسى ئۇنىڭغا تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرەلمىدى، ئۇلار گۇمان قىلغان ئىلاھلار ئۇنى جازالىيالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار "ئىلاھلىرىمىز"دەپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ بىراۋغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ زىيان - زەخمەتلەردىن قوغدىيالمايدىغان ھەيكەللەر ئىكەنلىكى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ "ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇر"دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋىدى، دېڭىز سۈيى خۇددى ئىككى چوڭ تاغدەك ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدىن يول ھاسىل بولدى. سۇنىڭ بۇنداق بولۇشى

ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت بىر ئىش. لېكىن مۆجىزە ئۇنى شۇنداق قىلالىدى. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئارقىدا پەرۋەردىگارنىڭ قوشۇنلىرى، ئالدىدا پايانسىز دېڭىز ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئىنسانىي چارىلىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بىر ۋاقىتتا، قۇتۇلۇشتىن تولۇق ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشىنىڭ چارىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمى "بىز ئەمدى تۇتۇلىدىغان بولدۇق" دېگەندە، ئۇ "ياق! ئاللاھ مېنىڭ بىلەن بىللىدۇر. ئۇ مېنى نىجاتلىققا يېتەكلەيدۇ" دېگەن سۆزنى تولۇق ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئېيتىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئىشىنىڭ ئىنسانىي سەۋەبلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىغان ئېدى.

## قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئالاھىدىلىكى

سوئال: قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش بولمىغاندەك، قىممەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ھېسسىي مۆجىزىلەردىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرگەنلەر قايىل بولۇپ ئىشەنگەن، ئۇنى كۆرمىگەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن تارىخ ياكى قىسسە ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقتىن، خالىغانلار ئىشىنىپ، خالىغانلار ئىشەنمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىم زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈچىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈلۈك ئەقلىي مۆجىزىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەممىلا يەردە بار. ئۇنى ھەركىم "مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى" دەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتا روياپقا چىقارغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىش ـ ھەرىكەت بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشلانغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆيدۈرمىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقانلىقى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆتكەندە يېرىلغان دېڭىز سۈيىنىڭ كېيىن يەنە ئەسلى خۇسۇسىيىتىگە قايتقىنىغا ئوخشاش. ئەمما سۈپەت ئۇنىڭ ئىگىسى داۋام قىلغان مۇددەتكىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىرگە داۋام

قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئاللاھ تائالانىڭ كالام سۈپىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە داۋام قىلغىنىغا ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۈرۈنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئايرىم ۋە دەستۇرى ئايرىم ئىدى. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھاسا بولسا، دەستۇرى تەۋرات ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى مېيىتنى تىرىلدۈرۈش بولسا، دەستۇرى ئىنجىل ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ دەستۇرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇرنىڭ مۆجىزە بىلەن قوشۇلۇپ مەڭگۈگە داۋام قىلىشى ۋە مۆجىزىنىڭ دەستۇردا ھەمىشە بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۈرۈنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئامانەت قىلىنغان قىلىنغان ۋە ئۇلار كىتابلىرىنى چىڭ ساقلاشقا ئەمر قىلىنغان. ئەمما قۇرئان كەرىمنى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشلاردىن قوغداش ئىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[1].

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، قۇرئان كەرىم تا قىيامەتكىچە مەڭگۈلۈك جانلىق مۆجىزىدۇر. ئۇ مۆجىزە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۆز پېتىچە داۋام قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مۆجىزىلىكى يوقالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ بۈرۈنقى ساماۋىي كىتابلارنى قوغداشتىكى ئاجىزلىقلىرىنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى. ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ بەزىسىنى ئۇنۇتتى، بەزىسىنى بۇرمىلىدى، بەزىسىنى خەلقتىن يوشۇردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك دەستۇرنى قوغداش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

### قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ ساقلىماقتا

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىشىنىڭ زامان ئۆتكەنسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشىنىڭ زامانىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن كۈچىيىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداش ئىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ

1 ھىجر سۈرىسى 9- ئايەت

قولىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر ئارىسىدىمۇ تاپقىلى بولغىنىدەك، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭمۇ ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. نېمە ئۈچۈن يانونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقا مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئېسىل ۋە سۈپەتلىك نەشىر قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خىراجەت چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىلىك مۇسۇلمان ئەمەس بىر شەخس قۇرئان كەرىمنى ھۆسنخەت بىلەن بىر بەتكە يېزىپ چىقىشقا ئالدىرايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نەشىر قىلىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكىنىدەك قۇرئان كەرىمنى بىرەر ھەرپكە چاغلىق ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى شۇنداق قوغداشنى خالايدۇ ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلدۇرۇش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغداپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەللىلەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنى قوغداپ كەلگەنلەر ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزىدۇر!

## قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۆجىزە

سوئال: قۇرئان كەرىم ئەرەبلەر ئۈچۈنلا مۆجىزىمۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگىلا دۇئېل ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزە ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن مۆجىزىدۇر. ئۇ زامان ۋە ماكانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىدى.

(1) قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتمۈش زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېچ ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئاندا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ - ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى، ھەتتا تارىخ يۈزىدىن ھېچ ئىزى قالمىغان مىللەتلەرنىڭمۇ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادلىرى ۋە ئاقىۋەتلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. يۇقىرىقىلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ بەزىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن تارىخشۇناسلاردىن مىڭدىن بىرى بىلەتتى ياكى بىلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىسسەلەرنى قۇرئاننىڭ ھېكايە قىلىشى بويىچە بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر قىسسەلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خرىستىئان) ئەللامىلىرىنىڭ قولىدىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ۋە شۇ زامانلاردىكى مەشھۇر

تارىخچىلارنىڭ ھېكايە قىلغانلىرىنىڭ ئەينىسى بولۇپ چىققان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەينى زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپ بولغان

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلغان ﴿سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾ دېگەن ئايەتلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆتكەن زامانلارنىڭ توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. ﴿(ئى مۇھەممەد!) بۇ-ساڭا ۋەھىي قىلىۋاتقىنىمىز -غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ، (مەريەمنىڭ كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى)ئۆز ئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھىي نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، (بۇنى) ئۆز كۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ﴾[2].

(2) قۇرئان كەرىمنىڭ ماكان توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى

قۇرئان كەرىم كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۆز ـ ئۆزىگە مەخپىي ئېيتقانلىرىدىن خەۋەر بېرىشتىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچۈرگەنلىرىدىنمۇ تەپسىلىي ۋە ئېنىق خەۋەر بەرگەن. ﴿ئۇلار ئۆز ئىچىدە: "ئاللاھ نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ!" دەيدۇ﴾[3].

قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەنلىرىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ئۇلار شۇنداق سۆزلىمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ئايەتكە قارشى چىقىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا " ئەي مۇھەممەد! بىز ئۇنداق ئويلىغان ئەمەس، سەن يالغانچىسەن"دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقارغان بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى رەزىللىكلىرىنى پاش قىلغان بۇ قۇرئان كەرىم ئايىتى ئالدىدا لام، جىم دېيەلمىدى.

بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلەر كۆڭلىدە بولۇپ ئۆتكەنلەردىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، كىشىلەر تېخى كۆڭلىگە كەچۈرمىگەن ۋە چوقۇم كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىنمۇ

---

1 ئال ئىمران سۈرىسى 44- ئايەت

2 قەسەس سۈرىسى 44- ئايەت

3 مۇجادەلە سۈرىسى 8- ئايەت

خەۋەر بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۆجىزىسىنى نامايان قىلغان. بەزى ئەخمەق كىشىلەر:"ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟ "دەيدۇ﴿[1].

بۇ ئايەت، قىبلە بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇن چۈشكەن بولۇپ، يېقىن كېلەچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ تۇتىدىغان مەۋقەسى توغرۇلۇق ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن. كەبە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇلار راستىنلا شۇنداق دېيىشكەن.

﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر﴾[2] بۇ ئايەت، جىهادتىن قېچىپ ئايرىلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جىهادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ يالغاندىن ئۆزۈرلەرنى ئېيدۇرۇپ قەسەم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مەلۇمكى بۇ ئايەتلەر «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «س» ھەرپى كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئارقىلىق ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەنلىكىنى ۋە كېلەچەكتە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

(3) قۇرئان كەرىمنىڭ كېلەچەك توساقلىرىنى بۆسۈپ تاشلىشى

﴿مۇشرىكلار تويى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[3] بۇ ئايەت مەككىدە مۇسۇلمانلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئىنتايىن ئازلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ۋاقىتتا چۈشكەن. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بۇ ئايەت چۈشكەندە:«قايسى توپ ئۇ بىزدىن مەغلۇب بولىدىغان. بىز ئۆزىمىزنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كېلىۋاتقان تۇرساق» دېگەن. قۇرئان كەرىم بۇ ئايەت ئارقىلىق بىر قانچە يىل كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگەن. ئەگەر ھىجرىيەنىڭ 6 ـ يىلى(626م) بىرلەشكەن ئەرەب تويى مەدىنىدە يېڭىلمىگەن ۋە 8 ـ ھىجرىيە (630م) يىلى

1 بەقەرە سۈرىسى 142ـ ئايەت
2 تەۋبە سۈرىسى 94ـ ئايەت
3 قەمەر سۈرىسى 45ـ ئايەت

مۇسۇلمانلار مەككىنى فەتھى قىلىپ ھەممىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلمىغان بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىپ چىقىرىشقا يېتەرلىك ئىدى.

ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنىڭ بۇرنىنى داغلاپ بەلگە سالىمىز﴾[1]. كېيىن بەدىر غازىتى بولغان كۈنىدە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بۇرنىدىن قىلىچلىنىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ئىش يۈز بەرمەستىن كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئۆز خاھىشىدىن بەرگەن بولسا ۋە كېيىن ئىش ئۇنىڭ خەۋەر بەرگىنىدىن باشقىچىرەك بولغان بولسا ئىش قانداق بولماقچى ئىدى؟ ئىسلام دىنىنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچى ئىدى؟

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جېنى بىلەن دۈشمەنلىك كۆرسەتكەن تاغىسى ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال - مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ﴾[2]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋاتىسمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: مېنى مۇھەممەد "مۇسۇلمان بولماي كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ"دېدى، گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم، دەپ يالغاندىن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام دىنىنى تۈپ ئاساسىدىن ئۆرۈپ تاشلاشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنى پىلانلىغۇدەك ئەقىل بەرمىدى. نەتىجىدە خۇددى قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى.

1 نۇن سۈرىسى 16- ئايەت
2 مەسەد سۈرىسى.

مۇنــدىن باشــقا قۇرئـــان كەرىمــدە شــۇنداق ئاجايىـــب ئــىشلارنىڭ مەيــدانغا كېلىدىغانلىقــدىن خەۋەر بېرىلگەنكــى، قۇرئــان كەرىــم چۈشــكەن زامــانلاردا بــىراۋ بــۇ ئــىشلار توغرۇلــۇق ئېغىــز ئاچــسا ئــۇ چوقــۇم ســاراڭ دەپ ئېيىــبلەنگەن بــولاتتى. ئەممــا زامانلارنىــڭ ئۆتۈشــى بىــلەن بۇرۇنقىلارنىــڭ ئەقلــى يەتمــگەن بــۇ ئــىشلارنىڭ بەزىلــىرى ئىلىم ـ پەن تەرەققى قىلغــان ۋە ئەقىللار يېتىلگەن بــۇ دەۋردە مەيــدانغا كەلمەكــتە. بــۇ تــا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

دېــمەك قۇرئــان كەرىــم پايانــسىز بىــر ئوكيــان. قۇرئــان كەرىــم توغرۇلــۇق قانچىلىــك يازساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ ۋە كۇپايە قىلمايدۇ.

**باشقا دىندىكىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئېيتقانلىرى**

سوئال: باشقا دىندىكى ھازىرقى زامان ئالىملىرى قۇرئانغا قانداق باھا بېرىدۇ؟

جــاۋاب: غەيرىــي دىنــدىكى ھــازىرقى زامــان ھەرســاھە ئالىملىرىــدىن نۇرغــۇن كىــشىلەر راستچىل مەيداندا تۇرۇپ قۇرئــان كەرىــم ھەققىــدە تەتقىقــات ئېلىــپ بارغانــدىن كېــيىن، ئــۇلار قۇرئان كەرىم توغرىلىق چۈشەنگەنلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغان.

قۇرئــان كەرىمنىــڭ مۆجىزىــسى توغرىلىــق غەيرىــي دىنــدىكى ئالىملارنىــڭ مەدھىيىلىــرىگە ھېچبىــر ھــاجەت بولمىــسىمۇ، ئوقۇرمەنلەرنىــڭ پايدىلىنىــشى ئۈچــۈن تۆۋەنــدە غەربلىــك بەزى شەرقشۇناسلارنىڭ قۇرئــان كەرىــم توغرىلىــق ئېيتقانلىرىــدىن بىــر قــانچىنى نەقىــل كەلتــۈرۈپ ئۆتۈشنى خالايمىز.

1 ـ شەرقــشۇناس ســېل مۇنــداق دەيــدۇ: «قۇرئاننىـــڭ ئۇســـلۇبى تولىمـــۇ ئېـــسىل ۋە ئۈستۈندۇركى، ئــۇ ئۆزىنىــڭ قــالتىس ئۇســلۇبى ۋە تىلاۋىتــى بىــلەن ئۇنىڭغــا ئىمــان ئېيتقــان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتماي قارشــى ســەپتە تۇرغــان خرىــستىئانلارنىڭ زېھنلىرىنــى ئــۆزىگە جەلــب قىلىۋالماقتا».

2 ـ فرانــسىيىلىك دوكتــور مــۇرىس بۇكــاي مۇنــداق دەيــدۇ: « قۇرئــان ــ ئىلاھىــي ھېكمەت ئىنـــسانلار ئۈچـــۈن شـــۇنداق دۇنياغـــا كەلتـــۈرگەن ئەڭ ئەۋزەل كىتـــابتۇر. ئۇنىـــڭ ھەق ئىكەنلىكىدە شەك يوق».

3 ـ شەرقشۇناس لېبــون مۇنــداق دەيــدۇ: « قۇرئــان دۇنياغــا كەلگىنىگە 14 ئەســىر ئــۆتتى. ئەممـــا ئۇنىـــڭ ئۇســـلۇبىدىكى ئۇســـتۇنلىكى خـــۇددى ئـــۇ دەســـلەپ دۇنياغـــا كەلـــگەن ۋاقتتىكىدەك داۋام قىلماقتا، ئۇنىڭدىكى ھېچ نەرسە ئۆزگەرگىنى يوق«.

4 ـ مــۇرىس بۇكــاي مۇنــداق دەپ يازىــدۇ: «..... يــۇقىرىقى بايــانلار مــۇھەممەد قۇرئاننىــڭ

ئـــاپتورى دېگـــۈچىلەر ئوتتۇرىغـــا قويغـــان خىلمـــۇ خىـــل پەرەزلەرنىـــڭ پـــۈت تىـــرەپ تۇرالمايـــدىغانلىقىنى تولـــۇق ئىـــسپاتلايدۇ. خەت تونۇمايـــدىغان بىـــر ئـــادەم قانـــداقلارچە ئەدەبىيـات ساھەسـىدە، پۈتكـۈل ئەرەب ئەدەبىيـاتى تارىخىـدا ئەڭ مـۇھىم ئورۇنـدا تۇرىـدىغان يـازغۇچى بولـۇپ قالـسۇن؟ ئۇنىـڭ پەنـنى ھەقىقەتلەرنـى قىلچىمـۇ خاتالاشماسـتىن شـۇنداق تـوغرا شـەرھلەپ بېرەلـشى مۇمكىنمـۇ؟ شـۇ دەۋردىكـى باشـقا ھەرقانـداق كىـشى مۇشـۇنداق قىلالىغانمۇ؟

قۇرئاننى زامانىۋى بىلىملەرگە ئاساسلىنىپ ساپ ئوبېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە تەھلىل قىلغىنىمىزدىمۇ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار بىلەن ھازىرقى زامان پەننى بىلىملەرنىڭ شۇنچە بىردەك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ بىزنى شۇنداق تونۇشقا ئىگە قىلىدۇكى، مۇھەممەد ياشىغان دەۋردىكى بىلىم ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مەسىلىگە مۇشۇنداق قارالسا، قۇرئانغا ئىنتايىن ئالاھىدە بىر باھا بەرگىلى بولىدۇ. بەلكى ئادىل پوزىتسىيە تۇتىدىغان ئىلىم - پەن خادىملىرىمۇ پەقەت ماتېرىيالىستىك ئانالىزغىلا تايىنىپ بۇ ھادىسىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىقرار بولماي تۇرالمايدۇ»[1].

5 - پ.ت. خۇئىس مۇنداق دەيدۇ: « قۇرئاننى ئادەم قانچە كۆپ ئوقۇسىمۇ ئۇنىڭدىن زېرىكمەيدۇ. ھەر بىر قېتىم ئۇنى ئوقۇغاندا، دەسلەپ تەمىسىزدەك بىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئادەمنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ مەزمۇنلار بولۇپ، ئادەمنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا قارىتا ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي مەزمۇنلار، مەقسەتلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. كەسكىن، ھەيۋەتلىك جايلىرىمۇ ۋە سۈرلۈك جايلىرىمۇ بار. قىسقىسى ئۇنىڭ تەنتەنىلىكىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس..... شۇڭا دەيمىزكى، بۇ دەستۇر كەلگۈسى دۇنياغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈسى»[2].

6 - ئاجىس. ج. ئاپىللى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بارچە ئەقىل - پاراسىتىم بىلەن قۇرئاندىكى مول بىلىملەر ۋە خىلمۇ خىل ۋەزىنلەر ئۈستىدە ئىزدەندىم. ئۇنىڭدىكى ۋەھىيلەرنىڭ ئۆز مەزمۇنىدىن باشقا قاپىداش ھەم ۋەزىنلىك ئىبارىلەر جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، قۇرئان ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي بايلىقىدىكى ئىنتايىن ئەتىۋارلىق ئەدەبىي ئەسەر بولۇشقا تېگىشلىك. خۇددى ئىسلام ئېتىقادچىسى پىكتخوئېل

---

(1) مۇرىس بۇكايىنىڭ «ئىنجىل، قۇرئان ۋە پەن» دېگەن كىتابىنىڭ 125 - بېتىدىن.

(2) پ.ت. خۇئىسنىڭ «ئىسلامشۇناسلىق» ناملىق ئەسىرى 526- بەت.

ئېيتقانــدەك، قۇرئـــان بىــر تەڭداشــسىز ســىمفونىيە، ئــۇ كــىشىلەرنى يىغلىتىــدىغان ھەم پۇتــۇنلەي ئــۆزىگە تارتىــدىغان كــۈي ناۋاســىدۇر. لــېكىن ئۇنىــڭ بۇخىــل ئالاھىــدىلىكىگە بــۇرۇنقى تەرجىمــشۇناسلىرىمىز ئاساســەن ســەل قارىغــان. شــۇڭا ئۇلارنىــڭ تەرجىـــمە ئەســەرلىرىنى ئەسلىــسىگە سېلىــشتۇرغاندا، تەرجىمىنىــڭ ئۆلــۈك ھەم ئادەتتىكىــدەك بولــۇپ قالغانلىغا ئانچە ھەيران بولۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ»[1].

## بەشىنچى بۆلۈم: تەقدىر ۋە قازا (قازا ۋە قەدەر)غا ئىمان كەلتۈرۈش

سوئال: سوئال: قەدەر( تەقدىر) دېگەن نېمە؟

جــاۋاب: قەدەر - ئاللاھنىــڭ كائىناتتــا بولىــدىغان ھەرقانــداق ۋەقە ۋە ھادىــسىلەرنى ۋە مەخلۇقاتلارنىــڭ، خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ قىلىــدىغان بــارلىق ياخشى - يامان گەپ ــ سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنىــڭ ھەممىسىنى ئالــدىنئالا بىلىپ شۇنداق يارىتىشى ۋە ئۇلارنى شۇ بويىچە بەلگىلىشى دېمەكتۇر.

ئــاللاھ تائالانىــڭ قۇرئــان كەرىمــدىكى:(بىــز ھەقىــقەتەن ھەمــمە نەرســىنى ئۆلچەملىــك يــاراتتۇق)[2] ۋە (ئاســمان، زېمىنــدىكى زەررە چــاغلىق نەرســە ۋە ئۇنىڭــدىن كىچىــك يــاكى چــوڭ نەرســە بولــسۇن، ھېچقايســى ئاللاھنىــڭ بىلىــشىدىن چەتــنەپ قالمايــدۇ، ئۇلارنىــڭ ھەممىــسى لەۋھۇلمەھپــۇزدا خاتىرىلەنگەن)[3] دېگەن سۆزلىرى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

سوئال: قازا دېگەن نېمە؟

جــاۋاب: ئاللاھنىــڭ شــۇ ئالــدىنئالا بىلگىنــى ۋە بەلگىلىگــىنىگە ئاساســەن، كائىناتتــا بولىــدىغان بــارلىق ھادىــسىلەر ۋە ئىنــسانلار تەرىپىــدىن ســادىر بولىــدىغان ئىــش - پائالىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى دېمەكتۇر.

---

(1) ئاجىس. ج. ئاپېللى »قۇرئاننىڭ رولى« ناملىق ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدىن.

(2) قەمەر سۈرىسى 49- ئايەت

(3) يۇنۇس سۈرىسى 61- ئايەت

## قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى

سوئال: قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك:

(1) تەقدىر دېمەك باشقىسىنى تاللاش ئىختىيارى بولمايدىغان بىرلا يول دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى تەقدىر ئىنساننىڭ تاللىشىغا قاراپ بىر قانچە تارماقلىق يولغا ئوخشاش بولۇپ، ھەر بىر يولنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى سىزگە نىسبەتەن قاراڭغۇلۇق كۆرۈنىسمۇ، ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن خۇددى خەرىتىگە ئوخشاش ناھايىتى ئېنىقتۇر. مەسىلەن: شەرق تەرەپكە ماڭسىڭىز پالانى جايغا، غەرب تەرەپكە ماڭسىڭىز پالانى جايغا يېتىپ بارىسىز. قۇرۇقلۇقتىن ماڭسىڭىز بىخەتەر يېتىپ بارىسىز، ھاۋادىن ماڭسىز تېز يېتىپ بارىسىز، دېڭىز ئارقىلىق ماڭسىز خېيىمخەتەرگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن، دەپ سىزىپ كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش. ئاللاھ تائالا تەقدىرنى ئەنە شۇنداق بەلگىلىگەن. ئىنسانلار يول تاللاش ۋە قانداق سەۋەبلەرنى قوللىنىشتا مۇتلەق ئەركىندۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا تاللاش ئىختىيارىنى بەرگەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قايسىبىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق سەۋەبلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن بولارنىڭ ھەممىسى خۇددى ۋىدىيو پلاستىنكىلىرىغا ئېلىنىپ ساقلانغان ئارخىپقا ئوخشاشتۇر. سىز قايسىبىر يولنى تاللىماڭ ۋە قانداق سەۋەبلەرنى قوللانماڭ سىز ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بويىچە ئىش كۆرگەن بولىسىز. چۈنكى سىز تاللايدىغان يوللار، قىلىدىغان ئىشلار ۋە قوللىنىدىغان سەۋەبلەر، چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىر خەرىتىسىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ۋە قايسىسىنى تاللاش ئىختىيارى سىزگە بېرىلگەن. مەسىلەن: سىزنىڭ قايسى شەھەردە ئولتۇراقلىشىشىڭىز، قايسى خىزمەتنى قىلىشىڭىز، كىم بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىشىڭىز، كىملەر بىلەن دوست بولىشىڭىز قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىزگە بېرىلگەن ئىختىيارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، باشقىسىنى تاللاش ئىختىيارىڭىزمۇ بار ئىدى. تەقدىردە سىز تاللىغان ۋە تاللىمىغان ئىختىيارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىلىرى ئېنىق يېزىلغان بولىدۇ. ئۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە مۇنداق بولاتتى، بۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە بۇنداق بولاتتى، ئەمما بۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولىدۇ، دەپ يېزىلغانغا ئوخشاش. مانا بۇ «ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى قىل تەۋرىمەيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر.

(2) بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك، تەقدىر ئاللاھنىڭ ئۆزى بەلگىلىگەن نەرسىگە بەندىلەرنى زورلىغانلىقى ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسان خالىغان ئىشنى

قىلىش ياكى قىلماسلىقتا مۇتلەق ئەركىندۇر. ئاللاھ شۇڭا ئىنسانغا ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە ـ خاھىشنى ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەقىل ۋە قابىلىيەتنى بەرگەن. ئاللاھنىڭ بىرەر بەندىنىڭ كېلەچەكتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىنئالا بىلىپ ئۇنى شۇنداق بەلگىلىگەبىلىكى ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھنىڭ بىلگىنى ۋە بەلگىلىگىنى بويىچە ۋۇجۇدقا چىقىپ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۇ بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىنىڭ سىرتىدا بولغان ئىش ئەمەس. بەلكى بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىش. چۈنكى ئىنساندا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە بار.

(3) ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئىش قىلىشنى ياقتۇرىدۇ، يامان ئىش قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئەمما ئىنسان يامانلىقنى خالاپ، ئۇنىڭغا بەل باغلىغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يول قويىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ يامان ئىشقا رازى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئىنساننىڭ شۇ يامانلىقنى قىلىش ئىختىيارىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبتىندۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر)[1] دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر قىلماقچى بولغان ياخشى ـ يامان قانداقلا بىر ئىشقا ئاللاھ تائالا يول قويمىغىچە سىلەر ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايسىلەر، دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِن تَكْفُرُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنكُمْ وَلاَ يَرْضَىٰ لِعِبَادِهِ ٱلْكُفْرَ وَإِن تَشْكُرُواْ يَرْضَهُ لَكُمْ**﴾ يەنى «ئەگەر كاپىر بولساڭلار، ئاللا سىلەردىن بىھاجەتتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئاللا سىلەرنىڭ قىلغان شۈكۈرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ»[2] .

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿**إِن تَكْفُرُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنكُمْ وَلاَ يَرْضَىٰ لِعِبَادِهِ ٱلْكُفْرَ وَإِن تَشْكُرُواْ يَرْضَهُ لَكُمْ**﴾ يەنى «(ئى مۇھەممەد!) "بۇ ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولىدۇ. خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن" دېگىن، بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن پۈتۈن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالغان ئوتنى تەييارلىدۇق»[3] .

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىسلام دىنىدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئالتە

(1) تەكۋىر سۈرىسى 29ـ ئايەت

(2) زۇمەر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

(3) كەھف سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

ئىمانىنىڭ بىرىدۇر. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

**قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر**

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى تۆت ھەقىقەتكە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) كائىناتتا بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق پايدىلىق ھادىسىلەر، مەسىلەن: يامغۇرنىڭ يېغىشى، زىرائەتلەرنىڭ مول ھوسۇل بېرىشى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋە بېرىشى، شۇنداقلا دۇنيادا يۈز بېرىپ تۇرغان ھەر قانداق زىيانلىق ھادىسىلەر، مەسىلەن: يەر تەۋرەش، ۋابا، قۇرغاقچىلىق، سۇ ئاپىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. بۇ ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقان، دەپ ئىشىنىش. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا ئاساندۇر)[1].

(2) دۇنيادىكى ھەر قانداق ياخشىلىقلار، مەسىلەن: تىنچلىق، ئامانلىق، تەن ساقلىقى، خاتىرجەملىك، باياشاتلىق ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر قانداق بەختسىزلىكلەر، مەسىلەن: ئۇرۇش، ئۆلۈم، كېسەللىك، دەرت، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ، بۇلارنى ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ئۆزى ياراتقان، دەپ ئىشىنىش. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : (ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر)[2].

(3) مەخلۇقاتلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، يېيىش ـ ئىچىش ۋە باشقا بارلىق ئىشلىرى پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ئىشلارنى يارىتىش بىلەن بىرگە ئىنسانلارغا ئۇلارنى قانداق يوسۇندا قىلىنىش

(1) ھەدىد سۈرىسى 22 ـ ئايەت

(2) ئەنئام سۈرىسى 17 ـ ئايەت

ئىختىيارىنى ۋە قابىلىيىتىنى بەرگەن، دەپ ئىشىنىش. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر)[1].

(4) ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تەقدىر قىلغۇچى ئاللاھدۇر. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەرقايسىسىنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ، بۇ ئىختىيارنى ئۇلارغا ئاللاھ بەرگەن، دەپ ئىشىنىش.

ئاللاھ ئەزەلدە ئىنسانلارنىڭ كېلەچەكتە قىلىدىغان ياخشى ـ يامان ھەر قانداق ئىشلىرىنى ئېنىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى شۇ بويىچە بولۇشقا بەلگىلىگەن ۋە ئىنسانلارنى خالىغانلىرىنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەركىن ئىختىيار ۋە ئىرادە بىلەن بۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتكەن. ئىنسانلار بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئەركىن ئىختىيار ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغانلىقلىرى ئۈچۈنلا ئۇلار بۇ دۇنيادىكى بارلىق قىلمىشلىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارغا ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى ۋە تۈرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇ ياخشىلىقلارنى قىلىشقا تەرغىب قىلدى، يامانلىقنىڭ يوللىرىنى ۋە تۈرلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ يامانلىقلارنى تەرك ئېتىشكە بۇيرۇپ، ئۇلارنى يامانلىقلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى.

**قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى**

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەب بىلەن مۇناسىۋى نېمە؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەب بىلەن بىلغان مۇناسىۋىتى مۇندا:

1 ـ ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كېسەللىك، دەرت ـ ئەلەم، بالايىئاپەت، يوقسۇللۇق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئىشىنىش بىلەن بىرگە بۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى قىلىش، ئاللاھقا ئۇلارنى كۆتۈرىۋېتىشنى سوراپ دۇئا قىلىش ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن (يەنى يۇقىرىقى كۆلپەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن) تارتقان جاپالارنىڭ بەدىلىگە

---

(1) مۇلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت

ئاللاھنىڭ ساۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر. بىراق كېلىچەككە ئائىت ئىشلارنى »ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە نېمە بولسا شۇ بولىدىغۇ«، دەپ ئىشلىمەستىن، سەۋەب قىلماستىن »ئۈژمە پىش ئاغزىمغا چۈش« دەپ ئولتۇرىۋېلىش ئىنسانلىقنىڭ شەنىگە ھەرگىزمۇ ياراشمايدىغان تەييارتاپلىق ۋە ئىنسانلىق ھۆرمەتنىڭ ھېسابىغا ئىشلەنگەن كەچۈرۈلمەس جىنايەتتۇر.

2 ـ ئىنسانلارغا يەتكەن كېسەللىك، ئاجىزلىق ۋە يوقسۇللۇقلارنى »ئاللاھنىڭ تەقدىرىغۇ«، دەپ ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلماسلىق چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ يۇقىرىقى كۆلپەتلەرنى ياراتقان بولسا، ئىنساندا ئەقىل بىلەن ئىرادىنىمۇ ياراتتى. ئىنساننىڭ ئاللاھ بەرگەن بۇ ئەقىل، ئىرادە بىلەن سەۋەب قىلىشىمۇ ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر. »تەقدىر بىلەن كېسەل بولدۇمغۇ «، دەپ سەۋەب قىلماستىن ئۆلۈش ياكى »تەقدىر بىلەن ئوغرى بولۇپ قالدىمغۇ«، دەپ ئوغۇرلۇق قىلىش ئېغىر گۇناھ ھەمدە ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ قانداقلا بىر كېسەللىكنى ياكى دەرتنى ياراتقان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ شىپاسىنى ياراتقان. ئىنسان ئۆزىدىكى ئىرادە ۋە ئەقىل بىلەن سەۋەب قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ شىپاسىنى تېپىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ يامانلىقنى ياراتقان بولسا، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ۋە جازالىرىدىن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا بۇيرىدى ۋە بۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىش ياكى ئۇلاردىن يېنىش ئىختىيارىنىمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە بەردى.

ئىككىنجى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بىر ئوغرىنى ئېلىپ كىرىدۇ. سوراق ئۈستىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغرىدىن «نېمە ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا ئوغرى «ئاللاھ تەقدىر قىلغانىكەن شۇڭا ئوغۇرلۇق قىلدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغرىنى 30 دەررە ئۇرۇپ ئاندىن كېيىن قولىنى كېسىشكە بۇيرۇق بەرگەندە، ساھابىلاردىن بىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن »نېمە ئۈچۈن بىر ئوغرىلىق جىنايىتىگە ئىككى جازا بېرىلىدۇ؟« دەپ سورايدۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھقا يالغاندىن تۆھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن 30 دەررە ئۇرۇشقا، ئوغۇرلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن قولىنى كېسىشكە بۇيرىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ئوغۇرلۇق قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئوغۇرلۇق قىلغان»[1] .

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

---

(1) ئۇستاز رەھمەتۇللا ئىنايەتۇللانىڭ «ئىلىم ۋە ئىمان»ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

جاۋاب: كائىناتتا بولىدىغان ھەرقانداق ھادىسە، ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەرقانداق ئىشلىرى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدۇ. ئىنسان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ياكى قىلماسلىقتا ئاللاھ بەرگەن ئىختىيار بىلەن ئەركىندۇر. لېكىن ئاللاھ ياخشى ئىشلارغا رازىكى، يامان ئىشلارغا رازى ئەمەستۇر.

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بىر ئىلاھىي قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىغا ۋە ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر بالا ـ قازا ياكى ئېغىر كۈلپەتلەر كەلسە ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، بىرەر مۇۋەپپەقىيەت قازانسا خوشاللىقتىن ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىنى ئاللاھتىن دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، بالا ـ قازا يەتكەندە سەبىر قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدۇ. ئىنسان مەغلۇبىيەتكە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇ ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئېسىل ئەرلەرنى يارىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ إِلاَّ بِإِذْنِ ٱللَّهِ وَمَن يُؤْمِن بِٱللَّهِ يَهْدِ قَلْبَهُ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ يەنى «كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەنلا يېتىدۇ. كىمكى ئاللاھقا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ، دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى (سەبىرگە) يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»[1] .

## قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ـ مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتى بولغان 6 ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشى مۇسۇلمان بولالمايدۇ. قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ باشقا پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

---

(1) تاغابۇن سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

1 ـ مەغپىرەت

قــازا ۋە قەدەرگە ئىمـــان كەلتــۈرگەن كىــشىنىڭ گۇنــاھلىرى مەغپىــرەت قىلىنىـــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام بــۇ ھەقــتە مۇنــداق دەيــدۇ: «مــۆمىن كىــشىگە يەتــكەن ھەرقانــداق مۇســىبەت، كېــسەللىك، غەمكىنلىــك، ھەتتــا كۆڭۈلــسىزلىكلەرنىڭ بەدىلىــگە ئــۇ كىــشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1] .

2 ـ ساۋابلىق

قــازا ۋە قەدەرگە ئىمــان كەلتــۈرگەن كىــشىگە ســاۋاب بېرىلىــدۇ. ئــاللاھ بــۇ ھەقــتە مۇنــداق دەيدۇ:

﴿**ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَابَتۡهُم مُّصِيبَةٞ قَالُوٓاْ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ أُوْلَـٰٓئِكَ عَلَيۡهِمۡ صَلَوَٰتٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَرَحۡمَةٞۖ وَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُهۡتَدُونَ**﴾ يەنــى «(بېــشىغا كەلــگەن زىيــان ـ زەخــمەت، مۇســىبەتلەرگە) ســەبىر قىلغۇچىلارغــا (جەنــنەت بىــلەن) خۇشــخەۋەر بەرگىــن. ئۇلارغــا بىــرەر مۇســىبەت كەلــگەن چاغــدا ئــۇلار "بىــز ئاللاھنىــڭ ئىگىدارچىلىقىــدىمىز، چوقــۇم ئاللاھنىــڭ دەرگاھىغـــا قـــايتىمىز" دەيـــدۇ. ئەنە شـــۇلار پەرۋەردىگارىنىـــڭ مەغپىرىتـــى ۋە رەھمـــىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»[2] .

3 ـ قانائەت ۋە كەڭ قورساقلىق

قـــازا ۋە قەدەرگە ئىمـــان كەلتـــۈرگەن كىـــشى قانائەتلىـــك ۋە كەڭ قورســـاق بولىـــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــاللاھ ســاڭا تەقــدىر قىلغــان قىــسمەتكە رازى بولغىن، كىشلەرنىڭ ئەڭ بايلىرىدىن بولىسەن»[3] .

چــۈنكى قانــائەت ئەڭ زور بــايلىقتۇر. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام «بــايلىق پــۇل ـ مالنىــڭ كۆپلىكىـــدىن ئەمەس، بەلكـــى نەپـــسىنىڭ (قانـــائەت بىـــلەن بولغـــان) بايلىقىـــدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

4 ـ شۇجائەت

قــازا ۋە قەدەرگە ئىمــان كەلتــۈرگەن كىــشى ھەر قانــداق بىــر قىيىنچىلىققــا شــۇجائەت بىــلەن تاقابىــل كېلىــدۇ، ئۆزىنىــڭ ھەق ـ ھوقــۇقىنى قوغــداش يولىــدا ئاللاھنىــڭ غەيرىــدىن

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەتى.

(2) بەقەرە سۈرىسى 156 ـ 157 ـ ئايەتە.

(3) ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئەجەل ئاللاھنىڭ ئىلىكىدە ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىدۇ ـ دە، باشقىلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر ۋە زىيان ـ زەخمەتلەردىن قورقۇپ قالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى! ئەگەر پۈتۈن ئۈممەت بىرلىشىپ ساڭا بىرەر پايدا يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنىنىلا يەتكۈزەلەيدۇ، ئەگەر ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنىنىلا يەتكۈزەلەيدۇ. قەلەملەر كۆتىرىلىپ بولدى، سەھىپىلەر يېزىلىپ بولدى»[1] .

5 ـ سەۋرچانلىق

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى سەۋرچان بولىدۇ، ئۆتكەنلەرگە ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر. ھەممىسىدە ياخشىلىق بار، ساڭا مەنپەئەتلىك بولغان ئىشقا قىزىققىن، ئاللاھتىن ياردەم سورىغىن، ئاجىز كەلمەيسەن. ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە «ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتى» دېمىگىن، بەلكى ”ئاللاھ شۇنى تەقدىر قىلغان ئىكەن شۇنداق بولدى“ دېگىن. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا »ئەگەر« دېيىش شەيتاننىڭ ئىشىنى ئاچىدۇ»[2] .

6 ـ ئۈمىدۋارلىق

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ۋە روھى ئۈمىدۋار بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئۇڭايلىقنىڭ بارلىقىغا، باشقا كەلگەن مۇسىبەت، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ بەدىلىگە ساۋابنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ ـ دە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كۆلپەتلەرگە ۋە چوڭ قولىدىن بېرىشلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ، ئاھ ئۇرۇپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. بەلكى ئۈمىد بىلەن تەمكىن ھالدا خاتىرجەم ئۆمۈر سۈرىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَا فِيٓ أَنفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَابٍ مِّن قَبْلِ أَن نَّبْرَأَهَآ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ ۞ لِّكَيْلَا تَأْسَوْا۟ عَلَىٰ مَا فَاتَكُمْ وَلَا تَفْرَحُوا۟ بِمَآ آتَاكُمْ﴾** يەنى «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرايدىغان

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇسـبەتلەر، بىـز ئـۇلارنى يارىتـشتىن بـورۇن (لەۋھۇلمەھپۇزغـا يېزىلغـان) بـۇ ئـش شۇبھىـسىزكى، ئاللاھقـا ئاسـاندۇر (ئاللاھنىـڭ ئـۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغـا يېزىـشى) قولـۇڭلاردىن كەتـكەن نەرسـىگە قـايغۇرۇپ كەتمەسـلىكىڭلار ۋە ئـاللاھ بەرگەن نەرسـىگە خوش بولۇپ (ئۇنىڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ) كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر»[1] .

## ھىدايەت ۋە زالالەت ئاللاھتىن

سوئال: بەنـدىلەرنى تـوغرا يولغـا ھىـدايەت قىلىـش يـاكى ئۇنىڭـدىن ئـازدۇرىۋېتىش راستتىنلا ئاللاھتىنمۇ؟

جاۋاب: توغرا، بەنـدىلەرنى تـوغرا يولغـا ھىـدايەت قىلىـش يـاكى ئۇنىڭـدىن ئـازدۇرىۋېتىش ئاللاھتىنـدۇر. ئـاللاھتىن باشـقا ھـېچكىم ئۇنىـڭ ئىزنىـسىز ھىـدايەت قىلالمايـدۇ ۋە ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿**فَإِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهْدِي مَن يَشَآءُ**﴾ يەنـى «ئـاللاھ ھەقىـقەتەن خالىغـان كىـشىنى ئـازغۇن قىلىـدۇ ۋە خالىغـان كىـشىنى ھىـدايەت قىلىدۇ»[2] .

بۇنىڭغا ئاساسـەن، شـەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشـى پەقەت ئاللاھنىـڭ تەقـدىرى ۋە ئىزنـى بىـلەن بولغـان بولىـدۇ. چـۈنكى ئـاللاھ قانـداقلا بىـر ئـادەمنى ھىـدايەت قىلىـشنى خالىـسا ئۇنىـڭ قەلبىنـى تـوغرا يولغـا يېتەكلەيـدۇ. بـۇ ئـارقىلىق ئـۇ ھىـدايەت تاپىـدۇ. ئـاللاھ قانـداقلا ئادەمنىـڭ ئـازغۇن بولۇشـىنى خالىـسا ئۇنىڭغـا شـەيتانلارنى مۇسـەللەت قىلىـدۇ ـ دە، شـەيتانلار ئۇنىڭغا ئۇنىـڭ يامـان ئىـشلىرىنى ياخشى كۆرسـىتىش ئـارقىلىق ئـۇنى ئـازدۇرۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ھىـدايەت قىلىـش ۋە ئـازدۇرۇش ئـاللاھتىن بولغـان بولىـدۇ. ئـاللاھ مۇنـداق دەيدۇ: ﴿**وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ ٱلرَّحْمَـٰنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَاناً فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ.وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ**﴾ يەنـى «كىمكـى مېھرىبـان ئـاللاھنى يـاد ئېتىـشتىن (يەنـى قۇرئانـدىن) يـۈز ئۆرۈيـدىكەن، بىـز ئۇنىڭغا شـەيتاننى مۇسـەللەت قىلىمىز، شـەيتان ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ»[3] .

## ھىدايەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سوئال: ھىدايەت قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

---

(1) ھەدىد سۈرىسى 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر.

(2) فاتىر سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

(3) زۇخرۇپ سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

جاۋاب: ھىدايەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت، يەنە بىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت. ئالدىنقىسى، سىز يول سورىغان كىشىنىڭ سىزگە سىز بارماقچى بولغان جايغا ئېلىپ بارىدىغان تۈز يولنى ئېنىق شەرھلەپ كۆرسىتىپ قويغىنىغا، كېيىنكىسى، ئۇنىڭ سىزنىڭ قولىڭىزدىن تۇتۇپ، سىزنى سىز بارماقچى بولغان جايغا ئاپىرىپ قويغىنىغا ئوخشاشتۇر.

سوئال: ھەر ئىككى ھىدايەت ئاللاھنىڭ قولىدىنلا كېلەمدۇ؟

جاۋاب: مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەقەت ئاللاھنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئاللاھ بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن:«شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ»[1].

ئەمما يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ، دەۋەتچىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ يولغا چاقىرىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ بۇ مەنىنى ئىپادىلىگەن ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (شۈبھىسىزكى، سەن كىشىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىسەن (باشلايسەن))[2].

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ يولغا چاقىرىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ بۇمەنىنى ئىپادىلىگەن ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِنَّكَ لَتَهْدِيٓ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسْتَقِيمٖ**﴾ يەنى «شۈبھىسىزكى، سەن كىشىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىسەن (باشلايسەن)»[3].

ئەمما مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇھەقتە ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) قەسەس سۈرىسى 56- ئايەت

(2) شۇرا سۈرىسى 52 - ئايەت

(3) شۇرا سۈرىسى 52 - ئايەت.

﴿إِنَّكَ لاَ تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَـٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَآءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَـدِينَ﴾ يەنى «شۇبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ»[1] .

ھازىر بىز توختىلىۋاتقان ھىدايەت پەقەت ئاللاھنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان، مۆۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەتتۇر.

سوئال: ئاللاھ قانداق ئادەملەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ ۋە قانداق ئادەملەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىغان كىشىنى ئۇنىڭغا ھىدايەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇكىشىگە توغرا يول تېپىشنىڭ ۋاستىلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى »ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ» ئاللاھ ھىدايەتنى خالىماي ئازغۇنلۇقنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن كىشىگە ئازغۇنلۇقنى نەسىب قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ﴿فَلَمَّا زَاغُوٓاْ أَزَاغَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمْ وَٱللَّهُ لاَ يَهْـدِي ٱلْقَـوْمَ ٱلْفَاسِـقِينَ﴾ يەنى «ئۇلار ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[2] .

چۈنكى توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش پەقەت ياخشى نىيەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھنىڭ بىر ئادەمنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغانلىقى ئۇ كىشىگە ئەڭ كاتتا نېمەت ئاتا قىلغانلىقىدۇر. دۇنيادا توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشتىن زور ئۇتۇق يوقتۇر. ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا نېمىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىلمەستىن، ئارزۇ قىلىنماستىن ۋە سورالماستىن بېرىلمەيدۇ. شۇڭا، ئاللاھ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھنىڭ يولىغا ئەگەشكۈچىلەرنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَهْـدِيٓ إِلَيْـهِ مَـنْ أَنَابَ﴾يەنى «ئاللاھ تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ»[3] .

ئاللاھ، توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىماي، ئۆزلىرىنىڭ قىڭغىر يوللىرىغا رازى بولۇپ، دىندىن ئۆزاقلاشقۇچىلارنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱللَّهُ لاَ يَهْـدِي ٱلْقَـوْمَ ٱلْفَاسِـقِينَ﴾يەنى «ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى دىنىنىڭ چەك -

---

(1) قەسەس سۈرىسى 56۔ ئايەت.
(2) سەق سۈرىسى 5 ۔ ئايەت.
(3) رەئد سۈرىسى 27 ۔ ئايەت.

چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»[1] .

ئاللاھ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ، باتىلغا يۈزلەنگەنلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلمايدۇ. ﴿**وَمَن يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلْهُدَىٰ وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ ٱلْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَآءَتْ مَصِيراً**﴾ يەنى «كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە(يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان جاي!» [2] .

سوئال: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب قىلىشقا زىت كېلەمدۇ؟

جاۋاب: قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش سەۋەب قىلىشقا ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. كىشىگە يەتكەن ياخشىلىق ـ يامانلىق، مۇسىبەت ـ خوشاللىق، پايدا ـ زىيانلارنىڭ ھەممىنى، شۇنداقلا بولۇپ ئۆتكەن ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. كېلىچەكتە بولىدىغان ھەر قانداق ئىشلارنىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماندىن. بىراق «ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە نېمە بولسا شۇ بولىدىغۇ» دەپ سەۋەب قىلماسلىق ئىماندىن ئەمەس، بەلكى چوڭ خاتالىقتۇر.

گەرچە ئىنساننىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە ياخشى ـ يامان پۈتۈن ئىشلىرى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىسىمۇ، ئىنسان شۇ رىزقنى ھاسىل قىلىش، جېنىنى قوغداش ۋە ئۆزى ھەم جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئەگەر ئۇ، «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم» دەپ سەۋەبنى قولدىن بېرىدىكەن، ئۇ چوقۇم گۇناھكار بولىدۇ ۋە تەۋەككۇلنىڭ مەنىسىنى سۇيىئىستېمال قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنى سەۋەبلەرگە باغلىغان. بۇ دۇنيا سەۋەب دۇنياسى. ھەر كىشى سەۋەب قىلىپ ئىشلىگىنىگە يارىشا قازىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَن لَّيْسَ لِلإِنسَانِ إِلاَّ مَا سَعَىٰ**﴾يەنى « ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»[3] .

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 115ـ ئايەت.
(3) نەجم سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

## تەۋەككۇل ۋە ئۇنىڭ شەرتى

سوئال: تەۋەككۇل قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: تەۋەككۇل سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ـ بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەت تەلەپ قىلىش دېمەكتۇر. ئەمما ئۇنىڭ شەرئەت ئىستىمالىدىكى مەنىسى ــ ئاللاھقا چىن ئىشەنچ بىلەن يۆلىنىش دېمەكتۇر.

سوئال: تەۋەككۇل قىلىشنىڭ شەرتى نېمە؟

جاۋاب: تەۋەككۇل قىلىشنىڭ شەرتى ـ تەۋەككۇل قىلماقچى بولغان ھەر قانداق ئىش ئۈچۈن ئاۋۋال قولىدىن كېلىشى ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە سەۋەبلەرنى قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ئاللاھقا چىن ئىشەنچ بىلەن يۆلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: ئاددى بىر دېھقان ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشتا، ئالدى بىلەن يەرنى ھەيدەپ يۇمشىتىدۇ، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئۇرۇق ۋە ئوغۇتلارنى چاچىدۇ، سۇنى ۋاقتىدا بېرىپ تۇرىدۇ، مۇندىن باشقا دېھقانچىلىقنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىنى تولۇق ئورۇنلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زىرائەتنىڭ سالامەت ئۈنۈپ چىقىشى ۋە مول ھوسۇل بېرىشىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ تەۋەككۇل قىلىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئۇنى سالامەت ئۈندۈرۈپ مول ھوسۇل چىقىرىپ بېرىدۇ. خالىسا تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك ئاپەتلىرىگە ئەمر قىلىدۇ ـ دە، زىرائەتلەرنى بىر ئاندىلا نابۇت قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئىش سەۋەب قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا يۆلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سەۋەبلەرگىلا چوقۇنۇپ كېتىپ ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىش توغرا بولمىغاندەك، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم دەپ سەۋەب قىلماسلىق تېخىمۇ توغرا بولمايدۇ. تەۋەككۇل پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ بىزلەرنى ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُۥٓ إِنَّ ٱللَّهَ بَٰلِغُ أَمْرِهِۦ**﴾ يەنى «كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ»[1] .

## قازا ۋە قەدەرگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋاب

سوئال: توغرا يولغا ئەگەشمەسلىك ۋە يامان ئىشلانى تەقدىردىن كۆرۈش توغرىمۇ؟

جاۋاب: توغرا يولغا ئەگەشمىگەنلىكنى ۋە باشقا يامان ئىشلارنى تەقدىردىن كۆرۈش

(1) تالاق سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

ھەقىقەتەن ئەقىلسىزلىق ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كىتابلارنى چۈشۈرۈپ بېرىپ، بۇ كىتابلار بىلەن ئۇلارغا ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئېنىق بىلدۈردى ۋە ھەقىقەتكە ئەگىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا چاقىردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ئەقىل، ئىرادە ۋە ئىختىيارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى يول تاللاشتا ئەركىن ياراتتى. نەتىجىدە ھىدايەتنى زالالەتتىن ئەۋزەل كۆرۈپ ئەقىل ۋە ئىرادىسىنى يولىدا ئىشلەتكەن كىشىلەر ئاللاھ چاقىرغان توغرا يولغا ئەگەشتى. ئەمما ھىدايەتتىن زالالەتنى ئەۋزەل كۆرگەن كىشىلەر ھىدايەت يولىغا كىرىشنى خالىمىدى ياكى ئىزدەنمىدى، ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان يوللىرىنى توغرا دەپ ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئازغۇنلارنىڭ قاتارىدىن بولدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَمْ نَجْعَل لَّهُ عَيْنَيْنِ وَلِسَاناً وَشَفَتَيْنِ وَهَدَيْنَاهُ ٱلنَّجْدَيْنِ﴾ يەنى «ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك، ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟»[1] .

ئاللاھ مۇشرىكلەرنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى تەقدىردىن كۆرگەنلىكىگە كايىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿سَيَقُولُ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُواْ لَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشْرَكْنَا وَلاَ آبَاؤُنَا وَلاَ حَرَّمْنَا مِن شَيْءٍ كَذٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم حَتَّىٰ ذَاقُواْ بَأْسَنَا﴾ يەنى «مۇشرىكلەر "ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق" دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر (تاكى بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشۈپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (سىنى مۇشرىكلەر ئىنكار قىلغاندەك) مۇشۇنداق ئىنكار قىلغان ئىدى»[2] .

بەزىلەر مۇنداق دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن، مەن قىلىدىغان ئىشنى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بىلىپ ۋە بەلگىلەپ شۇنداق يېزىۋەتكەنلىكى مېنى شۇ ئىشنى قىلىشقا زورلىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان تەجرىبىلىك ۋە ئەقىللىق بىر مۇئەللىم ئىمتىھان سوئاللىرىنى تەييارلاش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي سىنىپتا قالىدىغانلىرى بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ سىنىپ كۆچىدىغانلىرىنى ئۆزىنىڭ بىلىشىگە ئاساسەن ئايرىپ

---

(1) بەلەد سۈرىسى 8 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

(2) ئەنئام سۈرىسى 148 ـ ئايەت.

چىقىپ، شۇ بويىچە بىر قەرغەزگە يېزىپ قويغان بولسا، كېيىن ئىمتىھان باشلىنىپ ئىمتىھان نەتىجىسى خۇددى مۇئەللىمنىڭ بىلگىنى ۋە يازغىنى بويىچە چىقسا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىم يازغان قەرغەزنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، «ئەگەر مۇئەللىم بىزنى ئۆتەلمەيدۇ دەپ يازمىغان بولسا ئىدى، بىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتۇق» دەپ دەۋالىشىشى توغرىمۇ؟ ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ؟ ئۇلارغا بېرىلىدىغان جاۋاب چوقۇم مۇنداق بولىدۇ: «مۇئەللىمنىڭ يازغىنى سىلەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىڭلار توغرىسىدىكى ئۆز ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئەمما سىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگىنىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ياخشى ئوقۇپ تەييارلىق قىلمىغانلىقىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. بۇنى ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار!»

ئاللاھ تائالا جىمى مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلْخَبِيرُ﴾ يەنى »مەخلۇقاتنى ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[1].

بىزنى مۇشۇ ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتكەن ئاللاھ، بۇ ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسىنى ئۆزىنىڭ ئەزەلىي ئىلمى بىلەن ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ.

مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ئىنسان بولغىنى سەۋەبلىك ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بەلگىلەشتە بەزىدە خاتالىششى مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ ھەرگىز خاتالاشمايدۇ!

## ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا بولمايدىغان ئىشلار

قازا ۋە قەدەرنىڭ جۈملىسىدىن بەزى ئىشلار باركى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلار خالىسۇن، ياكى خالىمىسۇن، ھېس قىلسۇن ياكى ھېس قىلالمىسۇن ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ھالدا، بىۋاسىتە ئۆز خاھىشى بىلەنلا بېكىتىدۇ. مەسىلەن: سىزنىڭ نەدە ۋە قاچان تۇغۇلىشىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ كىملەر بولىشى، بويىڭىزنىڭ ئېگىز ياكى پاكار بولىشى، چىرايىڭىزنىڭ چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولىشى، ئەقلىڭىزنىڭ ئۆتكۈر ياكى كەم بولىشى، خاراكتېرىڭىزنىڭ قانداق بولىشى، ئۆمرىڭىزنىڭ قانچىلىك بولىشى ۋە باشقىلار قاتارلىق ئىشلار بەندىنىڭ ئىختىيارى سىرتىدىكى ئىشلار بولغانلىقتىن، ئىنسانلار

---

(1) مۇلك سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

ئۇنىڭدىن جاۋابكار ئەمەس، ئەلۋەتتە. ﴿هُوَ ٱلَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي ٱلْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَآءُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ﴾ يەنى «ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ»[1] .

﴿هُوَ ٱلَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي ٱلْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَآءُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ﴾ يەنى «ئاللاھ مەخلۇقاتىدىن خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى( پەيغەمبەرلىككە ۋە خالىغان ئىشقا) تاللايدۇ، تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس، ئاللاھ(جىمى نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شىرك كەلتۈرگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر»[2] .

سوئال: لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: لەۋھۇلمەھپۇز ـ ئاللاھ ئەزەلدە تەقدىر قىلىپ بەلگىلىگەن كائىناتتا بولىدىغان ھەر قانداق ھادىسىلەر، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ھەر قانداق ياخشى ـ يامان بارلىق ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن بۇيۇك دىۋان دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئورنى ئاسمانلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدە. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ ساقلانغان ئىدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَلْ هُوَ قُرْآنٌ مَّجِيدٌ. فِي لَوْحٍ مَّحْفُوظٍ﴾ يەنى «بەلكى ئۇ، لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر»[3] .

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

(2) قەسەس سۈرىسى 68ـ ئايەت.

(3) بۇرۇج سۈرىسى 21 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

# ئالتىنچى باب قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

سوئال: قىيامەت كۈنى دېگەن قانداق كۈن؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنى ـ بۇ دۇنيا هاياتى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، ئاللاهتىن باشقا هەممە پانىي بولغاندىن كېيىن، ئاخىرەت ئىسمىلىك يېڭى بىر هاياتنىڭ باشلىنىشى دېمەكتۇر.

قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىمدە «هېساب كۈنى»، «دىن كۈن»، «ئاخىرەت كۈنى» ۋە «مۇكاپات ـ جازا كۈنى» دېگەن هەرخىل ئىسىملار بىلەن نۇرغۇن ئورۇنلاردا بايان قىلىنىپ كەلمەكتە.

سوئال: قىيامەت كۈنىدە قانداق ئىشلار بولىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىدە ئاللاه ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى هېساب مەيدانىغا توپلايدۇ. هېساب مەيدانىدا هەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى هاياتىدا قىلغان ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن تەپسىلىي هېساب بېرىدۇ. بۇ كۈندىكى هېسابنى ئاللاه ئۆزى بىۋاسىتە ئالىدۇ. ئاللاه بۇ كۈندە زەررە چاغلىق ياخشىلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرسىتىدۇ ۋە زەررە چاغلىق يامانلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ يامانلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىتىدۇ.

بۇ كۈندە هېچكىمگە ئازراقمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ. قىيامەت كۈنى هەققىدە زىكىر قىلىنغان ئايەت ۋە هەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر، ئۇلارنىڭ هەممىسى بۇ كۈننىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. هازىرقى زامان هەرساهە تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ، دۇنيانىڭ بىر كۈنى پۈتۈنلەي تارمار بولۇپ، هەممە يوق بولۇشى بىلەن هاياتلىقنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى جاكارلىماقتا. قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقى ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر.

ئاللاه قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زَعَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن لَّن يُبْعَثُواْ قُلْ بَلَىٰ وَرَبِّي لَتُبْعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلْتُمْ وَذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٌ**﴾ يەنى «كاپىرلار هەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى ”هەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاهقا ئاساندۇر»[1] .

(1) تاغابۇن سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

﴿لاَ أُقْسِمُ بِيَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ * وَلاَ أُقْسِمُ بِٱلنَّفْسِ ٱللَّوَّامَةِ * أَيَحْسَبُ ٱلإِنسَـٰنُ أَلَّن نَّجْمَعَ عِظَامَهُ * بَلَىٰ قَـٰدِرِينَ عَلَىٰ أَن نُّسَوِّىَ بَنَانَهُۥ﴾ يەنى «قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، چوقۇم سىلەردىن ھېساب ئېلىنىدۇ). ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۆزىنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى توپلايمىز)، ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان)بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز»[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرائىلنىڭ ئىمان توغرىلىق سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: « ئىمان ــ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتۇر»[2] .

بۇلاردىن باشقا، قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى توغرىلىق زىكىر قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

سوئال: قىيامەت كۈنىگە قانداق ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقى، ئۇ كۈندە ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدىغانلىقى ۋە جەننەتكە مۇيەسسەر بولغانلار جەننەتتە، دوزاختا مەنسۇپ بولغانلار دوزاختا ئۇزۇن ئورۇنلىرىنى تاپىدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر. قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن بىرى ۋە ئىماننىڭ ئەڭ ئاساسلىق نوقتىسىدۇر. ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

## قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىككى ھەقىقەت

سوئال: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى ئىككى ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان بەئىس، ھەشىر، مىزان، جازا، ھېساب، سىرات، جەننەت

---

(1) قىيامەت سۈرىسى 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋە دۇزاخنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

2 ـ قىيامەت قايىم بولغىچىلىك قەبرىدە بولىدىغان بەرزەخ ئالەمگە ئائىت ئىشلارغا، يەنى مېيىتنىڭ قەبرىدە تىرىلىدىغانلىقى ۋە سوراق ـ سوئال قىلىنىدىغانلىقىنىڭ، قەبرىنىڭ ئازابى ۋە نېمىتىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

**قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى**

سوئال: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتى بولغان 6 ئىماننىڭ تولۇقلىنىشىدۇر. چۈنكى قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ باشقا پايدىلىرىنى تۆۋەندە 3 كە قىسقارتىشقا بولىدۇ.

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە بېرىدىغان ساۋابىنى كۆزلەپ تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشقا ئالدىراش.

2 ـ قىيامەت كۈنىدىكى ئازابتىن ساقلىنىش ئۈچۈن گۇناھ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇلۇش.

3 ـ بۇ دۇنيادا تارتقان جەۋر ـ جاپالار، يولۇققان ھەقسىزلىكلەر ۋە مۇسىبەتلەرنىڭ بەدىلىگە، ئاخىرەتتە ئەجىر ۋە ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىققا ئىشىنىپ، خاتىرجەملىك ھېس قىلىش.

**قايتا تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە**

سوئال: ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا قانداق رەددىيە بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكارى نەقىل (قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىللىرى)، ئەقىل ۋە ھېسسىي دەلىللەر بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

1 ـ نەقلىي دەلىل

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. مۇندىن باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى بۇ كۈننىڭ چوقۇم مەيدانغا چىقىدىغانلىقىغا ۋە ئۇ كۈندە

ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

2 ـ ئەقلىي دەلىل

ئەقلىي دەلىللەر ئىككى يول بىلەن قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ:

1 ـ ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان تەڭداشسىز ياراتقۇچىدۇر. مەخلۇقاتلارنى يوق قىلىش ۋە بار قىلىش ئاللاھقا ئاساندۇر. مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغان زات ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن، قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَهُوَ ٱلَّذِى يَبْدَأُ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَهُوَ أَهْوَنُ**﴾ يەنى «مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھ ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈش دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر»[1] .
ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿**كَمَا بَدَأْنَآ أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُۥ وَعْدًا عَلَيْنَآ إِنَّا كُنَّا فَٰعِلِينَ**﴾ يەنى «مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز، (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر. ئۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز»[2] .

2 ـ زېمىن ئەسلىدە دەل ـ دەرەخ ۋە يېشىللىقلاردىن خالىي ئۆلۈك ھالىتىدە بولىدۇ. ئۇنىڭغا يامغۇر ياغقاندىن كېيىن، قاقاس زېمىن تىرىلىپ ئۇنىڭدا تۈرلۈك دەل ـ دەرەخلەر ۋە يېشىل ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. ئۆلۈك زېمىننى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولغان ئاللاھ ئەلۋەتتە، ئۆلگەن جانلىقلارنىمۇ تىرىلدۈرۈپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە قادىردۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنَّكَ تَرَى ٱلْأَرْضَ خَٰشِعَةً فَإِذَآ أَنزَلْنَا عَلَيْهَا ٱلْمَآءَ ٱهْتَزَّتْ وَرَبَتْ إِنَّ ٱلَّذِىٓ أَحْيَاهَا لَمُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰٓ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ**﴾ يەنى «(بۇمۇ) ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قودرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇركى، سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرىلىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[3] .

(1) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەت.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 104 ـ ئايەت.
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

3 ـ ھېسسىي دەلىل

ئـاللاھ تائـالا ئۆلـۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشـنىڭ مـۇمكىن ئىكەنلىكىنــى بەنــدىلىرىگە مۇشـۇ دۇنيـادىلا كۆرسـەتكەن. بىـرلا سـۈرە بەقەرەدە ئۆلـۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشـكە ئاللاھنــىڭ قـادىر ئىكەنلىكىگە 5 مىسال كۆرسىتىلكەن.

1 ـ مۇسـا ئەلەيھىسـسالامنىڭ قەۋمـى «بىـز ئـاللاھنى ئاشـكارا ھالـدا كۆرمىـسەك سـاڭا ئىـشەنمەيمىز» دەپ، مۇسـا ئەلەيھىسـسالامغا ئەگىشــشتىن بـاش تارتقانــدا، ئـاللاھ ئـۇلارنى ئۆلتـۈرۈپ قايتىــدىن تىرىلــدۈرگەن. ئـاللاھ بـۇ ھەقـتە ئىـسرائىل ئەۋلادىغـا خىتـاب قىلىـپ مۇنداق دەيـدۇ: ﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَـٰمُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ ٱلصَّـٰعِقَةُ وَأَنـتُمْ تَنظُـرُونَ﴾ يەنـى «ئـۆز ۋاقتىـدا ”ئـى مۇسا! ئـاللاھنى ئوپئوچـۇق كـورمىگىچە سـاڭا ھەرگىـز ئىـشەنمەيمىز“ دېـدىڭلار ـ دە،(سـىلەرگە چۈشـۈرۈلگەن ئـازابنى) كـۆرۈپ تـۇرغىنىڭلار ھالــدا سـىلەرنى چاقمــاق سـوقتى، ئانــدىن كېـيىن سـىلەرنى شـۈكۈر قىلىـسۇن دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق»[1] .

2 ـ قـاتىلى بىلىـنمىگەن ئۆلـۈك توغرىلىـق ئىـسرائىل ئەۋلادى جەڭگـى ـ جېـدەل قىلىـشقاندا، ئـاللاھ ئۇلارنىــڭ قـاتىلنى تېپىــشى ئۈچــۈن ئـۇلارنى كـالا قۇربـانلىق قىلىـشقا بۇيرىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقُلْنَا ٱضْـرِبُوهُ بِبَعْـضِهَا كَـذَٰلِكَ يُحْيِ ٱللَّهُ ٱلْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ آيَـٰتِهِ لَعَلَّكُـمْ تَعْقِلُـونَ﴾ يەنـى «ئـۆز ۋاقتىـدا سـىلەر بىركىـشىنى ئۆلتـۈرگەن ۋە (قاتىلىنىــڭ كىملىكــى) توغرىــسىدا دەتــالاش قىلىــشقان ئىــدىڭلار. ســىلەر يوشـۇرماقچى بولغــان نەرســىنى (يەنــى قاتىلىنىــڭ ئىــشنى) ئـاللاھ ئاشــكارىلىغۇچىدۇر. (سـىلەرگە مۇسا ئـارقىلىق) دېـدۇقكى، كالىنىـڭ بىـر پارچىـسى بىـلەن ئۆلـۈكنى ئـۇرۇڭلار (ئـۇ تىرىلىـپ قـاتىلنى ئېيتىـپ بېرىـدۇ)، ئـاللاھ ئۆلـۈكلەرنى شـۇنداق (يەنـى كـۆز ئالـدىڭلاردا بـۇ ئۆلــۈكنى تىرىلدۈرگەنــدەك) تىرىلدۈرىــدۇ. ســىلەرنى چۈشەنــسۇن دەپ قۇدرىتىنىــڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ»[2] .

3 ـ ئۆلۈمـدىن قورقـۇپ ۋەتىنىــدىن قېچىـپ چىققانــدىن كېـيىن، ئـاللاھ تائـالا ئـۇلارنى ئۆلتـۈرۈپ قايتىــدىن تىرىلــدۈرگەن قەۋمنىــڭ قىسســسى ھەققــدە ئـاللاھ مۇنــداق دەيـدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ خَرَجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ الْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ اللَّـهُ مُوتُـوا ثُـمَّ

(1) بەقەرە سۈرىسى 55 ـ 56 ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 73 ـ ئايەت.

أَحْيَاهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَشْكُرُونَ﴾ يەنى «ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنى ”ئۆلۈڭلار“ دېدى (ئۇلار ئۆلدى)، ئاندىن كېيىن ئاللا ئۇلارنى تىرىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ»[1] .

4 ـ ئۇزەير ئەلەيھىسسالام تام ـ ئۆگزىلىرى يېقىلىپ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان بەيتۇلمۇقەددەس شەھىرىدىن ئۆتكەن ۋاقتىدا، ئۇ ”بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى ئاللاھ قانداق تىرىلدۈرەر؟“ دەپ ئەجەپلەنگەندە ئاللاھنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ 100 يىلدىن كېيىن تىرىلدۈرگەنلىكى توغرىلىق قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوْ كَالَّذِي مَرَّ عَلَىٰ قَرْيَةٍ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّىٰ يُحْيِي هَٰذِهِ اللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا فَأَمَاتَهُ اللَّهُ مِائَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ قَالَ لَبِثْتُ يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِائَةَ عَامٍ فَانظُرْ إِلَىٰ طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ وَانظُرْ إِلَىٰ حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ آيَةً لِّلنَّاسِ وَانظُرْ إِلَى الْعِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ اللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ يەنى «ياكى سەن تام ـ ئۆگزىلىرى يېقىلىپ ۋەيران بولغان شەھەر (بەيتۇلمۇقەددەس) دىن ئۆتكەن كىشىنى (ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ (ئەجەبلىنىپ): ”ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟“ دېدى. ئاللاھ ئۇنى 100 يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. ئاللاھ (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: ”(بۇ ھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟“ دەپ سورىدى. ئۇ، ”بىركۈن ياكى بىركۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم“ دېدى. ئاللاھ ئېيتتى ”ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) 100 يىل تۇردۇڭ! يېمەك ـ ئىچمىكىڭگە قارىغىنە، بۇزۇلمىغان؛ ئېشىكىڭگە قارىغىنە (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن)، (ساڭا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز) سېنى بىز كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنە، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز. ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز. (يۇقىرىقى ئىشلار) ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا (يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا) ئۇ، ”مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم“ دېدى»[2] .

5 ـ ئاللاھتىن ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى

(1) بەقەرە سۈرىسى 243 ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 259 ـ ئايەت.

سورىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ رَبِّ أَرِنِى كَيْفَ تُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰ قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن قَالَ بَلَىٰ وَلَـٰكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِى قَالَ فَخُذْ أَرْبَعَةً مِّنَ ٱلطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ ٱجْعَلْ عَلَىٰ كُلِّ جَبَلٍ مِّنْهُنَّ جُزْءًا ثُمَّ ٱدْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ سَعْيًا وَٱعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ يەنى «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: ”ئى پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن“ دېدى. ئاللاھ ”(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ“ دېدى، ئىبراھىم: ”ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)“ دېدى. ئاللاھ ئېيتتى ”قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە توپلىغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ پەيلىرى بىلەن گۆشلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلىكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ. بىلگىنكى ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر“»[1] .

يۇقىرىقى مىساللار ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىگە كۆرسىتىلگەن ھېسسىي ۋە ئەمەلىي مىساللاردۇر.

### قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى

سوئال: قىيامەت قاچان بولىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ ئاللاھقىلا خاس ئىلىمدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَـٰهَا قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ رَبِّى لاَ يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَآ إِلاَّ هُوَ ثَقُلَتْ فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلأَرْضِ لاَ تَأْتِيكُمْ إِلاَّ بَغْتَةً﴾ يەنى «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ. ئۇنى پەقەت بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ. قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئەھلىگە ئېغىر ۋەقەدۇر. ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ»[2] .

ئاللاھ قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 260 ـ ئايەت.

(2) ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەت.

سوئال: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسلار؟

جاۋاب: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى، كىچىك ئالامەتلەر ۋە چوڭ ئالامەتلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى: ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يوقىلىشى، جاھالەت، زىنا ۋە ھاراقنىڭ كۆپىيىشى، يەھۇدىيلارنىڭ يۇقىتىلىشى، لاياقەتسىز كىشلەرنىڭ ئىش باشقۇرىشى، يالاڭئاياقلارنىڭ ئىگىز قەسىرلەرگە ئىگە بولۇشى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە باشقىلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «ئالىملارنىڭ تۈگەپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ كۆپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى، ھەتتا ھەر بىر ئەركىشىگە 50 تىن ئاياللىنىڭ توغرا كېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر»[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ. يەھۇدىيلارنى مۇسۇلمانلار تارمار قىلىدۇ. ھەتتا بىرەر يەھۇدىي (قاچقىلى يەر تاپالماي) چوڭ تاشلار ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنىۋالسا، تاش ۋە دەرەخلەردىن ئاۋاز كېلىپ ” ئەي مۇسۇلمان! ئارقىمدا يەھۇدىي بار، كەل ئۇنى ئۆلتۈر“ دەيدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. پەقەت ”غەردەق“ ناملىق يەھۇدىي دەرىخىدىنلا ئاۋاز كەلمەيدۇ»[2] .

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەت قاچان بولىدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن ”ئامانەت يوقالغاندا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ“ ئۇ، ئامانەت قانداق يوقىلىدۇ دەپ سورىغىنىدا ”لاياقەتسىز كىشلەر ئىش باشقۇرغاندا“ دەپ جاۋاب بەرگەن»[3] .

2 ـ قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ دەججالنىڭ چىقىشى

دەججال چىققاندىن كېيىن، ئۇ خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كېتىدۇ. دەججالنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن كىشى ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە ئاللاھقا سىغىنىپ دەججالنىڭ شەررىدىن

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم ۋە ترمىزى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پاناھ تىلەشنى تەۋسىيە قىلغان.

2 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىشى

ئىسا ئەلەيھىسسالام قىيامەتكە يېقىنلاشقاندا ئاسماندىن چۈشۈپ،دەججالنى يوقىتىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن يەر يۈزىدە ئىسلام شەرىئىتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرىدۇ.

3 ـ قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى

قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى بىلەن ئىمان ۋە تەۋبىنىڭ ۋاقتى تۈگىگەن بولىدۇ، يەنى بۇ ۋاقىتتا ئېتىقان ئىمان ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**هَلْ يَنظُرُونَ إِلاَ أَن تَأْتِيهُمُ ٱلْمَلَـٰئِكَةُ أَوْ يَأْتِيَ رَبُّكَ أَوْ يَأْتِيَ بَعْضُ ءَايَـٰتِ رَبِّكَ يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ ءَايَـٰتِ رَبِّكَ لاَ يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ ءَامَنَتْ مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِيٓ إِيمَـٰنِهَا خَيْرًا**﴾ يەنى «پەرۋەردىگارىڭنىڭ قۇياش (مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ»[1] .

## قەبردىكى تىرىلىش ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى

سوئال: قەبردە مېيتتىن نېمە دەپ سورىلىدۇ؟

جاۋاب: مېيت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى پەرىشتە قەبردە مېيتنىڭ يېنىغا ھازىر بولۇپ، ئۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن "رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ ۋە پەيغەمبىرىڭ كىم؟"دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ. مېيت ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، يۇقىرىقى سوئاللارغا "رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام" دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، سېنىڭ ئورنۇڭ ـ ئەگەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولمىغان بولساڭ ـ بۇ ئىدى. ئاللاھ سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ سەۋەبى بىلەن ئورنۇڭنى جەننەتكە بەلگىلىدى، دەپ جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىدۇ ۋە يۈزىنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ قويىدۇ. مېيت ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ، ئەگەر سەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان بولساڭ ئورنۇڭ مۇشۇ ئىدى، ئەمدى سېنىڭ ئورنۇڭ دوزاخ بولىدۇ، دەپ يۈزىنى دوزاخقا قارىتىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېيت دەپنە قىلىنىپ بولۇپ،

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قايتقاندا، مېيىت تىرىلىپ ئۇلارنىڭ ئاياق تېۋىشلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن ”بۇ كىشىنى(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) نېمە دەپ بىلىسەن؟“دەپ سورايدۇ. مېيىت مۆمىن بولسا،”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن“دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا، ”دوزاختىكى ئورنۇڭغا قاراپ باق، ئاللاھ سېنىڭ بۇ ئورنۇڭنى جەننەتتىكى مۇنۇ ئورۇنغا ئۆزگەرتتى“ دەيدۇ، ئۇلار ھەممىسى(يەنى ئىككى پەرىشتە بىلەن مېيىت) بۇ ئىككى ئورۇننى ئېنىق كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى كېڭەيتىلىدۇ. ئەمما كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار پەرىشتىلەرنىڭ ”بۇ كىشىنى نېمە دەپ بىلىسەن؟ دېگەن سوئالىغا،”بىلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ دېگىنىنى دەيتتىم“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى بازغان بىلەن قاتتىق بىر ئۇرىدۇ - دە، ئۇنىڭ چىقىرىغان ئاۋازىنى ئىنسان بىلەن جىندىن باشقا ھەممە جانلىقلار ئاڭلايدۇ»[1] .

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ﴾ يەنى «ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ»[2] .

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بۇ ئايەت قەبردىكى سوراق - سوئاللار ھەققىدە چۈشكەن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلگىنىدە، ئۇنىڭغا ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىرى ئۇنىڭ جەننەت ياكى دوزاختىن بولغان ئورنى كۆرسىتىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئورنى ئەھلى جەننەت قاتارىدىن كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنى ئەھلى دوزاخ قاتاردىن كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇ، ئەھلى دوزاختىن بولغان بولىدۇ. كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قىيامەتكىچىلىك سېنىڭ ئورنۇڭ مۇشۇ، دېيىلىدۇ»[3] .

## بەرزەخ ئالەمى

سوئال: بەرزەخ ئالەمى دېگەن قايسى ئالەم؟

جاۋاب: بەرزەخ - بۇ دۇنيا ئالەمدىن ئايرىلىپ، ئاخىرەت ئالەمگە يېتىپ بارغىچىلىك

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 27 - ئايەت.
(3) ئىمام بۇخارى ۋە موسلىم رىۋايىتى.

بولغان ئارىلىقتىكى ئالەم دېمەكتۇر. ئۆلۈكلەر تا قىيامەت قايىم بولغان كۈنگە قەدەر بەرزەخ ئالەمدە بولىدۇ. بەرزەخ سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىمۇ - ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توساق ياكى توسما دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِن وَرَآئِهِمْ بَرْزَخٌ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾ يەنى «ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى (دۇنياغا قايتىشىدىن توسىدىغان) بەرزەخ (توسما) بولىدۇ»[1].

ئىنسان تۆت خىل ئالەمنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇلار:

1 - قاراڭغۇلۇق ئالەمى (يەنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ئالەم)

2 - دۇنيا ئالەمى

3 - بەرزەخ ئالەمى

4 - ئاخىرەت ئالەمى. ئاخىرەت ئالەمنىڭ تۈگەيدىغان چېكى يوقتۇر. ئۇ مەڭگۈلۈك ئالەم.

## قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە ئازابى

سوئال: قەبرىنىڭ ئازابى كىملەرگە بولىدۇ؟

جاۋاب: قەبرىنىڭ ئازابى - كاپىرلارغا، مۇناپىقلارغا ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي - گۇناھكار كىشىلەرنىڭ بەزىسىگە بولىدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى قەبرىلەرگە كۆمۈلمەستىن كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ تۈگەشكەن بولسۇن، مەيلى قانداقلا ھالەتتە بولمىسۇن، ئاللاھ ھەر ھالەتتە ئۇلارنىڭ جانلىرى بىلەن جەسەتلىرىنى ئازابلاشقا قادىردۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلنَّارُ يُعْرَضُونَ عَلَيْهَا غُدُوًّا وَعَشِيًّا وَيَوْمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ أَدْخِلُوٓا۟ آلَ فِرْعَوْنَ أَشَدَّ ٱلْعَذَابِ﴾ يەنى «ئۇلار ئەتىگىنى - ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە "ئى پىرئەۋن جامائەسى" ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخقا) كىرىڭلار دېيىلىدۇ»[2].

سوئال: قەبرىنىڭ نېمىتى كىملەرگە بولىدۇ؟

---

(1) مۆمىنۇن سۈرىسى 100 - ئايەت.

(2) غاپىر سۈرىسى 46 - ئايەت.

جاۋاب: قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە راھىتى ھەقىقىي مۆمىنلەرگە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسْتَقَٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحْزَنُواْ وَأَبْشِرُواْ بِٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ﴾ يەنى «شۈبھىسىزكى، "پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر" دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: "قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خوشال بولۇڭلار" دەيدۇ»[1].

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبىردە ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلىگەن مۆمىن كىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاسماندىن "بەندەم راست سۆزلىدى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئورۇن ھازىرلاڭلار، ئۇنىڭغا ئەھلى جەننەتنىڭ كىيىمنى كىيگۈزۈڭلار، ئۇنىڭ قەبرىسىدىن جەننەتكە بىر ئىشىك ئېچىپ قويۇڭلار" دەپ نىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ھىدى ۋە خۇشپۇراقلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى كۆزى يەتكەن يەرگە قەدەر كېڭىيىدۇ»[2].

## قەبردىكى تىرىلىسكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

بەزى ئازغۇن كىشىلەرنى قەبىردە مېيىتنىڭ تىرىلىشىگە، قەبرىنىڭ ئازابى ۋە نېمىتىگە ـ بۇنداق بولۇش رىئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس، قەبردىكى مېيىتنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇ ئەسلىدىكى كۆمۈلگەن ھالىتىدە ياتقان، قەبرىمۇ كېڭىيىش ياكى تارلىشىش جەھەتتىن ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن دېگەن ئاخماقلارچە سۆزلىرى بىلەن ـ ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنكارى نەقىل، ئەقىل ۋە ھېس دەلىللىرى بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

نەقلىي دەلىل

قەبردىكى تىرىلىش، قەبرىنىڭ ئازابى ۋە نېمىتىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن بەزى دەلىللەر يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. سەھىھۇلبۇخارىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسى رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ بەزى تاملىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋېتىپ ئىككى ئادەمنىڭ قەبرىلىرىدە ئازابلىنىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىرى سۈيدۈكتىن پاكلىنالمايدىغان ئادەم، يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇپ يۈرىدىغان

---

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

سۇخەنچى ئادەم ئىدى»[1] .

ھېسسىي دەلىل

بەرزەخ ئالەمى بۇدۇنيا ئالەمىدىن ئايرىم بىر ئالەم. ئىنسان مۇشۇ ئالەمدە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا بولىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان تۇرسا، ئۇ باشقا بىر ئالەمدە بولىدىغان ئىشلارنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟!

ئانىنىڭ قۇرسىقىدىكى بوۋاق تۇغۇلغىچە باشقا بىر ئالەمگە ئائىت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، خوشاللىقىنى، دەرتلىرىنى ۋە باشقا ئىشلىرىنى بىلەلمەيمىز. چۈنكى ئۇ باشقا بىر ئالەمدە، بىز باشقا بىر ئالەمدە ئەمەسمۇ؟!

گاھىدا ئادەم چۈشىدە، ئۆزىنىڭ كەڭرى بىر جايلاردا نېمەتلەردىن ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى تار بىر جايدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى ۋە قورقۇنچىدىن يۈرىكى ئاغزىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. كۆرگەن چۈشىدىن قورققىنىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ قارىسا ئۆزىنى بۇرۇنقىدەكلا ياتقان يېرىدە بەھۇزۇر يېتىۋاتقان كۆرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان كىشىسىمۇ ئۇنىڭغا نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ جۈرىسىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇيقۇنى «وفاه» (ئۆلۈم) دەپ ئاتىغان. ئاللاھ تائالا زۇمەر سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱللَّهُ يَتَوَفَّى ٱلْأَنفُسَ حِينَ مَوْتِهَا﴾ يەنى «ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان (يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر)نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكىچە) قويۇپ بېرىدۇ»[2] .

ئەقلىي دەلىل

ئۇخلىغان كىشى چۈشىدە رېئاللىققا مۇۋاپىق ھەق چۈشلەرنىمۇ كۆرىدۇ. ھەتتا بەزى كىشلەر چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز سۈرىتى بىلەن كۆرىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزىنى چۈشىدە كۆرگەنلىرىدىن بەكمۇ يىراق بىر جايدا ـ ئۆزىنىڭ ياتاق جايىدا ـ كۆرىدۇ. مۇنداق ئىشلار بۇ دۇنيادا رېئاللىقتا بولىۋاتقان تۇرسا، ئاخىرەت ئالەمدە قانداقمۇ بولمىسۇن!؟

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) زۇمەر سۈرىسى 24 ـ ئايەت.

ئەمما ئۇلارنىڭ «قەبرىلەرنى ئېچىپ كۆرگەندىن كېيىن مېيىت ئەسلىدىكىدەك ياتقان، قەبرىمۇ كېڭىيىش ياكى تارلىشىش جەھەتتىن ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن» دەيدىغان گۇمانلىرىغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ:

1 ـ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنىپ كەلگەن غەيبلەرنى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلەلمىگەنلىك سەۋەبتىن ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئىنكار قىلغۇچىلار ئىنسانىنىڭ بىلىشى ۋە كۆرىشى چەكلىك بولغانلىقتىن بۇدۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ماددىي نەرسىلەرنىمۇ بىلەلمەي، كۆرەلمەي كېلىۋاتقانلىقىنى بىلسە ئىدى، بۇ ئىشلارغا ئىنكار قىلمىغان بولاتتى.

2 ـ بەرزەخ ئالەمنىڭ ئەھۋالى ھېسسىي ئەزالار بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان غەيبىي ئىشلاردىندۇر. ئەگەر بۇ ئىشلار ھېس بىلەن بىلىنىدىغان بولسا ئىدى، غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان ۋە غەيبكە ئىشەنگۈچىلەر بىلەن ئىنكار قىلغۇچىلار ئوخشاش بولۇپ قالغان بولاتتى.

3 ـ قەبرىنىڭ ئازابى، نېمىتى، ئۇنىڭ كېڭىيىشى ۋە تارلىشىشىنى مېيىتنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. باشقىلار ئۇنى بىلەلمەيدۇ. خۇددى ئۇخلىغان كىشىنىڭ چۈشىدە تار بىر جايدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى، ھەتتا قورقۇنچىدىن نالە ـ پەرياد قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ قويىندا ياتقان جۈرىسىمۇ بىلمىگىنىدەك، ئۆلۈكنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى قەتئىي بىلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گاھىدا ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلەتتى ئەمما ساھابىلار ئۇنى ھېس قىلمايتتى.

4 ـ ئىنسانلارنىڭ ئىدراك قىلىش قابىلىيىتى چەكلىك بولغانلىقتىن، مەۋجۇداتنىڭ ھەممىنى ئىدراك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. يەتتە قات ئاسمان ۋە زېمىندىكى جانلىق، جانسىز مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەمدۇ سانالىرىنى خالىغان بەندىلىرىگە ئاڭلىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلار بىزلەرگە مەلۇم ئەمەس. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَـٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّ وَإِن مِّن شَىۡءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَـٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡ**﴾ يەنى «يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ. (يەنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ) لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ

مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر»[1].

جىن - شەيتانلار يەر يۈزىنىڭ ھەممىلا يېرىدە تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز، كۆرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىشىمىز توغرا بولمىغاندەك، بەرزەخ ئالەمىدىكى بىزگە پىنھان ئىشلارنىمۇ ئىنكار قىلىشىمىز توغرا بولمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا جىنلاردىن بىر قانچە نەپىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز بامداتتا ئوقۇغان قىرائىتىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغان ۋە قەۋملىرىنى ئىمانغا چاقىرغانلىقى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنماقتا.

## ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرى نەدە؟

سوئال: ئۆلگەنلەر قەبرىلىرىدە سوراق - سوئال قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جانلىرى نەدە قارار تاپىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ جانلىرى جەننەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىدە نېمەتلىنىدۇ. شەھىدلاردىن بەزىلىرىنىڭ جانلىرى جەننەتلەردە ئەركىن ئۇچۇپ يۈرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ جانلىرى - ئۇلاردا باشقىلارنىڭ قەرزى ياكى ئامانىتى بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلمىغانلىقلىرى سەۋەبلىك - جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىلىپ تۇرىدۇ. تەقۋا ياخشى زاتلارنىڭ جانلىرى جەننەتلەردە خۇشپۇراقلار ئارىسىدا ھوزۇرلىنىدۇ. ئادەتتىكى مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ جانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىگە لايىق جەننەتتىن ئورۇن ئالىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي - گۇناھكارلارنىڭ جانلىرى زېمىندىن كۆتىرىلمىگەن ھالىتى بىلەن قالىدۇ. كۇففارلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ جانلىرى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىن قېتىدىكى ھىدى ئىنتايىن سېسىق بولغان قان ۋە يىرىڭ دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ.

## قىيامەتنىڭ باشلىنىشى

سوئال: قىيامەت قانداق باشلىنىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت، كائىناتتا ئومۇميۈزلۈك چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ كۈندە ئاسماننىڭ يېرىلىشى، يۇلتۇزلارنىڭ ۋە باشقا پلانېتلارنىڭ بىر - بىرىگە ئورۇلۇش نەتىجىسىدە يوقىلىشى، زېمىننىڭ تەۋرەپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىشى، تاغلارنىڭ كۈكۈنتالقان بولۇپ، بىر دوۋە قۇمغا ئايلىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ.

ئاللاھ قىيامەتنىڭ باشلىنىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ تُبَدَّلُ ٱلْأَرْضُ غَيْرَ ٱلْأَرْضِ

(1) ئىسرا سۈرىسى 44 - ئايەت.

**وَٱلسَّمَـٰوَٰتُ وَبَرَزُواْ لِلَّهِ ٱلْوَاحِدِ ٱلْقَهَّارِ﴾** يەنى «ئۇكۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھدا) ھازىر بولىدۇ»[1] .

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿إِذَا ٱلشَّمْسُ كُوِّرَتْ * وَإِذَا ٱلنُّجُومُ ٱنكَدَرَتْ * وَإِذَا ٱلْجِبَالُ سُيِّرَتْ * وَإِذَا ٱلْعِشَارُ عُطِّلَتْ * وَإِذَا ٱلْوُحُوشُ حُشِرَتْ * وَإِذَا ٱلْبِحَارُ سُجِّرَتْ * وَإِذَا ٱلنُّفُوسُ زُوِّجَتْ * وَإِذَا ٱلْمَوْءُودَةُ سُئِلَتْ * بِأَىِّ ذَنبٍ قُتِلَتْ * وَإِذَا ٱلصُّحُفُ نُشِرَتْ * وَإِذَا ٱلسَّمَآءُ كُشِطَتْ * وَإِذَا ٱلْجَحِيمُ سُعِّرَتْ * وَإِذَا ٱلْجَنَّةُ أُزْلِفَتْ * عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّآ أَحْضَرَتْ﴾** يەنى «كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار گۇمران بولغان چاغدا، بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا، ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا، جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا، نامە ـ ئەماللار ئېچىلغان چاغدا، ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا، دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا، جەننەت تەقۋالارغا يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ»[2] .

## قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار

سوئال: بەئىس دېگەن نېمە؟

جاۋاب: بەئىس ـ قىيامەت قايىم بولغان كۈنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق سۇرگە پۈۋلىگىنىدىن كېيىن (بىرىنچى قېتىملىق پۈۋلىشى بىلەن پۈتۈن خالايىق ئۆلىدۇ) پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تىرىلىشى دېمەكتۇر. كاپىرلارنىڭ ئۇ كۈندىكى ھەيرانلىقىنى ھېكايە قىلىپ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **﴿قَالُواْ يَٰوَيْلَنَا مَنۢ بَعَثَنَا مِن مَّرْقَدِنَا هَٰذَا﴾** يەنى «(ئۇ كۈندە) ئۇلار يەنى كاپىرلار) "ۋاي ئىست! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن) كىم ئويغاتتى" دەيدۇ»[3] .

سوئال: قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش قانداق ھەيئەتتە بولىدۇ؟

---

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(2) تەكۋىر سۈرىسى 1ـ 14ـ ئايەتلەر.
(3) ياسىن سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

جاۋاب: قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش جان ۋە بەدەن بىلەن بولىدۇ. بۇ ئاللاھقا ھەرگىزمۇ قىيىن ئەمەس. ئىنساننى دەسلەپتە يوق يەردىن بار قىلغان ئاللاھ مەيلى ئۇنىڭ جەسەدى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ تۈگىشىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى تىتىلىپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

## ئىنساننىڭ تەركىبى

ئىنسان ئۈچ ئاساسلىق ماددىدىن تەركىب بولغان بولۇپ، ئۇلار:

1 - ئادەم ئەلەيھىسسالام نەسلىدىن داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇرۇق(ئەرەب تىلىدا، «ئەجەبۇززەنەب» دەپ ئاتىلىدۇ).

2 - ئىنسان جىسمىنى ئۆستۈرگەن تۇپراق ئەسلىلىك ئۇزۇقلۇقلار.

3 - ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان جان.

يۇقىرىقى ئۈچ ماددىنىڭ تەركىبلىنىشى بىلەن «ئىنسان»دەپ ئاتىلىدىغان ئاڭلىق مەخلۇقات بۇ قىسقىغىنە ئىمتىھان دۇنياسىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجىلى توشقان ھامان، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ بەرزەخ ئالەمگە يۆتكىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا بىرىنچى قېتىملىق كىچىك ھېسابىنى بېرىدۇ. ئاندىن قىيامەت قايىم بولغان كۈنى قايتا تىرىلدۈرىلىدۇ. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ دەسلەپتە تەركىبلەنگەن ئۈچ ماددا ئەسلىگە قايتىدۇ، يەنى تۇپراق تۇپراققا، جان ئاللاھ خالىغان جايغا قايتىدۇ. پەقەت ئىنساننىڭ بىرىنچى تەركىبى بولغان ئۇرۇق تۇپراقتا چىرىمەستىن، ئوتتا كۆيگەن ياكى يىرتقۇچلارنىڭ ئاشقازانلىرىدا ئېزىلگەن بولسىمۇ يوقالماستىن تا قىيامەتكىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئاللاھ ئۈچۈن قىيىن ئىش ئەمەس. ئاللاھ ئۇنىڭسىزمۇ، ئىنسانلارنى خالىغان ئۇسۇل بىلەن تىرىلدۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى ئۇ جانلىقلارنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇقىنى يوقتىن بار قىلغان زات ئەمەسمۇ؟!

سوئال: ئىنسان قىيامەت كۈنىدە قايسى تەرىقە بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرىلىدۇ؟

جاۋاب: قىيامەت قايىم بولغان كۈنى قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، خۇددى زىرائەتلەر يەرگە تىكىلگەن ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ چىققاندەك، ئىنساننىڭ تەركىبلىنىشىدىكى ئۈچ ئاساسلىق ماددىنىڭ بىرىنچىسى بولغان ئۇرۇقتىن ئىنسان ئۈنۈپ چىقىدۇ. بۇھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «... ئاندىن ئاسماندىن قاتتىق يامغۇر

چۈشۈشى بىلەن جىمى خالايىق، خۇددى يەردىن زىرائەت ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئىنساننىڭ بىرلا ئۇرۇقتىن باشقا پۈتۈن بەدىنى چىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇرۇق ئىنسان دەسلەپتە ئۇنىڭدىن تەركىب بولغان بىرىنچى ماددىدۇر. قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلار شۇ ئۇرۇقتىن قايتا تەركىبلىنىدۇ»[1] .

قىيامەت كۈنىدىكى بۇ ئەھۋال بۇ دۇنيادىكى دەل - دەرەخلەر، زىرائەتلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلارمۇ يەرگە تىكىلگەن ئۇرۇقچىلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أَوَلَمْ يَرَ ٱلْإِنسَـٰنُ أَنَّا خَلَقْنَـٰهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ * وَضَرَبَ لَنَا مَثَلاً وَنَسِىَ خَلْقَهُۥ قَالَ مَن يُحْىِ ٱلْعِظَـٰمَ وَهِىَ رَمِيمٌ * قُلْ يُحْيِيهَا ٱلَّذِىٓ أَنشَأَهَآ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ**﴾ يەنى «ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ، بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى. ئۇ: "چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟" دېدى، ئېيتقىنكى، "ئۇلارنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ". ئۇ ھەر بىر مەخلۇقاتنى بىلگۈچىدۇر»[2] .

سوئال: ھەشىر دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھەشىر - قىيامەت كۈنى ئىنسانلار تىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن قوزغىلىپ چىقىپ ھېساب مەيدانىغا توپلىنىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ ھەشىر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿**يَوْمَ نَحْشُرُ ٱلْمُتَّقِينَ إِلَى ٱلرَّحْمَـٰنِ وَفْداً * وَنَسُوقُ ٱلْمُجْرِمِينَ إِلَىٰ جَهَنَّمَ وِرْداً**﴾ يەنى «قىيامەت كۈنى تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت بىلەن يىغىمىز. گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز»[3] .

سوئال: مىزان دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مىزان - قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى تارتىدىغان

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ياسىن سۈرىسى 77 - 78 - 79 - ئايەتلەر.

(3) مەريەم سۈرىسى 85 - 86 - ئايەتلەر.

تارازى دېمەكتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَنَضَعُ ٱلْمَوَٰزِينَ ٱلْقِسْطَ لِيَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ فَلاَ تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئاً وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّـةٍ مِّـنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَىٰ بِنَا حَـٰسِبِينَ﴾يەنى «قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز. ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ ئۇنى ھازىر قىلىمىز. بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز»[(1)] .

سوئال: ھېساب دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھېساب ـ بەندىلەرنى، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەماللىرى يېزىلغان كىتابنى ئۇلارنىڭ قولىغا بېرىپ ئۆزلىرىگە ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش دېمەكتۇر. قىيامەت كۈنىدە ھەممە ئادەم ئوقۇشنى بىلىدىغان ھالغا كەلتۈرىلىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَـٰبَهُ بِيَمِينِهِ * فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِـسَاباً يَسِيراً * وَيَنقَلِبُ إِلَىٰ أَهْلِهِ مَسْرُوراً * وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَـٰبَهُ وَرَآءَ ظَهْرِهِ * فَسَوْفَ يَدْعُو ثُبُوراً * وَيَصْلَىٰ سَعِيراً﴾ يەنى «نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ. (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خوشال قايتىدۇ. نامە ـ ئەمالى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەم ”ۋاي“ دەپ تووۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ) دوزاخقا كىرىدۇ»[(2)] .

سوئال: جازا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: جازا ـ بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىگە بېرىلگەن مۇكاپات ۋە جازانىڭ ئېلان قىلىنىشى دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَوْمَئِذٍ يُوَفِّيهِمُ ٱللَّهُ دِينَهُمُ ٱلْحَقَّ وَيَعْلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْحَقُّ ٱلْمُـبِينُ﴾ يەنى «شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئاشكارا ھەق

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 47 ـ ئايەت.

(2) ئىنشىقاق سۈرىسى 7 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ»[1] .

سوئال: سىرات دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سىرات ـ دوزاخنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كۆۋرۈك بولۇپ، جىمى ئىنسانلار ھېساب مەيدانىدىن قايتىپ شۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. جەننەتكە مۇيەسسەر بولغانلار جەننەتكە ئۇدۇل ئۆتۈپ كېتىدۇ. جەھەننەم (يەنى دوزاخ) گە مەنسۇپ بولغانلار كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەيدۇ ۋە دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِن مِّنكُمْ إِلاَّ وَارِدُهَا كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ حَتْماً مَّقْضِيّاً**﴾ يەنى «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا دوزاختا (يەنى دوزاخنىڭ ئۈستىدىكى سىراتقا) بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ. بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر. ئاندىن تەقۋادارلارنى قۇتقۇزىمىز. زالىملارنى دوزاخقا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز»[2] .

## جەننەت بىلەن دوزاخ ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈلىكى

سوئال: دوزاخ قانداق جاي؟

جاۋاب: دوزاخ ـ دەھشەتلىك ئوت قايىنىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كاپىرلار، مۇناپىقلار ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي ـ گۇناھكارلارنىڭ بىر قىسمى بارىدىغان جايدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قُوٓاْ أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَاراً وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَـٰئِكَةٌ غِلاَظٌ شِدَادٌ**﴾ يەنى« ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلار ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار»[3] .

سوئال: جەننەت قانداق جاي؟

جاۋاب: جەننەت ـ بۇك ـ باراقسان بوستانلىق، گۈزەل باغچە بولۇپ، ئۇ، مۇسۇلمان تەقۋادار زاتلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارار گاھىدۇر. ئاللاھ جەننەتنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى مَقَامٍ أَمِينٍ * فِى جَنَّـٰتٍ وَعُيُونٍ * يَلْبَسُونَ مِن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَقَـٰبِلِينَ * كَذَٰلِكَ وَزَوَّجْنَـٰهُم بِحُورٍ عِينٍ * يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَـٰكِهَةٍ ءَامِنِينَ * لاَ يَذُوقُونَ فِيهَا ٱلْمَوْتَ**

(1) نۇر سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

(2) مەريەم سۈرىسى 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.

(3) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

**إِلاَّ ٱلْمَوْتَةَ ٱلاٌّولَىٰ وَوَقَـٰهُمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ * فَضْلاً مِّن رَّبِّكَ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ﴾** يەنى «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قېلىن - يۇپقا - يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىشىدۇ. (ئۇلار تولۇق ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلىنىدۇ. شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز. ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئىغرىلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا خىزمەتچىلەردىن ھەممە مېۋىلەرنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇ دۇنيادىكى ئۆلۈمدىن باشقا جەننەتتە ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىدۇر. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر»[1] .

سوئال: جەننەت بىلەن دوزاخ مەڭگۈلۈكمۇ؟

جاۋاب: جەننەت بىلەن دوزاخ ھەر ئىككىلىسى مەڭگۈلۈك بولۇپ، بولارنىڭ ئاخىرلىشىدىغان چېكى يوقتۇر. جەننەت بىلەن دوزاختا ئۆلۈم يوقتۇر. جەننەتكە كىرگەنلەر ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك قالىدۇ. دوزاخقا كىرگەن كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارمۇ دوزاختا مەڭگۈلۈك قالىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي - گۇناھكارلار دوزاختا گۇناھلىرىغا تېگىشلىك ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىمانلىرى سەۋەبىدىن ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلىپ جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ وَٱلْمُشْرِكِينَ فِى نَارِ جَهَنَّمَ خَـٰلِدِينَ فِيهَآ أَوْلَـٰئِكَ هُمْ شَرُّ ٱلْبَرِيَّةِ * إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ أُوْلَـٰئِكَ هُمْ خَيْرُ ٱلْبَرِيَّةِ * جَزَآؤُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّـٰتُ عَدْنٍ تَجْرِى مِنْ تَحْتِهَا ٱلاٌّنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَداً رِّضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَشِىَ رَبَّهُ﴾** يەنى «ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلەردىن كاپىر بولغانلار ھەقىقەتەن دوزاخقا كىرىدۇ. دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ يامىنىدۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار - ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ»[2] .

---

(1) دۇخان 51 - 57 - ئايەتلەر.

(2) بەييىنە سۈرىسى 6 - 8 - ئايەتلەر.

جەننەت ۋە دوُزاخنىڭ مەڭگۈ ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿فَأَمَّا ٱلَّذِينَ شَقُوا۟ فَفِى ٱلنَّارِ لَهُمْ فِيهَا زَفِيرٌ وَشَهِيقٌ * خَـٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَـٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ * وَأَمَّا ٱلَّذِينَ سُعِدُوا۟ فَفِى ٱلْجَنَّةِ خَـٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَـٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَ عَطَآءً غَيْرَ مَجْذُوذٍ﴾**يەنى «بەتبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاختا بولىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئىشەك ھاڭرىغانـدەك) تـوۋلاپ نـالە ـ پەرياد چېكىدۇ. (دوزاخنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا ئۇلار (يەنى بەتبەختلەر) دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. (جەننەتنىڭ) ئاسمان ــ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ. (بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر»[1] .

ئاللاھ بۇ كىتابنىكى ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە ئەمەل قىلغۇچىلارنى جەننەتلەردە مەڭگۈ قالغۇچىلاردىن قىلسۇن ئامىن...

(1) هۇد سۈرىسى 107 ـ 108 ـ ئايەتلەر.

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

كىتاب ئىسمى ئاپتورى

العقائد الإسلامية السيد سابق

رسائل التوجيهات الإسلامية محمد جميل زينو

العقيدة الصحيحة الشيخ عبد العزيزبن باز

عقيدة المؤمن محمد الغزالى

هذا ديننا محمد الغزالى

العبادة في الإسلام يوسف القرضاوى

العلم والإيمان رحمة الله عناية الله أحمد

عقائد ضرورية عبدالقادر داموللام

الإيمان محمدبن صالح العثيمين

عبادات إسلامية أحمد هادى مقصودي

توحيد الخالق عبد المجيد الزنداني

كتاب الإيمان عبد المجيد الزنداني

منهاج المسلم أبوبكر الجزائري

كتاب التوحيد صالح بن فوزان الفوزان

الأدلة المادية على وجود الله محمد متولي الشعراوي

# ناماز

## ئەھكاملىرى ۋە قائىدە-تەرتىبلىرى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

**﴿إِنَّ الصَّلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِيْنَ كِتَابًا مَّوْقُوْتاً﴾**

(القرآن الكريم)

«شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى»

(قۇرئان كەرىم)

**﴿صَلُّوا كَمَا رَأَيْتُمُونِي أُصَلِّي﴾**

(الحديث)

«نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»

(ھەدىس شەرىف)

# بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە سالام يوللايمەن.

ناماز ئىماندىن قالسىلا ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى(تۈۋرۈكى)، مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسى، پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ باشلامچىسى ۋە قىيامەت كۈنىدە بەندىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ھېساب بېرىدىغان بىردىنبىر ئەمەلى، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاس ۋە ئىتائەتمەنلىكنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى بولغانلىقىدىن ئىسلام دىنى نامازنى ناھايىتى يۇقىرى ۋە ئەھمىيەتلىك ئورۇندا قويىدى ھەمدە نامازئوقۇغۇچىلارغا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەردى. ئىسلام دىنى نامازنى شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك يۇقىرى ئورۇنغا قويغان ئىكەن، ئەلۋەتتە بىزمۇ نامازنى جان - دىلىمىز بىلەن ئورۇنلاشقا، ئورۇنلىغاندىمۇ ئۇنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئاللاھقا قوبۇل بولىدىغان شەكىلدە ئادا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈردۇر.

مەلۇمكى، ناماز ۋە باشقا پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى پەقەت ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن قائىدە ــ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىش ياكى كەلمەسلىكىگە باغلىقتۇر. شۇڭا ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىش ناھايىتى زۆرۈردۇر.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ناماز ھەققىدە تەپسىلى يېزىلغان ھەممىگە ئاممىباب ئەسەر بولۇپ، سىزنىڭ ناماز ھەققىدىكى بىلىملەرگە بولغان بارلىق ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرىدۇ، بىلمەيدىغانلارغا ئۆگىتىدۇ، بىلىدىغانلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ، مۇكەممەللەشتۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى ناماز ھەققىدىكى نۇرغۇن سىر - ئەسرارلارغا ئىگە قىلىدۇ.

بۇ كىتاب ھەققىدە قىسقىچە چۈشەندۈرۈش بېرىشنى خالايمەن:

1 ـ بۇ كىتاب پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ھەققىدە ئۆگەتكەن ۋە كۆرسەتكەن ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسلىرىگە يۆلەنگەن ۋە ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبىنى ئاساس قىلغان ھالدا يېزىلدى.

2 ـ كىتابتىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسى مەزھەب مۆتىۋەرلىرىنىڭ ۋە باشقا كاتتا ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئىلغار قاراشلىرىدىن تاللاپ ئېلىندى.

3 ـ كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىلەن بايان قىلىنغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ مەنبەلىرى(سۈرە نامى بىلەن ئايەت نومىرى، ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى ۋە بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ نەدىن ئېلىنغانلىقى) بەت ئاستىغا بېرىلدى.

4 ـ كىتابتا نامى تىلغا ئېلىنغان مەنبەلەر تېخى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىغانلىقتىن، بۇلاردىن پەقەت ئەرەب تىلىنى بىلىدىغانلارلا پايدىلىنالايدۇ ۋە شۇنداقلارلا بۇ مەنبەلەر توغرۇلۇق ئىزدىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن مەنبەلەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنماستىن، ئەرەبچە ئۆز ئەسلى بويىچە بېرىلدى. بەلكى بۇ مەزكۇر ئەسەرلەرنى ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ قولايلىق بولۇشى مۇمكىن.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئىشىمنىڭ خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇپ قوبۇل قىلىنىشىنى ۋە بۇ ئەسەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولۇشىنى سورايمەن.

مۇھەممەد يۇسۇف

ھىجرىيە 1426ـ يىلى 19ـ زىلھەججە

مىلادىيە 2006 ـ يىلى 19 ـ يانۋار

# ئىبادەت ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

## ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئاۋۋال بۇيرىغان نەرسىسى ئىبادەتتۇر. ئىبادەت — ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى نامايان قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان سان - ساناقسىز ۋە ھېسابسىز نېمەتلەرگە شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاش نىيىتى بىلەن قىلىنىدۇ.

«ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، ئىنسانىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلىرىنى، تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1] .

«ئىبادەت — ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆز ۋە ئوي - پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر.

ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلار: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج - ئۆمرە قىلىش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باشقىلارنى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، خوشنىلارغا، پېقىرلارغا، يېتىملارغا، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغا تەۋەككەل قىلىپ يۆلىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش، بالا - قازالارغا سەبىر قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە باشقىلاردۇر»[2] .

## ھەممە ئىبادەتكە چاقىرىلغان

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىنى ئىبادەتكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَـابَنِىٓ أدَمَ**

(1) دوكتۇر يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ « العبادة في الإسلام»ناملىق ئەسىرىدىن.

(2) شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ«العبودية»ناملىق ئەسىرى 2 - بەت.

﴿أَنْ لاَّتَعْبُدُوْا الشَّيْطانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِيْنٌ، وَأَنِ اعْبُدُوْنِيْ هَذَا صِـــرَاط مُّـــسْتَقِيْمٌ﴾ يەنــى: «ئـى ئادەم بالىلىرى! شـەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئـۇ ھەقـىقەتەن سـىلەرگە ئاشكارا دۈشـمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر»[1] .

ئـاللاھ تائـالا ئىنـسانىنىڭ يارىتىلىـشىنىڭ غايىـسى ئـاللاھ تائالاغـا ئىبـادەت قىلىـشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الجِنَّ وَالإِنْسَ إِلاَّ لِيَعْبُـــدُوْنَ، مَا أُرِيْدُ مِنْهُمْ مِنْ رِزْق وَمَا أُرِيْدُ أَنْ يُطْعِمُـــوْنَ﴾ يەنـى: «جىنلارنـى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭـا ئىبـادەت قىلىـش ئۈچـۈنلا يـاراتتىم. ئـۇلاردىن مەن رىزىـق تىلىمەيـمەن ۋە ئۇلارنىـڭ مېنـى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن»[2] .

ئـاللاھ تائـالا تەرىپىـدىن كەلـگەن پەيغەمبەرلەرنىـڭ ھەممىـسىنىڭ ئورتـاق چاقىـــرىقى ﴿وَاعْبُدُو اللهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَه غَيْــرُهُ﴾ يەنـى: «ئـاللاھقىلا ئىبـادەت قىلىڭلار، سـىلەرگە ئـاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر»[3] دېيىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي پىرىنسىپ ئىدى.

**ئىبادەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ**

«مۇنـدىن ئىككـى مىـڭ يىـل ئىلگىـرى ئـۆتكەن يۇنـانلىق مەشـھۇر تـارىخچى بلوتـارك دىـىلار تـارىخى توغرىـسىدىكى ئىـنچىكە تەتقىقـات نەتىجىـسىدىن كېـيىن، مۇنـداق دېـگەن ئىــكەن: «دۇنيـــادا چېگرىـــسىز، پادىشاھـــسىز، بايلىقـــسىز، مەدەنىيەتـــسىز ۋە تىياتىرســـىز شـەھەرلەرمۇ تېپىلىـشى مـۇمكىن، بىـراق ئىنسانلار جەمئىيىتـى يـاكى تـارىخى ئىبادەتخانىـسى بولمىغـان، يـاكى ئۇنىـڭ ئەھلـى دىنىـي پائـالىيەتلەر بىـلەن شـۇغۇللانمايدىغان بىـرەر شەھەرنى كۆرگىنى يوق»[4] .

ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى يوق يەردىن بار قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك نېمەتلەرنـى ئاتا قىلغان شـەپقەتلىك ئىگىسى — ئـاللاھ تائالاغـا ئىبـادەت قىلىشنى ئۆتەشـكە تېگىـشلىك تەبىئىــي بــۇرچ دەپ تونۇيــدۇ، ئــادەم ئەلەيھىـــسسالامنىڭ دەۋرىـــدىن باشــلاپ مــۇھەممەد ئەلەيھىـــسسالامغا قەدەر كەلــگەن پۈتــۈن پەيغەمــبەرلەر ۋە ئۇلارنىـــڭ ئەينىـــى زامانىـــدىكى ئۈممەتلىرىنىـــڭ ھەممىـــسى ئـــاللاھ تائالاغـــا ئىبـــادەت قىلىـــپ ئـــۆتكەن بولـــسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىـڭ زامانىـدىن كېـيىن كەلـگەن ئىنـسانلار بۇرۇنقىلىرىنىـڭ تۇتـۇپ ماڭغـان

(1) ياسىن سۈرىسى 60 ـ 61 ـ ئايەتلەر.

(2) زارىيات سۈرىسى 56 ـ 57 ـ ئايەتلەر.

3 ئەئراف سۈرىسى59 ـ ئايەت

(4) دوكتور يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسرىدىن ئېلىندى.

ھەق يـولـلىرىنى ئۇنتـۇپ كەتكەنلىكـتىن، بەزىلـىرى ئـاللاھ تائـالانى ئۇنتـۇپ قويـاش، ئـاي، ئـوت، سـۇ قاتـارلىق تەبىـئەت كـۈچلىرىگە ۋە كـالا قاتـارلىق ھايۋانلارغـا چوقۇنغـان بولـسا، بەزىلـىرى ئـاللاھ تائالاغـا ئىبـادەت قىلىـشنىڭ يـوللىرىنى ئۇنتـۇپ كېتىـپ، بـۇتلارنى، ئىنسانلارنى ئـاللاھ تائالاغا شـېرىك قىلىۋالغـان. شـۇنداق قىلىـپ ئىنـسانلار ئـاللاھ كۆرسـەتكەن ئېتىقـاد ۋە ئىبـادەت سـىستېمىلىرىدىن ئۇزاقلىـشىپ كەتكەنلىكـتىن ئـاللاھ تائالانىـڭ ھەق دىنىـدىن ئايرىلىـپ قالغـان. ئىنـسانلار ھەق دىننـى ئۇنتـۇپ، كۇپرىلىققا يـۈز تۇتقـان ھەر بىـر دەۋردە ئـاللاھ تائـالا پەيغەمبەرلەرنـى ئارقـا ـ ئارقىـدىن ئەۋەتىـش ئـارقىلىق ئـۇلارنى ھەق دىنغا قـايتۇرۇپ تۇرغـان بولـسىمۇ، پەيغەمـبەرلەر ئالەمـدىن ئۆتكەنـدىن كېيىن ئىنسانلار يەنە قايتىــدىن بـۇرۇنقى كۇپۇرلۇقلىرىغـا قايتىـپ تۇرغـان. ئاخىرىـدا، ئـاللاھ تائالانىـڭ ھېكمىتـى ئىــسلام دىنىنــى تــا قىيــامەتكىچە ئــۆزگەرمەس، ۋە بۇزۇلمــاس، مەڭگۈلــۈك دىــن قىلىــپ بەلگىــلەپ، مـۇھەممەد ئەلەيھىسـسالامنى بـۇ ئـاخىرقى دىنغـا، ئـاخىرقى پەيغەمـبەر قىلىـپ ئەۋەتىــش ئــارقىلىق ئىنــسانىيەتنى مەخلۇقلارغــا چوقۇنۇشــتىن ئىبــارەت زالالەتنىــڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئۆزلۈكىـسىز ئـازات قىلىـپ، ئـاللاھ تائالاغـا ئىبـادەت قىلىـدىغان ھەقىـقەت نۇرىغا چىقىرىـشنى تەقەززا قىلغـان بولـۇپ، شـۇندىن بېـرى ئىـسلام دىنـى پۈتـۈن ئىنسانىيەت ئۈچـۈن ئىلاھىـي بىـر مەشـئەل بولـۇپ چاقنـاپ كەلمەكـتە. بـۇ مەشـئەل تاقىيـامەتكىچە مەڭگـۈ ئۆچمەيدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.

## ئىنسان ئىبادەت قىلىشقا مۇھتاج

مۇشـۇ مەنىــۋى جەۋھەرنــى غەپــلەت ۋە مەغرۇرلــۇق قاپلىۋالغــان چاغــدا، ئىنــساننىڭ قەلبىنـى شـەك ۋە كۇپرىلىقنىـڭ پەردىلـىرى يۆرگىۋالـىدۇ. ئەممـا ئىنـسان دەھـشەتلىك بـالالار ۋە ئەنىڭ قـىيىن لەھـزىلەرگە دۇچ كېلىـپ، سـەۋەبلەر كارغـا كەلمىگەنـدە، بـۇ پەردە ئۆزلىكىـدىن تېزلا ئېچىلىـپ، ئىنـسان يەنە ئەسـلىدىكى تەبىئـىتىگە قايتىـدۇ ۋە پەرۋەردىگارىغـا يۈزلىنىـپ، ئۇنىـڭ مەرھەمـىتىگە ئېسىلىـشقا ۋە يالۋۇرۇشـقا باشـلايدۇ. مانـا بـۇ ئىنـسان تەبىئـىتىگە خـاس خاراكتېردۇر. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىـدۇ: ﴿**وَإِذَا مَسَّ الإِنْـسَانَ ضُـرٌّ دَعَا رَبَّهُ مُنِيباً إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُ نِعْمَةً مِنْهُ نَسِيَ مَا كَانَ يَدْعُوا إِلَيْـهِ**﴾ تەرجىمىسى: «ئىنـسانغا بىـرەر زىيـان ـ زەخـمەت يەتـسە پەرۋەردىگارىغـا يـۈزلەنگەن ھالـدا ئۇنىڭغـا دۇئـا قىلىـدۇ. ئانـدىن ئـاللاھ ئـۆز تەرىپىـدىن ئۇنىڭغـا نـېمەت ئاتـا قىلغـان (ئۇنىـڭ بېـشىغا كەلـگەن كـۈلپەتلەرنى كۆتۈرىـۋەتكەن ) چاغـدا، ئـاللاھ تائالاغـا زىيـان ـ زەخمەتنـى كۆتۈرىـۋېتىش

توغرۇلۇق ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ»[1] .

دېمەك: ئىنساندىكى ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياج تۇيغۇسىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن مەنىۋى ئۇچرىشىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە تولدۇرالمايدۇ. ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىشنىڭ بىرلا ۋاستىسى ئىبادەتتۇر»[2] .

## ئىبادەتنىڭ ماھىيىتى

ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى — ئاللاھ تائالاغا ئەڭ كەمتەرلىك ۋە ئەڭ سەممىي مۇھەببەت ھەم ئىخلاس بىلەن ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر.

كەمتەرلىكنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى — ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياجنى چوڭقۇر ھېس قىلىش دېمەكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇدرەتلىك، ئىنسان ئاجىز، ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسى، ئىنسان پېقىر، ئاللاھ تائالا ئالىم، ئىنسان جاھىل، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەت، ئىنسان ھاجەتلىك. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسان ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ۋە ھەر سېكونت ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە ھىمايىسىگە موھتاجدۇر.

مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى — ئاللاھ تائالاغا بولغان سۆيگۈنىڭ دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتتىن ئالاھىدە ئارتۇق بولۇشى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتى، ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلدى، ئۇنى كائىناتنىڭ خوجىسى قىلدى، ئەڭ ئېسىل ناز ـ نېمەتلەرنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدى. بۇندىن باشقا كۆپلىگەن ئىمتىيازلارنى پەقەت ئىنسانلارغىلا ئاتا قىلدى. ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، ئىنسانغا ئاللاھ تائالادىن سۆيۈملۈك زات بارمۇ؟!

ئاللاھ تائالانى تونۇغان كىشى ئۇنى چوقۇم سۆيىدۇ. ھەر كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان سۆيگۈسى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇغىنىغا قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي مەنىدە تونىغان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان سۆيگۈسى چەكسىز بولىدۇ.

ئىخلاسنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى — ئىبادەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا ھېچقانداق غەرەزنى كۆزلىمەسلىك دېمەكتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، نامازنى تەن ساغلاملىقىنى ساقلاش مەقسىتى بىلەن ئوقۇغان، ھەرەمگە سودا قىلىپ پۇل تېپىش ياكى «ھاجى»ئاتىلىپ ئابروي قازىنىش ئۈچۈن بارغان كىشىنىڭ بۇ نامىزى بىلەن

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

(2) دوكتۇر يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ« العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ھەججىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولغان ئاساسلىق غايىنى مەقسەت قىلمىغان ھەر قانداق ئەمەل - ئىبادەتلەر بىكاردۇر.

**ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر**

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ۋە ئېھسانلىرى ھەقىقەتەن سان - ساناقسىز ۋە ھېسابسىزدۇر. ﴿**وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا**﴾ تەرجىمىسى: «سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر»[1] .

بۇ نېمەتلەر ۋە ئېھسانلار ھەر قانداق ئەقلى بار ئىنساننى نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر ئادا قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئىنساننىڭ زاتىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ نېمەتلىرىنى ئالساقمۇ، ئۇلار ئەلۋەتتە شۈكۈرنى لازىم قىلىدۇ:

1 - ئىنساننى بارچە مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە گۈزەل ۋە چىرايلىق قىلىپ ياراتقانلىق نېمىتى.

2 - ئىنسان ئورگانلىرىنى ئەيىب - نۇقسانلاردىن سالامەت قىلىپ ياراتقان نېمىتى.

3 - ئىنسان ئورگانلىرىنى قوللىنىشقا يۇمشاق ۋە ھەر ئىشقا ياراملىق قىلىپ ياراتقانلىق نېمىتى.

4 - ئەقىل بەرگەنلىك نېمىتى.

5 - كۆرىدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

6 - سۆزلەيدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

7 - ئاڭلايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

8 - لەززەتلەرنى تېتىيالايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

9 - خۇشبۇيلارنى پۇرىيالايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

10 - تەپەككۇر قىلىپ ئويلىيالايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

11 - بارچە مەخلۇقاتلارنى خىزمەتلىرىگە سالالايدىغان خوجايىنلىقنى بەرگەنلىك

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 34 - ئايەت.

نېمتى.

12 ـ كۆندىلىك تازا يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئاتا قىلىپ، ئوزۇقلاندۇرغانلىق نېمتى.

13 ـ ئىنساننى كائىناتتىكىلەردىن ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك قىلغانلىق نېمتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىنسانغا بېرىلگەن سانسىز نېمەتلەر ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىشنى لازىم قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، نېمەت بەرگۈچىنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەشنى ئىنساني بۇرچ دەپ بىلىدۇ.

شۇنچىلىك سانسىز ۋە ھېسابسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئىگىسى — ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس بۇرچ دەپ بىلمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلمىگەن ئىنساننى قانداقمۇ ئىنسان دېگىلى بولسۇن؟!

ئاللاھ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى نېمەتلىرىنىڭ بەدىلىگە ئىنسانلاردىن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشلىرىنى سورايدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهاالنَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمْ الَّذِيْ خَلَقَكُمْ وَالَّذِيْنَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ**﴾ «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»[1] .

**ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت نامازدۇر**

ناماز ئىماندىن قالسا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە تولىمۇ مۇھىم ئىبادەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**رَأسُ الأمْرِ الإسلامُ وَعُمُوده الصلاةُ**﴾ يەنى «دىنىنىڭ بېشى ئىسلام، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى نامازدۇر» دېگەن[2].

شۇڭا دېيىمىزكى، ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننىڭ ئەڭ جانلىق گۇۋاھچىسى، ئىتائەتمەنلىكنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك نامايەندىسى نامازدۇر. ناماز پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ بېشى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ناماز ھەققىدىكى ئاساسى ماۋزۇغا كىرىشتىن ئاۋۋال، بىلىشىلىش مۇھىم بولغان بەزى مەسىلىلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

---

(1) بەقەر سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

(2) تىرمىزى رىۋايىتى.

## ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى

پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى تۆت بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ قۇرئان كەرىم

قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبىئىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اتَّبِعُواْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلاَ تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء**﴾تەرجىمىسى: « (ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار»[1] .

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تِلْكَ حُدُودُ اللّهِ فَلاَ تَعْتَدُوهَا وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ اللّهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ**﴾ تەرجىمىسى: «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر»[2] .

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەر ئارىسىدا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەھكاملىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ فَاحْكُم بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءهُمْ عَمَّا جَاءكَ مِنَ الْحَقِّ**﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋىي) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسىي خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن»[3] .

(1) ئەئراف سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 229 ـ ئايەت.
(3) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

قۇرئــان كەرىمنــىڭ باشــقا تىللارغــا قىلىنغــان تەرجىمىلــىرى ۋە تەپــسىرلىرى قۇرئــان ھېسابلانمايدۇ. بەلكــى قۇرئــان كەرىــم ئەرەب تىلــىدىكى ئەسلــى تېكــستى بىلەنــلا قۇرئــان ۋە مــۆجىزە دېيىلــىدۇ. شــۇنداقلا قۇرئــان كەرىمنــىڭ تەرجىمــىسىدىن دىنىــي مەســىلىلەرنىڭ ئەھكــاملىرىنى ئىزدەشــكە بولمايــدۇ. چــۈنكى ئــايەتلەردىن چۈشــىنىلگەن مەنىلەرنىــڭ خاتــالىق ئېھتىمــالى كــۆپ بولــىدۇ. شــۇڭا نامــازدا قــىرائەت ئورنىغــا قۇرئــان كەرىمنــىڭ تەرجىمــىسىنى ئوقــۇش بىــلەن نامــاز ئــادا تاپمايدىغانلىقــدا ئىمــام ئەزەمــدىن باشــقا پۈتــۈن ئىــسلام ئۆلىمــالىرى بىــردەك ئىتتىپــاقتۇر. ئىمــام ئەزەم نامــازدا قۇرئــان كەرىمنــىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارىغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ بۇ پەتىۋاسىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئىسلام ئۆلىمالىرى سۆزلىمەكتە.

2 ـ سۈننەت

سۈننەت — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، بۇيرىغانلىرى، توسقانلىرى ۋە ســۆزلىگەنلىرىدۇر. ســۈننەت ئىــسلام قانۇنــشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچــى ئاساســلىق مەنبئىــدۇر. ئــاللاھ تائــالا مۇسۇلمانلارنى ســۈننەتكە ئەگىشــىشكە چاقىرىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿**وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْـــهُ فَـــانتَهُوا**﴾ تەرجىمىسى:«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»[1] .

ئــاللاھ تائــالا پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامغا ئىتــائەت قىلىــشىنىڭ ئــاللاھ تائالاغــا ئىتــائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مَّنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَـــاعَ اللّـــهَ**﴾ تەرجىمــسى: «كىمكــى پەيغەمــبەرگە ئىتــائەت قىلــىدىكەن، ئــۇ ئاللاھقــا ئىتــائەت قىلغــان بولىدۇ»[2] .

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ســۈننەتلىرى قۇرئــان كەرىمــدە كەلــگەن مــۇجمەل ئەھكــاملارنى ئوچــۇقلاش، ئۇنىــڭ مەنىــسىنى چۈشــەندۈرش، شــەرھلەش ۋە تەپــسىلى بايــان قىلىشتەك ئالاھىــدە مۇھىم خۇسۇســيىتى بىــلەن »قۇرئــان كەرىمنــىڭ ھەقىقىــي تەرجىمــانى» دېيىلــىدۇ. ﴿**وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّـــرُونَ**﴾ تەرجىمــسى: «بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ چۈشۈردۇق»[3] .

---

(1) ھەشر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

(2) نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت.

(3) نەھل سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

ئـاللاھ تائـالا مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئـان كەرىمنـى چۈشـۈرۈش بىـلەن بىـرگە ئۇنىڭغـا «ھـېكمەت» نـامى بىـلەن سـۈننەتنىمۇ ئاتـا قىلغـان. ئـاللاھ تائـالا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان خىتابىدا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿**وَاذْكُـرْنَ مَـا يُتْلَـى فِـي بُيُوتِكُنَّ مِنْ آيَاتِ اللَّهِ وَالْحِكْمَـةِ**﴾ تەرجىمىسى: «ئۆيلىرىڭلاردا ئاللاھنىـڭ ئايەتلىرىـدىن ۋە ھېكمەتتىن ئوقۇلىۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار»[1] .

ئىمـام شـافىئىي، ئىبنـى كەسـىر، قەتـادە ۋە باشـقا ئۆلىمـالار يـۇقىرىقى ئـايەتتىكى »ھېكمەت«سـۆزىدىن سـۈننەت مەقسەت قىلىنىـدىغانلىقىنى سـۆزلىگەن. چـۈنكى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە »ئوقۇلىدىغان نەرسىلەر« قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەت ئىدى[2].

قۇرئـان كەرىمنىـڭ مەقسەت ۋە غـايىلىرىنى چۈشىنىـشنىڭ بىردىنبىـر يـولى سـۈننەتتۇر. چـۈنكى ئـاللاھ تائـالا مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئـان كەرىمنـى چۈشـۈرۈپ، ئـۇنى قۇرئـان كەرىمنىـڭ كۆرسـەتمىلىرى بـويىچە كىـشىلەرنى تـوغرا يولغـا يېتەكلەشـكە ئەمـر قىلغـان بولـۇپ، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام كىـشىلەرگە قۇرئـان كەرىمنىـڭ كۆرسـەتمىلىرىنى، بۇيرىغانلىرىنى، توسقانلىرىنى ۋە جىمى ئەھكـاملىرىنى گـاھ ئەمەلىيىتـى بىـلەن، گـاھ سـۆزى بىـلەن، گـاھ باشـقىلارنىڭ تـوغرا قىلغـان ئىـشلىرىغا سـۈكۈت قىلىـشى، خاتـا قىلغانلىرىغـا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى بىلەن يەتكۈزگەن.

3 ـ ئىجما

ئىجمـا — ئىـسلام ئۈممىتىـدىن بولغـان زامانـداش ئۆلىمالارنىـڭ ھەممىسىنىڭ شـەرىئەت مەسىلىلىرىدىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىشى دېگەنلىكتۇر[3].

ئىجمـا ئىـسلام قانۇنـشۇناسلىقىنىڭ ئـۈچىنچى ئاساسـلىق مەنبەئىـدۇر. ئىجمـا قۇرئـان كەرىـم يـاكى سـۈننەتلەردە ھـۆكمى بولمىغـان يېڭـى مەسـىلىلەر ئۈسـتىدىلا بولىـدۇ. چـۈنكى قۇرئـان كەرىـم يـاكى سـۈننەتتە ھـۆكمى بايـان قىلىنغـان مەسـىلىلەرگە ھېچكىمنىـڭ چـېشى پاتمايـدۇ. ئىجمـا قىلىـش پەقەت ئىجتىھـاد (بـار كـۈچىنى سـەرپ قىلىـپ شـەرىئەت دەلىللىرىـدىن دىنىـي مەسـىلىلەرنىڭ ئەھكـاملىرىنى چىقىـرىش)سـالاھىيىتىگە توشـقان ئۆلىمالارغىلا خاستۇر.

ئىجمـا ئىككـى تۈرلـۈك بولـۇپ، بىرىنچىـسى، ئۆلىمـالاردىن ھەر بىرىنىـڭ ئـۆز رەيىنـى

(1) ئەھزاب سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

(2) جامع بيان العلم وفضله 17 ـ بەت، الرسالة 78 ـ بەت.

(3) روضة الناظر 2 ـ توم 439 ـ بەت، إرشاد الفحول 63 ـ بەت، الإحكام للآمدي 1 ـ توم 196 ـ بەت.

ئاشكارا سۆزلىشى ئارقىلىق بولىدىغان ئىجما، بۇ «ئىجما سەرىھ» (ئاشكارا ئىجما)دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۆلىمالاردىن بەزىسى ياكى بىرەرسى بىرەر مەسىلىدە پەتىۋا چىقارغان بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغان باشقا ئۆلىمالار ئۇنى ئىنكار قىلماستىن، سۈكۈت قىلسا، بۇ «ئىجما سۈكۈتىي» (مۇۋاپىقلاشقان ئىجما)دەپ ئاتىلىدۇ[1].

كۆپ سانلىقنىڭ ئۆز ئارا كېلىشىپ ئىش كۆرىشىدە خاتالىشىش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن ئاز بولىدىغانلىقى بىر رېئاللىقتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتنى خاتا ئىشقا توپلىمايدۇ»دېگەن[2].

4 ـ قىياس

قىياس — قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكمى بولغان بىرەر مەسىلىگە بۇ ئىككىسىدە ھۆكمى كەلمىگەن بىر مەسىلىنى قىياس قىلىش(ئوخشىتىش) ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش دېگەنلىكتۇر.

مەسىلەن: ھاراقنىڭ ھاراملىقى ۋە قەتئىي مەنئى قىلىنغانلىقى قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن ئايىتى بىلەن بېكىتىلگەن ھۆكۈم. ئەمما نەشە، ئەپيۇن ۋە ئاق چېكىشنىڭ ھاراملىقى ۋە مەنئى قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ئوچۇق ھۆكۈم يوق. چۈنكى بۇ نەرسىلەر قۇرئان كەرىم چۈشكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هايات ۋاقتىدا يوق ئىدى. ئىسلام ئۆلىمالىرى نەشە، ئەپيۇن ۋە ئاقتىن كېلىپ چىقىدىغان دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشى قاتارلىق زىيانلارنى ھاراقنىڭ زىيىنىغا قىياس قىلىپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق بۇلارنىڭ ھاراملىقىغا ئىتتىپاقلاشقان. چۈنكى ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى بۇلاردا ئارتۇقى بىلەن تېپىلىدۇ.

قىياس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەئىدۇر. قىياسنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرىدىن ئىكەنلىكىگە قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى دالالەت قىلماقتا.

1 ـ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿**كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُ**﴾ تەرجىمىسى: «مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز»[3].

(1) روضة الناظر 2 ـ توم 492 ـ 496 ـ بەتلەر، إرشاد الفحول 74 ـ 75 ـ بەت، الإحكام للآمدي 1 ـ توم 252 ـ بەت.

(2) تىرمىزى رىۋايىتى.

(3) ئەنبىيا سۈرىسى 104 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائـالا بـۇ ئـايەتتە، قىيامەت كۈنـدە مەخلۇقـاتنى تىرىلدۈرۈشـنى ئـۇلارنى دەسـلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاتقان. مانا بۇ، قىياستۇر.

2 ـ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام ئۆلـۈپ كەتـكەن ئانـىسى ئۈچـۈن روزا تۇتۇشـنىڭ ھـۆكمىنى سوراپ كەلـگەن بىـر ئايالغـا: «قـاراڭچۇ! ئەگەر ئانىڭىزنىـڭ ئۈسـتىدە بىراۋنىـڭ قەرزى قالغـان بولـسا، ئـۇنى تۆلەيتتىڭىزمـۇ؟» دەپ سـورايدۇ. ئايـال: «ھەئە، ئەلـۋەتتە تـۆلىگەن بـولاتتىم» دەپ جـاۋاب بەرگەنـدە، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام ئۇنىڭغـا: «ئۇنـداقتا ئـانىڭىز ئۈچـۈن روزا تۇتسىڭىز بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ[1].

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام بـۇ ھەدىسـتە، ئايالنىـڭ ئـۆلگەن ئانىسـىنىڭ گەردىنىـدە قالغـان روزىنى، تۆلىيەلمەستىن زىممىسىدە كەتكەن قەرزگە ئوخشاتقان. مانا بۇ، قىياستۇر.

3 ـ ئىككىنچـى خەلىـپە ئـۆمەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئەبـۇ مۇسـا ئەل ئەشـئەرىي رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا يازغـان خېتىـدە مۇنـداق دەپ يازغـان: «قۇرئـان كەرىـم ۋە سـۈننەتتە ھـۆكمى بولمىغـان مەسـىلىلەر توغرۇلـۇق كـىشىلەر سـەندىن ھۆكـۈم سـوراپ كەلگەنـدە، ئـۇ مەسـىلىلەرنى سـەن ھـۆكمىنى بىلىـدىغان مەسـىلىلەرگە قىيـاس قىلغىــن، ئانـدىن ئـاللاھ تائالاغـا ئەڭ يېقىملىـق كېلىـدىغان، ھەقىقەتـكە ئەڭ ئويغـۇن رەۋىـشتە ھۆكـۈم چىقارغىن»[2].

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) أخبار القضاة 1 ـ توم 70 ـ بەت، أصول التشريع الإسلامي 17 ـ 79ـ بەتلەر، مقدمة في الفقه 17 ـ 38 ـ بەتلەر.

# ئىسلام فىقھى

## فىقھنىڭ تەرىپى

فىقھ — لۇغەتتە چۈشىنىش ۋە بىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە فىقھنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسىنى »ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلىش«دەپ تەرىپلىگەن. بۇ ئىسلامدىكى ئېتىقاد، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق ۋە باشقا مەسىلىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي تەرىپتۇر. چۈنكى شەرىئەت ئىلىملىرى تەخەسسۇسلارغا تۈرلىنىشتىن بۇرۇن ھەممىسى «فىقھى»دەپ ئاتىلاتتى.

كېيىنچە، شەرىئەت ئىلىملىرى تۈرلىنىپ، ئېتىقاد مەسىلىلىرى «ئىلمى كالام ياكى تەۋھىد ئىلمى»، زاھىدلىق، سەبىرچانلىق، رازىمەنلىك ۋە تەقۋادارلىققا ئوخشاش ۋىجدانىي مەسىلىلەر «ئەخلاق ياكى تەسەۋۋۇپ ئىلمى»، ئەمەل ـ ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە باشقا شەرىئەت مەسىلىلىرى «فىقھى ئىلمى»دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. شۇڭا ھازىرقى زاماندا «فىقھى» سۆزىدىن پەقەت شەرىئەتنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەت، مۇئامىلە، ئائىلە، دۆلەت تۈزۈمى ۋە جازا قانۇنى قاتارلىق مەسىلىلەرنىلا مەقسەت قىلىنىدۇ.

شۇڭا ئىمام شافىئىي فىقھنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسىنى «شەرىئەت دەلىللىرىدىن دىنىي ئەمەللەرنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىش» دەپ تەرىپلىگەن. بۇ تەرىپ بىردەك تونۇلغان ئەڭ مەشھۇر تەرىپتۇر.

شەرىئەت — ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا تۈزۈپ بەرگەن قانۇنى دېمەكتۇر.

شەرىئەت — ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام فىقھىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئىسلام فىقھى (ياكى ئىسلام قانۇنى) بارلىق قانۇنلاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن، ئادالەتلىك ۋە ھېكمەتلىك قانۇندۇر. بۇنى ئىنچىكىلاپ ئېيتقاندا:

1 ـ ئىسلام فىقھىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ھەرقانداق قانۇنلاردىن ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭ مەنبەئى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە مۇجەسسەم بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىدۇر. ئىجما بىلەن قىياس ئىككىسمۇ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە مۇجەسسەملەنگەن ۋەھيگە يۆلىنىدۇ.

2 ـ ئىسلام فىقھى ھاياتلىقنىڭ بارلىق تەلەپلىرى ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدۇ.

چۈنكى ئىسلام فىقھى ئىنسانىنىڭ بارلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، جەمئىيەتتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، شۇنداقلا دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئەۋزەل شەكىلدە رەتكە سالىدۇ[1].

## ئىسلام فىقھىنىڭ ماۋزۇسى

ئىسلام فىقھىنىڭ ماۋزۇسى ياكى مەيدانى شەرىئەت تەكلىپلىرىنى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك بولغان كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى دائىرىسىدە بولىدۇ. مەيلى نامازغا ئوخشاش قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىش بولسۇن، مەيلى ئوغۇرلۇققا ئوخشاش تەرك ئېتىش تەلەپ قىلىنغان ئىش بولسۇن، مەيلى يېيىش ۋە ئىچىشكە ئوخشاش ئىختىيارى ئىش بولسۇن، ئىسلام فىقھى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىستېمىلىق ھالدا، ئوچۇق ۋە تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ[2].

## ئىسلام فىقھىنىڭ خىزمەتلىرى

فىقھنى ئىبنى مەسئۇد تېرىدى، ئەلقەمە سۇغۇردى، ئىبراھىم ئورىدى، ھەمماد دان چىقاردى، ئەبۇ ھەنىفە تارتتى، ئەبۇ يۇسۇف خېمىر قىلدى، مۇھەممەد نان قىلدى، باشقىلار ئۇنىڭ نېنىدىن يىدى.

### شەرھلەر:

تېرىدى: يەنى فىقھى مەسىلىلىرىنى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) دۇر.

سۇغۇردى: يەنى فىقھى ئىلمىنى راۋاجلاندۇرغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان، ئىبنى مەسئۇد، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئائىشە ۋە ئۆمەر(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي)قاتارلىق ساھابىلارنىڭ قولىدا يېتىشكەن، ئاتاقلىق فىقھشۇناس ئالىم ئەلقەمە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك ئەل نەخەئىي دېگەن كىشىدۇر.

ئورىدى: يەنى فىقھى مەسىلىلىرىنى رەتكە سېلىپ كىشىلەر پايدىلىنالايدىغان ھالغا كەلتۈرگەن كىشى كۇفە شەھىرىنىڭ تونۇلغان فىقھشۇناس ئالىمى ئىبراھىم ئىبنى يەزىد ئىبنى قەيس ئىبنى ئەل ئەسۋەد ئەبۇ ئىمران ئەل نەخەئىي دېگەن كىشىدۇر.

---

(1) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 18 ـ 19ـ بەتلە.

(2) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 17 ـ بەتلەر.

دان چىقــاردى: يەنــى فىقھــى مەســىلىلىرىنى ئوچــۇقلاش ئىــشلىرىدا چــوڭ خىــزمەت كۆرسەتكەن كىشى ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇستازى ھەمماد ئىبنى مۇسلىم دېگەن كىشىدۇر.

تــارتتى: يەنــى فىقھــى مەســىلىلىرىنى ۋە فىقھــشۇناسلىق قائىــدىلىرىنى شــاخلاندۇرغان كــشى، فىقھــى مەســىلىلىرىنى تــۇنجى بولــۇپ بۆلــۈملەرگە ئايرىــپ چۈشــەندۈرگەن، فىقھــى توغرۇلــۇق كىتــابلارنى يازغــان، شــۇنداقلا مەشــھۇر تــۆت چــوڭ مەزھەپنىــڭ بىــرى بولغــان ھەنەفىي مەزھىبىنى تەسىس قىلغان كىشى ئۇئمان ئىبنى سابىت ئىمام ئەزەمدۇر.

خېمىــر قىلــدى: يەنــى ئىمــام ئەزەم تــۈزگەن فىقھــى قائىــدىلىرى ۋە فىقھــى مەســىلىلىرىنى ئىــنچىكە تەتقىــق قىلىــپ شــاخلاندۇرغان ۋە كــۆپلىگەن مەســىلىلەرنى ئايدىڭلاشــتۇرغان كــشى ئىمــام ئەزەمنىــڭ شــاگىرتى، قــازى قــۇزات(قازىلارنىــڭ كاتتىــسى) يەئقــۇب ئىبنــى ئىبراھىم ئەبۇ يۇسۇف دېگەن كىشىدۇر.

نــان قىلــدى: يەنــى ئىمام ئەزەم ئوتتۇرىغــا قويغــان فىقھــى مەسىلىلەرنى رەتلــەپ چىققــان ۋە بەزى مەســىلىلەرنىڭ شاخچىلىرىنى كــۆپەيتكەن، شــۇنداقلا ھەنەفىــي مەزھىبىنىــڭ فىقھــى مەســىلىلىرىنى بىــر ـ بىــرلەپ تەھرىــرلەپ چىققــان كــشى ئىمــام ئەزەمنىــڭ شــاگىرتى، ھەمــمە بىــردەك ئېتىــراپ قىلغــان كاتتــا ئــالىم مــۇھەممەد ئىبنــى ھەســەن ئەل شــەيبانىي دېــگەن كىشىدۇر.

باشــقىلار ئۇنىــڭ نېنىــدىن يېــدى: يەنــى ئىمــام مــۇھەممەد پايدىلىنىــشقا ئوڭايلاشــتۇرۇپ ھازىرلىغان فىقھى مەسىلىلىرىدىن ئومۇم خەلق مەنپەئەت ئالدى[1].

## فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ ـ چىقىش تارىخى

فىقھــى ئىلمــى پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ھايــات ۋاقتىــدىلا تەدرىجــى ھالــدا يېلتىــز تارتىــشقا باشــلىغان. كېيىــنچە ســاھابىلارنىڭ دەۋرىــدە فىقھــى ئىلمــى رەســمىي تــۈردە قانــات يايغان[2].

## فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب

شۇبھىــسىزكى، فىقھــى ئىلمىنىــڭ كېلىــپ چىقىــشىغا تــۈرتكە بولغــان بىردىنبىــر ســەۋەب كىــشىلەرنىڭ يېڭــى ـ يېڭــى مەيــدانغا چىقىــپ تۇرغــان مەســىلىلەر ھەققىــدە شــەرىئەت ئەھكــــاملىرىنى بىلىــــشكە بولغــــان زور ئېھتىياجىــــدۇر. كىــــشىلەرنىڭ ئىجتىمــــائىي مۇناســــۋەتلىرىنى رەتــــكە سېلىــــشى، شەخــــسلەرنىڭ ھەق ـ ھوقــــۇقلىرى ۋە قىلىــــشقا

(1) التسهيل الضروري لمسائل القدوري 2 ـ توم 270 ـ بەت.

(2) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 18 ـ بەت.

تېگىشلىكلىرىنى بىلىشى ۋە ھەر زامان مەيدانغا كېلىپ تۇرىدىغان يېڭى مەسىلىلەرنى شەرىئەت سىستېمىسى بويىچە ھەل قىلىشى ئۈچۈن فىقھى ئىلمىگە بولغان ئېھتىياج ناھايىتى زوردۇر[1].

## مەزھەبنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

مەزھەپ — لۇغەتتە بارىدىغان جاي دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەت ئىستىلاھىدا مەزھەپ سۆزى — دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار دېمەكتۇر[2].

مەزھەپلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ساھابىلارنىڭ زامانىدىلا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان. مەسىلەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە باشقىلارنىڭ يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن مەسىلىلەرنى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھى بويىچە جاۋابلاندۇرۇشتا، ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەزھىبى(رەيى ۋە قارىشى) بولغان. كېيىنچە تابىئىن(ساھابىلارنى كۆرگەن ئەۋلاد)نىڭ دەۋرىدە، مەزھەبلەر كۆپىيىشكە باشلىغان. ھەتتا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىلا يەتتە چوڭ ئالىمنىڭ مەزھىبى ئوتتۇرىغا چىققان[3].

## مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى

ئىسلام دىنىدا مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى. بۇ سۆزنىڭ مۇجمەللىكى ياكى ئومۇم ۋە خاسلىق ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ياكى ھەقىقىي مەنە بىلەن مەجازىي (مەقسەت قىلىنمىغان)مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ۋە باشقىلاردۇر. مەسىلەن: ئەرەب تىلىدىكى«قۇرۇئ» سۆزىنىڭ ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرۈشىنى ئىپادىلىگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھەيزدىن پاكلانغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىنىگە، «ئەمر» سۆزىنىڭ پەرزنى ئىپادىلىگىنىدەك، ۋاجىب ياكى مۇستەھەب(ياخشى كۆرۈلگەن ئىش)نى ئىپادىلىگىنىگە، «نەھيى» سۆزىنىڭ ھارامنى ئىپادىلىگىنىدەك، مەكرۇھنىمۇ ئىپادىلىگىنىگە ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ دىندا(ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ﴿كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىماڭلار﴾ دېگەن مەنىدىكى چەكلەشنى

(1) التسهيل الضروري لمسائل القدوري 2 ـ توم 270 ـ بەت.

(2) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 18 ـ بەت.

(3) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 18 ـ بەت.

ئىپادىلەمدۇ؟ ياكى ﴿كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىدۇق﴾ دېگەن مەنىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىشنىمۇ؟ ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي دالالىتى ۋە مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل بولمىغانلىقتىن مەزھەپلەر كېلىپ چىققان. ھەتتا ساھابىلارنىڭمۇ چۈشىنىشى بىر خىل بولمىغان.

2 ـ رىۋايەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى. بۇ مۇنداق:

(1) بەزى ھەدىسلەر بەزى ئۆلىمالارغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، باشقىلىرىغا يېتىپ بارالمىغانلىقى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى دىن تارقىتىش ئۈچۈن قىتئەلەرگە تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلاردىن ھەر بىرى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىلا يەتكۈزەتتى.

(2) ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىز يول بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە باشقا بىرىگە شۇ ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرگەنلىكى.

(3) ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرتلىرىگە توغرا كەلمىگەنلىكى. مەسىلەن: ئىمام ئەزەم مەيدانغا چىققان ۋاقىتتىكى ئىراقتا يالغان ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن ئويدۇرۇپ چىقىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان ئىدى. شۇڭا ئىمام ئەزەم ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا شەرتنى بەكمۇ ئېغىر ۋە چىڭ قويغان. ھەتتا كۆپچىلىك ئۆلىمالار قوبۇل قىلغان ھەدىسلەرنى ئىمام ئەزەم قوبۇل قىلمايتتى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى ئىراقنىڭ شارائىتىدا راست ھەدىس بىلەن يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىش ئىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى.

3 ـ ئۆلىمالاردىن ھەر بىرىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن قانۇن چىقىرىش پرىنسىپىنىڭ يەنە بىرىنىڭ پرىنسىپىغا ئوخشاش بولمىغانلىقى.

4 ـ قىياسقا كۆرە ئىجتىھاد قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھەر بىر ئۆلىمانىڭ نەزەرىدە ئوخشاش بولمىغانلىقى.

5 ـ شەرئەت دەلىللىرىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە ئۈستۈن قىلىش مەسىلىسىدە ھەممە ئۆلىمانىڭ پرىنسىپى ئوخشاش بولمىغانلىقى[1].

(1) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 29 ـ بەت.

## ئىسلام دۇنياسىدىكى تۆت مەزھەب ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىن ئىبارەت مەشھۇر تۆت مەزھەپ ئوتتۇرىغا چىققان دەۋر فىقھى ئىلمى گۈللەنگەن ۋە ھەر قايسى مەملىكەتلەرگە تارقىلىشقا باشلىغان بىر دەۋر ئىدى. بۇ دەۋر تەخمىنەن 119 ـ ھىجرىيە يىلىدىن 241 ـ ھىجرىيە يىلىغىچە، يەنى ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ۋاپاتىغىچە داۋام قىلغان[1].

### ئىمام ئەزەم

ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى ۋە قۇرغۇچىسى ئىمام ئەزەمنىڭ تولۇق ئىسمى ـ سابىت ئوغلى نۇئمان بولۇپ، ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە 80 ـ ھىجرىيە يىلى دۇنياغا كەلگەن. ئىمام ئەزەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھازىرقى ئافغانىستاندىن بولۇپ، پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن ئىدى. ئىمام ئەزەم ئەمەۋىلەر بىلەن ئابباسىيلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلۇقنى باشتىن كەچۈرۈپ 150 ـ ھىجرىيە يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن

ئىمام ئەزەم تابىئىنلارنىڭ كېيىنكىلىرىدىن سانىلىدۇ. ئۇنىڭ تابىئىنلەردىن ئىكەنلىكىمۇ سۆزلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ساھابىلاردىن مالىك ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن: « ئىلىم ئۆگىنىش ئەر ۋە ئايال ھەر قانداق مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئىمام ئەزەم 18 يىل پەقەت ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەنلا شۇغۇللانغان. ئىمام ئەزەم پۈتۈن فىقھشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدىكى ئورنى

ئىمام شافىئىينىڭ ئۇستازى ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ مۇنداق دېگەن: « ئىمام ئەزەمدىن ئالىمراق ۋە ئۇنىڭدەك ياخشى ناماز ئوقۇيدىغان بىرىنى كۆرگىنىم يوق»[2]

ئىمام شافىئىي ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلمىي مەرتىبىسىنى بايان قىلىپ: «فىقھى ئىلمىدا ھەممىمىز ئىمام ئەزەمگە موھتاجمىز» دېگەن ئىكەن[3].

ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە فىقھشۇناس ئالىم نەزر ئىبنى شەمىل مۇنداق دېگەن ئىكەن:

---

(1) مقدمة الفقه 101 ـ بەت، الفكر السامي 1 ـ توم 331 ـ 33 ـ بەتلەر.

(2) تاريخ بغداد 13 ـ توم 345 ـبەت.

(3) تاريخ بغداد 3 ـ توم 323 ـ بەت، الإنتقاﺀ 135 ـ بەت.

«كىشىلەر ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى، ئىمام ئەزەم ئۆزىنىڭ ماھارىتى بىلەن ئۇلارنى ئويغاتتى»[1] .

ئاتاقلىق فىقھشۇناس ئالىم ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: «فىقھى ئىلمىدە ئىمام ئەزەمدەك كامالەتكە يەتكەن بىرىنى كۆرمىدىم، تەقۋادارلىقتىمۇ ئۇنىڭدەك بىرىنى كۆرمىدىم»[2] .

«... ئىمام شافىئىي ئىمام مالىكتىن كېيىن ئىراققا باردى ۋە ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلاردىن كۆپلەپ ئىلىم ھاسىل قىلدى، ھىجاز (مەككە، مەدىنە شەھەرلىرى)ئەھلىنىڭ ئىلمىي مېتودى بىلەن ئىراق ئەھلىنىڭ مېتودىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىگە ئوخشىمايدىغان يېڭى مەزھەپ تەسىس قىلىپ چىقتى. ئاندىن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل كەلدى، ئۇ ھەدىسشۇناس ئىدى. ئۇ ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدا ئوقۇپ يېتىشتى ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىگە ئاساس سالدى»[3] .

## ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ نوپۇزى

ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى تۈركىستان، خىتاي، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى، تۈركىيە، ئىراق ۋە باشقا جايلاردا كەڭ تارقالغان بولۇپ، مىسىر، لىۋان، سۈرىيە، ئىئوردانىيە ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مەھكىمە شەرئىيلەر ھازىرمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى بويىچە ئىش كۆرمەكتە. ئومۇمەن ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى ئورۇن ئالغان. دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ كۆپرەكى ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكىدىمۇ 25 مىليوندىن كۆپرەك مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ[4].

## ئىمام ئەزەمنىڭ پرىنسىپى

ئىمام ئەزەم مۇنداق دېگەن: «مەن قانداقلا بىر ھۆكۈمنى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمدىن ئالىمەن، ئۇنىڭدىن تاپالمىسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن مەشھۇر بولۇپ تارقالغان ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك يول بىلەن كەلگەنلىرىنى ئالىمەن، سۈننەتتىنمۇ تاپالمىسام ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىدىن خالىغان كىشىنىڭ سۆزىنى

(1) تاريخ بغداد 3 ـ توم 323 ـ بەت، الإنتقاء 135 ـ بەت.؟

(2) تهذيب التهذيب 5 ـ بەت 604 ـ بەت.

(3) مقدمة ابن خلدون 447 ـ 448 ـ بەتلەر.

(4) تاريخ الفقه الإسلامي 129 ـ بەت.

ئـالىمەن، خالىغـان كـىشىنىڭ سـۆزىنى ئالمـايمەن. سـاھابىلاردىن كېيىـنكىلەرگە كەلگەنـدە، ئۇلار ئىجتىھاد قىلغاندەك مەنمۇ ئىجتىھاد قىلىمەن»[1] .

ئىمـــام ئەزەم يەنە مۇنـــداق دېـــگەن: «ھەدىـــس راســـتلا بولســـدىكەن، ئـــۇ مېنىـــڭ مەزھىبىمدۇر»[2] .

## ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرى

ئىمـام ئەزەمنىـڭ شـاگىرتلىرى كـۆپ بولـۇپ، مەشـھۇرلىرى ئەبـۇ يۇسـۇف، مـۇھەممەد، زۇفەر، ھەسـەندۇر. بـۇلاردىن ھەنەفـي مەزھىبىـدىكى ئـورنى ۋە نوپـۇزى ئالاھـدە چـوڭ بولغان ئالدىنقى ئىككىسىنىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1ـ ئىمـام ئەبـۇ يۇسـۇف: ئىبـراھىم ئـوغلى يەئقـۇب ئەل ئەنـسارىي. كـۇفە شـەھرىدە 113 ـ ھىجرىيە يىلى دۇنياغـا كېلىـپ 182 ـ ھىجـرىيە يىلـى ئالەمـدىن ئـۆتكەن. ئەبـۇ يۇسـۇف ئىمام ئەزەمنىـڭ شـاگىرتلىرىدىن ئەڭ كامالىغـا يەتـكەن ئـالىم بولـۇپ، ئىمـام ئەزەمنىـڭ مەزھىبىـدە تـۇنجى بولـۇپ ئۇسـۇلى فىقھـى (قانۇنـشۇناسلىق پرىنـسىپى)نـى ئىجـاد قىلغـان، باغـداتتا قـازىلىق قىلغـان، كېيىـنچە، خەلىـپە ھـارۇن رەشـىدنىڭ زامانـدا پۈتـۈن قازىلارنىـڭ رەئىـسى بولۇپ تاللانغان زاتتۇر.

2 ـ ئىمام مۇھەممەد: ھەسـەن ئـوغلى مـۇھەممەد شـىيبانىي. 132 ـ ھىجـرىيە يىلـى ئىراقتـا دۇنياغـا كېلىـپ، 187 ـ ھىجـرىيە يىلـى ئالەمـدىن ئـۆتكەن. ئىمـام مـۇھەممەد ئىلىمـدە كامـال تاپقـانلاردىن بولـۇپ، ئىمـام ئەبـۇ يۇسـۇفتىن قېلىـشمايدۇ. ئـۇ شـۇ زامانىنـڭ ئەڭ مەشـھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئىدى[3].

## ئەبۇ يۇسۇف بىلەن مۇھەممەدنىڭ ھەنەفىي مەزھىبىدىكى ئورنى

ئىمـام ئەبـۇ يۇسـۇف بىـلەن ئىمـام مـۇھەممەد گەرچە ئىمـام ئەزەمنىـڭ شـاگىرتلىرىدىن بولـسىمۇ، بـۇلار ئـۆز ئالـدىغا مۇسـتەقىل مۇجتەھىـد (شـەرئەت دەلىللىرىـدىن مەسـىلىلەرنىڭ ئەھكـاملىرىنى چىقـارغۇچى) لەردىـن ئىـدى. شـۇڭا بۇلارنىـڭ ھەر بىـرى ئىمـام ئەزەمنىـڭ پەتىـۋالىرىنى بـۇزالايتتى ۋە ئـۆز قاراشـلىرىنى دادىـل ئـېلان قىلىـپ كـىشلەرنى قايىـل قىلالايتتـى. شـۇ سـەۋەبتىن ھەنەفـي مەزھىبىـدىمۇ ئىمـاملار ئـارا بەزى مەسـىلىلەردە ئىختىلاپلار بار.

(1) سير أعلام النبلاء 6 ـ توم 401 ـ بەت.
(2) سير أعلام النبلاء 6 ـ توم 401 ـ بەت.
(3) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 30 ـ بەت.

ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆپىنچە مەسىلىلىرى ئىمام ئەزەمنىڭ رەيى بويىچە بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئىمام ئەزەمگە خىلاپ ھالدا مەزكۇر ئىككى شاگىرتنىڭ رەيى بىلەن بېكىتىلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: ئىمام ئەزەم نامازدا قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەرز بولغان مىقدارىنى «قُلْ ـ ئېيت»قا ئوخشاش قۇرئان ئىسمىنى ئالغان بىرەر سۆزنى ئوقۇش بىلەنمۇ پەرز ئادا بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئەبۇ يۇسۇف بىلەن مۇھەممەد ئەڭ ئاز دېگەندە قىسقا ئايەتلەردىن ئۈچ ئايەت مىقدارى قۇرئان ئوقۇمىغىچە نامازدىكى قۇرئان ئوقۇش پەرزى ئادا تاپمايدۇ، دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھىبى بۇ مەسىلىدە مەزكۇر ئىككى شاگىرتنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلمەكتە.

يەنە ئىمام ئەزەمگە كۆرە، نامازغا باشلاش تەكبىرىدە ﴿الله أكبر ـ ئاللاھ ئەڭ چوڭدۇر﴾دەپ تەكبىر ئېيتىش شەرت ئەمەس، بەلكى ﴿الله أَعْظَم ـ ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر﴾ ياكى ﴿الله أَعْلَى ـ ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر﴾ دېگەنگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدىغان ئىبارىلەردىن قايسىبىرى بىلەن تەكبىر ئېيتىش يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئەبۇ يۇسۇف بىلەن مۇھەممەدكە كۆرە، تەكبىردە: ﴿ الله أكبر ﴾ دېيىش شەرتتۇر. بۇنىڭدىن باشقىسى بىلەن تەكبىر دۇرۇس بولمايدۇ. ھەنەفىي مەزھىبى بۇ مەسىلىدىمۇ مەزكۇر ئىككى شاگىرتنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلمەكتە.

## ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئىماملىرى ئارا پرىنسىپى

ھەنەفىي مەزھىبى ئاساسەن ئىمام ئەزەم، ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد قاتارلىق ئۈچ ئىمامنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى مۇنداق:

1 ـ ئىمام ئەزەم بىلەن مەزكۇر ئىككى شاگىرت ئىتتىپاقلاشقان مەسىلە ئەڭ كۈچلۈك مەسىلە ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش شەرتسىز زۆرۈردۇر.

2 ـ ئىمام ئەزەم بىلەن ئىككى شاگىرت ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا، كۆپىنچە ئىمام ئەزەمنىڭ رەيى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. خۇسۇسەن ئىبادەت مەسىلىلىرىدە ئۇنىڭ رەيى شەرتسىز كۈچكە ئىگە.

3 ـ دەۋا، مىراس، گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىش مەسىلىلىرىدە كۆپىنچە ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ رەيى ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك قازىلىق ھاياتى ۋە ئالغان تەجرىبىسى شۇنى تەقەززا قىلاتتى.

4 ـ ئـۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ۋە ئـائىلىگە مۇناسـىۋەتلىك شـەرئەت مەسـىلىلىرىدە كـۆپىنچە ئىمام مۇھەممەدنىڭ رەيى ئېلىنىدۇ.

5 ـ بىـرەر مەسـىلىدە ئىمـام ئەزەم بىـر نەرسـە دېمىـگەن بولـسا، ئـاۋۋال ئىمـام ئەبـۇ يۇسـۇفنىڭ، ئـانـدىن ئىمـام مۇھەممەدنىـڭ، ئـانـدىن زۇفەرنىـڭ، ئـانـدىن ھەسـەننىڭ رەيـى قوبۇل قىلىنىدۇ.

6 ـ ھەنەفـىي مەزھىبىـدە 17 مەسـىلىدە ئىمـام زۇفەرنىـڭ رەيـى بـويىچە ئىـش كۆرۈلـۈپ كەلمەكتە[1].

## يۇقىرىقى بايانلار بىلەن بۇ كىتابنىڭ مۇناسىۋىتى

مەن يـۇقىرىقىلارنى سـۆزلەپ ئۆتۈشـتە بىرىنچىـدىن ئىـسلام دۇنياسـىدا بىـردەك ئېتىـراپ قىلىنغــان مەشــھۇر مەزھەپلەرنىــڭ مەنبىئــى قۇرئــان كەرىــم ۋە ســۈننەت ئىكەنلىكىنــى كىتابخانلارغـــا تونۇشتۇرۇشـــنى، ئىككىنچىـــدىن مۇجتەھىـــدلىق مەرتىبىـــسىگە يەتمىگەنلەرنىـڭ، خۇسۇسـەن ئـاۋام خەلقنىـڭ ئـۆزلىرى مەنـسۇپ بولغـان تـوغرا مەزھەپـكە كـۆرە ئىـش كۆرۈشـىنىڭ زۆرۈرلىكىنـى بىلدۈرۈشـنى مەقـسەت قىلغـانمەن. چـۈنكى ھەمـمە ئادەمنىـــڭ قۇرئـــان كەرىـــم ۋە ســـۈننەت دەلىللىرىنـــى چۈشىنەلـــشى ئۈچـــۈن ئىـــسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئىمـام ئەزەمـدەك كامالىغـا يەتـكەن ئـالىم بولالـىشى ناتـايىن. شـۇڭا قۇرئـان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ ئالىملار يورۇتۇپ بەرگەن يولى بىلەن مېڭىشتىن باشقا چارىمىز يوق.

شـــۇنىمۇ ئەســكەرتىپ ئۆتـــۈش لازىمكــى، مەزھەپــكە ئەمەل قىلىمغــان كــىشى دىنغــا ئاســـىيلىق قىلغـــان بولمايـــدۇ. چـــۈنكى مەزھەپ قاراشـــلىرى شـــۇ مەزھەپ پېـــشىۋالىرىنىڭ قۇرئـان كەرىـم ۋە سـۈننەتتىن چۈشـەنگەنلىرى ۋە بىلگەنلىـرى خـالاس. مەزھەپ دىگەنلىـك دىــن دىگەنلىــك ئەمەس. بەلكــى دىنــدىن ئالغــان چۈشــەنچە، بەس. مەزھەپ پەقەت قۇرئـان كەرىــم ۋە ســۈننەتنىڭ روھىغــا ئۇيغــۇن كــېلىش شــەرتى بىلەنــلا قوبــۇل قىلىنىــدۇ. شــۇڭا مەزھەپ پېـــشىۋالىرىنىڭ ھەر بىـــرى: « بـــۇ مېنىـــڭ قۇرئـــان كەرىـــم ۋە ســـۈننەتتىن چۈشـەنگەنلىرىم يـاكى بـۇ ئىككىـسىنىڭ روھىغـا ئاساسـەن ئېيتقـان رەيـىم. ئەگەر مېنىــڭ ئېيتقـانلىرىم قۇرئـان كەرىـم يـاكى سـۈننەتكە ئۇيغـۇن كەلمىـگەن بولـسا، ئـۇنى چـۆرۈپ تاشـلاڭلار» دەپ جاكارلاشـنى ئۇنۇتمىغـان. شـۇڭا شـەئەلەر بىـلەن خاۋارىجلارنىـڭ مەزھىبـى قۇرئـان كەرىـم ۋە سـۈننەتنىڭ روھىغـا ئۇيغـۇن كەلمىگەنلىكـتىن، بـۇ مەزھەپـلەر ئىـسلام دۇنياسىدا بىردەك قوبۇل قىلىنمىغان.

---

(1) مقدمة في الفقه 118 ـ بەت.

## مەزھەپ چۈشەنچىسى

ئالدى بىلەن شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ھەقلىقى ۋە توغرىلىقىدا شەك يوق. بۇلار مەرتىبە جەھەتتىمۇ ئوخشاشتۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبىئى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتۇر. پەقەت بەزى مەسىلىلەردە بەزى مەزھەپنىڭ كۆرۈشى بەزى مەزھەپنىڭكىدىن ئەۋزەلرەك بولغان يەرلىرى بار. بۇلار قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە كەلگەنلەرنى چۈشىنىش تەرزىنىڭ ھەركىمدە ئوخشاش بولمىغانلىقى ياكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىگە ئوخشاش يېتىپ بارمىغانلىقى ياكى بارغاندىمۇ ئىشەنچلىك يول بىلەن يەتمىگەنلىكىدىن ئىدى.

شۇڭا مەزھەپكە ئەگىشىشتە، ئاۋام خەلقنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان مەزھەبكە ئەگىشىشى لازىم. ئەمما دىنىي ساھەلەردە ئالىم بولۇپ يېتىشكەنلەر — ئەگەر باشقا مەزھەپلەر بىلەن ئۆز مەزھىبىنىڭ دەلىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەڭ ئەۋزىلىنى ئايرىپ چىقىش سەۋىيىسىدە بولسا، ئۆزى ئىلىم يولى بىلەن ئىزدىنىپ ئەڭ ئەۋزەل، دەپ قانائەت قىلغىنىغا ئەگىشىشى شەرتتۇر. چۈنكى ئوقۇغان ئادەم بىلگەن ئىلمىنى توغرا يول تېپىش ۋە توغرا ئىش قىلىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىشلەتمىسە نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟!

ئىمام ئەزەممۇ مەزھەپنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلغۇچىلارنى يامان كۆرەتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن: « بىزنىڭ رەيىمىزنى نەدىن ئالغانلىقىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ ھېچكىمنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى جائىز ئەمەس»[1] .

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرىمنى بىلمىگەن كىشىنىڭ مېنىڭ سۆزۈم بويىچە پەتىۋا بېرىشى قەتئىي توغرا ئەمەس»[2] .

ئەمما بىر ـ ئىككى ھەدىسنى بىلىۋېلىپلا، ھەدىسشۇناسلىق ۋە فىقھىشۇناسلىق ئىلمى ۋە پرىنسىپلىرىدىن خەۋەرسىز تۇرۇپ مەزھەپ ئۆلىمالىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ. مۇنداقلارمۇ ھازىرقى زاماندا كۆپىيىپ كەتكەن.

شۇڭىدەك، مەزھەپ رەيىنى دىنىنىڭ رەيى دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ تۇتقان يولى ئۆزى ئەگەشكەن مەزھەپنىڭ رەيىدىن ئەۋزەل ياكى توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەزھىبىگە قارىغۇلارچە تەئەسسۇبلۇق قىلىشمۇ ئىلىم ئەھلىگە ياراشمايدىغان بىر ئىش.

---

(1) الإنتقاء في فضائل ثلاثة الأئمة الفقهاء 145ـ بەت 145ـ بەت.

(2) يۇقىرىقى مەنبەدىن.

چۈنكى ھەقىقىي ئىلىم ئەھلى بولغان ئادەم ھەقىقەت گەرچە قارشى تەرەپتە بولسىمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۆتمۈشلەردە قانتاش ۋە ئۇچۇر ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن، ئۆلىمالارنىڭ دۇنيادا بار ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولالىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، ھەدىسلەرنىڭمۇ ھەممىسىنى بىلىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆتمۈشلەردىكى كاتتا ئۆلىمالار، مەزھەپ پېشۋالىرى، شۇنداقلا ھەدىسشۇناس، فىقھشۇناس، تەپسىرشۇناسلار ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تولىسىنىڭ ئىسلام دىيارلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا تۈرتكە بولغان بىردىنبىر سەۋەبمۇ شۇ ئىدى. شۇڭا ئىمام شافىئىينىڭمۇ«كونا» ۋە « يېڭى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى مەزھىبى بولغان. ئاۋۋالقىسى ئىراقتىكى ۋاقتىدا، كېيىنكىسى مىسىرغا كەلگىنىدە ئوتتۇرىغا چىققان. چۈنكى ئۇ مىسىرغا كەلگىنىدە كۆپرەك ھەدىس بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولۇشى ئېھتىمال.

ئەمما ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە، ئىزدىنىش ۋە مەلۇمات ئېلىش ۋاستىلىرى كېڭەيدى. ھەتتا بىرقانچە مىنۇت ئىچىدىلا دۇنيانىڭ قايسىبىر كۇتۇبخانىسىدىكى كىتابلار بىلەن ئۇچراشقىلى بولىدۇ. ھەدىسلەرمۇ دۇنيانىڭ قايسىبىر يېرىدە بولمىسۇن ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن پىنھان قالمايدىغان بولدى. ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ توغرىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەزھەپ پېشۋالىرىغا يېتىپ بارالمىغان نۇرغۇن ھەدىسلەرنىڭ كېيىنكى ئالىملارغا يېتىپ كېلىشى ئارقىلىق مەزھەپتىكى بەزى مەسىلىلەر ۋە بەزى قاراشلارغا تۈزىتىش بېرىلگەن ئەھۋاللارمۇ كۆپ. چۈنكى بۇرۇنقىلار شۇ چەكلىك شارائىتنىڭ يار بېرىشىگە يارىشا ئىزدىنىپ ئۆزى توغرا، دەپ قانائەت قىلغانلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ قالدۇرۇپ ئۆتكەن. ئۇلار بەزى مەسىلىلەردە خاتالاشقان بولسىمۇ ئۆزۈرلۈكتۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزۈرلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا چوقۇم قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىجتىھاد قىلغۇچى ئەگەر توغرىسىنى تاپقان بولسا ئىككى ساۋابقا، خاتالاشقان بولسا بىر ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

## تەقلىد مەسىلىسى

بىراۋغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ رەيىنى قوبۇل قىلىش ئۇنى «تەقلىد» قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىلارنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرگەن كىشى « مۇقەللىد» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار «مۇقەللىد»نى مۇنداق دەپ تونۇشتۇرغان: مۇقەللىد — باشقا بىرىنىڭ سۆزىنى دەلىل ـ ئىسپات تەلەب قىلماستىن قوبۇل قىلغۇچى دېمەكتۇر. بۇ ئىمام

ھەرەمەين، ئىمام غازالىي ۋە باشقىلار ئىبىتقان تەرىپ[1].

## تەقلىد قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە باشقىلارنى تەقلىد قىلىشنىڭ جائىز ياكى ئەمەسلىكىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ مەسىلىلەردە تەقلىد قىلىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى قارار قىلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى بىلىش ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ھەر قانداق مۇسۇلمان ئادەم ئۆز ئەقلى بىلەن ئىزدىنىشى پەرزدۇر[2].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىدىغان شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىزدىنىش ۋە ئەقىل ئىشلىتىشكە ئەمر قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرى بۇيرۇلغان ئىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ.

﴿**أَوَلَمْ يَنظُرُواْ فِي مَلَكُوتِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا خَلَقَ اللّهُ مِن شَيْءٍ**﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟»[3].

﴿**وَفِي الْأَرْضِ آيَاتٌ لِّلْمُوقِنِينَ. وَفِي أَنفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ**﴾ تەرجىمىسى: «زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاھقا چىن ئىشەنگەن قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر»[4].

﴿**إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ**﴾ تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار»[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ پىكىر يۈرگۈزمىگەن كىشىنىڭ ھالىغا

(1) البرهان 2 ـ توم 1357 ـ بەت، المستصفى 2 ـ توم 387 ـ بەت.
(2) روضة الناظر2 ـ توم 312 ـ بەت، الإحكام 4 ـ توم 300 ـ بەت، المحصول 457 ـ 460 ـ بەتلەر، تيسير التحرير 4 ـ توم 243 ـ بەت، فواتح الرحموت 2 ـ توم 402 ـ بەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 185 ـ ئايەت.
(4) زارىيات سۈرىسى 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر.
(5) ئال ئىمران سۈرىسى 190 ـ ئايەت.

ۋاي» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان[1].

2 ـ پۈتـۈن ئىـسلام ئۆلىمـالىرى ئىـسلام دىنىنىـڭ راسـتلىقى توغرۇلـۇق باشـقىلارنى تەقلىـد قىلىـشنىڭ جـائىز ئەمەسـلىكىدە ئىتتىپاقتـا كەلـگەن. چـۈنكى تەقلىـدچىلىك شـەرئەتتە سـۆكۈلىدىغان بىـر ئىـش. بىـر ئىـشنىڭ سـۆكۈلگەنلىكى ئۇنىـڭ قەتئىـي تـوغرا ئەمەسـلىكىنى كۆرسـىتىدۇ. ئـاللاھ تائـالا كۇففارلارنىـڭ سـۆزىنى ھېكـايە قىلىـپ مۇنـداق دېـگەن: ﴿**وَقَـــالُوا رَبَّنَا إِنَّا أَطَعْنَا سَادَتَنَا وَكُبَرَاءَنَا فَأَضَلُّونَاالـــسَّبِيلَا**﴾ تەرجىمىـسى: «ئـۇلار:"پەرۋەردىگـارىمىز! بىـز ھەقىـقەتەن باشـلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغـا ئىتـائەت قىلـدۇق، ئـۇلار بىزنـى تـوغرا يولـدىن ئازدۇردى"دەيدۇ»[2] .

چـۈنكى ھـېچكىم دىنغـا كىرىـشكە زورلانمايـدۇ. بـۇ ئىـسلام دىنىنىـڭ پرىنـسىدۇر. ئەھـۋال بۇنـداق ئىـكەن، ھەركىـم ئـۆز ئەقلـى بىـلەن ئـويلاپ ھەقىقەتنـى تېپىـپ، ئـۇنى ئـۆز قانـائەتى بىلەن قوبۇل قىلىـشى شـەرتتۇر. شـۇڭا ئىـسلام دىنىـدا «تەقلىـد قىلغۇچىنىـڭ ئىمـانى دۇرۇس ئەمەس» دېگەن قائىدە بار.

3 ـ كـۆپ سـاندىكى ئىـسلام ئۆلىمالىرىغـا كـۆرە، ئىـسلام دىنىنىـڭ ئاساسـىي ئەقىدىـسى بولغـان ئـالتە ئىمـان مەسىلىـسىدە تەقلىـدچىلىك قىلىـش جـائىز ئەمەس. چـۈنكى بـۇ مەسـىلە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىـدىن تـا ھـازىرغىچە بىـر خىـل داۋام قىلىـپ كەلـگەن ئەڭ ئـۆزگەرمەس ۋە قەتئىيلەشـكەن مەسـىلىدۇر. بـۇ مەسـىلىنى بىلىـشتە ئۆلىمـالار بىـلەن ئـاۋام خەلقنىڭ پەرقى يوقتۇر. شۇنىڭدەك بۇ مەسىلىنى بىلىشنىڭ يولىدىمۇ ھەممە باراۋەردۇر[3].

4 ـ پۈتـۈن ئىـسلام ئۆلىمـالىرى بىـدئەت(دىنـدىن سـانالمايدىغان)ئىـشلاردا تەقلىـد قىلىشنىڭ قەتئىي خاتا ئىكەنلىكىـدە بىـردەك ئىتتىپـاقتۇر. چـۈنكى دىـن ئـۆز ۋاقتىـدا كامالىغـا يېتىـپ بولغـان. كامالىغـا يەتـكەن نەرسـە زىيـادىنى قوبـۇل قىلمايـدۇ. ئـاللاھ تائـالا مۇنـداق دېـگەن: ﴿**الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْـلَامَ دِينًـا**﴾ تەرجىمىـسى: «بۈگـۈن سـىلەرنىڭ دىنىڭلارنـى پۈتـۈن قىلـدىم، سـىلەرگە نېمىتىمنـى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[4] .

---

(1) ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان «سەھىھ» ھەدىس.

(2) ئەھزاب سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

(3) الكوكب المنير 4 ـ توم 538 ـ بەت، نـشر البنـود 2 ـ تـوم 337 ـ بـەت، المـسودة 458 ـ بـەت، التمهيـد 4 ـ تـوم 398 ـ بەت.

(4) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى بىزنىڭ بۇ دىنىمىزدا بىدئەتنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ قەتئىي رەت قىلىنىدۇ»[1] .

## تەقلىد قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار

يۇقىرىدا تەقلىد قىلىش مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن باشقا بارلىق دىنىي مەسىلىلەردە باشقىلارنى تەقلىد قىلىشنىڭ جائىزلىقىدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىتتىپاقتۇر[2].

## تەقلىد قىلىشقا بولىدىغان كىشىلەر

ئادالەتلىك مۇجتەھىدنى تەقلىد قىلىشنىڭ جائىزلىقىدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر[3].

مۇجتەھىد — ئىجتىھاد قىلىش سالاھىيىتىگە يەتكەن ۋە شەرىئەت دەلىللىرىدىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى توغرا يوسۇندا چىقىرالايدىغان كىشى دېمەكتۇر[4].

ئادالەت — سۆزى بىلەن قىلغانلىرى بىر ـ بىرىگە زىت كەلمىگەن، شەرىئەتتە بۇيرۇلغانلارنى ئورۇنلاش ۋە مەنئى قىلىنغانلاردىن يىراق بولۇشى بىلەن تونۇلغان ئۆلگىلىك ئالىمنىڭ سۈپىتىدۇر[5].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةً فَلَوْلاَ نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُواْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ تەرجىمىسى « مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟»[6]

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) أضواء البيان 7 –486 – بەت، إمتاع العقول 204 – بەت.

(3) روضة الناظر 2 – توم 384 – بەت، شرح المنار 3 – توم 38 – بەت، فواتح الرحموت 2 – توم 402 – بەت.

(4) إرشاد الفحول 250 – بەت.

(5) غاية المنتهى 3 –توم، 473 – بەت، حاشية الروض المربع 7 –توم 593 – بەت.

(6) تەۋبە سۈرىسى 122 ـ ئايەت.

## ئادالەتلىك مۇجتەھىدلار كىملەر؟

ئادالەتلىك مۇجتەھىدلار ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر بولۇپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان مەزھەپلەرنىڭ پېشىۋالىرى، ئۇلاردىن قالسا، ھەر بىر مەزھەپنىڭ مۆتىۋەر مۇجتەھىدلىرى ۋە باشقا ساالاھىيەتلىك مۇجتەھىد ئالىملاردۇر. مەسىلەن: ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋاسى ئىمام ئەزەم بولۇپ، بۇ مەزھەپنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئىمام ئەبۇ يۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىمام زۇفەرلەردۇر.

## مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ ھۆكمى

بۇ ماۋزۇ تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ ئاۋام خەلقنىڭ مەزھەپكە ئەگىشىش مەسىلىسى

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، ئاۋام خەلقنىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشى (ئەگىشىشى) جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياخشىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىلمەيدىغان كىشىلەرنى بىلىدىغان ئۆلىماالاردىن سوراپ ئۆگىنىشكە ئەمر قىلغان: ﴿فَاسْأَلُواْ أَهْلَ الذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوراپ ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلىدىغانلارغا كايىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار بىلمىگەنلىرىنى سوراپ ئۆگەنسە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەتەن يېتەرسىزلىكنىڭ شىپاسى سوئالدۇر»[2]

ئاۋام خەلقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈشكە چاقىرىلغان. شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش شەرت. ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ بىرلا يولى بىلگەنلەرنى تەقلىد قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋام خەلقنىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشى ۋاجىبتۇر.

2 ـ ئىجتىھاد قىلالمايدىغان ئالىمنىڭ مەزھەپكە ئەگىشىش مەسىلىسى

شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ دەلىللىرىنى ئۆز ئىجتىھادى بىلەن كۈچلۈك ياكى زەئىپ دەپ ئايرىيالايدىغان مەرتىبىگە يەتمىگەن ئۆلىمانىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى جائىزمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىسلام فىقھىشۇناس

(1) نەھل سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

(2) ئەبۇداۋۇد، ھاكىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئالىملىرى ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى جائىز دېگەن قارارغا كەلگەن. بۇ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا يولى بولمىغان كىشى ئۈچۈندۇر. ئەمما ئۇ بىرەر مەسىلىنىڭ دەلىلىنى بىلىپ، ئۆزى تەقلىد قىلىپ ئەگەشكەن مەزھەپنىڭ شۇ مەسىلىدىكى قارارى مەزكۇر دەلىلغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بايقىسا، ئۇ مەسىلىدە ئۆز مەزھىبى بويىچە ئەمەس، بەلكى شۇ دەلىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرىشى پەرزدۇر[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدى ئىبنى ھاتەمگە: »ھارامنى ھالال ۋە ھالالنى ھارام قىلىشتا ئۆلىمالارنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلغان كىشى ئۇنىڭغا چوقۇنغان ۋە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ« دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلىسە كېرەك[2].

3 ـ ئىجتىھاد قىلالايدىغان كىشىنىڭ باشقىسىنى تەقلىد قىلىشى

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارغا كۆرە، ئۆز ئىجتىھادى بىلەن شەرىئەت دەلىللىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇلاردىن مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۇتتۇرىغا قويۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن كىشىنىڭ كۈچى يەتمىگەن بەزى مەسىلىلەردە باشقا بىرىنى تەقلىد قىلىشى جائىزدۇر[3].

مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگەشكەن كىشىنىڭ باشقا بىر مەزھەپنىڭ رەيىنى قوبۇل قىلىشى جائىزمۇ؟

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگەشكەن كىشىنىڭ بەزى مەسىلىلەردە باشقا بىر مەزھەپنىڭ رەيىنى قوبۇل قىلىشى جائىزدۇر. بۇ، شۇ مەسىلىدە باشقا مەزھەپنىڭ تۇتقان يولى ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ئۈچۈندۇر. ئەمما قايسىسىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن كىشىنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يول يوق. ئۇ ئۆز مەزھىبىگە چىڭ ئېسىلىشى لازىم[4].

## رۇخسەت ئىزدەپ باشقا مەزھەپكە ئۆتۈش جائىزمۇ؟

پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاۋامنىڭ ئوڭايلىق ئىزدەپ ئۆلىمالارنىڭ رۇخسەتلىرى ئارقىسىدىن چېپىشىنىڭ قەتئىي جائىز ئەمەسلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى ئۆزى

---

(1) شرح الكوكب المنير 4 ـ توم 574 ـ بەت، اعلام الموقعين 4 ـ توم 331 ـ بەت، مجموع الفتاوى 4 ـ توم 253 ـ بەت.

(2) تىرمىزى، ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

(3) فواتح الرحموت 2 ـ توم 402 ـ بەت، المستصفى 2 ـ توم 384 ـبەت.

(4) غاية الوصول 152 ـ بەت، إرشاد الفحول ـ بەت.

مەنسۇب بولغان مەزھەبىدىن باشقا بىر مەزھەپكە رۇخسەت ئىزدەپ ئۆتۈش ئۆلىمالارنىڭ سۆزىنى شەرئەت دەلىللىرىدىن ئۈستۈن بىلگەنلىك ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، دىنىنىڭ ھەيۋىتىنى چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردۇر. مۇندىن باشقا شەرئەت ئەھكاملىرىدا رۇخسەت ئىزدەپ يۈرۈش كىشىنى كۆپلىگەن خاتالىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ[1].

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ نەرسە دىنىي يىقىتىدۇ: بىرىنچىسى، ئالىمنىڭ ئېزىپ كېتىشى، ئىككىنچىسى، مۇناپىقلارنىڭ قۇرئان توغرۇلۇق جېدەل قىلىشى، ئۈچىنچىسى، ئازغۇن يول باشچىلار»[2]

## مەزھەبكە ئەگەشمەسلىك دەۋاسى

زامانىمىزدا مەزھەپكە ئەگەشمەسلىك دەۋاسىنى قىلغۇچىلارنىڭ تولىسى ئاز ـ تولا ھەدىس ئۆگىنىشۋېلىپلا ئۆزلىرىنى مۇجتەھىد ئالىملاردىن سانىغان ئاز ساندىكى كالتەپەملەرنىڭ دەۋاسى بولۇشى مۇمكىن. شەرئەت ئىلىملىرىدە مۇجتەھىدلىق مەرتىبىسىگە يەتمىگەنلەرنىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈشى ئەقىل ۋە شەرئەتنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر. چۈنكى شەرئەت دەلىللىرىدىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى توغرا يوسۇندا چىقىرىش ھەممىلا ئالىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۆزى قانائەت قىلغان، توغرا مەزھەپنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر. مۇنداق قىلغان كىشى تۈرلۈك خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ھەر قانداق ئالىم مەزھەپتىن بىھاجەت بولالايدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئەڭ ئاۋۋال زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالار، ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىنىي ماقاملىرىدىكى كاتتا ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان بولار ئىدى. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدلەرمۇ ئىمام ئەزەمدىن قېلىشمايدىغان مۇجتەھىد ئالىملار ئىدى. ئۇلار ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەللەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان ئۇستازلار بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئىمام ئەزەمدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەزھەپ تەسىس قىلىشقا تامامەن ئىقتىدارلىق زاتلار ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرى قانائەت قىلغان ھەنەفىي مەزھىبىدىن ۋاز كەچمىگەن.

---

(1) شرح الكوكب المنير 4 ـ توم 577 ـ بەت ، إرشاد الفحول 272 ـ بەت ، غذاء اللباب 1 ـ توم 193 ـ بەت ، روضة الطالبين11 ـ توم 117 ـ بەت.

(2) دارىمىي رىۋايىتى.

## بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتىكى مېتودىم

1 ـ مەن بۇ كىتابنى ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبى بولغان ھەنەفىي مەزھىبىنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىقتىم. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى بەزى مەسىلىلەردە باشقا مەزھەپلەرنىڭ ھەنەفىي مەزھىبىدىن كۈچلۈكرەك قاراشلىرىنى شۇ مەزھەپنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرى بىلەن بىرگە بايان قىلىپ قويدۇم. مەسىلەن: ھەنەفىي مەزھىبىدە ھاجىلارنىڭ ئەرەفاتتا ۋە مۇزدەلىفەدە ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ بىر ۋاقىتتا ئوقۇشىدىن باشقا قايسىبىر ھالەتتە نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇشنى دۇرۇس ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەمما باشقا مەزھەپلەردە سەپەردە، قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە ۋە ئۆزۈرلۈك ئەھۋاللاردا بۇنداق قىلىش دۇرۇستۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن «سەھىھ ـ ئەڭ ئىشەنچلىك» ھەدىسلەر بار. («نامازنى جەمئى قىلىپ ئوقۇش»دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ).

2 ـ ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئارىسىدىمۇ بەزى مەسىلىلەردە ئىختىلاپلار بولغانلىقتىن، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنىڭ دەلىل ـ ئىسپات جەھەتتە ئەڭ كۈچلۈك دەپ قارالغانلىرىنى ۋە ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرى ئەڭ توغرا، دەپ قوبۇل قىلغانلىرىنى تاللاپ ئالدىم. بەزى مەسىلىلەردە ئىمام ئەزەم بىلەن شاگىرتلىرىنىڭ قارىمۇ قارشى كۆز قاراشلىرىنى ئەينەن بايان قىلدىم. ئەمما ـ كىتابىمدىكى ـ مەزھەپ مۆتىۋەرلىرىنىڭ رەيى بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەر ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن مەسىلىلەر ياكى كۆپ سانلىق ئىتتىپاققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن بەس — مۇنازىرە قىلىشمايدىغان مەسىلىلەردۇر.

## مۇكەللەپنىڭ تەرىپى

مۇكەللەپ — شەرىئەت تەكلىپلىرىنى ئورۇنلاشقا سالاھىيەتلىك كىشى دېمەكتۇر.

مۇكەللەپ بولۇشنىڭ شەرتى — مۇسۇلمان بولۇش، بالاغەتكە يەتكەن بولۇش ۋە ئەقلى جايىدا بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئوغۇللار 12 ياش بىلەن 15 ياش ئارىسىدا، قىزلار 9 ياش بىلەن 15 ياش ئارىسىدا بالاغەتكە يېتىدۇ.

# شەرىئەت ئىستىلاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى

سوئال: بىلىش زۆرۈر بولغان شەرىئەت ئىستىلاھلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىبادەتكە سالاھىيەتلىك بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان شەرئەت ئىستىلاھلىرى 7 بولۇپ، ئۇلار: پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، ھارام، مەكرۇھ تەھرىمى، مەكرۇھ تەنزىھى، مۇباھتۇر.

**پەرز**

سوئال: پەرز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پەرز - ئۇنىڭ بۇيرۇلغانلىقى قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر (راستىنلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى بىر توپ جامائەت تەرىپىدىن بىرخىل ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلىنىپ، شۈبھىسىز دەرىجىدە ئىسپاتلانغان) ھەدىسلەرنىڭ ئېنىق ۋە كەسكىن دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن ئەمەللەر دېمەكتۇر.

مەسىلەن: قۇرئان كەرىمنىڭ دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن بەش ۋاخ ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىقلارغا، مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن نامازدا قۇرئان ئوقۇش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئەمەللەر.

سوئال: پەرزنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: پەرزنىڭ ھۆكمى: ئۇنى ئورۇنلاش زۆرۈردۇر. ئورۇنلىغان كىشى ساۋاب تاپىدۇ. ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن ئورۇنلىمىغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئۆزىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

سوئال: پەرز قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: پەرز ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، پەرز ئەيىن، يەنە بىرى، پەرز كىفايەدۇر.

سوئال: پەرز ئەين دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پەرز ئەيىن — مۇسۇلمانلاردىن ھەر بىر شەخسنىڭ بىۋاستە ئۆزى ئورۇنلىشىغا بۇيرۇلغان پەرز دېمەكتۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، ھارام ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا ئوخشاش ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇلغان ئەمەللەردۇر.

سوئال: پەرز ئەيىننىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: پەرز ئەيىن دەپ ئاتالغان ئەمەللەرنى مۇسۇلمانلاردىن ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزى ئورۇنلىشى شەرتتۇر. باشقىلارنىڭ ئورۇنلاپ قويۇشى بىلەن ئادا تاپمايدۇ.

سوئال: پەرز كىفايە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پەرز كىفايە - ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرزدۇر. مەسىلەن: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش، دىنى ئىلىم ياكى پەن تېخنىكا ساھەلىرىدىن قايسىبىرىدە مۇتەخەسسىس بولۇش، جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەمەللەردۇر.

سوئال: پەرز كىفايە بولغان ئىشلار پەرز ئەينىغا ئايلىنامدۇ ؟

جاۋاب: پەرز كىفايە بولغان ئىشلار گاھىدا پەرز ئەينىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر مەھەللىدە ياكى بىرەر شەھەردە بىر كىشىدىن باشقا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىدىغان ئادەم چىقمىسا، خەلققە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرىش شۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەين بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بىرەر ئىلىم ساھەسىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ئادەتتە پەرز كىفايە بولۇپ، مەلۇم بىر ئىلىم ساھەسىدە ئوقۇشقا تاللانغانلار ئۈچۈن شۇ ساھەدە ئوقۇش پەرز ئەينىغا ئايلىنىدۇ.

سوئال: پەرز كىفايەنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: پەرز كىفايە ئەمەللىرىنى مۇسۇلمانلار ئامىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئورۇنلىشى بىلەن ئورۇنلىمىغانلارنىڭ ئۈستىدىكى بۇ پەرزنى ئورۇنلاش بۇرچى ئادا تاپىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن ھېچبىرسى بۇ پەرزنى ئورۇنلىمىغان بولسا، پۈتۈن مۇسۇلمان ئاممىسى گۇناھكار بولىدۇ ۋە تەرك قىلىنغان بۇ پەرز ئۈچۈن ھەممىسى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## ۋاجىب

سوئال: ۋاجىب دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ۋاجىب - بۇيرۇلغانلىقى قۇرئان كەرىم دەلىللىرى بىلەن ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، شۇ مەسىلىگە نىسبەتەن دالالىتى كەسكىن بولمىغان ئايەتلەر ۋە غەيرى مۇتەۋاتىر(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى بىر ياكى ئىككى ساھابە تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك، كەسكىن دەلىل - ئىسپاتلار قاتارىدىن

ئـورۇن ئالالمىغـان) ھەدىـسلەر بىـلەن بېكىـتىلگەن ئەمەلـلەر دېمەكتـۇر. مەسـىلەن: قۇربانلىق قىلىش، پىتىر سەدىقىسى، ھېيت نامازلىرى، ۋىتىر نامىزى قاتارلىقلار.

سوئال: ۋاجىبنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جـاۋاب: ۋاجىبنـى ئـورۇنلاش خـۇددى پەرزگە ئوخـشاش زۆرۈردۇر. ۋاجىـب ئەمەللەرنـى ئورۇنلىغـان كىشى ساۋاب تاپىـدۇ. ئـۇنى تەرك ئەتكەن كىشى پەرزنـى تەرك ئەتكەنىنىڭ گۇناھىـدىن بىر دەرىجىـدە تـۆۋەن گۇناھكـار بولىـدۇ. ۋاجىبقا ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولمايدۇ، بەلكى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

**سۈننەت**

سوئال: سۈننەت دېگەن نېمە؟

جـاۋاب: سـۈننەت- پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سـۆزلىرى، ئىـش - پائـالىيەتلىرى، ئەمەل - ئىبـادەتلىرى ۋە باشـقىلاردىن سـادىر بولغـان ئىـشلاردىن شەرىئەتكە ئويغۇن كېلىدىغانلىرىنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىرى دېمەكتۇر.

سـۈننەتنىڭ يەنە بىـر مەنىـسى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام پەرز، ۋاجىـب ئەمەللەرنىـڭ سىـرتىدا قىلغـان ۋە بىزنىـمۇ قىلىـشقا تەۋسـىيە قىلغـان ئىبـادەتلەردۇر. مەسـىلەن: بەش ۋاخ نامازنىـڭ سـۈننەتلىرىنى ئوقـۇش، تاھـارەت ئالغانـدا مىـسۋاك قوللىنىـشقا ئوخـشىغان ئەمەللەر.

سوئال: سۈننەت قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟

جاۋاب: سـۈننەت ئىككـى تۈرلـۈك بولىـدۇ: ئۇلارنىـڭ بىـرى، تەكىتلىـك سـۈننەت، يەنە بىرى، تەكىتسىز سۈننەتتۇر.

سوئال: تەكىتلىك سۈننەت دېگەن نېمە؟

جـاۋاب: تەكىتلىـك سـۈننەت - پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام ھەمىـشە ئورۇنلاشـقا ئـادەتلەنگەن ۋە ئۆزرىسـىز قەتئىـي تەرك ئەتمىـگەن ئەمەلـلەر دېمەكتـۇر. مەسـىلەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەتتە مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشاش ئەمەللەر.

سوئال: تەكىتلىك سۈننەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جـاۋاب: تەكىتلىـك سـۈننەت بولغـان ئەمەللەرنـى ئورۇنلىغـان كىـشى سـاۋابقا ئېرىـشىدۇ. تەرك ئەتـكەن كىـشى گۇناھكـار بولمايـدۇ. بىـراق ئاللاھنىـڭ كايىـشىغا كايىشىغا ئۇچراش خەۋپى بار.

سوئال: تەكىتسىز سۈننەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تەكىتسىز سۈننەت - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇنلاشقا ئادەتلەنمىگەن بولۇپ، گاھىدا ئورۇنلىغان، گاھىدا ئۆزلۈكسىز تەرك ئەتكەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن: ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇنقى تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇشقا ئوخشاش ئەمەللەر. تەكىتسىز سۈننەت «مۇستەھەب» دەپ ئاتىلىدۇ.

سوئال: تەكىتسىز سۈننەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: تەكىتسىز سۈننەت بولغان ئەمەللەرنى ئورۇنلىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ، تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كايىشىغىمۇ ئۇچرىمايدۇ.

## ھارام

سوئال: ھارام دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ھارام - ئۇنىڭ قەتئىي تۈردە مەنئى قىلىنغانلىقى قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ دەلىللىرى بىلەن شۈبھىسىز ۋە كەسكىن ھالدا ئىسپاتلانغان ئىشلار دېمەكتۇر. مەسىلەن: زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش، ئۆسۈم يېيىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش گۇناھلار.

سوئال: ھارامنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلغان كىشى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. تەۋبە قىلماي قايتىمىسا دوزاخنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ھاراملارنى تەرك ئەتكەن كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ھارامنى ھالال سانىغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

## مەكرۇھ تەھرىمى

سوئال: مەكرۇھ تەھرىمى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەكرۇھ - ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش دېگەنلىك بولۇپ، مەكرۇھ تەھرىمى مەنئى قىلىنغانلىقى غەيرى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ئىشلار دېمەكتۇر. مەكرۇھ تەھرىمى ھارام تەرەپكە ئېھتىمالى كۈچلۈكرەك بولغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: تاھارەت ئالغاندا سۇنى ئىسراپ قىلىش ياكى نورمالدىن ئاز قوللىنىش، نامازدا تۇرغاندا كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياكى ئۇياق - بۇياققا قاراش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلار. ئەمما ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولسا، باشقىلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا

قىلىش (يەنى باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇش)، باشقا بىرى نىكاھلانماقچى بولغان ئايالغا ئۇنىڭ ئىزنىسىز نىكاھلىنىشىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلار.

سوئال: مەكرۇھ تەھرىمنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: مەكرۇھ تەھرىمنى ئىشلىگەن كىشى ھارامنى ئىشلىگەندىن بىر دەرىجە تۆۋەنرەك گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. مەكرۇھ تەھرىمنى ھالال سانىغان كىشى كاپىر بولمايدۇ. بەلكى گۇناھكار بولىدۇ.

**مەكرۇھ تەنزىھى**

سوئال: مەكرۇھ تەنزىھى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەكرۇھ تەنزىھى — مەنئى قىلىنغانلىقى غەيرى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر بىلەن بېكىتىلگەن ئىشلار دېمەكتۇر. مەكرۇھ تەنزىھى ھالال تەرەپكە ئېھتىمالى كۆپلۈكرەك بولغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: ئاممىۋى سورۇنلارغا ۋە مەسجىدلەرگە بېرىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ خام سامساق ۋە خام پىيازغا ئوخشاش ھىد ـ بۇيى يېقىمسىز نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغىنىغا ئوخشاش ئىشلار.

سوئال: مەكرۇھ تەنزىھىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: مەكرۇھ تەنزىھىنى ئىشلىگەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. ئەمما ئۇنى تەرك ئېتىش ئەۋزەلدۇر.

**مۇباھ**

سوئال: مۇباھ دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مۇباھ ـ ئۇنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان ئىشلار دېمەكتۇر. مەسىلەن: يېيىش ـ ئىچىش، ئولتۇرۇش ـ قوپۇشلارغا ئوخشاش ئىختىيارىي ئىشلار.

سوئال: مۇباھنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: مۇباھ بولغان ئىشلارنى ئىشلەش ياكى تەرك ئېتىش بىلەن ھېچقانداق گۇناھ ياكى ساۋاب بولمايدۇ.

**مۇباھ ئىشلارنىڭ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتۈشى**

سوئال: قانداق قىلغاندا مۇباھ ئىشلارنى ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: مۇباھ ئىشلارنى ياخشى نىيەت بىلەن ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە ئىبادەتلەردە پائالىيەتچان بولۇش نىيىتى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، مېڭىنى ياخشى دەم ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلاش نىيىتى بىلەن ئۇخلاش ۋە تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئارقىلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىنى ياخشى ئورۇنلاش نىيىتى بىلەن تەن ھەرىكەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ياتىدۇ ۋە بۇ ئىشلارغا ئاللاھ تائالا - ئۆز پەزلىدىن - چوقۇم ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ.

سوئال: شەرىئەت ئىستىلاھلىرىنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟

جاۋاب: يۇقىرىقى شەرىئەت ئىستىلاھلىرىنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ھەر قانداق ئەمەل - ئىبادەتلەردىكى پەرز ئىسمىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسى قەستەن ياكى سەۋەنلىك(ئۇنتۇپ قالغانلىق ياكى بىلمىگەنلىك) بىلەن تەرك قىلىنسا ياكى نۇقسان بىلەن قىلىنسا، شۇ ئەمەل - ئىبادەتلەر بۇزۇلغان بولىدۇ، ئۇنى قايتىدىن ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن: نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بولغان پائالىيەتلەردىن رۇكۇ ياكى سەجدىلەردىن بىرەرسىنىڭ تەرك قىلىنىشى بىلەن نامازنىڭ ئىناۋەتسىز بولغىنىغا ئوخشاش.

(2) ھەر قانداق ئەمەل - ئىبادەتلەردىكى ۋاجىب ئىسمىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسى تەرك قىلىنسا، بۇ ئەمەل - ئىبادەتلەر بۇزۇلمايدۇ، ئىناۋەتسىزمۇ بولمايدۇ. ئەمما ۋاجىبنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

مەسىلەن: ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىن كېيىنكى ئولتۇرۇشنى سەۋەنلىكتىن تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ نامازنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋە قىلىشى بىلەن نامىزى تولۇقلانغىنىغا ئوخشاش. ئەمما ۋاجىبنى قەستەن تەرك ئەتكەنلىكىنىڭ مىسالى: نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بولغان ھەر رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشنىڭ قەستەن تەرك قىلىنىشى بىلەن نامازلارنىڭ بۇزۇلغىنى ۋە ئىناۋەتسىز بولغىنىغا ئوخشاش.

(3) ھەر قانــداق ئەمەل ـ ئىبــادەتلەردىكى ســۈننەت نــامىنى ئالغــان ئىــشلاردىن بىرەرســىنىڭ يــاكى ھەممــسىنىڭ قەســتەن يــاكى ســەۋەنلىكتىن تەرك قىلىنىــشى بىــلەن شۇ ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بۇزۇلمايدۇ ۋە نۇقسان بىلەنمۇ سۈپەتلەنمەيدۇ.

مەســىلەن: نامازنىــڭ ســۈننەتلىرىدىن بولغــان ھەر رەكئەتنىــڭ بېــشىدا بىــسمىللاھ دېيىــشنىڭ تەرك قىلىنىــشى بىــلەن نامازنىــڭ نۇقــسانلىق بىــلەن ســۈپەتلەنمىگىنىگە ئوخشاش.

(4) ھەر قانــداق ئەمەل ـ ئىبــادەتلەردىكى مەكــرۇھ دېــگەن ئىــشلاردىن بىرەرســىنى يــاكى بىــردىن كــۆپىنى ســادىر قىلىــش بىــلەن شــۇ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىــڭ دۇرۇســلىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

مەســىلەن: پەرز نامــازلاردا بىرىنچــى رەكــئەتكە ئوقۇغــان(فــاتىھە سۈرىــسىدىن باشــقا) ســۈرىنىڭ ئــۆزىنى ئۆزۈرســىز ھالــدا، ئىككىنچــى رەكــئەتكە ئوقــۇش مەكرۇھتــۇر. ئەممــا ئۇنىــڭ بىــلەن نامازنىــڭ ســۈپىتىگە ۋە قوبــۇل بولــشىغا قەتئىــي تەســىر يەتمەيــدۇ. چــۈنكى«مەكــرۇھ»نىــڭ مەنىــسى ـ يۇقىرىــدا ئېيتىلغانــدەك ـ ياقتۇرۇلمىغــان ئىــش دېگەنلىك بولۇپ، ئىبادەتنى بۇزمايدۇ، سۈپىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

(5) شــەرت — بىــرەر ئەمەلنىــڭ ئەمەلــگە ئېشىــشى ئۈچــۈن مەۋجــۇد بولۇشــى شــەرت قىلىنغــان، ئەممــا شــۇ ئەمەلنىــڭ ماھىيىتىــدىن ســانالمايدىغان نەرســە دېمەكتــۇر. مەســىلەن: تاھــارەت نامازنىــڭ شــەرتىدۇر. تاھــارەت بولمىــسا نامــاز ئوقــۇغىلى بولمايــدۇ. بىراق تاھارەت نامازنىڭ قاتارىدىن سانالمايدۇ.

(6) جــائىز — دۇرۇس يەنــى قىلــسا بولــدۇ، دېگەنلىكتــۇر. مەســىلەن: نامــاز ئوقۇيــدىغان جايــدا نىجاســەت بولــسا، ئــۇنى تــازىلاپ، ئەســىرىنى يــوقىتىش ئــارقىلىق بــۇ جايدا ناماز ئوقۇش جائىز دېگەنلىك «دۇرۇس» دېگەنلىكتۇر.

# بىرىنچى بۆلۈم: ئىسلام دىنىدىكى ناماز

- ئىسلام دىنىدىكى ناماز
- نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى
- نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى پەزىلىتى
- بەش ۋاخ نامازنىڭ ھۆكمى
- كۈندىلىك بەش نامازنىڭ سىرلىرى
- نامازنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى
- نامازنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى
- ئىسلام دىنىدا تەلەپ قىلىنغان ناماز
- نامازدا «خۇشۇئ»نىڭ ئەھمىيىتى
- ئىنسان پىسخولوگىيىسى ۋە بەش ۋاخ ناماز
- نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

## ئىسلام دىنىدىكى ناماز

ناماز — پۈتۈن ساماۋىي دىنلاردا ئورتاق بۇيرۇلۇپ كەلگەن قەدىمى ئىبادەتتۇر. شەكلى ۋە ئۇقۇلۇش تەرتىبلىرى ئىسلام دىنىدىكى نامازغا ئوخشىمىسىمۇ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە ناماز پەرز قىلىنىپ كەلگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان خىتابىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي**﴾ يەنى « مەن ھەقىقەتەن(ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[1].

ئاللاھ تائالا يەنە ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئىسرائىل ئەۋلادى توغرۇلۇق توختالغان قىسسىدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لاَ تَعْبُدُونَ إِلاَّ اللّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسْناً وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ..**﴾ يەنى «ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھ تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا - ئانىغا، خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق»[2] .

ئەمما ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ناماز كۆپلىگەن خاسىيەتلىرى ۋە ھېكمەت - ئەسرارلىرى بىلەن باشقا دىنلاردىكى نامازلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ تونۇلغان بىر ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. ھېچقانداق دىنىدىكى ناماز ئىسلام دىنىدىكى نامازنىڭ كاتتا ئورنىغا ۋە ئالىي پەزىلىتىگە يېتەلمەيدۇ.

## نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

ئىماندىن كېيىنلا مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئاۋۋال بۇيرۇلغان ئىبادەت نامازدۇر. ئىسلام دىنىدا نامازنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋە ئۇلۇغلىقىغا يېتەلەيدىغان ئىككىنچى بىر ئىبادەت يوقتۇر.

1 - ناماز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) تاھا سۈرىسى 14 - ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 83 - ئايەت.

«دىنىنىڭ بېشى ئىسلام، ئۇنىڭ ئاساسلىق تىرىكى نامازدۇر»[1] .

2 ـ ناماز قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان بىردىنبىر ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ أَوَّلَ مَا أُفْتُرِضَ عَلَى النَّاسِ مِنْ دِيْنِهِمْ الصَّلاَةُ وَأَخِرُ مَا يَبْقَي الصَّلاَةُ وَأَوَّلُ مَا يُحَاسَبُ بِهِ الصَّلاَةُ**﴾ تەرجىمىسى: «ئىنسانلارغا دىندا ئەڭ ئاۋۋال پەرز قىلىنغان ئىبادەت نامازدۇر. ئەڭ ئاخىرغىچە داۋاملىشىدىغان ئىبادەتمۇ نامازدۇر. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەلمۇ نامازدۇر»[2] .

3 ـ ناماز — دىن يوقالمايدىكەن قەتئىي يوقالمايدىغان ئىبادەتتۇر. چۈنكى ناماز دىنىنىڭ شۇئارىدۇر.

4 ـ ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىدۇر. ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، سەكەراتتا تۇرۇپ «نامازنى تەرك ئەتمەڭلار! نامازنى تەرك ئەتمەڭلار!» دەپ ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

5 ـ نامازنىڭ پەرز بولغانلىق قىسسىسىمۇ، نامازنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكىگە ئايرىم دەلىلدۇر. چۈنكى پۈتۈن ئىبادەتلەر زېمىندا پەرز قىلىنغان بولسا، بەش ۋاخ ناماز ئىسرا ـ مىراج كېچىسى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا بىۋاسىتە ئەمر قىلىش ئارقىلىق ئاسماندا پەرز قىلىنغان. ئادەتتە، ھۆكۈمەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئەلچىلىرىنى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىشلار ئۈچۈنلا ئۆز دۆلىتىگە چاقىرتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا ۋە ئۈممەتلىرىگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە نامازنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ناماز مىراج كېچىسى پەرز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇڭا ئۇ، «مۇسۇلماننىڭ مىراجى» دېيىلگەن.

## نامازنىڭ پەزىلىتى

ئىسلام دىنىدا نامازنىڭ پەزىلىتى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئىسلام دىنى نامازغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى بارلىق ئىبادەتلەردىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدى. ئۇنى ئادا قىلىشقا

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

بۇيرۇشـــتا قـــاتتىق تەلەپ قىلىـــدى. ئـــۇنى تەرك ئەتكـــۈچىلەرنى قـــاتتىق ئـــازاب بىـــلەن ئاگاھلاندۇردى. چـۈنكى نامـاز ئىـسلام دىنىنىـڭ ئاساسـلىق تـۈۋرۈكى، جەننەتنىـڭ ئـاچقۇچى، پۈتـۈن ياخـشى ئىـشلارنىڭ بېـشى، تەقۋادارلىقنىـڭ ئىپادىـسى ۋە ھەقىقـي مۇسـۇلمانلىقنىڭ نىشانىسىدۇر. ئاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە نامـاز ئوقۇشـنى مۆمىنلەرنىـڭ ئىمانـدىن كېيىنكـى بىرىنچى سۈپىتى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئـۇلارنى ماختايـدۇ: ﴿**هُدًى لِلْمُتَّقِـــيْنَ الَّـــذِيْنَ يُؤْمِنُـــونَ بِالغَيْـــبِ وَيُقِيْمُـــونَ الـــصَّلَاةَ**﴾ تەرجىمىسى: «(قۇرئـان) تەقۋادارلارغـا يېتەكچىـدۇر. ئـۇلار غەيىبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ»[1] .

ئـــاخىرەتتە بەخـــتكە ئېرىـــشىدىغان مۆمىنلەرنىـــڭ سـۈپەتلىرىنىڭ بايـانى نامـاز بىـلەن باشلىنىپ يەنە ناماز بىـلەن خۇلاسـىلانغان: ﴿**قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُـــونَ الَّـــذِيْنَ هُـــمْ فِي صَـــلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ. وَالَّذِيْنَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ. وَالَّذِيْنَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ. وَالَّذِيْنَ هُمْ لِفُـــرُوْجِهِمْ حَافِظُونَ إِلاَّ عَلَىَ أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِيْنَ. فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَالِـــكَ فَأُولَئِكَ هُمُ العَادُونَ. وَالَّذِيْنَ هُمْ لِأَمَانَتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ. وَالَّذِيْنَ هُـــمْ عَلَـــىَ صَـــلَوَاتِهِمْ حـــــَافِظُونَ**﴾ تەرجىمـــسى: «مـــۆمىنلەر ھەقىـــقەتەن بەخـــتكە ئېرىـــشتى. ئـــۇلار شـــۇنداق مـــۆمىنلەركى نامازلىرىـــدا ئـــاللاھ تائالانىـــڭ ئۇلۇغلىقىـــدىن ســۈر بېــسىپ كەتكەنلىكــتىن ئەيمىنىــپ تۇرغـۇچىلاردۇر. ئـۇلار بىھـۇدە سـۆز ۋە بىھـۇدە ئىـشتىن يىـراق بولغـۇچىلاردۇر. ئـۇلار زاكـــات بەرگـــۈچىلەردۇر. ئـــۇلار ئەۋرەتلىرىنـــى ھارامـــدىن ســـاقلىغۇچىلاردۇر. بـــۇلار بىـــلەن يېقىنچىلىـــق قىلغـــۇچىلار مـــالامەت قىلىنمايـــدۇ. بۇنىـــڭ ســـىرتىدىن جىنـــسىي تەلەپنـــى قاندۇرۇشـنى تەلەپ قىلغـۇچىلار ھەددىـدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئـۇلار يەنـى مـۆمىنلەر ئـۆزلىرىگە تاپـشۇرۇلغان ئامـانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھـدىگە رىئـايە قىلغـۇچىلاردۇر. ئـۇلار نامـازلىرىنى ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلغۇچىلاردۇر»[2] .

## نامازنىڭ ھۆكمى

ھەرقانـداق بـالىغ، ئاقىـل بولغـان مۇسـۇلمان كىـشىگە كۈنـدە بەش ۋاخ نامـاز ئوقـۇش پەرز ئەيندۇر.

ئـاللاھ قۇرئـان كەرىمـدە نامازنىـڭ پەرز ئىكەنلىكىنـى ئـېلان قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿**إِنَّ**

(1) بەقەرە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

(2) مۇئمىنۇن سۈرىسى 1 ـ 9 ـ ئايەتلەر .

**الصَّلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِيْنَ كِتَابًا مَّوْقُوْتًا﴾** تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى»[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**خَمْسُ صَلَوَات كَتَبَهُنَّ اللَّهُ عَلَى الْعَبَاد مَنْ جَاءَ بِهِنَّ لَمْ يُضَيِّعْ مِنْهُنَّ شَيْئا اسْتِخْفَافا بحَقِّهِنَّ كَانَ لَهُ عِنْدَ للَّه عَهْدٌ أَنْ يُدْخِلَهُ الْجَنَّةَ وَمَنْ لَمْ يَأْت بِهِنَّ فَلَيْسَ لَهُ عِنْدَ اللَّه عَهْدٌ إِنْ شَاءَ عَذَّبَهُ وَإِنْ شَاءَ أَدْخَلَهُ الْجَنَّةَ**» تەرجىمىسى: «ئاللاھ بەندىلەرگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى، كىمكى بەش ۋاخ نامازنى ئەھمىيەتسىز ساناپ، ئۇلارنى زايا قىلىۋەتمەستىن، تولۇق ئادا قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ئەھدىسى باردۇر. كىمكى بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلمايدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىگە ئەھدىسى يوقتۇر، خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[2] .

تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «**جاءَ رَجُلٌ إلى رسولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ أهلِ نَجْد ثائرَ الرأْسِ يُسمعُ دَوِيُّ صَوته ولا يُفْقَهُ ما يقولُ، حتى دَنا، فإذا هُوَ يَسْأَلُ عنِ الإسلام، فقال رسولُ اللّه صلى الله عليه وسلم: خَمسُ صَلَوات في الْيَوْمِ والليلة. فقال: هَل عَلَيَّ غَيْرُها؟ قال: لا، إلاّ أنْ تَطَوَّعَ. قال رسولُ اللّه صلى الله عليه وسلم: وَصِيامُ رَمَضانَ. قالَ: هلْ عَلَيَّ غيرُهُ؟ قال: لا، إلاّ أن تَطَوَّعَ. قال وَذَكرَ لَه رسولُ اللّه صلى الله عليه وسلم الزَّكاةَ، قال هلْ عَلَيَّ غيرُها؟ قال: لا، إلاّ أن تَطَوَّعَ. قال فأدْبَرَ الرَّجُلُ وَهُوَ يقولُ: وَاللّه لا أزيدُ عَلَى هذا ولا أنقُصُ. قال رسولُ اللّه صلى الله عليه وسلم: أفْلَحَ إنْ صَدَقَ**» تەرجىمىسى: «نەجدىلىك بىر ئادەم چېچى چۇۋۇلغان قىياپەتتە يىراقتىن بىر نەرسە دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدۇق، ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭ ئىسلام توغرۇلۇق سورىغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: يارەسۇلەللاھ ئاللاھ ماڭا نامازدىن نېمىنى پەرز قىلدى؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، "بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيسەن" دەپ جاۋاپ بەردى. ئەرابىي: ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا پەرزمۇ بارمۇ؟ دېدى،

---

(1) نىسا سۈرىسى 103 ـ ئايەت.

(2) نەسائىي رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”يوق، پەقەت نەپلە (ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ئوقۇيدىغان نامازلار) ۋە رامىزان روزىسى بار“دېدى ئەرابىي: ئۇنىڭدىن باشقىسىمۇ بارمۇ؟“ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ”يوق، پەقەت نەپلە روزىلارنى تۇتساڭ بولىدۇ“، دېدى ۋە زاكاتنى چۈشەندۈردى، ئەرابىي يەنە ”ئۇنىڭدىن باشقىسىمۇ بارمۇ؟“ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭغا: ”يوق پەقەت ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن سەدىقە ۋە ئېھسانلارنى قىلساڭ بولىدۇ“ دېدى، ئەرابىي ”ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا كەم - زىيادە قىلمايمەن“ دېگىنىچە قايتتى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”بۇ ئادەم سۆزىدە راستچىل بولسىلا، نىجاتلىققا ئېرىشتى“ دېدى»[1] .

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى مەيلى ئۇلار ئۆيىدە بولسۇن، مەيلى سەپەردە بولسۇن، مەيلى ئوڭۇشلۇقتا بولسۇن، مەيلى قىيىنچىلىقتا بولسۇن، مەيلى ئامانلىقتا بولسۇن، مەيلى جەڭ مەيدانىدا بولسۇن، ھەر قانداق شارائىتتا نامازنى چوقۇم ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ الْوُسْطَىٰ وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ. فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا**﴾تەرجىمىسى: «(بەش) نامازنى بولۇپمۇ ئەسىر نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار). ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا(يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار. قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىۋاتقىنىڭلاردىمۇ نامازنى ئادا قىلىڭلار»[2] .

يەنى قورقۇنچلۇق ھاللاردىمۇ، ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ، قاتناش قوراللىرى ئۈستىدىمۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىسىز ھالدا، ئىما - ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ، نامازنى داۋاملاشتۇرۇڭلار دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى قىبلىگە قاراشقا ئىمكانىيەت بولمىغان شارائىتلاردا، قىبلىگە قاراشنى شەرت قىلماستىن نامازنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلِلَّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا فَثَمَّ وَجْهُ اللَّهِ**﴾ تەرجىمىسى: «مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ( يەنى پۈتۈن يەر شارى) ئاللاھنىڭدۇر. قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ، ئاللاھنىڭ مۆلكى(يەنى ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى)دۇر»[3] .

نامازنى بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بەقەرە سۈرىسى 138 - 139 - ئايەت.

(3) بەقەرە سۈرىسى 115 - ئايەت.

﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّيْنَ. الَّذِيْنَ هُمْ عَنْ صَلَاتِهِمْ سَاهُوْنَ﴾تەرجىمىسى: «شۇنداق نامازئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ»[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ حَافَظَ عَلَيْهَا كَانَتْ لَهُ نُورًا وَبُرْهَانًا وَنَجَاةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ، وَمَنْ لَمْ يُحَافِظْ عَلَيْهَا لَمْ يَكُنْ لَهُ نُورٌ وَلَابُرْهَانٌ وَلَانَجَاةٌ، وَكَانَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مَعَ قَارُونَ وَهَامَانَ وَفِرْعَوْنَ وَأُبَيِّ ابْنِ خَلَفٍ﴾ تەرجىمىسى: «كىمكى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلىدىكەن، ناماز ئۇنىڭغا توغرا يولدا مېڭىشتا نۇر، (مۇسۇلمانلىقىغا ) دەلىل ۋە قىيامەت كۈنىدە (ئازابتىن) نىجاتلىق بولىدۇ. كىمكى ئۇنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇنىڭغا نۇرمۇ يوق، دەلىلمۇ يوق، قىيامەت كۈنىدە ئازابتىن نىجاتلىقمۇ يوقتۇر. ئۇ، قىيامەت كۈنى قارۇن، پىرئەۋن، هامان ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەپلەر بىلەن بىرگە قوپىدۇ»[2] .

ناماز تېنى ساق مۇسۇلمان كىشىدىن قەتئىي ساقىت بولمايدۇ. ھەتتا ناماز ئوقۇشقا ئىما ـ ئىشارەتكە چامى يېتىدىغان ۋەزىيەتتىكى كېسەل كىشىدىنمۇ ساقىت بولمايدۇ. بۇ ھەقتىكى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىسى مۇنداق: «كېسەل كىشى ئورنىدىن تۇرۇشقا ماجالى بولسا، نامازنى ئادەتتىكىدەك ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئەگەر ئورنىدىن تۇرالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئولتۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئەگەر ئولتۇرۇشقىمۇ قادىر بولالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ياتقان يېرىدە بېشى بىلەن ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر كېسىلى ئېغىر بولۇپ، بېشى بىلەنمۇ ئىما ـ ئىشارەت قىلالمايدىغان ياكى سۆزنى چۈشەنمەيدىغان ھالەتتە بولسا، شۇ ۋاقىتتىلا ناماز ئۇنىڭدىن كېچىكتۈرۈلىدۇ»[3] .

كېسەللىك سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇشقا ئامالسىز قالغان كىشىنىڭ ھالى شۇنداق بولغان يەردە، تېنى ساق، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇمىغان كىشىنىڭ ھالى قانداق بولار...؟

باللارنى كىچىكىدىن نامازغا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇش، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، نامازغا كۆندۈرۈش يۈزىسىدىن يېنىك ئۇرۇش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق

(1) مائۇن سۈرىسى 4 ـ 5 ـ ئايەتلەر.

(2) ئەھمەد رىۋايىتى.

(3) الهداية، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 100 ـ بەت، فتح القدير 1 ـ توم 375 ـ بەت.

دەيـدۇ: « **مُرُوا اَوْلاَدَكُمْ بِالصَّلاَةِ لِسَبْعٍ وَاضْرِبُوهُمْ عَلَيْهَا لِعَشْرٍ** » يەنـى «بـالىلىرىڭلارنى يەتـتە يېشىدا نامازغا بۇيرۇڭلار. ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا يېنىك ئۇرۇڭلار»[1] .

شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئىسلام دىنىدا بالىلارنى نامازدىن باشقا بىرەر مەسىلە ئۈچۈن ئۇرۇش چەكلىنىدۇ. بۇمۇ ئىسلام نەزەرىدە نامازنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

## كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنىڭ سىرى

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان بەش ۋاخ نامازنىڭ ئورۇنلاش ۋاقىتلىرىنى كېچە - كۈندۈزنىڭ ئوخشاش بولمىغان سائەتلىرىگە بەلگىلىدى. بەش ۋاخ ناماز ھەقىقەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك سادىر قىلغان خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرىنى يۇيۇپ پاكلايدىغان مەنىۋى مۇنچىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا بۇ مەنىنى مۇنۇ مىسال بىلەن ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن: « **أَرَأَيْتُمْ لَوْ أَنَّ نَهْراً بِبَابِ أَحَدِكُمْ يَغْتَسِلُ مِنْهُ كُلَّ يَوْمٍ خَمْسَ مَرَّاتٍ. هَلْ يَبْقَىٰ مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ؟ قَالُوا: لاَ يَبْقَىٰ مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ. قَالَ: فَذَٰلِكَ مَثَلُ الصَّلَوَاتِ الْخَمْسِ. يَمْحُو اللهُ بِهِنَّ الْخَطَايَا** » تەرجىمىسى: «ئېيتىڭلارچۇ! ئەگەر سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنسا ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟ دەپ سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ساھابىلار ”ياق، قالمايدۇ“ دەپ جاۋاپ بېرىشتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”بەش نامازنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشاشتۇركى، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن خاتالىقلارنى يوققا چىقىرىدۇ“ دېدى»[2] .

ئىنسان شۇنداق ئاجايىپ يارىتىلغان بىر مەۋجۇداتكى، ئۇنىڭدا پەرىشتىلەردە بولىدىغان روھانىيلىق، ھايۋانلاردا بولىدىغان شەھۋانىي ھەۋەس ۋەيىرتقۇچلاردا بولىدىغان غەزەپ (ئاچچىق) باردۇر.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىكى شەھۋانىي ھەۋەس ياكى غەزەپ ئۇنىڭدىكى روھانىيلىققا غالىب كېلىپ، ئۇنى تۈرلۈك خاتالىقلارغا باشلاپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ خاتالىششى ئەيىب سانىلىدىغان ئىش ئەمەس. ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ. لېكىن ئەڭ چوڭ خاتالىق ئىنساننىڭ خاتالىقلار ئۈستىگە خاتالىقلارنى سادىر قىلىش

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئــارقىلىق، خاتــالىقلار دېڭىزىغـــا چۆكــۈش نەتىجـــىسىدە، ھايۋانلارغـــا ئوخـــشاش بولـــۇپ كېتىــشىدۇر. بەش نامــازدا خاتالاشــقانلارنىڭ خاتــالىقلىرىنى تۈزىتىـــپ تــوغرا يــول تېپىــشى، غەپلەتتىكىلەرنىــڭ ئۇيقۇلىرىــدىن ئويغىنىــشى، ئازغانلارنىــڭ ئــۆز پەرۋەردىگــارى تەرەپــكە قايتىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بــار. بــۇ مەنىــدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **انَّ لله مَلَكًا يُنَادِي عِنْدَ كُلِّ صَلَاةٍ: يَا بَنِي آدَمَ قُومُوا الَى نِيْــرَانِكُمُ الَّتِــي اَوْقَــدْتُمُوهَا فَاطْفِؤُوهَا**» تەرجىمىسى: «ئــاللاھ تائالانىــڭ ھەر نامــاز ۋاقتىــدا، "ئــى ئــادەم بــالىلىرى! ئــۆزۈڭلار يانــدۇرغان ئوتــۇڭلارنى ئۆچــۈرۈش ئۈچــۈن نامــاز ئوقۇشــقا تــۇرۇڭلار" دەپ چاقىرىــدىغان مەخسۇس پەرىشتىلىرى بار»[1] .

«بەش ۋاخ نامازنىــڭ تەسىــرى ئىنــساننىڭ گۇنــاھ ۋە خاتــالىقلىرىنى ئۆچــۈرۈش بىلەنــلا چەكلىنىــپ قالماستىن، بەلكــى ئۇنىــڭ كــۆپلىگەن ئىجابىي تەرەپلىــرى بــار. بەش ۋاخ نامــاز ئەڭ ئــاۋۋال ئىنــساننى ئىنــسانلىق ســالاھىيىتىگە كۆتــۈرگەن ۋە پەرىــشتىلەرنى ئۇنىڭغــا سەجدە قىلىشقا لايىــق قىلغــان ئىنسانلىق روھىــى غىزالاندۇرىــدۇ. كۆنــدىلىك بەش ۋاخ نامــاز ئىنــساننىڭ مــاددىي چۈشــەنچىلەردىن مــۇتلەق ئــازات بولــۇپ، ئــاللاھ تائالانىــڭ ھوزۇرىغــا مۇناجــات قىلىــش ئــارقىلىق ئۆزىنىــڭ روھىنـــى يۈكسەلدۈرەلىــشى ئۈچــۈن ئەڭ ياخــشى ئىبــادەتتۇر. ئىنــساننىڭ روھىـــي غىزاســـىنى ئالىملارنىـــڭ ئىلمـــى، يـــاكى ئەدىپلەرنىـــڭ ئەدەبىيـــاتى يـــاكى پەيلاســـوپلارنىڭ پەلـــسەپەسى تەمىنلىيەلمەيـــدۇ. ئـــۇنى پەقەت ئـــاللاھ تائالانــــىڭ مەرىپىتـــــى ۋە ئـــــاللاھ تائالاغـــــا بولغـــــان يېقىـــــنلىقلا تەمىنلىيەلەيـــــدۇ ۋە يۈكسەلدۈرەلەيدۇ. خــۇددى ئاشــقازاننىڭ ئېھتىياجى كۈنــدىلىك ئــۈچ ۋاخ غىــزالىنىش بىــلەن تەمىــن ئېتىلگەنــدەك، روھنىــڭ كۈنــدىلىك ئېھتىيــاجىمۇ بــۇ بەش ۋاخ نامــاز بىــلەن تەمىــن ئېتىلىــدۇ. مۇنــدىن باشــقا ئىنــسان يەنە، بــۇ بەش ۋاخ نامــاز ئەسناســىدا مــاددىي ئــالەملەردىن روھىـــي ئــالەمگە تەرەققــى قىلىــدۇ. ئــاللاھ تائالانىــڭ ھوزۇرىغــا ھــازىر بولــۇپ، ئۇنىــڭ بىــلەن ئۇچرىــشىدۇ. بــۇ ئــارقىلىق ئــاللاھ تائــالادىن پۈتــۈن ھــاجەتلىرىنى خىجىــل بولماســتىن سورايدۇ، ئاللاھ تائالامۇ زېرىكمەستىن ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ»[2] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **قَــالَ الله تَعَــالَى: قَــسَمْتُ الصَّلَاةَ بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي نِصْفَيْنِ. وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَــإِذَا قَــالَ الْعَبْــدُ: ﴿الْحَمْــدُ لله رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ قَالَ الله تَعَالَى: حَمِدَنِي عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ﴾. قَــالَ الله تَعَــالَى:**

(1) تەبەرانى رىۋايىتى.

(2) دوكتۇر يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ« العبادة في الإسلام»ناملىق ئەسىرىدىن.

**أَثْنَىٰ عَلَيَّ عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ قَالَ: مَجَّدَنِي عَبْدِي (وَقَالَ مَرَّةً: فَوَّضَ إِلَـيَّ عَبْدِي) فَإِذَا قَالَ: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾. قَالَ: هٰذَا بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَـأَلَ. فَإِذَا قَالَ: ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَـيْهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ﴾. قَالَ: هٰذَا لِعَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَـأَلَ﴾** تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالا ”نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئارىسىدا ئىككىگە بۆلدۇم. بەندەم ئۈچۈن سورىغىنىنى بېرىمەن“ دېدى. بەندە (فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلاپ) ﴿**الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ**﴾ يەنى «پۈتۈن ھەمدۇسانالەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر» دېگەندە، ئاللاھ «بەندەم مېنى مەدھىيىلىدى» دەيدۇ. ئۇ ﴿**الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ**﴾يەنى «ئاللاھ ناھايىتى مېھرى شەپقەتلىكتۇر » دېگەندە، ئاللاھ: »بەندەم ماڭا ھەمدۇ سانا ئېيتتى» دەيدۇ. ئۇ﴿**مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ**﴾يەنى «ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر» دېگەندە، ئاللاھ: «بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى» دەيدۇ. ئۇ﴿**إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ**﴾ يەنى: «ئى ئاللاھ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز» دېگەندە، ئاللاھ: «بۇ مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەم ئۈچۈن سورىغىنى بار» دەيدۇ. ئۇ ﴿**اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ. صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ**﴾ يەنى: «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزەپ قىلىنغانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن» دېگەندە، ئاللاھ: «بەندەمنىڭ بۇ تىلىكىنى قوبۇل قىلدىم. بەندەم ئۈچۈن سورىغىنىنى بېرىمەن» دەيدۇ»[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ نامازدىكى يېقىنلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: « **إِنَّ الرَّجُلَ إِذَا قَامَ يُصَلِّي أَقْبَلَ اللّٰهُ عَلَيْهِ بِوَجْهِهِ، حَتَّى يَنْقَلِبَ أَوْ يُحْدِثَ حَدَثَ سُوءٍ** » يەنى «ھەقىقەتەن ئىنسان نامازغا تۇرغاندىن باشلاپ، نامىزنى تۈگەتكىنىگە ياكى بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ نامازدىن چىققىنىغا قەدەر، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ تۇرىدۇ»[2] .

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

# نامازنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلىرى

## نامازنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى

نامازنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرىنى ساناپ بولۇش قىيىن. چۈنكى ناماز ئىسلامنىڭ ئالدىنقى پەرزى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلىرىمۇ كاتتىدۇر. نامازنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىش ئارقىلىق جەننەتنى قازىنىشتۇر. «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار شۇنداق مۆمىنلەركى، نامازلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر»[1].

نامازنىڭ ئاخىرەتلىك باشقا پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بارلىق قائىدە ـ تەرتىپلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، چىن ئىخلاس بىلەن ئوقۇلغان ناماز ئىنساننىڭ روھىنى پاكلايدۇ ۋە ئۇنى يۈكسەك دەرىجىلەرگە كۆتۈرىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ روھانىيلىقى ئۇنىڭ نەپسى ـ ھەۋەسلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يۈكسەلگەن ۋاقىتتا ئىنسان پەرىشتىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە، گاھىدا ئۇلاردىنمۇ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە تەرەققى قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، يەنى ئىنساننىڭ نەپسى ـ ھەۋەسلىرى ئۇنىڭ روھانىيلىقىنى بېسىپ چۈشكەن ۋاقىتتا ئىنسان ھايۋانلارغا ئوخشاش ياكى ئۇلاردىنمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ناماز ئاللاھ تائالا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى خالىق (ياراتقۇچى) بىلەن مەخلۇق (يارىتىلغۇچى) مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك نامايەندىسىدۇر. ئىنسان نامازدا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئەڭ ياخشى لەھزىلەر ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ ۋە بۇ ئەسنادا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

2 ـ ئىنسان پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نامازغا تۇرغاندا، دۇنيانىڭ غەم ـ قايغۇلىرى ۋە پۈتۈن كۆڭۈلسىزلىكلىرىدىن ئازات بولغان ھالدا، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئامانلىق، خاتىرجەملىك ۋە سائادەتمەنلىك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى غەم ـ قايغۇلارنى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ۋاقىتلىق ئونتۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسانغا راھەت بېرىدۇ.

3 ـ ھەقىقىي ناماز ئىنساننى گۇناھ، يامان ئىشلاردىن ساقلايدۇ. چۈنكى ناماز ئوقۇغان كىشى بىر كۈندە بەش قېتىم ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەھدىسىنى يېڭىلاپ تۇرغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ. ئاللاھ بىرىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا ياخشى ئىشلارنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ،

(1) مۇئمىنۇن سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

ئـۇنى يامـان ئـشلاردىن ئۇزاقلاشـتۇرىدۇ. نەتىجـدە، شـەيتان ئـۇ كـشىگە زىيـان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بـۇ ھەقتە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿**إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَىٰ عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ**﴾تەرجىمىسى: «نامـاز ھەقىـقەتەن قەبىھ ئـشلاردىن ۋە گۇنـاھلاردىن توسىدۇ»[1] .

ئەمما چىن ئىخلاستىن يىراق ھالدا، بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇلغان ناماز كىشىنى يامان ئىشلاردىن توسالمايدۇ. مانا بۇ، زامانىمىزدىكى كۆپىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىدۇر.

4 ـ ناماز ئـارقىلىق ئىنسانىنىڭ گۇنـاھ ۋە خاتـالىقلىرى كەچـۈرۈم قىلىنىـدۇ. چـۈنكى ھەر قانـداق سـاۋابلىق ئـشلار يامـانلىقلارنى يۇيـدۇ. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىـمدە مۇنـداق دېگەن: ﴿**إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ**﴾ تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ»[2] .

ناماز ياخشى ئـشلارنىڭ ئاساسچىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن گۇنـاھ، يامـان ئـشلارنىڭ يۇيۇلىشى تەبىئىيدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنـداق دەيـدۇ: **الصَّلَاةُ الْخَمْسُ وَالْجُمُعَةُ إِلَى الْجُمُعَةِ كَفَّارَةٌ لِمَا بَيْنَهُنَّ مَا لَمْ تُغْشَ الْكَبَائِرُ** تەرجىمىسى: «بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋە جۈمەدىن جۈمەگىچە بولغان ۋاقىتلارنىڭ ئارىسىدا سادىر بولغان گۇنـاھ ۋە خاتـالىقلار — ئەگەر چوڭ گۇناھلاردىن بولمىسا ــ بۇ نامازلار بىلەن يۇيۇلىدۇ»[3].

5 ـ نامـاز كـشىنى ئـاللاھ تائالاغا يېقىنلاشـتۇرۇش نەتىجـسىدە، ئـۇنى ئـاللاھ تائالانـىڭ دەرگاھىـدا ئـالىي مەرتـىۋىلەرگە كۆتۈرىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىـمدە: ﴿**وَاسْجُدْ وَاقْتَرِبْ**﴾ تەرجىمىسى: «ئـاللاھ تائالاغـا سـەجدە قىلغىـن. (شـۇ ئـارقىلىق ئـاللاھ تائالاغـا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن» دەيدۇ[4].

ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاس ۋە سەممىي سۆيگۈ بىلەن سەجدە قىلىپ ناماز ئادا قىلغان كىشى ئـاللاھ تائالاغـا چوقـۇم يېقىنلىـق ھاسـىل قىلالايـدۇ. ئىنسان ئـاللاھ تائالانـىڭ يېقىنىغا

---

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 45 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 114 ــ ئايەت.
(3) مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) ئەلەق سۈرىسى ئاخىرقى ئايەت.

ئايلانغانــدىن كېــيىن، ئۇنىــڭ دۇنيــا ۋە ئاخىرەتلىــك پۈتــۈن هــاجەتلىرى راۋا بولــدۇ ۋە ئاخىرەتتىكى مەرتىبىسىمۇ ئۆسىدۇ.

## نامازنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى

نامــاز ئــاللاھ تائالانىــڭ ئەمرىنــى ئــورۇنلاش يۈزىــسىدىن ئوقۇلىــدۇ. ئــاللاھ بەنــدىلىرىنى پايدىــسىز ۋە هېكمەتــسىز ئەمەللەرگە ئەسلا بۇيرىغان ئەمەس. ئىنــسان بولغــانلىقىمىز ئۈچــۈن ئىلىمىمىــز، ئىــدراكىمىز چەكلىــك بولغاچقــا، ئىــسلام شــەرىئىتىدە بۇيرۇلغــان پۈتــۈن ئەهكاملارنىــڭ هــېكمەت ۋە ســىرلىرىنى بىلىــپ بولۇشــقا ئــاجىزمىز. شــۇنداقتىمۇ، ئــاللاھ تائالانىــڭ ئىلمىــگە نىــسبەتەن دېڭىــزدىن بىــر تــامچە بولغــان چەكلىــك ئىلمىمىــز ۋە ئــاجىزانە ئەقلىمىــز بىــلەن ئىبادەتلەرنىــڭ هــېكمەت ۋە ســىرلىرىدىن مىڭــدىن بىرىنــى بىلەلىــگەن بولساقمۇ، بىزلەرگە مەلـۇم بولمىغانلىرىنىــڭ هەممىــسى ئــاللاھ تائالاغــا ئېنىــق مەلۇمــدۇر. ﴿وَأَنَّ اللهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْئٍ عِلْمــاً﴾ تەرجىمىسى: «هەقىــقەتەن ئــاللاھ هەمــمە نەرســىنى تولــۇق بىلگۈچىدۇر»[1] .

﴿وَمَا أُوْتِيْتُم مِنَ الْعِلْمِ إِلاَّ قَلِيْلاً﴾ تەرجىمىسى: «سىلەر ئازلا ئىلىم بېرىلدىڭلار»[2] .

ئەقلىمىز ۋە ئىدراكىمىز چەكلىــك بــولغىنى ئۈچــۈن بىــزگە ئــازلا ئىلــىم بېــرىلگەن. تۆۋەنــدە بايان قىلىنىدىغان پايدىلارمۇ نامازنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىدۇر.

## ناماز پاكىزلىق ۋە گۈزەللىكتۇر

ئىــسلام دىنىــدا پەرز قىلىنغــان بەش ۋاخ نامــاز ئىنــسان روهىنــى كىبىــر، غەپــلەت ۋە مەغرۇرلــۇقتىن پاكلايــدىغان مەنىــۋى تــازىلىق بولغىنىــدەك، ئــۇ، ئىنــسان بەدىنىنــى ۋە كىيىملىرىنــى پاسكىنىلىقلاردىن، كىــرلاردىن ۋە يىقىمــسىز هىــدلاردىن پاكلايــدىغان ئەمەلــي چــوڭ تــازىلىقتۇر. ئــاللاھ تائــالا مۇســۇلمانلارنى نامــاز ئوقــۇش ئۈچــۈن بەدىنىنــى، كىيىملىرىنــى ۋە نامــاز ئوقۇيــدىغان جــاينى پــاكىز تۇتۇشــقا ۋە تاهــارەت ئېلىش ئــارقىلىق پــاكلىق ئۈســتىگە پاكلىق قوشۇشقا ئەمــر قىلغــان. نامازنىــڭ ئــاچقۇچى پــاكلىقتۇر. پــاكلىق نامازنىــڭ شــەرتىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىــمــــــــــدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهاالَّــذِيْنَ آمَنُــوا إِذاَ قُمْــتُمْ إِلَى الصَّلاَةِ فَاغْسِلُوا وُجُوْهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى المَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُؤُسِكُمْ وأَرْجُلَكُــمْ إِلى الكَعْبَــيْنِ

---

(1) تالاق سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

(2) ئىسرا سۈرىسى 85 ـ ئايەت.

**وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُبْاً فَاطَّهَّرُوا﴾** تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولساڭلار)، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار. قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار. پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يويۇڭلار. ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار (غۇسلى قىلىپ) پاكىزلىنىڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **إِنَّ اللهَ طَيِّبٌ يُحِبُّ الطِّيبَ، نَظِيفٌ يُحِبُّ النَّظَافَةَ** تەرجىمىسى: «ھەقىقەتەن ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ. ئۇ پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياقتۇرىدۇ»[2].

شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىغا، شۇنداقلا ئاممىۋى سورۇنلارغا بېرىشتىن بۇرۇن غۇسلى قىلىپ پاكىزلىنىشقا بۇيرۇغان. مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرىنى يىقىمسىز ھىدلىرى بىلەن راھەتسىزلەندۈرمەسلىكى، بىر - بىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىدە پاكىز، گۈزەل بولۇشلىرى ئۈچۈن ئىدى. پاكىزلىق، كىشىنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ناھايىتى پايدىلىق ئىشتۇر. چۈنكى ئۆزى پاكىز بولغان كىشى مىكروبلاردىن ئۇزاق تۇرغىنى ئۈچۈن كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ قالغىنىدەك، چىرايلىق، گۈزەل قىياپەتكە كىرىدۇ. گۈزەل قىياپەتلىك ئادەمدىن كىشىلەر نەپرەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. پاكىزلىقنىڭ مۇندىن باشقا كۆپلىگەن پايدىلىرى باردۇر.

## ناماز ئىنساننىڭ سەۋرچانلىقى ۋە چىداملىقىنى ئاشۇرىدۇ

«ئىسلام دىنى تەلەب قىلغان ھەقىقىي ناماز ئىنساننى روھىي ۋە نەپسىي قۇۋۋەتلەر بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە چىداملىقىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ناماز كىشىگە دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرى ۋە مۇسىبەتلىرى ئۈچۈن تەسەللى بېرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّها الَّذِيْنَ آمَنُوا اسْتَعِيْنُوا بالصَّبْرِ والصَّلاَةِ**﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار»[3].

« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر قىيىن مەسىلىگە دوچ كېلىپ قالغان ھامان ناماز

---

(1) مائىدە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

(2) تىرمىزى رىۋايىتى.

(3) بەقەرە سۈرىسى 153 ـ ئايەت.

ئوقۇيتتى»[1].

بۇگــۈنكى كــۈنمىزدە غەيرىــي دىنــدىكى كــىشىلەردىنمۇ كــۆپلىگەن ئــالىملار ۋە تىببىــي مۇتەخەسســىسلەرنىڭ، مۇســۇلمانلارنىڭ نامــاز ئوقۇۋۇشــتىن قانچىلىغــان ھېســسىي ۋە مەنىــۋى پايدىلارنى كۆرىــدىغانلىقىنى ئــىسپاتلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى كــۆرىمىز. ئــۇلاردىن دوكتــۇر كېىسس كــارل مۇنــداق دەيــدۇ: «نامــاز پائالىيەتچــانلىقنى ئاشۇرۇشــتا، بۇگــۈنكى كــۈنىمىزگە قەدەر تونۇلـۇپ كەلـگەن ئەڭ چـوڭ قــۇۋۋەت مەنبەئــدۇر. مەن دوختۇرلـۇق سـۈپىتىم بىـلەن داۋالاش ئۈنــۈم بەرمــگەن كــۆپلىگەن كېــسەللەرنىڭ نامازغــا باشــلىغاندىن كېــيىن، ياخــشىلىنىپ كەتكەنلىكىنــى كــۆردۈم. نامــاز كــۈچ ـ قۇۋۋەتنىــڭ كاپالىتىــدۇر. بىــز نــامىزىمىزدا ئــۆزىمىزنى ئەڭ كۈچلـۈك بولغــان بىــر زاتقــا بــاغلايمىز، ئۇنىڭــدىن يــاردەم سـورايمىز. نەتىجــدە بىزنىــڭ ســورىغانلىرىمىز ھەســسىلەپ بېرىلىــدۇ. ئۇنىڭــدىن باشــقا نامــاز بىــلەن ھەرىكەتچــانلىقىمىز ئاشــىدۇ» مانــا بــۇ، باشــقا دىنلاردىمــۇ ئورتــاق بولغــان ئومــۇمىي نامازنىــڭ پايدىــسى. ئەممــا ئىسلام دىنىدىكى نامازنىڭ پايدىلىرىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بولۇش قىيىن»[2].

## ناماز ئەخلاقنى كۈچەيتىدىغان قۇۋۋەتتۇر

نامــاز مۇســۇلمان كــىشى ئۈچــۈن ئەخلاقىــي قۇۋۋەتتــۇر. ئــۇ، ۋىجــدانىنى يامــان ئىــشلارنى تەرك ئېتىــپ، ياخــشى ئىــشلارنى قىلىــشقا ئۈندەيــدىغان تــۈرتكە. دۇنيانىــڭ قــاتتىقچىلىقلىرى ۋە بــالايى ـ ئــاپەتلىرىگە تەۋرەنــمەي تاقابىــل تۇرۇشــقا مەدەتكــاردۇر. نامــاز ئــارقىلىق ھاسىــل بولغــان بــۇ ئەخلاقىــي قــۇۋۋەت كــىشىنىڭ قەلبىـــدە پەقەت ئــاللاھ تائــالادىنلا قورقــۇش تۇيغۇســـنى ئۈندۈرىـــدۇ ۋە ئىنــــساندىكى ۋاقىتقـــا رىئـــايە قىلماســـلىق، ھورۇنلـــۇق، پائالىيەتــسىزلىك قاتــارلىق ئىنــسانىي ئــاجىزلىقلارنى ئۆزگەرتىــپ، ئۇنىــڭ پائالىيەتچــان، ئىنتىزاملىــق، شــۇجائەتلىك بولىــشىنى كاپالەتلەندۈرىــدۇ. ئــاللاھ بــۇ مەنىــدە مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿**انَّ الإنْسَانَ خُلِقَ هَلُوعاً، اذاَ مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعاً، وَاذاَ مَسّهُ الخَيْرُ مَنُوعاً، الاَّ المُصَلِّيْنَ، الَّذيْنَ هُمْ عَلــىَ صَـــلاَتِهِمْ دَائِمُـــونَ**﴾ تەرجىمىسى: «ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغــا(يوقــسۇللۇق يــاكى كېــسەللىك يــاكى قورقــۇنچەك) بىــرەر كۆڭۈلــسىزلىك يەتــكەن چاغــدا، زارلانغۇچىــدۇر. بىــرەر ياخــشىلىق يەتــكەن چاغــدا، بېخىللىــق قىلغۇچىــدۇر. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر) ئۇنداق ئەمەسۇئال: ئۇلار بولسا نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر»[3].

بـــۇ ئـــايەتتىن نامازنىـــڭ پۈتـــۈن شـــەرتلىرىگە رىئـــايە قىلىـــپ، ئـــۇنى ھەمىـــشە

---

(1) ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) دوكتۇر يۇسۇپ ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن.

(3) مەئارىج سۈرىسى 19 ـ 23 ـ ئايەت.

ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە، ناماز ئوقۇمايدىغانلاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاللاھ يەنە ﴿**وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ**﴾ تەرجىمىسى: «نامازنى شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ) ئوقۇغىن. ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ) دەيدۇ»[1].

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىدىكى ۋە ئىستىبلىدىكى ناچارلىقلار ۋە بۇزۇقلۇقلار ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامازلىرىنىڭ مەنىسىز ۋە پايدىسىز ھەرىكەتتىنلا ئىبارەت بىر نەسە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار نامازنى ھەقىقىي ماھىيىتى بويىچە، ئىخلاس بىلەن ئوقۇغان بولۇپ، نامازلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ نامازلىرى ئۇلارنى ئەخلاقسىزلىقلاردىن ۋە يامان ئىشلاردىن توسالىغان بولاتتى. ھەقىقىي ناماز ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە سۈپەتلىگەن مۇنۇ مۆمىنلەرنىڭ نامىزىدۇر:﴿**الَّذِينَ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ**﴾تەرجىمىسى: «ئۇلار(شۇنداق مۆمىنلەركى) نامازلىرىدا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر»[2].

مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغان ۋە ئوقۇغۇچىسىنى يامان ئىشلاردىن ۋە ئەخلاقسىزلىقلاردىن توسالايدىغان نامازدۇر.

دېمەك، ناماز ئىنسانغا گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىدۇ. گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆز ئىگىسىگە ۋە باشقىلارغا ناھايىتى كۆپ پايدىسى بار. بىراۋنىڭ گۈزەل ئەخلاقى يۈزىسىدىن ئومۇمىي خەلق مەنپەئەت ئالىدۇ. مانا بۇ نامازنىڭ پايدىسى.

**نامازدىكى ھەرىكەتلەر گىمناستىكىدىن پايدىلىقتۇر**

« نورمالدىكى گىمناستىكا بىلەن نامازدىكى ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا دەرھال كۆرگىلى بولىدىغان بەش چوڭ پەرق بار:

1 ـ پۈتۈن سۈننەتلىرى بىلەن تولۇق ئوقۇلغان بەش ۋاخ نامازدا 40 رەكئەت ۋە ھەر بىر رەكئەتتە 2 دىن سەجدە بولۇپ، جەمى 80 سەجدە بار. ھەركۈنى قانچە گىمناستىكچى 40 قېتىم يەرگە ئېگىلىپ، 80 قېتىم بېشىنى يەرگە قويۇپ، يەنە تۇرۇپ بۇنچىلىك ھەرىكەتلەرنى قىلالايدۇ؟!

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

(2) مۇئمىنۇن سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

2 ـ ناماز ئاستا ـ ئاستا، تەمكىن ھەرىكەتلەر بىلەن ئوقۇلغانلىقتىن بەدەن بىلەن يۈرەك چارچىمايدۇ. گىمناستىكىدا بولسا، ئومۇمىي بەدەن بىلەن يۈرەك چارچايدۇ ۋە ھارغىنلىشىدۇ.

3 ـ ناماز كۈننىڭ بەش ئايرىم ۋاقتىلىرىدا ئوقۇلىدۇ. قانچە گىمناستىكىچى ھەركۈنى بەش قېتىم ئايرىم ـ ئايرىم، بەلگىلىك ۋاقىتلاردا مۇنتىزىم ھالدا گىمناستىكا قىلالايدۇ؟!

4 ـ ناماز ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە پەرزدۇر. قانچە گىمناستىكىچى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر گىمناستىكىنى مۇنتىزىم ھالدا داۋاملاشتۇرالايدۇ؟ يەنە تېخى ناماز سەپەردە بولسۇن، ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە بولسۇن، جەڭ مەيدانىدا بولسۇن، كېسەللىكتە بولسۇن ھېچبىر ۋاقىتتا تەرك قىلىنمايدۇ. گىمناستىكىچىلار بۇنداق شارائىتلاردا گىمناستىكىنى داۋاملاشتۇرالامدۇ؟!

5 ـ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش، گاھىدا غۇسلى قىلىش شەرتتۇر. ھالبۇكى، گىمناستىكا ئويناش ئۈچۈن بۇنداق بىر شەرت يوق.

ئەمدى باشقا قايتايلى:

بامدات نامىزى تۆت رەكئەت، پېشىن نامىزى 10 رەكئەت، ئەسىر نامىزى ( تەكتىسىز تۆت رەكئەت سۈننىتىنى قوشقاندا) سەككىز رەكئەت، شام نامىزى بەش رەكئەت، خۇپتەن نامىزى (ئالدىدىكى تۆت رەكئەت تەكتىسىز سۈننىتى بىلەن) 13 رەكئەت، ھەممىسى بولۇپ 40 رەكئەت بولىدۇ. بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەر بىر رەكئەتىدە ئىككى قېتىمدىن سەجدە قىلغان مۇسۇلمان كىشى كۈندە 80 قېتىم يەرگە يېتىپ ـ تۇرۇش ھەرىكىتىنى قىلىدۇ. ھېچقانداق بىر گىمناستىكىچى مۇنتىزىم ھالدا بۇ ھەرىكەتلەرنى قىلالمايدۇ. گىمناستىكىچىلار كۆپ ئوينىسا ئەتىگەنلىرى 20 ياكى 30 قېتىم ھەرىكەت قىلىدۇ. گىمناستىكا ھەرىكەتلىرى تېز قىلىنغاچقا گىمناستىكىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يۈرەكلىرىنى چارچىتىدۇ. ھەرىكەتتىن كېيىن بەدەنلىرىنى ئېغىرلىق باسىدۇ. ئۇلار گىمناستىكىنى بىرەركۈن داۋام قىلدۇرالماي قالسا، بەدەنلىرىدە سېمىزلىك ۋە ماي توپلىنىش كەيپىياتلىرى يۈز بېرىدۇ. ئەمما نامازدىكى ھەرىكەتلەر ئاستا ـ ئاستا، تەمكىن ھالدا قىلىنغاچقا يۈرەكمۇ چارچىمايدۇ ۋە بۇ ھەرىكەتلەر كۈننىڭ ئوخشاش بولمىغان سائەتلىرىدە قىلىنغانلىقتىن ئىنساننى ھەمىشە تېنچ تۇتىدۇ، ئارتۇق سېمىزلىك ۋە ماي توپلىنىشقا توسقۇن بولالايدۇ.

ئىنسان ھاياتىدا قاننىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. يۈرەك قاننى بەدەننىڭ ئەڭ كىچىك تومۇرلىرىغا قەدەر ھەممە يېرىگە ئۇلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەمىشە قاننى پۈدەپ، ماڭدۇرۇپ تۇرىدۇ. يۈرەكنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلىيالىشى ئۈچۈن ئۇ تىنچلىققا ئېھتىياجلىق

بولغىنىدەك، بىر قىسىم ھەرىكەتلەرگە موھتاجدۇر. بۇ ھەرىكەتلەر ھۇجەيرىلەرنىڭ قان بىلەن بوييۇلۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقتىن، بەدەننىڭ ساقلىقى داۋام قىلىدۇ.

مۇئەييەن سائەتلەردە قىلىنغان تەن ھەرىكەتنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپتۇر. بەش ۋاخ نامازدا بۇ ھالەتلەر كۆپ. چۈنكى ناماز ۋاقىتلىرى تىببىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كىشىلەرنى تەنھەرىكەت ئويناشقا تەۋسىيە قىلغان ۋاقىتلىرىنىڭ ئۆزىدۇر. تاڭ سەھەر قۇياش چىقىشتىن بۇرۇن ئۇيقۇنىڭ مەستانىلىكىدىن، چۈش ۋاقتى ئىشتىن قايتىپ ۋۇجۇدنىڭ ھارغىنلىقىدىن، ئەسىر ۋاقتى بىر كۈنلۈك ئىشنىڭ ئاخىرلىشىشى ئالدىدا بەدەننىڭ ئېغىر بىر چارچاشقا تۇتۇلغانلىقىدىن، شام ۋاقتى ئىشلارنى تۈگىتىپ كېچە ئىستىراھىتىگە تەييارلىنىشنىڭ باشلىنىشى سەۋەبىدىن، خۇپتەن ۋاقتى بىر كۈننىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ۋۇجۇدنىڭ ھارغىنلىقى ۋە ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈش سەۋەبىدىن، قان يۈرۈششىنى تەمىنلەش ۋە تەنەپپۇسنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنساننىڭ تەن ھەرىكەت قىلىشىغا ناھايىتى مۇناسىپ ۋاقىتلاردۇر.

رۇكۇ بىلەن سەجدىلەر پۈتۈن ئورگانلارنى جانلاندۇرغاننىڭ سىرتىدا، قان ئايلانمىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. رۇكۇ يەنە سىرت ۋە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈشتىن باشقا، ئەينى ۋاقىتتا ئاشقازان ئەتراپىدىكى مايلارنى يوقىتىدۇ. سەجدە بولسا، ئۈچەينىڭ پائالىيەتلىرىنى ياخشىلىغاننىڭ سىرتىدا، قاننىڭ بەدەننىڭ ھەر تەرەپلىرىگە، خۇسۇسەن مېڭىگە يېتىپ بېرىشىنى تەمىن ئېتىدۇ.

ناماز ئومۇمەن بەدەننىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئورگانلاردىن مايلارنى چۈشۈرۈش پائالىيىتىنى ئۆتەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن قان بېسىمى يۇقىرىلىقىدىن ئازابلىنىدىغان بىمارلار نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلسا، ئۇلار نامازنىڭ پايدىسىنى ھامان كۆرەلەيدۇ. يۇقىرىقىلار تىببىي ساھەدىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يەكۈنلىرىدۇر.

## ناماز روماتىزمنىڭ شىپاسىدۇر

تۈركىيەنىڭ «gunaydin» گېزىتى 1983 ـ يىل 5 ـ ئاۋغۇست سانىدا «فىرانسوز دوختۇرلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، روماتىزمنىڭ شىپاسى بەش ۋاخ ناماز» دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «فىرانسوز دوختۇرلار روماتىزىم، بەل ۋە سىرت ئاغرىقلىرىدىن شىكايەت قىلىۋاتقان كېسەللەرگە، كۈندە بەش قېتىم خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ بەش ۋاخ نامازلىرىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆز ئەينىسىنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ يۇقىرىقى ئاغرىقلارغا ناھايىتى ياخشى بىر شىپا بولىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن فىرانسۇز دوختۇرلار نامازدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ

ئىنتىزاملىق ۋە پايدىلىق بولغان بىر گىمناستىكا ئىكەنلىكىنى ئېنىق قىلماقتا. فرانسوز دوختۇرلار ناماز ئەسناسىدا يەرگە قاراپ ئېگىلىپ، يەنە تۇرۇشىنىڭ تىز قاپاقلىرىدىكى ئاغرىقلارنى يوق قىلىدىغانلىقىنى، سەجدە قىلىشنىڭ خۇسۇسەن سىرت مۇسكۇللىرىنى كۈچلەندۈرۈشتە ئالاھىدە چوڭ پايدىلىرى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە»[1].

## ئىسلام دىنىدا تەلەب قىلىنغان ناماز

ئىسلام دىنىدا تەلەب قىلىنغان ناماز ئەقىل بىلەن قەلب پەرۋاسىز ھالدا تىل بىلەن بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەنلا ئورۇندىلىدىغان ھەرىكەت ئەمەس. بەلكى ھەقىقىي مەقبۇل ناماز ــ ئۇنىڭدا ئەقىل، قەلب ۋە پۈتۈن ھېسسىي ۋە غەيرى ھېسسىي ئەزالارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت بولغان ئۈز نىسبۇسىنى ئالالىغان نامازدۇر. ناماز ئوقۇشتىن ــ ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن ــ ئاساسلىق مەقسەت ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتۇر.

ئاللاھ تائالا موسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەھىيسىنى قۇرئان كەرىمدە ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ تەرجىمىسى: «مېنى ياد قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **اِنَّمَا فُرِضَتْ الصَّلَاةُ وَاُمِرَ بِالْحَجِّ وَاُشْعِرَتْ الْمَنَاسِكُ لِإِقَامَةِ ذِكْرِاللهِ تَعَالَى** تەرجىمىسى: «نامازنىڭ پەرز قىلىنىشى، ھەجنىڭ بۇيرۇلىشى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ بەلگىلىنىشى پەقەت ئاللاھ تائالانى ياد قىلىش ئۈچۈندۇر»[3].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەت بىلەن ھەدىس نامازدا قەلبنىڭ ئويغاق تۇرۇشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتىمەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن، سەگەك تۇرۇشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكتە. نامازدا ئەقىلنىڭ ھوشيار ۋە ئويغاق تۇرۇشى ھەققىدە مۇنۇ ئايەت يېتەرلىك: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَاتَقْرَبُوا الصَّلَاةَ وَأَنْتُمْ سُكَرَى حَتَّى تَعْلَمُوا مَا تَقُولُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار نېمە

---

(1) «ibadetin getirdikleri» ناملىق ئەسەردىن. تۈركچە.

(2) تاھا سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

(3) ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى.

دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگەنگە قەدەر نامازغا يېقىنلاشماڭلار»[1].

قانچىلىغــان كىــشىلەر نامازلىرىــدا ئۆزلىرىنىــڭ نــېمە ئوقۇۋاتقــانلىقلىرى ۋە قانــداق پائالىيەتلەرگە يۆتكەلگەنلىكلىرىــدىن غاپىــل هالــدا، بىپەرۋالىــق بىــلەن نامــاز ئوقۇيــدۇ. ئــۇلار ئەمەلىيەتــتە هــاراق ئىچــپ مەس بولــۇپ قالمىغــان بولــسىمۇ، بىپەرۋالىــق، غەپلــەت ۋە مــال ـ دۇنيانىــڭ سۆيگۈسـى يـاكى غەم ـ ئەندىشىــسى ئــۇلارنى مەس قىلىۋاتقــان. ئىــسلام دىنىنــدا تەلەپ قىلىنغــان هەقىقىــي مەقبــۇل نامــازدا ئەقىــل، قەلــب، هېــسسى ۋە هېــستىن تاشــقىرى ئەزالارنىڭ هەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ هەققىنى ئادا قىلىشتا بىرگە ئىشتىراك قىلىدۇ.

**ئەقلىنىڭ ئەمەللىرى**

1 ـ نامازدا ئەقىل ئاللاھ تائالانىــڭ ئالدىــدا ئۆزىنىــڭ ئــاجىزلىقىنى ئېتىــراپ قىلغــان هالــدا، پۈتۈن خىيالىنى يىغىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئويلاپ تۇرىدۇ.

2 ـ نامــازدا ئەقىــل بــارلىق هىممىتــى ۋە كــۈچىنى ئــاللاھ تائالانىــڭ هۇزۇرىــدىكى بــۇ ئۇلــۇغ مۇلاقاتقا بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

3 ــ نامــازدا ئەقىــل ئــاللاھتىن باشــقا هەممىــدىن ئايرىلغــان هالــدا كەمتەرلىــك بىــلەن تۇرىدۇ.

4 ـ نامازدا ئەقىــل دۇنيــالىق ئىــشلاردىن قەتئىــي قــول ئــۈزگەن هالــدا، بىــر ئــاللاھقىلا قــاراپ تۇرغاندەك هېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئەيمىنىپ تۇرىدۇ.

**قەلبىنىڭ ئەمەللىرى**

نامازدا قەلب ئاللاھقىلا بېغىشلانغان هالدا، ئۇنىڭ بىلەنلا بولىدۇ.

2 ـ نامازدا قەلب ئاللاھ تائالانىڭ هەيبىتىدىن ئەيمەنگەن هالدا تۇرىدۇ.

3 ـ نامازدا قەلب ئاللاھ تائالاغا يېلىنىش ۋە يالۋۇرۇش بىلەن تۇرىدۇ.

4 ـ نامازدا قەلب ئاللاھ بىلەن بىۋاستە مۇلاقاتتا بولۇپ تۇرىدۇ.

**هېسسى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى**

1 ـ نامازدا تىل ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرىدۇ.

2 ـ نامــازدا كــۆز پۈتــۈن هەرىكەتلىرىنــى يىغىــپ، ســەجدە قىلىــدىغان يەرگە تىكىلىــپ دىققەت بىلەن تۇرىدۇ.

(1) نىسا سۈرىسى 43 ــ ئايەت.

3 ـ نامازدا قولاقلار نامازدىكى قىرائەتتىن باشقا بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلاشتىن گاس بولغان هالدا تۇرىدۇ.

4 ـ نامازدا ئىككى قول ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ئالى ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكنى ئىپادىلىگەن هالدا كىندىكنىڭ ئۈستىدە باغلىنىپ تۇرىدۇ.

### تاشقى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرى

1 ـ نامازدا ئىككى پۇت، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر قانداق پەرمانىغا ھازىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن هالدا تۈپتۈز ۋە راۋۇرۇس تۇرىدۇ.

2 ـ نامازدا باش ئاللاھ تائالاغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا كەمتەرلىكتىن ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئاندىن رۇكۇدا ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۆۋەنگە ئېگىلىدۇ. ئاندىن سەجدىدە يەرگە تېگىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بولغان قۇلچىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ.

3 ـ نامازدا يۈز ئاللاھ تائالانىڭ مەنىۋى مۇلاقاتىغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. سەجدىدە بولسا، ئاللاھ تائالانى ئەڭ كۆرۈنەرلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاش ۋە ھەقىقىي قۇلچىلىقنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن بۇ ھۆرمەتلىك يۈز ئالتە ئەزا بىلەن بىرلىكتە يەرگە قويۇلىدۇ.

4 ـ نامازدا رۇكۇ قىلغاندا بەل ئاللاھ تائالاغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئېگىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئىنساندىكى پۈتۈن ئورگانلارمۇ نامازدا ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ئېتائەتچانلىق بىلەن تۇرۇپ يۇقىرىقى ئەزالارغا ئىشتىراك قىلىدۇ.

## «خۇشۇئ» نامازنىڭ جېنىدۇر

### نامازدا «خۇشۇئ»نىڭ ئەھمىيىتى

ناماز نېمە ئۈچۈن بىزگە ئېغىر تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان؟

ناماز نېمە ئۈچۈن كۆڭۈل ئىشتىياقىمىز بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەت بولماستىن، ئۆزىمىزنى زورلاپ قىلىدىغان ۋەزىپىگە ئايلىنىپ قالغان؟

ناماز نېمە ئۈچۈن دۇنيالىق خام ـ چۈتلىرىمىزنى ھېسابلايدىغان ھېسابات ۋاقتى بولۇپ قالغان؟

نېمە ئۈچۈن كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار ئىمامنىڭ قايسى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنىمۇ بىلمەستىن، نامازغا كىرگەن پېتى چىقىدىغان بولۇپ قالغان؟

نېمە ئۈچۈن ناماز بىزنى يامان ئىشلاردىن ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن توسالمايدۇ؟

يـۇقىرىقى سـوئاللارنىڭ ھەممـىسىنىڭ جـاۋابى پەقەت بىـردۇر. ئـۇ بولـسىمۇ، نامــازدا «خۇشۇئ»نىڭ يوقالغانلىقىدۇر.

## «خۇشۇئ»دېگەن نېمە؟

«خۇشـۇئ» — نامـازدا تۇرغانـدا، ئـاللاھ تائالانـىڭ ئۇلـۇغلىقى ۋە ھەيبىتـىدىن ئەيمەنـگەن، كۆڭـۈلنى نامـاز بىلەنـلا مەشـغۇل قىلغـان ۋە پۈتـۈن پىكىـر ـ خىيـالىنى ئـاللاھ تائـالاغىلا بېغىشلىغان ھالدا، كەمتەرلىك ۋە ھوشيارلىق بىلەن تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

«خۇشـۇئ»نـىڭ ئـورنى قەلـب، ئۇنـىڭ مېۋىـسى ئىنسان ئورگانلىرىـدا كۆرۈلـىدۇ. چـۈنكى ئىنـسانىنىڭ بــارچە ئورگــانلىرى قەلــبكە ئەگــىشىدۇ. نامــازدا بىراۋنــىڭ كــۆڭلى غەپلەتــتە قېلىش، دۇنيـالىق پىكىـر ـ خىياللارغـا چۆكـۈش ۋە شـەيتان ۋەسۋەسـىلىرى تـۈپەيلى ئۇنـىڭ «خۇشــۇئ»ســى بۇزۇلغــان ۋاقتىــدا، پۈتــۈن ئورگانلارنــىڭ ئــاللاھ تائالاغــا قىلىۋاتقــان قۇلچىلىقىمۇ بۇزۇلـىدۇ. چـۈنكى قەلـب قومانـدان، باشـقا ئورگـانلار ئەسـكەرلەردۇر. قومانـدىنى ســـالاھىيەتلىك بولمىغـــان ئەســـكەرلەرنىڭ مەغلـــۇبىيەتكە ئۇچرىغىنىـــدەك، قەلــــب سالاھىيەتتىن قالغاندا، باشقا ئورگانلارنىڭ سالاھىيىتىمۇ يوقىلىدۇ.

تەپـسىرى ئىبنـى كەسـىردە مۇنـداق دېيـىدۇ: «نامـازدىكى «خۇشـۇئ» پەقەت نامـاز ئۈچـۈن كــۆڭلىنى پۈتــۈنلەي بېغىــشلىغان كىــشىگىلا ھاسـىل بولــىدۇ. شـۇ ۋاقىتــتىلا كۆڭــۈل نامـاز بىـلەن ئـارام تاپقـان بولـىدۇ ۋە نامـازدىكى ھەقىقـي ھـۇزۇر ـ ھـالاۋەتنى تېتىغـلى بولـىدۇ. شـۇڭا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام: »نامـاز مېنىـڭ خوشـاللىقىم ۋە كۆڭـۈل ئـارامىم قىلىنـدى« دېگەن»[1].

«خۇشۇئ» شـەنى ئۇلـۇغ، يوقىلىـشى تېـز، ھـازىرقى زامانـدا تېپىلىـشى ئىنتـايىن ئـاز بولغـان نەرسـىدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام: « مۇشـۇ ئـۈممەتتىن ئەڭ ئـاۋۋال يوقىلـىدىغان نەرسـە «خۇشـــۇئ» دۇر. ھەتتـــا نامـــازلىرىنى «خۇشـــۇئ» بىـــلەن ئوقۇيـــدىغان كىـــشىنى كۆرەلمەيسەن»دېگەن[2].

## «خۇشۇئ»نىڭ ھۆكمى

شۈبھىـسىزكى نامـازنى «خۇشـۇئ» بىـلەن ئوقـۇش پەرزدۇر. شەيخۇلئىـسلام ئىبنـى تەيمىـيە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قۇرئـان كەرىمـدە: ﴿**وَاسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ**

---

(1) تەپسىرى ئىبنى كەسىر 5 ـ توم 456 ـ بەت.

(2) تەبەرانىي رىۋايىتى«سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس.

**﴿إِلاَّ عَلَــى الْخَاشِــعِينَ﴾** تەرجىمىسى: «سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ھەيبىتىدىن ئەيمىنىپ (يەنى«خۇشۇئ»بىلەن) تۇرغۇچىلاردىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ۋە ئېغىر ئىشتۇر»[1].

بۇئايەت، ئاللاھ تائالانىڭ ھەيبىتىدىن ئەيمەنگەن ھالدا، »خۇشۇئ« بىلەن تۇرمىغۇچىلارنى سۆكۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. مەلۇمكى، سۆكۈش پەرزنى تەرك ئەتكەن ياكى مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى قىلغانلارغىلا خاستۇر. نامازدا «خۇشۇئ» نى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ سۆكۈلگەنلىكى «خۇشۇئ» نىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇئمىنۇن سۈرىسىنىڭ بېشىدىن **﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُــونَ الَّــذِيْنَ هُــمْ فِي صَــلاَتِهِمْ خَاشِــعُونَ﴾** يەنى «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار شۇنداق مۆمىنلەركى، نامازلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىدىن سۆر بېسىپ كەتكەنلىكتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر» دېگەن ئايىتىدىن **﴿ أُوْلَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ. الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِــدُونَ﴾** يەنى «ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆمىنلەر نازۇ نېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ» دېگەن ئايەتلىرىگىچە بولغان ئايەتلەرمۇ، نامازدا «خۇشۇئ» نىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولغان فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىش يۇقىرىدا سۈپەتلەنگەنلەر ئۈچۈنلا خاس بولغانلىقى، ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ ۋارىسلىق قىلالمايدىغانلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. نامازدا پەرز بولغان «خۇشۇئ» ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيبىتىدىن ئەيمەنگەن ھالدا تۇرۇشتىن باشقا، نامازدىكى ھەر بىر پائالىيەتنى ئالدىرىماستىن تەمكىنلىك بىلەن قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىكەن، سەجدىنى توخۇ دان چوقۇغاندەك ئالدىراپ قىلغان ۋە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە رۇسلانماستىنلا ئالدىراپ سەجدىگە كەتكەن ئادەم «خۇشۇئ»نى تەرك ئەتكەن بولىدۇ. چۈنكى نامازنى تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماستىن ئوقۇش دېگەنلىك نامازدىكى ھەر بىر يۆتكىلىشتە ئورگانلار ئۆز ئورنىغا تولۇق كېلىپ بولغىچىلىك ئارام ئېلىشتۇر. تەمكىنلىكنى تەرك ئەتكەن ئادەم ئارام ئېلىشنى ھاسىل قىلالمايدۇ، ئارام ئېلىشنى ھاسىل قىلالمىغان ئادەم رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلالمايدۇ، «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلالمىغان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدا ئاسمانغا

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

قارىغـان ئـادەمگە كايىغـانلىقىمۇ، نامـازدا «خۇشـۇئ» نـىـڭ پەرز ئىكەنلىكىنــى كۆرســتىدۇ. چـۈنكى نامـازدا تـۇرۇپ كىچىك ھەرىكەت قىلىش ۋە ئۇيـاق ـ بۇياققا قـاراش «خۇشۇئ»نىـڭ ئەكسىدۇر»[1].

## ساۋاب «خۇشۇئ» دەرىجىسگە قاراپ بولىدۇ

«خۇشـۇئ»نامازنىـڭ جېنــى بولـۇپ، ئۇنىڭـدىن نېسىۋىـسىنى ئالالمىغـان نامـاز ئۆلـۈك نامـازدۇر. چـۈنكى ھەركىمنىـڭ نامـازدىن ئالـدىغان نېسىۋىـسى پەقەت ئۇنىڭـدا ئەقلــى ئويغـاق تۇرغـان قىـسمى بىلەنـلا چەكلىنىـدۇ. شـۇڭا ھەزرىتــى ئىبنــى ئاببـاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھـۇ: « نامىزىڭـدىن پەقەت نـېمە دېـگەن ۋە نـېمە قىلىـۋاتقىنىڭنى بىلىــپ، ھـېس قىلىــپ تۇرۇپ ئوقۇغىنىڭلا ساڭا ئائىتتۇر»دېگەن[2].

نامـاز ئوقۇغانغـا بېرىلىـدىغان سـاۋاب «خۇشـۇئ» غـا قـاراپ بولىـدۇ. نامـاز ئوقۇغانلارنىـڭ بەزىـسى تولـۇق سـاۋابقا ئېرىشـسە، بەزىـسى يېـرىم سـاۋابقا ۋە بەزىـسى يېرىمـدىنمۇ ئـاز سـاۋابقا ئېرىشىدۇ. ئەممـا نامـازدا نـېمە ئوقۇلغـان ۋە نـېمە ئـىش قىلىنغـانلىقىنىمۇ بىلمەسـتىن ئۇنىڭغـا كىـرگەن پېتــى چىققـان كىـشى ھېچقانـداق ساۋابقا ئېرىـشەلمەيدۇ. چـۈنكى ئـۇ، «خۇشـۇئ»نــى پۈتـۈنلەي تەرك ئەتــكەن كىــشىدۇر. شـۇڭا پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېــگەن: **إنَّ الْعَبْدَ لَيُصَلِّي الصَّلاةَ مَا يُكْتَبُ لَهُ مِنْهَا إلاّ عُشْرُهَا، تِسْعُهَا، ثُمُنُهَا، سُبعها، سُدُسها، خُمُسُها، رُبعهَا، ثُلُثُهَا نصفها** تەرجىمىسى: « بەنـدە نامـاز ئوقۇغـان بىـلەن ئۇنىڭغـا يېزىلىـدىغان سـاۋاب يـا ئونـدىن بىـرى، يـا توققـۇزدىن بىـرى، يـا سـەككىزدىن بىـرى، يـا يەتتىـدىن بىـرى، يـا ئالتىدىن بىرى، يا بەشتىن بىرى، يا تۆتتىن بىرى، يا ئۈچتىن بىرى، يا يېرىمىدۇر»[3].

شـۇ سـەۋەبتىن بـۇرۇنقى ئۆلىمـالىـك زاتــلار نامــازنى « خۇشـۇئ» بىـلەن ئـادا قىلىــشقا ناھـايىتى زور ئەھمىـيەت بېرەتتـى. ئـۇلار نامازغـا تۇرغانلىرىـدا پۈتـۈن ۋۇجـۇدىنى ئـاللاھ تائـالا بىـلەن ئېلىــپ بېرىۋاتقــان سـۆھبەتكە بېغىـشلىغانلىقتىن، نامازنىــڭ ســرتىدىكىلەرنى ئىشتمەس، تۇيماس، بىلمەس بولۇپ، «خۇشۇئ» غا غەرق بولغان ھالدا تۇراتتى.

«ئابــدۇللاھ ئىبنــى زۇبەيــر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا نامــاز ئەسناســىدا تــوپ ئېتىلغانــدا، كىيىمىنىــڭ يېرىمــى كۆيــۈپ بولغــان بولــسىمۇ، نامــازدىن بېشىنى كۆتــۈرمىگەن. مەســلەمە

---

(1) شەيخۇلئىـسلام ئىبنــى تەيمىيەنىــڭ « مجمـوع الفتــاوى » نــاملىق ئەســرى 22 ـ تــوم 553 ـ 558 ـ بەتلەردىــن ئېلىندى.

(2) ئىبنى تەيمىيەنىڭ « مجموع الفتاوى » ناملىق ئەسرى 22 ـ توم 612 ـ بەت.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.

ئىبنى بەششار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا مەسجىدنىڭ بىر تەرىپى ئۆرۈلۈپ كېتىپ كىشىلەر ناله ـ پەرياد چاقىرىۋاتقان چاغدا، ئۇ ئەتراپىدا بولىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرسىز هالدا نامازغا داۋام قىلىۋەرگەن. بەزى سالىھلار تاھارەت ئالغىنىدا چىرايى سارغىيىپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا: ”مەن هازىر هۇزۇرىغا بارىدىغان زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمەن ئەمەسمۇ؟“دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. هەزرىتى ئەلى ـ كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ- نامازنىڭ ۋاقتى كىرىشى بىلەن تىترەشكە باشلايدىكەن ۋە چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ: ”ئاللاھ تائالا ئاسمان، زېمىن ۋە تاغلارغا تەقلىگەندە، ئۇلار هۆددىسىدىن چىقالماسلىقىدىن قورقۇپ قوبۇل قىلمىغان ئامانەتنى(شەرىئەت تەكلىپىنى) ئادا قىلىش پەيتى كەلدى ئەمەسمۇ؟!“ دەيدىكەن. ئەللامە سەئىد تەنۇخىي هەر قېتىم ناماز ئوقۇۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ كۆز ـ ياشلىرى ساقىلىقىنى هۆلدەپ تۇرىدىكەن»[1].

« شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە نامازغا تۇرغىنىدا ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقانلىقتىن، ئىختىيارسىز هالدا، ئوڭ ـ سولغا تەۋرىنىپ كېتەتتى»[2].

يۇقىرىقىلار بىلەن بىزنىڭ ئەهۋالىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بىزنىڭ نامازنى قانچىلىك بىپەرۋالىق بىلەن ئادا قىلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى هازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بەزىسى نامازدا سائىتىگە قارىسا، بەزىسى كىيىمىنى قېقىۋاتقان، بەزىسى باش ـ كۆزىنى قاشلىسا، بەزىسى بۇرنىنى كولاۋاتقان، بەزىسى ئالغان ۋە ساتقانلىرىنىڭ هېسابىنى چىقارسا، بەزىسى يېنىدا تۇرغان كىشىنىڭ هەرىكىتىنى كۈزەتكەن. ئىشقىلىپ بىزنىڭ نامازلىرىمىز « خۇشۇئ» تىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالالمايۋاتماقتا. شۇ سەۋەبتىن دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولمىغان ۋە هالىمىز ئىسلاھ قىلىنمىغان.

**«خۇشۇئ»نىڭ ئامىللىرى**

ناماز ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئالدىنقىسى ۋە ئەڭ ئەهمىيەتلىكى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭدا«خۇشۇئ» پەرزدۇر. شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىس ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغانلىقتىن، ئۇ ئادەم بالىلىرىنى قايسىبىر يول بىلەن بولمىسۇن چوقۇم ئازدۇرۇش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالانىڭ هۇزۇرىدا قەسەمىيات قىلغان مەخلۇقتۇر ﴿**ثُمَّ لآتِيَنَّهُم مِّن بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَانِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ**

(1) مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىدنىڭ «33 سبباً للخشوع في الصلاة » ناملىق ئەسىرىدىن.

(2) «كواكب الدرية في مناقب المجتهد ابن تيمية» ناملىق ئەسەرنىڭ 83 ـ بېتىدىن.

﴿وَلاَ تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭىدىن، سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن»[1].

مۇسۇلمان كىشىنى ئاللاھ تائالاغا ئۇلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ كاپالەتلىكى ناماز بولغانلىقتىن، شەيتانلار ئۇلارنى بىر ئامال قىلىپ نامازدىن غاپىل قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن ھارماي تىرىشىدۇ. شەيتانلار كىشىلەرنى ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بارچە چارىلىرىنى قوللىنىدۇ. كىشىلەرنى نامازدىن غاپىل قالدۇرۇشنىڭ يولى ئۇلارنى «خۇشۇئ»تىن مەھرۇم قىلىشتىن باشلىنىدۇ. شۇڭا «خۇشۇئ» تىن مەھرۇم بولماسلىقىمىز ئۈچۈن بارچە كۈچىمىز بىلەن تىرىشىش بىزنىڭ بۇرچىمىز. بۇ سەۋەبتىن بىز نامازدا «خۇشۇئ» تىن نېسىۋىمىزنى ئېلىشنىڭ ئامىللىرىغا موھتاجمىز.

«خۇشۇئ»نىڭ ئامىللىرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى، يەنە بىرى، «خۇشۇئ»نىڭ يوقىلىشىغا ياكى ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردۇر.

## «خۇشۇئ» نى ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى

«خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشنىڭ چارىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. «خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى چارىسى نامازدا تۇرىۋاتقان كىشى ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى ۋە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشى، خۇددى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسان نامازنىڭ ھالاۋىتىنى قانچىلىك كۆپ تېتىغانسىرى ئۇنىڭ نامازغا بولغان ئىشتىياقى شۇنچىلىك زور ئاشىدۇ. بۇ ئىمانىنىڭ كۈچىگە قاراپ بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز مېنىڭ كۆڭلۈم شادلىقىم قىلىندى»دېگەن. شۇڭا ئۇ مۇئەززىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى بىلال! بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن»دېگەن.

2. نامازدىكى رۇكۇ ۋە سەجدىلەر ئارىسىدىكى يۆتكىلىشلەرنى ئالدىرىماستىن تەمكىنلىك بىلەن قىلىش، ھەر بىر يۆتكىلىشتە ئورگانلار ئۆز ئورنىغا تولۇق كېلىپ بولغىچىلىك ئارام ئېلىش. « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (نامازدىكى ھەر بىر يۆتكىلىشتە)

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

ھەر بىر سۆگەك ئۆز ئورنىغا كېلىپ بولغىچىلىك ئارام ئالاتتى»[1].

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”ئوغرىلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئۆزىنىڭ نامىزىنى ئوغۇرلايدىغانلاردۇر“ دېگەندە، ساھابىلار، ”يارەسۇلەللاھ! بىراۋ نامىزىنى قانداق ئوغۇرلايدۇ؟“ دەپ سورىشىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ” نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق قىلمايدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ نامازلىرىنى ئوغۇرلىغۇچىلاردۇ“ دەيدۇ»[2].

نامازنى ئالدىراپ ئوقۇغان كىشىنىڭ «خۇشۇئ» نى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى نامازدىكى تېزلىك «خۇشۇئ» غا پۇرسەت بەرمەيدۇ.

3. نامازدا ئۆلۈمنى ياد ئېتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىگە مۇنداق دېگەن: « نامىزىڭدا ئۆلۈمنى ياد ئەتكىن، چۈنكى نامىزىدا ئۆلۈمنى ياد ئەتكەن كىشى نامىزىنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ. نامىزىڭنى خۇددى ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نامىزىنى ئوقۇغان كىشىدەك ئوقۇغىن»[3].

تەبىئىيكى، ئۆلۈش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نامازنى ئوقۇغان ئادەم بۇ نامازنى چوقۇم ۋايىغا يەتكەن« خۇشۇئ»بىلەن ئوقۇيدۇ.

4. نامازدا ئوقۇلغان قىرائەت، دۇئا ۋە تەسبىھلەرنى بىلىپ، ئويلاپ ئوقۇش ۋە بۇلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش. قۇرئان كەرىم پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىبرەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن ئىلاھىي كىتاب. ﴿**كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِّيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ**﴾ تەرجىمىسى: «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»[4].

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىش شەرت. شۇڭا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغانلار نامازدا ئوقۇلۇۋاتقان قىرائەتكە «مەن ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىۋاتىمەن، ئۇ ماڭا خىتاب قىلىۋاتىدۇ» دېگەن ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن قۇلاق سالسا يېتەرلىكتۇر. ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىمۇ، ئۆزى

---

(1) فەتھۇلبارىي 2 ـ توم 308 ـ بەت، «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.

(2) ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

(3) شەيخ ئەلبانىنىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»دىن 1421 ـ ھەدىس.

(4) ساد سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

ئوقۇغانلىرىنى شۇنداق ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئوقۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنى قانداق ئاڭلاش كېرەك؟

قۇرئان كەرىمنى مۇنۇ ئايەتتە سۈپەتلەنگەن مۆمىنلەرگە ئوخشاش ئاڭلاش كېرەك: ﴿وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُواْ لَهُ وَأَنصِتُواْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ يەنى«ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار»[1].

5. نامازدا ئوقۇلغان قۇرئاننى ئايەت ـ ئايەت ئوقۇش. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئايالى) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قىرائىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: »پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قىرائەت قىلغاندا ھەر بىر ئايەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن توختايتتى، ئاندىن ئىككىنچى ئايەتنى باشلايتتى. ﴿**بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ**﴾دىن كېيىن توختاپ، ئاندىن﴿ **الْحَمْدُ للّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ**﴾ نى ئوقۇپ توختايتتى، ئاندىن يەنە ﴿**الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ**﴾نى ئوقۇپ توختايتتى، ئاندىن﴿**مَالِكِ يَوْمِ الدِّيْنِ**﴾نى ئوقۇپ بولۇپ توختايتتى، سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق ئوقۇيتتى»[2].

ھەر بىر ئايەتنىڭ بېشىدا توختاش سۈننەتتۇر. گەرچە ئالدىنقى ئايەتنىڭ مەنىسى كېيىنكى ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئايەت ئوتتۇرىسىدا توختاش ئەۋزەلدۇر. ھەر بىر ئايەتتىن كېيىن توختاپ ئوقۇش « خۇشۇئ» نىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

6. قۇرئاننى ھەر بىر ھەرپىنى دانە ـ دانە چىقىرىپ تەرتىل بىلەن ئوقۇش.« پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قىرائەتنى ھەرپ ـھەرپ تەپسىر قىلغاندەك ئوچۇق ئوقۇيتتى»[3].

«پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىرەر سۈرىنى قىرائەت قىلغاندا، ئۇنى ئەڭ ئۇزۇن ئوقۇغان ھەر قانداق كىشىدىنمۇ ئۇزۇن ئوقۇيتتى»[4].

چۈنكى قىرائەتنى تەرتىل بىلەن قىلىش شۇ ئايەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، تەپەككۇر «خۇشۇئ» غا تۈرتكە بولىدۇ.

---

(1) ئەئراق سۈرىسى 204 ـ ئايەت.

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى «سەھىھ»"دەپ باھالانغان ھەدىس.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

7. نامازدا ئاللاھ تائالا ماڭا سۆز قىلىۋاتىدۇ، دېگەن ھېس - تۇيغۇ بىلەن تۇرۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ”نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئارىسىدا ئىككىگە بۆلدۇم. بەندەم ئۆزى سورىغىنىنى بېرىمەن“ دېدى. بەندە ﴿الْحَمْدُ للّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دېگەندە، ئاللاھ «بەندەم مېنى مەدھىيەلىدى» دەيدۇ. ئۇ ﴿الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ﴾ دېگەندە، ئاللاھ: « بەندەم ماڭا ھەمدۇ سانا ئېيتتى» دەيدۇ. ئۇ ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەندە، ئاللاھ: «بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى»دەيدۇ. ئۇ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾دېگەندە، ئاللاھ: «بۇ مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەم ئۆزى سورىغىنى بار» دەيدۇ. ئۇ ﴿اهدِنَــــا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ. صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ﴾ دېگەندە، ئاللاھ: «بەندەمنىڭ بۇ تىلىگىنى قوبۇل قىلدىم. بەندەم ئۆزى سورىغىنىنى بېرىمەن» دەيدۇ»[1].

نامازدا تۇرغان ئادەم فاتىھە سۈرىسىنى ئاللاھ تائالا ماڭا سۆز قىلىۋاتىدۇ مەن ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىۋاتىمەن، ئاللاھ تىلىگەنلىرىمنى بېرىدۇ، دېگەن ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئوقۇيدىكەن، چوقۇم «خۇشۇئ» نى ھاسىل قىلالايدۇ ۋە تىلىگەنلىرىگە ئېرىشىدۇ.

## «خۇشۇئ»غا زىيانلىق ئامىللار

«خۇشۇئ» نىڭ يوقىلىشىغا ياكى ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1. يانفونلارنى ئېتىۋەتمەستىن نامازغا تۇرۇش. تېلېفون ئاۋازىنىڭ نامازدىكى «خۇشۇئ» نى بۇزىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. خۇسۇسەن، يانفونلارنىڭ مۇزىكىلىق ئاۋازى ئەلۋەتتە دىققەتنى بۇزىدۇ. نەتىجىدە، نامازدىكى «خۇشۇئ» نى يوق قىلىدۇ. شۇڭا مەيلى مەسجىدتە، مەيلى ئۆز ئۆيىدە، مەيلى جامائەت بىلەن، مەيلى ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇماقچى بولغان ھەر قانداق ئادەم نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن يېنىدىكى يانفوننى ئېتىۋېتىشى نامازنىڭ «خۇشۇئ» بىلەن ئادا تېپىشى ئۈچۈن شەرتتۇر.

يانفونلارنى ئېتىۋەتمەستىن نامازغا تۇرۇش نامازنىڭ ۋە مەسجىدنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىق بولىدۇ. خۇسۇسەن مەسجىدكە يانفوننى ئېتىۋەتمەستىن كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جامائەتنىڭ«خۇشۇئ» نىنى بۇزغان ۋە مەسجىد ئەھلىگە

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

ئــازار بەرگەن بولــدۇ. نەتىجىــدە، گۇناھكــار بولــدۇ. چــۈنكى ئــادەتتىكى ۋاقىــتلاردا كىــشىلەرگە ئــازار قىلىــش ھــارام بولغــان يەردە، كىــشىلەرنىڭ نامــازدىكى «خۇشــۇئ»نــى بــۇزۇش قــاتمۇ قــات ھارامــدۇر. ھــارامنى ئىــشلىگۈچىلەر ئــۆزلىرىنى ئــاللاھ تائالانىــڭ ئازابىغــا تۇتقۇچىلاردۇر.

نامازغــا تۇرۇشــتىن ئــاۋۋال يــانفونلارنى يىپىــۋېتىش ناھــايىتى ئەھمىيەتلىــك ئىــشتۇر. نامــازنى ئــاللاھ تائالانىــڭ رازىلىقىنــى كــۆزلەپ ئوقۇيــدىغان ھەر قانــداق كىــشىنىڭ نامازغــا تۇرۇشتا يانفوننى يىپىۋېتىپ تۇرۇشى لازىم.

2. نامــاز ئوقۇيــدىغان جايــدىكى دىققەتنــى تارتىــدىغان نەرســىلەرنى ئېلىــپ تاشــلاش. بۇنىڭغــا بىنــائەن، نەقىــشلەنگەن جايناماز‌لاردا ـ ھەتتــا كەبىنىــڭ ســۈرىتى چۈشــۈرۈلگەن جاينامــازلاردىمۇ ـ نامــاز ئوقــۇش ياخــشى ئەمەس. چــۈنكى نامــاز ئوقۇيــدىغان جايــدىكى نەقىــشلەر ۋە ســۈرەتلەر دىققەتنــى بۇزىــدۇ. نەتىجىــدە، «خۇشــۇئ» نــى ھاســىل قىلىــشقا توســالغۇ بولــدۇ. ئەنەس ئىبنــى مالىــك رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، ئائىــشە رەزىيەللاھــۇ ئەنھانىــڭ ئۆيىنىــڭ بىــر تەرىپىــدە نەقىــشلەنگەن پەردە بــار ئىــدى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ئۇنىڭغــا: «ئــۇنى ئېلىۋېتىــڭ، ئۇنىــڭ نەقىــشلىرى نامىزىمــدا كــۆزۈمگە چېلىقىپلا تۇردى» دېگەن[1].

شــۇنداقلا، ئــادەم ئۆتــۈپ تۇرىــدىغان جــايلاردا، كىــشىلەر پاراڭلىــشىۋاتقان ســورۇنلاردا ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولىۋاتقان ئورۇنلاردا ناماز ئوقۇشمۇ ياخشى ئەمەس.

3. نەقىــشلەنگەن يــاكى ســۈرەت چۈشــۈرۈلگەن يــاكى خەت يېزىلغــان كىــيىملەر بىــلەن نامــــاز ئوقــــۇش. ئائىــــشە رەزىيەللاھــــۇ ئەنھــــادىن رىــــۋايەت قىلىنىــــدۇكى: «پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام ســىزىقچىلار بىــلەن نەقىــش قىلىنغــان بىــر كىيىمنــى كىيىــپ نامــاز ئوقــۇپ بولغانــدىن كېــيىن، "بــۇ كىيىمنــى ئەبــۇ جەھــم ئىبنــى ھــۇزەيفە دېــگەن كىــشىگە ئاپىرىــپ بېــرىڭلار ۋە ماڭــا ســاددا كىــيىم ئېلىــپ كېلىڭلار، بــۇ كىيىمــدىكى ســىزىقچىلار نامــازدا دىققىتىمنى بۇزدى" دەپ بۇيرىدى»[2].

نەقىــشلەنگەن كىــيىملەر بىــلەن نامــاز ئوقــۇش ياخــشى بولمىغــان يەردە، ســۈرەتلىك كىــيىملەر بىــلەن، خۇسۇســەن جانلىقلارنىــڭ ســۈرىتى چۈشــۈرۈلگەن كىــيىملەر بىــلەن نامــاز ئوقۇش تېخىمۇ ياخشى ئەمەس.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

4. تائام هازىر بولغان ۋاقىتتا نامازغا تۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام **لَاصَلَاةَ بِحَضْرَةِ طَعَامٍ** يەنى«تائام هازىرلانغان ۋاقىتتا ناماز ئوقۇش يوق»دەپ كۆرسەتكەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **إِذَا وُضِعَ عَشاءُ أحدِكُمْ وَأُقِيمَت الصلاةُ فَابْدَأُوا بالعَشاءِ، وَلا يَعْجَلْ حتى يَفرُغَ مِنْهُ** تەرجىمىسى: « سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئالدىغا كەچلىك تائام كەلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ناماز باشلانسا، ئالدى بىلەن تائامغا باشلىسۇن، ئۇنىڭدىن ئېهتىياجىنى قاندۇرۇپ بولمىغىچە نامازغا ئالدىرىمىسۇن»[2].

چۈنكى هازىرلانغان تائامدىن تۇرۇپ كېتىپ نامازغا تۇرغاندا، كۆڭۈل تىنجىمايدۇ. كۆڭلى تائامدا بولۇپ قالغان ئادەم نامازدا «خۇشۇئ»نى هاسىل قىلالمايدۇ.

5. تەرەتى قىستاپ قالغاندا نامازغا تۇرۇش. شۈبهىسىزكى، تەرەتى قىستاپ قالغان ئادەم نامازدا «خۇشۇئ» نى هاسىل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆزىنى تېزرەك بوشىتىپ راهەتلىنىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ نامىزىنى «خۇشۇئ»بىلەن ئادا قىلالىسۇن؟! شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئالدى ياكى كەينى قايسىبىر تەرەتى قىستاپ قالغان كىشىنىڭ ئۆزىنى بوشاتماستىن نامازغا تۇرۇشىنى مەنئى قىلغان. **إِذَا أُقِيمَت الصَّلَاةُ وَوَجَدَ أَحَدُكُمُ الْخَلَاءَ فَلْيَبْدَأْ بِالخلاء** تەرجىمىسى: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار هاجەتخانىغا بارای دەپ تۇرغىنىدا ناماز باشلىنىپ كەتسە، ئىشنى هاجەتخانىدىن باشلىسۇن»[3].

6. نامازدا مۈگدەش. نامازنى مۈگدەپ ئوقۇغان كىشىنىڭ «خۇشۇ»نى هاسىل قىلىشى هەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۈگدەك باسقان كىشىنىڭ ناماز ئوقۇشىنى مەنئى قىلغان **إِذَا نَعَسَ احدُكم فِي الصلاة فلينَمْ حَتَّى يَعلَمَ مَا يَقْرَأُ** تەرجىمىسى: « سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى نامازدا ئۇيقۇ بېسىۋالسا، (نامازنى توختىتىپ) ئۇخلىسۇن، نامازنى نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلگىدەك هالغا كەلگەندە ئوقۇسۇن»[4].

بۇ هەدىس پەرز، ۋاجىب، سۈننەت ۋە نەپلە قاتارلىق هەر قانداق نامازغا شاملدۇر.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) بۇخارى رىۋايىتى.
(3) مۇسلىم ۋەتىرمىزى رىۋايىتى.
(4) بۇخارى رىۋايىتى.

بىراق پەرز نامازلارنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتمەسلىكى شەرتتۇر.

7. نامازدا تۇرۇپ سەجدە قىلىدىغان جاينى سۈرتۈش ياكى تازىلاش ياكى تۈزلەش بىلەن مەشغۇل بولۇش. بۇنداق ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىش «خۇشۇئ» نى ھاسىل قىلىشقا ئەلۋەتتە توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپ سەجدە قىلىدىغان يەرنى تۈزلەۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: **إِنْ كُنْتَ لاَ بُدَّ فَاعِلاً، فَوَاحِدَةً** تەرجىمىسى: «ئەگەر زادى قىلمىساڭ بولمىسا بىرلا قېتىم قىلغىن» دېگەن[1].

نامازدا يۈز ۋە پېشانىنى سۈرتۈشمۇ «خۇشۇئ»نى بۇزىدىغان ئامىللاردىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گاھىدا سۇ ياكى تۇپراققا سەجدە قىلغىنىدىمۇ پېشانىسىنى تازىلاش ئۈچۈن سىلىمىغان. چۈنكى نامازدىكى «خۇشۇئ»بۇنداق قىلىشنىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

8. نامازدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراش. بۇنداق قىلىش نامازدا «خۇشۇئ» ھاسىل قىلىشقا ئەلۋەتتە توسالغۇ بولىدۇ. چۈنكى كۆزنىڭ ھەرىكىتى قەلبنى مەشغۇل قىلىدۇ. قەلب مەشغۇل بولغاندا نامازدىكى «خۇشۇئ» يوقىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **لاَ يَزَالُ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ مُقْبِلاً عَلَى العَبْدِ فِي صَلَاتِه مَا لَمْ يَلْتَفِتْ، فَإِذَا صَرَفَ وَجْهَهُ انْصَرَفَ عَنْهُ** تەرجىمىسى: « بەندە نامىزىدا ئۇياق ـ بۇياققا قارىماستىن تۇرغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىرەر تەرەپكە بۇرۇلىشى بىلەنلا ئاللاھ تائالا ئۇنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىدۇ»[2].

## نامازدا بۇرۇلۇشنىڭ مەنىسى

نامازدا بۇرۇلۇش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، قەلب بىلەن بۇرۇلۇش، يەنە بىرى كۆز بىلەن بۇرۇلۇشتۇر. قەلب بىلەن بۇرۇلۇش — كۆڭۈلنى نامازنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىشتۇر. كۆز بىلەن بۇرۇلۇش — ئۇياق ـ بۇياققا قاراشتۇر. ھەر ئىككى تۈرلۈك بۇرۇلۇش مەنئى قىلىنغاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىكى بۇرۇلۇشتىن سورالغىنىدا: «ئۇ ئوغرىلىق بولۇپ، شەيتاننىڭ بىراۋنىڭ نامىزىنى ئوغۇرلىغىنىدۇر» دېگەن[3].

نامازدا تۇرۇپ قەلبى ياكى كۆزى بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا بۇرۇلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىن يۈز ئۆرىگەن بولىدۇ. پادىشاھ ياكى رەئىس جۇمھۇر بىراۋنى

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.

(3) بۇخارى رىۋايىتى.

ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئەكىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرسا، ئۇ ئۇياقتا ــ بۇياقتا بۇرۇلۇپ ئۆزى سۆھبەتلىشىۋاتقان كىشىگە كۆڭۈل بەرمىسە، ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتقان كىشى ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولامدۇ؟ يەنە تېخى ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتقان پادىشا ياكى رەئىس جۇمھۇر ئۇنىڭغا سۆزلەۋاتقاندا، ئۇ ئۇياق ــ بۇياققا بۇرۇلۇش سەۋەبلىك ئۇنىڭ سۆزىگە دىققىتىنى بېغىشلىمىسا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالامدۇ؟ سۆھبەتكە قۇلاق سالمىغان ئادەم ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالالامدۇ؟!

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بۇنداق بولغان يەردە، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، كاتتىلارنىڭ كاتتىسى، شۇنداقلا پۈتۈن كائىناتنىڭ بىرلا خوجايىنى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ رەھمىتىگە ۋە ياردىمىگە تەلمۈرگەن كىشىنىڭ ھالى قانداق بولىشى كېرەك؟![1].

ئەپسۇسكى،« خۇشۇئ» شۇنچە ئەھمىيەتلىك بىر پەرز تۇرسىمۇ، بىزنىڭ بۇرۇنقى فىقھى كىتابلىرىمىزدا «خۇشۇئ» توغرۇلۇق ئالاھىدە ماۋزۇ قويۇپ تەپسىلىي توختالمىغان. بەلكى ئۇ زامانلاردا كىشىلەرنى ئازدۇرغۇچى ۋاستىلەر ھازىرقى زامانغا نىسبەتەن ئاز بولغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىمانىمۇ بىزلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. پېقىرمۇ «خۇشۇئ»دىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ماۋزۇ توغرۇلۇق ئىزدىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزۈمنىڭ نامازدىكى بۇ مۇھىم پەرزگە ئەھمىيەت بېرىشتىن بەكمۇ غەپلەتتە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم ۋە ئۆتكەنكى گۇناھلىرىم، غاپىللىقىم ھەمدە نوقسانلىرىم ئۈچۈن تەۋبىنى يېڭىلىدىم. ئاۋۋال ئۆزۈمگە، ئاندىن جىمى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا نامازدا«خۇشۇئ»نى ھاسىل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## ئىنسان پسىخولوگىيىسى ۋە بەش ۋاخ ناماز

« ئىنسان يارىتىلىشىدىنلا ئېغىر سىناقلارغا چىدامسىز بىر مەۋجۇدات بولۇپ، ئۇنىڭ مۇپتىلا بولىدىغان بالالىرى ۋە دۈشمەنلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇ ھەممىگە ئېگە بولالمايدىغان ھاجەتمەن بىر مەۋجۇدات بولۇپ، ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇ ئاجىزدۇر. ھالبۇكى، ھاياتنىڭ يۈكلىرى ئىنتايىن ئېغىردۇر. ئىنساندىكى ئەقىل بىلەن روھ ئۇنى ئۇلۇغۇار غايىلەر ۋە مەڭگۈلۈك سائادەتلەرگە چاقىرىدۇ. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ قولى قىسقا، ئۆمرى چەكلىك، ئىقتىدارى يېتەرسىز، سەبىر ـ تاقىتى ئازدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنساننىڭ كۆڭۈلىنىڭ مەشغۇلىيەتلىرى باشلىنىشتىن بۇرۇن، تاڭ سەھەر تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئەڭ مەرھەمەتلىك خوجىسى —

(1) مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىدنىڭ«33سبباً للخشوع في الصلاة» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئـاللاھ تائالانـــىڭ ھوزۇرىغـا مـۇراجىئەت قىلىــپ، ئۇنىڭــدىن ئــىشلىرىغا مــۇۋەپپەقىيەت ۋە مەدەت تىلەشــكە نەقەدەر ئېھتىيــاجلىق ئىكەنلىكــى ۋە باشــلىنىۋاتقان كۈنــدۈز ھاياتــىدا بېشىغا كېلىــدىغان، ئۈســتىگە يۈكلىنىــدىغان ئــىشلارنى يېڭــىشتا نامازنىــڭ نەقەدەر مــۇھىم بىر يۆلىنىش نۇقتىسى بولىدىغانلىقى ئوچۇق مەيداندىدۇر.

## پېشىن ۋاقتى

پــېشىن ۋاقتــى — كۈنــدۈز كامالىغـا يېتىــپ قۇيــاش ئاســماننىڭ دەل ئوتتۇرىــسىغا كېلىــپ بولغانــدىن كېيىن، كــۈن پېتىش تەرەپكە ئېگىلگەن بىــر ئانــدۇر ھەمــدە بــۇ ۋاقــت كۈنلــۈك مەشــغۇلىيەتلەرنىڭ ھارغىنلىقىـــدىن ۋاقىتلىـــق دەم ئــېلىش ۋاقتــى. پــانى دۇنيانىـــڭ تۈگىمەيــــدىغان ئىبغـــر ئـــىشلىرى ۋە مەشـــغۇلىيەتلىرى ئېلىـــپ كەلــــگەن غەپــــلەت ۋە بىپەرۋالىقتىن روھنىــڭ تەنەپپۇسقا ئېھتىيــاجلىق بولغــان بىــر ۋاقتــى. بــۇ، ئىلاھــي نــېمەتلەر ئىزھار قىلغان بىــر ۋاقتتــۇر. ئىنىسانىنىڭ روھــي تــارلىقلاردىن ۋە غەپلەتلەردىــن قوتۇلــۇپ، بــۇ دۇنيانىــڭ ئاقىۋەتــسىز مەشغۇلىيەتلىرىدىن قــول ئــۈزۈپ، مەڭگۈلــۈك بــاقىي بولغــان ئــاللاھ تائالانىــڭ ھوزۇرىغــا كېلىــپ قــول بــاغلاپ تــۇرۇپ، ئــاللاھ تائالانىــڭ پۈتــۈن نېمەتلىــرىگە شــۈكۈر ئىزھــار قىلىــش، ئۇنىــڭ ئۇلۇغلىقىغــا لايــق ھالــدا، رۇكــۇ بىــلەن يەرگە ئېگىلىــپ ھــۆرمەت بىلــدۈرۈش ۋە ســەجدە ئــارقىلىق پۈتــۈن ئىخلاســى ۋە مــۇھەببىتىنى نامــايەن قىلىــشتىن ئىبــارەت بولغــان پــېشىن نــامىزىنى ئوقۇشــى نەقەدەر مــۇھىم، نەقەدەر پايــدىلىق ۋە تولىمــۇ مۇناســىپ بىـــر روھىـــي تەنەپپـــۇس ئىكەنلىكىنـــى ئىنىـــسان بولىـــدىكەن چوقـــۇم چۈشىنەلەيدۇ.

## ئەسىر ۋاقتى

ئەســر ۋاقتــى — ھەر نەرســە خــازان بولىــدىغان كــۈز پەســلىنى، قېرىلىقنىــڭ غەمكىــن ھــالىنى ۋە ئــاخىر زامانىنىــڭ ۋاقتىنــى ئەســلىتىدىغان بىــر ۋاقــت. بــۇ ۋاقــت، كۈنلــۈك ئــىشلارنىڭ خۇلاســىلىنىش ۋاقتىــدۇر. بــۇ ۋاقتتــا قۇياشــنىڭ كــۈن پېتىــشقا قــاراپ ماڭغــان سەيرىــسى، كائىناتتــا — ئــاللاھ تائــالادىن باشــقا — ھەمــمە نەرســىنىڭ پــانى ئىكەنلىكىنــى ۋە ئىنىــسانىڭمۇ بىــر كــۈنى خــۇددى قۇيــاش پاتقانــدەك ھايــاتلىقتىن كــۆز يۇمىــدىغانلىقىنى ئەســلىتىدىغان بىــر مەنزىرىــدۇر. بــۇ پەيتــتە، مەڭگــۈ پــانىي بولمايــدىغان ئــاللاھ تائالانىــڭ ھوزۇرىغــا ئېلتىجــا قىلىــپ، قۇللۇقنىــڭ ئەڭ يۈكــسەك ئىپادىــسى بولغــان ئەســر نــامىزىنى ئوقــۇش نەقەدەر مۇۋاپىــق ۋە مۇناســىپ بولغــان قۇللــۇق بــۇرچى ئىكەنلىكىنــى ئەقىــل ئىگىــسى بىلەلەيدۇ.

## شام ۋاقتى

شام ۋاقتى — قۇياشنىڭ پېتىشى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئاخىرى بىر كۈن پۈتۈن ياخشى كۆرگەنلىرىدىن ئايرىلىپ قەبرىگە كىرىدىغانلىقىنى خاتىرلىتىدىغان بىر ۋاقىتتۇر. بۇ ۋاقىت مەڭگۈلۈك بولغان بىر زاتقا ئېسىلىپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ ئەبەدىي يوقالمايدىغان رەھمىتىگە ئېرىشىش ئارقىلىق دۇنيادا سائادەت ۋە ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك خازان بولمايدىغان بەختلىك هاياتقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى خاتىرلىتىدۇ. مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا شام نامىزىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھقا يۈزلىنىشنىڭ نەقەدەر ياخشى ۋە تولىمۇ پايدىلىق بىر بەندىچىلىك بۇرچى ئىكەنلىكىنى قەلبى ساغلام بولغانلار بىلەلەيدۇ.

## خۇپتەن ۋاقتى

خۇپتەن ۋاقتى — كۈندۈزنىڭ ئۇيۇقتىكى پۈتۈن ئەسەرلىرى يوقىلىپ ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بىر ۋاقىت. بۇ ۋاقىت كۈندۈز بىلەن كېچىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچى زاتنىڭ ئىلاھىي ئىجراسى، ئاخىرەتكە كەتكەنلەرنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ باشقا بىر ئالەمگە يۆتكەلگەنلىكىنى خاتىرلىتىدىغان بىر ۋاقىت. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەن، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇغان ۋە ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىز، چىدامسىز، بىچارە بەندە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان هالدا، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەڭ قۇدرەتلىك زاتقا يېقىنلىشىشى نەقەدەر توغرا، نەقەدەر ئويغۇن بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئىبرەت ئالىدىغانلار چۈشىنىدۇ»[1].

## نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

نامازلارنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن تەرك ئېتىشنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئىشلەنگەن ئەڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىدە، نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوقتۇر. بۇ مەسىلىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ھېچبىر ئىختىلاپ يوق. نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ ھۆكمى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق يۈزىسىدىن نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەر بولۇپ، مۇنداقلار شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ(ئەڭ ئىشەنچلىك)ھەدىسلەر ئارقىلىق

---

(1) بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسىينىڭ«sozler»ناملىق ئەسىرىدىن ـ تۈركچە.

بېكىتىلگەن ئەھكاملارنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

2 ـ نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن ناماز ئوقۇمىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكى ئىككى خىل كىشىلەردۇر: بىرىنچىسى، دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئالاقىسىز ھالدا، ئادەمزات بارمايدىغان يىراق چۆللەردە، تاغلاردا ۋە ئورمانلىقلاردا ياشىغانلىقىدىن، نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سوراپ ئۆگىنىش ئۈچۈن، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىدىغان بىرەر ئالىمنىڭمۇ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ھاياتىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقى تۈپەيلى ناماز ئوقۇمىغان كىشىلەر.

يەنە بىرى، ئىسلام دىنىنى ئەمدىلا قوبۇل قىلغان بولۇپ، نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئوقۇشنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرىنى ئۆگىنىپ بولغىچىلىك ئۆلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ناماز ئوقۇيالمىغان كىشىلەر. يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقتىكى ئۆزرىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلاردىن نامازنى تەرك ئەتكەنلىكىنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبْعَثَ رَسُولًا**﴾ تەرجىمىسى: «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ(ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق»[1].

ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئالەمگە، تا قىيامەتكىچىلىك پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەلگەن بىر دىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەۋەتى يەتمىگەن جايلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جازالانمايدىغانلىقىغا ئوخشاش، ئىسلام دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئاڭلىمىغانلىقىدا — يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك كىشىلەردەك — ھەقىقىي ئۆزرىلىرى بولغان ناماز ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. مانا بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئادالىتىدۇر.

بىراق ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە، دۇنيانىڭ قايسىبىر بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىدا ياشىغان بولمىسۇن نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بىرەر مۇسۇلماننىڭ تېپىلىشى تەسەۋۋۇردىن يىراق، ئەلۋەتتە.

3 ـ نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، نامازغا

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقتىكى ھېچقانداق ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما ھەيىزدار ۋە نىفاسدار ئاياللار ھەيىزدارلىق ۋە نىفاسدارلىق ۋاقتىلىرىدا ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ. كېيىنمۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. بىراق رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى پاك بولغاندىن كېيىن ئادا قىلىدۇ.

نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ ئاخىرەتتە تارتىدىغان ئازابلىرى توغرۇلۇق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ إِلاَّ أَصْحَابُ الْيَمِينِ. فِي جَنَّاتٍ يَتَسَاءَلُونَ. عَنِ الْمُجْرِمِينَ مَا سَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ. قَالُوا لَمْ نَكُ مِنَ الْمُصَلِّينَ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ الْمِسْكِينَ**﴾ تەرجىمىسى: «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن(دوزاختا) مەھبۇستۇر. پەقەت ئەسھابى يەمىن(سائادەتمەن مۆمىنلەر)بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن "سىلەرنى دوزاختا كىرگۈزگەن نېمە؟" دەپ سورايدۇ. ئۇلار "بىز ناماز ئوقۇمىدۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئارقىلىق جەننەتكە كىرىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك ۋەسىلىسى ناماز ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَقِيمُوا الصَّلاَةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار»[2].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ كاپالىتى قىلىپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اِنَّمَا يُؤْمِنُ بِآيَاتِنَا الَّذِيْنَ اِذَا ذُكِّرُوا بِهَا خَرُّوا سُجَّدًا وَسَبَّحُوا بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَهُمْ لاَيَسْتَكْبِرُوْنَ**﴾ تەرجىمىسى: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ھەقىقەتەن شۇنداق كىشىلەر ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىنسا، (ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالاغا) سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىدۇ، پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ تائەت - ئىبادىتىدىن) چوڭچىلىق قىلمايدۇ»[3].

---

(1) مۇددەسسىر سۈرىسى 38 ـ 44 - ئايەت.

(2) نۇر سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

(3) سەجدە سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

بۇ ئايەتتە، ئاللاھ تائالا، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇش ئارقىلىق سەجدە قىلمىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى مەدھىيىلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتمىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىدىن چوڭلۇق قىلىپ باش تارتقان كىشىلەرنى ئىمان ئېيتمىغان ھېسابتا قىلىپ كۆرسەتكەن. مۇندىن باشقا نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: **بَيْنَ الرَّجُلِ وَبَيْنَ الشِّرْكِ وَالْكُفْرِ تَرْكُ الصَّلاَةِ** تەرجىمىسى: «مۇسۇلمانلىق بىلەن مۇشرىكلىك ۋە كۇپرىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى مەنىنى يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **اَلْعَهْدُ الَّذِي بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ الصَّلاَةُ، فَمَنْ تَرَكَهَا فَقَدْ كَفَرَ** تەرجىمىسى: «كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ»[2].

يۇقىرىقى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەردىن نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكى ۋە نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن كۇپرى ئىمانغا زىت كېلىش ۋە كەلمەسلىك ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

## كۇپرىنىڭ تۈرلىرى

كۇپرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئېتىقادىكى كۇپرىلىق، يەنە بىرى، ئەمەلدىكى كۇپرىلىقتۇر. ئېتىقادىكى كۇپرىلىق ئىمانغا زىت كېلىدۇ. ئەمما ئەمەلدىكى كۇپرىلىق ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ.

### ئېتىقادىكى كۇپرىلىقنىڭ ھۆكمى

ئېتىقادىكى كۇپرىلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىسلام ۋە ئىماندىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئېتىقادىكى كۇپرىلىق ئىمانغا زىت كېلىدۇ ۋە ئىمان بىلەن ھەرگىز بىرلەشمەيدۇ. ئېتىقادىكى كۇپرىمۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى .

## ئېتىقادتىكى كۇپىرلىقنىڭ تۈرلىرى

1 ـ كۇپرى ئىنكار

كۇپرى ئىنكار — قۇرئان كەرىمگە ياكى سەھىھ ھەدىسلەرگە ياكى ئۇلاردا كەلگەن ھۆكۈملەرگە ۋە ياكى ئۇلار ئارقىلىق سابىت بولغان بەش ۋاخ ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرزلەر ۋە ئەھكاملارنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: (ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟ (ئەلۋەتتە بار))[1].

2 ـ كۇپرى تەكەببۇر

كۇپرى تەكەببۇر ـ ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، چوڭلۇق قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق دېمەكتۇر. بۇ خىلدىكى كۇپرى ئىبلىسنىڭ كاپىرلىقىغا ئوخشاش كۇپرىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: (ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار»دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى)[2].

دېمەك، ئىبلىسنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى بۇ ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان مۇتەكەببىرلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئىبلىسنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن بىردۇر.

3 ـ كۇپرى شەك

كۇپرى شەك — ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى بولغان ئالتە ئىمانىنىڭ قايسى بىرىگە شەك كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ((كاپىر ئادەم مۇنداق دېدى) قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ(يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن. ئۇنىڭغا (مۆمىن) بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن ھالدا، سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار

---

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 68 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى 34 ـ ئايەت

قىلامسەن؟ دېدى)[1].

بۇ ئايەتتە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگەن كىشى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلىق سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى شەكسىزدۇر.

4 ـ كۇپرى ئىبىراز

كۇپرى ئىبىراز — ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش دېمەكتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى بۇنى ئىپادىلەيدۇ: (سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟) دېدى. ئىبلىس: "مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقمەن. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ" دېدى)[2]، (كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر»[3]

بۇ ئايەتلەردە، ئىسلام دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ شەكسىز «كاپىرلار» ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ ئايەتتە، ئىسلام دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ «كاپىرلار» ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

5 ـ كۇپرى نىفاق

كۇپرى نىفاق — تىلىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: (كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ)(4).

بۇ ئايەتتە، مۇناپىقلار ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەپ قانچىلىك دەۋا قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس، بەلكى كۇففارلاردىن ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

(1) كەھف سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر
(2) ئەئراف سۈرىسى 12 ـ ئايەت
(3) ئەھقاف سۈرىسى 3 ـ ئايەت
(4) بەقەرە سۈرىسى 8 ـ ئايەت

## ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ ھۆكمى

ئەمەلــدىكى كــۇپرىلىقنى ســادىر قىلغــان كىــشى ئىــسلامدىن يــاكى ئىمانــدىن چىقىــپ كەتمەيــدۇ. نەتىجىــدە، ئــۇ، كــاپىر بولمايــدۇ. چــۈنكى ئەمەلــدىكى كۇپرىلىــق ئىمانغــا زىــت كەلمەيدۇ، بىراق ئۇنى سادىر قىلغۇچى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

## ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى

1 ـ كۇپرى نېمەت

كــۇپرى نــېمەت — ئــاللاھ تائالانىــڭ بەرگەن نېمەتلىرىنــى تونــۇپ تــۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلماستىن كۇپرانى نېمەت قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: (ئۆز ۋاقتىــدا پەرۋەردىگــارىڭلار: «نېمــەتىمگە شــۈكۈر قىلساڭلار، (ئــۇنى) تېخىمــۇ زىيــادە قىلىــمەن، ئەگەر كــۇپرانى نــېمەت قىلــساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكالىدى)[1].

2 ـ كۇپرى مەئسىيەت

كــۇپرى مەئــسىيەت — ئىــسلام شــەرىئىتىدە كۇپرىلىــق بىــلەن سۈپەتلەنگەن ھەرقانــداق گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە يامان ئىشلار دېمەكتۇر. ئۇلاردىن:

(1) كۇپرى مەئسىيەت — ئىسلام شەرىئىتىدە كۇپرىلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەرقانداق گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە يامان ئىشلار دېمەكتۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(2) مۇســـۇلماننى نـــاھەق ئۆلتـــۈرۈش. بۇنىـــڭ دەلىلـــى پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى: (مۇسۇلماننى ھاقارەتلەش ئېغىر گۇنـاھتۇر، ئـۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كۇپرىلىقتۇر)[2].

(3) ھــاراق ئىچىــش، ئوغرىلىــق قىلىــش ۋە زىنــا قىلىــش. بۇنىــڭ دەلىلــى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنــۇ سۆزى: (زىنــا قىلغــۇچى مۆمىنلىــك ھالىتىــدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۆمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ ۋە ھاراق ئىچكـۈچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ)[3].

(4) ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرز ئەمەللەرنى تەرك ئېتىش. بۇنىڭ دەلىلى

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت
(2) بۇخارى رىۋايىتى
(3) مۇسلىم رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشتا بايان قىلىنغان مۇنۇ سۆزى: (كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ)[1].

3 ـ كۇپرى ھۆكۈم

كۇپرى ھۆكۈم ـ ئىسلام شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، باشقا قانۇنلارنى دەستۇر قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىش كۆرۈش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى:(كىملەركى، ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر)[2].

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى « بۇ ئەسىرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ياكى يەرلىك قانۇنلارنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل بىلگەنلىك سەۋەب بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل كۇپرى ئېتىقادىي كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ئىمانغا زىت كېلىدۇ. شۇڭا بۇنى سادىر قىلغۇچىلار كاپىر بولىدۇ[3].

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى بەكمۇ ئېغىردۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا كۇپرى ئىسمى بېرىلگەن. ئەمەلدىكى كۇپرى گەرچە ئىمانغا زىت كېلىدىغان بىر كۇپرى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۇپرى ئىسمىنى ئالغانلىقى ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىغا يېتەرلىك دەلىلدۇر. نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ ھالى ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. بۇنداق بولمىسا ئىدى، ئۇلار كاپىرلىق بىلەن سۈپەتلەنمىگەن بولاتتى.

«نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھىنىڭ بۇنچىلىك ئېغىر ۋە چوڭ بولۇشىنىڭ يەنە بىر سىرى شۇكى، نامازنى تەرك ئېتىش كائىناتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن زىتلاشقانلىقتۇر. چۈنكى كائىناتتىكى ھەر قانداق بىر مەۋجۇدات ئاللاھ تائالانى ئۆز تىللىرى بىلەن مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ توغرۇلۇق قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ وَلَكِنْ لاَتَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ**﴾ تەرجىمىسى: «(كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھ تائالانى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ. لېكىن سىلەر(تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى

---

(1) ئەھمەت رىۋايىتى

(2) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت

(3) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ« ئىسلامدا ئىبادەت» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئۇچۇن)ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر»[1].

(1) م. شەۋكەت ئىلياننىڭ مجموع الصلوات في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# ئىككىنچى بۆلۈم: نامازنىڭ شەرتلىرى

1 ـ پاكلىق (بەدەننىڭ، كىيىمنىڭ ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ پاك-پاكىز بولۇشى).

2 ـ تاھارەت (غۇسلى بىلەن تەيەممۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

3 ـ ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى

4 ـ ئەۋرەت جايلارنى يۆرگەش

5 ـ قىبلىگە يۈزلىنىش

6 ـ نىيەت

## نامازنىڭ بىرىنچى شەرتى پاكلىقنىڭ بايانى

پاكلىقنىڭ تۈرلىرى

پاكلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، تاشقى پاكلىق، يەنە بىرى، ئىچكى پاكلىق.

تاشقى پاكلىق دېگىنىمىز — بەدەننىڭ، كىيىمنىڭ ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ نىجاسەت ۋە كىرلاردىن پاك بولۇشى دېمەكتۇر.

ئىچكى پاكلىق دېگىنىمىز — نەپسىنىڭ ۋە قەلبىنىڭ يامان غەرەز ۋە ناچار ئەخلاقلاردىن پاك بولۇشى دېمەكتۇر.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھەر ئىككى پاكلىققا چاقىرىدۇ. نامازنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ھەر ئىككى پاكلىق شەرتتۇر.

## تاشقى پاكلىققا بۇيرۇلۇشنىڭ ھېكمەتلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى تازىلىققا ۋە پاكىزلىققا بۇيرۇشىدا، ئىنسانىنىڭ تەن ساقلىقىغا ۋە روھىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولغان نۇرغۇنلىغان ئالىي مەقسەتلەر غايە قىلىنغان. قىسقىسى، بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇپ ئۇنىڭدىكى كىرلارنى يوقىتىشتا — تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك — بەدەننىڭ يېپىلىپ قالغان تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ ئىنسانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن مىكروبلار ۋە زىيانلىق تەرلەرنىڭ چىقىپ كېتىشىگە، نەپەس ئېلىشنىڭ ئوڭايلىشىشىغا، بەدەننىڭ راھەتلىنىشىگە ئالاھىدە پايدىلىق بولغان ئىجابىي نەتىجىلەر بار. سۇ بىلەن پاكلىنىش

بەدەندىكى يېقىمسىز ھىدلارنى يوقىتىدۇ. پائالىيەتچانلىقنى ئاشۇرىدۇ. ئىبادەت ۋە دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن ئىنساننىڭ ھىممىتىنى، جوشقۇنلۇقنى يېڭىلايدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاكلىققا بۇيرۇپ، ئۇلارغا تازىلىقنى، پاكىزلىقنى پەرز قىلدى ۋە كۆپلىگەن ئىبادەتلەر ئۈچۈن پاكلىقنى شەرت قىلدى. چۈنكى ئىبادەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدا ئادا قىلىدىغان بەندىچىلىك بۇرچى ھەم كەمتەرلىكىنىڭ ۋە ئىتائەتمەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا ئىبادەت بىلەن مۇراجىئەت قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ئىبادەتنى ئەڭ كامىل دەرىجىدە ئادا قىلىپ، بەندىچىلىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەڭ پاكىز ھالەتكە كېلىشى تەلەب قىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئەگەر ئىنساننىڭ بەدىنى ياكى كىيىمى پاسكىنا، كىر بولسا، باشقىلارنىڭ كۆڭۈللىرى ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ، كۆزلىرى ئۇنىڭدىن تېزلا بۇرۇلىدۇ. ئادەتتە، باشلىقلاردىن بىرەرسى بىلەن ياكى رەئىس جۇمھۇر بىلەن يۈز كۆرۈشمەكچى بولغان ئادەم، ئۇنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويماسلىق، ئۇنىڭ نەزىرىدە يېقىملىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ پاكىز ۋە ئەڭ يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ بارىدۇ. بەدىنىدىكى كىرلارنى ۋە يېقىمسىز ھىدلارنى پاك پاكىزە تازىلايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا بولىدىغان مۇناسىۋەتلەرگە شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىلگەن يەردە، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، كاتتىلارنىڭ كاتتىسى ۋە كائىناتنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا تەلمۈرمەكچى بولغان كىشىنىڭ تەييارلىقى قانداق بولۇشى كېرەك؟

شۇڭا ئاللاھ ئىنساننىڭ ناماز ئادا قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، كىرلاردىن ۋە يېقىمسىز ھىدلاردىن تازىلانغان ھالدا پاك - پاكىز تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈشى ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە ھەمدە رازىلىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن پاكلىقنى پەرز قىلدى: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوْهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُواْ بِرُؤُسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز تۇرۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولساڭلار) يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار. قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار. پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار»[1].

(1) مائىدە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

ئـاللاھ تائـالا مۇسـۇلمانلارنى ئـۇلار نامـاز ئوقۇمـاقچى بولغانلىرىـدا پاكلىنىـشقا بۇيرۇشـتا ئـۇلارنى مۇشـەققەتكە تەكلىـپ قىلىـش ئۈچـۈن ئەمەس، بەلكـى ئۇلارغـا نېمىتىنـى تامـاملاپ بېرىـشنى مەقـسەت قىلغـانلىقىنى بايـان قىلىـپ، يـۇقىرىقى ئـايەتكە ئـۇلاپ مۇنـداق دەيـدۇ:

﴿مَايُرِيْدُ اللهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِـــنْ يُرِيْـــدُ لِيُطَهِّـــرَكُمْ وَلِيُـــتِمَّ نِعْمَتَـــهُ عَلَـــيْكُمْ﴾

تەرجىمىـسى: «ئـاللاھ سـىلەرگە مۇشـەققەتنى خالىمايـدۇ. لـېكىن ئـاللاھ سـىلەرنى پـاك قىلىشنى ۋە نېمىتىنى سىلەرگە تولۇقلاپ بېرىشنى خالايدۇ»[1].

## ئىچكى پاكلىققا بۇيرۇلۇشنىڭ ھېكمەتلىرى

ئىنـسانىنىڭ تاشـقى ئەزالىرىنىـڭ پـاك بولغىنىنىـڭ سـىرتىدا، ئۇنىـڭ قەلبـى بىـلەن نەپـسىدىن ئىبـارەت ئىچكـى دۇنياسـىنىڭمۇ تەكەببۇرلـۇق، كۆرەلمەسـلىك، دۈشـمەنلىك ۋە باشقا سەلبىي ئەخلاقلاردىن پاك بولغان ھالدا، بىر پۈتـۈن پـاكلىق ئىچىـدە، ئـاللاھ تائالانىـڭ ھوزۇرىغا يۈزلىنىـشى ئـارقىلىق ئـاللاھ تائالانىـڭ نېمىـتىگە ۋە رەھمـىتىگە ئېرىشـىشى ئۈچـۈن ئىـسلام دىنـى مۇسـۇلمانلارنى ئىچكـى ۋە تاشـقى پاكلىقلارغـا ئەمـر قىلغـان. شـۇڭا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پاكلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[2].

بـۇ ھەدىـستە كـۆزدە تۇتۇلغـان پـاكلىق مـاددىي ۋە مەنىـۋى ھەر قانـداق پـاكلىق بولـۇپ، مۇسـۇلمان كىـشى ھەمىـشە ۋە ھەر جايـدا قەلبىنـى ۋە نەپـسىنى يامـان خىيـال ۋە ناچـار ئەخلاقلاردىــن، ئەزالىرىنــى گۇنــاھ ـ مەســىيەتلەردىن تەۋبە ۋە پۇشـايماننىڭ سـۈيى بىـلەن يۇيـۇپ، پـاكلاپ تۇرۇشـى ئـارقىلىقلا ئىماننىـڭ بـۇ يارچىـسىنى تولۇقلىيالايـدۇ. نەتىجىـدە ئىمـانى كامىـل بولغـان بولىـدۇ ۋە قىلغـان ئەمەل ــ ئىبـادەتلىرىمۇ ئـاللاھ تائالانىـڭ نەزىرىـدە قوبـۇل بولىـدۇ. تاشـقى پـاكلىق ئەمەل ــ ئىبـادەتلەر ئۈچـۈنلا پەرز بولغـان بولـسا، ئىچكـى پـاكلىق ئىماننىـڭ تاكامۇللىششـى ئۈچـۈن ھەر زامـان تەلەب قىلىنىـدىغان مۇھىم پەرزلەردىـن بىرىدۇر.

## پاكلىنىشقا بولىدىغان سۇلار

سـۇ ئەسـلىدە ئەڭ پـاك ماددىـدۇر. پـاكلىغۇچى ماددىلارنىـڭ ئەڭ ياخشـىسى سـۇدۇر. ھەر قانداق كىر سۇ بىـلەن پاكلىنىـدۇ. سـۇ پەقەت ئەسـلىدىكى ئـۆز تەبىئىتىنـى يوقىتىـپ قويۇشـى بىلەنلا پاكلىقىنى يوقاتقـان بولىـدۇ. سـۇنىڭ پـاكلىغۇچى مـاددا بولغـانلىقىمۇ ئـاللاھ تائالانىـڭ بىـزلەرگە ئاتـا قىلغـان كاتتـا ئىنئامىـدۇر. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە ئىنـسانلارغا ئاتـا

---

(1) مائىدە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

قىلغان ئىنئاملىرىنى بايان قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلْنَا مِنَ السَّمَاء مَاء طَهُورًا﴾ تەرجىمىسى: «بۇلۇتتىن پاكلىغۇچى سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق»[1].

تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلى قىلىش ئارقىلىق پاكلىنىشقا ۋە كىيىملەرنى يۇيۇپ پاكلاشقا، شۇنداقلا ئىچىشكە بولىدىغان سۇلار تۆۋەندىكى يەتتە خىل سۇدۇر:

1 ـ يامغۇرسۈيى

2 ـ دېڭىز، دەريا، ئېرىق، ئۆستەڭ سۇلىرى

3 ـ قۇدۇق سۈيى

4 ـ بۇلاق سۈيى

5 ـ قار ۋە مۇزدىن ئېرىگەن سۇ

6 ـ كۆل سۈيى

7 ـ تۇرۇبىدىن كەلگەن سۇ

يۇقىرىقى يەتتە خىل سۇنىڭ رەڭگى ياكى تەمى ياكى ھىدى ئۆزگەرمىگەن بولۇش شەرتى بىلەن، بۇ سۇلارنى پۈتۈن پاكلىقلار ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەگەر سۇنىڭ تەمى ياكى رەڭگى ياكى ھىدى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىتىدىن ئۆزگەرگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: إِنَّ الْمَاءَ لاَ يُنَجِّسُهُ شَيْءٌ، إِلاَّ مَا غَلَبَ عَلَى رِيحِهِ وَطَعْمِهِ وَلَوْنِهِ تەرجىمىسى: «سۇنى ئۇنىڭ رەڭگىنى ياكى تەمىنى ياكى ھىدىنى(پۇرىقىنى) ئۆزگەرتىۋەتمىگەن نەرسىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە پاسكىنا قىلالمايدۇ»[2].

ئەمما سۈت ۋە زەپەرگە ئوخشاش پاك نەرسىلەر ئارىلىشىپ قېلىش تۈپەيلى مەزكۇر ئۈچ خىل سۈپىتىدىن بىرەرسى ئۆزگىرىپ قالغان سۇنى ئىشلىتىش جائىزدۇر. ئەمما ئارىلاشقان نەرسە سۇنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ياكى سۇنىڭ ھەجمىدىن كۆپ بولغاندا، مۇنداق سۇنى ئىشلىتىش جائىز بولمايدۇ.

شۇنداقلا، ئاقمايدىغان سۇلاردىن قانداقلا بىر سۇغا پاسكىنا نەرسە چۈشۈپ كەتكەن

---

(1) فۇرقان سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئىمام ئەھمەد »سەھىھ«دەپ باھا بەرگەن ھەدىس.

ياكى بىراۋ سىيىپ قويغان سۇنى تاھارەت ۋە باشقا پاكلىقلار ئۈچۈن قوللىنىشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **لاَ يَبُولَنَّ أَحَدُكُمْ فِي الْمَاءِ الدَّائِمِ ثُمَّ يَغْتَسِلُ مِنْهُ** تەرجىمىسى: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار تۇرغۇن سۇغا سىيمىسۇن ۋە ئۇنداق سۇدا يۇيۇنمىسۇن»[1].

شۇنىڭدەك، پاسكىنا قول تىقىلغان مىقدارى ئاز سۇنىمۇ پاكلىنىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن ئىچىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كېچىدە تۇرغىنىدا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ پاكىزىلىماستىن قاچىغا تىقمىسۇن. چۈنكى ئۇيقۇدا قولىنىڭ نەلەردە بولغىنىنى بىلمەيدۇ»[2].

ئەمما دەريا ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى ئېقىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن نىجاسەتنىڭ سۇنىڭ تەمىگە ياكى ھىد - پۇرىقىغا ياكى رەڭگىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن بولۇش شەرتى بىلەن مۇنداق سۇدا تاھارەت ئېلىش، غۇسلى قىلىش ۋە ئۇنى جىمى پاكلىنىشلارغا ئىشلىتىش جائىزدۇر. چۈنكى ئېقىن سۇغا چۈشكەن نىجاسەت بىر يەردە توختىمايدۇ.

شۇنداقلا بىر تەرىپىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بىلەن يەنە تەرىپى مىدىرلىمايدىغان كۆپ مىقداردىكى تۇرغۇن سۇنىڭ بىر تەرىپىگە نىجاسەت چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرىپىدىن تاھارەت ئېلىش ۋە غۇسلى قىلىش جائىزدۇر. چۈنكى نورمالدا مۇنداق كۆپ مىقداردىكى سۇنىڭ بىر تەرىپىگە چۈشكەن نىجاسەتنىڭ ئەسىرى سۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يېتىپ بارمايدۇ.

شۇنىڭدەك، چېۋىن، پاشا، ھەرىگە ئوخشاش قېنى ئاقمايدىغان ھاشارەتلەر، يىلان چۈشۈپ ئۆلگەن ۋە بېلىق، پاقا، راكقا ئوخشاش سۇ ھايۋانلىرى ئۆلگەن سۇ پاكتۇر[3].

## سۇلارنىڭ تۈرلىرى

سۇ بەش تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ ھېچنەرسە ئارىلاشمىغان تەبئىي سۇ. مۇنداق سۇ مۇتلەق پاكتۇر ۋە پاكلاش خارەكتېرىگە ئىگە سۇدۇر. ئەمما دەرەختىن ياكى مېۋىدىن چىقىرىلغان سۇنى تاھارەت ۋە باشقا پاكلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(3) مراقي الفلاح 2 ـ بەت، قدوري 2 ـ بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 1ـ بەت.

2 ـ چىپلەك، تـۇڭ ۋە كوزىلارغـا قاچىلانغـان سـۇلاردىن مۇشـۇك ئىچىـپ قويغـان سـۇ. مۇنداق سۇ پاكتۇر، بىراق تاھارەت ۋە باشقا پاكلىنىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش مەكرۇھتۇر.

3 ـ تاھـارەتكە ئىـشلىتىلگەن سـۇ بولـۇپ، مۇنـداق سـۇ پـاكتۇر، بىـراق ئـۇنى تاھـارەت ۋە باشقا پاكلىنىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

4 ـ مىقـدارى ئـاز بولـۇپ، ئۇنىڭغـا پاسـكىنا نەرسـىلەر چۈشـۈپ كەتـكەن يـاكى جـانلىقلار چۈشـۈپ ئـۆلگەن تۇرغـۇن سـۇ. مۇنـداق سـۇنى تاھـارەت ۋە باشـقا پـاكلىنىش ئىـشلىرىغا ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە: سۇ مىقـدارىنىڭ ئـاز يـاكى كـۆپلىكى مۇنـداق ئۆلچىنىـدۇ: تـۆت بۇرجەكلىـك بىـر كۆلنىـڭ چوڭقـۇرلۇقى بىـر گەز (46 سـانتىمېتىر)دىـن، تـۆت تەرىپىنىـڭ ھەر بىـر تەرىپىنىـڭ ئـۇزۇنلۇقى ئـاز دېگەنـدە ئـون گەزدىـن كەلمىـسە يـاكى كـۆل يومـۇلاق بولـۇپ، ئەتراپىنىـڭ ئومـۇمىي مۇساپىـسى 44 گەزدىـن كەم بولـسا، مۇنـداق سـۇ « مىقـدارى ئـاز سـۇ» دېيىلـىدۇ. بۇنـداق مىقـدارى ئـاز سـۇغا چۈشـكەن نىجاسـەتنىڭ ئەسـىرى كۆرۈلـسۇن يـاكى كۆرۈلمىسۇن، ئۇ پاسكىنا سۇدۇر. (فتح القدير 1ـ توم 53ـ بەت).

ئەممـا كۆلنىـڭ مۇساپىـسى يـۇقىرىقى ئۆلچەمـدىن ئـارتۇق بولغانـدا، ئۇنىڭغـا چۈشـكەن نىجاسەتنىڭ ئەسىرى كۆرۈلمىگەن بولۇش شەرتى بىلەن ئۇنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بەزى ئۆلىمـالار «مىقـدارى ئـاز سـۇ»نـى "ئـۇۋۇچلاپ سـۇ ئالـسا تېگـى كۆرۈنـىدىغان سـۇ"، دەپ تونۇشـتۇرغان. بۇنىـڭ مەنـىسى، بىـر جايـدا ئاقمايـدىغان سـۇ بولـسا، ئۇنىڭـدىن ئۇۋۇچلاپ ئالسا ئۇنىـڭ تېگـى كۆرۈنمىسە، ئـۇ "مىقـدارى كـۆپ سـۇ"دەپ قارىلىـدۇ. بۇنىڭغا ئاساسـەن، مۇنـداق سـۇنى تاھـارەت يـاكى غۇسـلىغا ئىشلەتـسە بولـىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭـدىن ئـۇۋۇچلاپ سـۇ ئالغانـدا سـۇنىڭ تېگـى كۆرۈنـسە مۇنـداق سـۇ «مىقـدارى ئـاز سـۇ»دەپ قارىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇنى پاكلىنىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

5 ـ پـاكلىقى شـۈبھىلىك بولغـان سـۇ بولـۇپ، ئـۇ ئېـشەك يـاكى خېچىـر ئىچىـپ قويغـان سۇ[1].

## تۇرغۇن سۇنىڭ ھۆكمى

مىقدارى ئاز بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھايۋانلار ئىچىپ قويغان تۇرغۇن سۇنىڭ ھۆكمى

مىقـدارى (يۇقىرىـدا تونۇشـتۇرۇلغاندەك) ئـاز بولـۇپ، ئۇنىڭـدىن ھـايۋانلار ئىچىـپ قويغـان

(1) مراقي الفلاح 2 ـ بەت.

تۇرغۇن سۇلارنىڭ ھۆكمى تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ ئادەم، ئات ۋە باشقا گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار ئىچىپ قويغان سۇ پاكتۇر. ئۇنى (تاھارەت ئېلىپ ياكى غۇسلى قىلىپ) پاكلىنىش ۋە (كىيىملەرنى يۇيۇپ)پاكلاش ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدۇ.

2 ـ ئىت ياكى چوشقا ياكى يىرتقۇچلار ئىچىپ قويغان سۇ نىجىستۇر. ئۇنى قوللىنىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

3 ـ مۈشۈك ياكى قويۇپ بېرىپ بېقىلغان توخۇ ياكى گۆش يەيدىغان ئۇچارلىقلار ئىچىپ قويغان سۇ پاكتۇر. بىراق باشقا سۇ بولغان يەردە، بۇنى ئىشلىتىش مەكرۇھتۇر.

4 ـ ئېشەك ياكى خېچىر ئىچىپ قويغان سۇ پاكلىقى شۈبھىلىك سۇدۇر. باشقا سۇ تېپىلمىغان شارائىتلاردا، بۇ سۇنى تاھارەتكە قوللىنىشقا بولىدۇ. بىراق بۇ سۇ بىلەن ئالغان تاھارەتنىڭ ئۈستىگە تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇش لازىم كېلىدۇ[1].

## ئىستىنجا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ئىستىنجا — تەرەت قىلىدىغان ئورگانلارنى پاكلاش دېمەكتۇر.

## ئىستىنجانىڭ ھۆكمى

ئىستىنجانىڭ ھۆكمى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئىنساننىڭ ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەت قىلىش ئورگىنىدىن چىققان نىجاسەتلەر بۇ ئىككى ئورگاندىن بەدەننىڭ باشقا جايلىرىغا تەگمىگەن ھالەتتە ئىستىنجا قىلىش سۈننەتتۇر.

2 ـ ئىككى ئورگاندىن چىققان نىجاسەتلەر بىر تەڭگە مىقدارىدا بەدەننىڭ باشقا جايلىرىغا تەككەن بولسا، بۇ ھالەتتە سۇ بىلەن يۇيۇپ ئىستىنجا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى پاكلاش ۋاجىبتۇر.

3 ـ بەدەنگە تەككەن نىجاسەت بىر تەڭگە مىقدارىدىن كۆپرەك بولسا، بۇ ھالەتتە سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش پەرز بولىدۇ. ئىستىنجا قىلىشتا سول قول ئىشلىتىلىدۇ[2].

ئۇخلىغانلىق ياكى يەل چىقارغانلىق تۈپەيلى تاھارەتنى سۇنغان كىشى ئۈچۈن

(1) الهداية 1 ـ توم، 78ـ بەت، مراقي الفلاح 2 ـ بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 1 ـ بەت، فتح القدير 1 ـ توم 55 ـ بەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 3 ـ بەت، تبيين الحقائق1 ـ توم 76ـ بەت، مراقي الفلاح 7ـ بەت.

ئىستىنجا قىلىش لازىم ئەمەسلىكىدە پۈتۈن فىقھشۇناس ئالىملار بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى ئىستىنجا پەقەت ئىككى تەرەت ئورگىنىدىن چىققان پاسكىنىلىقلارنى پاكلاش ئۈچۈنلا بۇيرۇلغان[1].

بۇنىڭغا ئاساسەن ئېيتالايمىزكى، ئىنسانىنىڭ ئىككى تەرەت قىلىش ئورگىنىدىن چىققان يەلدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈن ئىستىنجا قىلىش لازىم كېلىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ئورگاندىن يەلدىن باشقا بىر نەرسە چىقماستىن باشقا سەۋەبلەر بىلەن تاھارىتى بۇزۇلغان كىشىنىڭ ئىستىنجا قىلىشى لازىم كەلمەيدۇ.

## ئىستىنجادا قوللىنىشقا جائىز بولىدىغان ماددىلار

ئىستىنجا قىلىش ئۈچۈن جائىز بولىدىغان ماددىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۇدۇر. سۇدىن ياخشى پاكلىنىش ماددىسى يوقتۇر. سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا، چالما، تاش، رەخت پارچىسى، قەغەز ۋە ئامالسىز قالغاندا ياغاچ ۋە ئوتۇن قاتارلىق ماددىلارنىڭ قايسىبىرى بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا بولىدۇ. ئىستىنجا قىلىشتا ئەۋرەت جايلارنى كىشىلەرگە كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھارامدۇر[2].

## ئىستىنجادا قوللىنىشقا جائىز بولمايدىغان ماددىلار

ئىستىنجا قىلىشقا جائىز بولمايدىغان ماددىلار: كېرپىچ، كۆمۈر، تۆمۈر، ئەينەك، ھاك، ئىنسان ياكى ھايۋانلار يەيدىغان تائاملار. بۇلارنىڭ قايسىبىرى بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا بولمايدۇ[3].

شۇنداقلا، ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغان كىتاب، ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ ۋاراقلىرىنى ئىستىنجادا قوللىنىشقا بولمايدۇ.

ئەمما ئەرەب ھەرپى بىلەن ئەمەس، بەلكى لاتىن، رۇس، خىتاي ۋە باشقا ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان، دىنىي بولمىغان كىتاب، ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنى ئىستىنجادا قوللىنىشقا بولىدۇ.

## ئىستىبرا

ئىستىبرا — تاھارەت ئېلىشتىن ئاۋۋال جىنسىي ئورگاندىن كەلگەن سۈيدۈكنىڭ قالدۇقلىرىدىن تولۇق پاكلىنىش دېمەكتۇر. قايسى ئۇسۇل بىلەن بولمىسۇن سۈيدۈك

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 1 ـ توم 194 ـ بەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 1 ـ بەت.

(3) مراقي الفلاح 9 ـ بەت.

تۇرۇبىسىدىن سىزىپ كېلىدىغان سۈيدۈك قالدۇقلىرىدىن تولۇق پاكلىنىش پەرزدۇر. سۈيدۈك تۇرۇبىسىدىن سىزىپ كەلگەن سۈيدۈك قالدۇقلىرىدىن تولۇق خالاس بولماي تۇرۇپ تاھارەتكە باشلاشقا بولمايدۇ[1].

چۈنكى سۈيدۈك تامچىلىرىدىن پاكلىنىش تاھارەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتى بولغىنىدەك، قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىشنىڭ بىر چارىسىدۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « ئىككى قەبرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ”بۇ ئىككىسى ئازابلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ئازابلىنىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە(كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە) چوڭ گۇناھلاردىن ئەمەس، (ئەمما ئاللاھنىڭ نەزەرىدە چوڭ ئىدى)، بۇلارنىڭ بىرى سۈيدۈكىدىن پاكلىنالمايتتى، يەنە بىرى، كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇپ يۈرەتتى“ دېدى»[2].

## ھاجەتخانىغا كىرىشنىڭ ئەدەپلىرى

ھاجەتخانىغا كىرىشنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ھاجەتخانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال: ﴿**أَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ**﴾«ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم (قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن)» دېيىش، ئاندىن ھاجەتخانىغا كىرىشتە: **اللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ** تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ ئەركەك ـ چىشى شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن»[3] دېگەن دۇئانى ئوقۇش.

2 ـ ھاجەتخانىغا كىرىشتە پۇتىغا ئاياق كىيىپ كىرىش ۋە يېنىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ـ سۈپەتلىرى ياكى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى يېزىلغان نەرسىلەر بولسا ئېلىۋېتىش.

3 ـ ھاجەتخانىغا سول پۇت بىلەن كىرىش.

4 ـ ھاجەتخانىدا سول قولنى ئىشلىتىش.

6 ـ ئارىدا توساق بولمىغان جايلاردا قىبلە تەرەپكە ئالدىنى ياكى كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ ھاجەت قىلماسلىق.

7 ـ سۇغا، يول ئۈستىگە، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئاستىغا ۋە شامالغا قاراپ ھاجەت

(1) مراقي الفلاح 7 ـ بەت.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

3 بۇخارى رىۋايىتى

قىلماسلىق.

8 ـ ئۆزۈرسىز ئۆرە تۇرۇپ تەرەت قىلماسلىق.

9 ـ ھاجەتخانىدىن چىقىشتا ئوڭ پۇت بىلەن چىقىش.

10 ـ ھاجەتخانىدىن چىقىشتا: **غُفْرَانَكَ، الْحَمْدُ للهِ الَّذِي اَذْهَبَ عَنِّي الْأَذَى وَعَافَانِيَ** يەنى«ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن، مەندىن زىيان ـ زەخمەتنى يوق قىلغان ۋە مېنى سالامەت قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»[1] دېگەن دۇئانى ئوقۇش[(2)].

يۇقىرىقىلار ھاجەتخانىغا كىرىش ۋە چىقىشنىڭ ئەدەبلىرى بولۇپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش سۈننەت ۋە ئەدەپتۇر. ئەمما بۇلارغا رىئايە قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولمايدۇ.

## نىجاسەتلەر ۋە ئۇلاردىن پاكلىنىش

### نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى

نىجاسەت(پاسكىنىلىق) ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئېغىر نىجاسەت، يەنە بىرى، يېنىك نىجاسەتتۇر.

ئېغىر نىجاسەتلەر: ھاراق، قان، ھارام بولغان مالنىڭ گۆشى ۋە تېرىسى، گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكى، ئىتنىڭ، چوشقىنىڭ ۋە يىرتقۇچلارنىڭ تەرىتى ۋە شالوكلىرى، توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلارنىڭ مايىقلىرى ۋە ئىنسانىنىڭ بەدىنىدىن چىقىشى بىلەن تاھارەتنى بۇزىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەر، مەسىلەن: كىچىك ـ چوڭ تەرەت، قان، سېيىم، يىرىڭ، مەزى (جىنسى ھەۋەس قوزغالغاندا ئېتىلماي چىقىدىغان، سېيىمغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۇ)، ۋەدى ( گاھىدا كىچىك تەرەتتىن كېيىن چىقىدىغان دۇغا، ئاق سۇ) قاتارلىقلار.

يېنىك نىجاسەتلەر: ئات ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ مايىقلىرى، سۈيدۈكلىرى، ئۇچارلىقلارنىڭ مايىقلىرى قاتارلىقلاردۇر[(3)].

### نىجاسەتلەردىن كەچۈرۈم قىلىنىش مىقدارى

ئېغىر نىجاسەتلەردىن بىر تەڭگە مىقدارى(3.17 گرام)غا، يېنىك نىجاسەتلەردىن

1 بۇخارى رىۋايىتى
(2) الدر المختار 1 ـ توم، 316 ـ 317 ـ بەتلەر.
(3) مغني المحتاج 1 ـ توم 79 ـ بەت.

كىيىمنىڭ ياكى بەدەننىڭ تۈتتىن بىرىگە يەتمىگىنى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. بۇ ئورۇندىكى كەچۈرۈم قىلىنىشنىڭ مەنىسى: ناماز ئوقۇغان كىشى بەدىنى ياكى كىيىمىدىكى نىجاسەتنى كۆرمىگەنلىكتىن ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇغان بولسا، بۇ نىجاسەت ئېغىر نىجاسەتتىن بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارى بىر تەڭگە مىقدارىغا يەتمىگەن بولسا، ياكى يېنىك نىجاسەتتىن بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا كىيىمنىڭ ياكى بەدەننىڭ تۈتتىن بىرىدىن ئاز بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇ نىجاسەتلەر بىلەن ئوقۇغان نامىزى ئادا تاپقان بولىدۇ، نىجاسەت بىلەن ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇشى كېرەك ئەمەس دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ناماز ئوقۇغان كىشى يۇقىرىقى مىقداردىن ئاز نىجاسەت بولسىمۇ، ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆزۈرسىز ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس ئەمەس. نىجاسەتلەردىن پاكلىنىپ نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىم كېلىدۇ[1].

## نىجاسەتلەردىن پاكلىنىش ۋە كىيىملەرنى پاكلاش ئۇسۇلى

1 ـ قان، يىرىڭ ۋە چوڭ تەرەتكە ئوخشاش كۆرگىلى بولىدىغان نىجاسەتلەر بىلەن نىجىس بولغان نەرسىلەر نىجاسەتنىڭ ئۆزىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ يوقىتىش ئارقىلىق پاكلىنىدۇ. يۇيۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ قېلىشى ئۇنىڭ پاكلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. مەسىلەن: قانغا بويالغان كىيىمنى يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن، قاننىڭ ئەسىرىدىن قالغان سېرىق رەڭ كىيىمدىن يوقالمىغان بولسىمۇ، ئۇ كىيىم نىجىس دېيىلمەيدۇ، بەلكى پاكتۇر.

2 ـ ھاراق، كىچىك تەرەت ۋە باشقىلارغا ئوخشاش قۇرۇپ قالسا كۆرگىلى بولمايدىغان نىجاسەتلەر بىلەن نىجىس بولغان نەرسىلەر ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم يۇيۇش ۋە ھەر قېتىم يۇغاندا ئۇنى سىقىش بىلەن پاكلىنىدۇ.

3 ـ قانداقلا بىر نىجاسەت بىلەن نىجىس بولغان زېمىندىن نىجاسەتنىڭ ئەسىرىنى يوقىتىش بىلەن بۇ زېمىن پاك بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. بىراق ئۇ جايدا تەيەممۇم قىلىشقا بولمايدۇ. زېمىننى تازىلاش ئۇسۇلى مۇنداق، زېمىندىكى نىجاسەت ئەگەر يۇمشاق نىجاسەتتىن بولسا، ئۇنىڭغا سۇ تۆكۈش بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرى يوقالغىچە تازىلىنىدۇ. ئەگەر ئېغىر نىجاسەتتىن بولسا، مەزكۇر نىجاسەت زېمىندىن كولاپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ ۋە ئورنىغا ئۈچ قېتىم سۇ چېچىپ تازىلىنىدۇ.

---

(1) فتح القديرا ـ توم 140 ـ 146 ـ بەتلەر، الدر المختار1 ـ توم 295 ـ بەت، وحاشية ابن عابدين 1 ـ توم 309 ـ بەت.

4 ـ قانداقلا بىر نىجاسەت بولمىسۇن، ئۇ ئۆز ئەسلىدىن ئۆزگىرىشى بىلەن پاك بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: ھايۋانلارنىڭ سۆيدۈكلىرىنىڭ قۇرۇپ تۇزغا ئايلانغىنىغا، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ چوڭ تەرەتلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈش بىلەن كۈلگە ئايلانغىنىغا ئوخشاش. تۇز بىلەن كۈل پاك ماددىلاردۇر.

5 ـ سېپىرم ھۆللۈك ھالىتىدە سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. قۇرۇق ھالىتىدە ئۇۋۇلاپ ئەسىرىنى يوقىتىش بىلەن پاكلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىگە يۇققان سېپىرم ئەگەر قۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇنى ئۇۋۇلاپ ئەسىرىنى يوق قىلىش بىلەن، ھۆل ھالىتىدە بولسا يۇيۇش بىلەن تازىلايتتىم»[1].

6 ـ ئىت ۋە چوشقىنىڭ نىجاسەتلىرى بىر قېتىم تۇپراق بىلەن ئالتە قېتىم سۇ بىلەن جەمئىي يەتتە قېتىم يۇيۇش ئارقىلىق پاكلىنىدۇ. بۇ مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بىلەن سابىت بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ قاچىسىنى ئىت يالاپ قويغان بولسا، ئۇنى يەتتە قېتىم يۇيۇڭلار. ئاۋۋالقى قېتىمنى تۇپراق بىلەن يۇيۇڭلار»[2].

چۈنكى تۇپراق تەركىبىدە مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە ماددا بار بولغانلىقتىن، قاچىنى تۇپراق بىلەن بىر قېتىم سۈرتۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتنىڭ شالۇكىدىن يۇققان مىكروبلار ئۆلىدۇ. سۇ بىلەن يەنە ئالتە قېتىم يۇيۇش ئارقىلىق قاچىدا مىكروبنىڭ ئەسىرى قالمىغان بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىدىكى ھېكمەت، تېخى ئەمدىلا تىببىي مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن بايقالغان. ئىسلام ئالىملىرى چوشقىنىمۇ ئىتنىڭ ھۆكمىگە كىرگۈزگەن. چۈنكى چوشقا مىكروبلارنى يېتىشتۈرۈشتە ئىتتىن پاسكىنىدۇر. ھەر ئىككىسىنىڭ شالۇكىدا مىكروبلار كۆپ ئورۇن تۇتىدۇ.

7 ـ ئانىسىنىڭ سۈتى بىلەنلا غىزالىنىدىغان تېخى تاماق يېگۈچى بولمىغان ئوغۇل بوۋاقنىڭ سۈيدۈكى يۇقۇپ قالغان كىيىمنىڭ ئۈستىگە سۇ تۆكۈش بىلەن كىيىم پاك بولىدۇ. ئەمما قىز بوۋاقنىڭ سۈيدۈكى يۇققان كىيىم سۇ بىلەن يۇيۇش ئارقىلىقلا پاك بولىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ تەرىتى تېگىپ قالغان نەرسىلەر پەقەت سۇ بىلەن يۇيۇش ئارقىلىقلا پاكلىنىدۇ.

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

---

(1) دار قۇتنىي ۋە بەززاز رىۋايىتى.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

«ئوغـۇل بوۋاقنىـڭ سـىيدۈكى تەكـكەن نەرسـە ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە سـۇ تۆكـۈش بىـلەن، قىـز بوۋاقنىڭ سىيدۈكى تەككەن نەرسە يۇيۇش بىلەن پاكىزلىنىدۇ»[1].

## نامازنىڭ ئىككىنچى شەرتى تاھارەتنىڭ بايانى

تاھارەتنىڭ تۈرلىرى

تاھارەت ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1 ـ نامــاز ئوقــۇش، تىلاۋەتنىــڭ سەجدىــسىنى قىلىــش ۋە قۇرئــاننى تۇتــۇش ئۈچــۈن تاھارەت ئېلىش پەرزدۇر.

2 ـ كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش ۋاجىپتۇر.

3 ـ تاھــارەت بىــلەن يېــتىش ئۈچــۈن، غەيــۋەت، يالغــان ســۆز ۋە بــارلىق خاتــالىقلاردىن، مېيىتنى يۇغان ۋە كۆتۈرگەندىن كېيىن تاھارەت ئېلىش سۈننەتتۇر.

## تاھارەتنىڭ پەرزلىرى

تاھارەتنىڭ پەرزلىرى تۆت بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ يۈزنىـڭ چـاچ ئـۈنگەن يېرىـدىن باشـلاپ زاڭاقنىـڭ ئاسـتىغىچە ۋە ئىككـى قۇلاقنىـڭ يۇمشاقلىرىغىچە بولغان جايلىرىنى يۇيۇش.

2 ـ ئىككى قولنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

3 ـ ئىككى پۇتنى ئوشۇقلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

4 ـ باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلىش (سۇ بىلەن سىلاش) [2].

تاھارەتنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاللاھ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿**يَاأَيُّهــا الَّــذِيْنَ آمَنُــوا إذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوْهَكُمْ وَاَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحَواْ بِرُؤُسِكُمْ وَاَرْجُلَكُــمْ إِلَى الْكَعْبَــيْنِ**﴾ تەرجىمــسى: «ئـى مـۆمىنلەر! (سـىلەر تاھارەتــسىز تـۇرۇپ نامـاز ئوقۇمـاقچى بولــساڭلار) يــۈزۈڭلارنى يويــۇڭلار. قولــۇڭلارنى جەيــنىكىڭلار بىــلەن قوشــۇپ يويــۇڭلار.

---

(1) بدائع الصنائع 1 ـ توم 89 ـ بەت، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 30 ـ بەت، الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 153 ـ 162 ـ بەتلەر.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 5 ـ بەت.

بىشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار. پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **لاَ تُقْبَلُ صَلاَةٌ بِغَيْرِ طُهُورٍ** تەرجىمىسى: «تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ»[2].

**تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى**

تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىش.

2 ـ تاھارەتنى »بىسمىللاھ« بىلەن باشلاش.

3 ـ ئىككى قولنى بىلەككىلىرىگىچە يۇيۇش.

4 ـ چىشلارنى مىسۋاك بىلەن، مىسۋاك بولمىسا بارماق بىلەن تازىلاش.

5 ـ ئېغىزغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقاش.

6 ـ بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ تازىلاش.

7 ـ بارماقلارنىڭ ئارىسىنى سۇ بىلەن سىلاپ يۇيۇش.

8 ـ ھەر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش.

9 ـ ئىككى قۇلاققا مەسھى قىلىش.

10 ـ تاھارەتنى تەرتىب بىلەن ئېلىش.

11 ـ ئەزالارنى يۇيۇشتا ئوڭ تەرەپتىن باشلاش.

12 ـ گەردەنگە مەسھى قىلىش.

13 ـ ساقىلى بار كىشىنىڭ ساقىلىنىڭ ئارىلىرىنى سۇ بىلەن سىلىشى.

14 ـ ھەر ئەزانى يۇيۇشتا ئۇۋۇلاپ پاكىز يۇيۇش.

15 ـ باشنىڭ ھەممىنى بىر قېتىم مەسھى قىلىش.

16 ـ تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان ئەزالارنى يۇيۇشتا ئارقا ـ ئارقىدىن يۇيۇش.

(1) مائىدە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

17 ـ يۈيۈشـنى ئـوڭ تەرەپـتىن باشـلاش. مەسـىلەن: ئـاۋۋال ئـوڭ قـولنى ئانـدىن سـول قولنى يوغانغا ئوخشاش.

18 ـ روزا تۇتمىغان ۋاقىتلاردا ئېغىز بىلەن بۇرۇنغا سۇ ئېلىشتا ئاشۇرۇپ ئېلىش، ئەمما روزا تۇتقـان ۋاقىتلاردا سـۇنىڭ گالـدىن ئۆتـۈپ كەتمەسلىكى ئۈچـۈن سـۇنى ئېغىـز بىلەن بۇرۇنغا دىققەت بىلەن ئېلىش[1].

## تاھارەتتىكى مەكرۇھلار

تاھارەت ئېلىشتا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ سۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىسراپ قىلىش.

2 ـ سۇنى نورمالدىن ئاز قوللىنىش.

3 ـ سۇ بىلەن يۈزگە ئۇرۇش.

4 ـ تاھارەت ئېلىۋاتقاندا دۇنيالىق سۆزلەرنى دېيىشىش.

5 ـ تاھارەت ئېلىۋاتقاندا ئۆزلۈرسىز باشقىلاردىن تاھارەتكە ياردەم سوراش.

6 ـ بىر قېتىم قىلىدىغان مەسھىنى يېڭى سۇ بىلەن بىر قېتىمدىن ئارتۇق قىلىش[2].

## تاھارەت ئېلىشنىڭ ئەدەبلىرى ۋە قائىدە ـ تەرتىبلىرى

1 ـ كۆڭلىمىزدە تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىمىز.

2 ـ ئىمكانىيەت بولسا، ئېگىزرەك جايدا قىبلىگە قاراپ ئولتۇرىمىز.

3 ـ « بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دەيمىز.

4 ـ قـولىمىزنى ئـۈچ قېـتىم پـاكىز يـۇيىمىز. قـوللارنى يوغانـدا بارماقلىرىنىـڭ ئارىـسىنى ئارىلاپ پاكىز يۇيىمىز.

5 ـ ئـوڭ قـولىمىز بىـلەن ئېغىزىمىزغـا ئـۈچ قېـتىم سـۇ ئېلىـپ چايقـايمىز. مىـسۋاك بولـسا ئۇنىڭ بىلەن، مىسۋاك بولمىسا بارمىقىمىز بىلەن چىشلىرىمىزنى تازىلايمىز.

6 ـ بۇرنىمىزغـا ئـۈچ قېـتىم ئـوڭ قـولىمىز بىـلەن سـۇ ئېلىـپ، سـول قـولىمىز بىـلەن تازىلايمىز.

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 5 ـ بەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 5 ـ بەت.

7 ـ يـۈزىمىزنى پېشانىمىزنىڭ چاچ ئۈنـۈپ توختىغـان يېرىـدىن زاڭاقنىـڭ ئاستىغىچە ۋە ئـوڭ قۇلاقنىـڭ يۇمـشىقىدىن سـول قۇلاقنىـڭ يۇمـشىقىغىچە ھەممىنـى تولـۇق ۋە پـاكىز ئـۈچ قېتىم يۇيىمىز. (ساقىلى بار كىشى ساقىلىنىڭ ئارىلىرىنى سۇ بىلەن سىلاپ چىقىدۇ).

8 ـ ئـاۋۋال سـول قـولىمىز بىـلەن ئـوڭ قـولىمىزنى، كېـيىن ئـوڭ قـولىمىز بىـلەن سـول قولىمىزنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيىمىز.

9 ـ ئـوڭ قولىمىزنىـڭ ئـالقىنىنى قايتـا ھـۆل قىلىـپ، بېشىمىزنىڭ تـۆتتىن بىرىنـى بـاكى ھەممىسىنى سىلايمىز.

10 ـ ئىككـى قولىمىزنىـڭ بىگىـز يـاكى كىچىـك بارمـاقلىرى بىـلەن ئىككـى قولىقىمىزنىـڭ ئىچىنى، بـاش بارمـاقلىرى بىـلەن ئىككـى قولىقىمىزنىـڭ تېشىنى، قالغـان ئـۈچ بارمـاق بىـلەن گەردەننى سىلايمىز.

11 ـ ئاۋۋال ئوڭ، ئاندىن سول پۇتىمىزنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيىمىز.

تاھـارەت ئېلىـپ بولغانـدىن كېـيىن، ئـۆرە تـۇرۇپ تاھـارەتتىن ئاشـقان سـۇدىن ئىچىـش ۋە مۇنۇ دۇئالارنى ئوقۇش سۈننەتتۇر:

1 ـ ﴿أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّـداً عَبْـدُهُ وَرَسُـولُه﴾ يەنـى «يـالغۇز بىـر ئـالل‍اھتىن باشـقا ھەقىقـي ئـىلاھ يوقلىقىغا، ئۇنىـڭ شـېرىكى يوقلىقىغـا ۋە مـۇھەممەد ئەلەيھىسـسالامنىڭ ئالل‍اھنىـڭ بەندىـسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىـرى ئىكەنلىكىـگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[1].

2 ـ اَللَّهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ التَّوَّابِيْنَ، وَاجْعَلْنِي مِنَ الْمُتَطَهِّـرِيْنَ يەنـى «ئـى ئـالل‍اھ! مېنـى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن ۋە گۇناھلاردىن پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن»[2].

يۇقىرىـدا كۆرسـىتىلگەن بـويىچە تاھـارەت ئالغـان كىـشى تاھارەتنىـڭ پەرزلىـرى، سۈننەتلىرى، ئەدەبلىرى ۋە پۈتۈن قائىدە ـ تەرتىبلىرىنى تولۇق ئورۇنلىغان بولىدۇ.

**مىسۋاك ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى**

مىـسۋاك ـ «سالۋادورا پېرسىكا» دەپ ئاتىلىـدىغان «ئـىراك» دەرىخىنىـڭ يـاش نوتىـسىدىن كېـسىپ ئېلىنىـدىغان ھـۆل ياغـاچ دېمەكتـۇر. بـۇ ياغـاچتىن بىـر غېـرىچ مىقدارىـدا كېـسىپ،

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) تىرمىزىي رىۋايىتى.

ئۇنىڭ ئۇچىنى 1 ياكى 2 سانتىمېتىر ئۇچلاپ سۇغا چىلاپ يۇمشىتىش ئارقىلىق قوللىنىلىدۇ. مىسۋاك سۇدا يۇمشىغاندىن كېيىن خۇددى چىش چوتكىسىدەك پۇرشىلىق ھالغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋسىيە قىلغان مىسۋاك دەل بۇ دەرەخنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ دەرەخ شەرقىي ئافرىقىدىن، ھىندىستانغىچە بولغان مەملىكەتلەردە يېتىشىدۇ.

«تولۇق ۋە توغرا سۆزلەشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى بولغان چىشلارنى ئاسراش ئىنسان ئۈچۈن بەكمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. ئېغىزدا چىشلار تولۇق بولمىغاندا پسىخولوگىيىلىك سەلبىياتلارمۇ كۆرىلىدۇ. چىشلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى چىشلارنىڭ ئارىلىقىدا تاماقنىڭ قالدۇقلىرىدىن توپلانغان باكتېرىيەلەردۇر. ئېغىز، چىش ۋە چىشلارنىڭ ئەتراپىدىكى گۆشلەرنى باكتېرىيەلەردىن ساقلاش ئۈچۈن چىش چوتكىسىنى قوللىنىش ئەھمىيەتلىكتۇر. بىراق چىش چوتكىسى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان چىش پاستىلىرى (ياگولار) نورمالدىن ئارتۇق تەملىك بولغاچقا، ئۇ، ئېغىز تەمىنى بۇزىدۇ. ئەمما مىسۋاك ئۆزىنىڭ نورمال پۇرىقى ۋە ياخشى تەمى بىلەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئېغىزنىڭ تەمىنى بۇزمايدۇ. شۇڭا چىش چوتكىسىدىن مىسۋاكنىڭ ئەھمىيىتى كۆپتۇر. بۇنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئالاھىدىلىكى، مىسۋاكنى ئادەتتىكى چىش چوتكىسىغا سېلىشتۇرغاندا، مىسۋاكنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرىمىز:

1 ـ مىسۋاك دېيىلگەن بۇ ياغاچنىڭ تەركىبىدە باكتېرىيەلەرنى ئۆزلىكىدىن يوقىتىدىغان ماددىلار بار.

2 ـ بۇ ياغاچنىڭ ھىدى تۈكۈرۈكنى كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن ئېغىزنىڭ ھۆللىكىنى ساقلاپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئېغىز قۇرۇپ قالمىغاچقا پۇرىمايدۇ.

3 ـ بۇ ياغاچ ئادەتتىكى چىش چوتكىسىدىن يۇمشاق ۋە نورمال تەملىك بولغىنىنىڭ ئۈستىگە، ئېغىزنىڭ تەمىنى بوزىدىغان ياكى قۇرىتىدىغان ماددىلاردىن خالىيدۇر»[1].

**تاھارەتتە شۈبھە**

تاھارەتنىڭ بار ياكى يوقلىقىدىن شۈبھىلەنگەن كىشى قايتا تاھارەت ئالىدۇ. تاھارەتتە يويۇلىدىغان ئەزالارنىڭ بەزىسىنى يويۇپ ـ يۇمىغانلىقىدىن شۈبھىلەنگەن كىشى، ئەگەر بۇ تۇنجى قېتىملىق ھادىسە بولسا، شۈبھىلەنگەن ئەزالارنى قايتا يۇيىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھەمىشە مۇشۇنداق شۈبھىلىنىدىغان ئادىتى بولسا، بۇ شۈبھە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. تاھارىتى دۇرۇستۇر.

(1) «ibadetin getirdikleri» ناملىق ئەسەردىن. تۈركچە.

بىراۋ تاھارەت ئالغىنى ئېسىدە بار، ئەمما ئۇنىڭ بۇزۇلغان ـ بۇزۇلمىغانلىقىدىن شۈبھىلەنسە تاھارەت بار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تاھارەتنىڭ بۇزۇلغانلىقى ئېسىدە بار، ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن تاھارەت ئالغان ـ ئالمىغانلىقىدا شۈبھىلەنسە تاھارىتى يوق ھېسابلىنىدۇ.

**تاھارەتنىڭ ھېكمىتى**

تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىشنىڭ ھېكمەتلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنى ھېچقاچان ھېكمەتسىز ۋە مەنىسىز ئىشلارغا بۇيرىغان ئەمەس. ئاجىزانە ئەقلىمىز بىلەن ئىدراك قىلالىغان بەزى ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ ئۆتكۈم كېلىدۇ. ئۇلار:

1 ـ مەلۇمكى، تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلىدىغان ئەزالار ئادەتتە چاڭ ـ توزانلار ۋە كىرلىنىشلەرگە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئوچۇق ئەزالاردۇر. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەزالارنى تاھارەت ئارقىلىق يۇيۇپ پاكىزىلەش ئىنسانىنىڭ پاكلىقىنى تاماملايدۇ. نەتىجىدە قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشىغا ۋەسىلە بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ پاكتۇر. ئۇ پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ ۋە پاكلىق بىلەن قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

2 ـ تاھارەت ئېلىش ئىنساندىكى ھارغىنلىق، ھورۇنلۇق ۋە بوشاڭلىقلارنى يېڭىپ تاشلاپ، ئۇنى پائالىيەتچانلىققا يېتەكلەيدۇ. ئىنسان تەبىئەتتە پاكىزىلىق تەرەپتىن بەدەن بىلەن روھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە باغلىنىش بار. بەدەن كىرلاشقان ۋاقىتتا روھمۇ چۈشكۈنلىشىدۇ. بەدەن پاكىز بولغان ۋاقىتتا روھمۇ جانلىنىدۇ. ئادەتتە چارچىغان ياكى ئۇيقۇسى كەلگەن ئادەم يۈزىنى يۇسا، ئۇنىڭ ھارغىنلىقى ۋە ئۇيقۇسى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەتچانلىقى ۋە جۇشقۇنلىقى ئاشىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇيغاق ۋە نورمال ھالەتلەردە يۈز، قول ۋە پۇتلارنى يۇيۇشنىڭ ئىنسانغا بېرىدىغان ئىجابىي تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

3 ـ تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق كىشىنىڭ كىچىك گۇناھلىرى بىرگە يۇيۇلۇپ پاكلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان گۇناھ قىلسا، كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قولى بىلەن تۇتۇپ، پۇتى بىلەن مېڭىپ، كاللىسى بىلەن ئويلاپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئەزالارنى سۇ بىلەن يۇيۇش ئارقىلىق، بۇ ئەزالارنىڭ ئىشلىگەن گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ پاك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن قانداقلا بىر كىشى تاھارەتنى تولۇق ئېلىپ بولغاندىن كېيىن: **أَشْهَدُ أَنَّ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَأَنَّ مُحمَّداً عَبْدُ اللّهِ وَرَسُولُهُ** يەنى: « ئاللاھتىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوق ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى

ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دەيدىكەن، ئۇنىڭغا سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ئۇ (ئاخىرەتتە) جەننەتكە ئۆزى خالىغان ئىشىكتىن كىرەلەيدۇ»[1].

بۇ ھەدىس بىرىنچىدىن، پاك تاھارەت ئۈستىدە تۇرۇپ شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچىدىن، تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق گۇناھلارنىڭمۇ يۇيۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى جەننەتكە سالاھىيەتلىك بولۇش گۇناھلارنىڭ يۇيۇلۇپ يوقىلىپ چىقىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

**تاھارەتنىڭ گۈزەللىككە بولغان پايدىسى**

تاھارەت ئېلىش ئىنساننىڭ گۈزەللىكى ۋە پاكىزىلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بىر پائالىيەتتۇر.

**ئىككى قول**

ئىككى قول ھەمىشە ئىنسان ئۈچۈن ئىشلەپ تۇرىدۇ. ئۇ، گاھىدا نىجىس، كىر نەرسىلەرنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. تاھارەتتە ئىككى قولنى يۇيۇش ئارقىلىق قوللار ئۆز گۈزەللىكىگە قايتىدۇ. باشقىلار بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ قوللار پاكىز، گۈزەل بولغاچقا قارشى تەرەپنى راھەتسىز قىلمايدۇ. ئادەتتە ئىككى قول ئۈچۈق تۇرغاچقا پاكىز، گۈزەل تۇرسا، كىشىنىڭ بەدىنى ۋە باشقا ئەزالىرىنىڭمۇ گۈزەل ۋە پاكىز ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

**ئېغىز**

ئېغىزدا، بولۇپمۇ چىشلارنىڭ ئارىسىدا تاماقنىڭ بەزى قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇلار ئېغىزدا يېقىمسىز ھىدلارنى پەيدا قىلىپ باشقىلارغا ئازار بېرىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ پاكىزلىقىغا سەلبىي تەسىر بېرىدۇ. ئېغىزنى تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق ئۈچ قېتىم پاكىز يۇغاندىن كېيىن، پاكىز سۇ بىلەن ئېغىزنىڭ يېقىمسىز ھىدلىرى يوقىلىپ پاكىز ھالغا كېلىدۇ.

**بۇرۇن**

بۇرۇن نەپەس ئەزالىرىمىزدىن بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى سىرتتىن كىرگەن مىليونلارچە مىكروبلارنى ۋە چاڭ ـ توزانلارنى ساقلاپ قالىدۇ. نەتىجىدە، سىرتقا يېقىمسىز ھىدلارنى چىقىرىدۇ. ئەگەر يامان بولغىنى بۇرۇندا ساقلىنىپ قالغان مىكروبلار نەپەس يولى ئارقىلىق گاھىدا ئۆپكىگە بېرىپ يېتىدۇ ۋە ئۆپكىدە كېسەل پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئىلاھىي

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

ھېكمەت بۇرۇن ئىچىدىكى قىلچىلارنى(تۈكلەرنى) سىرتتىن كىرىپ كەلگەن مىكروبلارنىڭ ئۆپكىگە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن توساق قىلىپ ياراتقان بولۇپ، بۇرۇن تازىلىنىپ تۇرۇلىدۇ. بۇرۇننى تازىلىماستىن تۇرۇۋەرگەندە، ئۇنىڭدىكى مىكروبلار ۋە چاڭ ـ توزانلار نەپەس يولى ئارقىلىق ئۆپكىگە بېرىپ يېتىدۇ. تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ تازىلاش بىلەن ئۇنىڭدىكى مىكروبلار، چاڭ ـ توزانلار ۋە يېقىمسىز ھىدلار ھەممىسى چىقىپ كېتىپ، پاكىز ھالغا كېلىدۇ.

## يۈز

يۈز ئوچۇق تۇرىدىغان ئورگان بولغانلىقتىن، ئۇ گاھىدا تۇپراق ۋە چاڭ ـ توزانلار بىلەن، گاھىدا تەرلەش بىلەن كىرلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكى ۋە پاكىزلىقى يۈزىدىن ئىسپاتلىنىدۇ. باشقا ئەزالىرى پاكىز بولسىمۇ، يۈزى كىر ۋە پاسكىنا بولغان بىراۋغا كىشىلەرمۇ ياخشى باھا بەرمەيدۇ. نەتىجىدە، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىدىن قالىدۇ. تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق يۈزنى يۇغاندا يۈز گۈزەللىكىنى ۋە پاكىزلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەلبىي تەسىرلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## باش

باش گاھىدا تەرلەيدۇ، گاھىدا چاڭ ـ توزانلاردا كىرلىنىدۇ. تاھارەتتە ئۇنى پاكىز سۇ بىلەن سىلىغاندا، باشتىكى چاڭ ـ توزان ۋە تەر يوقىلىپ، چاچمۇ پارلاق ھالغا كېلىدۇ. ھەر تاھارەتتە باشنى يۇيۇش كىشىلەرگە ئېغىر كەلمىسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن ئىسلام دىنى ئۇنى پەقەت ھۆل قول بىلەن سىلاشقا بۇيرۇش بىلەن كۇپايە قىلغان.

## قۇلاقلار

قۇلاقلارمۇ ئوچۇق ئەزا بولغاچقا، ئۇمۇ چاڭ ـ توزانلار بىلەن كىرلىنىدۇ. قۇلاقلارنىڭ ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى كىرلار ئىنسانىنىڭ گۈزەللىكىگە ئەلبەتتە زىيانلىقتۇر. تاھارەت ئالغاندا قۇلاقلارنى بارماقلارنىڭ ئۇچلىرى بىلەن سىلاپ تازىلاش ئارقىلىق قۇلاق تازىلىقى ۋە گۈزەللىكى ئەسلىگە كېلىدۇ.

## ئىككى پۇت

ئىككى پۇت گاھىدا تەرلەيدۇ. تەرلىگەندىن كېيىن يېقىمسىز ھىدلارنى سىرتقا پۈركىدۇ. پۇتلىرى تەرلەيدىغان كىشىلەر باشقىلارنى راھەتسىزلەندۈرمەي قويمايدۇ. ئۆزىمۇ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئولتۇرغىنىدا راھەت ھېس قىلالمايدۇ. تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق پۇتلارنى پاكىز يۇغاندا، پۇتلاردىكى يېقىمسىز ھىدلار يوقىلىپ پاكىز ھالغا كېلىدۇ.

بەزىلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: بىز يۇقىرىقى ئەزالارنى تاھارەت ئالمىساقمۇ، تازىلىق ئۈچۈن ھەممىشە يۇيۇپ پاكىز تۇتىمىزغۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: گۈزەللىك، تەن ساقلىقى ۋە پاكىز يۈرۈش ئۈچۈن تازىلىق قىلىش ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىش بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىشلارنى خالىسا قىلىدۇ، خالىسا قىلمايدۇ. خۇسۇسەن كۆڭۈل خالىمىغان، ياكى چارچىغان ياكى سەپەر ئۈستىدە بولغان ياكى مىجەزى بولمىغان ھاللاردا، كىشىلەر بۇ تازىلىقلارنى مۇنتىزىم ھالدا قىلالمايدۇ. ئەمما بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان كىشىلەر تاھارەتنى قانداق شارائىتلاردا بولمىسۇن، مۇتلەق ئالىدۇ. ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ۋە باشقا ئىبادەتلەر ئۈچۈن كۆڭلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، مىجەزى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۆيدە بولسۇن ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن، چارچىغان بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن ھەرقانداق ھاللاردا تاھارەت ئېلىشنى تەرك قىلمايدۇ. چۈنكى ناماز، قۇرئان ئوقۇش ۋە بەزى ئىبادەتلەر ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش شەرتتۇر. مۇسۇلمان كىشى تاھارەتتىكى بۇ تازىلىقلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولغىنى ئۈچۈن قىلىدۇ. تاھارەتنىڭ گۈزەللىك ۋە تەن ساقلىقى ئۈچۈن بولغان پايدىلىرى بولسا، ئىبادەتنىڭ بۇ دۇنيالىق مۇكاپاتىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن: كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان كىشى، كۈندىلىك بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن بەش قېتىم تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان ئوقۇش ۋە باشقا ئىبادەتلەر، گاھىدا نەپلى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن يەنە تاھارەت ئالىدۇ. يەنە بەزى تەقۋا كىشىلەر تاھارەت بىلەن يېتىش ئۈچۈنمۇ تاھارەت ئالىدۇ. دېمەك، مۇسۇلمان كىشى بىر كۈندە بەش پەرزنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن بەش قېتىم، ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرقانچە قېتىم تاھارەت ئېلىپ تازىلىق قىلىدۇ. قايسى بىر مەدەنىيەتلىك پاكىز كىشى بىر كۈندە بۇنچىلىك كۆپ تازىلىق قىلالايدۇ؟!

ئۇلارنى قىلالايدۇ دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ئۇلار تازىلىقلىرىنى ئىسلام دىنىدىكى تاھارەتكە ئوخشاش بەلگىلىك ۋاقىتلاردا مۇنتىزىم قىلالامدۇ؟!... مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ئەۋزەللىكىدۇر[1].

## تاھارەتنىڭ ئىنسان ساقلىقىغا بولغان پايدىسى

تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىشنىڭ ئىنسان ساقلىقىغا بولغان پايدىلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلاردىن بىر قىسمى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ:

---

(1) ibadetin getirdikleri ناملىق ئەسەردىن، تۈركچە.

## قول

مىكروبلار دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىدە كەڭ ئۇچراپ تۇرىدۇ. باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈش، يېيىش - ئىچىش، تۇتۇش ۋە ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى قولنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولغانلىقى سەۋەبىدىن قولدا كۆپلىگەن مىكروبلار، يېمەكلىك قالدۇقلىرى، كىر، ئېغىز، بۇرۇن ۋە باشقا ئەزالارنى ئۇۋۇلاش ۋە سۈرتۈش ئۈچۈنمۇ يەنە قول ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ساقلىقنى ساقلاش مۇتەخەسسىسلىرى قولنى مىكروبلار بىلەن ئەڭ كۆپ ئارىلاشقان ئورگان دەپ قارايدۇ ۋە قولنى ھەمىشە يۇيۇپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. تەرەققىي قىلغان ھازىرقى مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ۋاستىسى بىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ قوللارنى ئېغىز - بۇرۇنغا كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن پاكىز يۇيۇشقا بۇيرىغانلىقى بىلەن قوللىنىلىدىغان سۇنىڭ پاكىز، رەڭگى، تەمى ۋە پۇرىقى ئۆزگەرمىگەن بولۇشىنى شەرت قىلغانلىقىنىڭ سىرى ۋە ھېكمىتى مەيدانغا چىقماقتا.

## ئېغىز

ئېغىز - تۆكرۈكلەرنى، چىشلارنى ۋە تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئورگاندۇر. ئېغىز پاكىز تۇتۇلمىغاندا، ئېغىزدا پەيدا بولغان مىكروبلار يېمەك - ئىچمەك ۋە تۆكرۈكلەر بىلەن بىرلىكتە ئاشقازانغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھەزىم قىلىشتىكى نورماللىقىنى بۇزىدۇ. ئاشقازان كېسەللىكىگە دۇچار بولغان ئاغرىقلارغا دوختۇرلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پاكىز تۇتۇش ۋە چىشلىرىنى تازىلاپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىشۋاتقانلىقى ۋە ئېغىزنى پۈتۈن بۆلۈملىرى بىلەن پاكىز تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكنىڭ ئاشقازان ياللۇغى كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغانلىقىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنى تاھارەتتە ئېغىزنى چايقاشقا بۇيرىغىنىنىڭ سىرتىدا، ھەر تاماقتىن كېيىن ئېغىز - چىشلارنى پاكىز يۇيۇشقا بۇيرىغانلىقىنىڭ ھېكمىتى ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

## بۇرۇن

بۇرۇن — پۇراش ۋە نەپەس ئېلىپ، چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بىر ئورگاندۇر. ھاۋا مىكروبلۇق چاڭ - توزانلارنى بۇرۇن ئارقىلىق ئۆپكىگە تارتىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى بۇ مىكروبلاردىن ساقلاش ئۈچۈن، بۇرۇننىڭ ئىچىدە تۈكلەرنى ياراتقان. بۇ تۈكلەرنىڭ ۋەزىپىسى بۇرۇنغا كىرگەن مىكروبلارنى ئۆپكىگە ياكى قان قانالللىرىنىڭ بىرەرسىگە كىرىپ كېتىشتىن توسۇشتۇر. ئىلىم - پەن مۇتەخەسسىسلىرى بۇرۇنغا ھاۋا ئارقىلىق سىرتتىن كىرىپ توختاپ قالغان نەرسىلەرنى مېكروسكوپ بىلەن كۆرۈپ تەتقىق

قىلغانـــدىن كېـيىن، ئىـــسلام دىنىنىـــڭ بـــۇرۇننى ھەركـــۈنى بەش قېـــتىم يۇيۇشـــقا بۇيرىغانلىقىنىڭ ھېكمەتلىرى مەيدانغا چىققان.

## يۈز

يـــۈزنى يۇيـــۇش تېرىنـــى كۆپلەندۈرىـــدۇ، باشـــتىكى ئېغىرلىـــق ۋە چارچاشـــلارنى يەڭگىللىتىـدۇ. تـۇرۇپ قالغـان قانلارنىـڭ ھەرىكەتلىنىـشىگە يـاردەمچى بولىـدۇ. چۈنكى يـۈز يويۇلغانـدىن كېيىن، ئـادەم ۋۇجۇدىـدىكى ئورگـانلار قايتىـدىن پائالىيەتچانلىقىنى ئاشـۇرىدۇ. تۇرۇپ قالغان قـانلار ھەرىكەتلىنىـپ، قـان قانـاللىرى پائالىيەتكە ئۆتىـدۇ. يـۈزدىكى تەرلەرنـى ۋە تېرە يۈزىـدىكى تۆشـۈكچىلەردە ساقلىنىپ قالغـان كىرلەرنـى سـۇ بىـلەن تـازىلاش ئـارقىلىق يۈزنىـڭ تېرىـسى سىلىقلىـشىدۇ. مۇنـدىن باشـقا، يـۈزنى يۇيـۇش ئويغـۇنى قاچۇرىـدۇ. ئـادەمنى تېتىـك، جوشـقۇن ۋە روھلـۇق ھالغـا كەلتۈرىـدۇ. ھـارغىنلىقنى چىقىرىـدۇ. سـاقلىق سـاقلاش مۇتەخەسسىـــسلىرىنىڭ پىكـــى تەۋسـىيەلىرىدە، يـــۈزنى ۋە يـــۈزدىكى پۈتـــۈن ئورگـــانلارنى، خۇسۇســـەن كـــۆزلەرنى ســـۇ بىـــلەن تـــازىلاپ تۇرۇشـــقا ئالاھـــدە ئەھمـــيەت بېرىـــشنىڭ زۆرۈرلىكى تەكىتلەنمەكتە.

## باش

تاھارەت ئالغاندا باشـنى ھـۆل قـول بىـلەن سىلاشـنىڭ چـوڭ پايدىـسى بـار. مېڭە ھەمىـشە نۇرغۇنلىغـان ئـوي - پىكىـرلەر بىـلەن چارچايـدۇ، ئاجىزلىـشىدۇ، گاھىـدا قـان ھۇجۇملىرىغـا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئـاز سـۇ بىـلەن باشـنى سىلاش ئـارقىلىق مېڭە راھەتلىنىـدۇ ۋە ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى بىر ۋەزىيەتكە ئۆتىدۇ.

## قۇلاقلار

قۇلاقلارنىـڭ ئىچـى ۋە سـىرتىنى، بويۇننىـڭ ئىككـى تەرىپىنـى سـۇ بىـلەن سـىلاش بـۇ جـايلاردىكى كىرلەرنـى يوقاتقاننىـڭ سـىرتىدا، زۇكامنىـڭ ئالـدىنى ئېلىـشقا يـاردەمچى بولىـدۇ. مۇندىن باشقا مېڭىگە كەتكەن تومۇرلارغا مەسھىنىڭ كۆپ پايدىسى باردۇر.

## پۇت

پـۇتلارنى يۇيـۇش ئـارقىلىق پـۇتلار ۋە بارمـاقلار پـاكىز بولغىنىنىـڭ سـىرتىدا، بارماقلارنىـڭ ئارىـسىدىكى تېـرە مىكروبلارنىـڭ ئۇۋۇسـى بولۇشـتىن قۇتۇلـۇپ قالىـدۇ. چۈنكى بارماقلارنىـڭ ئارىسىدىكى تېرە مىكـروبلار ئەڭ تېـز ئـورۇن تۇتىـدىغان بىـر جايـدۇر. ئىلمـي تەتقىقـاتلاردا، « تېتنـوز» دەپ ئاتالغـان ھـالاك قىلغـۇچى ئاغرىقنىـڭ مىكروبلىرىنـى بارماقلارنىـڭ ئارىـسىدىكى تېرىنىـڭ تارقىتىـدىغانلىقى ئـسپاتلانغان. مۇنـدىن باشـقا، ئاخـشاملىرى پـۇتلارنى يويـۇپ

يېتىش ئۈيقۇنىڭ ساغلام بولىشىغا پايدىلىقتۇر[1].

## تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار

تاھارەت تۆۋەندىكىلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن بۇزۇلىدۇ:

1 ـ ئىنسانىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەت ئورگىنىدىن سۈيدۈك، چوڭ تەرەت، يەل، سپېرم، ۋەدى، مەزى ۋە باشقىلارنىڭ چىقىشى.

2 ـ بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىدىن قان، يىرىڭ ۋە سېرىق سۇنىڭ ئېقىشى.

3 ـ ئېغىز توشقىچە قۇسۇش.

4 ـ ئېغىزدىن قان چىقىشى (ئەمما تۈكرۈكتىن ئاز بولسا ياكى تۈكرۈكنىڭ رەڭگى قىزارمىسا زىيىنى يوق).

5 ـ ھوشىدىن كېتىش.

6 ـ مەس بولۇش.

7 ـ ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي ئورگانلىرىنىڭ ئارىدا توساق بولماستىن بىر ـ بىرىگە تېگىشى.

8 ـ ئۇخلاش. (ئەمما نامازدا ئۆرە تۇرغاندا ئېگىلمەستىن، ئولتۇرغاندا بىر يەرگە يۆلەنمەستىن مۈگدەش تاھارەتنى بۇزمايدۇ.)

9 ـ نامازدا قاھقاھلاپ كۈلۈش[2].

## تاھارەتنى بۇزمايدىغان ئىشلار

تاھارەتنى بۇزمايدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىدىن قان چىقىپ، ئاقماستىن ئۆز ئورنىدا توختاپ قالغان بولسا؛

2 ـ بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىدىن گۆش ئاجراپ چۈشكەن بولسىمۇ، قان چىقمىغان بولسا؛

3 ـ بەدەندىكى يارىدىن قۇرۇت چىققان بولسا؛

(1) «ibadetin getirdikleri» ناملىق ئەسەردىن، تۈركچە.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 6 ـ بەت.

4 ـ ئېغىز تولمىغان مىقداردا قۇسقان بولسا؛

5 ـ ھەر قانداق بىر ئايالنى تۇتقان تۇتقان بولسا؛

6 ـ جىنسىي ئورگاننى تۇتقان بولسا؛

7 ـ ئۆرە ياكى ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالغان بولسا تاھارەت بۇزۇلمايدۇ[1].

## ئاياقلارغا مەسھى قىلىشنىڭ بايانى

ئاياقلارغا مەسھى قىلىش — تاھارەت ئالغاندا پۇتلارنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا تاھارەت بىلەن كىيىلگەن، سالاھىيەتلىك ئاياقلارنىڭ ئۈستىنى ھۆل قول بىلەن سىلاش دېگەنلىكتۇر.

### ئاياقلارغا مەسھى قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئاياقلارغا مەسھى قىلىش ئەر ـ ئايال ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن جائىزدۇر[2].

### ئاياقلارغا مەسھى قىلىشنىڭ شەرتى

ئاياقلارغا مەسھى قىلىشنىڭ شەرتى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئاياقلارنىڭ كامىل تاھارەت ئۈستىگە كىيىلگەن بولۇشى.

2 ـ ئاياقلار ئوشۇقلارنى تولۇق ياپالايدىغان بولۇشى.

3 ـ ئاياقلارنىڭ مېڭىشقا چىدامىلىق، پۇختا بولۇشى.

4 ـ ئاياقلاردا ئۈچ بارماقنىڭ ئۈچلىرى سىغقۇدەك يىرتىق بولماسلىقى.

5 ـ ئاياقلارنىڭ پۇتلارغا سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان بولۇشى.

6 ـ جۇنۇپ بولماسلىق، يەنى غۇسلى قىلىشى پەرز بولۇپ قالغان كىشىنىڭ مەسھى قىلىشى جائىز ئەمەس. غۇسلى قىلىپ ئايىغىنى پاكلىق ئۈستىگە كىيگەن بولسا، ئاندىن ئۇنىڭغا مەسھى قىلسا بولىدۇ[3].

### مەسھىنىڭ قائىدىسى

ئاياقلارغا مەسھى قىلىشتا، قوللارنى ھۆل قىلىپ، ئوڭ قولنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئوڭ

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 6 ـ بەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 9 ـ بەت.

(3) اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 24 ـ بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 9 ـ بەت.

پۇتنىڭ، سول قولنىڭ بارماقلىرى بىلەن سول پۇتنىڭ ئۇچلىرىدىن باشلاپ پۇتلارنىڭ ئايرىلىدىغان بېغىشلىرىغىچە بىر قېتىم سىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش

ئاياقلارغا مەسھى قىلىشتا، قوللارنىڭ ئەڭ كىچىك بارماقلىرىدىن ئۈچ بارماق بىلەن ھەر بىر ئاياقنىڭ ئۈستىنى بىرلا قېتىم سىلاش بىلەن پەرز ئادا بولىدۇ. ئەمما بارماقلارنىڭ ھەممىسنى ئاچقان ھالدا، ئاياقلانىڭ ئۇچىدىن باشلاپ پۇتنىڭ ئايرىلىدىغان بېغىشىغىچە سىلاش سۈننەتتۇر.

## مەسھىنىڭ مۇددىتى

مەسھىنىڭ مۇددىتى يولۇچىلار ئۈچۈن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز، مۇقىملار ئۈچۈن بىر كېچە ـ كۈندۈزدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، يولۇچىلار ئاياقلىرىنى تاھارەت ئۈستىگە كىيگەندىن كېيىن، شۇ تاھارىتى بۇزۇلغان ۋاقتتىن باشلاپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز (72 سائەت)، مۇقىملار بىر كېچە كۈندۈز (24 سائەت) ئاياقلىرىنى يەشمەستىن، ئۈستىگە مەسھى قىلىدۇ. بىراۋ مۇقىملىق ھالىتىدە ئايىغىغا مەسھى قىلىپ، 24 سائەت توشۇشتىن بۇرۇن سەپەرگە چىققان بولسا، شۇ مەسھىنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر مۇساپىرلىق ھالىتىدە ئايىغىغا مەسھى قىلىپ، ئۈچ كۈن تولۇشتىن بۇرۇن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن بولسا، مەسھى قىلىشنى باشلىغىنىغا بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىنلا مەسھى بۇزۇلىدۇ. بۇ ۋاقتتا ئايىغىنى يېشىپ يۇيۇشى لازىم كېلىدۇ. ئەگەر ئايىغىنى كىيگەنگە تېخى بىر كېچە كۈندۈز بولمىغان بولسا، شۇ مۇددەت توشمىغىچە مەسھى بۇزۇلمايدۇ. اللباب شرح الكتاب 1 - توم 26 - بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 10 ـ بەت].

## مەسھىنى بۇزىدىغان ئامىللار

1 ـ تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار مەسھىنىمۇ بۇزىدۇ. بۇ ۋاقتتا تاھارەت ئېلىپ، ئاياقلارنىڭ ئۈستىگە قايتا مەسھى قىلىنىدۇ.

2 ـ پۇتلارنىڭ بىرەرسى ياكى ئىككىلىسىنىڭ ئاياقلاردىن چىقىپ كېتىشى ياكى چىقىرىلىشى. پۇتلارنىڭ ئاياقلاردىن ئازراق قىسمى چىقىپ كېتىشى بىلەنمۇ مەسھى بۇزۇلىدۇ.

3 ـ مەسھى مۇددىتىنىڭ توگىشى.

4 ـ ئاياقلارنىڭ ئىچىدە پۇتلارنىڭ بىرەرسى ياكى كۆپ قىسمى سۇ ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن ھۆل بولۇپ كېتىشى.

يـۇقىرىقى 2 ـ 3 ـ 4 - ھـالـلاردا پـۇتلار تاھـارەت ئـارقىلىق يۇيۇلغانـدىن كېـيىن ئايـاق قايتا كىيىلىدۇ[1].

## تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىش

يـارا، سـۇنۇق ۋە چېقىقلارنـىڭ ئۈسـتىگە تېڭىلغـان تېڭىقلارنـى يېـشىپ، ئۇنـىڭ ئاسـتىنى يۇيۇش يـاكى ھـۆل قىلـىش زىيـانلىق بولغـان ھـالـلاردا، تېڭىقنـىڭ ئۈسـتىنى ھـۆللەنگەن قـول بىـلەن بىـر قېـتىم سـىلاش يۇيۇشـنىڭ ئورنـىدا تۇرىـدۇ. ئـاز دېگەنـدە 3 بارمـاق بىـلەن بىـر قېتىم سىلاش شەرتتۇر.

تېڭىقلارنـىڭ ئۈسـتىگە قىلىنغـان مەسـھىنىڭ مـۇددىتى يوقتـۇر. يەنـى تېڭىلغـان ئورگـان ساقايغانغا قەدەر باشـتا قىلغـان بىـر قېتىملـىق مەسـھى يېتەرلىكتـۇر. تېڭىقلارغـا مەسـھى قىلـىش ئۈچـۈن ئۇنـىڭ تاھارەتلىـك بولغـان ھالـدا تېڭىلغـان بولـىشى شـەرت ئەمەس. شـۇنداقلا، تېڭىقنـى ئالماشـتۇرۇش بىلەنمـۇ، مەسـھىنى يـېڭىلاش لازىـم كەلمەيـدۇ. يەنـى قايتـا مەسھى قىلىش كېرەك ئەمەس[2].

تاھـارەت ئالغانـدا يۇيۇلـىدىغان ئەزالارنـىڭ يېرىمـىدا يـاكى كۆپرەكـىدە سـۇ تەگـسە زىيـان قىلىـدىغان ئۆزرىـسى بـار كىـشىلەر تاھـارەت ئالماسـتىن تەيەممـۇم قىلىـشى لازىـم. ئەگەر تاھـارەتتە يۇيۇلـىدىغان ئەزالارنـىڭ كـۆپ قـىسمى ساغلام بولـۇپ، ئـاز قـىسمى ئۆزۈرلـۈك بولـسا، ساغلام بولغان قـىسمىنى يۇيـۇپ، ئۆزۈرلـۈك بولغـان قـىسمىغا مەسـھى قىلـىش لازىـم كېلىـدۇ. بـۇ ۋاقىتتا تەيەممۇم قىلىنمايدۇ. چـۈنكى يۇيـۇش بىـلەن تەيەممۇم قىلـىش ئىككىـسى بىـر ۋاقىتتـا بىرلەشـمەيدۇ. يەنـى ئۆزۈرلـۈك بولمىغـان ئەزالارنـى يۇيـۇپ، ئۆزۈرلـۈك بولغـان ئەزالار ئۈچـۈن تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس ئەمەستۇر[3].

## ئۆزۈرلۈك كىشىلەر قانداق قىلىشى كېرەك

توختىماسـتىن بـۇرنى قانايـدىغان يـاكى تەرىتـى توختىمايـدىغان يـاكى كۆزىـدىن يـا قۇلىقىـدىن سـېرىق سـۇ ئېقىـپ تۇرىـدىغان كىـشىلەر ئۆزۈرلـۈك كىـشىلەر دېيىلىـدۇ. بۇنـداق كىـشىلەرنى بـۇ ئـۆزۈرلەر ئىبـادەتتىن چەكلىيەلمەيـدۇ. بەلكـى بـۇ ھـالەتلەردىمۇ تاھـارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيالايدۇ. پەقەت ئۇلار، بىـر ۋاخ نامـاز ئۈچـۈن ئالغـان تاھـارەت بىـلەن يەنە بىـر ۋاخ نامازنى ئوقۇيالمايدۇ. بەلكى ھەر بىر ۋاخ ناماز ئۈچۈن ئايرىم تاھارەت ئېلىشى لازىم[4].

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 10 ـ بەت.

(2) الدر المختار 1 ـ توم 260 ـ بەت، فتح القدير 1 ـ توم 109 ـ بەت، مراقي الفلاح 30 ـ بەت.

(3) الدر المختار 1 ـ توم 258 ـ بەت.

(4) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 12 ـ بەت.

### ئۆزۈر قوبۇل قىلىنىشىنىڭ شەرتى

ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆزۈرنى قوبۇل قىلىشنىڭ شەرتى — ئۆزۈرلۈك ھالىنىڭ بىر نامازنىڭ ۋاقتى تولۇقىغىچە داۋام قىلىشى ۋە تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ بولغىچىلىك ئۆزۈرنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىدۇر. ئۆزۈرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى دېگەنلىك — ئۆزۈرلۈك كىشىنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالى داۋام قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇشى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى قىلىشىنىڭ دۇرۇس بولىشى دېمەكتۇر[1].

### ئاياللارنىڭ ئاياللىق ھاللىرى

ئاياللاردا ئۆزلىرىگە خاس ئۈچ ھال باردۇر.

1. ئايلىق ھالى( ھەيىزدارلىق ھالى).

2. تۇغۇتلۇق ھالى(نىفاسلىق ھالى).

3. ئۆزۈرلۈك ھالى(مۇستەھازىلىك ھالى).

### ئاياللارنىڭ ئايلىق ھالى

ئاياللارنىڭ ئايلىق ھالى - ئايلىق ئادەتنىڭ قېنىنى كۆرۈش يېشىدىكى ئاياللارنىڭ، كېسەللىكتىن ئەمەس، بەلكى نورمالدىكى ئايلىق ئادىتى بويىچە بالا ياتقۇلىرىدىن ئايلىق قېنىنىڭ كېلىشى دېگەنلىك بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «ھەيز» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئايلىق ئادەتنىڭ مۇددىتى

ئاياللاردىكى ئايلىق ئادەت مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئاز ئۈچ كۈن، كۆپى 10 كۈن، نورمال مۇددىتى بەش كۈن بىلەن يەتتە كۈن ئارىسىدا بولىدۇ[2].

### ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالى

ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالى — تۇغۇتتىن كېيىن، تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلانغىچىلىك بولغان مەزگىل دېگەنلىك بولۇپ، ئەرەب تىلىدا «نەفاس» دەپ ئاتىلىدۇ..

تۇغۇتلۇق ھالىنىڭ مۇددىتى

ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالى تۇغۇتنىڭ قېنىنىڭ تۈگىشى بىلەن تاماملىنىدۇ. قاننىڭ تۈگەش مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئازى بىرقانچە مىنۇت، كۆپى 40 كۈندۇر. قىرىق كۈندىن ئېشىپ

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 12 - بەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 11 - بەت.

كەتكىنى ئۆزۈرلۈك هالى ھېسابلىنىدۇ[1].

## ئاياللار ئۈچۈن ئايلىق ۋە توغۇتلۇق ھاللىرىدا مەنئى قىلىنغان ئىشلار

ئايلىق ئادەتنىڭ ۋە توغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلانمىغان مۇددەت ئىچىدىكى ئاياللار ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ناماز ئوقۇش.

2 ـ روزا تۇتۇش.

3 ـ قۇرئاننى تۇتۇش ۋە ئوقۇش. (ئەگەر قاپچۇقى بىلەن تۇتسا بولىدۇ).

4 ـ مەسجىدكە كىرىش.

5 ـ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش.

6 ـ ئېتىكاپ قىلىش.

7 ـ كەبىنى تاۋاپ قىلىش.

8 ـ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش.

9 ـ كىندىكى بىلەن ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىدىن ئەرلىرىنىڭ ھوزۇرلىنىشى.

ئاياللار قانلىرىدىن پاكلانغاندىن كېيىنلا غۇسلى قىلىشى ۋاجىبتۇر[2].

ئاياللار يۇقىرىقى ھاللار سەۋەبلىك ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. ئەمما تۇتالمىغان رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: « بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، ئايلىق ئادىتىمىز كەلگەن ۋاقىتلاردا روزا تۇتمايتتۇق، ناماز ئوقۇمايتتۇق، پاكلانغاندىن كېيىن روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇلاتتۇق، ئەمما نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايتتۇق»[3].

## ئايلىق ۋە توغۇتلۇق ھاللىرىدىكى ئاياللارغا يېقىنلىق قىلىش مەسىلىسى

ئايلىق ۋە توغۇتلۇق ھاللىرىدىكى ئاياللارنىڭ قېنى توختاپ، تولۇق پاكلانمىغىچە، ئۇلارغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلىشىش قەتئىي ھارامدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 11 ـ بەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 11 ـ بەت.

(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

دەيـدۇ: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُواْ النِّسَاء فِي الْمَحِـيضِ وَلاَ تَقْرَبُـوهُنَّ حَتَّىَ يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللّهُ إِنَّ اللّـهَ يُحِـبُّ التَّـوَّابِينَ وَيُحِـبُّ الْمُتَطَهِّـرِينَ﴾ تەرجىمىسى: «(ئـى مـۇھەممەد!) ئـۇلار سـەندىن ھەيـز توغرۇلـۇق (يەنـى ھەيـزدار ئايـال بىـلەن جىنـسىي ئـالاقە قىلىـشنىڭ دۇرۇسـلىقى يـاكى دۇرۇس ئەمەسـلىكى توغرۇلـۇق) سـورايدۇ. ئېيتقىنكـى، ”ھەيـز زىيـانلىقتۇر (يەنـى ھەيـز مەزگىلـدە جىنـسىي ئـالاقە قىلىـش ئەر ـ خوتـۇن ھەر ئىككىـسىگە زىيـانلىقتۇر)، ھەيـز مەزگىلـدە ئاياللاردىن نېرى تـۇرۇڭلار، (ھەيـزدىن) پـاك بولغـۇچە ئۇلارغـا يېقىنچىلىـق قىلماڭلار، پـاك بولغانـدا، ئۇلارغـا ئـاللاھ بۇيرىغـان جايـدىن يېقىنچىلىـق قىلىڭـلار“ ئـاللاھ ھەقـىقەتەن تەۋبە قىلغـۇچىلارنى دوست تۇتىـدۇ. (ھارامـدىن ۋە نىجاسـەتتىن) پـاك بولغـۇچىلارنى ھەقـىقەتەن دوست تۇتىدۇ»[1].

بـۇ ئايەتنىـڭ مەزمـۇنى، توغۇتلـۇق ھالـدىكى ئاياللارنىمۇ ئـۆز ئىچىـگە ئالىـدۇ. چـۈنكى ئايـال كىـشىنىڭ جىنـسىي مۇناسـىۋەتتىن مەنئـى قىلىنىـشىغا سـەۋەب بولغـان نەرسـە، توغۇتلـۇق ۋە ھەيزدارلىـق ھەر ئىككـى ھـالەتتە، ئۇلارنىـڭ بـالا ياتقۇلىرىـدىن كەلـگەن قاندۇر. قان توختىمىغان مۇددەت ئىچىدە، ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەتتىن چەكلىنىدۇ.

ھەيزنىـڭ قېنـى نورمالـدىكى ئادىتىـدىن بـۇرۇن توختىغـان ئايـال غۇسـلى قىلمىغـىچە جىنـسىي مۇناسـىۋەتتىن مەنئـى قىلىنىـدۇ. ئەگەر ئۇنىـڭ قېنـى ھەر ئايـدىكى نورمـال ئـادىتى بـويىچە توختىغـان بولـسا، ئۇنىـڭ غۇسـلى قىلماسـتىن جىنـسىي مۇناسـىۋەتتە بولـشى جائىزدۇر.

ئەممـا ھامىلـدار ئايـاللار بىـلەن جىنـسىي مۇناسـىۋەتتە بولـۇش مـۇتلەق جـائىزدۇر. لـېكىن ھامىلـدار ئايـال توغۇتقـا يېقىنلاشـقان ئـايلاردا، ئۇلارغـا جىنـسىي تەرەپـتىن يېقىنلاشـمىغان ياخشىدۇر[2].

## ئاياللارنىڭ ئۈزۈرلۈك ھالى

ئاياللارنىـڭ ئۈزۈرلـۈك ھـالى ـ ئـايلىق ئـادەت كـۆرۈش مـۇددىتى ئىچىـدىكى ئاياللارنىـڭ ئـۈچ كۈنـدىن ئـاز يـاكى ئـون كۈنـدىن كـۆپ، توغۇتلـۇق مـۇددىتى ئىچىـدىكىلەردىن قىرىـق كۈنـدىن كـۆپ، قىـزلاردىن توققـۇز ياشـقا تولۇشـتىن بـۇرۇن ۋە چـوڭ ئايـاللاردىن ئـادەت كـۆرۈش يېشىدىن ئۆتـۈپ كەتكەنـدىن كېـيىن، بـالا ياتقۇلىرىـدىن قـان كېلىـشى ئاياللارنىـڭ

(1) بەقەرە سۈرىسى 222 ـ ئايەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 12 ـ بەت.

ئۆزۈرلۈك هالى دېيىلىدۇ.

ئاياللار ئۆزۈرلۈك ھاللىرىدا، ئىبادەتلەرنى قىلالايدۇ. ھەتتا قان توختىماي ئېقىپ تۇرسىمۇ، ھەر بىر ناماز ئۈچۈن ئالاھىدە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. نامازنىڭ ۋاقتى چىقىشى بىلەن ئۇلارنىڭ تاھارىتى سۇنغان بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «فاتىمە ئىسمىلىك بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، "يارەسۇلەللاھ! مەن قېنىم توختىمايدىغان بىر ئايالمەن، بۇسەۋەبلىك نامازنى تەرك ئېتىشىم كېرەكمۇ؟" دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا "سىزدىكى ھەيزنىڭ قېنى ئەمەس، ئۇ پەقەت تەرگە ئوخشاش سۇ، ئايلىق ئادىتىڭىز كەلگەندە، نامازنى توختۇتۇڭ، ئادىتىڭىز تۈگىگەندىن كېيىن، غۇسلى قىلىپ پاكلىنىپ نامازغا باشلاڭ" دېدى»[1].

ئاياللار ئۆزۈرلۈك ھاللىرىدىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولالايدۇ[2].

## ئاياللار ھەيزدار ياكى ئۆزۈرلۈك ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيدۇ؟

ئاياللار ئايلىق ئادىتىنىڭ قېنى بىلەن ئۆزۈرلۈك ھالىنىڭ قېنىنى ئايرىيالايدۇ. چۈنكى ئايلىق ئادەتنىڭ قېنى قارامتۇل، قويۇقراق كېلىدۇ، ئەمما ئۆزۈرلۈك ۋاقتىدا كەلگەن قان قىپقىزىل، سۇيۇقراق كېلىدۇ. ئاياللار بۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنىڭ ئادەت كۆرگەن ياكى باشقا بىرەر كېسەللىك تۈپەيلى ئۆزۈرلۈك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ.

## تاھارەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار

تاھارەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ ناماز ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: **لَا صَلَاةَ لِمَنْ لَا وُضُوءَ لَهُ** يەنى »تاھارەتسىز ناماز ئوقۇلمايدۇ« دەپ كۆرسەتكەن[3].

2 ـ قۇرئاننى تۇتۇش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿**لَا يَمَسُّهُ إِلَّا الْمُطَهَّرُونَ**﴾ يەنى »قۇرئاننى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ« دەيدۇ[4].

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 12 ـ بەت.

(3) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسائىيلار رىۋايىتى.

(4) ۋاقىئە سۈرىسى79 ـ ئايەت.

چۈنكى قۇرئاننى ئۇلۇغلاش پەرزدۇر. ئۇنى تاھارەتسىز تۇتۇش ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىمنى قاپچۇقى بىلەن تۇتۇشقا ۋە يادىسىغا ئوقۇشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش ياكى يادلاش ئۈچۈن تاھارەتسىز تۇتۇشى ۋە ئوقۇشى جائىزدۇر[1].

3 ـ كەبىنى تاۋاپ قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كەبىنى تاۋاپ قىلىش ـ نامازدۇر. تاۋاپ ئەسناسىدا سۆزنى ئاز قىلىڭلار»[2].

ئەمما كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا تاھارەت شەرت ئەمەس، بەلكى ۋاجىبتۇر. شۇڭا كەبىنى تاھارەتسىز تاۋاپ قىلىش مەكرۇھ تەھرىمىدۇر. ئەمما قىلغان تاۋاپ دۇرۇستۇر[3].

## جۇنۇپ كىشى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار

جۇنۇب(غۇسلى قىلىشى پەرز بولۇپ قالغان كىشى) ئۈچۈن، تاھارەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان يۇقىرىقى ئۈچ ئىش بىلەن بىرلىكتە، تۆۋەندىكى ئىككى ئىش مەنئى قىلىنىدۇ:

4 ـ قۇئاننى يادىسىغا بولسىمۇ ئوقۇش. جۇنۇپ كىشىنىڭ بىرەر ئايەتنىمۇ يادىسىغا ياكى قاراپ ئوقۇشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **لاَ تَقْرَإِ الْحَائِضُ، وَلاَ الْجُنُبُ شَيْئاً مِنَ الْقُرْآنِ** تەرجىمىسى: « ھەيز ۋە نىفاستىكى ئاياللار، جۇنۇپ كىشىلەر قۇرئاندىن ھېچنەرسە ئوقۇمىسۇن»[4].

ئەلى ـ كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ- دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇبلىقتىن باشقا ھەر قانداق ۋاقىتتا بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى»[5].

ئەمما جۇنۇپلىقى ئېسىدە يوق ئىختىيارسىز ئوقۇپ سالسا گۇناھ بولمايدۇ. شۇنداقلا، جۇنۇپ كىشىنىڭ تائام يېيىش ياكى بىرەر ئىشنى باشلاش ئالدىدا، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش مەقسىتى بىلەن: ﴿**بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ**﴾دېيىشى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا

---

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 1 ـ توم 295 ـ بەت.
(2) ئىمام ئەھمە، نەسائىي، تىرمىزى ۋە ھاكىملار رىۋايىتى، «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.
(3) الدر المختار 1 ـ توم 160 ـ 165، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 12 ـ بەت.
(4) تىرمىزى رىۋايىتى.
(5) تىرمىزى رىۋايىتى، «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس، سبل السلام 1 ـ توم 88 ـ بەت.

قىلىش نىيىتى بىلەن ﴿الْحَمْدُ للّــه رَبِّ الْعَــالَمِينَ﴾ دېيىشى، قاتناشقا ئولتۇرغانـدا زىكـرى نىيىتى بىلەن: ﴿سُبْحَانَ الَّذي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِيْنَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُــونَ﴾ نـى ئوقۇشى، مۇسىبەتتە﴿إِنَّا للّه وَإِنَّا إِلَيْه رَاجعونَ﴾ دېيىشى، «ئايەتۇلكۇرسى» نـى، «فاتىھە» ۋە «ئىخــلاس» ســۈرىلىرىنى زىكــرى مەقــسىتى بىــلەن ئوقۇشــى ھەنەفــي ۋە شــافىئىي مەزھىپىنىــڭ ئىتتىپــاقى بىــلەن جــائىزدۇر. چــۈنكى ئىمــام مۇســلىم ئائىــشە رەزىيەللاھــۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغـان بىـر ھەدىسـتە: « پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام ھەممىلا ۋاقىتتـا ئـاللاھ تائالاغــا زىكــرى ئېيتــاتتى» دەپ كەلــگەن. يــۇقىرىقى ئەھكــاملار ھەيــزدار ۋە تۇغۇتلــۇق ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

5 ـ مەســجىدكە كىــرىش ۋە ئۇنىڭــدا ئېتىكــاپ قىلىــش. جۇنــۇپ كىــشىنىڭ قايــسىبىر ســەۋەب بىــلەن بولمىــسۇن، مەســجىدكە كىرىــشى ۋە ئۇنىڭــدا ئولتۇرۇشــى قەتئىــي مەنئىــي قىلىنىدۇ. ئەمما ئولتۇرماستىن ئۆتۈپ كېتىشكە بولىدۇ[2].

ئۇمـمۇ سـەلەمە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـادىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، « پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام مەســجىدنىڭ مۇنارىغــا چىقىــپ، يــۇقىرى ئــاۋاز بىــلەن ”جۇنــۇپ ۋە ھەيىزدارلارنىــڭ مەسجىدكە كىرىشى مەنئى قىلىندى“ دەپ نىدا قىلغان ئىدى»[3].

## غۇسلىنىڭ بايانى

غۇســلى ـ پۈتــۈن بەدەنىنــى پــاكىز يۇيــۇش ئــارقىلىق ئومــۇمىي چــوڭ تــازىلىق قىلىــش دېمەكتۇر.

### غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەر

غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ جىنــسىي مۇناســىۋەت ئۆتكــۈزۈش. (گەرچە ســپېرم چىقمىغــان تەقــدىردىمۇ، ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسى ئۈچۈن غۇسلى قىلىش پەرزدۇر).

2 ـ قايسىبىر سەۋەب بىلەن سپېرمنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى.

3 ـ ئۇيقۇدا قانداقلا بىر كەيپىيات بىلەن بولمىسۇن، سپېرمنىڭ چىقىشى.

---

(1) الفقه الإسلامي وأدلته1 ـ توم 384 ـ بەت، تحفة الفقهاء 30 ـ بەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 12 ـ بەت، الدر المختار 1 ـ توم 158 ــ 161 ـ بەتلەر.

(3) بەيھەقىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.

4 ـ توغۇت ۋە ئايلىق ئادەتنىڭ قانلىرىنىڭ توختىشى.

5 ـ مەسىلىكتىن، ھوشسىزلىقتىن ئەسلىگە كەلگەن كىشىنىڭ ئۆزىدە سپېرم جىنسىدىن بىر ھۆللۈكنى بايقىشى.

يۇقىرىقىلار غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەردۇر[1].

**غۇسلىنىڭ تۈرلىرى**

غۇسلى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرى: پەرز بولغان غۇسلى، يەنە بىرى، سۈننەت بولغان غۇسلى، ئۈچىنچىسى مۇستەھەب بولغان غۇسلىدۇر.

**پەرز بولغان غۇسلى**

غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەردىن كېيىن غۇسلى قىلىش پەرزدۇر.

**غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلمايدىغان ئىشلار**

غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلمايدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:

(1) «مەزى»نىڭ چىقىشى. «مەزى» ـ چوڭ ئەر ـ ئاياللاردىن چىقىدىغان سېرىقراق، سۇيۇق سۇدۇر. ئۇ، جىنسىي ھەۋەس قوزغالغاندا، ئېتىلماستىن چىقىدۇ. مەزى پەقەت تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، ئەمما غۇسلى قىلىشنى كېرەك قىلمايدۇ. »مەزى« تېگىپ كەتكەن كىيىمنى ۋە بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلاش لازىم كېلىدۇ.

(2) «ۋەدى»نىڭ چىقىشى.«ۋەدى»ـ سۈيدۈكتىن كېيىن چىقىدىغان دۇغا، ئېقىش، قويۇقراق سۇدۇر. «ۋەدى»ئېغىر نەرسە كۆتۈرگەندە، ئىنجىقلىغاندا چىقىدۇ. «ۋەدى» مۇ خۇددى «مەزى»غا ئوخشاشلا تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، ئەمما غۇسلىنى كېرەك قىلمايدۇ. «ۋەدى»تېگىپ كەتكەن كىيىمنى ۋە بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇپ تازىلاش لازىم كېلىدۇ.

(3) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى چۈشىدە كۆرگەن بولسىمۇ، بەدىنى ياكى كىيىمى ھۆل بولمىغان ياكى سپېرمىنىڭ ئەسىرى تېپىلمىغان بولسا غۇسلى قىلىش لازىم كەلمەيدۇ[2].

**غۇسلىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى**

غۇسلى قىلىش پەرز بولغان ھاللاردا غۇسلى قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى توغرۇلۇق

---

(1) مراقي الفلاح 6 ـ بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 12 ـ بەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 7 ـ بەت.

ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿يَاأَيُّهاالَّذِيْنَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الـصَّلاَةِ فَاغْـسِلُوا وُجُـوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُؤُسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الكَعْبَيْنِ وإِنْ كُنْتُمْ جُنُبـاً فـأَطَّهَّرُوا﴾ تەرجىمىسى: «ئـى مـۆمىنلەر!( سـىلەر تاھارەتـسىز بولـۇپ) نامـاز (ئوقۇمـاقچى بولـساڭلار) يـۈزۈڭلارنى يويـۇڭلار. قولـۇڭلارنى جەيـنىكىڭلار بىـلەن قوشـۇپ يويـۇڭلار. بېـشىڭلارغا مەسھى قىلىڭـلار. پۇتـۇڭلارنى ئوشـۇقۇڭلار بىـلەن قوشـۇپ يويـۇڭلار. ئەگەر جۇنـۇپ بولغـان بولساڭلار كامىل پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)»[1].

بـۇ ئـايەتتە، ئـاللاھ تائالانـىڭ مۇسـۇلمانلارنى، نامـاز ئوقـۇش ئۈچـۈن تاھـارەت ئېلـىشقا، ئەگەر جۇنۇپ بولسا غۇسلى قىلىشقا بۇيرىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

## سۈننەت بولغان غۇسلى

تۆۋەندىكى تۆت ئىش ئۈچۈن غۇسلى قىلىش سۈننەتتۇر.

1. جـۈمە نامىزىغـا بېـرىش ئۈچـۈن. پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام مۇنـداق دېـگەن: «جـۈمەگە تاھارەت بىلەن بېرىش ياخشى بولغاندەك، يۇيۇنۇپ بېرىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر»[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنـداق دېـگەن: « پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام تـۆت ئىـش ئۈچـۈن غۇسـلى قىلاتتـى: جىنـابەتتىن پـاكلىنىش ئۈچـۈن، جـۈمەگە بېـرىش ئۈچـۈن، قـان ئالدۇرغاندىن كېيىن ۋە مېيىتنى يۇغاندىن كېيىن»[3].

سـۈننەت بولغـان يۇيۇنۇشـنىڭ ۋاقتـى: جـۈمە كـۈنى ئەتىگەنـدىن جۈمەنىـڭ ۋاقـتىغىچە بولىدۇ.

2. ھېيـت نامازلىرىغـا بېـرىش ئۈچـۈن. ھېيـت نامـازلىرىمۇ جامـائەت بىـلەن ئوقۇلـىدىغان نامـازلار بولغـانلىقتىن، بـۇ نامـازلارغىمۇ يۇيۇنـۇپ بېـرىش سـۈننەتتۇر. »پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە، ئەرەفات، روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە يۇيۇناتتى»[4].

3. ئېھـرام بـاغلاش ئۈچـۈن. زەيـد ئىبنـى سـابىت رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھرام باغلىغان ۋاقتىدا يۇيۇنغانىدى»[5].

---

(1) مائىدە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

(2) بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايىتى.

(3) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.

(4) ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، بۇ ھەدىس »ئاجىز«دەپ باھالانغان.

(5) تىرمىزى رىۋايىتى، بۇ ھەدىس «سەھىھ» دەپ باھالانغان.

4. ھەج قىلغــان كىــشىنىڭ ئەرەپاتتــا، قۇيــاش كــۈن پېــتىش تەرەپــكە قايرىلغانــدىن كېيىن، غۇسلى قىلىشى سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەفاتتا يويۇنغانلىقىنى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ رىـۋايەت قىلغـان بولـۇپ، ئىبنى مـاجە ھەدىـس توپلىمىـدا رىـۋايەت قىلغـان ۋە ئىمـام شـاپىئىيمۇ ئەلـى ئىبنـى ئەبـۇ تالىـب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن ئەينـى ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلىپ قەيت قىلغان[1].

**مۇستەھەب بولغان غۇسلى**

غۇسلى قىلىش مۇستەھەب بولغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

مەســجىدى ھەرەمــگە كىــرىش ئۈچــۈن غۇســلى قىلىــش. «پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مەككــگە كىرىــشتىن بــۇرۇن «زىــي تــۇۋا» دېــگەن جايــدا غۇســلى قىلغــان، ئانــدىن مەككــگە كىرگەن»[2].

مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەر مەسجىدىگە كىرىش ئۈچۈن غۇسلى قىلىش.

ئىمكانىيەت بولسا، مۇزدەلىفەدىمۇ غۇسلى قىلىش.

مېيىتنــى يۇغانــدىن كېــيىن غۇســلى قىلىــش. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام: « كىمكــى مېيىتنــى يۇغــان بولــسا، غۇســلى قىلــسۇن، كىمكــى ئــۇنى كۆتــۈرگەن بولــسا تاھــارەت ئېلىۋالسۇن» دېگەن[3].

مېيىتنـى يۇغـان كىـشىنىڭ غۇسـلى قىلىـشنى ئىمـام شـەۋكانىي «نەيلـۇل ئەۋتـار»نـاملىق ئەسىرىدە مۇستەھەب دەپ قارىغان.

5. قــان ئالدۇرغانــدىن كېــيىن غۇســلى قىلىــش. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېـگەن: «تـۆت ئىـشقا غۇسـلى قىلىنىـدۇ: جـۈمەگە بېـرىش ئۈچـۈن، جىنـابەتتىن پـاكلىنىش ئۈچۈن، قان ئالدۇرغاندىن كېيىن، مېيىتنى يۇغاندىن كېيىن»[4].

بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسنى ئـاجىز دەپ باھالىغـان. ئەممـا ئىبنـى خـۇزەيمە سـەھىھ دېـگەن. ئەلـى كەررەمەللاھـۇ ۋەجھەھـۇ مۇنـداق دېـگەن: « قـان ئالدۇرغانـدىن كېـيىن غۇسـلى قىلىـش

(1) نـور الإيـضاح ونجـاة الأرواح 7 ـ بـەت، فـتح القـدير 1 ـ تـوم 44ـبـەت، الـدر المختـار 1 ـ تـوم 156 ــ 157 ـ بەتلـەر، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 23 ـ بەت.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) تىرمىزى رىۋايىتى.

(4) ئىمام ئەھمەد ۋە دارىقۇتنى رىۋايىتى.

سىڭنەتتۇر. كىچىك تاھارەت ئېلىۋەتسىمۇ بولىدۇ»[1].

6. قەدىر كېچىسىنى ئۇچراتقاندا غۇسلى قىلىش.

7. ھۇشىدىن كېتىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن غۇسلى قىلىش.«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى كېسەللىدە نامازغا چىقماقچى بولغىنىدا، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ھۇشىدىن كېتىپ، ھەر قېتىم ئەسلىگە كەلگىنىدە يۇيۇنۇپ جەمى ئۈچ قېتىم يۇيۇنغان»[2].

8. ساراڭلىقتىن ئوڭشالغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىش.

9. مەسلىكتىن يېشىلگەندىن كېيىن غۇسلى قىلىش.

10. سەبى قىز ـ ئوغۇللار ئادەت ياكى ئېھتىلام كۆرمەستىن 15 ياشقا كىرسە، ئۇلارنى بالاغەتكە يەتتى دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ غۇسلى قىلىشى مۇستەھەبتۇر.

11. كاپىر كىشى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىشى. قەيس ئىبنى قاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: « مەن مۇسۇلمان بولغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى سۇ ۋە سىدىر بىلەن غۇسلى قىلىشقا بۇيرىغان»[3].

12. سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغاندا، قاتتىق بوران چىققاندا، بارائەت كېچىسىدە، كۆڭ ۋە ئاي تۇتۇلۇش نامىزى ۋە ئىستىسقا (سۇ تىلەش)نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن، مۇستەھازىنىڭ(ئۆزلۈكىدىن ئايالنىڭ) قېنى توختىغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىش مۇستەھەب، دەپ قارالغان. يۇقىرىقى ھاللاردا غۇسلى قىلىش مۇستەھەب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بەزىلىرىدە ھەدىس بولسا، بەزىلىرىدە ھەدىستە سابىت بولغان ئەھكاملارغا قىياس قىلىنغان[4].

**غۇسلىنىڭ پەرزلىرى**

غۇسلىنىڭ پەرزى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ ئېغىزغا سۇ ئېلىپ تولۇق چايقاش.

2 ـ بۇرنىغا سۇ ئېلىپ تازىلاش.

---

(1) ئىمام شەۋكانىينىڭ «نەيلۇل ئەۋتار» ناملىق ئەسىرىدىن.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئەھمەد ۋە تىرمىزىلار رىۋايىتى.

(4) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 7 ـ بەت.

3 ـ پۈتۈن بەدەننى پاكىز يۇيۇش[1].

**غۇسلىنىڭ سۈننەتلىرى**

غۇسلىنىڭ سۈننەتلىرى يەتتە بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ غۇسلى قىلىشنى نىيەت قىلىش.

2 ـ بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم دېيىش.

3 ـ ئىككى قولنى بېغىشىغىچە يۇيۇش.

4 ـ بەدەندە سېيىرىم ياكى باشقا نىجاسەت بولسا ئۇنى يۇيۇپ تازىلاش.

5 ـ جىنسىي ئەزانى يۇيۇش.

6 ـ نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىش.

7 ـ پۈتۈن بەدەننى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم يۇيۇش.

غۇسلى قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى بىلەن مەكرۇھلىرى تاھارەت ئېلىشنىڭ ئەدەبلىرى بىلەن مەكرۇھلىرىنىڭ ئەينىسى بولۇپ، پەقەت غۇسلىدا قىبلىگە قاراش تەرغىب قىلىنمايدۇ، چۈنكى يۇيۇنغان كىشى ئادەتتە يالىڭاچ بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە قىبلىگە ئالدىنى قىلىش ياخشى ئەمەس[2].

**غۇسلى قىلىشنىڭ قائىدىسى**

غۇسلى قىلىش تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئورۇندىلىدۇ.

1 ـ ئاۋۋال غۇسلى قىلىشنى نىيەت قىلىپ، «بىسمىللاھ» نى تولۇق ئوقۇيمىز.

2 ـ ئىككى قولىمىزنى پاكىز يۇغاندىن كېيىن جىنسىي ئەزانى يۇيىمىز، ئاندىن بەدەندە سېيىرىم ياكى باشقا نىجاسەتلەر بولسا، ئۇنى تازىلايمىز.

3 ـ يۇقىرىقىلارنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىمىز. ئەگەر يۇيۇنغان يەر سۇ توپلىشقان يەر بولسا، ئىككى پۇتىمىزنى يۇمايمىز.

4 ـ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال بېشىمىزغا ئاندىن ئوڭ ۋە سول مۈرىلىرىمىزگە ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىم سۇ قويۇپ، ھەر قېتىم سۇ قۇيغاندا بەدەننىڭ پۈتۈن

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 7 ـبەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 7 ـ بەت.

ئەزالىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇيىمىز. بەدەندە يىڭنىنىڭ ئۇچى چاغلىق قۇرۇق يەر قالماسلىقى شەرت. بۇنىڭ بىلەن غۇسلىنى تاماملىغان بولىمىز.

ئاقىدىغان سۇ ياكى چوڭ كۆلگە شۇڭغۇش غۇسلىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

مۇلاھىزە: غۇسلى قىلغاندا، ئەرلەرنىڭ چاچلىرىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە سۇنى يەتكۈزۈشى شەرتتۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى يېشىشى شەرت ئەمەس. پەقەت چاچنىڭ ئاستىغا سۇ يەتكۈزۈشى يېتەرلىكتۇر. ئۆرۈلگەن چاچنى ھۆل قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

غۇسلىنى مۇشۇ تەرتىپتە قىلغان ئادەم غۇسلىنىڭ پەرز، سۈننەت ۋە ئەدەبلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ.

## غۇسلىنىڭ ھېكمىتى

غۇسلىنىڭ ھېكمەتلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. تىببىي ئىلمى سايىسىدا ئىسپاتلانغان ھېكمەتلەردىن بىرى شۇكى، غۇسلى قىلىشنى لازىم قىلىدىغان ئىشلاردىن كېيىن، بىغىشلارنىڭ بوشاشقانلىقى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ھارغىنلىق ۋە ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىپ ئورگانلارنى جانلاندۇرۇشتا غۇسلىنىڭ پايدىسى كۆپتۇر. غۇسلى ئومۇمىي بىر تېنىكلىكنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق بەدەننى ۋە روھنى راھەتلەندۈرىدۇ. ئىنسان بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ۋەزىپىسىنى تولۇق ۋە كامىل ئادا قىلىش ئىقتىدارىغا ئېرىشىدۇ. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىنى راھەتلىك ھېس قىلغان كىشىنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئاشىدۇ. پائالىيەتچان كىشى ئەلۋەتتە، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى كامىل، دۇنيالىق ئىشلىرىنى تولۇق ئورۇنلايدۇ. شۇڭا ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ئىبادەتلەر ئۆتۈۋالا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ۋاقىتلاردا، غۇسلىنى كېرەك قىلغان ئىشلاردىن كېيىن غۇسلى قىلىشنى پەرز قىلدى.

## غۇسلىنىڭ پايدىلىرى

غۇسلى قىلىش — بەدەننىڭ كىرلىرىنى يوقىتىپ، ئىنساننى پاكىز قىلغاننىڭ سىرتىدا، بەدەننىڭ ۋە مېڭىنىڭ ھالسىزلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. تېرىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. قان ئايلانمىسىنى ئوڭشايلاشتۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ. ئۇيقۇنى ياخشىلايدۇ. مۇندىن باشقا، بەدەن سۇ بىلەن يۇيۇلغاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ پائالىيەتچانلىقى بىردىن ئاشىدۇ.

ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ۋە ئايلىق ئادەت كۆرۈش ھاللىرىدىن كېيىنكى يۇيۇنۇشى،

ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ھالىرى ئىچىدە يوقىتىپ قويغان جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، پائالىيەتچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى يېقىمسىز ھىدلاردىن پاكلاپ چىقىدۇ.

**غۇسلىنىڭ تىببىي جەھەتتىكى پايدىسى**

تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشى بويىچە:

مىكروب ۋە باكتېرىيەلەر كۆپىنچە ئىنساننىڭ تېرىسىدە ئورۇنلىشىش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا، بەدەننىڭ ئىچ قىسمىغا ئۆتىدۇ. شۈبھىسىزكى، بەدەننى يۇيۇش ئارقىلىق تېرىنى تازىلاپ تۇرۇش مىكروبلار ۋە باكتېرىيەلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قالقاندۇر. چۈنكى تېرە كىرلاردىن قۇتۇلماي تۇرۇپ مىكروبلارنى بەدەننىڭ ئىچىگە كىرىشتىن توسالمايدۇ. تېرە يەنە مۇندىن باشقا بەدەن ئۈچۈن مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىدىكى مىليونلارچە بەزلەردىن تەرلەرنى سىرتقا چىقىرىشىدۇر. تەرلەر مايلىق ۋە تۇزلۇق ماددىلارنى ئۆزئىچىگە ئالغانلىقتىن، بەدەننى ھەمىشە يۇيۇپ پاكىزلاپ تۇرمىغاندا، تەردىن چىققان مايلىق تۇزلار بىلەن تېرە كىرلەنگەندىن كېيىن، تېرىدىكى تەر چىقىدىغان تۆشۈكچىلەر ئېتىلىپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. كېسەللىك شۇندىن باشلىنىدۇ. چۈنكى يېمەك ـ ئىچمەكلەر ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن مىكروبلارنى پەقەت تەر بىلەنلا سىرتقا چىقارغىلى بولىدۇ. ئەگەر بەدەندىكى تۆشۈكچىلەر ئېتىلىپ قالسا، بەدەندىكى مىكروبلار سىرتقا چىقالمىغانلىقتىن ئادەمنى راھەتسىز قىلىدۇ ۋە كېسەللىككە سەۋەب بولىدۇ. زۇكام تەككەن ئادەممۇ شۇ سەۋەبتىن تەرلىنىشكە موھتاج بولىدۇ. مۇندىن باشقا، تېرىنىڭ كىرلىنىشى ئاستا ـ ئاستا زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن ئاشقازان راھەتسىزلىكلىرى مەيدانغا كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، تېرە ۋە تىرناقلارنىڭ تازىلىقى تەن ساقلىقى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىمدۇر.

## تەيەممۇمنىڭ بايانى

تەيەممۇم — سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا ياكى غۇسلى قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا، قوللارنى پاكىز تۇپراققا ئۇرۇپ مەلۇم ئەزالارنى سىلاش ئارقىلىق پاكلىق ھۆكمىگە كىرىش دېمەكتۇر.

**تەيەممۇمنى كېرەك قىلىدىغان سەۋەبلەر**

تۆۋەندىكى ھاللاردا تاھارەت ياكى غۇسلى قىلىشنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىنىدۇ:

1 ـ تاھارەت ياكى غۇسلى ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ تېپىلمىسا؛

2 ـ سۇ تېپىلغاندىمۇ:

1 ـ سۇ بار جايدا ھالاكەت بولسا؛

2 ـ سۇ ئەڭ ئاز دېگەندە بىر مىل(1848مېتىر) يىراقلىقتا بولسا؛

3 ـ سۇ قوللىنىش بىلەن كېسەل بولۇش ياكى كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىشى ياكى ساقىيىشىنىڭ كېچىكىشىدىن قورقۇلسا؛

4 ـ مەۋجۇد سۇ تاھارەت ياكى غۇسلى ئۈچۈن قوللىنىلسا ئۆزىنىڭ ياكى ھايۋانلىرىنىڭ سۇسىز قېلىشىدىن قورقۇلسا؛

5 ـ تاھارەت ئالاي دېسە، جىنازا ۋە ھېيت نامازلىرىغا ئۈلگۈرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىسە؛ (چۈنكى بۇ نامازلارغا ئۈلگۈرەلمىسە قايتا ئوقۇيالمايدۇ. ئەمما جۈمە نامىزىغا تەيەممۇم قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى جۈمە نامىزىنى قايتا ئوقۇشقا ئىمكانىيەت تېپىلىدۇ. شۇنىڭدەك، مېيىتنىڭ ئېگىلىرى ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىش جائىز بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ جىنازا نامىزىنى كېچىكتۈرۈش ھوقۇقى بار).

يۇقىرىقى ھاللارنىڭ قايسىبىرىگە دۇچ كەلگەندە، تەيەممۇم قىلىش تاھارەت بىلەن غۇسلىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. تەيەممۇم بىلەن تاھارەتسىز قىلىشقا بولمايدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا بولىدۇ[1].

**تەيەممۇمنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى**

يۇقىرىقى ھاللارنىڭ بىرىدە تاھارەت ۋە يا غۇسلىنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَاالَّذِيْنَ آمَنُواْ لاَتَقْرَبُوا الصَّلاَةَ وَأَنْتُمْ سُكَرَىَ حَتَّى تَعْلَمُوا مَاتَقُوْلُوْنَ وَلاَجُنُباً إِلاَّ عَابِرِى سَبِيْلٍ حَتَّى تَغْسِلُوا وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَىَ سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الغَائِطِ أَوْ لاَمَسْتُمْ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءاً فَتَيَمَّمُوا صَعِيْداً طَيِّباً فَامْسَحُوا بِوُجُوْهِكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِنَّ اللهَ كَانَ عَفُواً غَفُوْراً**﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگەنگە قەدەر، جۇنۇپ بولساڭلار ـ يول ئۈستىدە بولغانلار(بۇنىڭدىن) مۇستەسنا ـ غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار. ئەگەر كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار(مۇشۇنداق ئەھۋال ئۈستىدە) سۇ

(1) بدائع الصنائع 1 ـ توم 46 ـ 49 ـ بەتلەر، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 23 ـ بەت.

تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»[1].

## تەيەممۇم قىلىشنىڭ شەرتلىرى

تەيەممۇ قىلىشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلىش. تەيەممۇم قىلىشنى نىيەت قىلماستىن، تۇپراققا ئۇرۇلغان ئالقانلار بىلەن قول ۋە يۈزلەرنى سىلىغانلىق تەيەممۇمغا ياتمايدۇ.

تەيەممۇم ئارقىلىق پاكلىق ھۆكمىگە كىرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتلىرى: مۇسۇلمان بولۇش، بالىغ، ئاقىل بولۇش ۋە نىيەت قىلغان نەرسىسىنى بىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

تەيەممۇم قىلىشنى نىيەت قىلىشتا، تەيەممۇم ئارقىلىق پاكلىق ھۆكمىگە كىرىشنى ياكى ناماز ئوقۇشقا سالاھىيەتلىك بولۇشنى ياكى قىلماقچى بولغان ئىبادەتنىڭ نىيىتىنى كۆڭۈلگە پۈتۈش يېتەرلىكتۇر.

مەلۇم بىر ئىبادەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان ئادەم بۇ تەيەممۇم بىلەن ئۆزى نىيەت قىلغان شۇ ئىبادەتنىلا قىلالايدۇ. مەسىلەن: نامازنى نىيەت قىلىپ تەيەممۇم قىلغان ئادەم بۇ تەيەممۇم بىلەن ھەر قانداق نامازنى ئوقۇيالايدۇ. بىراق قۇرئان ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ تەيەممۇم قىلغان ئادەم ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇيالمايدۇ. شۇنىڭدەك، قۇرئاننى تۇتۇش ياكى ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ تەيەممۇم قىلغان جۇنۇپ بۇ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇيالمايدۇ ۋە ئۆزى نىيەت قىلغىنىدىن باشقا ئىبادەتلەرنى قىلالمايدۇ.

ئەمما پاكلىق ھۆكمىگە كىرىشتىن ئىبارەت مۇتلەق نىيەت بىلەن تەيەممۇم قىلغان ئادەم خالىغان ئىبادەتلەرنى قىلالايدۇ.

نىيەتنىڭ ۋاقتى تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن قوللارنى تۇپراققا ئۇرغان ۋاقىتتۇر.

2 ـ تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن ھەقىقىي ئۆزرىنىڭ تېپىلىشى.

3 ـ تەيەممۇمنى تۇپراق جىنسىدىن بولغان پاكىز ماددىلار بىلەن قىلىش.

4 ـ تەيەممۇم قىلغاندا قول بىلەن يۈزنى تولۇق سىلاش.

5 ـ تەيەممۇ قىلغاندا سىلايدىغان ئورگانلارنى بارماقلارنىڭ ھەممىسى ياكى ئاز

---

(1) نىسا سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

دېگەندە ئۈچ بارماق بىلەن سىلاش.

6 ـ ئالقان بىلەن يەرگە ئىككى قېتىم ئۇرۇش.

7 ـ ھەيىزدار ياكى نىفاسدار بولماسلىق. چۈنكى بۇ ھالەتتىكى ئاياللاردىن ئىبادەتلەر ساقىتتۇر.

8 ـ قوللار بىلەن يۈزنىڭ تېرىسىدە، ماي، شام ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئۇنىڭغا تۇپراقنى تەككۈزۈشكە توسقۇن بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ بولماسلىقى[1].

## تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى

تەيەممۇمنىڭ پەرزى ئىككى بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ تۇپراققا ئۇرۇلغان قوللار بىلەن يۈزنى سىلاش.

2 ـ تۇپراققا ئۇرۇلغان قوللار بىلەن ئىككى قولنى جەينەكلىرىگىچە سىلاش[2].

تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى

تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى يەتتە بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ «بىسمىللاھ»نى تولۇق ئوقۇش.

2 ـ قوللارنىڭ بارماقلىرىنى ئېچىپ، يېيىش.

3 ـ ئىككى ئالقاننى تۇپراققا ئۇرۇش.

4 ـ تۇپراققا ئۇرۇلغان قوللارنى ئالدى ۋە كەينىگە ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق تۇپراققا سۈرتۈش.

5 ـ تۇپراققا ئۇرۇلغان قوللارنى يۈزگە ئاپىرىشتىن ئاۋۋال قوللارنى قېقىش ياكى سىلكىش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ ئەسىرىنى يوقىتىش. بۇ يۈزنى كىرلەتمەسلىك ئۈچۈندۇر.

6 ـ تەيەممۇم تاماملانغانغا قەدەر، باشقا مەشغۇلاتلار بىلەن تەيەممۇمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەسلىك.

7 ـ تەرتىپكە رىئايە قىلىش[3].

---

(1) بدائع الصنائع 1 ـ توم 52 ـ بەت، الدر المختار 1 ـ توم 313 ـ 328 ـ بەتلەر، مراقي الفلاح 19 ـ بەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 8 ـ بەت.

(3) الدر المختار 1 ـ توم 213 ـ بەت، مراقي الفلاح 20 ـ بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 9 ـ بەت.

## تەيەممۇمنىڭ قائىدىسى

1 ـ تەيەممۇم ئۈچۈن نىيەت قىلىمىز.

2 ـ «بىسمىللاھ»نى تولۇق ئوقۇيمىز.

3 ـ ئالقانلىرىمىزنى پاكىز تۇپراق ياكى تۇپراق جىنسىدىن بولغان پاكىز نەرسىلەرگە سۇرتىمىز. بۇ سۇرتۇشتە، ئالقانلارنى ئاۋۋال ئالدىغا، ئاندىن كەينىگە ماڭدۇرىمىز. ئاندىن ئالقانلارنى سىلكىيمىز. ئاندىن ئالقانلار بىلەن يۈزىمىزنىڭ ھەممە يېرىنى سىلايمىز.

4 ـ ئالقانلىرىمىزنى يەنە تۇپراققا ئۇرۇپ، يۇقىرىقىدەك سۇرتكەندىن كېيىن قوللىرىمىزنى بارماقلىرىمىزنىڭ ئۇچلىرىدىن باشلاپ، جەينەكلىرىمىزگە قەدەر سىلايمىز. قوللاردا ياكى يۈزدە سىلانمىغان ئازراقمۇ جاي قالماسلىقى شەرتتۇر. بۇنىڭ بىلەن تەيەممۇمنى تاماملىغان بولىمىز.

## تەيەممۇم قىلىشقا بولىدىغان ماددىلار

تەيەممۇمنى تۇپراق بىلەن قىلغانغا ئوخشاش زېمىن جىنسىدىن بولغان تاش، قۇمغا ئوخشاش پاكىز ماددىلار بىلەن قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئوتۇن، كۆمۈر، ھاك ۋە كۆيدۈرۈش بىلەن كۈلگە ئايلىنىدىغان ياكى ئېرىيدىغان ماددىلار بىلەن تەيەممۇم قىلىش جائىز ئەمەس.

تاھارەت ۋە غۇسلى بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تەيەممۇم بىلەنمۇ قىلىشقا بولىدۇ. بىراق تەيەممۇم بىلەن تاھارەت ئىككىسى بىر ۋاقىتتا توپلانمايدۇ. شۇڭلاشقا بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى ياكى يېرىمى يارىلانغان كىشى تاھارەتنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ. ئەگەر بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى ساق بولسا، يارىنىڭ ئۈستىگىلا مەسھى قىلىدۇ ۋە تاھارەت ئالىدۇ[1].

## تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار

تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ تاھارەتنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئامىللار.

2 ـ سۇنىڭ تېپىلىشى.

3 ـ سۇنى قوللىنىشقا توسالغۇ بولغان ئۆزرىنىڭ يوقىلىشى.

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 8 ـ بەت.

يۇقىرىقى ھاللارنىڭ قايسىبىرىدە تەيەممۇم بۇزۇلىدۇ[1].

## تەيەممۇمنىڭ ھېكمىتى

ئىبادەتكە لايىق بولۇش ئۈچۈن سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلى قىلىش ئارقىلىق پاكلىنىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان شارائىتلاردا تەيەممۇم قىلىش ئارقىلىق پاكلىق ھۆكمىگە كىرىشنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى، ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇلمىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارنى قىيىنچىلىقلاردىن ئازات قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى داۋام قىلدۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ، يۇقىرىقى شارائىتلار ئاستىدا، باشقا نەرسىلەر بىلەن تەيەممۇم قىلىشقا بۇيرۇماستىن، بەلكى تۇپراق ۋە تۇپراق جىنسىدىكى نەرسىلەر بىلەن تەيەممۇم قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرگە ئوڭايلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئېلىغار بىر دىن ئىكەنلىكىنى قايتا ئىسپاتلىماقتا. چۈنكى تۇپراق ھەرقانداق جايدا كەڭ تېپىلىدىغان بىر ماددا.

## نامازنىڭ ئۈچىنچى شەرتى: ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى

## بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى

ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان بەش ۋاخ ناماز، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ بەلگىلىك بەش ۋاقتىغا بەلگىلەنگەن. بۇ ۋاقىتلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى

بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى: ئىككىنچى تاڭنىڭ ئاقىرىشى بىلەن باشلىنىپ، قۇياش تۇغقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. بىرىنچى تاڭ ئاقارغان ۋاقىتىدا بامدات نامىزىنى ئوقۇش جائىز ئەمەستۇر. بىرىنچى تاڭدىكى ئاقلىق بىرئازدىن كېيىن يوقىلىدۇ. ئۇ، كېچىنىڭ ئاخىرىدا، ئاسماندا ئۇزۇنىسىغا كۆرۈنگەن ئاقلىق بولۇپ، ئۇ سۇبھى كازىب (يالغان تاڭ) دېيىلىدۇ. ئىككىنچى تاڭ بولسا، ئاسماندا توغرىسىغا كۆرۈنگەن ئاقلىق بولۇپ، ئۇ سۇبھى سادىق (ھەقىقىي تاڭ) دېيىلىدۇ. بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى سۇبھى سادىقتىن باشلىنىپ، قۇياش تۇغۇشى ئالدىدا ئاخىرلىشىدۇ. قۇياش چىقىشتىن بۇرۇن بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدىن بىر رەكئەت ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلىگەن كىشى نامىزىنى داۋام قىلىدۇ ۋە بامدات نامىزنى ۋاقتىدا ئادا قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، قۇياش پېتىشتىن بۇرۇن ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن بىر رەكئەت ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلىگەن كىشى ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا

(1) الدر المختار 1 ـ توم 334 ـ 336 ـ بەتلەر.

ئادا قىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال بامدات نامىزىدىن بىر رەكئەت ئوقۇشقا ئۈلگۈرسە، بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇغان بولىدۇ. كىمكى كۈن پېتىشتىن ئاۋۋال ئەسىر نامىزىدىن بىر رەكئەت ئوقۇشقا ئۈلگۈرسە، ئۇ ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇغان بولىدۇ»[1].

2 ـ پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى

پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى: قۇياش كۈن پېتىش تەرەپكە ئېگىلگەندىن باشلاپ، ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ بىر ياكى ئىككى ھەسسىسىگە قەدەر ئۇزارغان ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ. (ئالدىنقىسى ئىمام ئەزەمگە كۆرە، ئىككىنچىسى ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەدلەرگە كۆرەدۇر).

3 ـ ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى

ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى: پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىققاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

4 ـ شام نامىزىنىڭ ۋاقتى

شام نامىزىنىڭ ۋاقتى: قۇياش پاتقاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقان يەردىكى قىزىللىق (ياكى ئاقلىق) يوقالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. (ئالدىنقىسى ئىمام ئەزەمگە كۆرە، ئىككىنچىسى ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەدلەرگە كۆرەدۇر. ئالدىنقىسىغا ئەمەل قىلىنىدۇ).

5 ـ خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى

خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى: شام نامىزىنىڭ ۋاقتى چىققاندىن باشلىنىپ، ئىككىنچى تاڭ ئاقارغانغا (بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىغا) قەدەر داۋام قىلىدۇ.

ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتى

خۇپتەندىن كېيىن باشلىنىپ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىغىچە داۋام قىلىدۇ.

**ئەڭ پەزىلەتلىك ۋاقىتلار**

1 ـ ئەرلەر ئۈچۈن بامدات نامىزىنى، تاڭ يورۇغان ۋاقىتتا ئوقۇش مۇستەھەپ(يەنى تەكىتسىز سۈننەت)تۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « بامدات نامىزىنى بىر ئاز كېچىكتۈرۈپ

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئوقۇغلار، ساۋابى كۆپ بولىدۇ»دەپ كۆرسەتكەن[1].

ئەمما ئاياللار ئۈچۈن، بامدات نامىزىنى قاراڭغۇلۇقتا (نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ تاڭ ئاقىرىشتىن ئىلگىرى) ئوقۇش مۇستەھەپ بولغىنىدەك، باشقا نامازلارنى ئەرلەر مەسجىدتىن تارقىغان ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. « تحفة الفقهاء » ناملىق ئەسەر 34 ـ بەت].

2 ـ ئىسسىق بەلۋاغقا جايلاشقان مەملىكەتلەرنىڭ ياز كۈنلىرىدە، پېشىن نامىزىنى سايىدا يۈرۈشكە بولىدىغان سۈرۈنلۈك چۈشكىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« پېشىننى يازدا ھاۋا سالقىنلىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن قاتتىق ئىسسىق جەھەننەمنىڭ ئۇتىدۇر»دەپ كۆرسەتكەن[2].

ئەمما قىش، كۈز ۋە باھار پەسىللىرىدە پېشىن نامىزىنى كېچىكتۈرمەستىن ئاۋۋالقى ۋاقىتلىرىدا ئوقۇش مۇستەھەپتۇر. پەقەت ھاۋا بۇلۇتلۇق كۈنلەردىلا، ئاۋۋالقى ۋاقىتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەبتۇر[3].

3 ـ نەپلە نامازلارنى ئوقۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن، ئەسىر نامىزىنى قىش، ياز، كۈز ۋە باھار ھەممە پەسىلدە ھاۋا ئوچۇق بولغان كۈنلەردە قۇياش سارغىيىپ، ئۇنىڭ كۆزنى چېرماشتۇرىدىغان شولىسى تېخى يوقىلىپ بولمىغان ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەپتۇر[4].

چۈنكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شامغىچە باشقا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدا نەپلى نامازلارنى ئوقۇۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئەسىر نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەپ دېيىلگەن.

4 ـ شام نامىزىنى ھەر قانداق پەسىلدە مۇتلەق كېچىكتۈرمەستىن، ئەزان ئوقۇلغاندىن كېيىنلا ئوقۇش مۇستەھەپتۇر[5].

5 ـ خۇپتەن نامىزىنى ئاسمان بۇلۇتسىز كۈنلەردە، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى، «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 14 ـ بەت.

(4) « اللباب شرح الكتاب» ناملىق ئەسەر 35 ـ بەت.

(5) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 14 ـ بەت.

ئــاۋۋالقى ۋاقتلىرىغــا قەدەر كېچىكتــۈرۈش مۇســتەھەپتۇر. ئەممــا بۇلۇتلــۇق كــۈنلەردە، ئەزاندىن كېيىنلا ئوقـۇش مۇستەھەپتۇر. كـېچە نامـازلىرىنى ئوقۇشـقا ئـادەتلەنگەن كـىشىنىڭ ئويغىنالــشقا ئىشەنچــسى بولــسا، ۋىتــر نــامىزىنى كېچىنىــڭ ئاخىرىغـــا قەدەر كېچىكتۈرۈشى مۇستەھەپتۇر[1].

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام :« كــېچە ئويغىنالــشقا ئىــشەنچ قىلالمىغــان كــىشى ۋىتــر نــامىزىنى ئــاۋۋالقى ۋاقتىــدا ئوقۇســۇن. ئەگەر كېچىــدە تۇرالــشقا ئىــشەنچ قىلالــسا، ئــۇنى ئــاخىرقى ۋاقتىــدا (يەنــى بامــداتنىڭ ۋاقتــى كىرىــشتىن ئــاۋۋال) ئوقۇســۇن، بۇنــداق قىلىــش ئەۋزەلــدۇر. چــۈنكى كېچىنىــڭ ئــاخىرقى ۋاقتىــدىكى نامــاز پەرىــشتىلەر ھــازىر بولىــدىغان نامازدۇر. شۇڭا بۇ ئەۋزەلدۇر»[2].

## ناماز ۋاقىتلىرىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

ئاللاھ مۇنداق دەيـدۇ: ﴿**إِنَّ الصَّلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمــؤُمِنِيْنَ كِتَابــاً مَوْقُوْتــاً**﴾ تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلـەنگەن پەرز قىلىندى»[3].

ئــاللاھ تائــالا بــۇ ئــايەت ئــارقىلىق، كۈنــدىلىك بەش ۋاخ نامازنىــڭ مۇســۇلمانلار ئۈچــۈن كۈنىنــڭ مەلــۇم ۋاقتلىرىغــا بەلگىلەنــگەن پەرز ئىكەنلىكىنــى ئــېلان قىلىــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ســۆزى ۋە ئەمەلىيىتــى ئــارقىلىق بــۇ ۋاقىتلارنــى مۇســۇلمانلارغا ئېنىــق بايــان قىلىپ بەرگەن.

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَسُبْحَانَ اللهِ حِيْنَ تُمْسُوْنَ وَحِيْنَ تُصْبِحَوْنَ. وَلَــهُ الْحَمْــدُ فِي السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَعَشِياً وَحِيْنَ تُظْهِــرُوْنَ**﴾ تەرجىمىسى: « سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەنـدە ئــاللاھ تائالاغــا تەســبىھ ئېيتىــڭلار. ئاســمانلاردىكى ۋە زېمىنــدىكى ھەمــدۇ ســانا، كەچ ۋە پېشىن ۋاقتلىرىدىكى ھەمدۇ سانانىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر»[4].

ئىمام بەغەۋىي مۇنـداق دېگەن: « بـۇ ئـايەت، نامـاز ۋاقتلىرىنـى بەلگىلىـگەن ئەڭ ئېنىـق ئايەتتۇر. ئاللاھ تائالانـىڭ بـۇ ئـايەتتىكى ﴿ئـاللاھ تائالاغـا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾ دېگىنـى ئـاللاھ ئۈچـۈن نامـاز ئوقـۇڭلار دېگەنلىكـدۇر. ﴿ئاخـشامدا﴾ دېگىنـى، شـام ۋە خـۇپتەن نامـازلىرىنى ئوقـۇڭلار، ﴿ئەتىگەنـدە﴾ دېگىنـى، بامـدات نـامىزىنى ئوقۇڭـــلار، ﴿كەچ﴾ دېگىنـى كەچـتە

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 14 ـ بەت.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) نىسا سۈرىسى 103 ـ ئايەت.

(4) رۇم سۈرىسى 16 ـ 17 ـ ئايەت.

ئەسىر نامىزىنى ئوقۇشلار ۋە «پېشىن ۋاقتىدا» دېگىنى، پېشىن نامىزىنى ئوقۇشلار دېگەنلىكىدۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ۋاقىتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **إِذَا صَلَّيْتُمُ الْفَجْرَ فَإِنَّهُ وَقْتٌ إِلَى أَنْ يَطْلُعَ قَرْنُ الشَّمْسِ الأَوَّلُ. ثُمَّ إِذَا صَلَيْتُمُ الظُّهْرَ فَإِنَّهُ وَقْتٌ إِلَى أَنْ يَحْضُرَ الْعَصْرُ. فَإِذَا صَلَّيْتُمُ الْعَصْرَ فَإِنَّهُ وَقْتٌ إِلَى أَنْ تَصْفَرَّ الشَّمْسُ. فَإِذَا صَلَّيْتُمُ الْمَغْرِبَ فَإِنَّهُ وَقْتٌ إِلَى أَنْ يَسْقُطَ الشَّفَقُ. فَإِذَا صَلَّيْتُمُ الْعِشَاءَ فَإِنَّهُ وَقْتٌ إِلَى نِصْفِ اللَّيْلِ** تەرجىمىسى: « بامدات نامىزىنى ئوقۇماقچى بولساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئۇنىڭ ۋاقتى(ئىككىنچى تاڭدىن) قۇياش چىققان ۋاقىتقىچە، ئاندىن پېشىن نامىزىنى ئوقۇماقچى بولساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئۇنىڭ ۋاقتى(قۇياش كۆلەڭگىسى ئۆز بويىدىن ئېگىز ئۆتكەندىن) ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتىغىچە، ئەسىر نامىزىنى ئوقۇماقچى بولساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئۇنىڭ ۋاقتى (پېشىننىڭ ۋاقتى چىققاندىن باشلاپ) كۈن سارغايغان ۋاقىتقىچە، شام نامىزىنى ئوقۇماقچى بولساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئۇنىڭ ۋاقتى (كۈن پاتقاندىن باشلاپ) ئاسماندىكى قىزىللىق يوقالغىچىلىك، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇماقچى بولساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئۇنىڭ ۋاقتى (شامنىڭ ۋاقتى چىققاندىن باشلاپ)كېچىنىڭ يېرىمىغىچە داۋام قىلىدۇ»[1].

قۇياش چىقىشتىن ياكى پېتىشتىن بۇرۇن بامدات ياكى ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن بىر رەكەئەتنى ئوقۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلىگەن كىشىنىڭ نامىزىنىڭ ئادا تاپىدىغانلىقى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدىن بىر رەكئەت ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلىسە، بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇغان بولىدۇ. كىمكى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئەسىر نامىزىدىن بىر رەكئەت ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلىسە، ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇغان بولىدۇ»[2].

كۈن چىقىش ياكى پېتىشتىن ئاۋۋال نامازنىڭ بىرىنچى سەجدىسىگە ئۈلگۈرەلىگەن كىشى بىر رەكەئەتكە ئۈلگۈرگەن بولىدۇ. نامازنىڭ بىر رەكئەتىگە ئۈلگۈرگەن ئادەم شۇ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ناماز ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىنىڭ ھېكمىتى

كېچە ۋە كۈندۈز ئۇچۇن پەرز قىلىنغان بەش ۋاخ نامازنىڭ يۇقىرىقى بەش ۋاقىتقا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بەلگىلەنگەنلىكىنىڭ ھېكمەتلىرى:

1 ـ ئـاللاھ بىـلەن بەنـدىنىڭ ئوتتۇرىـسىدىكى خـالىق ۋە مەخلـۇق مۇناسـىۋىتىنىڭ ھەمىـشە داۋام قىلىـپ تۇرۇشى ئۈچـۈن ئىـدى. چـۈنكى نامـاز ئـاللاھ بىـلەن بەنـدىنىڭ ئوتتۇرىـسىدىكى مۇناسـىۋەتنىڭ ۋە يېقىنلىقىنىـڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىـك ئىپادىـسىدۇر. بـۇ نامازلارنىـڭ ھەممىـسىنى بىـرلا ۋاقىتتـا ئـادا قىلىـشقا بۇيرۇلغـان بولـسا ئىـدى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيـالىق ئىـشلىرىغا توسـقۇن بولـۇش ئېھتىمـالى بـولار ئىـدى. چـۈنكى ئىنـسانىنىڭ ئېھتىيـاجلىرى ۋە دۇنيـالىق مەشـغۇلاتلىرى كۆپتـۇر. بۇمـۇ، ئىـسلام دىنىـدا تـارچىلىق ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ يوقلىقىغا بىر دەلىلدۇر.

2 ـ ئىنسانلارنىڭ كېچە ـ كۈنـدۈز ۋاقىتلىرىـدا سـادىر قىلغـان گۇناھلىرىنىـڭ بـۇ بەش ۋاخ ناماز بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ناماز گۇناھلارنى يۇيىدۇ.

3 ـ ئىنسانىنىڭ غەپـلەت ئىچىـدە قېلىـپ ئـاللاھ تائـالانى ئۇنتـۇپ كەتمەسلىكى ئۈچـۈن ئىدى. چۈنكى ناماز ئاللاھ تائالانى ياد قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ.

4 ـ ئىنـسانىنىڭ كۈنـدىلىك ئېھتىيـاجلىرىنى ئـاللاھ تائـالادىن سـوراش ۋە ھايـاتلىق مۇساپىـسىدە بېـشىغا كەلگەنـلەرگە نامـاز بىـلەن سـەبىر ـ تـاقەت ھاسـىل قىلىـش ئۈچـۈن ئىدى.

5 ـ ئىنسانىنىڭ نامازغا تاھارەت ئېلىش ئـارقىلىق پـاكىز بولـشى ۋە ئۇنىـڭ بىـلەن سـاغلام بولىشى ئۈچۈن ئىـدى. چـۈنكى مۇسـۇلمان ئـادەم بەش ۋاخ نامـاز ئۈچـۈن نورمالـدا بەش قېتىم تاھـارەت ئـېلىش ئـارقىلىق بىـر كۈنـدە بەش قېـتىم تازىلىققـا ئەھمىـيەت بەرگەن بولىـدۇ. كېسەللىكلەر كۆپىنچە تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن بولىدۇ.

6 ـ ئىنـسانلار نامـازلىرى سايىـسىدا گۇنـاھ ـ يامـان ئىـشلاردىن سـاقلىنىپ قالالايـدۇ. ھەر كۈنى بەش قېتىم ناماز ئوقـۇش ئـارقىلىق ئـاللاھ تائالاغـا ئەھدىـسىنى يېڭىلاپ تۇرغـان ئـادەم (ئەگەر نامـازلىرىنى قوبـۇل بولـۇش تەرىقىـسىدە، ئىخلاس بىـلەن ئوقۇيـدىغان بولـسا) بـۇ بەش ۋاخ سايىـسىدا ئەلـۋەتتە گۇنـاھلاردىن يىـراق بولـۇش پۇرسـىتىگە ئېرىـشەلەيدۇ. شـۇڭا ئـاللاھ تائالانىـڭ ئىلاھىـي ھېكمىتـى، كېچە ۋە كۈنـدۈز ئۈچـۈن بۇيرۇلغـان نامـازلارنى يـۇقىرىقى بەش ۋاقىتقا بەلگىلىگەن.

## ناماز ۋاقىتلىرى ھەققىدە ئىجتىھاد قىلىش

ھاۋانىـڭ بۇلۇتلـۇق بولـشى يـاكى قـاراڭغۇ ئۆيـدە مەھبـۇس بولـۇپ قېلىش قاتارلىقلارغـا ئوخشاش شـارائىتلاردا باشـقىلار بىـلەن كۆرۈشـۈشنىڭ يـوللىرى كېـسىلگەن، يېنىـدا ۋاقىتنـى

بىلىدىغان بىرەر كىشىنىڭ بولمىغانلىقى، ياكى ۋاقىتنى بەلگىلەيدىغان سائەتنىڭ بولمىغانلىقى ۋە ئەزاننىڭ ئاڭلانماسلىقى سەۋەبىدىن نامازنىڭ ۋاقتىنى بىلەلمىگەن كىشى ئىجتىھاد قىلىدۇ، (يەنى ئۆز قانائەتىگە تايىنىپ ۋاقتىنى بەلگىلەيدۇ). ئەگەر مۇنداق كىشى بىر ئاز سەبىر قىلىپ كۈتۈپ باققاندىمۇ، ناماز ۋاقتىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىز بولسا، ئۇنىڭ ئۆز ئىجتىھادى بىلەن ۋاقىت بەلگىلەپ ناماز ئوقۇشى ۋاجىپتۇر.

ئەگەر كىشى، ۋاقىتنىڭ كىرگەن ياكى كىرمىگەنلىكى توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالسا، ۋاقىتنىڭ كىرگەنلىكىگە ئېنىق قانائەت ھاسىل قىلغىچىلىك نامىزىنى كېچىكتۈرىدۇ. ئېنىق قانائەت ھاسىل بولغاندا نامىزىنى ئوقۇيدۇ. پەقەت بۇنداق شارائىتتا نامازنى كېچىكتۈرۈش مۇستەھەپتۇر. بۇنىڭدىكى سەۋەب ناماز ۋاقتىغا كۈچلۈكرەك قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇ كىشى ناماز ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە نامىزىنى كېچىكتۈرمەسلىكى لازىم[1].

**ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار**

ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار بەش بولۇپ، قانداقلا بىر نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مەنئى قىلىنغان ۋاقىت ئۈچ ۋە نەپلە ناماز ئوقۇشقا مۇناسىپ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مەنئى قىلىنغان ۋاقىت ئىككىدۇر.

1 ـ قانداقلا بىر نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار:

(1) قۇياش چىقىۋاتقاندا، ئۇ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر.

(2)كۈن قىيام بولغان(يەنى قۇياش ئاسماننىڭ چېپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن ۋاقىت)تىن، كۈن پېتىش تەرەپكە ئېگىلگەنگە قەدەر.

(3) قۇياش سارغايغان ۋاقىتتىن، قۇياش پاتقانغا قەدەر.

يۇقىرىقى ئۈچ ۋاقىتتا، مەيلى پەرز بولسۇن، مەيلى ۋاجىپ بولسۇن، مەيلى سۈننەت بولسۇن، مەيلى نەپلە بولسۇن، مەيلى قازا ناماز بولسۇن، مەيلى جىنازا نامىزى بولسۇن قانداقلا بىر نامازنى ئوقۇش مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ ماۋزۇدىكى »مەنئى« نامازنىڭ ئادا تاپماسلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

---

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 1 ـ توم 518 ـ بەت، المغني المحتاج 1 ـ توم 127 ـ بەت.

ئەمما ھازىر قىلىنىپ بولغان جىنازا نامىزىنى ئوقۇش، شۇ كۈنىنىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇش ۋە شۇ ۋاقىتتا ئوقۇلغان سەجدە ئايىتىنىڭ تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش جائىزدۇر. بىراق مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىر قىلىنىپ بولغان جىنازا نامىزىنى كېچىكتۈرۈشتىن مەنئى قىلغان. شۇ كۈنىنىڭ ئەسىر نامىزىنى مەكرۇھ بولغان شۇ ۋاقىتتا بولسىمۇ ئوقۇۋالمىغاندا، ئۇ قازا بولۇپ كېتىدۇ. تىلاۋەت سەجدىسىمۇ سەجدە ئايىتى ئوقۇلغان شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋاجىب بولۇپ، گەردەنگە يۈكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، گەرچە بۇ ۋاقىت ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغان ۋاقىت بولسىمۇ، تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش جائىزدۇر.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى مۇنۇ ئۈچ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشىمىزنى ۋە ئۆلۈكلىرىمىزنى يەرلىشىمىزنى مەنئى قىلغان: قۇياش چىققان ۋاقىتتىن ئۇ تولۇق كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر. كۈن قىيام بولغاندىن كۈن پېتىش تەرەپكە ئېگىلگەنگە قەدەر. قۇياش سارغايغان ۋاقىتتىن، قۇياش پاتقانغا قەدەر»[1].

2 ـ نەپلە ناماز ئوقۇشقا مۇناسىپ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار:

(1) بامدات نامىزىدىن كېيىن، قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر.

(2) ئەسىر نامىزىدىن كېيىن، قۇياش پاتقانغا قەدەر.

بۇ ئىككى ۋاقىتتا قانداقلا بىر نەپلە ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنىدۇ. بىراق ئوقۇسا مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ۋاقىتتا قازا نامازلارنى ئوقۇش، قازا بولغان تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ۋە جىنازا نامىزى ئوقۇش مەكرۇھسىز جائىزدۇر. لېكىن ئەسىر نامىزىدىن كېيىن قازا ناماز ئوقۇشنىڭ شەرتى قۇياش سارغىيىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىشىدۇر. قۇياش سارغايغاندىن كېيىن، — گەرچە شۇ كۈنىنىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولمىغان بولسىمۇ — قازا ياكى نەپلە ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك، قۇياش سارغايغان ياكى پېتىۋاتقان ۋاقىتتا، شۇ كۈنىنىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇش جائىزدۇر. شۇنداقلا، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇيالمىغان كىشى ئۇنى پەرزدىن كېيىن ئوقۇسا بولىدۇ. بىراق ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ، شافىئىي مەزھىبىگە كۆرە مەكرۇھسىز ئادا تاپىدۇ[2].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) تحفة الفقهاء 37ـ بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 14 ـ بەت، الدر المختار 1 ـ توم 343 ـ 349 ـ بەتلەر.

## يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەش ۋاقىتتا ناماز ئوقۇماسلىقنىڭ سەۋەبى

ئاۋۋالقى ئۈچ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتى شۇكى، قۇياشقا چوقۇنىدىغان كاپىرلارغا ئوخشاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى كاپىرلار بۇ ۋاقىتلاردا قۇياشقا چوقۇنىدۇ. ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قۇياش تۇغقاندا، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدا تۇغىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، كاپىرلار قۇياشقا چوقۇنىدۇ. قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن ۋاقىتتا دوزاقنىڭ ئوتى يېقىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ. قۇياش پاتقاندا يەنە شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىغا پاتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كاپىرلار يەنە قۇياشقا چوقۇنىدۇ»[1].

ئەمما بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدىن كېيىن نەپلى ناماز ئوقۇشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتى: ۋاقىتنىڭ بىر سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى بۇ ۋاقىتلارنىڭ ھۆكۈم تەرەپتىن شۇ ۋاقىتنىڭ پەرزلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ۋاقتى بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. چۈنكى شۇ ۋاقىتنىڭ پەرزنى ئادا قىلىش نەپلى نامازلاردىن ئەۋزەلدۇر[2].

### ئەزاننىڭ بايانى

ئەزان-ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىش دېمەكتۇر.

### ئەزان ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

بەش ۋاخ ناماز بىلەن جۈمە نامىزىنى ئەرلەرنىڭ جامائەت بولۇپ ئوقۇشلىرى ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش تەكىتلىك سۈننەتتۇر. ھېيت ۋە جىنازا نامازلىرى ۋە باشقا پەرز بولمىغان نامازلار ئۈچۈن ئەزان ئوقۇشقا ھاجەت يوقتۇر. ئەزان ئوقۇش ئەرلەر ئۈچۈن سۈننەت، ئاياللار ئۈچۈن ھارامدۇر. ، مەيلى ئادا (ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز) بولسۇن، مەيلى قازا (ۋاقتىدا ئوقۇيالماي ۋاقتى چىققاندىن كېيىن ئوقۇلغان ناماز) بولسۇن ، سەپەر ئۈستىدە بولسۇن ياكى ئۆز يۇرتىدا بولسۇن ھەر قانداق شارائىتتا، پەرز نامازلار ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش سۈننەتتۇر.

1. سوئال: ئەزاننىڭ تېكستى قايسى؟

جاۋاب: ئەزاننىڭ تېكستى تۆۋەندىكىلەر:

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) اللباب شرح الكتاب 51 ـ بەت.

**اَللّٰهُ أَكْبَرُ اَللّٰهُ أَكْبَرُ** ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

**اَللّٰهُ أَكْبَرُ اَللّٰهُ أَكْبَرُ** ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

**أَشْهَدُ أَنْ لا إِلهَ إِلاَّ اللّٰهُ** ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ.

**أَشْهَدُ أَنْ لا إِلهَ إِلاَّ اللّٰهُ** ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ.

**أَشْهَدُ أَنَّ مُحمَّداً رَسُولُ اللّٰهِ** ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ.

**أَشْهَدُ أَنَّ مُحمَّداً رَسُولُ اللّٰهِ** ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ.

**حَيَّ عَلىَ الصَّلاَةِ** ھەييە ئەلەسسالاھ.

**حَيَّ عَلىَ الصَّلاَةِ** ھەييە ئەلەسسالاھ.

**حَيَّ عَلىَ الْفَلاَحِ** ھەييە ئەلەلفەلاھ.

**حَيَّ عَلىَ الْفَلاَحِ** ھەييە ئەلەلفەلاھ.

**اَللّٰهُ أَكْبَرُ اَللّٰهُ أَكْبَرُ** ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

**لاَ إِلهَ إِلاَّ اللّٰهُ** لائىلاھە ئىللەللاھ.

يۇقىرىقىلار بامدات نامىزىدىن باشقا پۈتۈن پەرز نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئەزاننىڭ تېكستى. ئەمما بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى ئۈچۈن ﴿ **حَيَّ عَلىَ الْفَلاَحِ** ﴾ يەنى( ناماز ئارقىلىق نىجات تېپىشقا ئالدىراڭلار) دېگەن جۈملىدىن كېيىن ۋە ئاخىرقى ﴿**اَللّٰهُ أَكْبَرُ**﴾ يەنى (ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر) دېگەن جۈملىدىن ئاۋۋال ﴿**اَلصَّلاَةُ خَيْرٌ مِنَ النَّوْمِ، اَلصَّلاَةُ خَيْرٌ مِنَ النَّوْمِ**﴾ يەنى (ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى) دېگەن جۈملىلەر ئوقۇلىدۇ.

**ئەزان ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى**

2. سوئال: ئەزان ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئەزاننىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى.

(2) ئەزاننىڭ ئەرەب تىلىدا ئوقۇلۇشى.

(3) ئەزاننىڭ ئۈنلۈك ئوقۇلىشى.

(4) ئەزان تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسى بىر مۇئەززىن تەرىپىدىن ئوقۇلۇشى.

(5) مۇئەززىننىڭ مۇسۇلمان، ئەر، ئاقىل، بالىغ بولۇشى.

(6) ئەزاندا ئوقۇلىدىغان تېكىستلەرنىڭ تەرتىبلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇش.

3. سوئال: ئەزان ئوقۇلىۋاتقاندا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ مۇئەززىننىڭ ئېيتقانلىرىنى قايتىلىشى يەنى مۇئەززىن ئېيتقان ئەزان تېكىستىنىڭ ھەممىسىنى مۇئەززىن ئوقۇغانغا ئوخشاش شەكىلدە قايتىلاپ ئوقۇشى، پەقەت ﴿ **حَيَّ عَلَى الصَّلاَةِ ، حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ** ﴾ دېگەندە، ﴿ **لاَحَوْلَ وَلاَقُوَّةَ الاَّ بِاللهِ** ﴾ يەنى (ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىز ھېچ ئىش كەلمەيدۇ)، دەپ ئىككى قېتىم قايتىلىشى مۇستەھەپتۇر.

4. سوئال: ئەزاندىن كېيىن قايسى دۇئا ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ﴿**اَللَّهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاةِ الْقائِمَةِ آتِ مُحَمَّداً الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيْلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَاماً مَحْمُوداً الَّذِي وَعَدْتَهُ**﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۇشۇ ئۇلۇغ چاقىرىقنىڭ ۋە ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شاپائەت قىلىش پەزلىنى بەرگىن ۋە ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان ئالىي ماقامغا ئېرىشتۈرگىن»[1]

## ئەزاننىڭ بۇيرۇلغانلىقىنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام دىنىنىڭ پەرز نامازلار ئۈچۈن ئەزان ئوقۇشنى بۇيرۇغانلىقىنىڭ ھېكمەتلىرى كۆپتۇر. ئۇلاردىن:

1 ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تېرىكى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۇنۋانى بولغان، شەھادەت كەلىمىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان بۇ ئەزاننىڭ كۈنلۈك بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى

(1) بۇخارى رىۋايىتى

ئۆچـۈن ئوقۇشـقا بۇيرۇلغانلىقىنىـڭ ھېكمىتـى: بـۇ كەلىمـىلەر ئـارقىلىق كىـشىلەرنى نامازغـا چـاقىرىش مۇناسـىۋىتى بىـلەن ئـاللاھ تائالانىـڭ بىرلىكىنـى، مـۇھەممەد ئەلەيھىسـسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمـبەر ئىكەنلىكىنـى ئـېلان قىلىـشتىن ئىبـارەتتۇر. زادى يەر يۈزىـدە ئىـسلام دىنـى يوقالمايـدىكەن، نامـاز قەتئـى يوقالمايـدۇ. نامـاز يوقالمىغـان ئىـكەن، ئەزان قەتئـى يوقالمايـدۇ. ئەزان يوقالمىغـان ئىـكەن، ئىـسلام دىنىنىـڭ شـۇئارى تـا قىيـامەتكىچە شـۇنداق جاراڭلىق ئېلان قىلىنىپ، غەپلەتتىكىلەرنى ئويغىتىپ، ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدۇ.

2 ـ ئەزان ئېيتىـستىلىرى ئىچىـدە كىـشىلەرنى ﴿ حَـــيَّ عَلَـــىَ الـــصَّلاَةِ ﴾ «ھەيـيە ئەلەسـسالاھ» يەنـى (نامازغـا كـېلىڭلار) دەپ چاقىرىـشتىن بـۇرۇن، ئەزانىنىـڭ بېـشىدىلا ﴿ اَللّٰهُ أَكْبَرُ ﴾ «ئـاللاھۇ ئەكـبەر» يەنـى (ئـاللاھ ھەممىـدىن ئۇلۇغـدۇر)دەپ ئـېلان قىلىنىـدۇ. بۇنىـڭ مەنىـسى: ئـاللاھ ھەممىـدىن ئۇلـۇغ بولغـان ئىـكەن، بـۇ دۇنيانىـڭ باقاسـىز مەنپەئەتلىـرى ۋە تـۈگىمەس مەشـغۇلاتلىرىنى ۋاقىتلىـق تاشـلاپ نامـازنى ئـادا قىلىـشقا كـېلىڭلار، دېـيىش ئـارقىلىق كىـشىلەرگە ئـاللاھ تائـالانى يـاد ئېـتىش ئۈچـۈن نامـاز ئوقۇشـنىڭ مـۇھىملىقىنى قايتا ئېلان قىلغانلىقتۇر.

3 ـ ئەزان غەپلەتتىكـى ۋە ئۇيقـۇدىكى كىـشىلەرنى ئـويغىتىش ئـارقىلىق، ئۇلارنىـڭ ئـاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى تەپەككۇر قىلىشى ۋە ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن يېتەكچى بولىدۇ.

4 ـ ئىــسلام دىنىــدىكى ئەزان ھېچقانــداق بىــر دىنــدا بولمىغـــان ۋە ئالاھىـــدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بىـر ئېلانـدۇر. بـۇ، ئـاللاھ تائالانىـڭ بىـر ئىكەنلىكـى ۋە ئىـسلام دىنىنىــڭ پۈتــۈن ئىنــسانىيەتنىڭ مەڭگۈلــۈك دىنــى ئىكەنلىكىنــى تــا قىيــامەتكىچە جاكارلايدىغان بىردىنبىر شۇئاردۇر.

## تەكبىر ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

تەكبىـر ـ ئەزانـدىن كېـيىن، پەرز نامـازلارنى ئوقـۇش ئالدىـدا، نامازنىـڭ باشـلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر.

## تەكبىر ئېيتىشنىڭ ھۆكمى

جـاۋاب: تەكبىرنىـڭ ھـۆكمى ئەزانىنىـڭ ھـۆكمىگە ئوخـشاشتۇر. يەنـى پەرز نامـازلار ئۈچۈن، مەيلـى ئـادا بولـسۇن، مەيلـى قـازا بولـسۇن، مەيلـى يـول ئۈسـتىدە بولـسۇن، مەيلـى ئۆز يۇرتىدا بولـسۇن پۈتـۈن ھـاللاردا ئەرلەرنىـڭ تەكبىـر ئوقۇشـى سۈننەتتۇر. تەكبىرنىـڭ ئەزانغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەزان پەرز نامازلارنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ. تەكبىر بولسا، جامائەت بىلەن ئوقۇلسۇن ياكى يالغۇز ئوقۇلسۇن پۈتۈن پەرز نامازلار ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ.

(2) تەكبىر، ئۇنىڭ ھەرپلىرى بىلىنىدىغان رەۋىشتە تېز ئوقۇلىدۇ. تەكبىر ئېيتقان كىشى ئىككى سۆزنى بىرلا نەپەس بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا، كېيىنكى سۆزنى بىر ئاۋاز بىلەن ئوقۇيدۇ.

(3) تەكبىرنى، ئەزاننىڭ ئەكسىچە، مۇنارىدا ۋە مۇنارىغا ئوخشاش ئېگىز جايدا ياكى مىكروفوندا ئوقۇش شەرت ئەمەس.

5. سوئال: تەكبىرنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تەكبىرنىڭ شەرتلىرى ئەزاننىڭ شەرتلىرىنىڭ ئەينىسىدۇر.

6. سوئال: تەكبىرنىڭ تېكستى قايسى ؟

جاۋاب: تەكبىرنىڭ تېكستى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

**اَللهُ أَكْبَرُ اَللهُ أَكْبَرُ** ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

**اَللهُ أَكْبَرُ اَللهُ أَكْبَرُ** ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

**أَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إِلاَّ الله** ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ.

**أَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إِلاَّ الله** ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ.

**أَشْهَدُ أَنَّ مُحمَّداً رَسُولُ اللهِ** ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ.

**أَشْهَدُ أَنَّ مُحمَّداً رَسُولُ اللهِ** ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ.

**حَيَّ عَلىَ الصَّلاَةِ** ھەييە ئەلەسسالاھ.

**حَيَّ عَلىَ الصَّلاَةِ** ھەييە ئەلەسسالاھ.

**حَيَّ عَلىَ الْفَلاَحِ** ھەييە ئەلەلفەلاھ.

**حَيَّ عَلىَ الْفَلاَحِ** ھەييە ئەلەلفەلاھ.

**قَدْ قَامَتْ الصَّلاَةُ** قەد قامەتىسسالاھ،

**قَدْ قَامَتْ الصَّلاَةُ** قەد قامەتىسسالاھ،

**اَللهُ أَكْبَرُ اَللهُ أَكْبَرُ** ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

**لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ** لائىلاھە ئىللەللاھ.

## نامازنىڭ تۆتىنچى شەرتى ئەۋرەت جايلارنى يېپىشنىڭ بايانى

ئەۋرەت- ئىنسانىنىڭ ئېچىلىپ قالسا ئەيىب بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاراشتىن ھايا قىلىنىدىغان ئورگانلىرى دېمەكتۇر. شەرئەت ئىستىلاھىدا: نامازدا يۆرگەشكە تېگىشلىك بولغان ۋە ئۇنىڭغا قاراش ھارام بولغان ئەزالارنىڭ ھەممىسى ئەۋرەت دېيىلىدۇ. ناماز ئوقۇغاندا، ئەۋرەت ئەزالارنى يۆرگەش نامازنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

### ئەۋرەت جايلارنىڭ چەك - چېگرىسى

### ئەرلەرنىڭ ئەۋرەت جايلىرى

ئەرلەرنىڭ ئەۋرەت جايلىرى -كىندىكىنىڭ ئاستىدىن تىزىنىڭ ئاستىغا قەدەر. بۇنىڭغا بىنائەن، ئەرلەر نامازغا تۇرغىنىدا ئەۋرەت ئەزالىرىنىڭ ھەر بىرىدىن تۆتىنىڭ بىرىگە يەتكىچىلىك ئورگان ئوچۇق قالسا، ئۇنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **مَا تَحْتَ السَّرَةِ إِلَى الرُّكْبَةِ مِنَ الْعَوْرَةِ** تەرجىمىسى: « كىندىكىنىڭ ئاستىدىن تىزغىچە بولغان جايلار ئەۋرەت جايلاردىندۇر»[2].

### ئاياللارنىڭ ئەۋرەت جايلىرى

ئاياللارنىڭ ئەۋرەت جايلىرى — يۈزى، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر[3].

ئاياللارنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى بايان قىلىپ ۋە بۇ جايلارنى نامازدا بولسۇن، ياكى نامازنىڭ سىرتىدا بولسۇن، پۈتۈن ۋاقىتلاردا يېپىشقا ئەمر قىلىپ ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 17 - بەت، الدر المختار 1 - توم 375 _ 379 - بەتلەر.

(2) ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە دار قۇتنىي رىۋايىتى.

(3) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 17 - بەت، الدر المختار 1 - توم 375 _ 379 - بەتلەر.

دەيـدۇ: ﴿**قُلْ لِلمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلاَيُبْدِينَ زِيْنَـتَهُنَّ إِلاَّ مَـا ظَهَـرَ مِنْهَـا**﴾ تەرجىمىسى: « مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار نـامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمـىسۇن. ئەۋرەتلىرىنـى ياپـسۇن. كۆرۈنـۈپ تۇرىـدىغان قـىسمىدىن باشـقا زىننەتلىرىنـى ئاشكارىلىمىسۇن»[1].

ئاللاھ بـۇ ئـايەت ئـارقىلىق ئاياللارنى كۆرۈنـۈپ تۇرىـدىغان ئەزالىـرى يەنـى يـۈزى، ئىككـى قــولى ۋە ئىككــى پۇتــىدىن باشــقا ئەزالىرىنــى نــامەھرەم (ئېــرى، ئاتــىسى، بــالىلىرى ۋە قېرىنداشـلىرىدىن باشـقا) كـىشىلەرگە ئاشكارىلىماسـلىققا بـۇيرۇش ئـارقىلىق، ئۇلارنىــڭ يـۇقىرىقى ئـۈچ ئورگىنىـدىن باشـقا پۈتـۈن بەدىنىنىـڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىنـى بايـان قىلغـان. ئــاللاھ مۇســۇلمانلارنى نامــاز ئوقۇمــاقچى بولغانــدا، ئەۋرەت جــايلىرىنى يېپىــپ، ئېــسىل كىيىنگەن ھالدا نامازغا تۇرۇشقا بـۇيرۇپ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿**يَابَنِي آدَمَ خُذُوا زِيْنَتَكُمْ عِنْدَ كُـلِّ مَسْجِدٍ**﴾ تەرجىمىسى: « ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا كىيىمڭلارنى كىيڭلار»[2].

ئەر - ئايــال ھەر قانــداق كــىشىنىڭ ئەۋرەت جــايلىرىنى نــا مەھــرەملەر ئالدىــدا يېپىــپ يۇرۇشـى نامازنىـڭ سـىرتىدىكى پۈتـۈن ۋاقىـتلاردا پەرزدۇر. نامـازدا بولـسا، نامازنىـڭ دۇرۇس بولۇـشىنىڭ شــەرتىدۇر. يۇقىرىــدا بايــان قىلىنغــان ئەۋرەت جــايلارنى ئــېچىش مەنئــى قىلىنغىنىدەك، باشقىلارنىڭ ئەۋرەت جايلىرىغا قاراشمۇ قەتئىي چەكلىنىدۇ.

## بالاغەتكە يەتمىگەنلەرنىڭ ئەۋرەتلىرى

بالاغەتكە يەتمىگەن سەبى بالىلارنىڭ ئەۋرەت جايلىرى تۆۋەندىكىلەر:

تــۆت ياشــقا تولمىغــان بالىلارنىــڭ ئەۋرەت جــايلىرى يوقتــۇر. يەنــى ئۇلارنىــڭ پۈتــۈن بەدىـنىگە قــاراش مۇبــاھتۇر. ئــۇلار تــۆت ياشــتىن ئاشــقاندىن كېــيىن، ئۇلارنىــڭ ئالــدى ۋە كەينـى تەرىپـى ئەۋرەتتـۇر. ئـۇلار ئـون ياشـتىن ئاشـقاندىن كېـيىن، ئۇلارنىـڭ نامـازدا ۋە نامـاز سـىرتىدا ئەۋرەت بولىـدىغان جـايلىرى چـوڭ ئەرلەرنىـڭ ئەۋرەت جايلىرىنىـڭ ئـۆز ئەينىـسى يەنى كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىسىدۇر. ئوغۇل - قىزلار بۇ ھۆكۈمدە ئوخشاش[3].

## ئەۋرەت جايلارنى يېپىشنىڭ ھېكمىتى

ئەۋرەت جايلارنى يېپىشنىڭ ھېكمەتلىرى

---

(1) نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

(2) ئەئراف سۈرىسى 31 - ئايەت.

(3) الدر المختار ورد المحتار 1 - توم 378 - بەت.

1 ـ ئىنسانلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن هايا قىلىنىدىغان ئەۋرەت جايلارنىڭ، ئىنسانلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ تورۇشىدىن هايا قىلىش.

2 ـ ئەۋرەت جايلارنى ئادەتتىكى چاغلاردا ئاشكارىلاشقا بولمىغان يەردە، ئاللاھ تائالانىڭ هۇزۇرىغا يۈزلەنگەن نامازدا، ئۇنى يېپىش تېخىمۇ زۆرۈردۇر.

3 ـ ئىنساننىڭ زىننىتى گۈزەل ۋە تولۇق كىيىملىرى بىلەن بولىدۇ. ئىنسانلار ئادەتتە بىرەر باشلىق ياكى رەئىس بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، ئەڭ گۈزەل ۋە مۇكەممەل كىيىملىرىنى كىيىشىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ هۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مەنىۋى مۇلاقاتتا بولماقچى بولغان كىشى قانداق زىننەتلىنىشى كېرەك!؟

4 ـ ئىنساننىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى يېپىپ، ئېسىل، گۈزەل كىيىملەر بىلەن زىننەتلىنىشى، ئۇنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر ئېسىل خىسلەتتۇر.

5 ـ نامازدا بولسۇن ۋە باشقا ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئەر ـ ئايال هەر قانداق كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنى يۆرگىشى، پىتنە ـ پاساتلاردىن ۋە يامان نىيەتلىك كۆزلەردىن ساقلىنىشىنىڭ بىر كاپالىتىدۇر.

## ئەۋرەت جايلارنى يېپىشنىڭ ئەدەپلىرى

ئىنساننىڭ تاشقى ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى پەرز بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچكى ئەۋرىتىنى يەنى: قەلبىدىكى باشقىلار كۆرۈپ قالسا ئۇيات بولىدىغان ناچارلىقلارنى يېپىشى ئەلبەتتە پەرزدۇر. قەلبتىكى ناچارلىقلارنى يېپىش دېگەنلىك — ئاللاھ تائالانىڭ هۇزۇرىغا بېرىشتا تاشقى ئەزالارنى پاكلاپ، ئەۋرەتلەرنى يابقاننىڭ سىرتىدا، قەلبتىكى گۇناهلارنىڭ كىرلىرىنى تەۋبە ۋە پۇشايماننىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن هايا قىلىنىدىغان كۆرەلمەسلىك، تەكەببۇرلۇق، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن خالىي بولۇش دېگەنلىكتۇر. خۇسۇسەن، نامازغا تۇرغاندا، قەلبتىكى بۇ ناچار ئىللەتلەر بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ هۇزۇرىغا كېلىشتىن هايا قىلغانلىق يۈزىسىدىن گۇناهلارغا تەۋبە قىلىپ، قەلبنى پاكلاپ تورۇش تېخىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى كىشىلەر قەلبلىرىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن هايا قىلىدۇ ۋە مۇمكىن قەدەر كىشىلەرگە ئاشكارا قىلماسلىققا تىرىشىدۇ يۇ، قەلبلەردىكىلەرنى ئەينەن بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ تائالادىن هايا قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالادىن هايا قىلىش باشقىلاردىن هايا قىلىشتىن ئەلۋەتتە زۆرۈر ئەمەسمۇ؟!

## نامازنىڭ بەشىنچى شەرتى قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش

قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش- نامازدا يۈزنى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدنى مەسجىدى ھەرەمدىكى كەبە تەرەپكە قارىتىش دېمەكتۇر.

كەبىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ يۈزنى ۋە كۆكسىنى كەبىگە قارىتىپ تۇرۇشى، كەبىنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغان ۋە يىراقلاردىكى كىشىلەرنىڭ كەبىنىڭ تەرىپىگە يۈزلىنىپ تۇرۇشى نامازنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ ناماز ئوقۇغاندا، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ وُجُوِهَكُمْ شَطْرَهُ**﴾ تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم (قىبلە)گە قىلغىن. ئى مۆمىنلەر! قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار»[1].

## قىبلىگە قاراشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

كېسەللىك، ئورۇش مەيدانىدا بولغانلىق، دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلغانلىق، قاتناش قوراللىرىنىڭ ئۈستىدە بولغانلىق سەۋەبلەردىن قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغان شارائىتلاردا، پىيادە بولسۇن ياكى قاتناش قوراللىرىدا بولسۇن، شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتقا قاراپ، ئىمكان قەدەر قىبلىگە، ئىمكانىيەت بولمىسا قايسىبىر تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ[2].

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**حَافِظُوا عَلَىالصَلَوَاتِ وَالصَّلاَةِ الْوُسْطى وَقُوْمُواْ للهِ قَانِتِينَ. فَانْ خِفْتُمْ فَرِجَالاً اَوْرُكْبَانًا**﴾ تەرجىمىسى: «(بەش) نامازنى بولۇپمۇ ئەسىر نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇڭلار(يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار). ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار. قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار»[3].

يۇقىرىقى شارائىتلار سەۋەبىدىن قىبلىگە قاراشقا ئىمكانىيىتى بولمىغان كىشىلەرنىڭ قايسىبىر تەرەپكە بولمىسۇن ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇشى قىبلىنىڭ ئورنىدا بولۇپ قوبۇل

(1) بەقەرە سۈرىسى 144 ـ ئايەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 17 ـ بەت.

(3) بەقەرە سۈرىسى 139 ـ ئايەت.

قىلىنىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا فَثَمَّ وَجْهُ اللَّهِ﴾ تەرجىمىسى: « مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللاھ تائالانىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەرىپى(يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى)دۇر»[1].

## قىبلىنى تاپالمىغان چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟

سەپەر ئۈستىدە قاراڭغۇلۇق ياكى ھاۋانىڭ بۇلۇتلۇق بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن قىبلە تەرىپىنى بىلەلمىگەن كىشى قىبلىنى سوراپ بىلىشكە ئادەم تاپالمىغان ياكى كومپاسقا ئوخشاش تەرەپلەرنى كۆرسەتكۈچ سايمانلىرىمۇ بولمىغان شارائىتتا، قىبلىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ ئۆز قانائەتىگە كۆرە قىبلە تەرەپنى بەلگىلەپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ »قىبلە« دەپ ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇغان تەرىپى قىبلە ئەمەسلىكى ئېنىقلانغان ھالدىمۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى دۇرۇستۇر. ئۇنى قايتا ئوقۇمايدۇ.

ئەمما ئۇ كىشى، ئۆز قانائەتىگە كۆرە قىبلە دەپ بەلگىلەپ ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئەسنادا، قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقان بۇ تەرەپنىڭ قىبلە ئەمەسلىكى ئېنىقلىنىپ، ھەقىقىي قىبلە ئۇ كىشىگە ئايان بولغان شارائىتتا، ئۇ، نامىزىنى بۇزماستىن، نامازدا تۇرۇپ، «قىبلە» دەپ بىلىنگەن تەرەپكە چۆرۈلىدۇ. ئەگەر قىبلىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدەنمەستىن، قايسىبىر تەرەپنى »قىبلە« دەپ گۇمان قىلىپ ناماز ئوقۇغان بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ قاراپ ناماز ئوقۇغان تەرىپىنىڭ قىبلە ئەمەسلىكى بىلىنسە، ئۇنىڭ نامىزى باتىلدۇ. قايتا ئادا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ — مەككىدىكى ئادىتى بويىچە — ئون يەتتە ئاي پەلەستىندىكى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ. يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى « ئۇ بىزگە ئەگىشىدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ قىبلىمىزگە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ» دەپ ئەيىبلەشكە باشلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى پەرىشان بولىدۇ. كېچىلىرى سىرتقا چىقىپ ئۈپۈققا قاراپ، قىبلە ھەققىدە ئاللاھ تائالادىن بىرەر ۋەھيى كۈتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ناماز ۋاقتى كىرگەندىن

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 115 ـ ئايەت.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 18 ـ بەت.

كېيىن مەدىنىدىكى بەنى سەلىمە مەسچىدىدە پېشىن نامىزىدىن ئىككى رەكئەت ئوقۇلۇپ بولغان ۋاقىتتا، پەرىشتە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى نامازدا تۇرغان ھالىتىدە كەبە تەرەپكە يۈزلەندۈردۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدۇ: ﴿**قَدْ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي السَّمَاءِ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَاهَا فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ**﴾ تەرجىمىسى: «بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز.(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن»[1].

## قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ ئەدەپلىرى

ناماز ئوقۇغاندا، كۆكسىنى ۋە يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قاراتقان كىشى، ئەلۋەتتە قەلبىنىمۇ، دۇنياۋى غەرەزلەردىن، نەپسىي ھەۋەسلەردىن ئازات قىلغان ھالدا، ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا يۈزلەندۈرۈشى ۋە ئەقلىنى، پىكرىنى شۇنداقلا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆزى مۇناجات قىلماقچى بولغان ئىگىسى ئاللاھ تائالاغا بېغىشلىشى قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ ئەدەپلىرىدىندۇر.

## نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى

نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ سىرلىرىدىن:

1 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى بەرپا قىلىش ۋە قەلبلەردە ئۇنىڭ يادىنى داۋام قىلدۇرۇش.

2 ـ ناماز ئوقۇغان كىشى يۈزىنى كەبە تەرەپكە قارىتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى كەبە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە، قەلب ئاللاھ تائالادىن ئەيمەنگەن ھالدا تۇرۇپ، نامازنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى يۈز بىلەن بەدەن مۇئەييەن بىر تەرەپكە يۈزلەنمەستىن، ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، ئىنسانىنىڭ بارچە ئورگانلىرى خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشى، جۈملىدىن كۆز ھەر تەرەپكە قارىشى بىلەن قەلبمۇ شۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، نامازنىڭ دۇرۇس يوسۇندا ئادا قىلىنىشىغا ئەلۋەتتە سەلبىي تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا قىبلىگە يۈزلىنىش پەرز قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

(1) بەقەر سۈرىسى 144 ـ ئايەت.

3 ـ نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش بىلەن ئىنساننىڭ قەلبى ئارام تاپىدۇ ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى يەر شارىدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار نامازدا شۇ كەبە تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. بۇ ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىنى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ۋە بۇ ئىبادەتتە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئورتاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

4 ـ قىبلىگە قاراش ئارقىلىق قەلبىنى، ئەقلىنى ۋە پۈتۈن ئەزالارنى ئاللاھقا قۇلچىلىق ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەقسەتكە قارىتىش بىلەن ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىخلاسنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

5 ـ قىبلىگە يۈزلىنىش مۇسۇلمانلارنى گەرچە ئۇلار مۇساپە جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن يىراقتا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مەقسەتتە بىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

## نامازدا نېمە ئۈچۈن كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرىمىز؟

نامازدا كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش ۋە ھەج، ئۆمرە ئادا قىلغاندا، كەبىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىشتىكى مەقسەت — دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئويلىغىنىدەك — كەبىگە چوقۇنۇش يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن﴾ دەپ بۇيرىغان ئەمرىگە بىنائەن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش يۈزىسىدىن كەبە تەرەپكە قارايمىز ۋە ھەج، ئۆمرىنى كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىش بىلەن قىلىمىز. ئىبادەت پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. كەبە ئاللاھ ئەمەس، ياكى ئاللاھ تائالانىڭ تۇرىدىغان جايىمۇ ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ جاي ۋە تەرەپلەرگە مەخسۇس بولۇشتىن ئۈستۈندۇر، ئەلۋەتتە.

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈش، ئىبادەتنىڭ پەقەت بىر ئاللاھقىلا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى كەبىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرىغان. بۇ ھەرگىزمۇ كەبىگە ئىبادەت قىلىڭلار دېگەنلىك ئەمەس. شۇڭا كۆپ ئايەتلەردە ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا: ﴿**فَاعْبُدِ اللّٰهَ مُخْلِصاً لَهُ الدِّيْنَ**﴾ تەرجىمىسى: « دىنىڭنى خالىس قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن» دەپ ئەمر قىلىش ئارقىلىق ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىشقا قايتا ـ قايتا بۇيرىغان، ئاندىن نامازغا ئوخشاش بەزى ئىبادەتلەر ئۈچۈن كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشنى شەرت قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ**﴾ تەرجىمىسى: « نامازدا، يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن» دېگەن سۆزىدىن مەسجىدى ھەرەمگە ئىبادەت قىلغىن، دېگەن

مەنە چىقمايدۇ. بۇ ئايەت پەقەت نامازدا قىبلىگە قاراشنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بەس. شۇنداقلا، ھاجىلار ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ، كەبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىشمۇ، كەبىگە چوقۇنغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ئىدى. چۈنكى كەبىنى تاۋاپ قىلىش ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ پەرزلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا ئاللاھ ھەج توغرىسىدا: ﴿وللّه عَلىَ النّاسِ حِجُّ البَيْتِ مَنْ إسْتَطاَعَ إلَيْـهِ سَبِيْلاً﴾ تەرجىمىسى: «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشى پەرز قىلىندى» دېيىش ئارقىلىق ھەجدىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنىڭ كەبىگە چوقۇنۇش ياكى ئۇنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىنىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

كەبە پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلغان بىر ئىبادەت ئۆيىدۇر. ئۇ، چوقۇنۇشقا ئەمەس، پەقەت ھۆرمەتكىلا لايىقتۇر. ئادەتتىكى مەسجىدلەرنىڭ ھۆرمىتى ئۇ مەسجىدلەرگە كىرگەندە ئىككى رەكئەت «تەھىيەتۇل مەسجىد» نامىزى ئوقۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، كەبىنىڭ ھۆرمىتى مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەن كىشىنىڭ كەبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، مەسجىدى ھەرەمگە تاۋاپ نىيىتى بىلەن كىرگەن كىشى ئۈچۈندۇر. ئەمما قۇرئان ئوقۇش، ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاش ۋە ياكى قانداقلا بىر مەقسەت بىلەن مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەن كىشىنىڭ ئىككى رەكئەت «تەھىيەتۇل مەسجىد» نامىزى ئوقۇشى سۈننەتتۇر. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قايسىبىر مەسجىدكە كىرگەن ئادەمنىڭ شۇ نامازنى ئادا قىلىشى ئۇنى «تەھىيەتۇل مەسجىد» نامىزى ئوقۇشتىن بىھاجەت قىلىدۇ.

## نامازنىڭ ئالتىنچى شەرتى: نىيەت

نىيەت ـ قەلبتىكى مەقسەت دېمەكتۇر.

نامازنىڭ نىيىتى ـ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇشنى كۆڭۈلگە پۈتۈش دېمەكتۇر. نىيەتنىڭ ئورنى قەلب بولغاچقا، ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ قايسى نامازنى ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈتۈشى شەرتتۇر. نىيەتنى تىل بىلەن سۆزلەش شەرت ئەمەس. ئەمما تىل بىلەنمۇ سۆزلەش ئەۋزەلدۇر. ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدا قوبۇل بولىشى ئۈچۈن نىيەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلاردىن ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ﴿وَماَ أُمِرواُ إلاَّ لِيَعْبُدُواللّٰه مَخْلِصِيْنَ لَهُ الـدِّيْنَ حُنَفـاَءِ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى، ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق

دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا(يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»[1].

ئىبادەتنى ئاللاھقىلا خالىس قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئىخلاس- قەلبتە شۇنىلا نىيەت قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن نىيەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **إنَّما الأعْمَالُ بالنِّيات، وإنَّمَا لكُلِّ امْرِىءٍ ما نَوَى** تەرجىمىسى: « ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولىشى پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[2].

ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ئۈچۈۇقلاپ، بۇ ھەدىس ئىمان، ناماز، زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالا دەرگاھىدا قوبۇل بولۇش پرىنسىپىنى ئۈچۈۇقلىغان ئالاھىدە ھەدىستۇر، دەيدۇ.

نىيەت ھەر قانداق ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن شەرتتۇر. ئىبادەتلەردە نىيەتنىڭ شەرتلىكى تا قىيادەتكىچە ئىگىدۇر. چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ئۇنى ئورۇنلاش ھېچكىمگە قىيىن كەلمەيدۇ. شۇڭا نىيەت ئىشىدا ئۆزۈر قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## نىيەتنىڭ ۋاقتى

نامازدىكى نىيەتنىڭ ۋاقتى — نامازغا باشلاش تەكبىرىنى ئالغان ۋاقتتۇر. نىيەتنى نىيەت بىلەن تەكبىر ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدىغان ئىش يۈز بەرمەسلىك شەرتى بىلەن تەكبىرنىڭ ئالدىدا قىلىسمۇ بولىدۇ[3].

## نىيەت قىلىش ئۇسۇلى

ئوقۇماقچى بولغان ناماز پەرز ياكى ۋاجىب بولۇپ، ئۆزى يالغۇز ياكى ئىمام بولۇپ ئوقۇماقچى بولسا، ئوقۇماقچى بولغان نامىزىنىڭ پەرز ياكى ۋاجىب ئىكەنلىك تۈرىنى نىيەتتە تەيىنلىشى كېرەك. مەسىلەن: پېشىنىنىڭ پەرزىنى ئوقۇماقچى بولسا، « نىيەت قىلدىم مۇشۇ ۋاقتىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا» دەپ نىيەت قىلغانغا ئوخشاش. پەرز ياكى ۋاجىب نامازلارنىڭ قايسى ناماز ئىكەنلىك نامىنى، كۈنىنى ۋە رەكئەت سانىنى نىيەتتە تەيىنلەشكە ھاجەت يوق. پەقەت تۈرى (پەرز ياكى ۋاجىب ئىكەنلىكىنى) بىلەن ۋاقتىنىلا تەيىنلىسە يېتەلىكتۇر.

---

(1) بەييىنە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) بدائع الصنائع 1 ــ توم 127 ـبەت.

ئەمما سۈننەت، نەپلە، تەراۋىھ ۋە باشقا نامازلارغا ئۇ نامازلارنىڭ قايسى ناماز ۋە قانچە رەكئەت ئىكەنلىكىنى نىيەتتە تەيىنلىمەستىن، پەقەت «ئاللاھ ئۈچۈن ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلدىم» دەپ مۇتلەق نامازغا نىيەت قىلىش يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئېھتىيات يۈزىسىدىن يۇقىرىقىلارنىڭ قانداق ناماز ۋە قانچە رەكئەت ئىكەنلىكىنى تەيىنلەش ئەۋزەلدۇر. مەسىلەن: بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇماقچى بولغان كىشى »بۈگۈنكى بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشنى نىيەت قىلدىم« دەپ تەيىنلىگەنگە ئوخشاش.

ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى — يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك — ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوقۇماقچى بولغان نامىزىنىڭ پەرز ياكى ۋاجىب ئىكەنلىك تۈرىنى تەيىنلەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. مەسىلەن: قانداقلا بىر پەرز نامازغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ «مۇشۇ ۋاقىتنىڭ پەرزىنى ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان ھالدا ئوقۇشنى نىيەت قىلدىم» دېگەننى كۆڭلىگە پۈككىنىگە ئوخشاش.

ئەمما قازا ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى، بۇ نامازلارنىڭ ۋاقتىنى ياكى كۈنىنى تەيىنلەيدۇ. مەسىلەن: ئەسىر نامىزىنىڭ قازاسىنى ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ «بۈگۈنكى ئەسىرنىڭ پەرزىنى ئوقۇشنى نىيەت قىلدىم» دەپ نىيەت قىلغىنىغا ئوخشاش. بىراق، ئوقۇماقچى بولغان نامازنىڭ قازا نامىزى ئىكەنلىكىنى نىيەتتە تەيىنلەشكە ھاجەت يوق.

شۇنىڭدەك، ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ ئەرلەرگە ئىمام بولىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىشقا ھاجەت ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئاياللارغىمۇ ئىماملىق قىلماقچى بولسا، بۇ ۋاقىتتا نامازنىڭ نىيىتى بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئاياللارغىمۇ ئىمام بولىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىشى شەرتتۇر[1].

(1) الدر المختار1 ـ توم 127 ـ بەت، فتح القدير 1 ـ توم 185ـ بەت، و اللباب شرح الكتاب 66 ـ بەت.

## ئۈچىنچى بۆلۈم: نامازنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرى

ـ بەش ۋاخ نامازنىڭ رەكئەتلىرى

ـ نامازنىڭ پەرزلىرى

ـ نامازنىڭ ۋاجىبلىرى

ـ نامازنىڭ سۈننەتلىرى

ـ نامازنىڭ ئەدەپلىرى

ـ ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرى

ـ نامازنىڭ مەكرۇھلىرى

ـ نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار

ـ نامازغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ـ سەجدە سەھۋى ھەققىدىكى مەسىلىلەر

ـ تىلاۋەت سەجدىسى ھەققىدىكى مەسىلىلەر

ـ قازا نامازلار ھەققىدىكى مەسىلىلەر

ـ نامازلارنى جەمئى قىلىش مەسىلىسى

ـ كېمە، ئايروپىلان ۋە ماشىنىدا ناماز ئوقۇش مەسىلىسى

## بەش ۋاخ نامازنىڭ رەكئەتلىرى

بەش ۋاخ نامازدىكى رەكئەتلەرنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

بامدات نامىزى، ئىككى رەكئەت، پىشىن نامىزى تۆت رەكئەت، ئەسىر نامىزى تۆت رەكئەت، شام نامىزى ئۈچ رەكئەت، خۇپتەن نامىزى تۆت رەكئەت، ۋىتىر نامىزى ئۈچ رەكئەتتۇر.

بۇقىرىقىلار كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرزلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بەش ۋاخ ناماز مۇشۇلاردۇر. بۇلارنى بارلىق شەرتلىرىگە، پەرزلىرىگە، ۋاجىبلىرىغا ۋە جىمى قائىدە ـ تەرتىپلىرىگە تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا، كامىل ئادا قىلغان كىشى ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

ئەمما ئىنسان ئەقىل، ئىرادە ۋە بىلىم جەھەتتە قانچىلىك يېتىشكەن بولسىمۇ، بەربىر كەمچىلىكلەردىن، خاتالىقلاردىن ۋە نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھېچكىم نامازلىرىنى ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان رەۋىشتە تولۇق ئادا قىلدىم دەپ ئېيتالمايدۇ. شۇڭا بەش ۋاخ نامازنى سۈننەتلىرى بىلەن قوشۇپ ئوقۇشقا زور ئېھتىياجلىقمىز. چۈنكى بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرى پەرزلەردىكى كەمچىلىكلەر ۋە نوقسانلارنى تولۇقلايدۇ ۋە ئايرىم ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى مەقسەتنى كۆزلىگەنلىكتىن بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇشنى تەكىتلىك سۈننەت قىلىپ بېكىتكەن بولىشى مۇمكىن.

رەكئەت دېگەن نېمە؟

رەكئەت — نامازغا كىرگەندىن باشلاپ، قىيام، قىرائەت، رۇكۇ ۋە ئىككى سەجدىنى تاماملىغۇچىلىك بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى رەكئەت دېيىلىدۇ. يەنى ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ نامازغا باشلاپ ئۆرە تۇرۇشىمىز، بۇ ئارىدا، قۇرئاندىن ئايەتلەرنى ئوقۇشىمىز، ئاندىن رۇكۇغا ئېگىلىشىمىز، ئاندىن رۇكۇدىن تۇرۇپ، ئىككى قېتىم سەجدە قىلىشىمىز ھەممىسى بولۇپ بىر رەكئەت ھېسابلىنىدۇ.

## بەش ۋاخ نامازنىڭ ئوقۇلۇش تەرتىپى

بەش ۋاخ نامازنىڭ ئوقۇلۇش تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

بامدات نامىزى: ئاۋۋال ئىككى رەكئەت سۈننەت، كېيىن ئىككى رەكئەت پەرز ئوقۇلىدۇ.

پىشىن نامىزى: ئاۋۋال تۆت رەكئەت سۈننەت، كېيىن تۆت رەكئەت پەرز، ئەڭ ئاخىرىدا

ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

ئەسىر نامىزى: ئاۋۋال تۆت رەكئەت تەكىتسىز سۈننەت، كېيىن تۆت رەكئەت پەرز ئوقۇلىدۇ.

شام نامىزى: ئاۋۋال ئۈچ رەكئەت پەرز، كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ئوقۇلىدۇ.

خۇپتەن نامىزى: ئاۋۋال تۆت رەكئەت تەكىتسىز سۈننەت، ئاندىن تۆت رەكئەت پەرز، كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت، ئەڭ ئاخىرىدا ئۈچ رەكئەت ۋىتىر نامىزى ئوقۇلىدۇ.

**بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى**

بەش ۋاخ نامازلارنىڭ سۈننەتلىرىنى تولۇق ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى زور، پايدىسى چوڭ، پەزىلىتى كۆپ ۋە ساۋابى ئارتۇقتۇر. بۇلارنىڭ قىسقىچە بايانى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگەشكەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هاياتىدا بەش ۋاخ نامازلارنىڭ سۈننەتلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي ھېچ تەرك ئەتمىگەن. شۇڭا بۇ سۈننەتلەر تەكىتلىك سۈننەت دەپ تونۇلغان. دۇنيادا ھېچقانداق مۇسۇلمان بۇ سۈننەتلەرنى تولۇق ئوقۇشتىن بىھاجەت بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار پەرز نامازلىرىنى قانچىلىك تولۇق ۋە كامىل ئادا قىلالىدىم دېگەندىمۇ ھەرگىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ئادا قىلالمايدۇ. بۇ سۈننەتلەردىن بىھاجەت بولۇش مۇمكىن بولىدىغان بولسا ئىدى، ئالدى بىلەن ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقى پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان، چوڭ ـ كىچىك بارلىق گۇناھ ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك بولغان، مەسۇم زات — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىھاجەت بولغان بولار ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ سۈننەتلەرنى داۋام قىلدۇرغان.

2 ـ بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش جەننەتتە قەسىرگە ئىگە بولۇشنىڭ يولىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىگە تەشەببۇس قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى، كۈندە 12 رەكئەت سۈننەت ئوقۇيدىكەن، بۇلار بىلەن ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر قەسىر بىنا قىلىنىدۇ»[1].

بۇ ھەدىستىكى 12 رەكئەت سۈننەت كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنىڭ تەكىتلىك

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

سۈننەتلىرىدۇر. چۈنكى بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت، پېشىننىڭ ئالتە رەكئەت، شامنىڭ ئىككى رەكئەت ۋە خۇپتەننىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنىڭ ھەممىنى قوشقاندا 12 رەكئەت بولىدۇ.

3 ـ بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿مَّنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ﴾ يەنى «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» دەيدۇ[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ تائالادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ اللَّهَ قَالَ مَنْ عَادَى لِي وَلِيًّا فَقَدْ آذَنْتُهُ بِالْحَرْبِ وَمَا تَقَرَّبَ إِلَيَّ عَبْدِي بِشَيْءٍ أَحَبَّ إِلَيَّ مِمَّا افْتَرَضْتُ عَلَيْهِ وَمَا يَزَالُ عَبْدِي يَتَقَرَّبُ إِلَيَّ بِالنَّوَافِلِ حَتَّى أُحِبَّهُ فَإِذَا أَحْبَبْتُهُ كُنْتُ سَمْعَهُ الَّذِي يَسْمَعُ بِهِ وَبَصَرَهُ الَّذِي يُبْصِرُ بِهِ وَيَدَهُ الَّتِي يَبْطِشُ بِهَا وَرِجْلَهُ الَّتِي يَمْشِي بِهَا وَإِنْ سَأَلَنِي لَأُعْطِيَنَّهُ وَلَئِنْ اسْتَعَاذَنِي لَأُعِيذَنَّهُ﴾ يەنى « ئاللاھ مۇنداق دېدى، كىمكى مېنىڭ دوستلىرىم (سالىھ بەندىلىرىم) دىن بىرەرسىگە دۈشمەن بولىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئاچىمەن. بەندەمنىڭ ماڭا مەن پەرز قىلغان ئىشلاردىن باشقا ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىشىشى مېنى سۆيۈندۈرىدۇ. بەندەم نەپلە (ئىختىيارىي) ئىبادەتلەر بىلەن ماڭا يېقىنلىششقا داۋام قىلىدىكەن، ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ئېرىشىدۇ ـ دە، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۇنى ياخشى كۆرگىنىمدە، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتىغا ئايلىنىمەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇ نېمە سورىسا بېرىمەن، پاناھ تىلىسە ھىمايەمگە ئالىمەن»[2].

4 ـ بەش ۋاخ نامازلارنىڭ سۈننەتلىرىنى ئادا قىلىش مۇسۇلمانىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ زاپىسىدۇر. بۇ خۇددى بانكىدا زاپاس پۇل قويۇپ ساقلىغانغا ئوخشاشتۇر. بانكىدا پۇل قويغان ئادەم ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشكەندە دەرھال ئۇنى ئېلىپ خەجلىيەلەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان كىشى پەرز ئەمەللىرىنى ئادا قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئىختىيارىي ئەمەللەرنى كۆپ قىلسا، ئۇنى ئاخىرەت ئۈچۈن زاپاس ساقلىغان بولىدۇ ـ دە، مال ـ دۇنيا ۋە پەرزەنتلەر ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدە بۇ ئەمەللىرىنىڭ پايدىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ.

---

(1) نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

5 ـ بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرى پەرزنى ئادا قىلىشتىكى نۇقسانلارنى تولۇقلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿**إِنَّ أَوَّلَ ماَ أُفْتُرِضَ عَلىَ النَّاسِ مِنْ دِيْنِهِمْ الصَّلاَةُ وَأَخِرُ ماَ يَبْقِي الصَّلاَةُ وَأَوَّلُ ماَ يُحاَسَبُ بِه الصَّلاَةُ وَيَقُوْلُ اللهُ أُنْظُرُوا فِي صَلاَةِ عَبْدِي، فَإِنْ كاَنَتْ تاَمَّةً كَتَبْتُ تاَمَّةً، وَإِنْ كاَنَتْ ناَقِصَةً يَقُولُ أُنْظُرُوا هَلْ لِعَبْدِي مِنْ تَطوُّعٍ فَإِنْ وُجِدَ لَهُ تَطوُّعٌ تَمَّتْ الفَرِيْضَةُ مِنَ التَّطوُّعِ**﴾ تەرجىمىسى: «ئىنسانلارغا دىندا ئەڭ ئاۋۋال پەرز قىلىنغان ئىبادەت نامازدۇر. ئەڭ ئاخىرغىچە داۋاملىشىدىغان ئىبادەتمۇ نامازدۇر. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەلمۇ نامازدۇر. ئاللاھ ”بەندەمنىڭ نامىزىغا قاراڭلار“ دەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ نامىزى تولۇق بولغان بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى تولۇق بولغان بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نامىزى كەمچىل (ناقىس) بولسا، ئاللاھ ”قاراڭلار بۇ بەندەمنىڭ نەپلە (پەرزدىن تاشقىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئوقۇغان) نامىزى بارمىكەن“ دەيدۇ. ئەگەر نەپلە ئىبادەتلىرى بولغان بولسا، ئۇ نەپلە ئىبادەت بىلەن پەرزنىڭ نۇقسانلىرى تولۇقلىنىدۇ»[1].

6 ـ بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئادا قىلماسلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بولۇپ قېلىش قورقۇنچىسى بار. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿**لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ**﴾ يەنى «سىلەرگە رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» دەيدۇ[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە دىندا ئۈلگە بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىشىمىز بىزنىڭ مۇسۇلمانلىقىمىزنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە بۇيرىغان. ﴿**وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ**﴾ يەنى« پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر»[3].

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(2) ئەھزاب سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(3) ھەشر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

## نامازنىڭ پەرزلىرى

نامازنىڭ پەرزلىرى ئالتە بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ تەكبىر تەھرىمە (نامازنى باشلاش تەكبىرى.)

2 ـ قىيام (نامازدا ئۆرە تۇرۇش.)

3 ـ قىرائەت (نامازدا قۇرئان سۈرىلىرىدىن ئوقۇش.)

4 ـ رۇكۇ (قولنى تىزغا قويۇپ يەرگە ئېگىلىش.)

5 ـ سەجدە (نامازدا باشنى يەرگە قويۇش.)

6 ـ قەئدە ئاخىر(نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇش.)

نامازنىڭ پەرزلىرىنىڭ تەپسىلىي بايانى

### نامازنىڭ بىرىنچى پەرزى: تەكبىر تەھرىمە

تەكبىر تەھرىمە نامازنىڭ بىرىنچى پەرزى بولۇپ، ئۇنىڭسىز ناماز بولمايدۇ. تەكبىرنى الله أكبر (ئاللاهۇ ئەكبەر) دەپ ئەرەب تىلى بىلەن ئېيتىش شەرت. ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ تەكبىرنى ئۆزى ئىشتىكىچىلىك ئاۋازدا ئېيتىشى يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئىمام بولغان كىشىنىڭ جامائەت ئىشتىكىچىلىك ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىشى مۇستەھەبتۇر. تىلسىز كىشىلەردىن تەكبىر ساقىتتۇر، يەنى ئۇلارنىڭ تەكبىرسىز ئوقۇغان نامازلىرى دۇرۇس بولىدۇ.

نامازدا تەكبىر تەھرىمىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ﴾ يەنى «پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **مِفْتَاحُ الصَّلَاةِ الطُّهُورُ، وَتَحْرِيمُهَا التَّكْبِيرُ** يەنى«نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەت، ئۇنىڭ باشلىنىشى تەكبىردۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **إِذَا قُمْتَ إِلَى الصَّلَاةِ فَكَبِّرْ** يەنى «

(1) مۇددەسسىر سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

(2) تىرمىزى رىۋايىتى «سەھىھ» دەپ باھالىغان.

نامازغا تۇرغىنىڭدا ئاۋۋال تەكبىر ئېيت»[1].

## نامازنىڭ ئىككىنچى پەرزى: قىيام

ھەر قانداق پەرز ياكى ۋاجىب نامازلارنى، سۈننەت نامازلاردىن بامداتنىڭ سۈننىتىنى (ئالاھىدە مۇھىم سۈننەت بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش پەرزدۇر. بۇ ئىمام ئەزەمنىڭ قارىشىدۇر.

نامازدا ئۆرە تۇرۇش كەيپىيتى، قولنى سوزسا تىزغا يەتمەيدىغان شەكىلدە ئۆرە تۇرۇشتۇر.

سۈننەت ۋە نەپلە نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش پەرز ئەمەستۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى يېتىدىغان تۇرۇپ بۇ نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا بولىدۇ. بىراق ساۋابى كەمرەك بولىدۇ. شۇڭا تېنى ساق كىشى ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش ئەۋزەل، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدەك، ئۆرە تۇرالمايدىغان كېسەل كىشىنىڭ پەرز، ۋاجىب، سۈننەت ۋە باشقا ھەرقانداق نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشى جائىزدۇر[2].

نامازدا قىيامدا تۇرۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**حَافِظُواْ عَلَى الصَّلَوَاتِ والصَّلاَةِ الْوُسْطَى وَقُومُواْ للّهِ قَانِتِينَ**﴾ يەنى« (بەش) نامازنى بولۇپمۇ ئەسر نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى ۋاقتىدا، شەرتلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىڭلار)، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا(يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **صلِّ قائماً فإنْ لَم تستطعْ فقاعِداً، فإنْ لم تستطعْ فَعَلَىَ جَنْب** يەنى « نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەگەر ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالمىساڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئولتۇرۇشقىمۇ قادىر بولالمىساڭ يېنىڭغا يېتىپ ئوقۇغىن»[4].

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) تبيين الحقائق 1 - 104 - بەت، الشرح الصغير 1 - توم 307 - بەت، كشاف القناع 1 - توم 450 - بەت.

(3) بەقەرە سۈرىسى 238 - ئايەت.

(4) تىرمىزى، ھاكىم رىۋايىتى.

## نامازنىڭ ئۈچىنچى پەرزى: قىرائەت

قىرائەت يەنى نامازدا قۇرئان سۈرىلىرىدىن ئوقۇش ھەرقانداق سۈننەت، نەپلە، ۋاجىب نامازلارنىڭ پۈتۈن رەكئەتلىرىدە، ئىككى رەكئەتلىك پەرز نامازلارنىڭ ھەممە رەكئەتتە ۋە ئىككى رەكئەتتىن كۆپ پەرز نامازلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئەتتە پەرزدۇر. ناماز ئوقۇغۇچى مەيلى ئىمام بولسۇن ياكى ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇسۇن يۇقىرىقى نامازلارنىڭ پۈتۈن رەكئەتلىرىدە قۇرئاندىن خالىغان سۈرە ياكى ئايەتلەرنى ئوقۇش ئوخشاشلا پەرزدۇر. ئەمما ھەر رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش بولسا ۋاجىبتۇر.

قىرائەتنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارى، قىسقا ئايەتلەردىن ئۈچ ئايەت ياكى ئۇزۇن ئايەتلەردىن ئۈچ ئايەتكە تەڭ كېلىدىغان بىر ئايەت ئوقۇشتۇر. بۇنىڭدىن ئاز قۇرئان ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. كۆپ ئوقۇشنىڭ چېكى يوقتۇر.

ئەمما ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىلەردىن قىرائەت ساقىت بولىدۇ. چۈنكى ئىمامنىڭ ئوقۇغىنى ئۇلار ئۈچۈن كۇپايىدۇر[1].

نامازدا قىرائەتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَاقْرَؤُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ**﴾ يەنى «قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازغا تۇرغىنىڭدا ئاۋۋال تەكبىر ئېيتقىن، ئاندىن قۇرئاندىن ساڭا قولاي بولغاننى ئوقۇغىن»[3].

نامازدا پەرز بولغان قىرائەت مۇتلەق قىرائەت قىلىش بولۇپ، قۇرئاننىڭ قايسىبىر سۈرىسىنى ياكى قايسىبىر ئايەتلىرىنى ئوقۇش بىلەن پەرز ئادا بولىدۇ.

ئەمما ئىمامغا ئىقتىدا قىلغانلارنىڭ قۇرئان ئوقۇماسلىقىنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُواْ لَهُ وَأَنصِتُواْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**﴾ يەنى «ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار»[4].

---

(1) رد المحتار 1 ـ توم 415 ـ بەت.

(2) مۇززەممىل سۈرىسى 20 ـ ئايەت.

(3) فەتھۇلبارىي.

(4) ئەئراف سۈرىسى 204 ـ ئايەت.

بۇئايەت، قۇرئان ئوقۇلغاندا مەيلى نامازدا بولسۇن، مەيلى ناماز سىرتىدا بولسۇن، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش ۋە بىر نەرسە ئوقۇماستىن جىم تۇرۇشنىڭ پەرزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## نامازنىڭ تۆتىنچى پەرزى: رۇكۇ

رۇكۇ — باش بىلەن دۈمبىنى قوللار تىزلارغا ئازادە يەتكىچىلىك ئېگىش دېگەنلىك بولۇپ، رۇكۇدا بويۇن بىلەن دۈمبە تەكشى ھالدا باراۋەر بولۇشى شەرتتۇر. رۇكۇدا باشنى كۆتۈرۈۋېلىش ياكى ساڭگىلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئىككى قولنىڭ بارماقلىرى ئېچىلغان ھالدا تىزلارنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. رۇكۇدا ئەرلەر جەينەكلىرىنى قورساقىغا تەككۈزمەيدۇ. ئەمما ئاياللار جەينەكلىرىنى قورساقىغا چاپلاپ تۇرىدۇ[1].

نامازدا رۇكۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ارْكَعُوا وَاسْجُدُوا وَاعْبُدُوا رَبَّكُمْ وَافْعَلُوا الْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ**﴾ يەنى «ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار(يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (ياالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار»[2].

ئەبۇ ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇكۇدىكى ئەھۋالىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇغا بارغىنىدا، ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى ئاچقان ھالدا تىزلىرىغا قويدى، ئاندىن بېشىنى ئېگىز ـ پەس قىلماستىن دۈمبىسىنى بويىنى بىلەن رۇس قىلدى»[3].

## نامازنىڭ بەشىنچى پەرزى: سەجدە

سەجدە — پېشانىنى يەرگە قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى خارلىقىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە كەمتەرلىكىنى ئىزھار قىلىش دېمەكتۇر. پۈتۈن فىقھىشۇناس ئالىملار سەجدىنىڭ يەتتە ئەزانى يەرگە تەكشى قويۇش بىلەن تولۇق ئادا تاپىدىغانلىقىغا ئىتتىپاقتۇر. بۇ ئەزالار: پېشانە، بۇرۇن، ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇتتىن ئىبارەت.

---

(1) فتح القدير 1ـ توم 193 ـ بەت.

(2) ھەج سۈرىسى 77 ـ ئايەت.

(3) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

بـۇ پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ھەدىــسى بىــلەن ســابىت بولغــان بولــۇپ، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: **أُمِرْتُ أن أسجُدَ على سَبعَةِ أَعظُمٍ: علــى الجَبهــةِ ــ وأشــارَ بيده على أنفه ــ واليَدَينِ والرُّكبَتَينِ وأطراف القَــدَمَين** تەرجىمىسى: « مەن يەتـتە چوڭ ئەزا بىـلەن سـەجدە قىلىـشقا بۇيرۇلـدۇم. (قـولى بىـلەن ئىـشارەت قىلىـپ دەيـدۇ) ئـۇلار: پېـشانە، بۇرۇن، ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇتتۇر»[1].

ئىككـى سـەجدە ئارىلىقـىدىكى ئولتۇرۇشـتا، ئەرلەر سـول پۇتىنىـڭ ئۈسـتىگە ئولتۇرىـدۇ ۋە ئـوڭ پـۇتىنى تىكـلەپ ئىككـى پۇتىنىـڭ بارمـاقلىرىنى قىـبلىگە قارىتىـدۇ، بارماقلارىنىـڭ ئاسـتىنى يەرگە بېـسىپ ئولتۇرىـدۇ. ئەممـا ئايـاللار ئىككـى پـۇتىنى ئـوڭ تەرەپـكە يـاتقۇزۇپ، پاقـالچىقىنى بېــسىپ ئولتۇرىــدۇ. ئىككــى ســەجدە ئارىلىقىــدا ئالــدىرىماي ئولتــۇرۇش ۋاجىبتۇر[2].

نامازدا سەجدىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُــوا ارْكَعُــوا وَاسْــجُدُوا وَاعْبُدُوا رَبَّكُمْ وَافْعَلُوا الْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ**﴾ يەنـى « ئـى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچـۈن رۇكـۇ قىلىڭـلار، سـەجدە قىلىڭـلار (يەنـى تەزەررۇ بىـلەن نامـاز ئوقـۇڭلار)، (يـالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغـا ئىبـادەت قىلىڭـلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنـى خىش ـ ئەقرىبالارغـا سـىلەر ـ رەھـم قىلىـش، يېـتىم ـ يېـسىرلەرنىڭ بېـشىنى سـىلاش، كېچـىسى تەھەججـۇد نـامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار»[3].

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام نامــازنى نــاقىس ئوقۇغــان بىــر ئــادەمگە مۇنــداق دەپ تەلىــم بەرگەن: «... ئانــدىن ســەجدە قىلغىنىكــى، ســەجدىنى ۋۇجــۇدۇڭ ئــارام تاپقىــدەك ۋاقىــت ئالدىرىماســتىن قىلغىــن، ئانــدىن ســەجدىدىن بېــشىڭنى كۆتــۈرۈپ ئولتــۇرغىنكى، پۈتــۈن ۋۇجۇدۇڭ ئارام تاپقىدەك ۋاقىت ئولتۇرغىن، ھەممە نامازلىرىڭدا شۇنداق قىلغىن»[4].

### نامازنىڭ ئالتىنچى پەرزى: قەئدە ئاخىر

قەئدە ئاخىر يەنـى نامازنىـڭ ئاخىرىـدىكى ئولتۇرۇشـتا خـۇددى ئىككـى سـەجدە ئارىلىقىـدا

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) رد المحتار 1 ـ توم 432 ـ بەت.

(3) ھەج سۈرىسى 77 ـ ئايەت.

(4) بۇخارى رىۋايىتى.

ئولتۇرغانــدەك ئولتۇرىلــدۇ. نامازنىــڭ ئاخىرىــدىكى ئولتۇرۇشــنىڭ پەرز بولغــان مىقــدارى تەشەھھۇدنىڭ مىقدارىــدۇر (يەنــى ئەتتەھىياتۇنى ئوقـۇپ بولغىچىلىـك) ۋاقىتتـۇر. ئۇنىڭـدىن ئـارتۇقى سۈننەتتۇر. ئەمما « ئەتتەھىيـاتۇ»نـى ئوقـۇش ۋاجىبتـۇر. ھەتتـا تەھىيـات دۇئاسـىنى ئوقـۇپ بولغانـدىن كېيىنلا، قايىسىبىر سەۋەب بىـلەن نامـازدىن چىقىشقا بولىـدۇ. ئابـدۇللاھ ئىبنــى ئەمــر ئىبنــى ئـــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ »ئىمــام سـەجدىدىن بېـشىنى كۆتـۈرۈپ، تەشــەھھۇد مىقــدارى(تەھىيــات دۇئاســنى ئوقــۇپ بولغىچىلىـك ۋاقىــت) ئولتۇرغانـدىن كېيىن، جامائەت سۆزلىسىمۇ يـاكى بىـر نەرسـە يېسىمۇ ئۇنىڭ نامىزى تامام بولغان بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى رىۋايەت قىلغان[1].

شـۇنداقلا، جامائەت تەشـەھھۇد مىقدارى ئولتـۇرۇپ بولغانـدىن كېيىن، ئىمامـدىن بـۇرۇن نامازدىن چىقسىمۇ ئۇلارنىڭ نامىزى تاماملانغان بولىدۇ[2].

تەشەھھۇد دېگەن نېمە؟

تەشــــەھھۇد — نامــــازدا تەھىيــــات دۇئاســــنى ئوقــــۇش دېمەكتــــۇر. تەھىيـات(ئەتتەھىيـاتۇ)دۇئاسـى ئـاللاھ تائالانىـڭ بىرلىكـى ۋە مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقلىقىنى جاكارلىغـان شـاھادەت كەلىمىسـىنى ئـۆز ئىچىـگە ئالغانلىقى ئۈچۈن«تەشـەھھۇد» (گۇۋاھلىق بېرىش) دەپ ئاتالغان.

قەئدە ئاخىرنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا تەلىم بېرىـپ: **صَلُّوا كَمَا رَأَيْتُمُونِي أُصَــلِّي** يەنـى « نامازنى مەن ئوقۇۋاتقاندەك ئوقۇڭلار» دەپ كۆرسەتكەن[3].

ۋائىــل ئىبنــى ھەجەردىــن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى: « مەن پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ قانـداق نامـاز ئوقۇيـدىغانلىقىنى كـۆزۈم بىـلەن كـۆرۈپ ئـۆگىنىش ئۈچـۈن مەدىـنىگە كەلـدىم ۋە كــۆردۈمكى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام نامــازدا ئولتۇرغىنىــدا ســول پۇتىنىــڭ ئۈســتىگە ئولتــۇرۇپ، ســول قــولىنى ســول يوتىــسىنىڭ ئۈســتىگە قويىــدىكەن ۋە ئــوڭ پــۇتىنى تىكلەيدىكەن»[4].

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) تحفة الفقهاء 47 ـ بەت.
(3) ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.
(4) تىرمىزى رىۋايىتى، « سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.

**نامازنىڭ ۋاجىبلىرى**

نامازنىڭ ۋاجىبلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ نامازغا باشلىغاندا ﴿ اَللّٰهُ اَكْبَرْ ﴾(ئاللاھۇ ئەكبەر) دېگەن تەكبىرنى ئېيتىش.

2 ـ پەرز نامازلارنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ رەكئەتلىرىدىن باشقا پۈتۈن نامازلاردا، فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن، بىر سۈرە ئوقۇش ياكى ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقۇش.

3 ـ سەجدىدە، بۇرۇن بىلەن پېشانىنى باراۋەر يەرگە تەككۈزۈش.

4 ـ ئىككى سەجدىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىش.

5 ـ ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىن كېيىن ئولتۇرۇش.

6 ـ ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىن كېيىنكى ئولتۇرۇشىدا « ئەتتەھىياتۇ» نى ئوقۇپ بولۇپلا كېچىكمەستىن ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرۇش.

7 ـ نامازدىكى پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىبلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ھەر بىر پائالىيەتنى ئالدىرىماستىن قىلىش.

8 ـ ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىن كېيىنكى ئولتۇرۇشتا ۋە نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا «ئەتتەھىياتۇ» نى ئوقۇش.

9 ـ ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت تەكبىرىنى ئېيتىش ۋە قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇش.

10 ـ نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، ئىككى تەرەپكە سالام بېرىش.

11 ـ جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلاردىن: بامدات، جۈمە، ھېيت، تەراۋىھ، ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە؛ شام، خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە، مەيلى ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز بولسۇن، مەيلى قازا ناماز بولسۇن ئىمامنىڭ قىرائەتنى(فاتىھە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان سۈرىنى) ئاشكارا، ئاۋازلىق ئوقۇشى.

12 ـ جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلاردىن پېشىن بىلەن ئەسىر نامازلىرىدا ئىمامنىڭ قىرائەتنى مەخپى ئوقۇشى.

13 ـ قىرائەتتە فاتىھە سۈرىسىنى باشقا سۈرىدىن ئاۋۋال ئوقۇش.

14 ـ ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ قىرائەتنى مەخپى ئوقۇلىدىغان پېشىن، ئەسىر، ۋىتىر، بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرى ۋە نەپلە نامازلاردا قىرائەتنى مەخپى ئوقۇشى، ئەمما بامداتنىڭ پەرزى، شام ۋە خۇپتەننىڭ پەرزلىرىگە ئوخشاش قىرائەتنى

ئاشكارا ئوقۇلىدىغان نامازلاردا — مەيلى ئۇ ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز بولسۇن، مەيلى قازا ناماز بولسۇن — قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇش ياكى ئاشكارا ئوقۇش ئىختىيارى بويىچە ئىش كۆرۈشى. (ئەمما ئاشكارا ئوقۇش ئەۋزەلدۇر).

15 ـ ئېھتىياج تېپىلغاندا سەجدە سەھۋى قىلىش.

16 ـ جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدىغانلار (جامائەتلەر) نىڭ ئىمام قىرائەت قىلغاندا جىم تۇرۇشى.

17 ـ ھېيت نامازلىرىنىڭ ئارتۇق تەكبىرلىرىنى ئېيتىش[1].

## نامازنىڭ سۈننەتلىرى

نامازنىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ نامازغا باشلىغاندا، ۋىتىر نامىزىنىڭ قۇنۇتنى ئوقۇشقا باشلىغاندا ۋە ھېيت نامازلىرىنىڭ تەكبىرلىرىنى ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ قوللىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ يۇمشىقىغا قەدەر، ئاياللارنىڭ قوللىرىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرۈشى.

2 ـ ھەر نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتىنىڭ باشلىنىشىدا مەخپىي ھالدا، سانا ﴿ **سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ**﴾ ( سۇبھانەكەللاھۇممە...)نى ئوقۇش.

3 ـ فاتىھە سۈرىسىدىن ئاۋۋال «ئەئۇزۇ» بىلەن «بىسمىللاھ» نى تولۇق ئوقۇش.

4 ـ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەخپىي ياكى ئاشكارا »ئامىين« دېيىش.

5 ـ قىيامدا(ئۆرە) تۇرغاندا ئەرلەرنىڭ ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كىندىكىنىڭ ئاستىدا تۇتۇشى، ئاياللار قوللىرىنى كۆكسىدە تۇتۇشى.

6 ـ نامازدا ئۆرە تۇرغاندا، ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىنى ئەڭ ئاز دېگەندە تۆت بارماق ئارىلىقىنى ئازادە سىغقۇدەك ئوچۇق تۇتۇش.

7 ـ رۇكۇدىن تۇرغاندا، ﴿ **سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ** ﴾ (سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ) ۋە ﴿ **رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ**﴾ (رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ)« دېيىش.

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 18 ـ بەت.

8 ـ رۇكۇ ۋە سەجدىلەرگە بېرىش، بىرىنچى سەجدىدىن تۇرۇش، ئىككىنچى سەجدىگە بېرىش، يەنە سەجدىدىن تۇرۇش قاتارلىق يۆتكىلىشلەرنىڭ ھەممىسىدە، ﴿ **اَللّٰهُ اَكْبَرْ** ﴾(ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىش.

9 ـ رۇكۇدا ﴿ **سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيْمِ** ﴾ (سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم)نى، سەجدىدە ﴿ **سُبْحَانَ رَبِّيَ الْاَعْلٰى** ﴾ (سۇبھانە رەببىيەل ئەلا) نى ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىمدىن دېيىش.

10 ـ رۇكۇدا قوللارنىڭ بارماقلىرىنى ئاچقان ھالدا تىزلارنى تۇتۇپ، (ئەرلەر بېلىنى تۈز قىلىپ) تۇرۇش.

11 ـ سەجدىگە بېرىشتا ئاۋۋال تىزلارنى، ئاندىن قوللارنى، ئاندىن پېشانىنى يەرگە قويۇش، سەجدىدىن تۇرۇشتا بۇ تەرتىپنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرۈش.

12 ـ نامازدىكى ئولتۇرۇشتا، ئەرلەرنىڭ سول پۇتلىرىنى ياتقۇزۇپ ئۈستىگە ئولتۇرغان ۋە ئوڭ پۇتلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ تىكلىگەن، ئاياللارنىڭ سول ۋە ئوڭ پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ ئۈستىگە ئولتۇرغان ھالدا، قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئولتۇرۇشى.

13 ـ نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا، «ئەتتەھىياتۇ» دىن كېيىن «ئاللاھۇممەسەللى ئەلا»، «ئاللاھۇممە بارىك ئەلا» دۇرۇدلىرىنى ۋە «رەببەنا» دۇئاسىنى ئوقۇش.

14 ـ سالام بېرىشتە ئاۋۋال ئوڭ تەرەپكە، ئاندىن سول تەرەپكە باشنى سىلىق چۆرىگەن ھالدا: ﴿ **اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ** ﴾ (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ) دېيىش[1].

15 ـ تەشەھھۇد ئوقۇغاندا، ئوڭ قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قىبلىگە ئىشارەت قىلىپ ئولتۇرۇش[2].

## نامازنىڭ ئەدەپلىرى

نامازنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ تەكبىر تەھرىمەدە(نامازغا باشلاش تەكبىرىدە)ئىككى قولنى يەڭلەردىن چىقارغان ھالدا، ئەرلەرنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا قەدەر، ئاياللارنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 18 ـ بەت.

(2) صفة صلاة النبي 158-بەت.

باراۋىرىدە كۆتۈرۈشى.

2 ـ نامازدا ئۆرە تۇرغاندا كۆزنى سەجدە قىلىدىغا جايغا، رۇكۇدا پۇتلارنىڭ ئۇچلىرىغا، سەجدىدە بۇرۇننىڭ ئۇچىغا، ئولتۇرغاندا ئىككى تىزنىڭ ئارىسىغا، سالام بەرگەندە مۈرىسىگە قارىتىش[1].

3 ـ نامازدا، قەلب ئاللاھقىلا يۈزلىنىپ تۇرۇشى.

4 ـ نامازدا ئاللاھقا بولغان ئىخلاس ۋە مۇھەببەتنىڭ ئەڭ چېكىگە يېتىشى.

5 ـ نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتكەن، ئازابىدىن قورققان هالدا تۇرۇش.

6 ـ نامازدا دۇنيالىق ئوي ـ پىكىر ۋە خىياللاردىن قەتئىي ئايرىلغان هالدا، ئاللاھ تۇيغۇسى بىلەنلا مەشغۇل بولۇش.

## ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرى

### بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشى

نامازنىڭ شەرتلىرىنى هازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، تاهارەت بىلەن پاكىز يەرگە بارىمىز. ئەگەر يەرنىڭ پاكىز بولماسلىق ئېهتىمالى بولسا، جايناماز ئىشلىتىمىز. جاينامازنىڭ يۆنىلىشىنى قىبلىگە قارىتىپ سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، قىبلىگە يۈزلەنگەن هالدا تۈپتۈز ئۆرە تۇرۇپ ئىچىمىزدە « ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلدىم» دەپ نىيەت قىلىمىز ۋە ﴿ اَللّٰهُ اَكْبَرْ ﴾ (ئاللاهۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئىككى قولىمىزنى ئىككى قۇلاقنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرىمىز. ئالقانلارنى قىبلىگە قارىتىمىز، ئاياللار تەكبىردە ئىككى قولنى ئىككى مۈرىسىگىچە كۆتۈرىدۇ. ئالقانلىرىنى ئەرلەرگە ئوخشاش قىبلىگە قارىتىدۇ.

تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن قوللىرىمىزنى چۈشۈرۈپ كىندىكىمىزنىڭ ئاستىغا قويۇپ قول باغلاپ تۇرىمىز، يەنى ئوڭ قولىمىزنىڭ ئالقىنىنى سول قولىمىزنىڭ ئالقىنىنىڭ دۈمبىسى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوڭ قولىمىزنىڭ باش ۋە چىمچىلاق بارماقلىرى بىلەن سول قولىمىزنىڭ بېغىشىنى تۇتىمىز، كۆزلەر سەجدىگاهقا قاراپ تۇرىدۇ، ئوڭ ـ سولغا ياكى يۇقىرى ـ تۆۋەنگە قاراشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا كۆزلەرنى يۇمۇۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئىككى پۇتنىڭ ئارىلىقى تۆت بارماق سىغقۇدەك كەڭلىكتە ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ. تىزلارنى

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 18 ـ بەت.

ئەگمەستىن تىك تۇتىمىز، باش گەۋدە ئوڭ - سولغا تەۋرەنمەستىن ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئاياللار قول باغلاشتا، قوللىرىنى كۆكرەكلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرىدۇ. ئوڭ قوللىرى سول قوللىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. كۆزلىرىنى سەجدىگاھقا قارىتىپ، پۇتلىرىنى ھەم جۈپلەشتۈرىدۇ، تىزلىرى تىك تۇرىدۇ.

تەكبىر ئېيتىپ قول باغلىغاندىن كېيىن، مۇنۇ سانانى ئوقۇيمىز: ﴿**سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدُّكَ وَلاَ الَهَ غَيْرُكَ**﴾ (سۇبھانەكەللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋەتەئەلا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇك)، ئاندىن﴿ **أعُوذ بِالله مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ**﴾ (ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم)، ﴿ **بِسْمِ الله الرَّحْمنِ الرِّحِيْمِ** ﴾ (بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم)دەيمىز.

ئاندىن فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيمىز.

فاتىھە سۈرىسى: ﴿**الْحَمْدُ للّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ● الرَّحْمـنِ الرَّحِيمِ ● مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ● إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ● اهدِنَــــا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ ● صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ**﴾ ئوقۇلىشى: « ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين. ئەررەھمانىر رەھىيم. مالىكى يەۋمىددىين. ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىيياكە نەستەئىين. ئىھدىنەس - سىراتەل مۇستەقىيم، سىراتەللەزىينە ئەنئەمتە ئەلەيھىم غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەددالليين» ئامىين!

فاتىھە سۈرىسى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر سۈرە ياكى ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقۇيمىز، مەسىلەن: مائۇن سۈرىسى: ﴿**أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ ● فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ ● وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ ● فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ ● الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ ● الَّذِينَ هُمْ يُرَاؤُونَ ● وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ**﴾ ئوقۇلىشى: « ئەرە ئەيتەللەزى يۇكەززىبۇ بىددىين. فەزالىكەللەزى يەدۇئئۇل يەتىيم. ۋەلا يەھۇززۇ ئەلا تەئامىل مىسكىين. فەۋەيلۇن لىلمۇسەللىين. ئەللەزىينە ھۇم ئەن سالاتىھىم ساھۇۇن. ئەللەزىينە ھۇم يۇرائۇۇن. ۋە يەمنەئۇنەل مائۇۇن».

ئۇنىڭدىن كېيىن ﴿ **اَللّٰهُ اَكْبَرْ** ﴾(ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىمىز. رۇكۇدا ئىككى قولىمىز بىلەن ئىككى تىزىمىزنى تۇتۇپ باش بىلەن بەل قىسمىنى

ئوخشاش تەكشىلىكتە تۈز ئېگىمىز. ئاياللار يېرىم ئېگىلىدۇ. قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىدە تۈز تۇتىدۇ. رۇكۇدا ئۈچ قېتىم ﴿**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيْمِ**﴾ (سۇبھانە رەببىيەل ئەزىيم) دەيمىز.

رۇكۇدىن تۇرۇشتا ﴿**سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ**﴾ (سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ) دەپ تۇرىمىز. رۇكۇدىن تۇرۇپ ئۆرە تۈپتۈز بولغاندىن كېيىن﴿ **رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ**﴾ ( رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ) دەيمىز ۋە بىر ئاز تۇرىمىز.

ئاندىن﴿ **اَللهُ اَكْبَرْ** ﴾(ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ سەجدىگە بارىمىز. سەجدە قىلىشتا ئاۋۋال تىزلىرىمىزنى، ئاندىن قوللىرىمىزنى، ئاندىن پېشانىمىزنى، ئەڭ ئاخىرىدا بۇرنىمىزنى يەرگە تەككۈزىمىز. پېشانە ئىككى قولنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرىلىنىدۇ. جەينەكلەر يەرگە تەگمەيدۇ، يوتىلار قورسىقىمىزغا تەككۈزۈلمەيدۇ. ئىككى پۇتىمىزنى بىر - بىرىگە جۈپلەشتۈرۈپ تۇرىمىز. قول ۋە پۇت بارماقلىرىمىز قىبلىگە قارىتىلىدۇ. ئاياللار پۇتلىرىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇ قىلىپ ياتقۇزىدۇ. جەينەكلىرى يەرگە تەككۈزىلىدۇ. تىزلىرىنى قورساقلىرىغا چاپلاپ تۇرىدۇ.

سەجدە ئەسناسىدا، ئۈچ قېتىم ﴿ **سُبْحَانَ رَبِّيَ الْاَعْلَى** ﴾(سۇبھانە رەببىيەل ئەلا) دەيمىز ۋە ﴿ **اَللهُ اَكْبَرْ** ﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر)دەپ باشنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرىمىز. سەجدىدىن تۇرۇشتا ئاۋۋال يۈز، ئاندىن قوللار، ئاندىن تىزلار كۆتۈرىلىدۇ. ئىككى سەجدە ئوتتۇرىسىدىكى ئولتۇرۇشتا ئەڭ ئاز دېگەندە «سۇبھانەللاھ» دېگۈچىلىك ۋاقىت ئولتۇرىمىز، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئارىدا﴿**رَبِّ اغْفِرْلِي، رَبِّ اغْفِرْلِي** ﴾ (رەببىغفىرلىي، رەببىغفىرلىي)دەپ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيتتى). ئاندىن قايتا ﴿ **اَللهُ اَكْبَرْ** ﴾(ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر بىلەن يەنە سەجدىگە بارىمىز. سەجدىدە يەنە ئۈچ قېتىم ﴿ **سُبْحَانَ رَبِّيَ الْاَعْلَى** ﴾ (سۇبھانە رەببىيەل ئەلا) دەيمىز.

ئىككىنچى سەجدىدىن كېيىن يەنە﴿ **اَللهُ اَكْبَرْ**﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئۆرە تۇرىمىز ۋە ئىككىنچى رەكئەتكە باشلايمىز. ئىككىنچى رەكئەتتە « بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» نى ئوقۇيمىز. ئاندىن فاتىھە سۈرىسىنى ئوقوپ بولۇپ، «ئامىين» دەيمىز. ئاندىن قۇرئاندىن خالىغان سۈرىدىن بىرىنى ياكى ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقۇيمىز. مەسىلەن: كەۋسەر سۈرىسى ﴿**إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ . فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ. إِنَّ**

**شَانِئَكَ هُــوَ الْــأَبْتَرُ**﴾ ئوقۇلىشى: « ئىننا ئەئتەينا كەلكەۋسەر. فەسەللى لىرەببىكە ۋەنھەر. ئىننە شانىئەكە هۇۋەل ئەبتەر».

ئاندىن خۇددى بىرىنچى رەكئەتتە قىلغىنىمىزغا ئوخشاش رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى تاماملاپ بولۇپ، ﴿ **اَللّٰهُ اَكْبَرْ** ﴾(ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئولتۇرىمىز.

## ئەرلەرنىڭ ئولتۇرۇش شەكلى

نامازدا ئولتۇرغاندا، ئەرلەر ئوڭ پۇتنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەر ئوڭ پۇتنى تىك تۇتىدۇ، سول پوتنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ ئولتۇرىدۇ. ئىككى قولنى بارماقلىرىنى ئەركىن ئاچقان هالدا ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ ۋە كۆزىنى قۇچىقىغا قارىتىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ئولتۇرۇش شەكلى

ئاياللار ئىككى پۇتنى ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇپ، پاقالچىقىنى بېسىپ ئولتۇرىدۇ. قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كۆزلىرىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قارىتىدۇ.

ئولتۇرغاندا ئاۋۋال تەهىيات« ئەتتەهىياتۇ» دۇئاسى ئوقۇلىدۇ.

تەهىيات دۇئاسى

﴿**اَلتَّحِيّاتُ للّٰهِ وَالصَلَوَاتُ والطيِّباتُ، السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّها النَّبيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبرَكَاتهُ، السَّلَامَ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَالِحيَن أَشْهَدُ أنْ لاَ إلِهَ إلاّ اللهُ، وأشهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ**﴾

ئوقۇلۇشى:«ئەتتەهىياتۇ لىللاهى ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييباتۇ ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئەييۇهەننەبىييۇ ۋەرەهمەتۇللاهى ۋەبەرەكاتۇهۇ، ئەسسالامۇئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاهىس - سالىهيىن. ئەشهەدۇ ئەن لائىلاهە ئىللەللاهۇ ۋە ئەشهەدۇ ئەننە مۇهەممەدەن ئەبدۇهۇ ۋە رەسۇلۇهۇ».

تەرجىمىسى: « جىمى مەدھىيلەر، بەش ۋاخ ناماز ۋە باشقا جىسمانىي ئىبادەتلەر، ياخشى ئەمەللەر ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھنىڭ سالامى، رەهمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن ئى ئۇلۇغ پەيغەمبەر! بىز(نامازغا هازىر بولغان بارلىق جامائەت ۋە پەرىشتىلەر)گە ۋە ئاللاهنىڭ ياخشى بەندىلىرىگىمۇ ئاللاهنىڭ ئاپىيتى ۋە ئامانلىقى بولغاي. ئاللاهتىن باشقا هەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاللاهنىڭ بەندىسى ۋە بەرهەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن گۇۋاهلىق بېرىمەن».

ئاندىن «ئاللاھۇمما سەللى» ۋە «ئاللاھۇمما بارىك»،« رەببەنا»لار ئوقۇلىدۇ:

ئاللاھۇمما سەللى ئەلا دۇرۇتى

**﴿اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلىَ مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلىَ إبرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إبرَاهِيْمَ إنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ ﴾.**

ئوقۇلۇشى:« ئەللاھۇمما سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋەئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيد».

تەرجىمىسى: « ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت ئاتا قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رە ۋەھمەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىق ئۇلۇغ زاتسەن».

ئاللاھۇمما بارىك ئەلا دۇرۇتى

**﴿اَللَّهُمَّ بَارِكَ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إبرَاهِيمَ وَعَلَى آل إبرَاهِيْمَ إنَّك َحَمِيدٌ مجِيدٌ ﴾.**

ئوقۇلۇشى:« ئاللاھۇمما بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيد».

تەرجىمىسى: « ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ شەنىنى كۆتۈرگىنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ شەنىنى يۇقىرى قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىق ئۇلۇغ زاتسەن».

رەببەنا دۇئاسى

**﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾.**

ئوقۇلۇشى: « رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئەزابەننار».

تەرجىمىسى: « ئى ئاللاھ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».

يۇقىرىقىلار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، باشنى ئاۋۋال ئوڭ تەرەپكە سىلىق چۆرۈپ ﴿

**اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَــةُ اللهِ** ﴾ (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ) دەيمىز، ئاندىن باشنى سول تەرەپكە سىلىق چۆرۈپ ﴿ **اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَــةُ اللهِ** ﴾(ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمە تۇللاھ ) دەپ سالام بېرىمىز.

بۇنىڭ بىلەن بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغان بولىمىز.

بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلىشى

بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلىشمۇ، خۇددى ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشىغا ئوخشاشتۇر. پەقەت نىيەت پەرقلىق بولىدۇ. چۈنكى سۈننەتكە سۈننەت، پەرزگە پەرز دەپ نىيەت قىلىش كېرەك. يەنە بىر پەرقى شۇكى، بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇش ئالدىدا ئەرلەر ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش سۈننەتتۇر. (ئاياللارغا كېرەك ئەمەس). بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە »ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلدىم«دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

## پېشىن نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى

پېشىننىڭ ئاۋۋالقى سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشى

ئاۋۋال پېشىننىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇش ئۈچۈن نىيەت قىلىمىز. ئاندىن بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئىككى رەكئەت ئوقۇپ ئولتۇرىمىز. ئولتۇرغاندا، »تەھىيات«دۇئاسىنىلا ئوقۇيمىز، ئاندىن ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىمىز. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتلەرنىمۇ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتكە ئوخشاش شەكىلدە ئوقۇپ بولۇپ، ئولتۇرىمىز. بۇ ئولتۇرۇشتا «تەھىيات»، «سەللى»، «بارىك» ۋە «رەببەنا»لارنى تولۇق ئوقۇيمىز. ئاندىن ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ نامازدىن چىقىمىز.

پېشىننىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلىشى

ھەر قانداق پەرز نامازغا باشلاشتىن بۇرۇن، ئەرلەرنىڭ تەكبىر ئېيتىشى سۈننەتتۇر. تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن پېشىننىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز ۋە ﴿ **اَللّٰهُ اَكْبَرْ** ﴾(ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ نامازغا باشلايمىز. دەسلەپكى ئىككى رەكئەت خۇددى بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرىمىز. ئولتۇرۇشتا، « تەھىيات» دۇئاسىنىلا ئوقۇيمىز ۋە ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىمىز. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكئەتلەردە پاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن سۈرە ئوقۇمايمىز. تۆتىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرۇپ «تەھىيات»،« سەللى»، «بارىك» ۋە «رەببەنا»لارنى ئوقۇيمىز ۋە ئىككى

تەرەپكە سالام بېرىمىز.

پېشىنىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەتلىنىڭ ئوقۇلۇشى

ئاۋۋال پېشىنىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن ئۇنى خۇددى بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇيمىز.

## ئەسىر نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

ئەسىر نامىزىنىڭ تەكىتسىز تۆت رەكئەت سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى

ئاۋۋال ئەسىر نامىزىنىڭ تەكىتسىز سۈننىتىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن بۇ سۈننەتنى خۇددى پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىنقى تۆت رەكئەت سۈننىتىگە ئوخشاشلا ئوقۇيمىز.

ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى

ئاۋۋال تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن، ئۇنى خۇددى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىگە ئوخشاشلا ئوقۇيمىز.

## شام نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

شام نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى

ئاۋۋال تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، شام نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. شام نامىزىنىڭ پەرزى ئۈچ رەكئەت بولۇپ، ئۇ، بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە ئوخشاش ئىككى رەكئەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرىلىدۇ. بۇ ئولتۇرۇشتا، «تەھىيات» دۇئاسىنىلا ئوقۇپ ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىمىز. ئۈچىنچى رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىنىلا ئوقۇيمىز، ئاندىن رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ، « تەھىيات»، «سەللى»، «بارىك» ۋە« رەببەنا»لارنى ئوقۇپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىمىز.

شام نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلۇشى

ئاۋۋال شام نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشنى نىيەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇنى خۇددى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئوقۇيمىز.

## خۇپتەن نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئوقۇلۇشى

ئاۋۋال تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇشقا نىيەت

قىلىمىز. ئاندىن ئۇنى، خۇددى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇغانغا ئوخشاش ئوقۇيمىز.

خۇپتەن نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ ئوقۇلىشى

ئاۋۋال خۇپتەن نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن ئۇنى خۇددى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاشلا ئوقۇيمىز.

## ۋىتىر نامىزى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلىشى

ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇش ۋاجىبتۇر. ئۇ، خۇپتەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ۋىتىر ئۈچ رەكئەتتۇر. ئادەتتە ۋىتىر نامىزى يالغۇز ئوقۇلىدۇ. رامىزاندا تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن جامائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ. ۋىتىر نامىزى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا جامائەت بولۇپ ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

ۋىتىر نامىزىنىڭ ئوقۇلىشى

ئاۋۋال ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇشقا نىيەت قىلىمىز. ئاندىن بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە ئوخشاش ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرىمىز. بۇ ئولتۇرۇشتا »تەھىيات« دۇئاسىنىلا ئوقۇپ، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرىمىز. ئۈچىنچى رەكئەتتە بىسمىللاھنى تولۇق ئوقۇپ، سۈرە فاتىھە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ بولۇپ، قوللارنى تۆۋەنكى ئىككى يانغا قويۇپ بەرگەن ھالدا، ﴿اللّٰهُ اَكْبَرْ﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىپ قولىمىزنى قۇلاق ئېگىزلىكىدە يۇقىرى كۆتۈرىمىز. ئاندىن قوللارنى قايتىدىن كىندىك ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ، «قۇنۇت» دۇئاسىنى ئوقۇيمىز.

قۇنۇت دۇئاسى

**﴿اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ وَنُؤْمِنُ بِكَ وَ نَتَوَكَّلُ عَلَيْكَ وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخَيْرَ نَشْكُرُكَ وَلاَ نَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ مَنْ يَفْجُرُكَ. اَللّٰهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَلَكَ نُصَلِّي وَنَسْجُدُ وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ نَرْجُو رَحْمَتَكَ وَنَخْشَى عَذَابَكَ اِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ﴾.**

ئوقۇلىشى:« ئاللاھۇممە ئىننا نەستەئىينۇكە ۋە نەستەغفىرۇكە ۋە نۇئمىنۇ بىكە ۋە نەتەۋەككەلۇ ئەلەيكە ۋە نۇسنى ئەلەيكەل خەيرە، نەشكۇرۇكە ۋەلا نەكفۇرۇكە ۋە نەخلەئۇ مەن يەفجۇرۇكە. ئاللاھۇممە ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە لەكە نۇسەللى ۋە نەسجۇدۇ ۋە ئىلەيكە نەسئا ۋە نەھفىدۇ نەرجۇ رەھمەتەكە ۋە نەخشا ئەزابەكە، ئىننا ئەزابەكە بىل كۇففارى مۇلھىق».

تەرجىمىسى: « ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ياردەم سورايمىز،سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز، ساڭا ئىشىنىمىز، ساڭا تەۋەككۇل قىلىمىز، سېنى ياخشى تەرىپلەر بىلەن مەدھىيىلەيمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىمىز، ناشۈكۈرلۈك قىلمايمىز ۋە ساڭا ئاسىيلىق قىلغاندىن يۈز ئۆرۈيمىز. ئى ئاللاھ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەن ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز ۋە سەجدە قىلىمىز، سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىمىز ۋە ئالدىرايمىز، رەھمىتىڭنى ئۈمىت قىلىمىز ۋە ئازابىڭدىن قورقىمىز. ھەقىقەتەن سېنىڭ ئازابىڭ كۇففارلارغا يەتكۈچىدۇر».

## نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار

﴿اَسْتَغفِرُاللّٰهَ اَسْتَغفِرُاللّٰهَ اَسْتَغفِرُاللّٰهَ، اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلَامُ، وَ مِنْكَ السَّلَامُ، تَبَارَكْتَ يَاذَا الْجَلَالِ وَالإِكْـرَامُ﴾

تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سەن تىنچلىق بەرگۈچىسەن، تىچلىق زادى سېنىڭدىن. ئى ئۇلۇغلۇق ۋە پەزلى ـ كەرەم ئىگىسى بولغان ئاللاھ سەن ھەقىقەتەن كاتتىلارنىڭ كاتتىسىسەن»[1]

﴿لاَإِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، اَللّٰهُمَّ لاَمَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلاَمُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَيَنْفَعُ ذَا الْجَـدِّ مِنْكَ الْجَـدُّ﴾ تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. ئى ئاللاھ! سەن ئاتا قىلغاننى توسۇۋالغۇچى يوق ۋە سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق، سېنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ»[2]

﴿لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، لاحـولَ ولا قوةَ إلا باللّٰه، لاَ نَعْبُدُ إِلَّا إِيَّاهُ، لَهُ الْمَنُّ، وَلَهُ النِّعْمَة، وَلَهُ الفَضْلُ وَالثَّنَاءُ الْحَسَنُ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ، وَلَو كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾.

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ تائالادىندۇر. بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇ نېمەت ۋە پەزلى ـ كەرەم ئىگىسىدۇر، ئۇ ئەڭ ئېسىل ھەمدۇ سانالارغا لايىقتۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ بىز ئىبادەتنى ئاللاھقا خاس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان

قىلىمىز»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە، «بۇنى ھەر نامازدىن كېيىن ئوقۇغان كىشىنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.[2]

﴿اَللَّهُمَّ أعناَّ عَلىَ ذَكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ﴾.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزگە سېنى ياد ئېتىش، ساڭا شۈكۈر قىلىش ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەدەت بەرگىن».

﴿سُبْحَانَ الله ، اَلْحَمْدُ للّه ، اَللّهُ أَكْبَرُ﴾

ئوقۇلىشى: «سۇبھانەللاھ،ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر (33قېتىمدىن)»[3]

تەرجىمىسى: «ئاللاھ پاكتۇر، ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر»

﴿بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ، قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ﴾.

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ»[4]

﴿بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ، قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِن شَرِّ مَا خَلَقَ. وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ. وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ﴾.

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، "مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھرىگەرلەرنىڭ شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن"دېگىن»[5]

﴿بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ، قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَهِ النَّاسِ. مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ. مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ﴾.

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، "ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(4) ئىخلاس سۈرىسى

(5) فەلەق سۈرىسى

ئىلاھــى ئاللاھقــا ســىغىنىپ، كــىشلەرنىڭ دىللىرىــدا ۋەسۋەســە قىلغــۇچى جىــنلاردىن ۋە ئىنــسانلاردىن بولغـــان يوشـــۇرۇن شـــەيتاننىڭ ۋەسۋەســـسىنىڭ شـــەررىدىن پانـــاھ تىلەيمەن"دېگىن»[1]

﴿**اللهُ لاَ إِلَــهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَــن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ**﴾.

تەرجىمــسى: «بىــر ئــاللاھ تائــالادىن باشــقا ھەقىقــي ئىــلاھ يوقتــۇر؛ ئــاللاھ ھەمىــشە تىرىكتــۇر، ھەممىنــى ئىــدارە قىلىــپ تۇرغۇچىــدۇر؛ ئــۇ مۈگــدەپ قالمايــدۇ، ئــۇنى ئۇيقــۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىنــدىكى ھەمــمە نەرسە ئــاللاھ تائالانىــڭ مۈلكىــدۇر؛ ئــاللاھ تائالانىــڭ رۇخستىــسىز كىمــمۇ ئــاللاھ تائالانىــڭ ئالدىــدا شــاپائەت قىلالىــسۇن؛ ئــاللاھ ئۇلارنىــڭ ئالدىـــدىكى (دۇنيـــادىكى)، كەينىـــدىكى (ئـــاخىرەت ئۈچـــۈن تەييارلىغـــان) ئىــشلارنىڭ ھەممــسىنى بىلىــپ تۇرىــدۇ؛ ئــۇلار ئــاللاھ تائالانىــڭ مەلۇماتىــدىن ئــاللاھ ئۇلارغــا بىلدۈرۈشــنى خالىغــان نەرســىلەردىن باشــقا ھــېچ نەرســنى بىلمەيــدۇ، ئــاللاھ تائالانىــڭ مەلۇمــاتى ئاســمانلارنى ۋە زېمىننــى ئــۆز ئىچىــگە ئالىــدۇ. ئاســمان - زېمىننــى ســاقلاش ئۇنىڭغــا ئېغىــر كەلمەيــدۇ. ئــۇ يــوقىرى مەرتىبىلىكتــۇر، ھەممىــدىن ئۇلۇغــدۇر»[2] يۇقىرىقى سۈرىلەر ھەر نامازدىن كېيىن بىر قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ.

﴿**لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، يُحْيِ وَيُمِيتُ بِيَدِهِ الْخَيْرَ وَهُوَ عَلَىٰ كُــلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ**﴾.

تەرجىمــسى: «بىــر ئــاللاھ تائــالادىن باشــقا ھەقىقــي ئىــلاھ يوقتــۇر، ئــاللاھ يــالغۇزدۇر، ئۇنىــڭ ھــېچ شــېرىكى يوقتــۇر، پادىــشاھلىق ۋە ھەمــدۇ ســانالار ئۇنىڭغــا خاســتۇر. ئــاللاھ ئۆلتۈرىـــدۇ، تىرىلدۈرىـــدۇ، ياخـــشىلىق ئۇنىـــڭ قولىدىـــدۇر. ئـــاللاھ ھەر نەرســـگە قادىردۇر»[3] بامدات ۋە شام نامازلىرىدىن كېيىن 10 قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ.

﴿**اللّهُمَّ إِنّي أَسْأَلُكَ عِلْماً نافِعاً، وَرِزْقاً طَيِّباً، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً**﴾.

تەرجىمــسى: «ئــى ئــاللاھ! ســېنىڭدىن مەنپەئەتلىــك ئىلىــم، ھــالال رىزىــق ۋە دەرگاھىڭــدا قوبۇل بولىدىغان ئەمەلگە مۇيەسسەر قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[4]

---

(1) ناس سۈرىسى

(2) بەقەرە سۈرىسى 255- ئايەت

(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىقى دۇئالارنى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. بىراق بۇلارنى ئوقۇش نامازنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس. بەلكى مۇستەھەبتۇر. دۇئالار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ تىلەكلىرىنى ئاللاھ تائالادىن سورايمىز[1].

## نامازنىڭ مەكرۇھلىرى

ناماز ئوقۇۋاتقاندا تۆۋەندىكى ئىشلاردىن بىرەرسى سادىر بولسا ناماز مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپقان بولىدۇ.

1 ـ ۋاجىب دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى قەستەن تەرك ئېتىش. مەسىلەن: فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشنى تەرك ئېتىش ياكى ئۇنى باشقا سۈرىدىن كېيىن ئوقۇش ياكى مەخپى ئوقۇلىدىغان نامازلارنى ئۈنلۈك ئوقۇغانغا ئوخشاش.

2 ـ سۈننەت دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى ياكى ھەممىسىنى تەرك ئېتىش. مەسىلەن: سانا ئوقۇشنى ياكى رۇكۇ ۋە سەجدىلەردىكى تەسبىھلەرنى تەرك ئەتكەنگە ئوخشاش.

3 ـ نامازدا ئۆرە تۇرغاندا بىر يەرگە يۆلىنىۋېلىش، ئوڭ ـ سولغا تەۋرىنىش ۋە قەستەن بىر نەرسىنى پۇراش.

4ـ نامازدا ئۆزۈرسىز بەدەشقان قورۇپ ئولتۇرۇش ۋە ئىنسان ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەر بىلەن ناماز ئوقۇش.

5 ـ رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى توخۇ دان چوقۇغاندەك ئالدىراپ قىلىش.

6 ـ نامازدا ئۆزۈرسىز كېرىلىش.

7 ـ بىراۋ سالام قىلسا، قول ياكى باش ئىشارىتى بىلەن قايتۇرۇش (ئەگەر سۆز بىلەن قايتۇرسا ناماز بۇزۇلىدۇ). ئەمما جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازدا ئىمام قىرائەتتە خاتالاشسا لوقما سېلىش جائىزدۇر.

8 ـ نامازدا كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياكى ئوڭ ـ سولغا ياكى ئاسمانغا قاراش ۋە سالامدىن بۇرۇن باش ـ كۆزنى سۈرتۈش.

9 ـ رۇكۇ ۋە سەجدىلەردىكى تەسبىھلەرنى تەرك ئېتىش.

10 ـ باشقىلارنىڭ يېنىغا كىيىپ چىققىلى بولمايدىغان ناچار كىيىملەرنى كىيىپ

---

(1) ئىمام نەۋەۋىينىڭ «الأذكار»ناملىق ئەسىرىدىن.

نامازغا تۇرۇش.

11 ـ رۇكــۇ ۋە ســەجدىلەرگە ئۆتۈشــتە تەكبىرلەرنــى ئــۆز ۋاقتىــدا تەرتــىپ بــويىچە ئىپتماسلىق.

12 ـ نامــازدا تــۇرۇپ ســەجدە قىلىــدىغان يەردىكــى شــېغىل يــاكى باشــقا نەرســىلەرنى ئېلىۋېتىش بىلەن بىر قېتىمدىن ئارتۇق مەشغۇل بولۇش.

13 ـ پــاكىزلىقى شــۈبھىلىك جــايلاردا، چىركــاۋلاردا، بۇتخــانىلاردا، مــۇنچىلاردا، يــوللاردا ناماز ئوقۇش.

14 ـ پەرز نامــازلاردا (باشــقا ســۈرىلەرنىمۇ بىلىــدىغان كىــشىنىڭ) بىرىنچــى رەكئەتــتە ئوقۇغــان سۈرىــسىنى ئىككىنچــى رەكئەتتىمــۇ قايتــا ئوقۇشــى يــاكى قۇرئــان كەرىمنىــڭ تەرتــىبىگە خىلاپلىــق قىلىــشى. مەســىلەن: بىرىنچــى رەكــئەتكە «ئىخــلاس» سۈرىــسىنى، ئىككىنچى رەكئەتكە «لەھەب» سۈرىسىنى ئوقۇغانغا ئوخشاش. تەرتىپ بۇنىڭ ئەكسىدۇر.

15 ـ جامــائەت بىــلەن ئوقۇلغــان نامازلاردا، ئالــدىنقى ســەپتە بــوش ئــورۇن بولــسىمۇ، ئارقــا سەپتە تۇرۇش.

16 ـ يېنىۋاتقان ئوتقا ياكى جانلىقلارنىڭ رەسىمىگە ياكى قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇش.

17 ـ ئۆزۈرســىز هالــدا بىرىنچــى رەكئەتــتە ئوقۇغــان ســۈرىنىڭ ئالدىــدىكى ســۈرىنى ئىككىنچى رەكئەتتە ئوقۇش.

18 ـ تەرىتى قىستاپ قالغان ۋاقتىتا ناماز ئوقۇش.

19 ـ نامــازدا تــۇرۇپ بارماقلارنى قىرىــسلىتىش، چــۈشىنلەرنى ئۈركۈتــۈش بىــلەن مەشــغۇل بولــۇش. ئەممــا يىــلان ـ چايــان ۋە ھەر قانــداق زىيــانلىق هاشــارەتلەرنى نامــازدا تــۇرۇپ ئۆلتۈرۈش جائىزدۇر.

20 ـ ئىككىنچى رەكئەتتە بىرىنچى رەكئەتتە ئوقۇغىنىدىن ئۇزۇن سۈرە ئوقۇش.

21 ـ رۇكــۇ ۋە ســەجدىلەردە ئوقۇلىــدىغان تەســبىھلەرنى قــول بىــلەن ســاناش ۋە ھــازىر بولغــان تائــامنى قويــۇپ نامازغــا تــۇرۇش. چــۈنكى مۇنــداق قىلىــش «خۇشــۇئ» غــا توســالغۇ بولىدۇ.

22 ـ ســەجدىدە پېــشانىنى يەرگە تەككۈزمەســتىن ســەللىنىڭ يــاكى دوپپــا، قولاقچىلارنىــڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىش.

23 ـ نامــازدا «خۇشــۇئ» ھاســىل قىلىــشقا توســقۇن بولىــدىغان ئىــشلاردىن قايــسىبىرىنى

سادىر قىلىش مەكرۇھتۇر[1].

## نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار

1 ـ نامازدا قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن سۆزلەش (يەنى باشقىلارغا سۆز قىلىش ياكى نامازغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان سۆزلەرنى سۆزلەش ياكى باشقىلارغا سالام قىلىش ياكى باشقىلارنىڭ سالىمىنى سۆز بىلەن قايتۇرۇش ياكى قول ئېلىپ كۆرۈشۈش ياكى بىراۋنى چاقىرىش، ياكى ناماز سىرتىدىكى بىراۋنىڭ قىرائىتىگە لوقما سېلىش).

2 ـ نامازدا ئۆزىگە ئاڭلانغىدەك ئاۋازدا كۈلۈش. ئەمما نامازدا باشقىلار ئاڭلىغىدەك قاھقاھلاپ كۈلۈش بىلەن ناماز ۋە تاھارەت ھەر ئىككىلىسى بۇزۇلىدۇ.

3 ـ نامازدا ئاھ ـ ئۇھ، ۋاي ـ ۋۇي دېيىش.

4 ـ نامازدا دۇنيالىق ئىشلار ئۈچۈن ئاۋازلىق ھالدا يىغلاش.

5 ـ نامازدا تۇرۇپ ھەرقانداق بىر سوئالغا ياكى چاقىرغۇچىغا سۆز بىلەن جاۋاب بېرىش.

6 ـ نامازدا كۆكسىنى قىبلە تەرەپتىن باشقا تەرەپكە چۆرۈش.

7 ـ نامازدا باشقىلارنىڭ قولىدىن بىر نەرسە ئېلىش.

8 ـ نامازدا قەستە ياكى سەۋەنلىكتىن بىر نەرسە يېيىش ۋە ئىچىش، سېغىز(پوپۇرتاڭ)چايناش. ئەمما چىشلارنىڭ ئارىلىقىدا قالغان تاماق قالدۇقلىرىدىن نوقۇت مىقدارىدىن كىچىك نەرسىنى يۇتۇپ سېلىش بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ.

9 ـ ئۆزۈرسىز ھالدا گالنى قىرىش. ئەمما ئىختىيارسىز ياكى ئېھتىياج (ئىمامنىڭ خاتالىقنى ئەسكەرتىش ياكى ئۆزىنىڭ نامازدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش) يۈزىسىدىن گالنى قىرىش بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ.

10 ـ نامازدا ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق بىر يەرلىرىنى قاشلاش ياكى سىلاش.

11 ـ ھەر قانداق بىر ئاغرىق ئۈچۈن ئاۋاز بىلەن ئاھ تارتىش.

12 ـ نامازدا قايسىبىر سەۋەب بىلەن تاھارەتنىڭ بوزۇلىشى.

(1) الدر المختار1 ـ توم 597 ـ 613 ـ بەتلەر، بدائع الصنائع 1 ـ توم 215 ـ 220 ـ بەتلەر، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 23 ـ 24 ـ بەتلەر.

13 ـ نامازدا كىچىك ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىش. ئەمما بىر قول بىلەن كىيىمنى تۈزەش بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ.

14 ـ سەجدىدە ئىككى پۇتنىڭ بىراقلا يەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى.

15ـ ئەرنىڭ يالغۇز يات ئايال بىلەن بىللە تۇرۇپ ياكى ئۇنىڭغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشى. ئەمما ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالىغا ياكى بىرگە نىكاھى باغلانمايدىغان ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشى جائىزدۇر.[1]

17ـ قەستەن ھالدا بىرەر پائالىيەتنى ئىمامدىن بۇرۇن قىلىش. مەسىلەن: ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ ياكى سەجدىگە ئۆتكەنگە ئوخشاش. ئەمما سەھۋەنلىكتىن قىلىپ سېلىپ دەرھال قايتىپ ئىمامغا ئەگەشسە ناماز بۇزۇلمايدۇ.

18 ـ نامازدا كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندەك دۇئا قىلىش.

19 ـ جاۋاب مەقستى بىلەن قۇرئاندىن بىرەر ئايەت ئوقۇش.

20 ـ نامازدا ئەۋرەت جايلارنىڭ مەنئى قىلىنىدىغان دەرىجىدە ئېچىلىپ قېلىشى.

21 ـ نامازدا ئايەتلەرنى مەنىسى بۇزۇلىدىغان دەرىجىدە خاتا ئوقۇش.

22 ـ نامازدا ھوشىنى يوقىتىپ قويۇش.

---

(1) ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دېگەن: «ئەرنىڭ ئايالىغا ياكى نىكاھى باغلانمايدىغان ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشى مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ. ئەمما يات ئايال بىلەن ناماز ئوقۇشى ھارامدۇر». «islamqa.com الإسلام سؤال وجواب»

شۇنىڭدەك، قائىدە ئاياللارنىڭ نامازدا ئەرلەرنىڭ ئارقىسدا ئايرىم سەپ تۈزۈپ تۇرۇشىدۇر. ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، ئايال كىشىنىڭ ئارقىسدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەنەفى مەزھىدە، ئايال كىشى ئەرلەر سېپىدە ناماز ئوقۇغاندا، ئۇ ئايالنىڭ ئىككى يېنىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى جەمى ئۈچ ئەرنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دېگەن:«ئايال كىشى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ( مەيلى ئۇ ئىمام بولۇپ ئوقۇغان بولسۇن، مەيلى جامائەت سۈپىتىدە ئوقۇغان بولسۇن) ياكى شۇ ئايالنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. شۇنداقلا ئايال كىشىنىڭ ئارقىسدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزمۇ بۇزۇلمايدۇ، ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇستۇر». بۇنىڭغا بىنائەن، ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى ئەرلەرنىڭ ئاياللار سېپىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشىنى جائىز دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئاياللارنىڭ ئەرلەر سېپىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىنىدا ھېچبىرىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدىغانلىقىنى سۆزلىمەكتە. مەسىلەن: مەسجىدى ھەرەمدە ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنىڭ ئارقىسدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشىنىڭ جائىز سانالغىنىغا ئوخشاش.

ئىمام نەۋەۋىي (631ـ876ھ/ 1255ـ1300م) دىمەشقىنىڭ «نەۋا» دېگەن يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، فىقھى، ھەدىس ئىلىملىرىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان، ئۆز زامانىسىدا پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ ئۇستازى سانىلاتتى. «رىيادۇسسالىھىن( ياخشىلارنىڭ باغچىسى)»، «قىرىق ھەدىسنىڭ شەرھى» ناملىق ئەسەرلىرى ئاۋام خەلق ئەڭ كوپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرىدىن سانىلىدۇ.

23 ـ ئايالالرنىڭ ناماز ئۈستىدە ئايلىق قېنىنى كۆرۈشى.

24ـ نامازدا پەرز دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى قەستەن تەرك ئېتىش. مەسىلەن: سەجدىنى ياكى رۇكۇنى تەرك ئەتكەنگە ئوخشاش.

25 ـ تەيەممۇم بىلەن نامازغا تۇرغان كىشىنىڭ، نامازدا تۇرۇپ سۇنى كۆرۈشى، ئاياقلىرىغا مەسھى قىلغان كىشىنىڭ مەسھى مۇددىتى توگىشى، نامازدىكى كىشىنىڭ ناماز سىرتىدىكى بىرىدىن بىرەر ئايەت ئۆگىنىشى، بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا كۈن چىقىپ قېلىشى، جۈمە نامىزىدا ئەسىر ۋاقتىنىڭ كىرىپ قېلىشى، ھېيت نامىزىدا پېشىن ۋاقتىنىڭ كىرىپ قېلىشى، ئىشارەت بىلەن نامازغا تۇرغان كىشىنىڭ ساقلىق ھالىغا كېلىپ قېلىشى، گەردىنىدە ئالتە ۋاخقا يەتمىگەن قازا ناماز بار كىشىنىڭ نامازدا بۇنى ئەسكە ئېلىشى، تېڭىق ئۈستىگە مەسھى قىلىپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ يارىسى ساقىيىپ تېڭىقنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، ئۆزۈرلۈك كىشىنىڭ ئۆزرىسى توگىشى قاتارلىق 12مەسىلىدە ئىمام ئەزەمنىڭ رەيى بويىچە ناماز بۇزۇلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىمام ئەبۇ يۈسۈپلەرنىڭ رەيى بويىچە ناماز بۇزۇلمايدۇ(1).

## نامازغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر

### نامازنى توختىتىش ياكى كەينىگە سۈرۈشنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر

1 ـ بىرەر زالىمنىڭ ياكى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش، سۇغا چۆكۈپ كېتىش، بوغۇلۇپ قېلىش، ئوت ئىچىدە قېلىش تۈپەيلى ھالاكەتلىك ئەھۋالدا قىلىپ ياردەم سورىغانلارغا ياردەم بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا نامازنى دەرھال توختىتىش ۋاجىبتۇر.

2 ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرەرسى جىددىي ياردەمگە ئېھتىياج بولۇپ چاقىرغان بولسا، پەرز نامازدا تۇرغان بولسىمۇ ئۇنى توختىتىش ۋاجىبتۇر.

ئەمما ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈن چاقىرغان بولسا، پەرز نامازدىن باشقا نامازلارنى توختىتىشقا بولىدۇ.

3 ـ بالىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ياكى بېشىغا بىرەر ھادىسە كېلىشىدىن قورققان ئاتا ـ ئانىنىڭمۇ نامازنى توختىتىشى ياكى كەينىگە سۈرۈشى ۋاجىبتۇر.

---

(1) الدر المختار 1 ـ توم 584 ـ 593 ، رد المحتار 1 ـ توم 588، بدائع الصنائع 1 ـ توم 220 ـ 223، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 22 ـ 23 ـ بەتلەر.

4 ـ يىرتقۇچلارنىڭ ماللارغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ياكى بىرەر ئەمانىڭ قۇدۇقىغا ياكى تامدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق تەخمىن قىلغان كىشىنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نامازنى توختىتىشى ۋاجىبتۇر.

ئەمما ھالاكەت ئېھتىمالى كۈچلۈك بولمىسا، نامازنى توختىتىش ۋاجىب ئەمەس، بەلكى جائىز بولىدۇ، يەنى خالىسا توختىتىدۇ، خالىسا توختاتمايدۇ.

## نامازنى توختىتىش ياكى كەينىگە سۈرۈشنى جائىز قىلىدىغان سەۋەبلەر

1 ـ مال ـ مۈلكىنىڭ ئوغۇرلىنىشىدىن ئەنسىرىگەن كىشىنىڭ (گەرچە مال باشقىلارنىڭ بولسىمۇ) نامازنى توختىتىشى جائىزدۇر.

2 ـ ئوغرىدىن، قاراقچىدىن، كەلكۈندىن قورققان يولوچىنىڭ ناماز ۋاقتىنى كەينىگە سۈرىشى جائىزدۇر.

3 ـ قازىنى قايناپ تېشىپ كېتىشىدىن ياكى تاماقنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئايال كىشىنىڭ نامازنى توختىتىشى جائىزدۇر.

4 ـ قېچىپ كېتىۋاتقان ھايۋاننى تۇتۇۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن نامازنى توختىتىش جائىزدۇر.

5 ـ نامازدا تەرەتى قىستاپ قالغان كىشىنىڭ، يېڭىدىن تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتىدىن ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنى توختىتىشى جائىزدۇر.

6 ـ نەپلى نامازلارنى ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرەرسىنىڭ قانداقلا بىر ئىش ئۈچۈن چاقىرىشى بىلەن توختىتىش جائىزدۇر.

7 ـ ئوغرى ياكى قاراقچىنىڭ شەپىسىنى ھېس قىلغان مۇساپىرنىڭ نامىزنى توختىتىشى جائىزدۇر[1].

## نامازدا شۈبھە

نامازنى قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەي، ئىككىلىنىپ قالغان كىشى، ئەگەر بۇ ھالەت ئۇنىڭدا تۇنجى قېتىم ياكى قىسمەن يۈز بەرگەن بولسا، نامازنى قايتىدىن ئوقۇشى كېرەك. مۇبادا، بۇ ھالەت ئۇ كىشى ئۈچۈن كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ياكى ئۇ ھەمىشە شۇنداق ناماز رەكئەتلىرىدە خاتالىشىدىغان كىشى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا كۆڭلىدە قانچە

---

(1) مراقي الفلاح 60 ـ بەت.

رەكــئەت ئوقۇغانلىقىغــا ھۆكــۈم قىلــسا شــۇ رەكــئەت ھېــسابقا ئېلىنىــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيهىــسسالام مۇنــداق دەپ كۆرسـەتكەن: « ســىلەرنىڭ بىــرىڭلار نامىزىــدا(قــانچە رەكــئەت ئوقۇغـانلىقى توغرۇلـۇق) شـەك قىلىــپ قالـسا، توغرىــسىنى ئىزدىــسۇن. ئاندىن نامىزىنى شـۇنىڭغا كـۆرە تاماملىسۇن، ئاندىن سەجدە سەھۋى قىلسۇن»[1].

ئەگەر قانچە رەكـئەت ئوقۇغـانلىقىنى كۆڭلىـدىمۇ بەلگىلىيەلمىـسە، ئـازىنى ھېسابقا ئالىـدۇ. مەسىلەن: تـۆت رەكئەتلىـك نامـازدا، بىـر رەكـئەت ئوقۇدىمـۇ يـاكى ئىككـى رەكـئەت ئوقۇدىمـۇ، بۇنى بىلەلمىسە، ئوقـۇغىنىنى بىـر رەكـئەت دەپ ھېسابلاپ، يەنە ئـۈچ رەكـئەت ئوقۇشـى لازىـم. ئىككى رەكـئەت ئوقۇدىمـۇ يـاكى ئـۈچ رەكئەتمـۇ بىلەلمىـسە، ئوقـۇغىنىنى ئىككـى رەكـئەت دەپ ھېـسابلاپ، يەنە ئىككـى رەكـئەت ئوقۇيـدۇ. بـۇ ھـالەتتىكى كىـشى پەرز يـاكى ۋاجىـب بولغـان ئولتۇرۇشـنى(نامازنىـڭ ئاخىرىـدىكى ئولتـۇرۇش پەرز. ئىككـى رەكئەتـتىن كـۆپ نامـازلاردىكى ئىككىنچـى رەكئەتــتىن كېيىنكــى ئولتــۇرۇش ۋاجىبتــۇر) تاشلىۋەتمەســلىك ئۈچــۈن ھەر رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرىدۇ ۋە ناماز ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى قىلىدۇ.

پەيغەمــبەر ئەلەيهىــسسالام يەنە بىــر ھەدىــسىدە مۇنــداق دېــگەن: « ســىلەرنىڭ بىــرىڭلار نامىزىــدا ئــۈچ رەكــئەت ئوقۇدۇمــۇ يــاكى تــۆت رەكئەتمـۇ؟ دەپ شــەكلىنىپ قالــسا، شــەكنى تاشلاپ ئازنى ھېسابقا ئالسۇن، ئاندىن سالامدىن ئاۋۋال سەجدە سەھۋى قىلسۇن»[2].

شـۇبھە نامـاز ئـارىلىقىـدا ئەمەس، سـالامغا ئولتۇرغانـدىن يـاكى سـالامدىن كېـيىن ئېـسىگە كېلىـپ قالـسا، بۇنىڭغـا ئەھمىـيەت بېرىلمەيـدۇ. نـامىزى دۇرۇسـتۇر. سـالام بېرىـپ بولغانـدىن كېـيىن سـىرتتىن بىرسـى ئۇنىــڭ نامــازنى كەم ئوقۇغـانلىقىنى ئېــسىگە سالـسا، ئـۆزى تولـۇق ئوقۇغانلىقىــدا قانائەتلىــك بولــسا، ئــۇ كــشىنىڭ ســۆزىگە ئەھمىــيەت بېرىلمەيــدۇ. ئەگەر ئۇنىــڭ نامــازنى كەم ئوقۇغــانلىقىنى ئېــسىگە ســالغان كــشىلەر ئىككىــدىن كــۆپ بولــسا، ئۇلارنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

نامازنى كەم ئوقۇغانلىق ھەققىـدە ئىمـام بىـلەن جامائەت ئوتتۇرىـسىدا ئىختىلاپ چىقىـپ، ئىمــام تولــۇق ئوقۇغانلىقىغــا ئىشەنچــسى كامــىل بولــسا، جامائەتنىــڭ ســۆزى نەزەرگە ئېلىنمايـدۇ. ئەگەر ئىمـامنىڭمۇ ئىشەنچـسى كامـىل بولمـسا جامائەتنىـڭ دېگىنـى ھېـساب بولىــدۇ. جامــائەت ئىچىــدە ئىخــتىلاپ چىقــسا ئىمــام قوشــۇلغان تەرەپنىــڭ ســۆزى ھېــساب بولىدۇ[3].

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) تحفة الفقهاء 68 ـ بەت.

# سەجدە سەھۋىنىڭ بايانى

سەجدە سەھۋى- نامازدا سەھۋەنلىكتىن سادىر بولغان نۇقسانلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن نامازنىڭ ئاخىرىدا قىلىنىدىغان ئىككى سەجدە، بىر ئولتۇرۇش ۋە ئىككى تەرەپكە سالام بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

## سەجدە سەھۋىنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر

سەجدە سەھۋى نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆز ئورنىدىن كېچىكتۈرۈپ قويۇش ياكى ۋاجىبلاردىن بىرەرسىنى سەھۋەنلىكتىن تەرك ئېتىش ياكى كېچىكتۈرۈپ قويۇش تۈپەيلى قىلىنىدۇ. بۇنداق ھاللاردا سەجدە سەھۋى قىلىش ۋاجىبتۇر.

سەجدە سەھۋى پەقەت سەھۋەنلىكتىن نامازدا كەمچىلىك سادىر قىلغانلىق ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. سەجدە سەھۋى كېرەك بولغان ھاللاردا ئۇنى قىلىش ۋاجىبتۇر. ئەگەر كىشى سەجدە سەھۋىدە خاتالىق سادىر قىلسا ئۇنىڭغا قايتا سەجدە سەھۋى قىلىش كېرەك ئەمەس. سەجدە سەھۋى كېرەك بولغان ھاللاردا بۇ سەجدىنى — ئۆزلۈكسىز تۇرۇپ — قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ نامىزى باتىل بولمايدۇ. بەلكى نامىزى دۇرۇستۇ. خۇددى ھەجدە ئېھرام باغلىغان كىشىگە ئېھرامدا مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى سادىر قىلىش بىلەن ھەج پائالىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىق گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولغاندەك، نامازدا ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقلارنى يۇيۇش ئۈچۈنمۇ سەجدە سەھۋى قىلىش كېرەك بولىدۇ. سەجدە سەھۋى بىلەن ناماز كەمچىلىكلەردىن تولۇقلىنىپ كامىل بولغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿لِكُلِّ سَهْوٍ سَجْدَتَانِ بَعْدَ مَا يُسَلِّمُ﴾ يەنى « ھەرقانداق نۇقسان سالامدىن كېيىن ئىككى سەجدە قىلىش بىلەن تولۇقلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن[1].

ئەمما نامازدا قەستەن نۇقسانلىق سادىر قىلغان كىشىگە سەجدە سەھۋىسى قىلىش ۋاجىب ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلغان بولىدۇ. ئۇنى قايتا ئوقۇشى لازىم كېلىدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىلا قەستەن نۇقسانلىق بىلەن ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ ۋە سەجدە سەھۋى قىلىش بىلەن ئۇنى تولۇقلىيالايدۇ: بىرىنچىسى، ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىنكى ئولتۇرۇشنى تەرك

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئېتىش، ئىككىنچىسى، بىرىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىنى كېچىكتۈرۈپ نامازنىڭ ئاخىرىدا قىلىش، ئۈچىنچىسى، نامازدا نامازنىڭ پائالىيەتلىرىدىن بىرەرسىنى قىلىپ بولغىچىلىك ۋاقىت قەستەن ئويغا چۆكۈش[1].

## پەرزنىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكىگە مىسال

1 ـ ئىككى رەكئەتتىن كۆپ بولغان پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەت نامازلىرىنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىنكى ئولتۇرۇشىدا «تەھىيات» دۇئاسىدىن كېيىن، «سەللى ۋە بارىك» دۇرۇدلىرىدىن بىرەر جۈملە(مەسىلەن: ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن) ئوقۇلسا، ئۈچىنچى رەكئەتنىڭ پەرزى بولغان قىيام كېچىكتۈرۈلگەن بولىدۇ.

2 ـ نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇش نامازنىڭ پەرزلىرىدىن سانىلىدۇ. سەھۋەنلىكتىن بۇ ئولتۇرۇشتا ئولتۇرماي بەشىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ كەتكەن كىشى فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ ئولتۇرسا، پەرز بولغان بۇ ئولتۇرۇشنى كېچىكتۈرگەن بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ھاللاردا سەجدە سەھۋى قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر تۇرغان رەكئەتنىڭ سەجدىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن بولسا، يەنە بىر رەكئەت قوشۇپ ئوقۇيدۇ. ئارتۇق بولغان بۇ ئىككى رەكئەت نەپلە نامىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىمۇ سەجدە سەھۋى كېرەك بولىدۇ.

## ۋاجىبنىڭ سەھۋەنلىكتىن تەرك قىلىنغىنىغا مىسال

1 ـ فاتىھە سۈرىسى ئوقۇشنى تەرك ئېتىش.

2 ـ فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرە ئوقۇشنى تەرك ئېتىش.

3 ـ ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت ئوقۇشنى ياكى ئۇنىڭ تەكبىرىنى تەرك ئېتىش.

4 ـ قىرائەتنى ئاشكارا ئوقۇلىدىغان نامازلاردا قىرائەتنى(قۇرئان سۈرىلىرىنى)مەخپىي ئوقۇش ياكى مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئاشكارا ئوقۇش.

5 ـ ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلاردىكى ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىنكى ئولتۇرۇشنى تەرك ئېتىش.

6 ـ نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇشتا «ئەتتەھىياتۇ» ئوقۇشنى تەرك ئېتىش.

7 ـ ئىككى رەكئەتتىن كۆپ پەرز نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىن كېيىنكى

---

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 92 ـ بەت.

رەكئەتلىرىدە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە ئوقۇش.

8 ـ نامازنىڭ پائالىيەتلىرىدىن بىرەرسىنى ئارتۇق قىلىش. مەسىلەن: بىر رەكئەتتە بىر قېتىم رۇكۇ قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىككى قېتىم رۇكۇ قىلغانغا ئوخشاش.

9 ـ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ بولغان هامان تىلاۋەت سەجدىسى قىلماسلىق.

10 ـ هېيت نامازلىرىنىڭ تەكبىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى تەرك ئېتىش.

يۇقىرىقى ھاللارنىڭ قايسىبىرىنى سادىر قىلغان كىشى ئۈچۈن سەجدە سەھۋى قىلىش ۋاجىبتۇر.

## ۋاجىبنىڭ سەھۋەنلىكتىن كېچىكتۈرۈلگىنىگە مىسال

1 ـ فاتىھە سۈرىسىنى باشقا سۈرىدىن كېيىن ئوقۇش. بۇ ۋاقىتتا فاتىھەنى سۈرىدىن بۇرۇن ئوقۇشتىن ئىبارەت ۋاجىب كېچىكتۈرۈلگەن بولىدۇ.

2 ـ ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلاردىكى ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىنكى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇش نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىندۇر. سەھۋەنلىكتىن بۇ ئولتۇرۇشنى ئولتۇرماستىن، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغىچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ياكى رۇكۇدىن بۇرۇن ئولتۇرسا، بۇ ئولتۇرۇش يەنى (ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىنلا ئولتۇرۇش) كېچىكتۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، نامازنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى قىلىش لازىم كېلىدۇ. ئەگەر تۇرغان هامان بىر نەرسە ئوقۇماستىنلا ئېسىگە كېلىپ ئولتۇرىۋالغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا سەجدە سەھۋىگە كېرەك قالمايدۇ[1].

## سەجدىنى ۋاجىب قىلىدىغان سەھۋەنلىكنىڭ تەكرارلىنىشى

بىر نامازدا بىر قانچە قېتىم سەجدە سەھۋىنى كېرەك قىلىدىغان خاتالىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ھەممىسى ئۈچۈن بىر قېتىملا سەجدە سەھۋى قىلىش يېتەرلىكتۇر. بۇ مەسىلىدە پۈتۈن فىقھشۇناس ئالىملار بىردەك ئىتتىپاقتۇر[2].

## سەجدە سەھۋىنىڭ قىلىنىش ئۇسۇلى

نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا «تەھىيات» دۇئاسى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئوڭ تەرەپكە سالام بېرىپ بولۇپ، ئادەتتىكىدەك ئىككى قېتىم سەجدە قىلىنىدۇ، ئاندىن

---

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 92 ــ 94 ـ بەتلەر.

(2) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ــ توم 105 ـ بەت.

ئولتۇرۇپ، «تەھىيات»، «سەللى»، «بارىك»، «رەببەنا» لارنى ئوقۇپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىلىدۇ[1].

## سەجدە سەھۋى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ھاللار

1 ـ بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرىدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، سەجدە سەھۋىنى قىلىشتىن بۇرۇن قۇياشنىڭ چىقىشى.

2 ـ ئەسىر نامىزىنىڭ ئاخىرىدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، سەجدە سەھۋى قىلىشتىن بۇرۇن كۈننىڭ قىزىرىشى. چۈنكى كۈن چىقىۋاتقان ۋە قىزارغان ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇلمايدۇ. شۇڭا سەجدىمۇ نامازنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى بولغاچقا بۇ ۋاقىتلاردا سەجدە سەھۋىمۇ قىلىنمايدۇ. نامازدىكى خاتالىقلارمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. قىلالمىغان سەجدە سەھۋىنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ.

3 ـ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن نامازغا داۋام قىلىشقا توسقۇن بولىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى. مەسىلەن: تاھارەت سۇنغانغا ئوخشاش.

## نامازدا تاھارەتنىڭ بۇزۇلۇشى

نامازدا تاھارەت بۇزۇلسا — سۆزلەشمەستىن، يەپ ـ ئىچمەستىن ۋە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماستىن، تاھارەت ئېلىپ نامازنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن قالغان قىسمىنى تولۇقلىسا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئەڭ ياخشىسى نامازنى قايتىدىن ئوقۇشتۇر.

## سۇترە ۋە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش مەسىلىسى

سۇترە ـ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىلەرگە قارشى توساق دېمەكتۇر. سۇترە ئەڭ كەم دېگەندە بىر گەز(47 سانتىمېتىر) ئېگىزلىكتە بولۇشى شەرت. ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئادەم ئۆتۈش ئېھتىمالى بولغان يەرلەردە دەرەخنىڭ، مومىننىڭ ئارقىسىدا ئوقۇش ياكى ئالدىغا خادا تىكلەش ياكى ئورۇندۇق قويۇش لازىم. ئەگەر يەر قاتتىق بولۇپ خادىنى قاداش مۇمكىن بولمىسا، خادىنى ياتقۇزۇپ قويۇش، تىكلىگەندەك خادا تېپىلمىسا ئالدىغا بىر سىزىق سىزىپ قويۇش كېرەك. بۇنىڭدىن مەقسەت نامازنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ سۇترەنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نەرسىلەرگە قاراپ كۆڭلىنى بۆلۈۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىدى.

(1) تحفة الفقهاء 71 ـ بەت.

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغانىدا، پەقەت ئىمامنىڭ ئالدىغىلا سۈترە قاداش يېتەرلىكتۇر. نامـاز ئوقۇغۇچىنىـڭ ئالدىـدىن ئۆتۈلمەيـدۇ. ئۆتـۈلگەن تەقـدىردە نامـاز ئوقۇغۇچىنىـڭ نامىزىغا زىيان بولمايدۇ. قەستەن ئۆتكۈچىلەر گۇناھكار بولىدۇ. ئۆتكۈچىلەرنى توسۇش ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ قىرائەتنى ئاۋازلىقراق ئوقۇشى، ئاياللار بولسا، ئوڭ قولى بىلەن سول قولىغا ئۇرۇشى جائىز كۆرۈلگەن[1].

## قىرائەت خاتالىقلىرى

نامازدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكىدەك دەرىجىدە خاتا ئوقۇلسا ناماز بۇزۇلىدۇ. ئەمما ئىككى ھەرپ ئارىسىدا مەخرەج بىرلىكى ۋە يېقىنلىق بولمىسىمۇ، ئاۋام ئۈچۈن بۇلارنى بىر ــ بىرىدىن ئايرىش قىيىن بولسا، بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى ئوقۇپ سېلىش بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ. مەسىلەن: ﴿ **وَلَا الضَّالِّينَ** ﴾ نى ﴿ۋەلەززاللىين﴾ ياكى ﴿ۋەلەددالّلىين﴾ دەپ ئوقۇغانغا ئوخشاش ياكى ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، ﴿ ض ﴾ ھەرپىنى﴿**ذ**﴾دەپ، ﴿**ظ**﴾ ھەرپىنى﴿**ز**﴾دەپ ئوقۇپ سالغانغا ئوخشاش. بۇنداق ئۆزۈرلەر يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ئاۋام خەلقتىنلا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئۆگىنىپ توغرىسىنى ئوقۇشى لازىم.

# تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ بايانى

تىلاۋەت سەجدىسى ـ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ياكى ئاڭلاش نىيىتى بىلەن بولمىسىمۇ ئىشتىپ قالغان سەۋەبتىن قىلىنىدىغان سەجدە دېيىلىدۇ. بۇ ھاللاردا تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش ۋاجىبتۇر[2].

## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ بۇيرۇلىشى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قۇرئان ئوقۇلغاندا سەجدە قىلمىغۇچىلارنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَإِذَا قُرِئَ عَلَيْهِمُ الْقُرْآنُ لَا يَسْجُدُونَ**﴾ يەنى « ئۇلارنىڭ يېنىدا قۇرئان

(1) تحفة الفقهاء 24 ـ بەت.

(2) بدائع الصنائع 1 ـ توم 179 ـ 195 ـبەتلەر.

ئوقۇلغان چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟»[1].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە سەجدە ئايىتى بار سۈرىنى ئوقۇپ بەرگىنىدە سەجدە قىلاتتى ۋە بىزمۇ بىرگە دەرھال سەجدە قىلاتتۇق، ھەتتا سەجدە قىلىش ئۈچۈن پېشانىمىزنى قويغىلى يەر تاپالمايدىغان چاغلارمۇ بولاتتى»[2].

## تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشقا سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتلىرى

تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشقا سالاھىيەتلىك بولۇشنىڭ شەرتلىرى خۇددى نامازنىڭ شەرتلىرىنىڭ ئۆزىدۇر، يەنى مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل بولۇش، تاھارەتسىزلىك، جۇنۇپلۇق ۋە پاسكىنىلىقلاردىن خالىي بولۇش، ئەۋرەت جايلارنى يۆرگەش، قىبلىگە قاراش، نىيەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىش كاپىرغا، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارغا، سارائلارغا ۋە ھەيىزدار ياكى نىفاسدار ئاياللارغا ۋاجىب ئەمەستۇر[3].

## تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر

تىلاۋەت سەجدىسىنى ۋاجىب قىلىدىغان سەۋەبلەر ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇش. مەيلى نامازدا بولسۇن، مەيلى ناماز سىرتىدا بولسۇن، مەيلى ئۆزى پاك بولۇپ، ئوقۇغانلىرىنى ئۆزى ئاڭلىمىغان بولسۇن، ھەر ھالەتتە سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان كىشىگە تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

2 ـ سەجدە ئايىتىنى ئاڭلاش ياكى ئىختىيارسىز ئىشىتىپ قېلىش. قانداقلا سەۋەب بىلەن بولمىسۇن، سەجدە ئايىتىنى ئىشتكەن كىشى ئۈچۈن سەجدە قىلىش ۋاجىبتۇر.

3 ـ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇشى. گەرچە جامائەت ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى تولۇق ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، ئىمام سەجدە قىلغان ھامان جامائەتنىڭ بىرگە سەجدە قىلىشى ۋاجىبتۇر[4].

---

(1) ئىنشىقاق سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 34 ـ بەت.

(4) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 117 ـ بەت.

## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ قىلىنىش ئۇسۇلى

نامازدىكى سەجدىگە ئوخشاش باشنى يەرگە قويۇش ئۈچۈن ﴿اَللّٰهُ اَكْبَرْ﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىلىدۇ. ئەمما قوللار كۆتۈرۈلمەيدۇ. سەجدىدە ئادەتتە نامازنىڭ سەجدىسىدە ئوقۇلىدىغان ﴿ سُبْحَانَ رَبِّيَ الْاَعْلٰى﴾ (سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا) ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ. سەجدىدىن تۇرۇش ئۈچۈن يەنە تەكبىر ئېيتىلىدۇ. سەجدىگە بېرىش ۋە تۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان ھەر ئىككى تەكبىر سۈننەتتۇر. تىلاۋەت سەجدىسىدە تەشەھھۇتتا ئولتۇرۇش (ئەتتەھىياتۇ ئوقۇش)، بىر نەرسە ئوقۇش ۋە سالام بېرىش يوقتۇر. تىلاۋەت سەجدىسى بىرلا سەجدىدۇر.

## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى

سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان كىشى نامازدا بولسا دەرھال تەكبىر ئېيتقان ھالدا، بىر قېتىملا سەجدە قىلىدۇ، يەنە تەكبىر بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، نامازنىڭ كەلگەن يېرىدىن داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر نامازنىڭ سىرتىدا بولسا ئۇنى دەرھال قىلىش زۆرۈر ئەمەس. بەلكى ئالدىرىماستىن، تاھارىتى بولمىسا تاھارەت ئالغاندا قىلىۋاتسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ سەجدىنى ئۇنتۇپ قالسا قازاسى كەلمەيدۇ.

## تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان شەرتلەر

سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ سەجدە قىلىشىنىڭ ۋاجىب بولىشى ئۈچۈن سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىنسان بولۇشى، ئويغاق ۋە ئەقىل - ھوشى جايىدا بولغان بىرى بولىشى شەرتتۇر. شۇنىڭدەك، سەجدە ئايىتىنى غۇسلى قىلىشى كېرەك بولۇپ قالغان جۇنۇپ كىشىدىن ياكى ھەيىزدار(ئايلىق ئادىتى كەلگەن) ياكى نىفاسدار (تۇغۇتلۇق)ئايالدىن ياكى كاپىردىن ياكى ئەقلى جايىدا بولغان كىچىك بالىدىن ياكى مەستىن ئاڭلىغان كىشىگىمۇ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىبتۇر.

ئەگەر كىشى سەجدە ئايىتىنى سىنئالغۇ، ئۈن ئالغۇ پلاستىنكىلىرىدىن ۋە سۆزلەيدىغان پاپۇگاي قۇشىدىن ئاڭلىسا تىلاۋەت سەجدىسى قىلىشنى كېرەك قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك، سەجدە ئايىتىنى ئۇيقۇدا جۆيلۈپ ئوقۇغان بىرىدىن ياكى ھوشىنى يوقاتقان كىشىدىن ياكى تېخى ئەقىل تاپمىغان نارىسىدە بالىدىن ئاڭلىغان كىشىگىمۇ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش كېرەك بولمايدۇ. چۈنكى، بۇلاردا ئىدراك بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئوقۇش توغرا

ئوقۇش قاتارىغا كىرمەيدۇ[1].

## سەجدە ئايىتىنىڭ تەكرارلىنىشى كۆپ قېتىم سەجدە قىلىشنى لازىم قىلامدۇ؟

سەجدە ئايىتىدىن بىرىنى بىر ئورۇندا تۇرۇپ كۆپ قېتىم تەكرار ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن بىر قېتىملا سەجدە قىلىش كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر شۇ سەجدە ئايىتىنى بىرقانچە ئورۇندا ئوقۇغان كىشىگە قانچە قېتىم ئوقۇغان بولسا شۇنچە قېتىم تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىبتۇر.

ئەمما بىر ئورۇندا ياكى بىرقانچە ئورۇندا بىرقانچە سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ قانچە سەجدە ئايىتى ئوقۇغان بولسا شۇنچىلىك سەجدە قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچى بۇ ھۆكۈمدە ئوخشاشتۇر[2].

قۇرئان ئوقۇغاندا سەجدە ئايىتىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئوقۇش مەكرۇھ تەھرىمىدۇر. چۈنكى بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپىنى بۇزغانلىق بولىدۇ[3].

## سەجدە ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرىلەر ۋە ئايەتلەر

سۈرە ئىسمى ئايەت نومىرى:

| | |
|---|---|
| 1 ـ ئەئراف | 206 ـ ئايەت. |
| 2 ـ رەئد | 15 ـ ئايەت. |
| 3 ـ نەھل | 49 ـ ئايەت. |
| 4 ـ ئىسرا | 107 ـ ئايەت. |
| 5 ـ مەريەم | 58 ـ ئايەت. |
| 6 ـ ھەج | 18 ـ ئايەت. |
| 7 ـ فۇرقان | 60 ـ ئايەت. |
| 8 ـ نەمل | 24 ـ ئايەت. |
| 9 ـ سەجدە | 16 ـ ئايەت. |

(1) اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 59 ـبەت، الفقه الإسلامي 2 ـ توم 111 ـ بەت.
(2) مراقي الفلاح 84 ـ بەت.
(3) الدر المختار 1 ـ توم 729 ـ 732 ـ بەتلەر.

10 ـ ساد 24 ـ ئايەت.

11 ـ فۇسسىلەت 37 ـ ئايەت.

12 ـ نەجم 62 ـ ئايەت.

13 ـ ئىنشىقاق 13 ـ ئايەت.

14 ـ ئەلەق 19 ـ ئايەت.

## قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

قۇرئان كەرىم ـ ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك سۆزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق مۆجىزىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش بىلەن ئىككى ئالەملىك سائادەتلەرگە، ئۇنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان بىر ئۇلۇغ كىتابتۇر. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى كۇپرى ۋە زالالەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ھىدايەت مەشئىلى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇھەممەد! قۇرئاننى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن كۇپرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، ھەممە تىللاردا مەدھىيىلەنگەن ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا باشلىشىڭ ئۈچۈن چۈشۈردۇق﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مۇشۇ كىتاب (قۇرئان) بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلسا، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەن قىلىدۇ»[2].

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلسۇن ـ بىلمىسۇن، ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلغان ئادەم چوقۇم ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار ۋە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن)

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغانلار ھەرگىز كاساتلىق بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇڭلار، قۇرئان كەرىم ئۆزىنى ئوقۇغانلارغا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغان ھالدا كېلىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆمىن خۇددى ئۇترۇججە دېگەن مېۋىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى خۇشبۇي، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۆمىن خورمىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى يوق، ئەمما تەمى تاتلىقتۇر. قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇناپىق رەيھانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى خۇشبۇي، ئەمما تەمى ئاچچىقتۇر. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇناپىق (ياۋا) خەمەككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقمۇ يوق، تەممۇ ئاچچىقتۇر»[3].

ئۇ يەنە بىر ھەدىسىدە: «ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. «ئەلىف، لام،مىم» نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى «ئەلىف» بىر ھەرپ، «لام» بىر ھەرپ، «مىم» بىر ھەرپتۇر» دەپ كۆرسەتكەن[4].

شۈبھىسىزكى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش تەكبىر، تەھلىل، تەسبىھ ۋە دۇئادىنمۇ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ تائالا ”قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە ماڭا زىكىر ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن مەندىن ھاجىتىنى سورالمىغان بەندەمگە، سورىغانلارغا بەرگىنىمدىنمۇ ياخشىراقنى بېرىمەن“ دېدى. ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا سۆزلەردىن ئۈلۈغلىقى، خۇددى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن ئۈلۈغلىقىغا ئوخشاشتۇر»[5].

ئەمما نامازدىن كېيىن ۋە باشقا جاي ۋە چاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان ۋە شۇنداق ئۆگەتكەن زىكىرلەر ئۆز ئورنىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. قۇرئان

(1) فاتىر سۈرىسى 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) تىرمىزىي رىۋايىتى.

(5) تىرمىزى رىۋايىتى «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.

كەرىم ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. قۇرئان ئايەتلىرى ۋە سۈرىلىرىنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن ئەۋزەلدۇر. مەسىلەن: فاتىھە سۈرىسى، ئىخلاس سۈرىسى ۋە ئايەتۇلكۇرسىلارغا ئوخشاش[1].

قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاشمۇ كاتتا ئىبادەتلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:«ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە (سۆز قىلماستىن) جىم تۇرۇڭلار»[2].

قۇرئان كەرىم بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىش ياخشى ئەمەللەرگە ياتىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلغىن»[3].

قۇرئاننى ئوقۇش، يادلاش، مەنىسىنى چۈشىنىش، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ھەم ئەمەل قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سائادەتمەنلىرى ۋە ئەڭ سەرخىللىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر» دەپ كۆرسەتكەن[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلىپ مۇنداق دېگەن: « قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇيدىغان ئادەم ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. كۆڭۈل قويىسمۇ ئۇنى تەسلىكتە قىينىلىپ ئوقۇغان كىشىگە ئىككى ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بېرىلىدۇ»[5].

قۇرئان ئوقۇغاندا كۆز يېشى قىلىشنىڭ پەزىلىتى چوڭدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان غەمكىنلىك بىلەن چۈشتى، ئۇنى ئوقۇغىنىڭلاردا يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئەگەر يىغا كەلمىسە، ئۆزئارا يىغلىشىڭلار. ئۇنى چىرايلىق ئاھاڭدا ئوقۇڭلار. كىمكى قۇرئاننى چىرايلىق ئاھاڭدا ئوقۇمايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[6].

---

(1) المغني 2 - توم 172 - بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 2 - توم 81 - بەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 204 - ئايەت.
(3) قاف سۈرىسى 45 - ئايەت.
(4) بۇخارى رىۋايىتى.
(5) بۇخارى رىۋايىتى.
(6) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئـاللاھ تائـالا پەرزەنتلىـرىگە قۇرئـان كەرىمنـى ئوقۇشـنى ۋە ئۇنـىڭ تەلىماتلىرىغـا ئەمەل قىلىـشنى ئـۆگەتكەن ئاتـا ـ ئـانىلارنىڭمۇ مۇكاپـاتلىرىنى تولـۇق بەرگۈچـدۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام مۇنـداق دېـگەن: «كىمكـى قۇرئـان ئوقۇيـدىكەن ۋە ئۇنـىڭ تەلىمـاتلىرى بـويىچە ئىـش كۆرىـدىكەن، ئـاللاھ تائـالا قىيـامەت كۈنـدە ئۇنـىڭ ئاتـا ـ ئانىـسىنىڭ بېـشىغا قۇياشنىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق تاجىنى كىيگۈزىدۇ»[1].

## قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى

1 ـ قۇرئـاننى تاھـارەت بىـلەن ئوقـۇش. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە: ﴿شـەك ـ شۈبھىـسىزكى، ئـۇ ئۇلـۇغ قۇرئانــدۇر. لەۋھۇلمەھپـۇزدا سـاقلانغاندۇر. ئـۇنى پەقەت پـاك بولغانلارلا تۇتىدۇ﴾[2].

2 ـ قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن ﴿**أَعُوذُ بِـاللّٰهِ مِـنَ الـشَّيْطَانِ الـرَّجِيْمِ**﴾ دەپ شـەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پانـاھ تىـلەش. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿سـەن قۇرئـان ئوقۇمـاقچى بولغىنىڭـدا، قوغلانـدى شـەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىـسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن﴾[3].

3 ـ قۇرئـاننى چىرايلىـق ئـاۋازدا ئوقـۇش. پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام مۇنـداق دېـگەن: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇڭلار»[4].

پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام يەنە مۇنـداق دېـگەن: « ئـاللاھ تائـالا بىـرەر نەرسىـگە قۇرئـاننى يـۇقىرى ئـاۋازدا چىرايلىـق ئاھـاڭ بىـلەن ئوقۇغـان پەيغەمـبەرگە قـۇلاق سـالغىنىدەك قـۇلاق سالغان ئەمەس»[5].

4 ـ قۇرئاننىـڭ مەنىـسىنى بىلمىـسىمۇ، ئـاللاھ ماڭـا سـۆزلەۋاتىدۇ دېـگەن ئېتىقـاد بىـلەن ئـۇنى ئىخـلاس قىلىـپ ئوقـۇش. ئـاللاھ تائـالا ھەر قانـداق بىـر ئىبـادەتنى ئىخـلاس بىـلەن قىلىـش تەلەپ قىلىنىـدىغانلىقىنى بايـان قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ئـۇلار پەقەت ئىبـادەتنى ئاللاھقـا خـالىس قىلغـان، ھەق دىنغـا ئېتىقـاد قىلغـان ھالـدا (يـالغۇز) ئـاللاھقىلا ئىبـادەت

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(2) ۋاقىئە سۈرىسى 77 ـ 79 ـ ئايەتلەر.
(3) نەھل سۈرىسى 98 ـ ئايەت.
(4) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(5) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾[1].

5 ـ قۇرئان ئوقۇشنى مەئىشەتنىڭ كەسپىگە ئايلاندۇرىۋالماسلىق. پەقەت ئاخىرەتلىك ساۋابىنى كۆزلەپ ئوقۇش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق﴾[2].

6 ـ قۇرئاننى قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، ئوچۇق ئوقۇش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن﴾[3].

## قۇرئان يادلاشنىڭ پەزىلىتى

قارىيلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك كىشىلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا يېقىن كىشىلىرى بار، قارىيلار ئاللاھنىڭ يېقىنلىرى ۋە ئالاھىدە بەندىلىرىدۇر»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: « مۇسۇلمانلاردىن ياشانغانلارنى، قارىيلارنى ۋە ئادالەتلىك ئىش باشقۇرغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قارىي جەننەتكە كىرسە، ئۇنىڭغا قۇرئاننى دۇنيادىكى چېغىدا ئوقۇغىنىدەك ئوقۇغىن ۋە يۇقىرى ئۆرلە، سېنىڭ قارارگاھىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەن جايىڭدۇر، دېيىلىدۇ»[6].

بۇ ھەدىس، قۇرئان يادلىغان كىشىنىڭ يادلىغان ھەر بىر ئايىتىگە ئاخىرەتتە بىر دەرىجە قازىنىپ، ئۇنىڭ دەرىجىسى يادلىغان ئايەتلىرىنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

(1) بەييىنە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(2) شۇرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(3) مۇززەممىل سۈرىسى 4 ـ ئايەت.
(4) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(5) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(6) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسائى رىۋايىتى.

قارىيلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە ھۆرمەتلىك كىشىلەردۇر. ئىسلام ئۈممىتى قارىيلارنى تارىختىن بۇيان شۇنداق ھۆرمەتلەپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازدا قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان كىشى ئىمام بولسۇن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئىچىدە قۇرئاندىن ھېچنەرسە بولمىغان ئادەم خۇددى خاراب بولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن[2].

## قۇرئاننى خەتمە قىلىش

قۇرئان كەرىمنى 40 كۈندىن كۆپ ۋە ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام قىلىش مەكرۇھ كۆرۈلگەن. چۈنكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ”قۇرئان كەرىمنى يەتتە كۈندە بىر قېتىم تامام قىلغىن“ دەپ بۇيرىغان»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «قۇرئان كەرىمنى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام قىلغان ئادەم ئۇنىڭدىن مەرىپەت ھاسىل قىلالمايدۇ» دېگەن[4].

## قۇرئان كەرىمنى تەرتىل بىلەن ئوقۇش

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇلۇش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا، تەپەككۇر بىلەن ئاز ئوقۇش ئالدىراپ كۆپ ئوقۇغاندىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىپ، ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كىتاب. ﴿**كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِّيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُوا الْأَلْبَابِ**﴾ تەرجىمىسى: «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر» دەيدۇ[5].

## قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش

قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇش ساۋابلىق ئىشتۇر ۋە قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەبلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە تەلىم بېرىپ: «قۇرئان كەرىمنى

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(4) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.
(5) ساد سۈرىسى 29 - ئايەت.

چىرايلىق ئاۋازىڭلار بىلەن بېزەڭلار»دەپ كۆرسەتكەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق ئاھاڭدا ئوقۇمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس»[2].

## قازا نامازلار ھەققىدىكى مەسىلىلەر

قازا ـ بەلگىلەنگەن ۋاقتى چىقىپ كەتكەن ئىبادەتلەرنى كېيىن ئورۇنلاش دېمەكتۇر.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ نامازلارنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر دىنىي مەجبۇرىيەتتۇر. ئۆزۈرسىز تۇرۇپ نامازلارنى ۋاقتىدىن كەينىگە سۈرۈش گۇناھتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿ھەقىقەتەن ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى﴾[3]، دېگەن سۆزىدە، بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، نامازلارنى كېچىكتۈرمەستىن، بەلگىلەنگەن شۇ مەلۇم ۋاقىتلار ئىچىدە ئادا قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. ناماز ۋاقىتلىرىغا رىئايە قىلماسلىق ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر.

### نامازلارنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ئۆزۈرلىرى

ئۇيقۇ ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان نامازلارنىڭ قازاسىنى ئويغانغان ياكى ئېسىگە ئالغان ھامان ئوقۇسا قازا قىلغانلىقنىڭ (كېچىكتۈرگەنلىكنىڭ) گۇناھى ئەپۇ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇيقۇ ۋە ئۇنتۇش ئۆزۈرلىرى شەرىئەتتە ئېتىراپ قىلىنغان ئۆزۈرلەردۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « نامازنى ئۇنۇتقان كىشى ئېسىگە كەلگەن ھامان ئوقۇسۇن. بۇنىڭغا ئۇنىڭدىن باشقا كاپارەت يوقتۇر»[4]. يەنى ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، ئېسىگە كەلگەن ۋاقىتتا ئوقۇسا، ئۇ، ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازغا ئوخشاش قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە كېچىكتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يوققا چىقىدۇ دېيىلگەنلىكتۇر.

ئەمما نامازنى قەستەن (يەنى، ھورۇنلۇق، دۇنيا ھەلەكچىلىكى، ناماز ۋاقتىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك سەۋەبىدىن) قازا قىلىپ ئوقۇغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. بىراق ئوقۇغان

(1) ئەھمەد، نەسائىي، ئىبنى ماجە رىۋايىتى «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) سۈرە نىسا 103 ـ ئايەت

(4) بۇخارى رىۋايىتى.

نامىزى ئادا تاپقان بولىدۇ.

## نامازنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئۆزۈرلەر

ھەيىز ۋە نىفاسدار ئاياللاردىن نامازنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقىدا، بارچە ئىسلام مەزھەپلىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. بۇ سەۋەبتىن، ھەيىز ۋە نىفاسلىق ھاللىرىدا بولغان ئاياللارنىڭ بۇ ئەسنادا ئوقۇمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدۇ.

شۇنداقلا، ئەمەدىلا مۇسۇلمان بولغان كىشى ئۇچۇنمۇ بۇرۇن كاپىرلىق ھالىتىدە ئوقۇمىغان نامازلارنىڭ قازاسى يۈكلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بۇرۇن ناماز ئوقۇشتىن جاۋابكار سانالمايدۇ. ئەمما ھۇشىنى يوقاتقان ياكى ساراڭ بولغان كىشىنىڭ ھۇشسىزلىقى ياكى ساراڭلىقى ئالتە ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتىغىچىلىك داۋام قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا قازا كەلمەيدۇ. بەلكى ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئەگەر بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئويغىنالغان بولسا، ساراڭلىقىدا ياكى ھۇشسىزلىقىدا ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، مۇرتەد (ئەسلىدە مۇسۇلمان كېيىن دىنىدىن يېنىپ كاپىر بولغان كىشى) ئىمانغا قايتقاندىن كېيىن، بۇرۇنقى مۇرتەدلىك ۋاقىتلىرىدىكى نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. چۈنكى مۇرتەد بولغان كىشى بارلىق ئەمەللىرى بىكار بولۇپ، خۇددى ئەسلىدىن كاپىر بولغان كىشىگە ئوخشاشتۇر. كاپىرغا ناماز پەرز ئەمەس. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿**وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُوْلَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَأُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ**﴾ يەنى« سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر»[(1)].

شۇنداقلا، ئۇ مۇرتەد بولۇشتىن ئىلگىرى ھەج قىلغان بولسا، بۇ ھەجنى قايتا قىلىشى لازىم كېلىدۇ. چۈنكى بۇرۇن قىلغان ھەججىسى مۇرتەد بولۇش سەۋەبى بىلەن بىكار بولۇپ كەتكەن بولىدۇ[(2)].

ناماز مەيلى ئۆزۈر تۈپەيلى قازا بولغان بولسۇن، مەيلى ئۆزۈرسىز قازا بولغان بولسۇن، ئۇنى كېچىكتۈرمەستىن دەرھال ئادا قىلىش پۈتۈن فىقھشۇناسلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 217 ـ ئايەت.

(2) رد المحتار1 ـ توم 688 ـ بەت، الدر المختار 1 ـ توم 330 ـ بەت.

بىلەن پەرزدۇر[1].

## قازا نامازلارنى ئوقۇش ئۇسۇلى

قازا نامازلار مەيلى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن، مەيلى مۇقىم (ئۆز يۇرتىدا) بولسۇن، قازاغا قالدۇرۇلغان ۋاقتتىكى ئۇسۇلى بويىچە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: سەپەر ئۈستىدە ئوقۇماي قازا قىلغان نامازلارنى مۇقىم ھالەتتە ئوقۇماقچى بولغان كىشى بۇ نامازلارنى سەپەردىكى ئۇسۇلى بويىچە قەسىر قىلىپ(قىسقارتىپ)، تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر مۇقىم ھالەتتە قازا قىلغان نامازلارنى سەپەردە ئوقۇماقچى بولغاندا تۆت رەكئەت قىلىپ تولۇق ئوقۇيدۇ.

قازا قىلىنغان نامازلار ئەسلىدىكى قائىدىسى بويىچە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: قازاسىنى ئوقۇماقچى بولغان ناماز پېشىن نامىزىغا ئوخشاش قىرائىتى مەخپىي ئوقۇلىدىغان ناماز بولسا قىرائەت مەخپىي ئوقۇلىدۇ. ئەگەر خۇپتەن نامىزىغا ئوخشاش قىرائىتى ئاشكارا ئوقۇلىدىغان نامازلاردىن بولۇپ، ئۆزى ئىمام بولسا قىرائەت ئاشكارا ئوقۇلىدۇ. ئەگەر بۇ نامازنى ئۆز ئالدىغا يالغۇز ئوقۇماقچى بولسا قىرائەتنى ئىچىدە ئوقۇش ياكى ئاۋازلىق ئوقۇش ئىختىيارىدۇر[2].

## قازا نامازلارنى ئوقۇشنىڭ تەرتىپى

قازا نامازلارنى ئوقۇشتا، قازانىڭ شۇ ۋاقتتىكى ناماز ئارىسىدىكى تەرتىپكە رىئايە قىلىنىدۇ. يەنى، ئاۋۋال ئۈستىمىزدىكى قازا نامازلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن شۇ ۋاقتنىڭ نامىزىنى ئوقۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن: بىراۋ بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قازاسىنى پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۇنىڭ قازاسىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن، پېشىن نامىزىنى ئوقۇشى كېرەك (يەنى ۋاجىبتۇر).

ئەگەر كىشى قازا قىلغان نامازنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئوقۇماستىن ۋاقتنىڭ نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭ بۇ ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بىلەن رەدنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ بامدات نامىزىنى قازا قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاۋۋال ئۇنى ئوقۇماستىن پېشىن نامىزىنى ئوقۇغان بولسا، پېشىن نامىزى قوبۇل بىلەن رەدنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ، ئۈستىدىكى بامداتنىڭ قازاسىنى ئوقۇماستىن، يەنە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغان بولسا، ئەسىر نامىزمۇ قوبۇل بىلەن رەدنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ قالىدۇ. ئەتىسى بامدات

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 137 ـ بەت.

(2) اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 110 ـ بەت.

نامىزنىڭ ۋاقتى چىققۇچىلىك بـۇ ھۆكـۈم مۇشـۇنداق داۋام قىلىـدۇ. يەنـى ئوقۇغـان نامـازلىرى يۇقىرىقــدەك ئىككــى ئارىــدا قالىــدۇ. ئىمــام ئەزەم ئەبــۇ ھەنىپىنىــڭ كۆزىــشچە: يــۇقىرىقى مـۇئەللەقتە قالغـان نامـازلار نەپـلە نامىزىغـا ھېـساب بولىـدۇ. پەرز ئـادا تاپمايـدۇ. ئەبـۇ يۇسـۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ كۆزىشچە: يۇقىرىقى نامازلار باتىلدۇر.

ھەر ئىككــى قاراشــنىڭ خۇلاســسى يــۇقىرىقى نامــازلارنى قايتىــدىن ئوقۇشــنى لازىــم قىلىدۇ[1].

## قازا نامازلارنى ئوقۇشتا تەرتىبنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى

تەرتىب تۆۋەندىكى ئۈچ ھالدا ئەمەلدىن قالىدۇ:

1 ـ قازا قىلىنغان نامازلارنىـڭ سانى(ۋىتىـردىن باشـقا) ئـالتە ۋاختقـا يېتىـپ قالغـان بولـسا، يەنــى بىــر كۈنلــۈك بەش ۋاخ نامازنىــڭ ھەممــسى يەنە ئەتىنىــڭ بىــر ۋاخ نــامىزى بولــۇپ، جەمـى ئـالتە ۋاخ نامـاز يـاكى ئۇنىڭـدىنمۇ كـۆپ نامـاز قـازا بولغـان بولـسا، تەرتـىب ئەمەلـدىن قالىـدۇ. بـۇ نامـازلارنى قاچـان خالـسا شـۇ ۋاقىتتـا ئوقـۇپ ئـادا قىلـسا بولىۋېرىـدۇ. بـۇ ئىـسلام شەرىئىتىنىڭ كىـشىلەرنى قىـيىن ئىـشقا تەكلىـپ قىلماسـلىقتىن ئىبـارەت كەڭچىلىكلىرىـدىن بىــرى ۋە ئــاللاھ تائالانىــڭ بەنــدىلىرىگە بولغــان شــەپقىتىنىڭ ئىپادىــسىدۇر. چــۈنكى قــازا قىلىنغان نۇرغۇن نامـازلارنى تەرتـىب بىـلەن ئوقـۇش تەلەب قىلىنغـان بولـسا ئىـدى، بـۇ نامـاز كىشىلەرگە ئەلۋەتتە ئېغىر كەلگەن بولاتتى.

2 ـ ۋاقىتنىــڭ تــارلىقى يەنــى شــۇ ۋاقىتتىكــى نامازنىــڭ ۋاقتــى قــازا نامــازلار بىــلەن شــۇ ۋاقىتنىــڭ نــامىزىنى ئوقۇشــقا تــار كەلــسە، مەســىلەن: پېــشىن نامىزىنىــڭ ئــاخىرىقى ۋاقتــى بولــۇپ قېلىــپ پېــشىندىن ئــاۋۋال قــازا نامــازلارنى ئوقــۇپ ئانــدىن پېــشىن نــامىزىنى ئوقۇشــقا ۋاقىــت يېتىــشمىگەنلىكتىن، نامازنىــڭ ۋاقتــى چىقىــپ كېتىــپ ئوقۇمــاقچى بولغــان پېــشىن نــامىزىنىمۇ قــازا قىلىــپ قويماسـلىق ئۈچـۈن تەرتىـبكە رىئـايە قىلماسـتىن، ئـاۋۋال پېــشىن ئاندىن قازا نامازلىرى ئوقۇلىدۇ.

3 ـ ئۇنتــۇش يەنــى شــۇ ۋاقىتتىكــى نامــازنى ئوقۇيــدىغان چاغــدا ئۈســتىمىزدە قــازا نامــاز بــارلىقىنى ئۇنتــۇپ قالغــانلىقتىن، ئــاۋۋال قــازانى ئــادا قىلماســتىن شــۇ ۋاقىتنىــڭ نــامىزىنى ئوقۇغــان بولــساق نامــاز دۇرۇســتۇر. تەرتــىب ئەمەلــدىن قالغــان بولىــدۇ. چــۈنكى ئــاللاھ تائــالا ئۇنتــۇپ قالغاننىــڭ ئۆزرىــسىنى قوبــۇل قىلىــدۇ. قــازا نامــازلارنى كېــيىن ئوقۇســىمۇ بولىــدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام بىـر ھەدىـستە: «ئـاللاھ ئۈممىتىمنىــڭ خاتـالىقتىن، ئۇنۇتقـانلىقتىن

---

(1) بدائع الصنائع 1 ـ توم 131ـ بەت، الدر المختار 1 ـ توم 679 ـ 685 ـ بەتلەر، مراقي الفلاح 75 ـ بەت.

ياكى زورلانغانلىقتىن ئىشلىگەن گۇناھلىرىنى كەچۈرىۋەتتى»[1].

يۇقىرىقى ئۈچ ھالەتتە، قازا نامازلارنى ئوقۇشتىكى تەرتىپكە رىئايە قىلىنمايدۇ. چۈنكى تەرتىپ بۇ ئۈچ ھالەتتە ئەمەلدىن قالغان بولىدۇ. تەرتىپ بۇزۇلغان ئىكەن، قازا نامازلارنى، ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار سىرتىدا قايسىبىر ۋاقىتتا ئوقۇسا ئادا تاپىدۇ[2].

## قازاسى ئوقۇلىدىغان نامازلار

بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرزلىرى، ۋىتىر نامىزى ۋە بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ قازاسى(ئەگەر پەرزى بىلەن بىرگە قازا بولغان بولسا ۋە پېشىن ۋاقتىغىچە ئوقۇماقچى بولسا) ئوقۇلىدۇ. ئەمما، جۈمە، ھېيت، جىنازە نامازلىرى ۋە بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ قازاسى ئوقۇلمايدۇ. قازا بولغان نامازلارنى ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلاردىن باشقا كېچە ـ كۈندۈزنىڭ قايسىبىر ۋاقىتلىرىدا ئوقۇشقا بولىدۇ[3].

## مېيىتتىن ناماز ۋە روزىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى

كېسەل كىشى ياتقان يېرىدە بېشى بىلەن ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ بولسىمۇ ناماز ئوقۇشتىن ئاجىز قالغانلىق تۈپەيلى ناماز ئوقۇيالماستىن ۋاپات ئەتكەن بولسا، بۇ كىشىنىڭ ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالمىغان شۇ ھالەتتىكى نامازلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇساپىر بىلەن كېسەل كىشى رامىزاندا روزا تۇتمىغان بولۇپ، مۇساپىر يۇرتىغا قايتىشتىن، كېسەل ساقىيىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن بولسا، بۇلاردىن روزا ۋە ناماز كەچۈرۈم قىلىنىدۇ[4].

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿**لاَيُكَلِّفُ اللهُ نَفْساً إلاَّ وُسْعَهَا**﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ»[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشقا قادىر بولالمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تولىمۇ ھەقلىقتۇر».

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(2) بدائع الصنائع 1 ـ توم 131 ـ بەت، مراقي الفلاح 75 ـ بەت.
(3) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 32 ـ بەت.
(4) الدر المختار 1 ـ توم 675 ـ بەت.
(5) بەقەرە سۈرىسى ئاخىرقى ئايەت.

**ئوقۇيالمىغان نامازلارنىڭ كاپارىتى بارمۇ؟**

جاۋاب: بىراۋ ھايات ۋاقتىدا قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۆزى ئوقۇمىغان نامازلارغا كاپارەت(فىدىيە)بېرىش بىلەن ئادا تاپمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئوقۇپ قويۇشى بىلەنمۇ ئادا تاپمايدۇ. ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەبلىرىنىڭ كېيىنكى ئۆلىمالىرىدىن، خۇسۇسەن ماۋارائۇننەھر ئۆلىمالىرىدىن بەزىلەر نامازنى روزىغا قىياس قىلىپ، تۇتالمىغان روزا ئۈچۈنمۇ كاپارەت بېرىش دۇرۇس بولغان ئىكەن، نامازنىڭ ئوقۇيالمىغان نامازلار ئۈچۈنمۇ كاپارەت (فىدىيە) بەرسە بولىدۇ، دەپ چىقارغان پەتىۋاسى بولۇپ كۆپچىلىك ئۆلىمالار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى روزىغا كاپارەت بېرىش مەسىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ئارقىلىق بېكىتىلگەن ھۆكۈم، ئەمما ناماز ھەققىدە دەلىل يوق.

## نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇش مەسىلىسى

شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىگە كۆرە، سەپەردە، يامغۇرلۇق ياكى قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە، ھاجىلار ئۈچۈن ئەرەفات كۈنىدە پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى پېشىن ياكى ئەسىر ۋاقتىدا، شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى شام ياكى خۇپتەن ۋاقتىدا جەمئى قىلىپ (ئىككىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ۋاقىتتا)ئوقۇش جائىزدۇر. ھەنەفىي مەزھىبىدىن باشقا پۈتۈن ئىسلام مەزھەپلىرى بۇ مەسىلىدە بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

ئىككى نامازنى ئالدىنقىسىنىڭ ۋاقتىدا جەمئى قىلىپ ئوقۇش »جەمئى تەقدىم«، ئىككى نامازنى كېيىنكىسىنىڭ ۋاقتىدا جەمئى قىلىپ ئوقۇش »جەمئى تەخىر«دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما ھەنەپىي مەزھىبىگە كۆرە، ھاجىلارنىڭ «ئەرەفات»تا ئەسىر بىلەن پېشىن نامازلىرىنى پېشىن ۋاقتىدا، «مۇزدەلىفە»دە شام بىلەن خۇپتەن نامازلىرىنى خۇپتەن ۋاقتىدا ئوقۇشى جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۈننەتتۇر. بۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا نامازلارنى جەمئى قىلىشقا بولمايدۇ[1].

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ «ھەج ئۈچۈن "ئەرەفات" ۋە "مۇزدەلىفە"دە تۇرغاندىن باشقا ۋاقىتتا ئىككى نامازنى تۇپلاپ بىر ۋاقىتتا ئوقۇشقا بولمايدۇ»دېگەنلىكىنىڭ دەلىلى، بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى شەك قوبۇل قىلمايدىغان كەسكىن، ئېنىق دەلىللەر بىلەن

---

(1) اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 185 ـ187 ـ بەتلەر.

بېكىتىلگەن پەرز. شۇڭا ھەدىسلەرگىلا تايىنىپ تۇرۇپ ۋاقتىدا ئوقۇشتىن ئىبارەت پەرزنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:« ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتا پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى، مۇزدەلىفەدە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جەمئى قىلىپ ئوقۇغانىدىن باشقا ھېچبىر نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئوقۇغان ئەمەس»[1].

ئەمما ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا جەمئى قىلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ دېگۈچىلەرنىڭ مەزھىبى بۇ مەسىلىدە كۆپچىلۈك ۋە ئەمەل قىلىشقا ئەڭ لايىقتۇر.

«الفقه الإسلامي وأدلته» ( ئىسلام فىقھى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى) ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى دوكتۇر ۋەھبە زۇھەيلىي مەزكۇر ئەسەرىدە مۇنداق دەيدۇ: »ھەقىقەت شۇكى، نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇش ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولغانلىقى ئۈچۈن جائىزدۇر. چۈنكى ھەدىس قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرىدۇر»[2].

ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا جەمئى قىلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى ۋە بەلگىلىگەن شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ يولۇچىلار نامازلارنىڭ قازا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە بىرىنچى نامازنىڭ ۋاقتىنى بىر ئاز كېچىكتۈرۈپ، ئاۋۋال بىرىنچىسىنى ئاندىن ئىككىنچىسىنى بىر ۋاقىتتا جەمئى قىلىپ ئوقۇسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەردە نامازنى جەمئى قىلغانلىقى ھەققىدە كەلگەن كۆپلىگەن ھەدىسلەر كۆپتۇر. ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: **أَنَّ رَسُولَ اللّٰـه جَمَعَ بَيْنَ الصَّلاَةِ فِي سَفْرَةٍ سَافَرَهَا، فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ. جَمَعَ بَيْنَ الظُّهْرِ وَالْعَصْرِ. وَالْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ** تەرجىمىسى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىققىنىدا نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇغان. تەبۇك غازىتى بولغان كۈنىدە، پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى ۋە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جەمئى قىلىپ ئوقۇدى»[3].

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 351 ـ بەت.

(3) «سەھىھ مۇسلىم» 5 ـ توم 176 ـ بەت.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: **كَانَ رَسُولُ اللّٰهِ إِذَا عَجِلَ بِهِ السَّيْرُ، جَمَعَ بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ** تەرجىمىسى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، ئالدىرىغاندا شام بىلەن خۇپتەن نامازلىرىنى جەمئى قىلىپ ئوقۇيتتى»[1].

يەنە ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: **رَأَيْتُ رَسُولَ اللّٰهِ جَمَعَ بَيْنَ الظُّهْرِ وَالْعَصْرِ، وَالْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ. قَالَ عَبْدُ اللّٰهِ بْنُ شَقِيقٍ: فَحَاكَ فِي صَدْرِي مِنْ ذٰلِكَ شَيْءٌ. فَأَتَيْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ، فَسَأَلْتُهُ، فَصَدَّقَ مَقَالَتَهُ** تەرجىمىسى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى ۋە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جەمئى قىلىپ ئوقۇغىنىنى كۆردۈم. ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق دەيدۇكى، ”مەن ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزىدىن بىرئاز شەكلىنىپ قېلىپ، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن سورىۋىدىم، ئۇ ئىبنى ئابباسنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەستىقلىدى“»[2].

ئىبنى ئابباس ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: **أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ جَمَعَ بَيْنَ الصَّلاَتَيْنِ فِي السَّفَرِ** تەرجىمىسى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ ئوقۇيتتى»[3].

2 ـ كېسەل سەۋەبى بىلەن نامازلارنى جەمئى قىلمىسا مۇشەققەت تارتىپ قېلىشى ئېنىق بولغان كىشىلەر ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىدۇ. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن، ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: **جَمَعَ رَسُولُ اللّٰهِ بَيْنَ الظُّهْرِ وَالْعَصْرِ، وَالْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ، بِالْمَدِينَةِ، فِي غَيْرِ خَوْفٍ وَلاَ مَطَرٍ** تەرجىمىسى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى ۋە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى خەۋپسىز ۋە يامغۇرسىز ۋاقىتلاردىمۇ جەمئى قىلىپ ئوقۇغان»[4].

نەۋەۋىينىڭ شەرھىدە « ئىبنى ئابباستىن رەسۇلۇللاھ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى؟

(1) «سەھىھ مۇسلىم»5 ـ توم 174 ـ بەت، «فەتھۇلبارىي» 2 ـ توم 872 ـ بەت.
(2) «سەھىھ مۇسلىم»5 ـ توم 88 ـ بەت.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(4) «سەھىھ مۇسلىم» 5 ـ توم 178 ـ بەت.

دەپ سورالغىنىدا، ئۇ، ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە ئۇڭغايلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان“ دەپ جاۋاپ بەرگەن» دەپ قەيت قىلىنغان[1].

3 ـ ئۆزۈرلۈك (ھەمىشە قىنى ئىقىپ تۇرىدىغان) ئايالالار ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىدۇ. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: **اَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اَمَرَ سَهْلَةَ بِنْتَ سُهَيْلٍ وَحَمْصَةَ بِنْتَ جَحْشٍ لَمَّا كَانَتَا مُسْتَحَاضَتَيْنِ بِتَأْخِيرِ الظُّهْرِ وَتَعْجِيلِ الْعَصْرِ وَالْجَمْعِ بَيْنَهُمَا بِغَسْلٍ وَاحِدٍ** تەرجىمىسى: « سۇھەيل قىزى سەھلە بىلەن جەھش قىزى ھەمسە ئىككىسىنىڭ ئۆزۈرلۈك ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پىشىنىنىڭ ۋاقتىنى كەينىگە، ئەسىرنىڭ ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈپ، ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا، بىر تاھارەت بىلەن ئوقۇشقا ئەمر قىلغان» نەۋەۋىينىڭ «سەھىھ مۇسلىم شەرھى»[2].

4 ـ بالا ئىمىتىدىغان ئايال ئۈچۈن بوۋىقىنىڭ تەرەتلىرىدىن كىيىمنى ھەمىشە يۇيۇپ بولۇش قىيىن بولغانلىقتىن، ـ ئالدىنقى نامازنىڭ ۋاقتىنى ئاخىرقى ۋاقتىغىچىلىك كېچىكتۈرۈپ، ئىككىنچى نامازنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ـ ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ بىر ۋاقىتتا ئوقۇشنى ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى دۇرۇس سانايدۇ[3].

5ـسۇيدۈكى توختىمايدىغان ئۆزۈرلۈك كىشى ھەر نامازغا ئايرىم تاھارەت ئېلىشقا ئاجىز كەلسە، ئۇنىڭ ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا بىر تاھارەت بىلەن ئوقۇشى جائىز سانالغان. مۇندىن باشقا قاتتىق سوغۇق ياكى قاتتىق يامغۇرلۇق كۈنلەردە نامازلارنى جەمئى قىلىش جائىز كۆرۈلگەن. بىراق بۇنىڭ شەرتى: جەمئى قىلمىسا مۇشەققەت ياكى تەن ساقلىققا زىيان يېتىدىغان شارائىتتا بولسا جەمئى قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا جائىز ئەمەس[4].

ئىمام شەۋكانىي مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يامغۇرلۇق كېچىدە شام بىلەن خۇپتەننى جەمئى قىلغانلىقى سابىت بولغان. ھەتتا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان قاتارلىق كاتتا ساھابىلارمۇ شۇنداق قىلغان»[5].

---

(1) ئىمام نەۋەۋىينىڭ «سەھىھ مۇسلىم شەرھى» 5 ـ توم 215 ـ بەت.

(2) 5 ـ توم 214 ـ بەت.

(3) مركز الفتوى بإشراف الدكتور عبد الله فقيه islamway.com

(4) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 359 ـ بەت.

(5) «نەيلۇل ئەۋتار» 3 ـ توم 216 ـ بەت.

## نامازلارنى جەمئى قىلىشنىڭ شەرتلىرى

ئىككى نامازنى جەمئى قىلغان ھالدا، ئۇلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ نامازنى جەمئى قىلىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىش.

2 ـ ئاۋۋال ئالدىنقىسىنى، ئاندىن كېيىنكىسىنى ئوقۇشتىن ئىبارەت تەرتىپكە رىئايە قىلىش.

3 ـ ئىككى ناماز ئارىلىقىدا ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىن، ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇش.

كېمە، ئايروپىلان ۋە ماشىنىدا ناماز ئوقۇش مەسىلىسى

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپىنىڭ كۆرۈشىچە: پاراخوت، كېمە، ئايروپىلان، پويىز، ئاپتوموبىل قاتارلىق قاتناش قوراللىرى ئۈستىدە سەپەر قىلغاندا، ئۈزۈرسىز تۇرۇپمۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش جائىزدۇر. پەرز، ۋاجىپ ۋە ھەر قانداق نامازلارنى شۇنداق ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا بولىدۇ. بىراق رۇكۇ ۋە سەجدىلەر بىلەن ئوقۇش شەرتتۇر.

ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ كۆرۈشىچە: يۇقىرىقى قاتناش قوراللىرىدا ئۈزۈرسىز ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش جائىز ئەمەس. بۇ كۆرۈش كۈچلۈكتۇر. بۇ ئورۇندىكى ئۈزۈر ئۆرە تۇرسا بېشى قېيىش ياكى يىقىلىپ كېتىش خەۋپى بولغانلىقىدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن كەسكىن ئىپتالايمىزكى:

1 ـ پاراخوتتا يۈرگەندە، نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئادەتتىكىدەك ئوقۇش كېرەك. چۈنكى پاراخوتتا باش قېيىش ياكى يىقىلىپ كېتىش خەۋپى بولمايدۇ. چۈنكى پاراخوت ئۆيگە ئوخشاشتۇر.

2 ـ كېمىدە يۈرگەندە كېمە كىچىك بولۇپ، ئۆرە تۇرسا بېشى قېيىش ياكى يىقىلىش ئېھتىمالى بولسا، ئولتۇرۇپ ئوقۇش جائىزدۇر. پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە ھەر قانداق نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ.

3 ـ ئايروپىلاندا يۈرگەندە، ئورۇندۇقتىن چىقىپ بوش جايلاردا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا (بوش ئورۇن تېپىلمىغانلىقتىن)ئىمكانىيەت بولمىغان ياكى ئۆرە تۇرسا بېشى قايىدىغان شارائىتلاردا، ئولتۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش جائىزدۇر.

4 ـ ماشىنىدا يۈرگەندە، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش ھەقىقەتەن ئىمكانسىز بولغانلىقتىن، ئەگەر نامازنى كېچىكتۈرسە ئۇنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان شارائىتلاردا،

ئولتۇرۇپ ئىشارەت بىلەن ماشىنىنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئوقۇش جائىزدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَااسْتَطَعْتُمْ﴾ يەنى: « تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاڭلار» دەپ بۇيرىغان. بۇنداق شارائىتتا كۆچمىزنىڭ يەتكىنى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش بولغاچقا، بۇ ناماز دۇرۇستۇر.

5 ـ پەرز، ۋاجىپ، تەكىتلىك سۈننەت بولغان نامازلاردىن باشقا نەپلىگە ئوخشاش نامازلارنى ئۆزۈرسىز ھالدىمۇ، قايسىبىر ۋاقىتتا ئولتۇرۇپ ياكى ئىشارەت بىلەن ئوقۇش جائىزدۇر. بىراق ساۋاب جەھەتتە پەرقلىق بولىدۇ. نەپلە نامازلار توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«نەپلە نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. ئولتۇرۇپ ئوقۇغان كىشىگە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان كىشى ئېرىشكەن ساۋابنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ»[1].

## تۆتىنچى بۆلۈم: نامازلارنىڭ تۈرلىرى

ـ جامائەت نامىزى

ـ جۈمە نامىزى

ـ يولۇچى نامىزى

ـ ھېيت نامازلىرى

ـ تەراۋىھ نامىزى

ـ كېسەل نامىزى

ـ سۇ تىلەش نامىزى

ـ كۇسۇف نامىزى

ـ خەۋپ نامىزى

ـ نەپلە نامازلىرى:

1ـ تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى

2ـ چاشگاھ نامىزى

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى. الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 54 ـ بەت.

3ـ تەھەججۇد نامىزى

4ـ تاۋاپ نامىزى

5ـ تەۋبە نامىزى

6ـ ئىستىخارە نامىزى

7ـ ھاجەت نامىزى

8ـ ئەۋۋابىين نامىزى

9ـ تەسبىھ نامىزى

ـ جىنازە نامىزى

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزدىن ئۆرنەكلەر

# جامائەت نامىزى

جامائەت ۋە جامائەت نامىزىنىڭ تەرىپى

جامائەت سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى — بىر تۈركۈم كىشلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولىشى دېمەكتۇر. ئەمما ئىسلام فىقھى ئىستىلاھىدا جامائەت، مەسجىدتە ياكى ئۆيدە ياكى ھەرقانداق بىر جايدا توپلىنىپ ناماز ئوقۇغان كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما جامائەت نامىزى ـ پەرز، ۋاجىب ۋە تەراۋىھ نامازلىرىنى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۈرۈپ ئادا قىلىش دېمەكتۇر.

## جامائەت نامىزىنىڭ ھۆكمى

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئەرلەر ئۈچۈن تەكىتلىك سۈننەتتۇر. جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى ئۆز ئالدىغا يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 ھەسسە ئارتۇق بولىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگىدۇر»[1].

ئاياللارنىڭمۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشى جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تولىمۇ ياخشىدۇ. ئۇلارمۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا ئەرلەرنىڭ ئېرىشكەن ساۋابىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ. پەقەت مەزھەپ ئالىملىرى ئاياللارنى پىتنە ـ پاساتقا يېقىن دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۇلارنىڭ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشىنى ئانچە تەشەببۇس قىلىپ كەتمىگەن. بۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا، ئاياللارنى مەسجىدلەردىن مەنئى قىلىدىغان، ئىسلام تەلىماتىغا يات، غەلىتە ئەھۋاللار تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ھەتتا ئاياللارنىڭ مەسجىدكە كىرىشىنى كىشلەرگە شۇنداق سەت كۆرسىتىشۋەتكەنكى، ئاياللار كىنو، تىياتىرلارغا بارسا، بازارلاردا دۇكان ئېچىپ سودا قىلسا ئەيىبلىمەيدىغان، ئەگەر بىرەر مۇسۇلمان ئايال، ھەتتا ياشانغان موماي بولسىمۇ مەسجىدكە كىرىپ قالسا، ئۇنىڭغا سەسكىنىش بىلەن قارايدىغان ۋە ئەيىبلەيدىغان كەيپىياتلارمۇ بار. بۇ خاتادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: « ئاياللىرىڭلار سىلەردىن مەسجىدلەرگە بېرىش

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

توغرۇلۇق رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنى مەسجىدلەرگە بېرىشتىن مەنئى قىلماڭلار»[1].

يەنە مۇنــداق دېــگەن: « ئاياللىرىڭلارنى مەســجىدلەرگە بېرىــشتىن مەنئــى قىلمــاڭلار، ئۆيلىرىدە ئوقۇغىنىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشى»[2].

ئەۋلادلارنىــڭ تــۈنجى ئۇســتازلىرى بولغــان ئانىلارنىــڭ مەســجىدلەردە نامــاز ئوقۇشــى چەكلىنىــدىغان بــۇ غەلىــتە ئــادەت تــۈپەيلى ئــانىلار دىنىــي تەلىــم ـ تەربىيىلەرنــى ۋە قۇرئــان، ھەدىــسلەرنىڭ تەلىمــاتلىرىنى ئــاڭلاش پۇرســىتىدىن مەھــرۇم بولغــانلىقتىن، ئــۇلار ئىــسلام دىنىنىــڭ ئــائىلە، بــالا تەربىــيىلەش ۋە ئىبادەتلەرنىــڭ قائىــدە ـ تەرتىبلىــرى توغرىــسىدىكى پرىنــسىپلىرى ۋە ۋە كۆرسەــتمىلىرىدىن پۈتــۈنلەي خەۋەرســىز قالــدى. ئىــسلام تەلىماتلىرىــدىن خەۋەرســىز قالغــان بــۇ ئاڭــسىز ئانىلارنىــڭ تەربىيىــسىدە ئۆســكەن بــالىلارمۇ ئاڭــسىز ئۆســۈپ يېتىلــدى. ئەگەر مەسجىدلىرىمىزدە ئايالــلار ئۈچــۈن ئــايرىم جــايلار ئايرىلــسا، ئۇلارمــۇ جامائەت بىــلەن نامــاز ئوقــۇپ ئەرلەرنىــڭ تاپقــان ئــارتۇق ســاۋابلىرىنى تاپــسا، ئەمــر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەســىھەتلەرنى ئــاڭلاپ ئــۆزلىرىنى، ئانــدىن پەرزەنتلىرىنــى ئىــسلام تەربىيىــسى بــويىچە تەربىــيىلەپ يېتىــشتۈرسە، بۇنىــڭ نــېمە زىيىنــى بــار؟ ئەكــسىچە ئايــاللارنى مەســجىدلەردىن توســقىنىمىز ئۈچــۈن زىيــان تــارتتۇق. ئايــاللىرىمىزمۇ جامــائەتتە بولــشى ئەۋلادلارنىــڭ تەربىيىسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئىشتۇر.

پىتنــە ـ پاســات ھەر قانــداق جايــدا بــار. ئۇنىڭــدىن ســاقلىنىش ھەركىمنىــڭ ئــۆزىگە بــاغلىق ئىــش. ئايــاللار ئىــسلام دىنىــدا كۆرســىتىلگەن دىنىــي قىيــاپەتتە كىيىنىــپ، باشــلىرىغا رومــال (ھىجــاب) ئارتىــپ مەســجىدلەرگە بارســا، ئۇنىــڭ ھــېچكىمگە پىتنىــسى يــاكى زىيىنــى بولمايدۇ. بەلكى پايدىسى بولىدۇ.

## جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

ئىبنــى مەســئۇد رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى: « كىمكــى ئــاللاھ تائالاغــا مۇسۇلمان پېتــى ئۇچرىشــىشنى ئــارزۇ قىلىــدىكەن، ئاشــۇ نامازلارغــا چاقىرىلغــان ھامــان ھــازىر بولــۇپ ئــادا قىلــسۇن. ئــاللاھ تائــالا ســىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارغــا ھــىدايەتنىڭ يــولىلىرىنى كۆرســەتكەن. مەزكــۇر نامــازلار ئەنە ئەشــۇ ھــىدايەتنىڭ يوللىرىدىنــدۇر. ئەگەر ســىلەر بــۇ نامــازلارنى جامــائەتتىن ئايرىلغــان كــىشى ئۆيىــدە ئوقۇغانــدەك ئۆيــۈڭلەردىلا ئوقۇســاڭلار پەيغەمبىرىڭلارنىــڭ ســۈننىتىنى تەرك ئەتــكەن بولىــسىلەر. پەيغەمبىرىڭلارنىــڭ ســۈننىتىنى

(1) ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

تەرك ئەتسەڭلەر ئېزىپ كېتىسلەر. كىمكى كامىل تاھارەت ئېلىپ بۇ مەسجىدلەرنىڭ بىرەرسىگە يول ئالىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە بىردىن ساۋاب يېزىلىدۇ، ھەر بىر قەدىمى ئۆچۈن بىر مەرتىۋە قازىنىدۇ ۋە ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن بىردىن گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ. بىزنىڭ جامائەتسىزنى كۆرسىۋاتىمەنكى، جامائەتتىن پەقەت مۇناپىقلارلا ئايرىلىپ قالماقتا. ئۇلار تونۇلغان مۇناپىقلاردۇر. بىزدە مەسجىدكە بارالمايدىغان ئاجىز كىشىلەرمۇ يۆلەپ كەلتۈرۈلەتتى، ئىككى كىشى ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يۆلەپ جامائەت سېپىگە تۇرغۇزاتتى»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىدىكەن، ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. كىمكى خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىدىكەن، ئۇ كېچىنىڭ ھەممىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «قاراڭغۇلاردا مەسجىدلەرگە يۈرگۈچىلەرگە قىيامەت كۈنىدىكى تولۇق نۇردىن خۇشخەۋەر بەرگىن»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئەزان ئوقۇلغان ھامان مەسجىدكە بېرىش ۋە بىرىنچى سەپتىن ئورۇن ئېلىشتىكى كاتتا ساۋابنى بىلسە ئىدى، بىرىنچى سەپتىن ئورۇن تەگمىسە ئۆزئارا چەك تاشلىشىپ بولسىمۇ بىرىنچى سەپتىن ئورۇن ئېلىشقا تىرىشقان بولاتتى. ئۇلار كۈننىڭ ئىسسىقىدا مەسجىدكە بېرىشتىكى كاتتا ئەجرنى بىلسە ئىدى، مەسجىدكە بېرىشتا مۇسابىقىلاشقان بولاتتى. ئۇلار قاراڭغۇلاردا ۋە تاڭ سەھەرلەردە مەسجىدكە بېرىشتىكى كاتتا ساۋابنى بىلسە ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ بارغان بولاتتى»[4].

## جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان بەش ۋاخ ناماز ئىجتىمائىي تەربىيە ۋە ئىنسانلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئالاھىدە بىر مەكتەپتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ نامازلارنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئەھلىنىڭ ئىشتىراكىسىز ھالدا ئادا قىلىشىغا كۆپايە قىلماستىن، ئۇنى جامائەت بىلەن (مەسجىدتە)

(1) مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(2) تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) تىرمىزى رىۋايىتى.
(4) بۇخارى رىۋايىتى.

ئوقۇشـقا قـاتتىق تەشـەببۇس قىلغـان. چـۈنكى ھەر قانـداق بىـر جەمئىـيەت بىـرلىككە ئېھتىيـاجلىقتۇر. بىرلـىك ئەڭ يىمىـرىلمەس قۇۋۋەتتـۇر. جامـائەت بىـلەن نامـاز ئوقـۇش بىرلـىك ۋە ئىناقلىقنىـڭ ۋاسىتىـسىدۇر. مۇسـۇلمانلار ئەزان چاقىرىلغانـدىن كېـيىن، ھەممىـسى ئـۆز مەھەللىلىرىـدىكى مەسـجىدلەرگە بېرىـپ بىركۈنـدە بەش قېتىم توپلىنىـدۇ. ئانـدىن، ئۇنىڭـدىن كەڭـرەك دائىرىـدە، ھەپتىـدە بىـر كـۈن جـۈمە نـامىزىنى ئوقـۇش ئۈچـۈن توپلىنىـدۇ. مانـا بـۇ، مۇسـۇلمانلارنىڭ ھەپتىلـىك قـۇرۇلتىيى بولـۇپ، بۇنىڭـدا مۇسـۇلمانلار ۋەز - نەسـىھەتلەرنى، تەلىـم - تەربىيىلەرنـى ئـاڭلاش ئـارقىلىق دىنىـي بىلىمـلەرگە ئىـگە بولغانلىـقى سىـرتىدا، ئۆزلىرىنىـڭ يـالغۇز، كۈچسىز ئەمەسـلىكىنى، بەلكـى پۈتـۈن جامـائەت دىنىـي جەھەتـتىن ئۆزئـارا قېرىنداشـلىق سـۈپىتىدە يىمىـرىلمەس بىـر كـۈچ ئىكەنلىكىنـى ھېس قىلىـدۇ. ئانـدىن تېخىمـۇ كەڭ كۆلەمـدە ئىككـى ھېيـت نامىزىغا توپلىنىـدۇ. مانـا بـۇ، مۇسۇلمانلاردىكى يىللىق ئىككى چوڭ قۇرۇلتايـدۇر. بۇنىڭغـا پۈتـۈن مەھەلـلە، يېزا ۋە شـەھەر ئەھلـى، ھەتتـا ئـادەتتە باشـقا كـۈنلەردە مەسـجىدلەرگە كەلمەيـدىغان كىـشىلەرمۇ ئىـشتىراك قىلىــدۇ. بــۇ مۇناســىۋەت بىــلەن ئــۇزۇن ۋاقىــتلاردىن بېــرى بىــر - بىــرى بىــلەن كۆرۈشـەلمىگەنلەر، ئارىـدا رەنجىـش يـۈز بېرىـپ كۆرۈشـمىگەنلەر ھەممىـسى بـۇ مۇبـارەك قۇرۇلتايـدىن كېـيىن، ئـۆز ئـارا قۇچاقلىـشىپ كۆرۈشىـدۇ ۋە بىـرگە خوشـاللىقنى تەنـتەنە قىلىـشىدۇ. جەمئىـيەت ئەھلـى مۇشـۇنداق ئىنـاق، ئىتتىپـاق بولغـان ئىـكەن، ئـۇلار چوقـۇم بەختكە ئېرىشىدۇ. جەمئىيەتمۇ بۇ بىرلىكنىڭ بەرىكىتى بىلەن گۈللىنىدۇ.

## جامائەت نامىزى ئەسكىرىي تەربىيىدۇر(1)

جامـائەت بىـلەن ئوقۇلغـان نامـازدا ئىتائەتچـانلىق بىـلەن ئىنتىزامچـانلىقتىن ئىبـارەت ئەسـكىرىي تەربىـيە بـاردۇر. ھـازىرقى مۇسـۇلمانلار ئامىـسى ئۆزىنىـڭ يولباشـچىلىرىغا ئىتـائەت قىلىـش، ئىنتىزامغـا رىئـايە قىلىـش ۋە بىرلىـشىش ئـارقىلىق قەد كۆتۈرۈشـكە مـۇھەممەد ئەلەيھىسـسالامنىڭ دەۋرىـدىكى ئەرەبلەردىنمـۇ زور ئېھتىيـاجلىقتۇر. دۇنيـادا قانـداق بىـر ئەسـكىرىي ئىنتىـزام ۋە ئىتائەتچانلىق نامـازدىكى ئىنتىزامغـا ئوخشـسۇن! نامـازدا مۇسۇلمانلار باراۋەر، تۈز سەپكە تىزىلىدۇ. پـۈت پۇتقـا، مـۈرە مـۈرىگە تېگىـپ تـۈز تۇرىـدۇ. ئىمام رۇكـۇ قىلسا جامـائەت بىـرلىكتە رۇكـۇ قىلىـدۇ، سـەجدە قىلسا بىـرگە سـەجدە قىلىـدۇ. ئىمام قىـرائەت قىلسا ئـۇلار قـۇلاق سـېلىپ تۇرىـدۇ. ئىمـام سـالام بەرسـە ھەممىـسى سـالام بېرىـدۇ. نامازدىكى بۇ ئىنتىزامغا رىئايە قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

---

(1) دوكتۇر يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام»ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

## مەسجىد ئومۇمنىڭ مەكتىپىدۇر

دۇنيادا قانداق بىر مەكتەپ مەسجىدلەرگە ئوخشاش ئومۇم خەلق ئۈچۈن كىچە - كۈندۈز ئوچۇق تۇرىدۇ ۋە رەسمىيەتسىز ھالدا چوڭ - كىچىك ھەر كىمگە ئېھتىياجلىق بىلىملەرنى بېرىدۇ؟ قانداق بىر مەكتەپ مەسجىدكە ئوخشاش كىشىلەرگە ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە مەسىلىلىرىنى چەكلىمىسىز ھالدا، ئەركىن، ئازادە بىلىم بېرەلەيدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ مەسجىدلەر ئەنە شۇنداق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن ۋە كۆپىنچە ئىسلام ئەللىرىدىمۇ ھازىرغىچە شۇنداق بولىۋاتىدۇ»

## مەسجىدكە بېرىشنىڭ ئەدەپلىرى

مەسجىد ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتگاھى، تەلىم - تەربىيە ئۆگىنىش ئورنى. مۇندىن باشقا مەسجىد مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس ئورنى ۋە ھۆرمىتى بولغان بىر جاي. شۇڭا مەسجىدلەرگە تاھارەتسىز كىرىلمەيدۇ. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كېلىشنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيىگە كىرىش.

2 ـ مەسجىدكە كىرگەن ھامان ئولتۇرماستىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش. (قايسىبىر مەقسەت بىلەن كىرگەن كىشىمۇ ئوقۇيدۇ).

3 ـ ساۋابنىڭ كۆپرەك بولىشى ئۈچۈن مەسجىدكە سالماق قەدەم بىلەن بېرىش. چۈنكى مەسجىدكە بېرىش ئۈچۈن ئالغان ھەر بىر قەدەمگە ئايرىم ساۋاب يېزىلىدۇ.

4 ـ جامائەت بىلەن ناماز باشلانغىچىلىك قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇش.

5 ـ ھەر قانداق چوڭ - كىچىك گۇناھلار ئۈچۈن تەۋبىنى يېڭىلاش.

6 ـ نامازدا تۇرغاندا سەپنى تۈزەش، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش. نامازدا سەپنى تۈزەش ناھايىتى مۇھىمدۇر. بۇ مەسىلە نامازنىڭ دۇرۇس بولىشىغا ئالاقىدار بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: « سەپلىرىڭلارنى تۈزەڭلار. ھەقىقەتەن سەپنىڭ تۈز بولىشى نامازنىڭ تولۇق ئادا بولىشى دېگەنلىكتۇر»[1].

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

7 ـ نامازغا چىرايلىق كىيىنىپ بېرىش. ئىسلام دىنى گۈزەللىك ۋە پاكىزلىق دىنى بولغانلىقتىن، ئۇ كىشىلەرنى ھەمىشە مەدەنىيەتلىك ۋە پاكىز بولۇشقا چاقىرىدۇ. خۇسۇسەن، مەسجىدكە بارغاندا كىيىملەرنى تۈزەپ، ئالاھىدە گۈزەل يارىشىملىق ھالدا بېرىش ساۋابتۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا بَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ**﴾ تەرجىمىسى: « ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ئەۋرەتنىڭلارنى يېپىپ تۇرىدىغان، گۈزەل) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار»[1].

## ئىماملىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ئىمام ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇلارغا نامازنى باشلاپ ئوقۇپ بېرىدىغان كىشى دېمەكتۇر.

ئىماملىقنىڭ شەرتلىرى

1 ـ ئىمام بولغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولىشى.

2 ـ بالىغ (15 ياشتىن يۇقىرى) بولىشى.

3 ـ ئاقىل (ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا) بولىشى.

4 ـ ئەر بولىشى.

5 ـ قۇرئان سۈرىلىرىنى يادا ۋە توغرا ئوقۇشنى بىلىدىغان بولىشى.

6 ـ ئۆزرىلىك(كۆپ بۇرنى قانايدىغان ياكى سۈيدۈكنى تۇتالمايدىغان) بولماسلىقى شەرتتۇر[2].

## ئىماملىققا ھەقلىق بولغۇچىلار

جامائەتنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپ قىسمى يۇقىرىقى شەرتلەرگە لاياقەتلىك بولۇپ، ھەممىسى ئوخشاش سەۋىيەدە بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمام بولىدىغان كىشى مۇنۇ تەرتىب بويىچە تاللىنىدۇ: ئەڭ ئاۋۋال دىنىي مەسىلىلەرنى، خۇسۇسەن ناماز ئەھكاملىرىنى باشقىلاردىن ياخشى بىلىدىغان بولغىنى، ئاندىن قۇرئاندىن كۆپرەك يادا بىلىدىغان ۋە ئەڭ چىرايلىق ھەم توغرا قىرائەت قىلالايدىغىنى، ئاندىن ئەڭ تەقۋادار

(1) ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايەت .

(2) الدر المختار 1 ـ توم 513 ـ بەت، بدائع الصنائع 1 ـ توم 156 ـ بەت.

بولغىنى، ئاندىن يېشى چوڭراق بولغىنى، ئاندىن ئەخلاقى گۈزەل بولغىنى ئىماملىققا تاللىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « جامائەتكە قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان كىشى ئىمام بولسۇن، ئەگەر ئۇلار قۇرئان ئوقۇشتا ھەممىسى ئوخشاش سەۋىيەدە بولغاندا، سۈننەتنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى ئىمام بولسۇن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: « نامىزىڭلارنىڭ قوبۇل بولىشىدىن خوشلانساڭلار، سىلەرگە ئۆلىمالىرىڭلار ئىمام بولسۇن، چۈنكى ئۇلار ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەلچىڭلاردۇر»[2].

جامائەتنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى سۈپەتلەردە ئوخشاش بولۇپ قالغاندا، ئۇلار ئۆز ئارا چەك تاشلىشىش ياكى جامائەتنىڭ تاللىشى ئارقىلىق بىرسى ئىماملىققا تەيىنلىنىدۇ. ئىمام تاللاشتا جامائەت ئىختىلاپلىشىپ قالسا، كۆپ سانلىقنىڭ رەيى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ئۆيدە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا، ئۆي ئىگىسى ئىماملىققا سالاھىيەتلىك بولسا ئۆزى ئىمام بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىراۋلارنىڭ ئۆيىگە بارغان كىشى ئۇلارغا ئىمام بولمىسۇن، بەلكى شۇ ئۆينىڭ ئىگىسىدىن بىرسى ئىمام بولسۇن»[3].

دۆلەت مۇپتىسى بار يەردە ئۇنىڭدىن باشقىلار ئىمام بولمايدۇ. مۇپتى ياكى قازىدىن باشقا قايسىبىر مۇسۇلمان دىنىي ئەمەلدار مەسجىدنىڭ رەسمىي ئىمامىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ناماز ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى رەسمىي ئىمام ئۆز مەسجىدىدە ئىماملىققا ئۇلاردىن ئەۋزەلدۇر[4].

## ئىماملىقى مەكرۇھ بولىدىغانلار

نامازلاردا جامائەتكە ئىمام بولۇشى مەكرۇھ سانالغانلار تۆۋەندىكىچە:

1. شەرىئەتنىڭ چەكلىمىلىرىگە ئانچە رىئايە قىلىپ كەتمەيدىغان پاسىق ئالىم. ئەمما مۇنداق كىشىنىڭ ئىمام بولۇپ ئوقۇغان نامىزى دۇرۇستۇر. ئەگەر ئىماملىققا ئۇنىڭدىن ھەقلىقرەك بىرى بولمىغان شارائىتتا، ئۇنىڭ ئىماملىقى ئەلۋەتتە مەكرۇھسىز دۇرۇستۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « ھەر قانداق ياخشى ۋە گۇناھكار كىشىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋېرىڭلار»دەپ كۆرسەتكەن[5].

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) تەبەرانىي رىۋايىتى.

(3) ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

(4) الدر المختا 1 ـ توم 520 ـ 522 ـ بەتلەر، فتح القدير 1 ـ توم 245 ـ 247 ـ بەتلەر.

(5) دار قۇتنىي رىۋايىتى.

2 ـ ئەما ـ ئەما كىشىنىڭ ئىماملىقىنىڭ مەكرۇھ سانىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بەدىنى ۋە كىيىمىنى پاسكىنىلىقلاردىن ھەمىشە پاك تۇتالىشىنىڭ قىيىنلىقىدىن ئىدى. ئەمما جامائەتتە ئۇنىڭدىن ئالىمراق بىرەرسى بولمىسا، ئۇنىڭ ئىماملىقى ئەۋزەلدۇر. شاپىئىي مەزھىبىگە كۆرە، ئەما كىشىنىڭ ئىماملىقى مەكرۇھسىز دۇرۇستۇر. چۈنكى ئەما كىشى نامازدىكى «خۇشۇئ»(ئاللاھ بىلەنلا بولۇش) ئىشىدا باشقىلاردىن ھوشيار كېلىدۇ.

3 ـ ئىماملىقى جامائەت تەرەپتىن ياقتۇرۇلمىغان كىشى. بۇنداق كىشىنىڭ ئىماملىقى ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، مەكرۇھ تەھرىمى سانىلىدۇ، ئەمما باشقا مەزھەپلەردە مەكرۇھ تەنزىھى دەرىجىسىدىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جامائەت ياقتۇرمىسمۇ ئۆزىچە ئىمام بولىۋالغان ئادەمنىڭ نامىزىنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ»[1].

4 ـ ئۆزى مۇسۇلمان بولسىمۇ، پىكىر ئېقىمى ئومۇمىي مۇسۇلمانلاردا تونۇلغان قائىدە ـ يوسۇندىن باشقىچە بولغان كىشى. مەسىلەن: شىئەلەرنىڭ پۇتلارنى يۇيۇش ئورنىغا مەسھى قىلىشى ۋە ئاياقلارغا مەسھى قىلىشنى ئىنكار قىلغىنىغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ بۇ قىلغانلىرى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەنلەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى دەلىللەرنى تەۋىل قىلىش ئارقىلىق شۇ چۈشەنچىگە قانائەت قىلغانلىقىدىن ئىدى[2].

ھەنبەلىي مەزھىبىدىن باشقا مەزھەپلەردە، زىنادىن بولغان كىشىنىڭ ئىماملىقى مەكرۇھتۇر، ئەمما ئۇنى جامائەت ئۆزلىرى تاللاپ ئىمام قىلىۋالسا ھېچ ۋەقەسى يوق، دېيىلگەن. بۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشىدە قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىسلەردىن دەلىل ـ ئىسپات يوق. بۇ مەزھەپلەرنىڭ بەزىسى ”زىنادىن بولغان ئادەم ئادەتتە كىشىلەر تەرىپىدىن ياقتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىماملىقى مەكرۇھتۇر“ دېسە، بەزىسى ”زىنادىن بولغان ئادەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىن مەھرۇم بولغانلىقتىن، ئۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئىلمىي جەھەتتە ياخشى تەربىيىلىنەلمەيدۇ“ دەيدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇلارنىڭ « زىنا بالىسىنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھتۇر» دېگەن بۇ قارىشى سەرگە ئۇلتۇرمايدىغان پۈچەك قاراشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿**وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى**﴾ تەرجىمىسى: « بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ» دېگەن تۇرسا، ئاتا ـ ئانىسى زىنا قىلغان بولسا بالىسىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ زىنادىن بولغان

(1) ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىيلار رىۋايىتى.
(2) الدر المختار 1 ـ توم 522 ـ 531 ـ بەتلەر، بدائع الصنائع 1 ـ توم 156 ـ بەت، فتح القدير 1 ـتوم 247 ـ 249 ـ بەتلەر.

بولسىمۇ ئىماملىققا سالاھىيەتلىك بولۇپ يېتىشكەن بىرى بولسا، ئۇنىڭ ئىماملىقى نېمىشكە مەكرۇھ بولىدىكەن؟

## ئىسلام ئۇممىتىنى چەتكە قېقىشنىڭ خاتالىقى

ئىسلام ئۇممىتىدىن بولغان ھەر خىل مەزھەپ، ھەرخىل جامائەت ۋە ھەرخىل تائىپە كىشىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىسلام شەرىئىتى رەت قىلىدىغان بىدئەت(دىندىن سانالمايدىغان ئىشلار) نى سادىر قىلغانلىقى ياكى كۇپۇرلۇق دائىرىسىگە كىرمەيدىغان دەرىجىدىكى پىكىر ئېقىمى سەۋەبلىك كاپىرلاردىن ساناشقا ياكى ئۇلارنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. « ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھالال سانايدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرىگە ئىنكار قىلىدىغان خاۋارىجلارنىمۇ كاپىرلار دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۇلارنىڭ كۇففارلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى شەرىئەتنى رەت قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى شەرىئەت دەلىللىرىنى تەۋىل قىلىشتا خاتالاشقانلىقتىن ئىدى»[1].

بۇنىڭغا بىنائەن، بىدئەت سادىر قىلىدىغان بىرەر جامائەت ياكى مەزھەپكە مەنسۇپ بولغان ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا، بەزى مۇسۇلمانلاردىكى بىر قىسىم بىدئەت ياكى شەرىئەت دەلىللىرىنى چۈشىنىش جەھەتتە شۇنداق قوبۇل قىلىنغان خاتا پىكرلەرنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلىقتىن چىقىرىپ تاشلايدىغان، ھەتتا بىر جامائەت يەنە بىر جامائەتنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشنى راۋا كۆرمەيدىغان يېڭى رادىكالىزم ئېقىملىرى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن خەتەرلىك ئېقىمدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقى ۋە بىرلىكى قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ كەسكىن ئەمرى بىلەن پەرزدۇر. مەكرۇھ سانالغان ئىشلار يۈزىسىدىن ھەتتا بىرەر سۈننەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈنمۇ پەرزنى تەرك ئېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « ھەر قانداق ياخشى ۋە گۇناھكار كىشىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋېرىڭلار»[2] دېگەن كۆرسەتمىسىمۇ بۇنى مەقسەت قىلغان بولىشى مۇمكىن. بۇھەدىس گۇناھكار كىشىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جامائەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىملىقى سەۋەبتىن ئېيتىلغان بولىشى ئېھتىمال.

---

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 187 ـ بەت.

(2) دارقۇتنى رىۋايىتى

## ئىمامغا ئەگىشىشنىڭ شەرتلىرى

1 ـ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنى نىيەت قىلىش. ئىمامغا ئىقتىدا قىلماقچى بولغان كىشى نامازنى باشلاشتا تەكبىر ئېيتىشتىن بۇرۇن ھەم ئۆز نامىزىغا ھەم ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشقا (ئۇيغۇنلىشىشقا) نىيەت قىلىشى لازىم. مەسىلەن: «نىيەت قىلدىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن شۇ ۋاقىتنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىشقا، ئىقتىدا قىلدىم بۇ ئىمامغا» دەپ نىيەت قىلىش.

2 ـ ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ئايال جامائەتلەرمۇ بولسا، ئىمامنىڭ ئاياللارغا ئىمام بولۇشنىمۇ نىيەت قىلىشى كېرەك. ھەتتا ئاياللارنىڭ مەۋجۇد بولۇش ئېھتىماللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر نامازدا ئېھتىيات يۈزىسىدىن (ماڭا ئەگەشكەن جامائەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىماملىقىغا) دەپ نىيەت قىلىشى لازىم.

3 ـ ئىمام بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدا ئاياللار سېپى بولماسلىقى.

4 ـ جامائەت ئىمامنىڭ ئارقىسىدا بولىشى، ئارىلىقتا بوشلۇق قالدۇرۇلىشى كېرەك.

5 ـ ئىمام بىلەن جامائەت ئەينى نامازنىڭ پەرزىنى ئوقۇشى.

6 ـ جامائەت ئىمامنى كۆرەلىشى ياكى ھېچبولمىغاندا ئاۋازىنى ئاڭلىيالىشى.

7 ـ ئىمام بىر بىنادا، جامائەت باشقا بىر بىنادا بولماسلىقى لازىم.

8 ـ ئىمام بىلەن جامائەتنىڭ ئارىسىدا قېيىق ئۆتەلىگىدەك ئۆستەڭ ياكى ھارۋا ماڭالىغىدەك يول بولماسلىقى.

9 ـ جامائەت بىر كىشىدىن كۆپ بولغاندا، ئىمامنىڭ جامائەتتىن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر پۇت مىقدارى ئالدىدا تۇرۇشى، ئەگەر ئىمامدىن باشقا جامائەت بىرلا كىشى بولسا، ئۇنىڭ ئوشۇقى ئىمامنىڭ ئوشۇقىدىن ئارقىدا تۇرۇشى شەرتتۇر[1].

## جامائەت توغرىسىدىكى مەسىلىلەر

ئەرنىڭ ئايالغا ياكى كىچىك بالىغا، ئۆزلۈرىسىز كىشىنىڭ ئۆزلۈرلۈك كىشىگە، ئالىم ياكى قارىينىڭ ناماز ئەھكاملىرىنى بىلمەيدىغان بىرىگە ئىقتىدا قىلىشى جائىز ئەمەس. ئەمما تاھارەت ئالغان كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلغان كىشىگە، ئۆرە تۇرغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشىگە ـ ئەگەر ئۆزىدىن ھەقلىق بولسا ـ ئىقتىدا قىلىشى جائىزدۇر.

---

(1) الدر المختار 1 ـ توم 522 ــ 531 ـ بەتلەر، بدائع الصنائع 1 ـ توم 138 ــ 146 ـ بەتلەر، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 84 ـ بەت.

شـۇنداقلا، پەرز ئوقۇۋاتقـان ئـادەمگە نەپـلە ئوقۇمـاقچى بولغـان ئادەمنىـڭ ئىقتىـدا قىلىـشى جـائىزدۇر. ئەممـا باشـقا بىـر پەرزنـى ئوقۇمـاقچى بولغـان ئـادەمگە يەنە باشـقا بىـر پەرزنـى ئوقۇماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئىقتىدا قىلىشى جائىز ئەمەس[1].

بىـراۋ بىـر ئىمامغـا ئىقتىـدا قىلىـپ نامـاز ئوقـۇپ بولـۇپ، كېـيىن ئىمامنىـڭ تاھارەتـسىز ئىكەنلىكىنى بىلسە، نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىم كېلىدۇ.

ئايـاللار ئـۆزلىرى ئـايرىم جامـائەت بولـۇپ نامـاز ئوقۇغانـدا، ئىمـام بولغـان ئايـال سـەپنىڭ ئالـدىغا چىقمايـدۇ، بەلكـى سـەپنىڭ ئوتتۇرىـسىدا تۇرىـدۇ. ئۆزۈرسـىز ئايالنىـڭ ئۆزۈرلـۈك ئايالغا ئىقتىدا قىلىشى جائىز ئەمەس[2].

## جامائەت سېپىنىڭ تەرتىپى

ئىمامـدىن كېـيىن ئـاۋۋالقى سـەپتە ئەرلەر، ئانـدىن كېيىنكـى سـەپتە بـالىلار، ئانـدىن خۇنـسالار(ئىككـى جىنـسلىقلار)، ئەڭ ئاخىرىـدا ئايـاللار سـەپ تۈزىـدۇ. ئاياللارنىـڭ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تـۇرۇپ نامـاز ئوقۇشـى قەتئىـي جـائىز ئەمەس. ئايـاللار ئەرلەرنىـڭ ئارقىـسىدا ئـايرىم سـەپ تۈزۈشـى ۋە ئەرلەر سـېپى بىـلەن ئايـاللار سـېپى ئارىلىقىـدا توسـاق بولـۇشى لازىم[3].

ئايـال بىـلەن ئەر بىـر سـەپتە تـۇرۇپ نامازغـا تۇرغـان بولـسا، گەرچە بـۇ ئەر شـۇ ئايالنىـڭ مەھرىمى (ئاتىـسى يـاكى ئېـرى يـاكى قېرىنـدىشى) بولـسىمۇ، ئايالنىـڭ يېنىـدا تۇرغـان مەزكـۇر ئەرنىـڭ نـامىزى بۇزۇلىـدۇ. شـۇنداقلا، ئايـال كـىشى ئەرلەر سېپىنىڭ ئوتتۇرىـدا تـۇرۇپ نامـاز ئوقۇسـا، ئـۈچ كـىشىنىڭ ـ ئايـال كـىشىنىڭ ئـوڭ ۋە سـول تەرىپىـدە تۇرغـان ئىككـى كـىشى بىلەن ئارقىسىدا تۇرغان كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ[4].

## ئالدىنقى سەپتە تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى

جامـائەت بىـلەن نامـاز ئوقۇغانـدا ئالـدىنقى سـەپتە تۇرۇشـقا تىرىـشىش مۇسـتەھەب ئەمەللەردىـن سـانىلىدۇ. چـۈنكى مۇنـداق قىلىـشنىڭ سـاۋابى كـۆپ بولىـدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالام مۇنـداق دېـگەن: « ئەگەر ئالـدىنقى سـەپتە تۇرۇشـنىڭ پەزىلىتىنـى بىلـسەڭلەر(يـاكى كىـشىلەر بىلـسە) ئىـدى، ئالـدىنقى سـەپكە ئېرىـشىش ئۈچـۈن چەك

---

(1) قدوري 7 ـ بەت.

(2) اللباب شرح الكتاب 40 ـ بەت.

(3) اللباب شرح الكتاب1 ـ توم 41 ـ بەت.

(4) ردالمحتار 535 ــ 537 ـ بەتلەر.

تاشلاشقان بولاتتىڭلار»[1].

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام يەنە مۇنــداق دېــگەن: « ئەرلەر ســېپىنىڭ ئەڭ ياخشــىسى ئالدىنقىــسى ۋە ئەڭ يــامىنى ئاخىرقىــسىدۇر. ئايــاللار سېپىنىڭ ئەڭ ياخشــىسى ئاخىرقىــسى ۋە ئەڭ يامىنى ئالدىنقىسى دۇر»[2].

ئەرلەرنىــڭ ئالــدىنقى سەپتە تۇرۇشــىنىڭ ياخشىلىقى ئالــدىنقى سەپنىڭ پەزىلىتىنىــڭ يۇقىرىلىقىــدىن؛ ئاياللارنىــڭ ئــاخىرقى ســەپتە تۇرۇشــىنىڭ ياخشىلىقى ئۇلارنىــڭ ئەرلەرگە ئارىلىشىپ ناماز ئوقۇشتىن يىراق بولىشىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ئىدى[3].

## ئارقا سەپتە ئۆزى يالغۇز تۇرغان كىشىنىڭ مەسىلىسى

ئىــسلام فىقھىــشۇناسلىرى جامائەت نامىزىنىــڭ ئەڭ ئــاخىرقى ســەپتە ئــۆزى يــالغۇز تــۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىــدا قىلغــان كىــشىنىڭ نــامىزى قوبــۇل بولامــدۇ يــاكى قوبــۇل بولمامــدۇ؟ دېــگەن مەســىلە ئۈســتىدە ئىختىلاپلاشــقان. ھەنبەلــي مەزھىبىــدىن باشــقا مەزھەپــلەرگە كــۆرە، مۇنــداق كىــشىنىڭ نــامىزى دۇرۇســتۇر، قوبــۇل بولىــدۇ. بۇلارنىــڭ دەلىلــى ئەبــۇ بەكــرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ ھەدىــسى بولــۇپ، ئــۇ مۇنــداق دېــگەن: «پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام رۇكــۇ قىلىۋاتقــان ۋاقىتتــا نامازغــا ئۈلگــۈردۈم ۋە رۇكۇغــا يېتىــشىۋېلىش ئۈچــۈن ئالــدىنقى سەپكە بارماستىنلا ئارقىــدا تــۇرۇپ رۇكۇغــا بــاردىم. كېيىن بــۇنى پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىــپ بىرىۋىــدىم ئــۇ ماڭــا "ئــاللاھ ســاڭا ســەن ســاناپ بولالمىغۇچىلىــك كــۆپ تىرىــشچانلىق ئاتا قىلسۇن" دېدى»[4].

ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دېــگەن: «كېچىنىــڭ ئاخىرىــدا پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغــا كېلىــپ ۋە ئۇنىــڭ ئارقىــسىدا تــۇرۇپ ناماز ئوقۇۋىــدىم، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمدىن تۇتقىنىچە مېنى سۆرەپ يېنىغا ئەكىلىپ تۇرغۇزدى»[5].

يــۇقىرىقى ئىككــى ھەدىــستە، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مەزكــۇر ئىككــى ســاھابىنىڭ قىلغــانلىرىنى ئەيىبلىمىگــان، بەلكــى بىــرىگە دۇئــا قىلــسا، يەنە بىرىنىــڭ خاتــالىقىنى تۈزىتىــپ قويغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە «نامىزىڭ دۇرۇس ئەمەس»دېمىگەن.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) الفقه الإسلامي وأدلته 2 - توم 248 - بەت.

(4) بۇخارى، ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

(5) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

بۇنىڭغا بىنائەن، ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەپلىرى سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ نامىزىنى مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شافىئىي مەزھەبىگە كۆرە، جامائەت سېپىدىن ئورۇن تاپالماي سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز قالغان ئادەم ئالدىنقى سەپتىكىلەردىن بىرىنى تارتىپ ئەكىلىپ بىللە تۇرۇشى لازىم.

ھەنەفىي مەزھەبىگە كۆرە، سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز قالغان كىشى سەپكە كىرىش ئۈچۈن نامازدا تۇرۇپ بىر سەپ مىقدارى ماڭسىمۇ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ ماڭسا نامىزى بۇزۇلىدۇ.

ئەمما مالىكى مەزھەبىگە كۆرە، جامائەت سېپىدىن ئورۇن تاپالماي سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز قالغان ئادەم تۇرغان يېرىدە ناماز ئوقۇيدۇ، ئالدىنقى سەپتىكىلەردىن بىرىنى تارتىپ ئەكەلمەيدۇ.

ئەمما ھەنبەلىي مەزھەبىگە كۆرە، سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز تۇرغان ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ. ئۇنى قايتا ئوقۇشى لازىم كېلىدۇ[1].

## جامائەت سانى

جامائەتنىڭ ئەڭ ئاز سانى ئىككى بولۇپ، بىرى ئىمام يەنە بىرى ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىدۇر. يەنى ئىككى ئادەمنىڭ بىرى يەنە بىرىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇسا، ئۇلار جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى جامائەتتۇر»[2].

ھەتتا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچى ئەقلىگە كەلگەن كىچىك بالا بولسىمۇ، ئىمام بىلەن ئىككىسى جامائەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئىمامدىن باشقا ئاز دېگەندە ئۈچ كىشى بولىشى شەرتتۇر[3].

سانى كۆپ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى، سانى ئاز جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابىدىن كۆپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىراۋنىڭ ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغىنىدىن يەنە بىر ئادەم بىلەن بىرگە ئوقۇغىنى ئەۋزەل،

---

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 249 ـ 250 ـ بەتلەر.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) الدر المختار 1 ـ توم 517 ـ بەت.

ئۇنىڭ بىر ئادەم بىلەن ناماز ئوقۇغىنىدىن ئىككى ئادەم بىلەن ئوقۇغىنى ئەۋزەل، جامائەت قانچىلىك كۆپ بولسا، ئاللاھقا شۇنچىلىك يېقىملىقتۇر»[1].

يىراقتىكى مەسجىدتە ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى يېقىندىكى مەسجىدتە ئوقۇلغان نامازنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ ساۋاب تاپىدىغىنى مەسجىدكە ئۆيى يىراق بولغىنى ۋە كۆپ يول يۈرۈپ بارغىنىدۇر»[2].

## جامائەتنىڭ تۈرى

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان جامائەت تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

«مۇدرىك»، «لاھىق» ۋە «مەسبۇق»تۇر. بۇلارنىڭ تەرىپلىرى ۋە تەپسىلىي بايانى تۆۋەندىكىچە:

## مۇدرىك ھەققىدىكى مەسىلىلەر

مۇدرىك ـ نامازنىڭ باشلىنىشىدىن ئاخىرىغىچە نامازنىڭ پۈتۈن رەكئەتلىرىنى ئىمام بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغان كىشى دېمەكتۇر. بۇنداق كىشىنىڭ نامىزىنىڭ تولۇق ئادا تېپىشىدا شەك يوق.

سوئال: ئۆز ئالدىغا پەرز ناماز ئوقۇۋاتقان بىر كىشى بار جايدا، شۇ پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش باشلانسا، ئۇ كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاپ: ئۆزى يالغۇز نامازغا باشلاپ تېخى سەجدە قىلمىغان بولسا، نامازنى بۇزۇپ (يەنى ئىككى تەرىپىگە ئۆرە تۇرغان پېتى سالام بېرىۋېتىپ)، جامائەتكە قوشۇلىدۇ. ئەگەر بىر قېتىم سەجدە قىلىنغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا قاراش كېرەك، ئۇقۇۋاتقان نامىزى بامدات ياكى شام نامىزى بولسا قالدۇرۇلىدۇ ـ دە، ئىمامغا ئەگىشىدۇ. ئەگەر بۇ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتى ئۈچۈن سەجدىگە باش قويغان بولسا، ناماز توختىتىلمايدۇ، تاماملىنىدۇ. چۈنكى بامدات نامىزىدىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇشقا بولمىغىنىدەك، ئۈچ رەكئەتلىك ناماز نەپلە قىلىپ ئوقۇلمايدۇ. ئەگەر ئوقۇۋاتقان ناماز پېشىن ياكى ئەسىر نامىزىغا ئوخشاش تۆت رەكئەتلىك پەرز ناماز بولسا، ئوقۇلغان بىر رەكئەتكە يەنە بىر رەكئەت قوشۇپ ئىككى رەكئەتنى تاماملاپ«تەھىييات» نىلا ئوقۇپ سالام بېرىدۇ ۋە ھامان

(1) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، ئىبنى ھىببان «سەھىھ»دېگەن.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىمامغا ئەگىشىدۇ. ئۆزى يالغۇز ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامىزى نەپلە ناماز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداق نامازنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىنى ئوقۇۋاتقان كىشى تېخى سەجدە قىلمىغان بولسا، قىيامدا تۇرغان پېتى ياكى ئولتۇرۇپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىدۇ ۋە نامىزىنى توختىتىپ ئىمامغا ئەگىشىدۇ. ئۆز ئالدىغا ئوقۇغان بۇ ئىككى رەكئەت نامىزى نەپلە ناماز بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئوقۇۋاتقان شۇ رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بارغان بولسا، بۇ نامازنى تاماملايدۇ ۋە پەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ. مۇبادا ئوقۇۋاتقان نامىزى پېشىن ياكى خۇپتەن نامىزى بولسا، نامىزى تۈگىگەندىن كېيىن ئىمامغا ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ. ئىمام بىلەن ئوقۇغان نامىزى نەپلە ناماز بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكىن ئەسىر نامىزىدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلمايدۇ. چۈنكى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر.

سوئال: بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن كۆرگەن كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاپ: جامائەتكە ئۈلگۈرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە دەرھال بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇيدۇ. سۈننەتنى ئوقۇشتا خالىسا ۋاقتىنى تېجەش ئۈچۈن «سانا»، «ئەئۇزۇ» ۋە «بىسمىللاھ»لارنى ئوقۇمايلا يالغۇز فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيدۇ، رۇكۇ بىلەن سەجدىلەردە ئوقۇلىدىغان تەسبىھلەر(سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم ۋە سۇبھانە رەببىيەل ئەلا)نى بىر قېتىمدىنلا ئېيتىدۇ. سالامدىن كېيىنلا دەرھال ئىمامغا ماسلىشىدۇ.

ئەگەر جامائەتكە ئۈلگۈرىدىغانلىقىغا زادى كۆزى يەتمىسە سۈننەتنى باشلىماستىنلا ئىمامغا ئەگىشىدۇ. چۈنكى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابى سۈننەت ئوقۇشتىن چوڭ، ئەلۋەتتە. ئوقۇيالمىغان بۇ سۈننەتنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ. (چۈنكى بامداتنىڭ سۈننىتى پەرز بىلەن بىرگە قازا بولۇپ پېشىننىڭ ۋاقتى كىرگىچە ئوقۇماقچى بولغان كىشىگە، پەرز، سۈننەت ھەر ئىككىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشى لازىم كېلىدۇ.) ئەگەر سۈننەتنى باشلاپ بولغان بولسا، ئۇنى تاماملايدۇ. ئاندىن پەرزگە ئىقتىدا قىلىدۇ.

ئەمما پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرى بۇنداق ئەمەس. بۇ نامازلارنىڭ پەرزىنى جامائەتنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشى بۇ نامازلارنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇماستىنلا جامائەتكە قوشۇلىدۇ. پەرز ئادا بولغاندىن كېيىن، پېشىننىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتىنى خالىسا ئۆتەيدۇ. خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئاۋۋالقى تەكىتسىز تۆت رەكئەت سۈننىتى بىلەن ئەسىر نامىزىنىڭ ئالدىنقى تۆت رەكئەت تەكىتسىز سۈننىتىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈلىشى بىلەن نەپلە ناماز

قاتارىغا ئۆتـۈپ كېتىـدۇ. شـۇڭا سـۈننەت نامازلارنىـڭ قازاسـى قىلىنمايـدۇ. نەپـلە نامـازلارنى ئوقۇش يـاكى ئوقۇماسـلىق ھەركىمنىـڭ ئىختىيارىـدىكى ئىـش. نەپـلە ناماز ئوقۇمىغـان ئـادەم جاۋابكارلىق ياكى كايىشقا ئۇچرىمايدۇ.

ئەمما مەسـجىدتە يۇقىرىقى نامازلارنىـڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇشقا باشلاپ تېخـى تۈگىتىـپ بولماسـتىن شـۇ نامازلارنىـڭ پەرزى جامـائەت بىـلەن باشـلىنىپ كەتـسە، ئوقۇۋاتقـان شـۇ نامـازدىن ئىككـى رەكئەتلا ئوقـۇپ دەرھـال پەرزگە ئىقتىـدا قىلىـش لازىـم. ئەگەر پەرزنىـڭ بىرىنچـى رەكئىـتىگە ئۈلگۈرەلمەيدىغانـدەك بولـسا، نامـازدا تـۇرۇپلا ئىككـى تەرەپـكە سـالام بېرىۋېتىپ نامازدىن چىقىپ پەرزگە ئىقتىدا قىلىش لازىم.

بىـراق بامـداتنىڭ پەرزىـدىن بىـر رەكئەت ئوقـۇپ بولغانـدا جامـائەت شـۇ پەرزگە باشلىـسا، نامـازنى توختىتىـپ ئىمامغـا ئىقتىـدا قىلىـش لازىـم. ئەگەر بامـداتنىڭ ئىككىنچـى رەكئىتىـدە تۇرغىنىــدا، جامــائەت شــۇ پەرزگە باشلىــسا، بــۇ نامــازنى تاماملىــشى كېــرەك ۋە جامــائەتكە ئىقتىدا قىلمايدۇ. چۈنكى بامداتتىن كېيىن نەپلە ئوقۇلمايدۇ.

شـۇنداقلا، ۋاقىــت بىــلەن جامــائەت ئىككىــسىنىڭ ھەممىــسىنى قــاچۇرۇپ قويۇشــتىن قورققــان كىــشى ســۈننەتلەرنى ئوقۇمىغىنىــدەك، ئۆزىــدە بولغــان(كەچــۈرۈم قىلىـــنىش مىقدارىدىكى) يېنىـك پاسكىنىلىقلارنى يـوقىتىش بىلەنمۇ مەشغۇل بولماسـتىن نامازغـا تۇرسـا بولىـدۇ. باشـقا جامـائەت تېپىـشقا يـاكى ۋاقىتنىـڭ ئۆتـۈپ كەتمەسـلىكىگە ئىـشەنچ قىلالىغـان كىـشىنىڭ ئــازغىنە پاســكىنىلىق بولــسىمۇ، ئۇنىڭــدىن پاكلىنىــپ بولــۇپ، ئانــدىن نامازغــا تۇرۇشى كېرەك[1].

## لاھىق ھەققىدىكى مەسلىلەر

لاھىق — نامازنى ئىمـام بىـلەن تەڭ باشـلىغان بولـسىمۇ، ئـۇخلاپ قالغـان يـاكى تاھـارىتى بۇزۇلغــان يــاكى باشــقا ســەۋەبلەر بىــلەن نامازنىــڭ ھەمــمە يــاكى بەزى رەكئەتلىرىنــى ئاخىرىغىچە ئىمام بىلەن ئوقۇيالماي كېيىن ئۆزى يالغۇز تولۇقلىغان كىشى دېمەكتۇر.

1 ـ لاھىـق ھەقىقەتـتە ئىمامغـا باشـتىن ـ ئـاخىرىغىچە ئەگەشـكۈچىلەرگە ئوخـشاشتۇر. ئىمامغـا ئەگەشـكۈچىلەر ئىمامنىـڭ قىـرائىتىگە كۇپـايە قىلىـپ سـۈرە ئوقۇمىغاچقـا، لاھىقمـۇ ئارىـدا ئوقۇيالمىغـان رەكئەتلىرىنـى ئىمـام سـالام بەرگەنـدىن كېـيىن ئـۆز ئالـدىغا ئوقۇشـقا باشــلىغاندا ســۈرە ئوقۇمايــدۇ. ئــۇ خــۇددى ئىمامنىــڭ ئارقىــسىدا نامــاز ئوقۇۋاتقانــدەك پائـالىيەتلەرنى قىلىـدۇ ۋە ئـۆز ئالـدىغا ئوقۇغـان رەكئەتلەردىكـى خاتـالىقلىرى سـەۋەبلىك

---

(1) تحفة الفقهاء 67 ـ بەت، مراقي الفلاح 77 ـ بەت، فتح القدير 1 ـ توم 335 ـ 342 ـ بەتلەر.

سەجدە سەھۋى قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىمامغا ئەگەشكەنىنىڭ ھۆكمىدە ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بىر كىشى، بىرىنچى رەكئەتتە قىيامدا ئۇخلاپ قېلىپ، ئىمام سەجدىگە بارغان ۋاقىتتا ئويغانسا، دەرھال روكۇ، ئاندىن سەجدە قىلىپ ئىمامغا ماسلىشىدۇ.

2 ـ لاھىق ئىمامغا يېتىشەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن تەقدىردە دەرھال ئىمامغا ئەگىشىدۇ، ناماز تۈگىگەندىن كېيىن ئۆزى ئوقۇمىغان رەكئەتلەرنى تولۇقلايدۇ.

مەسىلەن: ئىمامغا ئەگەشكەن بىركىشىنىڭ تۆتىنچى رەكئەتتە بۇرنى قانىسا، سەپتىن چىقىدۇ، نامازغا زىت كېلىدىغان بىرەر ئىشنى سادىر قىلماستىن، دەرھال تاھارەت ئېلىپ، يېتىشكەن يېرىدىنلا ئىمامغا ئەگىشىدۇ. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا ئىمام سالام بەرگەن بولسا، ئۆز ئالدىغا شۇ تۆتىنچى رەكئەتنى ھېچ نەرسە ئوقۇماستىن ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرىۋاتقاندەك تاماملايدۇ. چۈنكى لاھىق ھۆكۈم تەرەپتىن ئىمامنىڭ ئارقىسىدا نامىزىنى تولۇق ئوقۇغان «مۇدرىك»كە ئوخشاشتۇر. مۇنداق ۋەقە ئۈچىنچى رەكئەتتە يۈز بېرىپ، ئىمام تۆتىنچى رەكئەتنى باشلىغان بولسا، لاھىق تاھارەت ئېلىپ ئاۋۋال ئۈچىنچى رەكئەتنى بىر نەرسە ئوقۇماستىن ئوقۇيدۇ، كېيىن ئىمامغا ئەگىشىدۇ ۋە تۆتىنچى رەكئەتنى ئىمام بىلەن ئوقۇپ بىرگە سالام بېرىدۇ.

ئەمدى ئىمامغا بۇنداقمۇ يېتىشەلمەسلىككە (يەنى ئۈچىنچى رەكئەتنى ئۆزى ئوقۇپ ئاندىن تۆتىنچى رەكئەتنى ئىمام بىلەن ئوقۇشقا يېتىشەلمەسلىككە) كۆزى يەتسە، دەرھال ئىمامغا ئەگىشىدۇ. ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۆزى تۇرۇپ ئۈچىنچى رەكئەتنى ھېچنەرسە ئوقۇماستىن ئوقۇپ سالام بېرىدۇ. ئىمام سەجدە سەھۋى قىلىدىغان بولۇپ، لاھىق تېخى نامىزىنى تۈگەتمىگەن بولسا، بۇ سەجدىنى لاھىق قىلمايدۇ. نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ سەجدىلەرنى قىلىدۇ.

3 ـ ھەر قانداق لاھىقنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەكىلدە ھەرىكەت قىلىشى ئۇچاي ئەمەس، شۇڭا لاھىقلارنىڭ كەم قالغان نامازلىرىنى يېڭىدىن باشلاپ ئوقۇشى ئەۋزەلدۇر[1].

## مەسبۇق ھەققىدىكى مەسىلىلەر

مەسبۇق — ئىمامغا نامازنىڭ بېشىدا ئەمەس، بەلكى كېيىن ھەرقانداق بىر يېرىدىن ئەگەشكەن كىشى دېمەكتۇر. مەسبۇق ئۆز ئالدىغا يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىگە

(1) الدرالمختار 1 ـ توم 555 ـ 560 ـ بەتلەر.

ئوخشاشتۇر. ئەمما ساۋاب تەرەپتىن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغانلاردىن پەرقلەنمەيدۇ.

1 ـ ئىمامغا كېيىن ئەگەشكەن كىشى(مەسبۇق) ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن، ئىمام بىلەن ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن رەكئەتلەرنى ئوقۇشتا خۇددى يالغۇز ئۆز ئالدىغا ناماز ئوقۇۋاتقاندەك ئوقۇيدۇ.

مەسىلەن: بىراۋ ئىمامغا بامدات نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئەگەشكەن بولسا، تەكبىر ئېيتىپ ئىمامغا ئەگەشكەندىن كېيىن، بىر نەرسە ئوقۇشتىن جىم بولىدۇ. ئىمام بىلەن بىرگە ئولتۇرغاندا يالغۇز «تەھىيات» دۇئاسىنىلا ئوقۇيدۇ. ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئوقۇيالمىغان دەسلەپكى رەكئەتنى (سانا، ئەئۇزۇ، بىسمىللاھ، فاتىھە سۈرىسى، يەنە بىر سۈرە) ئوقۇپ رۇكۇ، سەجدە قىلىدۇ. ئاندىن ئولتۇرۇپ«تەھىيات»، «سەللى»، «بارىك» دۇرۇدلىرى ۋە «رەببەنا» دۇئاسىنى ئوقۇپ سالام بېرىدۇ.

شام نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئىمامغا ئەگەشكەن كىشمۇ، بىرىنچى رەكئەتنى تولۇقلاشتا يۇقىرىدا بايان قىلغان شەكىلدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

2 ـ مەسبۇق شام نامىزىنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدە ئىمامغا يېتىشكەن بولسا، «سانا»ئوقۇيدۇ ۋە ئىمام بىلەن بىرلىكتە شۇ رەكئەتنى تاماملايدۇ. ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرىدۇ، «سانا، ئەئۇزۇ، بىسمىللاھ»، فاتىھە بىلەن يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدىدىن كېيىن ئولتۇرىدۇ ۋە «تەھىييات» دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. يالغۇز بىسمىللاھ، فاتىھە سۈرىسى يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىدۇ. ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا، «تەھىيات»، «سەللى» ۋە «بارىك»دۇرۇدلىرى ۋە «رەببەنا»دۇئاسىنى تولۇق ئوقۇپ سالام بېرىدۇ ۋە نامازدىن چىقىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇ، ئۈچ قېتىم ئولتۇرۇپ«تەھىيات» ئوقۇغان بولىدۇ. ئەگەر مەسبۇق ئىككىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدىكى «تەھىيات»نى ئوقۇشنى ئۇنۇتقان بولسا سەجدە سەھۋى قىلمايدۇ.

3 ـ مەسبۇق تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ تۆتىنچى رەكئىتىدە ئىمامغا يېتىشكەن بولسا، ئىمام بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ «تەھىيات» دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ. ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، «سانا»، «ئەئۇزۇ»، «بىسمىللاھ»لارنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن فاتىھە سۈرىسى يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ رۇكۇ، سەجدىلەردىن كېيىن ئولتۇرۇپ« تەھىيات» ئوقۇيدۇ. ئاندىن يەنە تۇرۇپ «بىسمىللاھ»، فاتىھە سۈرىسى ۋە يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ رۇكۇ بىلەن سەجدىلەرنى قىلىدۇ ۋە ئولتۇرماستىن تۇرۇپ ئەينى شەكىلدە يەنە بىر رەكئەت

ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئولتۇرۇپ «تەھىيات»، «سەللى»، «بارىك» ۋە «رەببەنا»لارنى تولۇق ئوقۇپ ئىككى تەرەپكە سالام بېرىدۇ.

4 ـ تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدىن باشلاپ ئىمامغا يېتىشكەن مەسبۇق ئىمام بىلەن بىرلىكتە تۆتىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغىنىدا، يالغۇز«تەھىيات»دۇئاسىنىلا ئوقۇيدۇ. ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى بامدات نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا «تەھىيات»، «سەللى»، «بارىك» ۋە «رەببەنا»لارنى تولۇق ئوقۇپ سالام بېرىدۇ.

5 ـ مەسبۇق ئىمام رۇكۇ قىلىۋاتقان چاغدا ئىقتىدا قىلغان بولسا، نامازغا كىرىش تەكبىرىنى ئېيتىدۇ ۋە دەرھال رۇكۇ قىلىدۇ. ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغىچىلىك رۇكۇ قىلىۋالالىغان كىشى شۇ رەكئەتكە ئۈلگۈرگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

6 ـ مەسبۇق ئىمامغا ئۈلگۈرەلمىگەن رەكئەتلەرنى ئوقۇغىنىدا، ئۇنىڭ باشقىلارغا ئىقتىدا قىلىشى ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىشىغا بولمايدۇ.

شۇنداقلا، مەسبۇقنىڭ ئىمام سالام بېرىشتىن ئىلگىرى ئۈلگۈرەلمىگەن رەكئەتلەرنى ئوقۇشقا تۇرۇپ كېتىشىگە بولمايدۇ، پەقەت تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىمام تەشەھھۇد مىقدارى ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مەسبۇق سالامدىن ئىلگىرى تۇرۇپ كەتسە بولىدۇ:

1 ـ مەسبۇق ئىمام سالام بەرگىچىلىك كۈتسە ئايىغىغا قىلغان مەسھى مۇددىتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن قورقسا.

2 ـ ناماز ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن قورقسا ياكى ئۆزۈرلۈك بولۇپ، تاھارىتى سۇنۇپ كېتىشىدىن قورقسا.

3 ـ جۈمەنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى بولۇپ، ئەسىر ۋاقتىنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن قورقسا.

4 ـ بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى بولۇپ، كۈن چىقىپ قېلىشىدىن قورقسا[1].

## جامائەت نامىزى توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر

ئوقۇپ بولغان نامازنى جامائەت بىلەن قايتا ئوقۇش

پۈتۈن فىقھشۇناس ئالىملار ۋە مەزھەپلەر ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئوقۇپ بولغان شۇ نامىزىنى جامائەت بىلەن قايتا ئوقۇشىنىڭ جائىزلىقىدا ۋە قايتا ئوقۇلغان

(1) الدر المختار 1 ـ توم 560 ـ بەت.

نامازنىڭ نەپلە نامازغا ھېساب بولىدىغانلىقىدا بىردەك ئىتتىپاقتۇر. يەزىد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ھەج قىلغىنىمدا، ناماز بامداتنى مەسجىدى خەيف(مىنادىكى مەسجىد)تە بىرگە ئوقۇدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن پارىغ بولۇپ، يان تەرەپكە قارىۋىدى، بىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇمىغان ئىككى كىشىنى كۆردى ۋە ئۇلارنى چاقىرىڭلار دېدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلىشىدى، ئۇلاردىن "سىلەرنىڭ بىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشۇڭلارغا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟" دەپ سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ئۇلار "يا رەسۇلەللاھ! بىز بۇ نامازنى سەپىرىمىز ئۈستىدە ئوقۇپ بولغان ئىدۇق" دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:"ئۇنداق قىلماڭلار، سىلەر سەپەر ئۈستىدە نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن مەسجىدكە كەلگىنىڭلاردا جامائەتنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭلار ئۇلار بىلەن بىللە قايتا ئوقۇڭلار، قايتا ئوقۇغان نامىزىڭلار سىلەر ئۈچۈن نەپلە ھېسابلىنىدۇ»[1].

ئەمما ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئوقۇپ بولغان شۇ نامىزىنى جامائەت بىلەن قايتا ئوقۇشى توغرۇلۇق ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرىشى مۇنداق: پېشىن ۋە خۇپتەنگە ئوخشاش كەينىدىن نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولمايدىغان نامازلارنىڭ ۋە شامغا ئوخشاش نەپلىگە ھېسابلاشقا بولمايدىغان نامازنىڭ(چۈنكى ئۈچ رەكئەتلىك نەپلە ناماز يوق) پەرزىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەتنىڭ شۇ پەرزنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشى بۇ پەرزنى جامائەت بىلەن قايتا ئوقۇيدۇ ۋە بۇ ئوقۇغىنى نەپلە نامازغا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوقۇغان نامىزى بىلەن پەرز ئادا بولغان بولىدۇ.

ئەمما ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ بولۇپ، جامائەتنىڭ شۇ پەرزنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشى جامائەتكە قوشۇلمايدۇ. چۈنكى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن نەپلە ئوقۇشقا بولمايدۇ. بامدات نامىزىمۇ شۇنداق.

## جامائەتنىڭ ساۋابىنى تېپىش

ئىمام بىرىنچى سالامنى بېرىشتىن بۇرۇن جامائەتكە يېتىشىپ نامازغا قوشۇلغان كىشى — گەرچە باشتىن ئىمام بىلەن بىرگە بولالمىغان بولسىمۇ — جامائەتكە ئۈلگۈرگەن ۋە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. چۈنكى بۇ كىشى جامائەت نامىزىنىڭ بىر پارچىسىغا يېتىشكەن بولۇپ، بىر رەكئەتكە ئۈلگۈرگەنگە ھېسابلىنىدۇ.

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

نامازنىڭ بىر رەكئەتتىگە ئۈلگۈرگەن كىشى ھەممە رەكئەتنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانغا ئوخشاشتۇر[1].

## بىرىنچى رەكئەتكە ئۈلگۈرۈش

ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن نامازغا باشلىغان ئادەم شۇ رەكئەتكە (يەنى بىرىنچى رەكئەتكە) يېتىشكەن بولىدۇ. بۇ كىشىدىن شۇ رەكئەتنىڭ قىرائىتى ساقىت بولىدۇ. ئەمما ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغىچە رۇكۇغا يېتىشەلمىسە ياكى يېتىشەلىگىنىگە شۈبھىلەنسە بۇ رەكئەتنى ھېسابقا ئالمايدۇ. ئىمام سالام بەرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈلگۈرەلمىگەن رەكئەتنى تاماملايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازنىڭ بىر رەكئەتتىگە ئۈلگۈرەلىگەن كىشى نامازنىڭ ھەممىسىگە ئۈلگۈرگەن بولىدۇ»[2].

چۈنكى بىرىنچى رەكئەتنىڭ رۇكۇسىغا ئۈلگۈرگەن كىشى نامازنىڭ بىر رەكئەتتىگە ئۈلگۈرگەن بولىدۇ. بىر رەكئەتكە ئۈلگۈرگەن كىشى نامازنىڭ ھەممە رەكئەتتىگە ئۈلگۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. بۇ مەسىلىدە پۈتۈن فىقھشۇناسلار ئىتتىپاقتۇر[3].

## قايسى ھالەتتە ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ، جامائەتنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ؟

ئىمام تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ ھالدا نامازغا باشلىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئىمام ۋە جامائەت ھەممىسىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى جامائەتنىڭ نامىزى ئىمامنىڭ نامىزىغا باغلىق بولۇپ، ئىمامنىڭ نامىزى دۇرۇس بولسا جامائەتنىڭ نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلسا جامائەتنىڭمۇ نامىزى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىمامنىڭ تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغانلىقى ئېنىقلانسا، جامائەت نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ.

ئەمما ئىمام تاھارەت بىلەن نامازنى باشلىغاندىن كېيىن، ئىمامنىڭ نامازنىڭ شەرتلىرى ياكى پەرزلىرىگە خىلاپ ئىش قىلغانلىقى ياكى تاھارىتى بۇزۇلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلسىمۇ جامائەتنىڭ نامىزى دۇرۇستۇر. جامائەتنىڭ بۇ نامازنى قايتا ئوقۇشى لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك ئىمام نامازدا تۇرۇپ مۇرتەد بولۇپ كەتسە(كاپىر بولسا) ياكى پېشىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ بولۇپ، يەنە جۈمە نامىزىغا

---

(1) المغني 2 ـ توم 540 ـ 546 ـ بەتلەر.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) فتح القدير 1 ـ توم 344 ـ بەت.

ئىمام بولغان بولسا ئىمامنىڭلا نامىزى بۇزۇلىدۇ، جامائەتنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ[1].

## جامائەتنىڭ ئىمامدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرى

ئىمام سالام بېرىپ نامازدىن چىققاندىن كېيىن جامائەتنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ جامائەت «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولماستىن ئىمام سالام بەرگەن بولسا، جامائەت ئىمامغا ئەگەشمەستىن «ئەتتەھىياتۇ»نى تولۇق ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن سالام بېرىدۇ. چۈنكى «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇش ھەركىم ئۈچۈن مۇستەقىل ۋاجىبتۇر.

2 ـ جامائەت «ئاللاھۇممە سەللى» ۋە «بارىك» دۇرۇدلىرىنى ئوقۇپ بولغىچە ئىمام سالام بەرسە، جامائەت دۇرۇدنى تەرك قىلىدۇ ۋە ئىمام بىلەن بىرلىكتە سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ. چۈنكى «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولغىچىلىك ۋاقىت ئولتۇرۇش بىلەن نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىنىڭ پەرزى ئادا بولىدۇ.

3 ـ ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتىدىن كېيىنكى ئولتۇرۇشتا ئىمام جامائەت «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولۇشتىن بۇرۇن ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ كەتسە، جامائەت «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىمامغا ئەگىشىدۇ.

4 ـ جامائەت رۇكۇدا ياكى سەجدىدە ئۈچ قېتىم تەسبىھ ئېيتىپ بولغىچىلىك ئىمام تۇرۇپ كەتسە، جاماتمۇ ئىمام بىلەن بىرگە تۇرىدۇ.

5 ـ ئىمام ئىككى سەجدىدىن كېيىن يەنە بىر سەجدە قىلماقچى بولسا، جامائەت ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ.

6 ـ ئىمام نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرماستىن تۇرۇپ كەتسە، جامائەت تۇرمايدۇ، بەلكى ئىمامنى كۈتىدۇ. ئەگەر ئىمام شۇ تۇرغىنىچە ئولتۇرمىسا جامائەت ئۆز ئالدىغا سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ.

7 ـ جامائەت «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولۇپ، ئىمامدىن بۇرۇن سالام بېرىپ نامازدىن چىقسىمۇ ئۇلارنىڭ نامىزى دۇرۇستۇر. بىراق مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ[2].

---

(1) الدر المختار ورد المحتار 1 ـ توم 553 ـ بەت.

(2) الدر المختار 1 ـ توم 560 ـ بەت، مراقي الفلاح 50 ـ بەت.

**ئىمام قىلمىسا جامائەتمۇ قىلمايدىغان ئىشلار**

1 ـ تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدە ئىمام قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ ركۇ قىلسا جامائەتمۇ ئوقۇماستىن ركۇ قىلىدۇ. ئەگەر ركۇغا ئۆلگۈرەلىشكە ئىشەنچ قىلالىسا ئوقۇغىنى ئەۋزەل.

2 ـ ئىمام سەجدە سەھۋى قىلمىسا جامائەتمۇ قىلمايدۇ.

3 ـ ئىمام تىلاۋەت سەجدىسى قىلمىسا جامائەتمۇ قىلمايدۇ.

4 ـ ئىمام ھېيت نامازلىرىنىڭ ئارتۇق تەكبىرلىرىنى ئېيتمىسا جامائەتمۇ ئېيتمايدۇ.

5 ـ ئىمام تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئولتۇرمىسا، جامائەتمۇ ئولتۇرمايدۇ.

يۇقىرىقى بەش ئىشنى ئىمام قىلمىسا جامائەتمۇ قىلمايدۇ.

**ئىمام قىلسا جامائەت قىلمايدىغان ئىشلار**

1 ـ ئىمام جىنازا نامازلىرىدا تۆتتىن ئارتۇق تەكبىر ئېيتسا جامائەت ئېيتمايدۇ.

2 ـ ئىمام ھېيت نامازلىرىدا بىر رەكئەتتە ئۈچتىن ئارتۇق تەكبىر ئېيتسا جامائەت ئېيتمايدۇ. (بۇيەردە، نامازغا باشلاش، ركۇ ۋە سەجدىلەردىكى تەكبىرلەرنىڭ سىرتىدىكى ئارتۇق ئۈچ تەكبىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

3 ـ ئىمام خاتالاشقانلىقتىن، بەشىنچى ياكى ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرسا، يەنى تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشنى ئولتۇرماستىن بەشىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ كەتسە ياكى ئىككى رەكئەتلىك نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرماستىن ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ كەتسە جامائەت تۇرمايدۇ. بەلكى ئىمامنى كۈتىدۇ. ئەگەر ئىمام جامائەتنىڭ ئاگاھلاندۇرشىنى بىلىپ ئولتۇرسا بۇ ناماز دۇرۇستۇر. ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى قىلىش كېرەك بولىدۇ. بۇ ئاخىرقى ئولتۇرۇش(قەئدە ئەخىر)تىن ئىبارەت پەرزنى كېچىكتۈرگەنلىك ئۈچۈن ۋاجىب بولغان سەجدىدۇر.

ئەگەر ئىمام شۇ تۇرغىنىچە قايتماستىن، بۇ ئارتۇق رەكئەتنىڭ سەجدىسىنى قىلغان بولسا، جامائەت ئىمامغا ئەگەشمەستىن ئۆز ئالدىغا سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ. ئەگەر ئىمام خاتالاشقاندا جامائەتمۇ ئىمام بىلەن بىرگە تۇرۇپ ئارتۇق رەكئەتنىڭ سەجدىسىنى قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئىمام بىلەن جامائەت ھەممىسىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئاخىرقى ئولتۇرش(قەئدە ئەخىر)تىن ئىبارەت پەرزنى تۈگەتمەستىن،

نەپلىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق قىلىش نامازنى بۇزىدۇ.

ئەگەر ئۇلار تۇرۇپ كەتكەن 5- رەكئەتكە يەنە بىر رەكئەت قوشۇپ نامىزىنى تاماملىسا، پەرز ئادا بولىدۇ. ئارتۇق ئوقۇلغان ئىككى رەكئەت نەپلە ھېسابلىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا سەجدە سەھۋە قىلىدۇ.

4 ـ ئىمام ئىككىدىن ئارتۇق سەجدە قىلسا جامائەت قىلمايدۇ.

يۇقىرىقى تۆت ئىشنى ئىمام قىلسا جامائەت قىلمايدۇ.

## ئىمام قىلمىسىمۇ جامائەت قىلىدىغان ئىشلار

1 ـ نامازغا باشلاش تەكبىرلىرىدە قوللارنى كۆتۈرۈش.

2 ـ »سانا«ئوقۇش.

3 ـ رۇكۇغا ئېگىلىشتە تەكبىر ئېيتىش.

4 ـ سەجدىلەرگە بارغاندا ۋە ئۇنىڭدىن تۇرغاندا تەكبىر ئېيتىش.

5 ـ رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە تەسبىھ ئېيتىش.

6 ـ ئىمام (سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە) دېمىسىمۇ، جامائەت (رەببەنا ۋە لەكەلھەمدۇ) دېيىش.

7 ـ »تەھىيات«دۇئاسىنى باشقا دۇرۇد ۋە دۇئالار بىلەن تولۇق ئوقۇش.

8 ـ نامازدىن كېيىن سالام بېرىش.

9 ـ قۇربان ھېيتنىڭ تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئېيتىش.

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشى (جامائەت) يۇقىرىقى توققۇز ئىشنى ئۆز ئالدىغا قىلىدۇ.

## سەجدە سەھۋى توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر

مۇدرىك بىلەن مەسبۇق ئىمامنىڭ خاتاسى ئۈچۈن ئىمام بىلەن بىرلىكتە سەجدە سەھۋى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىمامغا ئەگەشكەن ئىكەن، بۇ سەجدىنى ئۆز سەھۋەنلىكىدىن بولمىسىمۇ قىلىشقا مەجبۇردۇر. شۇنىڭدەك مەسبۇق ئىمامغا يېتىشەلمىگەن رەكئەتلەرنى ئادا قىلغاندا، سەجدە سەھۋىنى كېرەك قىلىدىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلسا، نامازنىڭ ئاخىرىدا يەنە سەجدە سەھۋى قىلىدۇ. چۈنكى ئىمام بىلەن قىلغان بۇرۇنقى سەجدە كېيىنكى خاتالىقلارنى يۇيالمايدۇ. ئەمما لاھىق كېيىنكى

ئـۆز خاتـالىقلىرى ئۈچـۈن سـەجدە سـەھۋى قىلمايـدۇ. چـۈنكى ئـۇ نامـازنى ئىمـام بىـلەن بىـرلىكتە باشـلىغان بولـسىمۇ، كېـيىن بىـرەر ئـۆزرە تـۈپەيلى جامـائەتتىن ئايرىلـىپ قېلىـپ كېـيىن يەنە يېتىـشكەن يـاكى ئـۆزى تاماملىغـان كىـشى بولغاچقـا، ئـۇ ئىمامغـا مـۇتلەق ئەگىشىدۇ، ئىمام سەجدە سەھۋى قىلسا قىلىدۇ، قىلمىسا قىلمايدۇ.

شـۇنىڭدەك، مۇدرىكمـۇ ئىمـام بىـلەن نامـاز ئوقـۇش جەريـانى سـەجدە سـەھۋىنى لازىـم قىلىـدىغان خاتـالىقلارنى سـادىر قىلغـان بولـسىمۇ سـەجدە سـەھۋى قىلمايـدۇ. چـۈنكى ئـۇ ئىمامغـا ئەگەشـكۈچىدۇر. ئەگەر ئـۇ ئـۆز خاتـالىقى ئۈچـۈن سـەجدە سـەھۋى قىلمـاقچى بولـسا ئىمامغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

ئىمام جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا سەجدە سەھۋى قىلمايدۇ. جامائەتمۇ شۇنداق[1].

(1) فتح القدير 1ـ توم 281ـ بەت، نورالإيضاح ونجاة الأرواح 33 ـ بەت.

# جۈمە نامىزى

جۈمە نامىزى ـ ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنىدە پېشىن ۋاقتىدا جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدىغان نامىاز بولۇپ، كىشىلەر بىر يەرگە توپلىنىپ ئوقۇلىدىغان ناماز بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن «جۈمە ئەسلىسى ـ جۇمۇئە» يەنى (توپلىنىش، جەم بولۇش) دەپ ئاتالغان.

## جۈمە نامىزىنىڭ ھۆكمى

جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش پەرز ئەيندۇر. جۈمە نامىزىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ. ئۇنى كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن ئادا قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. جۈمە نامىزى جۈمە كۈنلۈكتىكى پېشىننىڭ ئورنىغا بەلگىلەنگەن پەرز ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پەرزدۇر. ئەمما جۈمە ئوقۇغان كىشىدىن شۇ كۈننىڭ پېشىن نامىزى ساقىت بولىدۇ. جۈمە نامىزى پېشىن نامىزىدىن ئەھمىيەتلىك ۋە ساۋابى كۆپتۇر. جۈمە نامىزى ھەر قانداق نامازلاردىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىكتۇر. جۈمە كۈنىمۇ باشقا كۈنلەردىن ئەلۋەتتە ئۇلۇغ كۈندۇر. جۈمە نامىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەككىدە پەرز قىلىنغان[1].

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى جۈمە نامىزى ئوقۇشقا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوا إِذَا نُوْدِيَ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوا إِلَى ذِكْرِ اللهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَالِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ. فَإِذَا قُضِيَتْ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللهِ**﴾ تەرجىمىسى: « ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار. ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن زېمىنغا تارىلىپ (ئۆز مەشغۇلىيىتىڭلار بىلەن بولۇپ) ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىدىن(رىزىقىڭلارنى) تەلەپ قىلىڭلار»[2].

بۇ ئايەتتىن بىلىمىزكى، جۈمە نامىزى پەرزدۇر. چۈنكى بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن

---

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 260 ـ بەت.

(2) جۇمۇئە سۈرىسى 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

بەلگىلىمىسىدۇر. جۈمەگە ئەزان چىقىقان ۋاقىتتا دەرھال نامازغا كېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. بۇ ۋاقىتتا سودا - سېتىق ۋە باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش ھەنەپى مەزھىبىگە كۆرە، مەكرۇھ تەھرىمىدۇر. ئەمما باشقا پۈتۈن مەزھەپلەردە ھارام دەپ قەيت قىلىنغان. جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تارقىلىپ ئۆز مەشغۇلىيەتلىرىمىز بىلەن بولۇش مۇباھتۇر. بەزى كىشىلەر جۈمە كۈنى ئىشلەشكە بولمايدۇ، دەپ خاتا تەشۋىقاتلارنى تارقىتىپ كەلگەن. ئايەتتە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۈمە كۈنى ناماز ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەك ئۆز مەشغۇلىيەتلىرىمىز بىلەن بولۇش دۇرۇستتۇر. جۈمە كۈنىنى باھانە قىلىپ، باشقا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر. پەقەت تۆت خىل كىشىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا: بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قۇل، ئايال كىشى، بالاغەتكە يەتمىگەن بالا ۋە كېسەل كىشى»[1].

## جۈمە كۈنىنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قۇياش چىقىپ، پاتقان كۈنلەرنىڭ ئىچىدە جۈمە كۈنىدىن ئەۋزەل كۈن يوقتۇر. جۈمە كۈنىدە بىر ۋاقىت باركى، مۆمىن بەندە شۇ ۋاقىتنى تېپىپ ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىكىنى چوقۇم بېرىدۇ، بىرەر نەرسىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىسە ئاللاھ ئۇنى چوقۇم ھىمايە قىلىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: « جۈمە كۈنى كۈنلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كۈندۇر. بۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان، بۇ كۈندە ئۇ جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ۋە بۇ كۈندە ئۇ جەننەتتىن چىقىرىلغان. قىيامەت چوقۇم جۈمە كۈنلۈكتە بولىدۇ»[3].

ئىمام سۇيۇتىي « جۈمە كۈنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، جۈمە كۈنىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى قەدىرلىگەن ھالدا، جۈمە نامىزنى ئادا قىلىشنىڭ 100خاسىيىتىنى تەپسىلي بايان قىلغان بولۇپ، مۇھىملىرى مۇنۇلار: جۈمە كۈنلۈكتە روھلار جەم بولىدۇ، قەبرىلەر

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، نەيلۇل ئەۋتار 3 ـ توم 226 ـ بەت.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) مۇسلىم رىۋايىتى.

زىيارەت قىلىنىدۇ، مېيىت قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىدۇ، جۈمە كۈنىدۈزى ياكى كېچىسى ئۆلگەن ئادەم قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىدۇ، جۈمە كۈنىدە جەھەننەم قىزىتىلمايدۇ، جۈمە كۈنىدە جەننەت ئەھلى ئاللاھ تائالانى زىيارەت قىلىدۇ[1].

## جۈمە نامىزى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى يۇيۇنۇپ پاكىز بولغان ھالدا جۈمە نامىزىغا كېلىپ، كۈچى يەتكەنچە سۈننەتلەرنى ئوقۇسا، ئاندىن ئىمامنىڭ خۇتبىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىسا، ئاندىن ئىمام بىلەن بىرلىكتە جۈمەنىڭ پەرزىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆتكەن جۈمە بىلەن بۇ جۈمە ۋە كېلىدىغان جۈمە ئارىلىقىدىكى، يەنە كېيىنكى ئۈچ كۈندىكى گۇناھلىرى ھەم خاتالىقلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر سائەت باركى، مۇسۇلمان كىشى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە شۇ سائەتنى ئۇچرىتىپ ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق سوراپ دۇئا قىلسىلا ئاللاھ چوقۇم ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بېرىدۇ»[3].

جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەت توغرۇلۇق كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار. ئۆلىمالارنىڭ نەزەرىدە بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكرەكى، جۈمە كۈنىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەت ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققان ۋاقىتتىن باشلاپ ناماز ئاخىرلاشقانغا قەدەردۇر[4].

## جۈمە نامىزىنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ ھېكمىتى

جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر بايرام ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مۇبارەك كۈندە مۇسۇلمانلار بىر جايغا جەم بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىدۇ. ھەممىسى بىرلىكتە خۇتبىلارنى تىڭشايدۇ ۋە نامازلارنى ئادا قىلىدۇ ھەمدە باشقا ئىبادەتلەرنىمۇ بىرگە ئورۇنلاپ ساۋاب تاپىدۇ، بۇ توپلىشىشتىن مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل قىلىدۇ، دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ، گۇناھلىرىغا ۋە خاتالىقلىرىغا تەۋبە قىلىپ پاكلىنىدۇ. نامازدىن كېيىن جامائەتلەردىن كېسەللەر بولسا ئۇلارنى

---

(1) الدر المختار 1 ـ توم 772 ـ بەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 263 ـ بەت.

يوقلايدۇ، ھال سورايدۇ، بىر - بىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى بولسا بىرگە ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە مۇندىن باشقا كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ياخشى ئىشلارنى بۇ مۇبارەك كۈننىڭ شاراپىتى بىلەن قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ.

## جۈمە نامىزى پەرز بولىدىغان كىشىلەر

جۈمە نامىزى تۆۋەندىكى يەتتە شەرت ھازىر بولغان كىشىگە پەرزدۇر:

1 - ئەر بولۇش. ئاياللارغا جۈمە نامىزى پەرز ئەمەس. ئەمما ئوقۇسا ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

2 - ھۆر بولۇش. ئەسىر ياكى سولاقتا بولغانلارغا جۈمە پەرز ئەمەس.

3 - سەپەر ئۈستىدە بولماسلىق. يولۇچىلارغا جۈمە پەرز ئەمەس.

4 - ئەما (كۆزى كور) بولماسلىق. كورلارغا جۈمە پەرز ئەمەس.

5 - مېيىپ بولماسلىق. جىسمانىي مېيىپ كىشىلەرگە جۈمە پەرز ئەمەس.

6 - كېسەل بولماسلىق. ماڭالمايدىغان ئېغىر بىمارلارغا جۈمە پەرز ئەمەس.

7 - كۆڭلىدە دۈشمەن ۋەھىمىسى بولماسلىق. جۈمەگە بارسا ھاياتى تەھدىتكە ئۇچراش ئېھتىمالى بار كىشىلەرگە جۈمە پەرز ئەمەس.

جۈمە ئوقۇشى پەرز بولمىغان يۇقىرىقى كىشىلەر ئەگەر جۈمە ئوقۇسا، ئۇلاردىن شۇكۈننىڭ پېشىن نامىزى ساقىت بولىدۇ.

## جۈمە نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

1 - ئىسلام دۆلىتىدىكى دۆلەت باشلىقىنىڭ ياكى ئىسلام دۆلىتى تەركىبىدىكى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئورگاننىڭ جۈمە ئوقۇش شەرتىگە توشقان مەسجىدلەردە جۈمە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغان بولۇشى.

2 - جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جاينىڭ جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا يېتەرلىك ساندا، بەلگىلىك جامائەتكە ئىگە بولغان شەھەر، يېزا ياكى مەھەللە بولۇشى. بۇ جۈمەنىڭ پەرز بولۇشى ۋە دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن شەرتتۇر. ھەنەفىي مەزھىبى(بىزنىڭ مەزھىبىمىز) ئاھالە سانى ئاز، كىچىك يېزىلاردا جۈمە ئوقۇشنى دۇرۇس كۆرمەيدۇ. ئاھالىسىدىن جۈمە ئوقۇش سالاھىيىتىگە توشقان كىشىلىرى ئەڭ چوڭ مەسجىدىگە سىغمايدىغان يېزىدىلا جۈمە نامىزى ئوقۇشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

3 - پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلۇشى. جۈمە نامىزى پېشىن ۋاقتىدىلا ئوقۇلىدۇ. پېشىن

ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن جۈمەنىڭمۇ ۋاقتى چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. جۈمە ۋاقتىدا ئوقۇلمىسا، ئۇنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ. جۈمەنى پېشىن ۋاقتىدىن بۇرۇن ئوقۇشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھەمىشە پېشىن ۋاقتىدىلا ئوقۇيتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىنى كۈن ئېگىلگەن ۋاقىتتا(پېشىن ۋاقتىدا) ئوقۇيتتى»[1].

جۈمە نامىزىنىڭ ئازلا بىر قىسمىغا ئۈلگۈرەلىگەن، ھەتتا ئىمام «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا نامازغا ئىقتىدا قىلغان كىشىمۇ، جۈمە نامىزىنى ئادا قىلغان ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازدا ئۈلگۈرەلىگىنىڭلارنى (ئىمام بىلەن) ئوقۇڭلار، سىلەر ئۈلگۈرەلمەي قالغانلىرىنى ئۆزۈڭلار تولۇقلاڭلار»[2].

4 ـ خۇتبە ئوقۇلۇشى. خۇتبە جۈمەنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدۇ. خۇتبە ئوقۇلمىغان جۈمە ئادا تاپمايدۇ. ئىمام بەيھەقىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر جۈمەنىمۇ خۇتبىسىز ئوقۇمىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

5 ـ جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جاينىڭ ھەممە كىشىگە كىرىش رۇخسەت قىلىنغان ئوچۇق جاي بولۇشى. چۈنكى جۈمە ئوقۇلىدىغان جاي خالىغان ئادەم كىرەلەيدىغان، ھەممىگە ئوچۇق جاي بولمىسا، بۇ يەردىكى توپلىنىش ئاشكارا ۋە ئەركىن توپلىنىش بولالمايدۇ. ئاشكارا ۋە ئەركىن توپلىنالمايدىغان جايدا جۈمە ئوقۇشقا بولمايدۇ. ئوقۇغاندىمۇ ئادا تاپمايدۇ.

6 ـ جامائەت. جۈمە نامىزىنىڭ ئادا تېپىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ جامائەت بولۇپ ئوقۇلۇشى شەرتتۇر. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە جۈمەنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشىنىڭ جامائەت بولۇپ ھازىر بولىشىنى شەرت قىلىدۇ. بۇ ئۈچ كىشى (جۈمە ئوقۇشى پەرز بولمىغان)مۇساپىر ياكى كېسەللەردىن بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ناۋادا جامائەت نامازغا باشلىغاندىن كېيىن، ئىمام بىرىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇلار ئىمامنى يالغۇز قويۇپ نامازدىن ئايرىلسا، جۈمە نامىزى بۇزۇلغان بولىدۇ. چۈنكى ئىمام بىرىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بارغىچىلىك ئاز دېگەندە ئۈچ جامائەتنىڭ ئىمام بىلەن بىرگە نامازدا بولۇشى شەرتتۇر. بىرىنچى رەكئەتنىڭ بىرىنچى سەجدىسىدىن كېيىن جامائەتنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئىمامنىڭ يالغۇز ئوقۇغان جۈمە نامىزى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئادا تاپىدۇ[1].

## جۈمە نامىزىنىڭ پەرزلىرى

جۈمە نامىزىنىڭ پەرزى ئىككى بولۇپ: بىرى، جۈمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش، ئىككىنچىسى، نامازدىن بۇرۇن خۇتبە(ئىككى خۇتبە) ئوقۇلۇشىدىن ئىبارەتتۇر. خۇتبىنى ئاڭلاش پەرزدۇر.

## خۇتبە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

خۇتبە ـ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىش دېمەكتۇر. چۈنكى قۇرئاننىڭ ﴿ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشكە ئالدىراڭلار﴾ دېگەن ئايىتىدىكى﴿ياد ئېتىش﴾تىن مەقسەت پۈتۈن تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن خۇتبىدۇر.

## خۇتبىنىڭ شەرتلىرى

خۇتبىنىڭ ئادا تېپىشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ خۇتبە نامازدىن(جۈمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىدىن) بۇرۇن ئوقۇلىشى.

2 ـ خۇتبە خۇتبىنى نىيەت قىلغان ھالدا ئوقۇلىشى.

3 ـ خۇتبىنىڭ پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلىشى.

4 ـ خۇتبىنى ئەڭ ئاز دېگەندە بىر كىشىنىڭ تىڭشىشى.

5 ـ خۇتبە بىلەن جۈمە نامىزىنىڭ ئارىسىدا يېيىش- ئىچىش ۋە يويۇنۇشقا ئوخشاش، نامازنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنىڭ يۈز بەرمەسلىكى شەرتتۇر.

خۇتبىنى ئەرەبچە ئوقۇشقا بولغىنىدەك، ھەر مىللەت ئۆز تىلىدا ئوقۇشمۇ جائىزدۇر. خۇتبىنى ئەرەب تىلىدا ئوقۇش شەرت ئەمەس. ھەمدۇ سانا بىلەن دۇرۇدلارنى ئەرەب تىلىدا ئېيتسىمۇ، خۇتبىدىكى ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى جامائەتنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا سۆزلىشى تولىمۇ زۆۈردۇر[2].

---

(1) الدر المختار1 ـ توم 747 ـ 761 ـبەتلەر، فتح القدير 1 ـ توم 408 ـ 416 ـ بەتلەر، اللباب شرح الكتاب 62 ـ بەت.

(2) فتح القدير 1 ـ توم 757 ـ 760 ـ بەتلەر مراقي الفلاح 87 ـ بەت.

## خۇتبە ئوقۇشنىڭ كەيپىيىتى

ئىمام ئـۇزۇن سـۈرىدىن بىرىنـى ئوقـۇپ بولغىچىلىـك ۋاقىــت ئىچىــدە ئىككـى خـۇتبە ئوقۇيـدۇ. ئىككـى خـۇتبە ئارىـسىدا ئـۈچ ئـايەت ئوقۇغۇچىلىـك ۋاقىـت ئولتۇرىـدۇ. ئىككىنچـى خـۇتبىنى بىرىنچـى خۇتبىـدىن بىـر ئـاز تـۆۋەنرەك ئـاۋاز بىـلەن ئوقۇيـدۇ. ئىمـام خـۇتبىنى جامائەتكە قاراپ ئۆرە تـۇرۇپ ئىگىـزرەك بىـر جايـدا ئوقۇيـدۇ. خاتىـب(خـۇتبە ئوقۇغـۇچى)نىـڭ تاھارەتلىــك بولــشى، كىيىمــى پــاكىز بولــشى ۋە ئەۋرەت جــايلىرى يېپىــق بولــشى تەلەب قىلىنىــــدۇ. خاتىــــب بىرىنچــــى خۇتبىــــدە ئاللاھقــــا ھەمــــدۇ ســــانا ئېيتىــــپ، پەيغەمــــبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سـالام ئېيتىـپ بولـۇپ، قۇرئانـدىن ئەڭ ئـاز دېگەنـدە بىـر - ئىككـى ئـايەت ئوقۇيـدۇ ۋە كىـشىلەرگە ۋەز - نەسـىھەت قىلىـدۇ. ئانـدىن ئولتـۇرۇپ يەنە ئىككىنچـى خــۇتبىنى باشــلايدۇ. ئىككىنچــى خۇتبىــدە، يەنە ئاللاھقــا ھەمــدۇ ســانا ۋە پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، سـالام ئېيتىـپ بولـۇپ، مـۆمىنلەرگە دۇئـا قىلىـدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن خـۇتبە تامـام بولىـدۇ. ئانـدىن نامازغـا باشـلايدۇ. ئىمـام ئەزەمنىـڭ نەزەرىـدە، خۇتبىنىـڭ ئەڭ قىسقا مىقدارى «ئەلھەمـدۇ لىللاھ» يـاكى«لا ئـىلاھە ئىلللەللاھ»دېيىش بىلەنمۇ ئـادا تاپىـدۇ. بىـراق مەكـرۇھ سـانىلىدۇ. ئەممـا ئىمـام ئەبـۇ يۇسـۇف ۋە مـۇھەممەدلەرگە كـۆرە، خـۇتبىنى بەك قىـسقا ئوقۇشـقا بولمايـدۇ. خۇتبىنىـڭ ئەڭ قىـسقا مىقـدارى تەشـەھھۇد(ئەتتەھىيـاتۇ)ئوقـۇپ بولغىچىلىـك ۋاقىتتـۇر. شـۇنىڭدەك، خـۇتبىنى بەك ئـۇزۇن ئوقـۇپ جامـائەتنى زېرىكتۈرۈشـمۇ مەكرۇھتۇر[1].

## جۈمە كۈنىدىكى سۈننەت ئەمەللەر

جــۈمە كۈنــدە يــاكى جــۈمە ئوقۇغــۇچىلار ئۈچــۈن قىلىــش ســۈننەت بولغــان ئىــشلار تۆۋەندىكىچە:

1 - جــۈمە نامىزىغــا بېرىــشتىن بــۇرۇن غۇســلى قىلىــش، ئــۆزىگە ھەم كىيىملىــرىگە خۇشبۇيلارنى چېچىش ۋە چىرايلىق كىيىنىپ بېرىش.

غۇسـلى قىلىـش ۋاقتـى جـۈمە كـۈنى سـەھەردىن جـۈمە ۋاقـتىغىچە بولـۇپ، غۇسـلىنى كېچىكتـۈرۈپ، جـۈمە نامىزىغـا بېـرىش ئالدىـدا قىلىـش ئەۋزەلـدۇر. چـۈنكى بۇنـداق قىلىـش يېقىمسىز ھىـدلار بىـلەن جامائەتنى راھەتـسىز قىلماسـلىقتىن ئىبـارەت غۇسـلىنىڭ ئاساسـلىق مەقـستىنى ئەمەلـگە ئاشـۇرۇش ئۈچـۈن ياخـشىدۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دەپ

(1) بدائع الصنائع 1 - توم 262 - بەت.

كۆرسەتكەن: « جۇمە نامىزىغا كەلگەن كىشى يۇيۇنۇپ كەلسۇن»[1].

ئەمما خۇشبۇي قوللىنىش ۋە چىرايلىق كىيىنىش توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى جۇمە كۈنلۈكتە يۇيۇنۇپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئۆزىگە چاچقان ۋە ئەڭ چىرايلىق كىيىمنى كىيگەن ھالدا، تەمكىنلىك بىلەن مەسجىدكە كەلسە، ئاندىن سۈننەت نامىزىدىن خالىغانچە ئوقۇسا ۋە ھېچكىمگە ئازار بەرمىسە، ئاندىن ئىمام خۇتبىگە باشلىغاندىن نامازغا تۇرغىچە سۆز قىلماي جىم ئولتۇرسا، ئۆتكەن جۇمە بىلەن بۇ جۇمە ۋە كېلىدىغان جۇمە ئارىسىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2].

2- جۇمە كۈنلۈكتە خۇتبىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت، جۇمەنىڭ پەرزىدىن كېيىن تۆت رەكئەت، جەمئى 8 رەكئەت سۈننەت ئوقۇش.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇمەدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇيتتى»دېيىلگەن[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « سىلەر جۇمەدىن كېيىن سۈننەت ئوقۇماقچى بولساڭلار، تۆت رەكئەت ئوقۇڭلار»[4].

جۇمەدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان سۈننەتنىڭ ئېزى ئىككى رەكئەت، كۆپى ئالتە رەكئەتتۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

3 - جۇمە كۈنلۈكتە كەھف سۈرىسىنى ئوقۇش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « جۇمە كېچىسىدە(ياكى كۈندۈزىدە) كەھف سۈرىسىنى ئوقۇغان كىشىگە ئۆزى بىلەن ھەرەم ئارىسىدا بىر نۇر بېرىلىدۇ»[5].

4 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپلەپ دۇرۇد ئېيتىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « سىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كۈنلىرىڭلار جۇمە كۈنىدۇر. بۇ كۈندە ماڭا كۆپلەپ دۇرۇد ئېيتىڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئېيتقان

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(4) مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزىيلار رىۋايىتى.
(5) دارىمي ۋە بەيھەقىي رىۋايىتى، «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.

دۇرۇدلىرىڭلار ماڭا كۆرسىتىلىپ تۇرىدۇ»[1].

## جۈمە كۈنىدە مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار

جۈمە كۈنىدە قىلىش مەكرۇھ بولغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ جۈمە نامىزى ئوقۇش شەرتىگە توشقان شەھەر، يېزا ۋە مەھەللىدە پېشىن نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇش. بۇ جۈمە كۈنىدىكى جۈمە ئوقۇش ئۈچۈن توپلىنىشتىن ئىبارەت ئىسلامي ئەنئەنىگە قارشى ھەرىكەت سۈپىتىدە كۆرۈنۈپ قالغانلىقتىن ئىدى. ھەتتا تۈرمىدىكىلەرنىڭمۇ جۈمە كۈنىدە پېشىننى جامائەت بولۇپ ئوقۇشى مەكرۇھتۇر. ئەمما ئوقۇغان ناماز ئادا بولىدۇ.

2 ـ جۈمە كۈنىدە ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققان ۋاقىتىدا سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِن يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ**﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر!جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشكە ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلەر بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر»[2].

3 ـ مەسجىدتە بىراۋنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋېتىپ ئۆزى ئولتۇرۇش. چۈنكى مەسجىدلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگەنلەر بىر ـ بىرىدىن ئىلىم، مەنسەپ، مەرتىۋە، بايلىق ۋە باشقا تەرەپلەردىن قانچىلىك پەرقلىق بولۇپ كەتسۇن، ھەممىسى ئوخشاشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « جۈمە كۈنلۈكتە سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنى گەرچە ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزغان بولسىمۇ، كېيىن ئورۇن تالىشىپ ئۇنى ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرغۇزىۋەتمىسۇن، بەلكى جامائەتكە "ئورۇن بېرىڭلار"دېسۇن»[3].

4 ـ مەسجىدتە ئىمامدىن باشقىلارنىڭ جامائەتنىڭ بويىنىدىن ياكى مۈرىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى. خۇسۇسەن ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ مۈرىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈش قەتئىي خاتادۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئولتۇرغان جامائەتكە ئازار بەرگەنلىكتۇر.

---

(1) ئەبۇداۋۇد ۋە باشقىلار رىۋايىتى، «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.

(2) جۇمۇئە سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ياخشىلىق قازىنىمەن دەپ مەسجىدكە كىرگەن كىشىنىڭ باشقىلارغا ئازار بېرىپ گۇناھ ئىشلىشى ھەققىدە ئېچىنىشلىق ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ بوينىدىن ئاتلاپ ئالدىنقى سەپكە ئۆتمەكچى بولغان بىراۋنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: »ئولتۇر! جامائەتكە ئازار قىلدىڭ«دېگەن[1].

ئەمما زادى ئالدىنقى سەپكە ئۆتمىسە مەسجىدتىن ئورۇن تاپالمايدىغان ۋە ئالدىنقى سەپلەردە بوش ئورۇنلار بولغان شارائىتتا، باشقىلارغا ئازار بەرمەستىن ئۆتۈش جائىزدۇر. بىراق ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا قايسىبىر سەۋەب بىلەن جامائەتتىن ئاتلاپ ئۆتۈش جائىز ئەمەس.

بۇ ماۋزۇدىكى «مەكرۇھ» ھارامغا ئېھتىمالى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان مەكرۇھنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، يۇقىرىقى مەكرۇھ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى سادىر قىلغۇچىلار قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ[2].

## جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

جۈمە نامىزىنى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسىدىن شۇ كۈننىڭ پېشىن نامىزى ساقىت بولىدۇ. تېخىمۇ ساۋابلىق بىر پەرز ئۈچۈن يەنە بىر پەرزنى قالدۇرۇپ قويۇش پرىنسىپى بويىچە، جۈمەنىڭ پەرزى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىدىن مۇھىم ۋە ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھىنىڭ باشقا پەرز نامازلاردىن بىرەرسىنى تەرك ئەتكەنلىكنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر ۋە قاتتىق بولىدىغانلىقى تەبىئىيدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « جۈمە نامىزىنى تەرك ئەتكۈچىلەر بۇ قىلىقنى تاشلىسۇن! بولمىسا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار غاپىللاردىن بولۇپ كېتىدۇ»[3].

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) بدائع الصنائع 1 ــ توم 270 ـ بەت، كشاف القناع 2 ـ توم 49 ـ بەت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# يولۇچى نامىزى

شەرئەتتە يولۇچىلىق بەلگىلىك بىر مۇساپىگە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. 15 كۈندىن ئاز تۇرۇش نىيىتى بىلەن 85 كىلومېتىرلىق بىر مۇساپىنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققان كىشى يۇرتىنىڭ ئاخىرقى مەنزىللىرىدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ يولۇچى ھېسابلىنىدۇ. 85 كىلومېتىرلىق بۇ مۇساپىنى مەيلى ئايروپىلان بىلەن، مەيلى پويىز بىلەن، مەيلى باشقا قاتناش قۇراللىرى بىلەن، مەيلى پىيادە باسسۇن، ھەرھالەتتە بۇ سەپەر يولۇچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

فىقھشۇناسلار بۇ مۇساپىنى پىيادە نورمال يۈرۈشتە ئەڭ ئاز ئۈچ كۈنلۈك يول بولۇپ، 18سائەتلىك مۇساپە دەپ بېكىتكەن. سەپەردە كېچە ـ كۈندۈز داۋاملىق يول مېڭىلمايدۇ. دەم ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈنلۈك نورمال يۈرۈشنى ئالتە سائەت (پىيادە ياكى تۆگىنىڭ نورمال يۈرۈشى) دەپ بېكىتكەن.

سەپەردە يولۇچىلار بەزى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا دىنىمىز يولۇچىلار ھەققىدە بەزى ئوڭايلىقلارنى كۆرسەتكەن. يولۇچى بارىدىغان يېرىدە 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققان بولسا، ئۇ، پەقەت يول ئۈستىدىلا يولۇچى ھېسابلىنىدۇ. بارغان يېرىدە مۇقىم (يولۇچىنىڭ ئەكسى) ھېسابلىنىدۇ. يولۇچى بارىدىغان يېرىدە 15 كۈندىن ئاز تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ بارغان بولسا، ئۇ يول ئۈستىدە ۋە بارغان يېرىدىمۇ مۇساپىر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تۇرۇشنى نىيەت قىلماستىن، بەلكى ئىشىم تۈگىگەندىن كېيىن قايتىمەن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىپ، بارغان يېرىدىمۇ 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تۇرۇشنى نىيەت قىلماستىن، 15 كۈندىن ئارتۇق، ھەتتا ئايلار، يىللارچە تۇرۇپ قالسىمۇ ئۇ، يەنىلا يولۇچىدۇر. بۇنىڭغا بىنائەت شەرئەتنىڭ يولۇچىلارغا كۆرسەتكەن ئوڭايلىقلىرىدىن پايدىلىنالايدۇ[1].

## يولۇچىلارغا ئائىت ھۆكۈملەر

شەرئەتنىڭ يولۇچىلارغا كۆرسەتكەن ئوڭايلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ يولۇچىلار تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى قەسىر قىلىپ (ئىككى رەكئەتكە قىسقارتىپ) ئوقۇيدۇ. ئەمما ئىككى رەكئەتلىك، ئۈچ رەكئەتلىك پەرزلەر ۋە تۆت رەكئەتلىك سۈننەتلەر قىسقارتىلمايدۇ، بەلكى تولۇق ئوقۇلىدۇ.

---

(1) نورالإيضاح ونجاة الأرواح 28 ـ بەت.

2 ـ ۋاقــت تــار كەلــسە، يولۇچىلار‌نىــڭ ســۈننەت نامــازلارنى ئوقۇماســلىقىمۇ، ئۇلارغــا بېرىلگەن ئوڭايلىقلاردىندۇر.

3 ـ يولـۇچىلار ئىككـى نامـازنى جەمئـى قىلـىپ بىـر ۋاقىتتـا ئوقۇسـا بولـىدۇ. («نامـازلارنى جەمئى قىلىش» دېگەن ماۋزۇدا تەپسىلى سۆزلەندى).

4 ـ يولـۇچىلار تاھـارەت بىـلەن كـىيىلگەن(مەسـھى قىلىـشقا سـالاھىيەتلىك) ئاياقلار‌نىـڭ ئۈسـتىگە ئـۈچ كـېچە ـ كۈنـدۈز مەسـھى قىلـسا بۇلـىدۇ. («ئاياقلارغـا مەسـھى قىلـىش»دېـگەن ماۋزۇدا تەپسلىي سۆزلەندى).

5 ـ يولــۇچىلار رامىزانـــدا خالـــسا روزا تۇتىـــدۇ، خالـــسا تۇتمايـــدۇ. يولـــۇچىلىقى تاماملانغانــدىن كېــيىن قازاســىنى تۇتىــدۇ. ئەممــا رامىزانــدا قىيىنلىــپ قالمــسا تــۇتقىنى ئەۋزەلدۇر.

6 ـ يولۇچىلىـــق مـــۇددىتى — كـــىشى ئـــۆز مەھەللىـــسىنىڭ ئـــاخىرقى مەنزىلىـــدىن ئايرىلغانــدىن باشـلاپ تــاكى ئــۆز يۇرتىغـا قايتىــپ كەلگەنــگە قەدەردۇر. ئـۆز يۇرتىغـا يــاكى تۇغۇلغـان يـۇرتى بولمىـسىمۇ، ئولتۇراقلىـشىپ قالغـان يەردىكـى ئائىلىـسىگە قايتىـپ كېلىـشى بىلەن، ئۇنىڭ يولۇچىلىـق مـۇددىتى تـۈگىگەن بولـىدۇ ۋە نامـازلارنى قەسـر قىلماسـتىن تولـۇق ئوقۇشقا باشلايدۇ.

7 ـ سـەپەردە نامـازنى قـازا قىلغـان كـىشى يۇرتىغـا قايتقانـدىن كېيىن، ئـۇنى سـەپەردىكى بـويىچە قەسـر قىلىـپ(تـۆت رەكـئەتلىـك پەرز نامـازلارنى ئىككـى رەكـئەت قىلىـپ)ئوقۇيــدۇ. مۇقىملىـق ھالىتىــدە قـازا قىلغـان نامـازلارنى سـەپەردە ئـادا قىلمـاقچى بولـسا، تـۆت رەكئەتنـى تۆت رەكئەت قىلىـپ تولـۇق ئوقۇيـدۇ. شـۇنىڭدەك، ئولتۇراقلىـشىپ قالغـان يـۇرتتىن تۇغۇلغـان يۇرتىـــدىكى ئائىلىـــسىنى زىيـــارەت قىلىـــش ئۈچـــۈن بارغـــان كـــىشىمۇ نامـــازلارنى قەســـر قىلماسـتىن تولـۇق ئوقۇيـدۇ. چـۈنكى، مۇنـداق كـىشى ئۈچـۈن ئولتۇراقلىـشىپ قالغـان يـۇرتى بىـلەن تۇغۇلغـان يـۇرتى (ئەگەر ئۇنىڭـدا ئايـالى يـاكى بـالىلىرى قالغـان بولـسا) ئـۆز يـۇرتى سـانىلىدۇ. ئەگەر بىـراۋ تۇغۇلغـان يۇرتىـدىن ئائىلىـسىنى ئېلىـپ پۈتـۈنلەي كۆچـۈپ باشـقا يۇرتقا كەتـكەن بولـۇپ، كېـيىن ئـۆز يـۇرتىنى زىيـارەت قىلىـش ئۈچـۈن بارسـا، بارغـان يېرىـدە يولۇچى ھېسابلىنىدۇ ۋە نامازلارنى قەسر قىلىپ ئوقۇيدۇ.

8 ـ يولـۇچى مـۇقىم(يولـۇچى بولمىغـان) ئىمامغـا ئىقتىـدا قىلىــپ نامـاز ئوقۇسـا، تـۆت رەكئەتنـى تولـۇق ئوقۇيـدۇ. ئـارتۇق ئوقۇغـان كېيىنكـى ئىككـى رەكـئەت نامـاز نەپـلە نـامىزى بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

يولۇچى مۇقىمغـا پەقەت شـۇ نامازنىـڭ ۋاقتىـدىلا ئىقتىـدا قىلالايـدۇ. ۋاقتـى ئۆتـۈپ كېتىـپ

قازاسىنى ئوقۇماقچى بولغان نامازدا مۇقىمغا ئىقتىدا قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، يولۇچىنىڭ قەسر قىلىپ ئىككى رەكئەتلا ئوقۇشى زىممىسىگە تەيىنلىنىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئوقۇمايدۇ.

9 ـ يولۇچى مۇقىملارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، نامازغا تۇرۇشتىن ئاۋۋال جامائەتلەرگە ئۆزىنىڭ يولۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى ياكى سالامدىن كېيىن«مەن يولۇچىمەن، نامىزىڭلارنى تولۇقلىۋېلىڭلار»دەپ قويۇشى ياخشىدۇر. يولۇچى ئىمام ئىككى رەكئەتتىن كېيىن سالام بەرگەندە، جامائەت سالام بەرمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قالغان ئىككى رەكئەتنى ئۆز ـ ئالدىغا تاماملاپ ئاندىن سالام بېرىدۇ.

10 ـ يولۇچى بىرەر ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ بولغاندىن كېيىن، سەپەرگە ئاتلىنىپ، بۇ نامازنى يول ئۈستىدە ئوقۇماقچى بولسا، قەسر قىلماستىن، تۆت رەكئەت قىلىپ تولۇق ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇ ناماز ئۇنىڭ مۇقىملىق ھالىتىدە ئۇنىڭ زىممىسىگە تۆت رەكئەت بولۇپ تەيىنلىنىپ بولغان ئىدى. گەردەنگە بەلگىلىنىپ بولغان ئىبادەت ئۆزگەرمەيدۇ[1].

## سەپەردە نامازنى قەسر قىلىشنىڭ دەلىلى

سەپەردە تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى قىسقارتىپ(قەسر قىلىپ) ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇش قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن جائىزدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي الأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَقْصُرُواْ مِنَ الصَّلاَةِ إِنْ خِفْتُمْ أَن يَفْتِنَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُواْ**﴾ تەرجىمىسى: « سەپەرگە چىققان ۋاقىتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسر قىلىپ ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ»[2].

سەپەردە نامازلارنى قەسر قىلىپ ئوقۇش مەيلى قورقۇنچلۇق، مەيلى قورقۇنچسىز ھەر قانداق ھالەتتە مۇتلەق جائىزدۇر. ئايەتتە قەسرى قىلىشنى قورقۇنچلۇق ھالەتكە باغلاپ كۆرسىتىشتىن مەقسەت كۆپ ئۇچرايدىغان ھالەتلەرنى كۆزدە تۇتقانلىق ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سەپەرلىرىنىڭ تولىسى ئۇنىڭدىن خالى بولالمىغان[3].

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن: «بىز ئەمدى كۇففارلارنىڭ زىيان ـ زەخمىتىدىن خاتىرجەم بولدۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن نامازلىرىمىزنى قەسر قىلىمىز؟» دېگەن

---

(1) تحفة الفقهاء 53 ـ بەت، مراقي الفلاح 72 ـ بەت، الدر المختار 1 ـ توم 740 ـ بەت، فتح القدير 1ـ توم 399 ـ بەت.

(2) نىسا سۈرىسى 101 ـ ئايەت.

(3) المغني 2 ـ توم 254 ـ بەت، الفقه الإسلامي وادلته 2 ـ توم 315 ـ بەت.

مەنىدە سوراشقىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: « بۇ ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە قىلغان سەدىقىسىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار» دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج، ئۆمرە، غازات ۋە باشقا سەپەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە نامازلارنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغانلىقى توغرۇلۇق كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمىشە ھەمراھ بولدۇم، سەپەرلەردە(پەرز نامازلارنى) ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى رەكئەتتىن ئارتۇق ئوقۇمايتتى. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمانلارمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن»[2].

پۈتۈن فىقھىشۇناس ئالىملار سەپەر مەيلى ھەج، ئۆمرە ياكى غازات ياكى ھىجرەت سەپەرلىرىگە ئوخشاش ئىبادەت مەقسەت قىلىنغان سەپەر بولسۇن، مەيلى سودىگەرلىك قىلىش ياكى ساياھەت قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان سەپەرلەر بولسۇن، ھەر قانداق سەپەردە تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازلارنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇشنىڭ جائىزلىقىغا ئىتتىپاقتۇر. ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، گۇناھ ــ مەسىيەت ئىشلەش ئۈچۈن سەپەر قىلغان كىشىمۇ نامازلارنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيدۇ[3].

## مۇقىمنىڭ يولۇچى ھۆكمىگە كىرىشنىڭ شەرتلىرى

مۇقىمنىڭ يولۇچىلىق ھۆكمىگە كىرىپ نامازلارنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشقا سالاھىيەتلىك بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ سەپەرنى نىيەت قىلىش. سەپەر مەيلى ئىبادەت ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى ساياھەت ياكى تىجارەت ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى گۇناھ ئىشلەش ئۈچۈن بولسۇن پەرقى يوقتۇر.

2 ـ يولغا چىقىپ مەھەللىسىنىڭ ئاخىرقى مەنزىللىرىدىن ئايرىلىشى. يولغا چىقماستىن، سەپەرنى نىيەت قىلغان كىشى يولغا چىقمىغىچە شەرىئەتنىڭ كەڭچىلىكلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان يولۇچى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ.

3 ـ سەپەر مۇساپىسىنىڭ نورمال پىيادە يۈرۈش ياكى تۆگىنىڭ يۈرۈشى بويىچە، يىلنىڭ قىسقا كۈنلىرىدىكى ئۈچ كېچە ــ كۈندۈزلۈك مۇساپىدىن كەم بولماسلىقى

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) الفقه الإسلامي وادلته 2 ـ توم 316 ـ بەت.

(زامانىمىزدا 85 كىلومېتىرلىك مۇساپە) شەرتتۇر[1].

## يولۇچىنىڭ مۇقىملىق ھۆكمىگە كىرىشىنىڭ شەرتلىرى

يولۇچىنىڭ مۇقىملىق ھۆكمىگە كىرىپ نامازلارنى قەسىر قىلماستىن تولۇق ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشىنىڭ شەرتلىرى مۇنۇلار:

1 ـ بارغان يېرىدە تۇرۇشنى نىيەت قىلىشى.

2 ـ بارغان يېرىدە تۇرۇش مۇددىتىنى (يەنى 15 كۈندىن كۆپرەك تۇرۇشنى) نىيەت قىلىشى. يولۇچى مۇقىملىقنى نىيەت قىلىش(تۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈتۈش)بىلەنلا مۇقىملىق ھۆكمىگە كىرىدۇ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ نامازلارنى تولۇق ئوقۇيدۇ. ئەمما 15 كۈن تۇرۇش بىرلا شەھەرگە مەخسۇس بولماستىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ شەھەرلەردە تۇرىدىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا مۇقىم ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدىن 15 كۈنلۈك سەپەرنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققان يولۇچى تۇرماقچى بولۇپ نىيەت قىلغان 15 كۈننىڭ يېرىمىنى خوتەندە، قالغان يېرىمىنى قەشقەردە ئۆتكۈزمەكچى بولسا، ئۇ، مۇقىم ئەمەس، بەلكى يولۇچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى يولۇچىنىڭ 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇرۇشى بىر شەھەرگىلا مەخسۇس بولغاندا، ئاندىن مۇقىم ھۆكمىنى ئالالايدۇ.

3 ـ تۇرماقچى بولغان يېرىنىڭ مۇقىم بولۇپ، تۇرۇش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولۇشى شەرتتۇر. مەسىلەن: بىراۋ سەپەرگە ئاتلىنىپ ئۆيىدىن چىقىپ، مەھەللىسىنىڭ ئاخىرقى قاتناش بېكەتلىرىنىڭ بىرىدە ياكى يول ئۈستىدىكى بېكەتلەردە قاتناش كۈتۈپ ياكى باشقا ئېھتىياجلىرى سەۋەبلىك ۋاقىتلىق تۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ تۇرۇشى يولۇچىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، كۈتۈش جەريانىدا ۋاقتى كىرگەن نامازلارنى قەسرى قىلىپ ئوقۇيدۇ[2].

## قەسر توغرۇلۇق مەزھەپ قاراشلىرى

سەپەردە نامازلارنى قەسر قىلىپ ئوقۇش ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، «ئەسلى ھۆكۈم»، ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىگە كۆرە، «رۇخسەت»سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ھەنەفىي مەزھەپتىكى بىركىشى تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنى قەسىر

---

(1) الدر المختار1 ـ 723 ـ بەت، مراقي الفلاح 71 ـ بەت.
(2) تحفة الفقهاء 52 ـ بەت.

قىلماستىن تولۇق ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامىزى مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ. چۈنكى قەسر قىلىپ ئوقۇش ۋاجىبتۇر. ۋاجىبنى ئورۇنلاش زۆرۈردۇر. ئەگەر ئىبسىدە يوق تولۇق ئوقۇپ سالغان بولسا، نامازنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى قىلىش شەرتى بىلەن ئۇنىڭ نامىزى مەكرۇھسىز ئادا تاپىدۇ. ئەمما شافىئىي ياكى ھەنبەلىي مەزھەپتىكى كىشىنىڭ تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنى قەسر قىلىش ياكى تولۇق ئوقۇش ئىختىيارى بولغاچقا، قەسرى قىلماي تولۇق ئوقۇسىمۇ نامىزى مەكرۇھسىز ئادا تاپىدۇ.

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ «سەپەردە نامازلارنى قەسر قىلىپ ئوقۇش ئەسلى ھۆكۈمدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۇنى ئورۇنلاش ۋاجىبتۇر» دېگەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: « ناماز دەسلەپ پەرز قىلىنغاندا ئىككى رەكئە ئىدى، يولۇچى نامىزى ئىككى رەكئەت ھالىتىدە قالدى، مۇقىملار نامىزى تۆت رەكئەت قىلىپ تولۇقلاندى»[1].

ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: « ئاللاھ تائالا نامازنى پەيغەمبىرىڭلارنىڭ تىلى ئارقىلىق، مۇقىملىقتا تۆت رەكئەت، سەپەردە ئىككى رەكئەت ۋە قورقۇنچلۇق ھاللاردا بىر رەكئەت قىلىپ پەرز قىلغان»[2].

ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ « سەپەردە نامازلارنى قەسر قىلىپ ئوقۇش«رۇخسەت»تۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، نامازنى قەسر قىلىش ياكى تولۇق ئوقۇش ھەركىمنىڭ ئىختىيارىدۇر» دېگەنلىكىنىڭ دەلىلى قۇرئان كەرىمدىكى(باشتا بايان قىلىنغان) مۇنۇ ئايەتتۇر: ﴿سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسر قىلىپ ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[3].

مەزكۇر ئىككى مەزھەپتىكىلەرگە كۆرە، بۇ ئايەت سەپەردە نامازلارنى قەسر قىلىپ ئوقۇشنىڭ رۇخسەت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، قەسر قىلىش ياكى تولۇق ئوقۇش ھەركىمنىڭ ئىختىيارىدۇر.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) نىسا سۈرىسى 101 - ئايەت.

# ھېيت نامازلىرى

ھېيت سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: قايتىش ۋە قايتىلىنىش دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەت ئىستىلاھىدا ـ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ھەر يىلى خوشاللىقنى قايتىلاپ بېرىشى دېمەكتۇر.

بىر يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىككى ھېيت بولۇپ، بىرى روزا ھېيتى، يەنە بىرى قۇربان ھېيتىدۇر. ھەر ئىككى ھېيتتا ئىككى رەكئەت ھېيت نامىزى ئوقۇش ۋاجىبتۇر.

## ھېيت نامازلىرىنىڭ بۇيرۇلىشىنىڭ دەلىلى

ئىككى ھېيت نامازلىرىنىڭ بۇيۇرۇلغانلىقى قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن سابىتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى﴿**فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ**﴾ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن»دېگەن ئايەت مەشھۇر تەپسىرلەردە، قۇربان ھېيتى ۋە قۇربانلىق دەپ تەپسىر قىلىنغان[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇغانلىقى توغرۇلۇق كەلگەن «سەھىھ» ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوقۇغان ھېيت نامىزى روزا ھېيت نامىزى بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى مەدىنىدە ئوقۇغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمانلار بىلەن روزا ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇدۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇتبىدىن ئاۋۋال ئىككى رەكئەت ھېيت نامىزى ئوقۇيتتى، ئاندىن خۇتبە ئوقۇيتتى»[2].

جۇندەب ئىبنى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ جامائەت بىلەن نامازنى تۈگىتىپ بولۇپ، بوغۇزلانغان بىر قوينى كۆردى ۋە مۇنداق دېدى: "كىمكى نامازدىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قوي قۇربانلىق قىلسۇن،

---

(1) المغني 2 ـ توم 367 ـ ئايەت.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

قۇربانلىق قىلمىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قۇربانلىق قىلسۇن"»[1].

## ھېيت نامازلىرى كىملەرگە ۋاجىب بولىدۇ؟

ئىككى ھېيت نامازلىرى جۈمە نامىزى پەرز بولغان كىشىلەرگە ۋاجىبتۇر، يەنى ئىككى ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلۇشنىڭ شەرتلىرى، — خۇددى جۈمە نامىزىغا ئوخشاش — ئەر بولۇش، ئەركىن بولۇش، مۇقىم بولۇش، ئەما بولماسلىق، مېيىپ بولماسلىق، كېسەل بولماسلىق، دۈشمەن ۋەھىمىسىدىن ئەمىن بولۇش قاتارلىقلاردۇر[2].

## ھېيت نامازلىرىنىڭ دۇرۇس بولىشىنىڭ شەرتلىرى

ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاجىب بولىشى ۋە دۇرۇس ئادا تېپىشىنىڭ شەرتلىرى جۈمە نامىزىنىڭ پەرز بولىشىنىڭ ۋە ئادا تېپىشىنىڭ شەرتلىرىنىڭ ئۆزىدۇ، يەنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ دۆلەت باشلىقى تەرىپىدىن ھېيت نامىزىنى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنىشى، ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان جاينىڭ چوڭ جامى بولۇشى، ئىمامدىن باشقا ئۈچ نەپەر جامائەتنىڭ ھازىر بولىشى، ھېيت ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ ھەركىمگە ئوچۇق جاي بولىشى ۋە باشقىلار. بىراق جۈمە نامىزىدا خۇتبە ئوقۇش پەرز، ئىككى ھېيت نامازلىرىدا خۇتبە ئوقۇش سۈننەتتۇر. ھېيت نامازلىرىنىڭ خۇتبىلىرىنى تەرك ئەتسىمۇ ناماز دۇرۇستۇر[3].

## ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتى

ھېيت نامازلىرىنىڭ ۋاقتى قۇياش تولۇق چىقىپ بولۇپ تەخمىنەن 30 مىنۇتتىن كېيىن باشلىنىپ، پېشىن ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلىدۇ.

ھېيت نامازلىرى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى قۇياش چىقىپ تەخمىنەت 30 مىنۇتتىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. كۈن تولۇق چىقىپ بولۇشتىن بۇرۇن ئوقۇغان ھېيت نامىزى ئادا تاپمايدۇ، بەلكى ئۇ نەپلە نامىزى ھېسابلىنىدۇ. نامازدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇلىدۇ. خۇتبىنى ئاڭلاش سۈننەتتۇر. ھېيت نامازلىرى جامىلاردا ياكى چوڭ مەيدانلاردا ئوقۇلىدۇ. كىچىك مەسجىدلەردە ئوقۇش مەكرۇھتۇر[4].

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) فتح القدير 1 ـ توم 422 ـ بەت، الدر المختار 1 ـ توم 774 ـ بەت.

(3) بدائع الصنائع 1 ـ توم 275 ـ بەت.

(4) مراقي الفلاح 90 ـ بەت، الدر المختار 1ـ توم 779 ـ بەت.

روا ھېيت نامىزىنى ئۆزۈر سەۋەبلىك بىرىنچى كۈنى ئوقۇيالمىغان كىشى ئىككىنچى كۈنى ئوقۇسا بولىدۇ. ئەگەر ئۆزۈر سەۋەبلىك تەرك ئەتكەن بولسا، بۇ ناماز ئۇنىڭدىن ساقىتتۇر. ئەمما قۇربان ھېيت نامىزىنى بىرىنچى كۈنى ئوقۇيالمىغانلار ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرىمۇ ئوقۇسا بولىدۇ. قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىن كېيىن، مەيلى ئۆزۈر داۋام قىلسۇن ياكى تۈگىگەن بولسۇن، ھېيت نامىزى ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى قۇربان ھېيت نامىزى قۇربانلىق كۈنلىرىدىلا ئوقۇلىدۇ. قۇربانلىق كۈنلىرى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن ئۈچىنچى كۈنى ئەسىر ۋاقتىغىچىدۇر[1].

## ھېيت نامازلىرىدا سۈننەت بولغان ئىشلار

1 ـ روزا ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن بىر نەرسە يېيىش.

2 ـ قۇربان ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن يېمەسلىك.

3 ـ ھەر ئىككى ھېيت نامىزىغا يۇيۇنۇپ، ئېسىل كېيىنىپ بېرىش.

4 ـ ھەر ئىككى ھېيتتا سەدىقىنى كۆپ بېرىش.

5 ـ ھەر ئىككى ھېيت نامىزىغا بېرىشتا، يولدا تەكبىر ئېيتىپ بېرىش[2].

ئىككى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن مەيلى ئۆيدە، مەيلى مەسجىدتە نەپلە نامىزى ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەمما ھېيت نامىزىدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ بېرىپ نەپلە ناماز ئوقۇسا جائىزدۇر[3].

## ھېيت نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيتى

ئىككى رەكئەتتىن ئىبارەت ھېيت نامازلىرىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە سانا ﴿ **سُــبْحَانَكَ اللَّــهُمَّ** ﴾ (سۇبھانەكەللاھۇممە)دىن كېيىن، ئىمام جاراڭلىق ئاۋازدا ئۈچ قېتىم ﴿الله أكــبر﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ. جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ ھەر بىر تەكبىردە قوللىرىنى قۇلاقلىرىغا كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە تەكبىردىن كېيىن قوللىرىنى ئىككى يان تەرىپىگە چۈشۈرىدۇ. پەقەت ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن قوللار يان تەرەپكە چۈشۈرۈلمەستىن، كىندىكنىڭ ئۈستىگە قويىلىدۇ. ئاندىن ئىمام فاتىھە سۈرىسى يەنە بىر

(1) تحفة الفقهاء 57 ـ بەت.

(2) فتح القدير 1 ـ توم 423 ـ بەت.

(3) الدر المختار 1 ـ 777 ـ بەت، مراقي الفلاح 90 ـ بەت.

سۈرە ئوقۇپ تەكبىر بىلەن رۇكۇغا ئېگىلگەندە، جامائەتمۇ بىرگە رۇكۇ قىلىدۇ ۋە بىرگە سەجدىلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرۇشىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە ئىمام قىرائەت(فاتىھە بىلەن يەنە بىر سۈرە)نى ئوقۇپ بولۇپ، رۇكۇغا ئېگىلىشتىن ئاۋۋال يەنە ئۈچ قېتىم ﴿الله أكبر﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ. جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ ئۈچ تەكبىرنى خۇددى ئالدىنقى رەكئەتتىكىدەك ئېيتىدۇ. ھەر قېتىمدا قوللار قۇلاقلارغا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئىككى يان تەرەپكە چۈشۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئىمام يەنە بىر تەكبىر بىلەن رۇكۇغا ئېگىلىدۇ. جامائەتمۇ بىرلىكتە رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى تاماملاپ ئولتۇرىدۇ. ئاندىن «تەھىيات»، «سەللى»، «بارىك» ۋە «رەببەنا»لارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىمام ئىككى تەرەپكە سالام بېرىدۇ. جامائەتمۇ بىرگە سالام بېرىدۇ ۋە نامازدىن چىقىدۇ. نامازدىن كېيىن ئىمام خۇتبە ئوقۇيدۇ. خۇتبە ئىككى قېتىم ئوقۇلىدۇ. بىرىنچى خۇتبىدىن ئىككىنچى خۇتبىنى بىر ئاز تۆۋەنرەك ئاۋازدا ئوقۇيدۇ.

ھېيت نامازلىرىنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە، نامازنىڭ ئەسلى تەكبىرلىرىدىن ئارتۇق ئېيتىلىدىغان ئالتە تەكبىر «تەكبىرى زەۋائىد» (ئارتۇق تەكبىرلەر)دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئالتە تەكبىر نامازنىڭ تەكبىر تەھرىمى، رۇكۇ ۋە سەجدىلەرگە بېرىش ھەم تۇرۇش تەكبىرلىرىدىن ئىبارەت ئەسلى تەكبىرلىرىدىن ئارتۇق تەكبىرلەردۇر[1].

## ھېيت نامازلىرىدىكى ئارتۇق تەكبىرلەر توغرۇلۇق مەسىلىلەر

1 ـ ھېيت نامىزى باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، نامازغا كىرگەن كىشى، ئەگەر ئىمام ئارتۇق تەكبىرلەرنى ئېيتىشتىن بۇرۇن ئىقتىدا قىلىۋالغان بولسا، ئىمام بىلەن بىرلىكتە نامازغا داۋام قىلىدۇ.

2 ـ ئىمام بىرىنچى رەكئەتنىڭ ئارتۇق تەكبىرلىرىنى ئېيتىپ بولۇپ، قىرائەتنى باشلىغاندىن كېيىن، نامازغا كىرمەكچى بولغان كىشى، ئەگەر رۇكۇغا ئۈلگۈرەلىشىگە ئىشەنچىسى بولسا، تەكبىر تەھرىمنى ئېيتىپ بولۇپلا ئارتۇق تەكبىرلەرنى ئېيتىدۇ، ئاندىن ئىمامنىڭ قىرائىتىگە قۇلاق سالىدۇ.

3 ـ ئىمام بىرىنچى رەكئەتنىڭ رۇكۇسىغا بارغان ۋاقىتتا نامازغا كىرگەن كىشى، ئەگەر رۇكۇغا ئۈلگۈرەلمەسلىكىدىن قورقسا، تەكبىر تەھرىمنى ئېيتىپ بولۇپ، رۇكۇ قىلىدۇ ۋە ئارتۇق تەكبىرلەرنى رۇكۇدا ئۆز ئالدىغا ئېيتىدۇ. رۇكۇدا تەسبىھلەر بىلەن ئارتۇق تەكبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولالماسلىقىدىن قورققان كىشى تەسبىھلەرنى

(1) تحفة الفقهاء 58 ـ بەت.

ئېيتماستىن، ئارتۇق تەكبىرلەرنىلا ئېيتىدۇ. چۈنكى ئارتۇق تەكبىرلەرنى ئېيتىش ۋاجىب، تەسبىھلەرنى ئېيتىش سۈننەتتۇر. چۈنكى ۋاجىبنى ئادا قىلىش سۈننەتنى ئورۇنلاشتىن زۆرۈردۇر.

4 ـ ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن نامازغا كىرگەن كىشىدىن شۇ رەكئەتنىڭ ئارتۇق تەكبىرلىرى ساقىت بولىدۇ.

5 ـ ئىمام ئارتۇق تەكبىرلەرنى ئېيتىشنى ئۇنۇتسا، جامائەت ئېيتىۋېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئارتۇق تەكبىرلەرنى ئېيتىش نامازنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل ئىبادەتتۇر[1].

## تەشرىق تەكبىرلىرى

تەشرىق تەكبىرلىرى — قۇربان ھېيتنىڭ ئەرەفە(ھاجىلار ئەرەفاتتا بولغان، ئەتە ھېيت دېگەن) كۈنى بامدات نامىزىدىن باشلاپ ھېيتنىڭ 4 ـ كۈنى ئەسىر نامىزىغىچىلىك جەمئىي 23 ۋاخ نامازنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان تەكبىرلەردۇر. بۇ تەكبىرلەرنى ئوقۇش ھەر قانداق مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ ئەرلەر ئۈچۈن ۋاجىبتۇر.

تەشرىق تەكبىرلىرىنى ھەر پەرز نامازدىن كېيىن، مەيلى يالغۇز بولسۇن، مەيلى جامائەت بىلەن بولسۇن، مەيلى يولۇچى بولسۇن، مەيلى مۇقىم بولسۇن، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئوقۇشى ۋاجىبتۇر.

تەشرىق تەكبىرلىرىنىڭ ۋاجىبلىقىنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**وَاذْكُرُواْ اللّهَ فِي أَيَّامٍ مَّعْدُودَاتٍ**﴾ يەنى «ساناقلىق كۈنلەردە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىڭلار»[2].

پۈتۈن مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىن تەشرىق تەكبىرلىرى مەقسەت قىلىنغان، دەپ تەپسىر قىلىدۇ[3].

قۇربان ھېيت نامىزىغا بېرىشتا يولدا، ئاۋازلىق ھالدا تەكبىر ئېيتىپ مېڭىش سۈننەتتۇر. ئەمما روزا ھېيت نامىزىغا بېرىشتا ئاۋازلىق ئېيتىشنى ئىمام ئەزەم جائىز كۆرمەيدۇ. بىراق شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ يۇسۇف بىلەن مۇھەممەد ئاۋازلىق ئوقۇشنى جائىز

(1) تحفة الفقهاء 58 ـ 60 ـ بەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 203 ـ ئايەت.

(3) تحفة الفقهاء 59 ـ بەت.

سانىغان. توغرىسى ئىمام ئەزەمنىڭ قارىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربان ھېيت نامىزىغا بېرىشتا تەكبىرنى ئاۋازلىق ئېيتقانلىقى سابىت بولغان. بىراق روزا ھېيت نامىزىغا بېرىشتا شۇنداق قىلغانلىقى سابىت ئەمەس[1].

## تەشرىق تەكبىرلىرىنىڭ تېكستى

﴿اَللَّهُ أَكْبَرُ، اَللَّهُ أَكْبَرُ، لَا إِلهَ إِلَّا اللَّهُ، وَاللَّهُ أَكْبَرُ، اَللَّهُ أَكْبَرُ وَلِلَّهِ الْحَمْدُ﴾

ئوقۇلۇشى:« ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل ھەمدۇ»

## تەشرىق تەكبىرلىرىنىڭ قازاسى توغرۇلۇق مەسىلىلەر

تەشرىق تەكبىرلىرىنىڭ قازاسى توغرۇلۇق تۆت مەسىلە بار، ئۇلار:

1 ـ ئەتە ھېيت دېگەن كۈنى بامدات نامىزىدىن ھېيتنىڭ 4 ـ كۈنى ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتىغىچىلىك بولغان تەشرىق كۈنلىرىدە قازا بولغان پەرز(بەش ۋاقىت)نامازلارنىڭ قازاسىنى شۇ تەشرىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادا قىلماقچى بولغان ئادەم، نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇ نامازلار تەشرىق تەكبىرلىرى بىلەن بىرگە قازا بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ئادا قىلىشتا تەكبىرلىرى بىلەن بىرگە ئادا قىلىنىدۇ.

2 ـ تەشرىق كۈنلىرىدىن بۇرۇن قازا بولغان نامازلارنى تەشرىق كۈنلىرىدە ئادا قىلماقچى بولغان ئادەم، نامازدىن كېيىن، تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئوقۇمايدۇ. چۈنكى بۇ نامازلار تەشرىق تەكبىرلىرىسىز قازا بولغانلىقتىن، ئۇلارنى تەشرىق تەكبىرلىرىسىز ئادا قىلىدۇ.

3 ـ تەشرىق كۈنلىرىدە قازا بولغان نامازلارنى تەشرىق كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلەردە ئادا قىلماقچى بولغان ئادەم، بۇنامازلاردىن كېيىن تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئوقۇمايدۇ. چۈنكى مەزكۇر قازا نامازلارنى ئادا قىلغان ۋاقىت تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئوقۇش ۋاقىتلىرى ئەمەس.

4 ـ تەشرىق كۈنلىرىدىكى تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئېيتىشنى تەرك قىلغان كىشى كېلىدىغان يىلى يەنە مۇشۇ تەشرىق كۈنلىرىدە ئۇنىڭ قازاسىنى ئېيتامدۇ ياكى ئېيتامدۇ

(1) تحفة الفقهاء 58 ـ بەت.

دىگەن مەسىلىدە فىقھىشۇناسلار ئىختىلاپ قىلىشقان. بىر كۆرۈشكە كۆرە، قازاسى ئېيتىلىدۇ. يەنە بىر كۆرۈشكە كۆرە، قازاسى ئېيتىلمايدۇ ۋە ساقىت بولىدۇ. ئىككىنچى كۆرۈش كۈچكە ئىگىدۇر[1].

---

(1) تحفة الفقهاء 60 ـ بەت.

# تەراۋىھ نامىزى

تەراۋىھ نامىزى -رامىزان ئېيىدا ئاخشاملىرى خۇپتەندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان 20 رەكئەتلىك نامازدۇر.

تەراۋىھ - ئارام ئېلىش، تەنەپپۇس قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەر تۆت رەكئەت نامازدىن كېيىنكى ئارام ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## تەراۋىھ نامىزىنىڭ ھۆكمى

رامىزان ئېيىدا بىر ئاي تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش تەكىتلىك سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاھ تائالا رامىزان روزىسىنى پەرز قىلدى. مەن مۇسۇلمانلارغا رامىزان كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشنى سۈننەت قىلدىم»[1].

ئىمام نەۋەۋىي ھەدىستىكى« رامىزان كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش»تىن تەراۋىھ نامىزى مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىغا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« كىمكى رامىزاننى ئاللاھنىڭ ۋەدىسگە بولغان چىن ئىشەنچ ۋە ساۋاب كۆزلىگەن ھالدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»دېگەن ھەدىستىكى رامىزاننى« ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش» تىن مەخسەت: رامىزاننى كۈندۈزىدە روزا تۇتۇش، كېچىسى تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە باشقا ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇش ئەر، ئايال ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن سۈننەتتۇر. ھەر بىر 4 رەكئەتتىن كېيىن، ئازراق ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىش مۇستەھەبتۇر. بۇ ئولتۇرۇشتا ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىش ياكى قۇرئان ئوقۇش ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ياخشىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى ۋە تۈركىستاندا ھەر بىر 4 رەكئەتتىن كېيىنكى ئارام ئېلىشتا مۇنۇ تەسبىھ ئېيتىلىدۇ:

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## تەراۋىھ نامىزىنىڭ ۋاقتى

تەراۋىھ نامىزى رامىزان ئاخشاملىرى خۇپتەن بىلەن ۋىتىر نامىزى ئارىلىقىدا ئوقۇلىدۇ.

## تەراۋىھ نامىزىنىڭ بۇيرۇلۇشى

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دىگەن:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە تەراۋىھ نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇدى. ئۇنىڭغا ساھابىلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. ئىككىنچى كۈنى جامائەت سانى كۆپەيدى. ئۈچىنچى جامائەت سانى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى ۋە ئۇلار مەسجىدكە توپلىنىۋىدى. بۇ ئاخشىمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە چىقمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىسى چىقىپ ئۇلارغا مۇنداق دىدى” سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلارنى كۆردۈم. ئاخشام مېنى مەسجىدكە چىقىشىمدىن توسقان نەرسە بۇ نامازنىڭ سىلەرگە پەرز بولۇپ قېلىش قورقۇنچىسى ئىدى“دىدى»[1].

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ئىش شۇ بويىچە داۋام قىلدى»دەپ كەلگەن. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا تەراۋىھ نامىزى بۈگۈنكىدەك جامائەت بىلەن ئوقۇلمايتتى، دىمەكچى. ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى تەراۋىھ نامىزى ئۈچۈن توپلىغان ئەمەس»دەپ كەلگەن.

## تەراۋىھ نامىزىنىڭ رەكئەت سانى

ئىسلام فىقھىشۇناسلىرى تەراۋىھ نامىزىنىڭ رەكئەتلىرى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان. ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان كېچىلىرى قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىۋىدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى” پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا بولسۇن ياكى باشقا ۋاقىتلاردا بولسۇن، كېچىلىرى 11 رەكئەتتىن ئارتۇق ناماز ئوقۇمايتتى. ئاۋۋال 4 رەكئەت ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ كەيپىيىتىنى ۋە ئۇزۇنلىقىنى سورىماڭ. ئاندىن يەنە 4 رەكئەت ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ كەيپىيىتى ۋە ئۇزۇنلىقىنى سورىماڭ“»[2].

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەدىستىكى، 4 رەكئەتتىن ئوقۇغان 8رەكئەت تەراۋىھ نامىزى بولۇپ، ۋىترنىڭ 3 رەكئىتى بىلەن 11 رەكئەت بولىدۇ.

مۇۋەتتە ئدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەراۋىھ نامىزنى ۋىتىر بىلەن قوشۇپ 11 رەكئەت ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىبنى شىھاب ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئابدۇررەھمان ئىبنى ئابدۇلقارىينىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:« مەن رامىزان كېچىلىرىنىڭ بىرىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن بىرگە مەسجىدكە چىقتىم. كىشىلەر ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم ناماز ئوقۇۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر " مەن بۇ جامائەتنىڭ بىر قارىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشىنى ئەۋزەل كۆرىمكەن"دىدى ئاندىن ئۇلارنى ئۇبەييە ئىبنى كەئبنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشقا تويلاشقا غەيرەت قىلدى. ئاندىن يەنە بىر كېچىسى ئۆمەر بىلەن بىرگە مەسجىدكە چىقتىم. جامائەت بىر قارىغا ئىقتىدا قىلىپ تەراۋىھ نامىزنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۆمەر بۇ ئىشنى كۆرۈپ" بۇ نىمە دىدى»[1].

خۇلاسە كالام: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەراۋىھ نامىزنى 8 رەكئەت ئوقۇغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدىن باشلاپ تەراۋىھ نامىزى 20 رەكئەت ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. كۆپىنچە ئىسلام مەزھەبلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغىنى بويىچە تەراۋىھ نامىزنى 8رەكئەت قىلىپ بېكىتكەن. ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىدە تەراۋىھ نامىزى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا ساھابىلارنىڭ مۇۋاپىقەتچىلىكى بىلەن بېكىتىلگەن بويىچە 20 رەكئەت ئوقۇشىنى بەلگىلىگەن.دېمەك، تەراۋىھنىڭ ئالدىنقى 8رەكئىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولسا، 20 رەكئەت ئوقۇش يولباشچى ساھابىلار(خۇلەفائۇر راشىدۇن)نىڭ سۈننىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولباشچى ساھابىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرۇلۇق مۇنداق دىگەن:«سىلەر مېنىڭ ۋە يولباشچى ساھابىلىرىمنىڭ يولىدىن ئايرىلماڭلار»[2].

## تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيتى

تەراۋىھ نامىزى جامائەت بىلەن ئوقۇلغىنىدەك، ئۆز ئالدىغا ئايرىممۇ ئوقۇلىدۇ. تەراۋىھ

(1) فەتھۇلبارى «تەراۋىھ نامىزى»بابىدىن.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

نـامىزنى ئىككـى رەكئەتـتە بىـر سـالام بىرىـپ، تـۆت رەكئەتـتە بىـر سـالام بىرىپمـۇ ئوقـۇش مـۇمكىن. تەراۋىـھ نـامىزنى ئىككـى رەكئەتلىكـتىن قىلىـپ ئوقۇمـاقچى بولغانـدا، ئـۇ خـۇددى بامـدات نامىزىنىـڭ سـۈننىتىنى ئوقۇغانـدەك ئوقۇلىـدۇ. تەراۋىـھ نـامىزنى تـۆت رەكئەتلىكـتىن قىلىـپ ئوقۇمـاقچى بولغانـدا، ئـۇ خـۇددى پىـشىن نامىزىنىـڭ تـۆت رەكـئەت سـۈننىتىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇلىدۇ.

بىـر ئـايلىق تەراۋىـھ نامىزىـدا قۇرئـان كەرىمنـى خەتـمە قىلىـش ئـايرىم بىـر سـۈننەتتۇر. تەراۋىــھ نــامىزنى جامــائەتنى زېرىكتۈرمەيــدىغان يېنىكــرەك ئوقــۇش ياخــشىدۇر. تەراۋىــھ نــامىزنى رامىزانــدا ئوقۇيالمىغــان كــىشىگە ئۇنىــڭ قازاســى كەلمەيــدۇ. تەراۋىــھ نــامىزنى كىچىنىــڭ يېرىمىغـا قەدەر كېچىكتـۈرۈش مۇسـتەھەپتۇر. ۋىتىـر نـامىزنى تەراۋىـھ نامىزىـدىن بۇرۇن ئوقۇشمۇ جائىزدۇر[1].

## تەراۋىھ نامىزى توغرۇلۇق بەزى مەسىلىلەر

1ـ تەراۋىھ نـامىزنى جامـائەت بولـۇپ، مەسـجىدتە ئوقـۇش سـۈننەت كىفايەدۇر. بەنـى بىـر مەھەللىـدىكى جامائەتنىـڭ بىـر قىـسمى بـۇ نامـازنى جامـائەت بىـلەن ئوقـۇپ، قالغـانلىرى ئـۆز ئۆيلىرىــدە ئوقۇســىمۇ ئــۇلاردىن جامــائەت بىــلەن ئوقــۇش ســۈننىتى ســاقىت بولىــدۇ. ئەممــا مەسـجىدتە ئوقۇغـانلار ھەم تەراۋىـھ نامىزىنىـڭ ھەم جامـائەت بولـۇپ ئوقۇغانلىنىـڭ سـاۋابىنى تاپىدۇ[2].

2ـ بـالاغەتكە يەتمىــگەن بالىنىــڭ تەراۋىــھ نامىزىغــا ئىمــام بولۇشــى توغرۇلــۇق ئىــسلام فىقھىــشۇناسلىرى ئىختىلاپلاشـقان. بەزىـسى دۇرۇس ئەمەس دىــگەن قاراشــتا بولـسا، كـۆپ سـانلىقى دۇرۇسـلىقىنى سـۆزلىگەن. بـالاغەتكە يەتمـىگەن بالىلارنىـڭ تەراۋىـھ نامىزىغـا ئىمـام بولۇشـىنى دۇرۇس دىگـۈچىلەر پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالامنىڭ نەۋرىـسى ھەسـەن ئىبنـى ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ ئائىــشە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا( پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالامنىڭ ئايـالى)غـا ئىمام بولـۇپ تەراۋىـھ نـامىزى ئوقۇغـانلىقىنى دەلىـل قىلىـپ كەلتـۈرگەن. ئەممـا پەرز نامـازلاردا بـــالاغەتكە يەتمـــىگەن بالىلارنىـــڭ ئىمـــام بولۇشـــىنىڭ دۇرۇس ئەمەســـلىكىدە ئىـــسلام فىقھىشۇناسلىرى بىرلىككە كەلگەن[3].

3ـ تەراۋىـھ نـامىزنى خۇپتەنـدىن بـۇرۇن ئوقۇسـا ئـۇ تەراۋىـھ ھېسابلانمايدۇ. چـۈنكى بـۇ خۇپتەنــدىن كېــيىن ئوقــۇش بەلگىــلەنگەن نامــازدۇر. ئەممــا ۋىتىــر نــامىزنى تەراۋىھــتىن

(1) اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 68 ـ بەت.

(2) رد المحتار 2ـتوم55ـبەت.

(3) الجوهرة النيرة شرح مختصر القدوري 1ـ توم 99ـبەت.

بۇرۇن ئوقۇش جائىزدۇر[1].

4- رامىزان ئىچىدە تەراۋىھ نامىزىدا قۇرئان كەرىمنى بىر قېتىم خەتمە قىلىش سۈننەتتۇر[2].

(1) العناية شرح الهداية 268-بەت.

(2) العناية شرح الهداية 269-بەت.

# كېسەللەر نامىزى

كېسەللىك — مىجەزنىڭ نورماللىقىنى يوقىتىپ قويۇشتىن مەيدانغا كېلىدىغان بىر خىل ئاجىزلىق ھالىتى دېمەكتۇر. ئىسلام دىنى ئەقلىنى يوقاتمىغان كېسەللەرگە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى توختاتماسلىقنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلار ئۈچۈن بەزى ئۆڭئايلىقلارنىمۇ كۆرسەتكەن. ناماز ھەققىدە كېسەللەر ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ئۆڭئايلىقلارمۇ بۇ مەنبەنى مەقسەت قىلغان.

كېسەل كىشى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ناماز ئوقۇشى كېرەك. ئۆرە تۇرالمايدىغان ياكى ئۆرە تۇرسا، كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە ياكى شىپا تېپىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئېنىق بولغان بىمار ئولتۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى نورمال كەيپىيتى بويىچە قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالىغان بولسىمۇ، رۇكۇ بىلەن سەجدىلەرنى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بىمار ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ئولتۇرۇپ ئوقۇلغان نامازدا رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بىمار رۇكۇ بىلەن سەجدىلەرنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەن قىلىدۇ. ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا، باش رۇكۇغا قىلغان ئىشارەتتىن سەجدىگە قىلغان ئىشارەتتە بەكرەك ئېگىلىدۇ. ئەمما سەجدە قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا ئورۇندۇق ياكى ياستۇق قويۇپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى سەجدە پەقەت يەرگە قىلىنىدۇ. يەرگە سەجدە قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بىمار سەجدىنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەن قىلىدۇ ۋە باشقا نەرسىگە سەجدە قىلمايدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بىمارنى زىيارەت قىلىپ بارغىنىدا، ئۇنىڭ ياستۇق ئۈستىگە سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ياستۇقنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى، بىمار بىر تاياقنى قويۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلماقچى بولغىنىدا تاياقنىمۇ ئېلىپ تاشلىۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى: ”كۈچۈڭ يەتسە سەجدىنى يەرگە قىلغىن، ئەگەر ئۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمىسە ئىما ـ ئىشارەت بىلەن قىلغىن. سەجدىگە قىلغان ئىشارىتىڭنى رۇكۇغا قىلغىنىڭدىن تۆۋەنرەك قىلغىن“دېدى»[1].

ئولتۇرۇشقىمۇ ماجالى بولمىغان بىمار ئوڭدىسىغا ياكى يېنىچە يېتىپ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ

(1) بەيھەقىي، بەززاز، تەبەرانىي رىۋايىتى.

مۇنـداق دەيـدۇ: «مېنىـڭ بوۋاسـىر كېسـلىم بـار ئىـدى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالامدىن قانـداق ناماز ئوقۇشۇم توغرۇلۇق سورىۋىدىم، ئۇ مۇنـداق دېـدى: "نامـازنى ئـۆرە تـۇرۇپ ئوقـۇغىن، ئۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمىسە ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچۈڭ يەتمىسە يېنىچە يېتىپ ئوقۇغىن"»[1].

ئوڭدىسىغا يېتىپ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغان بىمار ئىككى پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ياتىدۇ، مۇمكىنچىلىك بولسا ئىككى پۇتىنى قىبلىگە ئۇزارتماسلىقى ئۈچۈن ئىككى تىزى ئازراق كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بىمارنىڭ ئاسمانغا قارىماستىن قىبلىگە قارىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا ئىگىزرەك ياستۇق قويۇلىدۇ.

ئەمما يېنىچە يېتىپ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغان بىمار ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ، قىبلىگە قاراپ ياتىدۇ، رۇكۇ بىلەن سەجدىلەرگە بېشى بىلەن ئىما - ئىشارەت قىلىدۇ. ئەمما يېنىچە يېتىپ ئوقۇغاندىن ئوڭدىسىغا يېتىپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر[2].

## ئىما - ئىشارەت دېگەن نېمە؟

ئىما - ئىشارەت — نامازدا رۇكۇ ۋە سەجدىلەرگە ئىشارەت ئۈچۈن كۈچىنىڭ يېتىشىچە باشنى ئېگىش دېمەكتۇر. ئەگەر بىمار بېشى بىلەن ئىما - ئىشارەت قىلىشتىنمۇ ئاجىز كەلسە، ناماز ۋاقتىلىق توختىتىلىدۇ. كۆز ياكى قەلب ياكى ئىككى قاش بىلەن ئىما - ئىشارەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿**فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ**﴾ تەرجىمىسى: « تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار(يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ئورۇنلاڭلار)» دەيدۇ[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « سىلەرنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنلاڭلار»[4].

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسقا ئاساسلىنىپ ئېيتالايمىزكى، ھەرقانداق ھالەتتە، نامازنى ئاللاھ پەرز قىلىنغان كەيپىيەتتە بويىچە ئادا قىلىش كېرەك. ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەن ئۆزۈرلۈك ھاللاردا تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشى كېرەك. كېسەللىك ھالىتىدە ئىشارەت بىلەن تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى ۋە ئەجرى ساق ۋاقتىدا ئوقۇلغان

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى، فەتھۇلبارىي 2 - جىلد 588 - بەت.

(2) فتح القدير 1 - توم 375 - بەت، اللباب شرح الكتاب 1 - توم 100 - بەت.

(3) تەغابۇن سۈرىسى 16 - ئايەت.

(4) بۇخارى رىۋايىتى.

نامازنىڭ ساۋابىدىن ھەرگىز كەم بولمايدۇ. بەلكى قىينىلىپ ئوقۇغىنى ۋە مۇشۇنداق ھالسىز ۋاقىتلاردىمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندە كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولغانلىق سەۋەبلىك، ئەمەل - ئىبادەتلەرنى بەلگىلىگەن كەيپىيتى بويىچە قىلالمىسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇقىم ۋە ساق ھالىتىدە قىلغان ئەمەل- ئىبادەتلىرىگە ئوخشاش ساۋاب يېزىلىدۇ»[1].

## ئىما- ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا تاقىتى يەتمىگەن كىشى قانداق قىلىدۇ؟

ئىما - ئىشارەت بىلەنمۇ ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالمىغان ياكى ئەقلى - ھوشى يوقالغان بىمار، نامازنى ۋاقىتلىق قويۇپ قويىدۇ. بۇ ھالەت بىر كېچە - كۈندۈزگە يەتمىگەن ۋاقىت داۋام قىلغان بولسا، يەنى بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكىچە ساقىيىپ قالسا، ئوقۇيالمىغان مەزكۇر نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇيدۇ. ئەگەر كېسىلى ئېغىرلاشقان ياكى ئەقلى - ھوشى يوقالغان سەۋەبلىك ئىما - ئىشارەت بىلەنمۇ ناماز ئوقۇيالمىغان ۋاقتى بىر كېچە - كۈندۈزدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان بولسا، بۇ نامازلارنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ. بۇ خۇددى ھەيز دار ۋە نىفاسدار ئاياللاردىن نامازغا كەچۈرۈم قىلىنغاندەك كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئەگەر بىمار شۇ كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە، ئىما - ئىشارەت بىلەنمۇ ناماز ئوقۇشتىن ئاجىز كەلگەن ھالىتىدە ئوقۇيالمىغان نامازلىرى ئۇنىڭدىن ساقىت بولىدۇ. ئۇنىڭغا فىدىيە بېرىش لازىم كەلمەيدۇ[2].

## ئىما- ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش توغرۇلۇق مەسىلىلەر

پەرز نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا كۈچى يېتىدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇشى جائىز ئەمەس. ئەمما نەپلە نامازلارنى ساق كىشىلەرنىڭمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇشى جائىز. بىراق ساۋابى كەمرەك بولىدۇ.

كېسەل بولغىنى ئۈچۈن ئولتۇرۇپ ياكى ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇش ۋەزىيىتىگە چۈشۈپ قالغان بىمار كېسەللىك ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى، ساقايغاندىن كېيىن ئوقۇماقچى بولغاندا، ئولتۇرۇپ ياكى ئىما - ئىشارەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆرە تۇرۇپ نامازنىڭ ئەسلىدىكى كەيپىيتى بويىچە ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ساقايغاندىن كېيىن ئۆزرە قالمىغان بولىدۇ. ئەمما ساق ۋاقتىدا قازا بولغان نامازلىرىنى

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

(2) نور الايضاح ونجاة الارواح 30 - بەت، بدائع الصنائع 1 - توم 105 - بەت.

كېسەللىكىدە ئوقۇماقچى بولسا، ئولتۇرۇپ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئوقۇسا بولىدۇ.

نامازنى ساق ھالىتىدە باشلىغان بولسىمۇ ناماز ئەسناسىدا مېجەزى ئۆزگىرىپ قېلىپ ئورنىدىن تۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بىمار نامىزىنىڭ قالغىنىنى ئولتۇرۇپ تاماملايدۇ. ئەگەر ئولتۇرۇشتىنمۇ ئاجىز كەلسە يېتىپ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن تاماملايدۇ. ئەمما كېسەل ھالىتىدە نامازنى ئولتۇرۇپ باشلىغان بىمار ناماز ئەسناسىدا ساقىيىپ قېلىپ ئۆرە تۇرالايدىغان ھالغا كەلسە نامىزىنىڭ قالغىنىنى ئۆرە تۇرۇپ تاماملايدۇ[1].

(1) تحفة الفقهاء 57 ـ بەت اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 63 ـ بەت.

# ئىستىسقا (سۇ تىلەش) نامىزى

ئىستىسقا ـ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن سۇ تىلەش دېمەكتۇر. شەرئەت ئىستىلاھىدا ئىستىسقا ـ ئېھتىياج تۇيۇلغاندا مەخسۇس ناماز، خۇتبە ۋە دۇئالار ئارقىلىق ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت ۋە يامغۇر تىلەش دېمەكتۇر.

قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن چاغدا، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئىككى رەكئەت ئىستىسقا نامىزى ئوقۇش ۋە ئاللاھتىن گۇناھلارغا مەغپىرەت تىلەش بىلەن بىرگە، يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشنى سوراش تەكتىلىك سۈننەتتۇر. سۇ تىلەشكە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ كۈن چىقىش ياخشىدۇر. سۇ تىلەشكە چىقىشتىن بۇرۇن يوقسۇل، يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە بېرىش ۋە چىقىش جەريانىدا، كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا مۇناجات قىلغان ھالدا چىقىش ياخشى كۆرۈلگەن. بۇ شافىئىي، ھەنبەلىي، مالىكىي مەزھەپلىرى ۋە ھەنەفىي مەزھىبىدىن ئىمام ئەبۇ يۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدلەرنىڭ ئورتاق قارىشىدۇر[1].

ئەمما ئىمام ئەزەمگە كۆرە، ئىستىسقا ـ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت ۋە يامغۇر سوراپ دۇئا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، ئىستىسقا ئۈچۈن جامائەت بىلەن ئوقۇش سۈننەت بولۇپ، ئەگەر كىشىلەر ئايرىم ـ ئايرىم ئۆز ئالدىغا ناماز ئوقۇسا جائىزدۇر[2].

## ئىستىسقا نامىزىنىڭ بۇرۇنقى دىنلاردىمۇ بارلىقى

ئىستىسقا نامىزى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىدىمۇ بار ئىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاذاسْتَسْقَى مُوسَى لِقَوْمِهِ**﴾تەرجىمىسى: «ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەب قىلغان ئىدى»[3].

ئاللاھ تائالا ئىستىسقا نامىزىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّاراً يُرْسِلُ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَاراً**﴾ تەرجىمىسى: «(ئۇلارغا) ئېيتتىم: "پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇرلارنى

---

(1) بداية المجتهد 1 ـ توم 207 ـ بەت، القوانين الفقهية 78 ـ بەت.
(2) اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 67 ـ بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 413 ـ بەت.
(3) بەقەر سۈرىسى 60 ـ ئايەت.

ياغدۇرۇپ بېرىدۇ"»[1].

ئىستىسقا نامىزى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەرمۇ كۆپ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق قەيت قىلىنغان: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئىستىسقا ئۈچۈن چىقتى. ئاندىن قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى ۋە تونىنى چۆرىدى. ئاندىن بىزگە ئىمام بولۇپ ، قىرائىتىنى ئۈنلۈك قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى»[2].

## ئىستىسقا نامىزىنىڭ كەيپىيىتى

ئىمام ئەزەمدىن باشقىلارغا كۆرە، ئىستىسقادا ئەزاننىڭ ئورنىغا: ﴿**الصلاة جامعة**﴾ (ئەسسەلاتۇ جامىئەتۇن) يەنى: « توپلىنىپ ناماز ئوقۇلىدۇر» دەپ، كىشىلەر نامازغا چاقىرىلىدۇ. ئاندىن ناماز ئوقۇلىدۇ. ئىستىسقا نامىزى ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتماستىن خۇددى ھېيت نامىزىغا ئوخشاش قىرائىتى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت نامازدۇر. نامازدىن كېيىن ئىمام ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئىككى خۇتبە ئوقۇيدۇ. ئىمام ئەبۇ يۇسۇفكە كۆرە، بىرلا خۇتبە كۇپايىدۇر. خۇتبىدە ئاللاھ تائالادىن يامغۇر سوراپ دۇئا قىلىنىدۇ.

ھەر كىشى ئىستىغفار ئېيتىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت، ئاندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشنى سورايدۇ. ئىمام قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا، دۇئاغا باشلايدۇ. جامائەت ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ دۇئاغا «ئامىين» دەيدۇ. دۇئادا ئاللاھ تائالانىڭ مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشنى ۋە ھالاكەتتىن ساقلىشنى تىلىسە بولىدۇ[3].

---

(1) نوھ سۈرىسى 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) نور الايضاح ونجاة الارواح 38 ـ بەت، القوانين الفقهية 87 ـ بەت، مغني المحتاج 1 ـ توم 323 ـ بەت.

# كۇسۇف ۋە خۇسۇف نامازلىرى

كۇسۇف- كۈننىڭ تۇتۇلۇشى، خۇسۇف - ئاينىڭ تۇتۇلۇشى دېگەنلىكتۇر.

كۈن تۇتۇلغاندا، ئاللاھتىن گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى سوراپ خۇددى جۈمە ياكى ھېيت نامازلىرىغا ئوخشاش جامائەت بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش پۈتۈن فىقھىشۇناسلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن سۈننەتتۇر. بۇلارنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ فۇسسىلەت سۈرىسى 37 - ئايىتىدىكى مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ لَا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلَا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَهُنَّ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ**﴾ تەرجىمىسى: «كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار»[1].

كۈن تۇتۇلغاندا كۇسۇف نامىزى ئوقۇش مەيلى سەپەردە بولسۇن، مەيلى مۇقىم بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشى پەرز بولغان ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈن تۇتۇلغاندا كۇسۇف نامىزى ئوقۇغانلىقى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان «سەھىھ» ھەدىسلەر بىلەن سابىتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنىدە كۈن تۇتۇلغان بولۇپ، بەزى كىشىلەر «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ۋاپات بولغانلىقى سەۋەبلىك كۈن تۇتۇلدى» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېگەن: «كۈن ۋە ئاي ئىنسانلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. لېكىن ئۇ ئىككىسى(نىڭ تۇتۇلۇشى)، ئاللاھنىڭ(ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغان) ئالامەتلىرىدىن بولغان ئالامەتلەردۇر. ئاي ۋە كۈننىڭ تۇتۇلغىنىنى كۆرگىنىڭلاردا، ئاللاھ ئۈچۈن ناماز ئوقۇشقا تۇرۇڭلار»[2].

(1) الدرالمختار1 ـ توم 789 - بەت، بدائع الصنائع 1 - توم 280 -بەت.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

## كۇسۇپ ۋە خۇسۇف نامازلىرىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيتى

كۇسۇف نامىزىدا ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىلمايدۇ، خۇتبىمۇ ئوقۇلمايدۇ. ئەزاننىڭ ئورنىغا: ﴿الصلاة جامعة﴾ (ئەسسەلاتۇ جامىئەتۇن) يەنى: «توپلىنىپ ناماز ئوقۇلىدۇ»دەپ، كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىدۇ. كۇسۇف نامىزىدا قىرائەت ئۈزۈنراق ئوقۇلىدۇ. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدلەرگە كۆرە، قىرائەت ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ. ئەمما ئىمام ئەزەمگە كۆرە مەخپىي ئوقۇلىدۇ. ھەر ئىككى رەكئەتنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى ئۇزارتىش سۈننەتتۇر. نامازدىن كېيىن، ئىمام قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ، تاكى كۈن ئېچىلغۇچە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ، جامائەت دۇئاغا «ئامىين»دەيدۇ.

ئەمما ئاي تۇتۇلغان ۋاقىتتا، جامائەت بولۇپ توپلانماستىن، ھەركىم ئۆز ئۆيىدە، ئۆز ئالدىغا خۇددى نەپلە نامازلارغا ئوخشاش ئىككى رەكئەت خۇسۇف نامىزى ئوقۇش سۈننەتتۇر[1].

(1) فتح القدير 1 ـ توم 433 ـ 436 ـ بەتلەر، الدرالمختار1 ـ توم 789 ـ بەت، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 66 ـ بەت.

## قورقۇنچ (خەۋپ) نامىزى

قورقۇنچ نامىزى ـ دۈشمەن ياكى يىرتقۇچلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋەھىمىسى ئېنىق بولغان شارائىتلاردا، پەرز نامازلارنى، ئايرىم كەيپىيات بىلەن ئوقۇش دېمەكتۇر. قورقۇنچ نامىزىنىڭ كەيپىيتىنى بايان قىلىپ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلاَةَ فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُواْ فَلْيَكُونُواْ مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّواْ فَلْيُصَلُّواْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً وَاحِدَةً وَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن كَانَ بِكُمْ أَذًى مِّن مَّطَرٍ أَوْ كُنتُم مَّرْضَى أَن تَضَعُواْ أَسْلِحَتَكُمْ وَخُذُواْ حِذْرَكُمْ إِنَّ اللّهَ أَعَدَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا**﴾ تەرجىمىسى:«(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۈزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدى»[1].

(1) نىسا سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

## قورقۇنچ نامىزىنىڭ كەيپىيىتى

قورقۇنچ نامىزىدا، ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن تۆۋەندىكى ئىككى ئىش جائىزدۇر:

1 ـ ئۇرۇش ئەسناسىدا مۇجاھىدلارنىڭ، پەرز نامازلارنى يۈقىرىقى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن شەكىلدە ئوقۇشى جائىزدۇر.

2 ـ شىددەتلىك قورقۇنچ تۈپەيلى، مۇجاھىدلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ، جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشى مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا، ئۇلارنىڭ نامازلارنى ئۆزلىرى تۇرغان يېرىدە، يالغۇز ئۆز ئالدىغا ئوقۇشى جائىزدۇر. شۇنداقلا قاتناش قوراللىرى ئۈستىدە بولۇپ، نامازنى تولۇق كەيپىيىتى بىلەن ئوقۇش قىيىن بولغاندا، قاتناش ئۈستىدە تۇرغان پېتى ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئوقۇشى جائىزدۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلەنگەن تەرىپى قىبلىگە توغرا كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن پەرق يوقتۇر. يەنى قاتناش قايسى تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسا شۇ تەرەپ ئۇلارنىڭ قىبلىسى بولۇپ بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

3 ـ قورقۇنچ نامىزى ئوقۇماقچى بولغاندا، ئىمام جامائەتنى ئىككى پىرقىغا بۆلىدۇ. ئوقۇماقچى بولغانلار يولۇچى بولسا ياكى ئوقۇماقچى بولغان ناماز بامدات نامىزى بولسا، بىرىنچى پىرقە بىر رەكئەت ئوقۇپ بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ئوقۇمىغان يەنە بىر پىرقە كېلىدۇ ۋە ئىمام بىلەن نامازنىڭ قالغىنىنى ئوقۇيدۇ. ئىمام سالام بەرگەندە بۇ پىرقە سالام بەرمەيدۇ ۋە دۈشمەن تەرەپكە كېتىدۇ. ئاندىن دەسلەپتىكى پىرقە كېلىپ قالغان نامازلىرىنى قىرائەتسىز ھالدا تاماملايدۇ. ئاندىن دۈشمەن تەرەپكە كېتىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى پىرقە يەنە كېلىپ قالغان نامازلىرىنى قىرائەت بىلەن تامالايدۇ.

ئەگەر ئوقۇماقچى بولغان ناماز تۆت رەكئەتلىك ناماز بولۇپ ئوقۇماقچى بولغانلار مۇقىم بولسا، بىرىنچى پىرقە ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كېتىدۇ. ئاندىن ئوقۇمىغان يەنە بىر پىرقە كېلىدۇ ۋە ئىمام بىلەن نامازنىڭ قالغىنىنى ئوقۇيدۇ. ئىمام سالام بەرگەندە بۇ پىرقە سالام بەرمەيدۇ ۋە دۈشمەن تەرەپكە كېتىدۇ. ئاندىن دەسلەپتىكى پىرقە كېلىپ قالغان نامازلىرىنى قىرائەتسىز ھالدا تاماملايدۇ. ئاندىن دۈشمەن تەرەپكە كېتىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى پىرقە يەنە كېلىپ قالغان نامازلىرىنى قىرائەت بىلەن تامالايدۇ.

يۇقىرىقىلار ئىككى ياكى تۆت رەكئەتلىك نامازلارنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيىتىدۇر. ئەمما شام نامىزىنى ئوقۇشتا، ئىمام بىرىنچى پىرقە بىلەن ئىككى رەكئەتنى ئوقۇيدۇ، ئىككىنچى پىرقە بىلەن بىر رەكئەتنى ئوقۇپ نامازنى تاماملايدۇ.

قورقۇنچ ھالىتىدىكى نامازلارنى يېنىك ئوقۇش سۈننەتتۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىت نامازدا

قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇش ۋە نامازنى يېنىكلىتىش ۋاقتىدۇر[1].

(1) تحفة الفقهاء 60 ـ بەت، فتح القدير 1 ـ توم 445 ـبەت، الدرالمختار1 ـ توم 794 ـ بەت، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 70 ـ بەت.

# مۇستەھەب نامازلار

7. سوئال: مۇستەھەب نامازلار قانداق نامازلار ۋە ئۇلار قايسىلار؟

جاۋاب: مۇستەھەب نامازلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئوقۇغان ياكى باشقىلارنىڭ ئوقۇشىغا يول قويغان، تەكىتلىك سۈننەت دەرىجىسىگە يەتمىگەن نامازلار بولۇپ، تەكىتسىز سۈننەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى

(2) چاشگاھ نامىزى

(3) تەھەججۇد نامىزى

(4) تاۋاپ نامىزى

1ـ تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى

تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى — مەسجىدكە سالام بېرىش دېمەكتۇر. قانداقلا بىر ۋاقىتتا، قايسىبىر مەقسەت بىلەن مەسجىدكە كىرگەن مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىككى رەكئەت «تەھىيەتۇل مەسجىد» نامىزى ئوقۇشى سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسجىدكە كىرگىنىدە ئىككى رەكئەت تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇماستىن ئولتۇرمىسۇن»[1].

## تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزىنىڭ ۋاقتى

تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى مەسجىدكە كىرىپ، ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ. ئۇنى ئوقۇماستىن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، يەنە تۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ. مەسجىدكە زىيارەت، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە باشقا قانداقلا بىر مەقسەت بىلەن كىرگەن مۇسۇلمان كىشى بۇ نامازنى ئوقۇيدۇ. ئەمما مەسجىدكە قانداقلا بىر نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن كىرىش تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ. يەنى مەسجىدكە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كىرگەن كىشى ۋاقىت تار كەلسە تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

مەسجىدتە تەلىم ئېلىش ياكى مەسجىدنى رېمونت قىلىش ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن مەسجىدكە كۈندە بىر قانچە قېتىم كىرىشكە مەجبۇر بولىدىغان كىشى بىر قېتىملا

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇسا يېتەرلىكتۇر. جۈمە نامىزنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كىرگەن كىشىلەر ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ياكى ئولتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ، تۇرۇپ ئىككى رەكئەت تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇيدۇ. ئەمما ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقىشى بىلەن ناماز ئوقۇشقا ۋە سۆز قىلىشقا بولمايدۇ. خۇتبىنى قولاق سېلىپ ئاڭلاش ۋاجىبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىمام جۈمەنىڭ خۇتبىسىنى ئوقۇۋاتقاندا، يېنىڭدىكى ھەمراھىڭغا ”جىم ئولتۇر، خۇتبىنى تىڭشا“ دېيىشىڭنىڭ ئۆزىمۇ خۇتبىغا قۇلاق سالمىغانلىق بولىدۇ»[1].

ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇش مەكرۇھ تەھرىمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، كىشىلەرنىڭ مۈرىلىرىدىن ئاتلاپ يۈرگەن بىراۋنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا «ئولتۇر! (جامائەتكە) ئازار بەردىڭ» دەپ كايىغان[2].

چۈنكى خۇتبىنى تىڭشاش ۋاجىب، تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزنى ئوقۇش سۈننەتتۇر. مەلۇمكى ۋاجىبنى ئورۇنلاش سۈننەتنى ئورۇنلاشتىن مۇھىم ۋە ئەۋزەلدۇر. شۇڭا خۇتبىنى تىڭشاش تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزىدىن زۆرۈردۇر.

ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىگە كۆرە، ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزنى ئوقۇش جائىزدۇر. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلغان: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار جۈمە نامىزىغا كەلگەندە، ئىمام خۇتبە ئوقۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئىككى رەكئەت تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇسۇن»[3].

يەر يۈزىدىكى جىمى مەسجىدلەرنىڭ ھۆرمىتى كىرگۈچىلەرنىڭ ئىككى رەكئەت تەھىيەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھۆرمىتى كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ[4].

## 2 ـ چاشگاھ نامىزى

چاشگاھ — قۇياش تولۇق چىقىپ بولغاندىن باشلاپ پېشىن ۋاقتىغا 45 مىنۇت قالغىچىلىك بولغان ۋاقىتلار دېمەكتۇر. چاشگاھ ۋاقتىدا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش تەكىتسىز سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەھمەد، نەسائىي، ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(3) مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) بدايه المجتهد 1 ـ توم 158 ـ بەت، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم115 ـ بەت، مراقي الفلاح 88 ـ بەت.

«كىمكى ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1].

چاشگاھ نامىزى ئىككى رەكئەت ئوقۇلغىنىدەك، تۆت ياكى سەككىز رەكئەتمۇ ئوقۇلىدۇ.

## 3 ـ تەھەججۇد (كېچە) نامىزى

تەھەججۇد — كېچىدە ئاللاھ تائالانىڭ تائەت ـ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «تەھەججۇدنى تەرك قىلماڭلار. ئۇ سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ياخشى زاتلارنىڭ ئادىتىدۇر. ئۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھقا يېقىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋەسىلە، خاتالىقلارنى ۋە گۇناھلارنى يوققا چىقارغۇچى ھەم ئۇلاردىن يىراق قىلغۇچىدۇر»[3].

تەھەججۇدنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرز نامازلاردىن قالسا، ئەڭ ئەۋزەل ناماز كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا ئوقۇلغان (تەھەججۇد) نامىزىدۇر»[4].

قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇش سەجدىدە ئۇزۇن تۇرغاندىن ياخشىدۇ. چۈنكى قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇش ئارقىلىق قىرائەت كۆپرەك ئوقۇلىدۇ، سەجدىدە ئۇزۇنراق تۇرۇش ئارقىلىق تەسبىھ كۆپرەك ئوقۇلىدۇ. شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئوقۇش تەسبىھ ئېيتقاندىن ئەۋزەلدۇر[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانداق ئوقۇلغان ناماز ئەڭ ئەۋزەل ناماز؟ دەپ سورالغىنىدا: «قىيامدا ئۇزۇن تۇرۇلغان ناماز ـ ئەڭ ئەۋزەل نامازدۇر»دەپ جاۋاب بەرگەن[6].

تەھەججۇد نامىزىدا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

« ئى ئاللاھ! جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) زارىيات سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(3) تىرمىزى رىۋايىتى.
(4) مۇسلىم، ئىبنى خۇزەيمە 2 ـ جىلد 176 ـ بەت.
(5) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 48 ـ بەت.
(6) مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئارىسىدىكىلەرنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىسەن. جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەرنىڭ پادىشاھىسەن. جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەرنىڭ نۇرىسەن. جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن ھەقسەن، ۋەدىلىرىڭ ھەق، سۆزۈڭ ھەق، سەن بىلەن ئۇچرىشىشىمىز ھەق، جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق، قىيامەت ھەق، پەيغەمبەرلەر ھەق، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ھەقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا يۆلەندىم، ساڭا ئىمان كەلتۈردۈم، ساڭا قايتتىم، سېنىڭ ئۈچۈن دەۋالاشتىم ۋە ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئىلگىرى قىلغان ۋە كېيىن قىلغان، ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرۇن قىلغان جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سېنىڭ باشلىنىشىڭ يوق، سەن مەڭگۈلۈكسەن، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[1].

سەھەرلەردە ئاللاھ تائالادىن كۆپلەپ مەغپىرەت تىلەش ۋە ئىستىغفارنى كۆپ ئېيتىش مۇستەھەب ئەمەللىرىدىن بولۇپ، ساۋابى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: »سەييىدۇلئىستىغفار (ئىستىغفارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى)مۇنۇ ئىستىغفاردۇر: ﴿اَللَّهُم أنتَ رَبِّي لاَ إله إلا أَنْتَ خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وأنا على عهدك ووعدك ما استطعت أعوذ بك من شر ما صنعت أبوء لك بنعمتك علي وأبوء لك بذنبي فاغفر لي فإنه لا يغفر الذنوب إلا أنت﴾تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، مەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەندىن ئالغان) ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سېغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن بۆلەك مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر»[2].

## تەھەججۇد نامىزىنىڭ كەيپىيتى

تەھەججۇد نامىزى ئىككى رەكئەتتە ياكى تۆت رەكئەتتە بىر سالام بېرىپمۇ ئوقۇلىدۇ. ئەمما ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ ئوقۇش ئەۋزەلرەكتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كېچە نامىزى ئىككى، ئىككى قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ»دەپ كۆرسەتكەن[3].

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) مۇسلىم رىۋايىتى.

بۇ ھەدىس، تەھەججۇد نامىزىنى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بىرىپ ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ھەر بىر تۆت رەكئەتتە بىر سالام بىرىپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

تەھەججۇد نامىزى ئىككى رەكئەتتىن سەككىز رەكئەتكىچە ئوقۇلىدۇ[1].

## تەھەججۇد نامىزىنىڭ ۋاقتى

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. بۇ ۋاقىت دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولىشى ۋە گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ۋاقىتلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا، دۇنيا ئاسمىنىغا (بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا) چۈشىدۇ ۋە ”كىمكى ماڭا دۇئا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، كىمكى مەندىن ھاجىتىنى سورايدىكەن، سورىغان نەرسىسىنى بېرىمەن، كىمكى مەندىن مەغپىرەت تىلەيدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىمەن“ دەپ نىدا قىلىدۇ»[2].

ئىككى ھېيت كېچىلىرىدە، قەدىر كېچىسىنىڭ شەرىپىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ كېچىلىرىدە، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىنىڭ كېچىلىرىدە ۋە بارائەت(شەبان ئېيىنىڭ 15 ـ كېچىسى) ئويغىنىپ ئىبادەت قىلىشنىڭ ساۋابى ناھايىتى كۆپتۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى كىرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام كېچىسى ئۇخلىمايتتى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويغىتاتتى ۋە ئىبادەتكە بېلىنى باغلايتتى»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام زۇلھەججىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدىنمۇ يېقىملىق كۈن يوقتۇر، ئۇنىڭ ھەربىر كۈنىنىڭ روزىسى بىر يىللىق روزىغا، ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىر كېچىسى قەدىر كېچىسىگە تەڭ كېلىدۇ»[4].

---

(1) نور الإيضاح.
(2) بۇخارى رىۋايىتى.
(3) مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) تىرمىزى رىۋايىتى.

## بارائەت كېچىسىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى

بارائەت كېچىسى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەبان ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى كەلگەندە، ئۇنىڭ كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن، كۈندۈزىنى روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزۈڭلار. ئۇ ئاخشىمى كۈن پېتىش بىلەنلا ئاللاھ تائالا بىرىنچى ئاسمانغا چۈشىدۇ ۋە شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ”مەندىن مەغپىرەت سورايدىغانلار بولسا، مەغپىرەت قىلىمەن، مەندىن رىزىق تىلەيدىغانلار بولسا رىزىق بېرىمەن“ دەپ جاكارلايدۇ»[1].

## بارائەت كېچىسىدىكى بىدئەتلەر

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدىكىدەك كۆپ روزا تۇتمايتتى. شەئباندا تولۇق دېگۈدەك روزا تۇتاتتى»[2].

ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا شەئبان ئېيى يېرىملاشقان كۈنى كېچىسى بەندىلىرىگە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇشرىك، ئاداۋەتخور، ھەسەتخورلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[3].

بۇ ھەدىسنى ئۆلىمالار تۆۋەندىكىچە ئىزاھلايدۇ: يەنى بۇ كېچىدە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن، ئۇنىڭدىن ھاجىتىنى تىلەشنىڭ ئورنىغا مەخلۇقاتلاردىن ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشنى ياكى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىلىك رول ئويناپ بېرىشنى سورىغان، ئىنسانلار چىقارغان قانۇنلارنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن ئارتۇق كۆرگەن، قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن بەلگىلىمىلەرنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇنىڭغا مەسخىرە ئارىلاشتۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمات ۋە يوليورۇقلىرىغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئۇنى نەزىرىدىن ساقىت قىلغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا بۇ كېچىدە مەغپىرەت قىلمايدۇ. يەنە بۇ ھەدىستە قەلبىگە ھەسەت ۋە ئاداۋەت ئوتلىرى ھۆكۈمران بولىۋالغان، ھاكاۋۇرلۇق ئازگاللىرىدىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ كۈندىكى مەغپىرەتتىن نەسىۋە ئالالمايدىغانلىقىغا ئىشارەت بېرىلىدۇ.

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان، «سەھىھ»ھەدىس.

خەلقىمىز ئارىسىدا بارائەت كېچىسى توغۇرۇلۇق بەزى بىدئەت ئىشلار ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

- بارائەت كېچىسىدە بارائەت نامىزى دەپ، مەخسۇس يۈز رەكئەت ناماز ئوقۇش.

- بارائەت كېچىسىدە كىشىلەردىن بىھاجەت بولىدۇ، بالا ـ قازادىن يىراق تۇرىدۇ ۋە ئۆمۈر ئۇزۇن بولىدۇ، دەپ ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇش.

- بارائەت كېچىسىدە بارائەت كېچىسى دۇئاسى دەپ، بۇ كېچىگە ئاتاپ دۇئا قىلىش.

- بارائەت كېچىسىنى قەدىر كېچىسى دەپ ئېتىقاد قىلىش.

ئىسلام دىنى بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا بۇيرىغان ئەمەس.

بۇ ئايدا قىلىدىغان ئىبادەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش كۆپ رۇزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش، كۆپلەپ ياخشى سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشتۇر. بارائەت كېچىسى ياكى باشقا كۈنلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شەرئەت بەلگىلىمىلىرىدە ھېچ ئاساسى بولمىغان ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللانماي، بۇ ئاي ۋە باشقا ئايلارنىڭ ئىمكان يار بەرگەن كۈن ۋە ۋاقىتلىرىدا ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىش ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ.

ئەمما رەجەب(قەمەرىيە 7 ـ ئاي)نىڭ ئاۋۋالقى جۈمە كۈنىدە ئوقۇلىدىغان رەغائىب نامىزى شەرئەتتىن دەلىلى بولمىغان بىدئەت(دىندا بۇيرۇلمىغان)نامازدۇر[1].

## 4 ـ تاۋاپ نامىزى

كەبىنى تاۋاپ قىلغان كىشىنىڭ تاۋاپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ، مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشى تەكىتسىز سۈننەتتۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججىسىنى بايان قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى»[2].

ئەمما مەسجىدى ھەرەمدە ئادەم كۆپ بولغان قىستاڭچىلىق چاغلاردا باشقىلارنىڭ تاۋاپ قىلىشىغا توسالغۇ بولماسلىق ئۈچۈن بۇ نامازنى مەسجىدى ھەرەمنىڭ قايسىبىر يېرىدە ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

---

(1) الفقه الإسلامي وادلته2 ـ توم 49 ـبەت.

(2) بۇخارى رىۋايىتى.

ناماز بامداتتىن كېيىن قۇياش تولۇق چىقىپ بولمىغىچە، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن پاتقىچە تاۋاپ نامىزى ئوقۇش مەكرۇھتۇر[1].

نەپلە نامازلىرى

نەپلە لۇغەتتە ـ زىيادە دېمەكتۇر. شەرئەت ئىستىلاھىدا پەرز، ۋاجىب ياكى سۈننەت بولمىغان، ئەمما دىنىمىزدا يولغا قويۇلغان، ئىختىيارىي ئەمەل ـ ئىبادەت دېمەكتۇر. نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى كۆپتۇر. نەپلە ئىبادەتلەر بەندىنىڭ ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىشىغا ۋە پەرز، ۋاجىب ئەمەللەرنى ئادا قىلىشتىكى بەزى كەمچىلىكلەر، نۇقسانلارنىڭ پۈتۈنلىنىشىگە ۋاستە بولىدۇ"[2].

ئاللاھ نەپلە ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مَنْ تَطوَّعَ خَيْراً فَإنَّ اللهَ شَاكِرٌ عَلِيْمٌ**﴾ تەرجىمىسى: «كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن (ئاللاھ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ). ئاللاھ ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر»[3].

**نەپلە نامىزى ھەققىدىكى مەسىلىلەر**

1ـ نەپلە نامىزىنى كېچە ـ كۈندۈزنىڭ (ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلارنىڭ سىرتىدا) قايسىبىر ۋاقىتلىرىدا ئوقۇشقا بولىدۇ. نەپلە نامازلىرىنىڭ بەلگىلىك مەلۇم ۋاقتى بولمايدۇ.

2 ـ نەپلە نامىزىنى ئىككى رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ئوقۇشقا بولىدۇ. ئۇنىدىن كۆپرەك ئوقۇماقچى بولسا، ئىككى رەكئەتتە ياكى تۆت رەكئەتتە سالام بېرىپ ئوقۇيدۇ.

3 ـ نەپلە ئىبادەتلىرى مەيلى ناماز بولسۇن، مەيلى روزا بولسۇن، مەيلى باشقا ئىبادەتلەر بولسۇن، ئۇنى باشلاش بىلەن كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ. يەنى ئۇنى ئادا قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر نەپلە ناماز ياكى نەپلە روزىنى باشلاپ بولۇپ، ئۇنى ئاخىرىغىچە داۋام قىلماستىن بۇزىۋەتسە ياكى بۇزۇلسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

4 ـ نەپلە نامازلارنى پاراخوت، ئايروپىلان، ماشىنا قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنىڭ

---

(1) الدر المختار1 ـ توم 343 ـ بەت.

(2) مراقي الفلاح 80 ـ بەت، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 52 ـ بەت.

(3) بەقەرە سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇشىمۇ جائىزدۇر. قاتناشىنىڭ يۆنىلىشى قىبلىگە ئۇدۇل كەلمىگەن بولسىمۇ، قاتناش يۈزلەنگەن تەرەپكە قاراپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قىبلىگە قاراش شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى دىنىمىزدا قىيىنچىلىق يوقتۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿**وَلِلَّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا فَثَمَّ وَجْهُ اللَّهِ**﴾ تەرجىمىسى: «مەشرىقمۇ ۋە مەغرىبمۇ ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنمەڭلار ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر»[1].

5 ـ نەپلە نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا قۇدرىتى يېتىدىغان ھاللاردىمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇش جائىزدۇر. لېكىن ئۆزۈرسىز ئولتۇرۇپ ئوقۇغانىنىڭ ساۋابى، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغانىنىڭ ساۋابىدىن كەمرەك بولىدۇ. نەپلە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ باشلاپ، كېيىن ئولتۇرۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك نەپلە نامازلارنى بىر نەرسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئوقۇسىمۇ جائىزدۇر.

## نەپلە ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار

نەپلە ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنغان ۋاقىتلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بامدات نامىزىدىن كېيىن.

2 ـ ئەسىر نامىزىدىن كېيىن.

3 ـ شام نامىزىدىن بۇرۇن.

4 ـ پەرز نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكىلى ئاز قالغاندا ياكى جامائەت نامىزى باشلانغاندا.

5 ـ جۈمە كۈنلۈكتە خاتىب مۇنبەرگە چىققاندىن جۈمەنىڭ پەرزى ئوقۇلۇپ بولغىچىلىك.

6 ـ نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندىن كېيىن. ئەمما بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇشقا بولىدۇ.

7 ـ ھېيت نامىزى ئوقۇشتىن ئاۋۋال مەيلى ئۆيدە، مەيلى مەسجىدتە نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەمما نامازدىن كېيىن مەسجىدتە ئوقۇش مەكرۇھ، ئۆيدە ئوقۇش جائىزدۇر.

8 ـ تەرەت قىستاپ قالغاندا.

9 ـ تائام ھازىرلىنىپ قالغاندا.

10 ـ«ئەرەفات»تىكى پېشىن بىلەن ئەسىر ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ ئوقۇشتا

(1) بەقەر سۈرىسى 115ـ ئايەت.

ئىككى ناماز ئارىسىدا نەپلە ناماز ئوقۇش ۋە «مۇزدەلىفە» دىكى شام بىلەن خۇپتەن ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ ئوقۇشتا ئىككى ناماز ئارىسىدا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر[1].

## نەپلە نامازلارنىڭ تۈرلىرى

1 ـ تەۋبە نامىزى

گۇناھ سادىر قىلغان كىشى دەرھال تەۋبە قىلىشى لازىم. تەۋبىدىن كېيىن، تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشى ۋە گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىشى، گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا ۋاستە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « قانداقلا بىر گۇناھكار بەندە(گۇناھ ئىشلىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ) تاھارەتنى ئوبدان ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن ۋە گۇناھىغا مەغپىرەت سورايدىكەن، ئاللاھنىڭ ئۇنى ــ ئۆز پەزلى بىلەن ــ مەغپىرەت قىلىش ھەققىدۇر»[2].

## 2 ـ ئىستىخارە نامىزى

ئىستىخارە ــ ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق سوراش دېمەكتۇر. بىرەر ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇپ ـ بولماسلىقى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مەنىۋى ئىشارەت ئېلىشنى خالىغان كىشى ياتىدىغان ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ئىستىخارە نامىزى ئوقۇيدۇ. ئىستىخارە نامىزى خۇددى بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى رەكئىتىدە «كافىرۇن»سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە «ئىخلاس» سۈرىسىنى ئوقۇش ئەۋزەل دېيىلگەن. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىستىخارە دۇئاسى ئوقۇلىدۇ ۋە تاھارەت بىلەن قىبلىگە قاراپ ياتىدۇ. ئىستىخارە قىلغان كىشىنىڭ چۈشىدە بىر نەرسە كۆرۈشى شەرت ئەمەس. پەقەت ئىستىخارە قىلغاندىن كېيىن، كۆڭۈلنىڭ مايىللىقى كۈچلۈكرەك بولغان ئىشقا تەۋەككۈل قىلىشتا زىيان يوقتۇر. ئىستىخارە ئىبزى بىر قېتىم، كۆپى يەتتە قېتىمغىچە قىلىنىدۇ.

## ئىستىخارە دۇئاسى

**﴿ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيْرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيْمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلاَ أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلاَ أَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوبِ اَللَّهُمَّ فَإِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ هَذَا الْأَمْرَ خَيْرًا لِي فِي دِينِي**

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 15 ـ بەت.

(2) ئىبنى خۇزەيمە 2 ـ جىلت 214 ـ بەت.

**وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي وَ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ فَاقْدُرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ اَللَّهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّهُ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِـيَ الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ رَضِّنِي بِهِ﴾.**

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ چەكسىز ئىلمىڭگە سېغىنىپ سېنىڭدىن ياخشىلىق سورايمەن، سېنىڭ قۇدرىتىڭگە سېغىنىپ سېنىڭدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. سەن ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن، مەن ئاجىزمەن. سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن. سەن پۈتۈن غەيبلەرنى بىلگۈچىسەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ بۇ ئىشىم (ھاجىتىنى ئېيتىدۇ) مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلىچەكتە ياخشى بولىدىغان بولسا، ئۇنى ماڭا تەقدىر قىلغىن ۋە ماڭا ئۇنى ئاسان قىلغىن، ئاندىن ئۇنىڭدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئەگەر بۇ ئىشىم مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلىچەكتە زىيانلىق بولسا، ئۇنى مەندىن يىراق قىلغىن ۋە مېنىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، نەدىلا بولمىسۇن ماڭا ياخشىلىقنى نەسىپ قىلغىن. ئاندىن مېنى ئۇنىڭ بىلەن مەمنۇن قىلغىن»[1].

ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق سورىغان ۋە كىشىلەر بىلەن كېڭەشكەن ئىش كۆرگەن ئادەم كېيىنكى پۇشايماندىن خالىي بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ﴿**وَشَاوِرْهُمْ فِي ٱلْأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ**﴾ تەرجىمىسى: «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، ئاندىن بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن»[2]. بىرەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىستىخارە قىلغاندىن كېيىن، كۆڭۈل تارتقان بويىچە ئىش كۆرۈشتە ياخشىلىق باردۇر. بەلكى بەزىدە خەيرلىك ئىش چۈشىدە ئايان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## 3ـ ھاجەت نامىزى

دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياجى بولغان كىشى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ، نامازدىن كېيىن ئاللا تائالاغا ھەمدۇ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىدۇ. ئاندىن ھاجەت دۇئاسىنى (ياكى ئۆزى بىلىدىغان دۇئالارنى) ئوقۇپ بولۇپ، ھاجىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئاللاھتىن سورايدۇ.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئال ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ياكى ئىنسانلاردىن بىرەرسىگە ھاجىتى بولغان ئادەم، كامىل تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن ئاللاھقا ھەمدۇ سانا، پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتسۇن ۋە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: ﴿**لاَ إِلَهَ إلاّ اللهُ الْحَلِيمُ الكَرِيمُ، سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ العَرْشِ العَظِيمِ، وَالْحَمْدُ للهِ رَبِّ العَالَمِينَ. اَسْاَلُكَ مُوْجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَائِمِ مَغْفِرَتِكَ وَالْعِصْمَةَ مِنْ كُلِّ ذَنْبٍ وَالْغَنِيْمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ وَالسَّلاَمَةَ مِنْ كُلِّ اِثْمٍ ، اَللَّهُمَّ لاَتَدَعْ لَنَا ذَنْباً اِلاَّ غَفَّرْتَهُ وَلاَ هَمّاً اِلاَّ فَرَّجْتَهُ وَلاَ حَاجَةً هِيَ لَكَ رِضاً اِلاَّ فَرَّجْتَهَا يَا اَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ**﴾.

تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ تولىمۇ ھەلىمدۇر، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ بارچە نوقسانلاردىن پاكتۇر. ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى، مەغپىرىتىڭگە مۇيەسسەر قىلىدىغان تەۋبىنى، مېنى ھەر قانداق گۇناھتىن ساقلىشىڭنى، پۈتۈن ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرىشىڭنى ۋە ھەرقانداق يامانلىقتىن ئامان قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، بارلىق قىيىنچىلىقلىرىمنى ھەل قىلىپ بەرگىن ۋە سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىشىم ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغان ھەر قانداق ھاجەتلىرىمنى راۋا قىلىپ بەرگىن. ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى بولغان ئاللاھ!».

ئاندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئائىت خالىغان ھاجەتلىرىنى سورايدۇ»[(1)].

## 4 ـ ئەۋۋابىين نامىزى

ئەۋۋابىين — ئاللاھ تائالا تەرەپكە تەۋبە بىلەن قايتقۇچىلار دېگەنلىكتۇر. ئەۋۋابىين نامىزى شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. سانى ئالتە رەكئەت بولۇپ، ئالتە رەكئەتتە بىرلا سالام بېرىپ ياكى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىردىن سالام بېرىپمۇ ئوقۇش مۇمكىن. قۇرئان كەرىمدە: ﴿**فَإِنَّهُ كَانَ لِلأَوَّابِينَ غَفُورًا**﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» دەيدۇ[(2)].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »كىمكى شام نامىزىدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ خۇددى دېڭىزنىڭ كۆپىكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ

---

(1) تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

مەغپىرەت قىلىنىدۇ[1].

## 5ـ تەسبىھ نامىزى

تەسبىھ نامىزىنىڭ بۇيرۇلغان ياكى بۇيرۇلمىغانلىقى ھەققىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىختىلاپلاشقان. ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەبلىرىدە تەسبىھ نامىزى بۇيرۇلغان نامازلار قاتارىدىن سانىلىدۇ ۋە ئوقۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەمما مالىكى ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىدە بۇ ناماز رەت قىلىنىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىمۇ بۇ نامازنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ ئىختىلاپنىڭ تۈپ سەۋەبى تەسبىھ نامىزىنىڭ بۇيرۇلغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس بىرلىككە كېلىنگەن ئىشەنچلىك ھەدىسلەر قاتارىدىن سانالمىغانلىقى ئىدى. مەن تەسبىھ نامىزىنىمۇ نەپلە نامازلار قاتارىدا بايان قىلىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.

تۆت رەكئەتلىك بۇ نامازنى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپمۇ، 4 رەكئەتنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم سالام بېرىپمۇ ئوقۇشقا بولىدۇ. ھەر بىر رەكئەتتە.« **سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَا اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ اَكْبَرْ**» دېگەن تەسبىھ 75 قېتىمدىن ئوقۇلۇپ، 4 رەكئەتتە جەمى 300قېتىم ئوقۇلىدۇ.

سوئال: تەسبىھ نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيتى قانداق ۋە دەلىلى نېمە؟
جاۋاب: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما(ئاللاھ بۇ ئىككىسىدىن رازى بولغاي)دىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن:«ئى تاغا! مەن سىزگە ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، كىچىك ۋە چوڭ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان پۈتۈن گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنىدىغان ئون خىسلەتنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇنى سىزگە بېرەيمۇ؟ ئۇنداق بولسا، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇڭ. ئۇنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسى بىلەن يەنە بىردىن سۈرە ئوقۇڭ.« **سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَا اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ اَكْبَرْ**» نى بىرىنچى رەكئەتتە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، رۇكۇغا بېرىشتىن ئاۋۋال 15قېتىم، رۇكۇدا 10قېتىم، رۇكۇدىن تۇرغاندا ئۆرە تۇرۇپ 10 قېتىم، بىرىنچى سەجدىدە 10 قېتىم، سەجدىدىن تۇرغاندا 10 قېتىم، ئىككىنچى سەجدىدە 10 قېتىم، ئىككىنچى سەجدىدىن تۇرغاندا يەنە 10 قېتىم ئوقۇڭ. شۇنداق قىلىپ ھەر بىر رەكئەتتە 75 قېتىمدىن ئوقۇپ، 4 رەكئەتلىك نامازنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق قىلىسىز. كۈچىڭىز يەتسە بۇ نامازنى ھەر كۈنى ئوقۇڭ.

---

(1) تىرمىزى، ئىبنى ماجە، تەبەرانىي رىۋايىتى.

كۈنـدە ئوقۇيالمـسىڭىز ھەر جۈمە كۈنـىدە بىـر قېـتىم، مۇنـداق قىلالمـسىڭىز ئايـدا بىـر قېـتىم، ئۇنىمـۇ قىلالمـسىڭىز، يىلـدا بىـر قېـتىم، ئۇنىمـۇ قىلالمـسىڭىز ئـۆمرىڭىز ئىچىـدە بىـر قېـتىم ئوقۇڭ»[1]

## تەسبىھ نامىزى ھەققىدىكى بەزى مەسىلىلەر

1ـ تەسـبىھ نـامىزىنى ئوقـۇش ھەنەپـى مەزھـىبىگە كـۆرە، مۇسـتەھەبتۇر. ئوقۇسا سـاۋاب بولىـدۇ. ئوقۇمىسا گۇنـاھ بولمايـدۇ. چـۈنكى سـۈننەتنى تەرك ئېـيىش گۇنـاھ بولمىغـان يەردە، مۇســتەھەب ئىــشلارنى تەرك ئېيىــشتە گۇنــاھ بولمايــدىغانلىقى ناھــايىتى ئېنىقتــۇر. مۇستەھەبنىڭ مەرتىبىسى سۈننەتتىن تۆۋەندۇر.

2ـ تەســبىھ نامىزىنىــڭ رۇكــۇ ۋە ســەجدىلىرىدە ئــاۋۋال رۇكــۇ ۋە ســەجدىلەردە ئوقۇلىدىغان ﴿**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيْم**﴾ (سۇبھانە رەببىيەل ئەزىيم) ۋە ﴿ **سُبْحَانَ رَبِّـيَ اْلاَعْلـى** ﴾(سۇبھانە رەببىيەل ئەلا) دېگەن تەسبىھلەردىن كېيىن ﴿ **سُبْحَانَ اللَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَلَـا اِلـهَ إِلَّا اللهُ وَاللهُ اَكْبَرْ**﴾ دىگەن تەسبىھ ئوقۇلىدۇ.

3ـ تەسـبىھ نامىزىـدا سـەجدە سـەھۋىنى كېـرەك قىلىـدىغان خاتـالىقنى سـادىر قىلغـان كىـشى سـەجدە سـەھۋىدە بـۇ تەسـبىھلەرنى قايتـا ئوقۇمايـدۇ. چـۈنكى 300قېـتىم ئوقۇلـۇپ بولغان ئىكەن، سان تولۇقلانغان بولىدۇ. يەنە ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

4ـ تەسبىھ نـامىزى ئوقـۇش جەريانـىدا تەسـبىھ ئوقۇشـنى ئۇنتـۇپ ئۆتـۈپ كەتـكەن كىـشى ئۇنىڭغـا ئەڭ يــېقىن بولغــان كېيىنكــى ئورۇنــدا ئوقۇۋەتــسە بولىــدۇ. مەســىلەن: بىرىنچــى سـەجدىدە تەسـبىھ ئېيتىـشنى تەرك قىلغـان كىـشى ئىككىنچـى سـەجدىدە قوشـۇپ ئوقۇسـا بولىــدۇ. ئەممــا رۇكــۇدا ئېيتىلمــاي قالغــان تەســبىھ رۇكــۇدىن تۇرغانــدا ئەمەس، بەلكــى بىرىنچــى ســەجدىدە، شــۇنىڭدەك، بىرىنچــى ســەجدىدە ئوقۇلمــاي قالغــان تەســبىھ ئىككــى ســەجدە ئوتتۇرىــسىدىكى ئولتۇرۇشــتا ئەمەس، بەلكــى ئىككىنچــى ســەجدىدە ئوقۇلىــدۇ. بــۇ يۇقىرىقى ئىككى ئارىلىقنىڭ قىسقا بولغانلىقى سەۋەبتىن ئىدى.

5ـ تەســبىھلەرنى كۆڭۈلــدە ســاناش ئىمكــانىيىتى بولــسا، قــول بىــلەن ســانىمىغان ياخشى[2].

---

(1) ئەبـۇداۋۇد، ئىبنـى مـاجە، تىرمىـزىلەر رىـۋايەت قىلغـان، ئىبنـى خـۇزەيمە «سـەھىھ»ھەدىـسلەر قاتارىـدا توپلىغـان ھەدىس

(2) رد المحتار 2ـ توم 27ـبەت.

# جنازە نامىزى

مۇلاھىزە:

ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم، مەيلى ئۇ ھاياتىدا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن تەقۋادار بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتتىن بىغەم، غەپلەت ئىچىدە ئۆتكەن ئاسىي ـ گۇناھكار بەندە بولسۇن، ئۇ ئۆلگەن ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ چوقۇم ئىسلامى يوسۇندا دەپنە قىلىنىشىنى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ، ئۇنى مۇسۇلمانچە يەرلەشنى خالايدۇ.

مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، جىنازە نامىزىنى ئوقۇش، قەبرىگە ئېلىپ بېرىش، دەپنە قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىسلامىي قائىدە ـ يوسۇنلاردىن كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ خەۋىرى يوق. جىنازە نامىزىنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلارمۇ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ بارماقتا. بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش. چۈنكى كۈندىلىك بەش ۋاخ ناماز، جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىشكە بۇ نامازلارنى ئوقۇشنى خالىغانلار موھتاج. شۇڭا ناماز ئوقۇشنى خالىمىغانلار بۇ نامازلارنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيدۇ، ئۆگىنىشكىمۇ ئىنتىلمەيدۇ. ئەمما جىنازە نامىزى باشقىچە، جەمئىيەتتىكى «مەن مۇسۇلمانمەن» دەپ يۈرگەن ھەر قانداق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە باشقا سۆيۈملۈك، ئەزىز تۇغقانلىرىنى مۇسۇلمانچە قائىدە ـ يوسۇندا يەرلەشنى خالايدۇ.

چۈنكى بىر نەرسىسى ئۆلگەن كىشىنىڭ كۆڭلى سۇنىدۇ، ئۆلگەن كىشىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرەتكە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يوسۇندا بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مېيىتنى ئىسلامىي يوسۇندا يۇيۇپ كېپەنلەش، نامىزىنى ئوقۇش، قەبرىگە ئېلىپ بېرىش ۋە دەپنە قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشكە زور ئېھتىياجلىق بولىدۇ. خۇسۇسەن، غەيرى ئىسلامىي مەملىكەتلەردە باشايدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز، ئۇ مەملىكەتلەر ۋە جەمئىيەتلەردە مۇسۇلمانلار ئاز بولغانلىقتىن، ئۆلۈكلىرىنى ئىسلامىي يوسۇندا دەپنە قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشكە تېخىمۇ زور ئېھتىياجلىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن مەن جىنازە نامىزىنى ئىمكان قەدەر كېڭەيتىپ، چۈشىنىشلىك ۋە تەپسىلىي يېزىشقا ئەھمىيەت بەردىم.

## ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىتى

ئۆلۈم — جاننىڭ بەدەندىن ئايرىلىشى بولۇپ، ئۇ پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۆۋرۈك. بۇدۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقىدۇر. بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدا ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ۋە ھېساب بېرىشى ئاسان بولىدۇ. شۇنداقلا، جەننەتلەردە مەڭگۈ قالغۇچىلاردىن بولىدۇ. ئەمما ھاياتىنى كۇپرى، زالالەت ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولغۇچىلاردۇر.

ئۆلۈم — بىر ئالەمدىن يەنە بىر ئالەمگە يۆتكىلىش بولۇپ، ئۇ ھەرگىز مەڭگۈلۈك يوقىلىش ئەمەس.

## ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرۈش

ھەر ۋاقىت ئۆلۈمنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈش يولىدا تىرىشىش كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۆلۈمنى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈشكە تەشەببۇس قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۆلۈمنى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[1].

ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرۈش يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىش، گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش ۋە تائەت ـ ئىبادەتكە يۈزلىنىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿**فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا**﴾ تەرجىمىسى: «كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»[2].

## كېسەل يوقلاش

كېسەل يوقلاش كاتتا ساۋابلىق ئىش بولۇپ، جەمئىيەت كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ئىناقلىقنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر ئېسىل پەزىلەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈستىدىكى ھەققى ئالتە بولۇپ، ئۇلار: ئۇنىڭغا ئۇچراشقىنىڭدا سالام بېرىشىڭ، سېنى چاقىرسا ھازىر بولۇشىڭ، سەندىن نەسىھەت قىلىشىڭنى سورىسا نەسىھەت قىلىشىڭ،

(1) تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(2) كەھف سۈرىسى 110 ـ ئايەت.

تۇشكۇرسە «ئەلھەمدۇ لىللاھ»دېيىشىڭ، ئاغرىپ قالسا يوقلىشىڭ، ۋاپات بولسا جىنازىسىغا ھازىر بولىشىڭدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل يوقلىغاندا مۇنۇ دۇئانى يەتتە قېتىم ئوقۇيتتى: ﴿**أَسْــأَلُ اللهَ الْعَظِيْمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ أَنْ يَشْفِيْكَ**﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن سىزگە شىپالىق تىلەيمەن»[2].

## سەكەراتتىكى كىشىنىڭ تەۋبىسى ۋە ئىمانى

پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇرۇن ئىمان ئېيتماستىن سەكەراتقا چۈشكەندە ياكى ئۆلىدىغانلىقى ئۆزىگە شەكسىز ئايان بولغان ۋاقىتتا ئېيتقان ئىماننىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقىدا بىردەك ئىتتىپاقتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئاساسلانغان: ﴿**فَلَمْ يَكُ يَنفَعُهُمْ إِيمَانُهُمْ لَمَّا رَأَوْا بَأْسَنَا**﴾ تەرجىمىسى: «بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىماننىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى»[3].

بۇ ئايەتتىن، بۇرۇن ئىمان ئېيتماستىن جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قېلىپ ئۆلۈش ئالدىدا ئېيتقان ئىماننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئان كەرىم تۆۋەندىكى ئايەتلەردە، پىرئەۋننىڭ ھالاك بولغانلىق قىسسىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق جان ھەلقۇمغا يەتكەندە، ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئېيتقان ئىماننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى بىزگە بىلدۈرمەكتە. ﴿بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزىۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى. ئۇنىڭغا دېيىلدىكى)« (ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ. سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)». نۇرغۇن كىشىلەر،

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) تىرمىزىي ۋە ھاكىم رىۋايىتى.
(3) غافىر سۈرىسى 85 ـ ئايەت.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ئاساسەن، پىرئەۋننىڭ جەسىدىنى دېڭىزدىن چىقىرىپ ساقلاپ قالغان. بۇ جەسەد ئىنگىلىزلەر تەرىپىدىن مىسىرنىڭ سۇۋەيس قانىلى ئېچىلغاندا، «جەبەلەيىن» دېگەن جايدىن تېپىلىپ، ئەنگىلىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ جەسەتنىڭ ئۆمرىنى بىلىش ئۈچۈن، جەسەتلەرنىڭ ئۆمۈرلىرىنى بىلىشتە قوللىنىلىدىغان ھەرتۈرلۈك مېتودلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلغاننىڭ سىرتىدا، كاربون 14 مېتودىمۇ ئىشقا سېلىنغان. ئەجەپلىنەرلىككى، بۇ جەسەت 3000 يىللىق بولۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېرىسىلا چۈرۈگەن، ئەمما ئورگانلىرى بۇزۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇجەسەت مۇميا قىلىنمىغان ئىكەن. چۈنكى مۇميا قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچكى ئورگانلىرى جايىدا ئىدى. ھازىر بۇ جەسەت «لوندۇن تەبىئەت مۇزېيى»دا كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا. بۇ ۋەقەلىك قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقلىقىنى ۋە مۆجىزىلىرىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

مۇسۇلماننىڭ تەۋبىسىمۇ سەكەراتقا چۈشۈشتىن بۇرۇن بولىشى كېرەك. جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر؛ ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ جېنى ھەلقۇمغا كېلىپلا قالمىغان بولسا»[3].

ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرىشىچە، سەكەراتتىكى ياكى ئۆلىدىغانلىقى ئۆزىگە ئېنىق ئايان بولغان مۇسۇلمان كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

## بىراۋ سەكەراتقا چۈشكەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

بىراۋنىڭ سەكەراتقا چۈشكەنلىكى ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ بوشىشىپ سوزۇلىشى، دىمىقىنىڭ قىسىلىپ گەپ ـ سۆزىنىڭ تىترىشى ۋە ئىككى چېكىسىنىڭ قورۇلۇپ قېلىشىدىن بىلىنىدۇ.

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 90-92- ئايەتلەر.

(2) نىسا سۈرىسى 17ـ ئايەت.

(3) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببانلار رىۋايىتى.

سەكەراتقا چۈشكەن كىشى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئۇنى ئوڭ يېنىغا ياتقۇزۇش ۋە قىبلىگە قارىتىش

بىراۋ سەكەراتقا چۈشكەندە، ئۇ ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇلۇپ، يۈزى بىلەن كۆكسى قىبلە تەرەپكە قارىتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ھەرەم توغرۇلۇق: « تىرىك ۋە ئۆلۈك ھەممە ھالىتىڭلاردا ئۇ سىلەرنىڭ قىبلەڭلاردۇر» دېگەن[(1)].

يەرنىڭ تارلىقى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇنىڭ يۈزى بىلەن كۆكسىنى قىبلىگە يۈزلەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىغاندا، ئۇنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ، يۈزى بىلەن ئىككى پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىش يېتەرلىكتۇر. بۇنداق قىلىشمۇ قىيىن بولغاندا، ياتقان پېتى تەرك ئېتىلىدۇ.

2 ـ شاھادەت كەلىمىسىنى تەلقىن قىلىش

سەكەراتتىكى كىشىگە شاھادەت كەلىمىسى تەلقىن قىلىنىدۇ (ئوقۇتىلىدۇ). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھتىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوق« دېگەن كەلىمىنى تەلقىن قىلىڭلار»[(2)].

ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، ئىككى شاھادەت ـ ﴿لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللّـهُ مُحَمَّـدٌ رَسُولُ اللهِ﴾ (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسىدۇر) ـ تولۇق تەلقىن قىلىنىدۇ. چۈنكى بىرىنچى شاھادەت ئىككىنچى شاھادەتسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. شاھادەت كەلىمىلىرىنى تەلقىن قىلىشتا، سىلىقلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن قىلىنىدۇ، سەكەراتتىكى كىشىنى بىزار قىلماسلىق ئۈچۈن شاھائەتنى كۆپ تەكرارلاش ياكى ئۇنى ئېيتىشقا زورلاشقا بولمايدۇ. بىر قېتىملا ئوقۇتسا يېتەرلىكتۇر[(3)].

3 ـ ياسىن سۈرىسىنى ئوقۇش

سەكەراتتىكى كىشىنىڭ يېنىدا ياسىن سۈرىسىنى ئوقۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:«ئۆلۈكلىرىڭلارغا ياسىن سۈرىسىنى ئوقۇڭلار» دېگەن ھەدىسىغا ئاساسەن پۈتۈن فىقھشۇناسلار ۋە مەزھەپ پېشىۋالىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن مۇستەھەبتۇر. ھەنەفىي ۋە شافىئى مەزھەپلىرىنىڭ كېيىنكى پېشىۋالىرى سەكەراتتىكى

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(2) مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايىتى.

(3) اللباب شرح الكتاب 69 ـ بەت.

كىشىنىڭ يېنىدا، «رەئد» سۈرىسىنى ئوقۇشنىمۇ ئەۋزەل سانىغان[1].

4 ـ مېيىتنىڭ كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇش

سەكەراتتىكى كىشى جان ئۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمدۇرۇلىدۇ ۋە زاڭىقى تېڭىلىدۇ. بۇ ئەسنادا، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بويىچە ئىش كۆرىمىز. ﴿ئى ئاللاھ! بۇ مەرھۇمنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلغىن، كېيىنكى ئىشلىرىنىمۇ ئۇڭايلاشتۇرغىن، ئۇنى ساڭا ئۇچرىشىش بىلەن بەختلىك قىلغىن﴾ دەپ دۇئا قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. مېيىتنىڭ ئىككى قولى ئىككى تەرىپىگە قويۇپ بېرىلىدۇ. مېيىتنى دۈم ياتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

مېيىتنى يويۇپ بولغىچىلىك ئۇنىڭ يېنىدا قۇرئان ئوقۇش ۋە ھەيزدار ياكى تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ تۇرۇشى مەكرۇھ سانىلىدۇ[2].

## مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار

مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال ئالدىراپ قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ئۈچ بولۇپ، مېيىتنى يويۇپ كېپەنلەش، ئۇنىڭ قەرزلىرى بولسا تۆلەش، ۋەسىيەتلىرى بولسا ئورۇنلاشتۇر. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ مېيىتنى يويۇپ كېپەنلەپ نامىزىنى ئوقۇشقا ھازىرلاش ئىشلىرىنى كېچىكتۈرمەستىن، ئالدىراپ ئورۇنلاش ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ. بۇ جەسەدنىڭ بۇزۇلۇپ ياكى ئۆزگىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئىمام مالىك «مېيىتنى قەدىرلىگەنلىك ئۇنى قارارگاھىغا تېزرەك ئۇزۇتۇپ قويۇشتۇر»دېگەن.

2 ـ مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەش مېيىتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يېنىكلەشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىن كىشىنىڭ جېنى ئۇنىڭ قەرزىسى ئادا قىلمىغىچە شۇ قەرزىگە باغلاقلىقتۇر»[3].

بۇ قەرزنى تۆلەشكە يېتەرلىك پۇل ـ مېلى بار تۇرۇپ، ئۇنى تۆلىمەستىن ئۆلگەن كىشى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس بولۇپ، قەرزنى تۆلەشكە پۇلى يوقلىقىدىن ئۇنى تۆلىيەلمىگەن بولسىمۇ، قەرزنى تۆلەيمەن دېگەن نىيەتتە يۈرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە

(1) الفقه الإسلامي وأدلته 2 ـ توم 404 ـبەت.

(2) نور الايضاح ونجاة الارواح 39 ـ بەت.

(3) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايىتى.

كەلسەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ قەرزىدىن ئۆتىۋېتىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھەدىسلەر كەلگەن. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى قەرزدار بولۇپ، ئۇنى تۆلەش نىيىتىدە يۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى كەچۈرىدۇ ۋە قەرز ئىگىسىنى ئۆزى خالىغان نەرسە بىلەن رازى قىلىدۇ. كىمكى قەرزدار بولۇپ، ئۇنى تۆلەشنى كۆڭلىدە ئويلاپمۇ قويماستىن ئۆلگەن بولسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە، قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ(ساۋابى)دىن ئېلىپ بېرىدۇ»[1].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغان: « قەرز ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: قەرزىنى تۆلەش نىيىتىدە يۈرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قەرزىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا مەن كېپىلمەن، ئەمما قەرزىنى تۆلەشنى نىيەت قىلماستىن ئۆلگەن كىشىگە كەلسەك، دىنار ياكى دىرھەم ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىدە قەرز ئىگىسىگە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ»[2].

3 ـ مېيىتنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈش، مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى ئۈستىدىكى قەرزدۇر. مېيىتنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈشكە ئالدىراشنىڭ ھېكمىتى، ۋەسىيەت قىلىنغۇچىنىڭ ۋەسىيەت قىلىنغان نەرسىدىن تېزرەك پايدىلىنىشى ۋە مېيىتنىڭمۇ ۋەسىيەت قىلغان نەرسىسىنىڭ ساۋابىغا تېزرەك ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر[3].

## مېيىتنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى

مېيىتنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە قېرىنداشلىرى، شۇنداقلا ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلىرى ئۈستىدە تۆت ھەققى بولىدۇ. بۇ تۆت ھەقنى ئادا قىلىش مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى ئۈچۈن پەرزدۇر. بۇ ھەقلەرنىڭ بىرىنچىسى، مېيىتنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ نامىزىنى ئوقۇش، ئىككىنچىسى، مېيىتنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈش، ئۈچىنچىسى، جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش، تۆتىنچى مېيىتنى دەپنە قىلىشتۇر.

مېيىت ئەگەر يۇيۇلماستىن ياكى كېپەنلەنمەستىن دەپنە قىلىنغان بولسا، قەبرىنى ئېچىپ مېيىتنى چىقىرىپ كېرەكلىك ئىشلارنى تولۇقلاپ ئاندىن قايتا دەپنە قىلىش لازىم.

مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى، شۇنداقلا ۋارىسلار ئۈستىدىكى مېيىتقا

---

(1) تەبەرانىي رىۋايىتى.
(2) تەبەرانىي رىۋايىتى.
(3) الدر المختار 1 ـ توم 795 ـ بەت، فتح القدير 1 ـ توم 446 ـ بەت، مراقي الفلاح 94 ـ بەت، بداية المجتهد 1 ـ توم 218 ـ بەت.

مۇناسىۋەتلىك پەرزلەرنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

### بىرىنچى پەرز: مېيىتنى يۇيۇش

مېيىتنـــى يۇيـــۇش پەرز كىفـــايە ئەمەللىرىـــدىن بولـــۇپ، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالام تۆگىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەن بىر ئادەم توغرۇلۇق: « ئـۇنى سۇ ۋە سىدىر بىـلەن يۇيۇڭلار، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى كىيىمى بىلەن كېپەنلەڭلار» دەپ بۇيرىغان[1].

سىدىر ـ ئەرەبچە «نەبەق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى سوپۇنغا ئوخشاش كىر ئېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۆتمۈشلەردە سىدىر سوپۇن ئورنىدا قوللىنىلاتتى.

### مېيىتنى يۇغۇچىلار ھەققىدىكى مەسىلىلەر

مېيىتنى يۇيۇشتا، ھەر جىنس ئۆز جىنسىنى، يەنى ئەر مېيىتنى ئەر كىشى، ئايال مېيىتنى ئايال كىشى يۇيىدۇ. ھەتتا بىرەر ئەر مېيىتنى يۇيۇش ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان ئايال كىشى بىلەن بىر كاپىر ئەر كىشىدىن باشقا ھېچكىم بولمىغاندا، بۇ ئەر مېيىتنى يۇيۇش ئۈچۈن كاپىر ئەركىشى مۇسۇلمان ئايال كىشىدىن ھەقلىقتۇر. چۈنكى ئۇ ئەر. شۇنداقلا، ئايال مېيىتنى يۇيۇش ئۈچۈن ئاياللار شۇ مېيىتنىڭ ئېرىدىن ھەقلىقتۇر. بۇ پۈتۈن مەزھەپلەر بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن مەسىلىدۇر.

ئەمدى، ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىنى يۇسا بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ مەسىلىدە، فىقھشۇناسلار ئىختىلاپلاشقان. ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، ئەرنىڭ ئايالىنى يۇيۇشى ۋە تۇتۇشى جائىز ئەمەس. چۈنكى ئايالنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ ئاجرىغان بولىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئېرى ئايالى ئۈچۈن يات كىشىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. مەلۇمكى، يات بىر ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى بولمىغان بىرسىنىڭ بەدىنىنى تۇتۇشى جائىز بولمىغان يەردە، ئۇنى يۇيۇشى تېخىمۇ جائىز ئەمەس.

ئەمما ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىنى يۇيۇشى جائىزدۇر. چۈنكى بۇ ئايال گەرچە ئېرى ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭ نىكاھىدىن ئاجرىغان بولسىمۇ، ئىددىتى توشمىغىچە شۇ ئەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۆت ئاي 10 كۈن توشمىغىچە تۇرمۇشقا چىقالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئايالنىڭ ئېرىنى يۇيۇشى جائىز. ھەتتا تالاق رەجئى(ئايالنى شۇ تالاقنىڭ ئىددىتى تۆشمىغان مۇددەت ئىچىدە قايتا نىكاھ

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئوقۇماستىن قايتۇرۇپ ئالغىلى بولىدىغان تالاق) بىلەن تالاق قىلىنغان ئاياللىرىمۇ، ئېرىنى يۇيۇشى جائىز دېيىلگەن.

ئەمما بالاغەتكە يەتمىگەن باللارنى ئەر ـ ئايال قانداقلا كىشىنىڭ يۇيۇشى مۇتلەق جائىزدۇر[1].

ئەمما باشقا كۆپچىلىك مەزھەپلەرگە كۆرە، ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىرى ئۆلگەندە، بىرىنىڭ يەنە بىرىنى يۇيۇشى جائىزدۇر. لېكىن مېيىتنىڭ بەدىنىنى قول بىلەن بىۋاستە تۇتماستىن، لۆڭگە ياكى پەلەي بىلەن تۇتۇشى لازىم. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندا، ئۇنى ئېرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇغانلىقى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئايالىغا ئۆزىنى يۇيۇشى ھەققىدە ۋەسىيەت قىلغانلىقى ۋە ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[2].

## مېيىتنى يۇيۇشنىڭ ئۇسۇلى

مېيىتنى يۇيۇشتىن ئاۋۋال، مېيىت تۇپتۈز ئۇستەل ئۈستىدە ئۆلگەن پېتى ياتقۇزۇلۇپ، ئەۋرەت ئەزالىرى يۆرگىلىدۇ ۋە كىيىمى چىقىرىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئېغىز، بۇرنىنى چايقىماستىن تاھارەت ئالدۇرۇپ بولۇپ، بەدىنى سىدىر دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن قاينىتىپ سوۋۇتۇلغان سۇ ياكى پاكىز تەبىئىي سۇ بىلەن سوپۇنلاپ يۇيۇلىدۇ. ئەمما بالاغەتكە يەتمىگەن باللار تاھارەت ئالدۇرۇلمايدۇ.

مېيىتنى يۇيۇش جۇنۇپ كىشىنىڭ غۇسلى قىلغىنىغا ئوخشاش بىر غۇسلى بولغانلىقى ئۈچۈن، مېيىتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى بىر قېتىمدىن يۇيۇش بىلەن پەرز ئادا بولىدۇ. ئەمما ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش مۇستەھەبتۇر. ئەگەر مېيىت ئۈچ قېتىم يۇيۇش بىلەنمۇ پاكىزلانمىسا، بەش قېتىم ياكى يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بولىدۇ.

مېيىتنى يۇيۇشتا، ئالدى بىلەن بېشى يۇيۇلىدۇ. ئاندىن مېيىتنى ئاۋۋال سول تەرىپىگە ياتقۇزۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپى پاكىز يۇيۇلىدۇ، ئاندىن ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇپ تۇرۇپ سول تەرىپى پاكىز يۇيۇلىدۇ. مېيىتنىڭ سول ۋە ئوڭ تەرەپلىرىنىڭ ئۇستەلگە تېگىپ تۇرغان يەرلىرىگىمۇ سۇنى تولۇق يەتكۈزۈپ پاكىز يۇيۇلىدۇ. ئاندىن مېيىتنى ئولتۇرغۇزۇپ قورسىقىنى يۇمشاق سىلاپ يۇيۇلىدۇ. بۇ ئىچىدە چىقىدىغان نەرسىلەر بولسا چىقىپ كېتىشى ۋە يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن كېپەننىڭ بۇلغانماسلىقى ئۈچۈن ئىدى.

---

(1) الدر المختار1 ـ توم 800 ـ بەت، تحفة الفقهاء 81 ـ بەت.

(2) الفقه الإسلامي وادلته 2 ـ توم 408 ـ 409 ـ بەتلەر.

يۇيـۇش جەريانـدا، مېيتنىـڭ تەرەت جايـدىن بىـر نەرسـە چىقىـپ كەتـسە، شـۇ جـايىنىلا يۇيـۇپ پاكىزىلەشـكە تـوغرا كېلىـدۇ، ئەممـا يۇيۇشـنى باشـتىن قايتـا باشـلاش ھاجەتـسىز. مېيتنىــڭ بەدىنىــدە سـۇ تەگمىــگەن بىرمـۇ جـاي قالماسـلىقى شـەرتتۇر. مېيــت يۇيۇلـۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىـڭ جىمى بەدىنى پـاكىز ماتېرىيـال بىـلەن سـۈرتۈلىدۇ. ئانـدىن كـافۇر يـاكى باشـقا خۇشـپۇراقلىق ئەتـىرلەردىن مېيتنىــڭ بېـشىدىن باشـلاپ پۈتـۈن بەدىـنىگە، خۇسۇســەن پېشانىــسى، ئىككـى قـولى، ئىككـى تىـزى ۋە ئىككـى پۇتىنىــڭ بارماقلىرىغـا چېچىلىـدۇ، ئانـدىن كېـپەنگە ئېلىنىـدۇ. كېپەنگىمـۇ خۇشـپۇراق چېچىلىـدۇ. بىـراق مېيتنىـڭ چاچ ـ ساقىلى تارالمايدۇ ۋە قىسقارتىلمايدۇ، شۇنداقلا، تىرناقلىرىمۇ ئېلىنمايدۇ.

ئىمام ئەزەمـگە كـۆرە، ئۆلـۈك تۇغۇلغـان بـوۋاقنى يۇيـۇش ھاجەتـسىز. ئەممـا ئەبـۇ يۇسـۇفكە كـۆرە، يۇيۇلىـدۇ ۋە ئىـسمى قويۇلىـدۇ، ئانـدىن دەپـنە قىلىنىـدۇ. ئەبـۇ يۇسـۇفنىڭ بـۇ قارىـشى كـۈچكە ئىـگە. ئەممـا تىرىـك تۇغۇلغانــدىن كېيىــنلا ئۆلـۈپ كەتــكەن بـوۋاقنى يۇيۇشــنىڭ لازىملىقىــدا ھەمــمە بىــردەك ئىتتىپــاقتۇر. بــۇ ئىنــسان بالىــسىنىڭ ئۇلـۇغلىقى ۋە ھـۆرمىتى ئۈچۈن ئىدى[1].

## مېيتنى يۇيۇشنىڭ شەرتلىرى

مېيتنى يۇيۇشنىڭ شەرتلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ مېيتنىــڭ مۇسـۇلمان بولىـشى. چـۈنكى مۇسـۇلمان بولمىغـان بىراۋنـى يۇيـۇش لازىـم ئەمەس.

2 ـ مېيتنىــڭ جەسـىدىنىڭ كـۆپرەك قىـسمى يـاكى بېشى بىـلەن يېرىمـى ھـازىر بولىـشى. ئەگەر مېيتنىــڭ جەســىدىنىڭ يېرىمىــدىن كـۆپرەك قىــسمى بولمىــسا، ئـۇنى يۇيـۇش لازىــم ئەمەس.

3 ـ مېيتنىــڭ شـېھىد بولماسـلىقى شـەرتتۇر. ئەگەر مېيــت ئـاللاھ يولىـدا غـازات قىلىـپ شـېھىد بولغـانلاردىن بولـسا، ئـۇ يۇيۇلمايـدۇ، كېپەنلەنمەيـدۇ، نـامىزى ئوقۇلـۇپ ئـۆز كىيىمـى بىــلەن دەپــنە قىلىنىــدۇ. ئەممــا كۆپچىلىــك مەزھەپــلەرگە كــۆرە، شــېھىدنىڭ نــامىزىمۇ ئوقۇلمايدۇ[2].

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 39 ـ بەت، اللباب شرح الكتاب 69 ـ بەت.

(2) الدر المختار 1 ـ توم 800 ـ بەت.

## ئىككىنچى پەرز مېيىتنى كېپەنلەش

مېيىتنى كېپەنلەش مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى ئۈستىدىكى مېيىت ھەققى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن پەرز كىفايىدۇر.

مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىش ۋە دەپنە قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ پۈتۈن چىقىمى مېيىتنىڭ تەركىسى (قالدۇرغان مال - دۇنياسى)دىن تەمىن ئېتىلىدۇ. مېيىتنىڭ بۇ چىقىملىرى ئۇنىڭ قەرزى ۋە ۋەسىيەتلىرىدىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، يەنى ئالدى بىلەن مېيىتنىڭ بۇ چىقىملىرىغا پۇل سەرپ قىلىنىدۇ.

ئەگەر مېيىتنىڭ ھېچقانداق مال - دۇنياسى بولمىسا، بۇ چىقىملار ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلارغا يۈكلىنىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ بۇ چىقىملىرىنى كۆتۈرىدىغان ھېچقانداق ۋارىسى بولمىغان شارائىتتا، ئۇنىڭ مەزكۇر چىقىملىرى مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئىسلام دۆلىتىدە بولسا، بەيتۇل مال(دۆلەت خەزىنىسى)دىن بېرىلىدۇ[1].

## كېپەننىڭ ئۆلچىمى

كېپەن ـ ئۆلگەن كىشنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كىيگۈزىلىدىغان مەخسۇس ئۆلۈم كىيىمدۇر.

ئەر مېيىتنىڭ كېپىنى «ئىزار»، «قەمىس»ۋە «لىفافە» دىن ئىبارەت ئۈچ پارچىدىن تەركىپ تاپىدۇ. تۆۋەندە بۇلارنىڭ تەرىپلىرى ۋە ئۆلچىمى:

(1) «ئىزار» مېيىتنىڭ چوققىسىدىن تارتىپ ئىككى پۇتىغا يەتكىچىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى ئىشتان دېمەكتۇر.

(2) «قەمىس» مېيىتنىڭ بوينىدىن ئىككى پۇتىغا يەتكىچىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى كۆڭلەك دېمەكتۇر.

(3) «لىفافە» مېيىتنىڭ بېشى بىلەن ئىككى پۇتىنى تولۇق يۆگەپ تۈرگىچىلىك مىقداردا ئۇزۇن ۋە كەڭ يۆگەنجە دېمەكتۇر. «ئىزار» بىلەن«قەمىس» كە يانچۇق ياكى تۈگمە بېكىتىلمەيدۇ.

ئايال مېيىتنىڭ كېپىنى 5 پارچىدىن تەركىب بولىدۇ. ئۇلار:«ئىزار»، «قەمىس»، «ياغلىق»، «خىرقە» ۋە «لىفافە»دىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ تەرىپلىرى ۋە ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە:

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 40 ـ بەت، تحفة الفقهاء 81 ـ بەت.

ئايال مېيىتقا كيىدۈرۈلىدىغان «ئىزار» بىلەن «قەمىس» ۋە ئايال مېيىتنى يۆرگەيدىغان «لىفافە»نىڭ ئۆلچىمى ئەر مېيىتنىڭ «ئىزار»ى بىلەن «قەمىس»ى ۋە «لىفافە»سىگە ئوخشاش بولىدۇ.

«ياغلىق» ئايال مېيىتنىڭ يۈزى بىلەن بېشىنى يۆگەپ تۇرالايدىغان ئۆلچەمدىكى كەڭرەك ياغلىقتۇر.

«خىرقە» ئايال مېيىتنىڭ ئىككى ئەمچىكىنىڭ يۇقىرىسىدىن كىندىكىنىڭ ئاستىغىچە بولغان ئورگىنىغا كيىدۈرۈلىدىغان ئۇزۇن ۋە كەڭرەك خالتىدۇر.

زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بۇ بىر تال كىيىم بىلەن كېپەنلەش ئارقىلىق كېپەنلەش پەرزى ئادا بولىدۇ. چۈنكى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد بولغىنىدا، تولۇق كېپەنلىك تېپىلمىغانلىقتىن، ئۇ بىر تال كىيىم بىلەنلا كېپەنلەنگەن. بۇ ۋەقەلىكنى كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان[1].

كېپەنلىك ئۈچۈن پاختىدىن ئىشلەنگەن ئاق ماتېرىيال ئىشلىتىش ئەۋزەل سانالغان. ئەر مېيىت ئۈچۈن يىپەكتىن ئىشلەنگەن ياكى زەپەر ئۈچۈرۈلگەن ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش جائىز ئەمەس. ئەمما ئايال مېيىت ئۈچۈن ھەر ئىككىسى جائىزدۇر. بىراق ئەر ۋە ئايال ھەر قانداق بىر مېيىتنى ئالتۇن ياكى كۈمۈش يىپتا توقۇلغان ماتېرىياللاردا كېپەنلەشكە بولمايدۇ.

مېيىتنى كېپەنلەشتىن ئاۋۋال كېپەننى سەندەل ياكى باشقا خۇشپۇراقلىق نەرسىلەر بىلەن ئىسرىقلاش مۇستەھەبتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش، يېقىمسىز ھىدلارنى يوق قىلىدۇ ۋە مېيىتنى قەدىرلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ[2].

## كېپەنلەش ئۇسۇلى

ئەر مېيىتنى كېپەنلەشتە، ئاۋۋال «لىفافە» يېيىپ سېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىزار» سېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا «قەمىس» كيىگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئاستىغا سېلىنغان «ئىزار» بىلەن يۆگىلىدۇ. يۆگەش مېيىتنىڭ سول يېنىدىن باشلىنىپ ئوڭ يېنىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئاندىن «لىفافە» بىلەن ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىدىن باشلاپ ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچلىرىغىچە تولۇق يۆگىلىدۇ. «لىفافە» مېيىتنىڭ باش تەرىپى بىلەن ئاياق تەرىپىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ. جەسەدنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن قورقۇلسا

---

(1) «نەيلۇل ئەۋتار» 4 ـ توم 36 ـ بەت.

(2) اللباب شرح الكتاب 71 ـ بەت، رد المحتار 1 ـ توم 806 ـ 810 ـ بەتلەر، بداية المجتهد 224 ـ بەت.

كېپەنىنىڭ ئۈستىدىن باغلاپ قويسا بولىدۇ. مېيىتنىڭ بېشىغا سەللە ئوراش مەكرۇھ سانىلىدۇ.

ئايال مېيىتنى كېپەنلەشتە، ئاۋۋال «لىفافە» يېيىپ سېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىزار» سېلىنىدۇ، ئاندىن ئايال مېيىت بۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا «قەمىس» كىيگۈزۈلىدۇ، ئاندىن بېشىغا «ياغلىق» تېڭىلىدۇ، ئاندىن «خىرقە» كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن كۆكسىگە كىيگۈزۈلىدۇ، چېچى ئىككى بوغۇم قىلىپ ئۆرۈلگەن ھالدا كۆكسىگە(كۆڭلەك ئۈستىگە) قويۇلىدۇ، ئاندىن «ئىزار» بىلەن يۆگىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن «لىفافە» بىلەن يۆگىلىدۇ[1].

## ئۈچىنچى پەرز مېيىتنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇش

جىنازە نامىزى ـ مېيىت ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا دېمەكتۇر.

## جىنازە نامىزىنىڭ ھۆكمى

شېھىد بولمىغان مېيىتنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇش مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى ئۈچۈن مېيىتنىڭ ھەققى ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز كىفايىدۇر.

پەرز كىفايە ـ مۇسۇلمانلار جامائەسىدىن بەزىلەر ئادا قىلسا باشقىلاردىن ئۇنى ئادا قىلمىغانلىقىنىڭ جاۋابكارلىقى ساقىت بولىدىغان پەرز دېمەكتۇر. بىرەر ئادەم ئادا قىلسىمۇ باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ. بىر مەھەللىدە بىرەر مۇسۇلماننىڭ جىنازە نامىزنى بىرەر كىشىمۇ ئوقۇمىسا، شۇ مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلار جامائەسى ۋە ئۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدۇ[2].

## جىنازە نامىزىنىڭ ئىماملىقىغا ھەقلىق كىشىلەر

مېيىتنىڭ جىنازا نامىزىنى شۇ شەھەردىكى چوڭ جامىينىڭ ئىمامى (خاتىبى)ئوقۇيدۇ. ئۇ بولمىغاندا، شۇ مەھەللىدىكى مەسجىدنىڭ ئىمامى ئوقۇيدۇ. ئىمام كەلمىسە مېيىتنىڭ ئىگىلىرى يەنى ئاتىسى ياكى ئوغلى ياكى تاغىسىدىن بىرەرسى ئىمام بولۇپ جىنازە نامىزنى ئوقۇيدۇ. ئىماملىققا ئەڭ لاياقەتلىك بولغان كىشىدىن بۇرۇن جىنازە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغان بولسا، بۇ نامازنى قايتا ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئىماملىققا ھەقلىق بولغان

---

(1) اللباب شرح الكتاب 72 ـ بەت، تحفة الفقهاء 82 ـ بەت، رد المحتار 1 ـ توم 806 ـ 810 ـ بەتلەر، بداية المجتهد 224 ـ بەت.

(2) الدر المختار 1 ـ توم 811 ـ 814 ـ بەتلەر، مراقي الفلاح 98 ـ بەت.

سالاھىيەتلىك ئىمام مېيىتنىڭ ئۆزىنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇشقا ۋەسىيەت قىلغان ھەر قانداق كىشىدىن ئەۋزەلدۇر. مېيىت ئەگەر نامىزى ئوقۇلماستىن دەپنە قىلىنغان بولسا، مېيىت چىرىمىگەن ھالەتتىلا بولسا قەبرىسىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ جىنازە نامىزىنى ئوقۇش جائىزدۇر. مېيىت يۇيۇلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئوقۇلغان ناماز دۇرۇستۇر[1].

## جىنازە نامىزى ئوقۇلمايدىغان كىشىلەر

كاپىرلارنىڭ، مۇناپىقلارنىڭ، جىنايەت ئۈستىدە ئۆلگەن قاراقچىلارنىڭ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئادالەتلىك ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىش يولىدا ئۆلگەنلەرنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ جىنازە نامىزى ئوقۇلمايدۇ. چۈنكى جىنازە نامىزى مېيىتقا قىلىنىدىغان دۇئا بولغاچقا، يۇقىرىقىلار دۇئاغا لايىق ئەمەس. ئەمما ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان مۇسۇلمان كىشىنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ قىلىقى سەۋەبلىك قاتتىق گۇناھكار بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئۇنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ[2].

## جىنازە نامىزىنىڭ شەرتلىرى

جىنازە نامىزىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ مېيىتنىڭ مۇسۇلمان بولىشى،

2 ـ مېيىتنىڭ تىرىك تۇغۇلغان بىرى بولىشى. ئۆلۈك تۇغۇلغان ياكى ۋاقتى كۈنى توشۇشتىن بۇرۇن چۈشۈپ كەتكەن بالىنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

3 ـ مېيىتنىڭ يۇيۇپ تازىلانغان ۋە كېپەنگە ئېلىنغان بولىشى،

4 ـ مېيىتنىڭ قىبلىگە قارىتىلىپ جامائەت ئالدىدا ھازىر قىلىنىشى،

5 ـ مېيىتنىڭ جەسىدىنىڭ تولۇق ھازىر قىلىنىشى ياكى جەسەدىنىڭ كۆپرەك قىسمى، ھېچ بولمىغاندا بېشى بىلەن يېرىم بەدىنى ھازىر قىلىنىشى،

6 ـ مېيىتنىڭ قاتناش قۇراللىرى ياكى كىشىلەرنىڭ مۈرىسىدە بولماسلىقى، بەلكى يەرگە قويۇلىشى شەرتتۇر. مېيىتنى قاتناش ياكى كىشىلەرنىڭ مۈرىسىدە قويۇپ تۇرۇپ

---

(1) تحفة الفقهاء 83 ـ بەت.

(2) الدر المختار1 ـ توم 814 ـ بەت، تحفة الفقهاء 83 ـ بەت.

ئوقۇلغان ناماز ئادا بولمايدۇ[1].

## جىنازە نامىزىنىڭ پەرزلىرى

جىنازە نامىزىنىڭ پەرزلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ تەكبىرلەرنى ئېلىش(يەنى تۆت تەكبىر ئېيتىش). تۆت تەكبىرنىڭ ھەر بىرى بىر رەكئەت نامازنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

2 ـ قىيام (ئۆرە تۇرۇش).

## جىنازە نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى

1 ـ ئىمامنىڭ مېيىت مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇدۇللىنىپ تۇرىشى،

2 ـ بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن سانا ﴿ **سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ** ﴾(سۇبھانەكەللاھۇممە...)ئوقۇش.

3 ـ ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿**اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَىَ... اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى..**﴾ ئاللاھۇممە سەللى ئەلا.. ئاللاھۇممە ۋە بارىك ئەلا...) ئوقۇش.

4 ـ ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن، مېيىتقا ۋە پۈتۈن مۆمىنلەرگە دۇئا قىلىش[2].

## ئەر جىنازىسىنىڭ نىيىتى

«ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا شۇ مەرھۇمنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇشقا»دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

## ئايال جىنازىسىنىڭ نىيىتى

«ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا شۇ مەرھۇمەنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇشقا»دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

## ئوغۇل بالا جىنازىسىنىڭ نىيىتى

«ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا شۇ سەبىينىڭ جىنازە نامىزىنى

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 40 ـ بەت، الدر المختار1 ـ توم 811 ـ بەت.

(2) الدر المختار 1 ـ توم 814 ـ بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 41 ـ بەت.

ئوقۇشقا»دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

## قىز بالا جىنازىسىنىڭ نىيىتى

«ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا شۇ سەبىيەنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇشقا» دەپ نىيەت قىلىنىدۇ.

## جىنازە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش كەيپىيتى

جىنازە نامىزى ئۆرە تۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك ئوقۇلىدۇ: ئالدى بىلەن «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا، شۇ مەرھۇمنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇشقا»دەپ نىيەت قىلىنىدۇ (بۇ نىيەت ئەر مېيىت ئۈچۈندۇر). ئاندىن ئىمام بىلەن بىرلىكتە ﴿الله أكبر﴾ (ئاللاھۇ ئەكبەر) دەپ بىرىنچى تەكبىر ئېيتىلىدۇ. قوللار خۇددى باشقا نامازلاردىكىدەك ئىككى قولاقنىڭ يۇمشىقىغا قەدەر كۆتۈرۈلىدۇ. ئاندىن كىندىكنىڭ ئاستىدا تۇتۇلىدۇ ۋە «سانا» ئوقۇلىدۇ. سانا ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىمام بىلەن بىرلىكتە قوللارنى قۇلاقلارغا ئاپارماستىن، ئىككىنچى تەكبىر ئېيتىلىدۇ ۋە «ئاللاھۇمە سەللى ۋە بارىك»دۇرۇدلىرى ئوقۇلىدۇ. ئاندىن يەنە ئىمام بىلەن بىرلىكتە ئىككىنچى تەكبىردىكىدەك ئۈچىنچى تەكبىر ئېيتىلىپ مېيىتقا دۇئا قىلىنىدۇ. ئاندىن تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن ئىمام بىلەن بىرلىكتە ئىككى تەرەپكە سالام بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناماز ئاخىرلىشىدۇ.

ئەگەر ئىمام خاتالىشىپ بەشىنچى تەكبىرنى ئېيتسا، جامائەت ئېيتمايدۇ، بەلكى ئىمامنىڭ سالام بېرىشىنى كۈتىدۇ.

جىنازە نامىزى ئۈچۈن مۇئەييەن بىر دۇئانى ئوقۇش شەرت ئەمەس. ھەركىم ئۆز تىلىدا، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە دۇئا قىلسا بولىدۇ. جىنازە نامىزىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان تۆۋەندىكى دۇئالاردىن قايسىبىرىنى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر:

**1 اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ وَعَافِه. وَاعْفُ عَنْهُ. وَأَكْرِمْ نُزُلَهُ. وَوَسِّعْ مُدْخَلَهُ. وَاغْسِلْهُ بِالْمَاءِ وَالثَّلْجِ وَالْبَرَد، وَنَقِّه مِنَ الْخَطَايَا كَمَا نَقَّيْتَ الثَّوْبَ الأَبْيَضَ مِنَ الدَّنَسِ. وَأَبْدِلْهُ دَاراً خَيْراً مِنْ دَارِه. وَأَهْلاً خَيْراً مِنْ أَهْلِه وَزَوْجَاً خَيْراً مِنْ زَوْجِه. وَأَدْخِلْهُ الْجَنَّةَ وَأَعِذْهُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ عَذَابِ النَّارِ.**

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئۇنىڭغا ئامانلىق ئاتا قىلغىن، ئۇنى كەچۈرگىن، ئۇنىڭ قارارگاھىنى ياخشى قىلغىن، قەبرىسىنى كەڭ قىلغىن، ئاق كىيىمنى كىرلەردىن پاكلىغىنىڭدەك، ئۇنى سۇ، قار ۋە مۇز بىلەن يۇيۇپ، خاتالىقلىرىدىن پاكلىغىن. ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئۆيىدىن ياخشىراق قارار گاھ،

ئائىلىسىدىن ياخشىراق ئائىلە ۋە جۈپتىسىدىن ياخشىراق جۈپ ئاتا قىلغىن. ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، ئۇنى قەبرە ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1].

2 ـ **اَللَّهُمَّ اغْفِرِ لِحَيِّنَا وَمَيِّتِنَا، وشَاهِدِنَا وغَائِبِنَا، وصَغِيْرِنَا وَكَبِيْرِنَا، وذَكَرِنَا وأُنْثَانَا، اَللَّهُمَّ مَنْ أَحْيَيْتَهُ مِنَّا فَأَحْيِهِ عَلَى الْإِسْلامِ ، وَمَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فَتَوفَّهِ عَلَى الْإِيْمَانِ**.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ تىرىكلىرىمىزگە، ئۆلۈكلىرىمىزگە، بۇ نامازغا كەلگەن ۋە كەلمىگەن پۈتۈن دىنداشلىرىمىزغا، كىچىكلىرىمىزگە، چوڭلىرىمىزغا، ئەرلىرىمىزگە، ئاياللىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزدىن كىمنىكى ھايات قالدۇرساڭ ئۇنى ئىسلام بىلەن ياشاتقىن، بىزدىن كىمنىكى ۋاپات قىلدۇرساڭ ئۇنى ئىمان بىلەن ۋاپات قىلدۇرغىن»[2].

يۇقىرىقى دۇئالارنىڭ ئەرەبچە تېكىستىنى بىلمىگەنلەر ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ.

ئەمما يۇقىرىقى دۇئالارنى بىلمىگەنلەر مۇنۇ دۇئالارنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ: ﴿**رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ**﴾ يەنى «ئى ئاللاھ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» ياكى ﴿**رَبَّنَا لاَ تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ**﴾ يەنى « پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن«. ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ بەزى پېشۋالىرى بۇ دۇئالارنى ئوقۇشنى ئەۋزەل سانايدۇ.

نارىسىدە باللار بىلەن ساراڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەشكە ھاجەت يوقتۇر. چۈنكى بۇلار گۇناھسىزلاردۇر. ئۇلارنىڭ جىنازە نامازلىرىدا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر: ﴿**اَللَّهُمَّ اجْعَلْهُ لَنَا فَرْطاً وَذُخْراً وَشَفِّعْهُ فِيْنَا**﴾يەنى « ئى ئاللاھ! بۇ مەرھۇم يۈزىسىدىن بىزگە ساۋاب ئاتا قىلغىن، ئۇنى بىز ئۈچۈن شاپائەت قىلدۇرغىن»[3].

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) الدر المختار 1 ـ توم 814 ـ 816 ـ بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 41 ـ بەت، فتح القدير 1 ـ توم 459 ـ بەت، عون المعبود 8 ـ توم 496 ـ بەت.

## جىنازىلەرنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى

بىردىن ئارتۇق جىنازە ھازىر بولغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىرلا قېتىم جىنازە ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلىقىدا، ئەمما ھەر بىر جىنازىغا ئايرىم ـ ئايرىم ناماز ئوقۇشنىڭ، شۇنداقلا، ئەۋزەل كىشىنىڭ نامىزىنى ئاۋۋال ئوقۇش تەرتىپى بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ ئەۋزەللىكىدە پۈتۈن فىقھىشۇناسلار ۋە مەزھەپ پېشۋالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى كۆپ جىنازىلەرنىڭ نامازلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئوقۇش ساۋابىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە نامازنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ياخشىدۇر.

كۆپ جىنازە ھازىر بولغاندا، جىنازىلار توغرىسىغا تىزىلىدۇ، ئىمام ئەڭ ئەۋزەل جىنازىنىڭ كۆكسىگە ئۇدۇللىنىپ تۇرۇپ نامازنى باشلىسىمۇ ياكى جىنازىلەرنى قىبلىگە قارىتىپ ئۇزۇنىسىغا تىزىپ، ئىمام ھەر بىرىنىڭ كۆكسىگە ئۇدۇللىنىپ تۇرۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىمامنىڭ ئالدىغا، ئاۋۋال ئەرلەرنىڭ جىنازىسى، ئاندىن باللارنىڭ، ئاندىن ئاياللارنىڭ جىنازىسى تىزىلىدۇ. الدر المختار 1 - توم 821 - 822 - بەت، مراقي الفلاح 99 - بەت].

## جىنازە نامىزى قاچان ئوقۇلىدۇ؟

جىنازا نامىزىنى ناماز ئوقۇش مەنئى قىلىنمىغان ۋاقىتلارنىڭ سىرتىدا قايسىبىر ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىدۇ.

ناماز ئوقۇش مەكرۇھ سانالغان بەش ۋاقىتتا جىنازە نامىزى ئوقۇش مەكرۇھ تەھرىمىدۇر. بۇ ۋاقىتلار:

1 ـ قۇياش چىقىۋاتقان ۋاقىت.

2 ـ بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن چىقىپ بولغىچىلىك ئارىلىقتىكى ۋاقىت.

3 ـ قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن چۈش ۋاقتى.

4 ـ ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن پاتقىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت.

5 ـ كۈن پېتىۋاتقان ۋاقىت.

يۇقىرىقى بەش ۋاقىتتىن باشقا قانداقلا ۋاقىتتا جىنازە نامىزى ئوقۇش مۇتلەق جائىزدۇر[1].

---

(1) اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 136 ـ بەت.

## جىنازە نامىزى نەدە ئوقۇلىدۇ؟

جىنازە نامىزى كەڭرى مەيدانلاردا ئوقۇلىدۇ. جىنازە نامىزىنى مەسجىدنىڭ ئىچىدە ئوقۇش مەكرۇھتۇر. جىنازە مەيلى مەسجىدنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىلگەن بولسۇن، ياكى سىرتىدا قويۇلغان بولسۇن، جىنازە نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇش ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە مەكرۇھ تەھرىمى(ھارامغا يېقىن مەكرۇھ)، مالىكىي مەزھىبىگە كۆرە مەكرۇھ تەنزىھىدۇر. ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىگە كۆرە جائىزدۇر.

ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ جىنازە نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇش مەكرۇھ دېگەنلىكىنىڭ دەلىلى شۇكى، مەسجىدلەر بەش ۋاخ نامازلار، جۇمە ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش، دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆگىنىش ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان ئورۇنلار بولغانلىقتىن، بۇ ئورۇنلاردا جىنازە نامىزىنى ئوقۇش مەسجىدنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا مەسجىدنىڭ پاكلىقى ۋە پاكىزلىقىغا تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بار.

شۇنداقلا جىنازە نامىزىنى قەبرىستانلىقلاردا ئوقۇشمۇ مەكرۇھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قەبرىستانلىق بىلەن مۇنچىدىن باشقا زېمىننىڭ ھەممە يېرى مەسجىدتۇر(يەنى ناماز ئوقۇشقا سالاھىيەتلىكتۇر)» [1].

بۇ ھەدىس، ھەر قانداق نامازنى قەبرىستانلىقتا ۋە مۇنچىدا ئوقۇشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ[2].

## مېيىتنى يۆتكەش مەسىلىسى

مېيىتنى ۋاپات بولغان مەھەللىنىڭ مازىرىغا دەپنە قىلىش ياخشىدۇر (مۇستەھەپتۇر). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇھۇد غازىتىدا شېھىد بولغانلارنى مەدىنىنىڭ قەبرىستانلىقى شۇنچە يېقىن تۇرسىمۇ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ كەلمىگەن، بەلكى ئۆزلىرى شېھىد بولغان جايدا دەپنە قىلىشقا ئەمر قىلغان ۋە شۇنداق قىلىنغان.

ئەگەر مېيىتنى باشقا جايغا يۆتكىمەكچى بولغاندا، ئۇنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن يۆتكىسە بولىدۇ. يۆتكىگەندىمۇ بىر مىل (قۇرۇقلۇقتا 1609، دېڭىزدا 1852مېتىر)دىن ئىككى مىلغىچىلىك مۇساپىگە يۆتكىسە بولىدۇ. (بۇرۇنقى زامانلاردا، توڭلاتقۇ بولمىغانلىقتىن، مېيىتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ شەرت

---

(1) تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.
(2) الدر المختار1 ـ توم 829 ـ بەت، فتح القدير 1 ـ توم 463 ـ بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 42 ـ بەت.

بەلگىلەنگەن بولىشى ئېھتىمال. ئەمما ھازىرقى زاماندا، مېيىتنى دۇنيانىڭ قايسىبىر يېرىگە، ھەتتا ئۇزۇن مۇساپىلەرگىچە يۆتكەشكە بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى زامانىمىزدا مېيىتنى ساقلايدىغان مەخسۇس توڭلاتقۇلار بار). ئەمما شافىئىي مەزھىبىگە كۆرە مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن يېرىدىن باشقا شەھەرگە يۆتكەش ھارام دېيىلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى، مېيىتنى دەپنە قىلىش ئىشىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىدىن ئىدى.

بىراق مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى باشقا مازارغا يۆتكەش جائىز ئەمەس. ئىسلام پېشۋالىرى بۇ مەسىلىگە بىردەك ھارام دەپ قارايدۇ. ئەگەر دەپنە قىلىنغان جاي باشقىلارنىڭ تەييارلاپ قويغان يەرلىكى بولغان بولسا ياكى ھەقسىز ئېلىۋېلىنغان يەر بولسا، بۇ ھالەتتە ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ ھەققىنى تۆلەپ، ئۇنى رازى قىلىدۇ. مېيىت قەبرىدىن چىقىرىلمايدۇ[1].

مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئالدىراش

جىنازىنى يۈگۈرمەستىن، تېزرەك يەرلىككە ئېلىپ بېرىشقا ئالدىراش مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مېيىتنى يەرلەشكە ئالدىراڭلار، ئەگەر ئۇ ياخشىلاردىن بولسا، ساۋابىغا تېزرەك ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەكسىچە بولسا، مۈرەڭلەردىكى يامان بىر نەرسىدىن تېزرەك قۇتۇلغان بولىسىلەر»[2].

جىنازىنى كۆتۈرۈش

جىنازىنى كۆتۈرۈش پۈتۈن فىقھىشۇناسلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن پەرز كىفايىدۇ. چۈنكى جىنازىنى كۆتۈرۈش ئىبادەت، ياخشىلىق ۋە مېيىتنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر.

جىنازىنى كۆتۈرۈش ئۇسۇلى

مېيىت يۇيۇپ كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جىنازا ئىچىگە سېلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ. جىنازىنى تۆت كىشىنىڭ كۆتۈرۈشى سۈننەت بولغىنىدەك، مەزكۇر تۆت كىشىنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كۆتۈرۈشى ياخشىدۇر.

ئورۇن ئالماشتۇرۇش مۇنداق بولىدۇ: جىنازىنى كۆتۈرگۈچى جىنازىنىڭ باش قىسمىنىڭ سول تەرىپىنى ئوڭ مۈرىسىگە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن بۇ ئورۇننى باشقىسىغا

---

(1) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 43 ـ بەت.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بىرىپ، جىنازىنىڭ ئاياق قىسمىنىڭ سول تەرىپىنى يەنە ئوڭ مۈرىسىگە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن بۇ ئورۇننى باشقىسىغا بېرىپ، جىنازىنىڭ باش قىسمىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى سول مۈرىسى ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. ئاندىن يەنە بۇ ئورۇننى باشقىسىغا بېرىپ، جىنازىنىڭ ئاياق قىسمىنىڭ سول تەرىپىنى ئوڭ مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. ئورۇن ئالمىشىش ئاز دېگەندە ھەر بىر 10 قەدەمدىن كېيىن بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىنازىنى شۇ تەرىقىدە كۆتۈرۈشنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «كىمكى جىنازىنى كۆتۈرمەكچى بولسا، ئۇنىڭ (ئالمىشىش تەرتىپى بويىچە)ھەممە تەرىپىنى كۆتۈرسۇن، چۈنكى مۇنداق قىلىش سۈننەتتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن خالىسا داۋاملاشتۇرسۇن، خالىسا كۆتۈرۈشنى باشقىلارغا بەرسۇن»[1].

جىنازىنى يۇقىرىقى تەرىقىدە كۆتۈرۈش مېيىتنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىق ۋە ساۋابنىڭ كۆپرەك بولىشى ئۈچۈن ۋەسىلىدۇر[2].

## تۆتىنچى پەرز مېيىتنى دەپنە قىلىش

مېيىتنى دەپنە قىلىش پەرز كىفايىدۇر. ئادەم بالىسىنى دەپنە قىلىش ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن بىر دىنىي يوسۇندۇر. بۇ ئادەم بالىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿**أَلَمْ نَجْعَلِ الْأَرْضَ كِفَاتًا أَحْيَاءً وَأَمْوَاتًا**﴾ يەنى«زېمىننى بىز تىرىكلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟» دېيىش ئارقىلىق زېمىننى تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقىتلىق قارارگاھى قىلىپ بەرگەنلىك نېمىتىنى بىزگە يادلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئۆلگەنلەرنى يەرلەشنىڭ دىنىي قائىدە ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلىغان[3].

مېيىتنى جان ئۈزگىنىدىن كېيىنلا دەرھال يۇيۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى ئوقۇپ دەپنە قىلىشقا ئالدىراشنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى توغرۇلۇق پۈتۈن فىقھىشۇناسلار بىردەك ئىتتىپاقتۇر[4].

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 42 ـ بەت، اللباب شرح الكتاب 1 ـ توم 72 ـ بەت.

(3) مۇرسەلات سۈرىسى 25 ـ 26 ـ ئايەتلەر.

(4) رد المحتار 1 ـ توم 833 ـ بەت.

## مېيت نەدە دەپنە قىلىنىدۇ؟

مېيىتنى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىدە بارچە مەزھەپلەر ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى مەدىنىدىكى »بەقىئ«قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلاتتى. مېيىتنى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىشنىڭ پايدىسى كۆپتۇر. چۈنكى قەبرىستانلىقتا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قەبرىلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسگە دۇئا قىلغانلىقتىن، ھەر قانداق مۇسۇلمان مېيىت بۇ دۇئالاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ. قەبرىستانلىقلار ھۆرمەت قىلىنىدىغان جايلار بولغانلىقتىن، مېيىتنىڭ جەسىدى خورلانمايدۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىلمايدۇ.

مېيىتنى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىش ئەۋزەل بولغاندەك، ئۆيلەرگە دەپنە قىلىشمۇ جائىزدۇر. بىراق مۇنداق قىلىش پەيغەمبەرلەرگە خاس خۇسۇسىيەت بولغانلىقتىن، باشقىلار ئۈچۈن مەكرۇھ سانىلىدۇ.

مېيىتنى ئادەتتىكى قەبرىستانلىقلارغا دەپنە قىلغاندىن كۆرە، سالىھلار، شېھىدلار ۋە ئۆلىمالار دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىقلارغا دەپنە قىلىش ئەۋزەلدۇر. «ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشنى سورىغان ۋە بۇ تەلىپى ئورۇندالغان»[1].

بىراۋ دېڭىز سەپىرىدە بولۇپ، پاراخوت ياكى كېمە ئىچىدە ئۆلگەن بولسا، ئۇ يۇيۇلۇپ كېپەنگە ئېلىنىدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلىدۇ. ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن قۇرۇقلۇققا بىر ياكى ئىككى كۈندە يېتىپ بارغىلى بولسا ۋە مېيىتنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىگە ئىشەنچ بولسا قۇرۇقلۇققا يېتىپ بارغۇچىلىك مېيىتنى دەپنە قىلىش ئىشى كېچىكتۈرۈلسە بولىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇق يىراق بولۇپ، مېيىتنى بۇزۇلۇشتىن ساقلايدىغان تو‍ڭلاتقۇمۇ بولمىغاندا، كېپەننى ياخشى باغلاپ، ئاندىن ئۇنى تاۋۇتقا سېلىپ دېڭىزغا قويۇپ بەرسە بولىدۇ. دېڭىزغا قويۇپ بېرىشتە مېيىت قىبلىگە قارىتىلغان ۋە ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇلغان ھالدا قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇمەسىلىدە پۈتۈن فىقھشۇناسلار بىردەك ئىتتىپاقتۇر[2].

## قەبرىنىڭ ئۆلچىمى

قەبرىنى نورمال بويلۇق ئادەمنىڭ كۆكسىگە كەلگىچىلىك چوڭقۇرلۇقتا، مېيىتنىڭ

(1) ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

(2) الدر المختار 1 ـ توم 836 ـ بەت، المغني 2 ـ توم 500 ـ بەت، القوانين الفقهية 96 ـ بەت.

باش ئايىغى ئازادە تۇرغىچىلىك ئۇزۇنلۇقتا ۋە مېيىتنىڭ بويىنىڭ يېرىمىغىچىلىك كەڭلىكتە كولاش كۇپايىدۇر. بۇنىڭ بىلەن پەرز ئادا بولىدۇ. بۇ مىقداردىن تېخىمۇ چوڭقۇرراق، ئۇزۇنراق ۋە كەڭرەك كولاش ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد شېھىدلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى قازغۇچىلارغا: »قەبرىلەرنى كەڭ ۋە چوڭقۇر كولاڭلار«دەپ كۆرسەتكەن[1].

كولانغان قەبرىنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ قىبلە تەرىپىگە لەھەد كولىنىدۇ. لەھەدنىڭ ئۆلچىمى مېيىت سىغقۇچىلىك ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىنى يېپىپ تۇرغۇچىلىك بولىدۇ[2].

## مېيىتنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلى

جىنازە قەبرىنىڭ قىبلە تەرىپىدە قويۇلىدۇ. مېيىتنى لەھەدكە ئېلىپ كىرىشتە قىبلە تەرەپتىن ئېلىپ كىرىلىدۇ. مېيىت لەھەدكە كىرگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇلغان ھالدا يۈزى بىلەن كۆكسى قىبلىگە قارىتىلىدۇ ۋە كېپەننى باغلىغان يىپلار يېشىۋېتىلىدۇ. مېيىتنىڭ ئوڭدىسىغا يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە خام قىشلاردىن ياكى تۇپراقتىن يۆلەك قويۇلىدۇ. ئايال مېيىتنى لەھەدكە ئېلىپ كىرىشتە ئۆزىنىڭ ئېرى ياكى مەھرەم (نىكاھى باغلانمايدىغان)تۇغقانلىرىدىن بىرى كۆتۈرىدۇ. مېيىتنى لەھەدكە قويغان كىشى ئۇنى قويۇشتا:﴿ **بِسْمِ اللهِ وَعَلَى سُنَّةِ رَسُوْلِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ**﴾ يەنى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بويىچە..»دەيدۇ[3].

ئاندىن لەھەدنىڭ ئېغىزى خام قىشلار بىلەن تاقىلىدۇ. ئوتتا پۇشۇرۇلغان كىرپىشلارنى ۋە ياغاچلارنى ئىشلىتىش مەكرۇھتۇر. لەھەدنىڭ ئېغىزى تاقىلىپ بولۇپ، قەبرىنى كۆمۈشتىن ئاۋۋال، جامائەتنىڭ مېيىتنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئايىغىچە قولى بىلەن ئۈچ قېتىم تۇپراق چېچىشى سۈننەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنازە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مېيىتنىڭ قەبرە بېشىغا كەلدى، ئاندىن ئۇنىڭ باش تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم تۇپراق چاچتى»[4].

مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جامائەتنىڭ مېيىتقا دۇئا قىلىشى ۋە ئۇنىڭ

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 42 ـ بەت.
(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(4) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلىشى مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، «قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتىڭلار، ئۇنىڭغا ئىماندا مۇستەھكەملىك تىلەڭلار، ھازىر ئۇ سوراق قىلىنىۋاتىدۇ» دەيتتى[1].

## قەبرە قانچىلىك كۆتۈرۈلىدۇ؟

قەبرە پەقەت بىر غېرىچ (تەخمىنەن22.5 سانتىمېتىر) ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ قەبرە ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە تونۇپ دۇئا قىلىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بىر غېرىچ مىقداردا كۆتۈرۈلگەن»[2].

قەبرىلەرنى بىر غېرىچتىن ئېگىز كۆتۈرۈش ياكى قاتۇرۇش مەكرۇھ سانىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپ ئىش. ئەمما ئىمام ئەزەمگە كۆرە، زۆرۈرىيەت تېپىلسا، قەبرە ئۈستىگە خەت يېزىش جائىزدۇر. بىراق ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ يۇسۇف بۇنى راۋا كۆرمەيدۇ. اللباب شرح الكتاب 1 - توم 73 - بەت، تحفة الفقهاء 86 - بەت، نور الإيضاح ونجاة الأرواح 42 - بەت، الدر المختار 1 ـ توم 835 ـ 839 ـ بەتلەر].

## قەبرىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش

قەبرىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ۋە فىقھىشۇناسلارنىڭ قارارلىرى بىلەن مۇقەررەرلەشكەن بىر مەسىلە. قەبرىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئاياق ـ ئاستى قىلىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ قەبرە ئۈستىدە ناماز ئوقۇش، ئۇخلاش، تەرەت قىلىش، يېتىش ۋە ئارام ئېلىش نىيىتى بىلەن ئولتۇرۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇماڭلار»[3].

ئەمما مېيىتقا دۇئا قىلىش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن ئولتۇرۇش جائىزدۇر[4].

2 ـ مېيىتنىڭ سۆڭەكلىرى تېخى چىرىپ كەتمىگەن ھالەتتە بولسا، ئۇنى ئېچىشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېيىتنىڭ سۆكەكلىرىنى سۇندۇرۇش خۇددى ئۇنى

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(2) دار قۇتنى رىۋايىتى.
(3) مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 43 ـ بەت.

تىرىك تۇرغۇزۇپ سۇندۇرغانغا ئوخشاشتۇر» دېگەن[1].

3 ـ مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن يۆتكەش مۇتلەق جائىز ئەمەستۇر. بۇنىڭدا پۈتۈن فىقھشۇناسلار ئىتتىپاقتۇر.

4 ـ بىر قەبرىگە بىردىن ئارتۇق ئادەمنى دەپنە قىلىش ھەقىقىي زۆرۈرىيەت تېپىلغان چاغلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا قەتئىي جائىز ئەمەستۇر. بۇنىڭدىمۇ پۈتۈن فىقھشۇناسلار بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

5 ـ قەبرىستانلىقلارغا بېرىپ ئۆلۈكلەردىن مەدەت سوراش، پەرزەنت تىلەش، بەرىكەت تىلەش، كېسەللەرگە شىپالىق تىلەش قەتئىي توغرا ئەمەس. بۇ ئىمانغا دەخلى يېتىدىغان خەتەرلىك مەسىلە. بۇنىڭدىمۇ پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

## تاۋۇت ياكى ساندۇقتا دەپنە قىلىش

يەرلىكنىڭ قۇملۇق ياكى ئىنتايىن يۇمشاق جاي بولغانلىقتىن، لەھەدنىڭ بېسقۇېلىش ئېھتىمالى كۆرۈلۈپ زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا مېيىتنى تاۋۇت ياكى ساندۇق بىلەن دەپنە قىلىش جائىزدۇر. ھەتتا تۆمۈردىن ياكى تاشتىن ياسالغان تاۋۇت ياكى ساندۇققا سېلىپ دەپنە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئايال مېيىت ئۈچۈن مۇتلەق جائىزدۇر. بۇنداق قىلغاندا تاۋۇت ياكى ساندۇقنىڭ ئىچىگە تۇپراق چېچىپ مېيىتنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇش سۈننەتتۇر.

## قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئەرلەر ئۈچۈن مۇستەھەب ئىكەنلىكىدە پۈتۈن مەزھەپلەر بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش مەسىلىسىدە مەزھەپلەر ئىختىلاپلاشقان. ھەنەفىي مەزھىبى(بىزنىڭ مەزھىبىمىز)گە كۆرە، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئەر ۋە ئايال ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇستەھەبتۇر[2].

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلاتتى. ئىبنى ئەبۇ شەيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: »پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى بېشىدا ئۇھۇد شېھىدلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا باراتتى ۋە ئۇلارغا: ﴿**سَلَامٌ عَلَيْكُم بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ**

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) نور الإيضاح ونجاة الأرواح 43 ـبەت.

**عُقْبَى الــدَّارِ﴾** يەنـى« سـەبرنى دوسـت تۇتقـانلىقىڭلار ئۈچـۈن سـىلەرگە ئامـانلىق بولـسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!»دەيتتى[1].

پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالام مەدىنىـدىكى »بەقـى« قەبرىـستانلىقىنى هەر قېـتىم زىيـارەت قىلغىنىدا، ئۇلارغا مۇنداق دەپ دۇئـا قىلاتتـى: ﴿**السَّلاَمُ عَلَىٰ أَهْــلِ الــدِّيَارِ مِــنَ الْمُــؤْمِنِيْنَ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَيَرْحَمُ اللَّهُ الْمُسْتَقْدِمِيْنَ مِنَّا وَالْمُسْتَأْخِرِيْنَ. وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللَّهُ، بِكُــمْ لَلاَحِقُــونَ اَسْــأَلُ اللّٰهَ لَنَــا وَلَكُــمْ الْعَافِيَــةَ**﴾ يەنـى «ئاللاھنىـڭ ئامـانلىقى بـۇ جايـدا ياتقـان مـۆمىن مۇسـۇلمانلارغا بولـسۇن. بىـزدىن ۋاپـات بولغـانلار ۋە هايـات قالغانلارنىـڭ هەممىـسىگە ئـاللاھ رەھىم قىلغـاي. بىزمۇ خـۇدا خالىغـان ۋاقىتتـا ئەلبەتـتە سـىلەرگە قوشـۇلىمىز. ئـاللاھ تائـالادىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن»[2].

پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام مۇســۇلمانلارنى قەبرىلەرنــى زىيــارەت قىلىــشقا تەشــەببۇس قىلىـپ مۇنـداق دېـگەن: «سـىلەرنى قەبرىلەرنـى زىيـارەت قىلىـشتىن توسـقان ئىـدىم، ئەمـدى زىيارەت قىلىڭلار»[3].

قەبرىلەرنـى زىيـارەت قىلغانـدا ئـۆرە تـۇرۇپ دۇئـا قىلىـش سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالام «بەقـى» قەبرىـستانلىقىنى زىيـارەت قىلغىنىـدا ئـۆرە تـۇرۇپ دۇئـا قىلاتتـى. ئەمما ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىسمۇ گۇناھ بولمايدۇ.

قەبرىلەرنـى زىيـارەت قىلىـش ئۈچـۈن جـۈمە، شـەنبە، دۈشـەنبە ۋە پەيـشەنبە كـۈنلىرى ئەۋزەلدۇر.

## قۇرئان ئوقۇپ ساۋابىنى مېيىتقا ئاتاش

قۇرئان ئوقۇپ، سـەدىقە بېرىـپ، ئۇنىـڭ سـاۋابىنى مېيىتقا ئاتـاش، مېيىتنىـڭ گۇنـاهلىرى ئۈچـۈن ئـاللاھ تائـالادىن مەغپىـرەت تىـلەش ۋە ۋاكـالەت بىـلەن قىلغىلـى بولىـدىغان زاكاتقـا ئوخـشاش مـالىي ئىبـادەتلەرنى، هەجـگە ئوخـشاش بەدەنىـي ئىبـادەتلەرنى مېيىـت ئۈچـۈن ئـورۇنلاپ قويۇشـنىڭ جـائىزلىقى ۋە بـۇ ئەمەللەردىـن مېيىتنىـڭ مەنـپەئەت ئالالايدىغانلىقىـدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى هەممە بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

هەنەفىـي مەزهىــبىگە كــۆرە، قــارىيلارنى تەكلىــپ قىلىــپ قەبــرىلەردە قۇرئــان كەرىــم

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) مۇسلىم رىۋايىتى.

ئوقۇتۇشمۇ جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، بىراۋ ئۆزى ئورۇندىغان ناماز، روزا، زاكات، ھەج ۋە باشقا ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى باشقىسىغا ئاتىسا بولىدۇ ۋە بۇ ساۋاب ئۇنىڭ ئاتىغان كىشىسىگە يېتىدۇ. بۇنىڭدا بۇ ئىبادەتلەرنى قىلغۇچىنىڭ ئالىدىغان ساۋابىدىنمۇ ھېچ نەرسە كېمىيىپ كەتمەيدۇ. يەنى قىلغان ئەمەللىرىدىن ئۆزىمۇ تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ[1].

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «يا رەسۇلەللاھ! ئانام ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ئەگەر مەن ئانام ئۈچۈن سەدىقە قىلسام، ئۇنىڭ ساۋابى ئانامغا يېتەمدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھەئە، يېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: « يارەسۇلەللاھ! ئاتام ناھايىتى ياشىنىپ قالغانلىقتىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا چامى كەلمەيدۇ، مەن ئاتام ئۈچۈن ھەج قىلىپ قويسام بولامدۇ؟»دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قاراڭچۇ، ئەگەر ئاتىڭىزنىڭ گەردىنىدە قەرز بولغان بولسا، ئۇنى تۆلەيتتىڭىزمۇ؟»دەيدۇ، ھېلىقى ئايال: »ھەئە، ئەلۋەتتە تۆلەيتتىم» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ قەرزىنى تۆلەش ھەممىدىن مۇھىمدۇر»دەيدۇ[3].

«المغني»نىڭ مۇئەللىپى ئىبنى قۇدامە مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى ھەدىسلەر «سەھىھ» ھەدىسلەر بولۇپ، مېيىتنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قىلىنغان ھەر قانداق ئىبادەتلەردىن مەنپەئەتلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى روزا، دۇئا، ئىستىغفار ۋە ھەج قاتارلىقلار بەدەنىي ئىبادەتلەردىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىنى مېيىتقا يەتكۈزگەن يەردە، زاكات، سەدىقە ۋە خالىسانە ياردەم قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىمۇ مېيىتقا ئەلۋەتتە يېتىدۇ»[4].

## شېھىد ۋە ئۇنىڭغا خاس ئەھكاملار

شېھىد ـ ئاللاھ يولىدا غازات قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى دېمەكتۇر. شۇنداقلا، قاراقچىلار ياكى بۇلاڭچىلار ياكى ئوغرىلار تەرىپىدىن كېچىدە ياكى كۈندۈزدە ئۆز ئۆيىدە قاتتىق ياكى بىسلىق قانداقلا بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەممۇ شېھىد ھېسابلىنىدۇ.

---

(1) الدر المختار 1 ـ توم 844 ـ بەت، كشاف القناع 2 ـ توم 191 ـ بەت.

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(3) ئىمام ئەھمەد، نەسائىي راۋايىتى.

(4) المغني 2 ـ توم 566 ـ 570 ـ بەتلەر.

شېھىد ـ پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە گۇۋاھ بولۇپ، يېنىغا ھازىر بولغانلىقى ياكى جەننەتكە كىرىدىغانلىقى كاپالەتكە ئېلىنغانلىقى ياكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھايات ئىكەنلىكى سەۋەبلىك «شېھىد» دەپ ئاتالغان.

ھەنەفىي مەزھىبىدە، بىرۋانى شېھىد تەرىقىسىدە يەرلەشنىڭ شەرتى بەشتۇر. ئۇلار: ئۆلگۈچىنىڭ مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل بولۇشى، جىنابەتتىن پاك بولۇشى ۋە يارىلانغان ھامان ئۆلگەن بولۇشىدۇر. چەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن مۇسۇلمان كىشى مەيلى جانىنى ياكى مال ـ مۈلۈكىنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا ئۆلگەن بولسۇن، مەيلى ھۇجۇم ھارپىسىدا ئۆلگەن بولسۇن، مەيلى ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن، ئۇ شېھىدتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۇنىڭغا شېھىدقا خاس ئەھكاملار يۈرگۈزۈلىدۇ. ئەمما جەڭ مەيدانىدىن تىرىك چىقىپ كېتىپ كېيىن ئۆلگەن ياكى جۇنۇپلۇق ھالىتىدە شېھىد بولغان كىشىلەرگە ـ گەرچە ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە شېھىد سانالسىمۇ ـ دۇنيادا شېھىدقا خاس ئەھكاملار يۈرگۈزۈلمەيدۇ[1].

## شېھىدلار قانداق دەپنە قىلىنىدۇ؟

شېھىد بولغان كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىدا جۇنۇپلۇقتىن، ئايال بولسا ھەيز، نىفاستىن پاك بولغان بولسا، ئۇ يۇيۇلماستىن، قانلىرىمۇ سۈرتۈلمەستىن ئۆز كىيىمىگە ئوراپ تۇرۇپ نامىزى ئوقۇلىدۇ ۋە شۇ پېتى دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر جۇنۇپ ياكى ھەيزدار ياكى نىفاسدار بولسا، ئۇ يۇيۇلۇپ كېپەنگە ئېلىنىدۇ، ئاندىن نامىزى ئوقۇلۇپ دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەزەمنىڭ رەيى، ئەمما ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئەبۇ يۈسۈف بىلەن مۇھەممەد شېھىد جۇنۇپ ياكى ھەيزدار ياكى نىفاسدار بولسىمۇ يۇيۇلمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ مەسىلىدە ئىمام ئەزەمنىڭ رەيى كۈچكە ئىگىدۇر. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « ھەنزەلە شېھىد بولدى. ئۇنى پەرىشتىلەرنىڭ يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئايالىدىن سوراڭلار، ئۇ قانداق ھالەتتە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن»دەيدۇ. ساھابىلار ھەنزەلەنىڭ ئايالىدىن سورىغاندا، ئايال:« كېچە ھەنزەلە بىلەن بىر ياستۇقتا بولغان ئىدۇق. يۇيۇنۇشقا ئۈلگۈرەلمەستىن چىقىپ كەتكەن ئىدى»دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى پەرىشتىلەر يۇغان ئىكەندە»دەيدۇ[2].

(1) الدر المختار 1 ـ توم 848 ـبەت، مراقي الفلاح 103 ـ بەت.

(2) ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

شېھىدنىڭ قېنى يۇيۇلمايدۇ، كىيىمى چىقىرىلمايدۇ، نامىزى ئوقۇلۇپ شۇ پېتىچە دەپنە قىلىنىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئاياقلىرى، كەمەر، قورال ۋە باشقا كېپەنلىككە يارىمايدىغان نەرسىلىرى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئۈستىدىكى كىيىمى بەلگىلەنگەن كېپەنلىككە(يەنى كەفەنى سۈننەگە) يەتمىسە، قوشۇپ تولۇقلىنىدۇ. ئەگەر ئارتۇق بولسا ئارتۇقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شېھىدلارنى ئۆز قانلىرى بىلەن دەپنە قىلىڭلار»[2].

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد غازىتىدا شېھىد بولغانلارنىڭ جەسەدلىرىنى توپلىغاندا، شېھىدلاردىن قايسىسىنىڭ كۆپرەك قۇرئان يادلىغانلىرىنى سوراپ تېپىپ، ئاۋۋال شۇلارنى، ئاندىن باشقىلارنى ئۆز قانلىرى بىلەن يۇيۇماستىن دەپنە قىلىشقا بۇيرىدى ۋە ”مەن قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ شېھىدلىقىغا گۇۋاھ بولىمەن“ دىدى»[3].

---

(1) رد المحتار مع الدر المختار 2 ـ توم 250 ـ بەت.

(2) ئىمام شافىئىي، ئەھمەد، نەسائىي رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدىن ئۆرنەكلەر

ھۆرمەتلىك كىتابخان! نامازنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغاندەك ئوقۇشنى ئارمان قىلىدىغانلىقىڭىزدا شەك يوق. ئۇنداقتا، تۆۋەندىكىلەرنى ياخشى ئوقۇڭ ۋە ئۇبدان ئۆگىنىڭ. بۇنى ھازىرلاشتا، ماۋزۇلار ۋە ھەدىسلەرنى ھازىرقى زامان ھەدىسشۇناس ئالىم ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئالبانىينىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيتى»ناملىق ئەسىرىدىن ئەينەن تەرجىمە قىلىپ ئالدىم. فىقھىي مەسىلىلەرنى دوكتۇر ۋەھبە زۇھەيلىينىڭ «ئىسلام فىقھى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى» ناملىق ئەسىرىدىن ئالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى تۆۋەندىكىدەك ئوقۇيتتى:

## قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق نامازنى قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى ۋە باشقىلارنىمۇ قىبلىگە قاراپ ئوقۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ، ئاۋۋال تاھارەت ئالغىن، ئاندىن قىبلىگە قاراپ تەكبىر ئېيت»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە بولغىنىدا نەپلە ۋە ۋىتىر نامازلىرىنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇلاغنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئوقۇيتتى»[2].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدە پەرز نامازلارنى ئوقۇماقچى بولغىنىدا، ئۇلاغدىن چۈشۈپ قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ ئوقۇيتتى»[3].

## نامازغا باشلاش تەكبىرى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا باشلاشتا: ﴿الله أكبر﴾ دەپ تەكبىر ئېيتاتتى»[4]. ئۇ مۇنداق دېگەن: «كامىل تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن نامازنى ﴿الله أكبر﴾دەپ باشلىمىغىچە ھېچكىمنىڭ نامىزى تولۇق بولمايدۇ»[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەت، باشلىنىشى

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.

(4) مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(5) تەبەرانىي رىۋايىتى، «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.

تەكبىر ۋە ئاياقلىششى سالامدۇر»[1].

ئۇ يەنە مۇنداق دەيتتى: «ئىمام ﴿ الله أكبر﴾دەپ تەكبىر ئېيتقاندا سىلەرمۇ ﴿ الله أكبر ﴾ دەپ تەكبىر ئېيتىڭلار»[2].

## تەكبىردە قولنى كۆتۈرۈش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولنى گاھىدا تەكبىر بىلەن بىرگە، گاھىدا تەكبىردىن كېيىن ۋە گاھىدا تەكبىردىن بۇرۇن كۆتۈرەتتى»[3].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكبىردە ئىككى قولنى ئىككى مۈرىسىگە قەدەر، بەزىدە ئىككى قولىقىنىڭ يۇمشىقىغا قەدەر كۆتۈرەتتى»[4].

ئىككى قولنى كۆتۈرۈش ۋاقتى توغرۇلۇق فىقھىشۇناس ئالىملار ئىختىلاپلاشقان. ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، ئىككى قول تەكبىردىن ئاۋۋال كۆتۈرىلىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىشتا، ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنىڭ چوڭلۇقىنى رەت قىلىش ۋە پۈتۈن دۇنيالىق نەرسىلەرنى ئارقىسىدا تاشلاپ پەقەت ئاللاھقىلا يۈزلىنىش ئۆزئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مالىكى مەزھىبىگە كۆرە، ئىككى قول تەكبىر بىلەن بىرلىكتە كۆتۈرىلىدۇ.

ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىگە كۆرە، ئىككى قولنى كۆتۈرۈش ۋاقتى تەكبىر ئېيتىشتىن باشلاپ تەكبىر تۈگىگەنگە قەدەردۇر. تەكبىرنىڭ تۈگىشى بىلەن ئىككى قول چۈشۈرىلىدۇ.

ھەنەفىي، شافىئىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىگە كۆرە، تەكبىردە ئىككى قولنىڭ بارماقلىرىنى ئېچىش سۈننەتتۇر. ئەمما ھەنبەلىي مەزھىبىگە كۆرە، بارماقلارنى ئاچماستىن ئۇزۇنىسىغا سوزۇش سۈننەتتۇ[5].

### نامازغا باشلاش تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەردە ئىككى قولنى كۆتۈرۈش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا باشلاش تەكبىرىدىلا قولنى كۆتۈرەتتى، باشقا

---

(1) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ھاكىملار رىۋايىتى، «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.

(2) ئەھمەد ۋە بەيھەقى رىۋايىتى، «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.

(3) بۇخارى، نەسائىي ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(4) بۇخارى، نەسائىي ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(5) الفقه الإسلامي وأدلته 1 ـ توم 684 ـ 685 ـ بەتلەر.

تەكبىرلەردە بۇنى قايتىلىمايتتى»[1].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇم، ئۇلار بىرىنچى تەكبىردىن باشقا تەكبىرلەردە قوللىرىنى كۆتۈرمەيتتى»[2].

ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرى بۇ ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ نامازغا باشلاش تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەردە قولنى كۆتۈرۈش يوق، دەيدۇ. چۈنكى بۇ مەزھەپلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازغا كىرىش تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەردىمۇ قولنى كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى «سەھىھ» ھەدىسلەر يېتىپ كەلمىگەن ياكى كەلگەندىمۇ ئىشەنچلىك يول بىلەن كەلمىگەن بولۇشى ئېھتىمال.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا باشلىغىنىدا ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرەتتى، ئاندىن تەكبىر ئېيتاتتى، رۇكۇ قىلماقچى بولغىنىدا يەنە ئىككى قولىنى خۇددى ئاۋۋالقىدەك شەكىلدە كۆتۈرەتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگىنىدىمۇ ئىككى قولىنى شۇنداق كۆتۈرەتتى»[3].

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە، نامازغا باشلاش، رۇكۇغا بېرىش ۋە رۇكۇدىن تۇرۇشتا ئېيتىلىدىغان تەكبىرلەرنىڭ ھەممىسىدە قولنى كۆتۈرۈش سۈننەتتۇر. بۇلار يۇقىرىقى ھەدىستىن باشقا، 21 ساھابىدىن ئوخشاش ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلىنغان مۇتەۋاتىر («سەھىھ»تىنمۇ كۈچلۈك) ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ[4].

شافىئىي مەزھىبىدە، يەنە ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نامازلارنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىكى ئولتۇرۇشتىن تۇرۇشتىكى تەكبىردىمۇ ئىككى قولنى كۆتۈرۈش مۇستەھەبتۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا باشلىغىنىدا تەكبىر ئېيتىپ ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى، رۇكۇغا بېرىشتىمۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى، رۇكۇدىن تۇرۇشتا ﴿**سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ**﴾ دېگەندىمۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى، ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىنكى تۇرۇشتا يەنە ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى»[5].

---

(1) ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنى «ئۇيدۇرما ھەدىس»دەپ باھالىغان« نيل الأوطار » 2 ـ توم 176 ـ بەت.

(2) دار قۇتنى ۋە بەيھەقىي رىۋايىتى، «ئاجىز»دەپ باھالانغان ھەدىس، نصب الراية 1 ـ توم 394 ـ بەت.

(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس، « نيل الأوطار » ـ توم 179 ـ 182 ـ بەتلەر.

(4) النظم المتناثر من الحديث المتواتر 85 ـ بەتتىن.

(5) بۇخارى رىۋايىتى.

بۇ ئىختىلاپلار پەقەت شۇنداق قىلىشنىڭ ئەۋزەل ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدىكى ئىختىلاپلار بولۇپ، قىلغانلار قىلمىغانلارنى ۋە قىلمىغانلار قىلغانلارنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى تەرك ئەتكەن ئىش ناۋادا سۈننەت بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، سۈننەتنى تەرك ئېتىش ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئادا تېپىشىغا ياكى سۈپىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما ئەۋزەلنى قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

## ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرغىنىدا ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇراتتى»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ سول قولنى ئوڭ قولنىڭ ئۈستىدە قويغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئوڭ قولنى تارتىپ ئېلىپ سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى»[2].

## ئىككى قولنى كىندىك ئاستىدا ياكى كۆكسىدە تۇتۇش

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «نامازدا تۇرغاندا ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كىندىكنىڭ ئاستىدا تۇرۇش سۈننەتتۇر»[3].

ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرى بۇ ھەدىسقا ئاساسەن، نامازدا ئىككى قولنى كىندىكنىڭ ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش سۈننەت، دەپ قارار قىلغان.

ئەمما شافىئىي مەزھىبىدە ئىككى قولنى كۆكسىنىڭ ئاستى ۋە كىندىكنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇننىڭ سول تەرىپىدە تۇتۇش مۇستەھەبتۇر. چۈنكى بۇ ئورۇن يۈرەك جايلاشقا ئورۇن بولغانلىقتىن، ئىككى قولنى ئەڭ ھۆرمەتلىك جايدا تۇتقان بولىمىز، دېيدۇ. بۇلارنىڭ رەيىنى ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدا تۇرغىنىدا ئىككى قولنى كۆكسىدە تۇتقىنىنى كۆرگەن ئىدىم»[4].

نامازدا مەيلى ئىككى قولىمىزنى كىندىك ئاستىدا تۇتايلى، مەيلى كۆكسىمىزدە تۇتايلى،

(1) مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(2) ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، «سەھىھ»ھەدىس.

(3) ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، ئىمام نەۋەۋىي بۇ ھەدىسنى«غەرىب ھەدىس»دەپ باھالىغان، ئەلبانىي « صفة صلاة النبي » ناملىق ئەسىرىدە «ئاجىز»دەپ باھالىغان.

(4) ئىمام مۇسلىم، ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

مــۇھىم بــولغىنى ئــاللاھ تائالاغــا ئەڭ ئــالىي ئېھتىــرام بىلدۈرۈشــتۇر. بەلكــى بىــزلەرگە نىــسبەتەن، ئىككــى قــولىمىزنى كىنــدىكىمىز ئاســتىدا تۇتــۇپ تــۇرۇش ئەڭ ئــالى ئېھتىرامنــى ئىپادىلــشى مــۇمكىن. شــۇڭا بىــزدە بىراۋغــا ھــۆرمەت بىلــدۈرۈپ تۇرغــاننى «قــول بــاغلاپ تــۇردى»دەيــدۇ. قــول بــاغلاپ تــۇرۇش — ئىككــى قــولنى كىنــدىك ئاســتىدا تۇتــۇپ، باشــنى ســاڭگىلىتىپ تــۇرۇش دېگەنلىكتــۇر. مانــا بــۇ، نامــازدا ئەڭ ئۇبرازلــق ھالــدا ئىپادىــسىنى تاپىدۇ.

### سانا ئوقۇش

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام نامــازنى ئوخــشاش بولمىغــان كــۆپلىگەن دۇئــالار بىــلەن باشــلايتتى ۋە باشــقىلارنىمۇ شــۇنداق قىلىــشقا بــۇيرۇيتتى. ھەتتــا: «تەكبىــر ۋە ھەمــدۇ ســانا ئېيــتمىغىچە ۋە قۇرئانــدىن قــولاي بــولغىنىنى ئوقــۇمىغىچە ھېچكىمنىــڭ نــامىزى تولــۇق بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى[1].

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام بەزىــدە تۆۋەنــدىكىلەرنىڭ ھەممىــسىنى، بەزىــدە بىــر قىــسمىنى ۋە بەزىدە بىر ـ ئىككىسىنى ئوقۇيتتى:

1 ـ ﴿**اَللَّهُمَّ بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ، اَللَّهُمَّ نَقِّنِي مِنَ الْخَطَايَا كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الْاَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ، اَللَّهُمَّ اغْسِلْ خَطَايَايَ بِالْمَاءِ وَالثَّلْجِ وَالْبَــرَدِ.**﴾ تەرجىمىــسى: «ئــى ئــاللاھ! مېنــى خاتــالىقلاردىن خــۇددى مەشــرىق بىــلەن مەغرىپنىــڭ ئارىــسىنى يىــراق قىلغانــدەك يىــراق قىلغىــن. ئــى ئــاللاھ! خــۇددى ئــاق كــىيىم پاســكىنىلىقتىن تازىلىنىــپ پاكلانغانــدەك مېنــى خاتالىقلىرىمــدىن پــاكلىغىن. ئــى ئــاللاھ! مېنىــڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۇز بىلەن تازىلاپ يوق قىلغىن»[2].

2 ـ ﴿**سُبْحَانَكَ اَللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ، وَتَبَارَكَ اسْمُكَ، وَتَعَــالَى جَــدُّكَ، وَلاَ إِلَــهَ غَيْــرُكَ**﴾ تەرجىمىــسى: «ئــى پەرۋەردىگــارىمىز! بىــز ســېنى جىمــى نۇقــسانلاردىن پــاك دەپ ئېتىقــاد قىلىمىز. پۈتۈن ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر. نامىــڭ ئۇلــۇغ، شــەنىڭ ئۈســتۈندۇر ۋە ســېنىڭدىن ئۆزگە ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[3].

3 ـ ﴿**وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ حَنِيْفاً وَمَا أَنَا مِــنَ الْمُــشْرِكِيْنَ. إِنَّ**

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، ھاكىم «سەھىھ»دېگەن ھەدىس.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، ھاكىم »سەھىھ«دېگەن ھەدىس.

**صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ. لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَبِذٰلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ، اَللَّهُمَّ أَنْتَ الْمَلِكُ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ. أَنْتَ رَبِّي وَأَنَا عَبْدُكَ. ظَلَمْتُ نَفْسِي وَاعْتَرَفْتُ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي ذُنُوبِي جَمِيْعاً. إِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ. وَاهْدِنِي لِأَحْسَنِ ٱلْأَخْلاَقِ. لاَ يَهْدِي لِأَحْسَنِهَا إِلاَّ أَنْتَ. وَاصْرِفْ عَنِّي سَيِّئَهَا. لاَ يَصْرِفُ عَنِّي سَيِّئَهَا إِلاَّ أَنْتَ. لَبَّيْكَ. وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ كُلُّهُ فِي يَدَيْكَ. وَالشَّرُّ لَيْسَ إِلَيْكَ. أَنَا بِكَ وَإِلَيْكَ. تَبَارَكْتَ وَتَعَالَيْتَ. أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ.﴾** تەرجىمىسى: «مەن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتقان ئاللاھقا يۈزلەندىم. مەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەسمەن. مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن. ئى ئاللاھ! سەن يەككە ـ يېگانە پادىشاھسەن، سېنىڭدىن ئۆزگە ھەقىقىي ئىلاھ يوق. سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، مەن گۇناھلىرىم ئارقىلىق ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلدىم، تەۋبەمنى قوبۇل قىلىپ جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. چۈنكى گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوق. ئى ئاللاھ! مېنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىگە قىلغىن، گۈزەل ئەخلاقلارغا سەندىن باشقا ھېچكىم ئىگە قىلالمايدۇ، ناچارلىقلارنى مېنىڭدىن يىراق قىلغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭدىن باشقا ھېچكىم مېنى ناچارلىقلاردىن يىراق قىلالمايدۇ. سېنىڭ ئەمرىڭگە خوش دەپ كەلدىم، سائادەت ۋە پۈتۈن ياخشىلىقلار سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، يامانلىق ساڭا لايىق ئەمەس. مەن سېنىڭ مۈلكۈڭمەن ۋە سەن تەرەپكە قايتىمەن. سەن تولىمۇ مۇبارەك ۋە ئۇلۇغ ئىگەمسەن، گۇناھلىرىم ئۈچۈن ساڭا تەۋبە قىلىمەن ۋە سېنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن» بۇ دۇئالارنى پەرز، نەپلە ۋە ھەر قانداق نامازدا ئوقۇيتتى[1].

4 ـ بەزىدە يۇقىرىقى دۇئانىڭ﴿**وَأَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ**﴾دېگەن يېرىگىچە ئوقۇيتتى ۋە ئۇنىڭغا: ﴿**اَللَّهُمَّ اهْدِنِي لِأَحْسَنِ ٱلْأَخْلاَقِ وَ أَحْسَنِ الْأَعْمَالِ، لاَ يَهْدِي لِأَحْسَنِهَا إِلاَّ أَنْتَ. وَقِنِي سَيِّئَ ٱلْأَخْلاَقِ وَالْأَعْمَالِ لاَ يَقِي سَيِّئَهَا إِلاَّ أَنْتَ**﴾ تەرجىمىسى: « ئى ئاللاھ! مېنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا ۋە ئەڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلىگىن. ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا ۋە ئەڭ ياخشى ئىشلارغا سەندىن باشقا ھېچكىم ئىگە قىلالمايدۇ، مېنى ناچار ئەخلاق ۋە

(1) مۇسلىم ، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ھىببان ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.

يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭدىن باشقا ھېچكىم مېنى يامان ئەخلاقلار ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىيالمايدۇ» دېگەنلەرنى قوشاتتى[1].

5 ـ ﴿اللهُ أَكْبَرْ كَبِيْراً وَالْحَمْدُ للهِ كَثِيْراً وَسُبْحَانَ اللهِ بُكْرَةً وأَصِيْلاً﴾ تەرجىمىسى: »ئاللاھنى ھەممىدىن چوڭ دەپ ئۇلۇغلايمەن، قانچىلىك كۆپ ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ پاكلىقىنى ئەتىگەن ۋە ئاخشام ھەمىشە سۆزلەيمەن.« بىر ئادەم نامازغا باشلىغىنىدا بۇ دۇئانى ئوقۇغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام »ھەيران قالدىمكى، بۇ دۇئاغا ئاسمانىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ كەتتى» دېگەن[2].

6 ـ ﴿الْحَمْدُ للَّهِ حَمْداً كَثِيْراً طَيِّباً مُبَارَكاً فِيْهِ﴾ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلەپ ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن» بىر ئادەم نامازغا باشلىغىنىدا بۇ دۇئانى ئوقۇغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ دۇئانى ئاسمانغا كۆتۈرۈش شەرىپىنى تالىشىپ 12 پەرىشتىنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەھەججۇد نامىزىنى تۆۋەندىكى دۇئالار بىلەن باشلايتتى:

7 ـ ﴿اَللَّهُمَّ رَبَّ جَبْرَائِيلَ وَمِيكَائِيلَ وَإِسْرَافِيلَ. فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ. عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ. أَنْتَ تَحْكُمُ بَيْنَ عِبَادِكَ فِيمَا كَانُوا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ. اهْدِنِي لِمَا اخْتُلِفَ فِيهِ مِنَ الْحَقِّ بِإِذْنِكَ إِنَّكَ تَهْدِي مَنْ تَشَاءُ إِلَىٰ صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئى جىبرىئىلنىڭ، مىكائىلنىڭ، ئىسرافىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ ياراتقۇچىسى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ! بەندىلىرىڭ ئىختىلاپلاشقان ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم قىلغۇچىسەن، ئۆز پەزلىڭ بىلەن مېنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتكە باشلىغىن. ھەقىقەتەن سەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايسەن»[4].

8 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 10 قېتىم تەكبىر﴿ اللهُ أَكْبَرْ﴾، 10 قېتىم ھەمدۇ سانا ﴿اَلْحَمْدُ لِلَّهِ﴾، 10 قېتىم تەسبىھ ﴿سُبْحَانَ اللهِ﴾، 10 قېتىم تەھلىل ﴿ لاَ اِلَـهَ اِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ

---

(1) نەسائىي، دار قۇتنىي رىۋايىتى، «سەھىھ»ھەدىس.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) مۇسلىم رىۋايىتى.

**لاَ شَرِيْكَ لَه** ﴾، 10 قېتىم ئىستىغفار ﴿ **أَسْتَغْفِرُاللّهَ وَأَتُوبُ اِلَيْهِ** ﴾ نى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن: ﴿**اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي وَعَافِنِي**﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، توغرا يولغا باشلىغىن، رىزىقلاندۇرغىن ۋە مېنى سالامەت قىلغىن» دېگەن دۇئانى 10 قېتىم ئوقۇيتتى. يەنە: ﴿**اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنَ الضَيْقِ يَوْمَ الْحِسَابِ**﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ!ساڭا سېغىنىپ قىيامەت كۈنىنىڭ تارچىلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى 10 قېتىم ئوقۇيتتى[1].

9 ـ ﴿**اَللّهُ أَكْبَرُ، اَللّهُ أَكْبَرُ، اَللّهُ أَكْبَرُ، ذُوالْمَلَكُوتِ وَالْجَبَرُوتِ وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ**﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر، ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر، ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر، ئاللاھ چوڭلۇق، ئۇلۇغلۇق، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە كاتتىلىق ئىگىسىدۇر»[2].

## قىيامدا تۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**وَقُومُواْ لِلّهِ قَانِتِينَ**﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا (نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار»[3].دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، ھەرقانداق نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيتتى.

ئەمما سەپەر ئۈستىدە نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىدا، ئۇلاغ ئۈستىدە ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى كېسىلىدە نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغان ئىدى»[4].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كېچىلىرى ئۆرە تۇرۇپ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ناماز ئوقۇيتتى. بەزى كېچىلىرى ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ناماز ئوقۇيتتى. ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىنىدا رۇكۇنى ئۆرە تۇرۇپ قىلاتتى، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغىنىدا رۇكۇنى ئولتۇرۇپ قىلاتتى»[5].

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، ئالدىنقىسى «سەھىھ»، كېيىنكىسى«ھەسەن»(سەھىھتىن بىر دەرىجە تۆۋەن) ھەدىس.
(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، «سەھىھ»ھەدىس.
(3) بەقەرە سۈرىسى 238 ـ ئايەت.
(4) ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، «سەھىھ» دەپ باھالانغان ھەدىس.
(5) مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

## خۇشۇئ ۋە سەجدە قىلىدىغان جايغا قاراش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا قىيامدا تۇرغىنىدا، بېشىنى ساڭگىلىتىپ (تۆۋەن قىلىپ، سەجدە قىلىدىغان) يەرگە قاراپ تۇراتتى»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا قاراشتىن مەنئى قىلغان»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى ئۇلۇغ ـ سۇلغا بۇرۇلمايلا تۇرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ يۈزىنى چۆرۈگەن هامان ئاللاهمۇ نەزەرىنى ئۇنىڭدىن ساقىت قىلىدۇ» دېگەن[3].

## قىرائەت

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا قىرائەتكە باشلاشتىن ئاۋۋال ﴿**أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ مِنْ هَمَزِهِ وَنَفْخِهِ وَنَفْثِهِ**﴾ يەنى «ئاللاهقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتانىنىڭ شەررىدىن، ئازدۇرۇشىدىن ۋە يامان ئىشقا كۈشكۈرتىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»دەيتتى[4].

بەزىدە مۇنداق دەيتتى: ﴿**أَعُوذُ بِاللهِ السَّمِيعِ الْعَلِيْمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ مِنْ هَمَزِهِ وَنَفْخِهِ وَنَفْثِهِ**﴾ يەنى «دۇئالارنى ئاڭلاپ ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتانىنىڭ شەررىدىن، ئازدۇرۇشىدىن ۋە يامان ئىشقا كۈشكۈرتىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[5].

«ئاندىن﴿**بِسمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ**﴾نى مەخپىي ئوقۇيتتى»[6].

ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، «ئەئۇزۇ »بىرىنچى رەكئەتتىلا ئېيتىلىدۇ. قالغان رەكئەتلەردە «بىسمىللاھ»لا ئېيتىلىدۇ. ئەمما شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىگە كۆرە، ھەر بىر رەكئەتتە قىرائەتتىن ئاۋۋال «ئەئۇزۇ» نى مەخپىي ئېيتىش سۈننەتتۇر[7].

---

(1) بەيھەقىي رىۋايىتى.

(2) بۇخارى، ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(3) ئەبۇداۋۇد، ئىبنى خۇزەيمە رىۋايىتى، «سەھىھ» ھەدىس.

(4) ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم رىۋايىتى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم «سەھىھ» دېگەن ھەدىس.

(5) ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، «ھەسەن»(سەھىھتىن بىر دەرىجە تۆۋەن) ھەدىس.

(6) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(7) الفقه الإسلامي وأدلته 1 ـ توم 695 ـ بەت.

## فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش

«فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى دۇرۇس ئەمەس»[1].

«كىمكى ناماز ئوقۇپ ئۇنىڭدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمايدىكەن، ئۇنىڭ نامىزى ناقىستۇر»[2].

بۇ ھەدىسلەرگە بىنائەن، ھەنەفىي مەزھىبىدىن باشقا مەزھەپلەردە، نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرزدۇر. ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرز ئەمەس، بەلكى ۋاجىبتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿**فَاقْرَؤُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ**﴾[3] يەنى«قۇرئاندىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار» دېگەن سۆزى قۇرئاندىن قايسىبىر سۈرە ۋە قانداقلا ئايەتلەرنى ئوقۇش بىلەن پەرز ئادا تاپىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەنەفىي مەزھىبىدە يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى «دۇرۇس ئەمەس» ۋە «ناقىستۇر»دېگەن ئىبارىلەر نامازنىڭ ئادا بولمايدىغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئەۋزەل شەكىلدە ئادا تاپمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئامىن دېيىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمام ﴿ئامىن﴾ (ئىجابەت قىلغىن) دېگەندە سىلەرمۇ ﴿ئامىن﴾ دەڭلار. بىراۋنىڭ ﴿ئامىن﴾ دېگىنى پەرىشتىلەرنىڭ ﴿ئامىن﴾ دېگىنىگە ئودۇل كېلىپلا قالسا، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[4].

## ئامىننى مەخپىي ياكى ئاشكارا دېيىش مەسىلىسى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جاراڭلىق ئاۋازدا ﴿ئامىن﴾ دەيتتى»[5].

بۇھەدىسكە كۆرە، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە ﴿ئامىن﴾ نى ئاشكارا ئېيتىش سۈننەتتۇر. ئەمما ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھەپلىرىدە ﴿ئامىن﴾نى مەخپىي ئېيتىش

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) مۇسلىم ۋە ئەبۇ ئەۋانە رىۋايىتى.

3 مۇززەممىل سۈرىسى 20 ـ ئايەت

(4) بۇخارى، مۇسلىم، نەسائىي ۋە دارمىي رىۋايىتى.

(5) بۇخارى رىۋايىتى.

سۈننەتتۇر. بۇلارنىڭ دەلىلى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئىمام تۆتنى مەخپى ئېيتىدۇ، ئۇلار: ئەئۇزۇ، بىسمىللاھ، ئامىين ۋە ھەمدۇ سانا (رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ)دۇر»[1].

ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى: ﴿ئامىين﴾دېگەن دۇئادۇر. دۇئانى ئاشكارا قىلغاندىن مەخپى قىلىش ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئانى مەخپى قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسلىرى سابىتتۇر.

## فاتىھەدىن كېيىنكى قىرائەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن بەزىدە ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى، بەزىدە، خۇسۇسەن سەپەر ئۈستىدە بولغان، مېجەزى ياخشى بولالمىغان ۋاقىتلاردا، مەسجىدتە كىچىك بالا يىغلىغاندا قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بامدات نامىزىدا ئەڭ قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ساھابىلار ــ يارەسۇلەللاھ! سىز بەك قىسقا سۈرە ئوقۇدىڭىزغۇ؟ دەپ سورىشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — بىر كىچىك بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئانىسى مەسجىدتە بىز بىلەن بىرگە نامازغا تۇرغان بولسا، ئانىسى تېزرەك بالىسىغا بارسۇن دەپ قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇدۇم — دېدى»[2].

## بامدات نامىزىنىڭ قىرائىتى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدە قىرائەتنى بەكمۇ قىسقا ئوقۇيتتى»، ھەتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا «فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇدىمۇ قانداق؟ دەپ قالاتتىم»دېگەن[3].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىگە ﴿**قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ**﴾نى، كېيىنكى رەكئىتىگە ﴿**قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ**﴾نى ئوقۇيتتى»[4].

ئەمما بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدە ناھايىتى ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى.«پەيغەمبەر

---

(1) ئىبنى ئەبۇ شەيبە رىۋايىتى، فتح القدير 1 ـ توم 204 ـ بەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، «سەھىھ»ھەدىس.

(3) ئاۋۋالقىسى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان«سەھىھ»ھەدىس، كېيىنكىسى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان،«سەھىھ»ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

(4) مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدە «تىۋۋالۇ مۇفەسسەل»(ئۇزۇن مۇپەسسەل سۈرىلەر)نى ئوقۇيتتى»[1].

تىۋۋالۇ مۇفەسسەل سۈرىلەر: ﴿ق﴾ (50 - سۈرە)، ﴿الزاريات﴾ (51 - سۈرە)، ﴿الطور﴾ (52 - سۈرە)، ﴿النجم﴾ (53 -سۈرە)، ﴿القمر﴾ (54 - سۈرە)، ﴿الرحمن﴾ (55 - سۈرە)، ﴿الواقعة﴾ (56 -سۈرە) قاتارلىق يەتتە سۈرىدۇر.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە بامداتنىڭ پەرزىنىڭ ھەر ئىككى رەكئىتىگە ﴿النجم﴾ سۈرىسى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى»[2].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە بامداتنىڭ پەرزىدە، ﴿إِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ﴾نى ئوقۇيتتى»[3].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى رەكئەتكە ئۇزۇن سۈرە ئوقۇيتتى، ئىككىنچى رەكئەتكە بولسا ئاۋۋالقىسىدىن قىسقىراق سۈرە ئوقۇيتتى»[4].

مۇلاھىزە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى رەكئەتكە ئۇزۇن، كېيىنكى رەكئەتكە قىسقىراق سۈرە ئوقۇشى بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگىلا خاس بولماستىن، بەلكى باشقا پەرز نامازلاردىمۇ شۇنداق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىشتا كىشىلەرنىڭ جامائەتكە يېتىشىۋېلىشىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى ئېھتىمال.

## پېشىن نامىزىنىڭ قىرائىتى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىننىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسى بىلەن بىرگە ئىككى سۈرە ئوقۇيتتى. ئالدىنقى رەكئەتتە ئىككىنچى رەكئەتتىكىسىدىن ئۇزۇن سۈرە ئوقۇيتتى»[5].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىننىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىنىڭ ھەر بىرىگە فاتىھە سۈرىسىدىن باشقا 30 ئايەت مىقدارىدا قۇرئان ئوقۇيتتى. مەسىلەن: ﴿الم. تَنزِيلُ الْكِتَابِ لَا

(1) نەسائىي ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.
(2) ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە رىۋايىتى، ھاكىم «سەھىھ»دەپ باھالىغان ھەدىس.
(3) مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(4) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(5) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

رَيْبَ فِيهِ مِن رَّبِّ الْعَالَمِينَ﴾ (32 ـ سۇرە، 30 ئايەتلىك سۇرە)گە ئوخشاش»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە پېشىنىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە﴿وَالسَّمَاء وَالطَّارِقِ﴾،﴿وَالسَّمَاء ذَاتِ الْبُرُوجِ﴾،﴿وَاللَّيْلِ إِذَا يَغْشَى﴾ ۋە بۇلارغا ئوخشاش سۇرىلەرنى ئوقۇيتتى»[2].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىنىنىڭ پەرزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە، فاتىھە سۇرىسىنىلا ئوقۇيتتى»[3].

ئىمام مۇسلىم بىلەن ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىنىنىڭ پەرزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىنىڭ ھەر بىرىدە، فاتىھەدىن كېيىن 15 ئايەت مىقدارىدا سۇرە ئوقۇيتتى» دەپ كەلگەن. ئەللامە ئالبانى مۇنداق قىلىشنى «سۈننەت»دەپ قارايدۇ ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى بىر توپ ساھابە شۇنداق قىلىشقا ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، پېشىنىنىڭ پەرزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە فاتىھەدىن كېيىن سۇرە ئوقۇش خاتا ئەمەس، بەلكى ياخشىدۇر.

## ھەر بىر رەكئەتتە فاتىھە سۇرىسىنى ئوقۇش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ناقىس ئوقۇغان بىراۋغا تەلىم بېرىپ، ھەر بىر رەكئەتتە فاتىھە سۇرىسىنى ئوقۇشقا بۇيرىغان»[4].

## ئەسىر نامىزىنىڭ قىرائىتى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە فاتىھە سۇرىسىدىن باشقا، 15 ئايەت مىقدارىدىكى سۇرىلەرنى يەنى پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە ئوقۇغان سۇرىلەرنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان سۇرىلەرنى ئوقۇيتتى»، «ئەسىر نامىزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە، ئالدىنقى ئىككى رەكئەتكە ئوقۇغان سۇرىلەردىن قىسقىراق، ھەتتا ئۇنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان

---

(1) مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى، ئىبنى خۇزەيمە «سەھىھ»دەپ باھالىغان ھەدىس.
(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىدا ئوقۇغان قىرائىتى ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ تىترىگىنىدىن بىلىنەتتى»[2].

## شام نامىزىنىڭ قىرائىتى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام نامىزىنىڭ پەرزىدە، فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى»، «ھەتتا ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن شام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ سىرتقا چىققىنىدا، ئوقيالىرى قويۇلغان جايلارنى ئېنىق كۆرەلەيتتى»[3].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە شام نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن، ﴿وَالتِّينِ وَالزَّيْتُونِ﴾ نى ئوقۇغان»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئۇزۇن ۋە ئوتتۇراھال سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى. « بەزىدە ﴿ الطور ﴾ (52 - سۈرە)نى ئوقۇيتتى»، «بەزىدە ﴿المرسلات ﴾((77 - سۈرە)نى ئوقۇيتتى»[5].

ئەمما كۆپىنچە «شام نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە: ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ﴾ بىلەن﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ﴾نى ئوقۇيتتى»[6].

## خۇپتەن نامىزىنىڭ قىرائىتى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە، فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن، (ئۇزۇنمۇ ئەمەس، بەك قىسقىمۇ ئەمەس) ئوتتۇراھال سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى»[7].

«بەزىدە: ﴿وَالشَّمْسِ وَضُحَاهَا﴾نى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى»[8].

«بەزىدە: ﴿إِذَا السَّمَاء انشَقَّتْ﴾نى ئوقۇيتتى ۋە ئۇنىڭدىكى سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە

---

(1) مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(3) نەسائىي ۋە ئەھمە رىۋايىتى، «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.
(4) ئەھمەد رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.
(5) ھەر ئىككى ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(6) نەسائىي ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.
(7) نەسائىي ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.
(8) ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، «ھەسەن» (سەھىھتىن بىر دەرىجە تۆۋەن)ھەدىس.

تىلاۋەت سەجدىسى قىلاتتى»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەننىڭ پەرزىدە ئىمامنىڭ ئۇزۇن سۈرە ئوقۇشىنى مەنئى قىلغان. « بىر كۈنى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە خۇپتەن نامىزىدا ئىمام بولۇپ، ئۇزۇن سۈرە ئوقۇغاندا، جامائەت ئىچىدىن بىر ياش نامازدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. نامازدىن كېيىن جامائەت مۇئازغا ئەھۋالدىن خەۋەر بەرگىنىدە، مۇئاز ئاچچىقلىنىپ "ئۇ مۇناپىقتۇر" دەيدۇ. ھېلىقى ياش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئازنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: »كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە جەلپ قىلىشنى خالامسەن ئەي مۇئاز؟ ئۇنداق بولسا، كىشىلەرگە ئىمام بولغىنىڭدا ﴿**وَالشَّمْسِ وَضُحَاهَا**﴾،﴿**سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى**﴾،﴿**اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ**﴾،﴿**وَاللَّيْلِ إِذَا يَغْشَى**﴾ قاتارلىق سۈرىلەرنى ئوقۇغىن. سېنىڭ ئارقاڭدا ياشىنىپ قالغان، ئاجىز ۋە ئىشى ئالدىراش كىشىلەرمۇ تۇرىدۇ.«دەيدۇ[2].

## ۋىتىر نامىزىنىڭ قىرائىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە، »ۋىتىر نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە ﴿**سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى**﴾نى، ئىككىنچى رەكئىتىدە ﴿**قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ**﴾، ئۈچىنچى رەكئىتىدە ﴿**قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ**﴾نى ئوقۇيتتى»[3].

«بەزىدە ئۇنىڭغا: ﴿**قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ**﴾بىلەن ﴿**قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ**﴾نى قوشۇپ ئوقۇيتتى»[4].

«بەزىدە ۋىتىرنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىدىن باشقا 100 ئايەت ئوقۇيتتى»، «ئەمما ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى رەكئەتلەردە ﴿**إِذَا زُلْزِلَتِ الْأَرْضُ زِلْزَالَهَا**﴾ بىلەن ﴿**قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ**﴾نى ئوقۇيتتى»[5].

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) نەسائىي ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

(4) تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

(5) ئالدىنقىسى نەسائىي ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس، كېيىنكىسى ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان «ھەسەن»ھەدىس.

## تەھەججۇد نامىزىنىڭ قىرائىتى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەھەججۇد نامىزىدا قىرائەتنى بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە مەخپىي ئوقۇيتتى»[1].

شۇنىڭدەك قىرائەتتە بەزىدە قىسقا سۈرىلەرنى، بەزىدە ئۇزۇن سۈرىلەرنى، بەزىدە بەكمۇ ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى. ھەتتا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا بىر كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇۋىدىم. قىرائەتنى بەكمۇ ئۇزۇن ئوقۇغانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرە تۇرغان پېتى تەرك ئېتىپ ئولتۇرۇۋېلىشتەك يامان خىيالغىمۇ كەلگەن ئىدىم»[2].

ھۇزەيفە ئىبنى يەمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇۋىدىم. ﴿**البقــرة**﴾(2 ـ سۈرە)نى باشلىدى. 100 ـ ئايەتكە كەلگەندە رۇكۇغا بېرىشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلىۋىدىم. ئوقۇشقا داۋام قىلىۋەردى، بەلكى بۇ سۈرىنى ئىككى رەكئەتتە ئوقۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. ئەمما ﴿**ال عمــران**﴾ (3 ـ سۈرە)نى باشلىدى، ئاندىن ﴿**النــساء**﴾ (4 ـ سۈرە)نى باشلىدى. ئوقۇشتا تەسبىھ ئايەتلىرىگە كەلگەندە تەسبىھ ئېيتتى، سوئال ئايەتلىرىگە كەلگەندە، سوئال قويدى، پاناھ تىلەش ئايەتلىرىگە كەلگەندە «ئەئۇزۇ»نى ئېيتىپ پاناھ تىلىدى..» [3].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى تەھەججۇدتا ئۆزى كېسەل تۇرۇپ يەتتە ئۇزۇن سۈرىنى ئوقۇغان»[4].

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى شۇنداق ئۇزۇن قىرائەت قىلغىنى بىلەن باشقىلارنى ئۇنداق ئاشۇرۋېتىشتىن مەنئى قىلغان. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرگە: «قۇرئاننى بىر ئايدا بىر قېتىم تامام قىلغىن»دېگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر: «مېنىڭ ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇشقا تاقىتىم يېتىدۇ»دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: «20 كۈندە بىر قېتىم تامام قىلغىن»دەيدۇ. ئۇ: «مېنىڭ ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇشقا تاقىتىم يېتىدۇ»دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: «7 كۈندە بىر قېتىم تامام قىلغىن. ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىلما»دەيدۇ»[5].

(1) نەسائىي رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) مۇسلىم ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

(4) ئەبۇ يەئلا رىۋايىتى، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىي مۇۋاپىق كەلگەن ھەدىس.

(5) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كېچىلىك تەھەججۇد نامىزىدا 200 ئايەت ئوقۇيدىكەن، ئۇ ئىتائەتمەن مۇخلىسلار قاتارىدىن يېزىلىدۇ»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كېچىسى ﴿الإسراء﴾ (17 ـ سۈرە) بىلەن ﴿الزمر﴾(39 ـ سۈرە)نى ئوقۇيتتى»[2].

## جۈمە نامىزىنىڭ قىرائىتى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە جۈمە نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە فاتىھەدىن كېيىن، ﴿الجمعة﴾(62 ـ سۈرە)نى، ئىككىنچى رەكئىتىدە ﴿ المنافقون﴾(63 ـ سۈرە)نى ئوقۇيتتى»، بەزىدە ئۇنىڭ ئورنىغا ﴿الغاشية﴾(88 ـ سۈرە)نى ئوقۇيتتى»، بەزىدە بىرىنچى رەكئەتتە: ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى ﴾نى، ئىككىنچى رەكئەتتە: ﴿هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ الْغَاشِيَةِ﴾ نى ئوقۇيتتى»[3].

## ھېيت نامازلىرىنىڭ قىرائىتى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ھېيت نامازلىرىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە، فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن، ﴿سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى﴾نى، ئىككىنچى رەكئىتىدە: ﴿هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ الْغَاشِيَةِ﴾نى ئوقۇيتتى»، «بەزىدە ئىككى رەكئەتتە: ﴿ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ﴾بىلەن﴿اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانشَقَّ الْقَمَرُ﴾نى ئوقۇيتتى»[4].

## بەش ۋاخ نامازنىڭ قىرائەتلىرىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئوقۇش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىدە، شام نامىزىنىڭ ئۈچ رەكئەت پەرزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتى ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىدە قىرائەتنى ئاشكارا ۋە ئۈنلۈك ئوقۇيتتى. ئەمما پېشىن، ئەسىر نامازلىرىدا، شامنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە ۋە خۇپتەننىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇيتتى»[5].

---

(1) دارمىي ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن، زەھەبىي مۇۋاپىق كەلگەن ھەدىس.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، «سەھىھ» ھەدىس.

(3) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھەدىس مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان «سەھىھ» ھەدىس، ئۈچىنچى ھەدىس مۇسلىم رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

(4) ھەر ئىككى ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم بىلەن ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

(5) ئەبۇداۋۇد »سەھىھ«ھەدىسلەر توپلىمى 758 ـ بەت.

شۇنداقلا «جۈمە، ھېيت، ئىستىسقا، كۇسۇف نامازلىرىدىمۇ قىرائەتنى ئۈنلۈك ئاشكارا ئوقۇيتتى»[1].

## رۇكۇ قىلىش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرائەتتىن پارىغ بولغىنىدا، بىر ئاز تۇراتتى»، «ئاندىن ئىككى قولىنى خۇددى نامازغا باشلاش تەكبىرىدىكىدەك كۆتۈرەتتى»، «تەكبىر ئېيتاتتى»، «رۇكۇغا باراتتى»[2].

## رۇكۇنىڭ كەيپىيتى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ قىلغىنىدا ئىككى ئالقىنىنى ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە قوياتتى»، «باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى»، «ئىككى قولىنى ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويغىنىدا، خۇددى ئىككى تىزىنى قاماللاپ تۇتقاندەك تۇراتتى»[3].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدا قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى ئېچىپ تۇراتتى» ۋە نامازنى نوقسانلىق بىلەن ئوقۇغان بىرىگە تەلىم بېرىپ:«رۇكۇ قىلغىنىڭدا، ئىككى ئالقىنىڭنى ئىككى تىزىڭنىڭ ئۈستىگە قويغىن، ئاندىن بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىنى ئاچقىن، ئاندىن ھەر بىر ئورگان ئۆز ئورنىغا چۈشۈپ بولغانغا قەدەر تۇرغىن»[4].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدا تۇرغىنىدا، بىلەكلىرىنى يان تەرەپلىرىدىن يىراق تۇتاتتى»، «رۇكۇدا دۈمبىسىنى تۈپتۈز تۇتاتتى»، «ھەتتا دۈمبىسىگە سۇ تۆكسىمۇ ئورنىدىلا تۇرۇپ قالغۇدەك تۈز تۇتاتتى»[5].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدا بېشىنى دۈمبىسىدىن تۆۋەنمۇ ئەمەس، يۇقىرىمۇ ئەمەس»، «بەلكى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تۇتاتتى»[6].

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئالدىنقى ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان، قالغانلىرىنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(3) بىرىنچىسى بىلەن تۆتىنچىسنى بۇخارى ۋە ئەبۇداۋۇد، ئۈچىنچىسىنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(4) ئالدىنقىسىنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان، ئەبۇداۋۇد «سەھىھ»ھەدىسلەر توپلىمىدا قەيت قىلغان، كېيىنكىسىنى ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببانلار «سەھىھ»ھەدىسلەر تولاملىرىدا قەيت قىلغان.
(5) ئالدىنقىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە ئىبنى خۇزەيمە «سەھىھ»دېگەن، كېيىنكىسىنى بۇخارى ۋە بەيھەقىي، ئاخىرقىسىنى تەبەرانىي ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان.
(6) ئالدىنقىسىنى بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد، كېيىنكىسىنى مۇسلىم ۋە ئەبۇ ئەۋانە رىۋايەت قىلغان.

## رۇكۇ بىلەن سەجدىنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ بىلەن سەجدىنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىشنىڭ پەرزلىكى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «رۇكۇ بىلەن سەجدىلەرنى تولۇق ئادا قىلىڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ مېنىڭ كەينىمدە تۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغىنىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن»[1].

بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، نامازغىلا خاستۇر. ئۇنىڭ ناماز سىرتىدا ئارقىسىدىكىلەرنى كۆرەلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق دەلىل يوق[2].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ رۇكۇنى تولۇق ئادا قىلمىغان، سەجدىلەرنى خۇددى توخۇ دان چوقۇغاندەك قىلغانلىقنى كۆرۈپ ''بۇ ئادەم ئەگەر مۇشۇ ھالىتى بىلەن ئۆلسە مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى بولمىغان ھالەتتە ئۆلىدۇ. رۇكۇنى تولۇق ئادا قىلمايدىغان، سەجدىلەرنى توخۇ دان چوقۇغاندەك قىلىدىغان كىشى بىر ياكى ئىككى تال خورمىنى ئالدىراپ يېيىش بىلەن ئاچلىقنى قاندۇرالمىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر» دېگەن[3].

## رۇكۇدا ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە زىكرلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدا تۆۋەندىكى ھەر تۈرلۈك دۇئا ۋە زىكىرلەردىن ھەر قېتىمدا خالىغانلىرىنى ئېيتاتتى:

1 ـ ﴿**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيْمُ**﴾ (ئۈچ قېتىم)[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئېيتاتتى.

2 ـ ﴿**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيْمُ وَبِحَمْدِهِ**﴾ (ئۈچ قېتىم)[5].

3 ـ ﴿**سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ**﴾[6].

4 ـ ﴿**سُبْحَانَكَ اَللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ، اَللَّهُمَّ اغفِرْ لِـي**﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى رۇكۇ

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەللامە ئەلبانىي.

(3) بەيھەقى، تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان، ئىبنى خۇزەيمە «سەھىھ»دېگەن ھەدىس.

(4) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(5) ئەبۇ داۋۇد، دارقۇتنىي، ئەھمەد، تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان »سەھىھ«ھەدىس.

(6) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ۋە سەجدىلىرىدە كۆپ ئېيتاتتى ۋە قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا﴾ يەنى «رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ سانا ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر» دېگەن ئايەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرەتتى[1].

5 ـ ﴿اللَّهُمَّ لَكَ رَكَعْتُ. وَبِكَ آمَنْتُ. وَلَكَ أَسْلَمْتُ. خَشَعَ لَكَ سَمْعِي وَبَصَرِي. وَمُخِّي وَعَظْمِي وَعَصَبِي﴾تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا رۇكۇ قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا بويسۇندۇم، قۇلىقىم، كۆزۈم، مېڭەم، سۆڭەكلىرىم، بارچە سەزگۈ ئەزالىرىم ساڭا ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە»[2].

6 ـ ﴿اللَّهُمَّ لَكَ رَكَعْتُ وَبِكَ آمَنْتُ وَلَكَ أَسْلَمْتُ وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ أَنْتَ رَبِّي خَشَعَ سَمْعِي وَبَصَرِي وَدَمِي وَلَحْمِي وَعَظْمِي وَعَصَبِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئۈچۈن رۇكۇ قىلدىم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، سەن مېنىڭ رەببىمسەن، قۇلىقىم، كۆزۈم، قېنىم، گۆشۈم، سۆڭىكىم ۋە بارچە سەزگۈ ئەزالىرىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە»[3].

7 ـ ﴿سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوتِ وَالْمَلَكُوتِ وَالْكِبْرِيَاءِ وَالْعَظَمَةِ﴾ تەرجىمىسى: «پاك ئاللاھ كۈچ ـ قۇۋۋەت، پادىشاھلىق، چوڭلۇق ۋە كاتتىلىق ئىگىسىدۇر»[4].

## رۇكۇ قىلىش مىقدارى

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇكۇ قىلىشى، رۇكۇدىن كېيىنكى تۇرۇشى، سەجدىلىرى ۋە ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا ئولتۇرۇشى ئۇزۇنلۇقتا بىر ـ بىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى»[5].

## رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە قۇرئان ئوقۇماسلىق

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە قۇرئان ئوقۇشتىن توسقان»، ئۇ مۇنداق دەيتتى: «بىلىڭلاركى، مەن رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە قۇرئان ئوقۇشتىن مەنئى

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) نەسائىي رىۋايىتى.
(4) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى، «سەھىھ»ھەدىس.
(5) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىنىدىم. رۇكۇدا ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاڭلار، ئەمما سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا تىرىشىڭلار، سەجدىلەردە قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر»[1].

## رۇكۇدىن تۇرۇش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمۇرتقىسىنى رۇكۇدىن كۆتۈرگەن ھالدا: ﴿سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ﴾ يەنى «ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتقانىنى ئاڭلىغۇچىدۇر»دەيتتى. نامازنى ناقىس ئوقۇغان بىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دېگەن: «تەكبىر ئېيتىپ ئاندىن رۇكۇ قىلمىغىچە ۋە رۇكۇدىن تۈزلەنگىچىلىك ﴿سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ﴾ دېمىگىچە ھېچكىمنىڭ نامىزى تولۇق بولمايدۇ»[2].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگىنىدە ھەر بىر ئورگان ئۆز جايىغا بېرىپ بولغانغا قەدەر ئۆرە تۈپتۈز تۇراتتى»[3].

ئاندىن «ئۆرە تۇرۇپ: ﴿رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ﴾يەنى «پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلەپ ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»دەيتتى[4].

ئۇ مۇنداق دەيتتى: «ئىمام ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئۈچۈن تۇرىدۇ. ئىمام: ﴿سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ﴾دېگەندە، سىلەر: ﴿رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ﴾ دەڭلار. ھەقىقەتەن كىمنىڭ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە ئۇدۇل كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆتكەن بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[5].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن تۇرۇشتا تەكبىر ئېيتقىنىدا، ئىككى قولىنى خۇددى نامازغا كىرىش تەكبىرىدە كۆتۈرگەن شەكىلدە كۆتۈرەتتى»[6].

رۇكۇدىن تۇرۇپ تۆۋەندىكىلەردىن بەزىدە ئۇنى، بەزىدە بۇنى (خالىغانلىرىنى) ئېيتاتتى:

---

(1) مۇسلىم ۋە ئەبۇ ئەۋانە رىۋايەتلىرى.
(2) ئالدىنقىسى بۇخارى بىلەن مۇسلىم، كېيىنكىسى ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايىتى.
(3) بۇخارى رىۋايىتى.
(4) بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.
(5) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(6) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

1 ـ ﴿رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ﴾[1].

2 ـ ﴿رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ﴾[2].

3 ـ بەزىدە يۇقىرىقى ئىككىسىگە: ﴿اَللَّهُمَّ﴾سۆزىنى قوشۇپ ئېيتاتتى[3].

4 ـ ﴿اللَّهُمَّ رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ مِلْءَ السَّمَاوَاتِ وَمِلْءَ الأَرْضِ وَمِلْءَ مَا بَيْنَهُمَا وَمِلْءَ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ﴾ يەنى «پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەر تولغىچە ۋە سەن ياراتقان ھەممە يارىتىدىغان جىمى مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»[4].

5 ـ ﴿أَهْلُ الثَّنَاءِ وَالْمَجْدِ. اللَّهُمَّ لاَ مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ﴾ يەنى «ئاللاھ ھەمدۇ سانا ئېيتىشقا ۋە ئۇلۇغلاشقا ھەقلىقتۇر. ئى ئاللاھ! سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق ۋە سەن بەرگەننى توسۇۋالغۇچى يوق. سېنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ»[5].

6 ـ ﴿رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ حَمْداً كَثِيراً طَيِّباً مُبَارَكاً فِيهِ﴾يەنى «پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلەپ ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»[6].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەھەججۇد نامىزىدا مۇنۇ سانانى تەكرارلايتتى:

7 ـ ﴿لِرَبِّيَ الْحَمْدُ، لِرَبِّيَ الْحَمْدُ﴾يەنى يەنى «پەرۋەردىگارىمغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن» بۇنى شۇنچە كۆپ تەكرارلايتتىكى، رۇكۇدىن تۇرغاندىكى بۇ قىيامىنىڭ مىقدارى قىرائەتنىڭ قىيامىغا يېقىن بولغان رۇكۇنىڭ مىقدارىغا يېقىنلىشىپ قالاتتى. قىرائەتنىڭ قىيامىدا بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇغان ئىدى[7].

**سەجدە**

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىگە بېرىشتا تەكبىر ئېيتاتتى» ۋە باشقىلارنىمۇ

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) بۇخارى، ئەھمەد رىۋايىتى.
(4) مۇسلىم رىۋايىتى.
(5) مۇسلىم رىۋايىتى.
(6) بۇخارى رىۋايىتى.
(7) نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

شـۇنداق قىلـشقا بـۇيرۇپ مۇنـداق دەيتتـى: «رۇكـۇدىن تۇرۇشـتا ﴿سَـمِعَ اللهُ لِمَـنْ حَمِدَهُ﴾دېمىگىچە، ئانـدىن ئـۆرە تۈپتـۈز تـۇرمىغىچە، ئانـدىن﴿ اللهُ أَكْبَـرْ ﴾دەپ تەكبىـر ئېيتىـپ سـەجدىگە بـارمىغىچە ۋە سـەجدىدە بوغـۇملىرى ئورنىغـا چۈشـۈپ ئـارام ئالغىچىلىـك ئالدىرىماي تۇرمىغىچە ھېچكىمنىڭ نامىزى تولۇق بولمايدۇ»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىگە بېرىشتا بەزىدە ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى»[2].

« پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام سـەجدىدە، ئىككـى ئالقىنىغـا تايىنـاتتى، ئىككـى ئـالقىنىنى يەرگە يېيىپ»، «بارماقلىرىنى يىغقان ھالدا»، «قىبلىگە قارىتاتتى»[3].

«پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام سـەجدىدە ئىككـى قـولىنى ئىككـى مۈرىسـىنىڭ ئۇدۇلىـدا تۇتـاتتى»، بەزىـدە «ئىككـى قولىقىنىـڭ ئۇدۇلىـدا تۇتـاتتى»، «بـۇرنى بىـلەن پېشانىـسىنى يەرگە تولۇق تەككۈزەتتى»، «ئىككى قولىنى ئىككى بېقىنىدىن يىراق تۇتاتتى»[4].

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام سـەجدىدە: «ئىككـى تىـزى بىـلەن ئىككـى پـۇتىنى يەرگە تولـۇق تەكك‍ـۈزەتتى»، «پۇتلىرىنىـڭ ئالـدى تەرىپىنـى بارمـاقلىرى بىـلەن بىـرگە قىـبلىگە قارىتاتتى»، «ئىككى پۇتىنى تىكلەپ تۇراتتى»[5].

ئۇ يەنە مۇنداق دەيتتـى: «ئىنـسان سـەجدە قىلغانـدا، يەتـتە ئورگـان ئۇنىـڭ بىـلەن بىـرگە سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار: يۈز، ئىككى ئالقان، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇتتۇر»[6].

## سەجدىنى ئالدىرىماي قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكـۇ ۋە سـەجدىلەرنى تولـۇق ئـادا قىلىـشقا بـۇيرۇيتتى. ھەتتـا بـۇ ئىككىـسىنى تولـۇق ئـادا قىلمىغـۇچىلارنى ئـاچلىقتىن بىـر يـاكى ئىككـى خـورمىنى ئالـدىراپ يېـگەن بولـسىمۇ ئـاچلىقى قامـدالمىغان كىـشىگە ئوخـشاتقان ۋە مۇنـداق دېـگەن: «ئوغرىلارنىـڭ ئەڭ يـامىنى ئۆزىنىـڭ نـامىزىنى(رۇكـۇ ۋە سـەجدىلەرنى تولـۇق ئـادا قىلماسلىق

(1) ئالدىنقىسى بۇخارى ۋە مۇسلىم، كېيىنكىسى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان ۋە ھاكىم«سەھى» دېگەن ھەدىس.

(2) نەسائىي، دارقۇتنىي رىۋايىتى.

(3) ئالدىنقىسىنى ئەبـۇ داۋۇد رىـۋايەت قىلغـان، ھـاكىم «سـەھىھ»دېـگەن، ئىككىنچىـسىنى ئىبنـى خـۇزەيمە ۋە بەيھەقـي رىۋايەت قىلغان، ھاكىم «سەھىھ»دېگەن، ئاخىرقىسىنى بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

(4) بىرىنچىـسى بىـلەن ئۈچىنچىـسىنى ئەبـۇ داۋۇد ۋە تىرمىـزى رىـۋايەت قىلغـان ۋە تىرمىـزى «سـەھىھ»دېـگەن، ئىككىنچىسىنى ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىي رىـۋايەت قىلغـان «سـەھىھ»ھەدىـس، تۆتىنچىـسىنى ئىبنـى خـۇزەيمە رىـۋايەت قىلغان ۋە «سەھىھ»دەپ باھالىغان ھەدىس.

(5) بىرىنچىسى بىلەن ئۈچىنچىسىنى بەيھەقىي، ئىككىنچىسىنى بۇخارى بىلەن ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

(6) مۇسلىم رىۋايىتى.

بىلەن)ئوغرىلايدىغان كىشىدۇر»[1].

ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە ئۇمۇرتقىسىنى تۈز تۇتالمىغان كىشىنىڭ نامىزىغا نەزەر سالمايدۇ»[2].

## سەجدىدە ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلغىنىدا، تۆۋەندىكى كۆپلىگەن ھەرتۈرلۈك دۇئا ۋە زىكىرلەردىن تاللاپ بەزىدە ئۇنى، بەزىدە بۇنى ئوقۇيتتى:

1 ـ ﴿**سُبْحَانَ رَبِّيَ ٱلأَعْلَىٰ**﴾ (ئۈچ قېتىم) [3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بەزىدە ﴿**سُبْحَانَ رَبِّيَ ٱلأَعْلَىٰ**﴾نى ئۈچ قېتىمدىن كۆپرەك ئېيتاتتى» (بۇھەدىسلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇكۇ بىلەن سەجدىلەرنىڭ مىقدارىنى ئوخشاش قىلىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ).

2 ـ ﴿**سُبْحَانَ رَبِّيَ ٱلأَعْلَىٰ وَبِحَمْدِهِ**﴾ (ئۈچ قېتىم) [4].

3 ـ ﴿**سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ**﴾[5].

4 ـ ﴿**سُبحانَكَ اللَّهُمَّ ربَّنَا وَبِحَمْدِكَ اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي**﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئوقۇيتتى[6].

5 ـ ﴿**اللَّهُمَّ لَكَ سَجَدْتُ. وَبِكَ آمَنْتُ. وَلَكَ أَسْلَمْتُ وَأَنْتَ رَبِّي، سَجَدَ وَجْهِي لِلَّذِي خَلَقَهُ وَصَوَّرَهُ، وَشَقَّ سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ تَبَارَكَ اللهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ**﴾[7].

6 ـ ﴿**اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلَّهُ دِقَّهُ وَجِلَّهُ، وَأَوَّلَهُ وَآخِرَهُ، وَعَلاَنِيَتَهُ وَسِرَّهُ**﴾[8].

7 ـ ﴿**سَجَدَ لَكَ سُوَادِي وَخِيالِي، وَآمَنَ بِكَ فُؤَادِي أَبوُءُ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، هَذِي يَدِي وَمَا جَنَيْتُ عَلَى**

(1) تەبەرانى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان، ھاكىم »سەھىھ«دېگەن ھەدىس.
(2) ئەھمەد، تەبەرانىي رىۋايىتى.
(3) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە رىۋايىتى.
(4) ئەھمەد، تەبەراني، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(5) مۇسلىم رىۋايىتى.
(6) بۇخارى ۋە مۇسلىم.
(7) مۇسلىم رىۋايىتى.
(8) مۇسلىم رىۋايىتى.

**نَفْسَي﴾**[1].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تەھەججۇد نامازلىرىدا مۇنۇ دۇئالارنى ئوقۇيتتى:

8 ـ ﴿**سُبْحَانَ ذِي الْجَبَرُوت وَالْمَلَكُوت وَالْكِبْرِيَـاءِ وَالْعَظَمَـةِ**﴾ تەرجىمىسى: «پاك ئاللاھ كۈچ ـ قۇۋۋەت، پادىشاھلىق، چوڭلۇق ۋە كاتتىلىق ئىگىسىدۇر»[2].

9 ـ ﴿**سُبحانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ لاَاِلَهَ الاَّ أَنْتَ**﴾[3].

10 ـ ﴿**اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ماَ أَسْرَرْتُ وَماَ أَعْلَنْتُ**﴾[4].

11 ـ ﴿**اللَّهُمَّ اجْعَلْ لِي فِي قَلْبِي نُوراً، وَفِي لِسَانِي نُوراً، وَفِي سَمْعِي نُوراً، وَفِي بَصَرِي نُوراً، وَمِـنْ فَـوْقِي نُوراً، وَمِنْ تَحْتِي نُوراً، وَعَنْ يَمِينِي نُوراً، وَعَنْ شِمَالِي نُوراً، وَمِنْ بَيْنِ يَدَيَّ نُوراً، وَمِنْ خَلْفِي نُوراً، وَاجْعَـلْ فِـي نَفْسِي نُوراً، وَأَعْظِمْ لِي نُوراً**﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! دىلىمنى ئاق قىلغىن، كۆزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئوڭ ۋە سول تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، مېنى نۇرلۇق قىلغىن ۋە ماڭا ئاتا قىلغان نۇرۇڭنى كاتتا قىلغىن»[5].

12 ـ ﴿**اَللَّهُمَّ أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ، وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ. لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْـكَ، أَنْـتَ كَمَـا أَثْنَيْـتَ عَلَـى نَفْـسِكَ**﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭغا سېغىنىپ غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ئاپىيىتىڭگە سېغىنىپ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمە. ساڭا سېغىنىپ سېنىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. سېنى سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيىلىگەن رەۋىشتە مەدھىيىلەشتىن ئاجىزمەن»[6].

## سەجدىدە قۇرئان ئوقۇماسلىق

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە قۇرئان ئوقۇشنى مەنئى قىلاتتى. بۇ ئىككىسىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا بۇيرۇيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولىدىغان چېغى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇ. سەجدىدە دۇئانى كۆپ

(1) بەززاز رىۋايىتى، ھاكىم «سەھىھ»دېگەن.
(2) ئەبۇ داۋۇد، نەسائىي رىۋايىتى، «سەھىھ»ھەدىس.
(3) مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) نەسائىي رىۋايىتى، ھاكىم»سەھىھ«دېگەن.
(5) مۇسلىم رىۋايىتى.
(6) مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلغۇلار»[1].

## سەجدىنى ئۇزۇن قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىنى ئۇزۇن قىلىشتا رۇكۇغا يېتىشىپ قالاتتى. بەلكى بەزىدە بەزىبىر سەۋەبلەر تۈپەيلى سەجدىنى رۇكۇدىنمۇ ئۇزۇنراق قىلاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرىدىن ئىمام ھەسەن ياكى ئىمام ھۈسەين(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي)نى كۆتۈرگىنىچە بىزگە پېشىن ياكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشكە چىقىپ، مېھرابقا ئۆتتى، ئۇنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ نامازغا باشلىدى. سەجدىنى شۇنداق ئۇزۇن قىلدىكى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ سالدىم ۋە ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن ھامان سەجدىگە قايتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ساھابىلار ”يا رەسۇلەللاھ! سەجدىلەرنىڭ بىرىنى بەكمۇ ئۇزۇن قىلدىڭىزكى، بىز بىرەر ئىش يۈزبەرگەنمىدۇ ياكى ۋەھىي كەلگەنمىدۇ، دەپ قالدۇق“ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ”سىلەر گۇمان قىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسى يۈزبەرمىدى. ئەمما بالام ئۈستۈمگە مىنىۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئويۇنى تۈگىمەستىن تۇرۇپ كېتىشنى ياقتۇرمىدىم“دېدى»[2].

بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزىدە سەجدىنى شۇنچىلىك ئۇزۇن قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەندەك، ئۇ زاتنىڭ ئىنتايىن مېھرى ـ شەپقەتلىك، خۇسۇسەن كىچىك بالىلارغا بەكمۇ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. كۆپىنچە دىندارلارنىڭ قوپاللىقى ۋە رەھىمسىزلىكىگە ھەيرانمەن. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا ئەگەشمەستىن، ئۇنىڭ ئىبادەتلىرىگىلا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانمۇ؟ ياق! گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ ئالامىتى ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

## سەجدىدىن تۇرۇش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى سەجدىدىن تەكبىر ئېيتقان ھالدا كۆتۈرەتتى» ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «سەجدىنى بوغۇملىرى ئۆز ئورنىغا تولۇق كېلىپ ئارام تاپقىچىلىك ئالدىرىماي قىلمىغىچە، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ،

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) نەسائى ۋە ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى، ھاكىم«سەھىھ»دېگەن ھەدىس.

سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تولۇق ئورنىشىپ ئولتۇرمىغىچە ھېچكىمنىڭ نامىزى تولۇق بولمايدۇ»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدىن تۇرۇشتا بەزىدە تەكبىر بىلەن بىرگە ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى»[2].

ئاندىن «سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇراتتى ۋە ئوڭ پۇتىنى تىكلەيتتى»، «ئوڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتاتتى»[3].

## ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ئولتۇرۇش

« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ئولتۇرۇشتا ھەر بىر سۆڭەك ئۆز ئورنىغا تولۇق چۈشۈپ بولغىنىدىن خاتىرجەم بولغىچىلىك ئولتۇراتتى» ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيتتى: «شۇنداق قىلمىغىچە ھېچبىرىڭلارنىڭ نامىزى تولۇقلانمايدۇ»[4].

## ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا زىكىر ئېيتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ئولتۇرۇشتا تۆۋەندىكى زىكىرلەرنى ئېيتاتتى:

1 ـ ﴿رَبِّ اغْفِرْلِي، رَبِّ اغْفِرْلِي﴾ تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[5].

2 ـ ﴿اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَاجبُرْنِي وعافِنِي وَارْزُقْنِي وَارْفَعْنِي﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن، مېنى ياخشى ئىشلارغا مۇيەسسەر قىلغىن، ماڭا ساقلىق ۋە كەڭ رىزىق ئاتا قىلغىن، مەرتىبەمنى يۇقىرى قىلغىن»[6].

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ھاكىم »سەھىھ«دېگەن.

(2) ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

(3) ئالدىنقىسىنى بۇخارى، كېيىنكىسىنى نەسائىي رىۋايەت قىلغان.

(4) ئالدىنقىسى ئەبۇ داۋۇد بىلەن بەيھەقىي، كېيىنكىسى ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىسلەر.

(5) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(6) بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايىتى.

### ئىككىنچى سەجدىگە بېرىش

ئاندىن «تەكبىر ئېيتىپ ئىككىنچى سەجدىگە باراتتى»[1].

«بۇ تەكبىر بىلەن بىرگە بەزىدە ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى»[2].

ئاندىن «سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرەتتى ۋە تەكبىر ئېيتاتتى»، «بەزىدە ئىككى قولىنى كۆتۈرەتتى»[3].

### سەجدىدىن رەكئەتكە تۇرۇش

ئاندىن «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەرگە تايانغان هالدا ئىككىنچى رەكئەتكە تۇراتتى»[4].

«پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرۇشتا ئىككى قولىغا تايىنىپ تۇراتتى»[5].

### بىرىنچى تەشەھهۇدتا ئولتۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىنكى ئولتۇرۇشتا خۇددى ئىككى سەجدە ئارىلىقىدىكى ئولتۇرۇشقا ئوخشاش «سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇراتتى»[6].

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مېنى ئىتنىڭ ئولتۇرغىنىدەك ئولتۇرۇشتىن مەنئى قىلغان ئىدى»[7].

ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە باشقىلار «ئىتنىڭ ئولتۇرغىنىدەك ئولتۇرۇش»نى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئىتنىڭ ئولتۇرغىنىدەك ئولتۇرۇش — ئەر كىشىنىڭ ساغرىسىنى يەرگە چاپلاپ، ئىككى پۇتىنى تىكلەپ ۋە ئىككى قولىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇرۇشتۇر»

«پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تەشەھهۇدتا («ئەتتەهىياتۇ»نى ئوقۇشقا) ئولتۇرغىنىدا، ئوڭ ئالىقىنىنى ئوڭ تىزىنىڭ ئۈستىگە، سول ئالىقىنىنى سول تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەبۇ ئەۋانە رىۋايەت قىلغان «سەهىه»هەدىس.

(3) ئالدىنقىسى ئەبۇ داۋۇد بىلەن هاكىم، كېيىنكىسى ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەبۇ ئەۋانە رىۋايەت قىلغان «سەهىه»هەدىسلەر.

(4) بۇخارى ۋە شافىئىي رىۋايىتى.

(5) ئەبۇ ئىسهاق، بەيهەقىي رىۋايەت قىلغان «سەهىه»هەدىس.

(6) نەسائىي رىۋايەت قىلغان «سەهىه»هەدىس.

(7) ئەهمەد رىۋايىتى.

بارماقلىرىنى يېيىپ ئۇلتۇراتتى»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ نامازدا سول قولىغا تايىنىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى مۇنداق ئولتۇرۇشتىن مەنئى قىلغان ۋە «ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئولتۇرۇشىدۇر» دېگەن[2].

## تەشەھھۇد ئوقۇش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق نامازنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن تەشەھھۇد(ئەتتەھىياتۇ) ئوقۇيتتى»[3].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى رەكئەتتىن كېيىن تەشەھھۇد ئوقۇشنى ئۇنۇتسا، نامازنىڭ ئاخىرىدا سەجدە سەھۋى قىلاتتى»[4].

## تەشەھھۇد ئوقۇغاندا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى مىدىرلىتىش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەھھۇدتا ئولتۇرغىنىدا، سول قولىنىڭ ئالىقىنىنى يايغان ھالدا، سول تىزىنىڭ ئۈستىگە قوياتتى، ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنى بولسا، ئاچمايتتى، كۆرسەتكۈچ (بىگىز)بارمىقى بىلەن قىبلىگە ئىشارەت قىلاتتى ۋە كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكەتتى»[5].

«كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قىبلىگە ئىشارەت قىلغىنىدا، باش بارمىقىنى ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئۈستىگە قوياتتى»[6].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىككى تەشەھھۇدنىڭ ھەممىسىدە قىلاتتى»[7].

ئۇ مۇنداق دەيتتى: «كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن قىلىنغان بۇ ئىشارەت شەيتانغا تۆمۈردىنمۇ قاتتىق زەربە ھېسابلىنىدۇ»[8].

ھازىرقى زامان ئاتاغلىق ھەدىسشۇناس ئالىمى ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانىي

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان ۋە ھاكىم «سەھىھ»دېگەن ھەدىس.
(3) مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
(5) مۇسلىم، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئەبۇ ئەۋانە رىۋايىتى.
(6) مۇسلىم ۋە ئەبۇ ئەۋانە رىۋايىتى.
(7) نەسائىي ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان «سەھىھ» ھەدىس.
(8) ئەھمەد ۋە بەززاز رىۋايىتى.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيتى»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەمما ئىشارەتتىن كېيىن بارماقنى چۇشۇرۇش ياكى ئەتتەھىياتۇدىكى ﴿لاَ إِلهَ﴾ دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ ﴿ إِلاَّ اللهُ ﴾(ئىلللەللاھۇ)»دا چۇشۇرۇش توغرۇلۇق سۈننەتتىن ئاساس يوق»[1].

## ئاخىرقى ئولتۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشىدىمۇ خۇددى ئىككى رەكئەتتىن كېيىنكى بىرىنچى ئولتۇرۇشقا ئوخشاش ئولتۇراتتى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئاخىرقى ئولتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى ئولتۇرۇشتىن پەرقلىنىدىغان بىرلا يېرى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا «ئوڭ ساغرىسىنى ئوڭ پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سول ساغرىسىنى يەرگە چاپلاپ ئولتۇراتتى، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتاتتى، ئەمما سول پۇتىنى ئوڭ تەرىپىدىن چىقىراتتى»، «بەزىدە ئوڭ پۇتىنى تىكلىمەستىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇراتتى»[2].

## تەشەھھۇدنىڭ تېكستى

تەشەھھۇد — «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇش دېگەنلىكتۇر. تەشەھھۇد ئوقۇش نامازنىڭ پەرزلىرىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا ھەرتۈرلۈك تەشەھھۇدلارنى ئۆگەتكەن بولۇپ، ئەڭ ئۆلگىلىك تەشەھھۇد ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆگەتكەن تەشەھھۇدتۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قولۇمنى ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ ماڭا مۇنۇ تەشەھھۇدنى خۇددى قۇرئان سۈرىلىرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگەتكەن ئىدى:

﴿اَلتَّحِيّاتُ للّه وَالصَلَوَاتُ والطيِّباتُ: السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّها النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ الله وَبرَكَاتهُ، السَّلاَمَ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ الله الصَالحِيَن، أَشْهَدُ أنْ لاَ إِلهَ إِلاّ الله، وأشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ﴾ تەرجىمىسى: «جىمى مەدھىيىلەر، بەش ۋاخ ناماز ۋە باشقا جىسمانىي ئىبادەتلەر، ياخشى ئەمەللەر ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن ئى ئۇلۇغ پەيغەمبەر! بىز(نامازغا ھازىر بولغان بارلىق جامائەت ۋە پەرىشتىلەر)گە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى

---

(1) صفة صلاة النبي 159 ـ بەت.

(2) ئالدىنقىسىنى بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، كېيىنكىسىنى مۇسلىم ۋە ئەبۇ ئەۋانە رىۋايەت قىلغان.

بەندىلىرىگىمۇ ئاللاھنىڭ ئاپپىتى ۋە ئامانلىقى بولغاي. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىمدىن گۇۋاھلىق بېرىمەن»[1].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىمىزدا ھايات ۋاقتىدا بىز «ئەتتەھىياتۇ» نى ئوقۇغاندا، ﴿السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ﴾ يەنى «ئاللاھنىڭ سالامى سىزگە بولسۇن ئى ئۇلۇغ پەيغەمبەر!» دەيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ﴿السَّلاَمُ عَلَى النَّبِيِّ﴾ يەنى«ئاللاھنىڭ سالامى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!» دەيدىغان بولدۇق»[2].

ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانىي يۇقىرىقى ئەسەرىدە مۇنداق دەيدۇ: »ئىبنى مەسئۇدنىڭ بۇ ھەدىسى ساھابىلارنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چاغلاردا ساھابىلارنىڭ﴿السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ﴾ دېگەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇنى ﴿السَّلاَمُ عَلَى النَّبِيِّ﴾گە ئۆزگەرتكەنلىكى ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىش بولىشى كېرەك. »ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى)نىڭ ساھابىلارغا ﴿السَّلاَمُ عَلَى النَّبِيِّ﴾دەپ ئۆگەتتى»دېگەن «سەھىھ» ھەدىسىمۇ دېگەنلىرىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ»[3].

## «ئەتتەھىياتۇ» دىن كيىن دۇرۇد ئوقۇش

نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇشتا «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭدۇر. بۇ ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىگە كۆرە، سۈننەتتۇر[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ نامازدا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتماستىنلا دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ: «بۇ ئالدىراپ كەتتى»دېگەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ۋە باشقىلارغا خىتاب قىلىپ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىدا، ئالدى بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇ سانا، پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتسۇن،

---

(1) بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقا بارلىق ھەدىسشۇناسلار رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

(2) بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ شەيبە رىۋايىتى.

(3) الفوائد 11 ـ توم 54 ـ بەت.

(4) الفقه الإسلامي وأدلته 1 ـ توم 665 ـ بەت.

ئاندىن خالىغان دۇئاسىنى قىلسۇن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ئادەمنىڭ نامازدا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ: «دۇئا قىلغىن ئىجابەت بولىدۇ، سورىغىن ئېرىشىسەن» دېگەن[2].

دۇئا قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلىكى نامازدىكى دۇئالارغىلا خاس ئەمەس، بەلكى قانداقلا بىر ۋاقىتتا قىلىنغان دۇئالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## دۇئادىن ئاۋۋال تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: »سىلەر نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇشتا تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغىنىڭلاردىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ مۇنۇ تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەڭلار: ﴿**اَللَّهُمَّ إِنِّي أعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ، وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ**﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن، قەبرى ئازابىدىن، ھايات ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.« ئاندىن ئۆزۈڭلار ئۈچۈن خالىغان دۇئالىرىڭلارنى قىلىڭلار»[3].

## سالام بېرىشتىن بۇرۇن دۇئا قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا كۆپلىگەن ھەرخىل دۇئالاردىن گاھ ئۇنى، گاھ بۇنى ئوقۇيتتى ۋە »ناماز ئوقۇغۇچىنى بۇ دۇئالاردىن خالىغانلىرىنى ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام بېرىشتىن ئاۋۋال ئوقۇغان دۇئالار تۆۋەندىكىلەر:

1 ـ ﴿**اَللَّهُمَّ إِنِّي أعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَفِتْنَةِ الْمَمَاتِ، اَللَّهُمَّ إِنِّي أعُوذُ بِكَ مِنَ الْمأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ**﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمە، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ ھايات ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ گۇناھقا

---

(1) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايىتى.

(2) نەسائىي رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

(3) مۇسلىم رىۋايىتى.

(4) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

چۈمۈشتىن ۋە قەرزدارلىقتىن پاناھ تىلەيمە»[1].

2 ـ ﴿اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا عَمِلْتُ وَمِنْ شَرِّ مَا لَمْ أَعْمَلْ﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قىلغانلىرىمنىڭ ۋە قىلمىغانلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمە»[2].

3 ـ ﴿اللَّهُمُ بِعِلْمَكَ الْغَيْبَ وَقُدْرَتِكَ عَلَى الْخَلْقِ أَحْيِنِي مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْراً لِي وَتَوَفَّنِي إِذَا عَلِمْتَ الْوَفَاةَ خَيْراً لِي اللَّهُمَّ وَأَسْأَلُكَ خَشْيَتَكَ فِي الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ وَأَسْأَلُكَ كَلِمَةَ الْحَقِّ فِي الرِّضَا وَالْغَضَبِ وَأَسْأَلُكَ الْقَصْدَ فِي الْفَقْرِ وَالْغِنَى وَأَسْأَلُكَ نَعِيماً لاَ يَنْفَدُ وَأَسْأَلُكَ قُرَّةَ عَيْنٍ لاَ تَنْقَطِعُ وَأَسْأَلُكَ الرِّضَاءَ بَعْدَ الْقَضَاءِ وَأَسْأَلُكَ بَرْدَ الْعَيْشِ بَعْدَ الْمَوْتِ وَأَسْأَلُكَ لَذَّةَ النَّظَرِ إِلَى وَجْهِكَ وَالشَّوْقَ إِلَى لِقَائِكَ فِي غَيْرِ ضَرَّاءَ مُضِرَّةٍ وَلاَ فِتْنَةٍ مُضِلَّةٍ اللَّهُمَّ زَيِّنَّا بِزِينَةِ الإِيمَانِ وَاجْعَلْنَا هُدَاةً مُهْتَدِينَ﴾ تەرجىمىسى: « ئى ئاللاھ! سېنىڭ غەيبنى ئىلمىڭ، چەكسىز قۇدرىتىڭگە سېغىنىپ ھاياتلىقىم مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدىغان بولسا ماڭا ھايات بېغىشلىشىڭنى، ۋاپاتىم مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولسا مېنى ۋاپات قىلدۇرۇشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ئادەم بار ـ يوق ھەرقانداق جايدا سەندىن قورقىدىغان تەقۋالىقنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! رازىمەنلىك ۋە غەزەبلىك ھەرقانداق ھالىتىمدە ھەق سۆزنى ئېيتىشىمنى سەندىن سورايمەن. ئى ئاللاھ! سەندىن ئوتتۇراھال تۇرمۇشنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن تۈگىمەس نېمەت سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ئۈزۈلمەس خۇرسەنلىك سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇشۇمنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ باياشات تۇرمۇشقا مۇيەسسەر قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماستىن سېنىڭ جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ساڭا ئۇچرىشىش ئىشتىياقىنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! بىزنى ئىمانىنىڭ زىننىتى بىلەن بېزىگىن. ئى ئاللاھ! بىزنى توغرا يولدا يۈرگۈچى ۋە ئۇنىڭغا باشلىغۇچىلاردىن قىلغىن»[3].

4 ـ ﴿ اَللَّهُمَّ حَاسِبْنِي حِسَاباً يَسِيْراً﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ھېساب بېرىشىمنى ئاسان قىلغىن»[4].

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: ﴿اَللَّهُمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْماً كَثِيْراً وَلاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ فَاغْفِرْ لِي مِنْ عِنْدِكَ مَغْفِرَةً إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيْمُ﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن ئۆزۈمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) نەسائىي رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.
(3) نەسائىي ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.
(4) ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا كەڭ مەغپىرەت ۋە رەھىم قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە شەپقەت قىلغۇچىسەن»[1].

6 ـ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ تەشەھھۇدتا: ﴿**اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي اَشْهَدُ اَنَّكَ أَنْتَ اللَّهُ لاَإِلَهَ إِلاَ أَنْتَ اْلأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ، أَنْ تَغْفِرَلِي ذُنُوبِي، إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيْمُ**﴾ يەنى «ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن، سېنىڭ ھەممە ساڭا موھتاج بولغان، پەرزەنتكە ۋە ئانىغا موھتاج بولمىغان، ھېچكىم ساڭا تەڭداش بولمايدىغان يەككە ـ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىڭگە چىن قەلبىمدىن گۇۋاھلىق بەرگەن ھالدا، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمەن. سەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە شەپقەت قىلغۇچىسەن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ: «ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىندى» دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم تەكرارلىغان[2].

7 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: ﴿**اَللّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنَ الْخيرِ كُلِّه عَاجله وَآجله مَا عَلمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ، وَأَعُوذُ بكَ مِنَ الشَّرِّ كُلِّه عاجله وآجله ما عَلِمْتُ مِنْهُ وَما لَمْ أَعْلَمْ، وَأَسْأَلُكَ الجَنَّةَ وَمَا قَرَّبَ إليها مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ، وَأَعُوذُ بُكَ مِنَ النَّارِ وَمَا قَرَّبَ إليها مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ، وَأَسْأَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ ما سَأَلَكَ عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ محمدٌ صلى الله عليه وسلم، وَأَسْتَعِيذُكَ مِمَّا اسْتَعاذَكَ مِنْهُ عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ محمدٌ صَلَّى الله عَلَيْهِ وَسَلَّم، وَأَسْأَلُكَ مَا قَضَيْتَ لِي مِنْ أَمْرٍ أَنْ تَجْعَلَ عَافِيَتَهُ رَشَداً**﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن، ھازىرقى ۋە كېيىنكى ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن، ھازىرقى ۋە كېيىنكى يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە كىرىشىمگە مېنى لايىق قىلىدىغان سۆز ۋە ئەمەلنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن ۋە مېنىڭ دوزاخقا كىرىشىمگە سەۋەب بولىدىغان سۆز ۋە ئەمەلدىن پاناھ تىلەيمەن. سېنىڭدىن ياخشىلىقتىن بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سورىغانلارنىڭ ھەممىسىنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ يامانلىقتىن بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پاناھ تىلىگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. سېنىڭدىن ماڭا تەقدىر قىلغان ئىشىڭدىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى توغرا يولدا يۇرۇش قىلغىن»[3].

(1) بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(3) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان، بۇخارى«ئەدەبۇل مۇفرەد»دە قەيت قىلغان ۋە ھاكىم «سەھىھ»دېگەن ھەدىس.

8 ـ پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ تەشــەههۇد بىــلەن ســالام ئارىلىقــدا قىلىــدىغان دۇئالىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇنۇ دۇئـا ئىـدى: ﴿اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَاقَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ، وَمَاأَسْرَرْتُ وَمَــا أَعْلَنْتُ، وَمَا اَسْرَفْتُ وَمَا اَنْتَ اَعْلَمُ بِهِ مِنِّي اَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ، لاَإِلَــهَ إِلاَّ أَنْــتَ﴾ تەرجىمىسى: «ئـى ئــاللاھ! ئــۆتكەن ۋە كېيىنكــى، يوشــۇرۇن ۋە ئاشــكارا قىلغــان بــارلىق گۇنــاھلىرىمنى، ھەددىمــدىن ئاشقانلىرىمنى ۋە مەن بىلمەيـدىغان خاتـالىقلىرىمنى مەغپىـرەت قىلغىـن. سـەن ئەزەلــدىن بــار بولغــان ۋە مەڭگــۈگە قالىــدىغان زاتــسەن، سـېنىڭدىن ئــۆزگە مەبــۇد بەرھەق يوقتۇر»[1].

## سالام بېرىش

«پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئوڭ تەرىپىگە﴿اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَــةُ اللهِ﴾ دەپ سـالام بەرگىنىـدە، ئۇنىڭ يۈزىنىــڭ ئـوڭ تەرىپىـدىكى ئـاقلىقنى كـۆرگىلى بـولاتتى، ئـۇ سـول تەرىـپىگە ﴿اَلــسَّلاَمُ عَلَــيْكُمْ وَرَحْمَـــةُ اللهِ﴾ دەپ ســالام بەرگىنىــدە، ئۇنىــڭ يۈزىنىــڭ ســول تەرىپىــدىكى ئــاقلىقنى كۆرگىلى بولاتتى»[2].

«بەزىدە بىرىنچى سالامدا﴿وَبَرَكَاتُهُ﴾نى قوشۇپ ئېيتاتتى»[3].

نامــازدىن ئىككــى تەرەپــكە ســالام بېــرىش بىــلەن چىقــش ھەنەفــي مەزھىبىــدە ۋاجىبتۇر[4].

پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام مۇنــداق دەيتتــى: «نامازنىــڭ ئــاچقۇچى تاھــارەت، باشلىنىــشى تەكبىر ۋە ئاياقلىششى سالامدۇر»[5].

جانــابى ئــاللاھ نامــازنى پەيغەمبىرىمىــز ھەزرىتــى مـۇھەممەد ئەلەيهىســسالام كۆرســەتكەن بويىچە تولـۇق ئـادا قىلغۇچىلارنى مەڭگۈلـۈك بەخـتكە ئېرىـشكۈچىلەرنىڭ قاتارىـدىن قىلغـاي ۋە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام بىلەن بىرگە قىلغاي، ئامىين.

مــۇلاھىزە: ئىمــام بۇخــارى بىــلەن ئىمــام مۇســلىم رىــۋايەت قىلغــان ھەدىــسلەرنىڭ «ســەھىھ»(ئەڭ ئىــشەنچلىك)ئىكەنلىكىــدە شــەك يــوق. شــۇڭا بــۇ ئىككــى ئىمــام رىــۋايەت قىلغـان ھەدىـسلەرنىڭ («سـەھىھ» يـاكى «ھەسـەن» دېگەنـگە ئوخـشاش) مەرتىبىـسى بايـان

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائىي رىۋايىتى.
(3) ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.
(4) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 671 ـ بەت.
(5) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ھاكىملار رىۋايىتى، «سەھىھ»دەپ باھالانغان ھەدىس.

قىلىنمىدى. ئەمما بۇ ئىككى ئىمامدىن باشقا، ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسائىي، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى خۇزەيمە ۋە باشقىلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ مەرتىبىلىرى بېرىلدى.

# زاكات

## ئەھكاملىرى ۋە ئادا قىلىش ئۇسۇلى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

جىمى ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى ۋە زالالەتنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە تاقىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملاشتۇرىدىغان مۆمىنلەرگە ئەڭ ئالى سالام يوللايمەن ۋە مەڭگۈ ئامانلىق تىلەيمەن.

زاكات ــ ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان ئاساسلىق پەرزلەرنىڭ ئىككىنچىسى، ئىجتىمائىي ئىبادەتلەرنىڭ بىرىنچىسى ۋە زاكاتنى ئادا قىلىش ھەقىقىي مۆمىنلىكنىڭ ھەم ئىتائەتمەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ناماز ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان پەرزلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى بولسا، ئۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن ئىككىنچى پەرز زاكاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە زاكات نامازغا ياندىشىپ كەلگەن.

زاكات ـ زۆرۈر بولغان بىر ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. ئىسلام دىنى زاكاتنى چىقىش يولى قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ياردەم قىلىشىش، بىر ـ بىرىنىڭ غېمىنى يېيىش، قىيىنچىلىقلىرىنى بىرگە ھەل قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت بىرلىك، باراۋەرلىك ئىچىدە ئۆمىۈر سۈرۈشىنى مەقسەت قىلغان. ئىسلام شەرىئىتى بايلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدىكى پېقىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ھەقلىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى يول بىلەن ئادا قىلىشقا بۇيرىغان.

1ـ ئىختىيارىي ياردەم بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى:﴿ ھەقىقەتەن، مۆمىنلەر ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر﴾دېگەن سۆزىدىكى قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، بايلارنىڭ پېقىرلارغا ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىگە خەير ـ ئېھسان، سەدىقە ۋە ساخاۋەت نامىلىرى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ماددىي ياردىمىدۇر.

2ـ مەجبۇرىي ياردەم بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ :﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى (ئۆز جايىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ) ئادا قىلىڭلار﴾ۋە ﴿زاكات ـ پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا، ئىبىن سەبىللەر (پۇلسىز قالغان مۇساپىرلار)گە بېرىلىدۇ﴾ دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، جەمئىيەتتىكى بايلارنىڭ ئايەتتە

بايـان قىلىنغـان شەخـسلەرگە پـۇل ـ ماللىرىـدىن مەلـۇم مىقـداردا زاكـات بېرىـشتىن ئىبـارەت بولغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئىـسلام دىنـى مۇسـۇلمانلارنىڭ بايلىرىغـا زاكـاتنى پەرز قىلىـش بىـلەن دۇنيـادىكى ھەر قانـداق بىـر دىـن يـاكى يەرلىـك ئىقتىـساد قانۇنلىرىـدا بولمىغـان ئالاھىـدە پەرقلىـق ئىلغـار ئىجتىمـائىي ھەمكارلىــششىشى قــانۇننى بەرپــا قىلغــان بولــدى. ئىــسلام دىنىنىــڭ بــۇ ئەۋزەللىكىنـى باشـقا دىنـدىكىلەرمۇ ئېتىـراپ قىلماقتـا. بـۇ توغرىلىـق غەرب يازغۇچىلىرىنىـڭ قىممەتلىـك ئەسـەرلىرى بـاردۇر. مەسـىلەن: غەربلىـك يـازغۇچى WEELES.G.H ئەپەنـدى مۇنداق دەپ يازىـدۇ:« ھەقىـقەتەن ئىـسلام دىنـى ھەر قانـداق بىـر ئىجتىمـائىي تەڭـسىزلىكتىن ئازات بولغان، ئادالەتلىـك بىـر جەمئىيەتنـى بەرپـا قىلغانىـدى». ئاتـاغلىق ئىجتىمـائىي ئىشلار مۇتەخەسسىــسى دوكتــۇر LUDORS.J ئەپەنــدى مۇنــداق دەپ يازىــدۇ: «پۈتــۈن دۇنيــانى ئاۋارە قىلىۋاتقـان ئىككـى چـوڭ قىيىنچىلىقنـى ئىـسلام دىنىنىـڭ ھەل قىلغـانلىقىنى بايقىـدىم: ئۇنىـڭ بىـرى، قۇرئانـدىكى﴿مـۆمىنلەر ئۆزئـارا قېرىنداشـلاردۇر﴾دېـگەن دەسـتۇر؛ يەنە بىـرى، ئىـسلام دىنىنىـڭ پـۇل ـ مـال ئىگىلىـرىگە زاكـاتنى پەرز قىلغانلىقىـدۇر ». مەشـھۇر يـازغۇچى MARKOS.L ئەپەنـدى مۇنـداق دەپ يازىـدۇ:« ئىـسلام دىنىـدىكى زاكـات ـ مـال ـ مۈلـۈك سـاھىبى بولغـان پۈتـۈن مۇسـۇلمانلارغا بۇيرۇلغـان دىنىــي بـاج بولـۇپ، ئـۇ زۆرۈر بولغـان ئىجتىمـائىي قانۇنـدۇر. بـۇ ئىـسلام دۆلىتىنىـڭ يوقسۇللارنى يۆلەشـتىكى مەنبەسـىدۇر. زاكـات ئادالەتلىـك پرىنـسىپلار بىـلەن ئېلىـپ بېرىلىـدۇ. بـۇ قـانۇننى ئىنسانىيەت تارىخىـدا تـۇنجى بولۇپ ئىـسلام دىنـى ئىجـاد قىلغـان. بـۇ قـانۇن ئادالەتلىـك ۋە شـەپقەتلىك بىـر جەمئىيەتنىـڭ مەيـدانغا كېلىــشىگە كاپالەتلىــك قىلىــدۇ. شــۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىــشقا بولىــدىكى، ئىــسلام دىنىنىڭ بۇ قانۇنى ھېكمەت ئۈستىگە قۇرۇلغان».

مەلـۇمكى ئىگىــدارچىلىق ئىككىــگە بۆلۈنىــدۇ: بىــرى، شەخـسىي ئىگىــدارچىلىق، يەنە بىـرى، كوللېكتىـپ ئىگىدارچىلىقىدۇرشەخسىي ئىگىـدارچىلىق دېگىنىمىـز، جەمئىيەتتىكـى مــۇئەييەن شــەخس ۋە شەخــسلەرنىڭ ئــۆز ئالــدىغا مۇســتەقىل ھالــدا مــال ـ مۈلــۈككە ئىگىـدارچىلىق قىلىـشى. ئەممـا كوللېكتىـپ ئىگىــدارچىلىقى دېگىنىمىـز، ھۆكـۈمەت، دۆلەت ۋە باشـقا مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئىلكىــدىكى ئىگىــدارچىلىقتۇر. كوللېكتىــپ ئىگىــدارچىلىقى تـۈزۈمى دۇنيانىـڭ قانـداقلا يېرىـدە بولمىسۇن بىـردەك ئېتىـراپ قىلىنىـپ كەلمەكتە. تـالاش ـ تــارتىش پەقەت شەخــسىي ئىگىــدارچىلىق مەسىلىــسىگە مەركەزلىــشىدۇ. يەرلىــك قــانۇنلاردىكى شەخــسىي ئىگىــدارچىلىق تۈۋەنــدىكى ئىككــى تــۈرگە بۆلـۈنمەكتە. ئەينـى ۋاقىتتا بۇلار بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى قان ئىدى.

1ـ سوتسىيالىزم قانۇنى

ماركسىزمچىلار شەخسىي ئىگىدارچىلىقنى ۋە تەبىقە ئايرىشنى تولۇقتىن ئىبلىپ تاشلاپ، ھەر كىشىنىڭ پۇتۇن كۈچى بىلەن ئىشلىشىنى، ئاندىن ” ھەركىم ئىشلىگىنىگە قاراپ يەيدۇ، ھەركىمگە ھاجىتىگە قاراپ بېرىلىدۇ “ دەيدىغان پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈشنى قارار قىلىدۇ. مەلۇمكى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بېيىمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قانۇندا شەخسىي ئىگىدارچىلىققا ھەرخىل چەكلىمىلەر قويۇلغانلىقتىن جەمئىيەت تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئىنسانلار بۇ قانۇننىڭ يولگۇزۇلىشىنى(ئەمەلىيىتىنى) باشتىن كەچۈرۈپ كۆردى. گەرچە ماركسىزمچىلار تەڭسىزلىككە قارشى تۇرىمىز دېگەن دەۋا بىلەن بايلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىپ ۋە مۇسادىرە قىلىپ ئېلىۋالغان بولسىمۇ، نەتىجىدە، بايلارمۇ يوقسۇل، بۇرۇنقى يوقسۇللارمۇ يەنە يوقسۇل بولىۋەردى. جەمئىيەتمۇ تەرەققىي قىلالمىدى. يوقسۇللارنىڭ ھالىنى ياخشىلايمىز، دېگەن باھانە بىلەن بايلاردىن تارتىۋېلىنغان بايلىقلار يوقسۇللارغا ئەسقاتمىدى. ئۇنداقتا بۇ بايلىقلار نەگە كەتتى؟ ئېنىقكى، بۇ بايلىقلار زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىغا تەھدىد سالىدىغان قىرغۇچى قوراللارنى ياساشقا كەتتى، بەس.

مەلۇمكى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي تېپىشى، خەلقنىڭ بېيىشى ۋە تۇرمۇش ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشى ئۈچۈن شۇ جەمئىيەتتىكى بايلارنىڭ رولى چوڭدۇر. زامانىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان ياۋروپا دۆلەتلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. قايسىبىر سوتسىيالىستىك دۆلەت ئاممىنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالىدى؟ قايسىسى پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇۋقىرى كۆتىرەلىدى؟ يوق! بەزىسى ماركسىنىڭ خىيالى جەننىتىگە يېتىش يولىدا تارمار بولدى، بەزىسى ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك نەزەرىيىسىدىن ۋاز كېچىپ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە بازار سودىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىقلا ئۆزىنى بىر ئاز ئوڭشىۋالالدى.

2ـ كاپىتالىزم تولۇقمى بولۇپ، بۇنىڭدا شەخسىي ئىگىدارچىلىق ئەركىنلىكى چەك ـ چېگرىسىز قويۇپ بېرىلگەن. بۇ تۈزۈم سايىسىدا، كاپىتالىستلار ۋە باشقا مۈلۈكدارلار دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىساد ۋە سىياسىتىنى مونپول قىلىۋېلىپ ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغانلىقتىن پۇقرالارنىڭ تەقدىرى شۇ بىر ئوچۇم كاپالىستلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قالغان، دۆلەتمۇ شۇ بايلارنىڭ تەھدىدلىرىدىن قورقۇپ ياكى بەرگەن پارىلىرىغا ئالدىنىپ ئومۇم خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن ۋازكېچىدىغان بولۇپ قالغان. پېقىرلار يوقسۇللۇقتىن ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالسىمۇ جەمئىيەت ياكى دۆلەت ئۇلارنى يۆلىمىگەن. نەتىجىدە، جەمئىيەتتە بايلار ۋە يوقسۇللاردىن ئىبارەت ئىككى تەبىقە بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك قىلىشىش سەۋەبى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى بۇزۇلغان ۋە بايلارنى يوقىتىش ئۈچۈن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىغا چىققان.

ئەمما ئىسلام قانۇنىدىكى شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقى قانۇنىغا كەلسەك، ئىسلام دىنى بۇ ئىككى ئىگىدارچىلىق ئوتتۇرىسىدا توغرا ۋە ئادالەتلىك يولنى تۇتقان. ئىسلام دىنى شەخسىي ئىگىدارچىلىقنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، بايلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى پۇل ـ ماللاردىن شۇ جەمئىيەتتىكى پېقىر، يېتىم ـ يېسىر، تۇل ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىگە، ئومۇم خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا بېرىشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىدى. مانا بۇ زاكاتتۇر. ئىسلام نەزەرىدە، جەمئىيەتتىكى ھەر بىر پۇقرا مۇستەقىل كىشىلىك ھوقۇقا ۋە جەمئىيەتتىكى بىر ئەزالىق سالاھىيىتىگە ئىگىدۇر. ئىسلام دىنىدىكى كىشىلىك ۋە كوللېكتىپتىن ئىبارەت ئىككى ئىگىدارچىلىق ھېچ ۋاقىت بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. شۇنداقلا، جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بايلار ۋە پېقىرلار دەپ ئىككى تەبىقىگە بۆلۈنۈپ، بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشمايدۇ، ئۇرۇش ئېچىشمايدۇ. يوقسۇللار ـ سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكىدەك ــ بايلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانمايدۇ، بايلارمۇ ــ كاپىتالىزم تۈزۈمىدىكىدەك ـ ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا تايىنىپ دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سىياسەت ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋالالمايدۇ. نەتىجىدە، ھەممە ئوخشاش پاراۋانلىق، ئىناقلىق ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە بەختلىك ھايات كەچۈرەلەيدۇ.

كاپىتالىزم تۈزۈمىدە بايلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مال ـ مۈلۈكتىن پېقىرلارنى بەھرىمەن قىلىش قانۇنى بولمىغانلىقتىن، بايلار تەبىقىسى بىلەن نامراتلار تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدا سوغۇق زىددىيەتلەر جىددىي باش كۆتۈرگەن. نەتىجىدە بايلارنىڭ بېسىپ ياتقان پۇل ـ ماللىرىنى نامراتلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىمىز، دېگەن سەپسەتە بىلەن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىغا چىققان. سوتسىيالىزمچىلار بايلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، پۈتۈن خەلقنى ئاچ ـ يالىڭاچ قالدۇرۇپ، ھەممىنى ئۆزلىرىگە چوقۇندۇردى. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاسىتە تۈزۈپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىغا ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان پەرزلەرنى جايىدا ئادا قىلغان بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يوقسۇللۇق، ئىشسىزلىق ۋە مۇھتاجلىق قاتارلىق يېتەرسىزلىكلەرگە ئاللىبۇرۇن خاتىمە بېرىلگەن بولار ئىدى. نەتىجىدە، كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈملىرى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن ئۆزلىرىنى سىغدۇرۇشقا بوشلۇق تاپالمىغان بولار ئىدى.

ئىسلام دىنى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئالتۇن دەۋرلەردە، خۇسۇسەن ئەمەۋىيلەر خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ زاكات ماللىرىنى بېرىدىغان پېقىر تاپالمىغانلىقىنى تارىخلاردىن ئوقۇۋاتىمىز. ھەقىقىي ئىسلامىي جەمئىيەت، بايلار پېقىرلارغا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا مېھرى ـ شەپقەت قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ دەرتلىرىنى

ۋە يۈكلىرىنى تەڭ كۆتىرىدىغان پەزىلەتلىك بىر جەمئىيەتتۇر. ئىسلام دىنىدىكى بۇ ئىناقلىق ۋە ھەمكارلىق تۈزۈمى قەلبلەردىن كۆتۈرۈلگەن دەۋرىمىزدە مۇسۇلمانلار چۆكۈشكە باشلىدى. زامانىمىزدا مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ھەرخىل بەختسىزلىكلەر ۋە ئېزىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىكى ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىشىش روھىنىڭ يوقالغانلىقىدىن بولدى. زاكاتمۇ خاتىرجەملىك، بىرلىك، ئىناقلىق ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق قاتارلىق ياخشى ئىشلاردا جەمئىيەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر خىل ئىبادەتتۇر. زاكات مۇسۇلمان مۈلۈكدارلىرىغا بۇيرۇلغان بىر دىنى مەجبۇرىيەتتۇر. ئۇلار بۇ زاكاتنى مەمنۇنلۇق بىلەن ھېچ مىننەت قىلماستىن ئادا قىلىدۇ، ئۇنى ئالغۇچى ئېھتىياج ئىگىلىرىمۇ يۈزىنى قىزارتماستىن ئاللاھ تائالا ماڭا بۇيرىغان ھەققىمنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتىمەن دېگەن ئاساستا ئالىدۇ. نەتىجىدە، بۇلاردا — بايلار بىلەن پېقىرلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، دۈشمەنلىك ۋە ئىناقسىزلىق دېگەندەك ئىللەتلەر بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق، بىرلىك ۋە ھەمكارلىق كۈچىيىدۇ. جەمئىيەت مانا بۇنىڭ بىلەن گۈللەپ ياشنايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن : «ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىنىڭ قولىدىكى پۇل ـ ماللىرىدا، ئۇلارنىڭ پېقىرلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا يېتەرلىك رەۋىشتە زاكاتنى پەرز قىلدى. مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ پېقىرلىرى ئاچ، يالىڭاچ قالمايدۇ. ئەگەر بايلار بۇ ۋەزىپىسىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ».

ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە بايلىقنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامداشقا يېتەرلىك مىقداردا ياراتقان بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ يولسىزلىق سەۋەبلىك بۇ بايلىقلار جايىدا قوللىنىلمىغانلىقتىن دۇنيادا ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق ۋە نامراتلىق دېگەنگە ئوخشىغان بەخسىزلىكلەر يۈز بېرىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: بىرازىلىيە "تۇخۇمنىڭ خەلقئارادىكى باھاسىنى چۈشۈرمەيمىز" دېگەن دەۋا بىلەن مىلياردلارچە تۇخۇمنى دېڭىزغا تۆكۈۋەتمىسە، يەنە بىر دۆلەت ھەر يىلى تونىلاپ كافىنى ئوخشاش دەۋا بىلەن دېڭىزغا تۆكمىسە، ئامېرىكا "بۇغدايىنىڭ خەلقئارادىكى باھاسىنى ساقلاپ قالىمىز" دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزى ۋە ئۆزىگە بېقىنىدىغان دۆلەتلەردىكى تېرىمچىلارغا ھەر يىلى كۆپ مىقداردا دوللار بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇغداي ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى تېرىشتىن مەنئى قىلمىسا، ئۇلاردىن پېقىرلار مەنپەئەتلەنگەن ۋە دۇنيادا ئاچارچىلىق بولمىغان بولاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن، دۇنيادا نوپۇس ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى ئاشۇرۇشقا يېتەرلىك پەن ـ تېخنىكا ئۇسۇللىرى شۇنچىلىك كۆپ ئىجاد قىلىنماقتا.

ئـاللاھ تائـالا ياراتقـان زېمـىن ئىنـسانلارنىڭ ھەممـىسىنىڭ تويغـۇدەك ئوزۇقلىنىـشى ئۈچـۈن يېتەرلـىك زىرائەتلەرنـى چىقىرىـپ بېرىـشكە يېتەرلىكتـۇر. مەسـلەن: قۇرغـاقچىلىق بىر ۋاقىتتا ھەممە جايدا يـۈز بەرمەيـدۇ. بىـر مەملىكەتـتە قۇرغـاقچىلىق يـۈز بەرگەن بولـسىمۇ، ، باشـقا مەملىكەتـلەر ئۈنىڭـدىن ئامـان قالـدۇ. بـۇ ۋاقىتتـا قۇرغـاقچىلىق يـۈز بەرمـىگەن مەملىكەتلەردىكـى مـول ھوسـۇل ئادەتتىكـدىن كـۆپ چىقىـدۇ، بـۇ مەھـسۇلاتلاردىن بىـر قىـسمىنى قۇرغـاقچىلىق يـۈز بەرگەن مەملىكەتتىكـى ئىنـسانلار ئۈچـۈن يەتكـىسە ھەممـىگە يېتىـپ يەنە ئاشـىدۇ. بـۇ ئـاللاھ تائالانىـڭ ئـادالىتى ۋە رەھمىتىـدۇر، بىـرلا ۋاقىتتـا دۇنيانىـڭ ھەممىـلا يېرىـدە قۇرغـاقچىلىق بولمايـدۇ. تېرىملارنىـڭ ھەممىـسى تېرىلـسا، مەھـسۇلاتلار ئـادالەت بىـلەن تەقـسىم قىلىنـسا دۇنيـادا ئـاچلىقتىن، يوقـسۇللۇقتىن زارلىنىـدىغان ئـادەم قالمايـدۇ. لېكىن ئىنـسانلارنىڭ يولـسىزلىقى ئـۆزلىرىنى ۋە باشـقىلىرىنىمۇ شـاقاۋەت گىرداۋىغـا چۈشـۈرمەكتە. ئىنـسانلارنىڭ بەختلىـك ياشـىشى ئۈچـۈن ئـاللاھ تائالانىـڭ قانۇنىغـا قايتىشتىن باشقا يول يوقتۇر!

ھۆرمەتلىـك كىتابـخان! قـولىڭىزدىكى بـۇ كىتـاب ئىـسلام دىنىنىـڭ ئىككىنچـى مـۇھىم پەرزى بولغـان زاكـاتنى قۇرئـان ۋە ھەدىـسلەرنىڭ روھىغـا ئاساسـلانغان ھالـدا چۈشـەندۈرۈپ بېرىـدۇ. بۇ كىتاب 4 بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ،

1. بۆلۈم: ئىسلام دىنىدىكى زاكات.

2. بۆلۈم: زاكاتنىڭ پەرزلىكى.

3. بۆلۈم زاكات كېلىدىغان ماللار

4. بۆلۈم زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر.

بۇ كىتابنى يېزىـپ چىقىـشتا قۇرئـان كەرىـم ۋە سـەھىھ ھەدىـسلەرنى مەنبە قىلـدىم. ئىـسلام دۇنياسـىدىكى زاكـات توغرىلىـق يېزىلغـان نوپۇزلـۇق ئەسـەرلەرگە مـۇراجىئەت قىلـدىم. بـۇ ئىـشىمنىڭ ئـاللاھ رازىلىقـى ئۈچـۈن قىلىنغـان ياخـشى ئەمەل قاتارىـدا قىلىنىـشىنى جانـابى ئاللاھ تائالادىن سورايمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ

2002 ـ يىل، 15 ـ مارت.

# بىرىنچى بۆلۈم: ئىسلام دىنىدىكى زاكات

## زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

زاكات- ئىسلام دىنىدىكى پەرزلەرنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا زاكاتنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىغا پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. ئىسلام نەزەرىدە ئىماندىن قالسا ئەڭ بىرىنچى پەرز نامازدۇر، نامازدىن كېيىن ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت زاكاتتۇر. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ گۇۋالىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش ۋە قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش»(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

زاكات قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ 82- ئايىتىدە ناماز بىلەن ياندىشىپ كېلىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىسلام نەزەرىدىكى يۈكسەك ئورنى ۋە زور ئەھمىيىتى بىلدۈرۈلگەن. چۈنكى زاكاتنى ئادا قىلىشمۇ خۇددى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشنىڭ زۆرۈر بولغىنىدەك، زۆرۈر بولغان ئىبادەتتۇر.

زاكات- ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. زاكات سۆزى ئەرەپ تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە «پاكلاش» ۋە «ئۆستۈرۈش» دېگەن ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ ئىككى مەنىنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىرگە ئىپادىلەش مەقسىتىدە بۇ ماۋزۇ ئۈچۈن زاكات سۆزىنى ناھايىتى ھېكمەت بىلەن تاللاپ ئالغان. چۈنكى، پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىغانلىق ھەقىقەتتە ھاجەتمەنلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئايرىش ئارقىلىق ئۆز نەپسىدىكى بېخىللىق ئىللەتلىرىنى پاكلىغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىدىن زاكات ئېلىشقا بۇيرىغان ئايەتتە مۇنداق دېگەن:﴿ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى زاكات ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلاردىن ۋە بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن) پاكلىغايسەن، (ياخشىلىقلىرىنى پۇل- ماللىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾(تەۋبە سۈرىسى 103- ئايەت).

## زاكات بېرىشنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا بەرگەن پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئۇلۇغ ئىبادەتلەرنىڭ بىرى بولغىنىدەك، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن پۇل- مالدىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدۇ﴾. (بەقەرە سۈرىسى 3- ئايەت).

ناماز، روزا ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشىغان ئىقتىساد تەلەپ قىلمايدىغان ئىبادەتلەرنى ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۆزىگىلا ئادا قىلىدۇ. ئەمما تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان مال- دۇنيادىن بىرقىسمىنى ئايرىپ ھاجەتمەنلەرگە بېرىشنى كېرەك قىلىدىغان زاكاتقا ئوخشىغان ئىجتىمائىي ئىبادەتنى پەقەت ھەقىقىي مۆمىن بولغان كىشىلەرلا تولۇق ئادا قىلالايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ روھىنى (ناچار ئىللەتلەردىن) پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾دەيدۇ. (شەمس سۈرىسى 9- ئايەت).

ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل- مالنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ھەسسىلەپ كۆپىيىدىغانلىقىنى ۋە سەرپ قىلغۇچىنىڭمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەسسىلەپ ساۋاپقا ئېرىشىدىغانلىقىنى قۇرئان كېرىم مۇنداق بىر مىسال بىلەن ئىپادىلەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل- مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دىن دان تۈتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ بېرىدۇ﴾ (بەقەرە سۈرىسى 261- ئايەت).

## زاكاتنىڭ بۇيرۇلۇشى

زاكات پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىنىدىن18- ئاي كېيىن يەنى ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى شەۋۋال (قەمەرىيە 10- ئاي)دا پەرز قىلىنغان.

زاكات ئىسلام دىنىدىكى بەش چوڭ پەرزنىڭ بىرى بولغانلىقى سۈپىتى بىلەن، زاكات بېرىش شەرتىگە توشقان ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرز ئەيىندۇر. زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجما دەلىللىرى بىلەن تەكىتلەنگەن.

1- قۇرئان دەلىلى: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:﴿ نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى (ئۆز جايىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ) ئادا قىلىڭلار﴾(بەقەرە سۈرىسى 43-

ئايەت).

2. ھەدىس دەلىلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سەن ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر قوۋمنىڭ يېرىگە كېتىۋاتىسەن. ئاۋۋال ئۇلارغا، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقلىقىنى، مېنىڭ راستىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى ئۆگەتكىن. ئاندىن ئۇلارنى بۇنىڭغا چىن ئىشىنىپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئۇلار شاھادەت كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا نىڭ ئۇلارغا كېچە- كۈندۈزنىڭ مۇئەييەن ۋاقىتلىرىدا ئادا قىلىنىدىغان بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئۆگەتكىن. ئۇلار نامازنى ئادا قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئۇلار بۇ پەرزنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن زاكات ئالغىن. زاكات يىغىشتا ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن تاللاپ ئېلىشتىن ساقلانغىنكى، بىچارىلەرنىڭ پەريادلىرىدىن قورققىن. چۈنكى ئاللاھ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسالغۇ يوقتۇر»(بۇخارى رىۋايىتى).

3. ئىجما دەلىلى: پۈتۈن ئىسلام مىللىتى زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئىسلام ئاساسلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان كىشىنىڭ ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا بىردەك ئىتتىپاقتۇر. زاكاتنى ئادا قىلىش زاكات بېرىش شەرتىگە توشقان ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. زاكات بېرىشكە ئىقتىدارى بار تۇرۇپ ئۇنى ئادا قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى زاكاتنى ئادا قىلىش مەسىلىسى سەدىقە، ئېھسانغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ پۇل- مېلى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن مۇسۇلماندىن ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىدىغان ئىقتىسادىي مەجبۇرىيىتىدۇر.

## زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە غايىسى

پېقىرلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن بىر نوقساندۇر. پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ جەمئىيەتتىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئوخشاش پاراۋانلىققا، باراۋەرلىككە ۋە بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشنىڭ بىردىن- بىر چارىسى مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ ئۈستىگە مەلۇم مىقداردا زاكاتنى پەرز قىلىپ بۇيرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پېقىرلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا بۇ مۇقەددەس پەرزنى بەلگىلەش ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ھازىرقى

دەۋرىمىزدە، بايلاردىن زاكاتنى يىغىپ پېقىرلارغا تارقىتىش ئىشىنى بېۋاستە ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئىسلام ھاكىمىيىتى بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بۇ پەرزنى ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ۋىجدانى ۋە ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تولۇق ئادا قىلىشى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشى ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

« زاكات- بىر- بىرى بىلەن ياردەملىشىدىغان بىر- بىرىنى سۆيىدىغان ئادالەتلىك شەپقەتلىك بىر جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئاملىدۇر. چۈنكى، زاكات بايلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن جەمئىيەتتىكى پېقىرلارنىڭ ھالىنى ياخشىلىغانلىقى سەۋەبى بىلەن پېقىرلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى بايلارغا قارىتا ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە كۆرەلمەسلىك تۇيغۇلىرىنى يىگىپ بايلار بىلەن پېقىرلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سۆيگۈ ۋە ھەمكارلىقنى پەيدا قىلىش ۋە دىنىي قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەختلىك ھايات سۈرۈشىگە كېپىللىك قىلىدىغان بىر ئېسىل ئىبادەتتۇر» («موسوعة اقصاد الإسلامي» 23- بەت. ئا.مۇنئىم جامال).

قۇرئان كەرىم بىزگە پاراۋانلىق دەۋر سۈرىدىغان بىر ئېسىل جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىم قىلىشنىڭ ئەڭ يۈكسەك سەۋىيىدىكى مەدەنىي ھەم ماددىي پرىنسىپلىرىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا قۇرئان پرىنسىپلىرى يەر يۈزىدىكى ئەڭ مۇكەممەل پرىنسىپلار ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، شەخسىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدا ئەڭ ئادىل ۋە مۇناسىپ يولنى تۇتقان.

## ئىسلام نەزىرىدە پۇل- مالنىڭ ماھىيىتى

ئىسلام دىنى نەزەرىدە، ئىنسانلار قانچىلىك كۆپ پۇل- مال ئىگىسى بولسۇن ۋە بۇلارنى قانچىلىك جاپا بىلەن ئىشلەپ تاپقان بولسۇن ئۇلار قوللىرىدىكى مال- مۈلۈكنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى ئەمەستۇر. بەلكى ئۇلار قوللىرىغا كەلگەن بۇ پۇل- ماللارنى سەرپ قىلغۇچى ۋە كىلىلەر، بەس. چۈنكى مال- مۈلۈكنىڭ ئەسلى ئىگىسى ۋە ئاتا قىلغۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر! قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: ﴿ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر﴾ (تاھا سۈرىسى 6- ئايەت).

ئاللاھ تائالا مال- دۇنيانى ئىنسانلارغا ئىككى مەقسەت بىلەن بېرىدۇ: بىرى ئۇلارغا ئېھسان ۋە ئىنئام قىلىش؛ يەنى بىرى، ئۇلارنى بۇ مال- دۇنيا بىلەن سىناش يۈزىسىدىن

بېرىدۇ. مال- دۇنيا كىشىلەرنىڭ ئېتىقادارى ۋە كۈچ- قۇۋۋىتى سەۋەبلىك ئىگە بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئاتاسى ۋە ئېھسانىدۇر. ئوخشاش ئېتىقادارغا، ئوخشاش دىپلوم ۋە ئوخشاش دەرىجىگە ئىگە، بىر ئىشتا ئىشلەيدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ باي قىلىدىغانلىقى يەنە بىرىنى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك ياكى پېقىر قىلىدىغانلىقى بىر رېئاللىقتۇر. ئەگەر مال- دۇنيا ئېتىقادار بىلەنلا قولغا كېلىدىغان نەرسە بولىدىغان بولسا ئىدى، يۇقىرىقى ئىككى ئادەم ئېتىسادىي جەھەتتە ئوخشاش بولغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان پۇل- مالنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇردۇر. بۇ بولسىمۇ زاكاتتۇر. شۇڭا زاكات بەرگۈچىنىڭ «مەن پېقىرلارغا ئۆز مۈلكۈمدىن خەير- ئېھسان قىلىۋاتىمەنغۇ» دەپ مىننەت قىلىشقا ھەققى يوقتۇر. ئەگەر زاكاتنى مىننەت بىلەن بېرىدىكەن، ئۇنىڭ بەرگەن زاكىتى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى زاكاتنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان ئامانەتنىڭ تېگىشلىكىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قولىدا قالغان قىسمىنى ھارامدىن ( يەنى پېقىرلارنىڭ ھەققىدىن) پاكلىغان كىشىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! پۇل- مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن (زاكات ۋە سەدىقە)ڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق ئادەم خۇددى ئۈستىگە تۇپا- چاڭ قونۇپ قالغان،قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) يۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾. (بەقەرە سۈرىسى 264- ئايەت).

## ئىسلام نەزەرىدە پۇل- مالنىڭ ۋەزىپىسى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە پېقىرلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چوڭ بىر يېتەرسىزلىك دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پاراۋانلىق، باراۋەرلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. ئىسلام دىنى شەرىئىتى بويىچە مال- مۈلۈكنىڭ ۋەزىپىسىنى تۆۋەندىكىدەك 3 كە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

1- پۇل- مالنى ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋە بۇيرۇلغان يوللار بىلەن كۆپەيتىش.

2- پۇل- مالنى ئېھتىياجغا قاراپ ئىسراپ قىلماستىن، ھەددىدىن ئاز قىسۋالماستىن،

بىخىللىق قىلماستىن نورمال ھالدا قوللىنىش.

3- پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئايرىش ۋە سەدىقە، ياردەم، ئېھسانغا ئوخشاش ئىختىيارى ياردەم ۋاستىلىرى بىلەن ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ياخشىلىق قىلىش.

يۇقىرىقىلار ئىسلام دىنىنىڭ پۇل- مالنى تەسەررۇپ قىلىشتىكى كۆرسەتمىسىدۇر.

## ئىسلام نەزىرىدە ئىشلەشنىڭ قىممىتى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ئىشلەشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئىشلىگەننىڭ شەنىنى، قەدىر- قىممىتىنى ئالاھىدە كۆتۈرگەن يېگانە دىندۇر. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقئارالىق رىقابەتكە دادىل كىرىپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى يولىدا ئىشلەشنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن نەرسىسىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾ دەپ كۆرسەتكەن. (نەجم سۈرىسى 39- ئايەت).

خەلقىمىزدىمۇ:« ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېيدىغان ھېكمەت بار. ھالال رىزىق تېپىش يولىدا ئىشلەش ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە مۆتىۋەر ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان زاكات، ھەج، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە جىھاد قاتارلىق ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردىن باشقا پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىنساننىڭ ساقلىقى ۋە بەدەننىڭ كۈچ- قۇۋۋىتى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەلۇمكى، تەن ساغلاملىقىنى ۋە بەدەننىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاش ئىشى كۆندىلىك كىرەكلىك يېمەك- ئىچمەكلەرنى تەمىنلەيدىغان ئىقتىسادقا مۇھتاجدۇر. ئىقتىساد پەقەت ئىشلەش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئىشلەش تەرەققى قىلىشنىڭ ئالدىنقى ئاملىدۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىم پۇل- مال تېپىش ئۈچۈن ئىشلەشنى ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئىبادەت دائىرىسىدىن ساناپ مۇنداق دېگەن: ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارقىلىپ (ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ) ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىڭلار﴾(جۇمۇئە سۈرىسى 10- ئايەت).

ئاللاھ تائالا ئىشلەشنىڭ قەدىر- قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئەر- ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى (دۇنيادا) ئەلۋەتتە ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاپ بېرىمىز﴾(نەھل سۈرىسى 97- ئايەت).

ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنىڭ دائىرىسى شۇنچىلىك كەڭ بولۇپ، ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممە

تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئىجتىمائىي خىزمەتلەر، دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەشلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۇللارغا، پېقىرلارغا ياردەم قىلىش يولىدا يۈرگەن كىشى ئاللاھ يولىدا جىھادقىلغان مۇجاھىدغا ياكى كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان ئابىدقا ئوخشاشتۇر» دېگەن (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ: «ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش پەرزدۇر»دېگەن. (ئەھمەت رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:«ھالال رىزىق تېپىش يولىدا ئىشلەش جىھادتۇر» دېگەن(سۇيۇتى رىۋايىتى)

«دۇنيالىقنى دەپ ئاخىرەتلىكى ياكى ئاخىرەتلىكىنى دەپ دۇنيالىقنى تەرك ئەتكەن كىشى سىلەرنىڭ ياخشىلىڭلار ئەمەس. ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ئىشلەش كېرەك. چۈنكى دۇنيا ئاخىرەت يولىدىكى بىر قونالغۇدۇر. ئىشلەڭلار، كىشىلەرگە يۈك بولىۋالماڭلار» دېگەن.(دىلمى رىۋايىتى)

«قۇرئان ئايەتلىرى، پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى ۋە بۇرۇنقىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىشلەشنىڭ ئىسلام نەزەرىدە قانچىلىك قەدىر- قىممەتكە ئىگە ئىبادەت ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە. قۇرئاندا « ئىشلەش» دېگەن ئىبارە 359 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئىشلەشكە ۋە شۇ ئارقىلىق تەرەققى قىلىشقا چاقىردى. ئىشلەشكە قادىر بولغانلار ئۈچۈن ئىشلەشنى پەرز قىلدى. دېمەك، ئىشلەش ھەقىقىي ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ ئايەتلىرىدە« ئەمەل(يەنى ئىشلەش)»نى ئىمانغا يانداشتۇرۇپ بايان قىلغان ».(« مشكلة الفقر» يۇسۇف ئەل قەرداۋىي 26- بەت)

شۇڭا دەيمىزكى، ئىشلەش پېقىرلىققا خاتىمە بېرىش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش يولىدىكى ئالدىنقى ئامىلدۇر.

## مال- دۇنيا غايە ئەمەس

ئىسلام نەزەرىدە مال- دۇنيا غايە ئەمەس. بەلكى ئۇ غايىگە يېتىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ ھالالدىن تاپقان مال- دۇنياسىنى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ياخشى

ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىششتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىگە يېتىشىنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(ھالالدىن تاپقان) ياخشى مال- دۇنيا ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى بىلىدىغان ياخشى ئادەم ئۈچۈن نېمە دېگەن ياخشى- ھە!» (ھافىز ئىراقىي رىۋايىتى).

كىمكى مال- دۇنيانى ئۆزى ئۈچۈن غايە قىلىۋېلىپ، ھالال- ھارامنى ئايرىماستىن توپلايدىكەن ۋە ياخشى- يامانني ئايرىماستىن سەرپ قىلىدىكەن، مۇنداقلارنىڭ مال- دۇنياسى ئۆزىنىڭ دۇزاختىن ئورۇن ئېلىشىغا يېتەرلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: « ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھارامدىن مال- دۇنيا تاپقان كىشىنىڭ تاپقانلىرىغا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ قىلغان سەدىقىسىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىغا ھارامدىن قالدۇرغان مىراسلىرى ئۇنىڭ دۇزاختىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. چۈنكى نىجىس (يەنى ھارام) نىجىسنى يوق قىلالمايدۇ. پەقەت پاكلار بىلەنلا نىجىسلار پاكلىنىدۇ» ( ئەھمەد ۋە بەيھەقىي رىۋايىتى).

## زاكات بېرىشنىڭ پايدىلىرى

## زاكات بېرىشنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى:

زاكاتنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرىنى تۆۋەندىكى 5 نوقتىغا قىسقارتىشقا بولىدۇ:

1- مال- مۈلكنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدىن بولغان بىر ئىجتىمائىي پەرزنى بەرپا قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز رەھمەت ۋە مەغپىرىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:﴿ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكاتنى ئادا قىلغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاپقا ئېرىشىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ غەم- قايغۇ ۋە قورقۇنچ بولمايدۇ﴾ (بەقەرە سۈرىسى 277- ئايەت).

2- زاكاتنى ئادا قىلغان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغان ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:﴿ مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى (چۈنكى) ئۇلار نامازلىرىدا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر، ئۇلار بىھۇدە سۆز ۋە ئىشلاردىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكاتنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾. (مۆمىنۇن سۈرىسى 1-4 ئايەلەر)

3- زاكاتنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، خالىقنىڭ

(ئاللاھنىڭ) ۋە مەخلۇقنىڭ (يەنى پېقىرلارنىڭ) ھەقلىرىنى تونۇپ ئۇلارنى يولىدا ئادا قىلمىغان كىشىنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ. ئاللاھنىڭ ھەققى نامـاز ئوقۇشقا ئوخشاش ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش بىلەن ئادا تاپسا، پېقىرلارنىڭ ھەققى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان زاكاتنى ئۇلارغا بېرىش بىلەن ئادا تاپقان بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل ھەقنى يولىدا ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى تولۇقلانغان ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىكىمۇ بەختلىك بولغان بولىدۇ.

4. زاكات ئۇنى بەرگۈچىنىڭ قەلبىنى بېخىللىقنىڭ كىرلىرىدىن ۋە شەپقەتسىزلىكنىڭ ئىللەتلىرىدىن پاكلىغاندەك ئۇنىڭ مال- دۇنياسىنىمۇ ھارامدىن يەنى پېقىرلارنىڭ ھەققىدىن پاكلايدۇ ۋە بەرىكەت بىلەن كۆپەيتىدۇ. زاكات سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىمۇ بۇ مەنىلەرنى ئىپادىلىمەكتە.

5. زاكات كىشىگە مەرتلىكنى، سېخىيلىقنى، ئۆزئارا ياردەملىشىشنى، رەھىمدىللىقنى ۋە پىداكارلىقنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇنى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىرىشتۈرۈشكە كېپىللىق قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلگىلىك بەندىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

## زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى

زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپتۇر. زاكات زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئىبادەت بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ پايدىسى زاكاتنى بەرگۈچى ۋە ئالغۇچى ھەر ئىككىسىگە ئورتاق بولغانىنىڭ سىرتىدا، پۈتۈن جەمئىيەتكە مەنپەئەتلىكتۇر. چۈنكى زاكات سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن « پاكلاش» ۋە « ئۆستۈرۈش» دېگەن ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

1. زاكات- پاكلاش مەنىسى بىلەن بايلارنى بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن پاكلاپ، ئۇلارنى مەرتلىك بىلەن سېخىيلىقتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىرىشتۈرىدۇ. دۇنيادا مەرتلىك ماختىلىدىغان ئېسىل ئەخلاق بولغىنىدەك، بېخىللىق ھەرقانداق مىللەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكىلىدىغان بىر رەزىل خۇلۇقتۇر. بېخىللىقنىڭ ئەڭ يامان بولغىنى شۇكى، ئۇ گاھىدا كىشىلەرنى پۇل- مالغا بېخىللىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ھالاك قىلىشقا، نومۇسلىرىنى بۇلغىشىغا، پۇلى بىلەن جېنىغا بېخىللىق قىلىپ، ۋەتىنىنى سېتىپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. تارىخمۇ گۇۋاھكى، بېخىللىققا ئادەتلەنگەن ھەر قانداق ئادەم ۋە خەلق نىجات تاپقان ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿ ئۆز

نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر﴾ (تاغابۇن سۈرىسى 11- ئايەت)،﴿ كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ. ئاللاھ (سىلەرنىڭ مال- مۈلكۈڭلاردىن)بىھاجەتتۇر﴾ ( مۇھەممەد سۈرىسى 38- ئايەت).

2- زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن، يوقسۇللارنىڭ، يېتىم- يېسىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل- مالدىن ئۇلارغا چىقىم قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان بايلارغا بولغان ئۆچلۈك، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك تۇيغۇلىرىدىن پاكلايدۇ. شۇنداقلا زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن جەمئىيەتنى يوقسۇللار بىلەن بايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان زىددىيەتلەردىن، توقۇنۇشلاردىن ۋە قان تۆكۈشلەردىن پاكلايدۇ.

3- زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن بايلارنىڭ پۇل- ماللىرىنى يوقسۇللارنىڭ ھەقلىرىدىن پاكلايدۇ. چۈنكى زاكات يوقسۇللارنىڭ ھەققى. زاكىتى بېرىلمىگەن مال ناپاكتۇر.

4- زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن، زاكات بەرگۈچىنى گۇناھلىرىدىن پاكلايدۇ. چۈنكى زاكات- ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى دۇرۇس شەكىلدە ئادا قىلغان كىشىنىڭ گۇناھلىرى شۇ ئىبادەت يۈزىسىدىن ئۆچۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ياخشى ئىشلار گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدۇ﴾ (ھۇد سۈرىسى 114- ئايەت).

5- زاكات ئۆستۈرۈش مەنىسى بىلەن، زاكات بەرگۈچىنىڭ مال- دۇنياسىنى بەرىكەت بىلەن ئۆستۈرىدۇ. بەزىلەر مۇنداق سۇئال قويۇشى مۇمكىن: بېرىلگەن نەرسە كېمەيمەيسىتىن قانداقمۇ كۆپەيسۇن؟ ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ دەيمىزكى، زاكات بېرىلگەن مال- دۇنيادىكى ۋاقىتلىق كېمىيىش بولسا، شۇنداق تاشقى كۆرۈنۈش بولۇپ، ئەمما ھەقىقەتتە ئۇنىڭ ئاقىسىدا بەرىكەت ۋە ئۆسۈش باردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل- مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بەرگەن پۇل- مال بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن زاكىتىڭلار ھەسسىلەپ ئۆسىدۇ﴾ (رۇم سۈرىسى 39- ئايەت)،

﴿بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ﴾(سەبەئ سۈرىسى 39- ئايەت)

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە رېئاللىققا ئايلانغان. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ

تائالا بەرگەن پۇل- مالدىن باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭمۇ ھەقلىرىنى ئادا قىلىپ كەلگەن بايلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا يۈزى يورۇق بولۇپ كەلمەكتە. رېكورتبىرلار ۋە سويغۇنچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىۋاتقان ۋە مال- دۇنياسىنىڭ ئەندىشىسىدە دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىدە ئۆمۈر سۈرىۋاتقانلار يەنىلا شۇ بېخىل بايلاردۇر.

6- زاكات ئۆستۈرۈش مەنىسى بىلەن، زاكات بەرگۈچىنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئۆلتۈرىدۇ. چۈنكى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، يوقسۇللارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ كۆڭلى- كۆكسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى ۋە قولى ئۇزۇن، روھى ئۈستۈن بولۇپ كۆتىرىلگەنلىكىنى بىردىن ھىس قىلىدۇ.

7- زاكات ئۆستۈرۈش مەنىسى بىلەن يوقسۇللارنىڭ، يېتىملارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ روھىنى كۆتىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى جەمئىيەتتە يار- يۆلەكسىز، بىچارىلىككە يارىتىلغانمىز، دەپ ھىس قىلىپ ھاياتلىقتىن ئۈمىتلىرىنى ئۈزمەستىن، بۇرادەرلىرىنىڭ ئۇلارنىڭمۇ يۆكلىرىنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىدىغانلىقىنى ھىس قىلىدۇ. دە، ئۆزلىرىنى بەختلىك ھىس قىلىدۇ.

8- زاكات يۇقىرىقى ھەر ئىككى مەنىسى بىلەن، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى قوغداشنىڭ ۋاستىسىدۇر. قىسقىسى، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يېتىم- يېسىر، باققۇچىسىز، ئاجىز، مېيىپ كىشىلەرنىڭ يار- يۆلەكسىز قېلىشىنى جىددى بىر ئىجتىمائىي يېتەرسىزلىك دەپ قارايدۇ ۋە بۇنىڭغا ھەر گىزمۇ يول قويمايدۇ. مۇسۇلمان كىشى ھاياتلىققا كېرەكلىك بولغان ئېھتىياجلارنى قامداش يولىدا ئۆز مېھنىتى ۋە ھالال كەسپى بىلەن ئىشلەشكە بۇيرۇلغان. قېرىلىقتىن، ياكى ئاغرىقچانلىقتىن ئىشلەشكە قادىر بولالمىغان ياكى يېتىملىقتىن چارىسىز قالغانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى مۇسۇلمانلار جامائەسى ھەمكارلىشىپ قامداشقا بۇيرۇلغان. زاكات ئەنە شۇنداق پاراۋانلىق ۋە باراۋەرلىك دەۋر سۈرگەن ئۈلگىلىك بىر جەمئىيەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

## زاكات بېرىش بىلەن پۇل- مال كېمەيمەيدۇ

بەزىلەر بايلارنىڭ پېقىرلارغا زاكات ياكى ياردەم نامى بىلەن پۇل- مال سەرپ قىلىشىنى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش يولىدىكى توسقۇنلۇق، يەنە بىر تەرەپتىن زاكات پېقىرلارنى ئىشلىمەستىن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ۋە ھورۇنلۇققا ئۈندەيدىغان بىر ئامىل دەپ جۆيلۈيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پىكىرلىرى تۈپتىن خاتادۇر. چۈنكى، بايلارنىڭ يۈزدىن ئىككى يېرىم (2.5%) پىر سەنت زاكات ئايرىغىنىغا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى

ھېچقانــداق بىــر چۆكۈشــكە ئۇچرىمايــدۇ. ئەكــسىچە، بەرىــكەت بىــلەن كۆپىيىــشكە ئېلىــپ بارىــدۇ. قۇرئــان كەرىــم ۋە ســەھىھ ھەدىــسلەر زاكــات بىــلەن پــۇل- مالنىــڭ ئۆسۈشــى ئوتتۇرىــسىدا ھېچقانــداق بىــر زىتلىقنىــڭ يــوقلىقىنى تەكىتلىمەكــتە. ئــاللاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە: ﴿ ئاللاھنىــڭ يولىــدا بەرگەن نەرسىــلىرىڭلارنىڭ ئــورنىنى ئــاللاھ ئــۆزى تولــدۇرۇپ بېرىدۇ﴾ (سەبەئ سۈرىسى 39- ئايەت).

پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام بىــر ھەدىــسىدە:« زاكــات بىــلەن ھېچكىمنىــڭ مــال- دۇنياســى كېمەيمەيدۇ» دېگەن.(تىرمىزى رىۋايىتى).

يــۇقىرىقى ئــايەت ۋە ھەدىــسنىڭ روھىغــا ئەگەشــكەن ۋە مەنىــسىنى ياخــشى چۈشــەنگەن مۆمىنلەرگە ئېنىقكى، زاكــات ئۈچــۈن چىقارغــان پــۇل- مالــدىكى ۋاقىتلىــق كېمىــيىش بولــسا، ئەمەلىيەتــتە كــېمىش ئەمەس، بەلكــى بەرىــكەت ۋە كۆپىيىــشنىڭ باشلىنىــشىدۇر. چــۈنكى تەجــرىبىلەر بىــلەن كــىشىلەرنىڭ ئېڭىــدا رېئاللىققــا ئايلانغــان ھەقىــقەتەن شــۇكى، ئــادەتتە، ئــاللاھ بەرگەن پــۇل- مېلىنىــڭ زاكىتىنــى تــولىقى بىــلەن ئــادا قىلىــپ، ئۇنىڭــدىن باشــقا ئىختىيــارى يــاردەملەرنى داۋاملاشــتۇرۇپ كەلــگەن بايلارنىــڭ بــايلىقى ھېچقانــداق بىــر ئىقتىــسادىي بۇھرانغــا ئۇچرىماســتىن كۆپىــدىن- كــۆپىيىپ كۆپىيىــپ ۋە ھەســسىلەپ ئۆســۈپ تۇرماقتــا. ئۇلارنىــڭ ئــاللاھ تائــالا ۋە خەلــق ئالدىــدىمۇ نــام- شــۆھرىتى ئاشــماقتا. بەرىــكەت ۋە ئاتــا- ئېھــسان ئــاللاھ تائالانىــڭ قولىــدا، ئــاللاھ تائــالا ئۆزىنىــڭ ئەمرىنــى بىجــا كەلتــۈرۈپ، جەمئىيەتتىكــى ئېھتىيــاج ئىگىلىرىنىــڭ ھەقلىرىنــى ئــادا قىلىــپ كەلگەنــلەر بىــلەن ھەمىــشە بىللە. ئۇلارنىڭ پۇل- ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشكە ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاستە كېپىلدۇر.

ئەمــدى زاكــات پېقىرلارنىــڭ ئىــشلىمەستىن كــۈن ئۆتكۈزۈشــىگە ۋە ھورۇنلىقىغــا ســەۋەب بولىــدۇ، دېــگەن سەپــسەتىگە كەلــسەك، زاكــات بېرىلىــدىغان شەخــسلەر قۇرئــان كەرىمنىــڭ بىۋاســتە بەلگىلىمىــسى بــويىچە، پېقىــرلار، مىــسكىنلەر، قەرزدارلار، ئىقتىــسادتىن ئايرىلىــپ قالغــان مۇســۇلمانلار، ئازاتلىققــا ئېرىــشىش ئۈچــۈن مەبلەغــكە ئېھتىيــاجلىق قــۇللار ۋە باشــقىلار قاتــارلىق 8 خىــل شەخــستۇر. بــۇلار ئېھتىيــاجلىرىنى ئىــشلەپ تېپىــشقا قــۇدرىتى يەتمەيــدىغان ۋە جىــددىي يــاردەمگە ھەقلىــق ئېھتىيــاجلىق بولغــان شەخــسلەردۇر. ئەممــا كــۈچ- قــۇۋۋىتى جايىدا، تېنى ساق كــىشىلەرگە زاكــات بېرىش مەنئــى قىلىنىــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام بــۇ مــاۋزۇدا مۇنــداق دېــگەن:« بايلارغــا ۋە ئىــشلەشكە قــادىر بولغانلارغــا زاكــات ھــالال بولمايــدۇ»( تىرمىزى رىۋايىتى).

ئىــسلام دىنــى كــىشلەرنى باشــقىلارنىڭ يــاردىمىگە يۆلىنىــپ كــۈن ئۆتكۈزۈشــتىن قەتئىــي مەنئــى قىلىــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام بــۇ ھەقــتە: « ئەڭ ياخــشى كەســپ كــىشىنىڭ ئــۆز قولىنىڭ مېھنىتىدۇر» ( سۇيۇتى مەجمۇئەسى)

«ئاللاھ كەسىپدار مۆمىننى سۆيىدۇ» (بەيھەقىي رىۋايىتى).

«بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر » دېگەن (مۇسلىم رىۋايىتى).

## زاكات بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى

پۇل- مالنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولۇپ، قولىمىزدىكىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئىنئام ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئاتا قىلغىنىدۇر. پۇل- مال ياخشى ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولغاندەك، گاھىدا كىشى ئۈچۈن تۈگىمەس بالايى ئاپەت ۋە بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، پۇل-مال ئىگىلىرىنىڭ ئۆزقوللىرىدىكى پۇل- مالغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەق- ھوقۇقلارنى تونۇماسلىقى ۋە ئۇنى يولىدا ئىشلەتمىگەنلىكلىرىدىن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا مال- دۇنيانى ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىشكە بە ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرىغان.﴿ ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ ( ئاللاھنىڭ ئېھتىياجلىق بەندىلىرىگە ) ياخشىلىق قىلغىن﴾ (قەسەس سۈرىسى 77- ئايەت).

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان پۇل ئىگىلىرىنى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە خەير- ئېھسان قىلىشقا بۇيرىغىنىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ مال- دۇنياسىدىن مۇئەييەن مىقدارىنى ئۇلارغا زاكات يولى بىلەن بۆلۈپ بېرىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمان پۇل ئىگىلىرىنىڭ) پۇل- ماللىرىدا تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مۇئەييەن ھەق(يەنى زاكات) باردۇر﴾ (مەئارىج سۈرىسى 24- 25- ئايەتلەر).

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تىكىتلىگەن ۋە زاكاتنى نەرمىگۈچىلەرنىڭ (ئاخىرەتتە) تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قاتتىق ئازاب- ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

﴿ ئى مۆمىنلەر! ھىبرىلەر ۋە راھىبلەردىن (يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل- ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن- كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن- كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: "بۇ

سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن- كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ ئېھتىياجلىق بەندىلىرىگە بېرىلىشكە تېگىشلىك ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار) يىغقان ئالتۇن- كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋاباسىنى تېتىڭلار“ دېيىلىدۇ﴾. (تەۋبە سۈرىسى 34- ئايەت).

﴿ ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل- مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ﴾(ئال ئىمران سۈرىسى 180- ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا مۇنداق دېگەن:« ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقلارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى (زاكىتىنى) بەرمىگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مال- دۇنيالىرى دوزاختا قىزىتىلغان تۆمۈرلەرگە ئايلىنىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسى، مۈرىسى ۋە ئۆشنىسى بۇ تۆمۈرلەر بىلەن داغلىنىدۇ. تۆمۈرلەر سوغۇپ قالغان ھامان يەنە قايتا قىزىتىلىپ يېقىلىدۇ. بىر كۈنى دۇنيانىڭ ئەللىك مىڭ يىلغا توغرا كېلىدىغان قىيامەت كۈنىدە، ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغىچە شۇنداق داغلىنىپ ئازاپلىنىش داۋام قىلىدۇ. ئاندىن جەننەتكە ياكى دوزاخ تەرەپكە بولغان ئۆز يولىنى كۆرىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى)

«ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مال- دۇنيالىرى ئىككى كۆزىنىڭ ئۈستىدە قورقۇنۇشلۇق قارا مېڭى بولغان ھەيۋەتلىك بىر ئىلانغا ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا يۆگىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا:”مەن سېنىڭ دۇنيادا يىغقان مال- دۇنيايىڭ“ دەيدۇ » (بۇخارى رىۋايىتى).

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« مەن ھەرەمنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ كەبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇراتتى، ئۇ مېنى كۆرۈپ: «مۇشۇ كەبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر! ئۇلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر!» دەپ تەكرارلىدى. مەن ئۇنىڭدىن،- يارەسۇلەللا! ئاتا- ئانام سىزگە پىدا بولسۇنكى، ئۇلار زادى كىملەر؟- دەپ سورىۋىدىم،- ئۇلار پۇل- ئىگىلىرىدۇر. پەقەت مال- دۇنياسىدىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغانلار بۇلارنىڭ سىرتىدا. ئەمما بۇنداقلار بەكمۇ ئاز. تۆگە، كالا، قوي ۋە باشقا بايلىقلارغا ئىگە بولغان تۇرۇپ زاكات بەرمىگەن قانداقلا ئادەم بولسۇن، ئۇنىڭ مال- دۇنيالىرى قىيامەت كۈنىدە چوڭ مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلارغا ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ يەنجىشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرى تۆگىگەن

ھامان باشتىكىلىرى قايتا كېلىپ قىيناشقا داۋام قىلىدۇ » دېدى. (مۇسلىم رىۋايىتى).

# ئىككىنچى بۆلۈم: زاكاتنىڭ پەرزلىكى

زاكات ـ ئىسلام دىنىدا، مۇسۇلمان پۇل- مال ئىگىلىرىدىن ئېلىپ جەمئىيەتتىكى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە بېرىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بىر دىنىي سېلىقتۇر.

زاكات سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن، پاكلاش ۋە ئۆستۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. زاكاتنىڭ ئىسلام شەرىئەت ئىستېمالىدىكى مەنىسى: مەخسۇس شەرتلەرگە ئاساسەن، مۇئەييەن مىقداردىكى مالنى ھەقلىق بولغان شەخسلەرگە تاپشۇرۇش دېمەكتۇر.

زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي پەرزنى ئادا قىلىش كاتتا ئىبادەتلەردىن سانالغىنىدەك، زاكات بېرىشكە ئىقتىدارى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇنى ئادا قىلماسلىق ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر.

## زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

زاكات تۆۋەندىكى شەرتلەرگە توشقان كىشىلەرگە پەرز بولۇپ بۇيرىلىدۇ:

1- مۇسۇلمان بولۇش.

2- بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

3- ئەقىل- ھوشى جايىدا بولۇش.

4- مەلۇم مىقداردا پۇل- مالغا ئىگە بولۇش.

5- پۇل- مالغا ئىگە بولغىنىغا بىر يىل توشۇشى.

6- قەرزدار بولماسلىق.

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

## زاكاتنىڭ بىرىنچى شەرتى: مۇسۇلمان بولۇش

ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى ئورۇنلاشقا بۇيرۇلۇش ۋە ئۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇسۇلمان بولۇش شەرت بولغىنىدەك، زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈنمۇ مۇسۇلمان بولۇش شەرتتۇر. مۇسۇلمان بولمىغانلار ئىسلام ئىبادەتلىرىگە بۇيرۇلمىغان. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئىبادەتلەرگە سالاھىيەتلىك ئەمەستۇر.

## زاكاتنىڭ ئىككىنچى شەرتى: بالاغەتكە يەتكەن بولۇش

زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن بولۇش شەرتتۇر. بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئىلكىدىكى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل- مالغا زاكات كەلمەيدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ قارىشى بولۇپ، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىنىڭ قارىشىچە، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئىلكىدىكى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل- مالغىمۇ زاكات كېلىدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، زاكات ئىقتىسادىي ئىبادەت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن بولۇش شەرت ئەمەس. بۇنىڭغا بىنائەن، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئىگىلىكىدىكى پۇل- مېلىدىنمۇ زاكات ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ زاكىتىنى ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى ئۇلارنىڭ مەخسۇس مېلىدىن ئايرىپ بېرىدۇ.

ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ دەلىلى بولسا، زاكاتمۇ ناماز، روزا، ھەج ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش ئىسلام پەرزلىرىدىن بىرى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈنمۇ بالىغ بولۇش شەرتتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەرنىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن بالىغ بولۇش شەرتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشى قىلمىشلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ: ھوشىدىن كەتكەن كىشى ھوشىغا كەلگىچىلىك، ئۇخلىغان كىشى ئويغانغىچىلىك ۋە كىچىك بالىلار بالاغەتكە يەتكىچىلىك»(ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

بۇ مەسىلىدە ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ دەلىلى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بىزمۇ بۇ مەزھەبنىڭ قارىشىغا قوشۇلىمىز.

## زاكاتنىڭ ئۈچىنچى شەرتى: ئەقىل- ھوشى جايىدا بولۇش

زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل- مالغا ئىگە بولغان ساراڭلارغا زاكات پەرز بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەرنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇيرۇلغۇچىنىڭ ئەقىل- ھوشى جايىدا بولغان بولۇشى شەرتتۇر. ساراڭلارمۇ بۇ مەسىلىدە بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارغا ئوخشاشتۇر. مانابۇ، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ قارىشىدۇر.

ئەمما شافىئىي، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىدە، ئەقىل ھوشى جايىدا بولمىغان ساراڭلارنىڭ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل- مېلى بولسا ئۇلارنىڭمۇ زاكات بېرىشى پەرز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇل- مېلىنىڭ زاكىتىنى ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى ئۇلاردىن ۋەكىل بولۇپ ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن بېرىدۇ.

ھەر ئىككى مەزھەبنىڭ دەلىلى يۇقىرىقى، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ مەسىلىسى توغرىلىق كەلتۈرۈلگەن دەلىللەرنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ مەسىلىدىمۇ ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ قارىشى ئەمەل قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## زاكاتنىڭ تۆتىنچى شەرتى: مەلۇم مىقداردا پۇل- مالغا ئىگە بولۇش

ئىسلام شەرىئىتى زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلىگەن مىقدارغا يەتمىگەن پۇل- مالغا ئىگە بولغان كىشىگە زاكات پەرز ئەمەس. چۈنكى زاكات بايلار ئۈچۈن بۇيرۇلغان بىر پەرزدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « زاكات- مۇسۇلمان بايلىرىدىن ئېلىپ ئۇلارنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان بىر پەرزدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن- بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك ـ ئاتاغلىق بايلاردىن ياكى مىليونېرلاردىن بولۇش شەرت ئەمەس. بەلكى زاكاتنى پەرز قىلىدىغان مىقدار شەرىئەتتە بايلىق دەپ سانالغان مىقدار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، كىشىنىڭ نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى 200 دىرھەم (595 گىرام) كۈمۈش ياكى 20 مىسقال ياكى 20 دىنار (21 ئىيارلىق ئالتۇندىن 85 گىرام) ئالتۇننىڭ قىممىتىدىكى پۇل- مېلىنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىدىن تاشقىرى 85 گىرام ئالتۇن ياكى 595 گىرام كۈمۈش كەلگىچىلىك ئىقتىسادقا ئىگە بولغان كىشى ئۈچۈن زاكات پەرز بولىدۇ. چۈنكى ئائىلىسىنىڭ نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى ھالدا يۇقىرىقى زاكات مىقدارىغا ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەككە ئىگە بولغان ئادەم ئىسلام شەرىئىتى نەزەرىدە باي ھېسابلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ زاكات بېرىشى پەرز بولۇپ بۇيرۇلغان بولىدۇ.

پېقىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش مەقسىتىدە، يۇقىرىقى ئالتۇن ۋە كۈمۈش مىقدارىنىڭ قايسىسىنىڭ قىممىتى ئەرزان بولسا شۇ ھېسابقا ئېلىنىدۇ، يەنى85 گىرام ئالتۇننىڭ باھاسى 595 گىرام كۈمۈشنىڭ باھاسىدىن ئەرزان بولسا، زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئالتۇننىڭ مىقدارى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر 595 گىرام كۈمۈشنىڭ باھاسى 85 گىرام ئالتۇننىڭ باھاسىدىن ئەرزان بولسا، زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن كۈمۈشنىڭ مىقدارى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىدا ئېتىبار قىلىنىدىغان مىقدارنى بەلگىلەپ: « 20 مىسقال (ياكى 20 دىنار)غا يەتمىگەن ئالتۇنغا زاكات كەلمەيدۇ. ئالتۇن 20 مىسقالغا يەتسە ۋە ئۇنىڭ مۈلكىگە كىرگەنگە بىر يىل ئۆتسە، ئۇنىڭدىن يېرىم مىسقال زاكات بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ بولغىنىغا شۇ ھېساپ (يەنى 20 مىسقالغا يېرىم

مــسقالدىن زاكــات بېــرىش) بــويىچە زاكــات بېرىلــىدۇ. ئــگە بولغىنىغــا بىــر يــىل ئــۆتمىگەن پۇل- مالغا زاكات كەلمەيدۇ» (ئەھمەد، بەيھەقىي ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

« بەش ئاۋاققــا يەتمــىگەن كۈمۈشــكە زاكــات كەلمەيــدۇ » دەپ كۆرســەتكەن. (بۇخــارى رىۋايىتى).

بىــر ئــاۋاق 40 دىــرھەمگە تەڭ. نەتىجىــدە، 5 ئــاۋاق 200 دىــرھەم(يەنــى:5×40=200 دىــرھەم)گە، 200دىــرھەم 595 گرامغــا تەڭ بولــىدۇ. ئائىــشە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــادىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى،« پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام ھەر 20دىنــار (يەنــى 20 مــسقال) ئالتۇنــدىن يېــرىم مــسقال ۋە ھەر 40 دىــرھەم كۈمۈشــتىن بىــر دىــرھەم زاكــات بېرىــشكە بــۇيرۇيتتى» (تىرمــزى رىۋايىتى).

يــۇقىرىقىلار ئىــسلام شــەرىئىتىنىڭ زاكاتنىــڭ پەرز بولۇشــى ئۈچــۈن بەلگىلىــگەن مۇئەييەن مىقــدارى بولــۇپ، بۇنىڭــدا بايلارنىــڭ ۋە ئوتتۇرھاللارنىــڭ مــاددىي يــاردىمى بىــلەن ئېھتىيــاج ئىگىلىرىنىــڭ يــۆلىكىنى يەڭگىللىــتىش كــۆزدە تۇتۇلغــان. يــۇقىرىقى مــۇئەييەن مىقداردىن ئــاز ئىقتىــسادقا ئىــگە بولغــان كىــشىلەرگە زاكــات پەرز ئەمەســتۇر. بىراۋنىــڭ زاكــات بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىــڭ نورمالــدىكى ئــائىلە ئېھتىياجىــدىن تاشــقىرى يــۇقىرىقى زاكــات ئــۆلچىمىگە يەتــكەن يــاكى ئۇنىڭــدىن كــۆپرەك مىقــداردا پــۇل- مېلــى بولۇشــى شــەرتتۇر. بۇنىڭغــا بىنــائەن، ئۇنىــڭ ۋە ئائىلىــسىنىڭ ئېھتىياجىــدىكى كــىيىم- كېچەكلىــرى، ئــۆي- ئىمــارەتلىرى، ئىــشلىتىۋاتقان ماشــىنىلىرى ۋە ئاياللىرىنىــڭ، قىزلىرىنىــڭ، كېلىنلىرىنىــڭ زىنىــنەت بويــۇملىرى زاكاتنىــڭ پەرز بولــۇش ئــۆلچىمىگە كىرمەيــدۇ. بەلكــى ئۇنىــڭ ئــۆي- ئىمــارەتلىرى قانچىلىــك ھەشــەمەتلىك، ئىــشلىتىۋاتقان ماشىنىــسى قانچىلىــك قىممــەت باھــالىق بولــۇپ كەتــسۇن ئۇلارغــا زاكــات كەلمەيــدۇ. چــۈنكى بــۇلار ئېھتىياجىنىــڭ ئىچىــدىكى شــەيئىلەردۇر. شــۇنىڭدەك، ئــۆي جاھــازلىرى، ســانائەت ئەشــيالىرى، كىتــاب- ماتېرىيــاللىرى ۋە مۇجاھىــدلارنىڭ قــۇراللىرى زاكاتنىــڭ پەرز بولــۇش ئــۆلچىمىگە كىرمەيــدۇ ۋە زاكــات كەلمەيدۇ. يــۇقىرىقىلار قــولىنىش ئۈچــۈن ئەمەس، تىجارەت ئۈچــۈن تۇتۇلغــان بولــسا، ئۇلارغــا ئەلۋەتتە زاكات كېلىدۇ.

## زاكاتنىڭ بەشىنچى شەرتى: پۇل- مالغا ئىگە بولغانغا بىر يىل ئۆتۈشى

زاكــات بېرىــشنىڭ پەرز بولۇشــى ئۈچــۈن يېتەرلىــك بولغــان مــۇئەييەن زاكــات مىقــدارىغا ئىــگە بولغانــدىن باشــلاپ قەمەرىــيە (ھىجرىيە) يــىل ھېــسابىدا تولــۇق بىــر يىلنىــڭ ئۆتىــشى زاكاتنىــڭ شــەرتلىرىدىن بىرىــدۇر. ئىــگە بولغانغــا بىــر يــىل تولــۇق توشــمىغان پــۇل- مالغــا زاكــات كەلمەيــدۇ. بــۇ ھەقــتە پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام: « ئىــگە بولغانغــا تولــۇق بىــر يــىل

توشمىغان مال- مۈلۈككە زاكات كەلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

ئەمما ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئۆشرە زاكىتىنى ئايرىش ئۈچۈن يىل ئۆتۈشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى يىغقان كۈنى ھېسابتۇر. مەدەنلەر ئۈچۈنمۇ ئۇلارنى چىقارغان كۈنى ھېسابقا ئېلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويىدۇ. پۇل- مال ئىگىلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇ بايلارغا زاكات چىقىرىشنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە، زاكاتنى ئادا قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا تولۇق بىر يىل ۋاقىت بەرگەن. مانابۇ، ئۇلارنىڭ پۇل- ماللىرىنى تىجارەت ۋە باشقا يوللۇق ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆستۈرۈۋېلىشى، ئاندىن زاكاتنى دەسمى مالدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چىققان پايدىسىدىن بېرىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىك بولۇشى ئېھتىمال. ئەگەر پۇل ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەسمىلىرىنى بۇيرۇلغان يوللار بىلەن ئۆستۈرۈشكە تىرىشمىغانلىقتىن ئۆستۈرەلمىگەن بولسا، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىندۇر. ئەمما زاكات بۇ ھالەتتىمۇ ئۇلارنىڭ زىممىسىدىن ساقىت بولمايدۇ.

## زاكاتنىڭ ئالتىنچى شەرتى: قەرزدار بولماسلىق

زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن قەرزدار بولماسلىق شەرتتۇر. چۈنكى زاكات- نورمالدىكى ئېھتىياجدىن تاشقىرى مۇئەييەن مىقدارغا يەتكەن پۇل- مالغا ئىگە بولغانلارغا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ھالبۇكى، قەرزدار بولغان ئادەم ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا زاكات پەرز ئەمەستۇر. ئەگەر بىراۋنىڭ نورمال ئائىلە ئېھتىياجىدىن تاشقىرى زاكات بېرىش مىقدارىغا يېتىپ ئاشىدىغان پۇل- مېلى بولۇپ ئۇستىدە بۇ مىقدارنى بېسىپ چۈشىدىغان كۆلەمدە قەرز بولسا ئۇ باي ھېسابلانمايدۇ. بەلكى پېقىرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭغا زاكات پەرز بولمايدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ قولىدا نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى پۇل- مېلى بار بولۇپ، ئۇستىدە قەرزمۇ بولسا، ئۇ ئاۋۋال قەرزىنى قايتۇرىدۇ، ئاندىن قەرزدىن ئاشقىنى زاكاتنىڭ پەرز بولۇش مىقدارىغا يەتسە ئۇنىڭدىن زاكات بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ مىقدارغا يەتكۈدەك نەرسە قالمىسا ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زاكات بايلاردىن ئېلىنىدۇ. زاكاتنىڭ پەرز بولۇش مىقدارىغا يەتكۈدەك پۇل- مېلى بولمىغان ئادەم باي ھېسابلانمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن (بۇخارى رىۋايىتى).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ماۋزۇدا: «قولىدا مىڭ دىرھەم پۇلى بولغان بولسىمۇ، ئۇستىدە مىڭ دىرھەم قەرزىسى بار ئادەمگە زاكات پەرز ئەمەستۇر» دەپ

كۆرسەتكەن.

## زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتى

ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ھەر قانداق بىر پەرزنى ئادا قىلىشنىڭ ئۆزى ئىبادەت بولغانلىقتىن، زاكاتنى ئادا قىلىشمۇ كاتتا ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا كۆڭۈلدە نىيەت باغلاش شەرت قىلىنغانلىقتەك، زاكاتنى ئادا قىلىشتىمۇ ئۇنى نىيەت قىلىش شەرتتۇر. ئۇ بولسىمۇ، زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتىدا ياكى ئۇنى بېرىش ئۈچۈن مۇمۇمىي مىلىدىن ئايرىغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ زاكات بېرىۋاتقانلىقىنى كۆڭلىدە ھېس قىلىشى دېمەكتۇر. لېكىن زاكاتنى ئالغۇچى پېقىرلارنىڭ ئۇنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرت ئەمەس.ھەتتا زاكات بەرگۈچى زاكات ئالغۇچىنىڭ كۆڭلىنى ئايىغانلىقتىن ئىچىدە زاكاتنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئالغۇچىغا ھەدىيە ياكى ياردەم نامىلىرى ئاستىدا بەرسىمۇ زاكات ئادا تاپىدۇ. چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ئۇنى ئېلان قىلىش شەرت ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشى يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن نىيەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقىلا خالىس (نىيەت بىلەن) قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾ (بەييىنە سۈرىسى 4- ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ھەقىقەتەن ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەتلەر بىلەن بولىدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە يېتىدۇ»(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

يۇقىرىقى شەرتكە بىنائەن، بىراۋ بىرسىدىن قەرز ئالغان بولۇپ، ئۇنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغان بولسا، قەرز بەرگۈچىنىڭ مەزكۇر قەرزنى زاكاتقا ھېسابلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى ئۇ قەرزنى بەرگەن ۋاقتىدا زاكاتنى نىيەت قىلغان ئەمەس، بەلكى قەرز ھېسابىدا بەرگەن. بۇنداق شارائىتتا، قەرز بەرگۈچى ئۆزىنىڭ زاكاتقا بېرىش ئۈچۈن ئايرىغان پۇلىنى قەرزدارغا زاكات نىيىتى بىلەن بېرىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قەرزىنى سوراپ ئالسا بولىدۇ.

ھەنبەلى مەزھىبىنىڭ كۆرۈشىچە، زاكاتنىڭ نىيىتىنى زاكات بېرىشتىن ياكى زاكات بېرىلىدىغان مىقدارنى ئۇمۇمىي مالدىن ئايرىشتىن قىسقا بىر مۇددەت بۇرۇن قىلىشمۇ جائىزدۇر. چۈنكى، زاكاتنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان ئېھتىياج ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈپ

بىرىش ئىشىدا ئۆزى ئۇچۇن باشقىسىنى ۋەكىل قىلىش جائىزدۇر. ئىبنى قۇدامە «المغني» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « زاكات بەرگۈچى ئۆزىنىڭ پۇل- مېلىنىڭ زاكىتىنى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بىرىش ئۈچۈن زاكاتنى نىيەت قىلغان ھالدا براۋنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ۋەكىل قىلىپ زاكاتقا ئايرىلغان مىقدارنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغان بولسا، ۋەكىل بولغان كىشىنىڭ قايتا نىيەت قىلىشى شەرت ئەمەس. ئەگەر زاكات مېلىنىڭ ئىگىسى زاكاتنى نىيەت قىلمىغان بولسا ۋە كىلىنىڭ نىيەت قىلغىنىنىڭ پايدىسى يوق. چۈنكى زاكات بەرگۈچى ئۇ ئەمەس» (« المغني» 4- جىلد 88- بەت: ئىبنى قۇدامە).

## زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى

نورمال ئائىلە ئېھتىياجىدىن تاشقىرى زاكات بىرىشكە تېگىشلىك بولۇش مىقدارىغا يەتكەن پۇل- مالغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئىگە بولغىنىغا تولۇق بىر يىل تولۇشى بىلەن ئۇنىڭ زاكىتىنى كېچىكتۈرمەستىن ئادا قىلىشى بەلگىلىنىدۇ. بۇ پۈتۈن فىقھىشۇناس ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. چۈنكى، زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى بەلگىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى كېچىكتۈرۈش زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن پەرز بولۇپ بەلگىلىنىپ بولغان زاكاتنى ۋاقتىدا ئادا قىلمىغان كىشى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا كۆپ ھاللاردا زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، مۇبادا ئۇ زىيانغا ئۇچراپ ياكى تىجارىتى بۇھرانغا ئۇچراپ پۇل- مالدىن ئايرىلىپ قالسا، بەلگىلىنىپ بولغان مەزكۇر زاكات ئۇنىڭ زىممىسىدىن ساقىت بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنى ۋە ئېھتىياج ئىگىلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان بولىدۇ. شۇڭا زاكاتنى يىلىنىڭ توشۇشى بىلەن تەڭ كېچىكتۈرمەستىن بىرىش پەرزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: « مالغا ئارىلاشقان زاكات ئاخىرى شۇ مالنى ھالاك قىلماي قالمايدۇ» دېگەن. (بۇخارى رىۋايىتى) يەنى ئىگە بولغىنىغا بىر يىل تولغاندىن كېيىنمۇ زاكىتى ئايرىلمىغان پۇل- مال ئاخىرى ھالاكەتكە يۈز تۇتىدۇ، دېگەنلىك.

زاكىتىنى بىرىشكە تېگىشلىك پۇل- مالغا ئىگە بولغىنىغا بىر يىل تولماستىن، پۇل- مالدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىگە زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىگە بولغان پۇل- مالغا بىر يىل تولۇشى زاكاتنىڭ پەرز بولۇپ بەلگىلىنىشى ئۈچۈن شەرتتۇر. ئەمما يىل توشقاندىن كېيىن زاكىتىنى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە چىقىرىپ بىرىشتىن بۇرۇن ھالاك بولغان پۇل- مالنىڭ زاكىتى ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدا قالغان بولىدۇ. ئۇ پەقەت بىرىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ. چۈنكى، بۇ زاكات پۈتۈن شەرتلىرى تولۇق بولغان ۋە بىرىشلا قالغان زاكات

بولغانلىقتىن، ئۇ كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ. شۇڭمۇ ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى يىل توشقان ھامان زاكاتنى كېچىكتۈرمەستىن ئادا قىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلىكىنى ھەممىسى بىردەك تەكىتلەيدۇ.

## زاكاتنى يىل توشۇشتىن بۇرۇن ئادا قىلىشقا بولامدۇ؟

ئالدى بىلەن شۇنى كەسكىن ئېيتىش كېرەككى، ئىسلام دۇنياسىدىكى پۈتۈن فىقھىشۇناس ئالىملىرى زاكاتنى ۋاقتىدىن بۇرۇن ئادا قىلىشنىڭ جائىزلىقىدا ئىتتىپاقتۇر. ئۇلار بۇ ماۋزۇدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاكاتنى يىل توشۇشتىن بۇرۇن بېرىشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زاكاتنى يىل توشۇشتىن بۇرۇن ئادا قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە سورىغىنىمدا، ئۇ بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان» دەيدۇ. (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

ھەسەنۇلبەسرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ 3 يىللىق زاكات مىقدارىنى ئالدىئالا بەرگەن كىشىنىڭ بەرگەن بۇ زاكىتى ئادا تاپامدۇ. دەپ سورالغىنىدا، ئۇنى ئادا تاپىدۇ ۋە جائىز، دەپ پەتىۋا بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بىزمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ دەيمىزكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار﴾ دەيدۇ.(بەقەرە سۈرىسى 148- ئايەت)

ئىسلام پەرزلىرىدىن بىرى بولغان زاكاتنى ئادا قىلىش شۈبھىسىزكى ئەڭ ياخشى ئەمەل- ئىبادەتتۇر. بۇنداق ئىكەن، خالىغان كىشىنىڭ بىر يىللىق، ئىككى يىللىق ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك يىلنىڭ زاكىتىنى ئالدىنئالا بېرىشى جائىزدۇر ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا ئالدىرىغانلىقىدۇر. خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا قۇرغاقچىلىق يەر تەۋرەش، سەل، سوقۇش ۋە باشقىلار قاتارلىق پالاكەتلەر كەلگەن ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن كېلىدىغان يىللارنىڭ زاكاتلىرىنى ئالدىنئالا بېرىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا: «بىرەر مۇسۇلماننى بۇ دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بولغان بىرەر قىيىنچىلىقتىن چىقارغان كىشىنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن چىقىرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

## ئۈستىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك زاكات قالغان ھالدا ئۆلگەن كىشى ھەققىدە

زاكات بېرىش شەرتىگە توشقان پۇل- مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئۈستىدە قالغان مەزكۇر زاكاتنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بەرسە بولامدۇ؟

دىگەن مەسىلە ئۈستىدە فىقھشۇناس ئالىملىرى ئىختىلاپقا چۈشكەن:

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىنىڭ قارىشىچە، زاكات بېرىش شەرتلىرىگە توشقان پۇل- مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرەلمەي ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ قالدۇرغان پۇل- مېلىدىن ئۇنىڭ ئورنىدا زاكات بېرىشى كېرەك. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: « بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ- يا رەسۇلەللاھ! ئانام ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇتالمىغان بىر ئايلىق پەرز روزا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مەن تۇتۇپ قويسام بولامدۇ؟- دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ـ ھەئە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ھەممىدىن ئەلادۇر- دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى» (بۇخارى رىۋايىتى)

يۇقىرىقى ئىككى مەزھەپ ۋەكىللىرى زاكاتنى روزىغا قىياس قىلىش ئارقىلىق زاكاتنىمۇ ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بېرىپ ئادا قىلسا بولىدۇ، دىگەن قاراشقا كەلگەن.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ قارىشىچە، زاكات بەرمەي ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۆلگۈچى ئۈستىدە قالغان زاكاتنى ئادا قىلىۋېتىش ئۈچۈن ۋارىسلىرىغا مەخسۇس ۋەسىيەت قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ مىراس قالدۇرغان پۇل- مېلىنىڭ ئۈچتە بىرىدىن زاكات بېرىلىدۇ. چۈنكى زاكاتنى ئادا قىلىش ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئورۇنلىغۇچىنىڭ شۇنىڭغا نىيەت قىلىشى شەرت بولغانىدەك، زاكاتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈنمۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئۇنى ئادا قىلىشنى نىيەت قىلغان، شۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋارىسلىرىغا بۇ ھەقتە ۋەسىيەت قىلغان بولۇشى شەرتتۇر. ھالبۇكى، ئۆلگۈچى ئۈستىدىكى زاكات توغرىلىق ۋەسىيەت قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭ مال- دۇنياسى ۋارىسلىرىنىڭ ھەققىگە ئايلانغان تۇرسا، ۋارىسلىرىنىڭ بېرىپ قويۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بۇ قەرز، يەنى زاكات قانداقمۇ ئادا تاپسۇن؟! ئىبادەتلەر ئەسلىدە ئىنسانلارنى سىناش: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىتائەت قىلغۇچى بىلەن ئاسىيىنى ئايرىش ئۈچۈن پەرز قىلىنغان تۇرسا، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە ۋەسىيىتىسىز ھالدا باشقىسىنىڭ ئورۇنلاپ قويغان بۇ ئىبادىتى قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ مەسىلىدە ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆز قارىشىغا ئەمەل قىلىمىز.

# ئۈچىنچى بۆلۈم:

# زاكات كېلىدىغان ماللار

## زاكات كېلىدىغان ماللار

1- نەق پۇل

2- تىجارەت ماللىرى

3- ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلار

4- چارۋا ماللىرى

5- يەر ئاستى بايلىقلىرى

6- دېڭىز بايلىقلىرى

7- شېرىكەت ھەسسىدارلىقى

## نەق پۇل- زاكىتىنىڭ مىقدارى

ئالتۇن، كۈمۈش، يۈەن، تەڭگە، سوم، رىيال، دوللار ۋە باشقا خەلق پۇللىرى قاتارلىق نەق پۇلنىڭ زاكات مىقدارى 2،5% (يۈزدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت)تۇر. يەنى نورمال ئائىلە ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا 21 ئىيارلىق ئالتۇندىن 85 گرام ئالتۇن ياكى 595 گرام كۈمۈش ياكى بۇنىڭ قىممىتىدە نەق پۇلى بولغان كىشىنىڭ ئومۇمىي نەق پۇلىدىن % 2،5 نى زاكاتقا بېرىشى پەرزدۇر. بۇ نىسبەت 40 تىن 1 گە تەڭ( يەنى 40مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا ئىگە بولغان كىشىگە مىڭ يۈەن زاكات ئايرىش پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ). مانابۇ، 2،5% گە تەڭدۇر. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىسلەر:

« كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى ھەر قىرىق دىرھەمگە بىر دىرھەمدىن ھېسابلاپ كەلتۈرۈڭلار. كۈمۈش 200 دىرھەمگە يەتمىگىچىلىك ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. كۈمۈش مىقدارى 200 دىرھەمگە يەتسە ئۇنىڭدىن 5 دىرھەم زاكات بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ بولغىنىغا شۇ ھېساب (يەنى ھەر 200 دىرھەمگە 5 دىرھەمدىن ئايرىش) بويىچە ھېسابلاپ زاكات بېرىلىدۇ» (ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى).

« كۈمۈشنىڭ مىقدارى 200 دىرھەمگە يەتسە ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل ئۆتكەن بولسا، ئۇنىڭغا 5 دىرھەم كۈمۈش پۇل- زاكات كېلىدۇ. ئالتۇن مىقدارى 20 مىسقالغا (ياكى 20 دىنار)غا يەتمىگىچىلىك ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. ئۇ 20 مىسقالغا

يەتسە ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل ئۆتكەن بولسا، ئۇنىڭغا يېرىم دىنار ئالتۇن زاكات كېلىدۇ. ئىگە بولغىنىغا بىر يىل توشمىغان پۇل- مالغا زاكات كەلمەيدۇ» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

يۇقىرىقى ھەدىسلەر نەق پۇل زاكىتىنىڭ مىقدارى 40 دىن بىر يەنى 2.5% ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىشلىتىلگەن نەق پۇل ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ئىدى. شۇڭا يۇقىرىقى ھەدىسلەردە نەق پۇل ئۈچۈن بۇ ئىككىسىلا تىلغا ئېلىنغان. ئەمما ھازىر قوللىنىلىۋاتقان نەق پۇل ئالتۇن، كۈمۈشتىن باشقا يۈەن، تەڭگە، سوم، رىيال، دوللار ۋە باشقىلار قاتارلىق خەلق پۇللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق بولغانىكەن، يۇقىرىقى خەلق پۇللىرىنىڭ زاكىتى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ زاكات مىقدارى بويىچە 40دىن بىر، يەنى 2.5% بېرىلىدۇ.

شەيخ ئەبۇ بەكرى جازائىرىي «منهاج المسلم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « كىشى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچبىرى ئۆز ئالدىغا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن بولسا، ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ئىككىسىنى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مىقدارى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە ئىككىسىدىن ھەر بىرىنىڭ ئايرىم زاكات مىقدارى بويىچە زاكات بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىلىق سورالغىنىدا: »ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى بىر- بىرىگە قوشۇپ تۇرۇپ ئىككىسىنىڭ ئومۇمى مىقدارىدىن زاكات بەرسەڭ بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن) ( ئىمام مالىك رىۋايىتى).

شۇنىڭدەك، ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نەق پۇلنىڭ بىرىنىڭ زاكىتىنى يەنە بىرىدىن بېرىش جائىزدۇر. مەسىلەن: بىر دىنار ئالتۇن زاكات بېرىشنىڭ ئورنىغا 10 دىرھەم كۈمۈش بېرىش ياكى 10 دىرھەم كۈمۈش بېرىشنىڭ ئورنىغا بىر دىنار ئالتۇن بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى 10 دىرھەم كۈمۈشنىڭ قىممىتى بىر دىنار ئالتۇنغا تەڭ. ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ زاكىتى ئۈچۈن قەرغەز پۇلدىن بېرىش جائىز بولغاندەك، ئۇنىڭ ئەكسىمۇ، يەنى خەلق پۇلىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن بېرىشمۇ جائىزدۇر» («منهاج المسلم » ئا. جازائىرىي).

## تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى

تىجارەت ماللىرى- تىجارەت ۋە باشقا قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىغان ماللار دېمەكتۇر. پۈتۈن فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە تىجارەت ماللىرىغا زاكات كېلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋنىڭ ئۆزى قوللۇنۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېتىش ياكى كىراغا قويۇش ئۈچۈن تۇتۇلغان زېمىن، ئۆي- ئىمارەت، دۇكان،

كىيىم- كېچەك، ماي، ئۇن، گۈرۈچ، رەخت ۋە باشقىلار قاتارلىق تىجارەت ماللىرىنىڭ ھەممىسىگە زاكات كېلىدۇ. بۇ ماللارغا ئىگە بولغانغا بىر يىل توشقان ھامان ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەق پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، نەق پۇلغا زاكات بېرىش مىقدارى بويىچە، 2،5% زاكات بېرىلىدۇ. چۈنكى تىجارەت ماللىرىمۇ نەق پۇلنىڭ ئورنىدىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن زاكات بېرىڭلار﴾ دەيدۇ. ( بەقەرە سۈرىسى 268- ئايەت)

ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى بۇ ئايەتنى تىجارەت ماللىرى ئۈچۈن زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرمۇ كۆپتۇر:

سەمرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى سېتىش ئۈچۈن تەييارلىغان ماللىرىمىزنىڭ زاكىتىنى بېرىشىمىزگە بۇيرىغان» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خۇددى تۆگە، قويغا زاكات كەلگەندەك، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان كىيىملەرگىمۇ ئەلۋەتتە زاكات كېلىدۇ» دېگەن. (بەيھەقىي ۋە دارقۇتنى رىۋايىتى).

ئىمام شافىئىي بىلەن ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ئەمرە ئىبنى ھاماسىنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ سۆزنى ھېكايە قىلىدۇ: « مەن تېرە ۋە قازان قاتارلىق ئەشيالارنى سېتىۋاتاتتىم، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنىڭدىن،- ماللىرىڭنىڭ زاكىتىنى بەردىڭمۇ؟- دەپ سورىغانتى، مەن ئۇنىڭغا،- بۇ پەقەت تېرە بىلەن قازان تۇرسا- دېۋىدىم،- ماللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرگىن- دېدى». (ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد رىۋايىتى).

يۇقىرىقىلاردىن ئوچۇقلاندىكى، پۇل- مالنى ئۆستۈرۈش نىيىتى بىلەن تۇتۇلغان يەر- زېمىن، ئۆي- ئىمارەت، يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، رەخت- ماتېرىيال، قاتناش قوراللىرى، ئۆي سايمانلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن زاكات ئايرىش پەرزدۇر.

تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشتا تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ:

1- تىجارەتنى باشلىغانغا تولۇق بىر يىل توشقاندىن كېيىن، قولدىكى تۈرلۈك ماللارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ شۇ دۆلەتتە ئېقىۋاتقان خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلىدۇ.

2- تىجارەت ماللىرىنىڭ خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغان ئومۇمىي پۇل مىقدارىغا يېنىدىكى

نەق پۇللارنى قوشىدۇ.

3- يۇقىرىقى ئومۇمىي پۇل مىقدارىدىن 2.5% (يۈزدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت) زاكات بېرىلىدۇ.

ئەگەر زاكات بەرگۈچىنىڭ ئۈستىدە قەرز بولسا، بېرىلىدىغان زاكات مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىشتىن بۇرۇن ئۈستىدىكى قەرز مىقدارىنى ھېسابتىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئورتاقلىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ قەرزىسى بولسا، بۇ قەرزنى ئومۇمىي پۇلنىڭ ھېسابىغا كىرگۈزۈپ تۇرۇپ زاكات بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ باشقىلار ئۈستىدىكى قەرزىسىنىڭ زاكىتىنى شۇ قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغانغا قەدەر كېچىكتۈرسىمۇ بولىدۇ.

**خاتا چۈشەنچىلەرگە رەددىيە**

ئاز ساندىكى بەزى پۇل- مال ئىگىلىرى زاكات پەقەت ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ۋە خەلق پۇلىغىلا كېلىدۇ. ئەمما تىجارەت ماللىرى ئۈچۈن زاكات بېرىش پەرز بولمىسا كېرەك، دەپ جۆيلۈيدۇ. بۇ زاكات بېرىشتىن قاچىدىغان بېخىللارنىڭ ئەرزىمەس پىكىرلىرى خالاس. مۇنداقلار ھەقىقەتەن ئازغۇنلاردۇر. ئادەتتە ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى 85 گرام ئالتۇن ياكى 595 گرام كۈمۈش قىممىتىدە پۇل- مېلى بولغان ئادەم ئۈچۈن زاكات پەرز بولغان يەردە، مىليونلىغان خەلق پۇلىنىڭ قىممىتىدىكى ماللارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇت، كارخانا ۋە باشقا مۇئەسسەسەلەرگە ئىگە بولغان بايلارنىڭ ماللىرىغا قانداقمۇ زاكات كەلمىسۇن؟!

ئىسلام دىنى بۇنداق بېمەنىلىكتىن پاكتۇر، ئەلۋەتتە. شۈبھىسىزكى، تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان ھەرقانداق نەرسە نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر. بۇنداق ئىكەن، تىجارەت ماللىرى بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە خەلق پۇلى ئوتتۇرىسىدا ھېچ پەرق يوقتۇر.

ئەگەر ئالتۇن، كۈمۈش ۋە خەلق پۇلىغا زاكات پەرز بولۇپ، تىجارەت ماللىرىغا زاكات كەلمەيدىغان بولسا، بايلارنىڭ ھەممىسى نەق پۇللىرىغا ئېھتىياج سىرتىدا يەر- زېمىن، ئۆي- ئىمارەت، قاتناش قوراللىرى، تىجارەت ماللىرى ۋە باشقا ماللارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق زاكات بېرىشتىن قېچىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ زاكاتنى پەرز قىلىشتىكى غايىسى ئەمەلگە ئاشمىغان بولار ئىدى. ئەمما ئۇنداق ئەمەس! ئىسلام دىنى زاكاتنى پەرز قىلىشتا جەمئىيەتتىكى پېقىر، مىسكىن، يېتىم- يېسىر، تۇل، باققۇچىسىز قېرىلار، مېيىپلار ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ماددىي ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىمۇ ھاياتلىقنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: « ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل- ماللىرىدا ئۇلارنىڭ

بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلدى» دېگەن.(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

ئەللامە مەھمۇد شەلتۇت «پەتىۋا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:« تىجارەت ماللىرىغا زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدە فىقھىشۇناس ئالىملىرى بۇرۇندىن ھازىرغا قەدەر بىردەك ئىتتىپاقتۇر. تىجارەتچى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ماللىرى زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتسە، ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم بارچە ماللىرىنىڭ ئومۇمىسىنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ ئۇنىڭدىن زاكات بېرىدۇ. ئەمما سودا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن تۇتۇلغان دۇكان- ماگىزىن ۋە ئۇنىڭدىكى كېرەكلىك سېرەمجانلارغا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئەشيالار قوللىنىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. تىجارەت ماللىرى نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئۇلار پۇلغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ماللاردۇر. ئەگەر تىجارەت ماللىرىغا زاكات كەلمەيدىغان بولسا ئىدى، كۆپلىگەن بايلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇل- ماللىرىنى زاكاتتىن قاچۇرۇپ ئالغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىقتىسادنىڭ مەنبىيى تىجارەت بىلەن زىرائەتچىلىكتۇر. بايلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ زاكاتنى تەرك قىلىشى زاكاتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى يوقىتىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. نەتىجىدە ئىسلام دىنىنىڭ زاكاتنى پەرز قىلىشتىكى ۋە ئۇنى شەرىئەت ئاساسلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلەشتىكى ھېكمىتى يوقالغان بولىدۇ». («**الفتاوى**» شەيخ مەھمۇد شەلتۇت 121- بەتتىن).

## يىل ئىچىدىكى كىرىمنىڭ مەسىلىسى

بىز يۇقىرىدا زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن زاكات ئۆلچىمىگە يېتەرلىك پۇل- مالغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل توشۇشى شەرت دېگەنىدۇق. ئەمما تىجارەت ئەسناسىدا قولغا كىرىپ تۇرىدىغان ماللارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئايرىم- ئايرىم يىل ساناشقا ھاجەت يوق. پەقەت يىل بېشى ۋە ئاخىرى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. يىلنىڭ ئاخىرىدا قولغا كەلگەن پۇل- مالنىڭ ھەممىسىگە بىراقلا زاكات بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئايدا مىڭ يۈەن مائاش ئالىدىغان بىر كادىر ياكى ئىشچىنىڭ ئالغان مائاشى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئايلىق خىراجىتىدىن ئېشىپ ئۇ ھەر ئايدا 400 ياكى 500 يۈەندىن ئىقتىساد قىلغان بولسا، يىل ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدا بولغان ئومۇمىي پۇل مىقدارىدىن زاكات بېرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا يىل بېشىدا 1000 يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ مەبلەغ3000 يۈەنگە يەتكەن بولسا، زاكات بېرىشتە يىل ئاخىرىدىكى قولىدا مەۋجۇت بولغان مەبلەغ ھېساب قىلىنىدۇ يەنى 300 يۈەندىن زاكات بېرىدۇ. چۈنكى قولغا چۈشكەن ھەر بىر قېتىملىق مەبلەغ ئۈچۈن ئايرىم- ئايرىم يىل ساناش قىيىن ئىشتۇر. چۈنكى بەزىدە كىشىنىڭ قولغا ئاز- ئازدىن پۇل

كىرىپ تۇرىدۇ. قولىغا كىرگەن ھەر قېتىملىق پۇلنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ۋە ھەر قېتىم كىرگەن پۇل ئۈچۈن يىل ساناش ھەقىقەتەن قىيىن ئىشتۇر. شۇڭا يىلنىڭ ئاخىرىدا قولىدا مەۋجۇت بولغان مەبلەغدىن زاكات بېرىلىدۇ. تىجارەتچىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. چۈنكى ھەر ئايدا قولىغا كىرىم كىرىپ تۇرىدىغان تىجارەتچى ئۈچۈن ھەر قېتىم قولىغا كەلگەن پۇل- مالغا ئايرىم يىل ساناش ۋە ھەر قېتىمدا كىرگەن پۇل ئۈچۈن ئايرىم بىر يىلنى توشقۇزۇش تولىمۇ قىيىندۇر. شۇڭا تىجارەتچى، كادىر، ئىشچى ۋە باشقا كەسىپدارلار زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىغا يېتەرلىك مىقداردا پۇل- مالغا ئىگە بولغىنىغا تولۇق بىر يىل تولغاندىن كېيىن، يىل ئاخىرىدا قولىدا بار بولغان ئومۇمىي پۇل مىقدارىنىڭ زاكىتىنى چىقىرىدۇ. ئەمما يىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۆسۈش ياكى كېمىيىشلەر ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. پەقەت زاكات بېرىدىغان ۋاقىتتا قولىدا بولغىنى ھېسابتۇر.

## ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ھەققىدە

يۇقىرىدا، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى پۇل-مالغا ئىگە بولغان كىشى ئۈچۈن زاكاتنىڭ پەرز بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نورمال ئېھتىياجلىرىدىن سانىلىدىغان ئىگىدارچىلىقىغا زاكات كەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلىگەنىدۇق. بۇ پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ نورمالدىكى ئېھتىياجلىرىدىن سانىلامدۇ ياكى ئېھتىياج سىرتىدىكى بايلىقلاردىن سانىلامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ئىختىلاپ قىلىشقان: ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۇلارنىڭ نورمال ئېھتىياجلىرىدىن سانىغانلار ئۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ، دەپ قارار قىلغان. بۇنى دېگەنلەر شافىئىي، مالىكى ۋە ھەنبەلىمەزھەبلىرى. ساھابىلاردىن ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە جابىرلاردۇر. ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۇلارنىڭ نورمال ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدىكى بايلىق دەپ قارىغانلار ئۇلارغا زاكات كېلىدۇ، دەپ قارار قىلغان. بۇنى دېگەنلەر ھەنەفىي مەزھىبى ۋە ساھابىلاردىن ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئاببااس ۋە سەئىد ئىبنى مۇسەيبلاردۇر. تۆۋەندە ھەر ئىككى مەزھەبنىڭ دەلىللىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ:

بىرىنچى مەزھەب، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىغە زاكات كەلمەيدۇ دېگۈچىلەرنىڭ دەلىللىرىدىن:

1. ئاياللار ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملەرنى قوللىنىشقا ئېھتىياجلىقتۇر. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ نورمال يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك ۋە باشقا زۆرۈر ئېھتىياجلىرىغا ئوخشاش ئېھتىياجلىرىدىكى ئىشتۇر. ئاللاھ

تائالا قۇرئان كەرىمدە، قىزلارنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى، دەپ شەك كەلتۈرگۈچى مۇشرىكلارغا رەددىيە بەرگەن سۆزىدە مۇنداق دېگەن:﴿ئۇلار ئاللاھقا زىننەت بۇيۇملىرى ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، مۇنازىرىدە مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان قىزلارنى مەنسۇپ قىلامدۇ؟﴾ (زۇخرۇف سۈرىسى 18- ئايەت).

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئايال جىنسىنىڭ كېرەكلىك ئەشيالىرىدىن قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇنداق ئىكەن، ئاياللارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەبىئىي ئېهتىياجلىرىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا زاكات كەلمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئاياللار يۇقىرىقى زىننەت بۇيۇملىرىنى تىجارەت بىلەن ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە تۇتقان ۋە ساقلىغان بولسا ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە زاكات كېلىدۇ.

2- ئىمام مالىك«مۇۋەتتا» ناملىق ئەسىرىدە،« ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەدنىڭ يېتىم قىزلىرىنى باقاتتى، ئۇلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىدىن زاكات بەرمەيتتى» ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەرنىڭ قىزلىرى ۋە چۆرىلىرى ئالتۇن بۇيۇملىرىنى تاقايتتى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر بۇلارنىڭ زاكىتىنى چىقارمايتتى». دېگەن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. («مۇۋەتتا» 1- توم 250- بەت)

يۇقىرىقى ھەدىسلەردە كۆرگىنىمىزدەك بەزى ساھابىلارمۇ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى قوللىنىۋاتقان زىننەت بويۇنلىرىغا زاكات كەلمەيدۇ دەيدىغان پىكىردە ئىدى. ئەگەر ئاياللارنىڭ بۇ زىننەت بۇيۇملىرى ئۆز ئېهتىياجلىرىنىڭ سىرتىدا بولۇپ ئۇلارنى قوللانمىسا ياكى زاكات بېرىشتىن قېچىپ نەق پۇللىرىغا بۇ بۇيۇملارنى ئېلىپ ساقلىغان بولسا، پۈتۈن ئىسلام فىقهشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ئۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ.

ئىككىنچى مەزھەب، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۇچۇن زاكات پەرز بولىدۇ. دېگۈچىلەرنىڭ دەلىللىرى مۇنداق:

1-« قوللىرىدا ئالتۇن بىلەيزۈكلىرى بولغان ئىككى ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلاردىن سورىدى:

- بۇلارنىڭ زاكىتىنى بەردىڭلامۇ؟

- ياق، يارەسۇلەللا- دېدى ئاياللار، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا دېدى:

- سىلەر قىيامەت كۈنى قوللىرىڭلارغا ئوتتىن بىلەيزۈك سېلىنىشنى ياقتۇرامسىلەر؟

- ياق، ئەلۋەتتە ياقتۇرمايمىز يارەسۇلەللا،

- ئۇنداقتا بۇلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىڭلار- دېدى.(تىرمىزى رىۋايىتى)

2- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،»پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمدىكى كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى كۆرۈپ،- بۇ نېمە ئەي ئائىشە؟- دەپ سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا :

- بۇلارنى سىز ئۈچۈن زىننەتلىنىش مەقسىتىدە ياساتقان ئىدىم يارەسۇلەللا – دەپ جاۋاپ بەردىم، ئاندىن ئۇ مەندىن سورىدى:

- بۇلارنىڭ زاكىتىنى بەردىڭىزمۇ؟

- ياق.

- دۇزاخقا كىرىشىڭىز ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك- دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

3- ئابدۇللا ئىبنى مەسۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە نوتۇق سۆزلەپ « ئەي ئاياللار جامائەسى! زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى بەرمەسلىكىڭلار سىلەرنىڭ كۆپلىرىڭلارنىڭ دۇزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭلارغا سەۋەپ بولىدۇ. دېدى» (تىرمىزى رىۋايىتى).

بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارنى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە بۇيرۇغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

4- ئۇممە سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن زاكات كېلەمدۇ؟ دەپ سورىۋىدىم، ئۇماڭا:«ئەلۋەتتە زاكات بېرىشىڭىز كېرەك» دېگەنىدى.(ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام مالىك رىۋايىتى)

5- ئەمر ئىبنى شۇئەيب بۇۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈنمۇ زاكاتنى پەرز قىلغان» (نەسائىي ۋە تىرمىزى رىۋايىتى).

6- بەيھەقىينىڭ رىۋايىتىدە، ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيالللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇساغا: « يېنىڭدىكى مۇسۇلمان ئاياللارغا بۇيرىغىنكى، ئۇلار زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلسۇن» دەپ مەكتۇب يازغان. ( بەيھەقىي رىۋايىتى )

خۇلاسە:

« يـۇقىرىقىلار ئىـسلام فىقھـشۇناس ئالىملىرىنىـڭ ئاياللارنىـڭ زىنـنەت بۇيۇملىرىنىـڭ زاكىتـى توغرۇلـۇق ئـۆز قاراشـلىرىنى كۆچلەنـدۈرۈش ئۈچـۈن كەلتـۈرگەن دەلىللـىرى بولـۇپ، شـافىئى، مـالىكى ۋە ھەنبەلــى مەزھەبلىرىنىــڭ ئاياللارنىــڭ زىنــنەت بۇيۇملىرىغــا زاكــات كەلمەيدۇ دېـگەن قارىـشدا ئاياللار ئۈچـۈن ئۇۋـايلىق ۋە كەڭچىلىـك بـاردۇر. ئەممـا ھەنەفـي مەزھىبىنىــڭ ئاياللارنىــڭ زىنــنەت بۇيۇملىرىغــا زاكــات كېلىــدۇ دېــگەن قارىــشى دەلىــل جەھەتتە كۈچلۈكتۇر. بۇنىڭدا ئېھتىياتچانلىق كۆزدە تۇتۇلغان.

يـۇقىرىقى ئوخـشاش بولمىغـان مەزھەب قاراشـلىرىغا ئاساسـلىنىپ دەيمىزكـى، ئاياللارنىـڭ زىنـنەت بۇيـۇملىرى ئۈچـۈن مـۇتلەق زاكـات كەلمەيـدۇ دېـيىش، پۇرسەتپەرەسـلەر ئۈچـۈن زاكــات بېرىــشتىن قــېچىش ئىــشكىنى ئېچىــپ بەرگەنلىكتــۇر. نەتىجىــدە، بەزى كىــشىلەر زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكـات كەلمەيـدۇ دېگەننـى باھـانە قىلىـپ بـار پۇلىغـا ئـالتۇن، كۈمـۈش ۋە باشــقا قىممەتلىــك ئەشــيالاردىن ياســالغان زىنــنەت بۇيــۇملىرىنى ســېتىۋېلىپ ســاقلاش ئـارقىلىق زاكـات پەرزىنـى ئـادا قىلىـشتىن بـاش تارتىـشتا غەلىـبە قىلغـان بولىـدۇ. بۇنىـڭ بىـلەن پېقىـر ، يېـتىم- يېـسىر ۋە مۇنـدىن باشـقا ئېھتىيـاج ئىگىلىرىنىـڭ ھەقلىرىنـى زايـا قىلغان بولىدۇ.

شـۇڭا ئىـسلام فىقھـشۇناس ئالىملىرىنىـڭ دەلىللىرىنـى بىرلەشـتۈرگەن ھالـدا دەيمىزكـى، بىلەيــزۈك، ئــۈزۈك، بۇلاپكــا ۋە باشــقا زىنــنەت بۇيۇملىرىــدىن ئىبــارەت ئــادەتتە ئايــاللار ئۇنىڭـدىن بېھـاجەت بولمايـدىغان ۋە نورمـاللىقتىن چەتـنەپ كەتمـگەن ھالـدىكى زىنـنەت بۇيـۇملىرى ئۈچـۈن زاكـات كەلمەيـدۇ. ئەممـا ئـادەتتىكى نورمـاللىقتىن ئېـشىپ كەتـكەن، نورمال ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئـۇنى قوللانماسـتىن نەق پـۇل ئورنىـدا سـاقلىغان يـاكى قىممىتــى نورمــال باھــادىن پەۋقۇلئــاددە يــۇقىرى: ئــون مىــڭ ھەتتــا يۈزمىــڭ دوللارلىــق قىممەتـكە ئـىگە زىنـنەت بۇيـۇملىرى ئۈچـۈن زاكاتنىــڭ پەرز بولۇشــى شۈبھىــسىزدۇر». (« زاكات پەرزى» م.ئەلى سابۇني 48- بەت)

ئىمـام خەتتـابىي «ھەدىـس ئىلىملـىرى» نـاملىق ئەسـىرىدە مۇنـداق دېـگەن: «قۇرئـان كەرىمنىـڭ زاكـات ھەققىـدە كەلـگەن ئومـۇمىي ئـايەتلىرى ئاياللارنىـڭ زىنـنەت بۇيـۇملىرى ئۈچــۈن زاكــات كېلىــدۇ دەيــدىغانلارنىڭ پىكىرلىرىنىــڭ ھەقلىقىنــى كۈچلەندۈرىــدۇ. ھەدىـسلەرمۇ شـۇنداق. ئېھتىيـات يۈزىـسىدىن بولـسىمۇ ئاياللارنىـڭ زىنـنەت بۇيۇملىرىنىـڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك».(« علوم الحديث » خەتتابىي 1- جىلد 291- بەت)

ئىبنــى قــۇدامە « المغنــي» نــاملىق ئەسـىرىدە مۇنـداق دېـگەن:«ئاياللارنىـڭ ئـادەتتە

ئۆزلىرى قوللىنىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما پۇلغا ئېھتىياج تېپىلغاندا سېتىپ خەجلەش نىيىتى بىلەن ساقلاپ قويۇلغان زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن زاكات كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، زاكات بېرىشتىن قېچىش نىيىتىدە سېتىۋالغان زىننەت بۇيۇملىرىغىمۇ زاكات كېلىدۇ، ئەلۋەتتە پەقەت ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن تۇتقانلىرىدىنلا زاكات ساقىت بولىدۇ. ئېقىۋاتقان ئادەتكە ئويغۇن ھالدا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك ئەشيالاردىن ياسالغان بىلەيزۈك، ئۈزۈك بۇلاپكا ۋە باشقىلار قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما ئېقىۋاتقان ئادەتكە خىلاپ بولغان زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كېلىدۇ» («المغني » 4- جىلد 220- بەت: ئىبنى قۇدامە).

يۇقىرىقىلار ئىسلام فىقھەشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپقا چۈشكەن بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ نورمال ئېھتىياجلىرىنىڭ سىرتىدا بولغان، پۇل ئورنىدا سالانغان ۋە باھاسى پەۋقۇلئاددە قىممەتلىك بولغان زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدە ھەممە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. زاكات ئەسلىدە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى پېقىرلارنىڭ، يېتىم- يېسىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ يۈزلىرىنى كۈلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ يۈكلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن پەرز قىلىنغان مۇھىم بىر پەرزدۇر. زاكات بېرىش بەرمىگەندىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا، ئاللاھ يولىدا بىر يۈەن سەرپ قىلغان كىشىگە 700 ھەسسە ۋە خالىسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بەرىكەت ۋە ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. شۇڭا بۇ مەسىلىدە ھەركىم ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بىلەن ھېسابلىششى ۋە مۇسۇلمانلىق سۈپىتى بىلەن شۈبھىلەردىن يىراق بولۇپ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. ئاياللار زىننەتلىنىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئالماس، مەرۋايىت ۋە زەبەرجەدلەرمۇ شەرئەت نەزىرىدە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش بولۇپ، قوللىنىۋاتقانلىرىغا زاكات كەلمەيدۇ. ئېھتىياجنىڭ سىرتىدا بولۇپ پۇل ئورنىدا ساقلانغانلىرىغا زاكات كېلىدۇ. زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى خەلق پۇلىدىن بەرسە بولىدۇ. زاكات بېرىش مىقدارى نەق پۇلنىڭ زاكات مىقدارى بويىچە، 2،5% (يۈزدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت)دۇر.

## باشقىلارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنىڭ زاكىتى

باشقىلارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1- ئىشەنچلىك، ديانەتلىك ۋە ئۈستىدىكى قەرزنى ئېتىراپ قىلغان بىرىنىڭ

ئۆستىدىكى قەرز بولۇپ، بۇنىڭغا پۇتۇن فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە، زاكات پەرزدۇر. چۈنكى ئىشەنچلىك قولدىكى قەرز ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا بولغان نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر. ئەمما بۇخىل قەرزنىڭ زاكىتى كىشىنىڭ قولىدىكى پۇل-ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلغان ۋاقىتىدا بىرگە ئادا قىلىدىغان پەرزمۇ ياكى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئادا قىلىنىدىغان پەرزمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مەزھەب پېشىۋالىرى ئىختىلاپ قىلىشقان:

شافىئىي مەزھىبىنىڭ قارىشىچە، كىشى باشقىلاردىكى قەرزىسىنى تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسىمۇ قولىدىكى پۇل- ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئايرىغان ۋاقىتتا، ئىشەنچلىك كىشىدىكى قەرزىسىنىمۇ ھېسابلاپ ھەممىسىگە بىرلا زاكات ئايرىيدۇ. چۈنكى ئىشەنچلىك كىشىدىكى قەرز ھامان بىر كۈنى قولىغا كېلىدىغان پۇلدۇر. ئۇ خۇددى ساندۇقتا ساقلانغان نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر.

ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھەبلىرىنىڭ قارىشىدا، كىشىنىڭ باشقىلاردىكى قەرزىسىگە زاكات بېرىشى پەرز. بىراق ئۇنى ئادا قىلىش ۋاقتىنى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتقا قەدەر كېچىكتۈرسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قولىدا نەق بولمىغان مالنىڭ (يەنى قەرزنىڭ) زاكىتىنى ئالدىن بېرىشكە مەجبۇر ئەمەس. قەرزلىرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۆتكەن يىللارنىڭ زاكىتىنى بىراقلا بەرسە بولىدۇ.

ئىبنى قۇدامە «المغني» نامىلىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «كىشىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ئۇنى ئۆتەشكە قەدىر بولغان بىرىنىڭ ئۈستىدە قەرزىسى بولسا، بۇ قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالمىغىچىلىك ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش پەرز ئەمەستۇر. قەرزلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، زاكىتىنى ۋاقتىدا بېرەلمىگەن يىللارنىڭ زاكىتىنى بېرىدۇ».(«المغني» 4- جىلد 269- بەت).

2- ئىشەنىسىز ياكى ئۆستىدىكى قەرزنى تېخى ئېتىراپ قىلمىغان بىرىنىڭ ئۆستىدىكى قەرز بولۇپ، بۇنىڭغا ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالمىغىچىلىك زاكات پەرز بولمايدۇ. ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، شۇ بىر يىلنىڭلا زاكىتىنى بېرىشى پەرزدۇر. چۈنكى بۇنداق خىلدىكى قەرز ئۇنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، تاپشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن قەرز بەرگۈچىنىڭ ئىلكىگە يېڭىدىن كىرگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ شۇ بىر يىلنىڭلا زاكىتىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

### چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى

بۇ ماۋزۇدىكى چارۋا ماللىرىدىن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق گۆشى

يېيىلىدىغان ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ سىلەرگە (قوي، كالا، تۆگە ۋە ئۆچكە قاتارلىق) ھايۋانلار ھالال قىلىندى﴾ دەيدۇ. (مائىدە سۈرىسى 1- ئايەت)

بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان چارۋا ماللىرىدىن يايلاقتا قويۇپ بېرىپ باققانلىرىغا زاكات بېرىش پەرزدۇر. ئەمما ئۆيدە باققانلىرىغا بوداقچىلىق قىلىش ئۈچۈن تۇتۇلمىغان بولسا زاكات كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئېشەك، خېچىر قاتارلىق گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارغىمۇ زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىشى ۋە يۈكلىرىنى ئارتىشى ئۈچۈن ياراتقان جانلىقلاردۇر ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ ئاللاھ ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى﴾ (نەھل سۈرىسى 8- ئايەت).

## چارۋا ماللىرىغا زاكات كېلىشنىڭ شەرتلىرى

چارۋا ماللىرىغا زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتى3 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- يىلنىڭ ھەممىسىدە ياكى ئۇنىڭ كۆپرەكىدە يايلاقلارغا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان بولۇشى.

2- ئىگىسىنىڭ ئىگىلىكىگە ئۆتكىنىگە تولۇق بىر يىل توشقان بولۇشى.

3- زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇشى.

يۇقىرىقى شەرتلەرنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. يىلنىڭ ھەممىسىدە ياكى ئۇنىڭ كۆپرەكىدە يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان بولۇشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:« يايلاقتا بېقىلغان قوينىڭ زاكىتىدا 40تىن 120گىچىلىك بىر قەي زاكات بېرىلىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى).

چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتىدا، ئۇلارنىڭ يىلنىڭ ھەممىسىدە ياكى ئۇنىڭ كۆپرەكىدە يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان بولۇشىنى شەرت قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان ماللار ئىگىسىدىن ئارتۇق چىقىم تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما ئۆيدە بېقىلغان ماللارنىڭ چىقىملىرى جاپالىرى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مال ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە يۈكسەك ئېتىبار بەرگەنلىكتىن، ئۆيدە بېقىلغان ماللارغا زاكات بېرىشنى پەرز قىلمىغان.

2. چارۋا ماللىرىغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل تولغان بولۇشى بولۇپ، ئىسلام دىنى

مال ئىگىلىرىنىڭ ئەسلىي ماللىرىنى زاكات ئۈچۈن چىقىم قىلماسلىقى، بەلكى بىر يىل ئىچىدە نەسىللىنىپ كۆپەيگەنلىرىنىڭ بىرقىسمى بىلەن زاكاتنى ئادا قىلىشنى كۆزلەپ بۇ شەرتنى بەلگىلىگەن.

3. چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتىنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇشى بولۇپ، چارۋىلارنىڭ تۈرى ۋە سانىنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئۇلارغا كېلىدىغان زاكات مىقدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەندە چارۋا ماللىرىدىن ھەر بىرىنىڭ زاكات مىقدارىنى بايان قىلىمىز.

## تۆگىنىڭ زاكات مىقدارى

سانى بەشكە يەتمىگەن تۆگىگە زاكات كەلمەيدۇ. تۆگىنىڭ سانى بەشكە يەتكەندە، ئۇنىڭدىن بىر قوي، ئونغا يەتكەندە ئىككى قوي زاكات بېرىلىدۇ. بەشتىن يىگىرمىگىچە ھەر بىر بەش تۆگە ئۈچۈن بىردىن قوي زاكات بېرىلىدۇ. تۆگىنىڭ سانى 25 تىن ئاشقاندىن كېيىن ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ.

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

| تۆگە سانى | زاكات مىقدارى |
|---|---|
| 4_1 | زاكات كەلمەيدۇ. |
| 5_ 9 | 1 قوي |
| 10_ 14 | 2 قوي |
| 15_19 | 3 قوي |
| 20_24 | 4 قوي |
| 25_35 | چىشى تۆگىدىن 1 |
| 36_45 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن 1 |
| 46_60 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن 1 |
| 61_75 | بەش ياشلىق چىشى تۆگىدىن 1 |
| 76_90 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن 2 |
| 91_120 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن 2 |

| | |
|---|---|
| 129-121 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن 3 |
| 139-130 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن1، ئۈچ ياشلىقتىن 2 |
| 149-140 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن2، ئۈچ ياشلىقتىن 2 |
| 159-150 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن 3 |
| 169-160 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن 4 |
| 179-170 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن3، تۆت ياشلىقتىن 1 |
| 189-180 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن2، تۆت ياشلىقتىن 2 |
| 199-190 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن3، ئۈچ ياشلىقتىن 1 |
| 209-200 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن4، ئۈچ ياشلىقتىن 5 |

تۆگىلەرنىڭ سانى يۇقىرىقى مىقداردىن ئاشقاندا، ھەر 50 تۆگە ئۈچۈن تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىر، ھەر 40 تۆگە ئۈچۈن ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىر تۆگە ھېسابى بويىچە زاكات بېرىلىدۇ. جەدۋەلدە كۆرگىنىمىزدەك، تۆگىلەرنىڭ زاكىتىدا بېرىلىدىغان تۆگىلەرنىڭ جىنسى پەقەت چىشى تۆگىلەردىن ئىبارەتتۇر.

يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئىجتىھادلىرىدىن بولماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىۋاستە بەلگىلەپ بەرگەن زاكات مىقدارىدۇر. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە بۇ بەلگىلىمىلەر قەيت قىلىنغان. بۇ بەلگىلىمىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، قوي، كالا ۋە ئۆچكە قاتارلىق چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بۇ ماللارنىڭ ئۆز جىنسىدىن بېرىشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، 25كە يەتمىگەن تۆگىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن قويلاردىن بېرىشنى بەلگىلىگەن. بۇنىڭدا، پېقىرلار ۋە بايلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى 5 تۆگىگە ئىگە بولغان كىشى ئىسلام نەزەرىدە باي ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ. ئەمما 5 تۆگىدىن 1 تۆگە زاكات بېرىشنى بەلگىلەش تۆگە ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە رىئايە قىلمىغانلىق بولىدۇ. 5 تۆگىسى بار ئادەمگە زاكاتنى بەلگىلىمەسلىك بولسا پېقىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى زايا قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا تۆگىلەرنىڭ زاكات مىقدارىنى پەيغەمبىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى بويىچە

بەلگىلىگەن.

## كالىنىڭ زاكىتى

كالىنىڭ زاكىتى تۆگە ۋە قويلارنىڭ زاكىتىدىن پەرقلىقتۇر. كالا سانى 30 غا يەتمىگىچىلىك ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. كالىلارنىڭ سانى 30غا يەتسە، ئۇلارغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل ئۆتكەن ۋە يىلنىڭ ھەممىسىدە ياكى كۆپرەكىدە يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان بولسا 30 كالىغا 2 ياشلىق كالىدىن 1 كالا زاكات بېرىدۇ.

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

| كالا سانى | زاكات مىقدارى |
|---|---|
| 1-29 | زاكات كەلمەيدۇ. |
| 30-39 | ئىككى ياشلىق ئەركەك ياكى چىشى كالىدىن1 |
| 40-59 | ئۈچ ياشلىق چىشى كالىدىن 1 |
| 60-69 | ئىككى ياشلىق ئەركەك ياكى چىشى كالىدىن2 |
| 70-79 | ئۈچ ياشلىق چىشىدىن1، ئىككى ياشلىق ئەركەكتىن1 |
| 80-89 | ئۈچ ياشلىق چىشى كالىدىن 2 |
| 90-99 | ئىككى ياشلىق چىشى كالىدىن 3 |
| 100-109 | ئۈچ ياشلىق چىشىدىن1، ئىككى ياشلىق ئەركەكتىن2 |
| 110-119 | ئۈچ ياشلىق چىشىدىن2، ئىككى ياشلىق ئەركەكتىن1 |
| 120-129 | ئۈچ ياشلىق چىشىدىن3 ياكى ئىككى ياشلىقتىن4 كالا زاكات بېرىلىدۇ. |

كالىلارنىڭ سانى يۇقىرىقى جەدۋەلدىكىلەردىن ئاشقاندا، ھەر 30 كالىغا 2 ياشلىق چىشى ياكى ئەركەك كالىدىن1كالا، ھەر 40 كالىغا 3 ياشلىق چىشى كالىدىن1 كالا ھېسابى بويىچە زاكات بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېۋاستە كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شۇنداق بەلگىلەنگەن.

## قويلارنىڭ زاكىتى

ئىسلام دىنىنىڭ زاكات سىستېمىسى بويىچە، قوي بىلەن ئۆچكە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى « غەنەم » سۆزى قوي ۋە ئۆچكە ھەر ئىككى جىنسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا تۆۋەندە « قوي» ئىبارىسى قوللىنىلىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىبارە قوي بىلەن ئۆچكە ھەر ئىككىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

قويلارنىڭ زاكات مىقدارىنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بېۋاسىتە بەلگىلىگەن بولۇپ، سانى 40قا يەتمىگەن قويغا زاكات كەلمەيدۇ. قويلارنىڭ سانى 40قا يەتسە، يىلنىڭ ھەممىسىدە ياكى كۆپرەك قىسمىدا يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان ۋە بۇ قويلارغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل توشقان بولسا 40 تىن 120 گىچىلىك بولغان قويدىن 1 قوي زاكات بېرىلىدۇ.

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

| قوي سانى | زاكات مىقدارى |
|---|---|
| 39-1 | زاكات كەلمەيدۇ. |
| 120-40 | بىر ياشتىن ئاشقان قويدىن 1 |
| 200-121 | 2 قوي |
| 399-201 | 3 قوي |
| 499-400 | 4 قوي |
| 599-500 | 5 قوي |
| 699-600 | 6 قوي |
| 799-700 | 7 قوي زاكات بېرىلىدۇ. |

قويلارنىڭ سانى يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى مىقداردىن ئاشقاندا، ھەر 100 قوي ئۈچۈن 1 قويدىن زاكات بېرىش ھېسابى بويىچە زاكات بېرىلىدۇ.

سالىم ئىبنى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قويلارنىڭ زاكىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:« سانى 40 تىن 120 گىچە بولغان قويلار ئۈچۈن 1 قوي، 120 دىن 200 گىچە 2 قوي، 200 دىن 300 گىچە 3 قوي، قوي سانى 300 دىن ئاشقاندىن كېيىن ھەر 100 قوي ئۈچۈن 1 قويدىن ھېسابلاپ زاكات بېرىلىدۇ. زاكات

بېرىشتە، قىبرى ۋە قاتتىق ئورۇق قويلارنى بېرىشكە بولمايدۇ». (ئىبنى ماجا رىۋايىتى)

ئەسكەرتىش:

قوينىڭ زاكىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قويلارنىڭ 6 ئايلىقتىن چوڭ ۋە ئۆچكىلەرنىڭ زاكىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئۆچكىنىڭ 1 ياشنى تولغان بولۇشى شەرتتۇر. بۇنىڭدىن كىچىك بولغان قوزا ياكى تېكەلەرنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىش بىلەن زاكات ئادا تاپمايدۇ. قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوي ۋە ئۆچكىلەر ئۈچۈنمۇ بۇ شەرت تەلەپ قىلىنىدۇ.

## ئاتلارغا زاكات كېلەمدۇ؟

ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىدىن كۆپۈنچىسىنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، ئاتلارغا زاكات كەلمەيدۇ. پەقەت ئۇلار تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا زاكات كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئاتلار تىجارەت ماللىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئاتقا زاكات كەلمەيدۇ دەيدىغان ئالىملارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىلكىدىكى ئاتلىرى بىلەن قۇللىرىغا زاكات كەلمەيدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى).

2. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « سىلەردىن ئاتلىرىڭلار بىلەن قۇللىرىڭلاردىن زاكات بېرىش كەچۈرۈم قىلىندى» دېگەن( ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى جىنستىن ئاتلىرى بولغان ئادەمنىڭ بۇ ئاتلار ئۈچۈن زاكات بېرىشى پەرز ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇنىڭدا ئاتلارنىڭ نەسىللىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. « الهداية» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: « ئات ئىگىلىرى ھەر بىر ئات ئۈچۈن خالىسا بىر دىنار، خالىسا 10 دىرھەم زاكات بېرىدۇ. چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئەمما ئاتقا زاكات كەلمەيدۇ دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى بولغان ھەدىستىكى " ئاتنىڭ زاكىتى سىلەردىن كەچۈرۈم قىلىندى" دېگەن سۆزدە غازاتقا ئىشلىتىلىدىغان ئاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق ئاتلارغا زاكات كەلمەيدىغانلىقىغا پۈتۈن مەزھەب ئىگىلىرى ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى ئۇلار نورمال ئېھتىياجلاردىن سانىلىدۇ» (الهداية 1- جىلد 108- بەت: مەرغىنانىي)

خۇلاسە قىلغاندا، ئاتقا زاكات كەلمەيدۇ دەيدىغانلارنىڭ قاراشلىرى كۈچكە ئىگىدۇر.

ئەمما ئات ئېلىپ سېتىش ئارقىلىق ئات تىجارىتى قىلىدىغانلارنىڭ ئاتلىرىغا زاكات كېلىدىغانلىقىدا ھېچ ئىختىلاپ يوقتۇر. چۈنكى بۇنداق ئاتلار تىجارەت ماللىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. نەتىجىدە، ئاتلاردىن تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكات مىقدارى بويىچە 2.5% زاكات بېرىش پەرزدۇر.

## تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى

تىجارەت مەقسىدى بىلەن تۇتۇلغان تۆگە، كالا، ئات، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ماللارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشتا ئۇلارنىڭ سانى ۋە تۈرى ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، بەلكى نەق پۇلغا سۇندۇرۇلغان قىممىتى ئېتىبارى بويىچە زاكات بېرىلىدۇ. شۇڭا تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان بۇ ماللارنىڭ زاكىتىدا يۇقىرىدا ئۆتكەن جەدۋەللەردىكى سان ۋە مىقدارلار ھېسابقا ئېلىنماستىن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ھېساب قىلىنىدۇ. ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى نەق پۇلنىڭ زاكات ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇش شەرتى بىلەن بۇ ماللارغا زاكات پەرز بولىدۇ ۋە نەق پۇل زاكىتىنىڭ مىقدارى بويىچە بۇ ماللاردىن 2.5% زاكات بېرىلىدۇ.

« تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلماقچى بولغان ئادەم، ماللارنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ يېنىدىكى نەق پۇلغا قوشۇپ تۇرۇپ ھەممىسىنىڭ ئومۇمىي پۇل مىقدارىدىن 2.5% زاكات بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىلكىدىكى چارۋىلىرىنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتى نەق پۇلدىن زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، سان جەھەتتىن زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا بۇ چارۋىلار تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلمىغان ئادەتتىكى چارۋىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ، يۇقىرىقى جەدۋەللەردىكى سان ۋە مىقدار بويىچە زاكات بېرىلىدۇ».(« الزكاة وتنمية المجتمع»سەييىد ئەھمەد مەخزەنچى 139- بەتتىن)

## زاكاتقا بېرىشكە يارىمايدىغان ماللار

ئىسلام شەرىئىتى مال ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا زاكاتنى بەلگىلەشتە ماللىرىنىڭ خىللىرىدىن تاللاپ بېرىشنى بۇيرىمىغاندەك، زاكات ئالغۇچى ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى قوغداش مەقسىدى بىلەن زاكات بېرىشتە مال ئىگىلىرىنىڭ ئەيىپلىق، قېرى، ئاغرىقچان، بەك ئورۇق ۋە چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ماللاردىن بېرىشنى مەنئى قىلغان ۋە ئوتتۇرھاللىرىدىن بېرىشنى بۇيرىغان. ئادەتتە، قۇربانلىق قىلىشقا يارىمايدىغان ماللار زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىش ئۈچۈنمۇ يارىمايدۇ. ئابدۇللا ئىبنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى ئورۇندىغان كىشى ئىماننىڭ

هالاۋتىنى تېتىغان بولىدۇ: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەستىن ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلغان؛ مال- مۈلكىنىڭ زاكىتىنى ئۆز رىغبىتى بىلەن ھەر يىلى تولۇق ئادا قىلغان ۋە زاكاتقا قېرى، ئورۇق، ئاغرىقچان، سۈتى ئاز ماللاردىن ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرھاللىرىدىن بەرگەن كىشىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بېرىشىڭلارنى سورىمايدۇ ۋە ئەڭ ناچارلىرىدىن بېرىشىڭلارنىمۇ بۇيرىمايدۇ». (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

يەنە بىر ھەدىستە:« زاكاتقا قېرىلىقتىن چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ياكى ئەيىپ؛ىرى بار ماللار قوبۇل قىلىنمايدۇ« دەپ كۆرسىتىلگەن.(تىرمىزى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى كۆرسەتمىلىرىدە مال ئىگىلىرى بىلەن پېقىرلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ۋە ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىش مەقسەت قىلىنغان، ئەلۋەتتە. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىلەردىن چەكلىنىڭلار﴾. (ھەشر سۈرىسى 7- ئايەت)

ئەگەر مال ئىگىلىرى زاكات بېرىشتە ماللىرىنىڭ ياخشىلىرىدىن بېرىشنى خالىسا بۇ ئۆزلىرىنىڭ پىداكارلىقىدۇر. بۇنىڭ ساۋابىمۇ ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ماللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بېرىشكە زورلانمايدۇ. بەلكى ئوتتۇرھاللىرىدىن بەرسە زاكات ئادا تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە ھەرگىز ياخشىلىققا ( جەننەتكە ) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾ (ئال ئىمران سۈرىسى 92- ئايەت).

## ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكىتى

نەق پۇل، تىجارەت ماللىرى ۋە چارۋا ماللىرىغا زاكات پەرز بولغاندەك، ئاشلىق ۋە مېۋىلەرگىمۇ زاكات پەرزدۇر. ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكىتى « ئۆشرە- خىراج»، «ئۆشرە زاكات» ۋە «ئۆشرە» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئاشلىق ۋە مېۋىلەرگە زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ ئاللاھ بىدىتىلىك ۋە بىدىتىسىز باغلارنى بەرپا قىلدى. مېۋىلىرى، دانلىرى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، ئاشلىق، مېۋىلەرنى (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى.

مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلىنى) يىغقان كۈنىدە (يەنى يىغقان ۋاقتىدا) ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾ (ئەنئام سۈرىسى 141- ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشلىق، مېۋە ۋە باشقا تېرىلغۇلارنىڭ زاكات مىقدارىنى ۋە كەيپىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «يامغۇر ياكى سۈيى بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان تېرىلغۇلاردىن ئوندىن بىر (يەنى 10%)، ئادەم كۈچى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىرىدىن ئوندىن بىرنىڭ يېرىمى (يەنى 5%) ئۆشرە- خىراج بېرىلىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى)

بۇ ھەدىستىن ئېنىقلىنىدۇكى، يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاشلىق، مېۋە ۋە باشقا تېرىلغۇلاردىن 10% زاكات بېرىلىدۇ. چۈنكى يامغۇر بىلەن سۇغۇرۇلغان تېرىلغۇلاردا چىقىم ۋە جاپا ئاز بولىدۇ. ئەمما ئادەم كۈچى بىلەن ياكى زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن سۇغۇرۇلغانلىرىدىن 5% زاكات بېرىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بەرگەنلىكىدۇر.

## ئۆشرە- خىراج بېرىش ئۇسۇلى

يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرىلىپ يېتىشكەن ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلىنى 10غا بۆلۈپ، ئۇنىڭ 1 بۆلۈكى، ئادەم كۈچى بىلەن ياكى زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن سۇغۇرۇپ يېتىشتۈرۈلگەن ئاشلىق، مېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلىنى 20گە بۆلۈپ، ئۇنىڭ 1 بۆلۈكى، ئەگەر بۇ ئاشلىق، مېۋىلەر يامغۇر سۈيى ۋە ئادەم كۈچى ھەر ئىككىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلىنى 15گە بۆلۈپ، ئۇنىڭ 1 بۆلۈكى، يەنى 7.5% ى زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ئېھتىياج ئىگىلىرىگە بېرىلىدۇ.

## ئاشلىق ۋە مېۋىلەرگە زاكات كېلىشىنىڭ ئۆلچىمى

ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى ئاشلىق ۋە مېۋىلەردىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ مۇئەييەن مىقدارغا يەتكەن بولۇشى شەرت قىلىنامدۇ ياكى ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن زاكات كېلەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبىدە، ئاشلىق، مېۋىلەرنىڭ زاكىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇئەييەن ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى زېمىندىن چىققان مەھسۇلات ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇلاردىن زاكات بېرىش پەرزدۇر.

ئەمما شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي مەزھەبلىرىنىڭ قاراشلىرىدا، زېمىندىن چىققان

مەھسۇلاتلاردىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى675 كىلوگرامدىن كەم بولماسلىقى شەرتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «بەش ئەۋسەقكە يەتمىگەن مەھسۇلاتقا زاكات كەلمەيدۇ» دېگەن.( بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى )

«ئەۋسەق» قەدىمقى ئۆلچەكلەردىن بولۇپ، بىر «ئەۋسەق» 60 «سا»غا، بىر «سا» 3كىلو 250 گىرامغا تەڭ.

خۇلاسە:

بۇ مەسىلىدە يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەبنىڭ قارىشى ئورۇنلۇق بولسىمۇ، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ قارىشى ئېھتىياتچانلىق ۋە تەقۋالىققا يېقىندۇر.

## كۆكتاتلارنىڭ زاكىتى

ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى كۆكتاتلارغا زاكات كېلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىككى خىل قاراشتا بولغان:

بىرىنچى قاراشتىكىلەر، زېمىندىن چىققىدىغان ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلار ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەممىسىگە زاكات كېلىدۇ، دەيدۇ. بۇ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى. مېۋىلىرى، دانلىرى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، ئاشلىق، مېۋىلەرنى (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى. مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلىنى) يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقتتا) ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾ (ئەنئام سۈرىسى 141- ئايەت).

بۇ ئايەت زېمىندىن چىققىدىغان ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسىدىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:« يامغۇر ياكى بولاق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان تېرىلغۇلاردىن ئوندىن بىر (يەنى 10%)، ئادەم كۈچى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىرىدىن ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى (يەنى 5%) ئۆشرە- خىراج بېرىلىدۇ». دېگەن ھەدىسى زېمىندىن

چىققـان ھەر قانـداق مۇھـسۇلاتتىن زاكـات بېرىـشنىڭ پەرزلىكىنـى ئىـسپاتلايدۇ. (بۇخـارى رىۋايىتى)

بـۇ ھەدىـس زېمىنـدىن چىقـدىغان ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتـات قاتـارلىق مەھـسۇلاتلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچـى قاراشـتىكىلەر، مەھـسۇلاتلارغا زاكـات كېلىـشى ئۈچـۈن ئۇلارنـىڭ بۇغـداي، ئارپـا، قونـاق، خورمـا ۋە قـۇرۇق ئـۈزۈمگە ئوخـشاش كېلـولاپ تـارتقىلى ۋە سـاقلىغىلى بولـدىغان بولۇشـى شـەرتتۇر. ئەممـا كۆكتـاتلارنى كىلـولاپ تـارتقىلى بولـسىمۇ، ئـۇلارنى سـاقلىغىلى بولمايـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن كۆكتاتلارغـا زاكـات كەلمەيـدۇ، دەپ قارايـدۇ. بـۇ مەزھەبنىڭ دەلىللىرى مۇنداق:

« ئەلـى ئىبنـى ئەبـۇ تالـىب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنغـان بىـر ھەدىـستە: «كۆكتاتلارغا زاكات كەلمەيدۇ» دەپ كەلگەن. (دار قۇتنىي رىۋايىتى)

ئائىـشە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـادىن پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالامنىڭ: « كۆكتـاتلاردىن زاكـات بېرىش پەرز ئەمەس» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان » (دار قۇتنى رىۋايىتى).

يـۇقىرىقى ئىككـى ھەدىـسنىڭ پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالامدىن رىـۋايەت قىلىنغـانلىقى ھەدىسشۇناس ئالىملىرىنىڭ نەزەرىدە ئىشەنچكە ئېرىشەلمىگەن.

بـۇ ماۋزۇنـىڭ خۇلاسىـسى: شـافىئىي، مـالىكى ۋە ھەنبەلـي مەزھەبلىرىنـىڭ ئاشـلىق، مېۋىـدەك كىلـولاپ تـارتقىلى ۋە سـاقلىغىلى بولـدىغانلىرىغا ئۆشـرە زاكـات كېلـدۇ. ئەممـا كۆكتاتلارغا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى بـۇلارنى ساقلىغىلى بولمايـدۇ دېـگەن كۆرىـشى تەتبىـق قىلىـشقا ئۇيغۇنـدۇر. ئەممـا ھەنەفىـي مەزھىبىنـىڭ زېمىنـدىن چىققـان مەھـسۇلاتلارنىڭ ھەر قانـدىقىغا زاكـات كېلـدۇ، دېـگەن كۆرىـشى يېقىرلارنـىڭ مەنپەئەتـى ئۈچـۈن پايـدىلىق ۋە دولـىل جەھەتتىنمـۇ كۈچلۈكتـۇر. چـۈنكى ئىمـام ئەزەم ئەبـۇ ھەنىفەنىـڭ كەلتـۈرگەن دەلىللىـرى قۇرئاننـىڭ ئايەتلىرىـدۇر. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە: ﴿ سـىلەر ئېرىـشكەن نەرسـىلەرنىڭ ۋە بىـز سـىلەرگە زېمىنـدىن چىقىرىـپ بەرگەن نەرسـىلەرنىڭ ياخـشىلىرىدىن زاكات بېرىڭلار﴾ دەپ بۇيرىغان. ( بەقەرە سۈرىسى 266- ئايەت)

بـۇ ئـايەتمۇ زېمىنـدىن چىقـدىغان ھەر قانـداق بىـر مەھـسۇلاتتىن زاكـات بېرىـشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

«شـۇنىڭدەك، كۇۋەيتنـىڭ « زاكـات ئىـشلىرى كـومىتېتى» ئەبـۇ ھەنىفەنـىڭ قارىـشىنى ئىختىيـار قىلغـانلىقىنى بىلـدۈرگەن. بـۇ كومىتېتنـىڭ زاكـات لايىھەسـىدە مۇنـداق دەپ قەيـت

قىلىنغــان: « زېمىنــدىن چىققــدىغان ھەر قانــداق مەھــسۇلاتتىن زاكــات بېــرىش پەرزدۇر. زېمىن مەھسۇلاتى ئاشلىق مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ». («الزكــاة وتنميــة المجتمــع » سەييىد ئەھمەد مەخزەنجى 146- بەت)

بــۇ مەســىلىدە، ئەڭ توغرىــسى ئىمــام ئەزەم ئەبــۇ ھەنىفەنىــڭ مەزھىبىــدۇر. چــۈنكى، كۆكتــات دەپ ئــاددى ســانالغان ئوتياشــلار ھــازىرقى زامانــدا بەزى ئەللەرنىــڭ خېلــى چــوڭ ئىقتىــساد مەنبىيــى بولــۇپ قالماقتــا. باغۋەنچىلىــك ۋە كۆكتــاتچىلىق بىــلەن كۆتــۈرۈلگەن بــايلارمۇ ئــاز ئەمەس. كۆكتــاتلارنى «ســاقلىغىلى بولمايــدىغان ئوتياشــلار» دېــگەن باھــانە بىــــلەن بۇلارنىــــڭ زاكىتىنــــى چىقارماســــلىق پېقىرلارنىــــڭ مەنپەئەتلىــــرىگە زىئــــايە قىلمىغــانلىقتۇر. چــۈنكى بــۇرۇنقى زامــانلاردا كىلــولاپ تارتىلمايــدىغان ۋە ســاقلىغىلى بولمايــدىغان بــۇ كۆكتــاتلار ھــازىرقى زامانــدا كىلــولاپ تارتىلىــدۇ ۋە بــۇلارنى زامــانىۋى ئۇســۇللار بىــلەن ئــۇزۇن مــۇددەت ســاقلىغىلى بولىــدۇ. دېــمەك، كۆكتــاتلاردىن زاكــات بەرمەسلىككە ئۆزرە يوقتۇر.

## كۆكتاتلارنىڭ زاكات مىقدارى

كۆكتاتلارنىــڭ زاكــات مىقــدارى ئاشــلىق ۋە مېۋىلەرنىــڭ زاكــات مىقــدارىنىڭ ئەينىــسى بولــۇپ، مەھــسۇلات ئــاز بولــسۇن، كــۆپ بولــسۇن، ھەر ھــالەتتە، يــامغۇر ســۈيى بىــلەن ســۇغۇرۇلغان كۆكتــاتلاردىن 10%، ئــادەم كــۈچى بىــلەن ســۇغۇرۇلغانلىرىدىن 5%، ئــادەم كــۈچى ۋە يــامغۇر ســۈيى ھەر ئىككىــسى بىــلەن ســۇغۇرۇلغانلىرىدىن 7.5% ى زاكــات بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش:

1. ئاشــلىق، مېــۋە ۋە كۆكتاتلارنىــڭ ئۆشــرە زاكىتىنــى ئــادا قىلىــش ئۈچــۈن بىــر يىــل ئۆتۈشــى شــەرت قىلىنمايــدۇ. بەلكــى ئاشــلىق، مېــۋە ۋە كۆكتــاتلارنى يىغقــان ۋاقىــت ئۆشــرە زاكــاتنى ئــادا قىلىــشنىڭ ۋاقتىــدۇر. بىــر يىلــدا 2 يــاكى ئۇنىڭــدىن كــۆپ قېــتىم ھوسۇلى ئېلىنىــدىغان ئاشــلىق، مېــۋە ۋە كۆكتــاتلاردىنمۇ ھەر قېــتىم ھوســۇل يىغقــان ۋاقىتتــا ئۆشــرە زاكىتىنــى بېــرىش پەرزدۇر. چــۈنكى، زاكــات بېرىلىــدىغان مــاللار ئىككىــگە بۆلۈنىــدۇ: بىــرى، ئاشــلىق، مېــۋە ۋە كۆكتاتلارغــا ئوخــشاش ئۆزلىكىــدىن ئۆســىدىغان شــەيئىلەر بولــۇپ، بۇلارغــا زاكاتنىــڭ پەرز بولۇشــى ئۈچــۈن يىــل ئۆتۈشــى شــەرت قىلىنمايــدۇ. بەلكــى ئــۇلارنى يىغقــان ۋاقىتتىلا زاكــات پەرز بولىــدۇ. يەنە بىــرى، خەلــق پــۇلى، ئــالتۇن، كۈمــۈش، تىجــارەت مــاللىرى، چــارۋىلار ۋە باشــقىلار قاتــارلىق ئۆزلىكىــدىن ئۆسمىــسىمۇ ئۆستۈرۈشــكە بولىــدىغان مــاللار

بولۇپ، بۇلارغا زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىگە بولغان ۋاقىتتىن تولۇق بىر يىل ئۆتكەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

2. ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلاردىن ئۆشرە زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بۇلارنىڭ مۇئەييەن مىقدارغا يەتكەن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى مول ھوسۇل مىقدارى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ھالەتتە ئۇلاردىن ئۆشرە زاكات بېرىش پەرزدۇر.

3. ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئۆشرە زاكىتىدا ئوتتۇرھاللىرىدىن بېرىلىدۇ. ناچارلىرىنى تاللاپ بېرىش بىلەن زاكات پەرزى ئادا تاپمىغاندەك، ئەڭ يىلخىشلىرىدىن بېرىشكىمۇ زورلانمايدۇ.

4. ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئۆشرە زاكىتىنى ئادا قىلىشتىكى ئەسلى قائىدە ھەر مەھسۇلاتنىڭ ئۆشرىسىنى ئۆز جىنسىدىن بېرىشتۇر. ئەمما مەھسۇلاتنىڭ ئۆز جىنسىدىن بەرمەستىن ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ خەلق پۇلىدىن بەرسىمۇ بولىدۇ.

## يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى

بەزى فىقھشۇناس ئالىملىرى يەر ئاستى بايلىقلىرىنى مەدەن ۋە رىكاز دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ:

مەدەن- يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس ۋە باشقا مېتاللاردۇر.

زاكات- ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى چاغلاردىكى كىشىلەرنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈپ قويغان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقلىرى دېمەكتۇر. چۈنكى قىممەتلىك نەرسىلىرىنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ ساقلاش قەدىمقى زامانلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرىدىن ئىدى.

ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىدا، مەدەن بىلەن رىكازنىڭ مەنىسى بىردۇر. چۈنكى مەيلى ئۇلارنى ئاللاھ تائالا يەر ئاستىدا شۇنداق ياراتقان بولسۇن، مەيلى قەدىمقىلەر كۆمۈپ قويغان بولسۇن، ھەر ئىككىسى يەر ئاستىدىن چىقىرىلغان بايلىقلاردۇر.

يەر ئاستىدىن قېزىلغان ياكى تېپىلغان بايلىقلاردىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى قۇرئان، ھەدىسلەر ۋە فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن بېكىتىلگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئى مۆمىنلەر! سىلەر

ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن زاكات ئادا قىلىڭلار﴾ (بەقەرە سۈرىسى 267- ئايەت)

بۇ ئايەت، زېمىندىن چىقىدىغان ۋە چىقىرىدىغانلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇبھىسىزكى، مەدەنلەرمۇ زېمىندىن چىقىرىلىدىغان بايلىقلاردىندۇر. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتە بىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە يولدا قالغان مۇساپىرلارغا خاستۇر﴾ ( ئەنفال سۈرىسى 41- ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:« يەر ئاستىدىن چىقىرىلغان بايلىقتىن بەشتە بىرى زاكات بېرىلىدۇ » دېگەن. ( بۇخارى رىۋايىتى).

ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكات مىقدارى توغرىلىق ئىختىلاپلاشقان بولسىمۇ، يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدە قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

## يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكات مىقدارى

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى 3 تۈرگە ئايرىيدۇ:

1- ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان ئوت بىلەن ئېرىتكىلى بولىدىغان مەدەنلەر،

2- ياقۇت، مارجان، قاشتېشى، مەرۋايىت ۋە باشقا قىممەتلىك تاشلارغا ئوخشىغان ئوت بىلەن ئېرىتكىلى بولمايدىغان مەدەنلەر.

3- نېفىتكە ئوخشىغان سۇيۇق ماددىلار.

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبى بويىچە، بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرمەيدىغان تاغلاردىن، سەھرالاردىن قېزىلغان ياكى باشقىلارغا تەۋە بولغان زېمىندىن تېپىلغان ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ۋە باشقىلار قاتارلىق ئوت بىلەن ئېرىتكىلى بولىدىغان مەدەنلەردىن بەشتىن بىرى (يەنى 20% ى) زاكات بېرىلىدۇ. قالغان 4 بۆلۈكى ئۇنى قازغان ياكى تاپقان كىشىنىڭ ھەققىدۇر. ئەگەر بۇ مەدەنلەرنى كىشى ئۆز ھويلىسىدىن ياكى ئۆزىگە تەۋە بولغان جايدىن تاپقان ياكى قازغان بولسا ئۇنىڭدىن زاكات بېرىش كېرەك ئەمەس. چۈنكى زېمىن ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن چىققان بايلىقلارمۇ ئۆزىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بىراۋنىڭ ئىگىدارچىقىدا بولمىغان جايلاردىن تېپىلغان بايلىقلار ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن كۆمۈلگەن بولسا، ئۇنى

تېپىۋالغان كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن زاكات بېرىشى لازىم كەلمەيدۇ.

ئەمما ياقۇت، قاشتېشى ۋە باشقا قىممەتلىك تاشلارغا ئوخشىغان ئوت بىلەن ئېرىتكىلى بولمايدىغان مەدەنلەر بىلەن نېفىتقا ئوخشىغان سۇيۇق مەدەنلەردىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئەمەسلىكىدە ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

مەرغىنانىي «ھىدايە« ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر مىس قاتارلىق يەر ئاستىدىن چىقىرىلغان مەدەنلەردىن بەشتىن بىرى زاكات بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: » يەر ئاستىدىن چىقىرىلغان مەدەنلەردىن بەشتىن بىرى زاكات بېرىلىدۇ« دەپ كۆرسەتكەن. رىكاز بىلەن مەدەننىڭ مەنىسى بىردۇر. چۈنكى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە كۇففارلار تەرىپىدىن يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن بايلىقلار ئىسلام دىنىنىڭ كېلىشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا غەنىمەت ئورنىدا ئۆتكەن بولىدۇ. غازاتلاردا ئېلىنغان غەنىمەتلەردىنمۇ بەشتىن بىرى زاكات بېرىلگەنگە ئوخشاش، يەر ئاستىدىن تېپىلغان بايلىقلارمۇ ئۇنى تاپقان كىشى ئۈچۈن غەنىمەتكە ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭدىن بەشتىن بىرىنى زاكاتقا بېرىدۇ، قالغان 4 بۆلۈكىنى ئۆزىگە قالدۇرىدۇ. كىشىنىڭ ئۆز ھويلىسىدىن تېپىلغان مەدەنلەرگە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشى بويىچە زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مۇھەممەد بىلەن ئەبۇ يۇسۇف بەشتىن بىرى زاكات بېرىلىدۇ دەپ قارايدۇ».(الهدايه 1- جلد 116- بەت)

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىگە كۆرە، يەر ئاستىدىن قېزىپ ئېلىنغان مەدەنلەرگە زاكات كېلىدۇ. بىراق ئۇنىڭدىن زاكات بېرىش مىقدارى كىشى ئىشلەپ تاپقان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە خەلق پۇلىنىڭ زاكىتىغا ئوخشاش %2.5 زاكات بېرىلىدۇ. ئەمما رىكاز (ئىسلامدىن بۇرۇن يەرگە كۆمۈلگەن بايلىق) تىن %20 يەنى بەشتە بىر زاكات بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ مەزھەب، رىكاز بىلەن مەدەن ئىككىسىنىڭ بىر مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسىدىن زاكات بېرىش مىقدارى ئوخشاش بولمايدۇ.

خۇلاسە:

بۇ مەسىلىدە ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ يەر ئاستىدىن تېپىلغان ياكى قېزىلغان بايلىقلاردىن بەشتىن بىرى زاكات بېرىلىدۇ، دەيدىغان قارىشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇندۇر. چۈنكى، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىدە، كىشى تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە خەلق پۇلىنىڭ زاكىتى بىلەن ھېچ ئەجىر قىلماستىن كۆمۈلگەن يېرىدىن تېپىۋالغان ياكى چەكلىك ئەجىر بىلەن يەر ئاستىدىن قېزىپ ئالغان ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى ئوخشاش قىلىپ بەلگىلەپ ھەر ئىككىسىدىن %2.5 زاكات

بېرىشنى پەرز قىلىدۇ.

ئەمما ئەبۇ ھەنىفە ئىشلەپ تاپقان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە نەق پۇل بىلەن، چەكلىك ئەجىر سىڭدۈرۈپ يەر ئاستىدىن قېزىپ ئالغان ياكى ئىسلامدىن بۇرۇنقىلار كۆمگەن جايدىن تېپىۋالغان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقلارنىڭ زاكات مىقدارىنى پەرقلەندۈرگەن بولۇپ، ئاۋۋالقىسىدىن 2.5%، كېيىنكىسىدىن 20% زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى قارار قىلغان.

## دېڭىز بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى

پۈتۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن دېڭىزدىن چىقىرىلغان بايلىقلارغا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام زاكات قانۇنىدا دېڭىز، دەريالاردىن چىقىرىلغان بايلىقلاردىن زاكات بېرىش توغرىسىدا بىرەر دەلىل يوقتۇر» ئەمما دېڭىز بايلىقلىرىنى چىقىرىپ سېتىشنى كەسىپ قىلغانلار ئۇچۇن دېڭىزدىن چىقارغان نەرسىلىرىدىن زاكات بېرىش پەرزدۇر. چۈنكى دېڭىز بايلىقلىرى بۇ ۋاقىتتا تىجارەت ماللىرىغا ئايلانغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن 2.5% زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ». (المفتاح شرح نورالإيضاح 158- بەت: ئەبۇ يەزىد شەلەبىي)

شۇنىڭدەك، دېڭىزدىن چىقىرىلىپ نەق پۇل ئورنىدا ساقلانغان قىممەتلىك بايلىقلاردىنمۇ يۇقىرىقى مىقدار بويىچە زاكات بېرىش پەرزدۇر. چۈنكى نورمال ئېھتىياجدىن ئېشىپ ئۆيدە ساقلانغان ھەر قانداق پۇل- مالغا زاكات كېلىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

### ھەسەلنىڭ زاكىتى

ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى ھەسەلگە زاكات كېلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشقان.

ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرى بويىچە، ھەسەل ھەرىسى باققۇچىنىڭ ھەسەلدىن ئالغان مەھسۇلاتى مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن 10% زاكات بېرىشى پەرزدۇر. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ھەر ئون قاچا ھەسەلدىن بىر قاچا ھەسەل زاكات بېرىلىدۇ» دېگەن. (تىرمىزىي رىۋايىتى)

ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن« ھەسەلدىن ئوندىن بىرىنى زاكات بېرىشكە بۇيرىغان» دەپ رىۋايەت قىلغان.( ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

ئەمما شافىئىي ۋە مالىكى مەزھەبلىرى بويىچە، ھەسەلدىن زاكات بېرىش پەرز ئەمەس. نافى مۇنداق دېگەن: « ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مېنىڭدىن ھەسەلنىڭ زاكىتى توغرىلىق سورىۋىدى. مەن ئۇنىڭغا « بىزدە زاكات بېرىدىغان ھەسەلمۇ يوق. بىراق مۇغىرە ئىبنى ھەكەمنىڭ ھەسەلگە زاكات كەلمەيدۇ دېگەنلىكىنى بىلىمەن » دېدىم. ئاندىن ئۇمەر ھەسەلنىڭ زاكىتىنى يىغماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى.( تىرمىزىي رىۋايىتى )

بۇ مەسىلىدە ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىنىڭ ھەسەلدىن زاكات بېرىلىدۇ، دېگەن قارىشى كۈچكە ئىگىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ زاكات توغرىلىق ئومۇمىي ئايىتى ھەسەلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن زاكات بېرىشتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ ئاللاھ يولىدا بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر﴾ دېگەن.( سەبەئ سۈرىسى 39- ئايەت)

## بولاپ كېتىلگەن، ئوغۇرلانغان ۋە يۈتۈرۈلگەندىن كېيىن تېپىلغان ماللارنىڭ زاكىتى

بىراۋنىڭ بولاپ كېتىلگەن ياكى ئوغۇرلاپ كېتىلگەن ياكى يۈتتۈرۈلگەن پۇل- مېلىدىن ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغىچىلىك زاكات بېرىشى پەرز ئەمەس، دېگۈچىلەر كۆپ ساندىكى فىقھشۇناس ئالىملىرى بولۇپ، بۇ ھەنەفىي، شافىئىي مەزھەبلىرىدۇر. چۈنكى بۇنداق پۇل- مال ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. پەقەت ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تولۇق بىر يىلنى تولدۇرۇپ ئاندىن شۇ بىر يىلنىڭ زاكىتىنى بېرىشى پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋاسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە، ئۇمۇ بۇ ئىككى مەزھەبنى قوللىغان بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭدىن كەلگەن باشقا بىر رىۋايەتكە ئاساسەن، بولاپ كېتىلگەن ياكى ئوغۇرلانغان ياكى يۈتتۈرۈلگەن پۇل- مالغا زاكات كېلىدۇ، ئۇنى ئادا قىلىشتا، مەزكۇر پۇل- مال تاپشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، قولىدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلاپ ئۆتكەنكى يىللارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ زاكىتىنى بىراقلا بېرىشى پەرزدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ مەزكۇر پۇل- مېلى ۋاقىتلىق ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ مالغا بولغان ئىگىدارچىلىقى يوقالغان ئەمەس.

ئەمما مالىكىي مەزھىبىنىڭ قارىشىچە، مۇنداق پۇل- مال تاپشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، يىل توشمىسىمۇ ئۇنىڭ بىر يىللىق زاكىتىنى بېرىشى لازىم كېلىدۇ.

بۇ مەسىلىدە، كۆپچىلىك فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ « بولاپ كېتىلگەن ياكى ئوغۇرلانغان ياكى يۈتتۈرۈلگەن پۇل- مالغا زاكات كەلمەيدۇ. پەقەت ئۇنى تاپشۇرۇپ

ئالغانــدىن كېيىن، تولـۇق بىـر يىلنـى تولـدۇرۇپ ئانــدىن ئۇنىــڭ شـۇ بىـر يىللىــق زاكىتــى بېرىلىــدۇ» دېــگەن قارىــشى كــۆپچە ئىگىــدۇر. چــۈنكى مۇنــداق پــۇل- مــال ئىگىــسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىش بىـلەن بىـرگە ئۇنىـڭ ئىگىدارچىلىقـدىنمۇ چىقىـپ كەتـكەن، ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغـان ۋاقىتتـا قايتىــدىن ئۇنىــڭ مـۈلكىگە كىـرگەن بولىـدۇ. شـۇڭا بۇنـداق پـۇل- مالنى تاپشۇرۇپ ئالغانغا بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ.

« هــدايه» دە مۇنــداق دەپ قەيــت قىلىنغــان: « بىراۋنىــڭ يەنە بىرىــدە قەرزى بولــۇپ، قەرزدار ئۇنىڭغـا يىللاردىــن بېـرى تېنىۋالغــان، كېيىــنچە ئۇنىــڭ قەرزدارلىقــى ئىــسپاتلانغان (يەنى قەرزنـى تاپـشۇرغان) بولـسا، قەرزنـى تاپـشۇرۇپ ئـالغۇچى ئـۆتكەن يىللارنىـڭ زاكىتىنـى بېرىــشكە بۇيرۇلمايــدۇ. بــۇ قەرز تاپــشۇرۇپ ئېلىنىــشتىن بــۇرۇن، خــۇددى يوقىلىــپ كېتىــپ ئۇنىــڭ تېپىلىــشىدىن ئۈمىــت ئــۈزۈلگەن مالغـا ئوخـشاشتۇر. بــولاپ كېتىلگەن، ئوغۇرلانغـان، دېڭىزغـا چۈكـۈپ كەتـكەن، مەلـۇم بىـر جايغـا كۆمـۈپ قويـۇپ ئـورنىنى ئۇنتـۇپ كەتـكەن ۋە هۆكـۈمەت تەرىپىـدىن مۇسـادىرە قىلىنغـان پـۇل- مـالمۇ يوقىلىـپ كەتـكەن مالغـا ئوخـشاشتۇر. چــۈنكى زاكــات كېلىــدىغان پــۇل- مالنىــڭ ئىگىــسىنىڭ قولىــدا بولغــان، ئۆسىــدىغان ۋە ئۆستۈرۈلىــشكە بولىــدىغان مــاللاردىن بولــشى شــەرتتۇر. هــالبۇكى، ئىگىــسىنىڭ قولىــدىن تۈرلــۈك ســەۋەبلەر بىــلەن ۋاقىتلىــق چىقىــپ كەتــكەن پــۇل- مــال ئىگىــسىنىڭ قولىــدا بولمىغانلىقتىن ئۇ ئۆستۈرۈلۈشكە يارىمايدۇ» (الهدايه 1- جىلد 104- بەت).

ئەممـا بىراۋنىــڭ باشـقا بىرىــدە قەرزى بولغانلىقىغـا يېتەرلىـك ئىـسپاتى بولغـان بولـسىمۇ، ئــۇنى تاپــشۇرۇپ ئېلىــشتىن ئۈمىــدى ئۈزۈلگەنــدىن كېيىــن، قەرزى قولىغـا كەلـگەن بولـسا- پۈتــۈن فىقھــشۇناس ئالىملىرىنىــڭ ئىتتىپــاقى بــويىچە- ئــۇنى تاپــشۇرۇپ ئالغانــدىن كېيىــن ئۆتكەنكى يىللارنىڭ زاكىتىنى ھېسابلاپ بىراقلا زاكات بېرىشى پەرزدۇر.

## شېرىكەت هەسسىدارلىقىنىڭ زاكىتى

هەر قانــداق بىــر شــىركەتكە هەســسىدار بولــۇپ ئۇنىڭغــا پــاي ســالغان كىــشىنىڭ شــۇ پايىــدىن زاكــات بېرىــشى پەرزدۇر. زاكــات بېرىــشتە پــاي ســالغان ۋاقىتتىكى نەق پــۇل ئېتىبــارى بىــلەن ئەمەس، بەلكــى يىــل ئاخىرىــدىكى نەق پۇلنىــڭ هېــسابى بــويىچە زاكــات بېرىلىــدۇ. شــىركەت پېيىــدىن 2.5% زاكــات بېــرىش پەرزدۇر. مەســىلەن: بىــراۋ بېــرەر شــىركەتكە 1000 يۈەن نەق پۇل پاي سېلىپ، ئۇنىڭغـا هەســسىدار بولغــان بولــسا، بىــر يىلــدىن كېيىــن بــۇ پــاي 3000 يــۈەنگە يەتــكەن بولــسا، مۇشــۇ 3000 يۈەنــدىن زاكــات بېرىــدۇ. ئەگەر پــاي ســالغان 1000 يــۈەن پــۇل يىــل ئاخىرىــدا كېمىيىــپ 500 يــۈەنگە چۈشــۈپ قالغــان بولــسا، ئاشــۇ 500 يۈەندىن زاكات بېرىدۇ. چۈنكى زاكات يىلنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان مىقداردىن بېرىلىدۇ.

شىركەت ھەسسىدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ شىركەتتىكى ھەسسىلىرىنىڭ زاكىتىنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان شەخسلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىدا شىركەت مەسئۇللىرىنى ئۆزلىرىدىن ۋەكىل قىلىشىمۇ جائىزدۇر. بۇ ۋاقىتتا شىركەت مەسئۇللىرى شىركەت ھەسسىدارلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى ئۇنىڭ پايدىلىرى بىلەن قوشۇپ بىرلەشتۈرۈپ ئومۇمىي مىقداردىن زاكات ئايرىيدۇ.

## زاكات ھەققىدە بەزى سوئاللار

زاكاتتا بېرىلىدىغان ماللارنىڭ قىممىتىنى بېرىشكە بولامدۇ؟

كۆپ ساندىكى فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، زاكات بېرىشتە، ھەر قانداق بىر مالنىڭ زاكىتىنى شۇ مالنىڭ ئۆز جىنسىدىن بېرىش لازىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ بەدىلىگە خەلق پۇلىدىكى قىممىتىنى بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى زاكات ئىبادەتتۇر. ئىبادەتلەر شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىنىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكىنىدە، ئۇنىڭغا: « ئاشلىقتىن ئاشلىق، قويدىن قوي، كالىدىن كالا ۋە تۆگىدىن تۆگە زاكات يىغقىن» دەپ تەۋسىيە قىلغان.( ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى )

ئەمما ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە باشچىلىقىدىكى فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ قارىشى بويىچە، ھەر قانداق مالنىڭ زاكىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ قىممىتىنى بېرىشكە بولىدۇ. چۈنكى زاكات بېرىشتىن مەقسەت پېقىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى يەڭگىللىتىشتىن ئىبارەتتۇر. پېقىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى ئاشلىق، ئۈزۈم، خورما، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا ماللار بىلەن راۋا قىلغىلى بولغاندەك، بېرىدىغانلارنىڭ بەدىلىگە نەق پۇل بېرىپمۇ راۋا قىلغىلى بولىدۇ. بەلكى ئىككىنچىسى ھاجەتمەنلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى. چۈنكى ھاجەتمەنلەر نەق پۇلغا ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى خالىغانچە سېتىۋالالايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، مەيلى ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئۆشرە زاكىتى بولسۇن، مەيلى ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ زاكىتى بولسۇن، مەيلى چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى بولسۇن، مەيلى ئۇلاردىن باشقا ماللارنىڭ زاكىتى بولسۇن، ئۇلارنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتىنى بېرىش جائىزدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى زاكات ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ( بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن ۋە ماللىرىنى پېقىرلارنىڭ ھەقلىرىدىن) پاكلىغايسەن. ۋە (ماللىرىنى ھەم ساۋابلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾ دېگەن بۇيرۇقى زاكاتنىڭ

پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ھەر قانداق مالنىڭ زاكىتىدا ئۇنىڭ قىممىتىنى بېرىشنىڭ جائىزلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، مۇئاز ئىبنى جەبەل يەمەن ئەھلىگە خىتاب قىلىپ: « ئارپا، قوناقنىڭ زاكىتى ئۈچۈن كىيىم- كېچەكلەردىن بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ سىلەر ئۈچۈن ئوڭاي، رەسۇلۇللانىڭ مەدىنىدىكى پېقىر ساھابىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېگەن. (بۇخارى رىۋايىتى)

« ئەمما ئىمام شافىئي نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستىكى «... قويدىن قوي، كالىدىن كالا ئالغىن» دېگەن سۆز كىشىلەرگە ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن دېيىلگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەر مال ئۈچۈن ئۆز جىنسىدىن زاكات بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى زاكاتتىن مەقسەت پېقىرلارغا نەپ يەتكۈزۈشتۇر. بۇنى نەق پۇل بىلەنمۇ بېجىرگىلى بولىدۇ». (الإختيار 1- جىلد 102- بەت)

بۇنىڭغا بىنائەن، فىتىر سەدىقىسىدىمۇ بېرىلىدىغان ئارپا، بۇغداي ياكى باشقا دانلار ئۈچۈن ئۇنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتىنى بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى زاكاتتا جائىز بولغانلار فىتىر سەدىقىسىدىمۇ جائىزدۇر.

باج – سېلىقلار زاكاتنىڭ ئورنىدا تۇرامدۇ؟

« ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن دېھقانلارنىڭ تېرىملىرىغا، تىجارەتچىلەرنىڭ ماللىرىغا، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىغا ۋە باشقا كەسىپدارلارنىڭ كەسىپلىرىگە بەلگىلەنگەن باج- سېلىقلار ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان زاكات ئۈچۈن بەدەل بولۇپ، يۇقىرىقىلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشتىن بىھاجەت بولۇشقا بولامدۇ؟ دېگەن سۇئالغا جاۋاپ بېرىشتىن ئاۋۋال، زاكات بىلەن باجنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى قىسقىچە بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1- ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن تېرىم يەرلىرىگە بەلگىلەنگەن باج- سېلىقلارنىڭ ۋەزىپىسى زاكاتنىڭ ۋەزىپىسىدىن پەرقلىقتۇر. مەسىلەن: باج- سېلىقلار تېرىم يەرلىرى تېرىلغان ياكى تېرىلمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تېرىم ئىگىلىرىدىن ئېلىنىدۇ. ئەمما زاكات پەقەت تېرىلغان يەرنىڭ مەھسۇلاتىدىن بېرىلىدۇ.

2- باج- سېلىقلاردىن يىغىلغان مەبلەغ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما زاكاتتىن يىغىلغان مەبلەغ ۋە ماللار ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەلگىلىگەن 8 خىل شەخسكىلا بېرىلىدۇ.

3. زاكات. زاكات بىرىشكە شەرتى توشقان مۇسۇلمان كىشىدىن ئېلىنىدۇ. ئەمما باج. سېلىقلار مۇسۇلمان بولسۇن ۋە غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن، ھەر قانداق تىرىم، تىجارەت ۋە كەسىپ ئىگىلىرىدىن ئېلىنىدۇ.

4. باج. سېلىقلار دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىسلام دۆلىتىدە بولسا باج. سېلىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇش ياكى بولماسلىق ئېتىبارى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر باج. سېلىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن بىرەر پايدىسى بولمىسا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە باج. سېلىقلارنى بەلگىلەش ھوقۇقى يوقتۇر. شۇنىڭدەك، دۆلەتنىڭ زاكات ماللىرىنى ئومۇمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن قوللىنىشى ياكى باج بىلەن كۆپايە قىلىپ زاكاتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ئىنتايىن خاتادۇر. زاكات ئاللاھ تائالانىڭ بىۋاستە بۇيرىقى بىلەن بەلگىلەنگەن ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. ئىسلام دۆلەتلىرى زاكات پەرزىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، دۆلەتنىڭ زاكاتنى بىرىشتىن باش تارتقۇچىلارغا بىسىم ئىشلىتىشمۇ ھەقلىقتۇر. بۇ ماۋزۇدا، 1. خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: « ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار زاكاتنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىپ رەسۇلۇللانىڭ ۋاقتىدا ئۆتەپ كەلگەن بىرەر تال ئاغامچىنىمۇ بىرىشتىن باش تارتىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن» دىگەن مەشھۇر سۆزى يىتەرلىك.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كىيىن كەسكىن ئېيتالايمىزكى، باج. سېلىقلار زاكاتنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ. شۇنىڭدەك، زاكات مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا بەلگىلەنگەن باج. سېلىقلارنى ئۆتەشتىن توسالمايدۇ» («الزكاة وتنمية المجتمع» 162. بەت)

بۇنىڭغا ئاساسەن، دېھقانلارنىڭ تىرىملىرىغا، تىجارەتچىلەرنىڭ ماللىرىغا، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىغا ۋە باشقا كەسىپدارلارنىڭ كىرىملىرىگە بەلگىلەنگەن باج. سېلىقلار ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان زاكات ئۈچۈن بەدەل بولالمايدۇ. نەتىجىدە، باج. سېلىقلارنى باھانەقىلىپ يۇقىرىقىلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشتىن بىھاجەت بولۇشقا بولمايدۇ.

## زاكاتنى بىر دۆلەتتىن ئىككىنچى بىر دۆلەتكە يۆتكەشكە بولامدۇ؟

ئەسلىدە ھەر دۆلەتتە توپلانغان زاكات ماللىرى شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولغان ئېھتىياج ئىگىلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. ئەمما باشقا دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئۆز دۆلىتىدىكىلەردىن كۆپرەك ئېھتىياجلىق بولسا، زاكاتنى شۇ دۆلەتلەردىكى ئېھتىياجلىق

مۇسۇلمانلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ زاكات توغرۇلۇق ئېيتقان: « ئاللاھ ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكات پەرزىنى بەلگىلىدى» دېگەن ھەدىسىدىكى « پېقىرلار» مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پېقىرلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى مەملىكەتلىرىگە تارقالغان بولسىمۇ ئۇلار ئۆزئارا دىنىي قېرىنداشلاردۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ ھەقىقەتەن مۆمىنلەر ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر﴾ دېگەن.( ھۇجۇرات سۈرىسى 10-ئايەت )

شۇنىڭدەك، نېفىت بايلىقىغا ئىگە باي دۆلەتلەرنىڭمۇ پۇل- ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئۆز ئىقلىمىنىڭ پېقىرلىرىدىن بەكرەك ياردەمگە ئېهتىياجلىق بولغان باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىگە بېرىشى ئەۋزەلدۇر. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئىسلام ئەللىرىنى ئاۋارە قىلىۋاتقان پېقىرلىققا خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ. 2- خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مەدىنىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بىر يىلى مىسىرنىڭ ۋالىسى ئەمر ئىبنى ئاسقا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يازىدۇ: «... مېنى ۋە مېنىڭ يېنىمدىكىلەرنى ئاچلىقتىن ھالاك بولىدى دەپ ئويلاپ، ئۆزۈڭ ۋە يېنىڭدىكىلەر ياشامسەن؟ بىزنى ئاچلىقتىن قۇتقۇزمامسىلەر؟!». ئەمر ئىبنى ئاس خەلىپىنىڭ مەكتۇبىغا جاۋاپ بېرىپ: «... سىلەرگە ياردەم كەلدى. مەن سىلەرگە شۇنداق يۈكلۈك تۆگىلەرنى ئەۋەتىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئالدى سىلەردە، ئاخىرى مېنىڭدە بولىدۇ» دەپ مەكتۇپ يازىدۇ. ئەگەر مىسىرنىڭ زاكىتى مىسىر پېقىرلىرىنىڭ مەخسۇس ھەققى بولىدىغان بولسا ئىدى، خەلىپە ئۆمەر مىسىرنىڭ ۋالىسىدىن زاكات سورىمىغان بولاتتى. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب يەنە: « سەنئا ( ھازىرقى يەمەن جۇمهۇرىيىتىنىڭ پايتەختى) تېغىدىكى بىر پادىچىنىڭمۇ شام ۋە ئىراقتىن توپلانغان زاكاتتىن بولغان ھەققى ئۇنىڭغا يېتىپ بارىدۇ » دېگەن». (الزكاة وتنمية المجتمع 165- بەت)

ئەگەر كىشىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى پېقىرلارنىڭ ياردەمگە بولغان ئېهتىياجى باشقا دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان پېقىرلىرىغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولسا، زاكاتنى باشقا دۆلەتلەرگە يۆتكىمەستىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ، مەھەللىسىنىڭ پېقىرلىرىنىڭ ئېهتىياجلىرىنى ھەل قىلىشى ياخشىدۇر. چۈنكى يېقىندىكىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش ئۇزاقتىكىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتىن ئەۋزەل ۋە زۆرۈردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاۋۋال ئۆزۈڭگە، ئاندىن ئەھلىڭگە چىقىم قىل. ئۇنىڭدىن ئاشقاندا، تۇغقانلىرىڭغا قىل، ئۇلاردىن ئاشسا، ئاندىن ئۇنىڭغا بۇنىڭغا ياردەم قىل».( مۇسلىم رىۋايىتى )

« الإختيار» دا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان:« ئەسلىدە زاكاتنى بىر دۆلەتتىن يەنە بىر

دۆلەتكە يـۆكەش ياخشى ئەمەس. ئەمما تاشقى دۆلەتلەردىكـى ئۆزىنىـڭ تۇغقانلىرىغا يـاكى يـاردەمگە كـۆپرەك ئېھتىيـاجلىق كـىشىلەرگە بەرسـە بولىـدۇ. چـۈنكى مەئـاز ئىبنـى جەبەلمـۇ يەمەنلىك زاكىتىنى مەدىنىگە ئەۋەتكەن» ( الإختيار 1. جىلد 122. بەت ).

## بەلگىلەنگەن زاكات مىقداردىن كەم ـ زىيادە قىلىشقا بولامدۇ؟

يۇقىرىـدا بايـان قىلىنىـپ ئـۆتكەن ئـالتۇن، كۈمـۈش، خەلـق پـۇلى، تىجـارەت مـاللىرى، ئاشـلىق، مېـۋە، كۆكتـاتلار، چـارۋا مـاللىرى، يەر ئاسـتى بـايلىقلىرى، دېڭىـز بـايلىقلىرى ۋە باشـقىلا قاتـارلىق زاكـات كېلىـدىغان ھەر خىـل مـاللار ئۈچـۈن بەلگىلەنـگەن ئوخـشاش بولمىغـان زاكـات بېـرىش مىقـدارلىرى شـەرىئەت نەزەرىـدە ئەڭ تـۆۋەن مىقـدارلار بولـۇپ، بـۇ مىقـدارلاردىن ئـاز بېـرىلگەن زاكـات قەتئىـي ئـادا بولمايـدۇ. ئەممـا ئۇنىڭـدىن ئاشـۇرۇپ قانچىلىـك كـۆپ بېرىلـسە شـۇنچىلىك كـۆپ سـاۋاپ ۋە بەرىـكەت بولىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا بـۇ مـاۋزۇنى قۇرئـان كەرىمـدە مۇنـداق بىـر مىـسال بىـلەن بايـان قىلغـان: ﴿ ئاللاھنىـڭ يولىـدا پـۇل ـ مېلىنـى سـەرپ قىلغانلارنىـڭ ( سـەرپ قىلغـان نەرسـسى يەرگە تىكىلىـپ) 7 باشـاق چىقارغـان، ھەر باشـىقىدا 100 دىـن دان تۇتقـان بىردانىغـا ئوخـشايدۇ. ئـاللاھ خالىغـان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ( ساۋاپ ۋە بەرىكەت) بېرىدۇ﴾ ( بەقەرە سۈرىسى 261. ئايەت )

ئەلــى ئىبنــى ئەبــۇ تالــىب رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ: « 2.5% نىــلا زاكــات بېــرىمەن دېگۈچىلەرنىڭ زاكىتى بېخىللارنىڭ زاكىتىدۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

شــۇنىڭدەك، زاكاتنىــڭ پەرز بولۇشــى ئۈچــۈن بەلگىلەنــگەن مــۇئەييەن مىقــدارغا يەتمـگەن دەرىجىـدە ئـازراق پـۇل ـ مالغـا ئىـگە بولغـانلارنىڭمۇ ئـۆز ئىختىيـارى بىـلەن زاكـات بېرىـشى پەزىلەتلىـك ئىـشلاردىن سـانىلىدۇ. سـاۋابىمۇ كـۆپ بولىـدۇ. بەلكـى ئـاللاھ تائـالا يــۇقىرىقى ئــايەتتە قىلغــان ۋەدىــسى بــويىچە، ئۇلارنىــڭ بــۇ ياخــشىلىقلىرى يۈزىــسىدىن ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىغا بەرىكەت بېرىپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

# تۆتىنچى بۆلۈم

# زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر

## زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر

زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغانلار تۆۋەندىكى 8 تۈرلۈك شەخسلەردۇر:

1ـ پېقىرلار

2ـ مىسكىنلەر

3ـ كۆڭلىنى دىنغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار

4ـ قەرزدارلار

5ـ زاكات خادىملىرى

6ـ قۇللارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن

7ـ ئاللاھنىڭ يولىدىكى مۇجاھىدلار

8ـ يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرلار

## زاكات ئالىدىغانلارنىڭ تەپسىلاتى

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان:﴿ زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان مۇساپىرغا بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئوبدان) بىلگۈچىدۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ (تەۋبە سۈرىسى 60ـ ئايەت)

زەبىياد ئىبنى ھارىستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلىقىمغا بەيئەت قىلدىم، بۇ ۋاقىتتا بىر ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زاكات مېلىدىن بېرىشنى سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا « ئاللاھ زاكات مەسىلىسىدە پەيغەمبەر ۋە باشقىسىنى بەلگىلىمە چىقىرىشقا بۇيرىمىدى، بەلكى بۇ مەسىلىنى ئۆزى بەلگىلەپ، زاكاتنى 8 خىل شەخسكە تەقسىم قىلدى. ئەگەر سەنمۇ بۇ شەخسلەرنىڭ ئىچىدىن بولغان بولساڭ ئەلۋەتتە ساڭىمۇ

نېسۋەڭنى بەرگەن بولاتتىم» دېدى ( ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

تۆۋەنــدە، زاكــات ئېلىــشقا ھەقلىــق بولــدىغان مەزكــۇر 8 تۈرلــۈك شــەخس ھەققــدە تەپسىلى سۆزلىنىدۇ.

1- پېقىرلار

پېقىر- پۇل- مالدا زاكات بېرىشكە قادىر بولالمىغان ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ئادەم دېمەكتۇر. مۇنداق كىشىلەر زاكات ئېلىشقا ھەقلىقتۇر.

2- مىسكىنلەر

مىسكىن- مال- مۈلۈكتىن ھېچ نەرسىسى بولمىغان ئادەم دېمەكتۇر. مىسكىنىنىڭ ھالى پېقىردىن تۆۋەندۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كىشىلەر « توپىدا ياتقان مىسكىن» دەپ تەرىپلەنگەن. چۈنكى مىسكىن ياتقۇدەك ئۆي- جايىمۇ بولمىغان ئادەمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسكىننى مۇنداق دەپ تەرىپلىگەن:«مىسكىن- بىر ئىككى لوقما نان، بىر ئىككى تال خورما تىلەپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئايلىنىدىغانلار ئەمەس، بەلكى ھاجىتىنى راۋا قىلغۇدەك بىر نەرسىسى بولمىغان، كىشىلەردىن سورىمىغان ۋە ئۇنىڭ ھاجەتمەنلىكىنى كىشىلەرمۇ ھېس قىلمىغان كىشىدۇر».(بۇخارى رىۋايىتى )

3- زاكات خادىملىرى

زاكات خادىملىرى- زاكات يىغىشقا تەيىنلەنگەن ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار گەرچە باي بولسىمۇ زاكاتتىن نېسۋە ئېلىشى ھالالدۇر. چۈنكى زاكات خادىملىرى ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلىپ بۇ ئىشقا كىرىشكەن ئىكەن، ئۇلارمۇ مائاش ياكى ئىش ھەققى ئالغانلىقى ئورنىدا، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا يەتكىدەك مىقداردا زاكاتتىن نېسۋە ئېلىشقا ھەقلىقتۇر.

« زاكات خادىملىرىغا ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىگە يارىشا ھەق بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار زاكات توپلاش ئىشىغا تەيىنلەنگەن كىشىلەر بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرى زاكاتتىن توپلانغان مالدىن بېرىلىدۇ. زاكات خادىملىرى گەرچە باي بولسىمۇ ئۇلارنىڭ زاكاتتىن نېسۋە ئېلىشى ھالالدۇر» (لإختيار، 1- جىلد 268- بەت).

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، زاكات خادىملىرىنىڭ دىيانەتلىك ۋە ئىشەنچلىك مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى شەرتتۇر. غەيرى مۇسۇلمانلارنى بۇ ئىشقا بەلگىلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىشقا سالاھىيەتلىك ئەمەس.

4. كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار

كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا دىللىرىنى يۇمشىتىش، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولىشىنى ياكى مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ دىنغا مۇستەھكەم بولىشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن بېرىلگەن شەخسلەردۇر. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا زاكات مېلىدىن نېرەتتى. ئۇ مېنىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشىم بولسىمۇ، ھەمىشە ئۇ ماڭا بېرىپ تۇرغانلىقتىن، ئاخىرى ئۇ ماڭا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى بولۇپ قالغان ئىدى» ( ئىمام تەبەرى رىۋايىتى )

كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار تۆۋەندىكى 3 خىل شەخسلەردۇر:

1. مۇسۇلمان بولۇشى، ئاندىن ئۆز قوۋملىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭمۇ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇشىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات ماللىرى بىلەن تەمىنلىگەن كىشىلەر.

2. مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ ئىمانى كۈچلەنمىگەنلەرنىڭ دىللىرىنى دىنغا مۇستەھكەم قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن زاكات بېرىلگەنلەر.

3. مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكلىرىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە زاكات بېرىلگەن كىشىلەردۇر. (اللباب شرح الكتاب،1. جىلد 103. بەت)

كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان يۇقىرىقى 3 خىل شەخسنىڭ زاكاتتىن ئالىدىغان نېسىۋىلىرى 2. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ پىكرى ۋە بارلىق ساھابىلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇ ساھابىلار تەرىپىدىن قىلىنغان ئىجما ئىدى(1). پۈتۈن فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئورتاق

(1)ئىجما ـ ئىسلام ئۈممىتىدىن بولغان زامانداش، مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرئەت مەسىلىلىرىدىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىشى دېگەنلىكتۇر.(1) ئىجما ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى دەلىلى ۋە ھۆججىتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ سۆزى ئىجمانىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىق ئاساسلىرى ۋە دەلىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ: ( كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر (نىڭ ئەمرى)گە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى ئاخىرەتتە جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمە دەگەن يامان جاي!)

قـاراربمۇ كۆڭـۈللىرىنى ئىـسلامغا مايـىل قىلىـش كـۆزدە تۇتۇلغانلارنىـڭ زاكـاتتىن بولغـان نېـسىۋىلىرىنىڭ ئەمەلـدىن قالـدۇرۇلغانلىقىنى تەكىتلىمەكـتە. چـۈنكى ئـالLLاھ تائـالا ئىـسلام دىنىنــى كۈچلەندۈرگەنــدىن كېــيىن ئۇلارنىــڭ مۇســۇلمان بولۇشــى تامــا قىلىنمايــدۇ ۋە دۈشمەنلىكلىرىدىن قورقۇشقىمۇ ئورۇن قالمىغان بولىدۇ.

ئىبنـى قـۇدامە « المغنـي» نـاملىق ئەسـىرىدە ئىمـام زۇھرىيىنىـڭ مۇنـۇ سـۆزىنى نەقىـل كەلتـۈرگەن:« كۆڭـۈللىرىنى ئىـسلامغا مايـىل قىلىـش كـۆزدە تۇتۇلغـانلار ھەققىـدىكى ھۆكـۈم ئەمەلـدىن قالـدۇرۇلغان دەپ ئويلىمـايمەن. ئۇلارنىـڭ نېسىۋىلىرىنى ئەمەلـدىن قالـدۇرغانلىق قۇرئـان ۋە ھەدىـسلەرنىڭ روھىغـا زىـت كەلمەيـدۇ. چـۈنكى كۆڭـۈللىرىنى ئىـسلامغا مايـىل قىلىـش كـۆزدە تۇتۇلغـانلاردىن بىھاجەت بولغـانلىق شـۇنداقلار توغرۇلـۇق كەلـگەن ھۆكـۈمنى ئەمەلـدىن قادىرۇشـنى لازىـم قىلمايـدۇ. پەقەت ئـۇلاردىن بىھـاجەت بولغـان شـارائىتتا ئـۇلار زاكــاتتىن بولغــان نېــسىۋىلىرىنى ئېلىــشتىن مەنئــى قىلىنىــدۇ. قاچــانىكى، ئۇلارغــا زاكــات بېرىــشكە ئېھتىيــاج تۇيۇلــدىكەن شــۇ ۋاقىتتــا ئۇلارغــا يەنە بېرىــشكە بولىــدۇ. زاكــات بېرىلــدىغان باشــقا تــۈردىكى شەخــسلەرنىڭ ھەممــسى ئۈچۈنمــۇ شــۇنداق قىلىنىــدۇ. مەسـىلەن: زاكـات ئېلىـشقا ھەقلىـق بولغـان 8 خىـل شەخـستىن بەزىـسى تېپىلىـپ بەزىـسى تېپىلمىغـان شـارائىتتا، تېپىلمىغانلارنىـڭ نېـسىۋىلىرى توختىتىلغـان بولىـدۇ. كېـيىن يەنە شۇنداقلار تېپىلسا ھۆكۈم قايتىدىن كۈچكە ئېرىشىدۇ. بۇ ئورنىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق».

مـۇھەممەد ئەلـى سابۇنىي « ئىـسلامدىكى زاكـات پەرزى» نـاملىق ئەسـىرىدە مۇنـداق دەپ يازىــدۇ:« ئــۆمەر ئىبنــى خەتتابنىــڭ كۆڭــۈللىرىنى ئىــسلامغا مايــىل قىلىــش كــۆزدە تۇتۇلغانلارنىــڭ نېــسىۋىلىرىنى ئەمەلــدىن قالــدۇرغانلىقى ئەينــى ۋاقىتتــا بىــر شــەرئىي سىياسـەت ئىـدى. لېكىن يەنە بىـر زامـان كېلىـپ، كۆڭـۈللىرىنى ئىـسلامغا مايـىل قىلىـشقا ئېھتىياجلىق بولغـان ئىمـانى ئـاجىز كىـشىلەر بارلىققا كەلـسە، ئـۇلارنى ئىـسلامغا يېتەكلەش ئۈچـۈن ئۇلارغىمـۇ زاكـات مالLىرىـدىن بېرىـشكە بولىـدۇ. كۆرىـۋاتىمىزكى، مۇسـتەملىكىچىلەر ۋە خرىـستىئان تەشـۋىقاتچىلىرى مۇسـۇلمان پەرزەنتلىـرىگە ۋاقىتلىـق مـاددىي يـاردەم قىلىـش ئـارقىلىق ئـۇلارنى ئىـسلام دىنىـدىن چىقىـرىش يولىـدا ھېسابـسىز پـۇل- مـالLارنى سـەرپ قىلماقتـا. ئىمـانى ئـاجىز كىـشىلەرنىڭ ئىمـانىنى كۈچلەنـدۈرۈش ئۈچـۈن ئۇلارغـا مـاددىي يـاردەم قىلىـشتا ئـۇلاردىن بىـز ھەقلىقمىـز. خۇسۇسـەن، خۇراپـات ۋە دىنىــي جەھەتتىكــى بىلىمـسىزلىك ئەۋج ئالغـان مۇشـۇ زامانـدا ئۇلارنىـڭ دىللىرىنــى ئىـسلامغا مەھـكەم قىلىـشقا بەكمۇ ئېھتىياجلىقمىز». («فريضة الزكاة في الإسلام»م. ئەلى سابۇنىي 109- بەت)

يـۇقىرىقى ئالىملارنىـڭ پىكىرلىرىنـى قـوللاپ دەيمىزكـى، 2- خەلىـپە ئـۆمەر ئىبنـى خەتتـاب باشــچىلىقىدا كۆڭــۈللىرىنى ئىــسلامغا مايــىل قىلىــش كــۆزدە تۇتۇلغانلارنىــڭ زاكــاتتىن

بېرىلىدىغان نېسۋىلىرىنى توختىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىجما ئۇلار توغرىلىق كەلگەن ئايەتنىڭ ھۆكۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەلكى بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەمەل قىلىنىش دەۋرىنىڭ تۈگىگەنلىكىنىڭ بايانىدۇر. بۇ خۇددى ئۆتمۈشلەردە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن زاكاتتىن نېسۋە ئېلىشىغا ئوخشاشتۇر. ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە قۇللۇق يوق. بۇنداق ئىكەن، قۇللارنىڭ زاكاتتىن بولغان نېسۋىلىرى ئۆزلىكىدىن ئەمەلدىن قالغان بولىدۇ. ئەمما زامانىمىزدا، يوقسۇللۇق سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنىڭ پارلاق دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ خرىستىئانلارنىڭ ۋاقىتلىق ماددىي ياردەملىرىگە ئالدىنىپ ئۇلارنىڭ قوينىغا ئۆزلىرىنى ئېتىۋاتقانلارغا ماددىي ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا قايتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولسا، ئۇلارغىمۇ زاكاتتىن نېسۋە بېرىشكە بولىدۇ.

5. قۇللارنىڭ ئازات بولىشىغا

قۇل. ئۆتمۈشتە بايلارنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان ئادەم دېمەكتۇر. ئايەتتىكى «قۇللار» دىن مەقسەت خوجايىنلىرىغا مۇئەييەن مىقداردا پۇل تۆلەش بەدىلىگە قۇللۇقتىن ئازاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزگەن قۇللار ئىدى. شۇڭا قۇرئان كەرىم مۇنداقلارغا زاكاتتىن نېسۋە بېرىشنى پەرز قىلغان. ئەمما خوجايىنلىرى بىلەن مۇنداق بىر ئەھدىسى بولمىغان ۋە شۇ خوجايىنلىرىنىڭ قولىدا ياشاشنى خالايدىغان قۇللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. چۈنكى مۇنداقلار مۇستەقىل تۇرمۇشقا ئىگە بولمىغانلىقتىن ئۇلارغا زاكات بېرىلگەن تەقدىردىمۇ خوجايىنلىرىنىڭ مۈلكىگە كىرەتتى.

بۇ مەسىلىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز. چۈنكى ئىسلام دىنى ھەمىشە قۇللارنى ئازات قىلىشقا بۇيرۇپ كەلدى. ھەتتا بەزى گۇناھلار ۋە خاتالىقلارنىڭ ئەيىبى قىلىنىشى ئۈچۈن قۇل ئازات قىلىشنى بەلگىلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. چۈنكى ئۇلارنى قۇللۇقنىڭ خارلىقىدىن ئازات قىلىپ ھۆرلۈككە چىقارغانلىق ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكتۇر. قۇللارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن بېرىشنى بەلگىلىگەنلىكمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئىلغارلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر.

6. قەرزدارلار

قەرزدار. ئۈستىدە باشقىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق بولغان ئادەم دېمەكتۇر. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان « قەرزدارلار» سۆزى ئادەتتىكى ھەر قانداق بىر قەرزدارنى ئەمەس، بەلكى ئۈستىگە يۈكلەنگەن قەرزنى ئۆتەشكە ئۆزىنىڭ ماددىي شارائىتي زادى

يار بەرمىگەن، ئۇنى ئۇزۇش ئۈچۈن جىددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئايەتتە «غارىم» (قەرزگە بوغۇلغان) دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان. چۈنكى ئەرەب تىلىدا ئادەتتىكى قەرزدارنى « مەديۇن» دەيدۇ. بۇ ئالدىنقىسىدىن پەرقلىقتۇر. قەرزگە بوغۇلغانلارنىڭ قەرزلىرىنى ئۆتىشى ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن نېسۋە بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. چۈنكى قەرزنى ئۆتىيەلمەي مۇھتاجلىق ھالغا چۈشۈپ قالغان كىشى پېقىرغا ئوخشاشتۇر. ئۇلارنىڭ قەرزلىرى قانچىلىك كۆپ بولۇپ كەتسۇن شۇ قەرزلىرىنى ئۆتەشكە يېتەرلىك مىقداردا زاكاتتىن بېرىشكە بولىدۇ.

7- ئاللاھنىڭ يولى

ئاللاھنىڭ يولى- ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى قوغداش يولىدىكى جىھادتۇر. مۇجاھىدلارنىڭ جىھادقا يېتەرلىك تەييارلىقلىرىنى ھازىرلىشى، قورال- ياراق، ئوق- دورا سېتىۋېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن بېرىلىدۇ. بۇ ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ ئورتاق پىكرىدۇر.

## «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەنىنىڭ مەنىسى ۋە مەقستى

ھازىرقى زامان ئالىملىرىدىن بەزىلىرى » ئاللاھنىڭ يولى« دېگەن ئىبارىنىڭ مەسجىدلەرنى بىنا قىلىش، مەكتەپ، مەدرىسىلەرنى سېلىش ۋە رېمونت قىلىش، يوللارنى ياساش، دوختۇرخانىلارنى ئېچىش ۋە باشقىلار قاتارلىق ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى « ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئىبارىنىڭ پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىدلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قايسىسى«ئاللاھنىڭ يولى» دا بولغان بولىدۇ؟ دېگەن سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ:« كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىدىكەن، شۇ ئاللاھنىڭ يولىدا بولغان بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى دەلىل كەلتۈرگەن. ( بۇخارى رىۋايىتى )

« ئاللاھنىڭ يولى» دىن مەقسەت مۇجاھىدلار ئىكەنلىكى قەدىمدىن ھازىرغىچە مەشھۇر بولۇپ كەلگەن بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدىكى بۇ مەسىلىنى بايان قىلغان ئايەت «بېرىش» مەنىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى « ئىگىدار قىلىش» مەنىسى بىلەن كەلگەن. مۇنداق ئىكەن، زاكاتنى ئالىدىغانلار شەخسلەر بولىشى كېرەك. ھالبۇكى، مەسچىد، مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە باشقا جايلاردا ئىگىدارچىلىق قىلىش سالاھىيتى

يوقتۇر. چۈنكى ئۇلار شەخسلەر ئەمەس» («فريضة الزكاة في الإسلام » 113- بەت م. ئەلىي سابۇنىي )

شەيخ شەئراۋىي « ئىسلامىي مەسىلىلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « مەسجىد ۋە مەكتەپلەرنى بىنا قىلىش، دوختۇرخانىلارنى ئېچىش، يوللارنى ياساش ۋە باشقا ئومۇم خەلق مەنپەئەتلىنىدىغان ئىشلارنى قىلىش دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. دۆلەت بۇ ئىشلارنى شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىغا ھاجەت بولماستىن ئورۇنلىيالايدۇ. بايلار بىلەن پېقىرلار ئورتاق مەنپەئەتلىنىدىغان بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن پېقىرلارنىڭ ھەققى بولغان زاكات ماللىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى زاكاتتىن توپلانغان ماللار پېقىرلارنىڭ ھەققىدۇر. بايلارنىڭ ئەمەس. دۆلەت يۇقىرىقى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىقتىسادىغا كۆپايە قىلمىغاندا خەلقتىن ئالغان باج- سېلىقلارنى قوللىنىدۇ. شۇڭا پېقىرلارنىڭ ھەققى بولغان زاكات ماللىرىنى قوللىنىپ مەسجىد ۋە مەكتەپ سالمايمىز. چۈنكى مەسجىدكە بايلارمۇ كىرىدۇ، پېقىرلارمۇ كىرىدۇ. مەكتەپتە بايلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئوقۇيدۇ، پېقىرلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئوقۇيدۇ. ھالبۇكى، مەسجىد بىلەن مەكتەپ پېقىرلارنىڭ ھەققى بولغان زاكات مېلىدىن سېلىنغان. بۇنداق ئىكەن، زاكات ماللىرى قۇرئاندا بەلگىلەنگەن شەخسلەردىن باشقا تەرەپلەرگە قوللىنىلمايدۇ. ئەگەر جەمئىيەتتىكى بارلىق پېقىرلار ۋە ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن ئاشقاندا ياكى ئېھتىياجلىق شەخسلەر تېپىلمىغاندا زاكات ماللىرىنى يۇقىرىقى ئورۇنلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ» («قضايا إسلامية»76- بەت: م. مۇتەۋەللىي شەئراۋىي )

بۇ ماۋزۇنى خۇلاسىلاپ ئېيتىمىزكى، بۇ مەسىلىدە ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ « ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئىبارە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىدلارنى ھازىرلاشنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن قارىشى كۈچكە ئىگىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، « ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئىبارە، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئىقتىدارلىق دىنىي ئالىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ھەر قايسى مەملىكەتلەرگە ئەۋەتىش ئۈچۈن خىراجەت چىقىرىشنى، شەرىئەت ۋە پەن بىلىملىرىنى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان ھاجىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەتىجىدە، يۇقىرىقىلارنى زاكات ماللىرى بىلەن تەمىنلەشكە بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقىلارمۇ « ئاللاھنىڭ يولى» ئىبارىسىنىڭ مەنىسىگە كىرىدۇ.

8- مۇساپىرلار

مۇساپىر- ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئادەم دېمەكتۇر. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان مۇساپىر- ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقىلارنىڭ يۇرتىدا پۇل- مالغا ئېھتىياجلىق

بولـۇپ قالغـان ئـادەم دىمەكتـۇر. باشـقىلارنىڭ يېرىــدە پـۇل- مىلــدىن ئايرىلــپ قېلىــپ يـاردەمگە مۇھتـاج بولغـان ئـادەم گەرچە ئـۆز ۋەتىنىــدە بـاي بولـسىمۇ ئۇنىڭغـا زاكـات بېرىـشكە بولــدۇ. ئــاز ســاندىكى بەزى ئــالىملار مۇنــداق مۇســاپىرغا زاكــات بېــرىش ئۈچــۈن ئۇنىــڭ گۇنـاھ- مەسـىيەت ئۈچـۈن سـەپەر قىلمىغـان بولـىشىنى شـەرت قىلىنىــدۇ. چـۈنكى ئاللاھغـا ئاسـيىلىق بولـدىغان گۇنـاھ ـ مەسـىيەتلەرگە يـاردەم قىلغـان كىـشى شـۇ گۇنـاھنى قىلغانغـا ئوخشاشتۇر.

پۈتــۈن ئىــسلام فىقهــشۇناس ئالىملىرىنىــڭ بىــردەك ئىتتىپــاقى بــويىچە، يۇرتىـــدىن ئايرىلىــپ پـۇل- مالغـا ئېھتىيـاجلىق بولـۇپ قالغـان مۇسـاپىرغا ئۇنىـڭ ئېھتىياجىغـا يېتەرلىـك مىقداردا زاكات بېرىش پەرزدۇر.

ئەسكەرتىش:

1- يــۇقىرىقى زاكـــات بېرىلىـــدىغان 8 خىـــل شەخـــسنىڭ مۇســـۇلمانلاردىن بولىـــشى شـەرتتۇر. چـۈنكى كۇففارلارغـا زاكـات بېرىلمەيـدۇ. بېـرىلگەن تەقـدىردىمۇ بۇنـداق زاكـات ئـادا تاپمايـدۇ. ئەممـا سـەدىقە ۋە يـاردەملەرنى كـاپىر بولـسىمۇ ئېھتىيـاجلىق كىـشىلەرگە بېرىـشكە بولىدۇ.

2- يــۇقىرىقىلاردىن « زاكــات خــادىملىرى» دىــن بــاش زاكــات ئالغۇچىلارنىــڭ ئېھتىيــاج ئىگىلىرىــدىن بولــشى شــەرتتۇر. چــۈنكى بايلارغــا زاكــات بېرىلمەيــدۇ. بــۇ ھەقــتە پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام: « بايلارغــا ۋە ئىــشلەشكە قەدىــر بولغانلارغــا زاكـــات ھـــالال ئەمەس»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئەممـا زاكـات خادىملىرىغـا- ئـۇلار بـاي بولـسىمۇ- زاكـاتتىن نىـسۋە بېرىـشتىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىدى.

## زاكاتنى 8 خىل شەخسنىڭ ھەممىسىگە بېرىش شەرتمۇ؟

پۈتـۈن فىقهـشۇناس ئالىملىرىنىـڭ بىـردەك ئىتتىپـاقى بـويىچە، زاكـاتنى مەزكـۇر 8 خىـل شەخستىن بىرەرسىگە بېرىش بىلەنمۇ زاكـات پەرزى ئـادا تاپىـدۇ. چـۈنكى ئـاللاھ تائـالا بىزنـى قۇرئانـــدا بايـــان قىلىنغـــان 8 خىـــل شەخـــسكە زاكـــات بېرىـــشكە ۋە بـــۇلاردىن باشقىـــسىغا بەرمەســـلىككە بۇيرىغـــان. مـــۇھىم بـــولغىنى زاكاتنىـــڭ مەزكـــۇر 8 شەخـــستىن باشقىـــسىغا بېرىلمەسـلىكىدۇر. بۇنـداق ئىـكەن، زاكـات بەرگـۈچىنىـڭ زاكـات ئۈچـۈن ئايرىغـان مىلىنـى 8گە بۆلـۈپ، ئانـدىن زاكـات ئالىـدىغان 8 شەخـسنىڭ ھەر بىـرىگە تەقـسىم قىلىـشى شـەرت ئەمەس. بەلكـى بـۇ قىـيىن ئىـشتۇر. بولۇپمـۇ كـۈنىمىزدە بۇنـداق قىلىـش مـۇمكىن ئەمەس.

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

مەسىلەن: كۆنىمىزدە ئازات قىلىدىغان قۇل يوق. زاكات يىغىشقا ۋەزىپىلەنگەن زاكات خادىملىرى يوق. مۇندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ ھەر زامان تېپىلماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا زاكات بەرگۈچى بېرىدىغان زاكىتىنى مەزكۇر 8 خىل شەخسنىڭ قايسى بىرىگە بەرسە بولىدۇ. چۈنكى زاكاتتىن مەقسەت ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش بولغانلىقتىن، قايسى خىلدىكىلەرنىڭ ياردەمگە ئېھتىياجلىرى كۆپ بولسا شۇنداقلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر. شۇڭا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە: « زاكات بەرگۈچى زاكىتىنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغانلاردىن قانداق كىشىگە بېرىشنى خالىسا شۇنىڭغا بېرىدۇ» دېگەن. (الإختيار، 1- جىلد 119- بەت )

ئەمما ئىمام شافىئىي زاكاتنى 8 خىل شەخسنىڭ ھەممىسىگە تەقسىم قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ قىيىن بولغىنىنىڭ ئۈستىگە ئىمكانىيەتسىز بىر ئىشتۇر. شۇڭا كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ يۇقىرىقى كۆرسىتىشى كۈچكە ئىگىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ زاكات مېلىنى گاھىدا پېقىرلارغا، گاھىدا كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، گاھىدا باشقا تۆردىكى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

# زاكات بېرىلمەيدىغانلار

زاكــات 5 خىــل شەخــسكە بېرىلمەيــدۇ. چــۈنكى ئۇلارغــا زاكــات بېــرىش جــائىز بولمىغــانلىقتىن، ئۇلارغــا بېــرىلگەن زاكــات بىــلەن زاكــات پەرزى ئــادا بولمايــدۇ. ئــۇلار تۆۋەندىكىلەر:

1. بايلار

2. كۇففارلار

3. زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا- ئانىلىرى

4. زاكات بەرگۈچىنىڭ بالىلىرى

5. زاكات بەرگۈچىنىڭ جورىسى

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. بايلار

بــاي- ئىــسلام نەزەرىــدە، زاكــات بېرىــشكە قــادىر بولغــان (يەنــى نورمــال ئېھتىياجىنــىڭ سىرتىدا 85 گرام ئالتۇن ياكى 595 گــرام كۈمۈش، پــۇلى، يــاكى ئۇنــىڭ قىممىتىــدە پــۇل- مېلــى بولغان) ئــادەم دېمەكتــۇر. بايلارغــا زاكــات بېرىلمەيــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام بــۇ ھەقــتە: « زاكــات بايلارغــا ۋە ئىــشلەشكە قەدىــر بولغانلارغــا بېرىلمەيــدۇ» دەپ كۆرســەتكەن. ( تىرمىــزى رىۋايىتى )

2. كۇففارلار

كاپىر- ئىسلام دىنىدىن باشقا بىــر دىنغا ئېتىقــاد قىلىــدىغان يــاكى ھېچقانــداق بىــر دىنغــا ئىــشەنمەيدىغان ئــادەملەرگە قويۇلغــان بىــر ئاتــالغۇدۇر. كاپىرلارغــا زاكــات بېرىلمەيــدۇ. ئۇلارغــا بېــرىلگەن تەقــدىردىمۇ بۇنــداق زاكــات ئاللاھنىــڭ دەرگاھىــدا ئــادا تاپمايــدۇ. چــۈنكى پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالامنىڭ:« ئــاللاھ ئۇلارغــا، ئۇلارنىــڭ بايلىرىــدىن ئېلىــپ پېقىرلىرىغــا بېرىلىــدىغان زاكــاتنى پەرز قىلىــدى» دېــگەن ســۆزىدىكى «بــايلار» بىــلەن « پېقىــرلار» مۇســۇلمانلارنىڭ بــايلىرى بىــلەن پېقىرلىرىنــى كۆرســىتىدۇ. ئەممــا زاكــاتتىن باشــقا ســەدىقە، يــاردەم ۋە ئېھــسانلارنى كــاپىرلارغىمۇ بېرىــشكە بولىــدۇ. ئــاللاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە مۇنــداق دېــگەن:« (كــاپىرلاردىن) ســىلەر بىــلەن ئــۇرۇش قىلمىغــان ۋە ســىلەرنى يۇرتــۇڭلاردىن

ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقىلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ» ( مۇمتەھىنە سۈرىسى ).

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كاپىر ئانىسىغا ماددىي ياردەم قىلىشنىڭ جائىزلىقى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ئاناڭغا ياردەم قىل» دەپ بۇيرىغان. (مۇسلىم رىۋايىتى )

3- زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا- ئانىسى

بۇ ماۋزۇدىكى ئاتا- ئانىلار- زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا- ئانىسى، بوۋا- مومىلىرى ۋە جىمى ئەجدادلىرى دېمەكتۇر.

زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا، ئانىسىغا، بوۋىلىرىغا ۋە مومىلىرىغا بېرىشى جائىز ئەمەستۇر. بۇنداق زاكات ئادا تاپمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەپ شۇكى، كىشى ئاتا- ئانىسىنى، بوۋا- مومىلىرىنى بېقىشقا بۇيرۇلغان. ئاتا- ئانىلارنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى قامداش ۋە ئۇلارنى ياخشى بېقىش بالىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇنىڭدىن باش تارتالمايدىغان، ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان بىر پەرزدۇر. زاكاتنى ئاتا- ئانىسىغا بەرگەن ئادەم خۇددى ئۆزىگە ئۆزى زاكات بەرگەنگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئاتا- ئانىسىنى بېقىش ئۆزىنىڭ يالغۇز بۇرچىدۇر. ئاتا- ئانىغا بېرىلگەن زاكات بىلەن زاكات پەرزى ئادا تاپمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭا پۈتۈن ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى زاكاتنى ئۆزىنىڭ ئاتا- ئانىسىغا، بوۋا- مومىلىرىغا بېرىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىگە ۋە بۇنداق زاكاتنىڭ ئادا تاپمايدىغانلىقىغا بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

4- زاكات بەرگۈچىنىڭ بالىلىرى

بۇ ماۋزۇدىكى بالىلار- زاكات بەرگۈچىنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى ۋە چەۋرىلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پۈتۈن ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە، كىشىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا، نەۋرىلىرىگە ۋە چەۋرىلىرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلارغا بېرىلگەن زاكات بىلەن زاكات پەرزى ئادا تاپمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، بالىلارنىڭ، نەۋرىلەرنىڭ ۋە چەۋرىلەرنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تولۇق قامداش ئاتا- ئانىلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. زاكاتنى ئۇلارغا بەرگەن ئادەم خۇددى ئۆزىگە ئۆزى زاكات

بەرگەنگە ئوخشاشتۇر. نەتىجىدە بۇ زاكات مەقبۇل ئەمەستۇر.

ئىبنى قۇدامە «المغني» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:« زاكات ئاتا- ئانىلارغا، بوۋا- مومىلارغا، بالىلارغا، نەۋرىلەرگە ۋە چەۋرىلەرگە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى زاكاتنى ئۇلارغا بېرىش ئۇلارغا قىلىنىدىغان چىقىملارنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. نەتىجىدە كىشى ئۆزىگە ئۆزى زاكات بەرگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق زاكات ئادا تاپمايدۇ. ئاتا- ئانىلاردىن مەقسەت، ئاتا، ئاتىنىڭ ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى، ئانا، ئانىنىڭ ئانىسى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىدۇر. ئەمما زاكات بەرگۈچىنىڭ قېرىنداشلىرىغا ۋە ئۇنىڭدىن مىراس ئالالمايدىغان تۇغقانلىرىغا زاكات بېرىشى جائىزدۇر. ئىمام ئەھمەد ( ھەنبەلى مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى ) زاكات بەرگۈچىنىڭ قېرىنداشلىرىغا، تاغا ئاكا ۋە تاغا ئاچىلىرىغا زاكات بېرىش مەسىلىسى ھەققىدە سورالغىنىدا،» زاكات بەرگۈچىنىڭ پۈتۈن تۇغقانلىرىغا زاكات بېرىشى جائىز، پەقەت ئاتا- ئانىلىرىغا (يەنى ئاتا- ئانىسى، بوۋا- مومىلىرىغا)، بالىلىرىغا (يەنى بالىلىرى، نەۋرىلىرى ۋە چەۋرىلىرىگە) بېرىشى جائىز ئەمەستۇر، دەپ جاۋاب بەرگەن».(المغني 4- جىلد 99- بەت)

بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەر كىشى زاكىتىنى ئۆزىنىڭ ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان قېرىنداشلىرىغا، يەنى ئاكا- ئۇكا، ئاچا- سىڭىللىرىغا، تاغا ئاكا ۋە تاغا ئاچىلىرىغا بەرسە بولىدۇ. بەلكى بۇنداق قىلىشنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا قىلىنغان ياردەم ياتلارغا قىلىنغاندىن كۆپرەك ساۋاپقا ئىگىدۇر.

5- زاكات بەرگۈچىنىڭ جورىسى

ئەر- ئايال ئىككىسىنىڭ بىر- بىرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغانلىقتىن ئىقتىساد ھەر ئىككىسىگە ئائىتتۇر. ئەر- ئايال ئىككىسىنىڭ بىر- بىرىگە زاكات بېرىشى ئۆزىگە ئۆزى زاكات بەرگەنگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئېرىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ ئايالىغا زاكات بېرىشى جائىز ئەمەس ۋە بۇنداق زاكات قوبۇل ئەمەس.

ئەمما ئايال كىشى باي بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى پېقىر بولسا، بۇ ئايالنىڭ ئۆز ئېرىگە زاكات بېرىشى جائىزمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. ئىمام شافىئىي بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئايالى ئېرىگە زاكات بەرسە ئۇنىڭ بەرگەن زاكىتى ئادا تاپىدۇ، دەيدۇ.

ئەمما ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەللەرنىڭ قارىشىچە، ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەس، بۇنداق بېرىلگەن زاكات ئادا

تاپمايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رايىنى كۆچكە ئىگە قىلغان دەلىللىرى باردۇر.

خۇلاسە قىلغانىدا، ئىمام ئەزەم بىلەن ئىمام ئەھمەدنىڭ « ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەس» دېگەن قارىشى كۈچكە ئىگىدۇر. ئىسلام مەملىكەتلىرىمۇ بۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرمەكتە.

پىتىر سەدىقىسى «زورا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى»ناملىق ئەسىرىمىزدە بايان قىلىندى.

# زاكات توغرۇلۇق كۆپرەك سورىلىدىغان سوئاللارغا جاۋابلار

1ـ سوئال: زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكات بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇنى ئالغۇچىغا «بۇ زاكات» دەپ ئېيتىشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇنى ئالغۇچىغا «بۇ زاكات» دەپ بىلدۈرۈشى شەرت ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە زاكاتنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ھەدىيە ياكى ياردەم نامى بىلەن ئاتاپ بەرسىمۇ زاكات ئادا تاپىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى زاكات بېرىشتە ئۇنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى نىيەت شەرت قىلىنىدۇ. نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. قەلبتىكى نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ھاجەت يەق. شۇڭا زاكات ئالغۇچىلارنىڭ يۈزىنى قىزارتماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زاكاتنى باشقا ناملار بىلەن ئاتاپ بېرىشمۇ ياخشىدۇر

2ـ سوئال: بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ زاكاتنى ئۇنىڭغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن زاكات ئادا تاپامدۇ؟

جاۋاب: ئەسلىدە زاكات بېرىشتە ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغانلارنى ئېنىقلاپ، تېپىپ شۇلارغىلا بېرىش ئارقىلىق زاكات پەرزىنى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى مۇسۇلمانلارنى زاكات بېرىشكە بۇيرىغان ئايەتلەردە، «ۋَآتُوا الزكاه ـ زاكات بېرىڭلار»«دېمەستىن، بەلكى،» ۋَآتُوا الزكاه ـ زاكاتنى ئادا قىلىڭلار«دېگەن ئىبارىنى قوللانغان. بۇنىڭ مەنىسى: زاكاتنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان شەخسلەرنى تېپىپ، شۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق بۇ پەرزنى جايىدا ئادا قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر. بۇ نىڭغا بىنائەن، زاكاتنى قانداقلا بىرسىگە بېرىش بىلەن پەرز ئادا تاپمايدۇ. بەلكى زاكاتقا ھەقلىق بولغانلارنى ئىزدەپ تېپىپ شۇلارغا بېرىش ئارقىلىقلا زاكات پەرزى ئادا تاپقان بولىدۇ. ئەمما زاكات بەرگۈچى بىراۋنى پېقىر دەپ تونۇپ زاكاتنى ئۇنىڭغا بېرگەندىن كېيىن، زاكات ئالغۇچىنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتىدىكى ئۇنى پېقىر دەپ بىلگەن ئېتىقادى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ بەرگەن بۇ زاكىتى جائىزدۇر. بۇنداق زاكات ئادا تاپىدۇ. بۇ ۋاقىتتا زاكات بەرگۈچىنىڭ قايتا زاكات بېرىشىگە ھاجەت يوق. بەلكى، زاكات بەرگۈچى ئۇنى بەرگەن ۋاقتىدا ئۆز گۇمانى بويىچە پېقىرغا بەرگەن بولدى. چۈنكى كىمنىڭ باي، كىمنىڭ پېقىر

ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىش ھەر ۋاقىت ئۇڭاي ئەمەس. ئەمما كىشىلەرنىڭ زاكات ئېلىشقا ئېھتىياجلىق ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆزىدىن سوراش شەرت ئەمەس، بەلكى بۇ ياخشى ئىش ئەمەس. ئۆزىدىن سورىماستىن باشقىلاردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە بولىدۇ. شۇنداق قىلىش ئەڭ ياخشى يولدۇر.

3- سۇئال: قەرزنى زاكاتقا ھېسابلاشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: بىراۋنىڭ باشقا بىرسىدە قەرزىسى بولۇپ، قەرزدارنىڭ پېقىرلىقى سەۋەب بىلەن قەرزنى تۆلىيەلمىگەن بولسا، بۇ قەرزنى قەرز ئىگىسىنىڭ زاكاتقا ھېساب قىلىشىغا بولمايدۇ. چۈنكى زاكاتنى ئادا قىلغۇچىنىڭ ئۇنى بەرگەن ۋاقىتتا زاكاتنى نىيەت قىلىشى شەرتتۇر. ھالبۇكى، قەرز بەرگۈچى قەرزنى بەرگەن ۋاقىتتا زاكاتنى نىيەت قىلغان ئەمەس، بەلكى قەرز نىيىتى بىلەن بەرگەن بولغانلىقتىن كېيىنچە ئۇنى زاكاتقا ھېسابلاشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى شۇكى، زاكات بەرگۈچى زاكاتقا ئاتىغىنىنى قەرزدارغا بېرىپ زاكىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قەرزىسىنى سوراپ ۋە ئالسا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسۇل بىلەن قەرزدار پۇلغا ئىگە بولغان، ئاندىن ئىگە بولغان بۇ پۇلدىن ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

4- سۇئال: قانداق نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ نورمال ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نەرسىلەردىن زاكات بېرىشنى پەرز قىلمىدى. پەقەت نورمالدىكى ئېھتىياجنىڭ سىرتىدىكى پۇل- مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشقا بۇيرىدى. بۇنىڭغا بىنائەن، ئېيتىمىزكى، كىشىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر قوللىنىۋاتقان ماشىنىلىرىغا، ئۆزى ۋە بالىلىرى ئولتۇرىۋاتقان ئۆي- ئىمارەتلىرىگە، ئايالى، قىزلىرى، ۋە كېلىنلىرى ئىشلىتىۋاتقان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك ماددىلاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىغا، ئۆي جىھازلىرىغا، ھۈنەر ئەسۋابلىرىغا، كىتاب- ماتېرىياللىرىغا ۋە مۇندىن باشقا ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان ئەشيالىرىغا زاكات كەلمەيدۇ. يۇقىرىقىلار قانچىلىك قىممەت باھالىق ئەشيالار بولسۇن، ئىشلىتىۋاتقان ئىكەن ئۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ.

5- سۇئال: تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن بۇ ماللارنىڭ قىممىتىنى بېرىش كېرەكمۇ ياكى ئۆزىنىمۇ؟

جاۋاب: تىجارەت ماللىرىدىن زاكات بەرگۈچى ماللىرىنىڭ ئۆز جىنسىدىن بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ قىممىتىنى بېرىش ئىختىيارىغا ئىگىدۇر. مەسىلەن: ئۇن، ماي، گۈرۈچ، شېكەر، تۇز ۋە باشقا يېمەكلىك ماددىلىرىنى، كېيىم- كېچەك، رەخت- ماتېرىيال قاتارلىق

بۇيــۇملارنى ســاتىدىغان كــىشى پېقىرلارنىــڭ ئېھتىياجىغــا قــاراپ ئۇلارغــا بۇلارنىــڭ ھەممىــسىدىن يــاكى بەزىــسىدىن بەرســىمۇ بولىــدۇ يــاكى بۇلارنىــڭ خەلــق پۇلــدىكى قىممىتىنــى بەرســىمۇ بولىــدۇ. مــۇھىم بــولغىنى ئېھتىيــاج ئىگىلىرىنىــڭ ئېھتىياجلىرىغــا مۇناسىپ ھالدا ئۇلارغا كېرەكلىك نەرسىلەردىن بېرىشتۇر.

6- سوئال: كىچىك باللارغا زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جــاۋاب: كىچىــك بولــسۇن، چــوڭ بولــسۇن ھەر قانــداق يېتىمگە زاكــات بېــرىش جــائىز بولغانــدەك، ئاتىــسى پېقىــر بولغــان كىچىــك بــاللارغىمۇ زاكــات بېــرىش جــائىزدۇر. ئەممــا ئاتــا- ئانىسى باي بولغان كىچىك باللارغــا زاكــات بېــرىش جــائىز ئەمەســتۇر. چــۈنكى بۇنــداق بــاللار ئاتا- ئانىسىنىڭ باي بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن باي ھېسابلىنىدۇ.

7- سوئال: ئۆزى ياش، ئىشلەشكە قادىر كىشىلەرگە زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جــاۋاب: ئېھتىيــاج ئىگىلىرىــدىن ئىــشلەشكە كــۈچى بــار، ئــۆزى يــاش كىــشىلەرگە زاكــات ھــالال ئەمەســتۇر. پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام بىــر ھەدىــسىدە:» زاكــات بايلارغــا ۋە ئىــشلەشكە قــادىر كىــشىلەرگە بېرىلمەيــدۇ« دەپ كۆرســەتكەن. كــۈچى بــار ياشــلارغا زاكــات بېرىــشنىڭ مەنىــسى قىلىنىــشىدىكى ســەۋەب، كىــشىلەرنى ئىــشلىمەستىن يېتىۋېلىــشقا، ھورۇنلــۇققــا كۆنــدۈرۈپ قويماســلىق ئۈچــۈن بولــسا كېــرەك. چــۈنكى بەزى تەييارتــاپلار ئۈچــۈن ھورۇنلــۇق ھەســەلدەك تــاتلىق، ئىــشلەش بولــسا زەھەردەك ئــاچچىق تېتىيــدۇ. مۇنــداقلار يــاردەمگە ئېھتىيــاجلىق بولــسىمۇ بۇلارغــا زاكــات بېرىلمەيــدۇ. بىزنىــڭ دىنىمىــز ئىــشلەشنى ئىبــادەت قاتارىــدىن ســاناپ ئۇنىڭغــا ســاۋاپ بېرىــدىغان، ھورۇنلــۇقنى قەتئىــي ياقتۇرمايــدىغان بىــر ئىلغــار دىنىــدۇر. ئەممــا ئــۆزى يــاش ۋە كۈچىمــۇ بــار، بىــراق ئىــشلەي دىــسە ئىــش تاپالمىغــان يــاكى ئىشلىــسىمۇ تاپقــانلىرى بىــلەن ئائىلىــسىنىڭ ئېھتىيــاجلىرىنى قامــدىيالمىغان كىــشىلەرگە زاكــات بېرىــشكە بولىــدۇ. شــۇنىڭدەك، كېــسەللىك ســەۋىبى بىــلەن ئىــشلىيەلمىگەن ياشــلارغىمۇ زاكــات بېرىــشكە بولىــدۇ. چــۈنكى يــۇقىرىقىلار زاكــات ئېلىــشقا ھەقلىق بولغانلاردۇر.

8- سوئال: تۇغقانلارغا زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جــاۋاب: ئاتــا- ئانىــسىغا، بــوۋا- مومىلىرىغا، باللىرىغــا، نەۋرىلىــرىگە، چەۋرىلىــرىگە، ئەر- خوتــۇنلار بىــر- بىــرىگە زاكــات بېرىــشكە بولمايــدۇ. چــۈنكى بۇلارغــا بېــرىلگەن زاكــات مەقبــۇل بولمايــدۇ. مۇنــدىن باشــقا قېرىنداشــلىرىغا، تاغىــا ئاكــا، تاغــا ئاچىلىرىغــا ۋە باشــقا تۇغقانلىرىغــا- ئەگەر ئــۇلار پېقىــر بولــسا ــ زاكــات بېــرىش جــائىزدۇر. ئۆزىنىــڭ پېقىــر تۇغقانلىرىغــا زاكــات بېــرىش ھەم زاكــات ھەم ســىلە ــ رەھىــم ھېــسابلىنىپ ســاۋابى كــۆپ بولىــدۇ. پەيغەمــبەر

ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا:« پېقىرلارغا بېرىلگەن زاكاتتا زاكاتنىڭ ساۋابى بولىدۇ، پېقىر تۇغقانلارغا بېرىلگەن زاكاتتا ھەم زاكاتنىڭ ھەم سىلە- رەھىمنىڭ ساۋابى باردۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ( ئەھمەد، نەسائىي ۋە تىرمىزى رىۋايىتى )

9- سوئال: بىر ياكى ئىككى يىللىق زاكاتنى ئالدىن بېرىش جائىزمۇ.

جاۋاب: بىر، ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يىلنىڭ زاكىتىنى ئالدىن بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى بۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغانلىقتىن سانىلىپ ئۇنىڭ ساۋابى ئارتۇق بولىدۇ. خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا يەر تەۋرەش، سەل، قۇرغاقچىلىق ۋە باشقا پالاكەتلەر كەلگەن ۋاقىتتا مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ بىر قانچە يىللىق زاكاتلىرىنى ئالدىن بېرىشى ئەۋزەلدۇر، ئەلۋەتتە. چۈنكى زاكاتنىڭ پەرز بولىشىدىكى سەۋەبمۇ ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجاتلىرىنى راۋا قىلىشتىن ئىبارەت بولغانىكەن، مۇشۇنداق ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ھالقىلىق پەيتتە قىلىنغان ياردەمنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ.

10- سوئال: بانكىنىڭ چەكلىرى ۋە كارتىشكىلىرىگىمۇ نەق پۇلغا ئوخشاش زاكات كېلەمدۇ؟

جاۋاب: بانكىدىن نەق پۇلنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن چەكلەر ۋە كارتىشكىلارغا ئەلۋەتتە زاكات كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر. بۇلارنىڭ زاكىتىنى خەلق پۇلىدىن بېرىلىدۇ.

11- سوئال: بانكىنىڭ ئۆسۈمىنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: بانكىنىڭ ئۆسۈمى جازانىدۇر. جازانە نىجىس ۋە ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:« ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك نەرسىلەردىن قىلىنغان خەير- ئېھسانلارنىلا قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن. (بۇخارى رىۋايىتى)

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا:« سىلەر ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىڭلاردىن بەرمىگىچە ياخشىلىققا ( جەننەتكە ) ئېرىشەلمەيسىلەر» دەپ كۆرسەتكەن. جازانىدىن ئىبارەت مۇنداق ھارام مالنى ئۆزى ئىشلىتىشكە ھالال بولمىغان يەردە ئۇنى باشقىلارغا يىگۈزۈشكە بولمايدۇ، ئۇنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ - ھارام پۇل. شۇنىڭغا ئوخشاش، جازانىدىن باشقا ھارام ماللارنى زاكات ياكى سەدىقە ھېسابىدا كىشىلەرگە بېرىش ھارامدۇر، يەنى ئۇ مەقبۇل بولمايدۇ.

12- سوئال: بەزى كىشىلەر نەق پۇللىرىنى ساقلاش ئۈچۈن بانكىدا قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆسۈم كېلىدۇ، ئۆسۈمنىڭ ھاراملىقى ئېنىق. ئانداقتا

ئۇسۇمنى قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بانكىنىڭ ئۇسۇمنى قانداق قىلىش توغرىلىق 4 يول بار: بىرى، ئۆزى خەشلەش. بۇ جائىز ئەمەس، چۈنكى ئۇسۇمنى يېيىش ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئۇ ھارام بولغاندىمۇ ئەڭ نىجىس ھاراملارنىڭ بىرىدۇر. ئىككىنچىسى، بانكىدا ئۆئانە ھېسابىدا قالدۇرۇش. بۇمۇ جائىز ئەمەس. چۈنكى جازانىغا ياردەم بېرىش ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، سەدىقە ھېسابىدا پېقىرلارغا بېرىش. بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ھارام مال سەدىقىگە يارىمايدۇ ۋە قوبۇل بولمايدۇ. تۆتىنچىسى، قولىدىكى بۇ ھارام پۇلدىن قۇتۇلۇش نىيىتى بىلەن ئۇنى بىرەر پېقىرغا بەدەلسىز ھالدا بېرىۋېتىش. يۇقىرىقى 4 يولنىڭ ئاخىرقىسى بىلەن بۇ ھارامدىن قۇتۇلۇشقا بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام نەزەرىدە ھارام ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، ھارام ئەينى، يەنە بىرى، ھارام ھۆكمىيدۇر. ھارام ئەينىي- ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ھارام بولغان ھاراق، چوشقا گۆشىغا ئوخشىغان ھاراملاردۇر. ئەمما ھارام ھۆكمىي- ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇئامىلە ئېتىبارى بىلەن ھارام بولغان ئۇسۇم، ئوغۇرلانغان مالغا ئوخشىغان ھاراملاردۇر. ئۇسۇم ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ھارام بولماستىن، بەلكى مۇئامىلە يەنى جازانە قىلىش بىلەن ھارام بولغان پۇلدۇر. چۈنكى پۇل دېگەن ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا، بىر قەرغەز، قەرغەز دېگەننىڭ ھاللى ۋە ھارىمى بولمايدۇ. 10 يۈەن پۇلنى سىز ئىشلەپ تاپقان بولسىڭىز ئۇ سىز ئۈچۈن ھالال، ئەگەر بىراۋ ئۇنى سىزدىن ئوغۇرلىغان بولسا بۇ 10 يۈەن پۇل ئوغرى ئۈچۈن ھارامدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇسۇمنى بىرەر پېقىرغا بەدەلسىز بەرگەندە، ئۇ ئالغۇچىسى ئۈچۈن ھالالغا ئايلىنىدۇ. ئۇنى بەرگەن كىشىگە ساۋاپ ياكى گۇنا بولمايدۇ، پەقەت قولىدىكى ئۇسۇمدىن ئىبارەت ئۇ ھارام پۇلدىن قۇتۇلغان بولىدۇ. ھازىرقى زامان مۇجتەھىد ئالىملىرىدىن دوكتور يۇسۇف ئەل قەردلۋىي بۇ مەسىلە توغرىلىق توختىلىپ:« بانكىنىڭ ئۇسۇمنى ئۆزى ئىشلەتمەستىن، باشقا ھاجەتمەنلەردىن بىرەرسى خەجلىسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھالال بولىدۇ. چۈنكى جازانە مۇئامىلىسىنى قىلغان ئادەم ئۇ ئەمەس. قىسقىسى، ئۇسۇمدىن ئىگىسىنىڭ پايدىلىنىشى ھارام، ئەمما بەدەلسىز ھالدا باشقىسىغا بېرىۋەتسە، ئۇنى ئالغان كىشى ئۈچۈن ئۇ ھالالدۇر » دەيدۇ. (الفتاوى- پەتىۋا يۇسۇف ئەل قەرداۋىي)

13- سوئال: زاكات بېرىش شەرتىگە توشۇپ زاكات پەرز بولغاندىن كېيىن ھالاك بولغان مالنىڭ زاكىتى ساقىت بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىيفىگە كۆرە، زاكات بېرىش شەرتلىرى تولۇق بولغاندىن كېيىن ئىگىسىنىڭ قەستەنلىكىسىز ھالاك بولۇپ قولدىن چىقىپ كەتكەن مالنىڭ زاكىتى

ساقىت بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەھمەدگە كۆرە، شەرتلىرى توشۇپ پەرز بولۇپ بولغان مال قايىسى بىر سەۋەب بىلەن ھالاك بولمىسۇن، ئۇنىڭ زاكىتى ساقىت بولمايدۇ ۋە ئىگىسىنىڭ زىممىسىدا قەرز ھېسابىدا قالىدۇ. بۇ مەسىلىدە، ئىككىنچى مەزھەبنىڭ كۆرۈشىگە ئەمەل قىلىنىدۇ.

14- سوئال: زاكات ئۈچۈن ئايرىغان مال زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە بېرىشتىن بۇرۇن ھالاك بولغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بۇنداق ھالەتتە زاكات قايتا بېرىلىدۇ. چۈنكى بېرىدىغان زاكاتنى ئايرىغانلىق زاكاتنى ئادا قىلغانغا ياتمايدۇ. بەلكى ئۇنى زاكاتقا ھەقلىق بولغانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەنلا زاكات پەرزى ئادا بولىدۇ. بۇ پۈتۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ ئورتاق قارارىدۇر.

15- سوئال: ئاتا- ئانىسى باي بولسىمۇ ئۆزى مۇھتاجلىقتا قالغان كىشىگە زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاتا- ئانىسى باي بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ياكى پايدىلىنالمىغان ۋە پېقىرلىققا قالغان كىشىگە زاكات مېلىدىن بېرىش جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، ئېرى باي بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ۋە مۇھتاجلىقتا قالغان ئايال كىشىگىمۇ زاكات مېلىدىن بېرىش جائىزدۇر.

16- سوئال: بالىسى باي بولسىمۇ ئۆزى مۇھتاجلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكات بېرىش جائىزمۇ

جاۋاب: بالىسى باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن ۋە پېقىرلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكاتتىن بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى مۇنداق كىشى بالىسىنىڭ بايلىقى ئېتىبارى بىلەن باي، ئەمما ئۆزىنىڭ مۇھتاجلىقى ۋە بالىسىنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇملىقى ئېتىبارى بىلەن پېقىرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

17- سوئال: زاكات ئالغۇچى پېقىرنىڭ تەقۋا، دىيانەتلىك كىشىلەردىن بولۇشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولۇشنىڭ شەرتى، زاكات ئالغۇچىنىڭ مۇسۇلمان ۋە ئېھتىياج ئىگىسى بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما زاكات ئالغۇچىنىڭ تەقۋا ياكى پاسىق بولۇشى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ زاكات ئالغان پۇل- مالنى ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، نەشە چېكىشكە ئوخشاش ھارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقىنى ئېنىق

بىلگەن كىشىنىڭ ئۈنىڭغا زاكات بېرىشى ياخشى ئەمەستۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش مەسىيەتكە ياردەم بەرگەنلىك قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ. ئەمما ئۈنىڭغا بېرىلگەن زاكات پۇلنى هارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقىنى كۇمان بىلەن ياكى باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن بىلگەن تەقدىردىمۇ زاكاتنى ئۈنىڭغا بېرىش جائىزدۇر ۋە بۇ زاكات ئادا بولىدۇ. چۈنكى، گۇمانغا ۋە ئىشەنسىز كىشىلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا يۆلىنىپ ئىش كۆرۈش بىزنىڭ دىنىمىزدا چەكلەنگەن بىر يامان ئىشتۇر.

18- سۇئال: ئىسلامدا زاكاتتىن باشقا ياردەم ۋاستىلىرى بارمۇ؟

جاۋاب: زاكاتتىن باشقا ياردەم ۋاستىلىرى كۆپتۇر. سەدىقە، ياردەم، سىلە- رەھىم، ئېھسان ۋە باشقا ئاتالغۇلار ئاستىدا بۇيرۇلغان ياردەم ۋاستىلىرى ئۇنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلارغا زاكاتتىن ئىبارەت بولغان مەجبۇرى ياردەم ۋاستىسىنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، سەدىقە، ياردەم، ئېھسان، سىلە- رەھىم ۋە باشقىلار قاتارلىق ئىختىيارى ياردەم ۋاستىلىرىنى بۇيرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىرلىك، بىراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ئىچىدە گۈللەپ ياشنىشىنى مەقسەت قىلغان. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ياردەم قىلىشىشىنى ئىماننىڭ كېرەكلىك ماددىلىرىدىن قىلىپ بەلگىلىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:« خوشنىسىنىڭ ئاچ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تويغۇزماستىن ئۆزى توق ياتقان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس!» دەپ كۆرسەتكەن. (بۇخارى رىۋايىتى)

19- سۇئال: سىلە- رەھىم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سىلە- رەھىم- ئۇرۇق- تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش دېمەكتۇر. سىلە- رەھىم ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاستە بۇيرىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىبادەتلەردىندۇر. ئۇنى تەرك ئېتىش ئېغىر گۇنالاردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:«ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلە- رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ» دەيدۇ. ( رەئد سۈرىسى 25- ئايەت )

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:« سىلە- رەھىمنى تەرك ئەتكەن ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ » دەپ كۆرسەتكەن. ( ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى )

زاكات ۋە ھەر قانداق ياردەمنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا بېرىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر. ئۇرۇق- تۇغقانلارغا قىلىنغان ياردەمدە سەدىقە بىلەن سىلە- رەھىم ھەر ئىككىسىنىڭ ساۋابى باردۇر.

20. سوئال: زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولىشىغا يېتەرلىك شەرتلىرى تولۇقلىنىپ بولغان مالنىڭ زاكىتىنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش جائىزمۇ؟

جاۋاب: زاكاتنىڭ پەرز بولىشى ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا پۇل-مالغا ئىگە بولغانغا ھىجرىيە ھېسابىدا تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ ۋە ھامان ئۇنى ئادا قىلىش لازىم كېلىدۇ. چۈنكى، خۇددى نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن ھامان نامازنى ئادا قىلىش پەرز بولغاندەك، زاكاتنىمۇ شەرتلىرى تولۇقلىنىپ ئادا قىلىش ۋاقتى كەلگەن ھامان كېچىكتۈرمەستىن ئادا قىلىش پەرزدۇر. زاكاتنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرگەن ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. ئەقبە ئىبنى ھارىستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغانىدىم، ئۇ نامازدىن سالام بېرىپ بولۇپ ناھايىتى ئالدىرىغان ھالدا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆيىدىن چىقىپ يېنىمىزغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراپ ئۆيىگە تېز كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىۋاتقان مەسجىد ئەھلىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا”نامازدا تۇرغىنىمدا ئۆيۈمدە ئازراق خام ئالتۇننىڭ بارلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم-دە، ئۇنىڭ بىزدە تۇرۇپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقىمدىن، شۇڭا ئالدىراپ كىرىپ ئۇنى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىشنى بۇيرىدىم“ دېدى». ( بۇخارى رىۋايىتى )

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىپادىلەپ:« سېنىڭ پۇل-مېلىڭغا زاكات پەرز بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى ھامان ئادا قىلمىساڭ، ھارام ھالالنى ھالاك قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. (بۇخارى رىۋايىتى)

ھەدىستىكى«ھارام»دىن مەقسەت، ھاجەت ئىگىلىرىنىڭ ھاققى بولغان ۋە مال ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ بولالمىغان زاكات،« ھالال»دىن مەقسەت، مال ئىگىسىنىڭ زاكاتنىڭ سىرتىدىكى پۇل-مېلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە:«مالغا ئارىلاشقان زاكات ئۇمالنى ھالاك قىلماي قالمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. (بۇخارى رىۋايىتى).

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

كىتاب ئىسمى ئاپتورى

1-الهداية مرغناني

2- الإختيار لتعليل المختار ابن مودود الحنفي

3-المغني إبن قدامة

4-المفتاح شرح نور الإيضاح أبو يزيد شلبي

5-موسوعة الإقتصاد الإسلامي عبد المنعم جمال

6-الزكاة وتنمية المجتمع سيد أحمد المخزنجي

7-فريضة الزكاة في الإسلام محمد علي صابوني

8-قضايا إسلامية محمد متولي الشعراوي

9-الفتاوى محمود شلتوت

10- فتاوى معاصرة يوسف القرضاوي

11-العبادة في الإسلام يوسف القرضاوي

12-منهاج المسلم أبوبكر الجزائري

13-علوم الحديث خطابي

14- الموطأ إمام مالك

15- مشكلة الفقر يوسف القرضاوي

# روزا

## ئەهكاملىرى ۋە قائىدە- تەرتىبلىرى

**بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ**

﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِيَ أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَن كَانَ مَرِيضاً أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُواْ الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُواْ اللّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ﴾

(الآية 185من سورة البقرة)

تەرجىمىسى:﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا (يەنى ئاللاھدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈشكە) باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۆچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئوچۇق يورگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ﴾.

قۇرئان كەرىم (بەقەرە سۈرىسى 185- ئايەت).

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

جىمى ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە سالام يوللايمەن.

روزا تۇتۇش ئىبادىتى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بۇيرۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي ئىبادەتتۇر، ئەمما ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارغا پەرز بولغان رامىزان روزىسى بولسا، ئايلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك، مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە قۇرئان چۈشۈشكە باشلىغان بىر مۇبارەك ئايغا بەلگىلەنگەن كاتتا ۋە خاسىيەتلىك ئىبادەتتۇر.

رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى ۋە ھەقىقى مۆمىنلىكنىڭ نامايەندىسىدۇر.

روزا ئىنساننى پەس ھەۋەسلەردىن يۈكسەلتىپ، روھانىي خىسلەتلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى يۇقۇرى مەرتىۋىلەرگە كۆتىرىدىغان؛ ئىنسانغا چىدام ۋە سەبىرچانلىقنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان تەربىيە خارەكتىرلىك ئىبادەتتۇر.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى «روزا ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرى» ناملىق بۇ كىتاب ھەرقانداق كىشىنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشىغا ئۇڭاي ۋە چۈشىنىشلىك ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلدى. بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتا قۇرئان كەرىم ۋە سەھى ھەدىسلەرنى ئاساسىي مەنبە قىلدىم. ئىسلام دۇنياسىدىكى نوپۇزلۇق ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ پايدىلاندىم. فىقھى مەسىلىلەردە ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبىنى ئاساس قىلدىم. كىتابنىڭ ئىخچام ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بەردىم.

جانــابى ئــاللاھتىن بــۇ ئــاددى ئەســەرنىڭ مۇســۇلمانلارغا پايــدىلىق بولۇشــىنى ۋە بــۇ ئىشىمىنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇپ قوبۇل قىلىنىشىنى تىلەيمەن.

1999- 10- 11- كۈنى

مۇھەممەد يۈسۈپ

# بەرەنچی بۆڵوم:رامزان روزەسی

## رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلەتلىرى

1. رامىزان ئېيى قۇرئان كەرىم نازىل بولغان ئايدۇر

رامىزان ئېيى بارلىق ئايلارنىڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ شەرەپلىكىدۇر، چۈنكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ھىدايەتنىڭ بىردىن بىر مەشئىلى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشقا (يەنى چۈشۈشكە) باشلىنىشى رامىزان ئېيىدا ئەمەلگە ئاشقان. ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولغانلىقى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە بېغىشلانغان ئەڭ بۈيۈك نېمەتنىڭ تاماملانغانلىقى ئىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ رامىزان ئېيىدا قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان كەرىم ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر﴾(بەقەرە سۈرىسى 185- ئايەت).

رامىزان ئېيى ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەن ئالاھىدە بىر ئاي بولغاچقا ئۇنىڭ باشقا ئايلاردىن شەرەپلىك، بەرىكەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولۇشى تەبىئىيدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە « بەندىلەر ئەگەر رامىزان ئېيىدىكى ياخشىلىقلارنى بىلسە ئىدى، مېنىڭ ئۈممىتىم يىلنىڭ ھەممە ئېيىنىڭ رامىزان بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولاتتى» دىگەن(تەبەرانى رىۋايىتى).

2 - رامىزان ئېيى قەدىر كېچىسى بىلەن شەرەپلەنگەن ئايدۇر

مىڭ ئايدىن خەيرلىك بولغان قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزان ئېيىغا بەلگىلەنگەنلىكى بۇ ئاينىڭ شەرەپ ئۈستىگە شەرەپ قازانغان ئەڭ قەدىرلىك ئاي بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ﴿ قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر﴾(قەدىر سۈرىسى 3- ئايەت).

3 - رامىزان ئېيى مۇكاپات ئېيىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«ئىنسان ئوغلىنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈن بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى مېنىڭ ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەملا بېرىمەن» (بۇخارى

رىۋايىتى). بۇ ھەدىستىكى: « ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى مېنىڭ ئۈچۈن » دېگەن ئىبارە ئاللاھ تائالانىڭ روزىغا ھاجىتى بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە روزىنىڭ قەدىر- قىممىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى (يەنى روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىنى) پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. ئەمما روزىدىن باشقا ئىبادەتلەرنى باشقىلارمۇ كۆرىدۇ، شۇڭا بەزى كىشىلەر بۇ ئىبادەتلەرنى رىيا(باشقىلارغا كۆرسىتىش) ئۈچۈنمۇ قىلىدۇ. لېكىن روزىدا رىيا يوقتۇر. شۇڭلاشقا روزا ئاللاھ تائالا ئۈچۈندۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان:«روزا تۇتقان كىشى يېمىكىنى،ئىچمىكىنى ۋە جىنسىي ھەۋىسىنى مېنىڭ ئۈچۈن (يەنى مېنىڭ رازىلىقىمغا ئېرىشىش ئۈچۈن) تەرك ئېتىدۇ، شۇڭا روزا تۇتقاننىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش ماڭا خاستۇر، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىمەن»(بۇخارى رىۋايىتى).

4 - رامىزان ئېيى مەغپىرەت ئېيىدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى رامىزان روزىسىنى چىن ئىمانى بىلەن، ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتۈش مەقسىتىدە تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى). بۇ ھەدىستىكى: « ئىمانى بىلەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ روزا تۇتقان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان ئەجىر ۋە ساۋابلار ھەققىدە قىلغان ۋەدىسىگە چىن ئىشەنگەن ھالدا روزا تۇتسا دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:« بەش ۋاخ ناماز، جۈمەدىن جۈمەگىچە، رامىزاندىن رامىزانغىچە بولغان ۋاقىتلار گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدىغان ۋاقىتلاردۇر، ئەگەر چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىلسا» (مۇسلىم رىۋايىتى).

چوڭ گۇناھلار- ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا- ئانىنى قاخشىتىش، يالغانغا گۇۋاھلىق بېرىش، زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش ۋە باشقىلاردۇر. بۇ ھەدىستىن شۇ مەنا چىقىدۇكى، بەش ۋاخ نامازنى ۋە جۈمە نامازلىرىنى ۋاقتىدا، دۇرۇس ئادا قىلىدىغان،رامىزان روزىسىنى تۇتىدىغان كىشى ئەگەر چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانسا ئۇنىڭ كىچىك گۇناھلىرى يۇقۇرىدىكى ئىبادەتلەرنىڭ يۈزىسىدىن كەچۈرۈم قىلىنىپ تۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەكىتلىمەكتە: ﴿ ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل جەننەتكە كىرگۈزىمىز﴾(نىسا سۈرىسى 31- ئايەت).

5 ـ رامىزان ئېيى بەرىكەت ئېيىدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«بەرىكەتلىك رامىزان ئېيى سىلەرگە يېتىپ كەلدى، بۇ ئايدا ئاللاھ تائالا سىلەرنى رەھمەت ۋە مەغپىرەت بىلەن قارشى ئالىدۇ، خاتالىقلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ، بۇ ئايدا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللەرگە بەس-بەستە ئالدىرىشىڭلارغا نەزەر سالىدۇ، پەرىشتىلەر سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ، بۇ ئايدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئاملىرىغا ئېرىشىشكە ئالدىراڭلار! ھەقىقىي بەختسىز ئاللاھ تائالانىڭ بۇئايدىكى رەھمەتلىرىدىن مەھرۇم قالغان كىشىدۇر»(ئەھمەد رىۋايىتى).

ھەقىقەتەن رامىزان ئېيى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنىۋى مول ھوسۇل ئېيىدۇر. تېنى ساق تۇرۇپ رامىزان روزىسىنى تۇتماي بۇ مۇبارەك ئاينىڭ بەرىكەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغان، نەتىجىدە گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنمىغان ئادەمدىنمۇ بەختسىز ئادەم بولامدۇ؟!

مەلۇمكى رامىزان ئېيى رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئېيىدۇر. ئىنسان مۇشۇ ئاينى غەنىمەت بىلىپ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق گۇناھلاردىن پاكلانمىسا، باشقا قايسى ئايدا بۇئايدىكىچىلىك ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە گۇناھلىرىنى يۇيالايدۇ؟!

6 ـ رامىزان ئېيى نىجاتلىق ئېيىدۇر

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئاللاھ تائالا يولىدا بىر كۈن روزا تۇتىدىكەن، ئاللاھ تائالا بۇ كۈننىڭ يۈزىسىدىن ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن يەتمىش يىللىق مۇساپىگە يىراقلاشتۇرىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى). ئەرەب تىلىدا «يەتمىش» ۋە «يەتتە» سانلىرى كۆپلۈك ۋە كامالەتنى ئىپادىلەيدۇ. خۇددى ئۇيغۇرتىلىدىكى توققۇز ۋە توقسان سانلىرى « توققۇزى تەل بولدى» ۋە « توقسىنى تولدى» دېگەن ئىبارىلەردىكىدەك كامالەتنى ۋە كۆپلۈكنى ئىپادىلىگەنىدەك، بۇ ھەدىستىكى «يەتمىش» كۆپلىكنى ۋە مەڭگۈلۈكنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، ئاللاھ تائالا يولىدا بىر كۈن روزا تۇتقان كىشى دوزاختىن مەڭگۈ يىراق قىلىنىدۇ دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەكىتلىمەكتە: ﴿بىز تەرەپتىن بېرىلگەن بەخت ـ سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ﴾ (ئەنبىيا سۈرىسى 101 ـ ئايەت).

7 ـ رامىزان ئېيى شەيتانلار باغلىنىدىغان ئايدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « رامىزان ئېيى كىرىشى بىلەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى). بۇ ھەدىستىكى «شەيتانلار باغلىنىدۇ» دېگەن ئىبارە رامىزان ئېيىنىڭ شاراپىتى بىلەن شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش كۈچى ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭمۇ بۇئايدا شەيتانى ھەۋەسلەرگە ئالدانمايدىغان تەقۋالىقتا ھەم چىن ئىرادىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

8 ـ رامىزان ئېيى جەننەتنى قازىنىش ئېيىدۇر

سەھل ئىبنى سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتتە رەييان (ئۇسسۇزلۇق ھېس قىلىنمايدىغان) ئىسىملىك بىر ئىشىك بار بولۇپ، روزا تۇتقۇچىلار قىيامەت كۈنى بۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ، ئۇلاردىن باشقىلار بۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيدۇ. قىيامەت كۈنىدە: روزا تۇتقانلار قېنى؟ دېيىلىدۇ ۋە روزا تۇتقۇچىلار تۇپلىشىپ بۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار بۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيدۇ. ئۇلار كىرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشىك يېپىلىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى).

مانا بۇ، بۇدۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ روزا تۇتقان كىشىلەرگە ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان كاتتا ئىنئاملارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى ئۇلار بۇدۇنيادا روزا تۇتۇش جەريانىدا ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق دەردى چەككەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئالاھىدە پەرقلىق مۇكاپاتلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

9 ـ رامىزان ئېيى دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئايدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئۈچ خىل كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى، ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى»(ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

10 ـ رامىزان ئېيىدا قىلىنغان ئۆمرە ھەجگە تەڭدۇر

رامىزان ئېيىنىڭ شاراپىتى ۋە ئۇلۇغلىقىدىن بۇئايدا ئادا قىلىنغان ئۆمرە خۇددى ھەج پەرزىنى ئادا قىلغانغا ئوخشاش ساۋابلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:« رامىزان ئېيىدا ئادا قىلىنغان ئۆمرە (ساۋاب جەھەتتە) ھەج قىلغانغا ئوخشاشتۇر »(بۇخارى رىۋايىتى).

## رامىزان روزىسىنىڭ ھۆكمى

رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش ھەرقانداق مۇسۇلمان، بالىغ (يەنى 14 ياشتىن ئاشقان)، ئاقىل (يەنى ئەقلى ھوشى جايىدا بولغان) كىشىگە پەرز ئېيىندۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ سۆزىدۇر:﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾ (بەقەرە سۈرىسى 183-ئايەت).

## روزىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ بۇيرۇلغان رامىزان روزىسى ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بەش چوڭ ئاساسنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: « ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان:

1 - ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، گۇۋاھلىق بېرىش،

2 - ناماز ئوقۇش.

3 - زاكاتنى ئاداقىلىش.

4 - رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.

5 - قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللانى ھەج قىلىش»(بۇخارى رىۋايىتى).

ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى ئىنسانلارغا ئۆگىنىلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلۈك بولۇشىنى تەلەب قىلغان. ئەگەر ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ناماز، زىكىر ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇشتىنلا ئىبارەت بولغان بولسا ئىدى، بۇ خىل ئىبادەتلەردىن كىشىلەر مالاللىق ۋە زېرىكىش ھېس قىلىش ئېھتىمال ئىدى، شۇڭا ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەر تۆۋەندىكىدەك تۈرلەنگەن:

1 ـ جىسمانىي ئىبادەت.

2 ـ ئىقتىسادىي ئىبادەت.

3 ـ جىسمانىي ھەم ئىقتىسادىي ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىبادەت.

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ناماز جىسمانىي ئىبادەتتۇر يەنى قىيام، رۇكۇ، سەجدە قاتارلىق پائالىيەتلەردە بەدەننىڭ ھەركەتلىرى ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇش، دۇرۇد- دۇئالارنى ئوقۇشتا تىلنىڭ ھەرىكى بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر، شۇنىڭدەك روزىمۇ جىسمانىي ئىبادەتتۇر يەنى بەدەننىڭ يېمەك- ئىچمەككە ۋە جىنسىي ھەۋەسكە بولغان ئېھتىياجلىرىنى ۋاقىتلىق مەنئى قىلىش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر.

2 ـ زاكات ئىقتىسادىي ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئىبادەت بەدەن بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىقتىساد بىلەن(يەنى ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان زاكاتنى ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن مال- مۈلۈكتىن مەلۇم مىقتارنى كەمبەغەللەرگە ئايرىپ بېرىش ئارقىلىق) ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر.

3 ــ ھەج بولسا جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي ھەر ئىككىسىنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئىبادەت بولۇپ، ھەج قىلغۇچى كىشى ھەجنىڭ تاۋاپ، سەئى، ئەراپاتتا تۇرۇش، شەيتانغا تاش ئېتىش ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنى بەدىنى بىلەن ئادا قىلىدۇ، بۇلار جىسمانىي ئىبادەتلەردۇر. ئۇ، ھەرەمگە بېرىش، قۇربانلىق قىلىش ۋە باشقا خىراجەتلەر ئۈچۈن پۇل- مال سەرپ قىلىدۇ، مانا بۇلار ئىقتىسادىي ئىبادەتلەردۇر. شۇڭا ھەجنى ھەم جىسمانىي ھەم ئىقتىسادىي ئىبادەت دەيمىز.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلۈك بولغانلىقى بەدەن ۋە روھنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇشتا ئالاھىدە پايدىلىقتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان كىشى ھەرتۈرلۈك ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا پىكرىي، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە ئىلگىرلەش ۋە پائالىيەتچانلىق ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئاللاھ تائالاغا گاھ ناماز بىلەن، گاھ تىلاۋەت بىلەن، گاھ روزا تۇتۇش بىلەن، گاھ ھەج قىلىش ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا سەپەر قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. ئىبادەتلەرنىڭ بۇنداق تۈرلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئىبادەتلەرگە بولغان ئىشتىياقلىرىنى ئاشۇرىدۇ. خۇددى ھەرخىل مېۋىلەر بىلەن تولغان باغقا كىرگەن كىشى ئۇنىڭدا ھەرتۈرلۈك مېۋىلەردىن ئىستېمال قىلىشتىن ھوزۇرلىنىپ، ھېچقانداق زېرىكىش ھېس قىلمىغاندەك، ھەرخىل ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىمۇ بۇ ئىبادەتلەردىن زېرىكىش ياكى مالاللىق

ھېس قىلمايدۇ، بەلكى ھەمىشە ھوزۇر، ھالاۋەت ھېس قىلىپ تۇرىدۇ.

## روزىنىڭ پايدىلىرى

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر ھېچقانداق دۇنياۋى مەنپەئەت ۋە پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ دىنىمىزدىكى ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ ئاخىرەتلىك ۋە بۇدۇنيالىق پايدىلىرى باردۇر. مەسىلەن: ناماز پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىسى جەننەتنى قازىنىشتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ﴿ نامازلىرىنى (ۋاقتىدا، تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلىدىغان مۆمىنلەر (جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر، ئۇلار (يوقۇرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ﴾(مۇئمىنۇن سۈرىسى 9ـ 10ـ 11ـ ئايەتلەر).

نامازنىڭ بۇدۇنيالىق پايدىلىرى بولسا، ئۇنىڭ كىشىنى يامان ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىشى ۋە گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴾ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴿(ئەنكەبۇت سۈرىسى 45ـ ئايەت). روزىنىڭمۇ خۇددى نامازغا ئوخشاش ئاخىرەتلىك ۋە بۇدۇنيالىق پايدىلىرى باردۇر.

## روزىنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى

روزىنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر:

1 ـ ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن روزا تۇتقان كىشى ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئالاھىدە قىممەتلىك بولغان مەخسۇس مۇكاپاتىغا لايىق بولىدۇ. بۇھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « ئادەم بالىسىنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ ھەممىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا 10دىن 700 ھەسسىگىچىلىك ساۋاب بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا دېدىكى: روزا تۇتقان كىشىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش ماڭا خاستۇر، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆزۈم بېرىمەن، چۈنكى روزا تۇتقان كىشى مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ۋە ھەۋىسىنى تەرك قىلىدۇ، روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن ئىككى چوڭ خوشاللىق باردۇر: ئۇنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئىپتار قىلغان ۋاقتىدىكى خوشاللىقى، يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولغان چېغىدىكى خوشاللىقىدۇر». (مۇسلىم رىۋايىتى).

2 ـ روزا تۇتقان كىشىنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان روزىسىنى چىن ئىمانى بىلەن ساۋابىنى كۆزلەپ تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ». (بۇخارى مۇسلىم رىۋايىتى).

3 ـ روزا تۇتقان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا نەجدىلىك بىرئادەم كەلدى، ئۇ يىراقتىن بىرنەرسە دەۋاتاتتى، لېكىن بىز ئۇنىڭ نېمە دەۋاتانلىقىنى چۈشىنەلمىدۇق، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسلام ھەققىدە سورىۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ،- بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ـ دېدى، بۇ ئادەم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن- ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە قىلىشىم كېرەك؟- دەپ سورىۋىدى،- باشقا يوق، پەقەت ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن نەپلى نامازلارنى ئوقۇساڭ بولىدۇ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ كېرەك.- دەپ جاۋاب بەردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. بۇئادەم يەنە ، باشقا نېمە قىلىشىم كېرەك؟-دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام- باشقا يوق، پەقەت نەپلى روزىلارنى تۇتساڭ بولىدۇ،- دەپ جاۋاب بەردى ۋە زاكاتنىڭ پەرزىنى چۈشەندۈردى. بۇئادەم يەنە- باشقا نېمە قىلىشىم كېرەك؟- دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ،- باشقا يوق، پەقەت ئىختىيارى ھالدا سەدىقە بەرسەڭ بولىدۇ ،- دەپ جاۋاب بەردى.بۇ ئادەم قايتىپ كېتىۋېتىپ،- ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇلارنى كام- زىيادە قىلماي ئورۇنلايمەن!- دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا- بۇ ئادەم ئەگەر سۆزىدە راستچىل بولغان بولسا، جەننەتكە لايىق بولدى- دېدى» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

4 ـ ئىنسان روزىنىڭ سايىسىدا پەرىشتىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ. چۈنكى ئىنسان بىز سىرتتىن كۆرىۋاتقاندەك، پەقەتلا يەپ- ئىچىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان جانلىق ھەيكەل ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ئىنسان قىلغان نەرسە ئۇنىڭدىكى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان روھانىي جەۋھەردۇر. ئىنسان بۇنىڭ بىلەن تەپەككۇر قىلىدۇ، ھەقىقەتلەرنى بىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېس قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن لەززەتلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساندىكى مۇشۇ قىممەتلىك روھانىي جەۋھەرنىڭ يۈزىسىدىن پۈتۈن پەرىشتىلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان. ئىنسان شۇنداق ئۇلۇغ يارىتىلغان بىر مەۋجۇداتكى، ئۇنىڭ روھى ئاللاھ تائالادىن، بەدىنى تۇپراقتىندۇر. ئىنسان ھەمىشە ئۇنى ئۇلۇغلىققا كۆتىرىدىغان روھى بىلەن، ئۇنى رەزىللىكلەرگە چۈشۈرىدىغان نەپسىي ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار بىلەنلا ياشايدۇ. ئەگەر

ئۇ، روھىنى نەپسى ھەۋەسكە بويسۇندۇرۇپ، نەپسنى روھىغا ھاكىم قىلىۋالسا، ئۇ، ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغاندەك، ئەگەر ئۇ، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ، نەپسنى روھىنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇندۇرسا، ئۇ، پەرىشتىلەرگە ئوخشاش مەرتىۋىگە يېتىدۇ، بەلكى گاھىدا پەرىشتىلەردىنمۇ ئۈلۈغ بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھايۋانلارغا ئەقىل ۋە روھ ئاتا قىلماستىن، پەقەت نەپسى ھەۋەسنىلا ئاتا قىلغان ۋە پەرىشتىلەرگە نەپسى ھەۋەس بەرمەستىن، پەقەت ئەقىل بىلەن روھنىلا ئاتا قىلغان بولسا، ئىنسانغا ھەم روھ بىلەن ئەقىل ھەم نەپسى ھەۋەس ئاتا قىلغان. شۇڭا نەپسىگىلا بېرىلىپ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان ئىنسان ھايۋانغا ئوخشاش ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندەك، ئەقىل ۋە روھىنى ئىشقا سېلىپ، نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى ئەقىل ۋە شەرىئەت بىلەن مۇھاكىمە قىلغان كىشىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە پەرىشتىلەردىن ئۈلۈغ سانىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار ھەقىقەتەن ئۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر﴾[1]، دەيدۇ. پەرىشتىلەرمۇ مەخلۇقاتنىڭ قاتارىدىن بولغاچقا، بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان سۈپەتتىكى ئىنسانلار پەرىشتىلەردىن ياخشى ۋە ئۇلۇغدۇر. نەپسى ھەۋەسى ئۇچۇنلا ياشاپ ئاللاھ تائالانى تونۇمىغان ئىنسانلار توغرىلىق ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە، نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاشقا ھامىي بولالامسەن؟ ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾ (فۇرقان سۈرىسى 43 ـ 44 ـ ئايەتلەر).

نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا ھۆكۈم قىلىشنى ئۆگىنىپ، لەززەتلەرنى ۋاقىتلىق تەرك ئېتىش ۋە يېرىكچىلىكلەرگە ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ، ئۆزىنى ئىنسانلىققا ـ مۇھىم بولغىنى مۇسۇلمانلىققا ـ لايىق كەلمەيدىغان تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماستىن، بەلكى ئىنسانلىق ھۆرمىتىگە لايىق ھالدا پەرىشتە مەقامىغا يېتىش، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە ۋە ئالىي مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. چۈنكى روزا ئىنساننىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى يېڭىپ، روھىي مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىبادەتتۇر.

## روزىنىڭ بۇدۇنيالىق پايدىلىرى

روزىنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى ناھايىتى كۆپتۇر، ئۇلاردىن:

---

(1) بەييىنە سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

1- روزا ئىنسانىنى دۇنيادا ئۆزىگە ئىشىنىپ، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن ساقلىغاندەك، ئۇنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلايدۇ.

2- روزا ئىنسانىنى ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىن تەربىيەلەيدۇ.

3- روزا ئىنسانىنى گۇناھ، ئەيشى- ئىشرەت قىلىرىدىن ساقلايدۇ.

4- روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ ھىدى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپار، ئەنبەردىنمۇ خۇشپۇراق پۇرايدۇ.

5- روزا ئىنسانىنى كېسەللىكلەردىن ساقلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

6- روزا تۇتقان ئادەم ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ.

7- پەرىشتىلەر روزا تۇتقان كىشىنىڭ گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەيدۇ.

8- روزا سايىسىدا ئىنسان پەرىشتىلەر ھاسىل قىلالمىغان پەزىلەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

9- روزا ئىنسانغا سەۋىر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ ۋە يېرىكچىلىكلەرگە چىنىقتۇرىدۇ.

10- روزا ئىنسانغا نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىگە ھاكىم بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

11- روزا ئىنسانغا ئىقتىساد قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى روزا تۇتقان كىشى كۈندۈزدە خالىغىنىنى يېيىشتىن، ئىچىشتىن توسىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادنى ئۆگىنىدۇ.

12- روزا ئىنسان تۇغۇلىشىدىن ئۆلگىچە تۇرمايدىغان ئىشلەپ تۇرغان ئاشقازاننى ئارام ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

13- روزا ئىنسانىنى ئارتۇقچە سەمرىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. چۈنكى ئارتۇق سېمىزلىك كېسەللىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

14- روزا ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي ئەمەلدۇر. چۈنكى كىمنىڭ روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

15- روزا ئىنسانىنى ھارام ئىشلاردىن ساقلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلىنىشكە قۇدرىتى يەتمىگەن ياشلارغا روزا تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن:« ئەي ياشلار جامائەسى! تويى قىلىشقا قادىر بولالىغىنىڭلار ئۆيلىنىڭلار، چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى ۋە ئەزالارنى ھارامدىن ساقلايدۇ. تويى قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا ئۇنى ھارام ئىشلاردىن ساقلايدۇ»(بۇخارى رىۋايىتى)

16- روزا ئىنساننىڭ ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، مېھرى- شەپقەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك

بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا يېتەكچى بولىدۇ.

## روزا تۇتۇشنىڭ تىببىي جەھەتتىكى پايدىلىرى

روزا تۇتۇشــنىڭ تىببىــي جەھەتتىكــى پايــدىلىرى ناھــايىتى كۆپتــۇر. كــۈنىمىزدىكى زامانىۋىلاشــقان مېدىتســىنا روزا تۇتۇشــنى بەزى كېســەللىكلەر ئۈچــۈن داۋا ئورنىــدا قوللانماقتــا. روزا تۇتــۇش، بەزى يېمەكلىكلەرنــى يېيىشــتىن پەرھــىز(رېــژىم) قىلىــش دوختۇرلارنىــڭ نەقەدەر مــۇھىم تەۋسىيەســىگە ئايلانغانلىقى ھەممىــگە مەلــۇم. پۈتــۈن دۇنيــا دوختــۇرلىرى كېســەل كىشــىلەرنىڭ نېمىلەرنــى يەپ، نېمىلەرنــى يېمەســلىكىنى ۋە قانــداق ۋاقىتتــا يەپ، قانــداق ۋاقىتتــا يېمەســلىكىنى كۆرســىتىپ بەرمەكــتە. روزا تۇتــۇش ئومــۇمەن ئىنســاندىكى ھەزىم قىلىــش سىيستېمىلىرىنى راھەتلەنــدۈرۈش ئــارقىلىق ئۇلارنىــڭ داۋاملىــق نورمال ئىشلەپ تۇرۇشىنى ساقلاپ قېلىشىغا ئالاھىدە ياردەمچى بولىدۇ.

روزا تۇتــۇش يەنە جىگەرنىــڭ ساقلىقىنى ســاقلايدۇ، چــۈنكى روزا تۇتقــان يــاكى پەرھــىز قىلىــپ بىرنەرســە يــېمىگەن كىشىنىڭ جىگىــرى ئــارام ئالىــدۇ. جىــگەر راھەتلەنگەنلىكــى ئۈچــۈن كــۆپلىگەن زەھەرلىــك مــاددىلارنى ئۇچــايىچە بــۇزۇپ تاشــلاپ، باشــقا ئەزالارنىــڭ زەھەرلىنىــشىنىڭ ۋە چارچىــشىنىڭ ئالــدىنى ئالىــدۇ. يەنە كــۆپلىگەن دوختــۇرلار بەزى كېسەللىكلەرگە روزا تۇتــۇش ئــارقىلىق رېــژىم قىلىــشىنى تەۋســيە قىلماقتــا. خۇسۇســەن قەنــت كېســىلىگە گىرىپتــار بولغــان كىشــىلەر ئۈچــۈن روزا تۇتۇشــنىڭ نەقەدەر پايــدىلىق ئىكەنلىكىنــى دوختــۇرلار تەۋســىيە قىلماقتــا. ئــارتۇقچە ســەمرىپ كەتــكەن كىشــىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاشلىرى ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپتۇر.

مۇســۇلمانلار«ئاشــقازان كېسەللىكلەرنىڭ ئــۆيى، داۋالىنىــشنىڭ بېشى پەرھــىز (يەنــى يــېمەك- ئىچمەكلەرنــى ســالامەتلىككە ئۇيغــۇن دەرىجىــدە ئىــستېمال قىلىــش)دۇر» دېــگەن تەۋسىيەلەرنى ياخشى بىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىــز مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالامنىڭ«روزا تۇتــۇڭلار ســاغلام بولــۇڭلار» دېــگەن نەســىھىتىگە ئۇيغــۇن ھالــدا زامانىۋىلاشــقان مېدىتســىنا «روزا تۇتــۇڭ كــسەلدىن ئامــان بولۇڭ» دەپ تەۋسىيە قىلماقتا.

## روزا تۇتۇشنىڭ ئىجتىمائىي پايدىلىرى

روزا تۇتقــان كــشى يەيــدىغان، ئىچىــدىغان نەرســىلىرى يــوق، ھــالى ئېغىــر، يېــتىم- يېسىر يوقــسۇللارنىڭ مــۇڭ - زارىنــى روزا تۇتــۇش جەريانــدا ياخــشىراق چۈشــىنىۋېلىش

ئىمكــانىيىتىگە ئــېگە بولــدۇ. جــۈنكى ئاچلىقنىــڭ دەردىنــى چەكمــگەن كــشى ئــاچ قالغانلارنىــڭ هــالىنى چۈشــەنمەيدۇ. ئــۇ، ئــۆزى تــوق يــۈرگەنلىكتىن ھەمــمە كــشىنى ئــۆزىگە ئوخشاش تــوق هــېس قىلىــدۇ. ئەگەر ئــۇ، روزا تۇتــۇپ ئاچلىقنىــڭ دەردىنــى تېتىــپ كۆرســە ، شــۈچاغدىلا كۆڭلــۈك ئــوزۇقنى تاپالمايــدىغان كەمــبەغەل بىچارىلەرنىــڭ هــالىنى چۈشــىنىدۇ ـ دە، ئۇلارنىــڭ هاللىرىــدىن خەۋەر ئېلىــپ، يــاردەم قىلىــشنى ئــۆزى ئۈچــۈن ئىنــسانىي بــورچ دەپ بىلىــدۇ. مۇســۇلمانلىقنىڭ كامــالىتى ئۇنىــڭ قەلبىنىــڭ يۇمــشاق بولۇشــى، ئــۆزىنىلا ئويلىماســتىن باشــقىلارنىڭ غېمىنــى يېيىــشى، خەيــر ـ ســاخاۋەتلىك بولۇشــى ۋە هەركىمــگە مېهــرى ـ شــەپقەتلىك بولۇشــنى تەقەززا قىلىــدۇ. ئــاللاھ تائــالا ناهــايىتى شــەپقەتلىك بولــۇپ، ئــۇ پەقەت شــەپقەتلىك كــشىلەرگىلا رەهــم شــەپقەت قىلىــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام مۇنــداق دېــگەن:« شــەپقەتلىك كــشىلەرگە ئــاللاھ تائــالا رەهــم قىلىــدۇ، يەر يۈزىــدىكىلەرگە رەهــم قىلىڭلار! سىلەرگە ئاسماندىكى زات (ئاللاھ تائالا ) رەهــم قىلىدۇ ».

يۇســۇف ئەلەيهىســسالام مىــسىرنىڭ خەزىنىــسىگە مەســئۇل بولغــان ۋاقىتلىرىــدا روزىنــى كــۆپ تۇتىــدىكەن. ئــۇ، بۇنىــڭ ســەۋەبى هەققىــدە ســورالغىنىدا:« مەن تــوق يۈرســەم ، پېقىرلارنىڭ ئاچلىقنى ئۇنتۇپ قېلىشىمدىن قورقىمەن» دېگەن ئىكەن.

## روزا ئىنساننى گۇناھلاردىن ساقلايدىغان قالقاندۇر

ئىنــساندىكى جىنــسىي ھەۋەســلەرنىڭ قوزغىلىشــى قانــدىكى هورمۇناتلارنىــڭ كــۈچى ۋە شــىددىتىگە بــاغلىقتۇر. هورمۇناتلارنىــڭ كۈچىيىــشى بولــسا، كــۆپ يېيىــشتىن مەيــدانغا كېلىــدۇ. روزا تۇتــۇش بۇخىــل هورمۇناتلارنىــڭ قانــدىكى سەۋىيەســىنى ۋە كــۈچىنى ئازالتىــدۇ. روزا تۇتقــان كــۆڭلەردىكى ھەۋەســىزلىك قانــدىكى هورمۇناتلارنىــڭ ئازالغىنىدىنــدۇر. روزا تۇتقــان كــشىنىڭ مەنىــۋى قۇۋۋىتىنىــڭ ۋە شەخــسىيىتىنىڭ يۈكسىلىــشى ئۇنىڭــدىكى هــايۋانىي هەۋەســلەر ئازالغــان ۋە ئاجىزلىغــان ۋاقىتتــا ئوتتۇرىغــا چىقىــدۇ. روزا تۇتۇشــنىڭ جىنــسىي هەۋەســلەرنى كــونترول قىلىــشتا كۆرســىتىدىغان ئــەجابى تەســىرىنى پەيغەمــبەر ئەلەيهىسسالام مۇنــۇ هەدىــسىدە ئېپــادىلىگەن:«ئەي ياشــلار جامائەســى! تــوي قىلىــشقا قــادىر بــولالىغىنىڭلار ئــۆيلىنىڭلار، چــۈنكى ئــۆيلىنىش كــۆزنى ۋە ئەزالارنــى هارامــدىن ســاقلايدۇ. تــــوي قىلىــشقا قــادىر بولالمىغــانلار روزا تۇتــسۇن، چــۈنكى روزا ئــۇنى هارامــدىن ساقلايدۇ»(بۇخارى رىۋايىتى).

جىنــسىي ھەۋەســنىڭ ئەڭ كۈچلــۈك ۋە خەتەرلىــك بولىــدىغان بىــر باسقۇچىدا ياشــاۋاتقان ياشـــلارغا ئۇلارنىـــڭ جىنـــسىي كــۈچلىرىنى تىزگىنلىــشى ئـــارقىلىق قاراملىقنىـــڭ ھالاكەتلىرىــدىن ساقلىنىــشى ۋە ئىپــپەت نومۇســلىرىنى قوغدىــشى ئۈچــۈن پەيغەمــبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا بۇ تەۋسىيەنى قىلغانلىقىنىڭ نەقەدەر ھەق ۋە توغرا بولغانلىقى بۈگۈنكى ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

## روزا گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرىدۇ

ئىنسان نەپسى كۆپىنچە ھاللاردا غەپلەتلەر بىلەن ئۆزىنى تېز ئۇنتۇيدۇ. ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، پېقىرلىقىنى ۋە خاتالىقلىرىنى كۆرمەيدۇ، كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. خۇددى ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك ھېرىس بىلەن دۇنيا ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. لەززەتلىك ۋە مەنپەئەتلىك بولغان ھەممە نەرسىگە باغلىنىدۇ. ئۆزىنى ياراتقانىنى ئۇنتۇيدۇ، ئاخىرەت ھەققىدە ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. روزا بولسا، ھەرقانداق غاپىل، ھاكاۋۇر ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، پېقىرلىقىنى ۋە بىچارە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ، روزا تۇتۇش جەريانىدىكى ئاچلىق ۋاستىسى بىلەن ئاۋۋال ئاشقازىنىنى ئويلايدۇ ۋە ئاشقازانىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى چۈشىنىدۇ، ئاجىز بەدىنىنىڭ نەقەدەر كىچىك ۋە چىدامسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۆزىنىڭ شەپقەتكە قانچىلىك مۇھتاج بولىدىغان ئاجىز بىر مەۋجۇدات ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. مانا بۇۋاقىتتا، ئەقىللىق ئىنسان ئۆز نەپسىنىڭ پىرئەۋنلىقىنى تاشلاپ، ئاجىزلىقىنى ۋە مۇھتاجلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلىش يولىغا كىرىدۇ.

## روزا تۇتۇش ئىرادىنى تاۋلايدۇ

ھاياتلىق ئاللاھ تائالانى تونۇش يولىدىكى بىر سەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ كامالىتى ۋە غايىسى ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا شۈكۈر ئەيلەپ، بەندىچىلىكنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى رازى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. روزا تۇتۇش بولسا، بوسەپەردىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق مەشىقتۇر. ئىنسان بۇمەشىق ئارقىلىق بەدەن ۋە نەپسىي ھەۋەسلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇپ باشقۇرۇش بىلەن ئۆزىنىڭ خوجايىنلىقىنى يۈرگۈزىدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ. نەپسىي- ھەۋەسلەرنىڭ ۋە كۆڭۈلنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ باشقۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىرادە كېرەك. ئىرادە ئەقىل بىلەن ۋىجداننىڭ تەلەبلىرىگە ماسلىشىشقا ئۆزىنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق كۈچىيىدۇ ۋە پىشىپ يېتىلىدۇ. روزا تۇتۇش ئىرادىنى كۈچەيتىش ۋە سەۋىرچانلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. روزا تۇتقان كىشى ئالدىدا يېمەك- ئىچمەكلەر تەييار تۇرسىمۇ، يېمەي- ئىچمەي ئاچلىققا ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىدۇ. ئۇنى يېيىش- ئىچىشتىن ۋە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن پەقەت ئۇنىڭ ۋىجدانى توساپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنى نازارەت قىلىدىغان ئاللاھ تائالا بىلەن ۋىجدانىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوقتۇر. بۇخىل چېنىقىش

ھەركۈنى 15 سائەت ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ياكى ئازراق ۋاقىت داۋام قىلىدۇ. دۇنيادا قانداق مەكتەپ ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى ۋە سەۋرچانلىقنى يېتىشتۈرۈشتە ئىسلامىي روزىغا يېتەلىسۇن؟!

گېرمانىيىلىك بىر پىسخولوگىيە دوختۇرى ئۆزىنىڭ «ئىرادىنى تىكلەش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنىڭ ئامىللىرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىرادىنى تىكلەش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئامىل روزا تۇتۇشتۇر». ئەمما ئىسلام دىنى ھازىرقى پىسخولوگىيە ئالىملىرى ئەمدىلا ئىسپاتلاپ چىققان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇنلا ئىسپاتلىغان. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ - بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھەدىستىكى - ياشلارغا قىلغان تەۋسىيەسى يېتەرلىك بولسا كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىنىڭ كىشىگە سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىدىغانلىقى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتۇش سەۋرنىڭ يېرىمىدۇر» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

چۈنكى ئىنساندا ئۈچ خىل قۇۋۋەت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى : نەپسىي ھەۋەس قۇۋۋىتى، يەنە بىرى: يىرتقۇچلاردا بولىدىغان غەزەپ قۇۋۋىتى، يەنە بىرى: پەرىشتىلەردە بولىدىغان روھى قۇۋۋەتتۇر. ئىنساننىڭ روھى قۇۋۋىتى يوقۇرىقى ئىككى قۇۋۋەتنى بېسىپ ئۆتەلىگەن ۋاقىتتا، ئۇ، ھەقىقىي سەۋرنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. ئىسلام دىنى كۈرەش ۋە جىھاد دىنىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتلىقنىڭ كۈرەشلىرىگە تاقابىل تۇرالىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ۋە ئەڭ ئاۋۋالقى كۈچ - قۇۋۋىتى سەۋر بىلەن قەتئىي ئىرادىدۇر. ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى يېڭەلمىگەن كىشى دۈشمەننى ھەرگىزمۇ يېڭەلمەيدۇ. بىرەر كۈنلۈك ئاچلىققا چىدىيالمىغان كىشى ئۇلۇغۋار غايىگە يېتىش يولىدا بەدەل تۆلەشكە چىدىمايدۇ.

## روزا ئىنسانغا پەرھىزنى ئۆگىتىدۇ

روزا ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى پەرھىز ھەم تىببىي جەھەتتىكى قوغدىنىشتۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ نەپسى خالىغانچە يېيىش - ئىچىش بىلەن ھەركەت قىلىدىغان بولسا، ئىنتىزامسىز يېيىش - ئىچىش بىلەن ئۆزىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ھەم ھالال - ھارامنى ئىلغىماستىن ھەر نەرسىگە بېرىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىگە زىيان سالغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا روھىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇنۇش ئېغىر تۇيۇلىدۇ - دە، ئاستا - ئاستا نەپسىي ھەۋەس ئۇنى تىزگىنلەشكە باشلايدۇ. بۇۋاقىتتا ئۇنى نەپسىي ھەۋەسى باشقۇرىدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئىنسانلىق خىسلىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئىنسان روزا سايىسىدا بۇ روزىنىڭ

ۋاستىسى بىلەن پەرھىز قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. رىيازەت چېكىشكە كۆنىدۇ ۋە بىچارە ئاشقازاننى ئارقا- ئارقىدىن يېمەك بىلەن تولدۇرمىغاچقا كېسەللەردىن ئامان بولىدۇ.

## رامىزان روزىسىنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ ھېكمەتلىرى

رامىزان - قەمەرىيە (ئىسلامىي) ئايلىرىدىن 9- ئاينىڭ نامى بولۇپ، بۇئاي قۇرئان كەرىمدە ئىسمى بىلەن بايان قىلىنغان يىگانە ئايدۇر. رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ پەرز بولۇپ بۇيرۇلۇشىنىڭ ھېكمەتلىرى تۆۋەندىكىچە :

1 - رامىزان ئېيى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ئاي بولۇپ تۇنۇلغان بۇ ئايدا روزا ۋاستىسى بىلەن نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى ۋاقىتلىق رەت قىلىش ئارقىلىق ئىنسان ئۆزىنى چېنىقتۇرىدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئارقىلىق تەقۋالىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە لايىق بولىدۇ.

2 - روزا ئىنساننى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى- پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ۋە مەنئى قىلغانلىرىدىن يېنىشتىن ئىبارەت ئىتائەتمەنلىككە كۆندۇرىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتمەنلىك قىلىش بولسا ھەقىقىي مۆمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە مەرھەمەتلىرى ئەنە شۇنداق مۆمىنلەرگە خاستۇر.

3 - روزا ئىنسان نەپسىنى تەربىيەلەپ تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان بىر تەربىيە ۋاستىسىدۇر. روزا تۇتقان كىشى لەززەتلىك يېمەكلىكلەرنى ۋە سوغۇق سۇنى كۆز ئالدىدا كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىششنى كۆزلەپ سەۋر قىلىدۇ، ئاچلىققا ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىدۇ. ئىنسان شۇنداق نەپسىنى كونترول قىلىش ئىشىغا بىرەر ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىدە ھەقىقىي سەۋرچانلىقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« روزا سەۋرنىڭ يېرىمىدۇر » دەپ كۆرسەتكەن (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

4 - روزا ئىنساندا ياخشى ئىشلارنى سۆيىدىغان، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، يوقسۇللارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىز بىر قۇل ئىكەنلىكىنى تونۇيدىغان گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرىدۇ.

مەلۇمكى، گۈزەل ئەخلاق ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى چاقىرىقى ۋە ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تاماملاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دىگەن(بۇخارى رىۋايىتى).

## رامزان روزىسى قاچان پەرز قىلىنغان؟

ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەن مەككە دەۋرىدە روزا پەرز قىلىنمىغان، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋە مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتى بەرپا بولغاندىن كېيىن ھىجرىيەنىڭ 2- يىلى مۇسۇلمانلارغا رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان. بۇھەقتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى چۈشكەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾(بەقەرە 183- ئايەت).

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رامىزان روزىسىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىشتا « ئى مۆمىنلەر « دېگەن خىتاب بىلەن سۆزىنى باشلىشىدىكى سىر شۇكى: مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئىمانىنىڭ تەقەززاسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى يادلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ ئەمرلەرنى ئورۇنلاشقا ئۈندەش ۋە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا قۇرئان كەرىمدىكى كۆپلىگەن ئەمر ۋە مەنئىلەر﴿ ئى مۆمىنلەر! ﴾ دېگەن خىتاب بىلەن باشلانغان.

يۇقىرىقى روزا ئايىتىدىكى بەدىئىي ئىشارەتلەر

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى روزا ئايىتىدە مۆمىن بەندىلىرىگە تۆۋەندىكى ئۈچ ھەقىقەتنى يادلاندۇرماقتا :

1 - ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان روزا، ئىسلام دىنىدىلا مەۋجۇد بولغان بىر پەرز بولماستىن، بەلكى بۇرۇنقى ساماۋىي دىنلاردىمۇ بۇيرۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي ئىبادەت ئىكەنلىكىگە بۇ ئايەتتىكى﴿سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلىنغاندەك﴾ دېگەن ئىبارە ئارقىلىق ئىشارەت قىلماقتا. ھەسەنۇلبەسرىي بۇماۋزۇدا مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا بىزدىن بۇرۇن يەھۇدىي، خرىستىئانلارغىمۇ رامىزان روزىسىنى پەرز قىلغان، ئەمما يەھۇدىلار بۇ مۇبارەك ئاينى تەرك ئېتىپ، روزا تۇتۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى باشقا بىر كۈننى بەلگىلەپ چىققان ۋە ئۆز گۇمانلىرىدا بۇ كۈننى ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغان ۋە پىرئەۋننى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ سۇدا غەرق قىلغان كۈن دەپ ئېتىقاد قىلغان. خرىستىئانلارمۇ بۇرۇن رامىزان ئېيىدا روزا تۇتاتتى، كېيىن رامىزان ئېيى قاتتىق ئىسسىق ياز كۈنلىرىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن ئۇلار روزا تۇتۇش ئېيىنى يىلنىڭ سالقىن ۋە

ئۆزگەرمەيدىغان باھار ئېيىغا بەلگىلىگەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكتىن ئىبارەت بۇ خاتالىقلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن يەنە 20 كۈننى قوشۇپ جەمئىي 50 كۈن روزا تۇتۇشقا ئۆتكەن. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋالىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى مەبۇد قىلىۋالدى﴾(تەۋبە سۈرىسى 31- ئايەت).

2 - رامىزان روزىسى بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاش كۈندىلىك ئادا قىلىنىدىغان ۋە يىل بويى ئۈزمەستىن ئورۇنلاشقا بۇيرۇلغان پەرز بولماستىن، بەلكى رامىزان روزىسى يىلدا بىرئاي تۇتۇشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر.

قەمەرىيە ئايلىرى گاھىدا 29 كۈن، گاھىدا 30 كۈن بولىدۇ، مۇندىن ئارتۇق بولمايدۇ.

3 - ئاللاھ تائالا رامىزان ئېيىدا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىشنى باشلىشىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمىتىنى مۇسۇلمانلارغا يادلاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئاينى رامىزان روزىسى بىلەن شەرەپلەندۈرگەن. بۇ ئاي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتى، غەلىبىسى ۋە نىجاتلىقى قولغا كەلگەن ئەڭ مۇبارەك ئايدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىدى. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچىدۇر ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾(بەقەرە سۈرىسى 185- ئايەت).

گويا كى ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى سۆزىدە: ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرىڭلار ئۈچۈن يېتەكچى بولىدىغان قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىشىمدىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمىتىمنى تونۇشۇڭلار ۋە ياد قىلىشىڭلار ئۈچۈن بۇ ئايدا- يەنى قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىغان رامىزان ئېيىدا- روزا تۇتۇش سىلەرگە پەرز قىلىندى، دېمەكتە.

## روزىنى تەرك قىلىشنىڭ گۇناھى

رامىزان روزىسىنى تۇتماسلىقنىڭ گۇناھى ئىنتايىن ئېغىردۇر، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ئۆزۈرسىز تۇرۇپ روزا تۇتمىغانلىقنىڭ گۇناھىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپ، رامىزان روزىسىدىن بىرەر كۈننى ئۆزۈرسىز تەرك قىلغان ئادەم ئۆمۈر بويى روزا تۇتسىمۇ ئۇنى ئادا قىلالمايدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«رامىزان ئېيىدا ئۆزۈرسىز تۇرۇپ بىرەر كۈنلۈك روزىنى تەرك قىلغان كىشى ئەگەر ئۆمۈر بويى روزا تۇتقان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئادا قىلالمايدۇ »(بۇخارى رىۋايىتى).

رامىزان روزىسى ئادەتتە كىشىلەرگە مالاللىق بېرىدىغان ياكى بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاش كۈندىلىك ئادا قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ، يىلدا بىر ئاي تۇتۇشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا بىزلەرگە بىرئايدىن كۆپ روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى تۇتۇشقا مەجبۇر ئىدۇق. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسى بۇيرۇلغانلارنى تولۇق ئورۇنلاش ۋە مەنئى قىلىنغانلاردىن قەتئىي يېنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بۇيرۇلغان بۇ بىر ئايلىق روزىنىمۇ تولۇق تۇتماسلىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزۈرسىز بىرەر كۈنلۈك روزىنى تەرك قىلغان كىشى ئۆمۈر بويى روزا تۇتسىمۇ ئۇنى ئادا قىلالمايدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## رامزان ئېيىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

## رامزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى قانداق ئىسپاتلىنىدۇ؟

رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى رامىزان ئېيىنىڭ كۆرۈنگەنلىكىنى كۆرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. رامىزان ئېيى ۋە روزا ھېيتى كالىندار بىلەن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتى بۇ مەسىلىدە ئاي كۆرۈشنى ئاساس قىلىپ بەلگىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرنى ئاي كۆرۈش ئارقىلىق رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ، ئاندىن روزا تۇتۇشقا ئەمىر قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: « ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئاي كۆرۈپ ھېيت قىلىڭلار، ئەگەر (ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغان سەۋەبتىن) ئاينى كۆرەلمىسەڭلار شەبان ئېيىنى (يەنى رامزاننىڭ ئالدىدىكى ئاينى) ئوتتۇز كۈن قىلىپ تولۇقلاڭلار (يەنى ئاينى كۆرەلمىگەن كۈنلەردە شەبان ئېيىنى ئوتتۇز كۈن توشقان بولسا ئاينى كۆرەلمىگەن بولساڭلارمۇ روزا تۇتۇڭلار، ئەگەر ئۇ كۈنى شەبان ئېيىنى تېخى يىگىرمە توققۇز كۈن بولغان بولسا شەبان ئېيىنى ئوتتۇز كۈن قىلىپ تولۇقلاپ ئاندىن روزا تۇتۇڭلار)» (مۇسلىم رىۋايىتى).

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرسەڭلار روزا تۇتۇڭلار، شەۋۋال ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرسەڭلار ھېيت قىلىڭلار، ئەگەر (ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ) ئاينى كۆرەلمىسەڭلار ھېساب بىلەن ئىش كۆرۈڭلار (يەنى شەبان ئېيىنىڭ كۈنلىرىنى ھېسابلاپ چىقىپ ئەگەر بۇ ئايغا ئوتتۇز كۈن توشقان بولسا روزا تۇتۇڭلار، چۈنكى قەمەرىيە ئايلىرى ئوتتۇز كۈندىن ئارتۇق بولمايدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى).

بۇمەسىلە مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ فىقھى مەجمۇئەسىدە مۇنداق بەلگىلەنگەن:» رامزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ:

1ـ ئاسمان ئاينى كۆرۈشكە توسقۇن بولىدىغان بۇلۇت، تۇتۇن، تۇمان قاتارلىقلاردىن خالى بولغان ھالدا سۈزۈك ۋە ئوچۇق بولسا رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى ئاينى كۆرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

2ـ ئەگەر ئاسمان بۇلۇتلۇق ياكى تۇتۇنلۇك ياكى تۇمانلىق بولغانلىق سەۋەبتىن ئاينى كۆرۈش ئىمكانسىز بولسا شەبان ئېيىنى ئوتتۇز كۈن قىلىپ تولۇقلاپ، ئاندىن روزا تۇتۇش كېرەك «.

بۇماۋزۇنىڭ خۇلاسىسى شۇكى: ئاسمان ئايىنى كۆرۈشكە توسقۇن بولىدىغان بارلىق توسالغۇلاردىن خالى ھالدا ئوچۇق ۋە سۈزۈك بولغاندا روزا تۇتۇش ئىشى ئاي كۆرۈشكىلا باغلىق بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئاي كۆرمەستىن روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئاسمان بۇلۇتلۇق ياكى تۇتۇنلۇك ياكى تۇمانلىق بولغانلىقتىن ئايىنى كۆرۈش مۇمكىن بولمىغاندا شەبان ئېيىنى ساناپ چىقىپ بۇئاي كىرگىنىگە ئوتتۇز كۈن توشقان بولسا روزا تۇتۇشنى باشلايمىز، ئەگەر ئېيخى 29 كۈن بولغان بولسا ئۇنى 30 كۈن قىلىپ تولۇقلاپ، ئاندىن روزا تۇتۇشنى باشلايمىز.

## ئاي كۆرۈش ئۈچۈن ئىزدىنىش ئىبادەتتۇر

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شەبان ئېيىنىڭ ۋە رامىزان ئېيىنىڭ 29 - كۈنلىرى شامدىن كېيىن ئاي كۆرۈشكە ئىزدىنىش پەرز كىپايە بولۇپ، بۇ، ساۋابى كاتتا بولغان ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. پەرز كىپايە- پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ئورتاق بۇيرۇلغان بولۇپ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىجرا قىلىشى بىلەن باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان پەرز دېمەكتۇر.

مۇسۇلمانلار شەبان ئېيىنىڭ 29- كۈنى شامدىن كېيىن رامىزان ئېيىنىڭ كۆرۈنگەنلىكىنى كۆرۈش ئارقىلىق روزا تۇتۇشنى باشلايدۇ، ئۇلار رامىزان ئېيىنىڭ 29- كۈنى شامدىن كېيىن شەۋۋال (رامىزاندىن كېيىنكى ئاي)نىڭ كۆرۈنگەنلىكىنى كۆرۈش ئارقىلىق ھېيت قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا روزا تۇتۇش، ھېيت قىلىش ۋە ھەج ئىشلىرىنى ئاي كۆرەش ئارقىلىق ئورۇنلاشقا بەلگىلىگەن. ئاي كۆرۈش ئۈچۈن ئىزدىنىش پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرز كىپايە بولغان ئىكەن، ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاي كۆرۈش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە بۇ پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى مۇھىمدۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن ھېچبىر كىشى ئاي كۆرۈشكە ئىزدەنمىسە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ.

## بىر دۆلەتتە كۆرۈنگەن ئاي باشقا دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭمۇ روزا تۇتۇشلىرى ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟

بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى شۇكى: بىر دۆلەتتە كۆرۈنگەن ئاي باشقا دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭمۇ روزا تۇتۇشلىرى ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟ ياكى روزا تۇتۇش ئۈچۈن ھەر دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدە ئاي كۆرۈشلىرى شەرتمۇ؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ پەرقلىق كۆرۈشلىرى باردۇر: ھەنەفىي، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىگە كۆرە، ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ قايسى بىرىدە

ئاينىڭ كۆرۈنگەنلىكى ئىسپاتلانسا باشقا مەملىكەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ھەممىسىگە روزا تۇتۇش پەرز بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاي كۆرۈپ ھېيت قىلىڭلار» دېگەن سۆزى ئارقىلىق پۈتۈن ئىسلام مىللىتىگە ئورتاق خىتاب قىلغان. بۇ ھەدىستىكى خىتاب بىرلا مەدىنە ئەھلىگە ياكى مەككە ئەھلىگە ياكى شام ئەھلىگە خاس بولماستىن، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئورتاق ئەمىردۇر. زۇلھەججە ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانلار قۇربان ھېيتنى تەنتەنەقىلغاندەك ۋە ئەرەفاتتا تۇرۇش پۈتۈن ھاجىلارغا بىر ۋاقىتتا بولغاندەك رامىزان ئېيىنىڭ كۆرۈنگەنلىكى قايسى بىر مەملىكەتتە ئىسپاتلىنىشى بىلەن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا روزا تۇتۇش پەرز بولىدۇ. شۇنىڭدەك شەۋۋال ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى قايسى بىر مەملىكەتتە ئىسپاتلىنىشى بىلەن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ھېيت قىلىش بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

شافىئى مەزھىبىگە كۆرە، ھەر دۆلەت خەلقى ئۆزىنىڭ ئاي كۆرگىنىگە ئاساسەن روزا تۇتىدۇ ۋە ھېيت قىلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، بىر مەملىكەتتە كۆرۈنگەن ئاي باشقا مەملىكەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشىنى لازىم قىلمايدۇ. چۈنكى ئاينىڭ كۆرۈنۈشى ھەممە مەملىكەتتە بىر ۋاقىتتا بولمايدۇ. بۇ مەزھەبنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىمام مۇسلىم كۇرەيب ئىسىملىك بىر ساھابىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى رىۋايەت قىلغان :«مەن شامدا ئىدىم، ئۇجايدا جۈمە ئاخشىمى رامىزان ئېيىنىڭ كۆرۈنگەنلىكىنى كۆردۈم، ئاندىن بۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا مەدىنىگە كېلىۋىدىم ئىبنى ئابباس مەندىن- ئاينى قاچان كۆرگەنتىڭلا؟- دەپ سورىدى، مەن- جۈمە ئاخشىمى كۆرۈپ ئەتىسى روزا تۇتقان ئىدۇق- دەپ جاۋاب بەردىم، ئۇ يەنە مەندىن- سەن راستىنلا ئاينى جۈمە ئاخشىمى كۆردۈڭمۇ؟- دەپ سورىدى، مەن- ئەلۋەتتە كۆردۈم، باشقىلارمۇ كۆردى، مۇئاۋىيەمۇ شۇ كۈنى ئاي كۆرۈپ ئەتىسى روزا تۇتتى- دېۋىدىم، ئىبنى ئابباس دېدىكى، ئەمما بىز ئاينى شەنبە ئاخشىمى كۆردۇق، شۇڭا بىز 30 كۈن توشقىچە روزا تۇتۇشنى داۋام قىلىمىز ياكى ئاي كۆرىمىز. مەن- مۇئاۋىيەنىڭ ئاينى كۆرگەنلىكى ۋە روزا تۇتقانلىقى كۇپايە قىلمامدۇ؟- دەپ ئۇنىڭدىن سورىۋىدىم- ياق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئاي كۆرسەك روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان، ئەمما بىز جۈمە ئاخشىمى ئاي كۆرمىدۇق- دېدى» (مۇسلىم رىۋايىتى).

بۇماۋزۇنىڭ خۇلاسىسى شۇكى: بىز بۇ مەسىلىگە دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، يوقۇرىدىكى ھەنەفىي، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئەڭ توغرا دەپ باھابېرىمىز، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاي كۆرۈپ ھېيت قىلىڭلار » دېگەن ھەدىسىدىكى خىتابنىڭ پۈتۈن ئىسلام مىللىتىگە

ئورتاق، ئۇمۇمى ئەمىر ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىقتۇر. مەلۇمكى، شەرىئەتنىڭ ئەمىر ۋە مەنئىيلىرى ھەممىگە ئورتاق ۋە ئومۇمىيدۇر، مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ قايسى جايلىرىغا تارقالغان بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۇممەتتۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشلىرى بىلەن ھېيت قىلىشلىرىمۇ، ھەج پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا بولۇشى كېرەك.

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىشى مۇمكىن: ئانداقتا نىمە ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقىتلىرىمۇ ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا بولمايدۇ؟ بۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب يېرىمىز: روزا تۇتۇش مەسىلىسى نامازدىن پەرقلىقتۇر. چۈنكى نامازنىڭ ۋاقىتلىرى- تاڭنىڭ يورۇشى، قۇياشنىڭ ئېگىلىشى، ئۇنىڭ پېتىشى ۋە ئۇپۇقتىكى قىزىللىقنىڭ يوقىلىشى قاتارلىق ئالامەتلەرگە باغلىقتۇر. ئەمما روزا ئاي كۆرۈش ئارقىلىقلا پەرز بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ناماز ۋاقىتلىرىنى يۇقىرىقى ئالامەتلەرگە باغلىغان بولسا، روزا تۇتۇشنىڭ ۋاقتىنى ئاي كۆرۈشكە باغلىغان. مۇسۇلمانلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ ئاينى كۆرگەنلىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆرگىنىگە ئوخشاشتۇر. ئىبنى ئابباسنىڭ يۇقىرىقى«ھەر مەملىكەت ئەھلى ئۆزىنىڭ ئاي كۆرگىنىگە ئاساسلىنىپ روزا تۇتىدۇ» دېگەن مەنىدىكى سۆزىمۇ شۇ زامانلارغا نىسبەتەن مەنتىقلىق ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق سۆزدۇر. چۈنكى ئۇ زامانلاردا- كۈنىمىزدە بولغاندەك- رادىيو، تېلېۋىزىر، تېلېفون ۋە باشقا خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى بولمىغاچقا، ھەر بىر شەھەر ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ئاي كۆرۈشلىرىگىلا ئاساسلىناتتى، مەسىلەن: مەدىنە ئەھلى ئاي كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ خەۋىرى مەككىگە يېتىپ كەلگىچىلىك ئاز دېگەندە 10 كۈن ئۆتۈپ كېتەتتى، شاملىقلار ئاي كۆرگەن بولسا ئۇنىڭ خەۋىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلگىچىلىك بىر ئاي ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەمما كۈنىمىزدە زامان تەرەققى قىلغاچقا، قانداقلا بىر خەۋەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك ئارىلىقتا دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىغىچە يېتىپ بولىدۇ. ھەر مەملىكەت ئەھلىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاي كۆرۈشلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىش كۆرۈشلىرى باشقا مەملىكەتلەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ئاي كۆرگەنلىك خەۋىرىنى ئالالمىغانلىقتىن ئىدى. ھەتتا ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە دۆلەتنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پۈتۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشلىرى، ھېيت قىلىشلىرى ۋە باشقا ئايەم كۈنلىرى بىرلا ۋاقىتتا بولاتتى. مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان بىر دىنىي مەنزىرىدۇر. كاشكى، پۈتۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى دۆلەت باشلىقلىرى، مۇفتىلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆزئارا بىرلىشىپ، ھەمكارلىشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ۋەسىلە بولغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولارئىدى- ھە!

## روزا تۇتۇش كۈننى دۆلەت تەرەپتىن بەلگىلىشى شەرتمۇ؟

رامىزان ئېيىنىڭ كۆرۈنگەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ۋە روزا تۇتۇشقا باشلاشتا دۆلەتنىڭ قارار قىلىشى شەرت ئەمەس. ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن بىرەر كىشى رامىزان ئېيىنى كۆرگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، دۆلەت ئۇنىڭ ئاي كۆرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن باشقىلار روزا تۇتمىسىمۇ ئاي كۆرگەن كىشىنىڭ ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ روزا تۇتۇشى پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. ئىسلام شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە : رامىزان ئېيىنى كۆرگەن كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى پەرزدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: » سىلەردىن كىمكى رامىزانىڭ ئېيىنى كۆرسە روزا تۇتسۇن « دېگەن ئەمرى ئاي كۆرگەن كىشىنىڭ روزا تۇتۇشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر دۆلەت قايسى بىر يول بىلەن بولمىسۇن رامىزان ئېيىنىڭ كۆرۈنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىپ، مۇسۇلمانلارنى روزا تۇتۇشقا ئەمىر قىلسا. بۇئەمىر بەزى كىشىلەرنىڭ مەزھىبىگە ياكى كۆزقاراشلىرىغا زىت كەلگەن تەقدىردىمۇ. پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشى پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى دۆلەتنىڭ قارارى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىدۇ.

## شەۋۋال ئېيىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

شەۋۋال ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى رامىزان ئېيىنىڭ 29- كۈنى شامدىن كېيىن ئاي كۆرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. شۇ ئاخشىمى شەۋۋالنىڭ ئېيى كۆرۈنسە ئەرتىسى ھېيت قىلىنىدۇ، ئەگەر بۇئاخشىمى ئاي كۆرۈنمىسە رامىزاننى 30 كۈن قىلىپ تولۇقلاپ، ئاندىن ھېيت قىلىنىدۇ. ئەگەر رامىزانغا 30 كۈن توشقاندىن كېيىنمۇ يېڭى ئاينى كۆرگىلى بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، رامىزانغا 30 كۈن توشقاندىن كېيىنمۇ ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ شەۋۋالنىڭ ئېيى كۆرۈنمىسە ھېيت قىلىشقا بولمايدۇ. بەلكى يەنە بىر كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن ئاي كۆرۈنسۇن ياكى كۆرۈنمىسۇن ھېيت قىلىنىدۇ. بۇنداق شارائىتتا، رامىزاننىڭ بېشىدىكى روزا تۇتۇشقا باشلىغان بىرىنچى كۈن رامىزاندىن سانالمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى ئاي كۆردۇق دېگەن شاھىدلار يالغانچى ياكى خاتالاشقان دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلمىغاندا رامىزان ئېيى 31 كۈن بولۇپ قالغان بولىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى قەمەرىيە ئايلىرى 30 كۈندىن ئارتۇق بولمايدۇ، بەلكى 29 بىلەن 30 كۈن ئارىسىدا داۋام قىلىدۇ. ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولغانلىق سەۋەبتىن ئاي كۆرۈنمىگەن بولسا، 30 كۈن توشقاندىن كېيىن ئەرتىسى ھېيت قىلىش پەرزدۇر.

## ئاي كۆرۈنگەنلىكتە بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى يېتەرلىكمۇ؟

ئاسماندا بۇلۇت ياكى تۇمان قاتارلىق ئاينى كۆرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان سەۋەبلەر مەۋجۇد بولغان ۋاقىتتا، ئادالەتلىك بىر ئادەمنىڭ ئاينى كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئادالەتلىك دېگەندىن مەقسەت- دىنىغا مەھكەم، تەقۋا، بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلىگەنلىكى مەلۇم بولمىغان، دىندار ئادەم دېمەكتۇر. چۈنكى ئاي كۆرۈش مەسىلىسىمۇ شەرئەت ئەھكاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە بولغانلىقتىن، بۇنىڭدىمۇ گۇۋاھچىنىڭ ئادالەتلىك بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاسماندا بۇلۇت، تۇمان قاتارلىقلار بولماي، ھاۋا ئوچۇق بولغان بولسا، بۇنداق ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، بەلكى ئاي كۆرگەنلىككە بىردىن كۆپ ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى كېرەك بولىدۇ. ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھەبلىرىگە كۆرە، بۇنداق ۋاقىتتا (يەنى ھاۋا ئوچۇق بولغان ۋاقىتتا)، ئىككى ئادەمنىڭ ئاينى كۆردۇق دەپ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. شاپىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىگە كۆرە، ئادالەتلىك بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىك سانىلىدۇ. چۈنكى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«كىشىلەر ئاي كۆرۈشكە چىقىشتى، (مەنمۇ بىرگە چىقىپ ئاينى كۆرگەندىن كېيىن)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رامىزان ئېيىنى كۆرگەنلىكىمنى خەۋەر قىلىشۇدىم، ئۇ، روزا تۇتتى ۋە باشقىلارنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى»(ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى)

ئىمام نەۋەۋى بۇ مەسىلىدە مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئادالەتلىك بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ دېگەن قاراش ئەڭ توغرىسىدۇر. ئەمما شەۋۋال ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى- ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن- ئاز دېگەندە ئادالەتلىك ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ».

يۇماۋزۇنىڭ خۇلاسىسى شۇكى: رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئادالەتلىك بىر ئادەمنىڭ ئاي كۆردۇم دەپ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يالغۇز گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىپ روزا تۇتقانلىقى ۋە باشقىلارنىمۇ تۇتۇشقا بۇيرىغانلىقى بۇنىڭغا دەلىلدۇر. بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىشتا، ئۇنى ئاي كۆرگەنلىكتە خاتالاشقان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى بىرەر كۈن ئارتۇق روزا تۇتقانلىقنىڭ ھېچ زىيىنى يوق. ئەمما شەۋۋالنىڭ ئېيىنى ئىسپاتلاشتا بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئەگەر بۇ ئادەم ئاي

كۆرۈشتە خاتالاشقان بولسا روزا كام بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا روزىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، ھېيت قىلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئادالەتلىك ئىككى ئادەمنىڭ ئاي كۆردۇق دەپ گۇۋاھلىق بېرىشى شەرتتۇر.

## ئاي كۆرۈشنىڭ ۋاقتى

كۈندۈزى كۆرۈنگەن ئاي ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. بەلكى شامدىن كېيىن كۆرۈنگەن ئاي ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى شەبان ئېيىنىڭ 29- كۈنى شامدىن كېيىن ئاي كۆرۈشكە چىقىپ، ئاينى كۆرسە روزا تۇتۇشقا، ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق ياكى تۇمانلىق بولغان سەۋەبتىن ئاينى كۆرگىلى بولمىغاندا، شەبان ئېيىنى 30 كۈن قىلىپ تولۇقلاپ، ئاندىن روزا تۇتۇشقا، رامىزاننىڭ 29- كۈنى شامدىن كېيىن شەۋۋالنىڭ ئېيىنى كۆرۈشكە چىقىپ، ئاي كۆرۈنسە ئەرتىسى ھېيت قىلىشقا، ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق ياكى تۇمانلىق بولغانلىقتىن ئاينى كۆرەلمىسە رامىزان ئېيىنى 30 كۈن قىلىپ تولۇقلاپ، ئاندىن ھېيت قىلىشقا بۇيرىغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئەگەر رامىزاننىڭ 29- كۈنى ئەتىگەندە ئاي كۆرۈنسە بۇ ئاي ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بەلكى شامدىن كېيىن كۆرۈنگەن ئايلا ھېساب قىلىنىدۇ.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# روزىنىڭ ئەھكاملىرى

## روزىنىڭ مەنىسى

روزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى- ئۆزىنى بىر نەرسىدىن مەنئى قىلىش دېمەكتۇر. روزىنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى - تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش پاتقانغا قەدەر، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن يېمەك- ئىچمەك ۋە جىنسىي ھەۋەستىن ئۆزىنى مەنئى قىلىش دېمەكتۇر.

## روزىنىڭ ھەقىقىتى

روزىنىڭ ھەقىقىتى - ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مەنئى قىلغان: جېدەل- ماجرا قىلىش، يالغان سۆزلەش، غەيبەت قىلىش، سۇخەنچىلىك قىلىش، كىشىلەرنى ئالداش ۋە باشقىلارغا ئازار قىلىش قاتارلىق يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە رامىزان روزىسىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنىڭ غايىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ئىشلاردىن ساقلىنىشى ئارقىلىق تەقۋالىق مەرتىۋىلىرىگە يېتىشلىرى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار (بۇئارقىلىق تەقۋالىق مەرتىۋىلىرىگە يۈكسىلىشىڭلار ) ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان) روزىسى پەرز قىلىندى﴾(بەقەرە سۈرىسى 183- ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ روزىنىڭ ھەقىقىتى- ئەزالارنى ۋە تىلنى ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان بارلىق يامان ئىشلاردىن ساقلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: » روزا كىشىنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلايدىغان قالقاندۇر. سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈنىدە جىنسىي ئالاقە قىلمىسۇن، گۇناھ ئىشلىمىسۇن، يامان سۆز قىلمىسۇن، سۆزلىگەندە ئاۋازىنى يوقۇرى كۆتۈرمىسۇن. بىرەرسى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلماقچى بولسا «مەن روزىدارمەن، مەن روزىدارمەن»دېسۇن. ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ ھىدى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپار، ئەنبەردىنمۇ ئارتۇق خوشپۇراقلىقتۇر. روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن ئىككى چوڭ خوشاللىق باردۇر: بىرى، ئۇنىڭ ئىپتار قىلغان ۋاقتىدىكى خوشاللىقى، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولغان ۋاقتىدىكى خوشاللىقىدۇر» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالا راۋا كۆرمەيدىغان ئىشلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق

روزىسىنى بىكار قىلىۋېتىپ، روزا تۇتتۇم دەپ بىھۇدە ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق دەردى چەككىنىگە ھېچقانداق ساۋاب تاپالمايدىغان ئەھۋاللارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشى ناھايىتى زۆرۈردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇخىل كىشىلەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەر روزا تۇتتۇق دەپ ئۆزلىرىنى بىھۇدە ئاچ قويغان بولۇپ، تۇتقان روزىسىدىن ھېچقانداق ساۋاب تاپالمايدۇ»(ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

يەنە بىر ھەدىستە:«روزا تۇتتۇم دەپ يالغان سۆز قىلىشنى، كىشىلەرنى ئالداشنى تەرك قىلالمىغان كىشىنىڭ يېمەك- ئىچمىكىنى تەرك ئەتكىنىگە ئاللاھ تائالانىڭ ھاجىتى يوقتۇر» (بۇخارى رىۋايىتى).

يەنى: روزىدا يالغان سۆزلەش، كىشىلەرنى ئالداش ۋە مۇندىن باشقا ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان پۈتۈن ئىشلاردىن تۇسالماي تۇرۇپ، يېمەك- ئىچمەكتىن ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن تۇسالغانلىق روزا تۇتقانغا ياتمەيدۇ ۋە بۇنداق روزىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

## روزا كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟

يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش- ھەرقانداق مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر. چۈنكى ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىشنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرى: مۇسۇلمان بولۇش، ئاقىل ۋە بالىغ بولۇشتىن ئىبارەتتۇر، شۇڭا كاپىرلار ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىشقا لايىق ئەمەس، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چاھارپايلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇلارغا مۇنداق باھا بېرىدۇ: ﴿ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كاپىرلىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئىمان ئېيتمايدىغانلاردۇر﴾ (ئەنفال سۈرىسى 55- ئايەت).

ھەقىقەتەن، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمىغانلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەر مەخلۇقلاردۇر.

ئەمما ئاقىل، بالىغ بولمىغانلارغا كەلسەك، بۇلار شەرئەتنىڭ تەكلىپلىرىدىن ئەپۇ قىلىنغانلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇمەنانى مۇنداق ئىپادىلىگەن:« ئۈچ خىل كىشىدىن قەلەم كۆتۈرۈلىدى (يەنى ئۇلارغا گۇناھ ياكى ساۋاب يېزىلمايدۇ): ئۇخلىغان كىشىدىن تاكى ئۇ ئويغانغىچىلىك، نارىسىدە باللاردىن تاكى ئۇلار بالاغەت يېشىغا يەتكىچىلىك، ئەقلى يوقالغان كىشىدىن تاكى ئۇ، ئەقلىغا كەلگىچىلىك» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

## روزا تۇتۇشنىڭ شەرتلىرى

روزا تۇتۇشنىڭ شەرتلىرى: تېنى ساق بولۇش، مۇقىم (سەپەر ئۈستىدە بولماسلىق)، ئاياللارنىڭ ھەيز (ئايلىق ئادەتى) ۋە نەپاس (تۇغۇتلۇق ھالى) دىن پاك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئايال كىشى ئەگەر ھەيز ياكى نەپاسنىڭ قانلىرىدىن پاك بولمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئەگەر روزا تۇتسىمۇ، تۇتقان روزىسى قوبۇل ئەمەس. ئايال كىشىلەر رامىزاندا ھەيز ياكى نەپاس سەۋەبى بىلەن تۇتالمىغان روزىسىنى رامىزاندىن باشقا قايسى بىرئايدا، تۇتالمىغان بىر كۈنىگە بىر كۈندىن ھېسابلاپ تۇتىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇھەقتە مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا، ھەيز كۆرگەن كۈنلىرىمىزدە تۇتالمىغان رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى باشقا كۈنلەردە تۇتۇشقا بۇيرۇلاتتۇق، ئەمما (ھەيز ۋە نەپاس سەۋەبىدىن ئوقۇيالمىغان) نامازلىرىمىزنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايتتۇق»(بۇخارى رىۋايىتى).

## روزىنىڭ پەرزلىرى

روزىنىڭ پەرزلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 - يېيىش- ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ئۆزىنى مەنئى قىلىش.

2 - پەرز روزا ئۈچۈن تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن نىيەت قىلىش.

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

روزىنىڭ بىرىنچى پەرزى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ، كۈن پاتقۇچىلىك بولغان ۋاقىت ئىچىدە، يېيىش- ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتىن تۇسۇلۇشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار﴾ (بەقەرە سۈرىسى 187- ئايەت).

ئاللاھ تائالا بۇئايەتتە، مۇسۇلمانلارنى روزا تۇتقان ۋاقىتلىرىدا، تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ، كۈن پاتقىچىلىك، يېيىش- ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئۆزلىرىنى مەنئى قىلىشلىرىغا ئەمىر قىلغان.

مۇلاھىزە: رامىزان روزىسى پەرز قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكتىن، رامىزان كېچىلىرى ئاياللىرىغا يېقىنلاشمايتتى. بەزى كىشىلەر سەۋر قىلالماي رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرىغا يېقىنلىشىپ قويىدۇ. ئۇمۇمى

مۇسۇلمانلارغا بىرئاي جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ئۇزاقلىشىش قىيىن تۇيۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا كەڭچىلىك ۋە ئاسانلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رامىزان كېچىلىرىدە ئاياللىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشلىرىغا رۇخسەت قىلىپ، مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى. ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەر ئەر- ئايال ئارىلىشىپ ياشايسىلەر، كىيىم بەدەننى ئىسسىق- سوغۇقتىن ساقلىغاندەك، سىلەرمۇ بىر- بىرىڭلارنى گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلايسىلەر، خۇددى كىيىم سىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپقاندەك، سىلەرمۇ بىر- بىرىڭلارنىڭ ئېيىپلىرىنى ياپىسىلەر). ئاللاھ تائالا ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئالدىغانلىقىڭلارنى بىلدى. ئاللاھ تائالا تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار﴾(بەقەرە سۈرىسى 187- ئايەت).

روزىنىڭ ئىككىنچى پەرزى، تاڭ ئاقىرىشتىن بۇرۇن روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن نىيەت قىلىنمىغان روزا ھېسابقا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام«ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى پەقەت نىيەتلەر بىلەن بولىدۇ، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن (بۇخارى رىۋايىتى).

نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. پەقەت دىلدا روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىش يېتەرلىكتۇر.

نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەش شەرت ئەمەس، ئەمما دىلدىكى نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەش ئەۋزەلدۇر. نىيەتنىڭ ھەقىقىتى- ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى مەخسەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى كۆزلەپ روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ۋە شۇمەقسەتكە بىنائەن ئاغزىنى ياپقان كىشى ھەقىقىي روزىدار كىشىدۇر.

روزىدا نىيەتنىڭ پەرز بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى- ئىبادەتنى ئادەتتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىنسان گاھىدا پەرھىز سەۋەبى بىلەن ياكى تاپالمىغانلىقتىن ياكى ئىشى ئالدىراش بولۇپ، ۋاقتى يەتمىگەنلىكتىنمۇ بەزىدە كۈن بويى يېمەك- ئىچمەكتىن توسۇلىدۇ. بۇھالەتتە ئۇنى روزىدار دېيىشكە بولمايدۇ. نىيەت پۈتۈن ئەمەل- ئىبادەتلەر ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ رامىزان روزىسىدا نىيەت مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:«تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن نىيەت قىلمىغان كىشىنىڭ روزىسى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ»(تىرمىزى رىۋايىتى).

يۇقىرىدا ئىپتىقانىلىرىمىز، رامىزان روزىسى، قازا ۋە كاپارەت روزىلىرى ئۆچۈندۇر. ئەمما نەپلى (ئۆز ئىختىيارى بىلەن تۇتۇدىغان) روزىنىڭ نىيىتىنى شۇ كۈنىنىڭ پېشىن ۋاقتىگىچىلىك قىلسا بولىدۇ. بۇھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: « بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيۈمگە كىردى ۋە- يەيدىغان بىر نەرسە بارمۇ؟ -دەپ سورىدى، مەن- يوق- دىۋىدىم، رەسۇلۇللا- ئۇنداقتا، مەن روزا تۇتتۇم- دىدى»(مۇسلىم رىۋايىتى).

## نىيەتتە روزىنىڭ تۈرىنى تەيىنلەش مەسلىسى

رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى ياكى نەپلى روزىلار ئۈچۈن نىيەت قىلىشتا، روزىنىڭ تۈرىنى تەيىنلەش شەرت ئەمەس، يەنى «بۈگۈنكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇشقا نىيەت قىلدىم» ياكى « نەپلى روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلدىم » دەپ، تۇتماقچى بولغان روزىنىڭ تۈرىنى نىيەتتە تەيىنلەش تەلەپ قىلىنمايدۇ. بەلكى «ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلدىم» دەپ نىيەت قىلىش يېتەرلىكتۇر. چۈنكى رامىزان ئېيىدا رامىزان روزىسىدىن باشقا روزا تۇتۇلمايدۇ. بۇئايدا تۇتۇلغان قانداقلا روزا ئۆزلىكىدىن رامىزان روزىسىغا كىرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تۈرىنى ئوچۇقلاشقا ھاجەت قالمايدۇ. ئەمدى، نەپلى روزىلارغا كەلسەك، نەپلى روزىلارنى تۇتۇشنىڭ مۇئەييەن بىر ۋاقتى يوقتۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا نىيەت قىلىشتا، مۇتلەق روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىسمۇ يېتەرلىكتۇر. ئەمما رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى، كاپارەتنىڭ روزىسىنى ۋە نەپلى ئۈچۈن تۇتۇپ، بۇزىۋاتقان روزىسىنىڭ بەدىلىنى تۇتماقچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتا تۇتماقچى بولغان روزىسىنىڭ تۈرىنى نىيەتتە تەيىنلىشى شەرتتۇر.

## روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار

روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: روزىنى بۇزۇش بىلەن بىرگە قازا ۋە كاپارەتنى لازىم قىلىدىغان ئامىللار. ئىككىنچىسى: روزىنى بۇزۇش بىلەن بىرگە قازانىلا لازىم قىلىدىغان ئامىللار.

بىرىنچى، قازا بىلەن كاپارەتنى لازىم قىلىدىغان ئامىللار:

روزا تۇتقان كىشىنىڭ رامىزان كۈندۈزىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى، يېيىشى، ئىچىشى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازا بىلەن كاپارەتنى لازىم قىلىدۇ. كاپارەت- ماددىي جازا دىمەكتۇر. ئۆزۈرسىز ھالدا رامىزان روزىسىنى قەستەن بۇزغان كىشىنىڭ مۇشۇ دۇنيادا بۇ گۇناھىنى يۇيۇشى ئۈچۈن تۆلەيدىغان بەدىلى كاپارەت دەپ ئاتىلىدۇ. كاپارەتنى ئىبارەت

بۇجـازا- بىـر قـۇلنى ئـازات قىلىـش، ئەگەر ئۇنىڭغـا كـۈچى يەتمىـسە ئىككـى ئـاي ئارقـا- ئارقىدىن، ئـۈزمەي روزا تۇتـۇش، ئۇنىڭغىمـۇ كـۈچى يەتمىـسە يوقـسۇللاردىن ئـاتمىش كىـشىگە بىرقېتىم تاماق بېرىش بىلەن ئادا تاپىدۇ.

قـازا- ۋاقتىـدا ئـادا قىلالمىغـان ئىبـادەتلەرنى باشـقا بىـر ۋاقىتتـا ئـادا قىلىـش دېمەكتـۇر. روزىنىـڭ قازاسـى بىـر كـۈنگە بىـر كـۈن روزا تۇتـۇش بىـلەن ئـادا تاپىـدۇ. روزىـسنى بۇزغـان كىـشىگە قازانىـڭ لازىـم كېلىـشىنىڭ سـەۋەبى شـۇكى، رامىـزان كۈندۈزىـدە روزىـسنى بۇزغـان كىشى، بۇ بىر كۈنلـۈك روزىنـى يوققـا چىقارغـان بولىـدۇ. شـۇڭا بۇنـداق كىـشىنىڭ رامىزانـدىن باشـقا كـۈنلەردە ئۆزىنىـڭ بۇزغـان روزىـسىنىڭ بىـر كـۈنگە بىـر كۈنـدىن ھېـسابلاپ روزا تۇتۇشـى ئۇنىـڭ رامىزانـدا بۇزغـان روزىـسىنىڭ ئـورنىنى تولدۇرىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا بـۇھەقتە مۇنـداق دەيـدۇ:﴿كىمكـى كېـسەل يـاكى سـەپەر ئۈسـتىدە بولـۇپ (تۇتمىغـان بولـسا، تۇتمىغـان كۈنلەر ئۆچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾(بەقەرە سۈرىسى 185- ئايەت).

چۈنكى روزا تۇتـۇپ، ئـۇنى بۇزىـۋەتكەن كىـشى روزا تۇتمىغانغـا ئوخـشاشتۇر. شـۇڭا بۇنـداق كىـشىگە قـازا لازىـم كېلىـدۇ. ئەممـا مۇنـداق كىـشىگە كاپارەتنىـڭ لازىـم كېلىـشىنىڭ سـەۋەبى شـۇكى، روزا تۇتقـان كىـشى رامىـزان كۈندۈزىـدە، ھـېچ بىـر زورلانماسـتىن، بىلىـپ تـۇرۇپ، قەسـتەن ھالـدا روزىـسىنى بـۇزۇش ئـارقىلىق مۇبـارەك رامىـزان ئېيىنىـڭ ھـۆرمىتىنى بۇزغـان بولىدۇ. شۇڭا مۇنـداق كىـشىگە ئىـسلام شـەرىئىتىنىڭ بەلگىلىـگەن جازاسـى ئېغىـر بولىـدۇ، ئـۇ بولـسىمۇ بۇزغـان ھەربىـر كـۈنى ئۈچـۈن بىـر قـۇلنى ئـازات قىلىـش، ئەگەر ئۇنىڭغـا كـۈچى يەتمىـسە ئىككـى ئـاي ئارقـا- ئارقىـدىن ئـۈزمەي روزا تۇتۇشـتىن ئىبـارەتتۇر. ئىككـى ئـاي ئىچىـدە بىـرەر كـۈننى روزىـسىز ئۆتكـۈزۈپ قويغـان كىـشىنىڭ تۇتقـان بـارلىق روزىـسى بىكـار بولـۇپ كېتىـدۇ. مۇنـداق ۋاقىتتـا، ئـۇ كىـشى ئىككـى ئـايلىق بـۇ روزىنـى قايتىـدىن باشلاشـقا مەجبـۇر بولـۇپ قالىـدۇ. ئىككـى ئـاي ئارقـا- ئارقىـدىن روزا تۇتالمايـدىغان كىـشى يوقـسۇللاردىن ئـاتمىش كىـشىنى ئـۆزى يەيـدىغان نورمـال تامـاق بىـلەن بىـرقېتىم غىزالاندۇرۇش ئارقىلىق بۇ كاپارەتنى ئادا قىلىدۇ.

ئەبـۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، ئـۇ مۇنـداق دەيـدۇ:«بىـز پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالامنىڭ يېنىـدا ئولتۇراتتـۇق، بىـر ئـادەم كېلىـپ، - يـا رەسـۇلەللا! مەن ھـالاك بولـدۇم- دېـدى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام ئۇنىڭـدىن: - سېنى نـېمە ھـالاك قىلـدى؟- دەپ سورىۋىدى، بۇ ئـادەم:- مەن روزىـدار تـۇرۇپ ئايالىمغـا يېقىنچىلىـق قىلىـپ قويـدۇم- دەپ جاۋاب بەردى، بۇ ۋاقىتتـا پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام ئۇنىڭغـا:- بىـر قـۇل ئـازات قىلالامـسەن؟ - دەپ سـوئال قويـدى، ھېلىقـى ئـادەم- يـاق- دەپ جـاۋاب بەردى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام يەنە ئۇنىڭـدىن- ئىككى ئـاي ئارقـا- ئارقىـدىن روزا تۇتالامـسەن- دەپ سـورىدى، ئـۇ ئـادەم-

ياق ـ دەپ جاۋاب بەردى، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن،ـ 60 پېقىرغا تائام بېرەلەمسەن- دەپ سورىۋىدى بۇ ئادەم- ياق-دېدى، بۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ نەرسە دېمەي تۇرىۋىدى، ئۇنىڭغا بىر تاغار خورما كەلتۈرۈلدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :- سوئال سورىغان كىم؟-دەپ نىدا قىلىۋىدى، ھېلىقى ئادەم- مەن يارەسۇلەللا- دەپ ئورنىدىن تۇردى، بۇۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا،- بۇنى ئال ۋە سەدىقە قىلىۋەت- دېدى، ھېلىقى ئادەم- يارەسۇلەللا! بۇنى مەندىنمۇ پېقىر بىرسىگە سەدىقە قىلامدىمەن؟ ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،مەدىنىدە مېنىڭ ئائىلەمدىنمۇ پېقىر ئائىلە يوق- دىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى، ئاندىن ـ بولدى، بۇنى ئېلىپ كېتىپ ئائىلەڭگە سەدىقە قىل- دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام» (بۇخارى رىۋايىتى).

بۇھەدىس، رامىزان روزىسىنى بۇزغانىنىڭ كاپارىتىنى بايان قىلغان. كاپارەت- بۇ ھەدىستا كۆرسىتىلگەن تەرتىپ بويىچە ئادا قىلىنىدۇ، يەنى بىر قۇل ئازات قىلىش، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، ئىككى ئاي ئۇلىمەي روزا تۇتۇش، ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، 60 پېقىرغا تائام بېرىش ئارقىلىق ئادا تاپىدۇ.

مۇلاھىزە:

1 ـ بۇھەدىستە رامىزان روزىسىنى بۇزغانلىقنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن، رامىزان كۈندۈزىدە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلغانلىق مەسىلىسىلا كۆرسىتىلگەن. شۇڭا شاپىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرى بۇھەدىسقىلا ئاساسلىنىپ، رامىزان كۈندۈزىدە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىش ئارقىلىق روزىسىنى بۇزغان كىشىگە كاپارەت بىلەن قازا كېلىدۇ. ئەمما يېيىش ياكى ئىچىش ئارقىلىق روزىسىنى بۇزغان كىشىگە كاپارەت كەلمەيدۇ، بەلكى قازا لازىم كېلىدۇ، دەپ قارار قىلىدۇ. ئەمما ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھەبلىرى رامىزان روزىسىنى مەيلى جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن بۇزسۇن، مەيلى يېيىش ياكى ئىچىش بىلەن بۇزسۇن، ھەر ھالەتتە كاپارەت ۋە قازا لازىم كېلىدۇ، چۈنكى رامىزان كۈندۈزىدە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش، يېيىش ۋە ئىچىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى روزىنى بۇزىدىغان ئامىللاردۇر، دەپ قارا قىلىدۇ. بۇلار ھەدىستە بايان قىلىنغان يېقىنچىلىق مەسىلىسىگە، يېيىش ۋە ئىچىشلەرنى قىياس قىلىش( ئوخشىتىش) ئارقىلىق بۇھۆكۈمنى چىقارغان. بۇ مەسىلىدە، ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھەبلىرىنىڭ كۆرۈشلىرى كۈچلۈكتۇر، چۈنكى كاپارەت رامىزان ئېيىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىيالمىغانلىق ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر جازا بولغان ئىكەن، رامىزان روزىسىنى مەيلى جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن بۇزسۇن، مەيلى يېيىش ياكى ئىچىش بىلەن بۇزسۇن ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇ، رامىزان ئېيىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغان بولىدۇ.

مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىشتا قىياس بىلەن ئىش كۆرۈش ئىسلام فىقھىشۇناسلىقىنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ، رامىزان كۈندۈزىدە يېيىش- ئىچىش بىلەن روزىسىنى بۇزغان كىشى ئۈچۈن كاپارەتنى بەلگىلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان، دېمەك ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قىياس ئارقىلىق ھۆكۈم قىلغان.

2 ـ جىنسىي مۇناسىۋەت سەۋەبى بىلەن لازىم كەلگەن كاپارەت ئەر- ئايال ھەر ئىككىسىگە لازىم كېلىدۇ. ئەگەر ئەر كىشى ئايالىغا زورلۇق بىلەن ياكى ئايالى ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا يېقىنچىلىق قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا كاپارەت ئەر كىشىگىلا كېلىدۇ، ئايال كىشىگە كەلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىلمەستىن، ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ۋە زورلانغانلىقتىن ئىشلەنگەن خاتالىقلار ئەپۇ قىلىندى»دېگەن (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

3 ـ كاپارەت پەقەت رامىزان روزىسىنى بۇزغانلىق ئۈچۈنلا لازىم كېلىدۇ، ئەمما رامىزان روزىسىدىن باشقا، قازا، كاپارەت ۋە نەپلى روزىلارنى بۇزغانغا كاپارەت كەلمەيدۇ. چۈنكى كاپارەت رامىزان ئېيىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ، مۇبارەك ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىق ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر جازا بولغانلىقتىن، ئۇ، پەقەت رامىزان ئېيىغىلا خاستۇر.

ئىككىنچى، قازانىلا لازىم قىلىدىغان ئامىللار:

1 ـ ئادەتتە يېيىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى، مەسىلەن: قۇم، تۇپراق، كۆپ مىقداردىكى تۇز قاتارلىقلارنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ.

2 ـ قارنىدىكى يېمەكلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن قەستەن قۇسۇش روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ. ئەمما ئىختىيارسىز ھالدا قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دېگەن:«ئىختىيارسىز قۇسقان كىشىگە قازا كەلمەيدۇ، قەستەن قۇسقان كىشىگە قازا لازىم كېلىدۇ»(ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى).

3 ـ ئىپتارنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى گۇمان قىلىپ، ئېغىزىنى ئىپتاردىن بۇرۇن ئېچىۋاتقان ياكى تاڭ يورۇمىدى دېگەن گۇمان بىلەن تاڭ يورۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ يېيىشنى داۋام قىلغان كىشىگە قازا لازىم كېلىدۇ.

4 ـ روزىدار كىشىنىڭ قەستەن ئىھتىلام بولۇشى، يەنى روزىدار كىشىنىڭ ئايالىنى سۆيگەنلىكى ياكى قۇچاقلىغانلىقى سەۋەبتىن مېنى (سپېرم)نىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ياكى قولى بىلەن ئۇنى قەستەن چىقىرىشى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ.

5 ـ قۇرسىقىدىكى ياكى بېشىدىكى يارىغا دورا قۇيۇش بىلەن، بۇ دورا ئۇنىڭ ئىچىگە ياكى گېلىغا كىرىپ كەتكەن بولسا، بۇكىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە قازا لازىم كېلىدۇ. چۈنكى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:«روزا (ئادەتتىكى كىرىش ئورگانلىرى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىچىگە) كىرگەن نەرسىلەر بىلەن بۇزۇلىدۇ»دېگەن ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغان.

6 ـ بۇرۇنغا، قۇلاققا دورا تېمىتىش روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ. چۈنكى قۇلاق ۋە بۇرۇندىن كىرگەن نەرسىلەر ئېغىزدىن كىرگەنگە ئوخشاشتۇر. شۇنىڭدەك، تومۇرغا سېلىنغان قۇۋۋەت ئوكۇللىرى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ. ئەمما بەدەننىڭ قايسى بىر يېرىگە سېلىنغان نورمال ئوكۇللار روزىنى بۇزمايدۇ. چۈنكى بۇرۇن، ئېغىز ۋە قۇلاقتىن باشقا ئەزالار ئادەتتە، ئىچ قىسمىغا سىرتتىن بىرنەرسە قوبۇل قىلىش ئەزالىرىدىن سانالمايدۇ. شۇنىڭدەك كۆزگە سۈرمە تارتىش بىلەنمۇروزا بۇزۇلمايدۇ. كۆزگە تېمىتىلغان دورا ئەگەر گالغا ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ،- يارەسۇلەللا! كۆزۈم ئاغرىۋاتىدۇ، مەن روزىدارمەن، كۆزۈمگە سۈرمە تارتسام بولامدۇ؟- دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام- ھەئە، بولىدۇ- دەپ جاۋاب بەردى » (تىرمىزى رىۋايىتى).

7 ـ ئاياللارنىڭ رامىزان كۈندۈزىدە ھەيز كۆرۈشلىرى ياكى توغۇشلىرى روزىنى بۇزىدۇ ۋە قازانى لازىم قىلىدۇ. چۈنكى ئاياللارنىڭ روزىسىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتى ئۇلارنىڭ ھەيز ۋە نەپاسلاردىن پاك بولۇشىدۇر.

## روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار

مەكرۇھ ـ گۇناھغا يېقىن بولغان، ئەمما ئۇنى سادىر قىلىش بىلەن ئەمەل- ئىبادەت بۇزۇلمايدىغان، بەلكى ئەمەل- ئىبادەتنىڭ سۈپىتىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان ئىشلار دېمەكتۇر. ھەر ھالدا مەكرۇھ دېيىلگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش ياخشىدۇر.

روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار: بىر نەرسىنىڭ تەمىنى تېتىش، چايناش، ئاغزىغا تۈكرۈكنى يىغىپ يۇتۇش، ئەگەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىغا ئىشەنچ قىلالمىسا ئايالىنى قۇچاقلاش، سۆيۈش، تاماقنىڭ تۇزىنى تىلنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ تېتىش، شۇنىڭدەك روزىدار ئانىنىڭ بالىسىغا نان چايناپ بېرىشى قاتارلىقلاردۇر. ئەگەر نان ئانىنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە روزىسى بۇزۇلىدۇ. بۇۋاققا نان چايناپ بېرىدىغان باشقا ھېچكىم بولمىغاندا، ئانىسىنىڭ روزىدار بولسىمۇ چايناپ بېرىشى جائىزدۇر.

## روزىدا ئېسىدە يوق يەپ ياكى ئىچىپ قويغان كىشىنىڭ ھۆكمى

روزىدار كىشى ئېسىدە يوق ھالدا بىرنەرسە يەپ قويسا ياكى ئىچىپ قويسىمۇ، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. بەلكى روزىسىنى داۋام قىلدۇرىدۇ، روزىسى دۇرۇستۇر، ئۇنىڭغا قازامۇ كەلمەيدۇ. بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: » كىمكى روزىدارلىقى ئېسىدە يوق ھالدا بىرنەرسە يەپ قويسا ياكى ئىچىپ قويسا روزىسىنى بۇزمىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىقتۇر «(تىرمىزى رىۋايىتى). يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: « بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ۔ يا رەسۇلەللا! مەن روزىدار تۇرۇپ، ئېسىمدە يوق ھالدا يەپ۔ ئىچىپ قويدۇم۔ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ـ ئاللاھ تائالا سېنى غىزالاندۇرۇپتۇ، ۋە سۇغۇرۇپتۇ۔ دەپ جاۋاب بەردى » (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

مۇلاھىزە:

روزىدا خاتالاشقان كىشى بىلەن ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ پەرقى شۇكى، روزىدارلىقنى ئۇنتۇپ قالغان ھالدا، ئېسىدە يوق يەپ، ئىچىپ قويغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۇنىڭغا قازامۇ لازىم كەلمەيدۇ. ئەمما روزىدا خاتالاشقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە قازا لازىم كېلىدۇ. مەسىلەن : تاڭ ئاقاردى دەپ گۇمان قىلىپ، تاڭدىن كېيىنمۇ يېيىش۔ ئىچىشنى داۋام قىلىۋەرگەن ياكى كۈن پاتتى دەپ گۇمان قىلىپ، ئىپتاردىن بۇرۇن ئېغىزنى ئاچقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا قازا لازىم كەلگەنگە ئوخشاش.

## روزا تۇتقۇچىلارغا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار

روزا تۇتقۇچىلارغا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ مىسۋاك قوللىنىش. روزىدار كىشىنىڭ ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە، ھۆل ياكى قۇرۇق ھەرتۈرلۈك مىسۋاكلارنى قوللىنىشى جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:« مىسۋاك قوللىنىش۔ ئېغىزنى پاكلايدىغان، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان خىسلەتتۇر « (نەسائىي رىۋايىتى). يەنە بىر ھەدىستە: » ئۈممىتىمگە قىيىن كەلمەيدىغان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ھەر ناماز ئۈچۈن مىسۋاك قوللىنىشنى پەرز قىلغان بولاتتىم » دەيدۇ (بۇخارى رىۋايىتى).

2 ـ روزىدار كىشىنىڭ كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىشى ۋە دورا تېمىتىشى جائىزدۇر. چۈنكى

كۆز ئادەتتە، ئىچ قىسمغا سىرتتىن بىرنەرسە قوبۇل قىلىش ئەزالىرىدىن سانالمايدۇ. ئەگەر كۆزگە تېمىتىلغان دورىنىڭ تەمى گالغا ئۆتۈپ كەتكەن ھالەتتىمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى گالغا ئۆتكەن نەرسە دورىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئەسىرى سانىلىدۇ. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئىككى كۆزى ئۇمىە سەلىمە سۈرۈپ قويغان سۈرمە بىلەن تولغان ھالدا چىقتى، چۈنكى كۆز ئىچ قىسمغا نەرسە قوبۇل قىلىش ئەزالىرىدىن ئەمەس. گالغا ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە ئۇنىڭ ئەسىرىدۇر، ئۆزى ئەمەس»(تۆھفەتۇلفۇقەھا 1ـ جىلت 562ـ بەت)

3 ـ روزىدار كىشىنىڭ رامىزان كۈندۈزىدە يۇيۇنۇشى ياكى ئىسسىقتىن سۈرۈندەش ئۈچۈن سۇغا چۆمۈلۈشى جائىزدۇر. بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. بۇھەقتە ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەدساھابىلاردىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان :« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روزا كۈندۈزىدە، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى ياكى ئۇسسۇزلۇق سەۋەبىدىن بېشىغا سۇ تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق » (ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەدرىۋايىتى).

4 ـ روزىدار كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئېغىزـ بۇرنىغا سۇ ئېلىپ چايقىشى جايىزدۇر. روزىسىنى بۇزمايدۇ. ئېغىزنى چايقىغاندا سۇنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت توغرىلىق سورالغاندا :« يۇيۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەزالارنى تولۇق يۇيۇسەن، بارماقلارنىڭ ئارىسىنى سۇ بىلەن سىلايسەن، ئېغىزـ بۇرنۇڭغا سۇ ئالغاندا تولۇق ئالىسەن، ئەگەر روزىدار بولغان ۋاقتىڭدا (سۇنىڭ گېلىڭغا كىرىپ كېتىشىدىن) ئېھتىيات قىلغىن» دەپ جاۋاب بەرگەن (تىرمىزى رىۋايىتى).

ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، روزىدار كىشى ئېغىزـ بۇرنىنى چايقىغاندا سۇ ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئېھتىيات قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قەستەن روزىسىنى بۇزغان كىشىگە ئوخشاش سانىلىدۇ، دەپ قارار قىلىدۇ.

بۇ ماۋزۇدا، باشقا مەزھەب ئالىملىرىنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلىنىپ دەيمىزكى، بۇنداق كىشى روزىدا خاتالاشقان بولۇپ سانىلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۇنىڭ بۇزۇلغان روزىسى ئۈچۈن قازا لازىم كېلىدۇ، لېكىن ئۇ گۇناھكار بولمايدۇ. كاپارەتمۇ كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ، روزىسىنى قەستەن بۇزغان ئەمەس.

5 ـ داۋالىنىش مەقسىتى بىلەن بەدەنىنىڭ قايسى بىر يېرىگە بولمىسۇن ئۇكول

سالدۇرۇش ئارقىلىق روزا بۇزۇلمايدۇ. ئەمما غىزالىنىش ياكى كۈچلىنىش مەقسىتى بىلەن قۇۋۋەت ئۇكۇل سالدۇرسا روزىسى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسانىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى ئەۋرەت ئەزاسىنىڭ قايسى بىرىگە دورا قويۇشى بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

6 ـ روزىدار كىشى ئۇچۇن خۇشپۇراق گۇللەرنى، ئەتىرلەرنى پۇراش جائىزدۇر. چۈنكى ئادەمنىڭ ئىچىگە ئۆتكەن ھېچنەرسە بولمىغاچقا روزىغا زىيىنى يوق. ئەمما ئىسرىقنى پۇرىسا روزىسى بۇزۇلىدۇ. ئىسرىق قىلىنغان ھاۋا ئۆپكىگە كىرىدۇ. ئەمما ئادەمنىڭ ئىچىگە ئۆتكەن ھىدلار ئاشقازانغا بارمايدۇ. شۇڭا خۇشپۇراقلارنى قوللىنىش روزىغا ھېچقانداق سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى پايدىلىقتۇر. بۇھەقتە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:«روزا تۇتقان كۈنۈڭلاردا خۇشپۇراقلارنى قوللىنىشنى ۋە چېچىڭلارنى تاراشنى ئۇنۇتماڭلار» (بۇخارى رىۋايىتى).

7 ـ روزىدار كىشى جىنابەتتىن يۇيۇنۇش ئىشىنى تاڭ ئاتقاندىن كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە كېچىكتۈرسىمۇ بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان كۈنلىرىنىڭ بەزىسىدە، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن جىنابەتتىن يۇيۇنۇپ، ئاندىن روزىنى داۋاملاشتۇراتتى» (تىرمىزى رىۋايىتى).

بۇھەدىس، جۇنۇپ كىشىنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن جۇنۇپ بولغان كىشىنىڭ بامدات نامىزىنى قازا قىلماسلىق ئۈچۈن تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، پاكلىنىشى لازىم. ئەگەر ئۇ، تاڭدىن بۇرۇن يۇيۇنماي، كۈندۈزى يۇيۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى دۇرۇستۇر. ئەمما بامدات نامىزىنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ئايال كىشى ئەگەر كېچىدە ھەيزدىن پاكلىنىپ، روزا تۇتقان ۋە يۇيۇنۇشنى كۈندۈزگىچە كېچىكتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى دۇرۇستۇر. ئەمما بامدات نامىزىنى كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

## روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار

مۇستەھەب- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئورۇنلىغان ئەمەللەر دېمەكتۇر. مۇستەھەب ئەمەللىرىنى ئورۇنلىغان كىشى سۈننەت ئەمەللىرىنى ئورۇنلىغانلىقنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. مۇستەھەب- تەكىتسىز سۈننەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

روزا تۇتقان كىشى ئۈچۈن مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ سۇھۇر

سۇھۇر- تاڭ ئاقىرىشتىن بۇرۇن يېيىش، ئىچىش دېمەكتۇر. سۇھۇرلۇق يېيىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى ۋە سۇھۇرلۇق يېيىشنى تەرك ئەتكەنگە گۇناھ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تاڭ يورۇغانغا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار... ﴾. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سۇھۇرلۇق يەڭلار، ئۇنىڭدا بەرىكەت باردۇر»(بۇخارى رىۋايىتى).

سۇھۇرلۇقتىن ئېغىزنى يېپىشنى تاڭ ئاقىرىشقا ئازراق قالغان ۋاقىتقىچىلىك كېچىكتۈرۈش سۈننەتتۇر.

سۇھۇرنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى توغرۇلۇق زەيد ئىبنى سابىت روزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە سۇھۇرلۇق يېدۇق، ئاندىن ئۇ، نامازغا تۇردى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن- سۇھۇر بىلەن ئەزاننىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتىدۇ؟- دەپ سورىۋىدىم، ئۇ- قۇرئان كەرىمدىن ئەللىك ئايەت ئوقۇپ بولغىچىلىك ۋاقىت ئۆتىدۇ- دەپ جاۋاب بەردى»(بۇخارى رىۋايىتى ).

2 ـ ئىپتارغا ئالدىراش

روزىدار كىشىنىڭ قۇياش پېتىشى بىلەن تەڭ كېچىكمەستىن ئىپتار قىلىشى مۇستەھەبتۇر. سەھل ئىبنى سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىشىلەر ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىغانلىقىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ھەمىشە كۆرگۈچىدۇر» (بۇخارى رىۋايىتى).

ئىپتارنى كۈن پېتىشى بىلەن ھامان قىلىشنىڭ ئەۋزەل بولۇشىدىكى ھېكمەت: روزا تۇتقان كىشىنىڭ زىيادە ماغدۇرسىزلانماسلىقى ۋە ئىپتارنىڭ يەھۇدى، خىرىستىئانلارنىڭ ئىپتار قىلىش ئادەتلىرىگە ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇلار روزا تۇتسا ئىپتارنى كۆكتە يۇلتۇزلار كۆرۈنگەنگە قەدەر كېچىكتۈرىدۇ.

3 ـ ئىپتارنى خورما بىلەن قىلىش

ئىپتار قىلغاندا ئېغىزنى خورما بىلەن، ئەگەر خورما بولمىسا سۇ بىلەن ئېچىش مۇستەھەبتۇر. سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«سىلەر ئىپتار قىلغىنىڭلاردا، ئېغىزىڭلارنى خورما بىلەن ئېچىڭلار، چۈنكى خورما بەرىكەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەگەر خورما بولمىسا، سۇ بىلەن ئېچىڭلار، چۈنكى سۇ پاك ماددىدۇر» (تىرمىزى رىۋايىتى).

ئىپتارنى نامىاز شامنى ئوقۇشتىن بۇرۇن قىلىش ياخشىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال ئىپتار قىلاتتى، ئاندىن كېيىن شام نامىزىنى ئوقۇيتتى» (مۇسلىم رىۋايىتى).

شام نامىزىنى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، غىزالىنىش كېرەك. ئەگەر قورساق قاتتىق ئاچقان بولسا ياكى تاماق ھازىر بولۇپ قالغان بولسا، ئاۋۋال غىزالىنىپ بولۇپ، ئاندىن نامازغا تۇرۇش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى قورساقنى تويغۇزۇپ، كۆڭۈلنى ئارام تاپقۇزۇپ، ئاندىن ناماز ئوقۇمىغاندا ، كۆڭۈل غىزا بىلەن مەشغۇل بولۇپ قىلىپ، نامازدىكى دىققەتكە نوقسان يېتىشى ئېھتىمال. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «غىزا ھازىرلىنىپ بولغان بولسا، ئاۋۋال غىزالىنىپ، ئاندىن نامازغا تۇرۇڭلار، غىزالىنىشنى كېچىكتۈرمەڭلار» (بۇخارى رىۋايىتى).

4 ـ ئىپتار ۋاقتىدا دۇئا قىلىش

ئىپتار ۋاقتىدا قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئىجابەت قىلىنىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ روزا تۇتقان بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئاملىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن:« شۈبھىسىزكى، روزىدار كىشىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ»(ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتار ۋاقتىدا مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم ۋە سەن ئاتا قىلغان رىزىق بىلەن ئىپتار قىلدىم» ( ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى ). يەنە مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: « ئى رەھمىتى ھەممىگە كەڭ بولغان ئىلاھىم! سېنىڭدىن گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلەيمەن» ( ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

5 ـ روزا تۇتقۇچىلارنى ئىپتار قىلدۇرۇش

روزا تۇتقان كىشىلەرنى ئىپتار قىلدۇرۇش ۋە ئىپتار قىلغۇچىلارنىڭ ئۆيى ئېگىسىگە دۇئا قىلىشى مۇستەھەبتۇر. ئاللاھ تائالا روزا تۇتقۇچىغا ۋە ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا كاتتا ئەجىر، ساۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:« كىمكى بىرەر روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا روزا تۇتقان ئادەمگە بېرىلگەن ساۋابنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن روزا تۇتقان كىشىنىڭمۇ ئەجرى ھەرگىز كېمىيىپ كەتمەيدۇ» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى). يەنى ئاللاھ تائالا روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا بېرىدىغان ساۋابنى، روزىدارنىڭ ساۋابىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز پەزلىدىن بېرىدۇ دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆيىدە ئىپتار قىلغىنىدا، مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان : « سىلەردە روزىدارلار ئىپتار قىلدى، تائامىڭلارنى ياخشىلار يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن چۈشتى» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

سۈننەت شۇكى، كىشى گەرچە نەپلى ئۈچۈن روزا تۇتقان بولسىمۇ، كۈندۈزدە ئۇنى بىلمەستىن بىرسى تاماققا تەكلىپ قىلسا «مەن روزىدارمەن» دەپ چىرايلىقچە رەت قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزىدار ۋاقتىدا تاماققا تەكلىپ قىلىنسا، ”مەن روزىدارمەن“دەپ رەت قىلسۇن»(تىرمىزىي رىۋايىتى). چاقىرىلغان كىشىنىڭ ئۇ ئەگەر نەپلى روزا تۇتقان بولسا ـ ئۆي ئىگىسىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن روزىسىنى بۇزۇپ، كېيىن قازاسىنى تۇتۇشى ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭدەك نەپلى ئۈچۈن روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئۆيىگە كۈندۈزى مېھمان كېلىپ قالغاندا، مېھماننىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن روزىسىنى بۇزۇپ، كېيىن قازاسىنى تۇتۇشى ئەۋزەلدۇر.

## ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللار ھەققىدە

ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ناماز ئوقۇشى، قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىشى، قۇرئان كەرىمنى تۇتۇشى ۋە كەبىنى تاۋاپ قىلىشى جائىز بولمىغاندەك، ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشلىرىمۇ جائىز ئەمەستۇر. ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى، ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇشىنىڭ قەتئىي توغرا ئەمەسلىكىنى، ئەگەر ئۇلار روزا تۇتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇھالەتتە تۇتقان روزىسىنىڭ بىكار بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەيز ۋە نەپاسلىق ۋاقىتلىرىدا تۇتالمىغان پەرز روزىلىرىنى پاك بولغان باشقا ۋاقىتلاردا تۇتۇشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى قارار قىلىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، ئايلىق ئادەت ئىچىدە بولغان ۋاقىتلىرىمىزدا روزا تۇتمايتتۇق، ناماز ئوقۇمايتتۇق. روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇلاتتۇق، ئەمما نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايتتۇق» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

كىچىك بالىلارغا گەرچە روزا پەرز بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئىبادەتلەرگە ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى روزا تۇتقۇزۇش ياخشى ئىشتۇر. رۇبەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« كىچىك بالىلىرىمىزنى روزا تۇتقۇزاتتۇق، مەسچىتكە ئېلىپ باراتتۇق، ئۇلارغا يۇڭدىن ئويۇنچۇقلارنى ياساپ بېرەتتۇق، ئۇلار ئاچلىقتىن يىغلاشقا باشلىغاندا، بۇ ئويۇنچۇقلار بىلەن ئۇلارنى مەشغۇل

قىلاتتۇق»(بۇخارى رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك باللارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئورۇنلاشقا كۆندۈرۈشكە ئەمىر قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ، ئەمەل- ئىبادەتلەرنى قىزغىنلىق بىلەن ئادا قىلىدىغان، شەرىئەتنىڭ تەكلىپلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئېغىر كۆرمەيدىغان بولۇپ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:«باللىرىڭلارنى يەتتە يېشىدا نامازغا ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە نامازنى ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار. ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار»(ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى).

بۇ ھەدىستىكى: «ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار» دېگەن ئەمىر، قىز- ئوغۇللار ئون ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى بىر- بىرىدىن ئايرىپ، ئوغۇللارنى ئايرىم، قىزلارنى ئايرىم ئۆيدە ياتقۇزۇڭلار دېگەنلىكتۇر. چۈنكى باللار ئون ياشتىن كېيىن بالاغەتكە يېتىشكە باشلايدۇ. قىز- ئوغۇللارنى بۇياشلىرىدا ئايرىم ياتقۇزمىغاندا، ئۇلارنىڭ بىر- بىرىدىن ھايا قىلىدىغان، بىر- بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئەدەپ- ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىشىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يېتىدۇ.

## مۇساپىر ۋە كېسەل كىشىلەر ھەققىدە

ئىسلام دىنى شەرىئىتى كېسەل، مۇساپىر (يەنى يول ئۈستىدە بولغان) كىشىلەر ئۈچۈن رامىزان كۈنلىرىدە روزا تۇتماسلىقنى رۇخسەت قىلغان. كېسەللەر شىپا تاپقاندىن، مۇساپىرلار يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، رامىزاندا تۇتمىغان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن، كىمكى كېسەل ياكى مۇساپىر بولۇپ، (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾(بەقەرە سۈرىسى 185- ئايەت).

ھەرقانداق كېسەل كىشىنىڭ بۇ كېسەللىكىنى باھانە قىلىپ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت يوقتۇر. كېسەل ئادەتتە ئېغىر كېسەللەردىن بولۇشى ۋە بۇھالەتتىكى كېسەل كىشى ئەگەر روزا تۇتسا، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغانلىقى ياكى ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىدىغانلىقى دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشى ياكى تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنلىرى ئارقىلىق ئېنىق بىلىنگەن بولسا بۇنداق كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەتتۇر. ئەمما ئادەتتىكى باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى ۋە رېۋماتىزىمغا ئوخشىغان يېنىك ئاغرىقلار روزا تۇتماسلىققا ئۆزۈر بولالمايدۇ. بۇنداق ئاغرىغان كىشىلەر روزا تۇتۇشتىن باش تارتالمايدۇ. شۇنىڭدەك روزا تۇتسا ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان،

ياكى كېچە- كۈندۈز دورا ئىچىپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىنغانلىقتىن، كۈندۈزى دورا ئىچمىسە كېسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ياكى شىپا تېپىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشى ئېنىق بولغان كېسەللەرنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەتتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاسانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىردىندۇر. شۇڭا دىندا قىيىنچىلىقلارغا كىشىلەرنى زورلاش يوقتۇر. ئەمەل - ئىبادەتلەردە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇساپىرلارنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتماسلىقى ئۈچۈن سەپەرنىڭ، ئادەتتە نامازنى قەسر قىلىشقا ئۇيغۇن بولغان سەپەر بولۇشى شەرتتۇر. ئۇبولسىمۇ ئەڭ ئاز 90 كىلو مېتىر مۇساپىلىك يولغا سەپەر قىلىشدۇر. ئەگەر سەپەر 90 كىلو مېتىردىن قىسقا مۇساپىلىك بولسا بۇنداق كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى قىسقا مۇساپىلىك سەپەردە قىيىنچىلىق بولمايدۇ. مۇساپىرنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ يولدىكى ئاز - تولا قىيىنچىلىقلارنىڭ يۈزىسىدىن بولسا كېرەك.

سەپەر مەيلى رامىزان ئېيىدىن بۇرۇن باشلانغان بولسۇن، مەيلى رامىزان ئىچىدە باشلانغان بولسۇن ھەر ھالەتتە، رامىزان كۈنلىرىدە سەپەردە بولغان كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت باردۇر. ئەگەر كىشى مۇقىم ھالىتىدە رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ، شۇكۈنى سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ سەپەرگە چىققانلىقى سەۋەبى بىلەن روزىسىنى بۇزۇشى ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھەبلىرىگە كۆرە، توغرا ئەمەستۇر. بۇنداق قىلغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. شاپىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىگە كۆرە، جائىزدۇر. ئۇنىڭغا پەقەت قازالا لازىم كېلىدۇ. ئەمما پۈتۈن مەزھەبلەردە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن مەسىلە: مۇقىم ھالىتىدە روزا تۇتۇپ، شۇكۈنى سەپەرگە چىققان كىشى سەپەردە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسا، مۇنداق كىشىنىڭ روزىسىنى بۇزۇشى جائىزدۇر. كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىستۇر: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە فەتھى (ئازات) بولىدىغان كۈنى مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە ”قۇرائۇلغانىم“ دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر روزا تۇتتى، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە روزا تۇتقان ئىدى. بۇۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، - روزا كىشىلەرنى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈردى، ئۇلار سىزنىڭ نېمە دەپ ئەمىر قىلىشىڭلارنى كۈتمەكتە- دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىستاكان سۇنى ئېلىپ كېلىپ پېشىن ۋاقتىدا ئۇنى ئىچتى، كىشىلەر ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى. شۇندىن كېيىنمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ روزىغا داۋام قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ، ئۇلار ئاسىيلاردۇر،- دېدى»(مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايىتى).

مەككە فەتھى بولغان كۈن رامىزان ئىدى. ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، سەپەردە روزا تۇتسا ئۆزىنىڭ ھاياتىغا زىيان يېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى ھارامدۇر. ئۇنىڭ بۇھالەتتە تۇتماسلىقى پەرزدۇر. شۇنىڭدەك سەپەر مۇساپىسىدە بولمىسىمۇ، جىھادتا بولغان كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقى ياخشىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى شۇنداق قىلغان. يۇقىرىقىلار رامىزان روزىسى ئۈچۈندۇر. سەپەرگە چىققان كىشىنىڭ تۇتقان روزىسى ئەگەر نەپلى روزىلاردىن بولغان بولسا، ئۇنى بۇزۇش شەرتسىز دۇرۇستۇر. كىشى ئەگەر ساقلىق ھالىتىدە روزا تۇتۇپ، شۇ كۈنى قاتتىق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىق سەۋەبتىن روزىسىنى بۇزسا گۇناھ بولمايدۇ. كېيىن ساقايسا قازاسىنى تۇتىدۇ. مۇساپىر رامىزان ئىچىدە سەپەردىن قايتسا ۋە كېسەل كىشى كېسىلىدىن شىپا تاپقان بولسا، روزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇرۇنقى سەپەر ياكى كېسەل سەۋەبى بىلەن تۇتالمىغان روزىلىرىنى رامىزاندىن باشقا ئايلاردا تۇتىدۇ. رامىزاندا تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ روزىسىنى، رامىزاندىن كېيىنكى ئايدىلا تۇتۇشى شەرت ئەمەس، بەلكى كېلىدىغان رامىزانغىچە قايسى بىر ئايدا تۇتۇپ ئادا قىلسا بولىدۇ.

## مۇساپىر ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئەۋزەلمۇ ياكى تۇتماسلىقمۇ؟

پۈتۈن ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى مۇساپىر كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقىنىڭ جائىز (يەنى دۇرۇس) ئىكەنلىكى ۋە ئەگەر روزا تۇتسا تۇتقان روزىسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقىدا ئىتتىپاقتۇر. ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:- سەپەردە روزا تۇتايمۇ ياكى تۇتمايمۇ؟- دەپ سورىۋىدىم، ئۇ:- خالىساڭ تۇتقىن، خالىساڭ تۇتمىغىن،- دەپ جاۋاب بەردى» (بۇخارى رىۋايىتى). ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى«مۇساپىر ئۈچۈن روزا تۇتۇش ئەۋزەلمۇ ياكى تۇتماسلىقمۇ؟ »دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان. ھەنەفىي، شافىئىي ۋەمالىكى مەزھەبلىرىگە كۆرە، روزا تۇتسا ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ روزا تۇتقىنى تۇتمىغىنىدىن ئەۋزەل، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ تۇتمىغىنى تۇتقىنىدىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى رامىزاندا روزا تۇتۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى، سەپەر سەۋەبى بىلەن روزا تۇتماسلىق ئۇنىڭ رۇخسىتىدۇر. شۇڭا رۇخسەتكە ئەمەل قىلغاندىن كۆرە، ئەمىرگە ئەمەل قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، مۇساپىرلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلغان ئايەتنىڭ ئاخىرىدا:﴿ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئۇچۇق يۈرۈشتىن)ياخشىدۇر﴾ دەيدۇ (بەقەرەسۈرىسى 184- ئايەت).

ئەمما ھەنبەلى مەزھەبىگە كۆرە، مۇساپىرنىڭ روزا تۇتمىغىنى تۇتقىنىدىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەمىر- پەرمانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ياقتۇرغاندەك، رۇخسەتلىرىنىڭمۇ ئىجرا قىلىنىشىنى ياقتۇرىدۇ. مۇساپىرنىڭ روزا تۇتماسلىقى ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىدۇر. يۇقىرىقىلار چىققان سەپىرىدە ئارتۇق قىيىنچىلىق ياكى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە مۇشەققەت كۆرمەيدىغان مۇساپىرلارغا خاس ھۆكۈملەردۇر. ئەمما روزا تۇتسا ئېغىر قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىدىغان مۇساپىرلارنىڭ تۇتمىغىنى تۇتقىنىدىن ئەۋزەللىكىدە ئىختىلاپ يوقتۇر، ئەلۋەتتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە كېيىنكى ساھابىلارنىڭ دەۋرلىرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزاندا سەپەرگە چىققانلاردىن بەزىسى روزا تۇتاتتى، بەزىسى تۇتمايتتى. تۇتقانلا تۇتمىغانلارنى ياكى تۇتمىغانلار تۇتقانلارنى ئەيىپلىمەيتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن رامىزان ئايلىرىدا سەپەرلەرگە چىقاتتۇق، روزا تۇتقانلار تۇتمىغانلارنى ياكى تۇتمىغانلار تۇتقانلارنى ئەيىپلىمەيتتى»(بۇخارى رىۋايىتى).

ئەمما مۇساپىر كىشىنىڭ نەپلى روزا تۇتۇشى جائىز ئەمەستۇر. شەرىئەت تەبىرى بىلەن مەكرۇھتۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدە ئىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ بىر ئادەمگە كۆلىنىڭ ئىسسىغىدىن سايا سېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋالغىنىنى كۆرۈپ،- بۇ نېمە ئىش؟- دەپ سورىۋىدى، كىشىلەر،- بۇ ئادەم روزا تۇتقان ئىدى،- دەپ جاۋاب بېرىشتى، بۇۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام،- سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشى ئىشلاردىن ئەمەس- دېدى »(بۇخارى رىۋايىتى).

## ھامىلدار، بالا ئېمىتىدىغان ئاياللارۋە ياشىنىپ قالغان كىشلەر ھەققىدە

ئىسلام شەرىئىتى ھامىلدار(يەنى ئېغىر ئاياق) ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ئەگەر روزا تۇتسا، ئۆزلىرىنىڭ ياكى بۇۋاقلىرىنىڭ ساقلىقىغا زىيانلىق بولۇشىدىن قورقسا، ئۇلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ياشىنىپ قالغان ئەر ۋە ئايال كىشلەرنىڭمۇ روزا تۇتماي، رامىزاننىڭ ھەر بىر كۈنى ئۈچۈن بىر پېقىر تويغۇدەك مىقداردا فىديە (ماددىي بەدەل) بېرىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر پېقىر تويغۇدەك فىديە بېرىشى لازىم﴾(بەقەرە سۈرىسى 184- ئايەت).

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دېگەن:« ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ئەگەر روزا

تۇتمىسا، ئۇلار قازاسىنى كېيىن تۇتىدۇ. فىدىيە بېرىشى لازىم كەلمەيدۇ»(«ئەل ئىختىيار» دىن).

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دېگەن:«قېرىلىقتىن، ئاجىزلىقتىن ياكى كېسەللىكتىن روزا تۇتمىغان كىشى ئەگەر شىپا تېپىشتىن ئۈمىتسىز بولسا، تۇتمىغان ھەربىر كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىن تويغۇدەك مىقداردا فىدىيە تۆلەيدۇ» («ئەلمۇغنىي» دىن).

**ئۈستىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك روزىسى قالغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ھەققىدە**

رامىزان روزىسىنى تۇتۇش- ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇنى ئۆزى تۇتۇشىغا بۇيرۇلغان پەرز ئەيىندۇر. ئۇ جىسمانىي ئىبادەتتۇر. خۇددى بەش ۋاخ ناماز بىرسىنىڭ باشقا بىرسى ئۈچۈن ئوقۇپ قويۇشى بىلەن ئادا تاپمىغاندەك، روزىمۇ باشقا بىرىنىڭ تۇتۇپ قويۇشى بىلەن ئادا تاپمايدۇ. ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. ھەنەفىيى، شافئىي ۋە مالىكىي مەزھەبلىرىگە كۆرە، بىراۋ ئۈستىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان روزىسى قالغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ ئۇنىڭ تۇتالمىغان روزىسىنى تۇتۇپ قويۇشى جائىز ئەمەس، پەقەت ئۆلگۈچىنىڭ تۇتالمىغان روزىسىنىڭ ھەر بىر كۈنلىكى ئۈچۈن پېقىرلارغا ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر ۋاخلىق تاماقتىن ھېسابلاپ فىدىيە بېرىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ روزىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مونۇ ھەدىسىدۇر:«بىر ئايلىق روزىسىنى تۇتالماستىن ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بىر كۈنلىكىگە بىر مىسكىننى تويغۇزسۇن»(تىرمىزى رىۋايىتى).

بۇھەدىسنىڭ روھى بويىچە، بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىنىڭ ئۈستىدىكى ئىبادەتلىرىنى ئورۇنلاپ قويۇشى جائىز ئەمەس، پەقەت ھەج قىلىپ قويالايدۇ. يەنى بىر كىشى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىكتىن باشقىسىغا ھاۋالە قىلغان بولسا ياكى ئۆلۈشىدىن بۇرۇن ئۆزى ئۈچۈن ھەج قىلىنىشىنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن باشقا بىرسىنىڭ ھەج قىلىپ قويۇشى جائىز. ئەمما مۇندىن باشقا ئىبادەتلەرنى بىرىنىڭ باشقا بىرى ئۈچۈن قىلىشى جائىز ئەمەستۇر. ئەمما ھەنبەلى مەزھىبىگە كۆرە، ئۈستىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك روزىسى قالغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ روزىسىنى، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى تۇتۇپ قويسا بولىدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر:«ئۈستىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك روزىسى قالغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ تۇتالمىغان روزىسىنى، ئۇنىڭ

تۇغقانلىرى ئادا قىلىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

كۆپچىلىك ئالىملار بۇھەدىسنىڭ مەنىسىنى تەۋىل قىلىپ، بۇنىڭ مەنىسى: تۇغقانلىرى ئۇنىڭ تۇتمىغان روزىسى ئۈچۈن مىسكىنلەرگە تائام بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىدە قالغان روزىنى ئادا قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۇلار مىسكىنلەرگە تائام بەرسە خۇددى ئۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتۇپ قويغانغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆلۈكنىڭ ئۈستىدىكى تۇتالمىغان روزىلىرى ئادا تاپقان بولىدۇ، دەپ قارار قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە يۇقۇرىدىكى مەزھەبلەرنىڭ قارارلىرى ئەڭ كۈچلۈكتۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئۈستىدە تۇتۇشقا تېگىشلىك روزىسى قالغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن تۇغقانلىرى ئۇنىڭ تۇتالمىغان روزىسىنىڭ ھەر بىر كۈنگە بىر مىسكىن تويغۇدەك فىديە بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ روزىسىنى ئادا قىلىدۇ، دېگەن قاراردۇر.

پۈتۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى، كېسەللىك ياكى سەپەردە بولغانلىق سەۋەبتىن تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ بولغىچىلىك ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن روزا تۇتۇش ياكى فىديە بېرىشمۇ لازىم كەلمەيدۇ، دېگەن قاراردا ئىتتىپاقتۇر.

# تۆتىنچى بۆلۈم: روزىنىڭ تۈرلىرى

## روزىنىڭ تۈرلىرى

روزا 6 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، ھارام، مەكرۇھ ۋە نەپلىدۇر. بۇلارنىڭ تەپسىلى بايانى تۆۋەندىكىچە:

## پەرز بولغان روزىلار

پەرز روزىلار: رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى، كاپارەتنىڭ روزىسى ۋە رامىزاندا تۇتالمىغان روزىلارنىڭ قازاسى قاتارلىقلاردۇر. كاپارەتنىڭ روزىسى - رامىزان روزىسىنى قەستەن بۇزغانلىق ياكى قەسەمنى بۇزغانلىق ياكى ھەجگە ئېھرام باغلىغاندا، ئېھرامغا نۇقسان يېتىدىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىق سەۋەبتىن جازا ئورنىدا بەلگىلەنگەن روزىدۇر.

## ۋاجىب بولغان روزا

ۋاجىب روزا: نەپلى ئۈچۈن روزا تۇتۇپ، ئۇنى بۇزۇۋەتكەنلىك ياكى مەلۇم ۋاقىتتا روزا تۇتىمەن دەپ ئاتىۋاتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئۈستىگە يۈكلەنگەن روزا بولۇپ، ئۇنى تۇتۇش ۋاجىبتۇر.

## سۈننەت بولغان روزىلار

(1) ئەرەفات كۈنىنىڭ روزىسى

ئەرەفات - زۇلھەججىنىڭ 9 - كۈنى (يەنى ئەرتە قۇربان ھېيت دېگەن كۈن)، ئەرەفات كۈنى قەدىر كېچىسىدىن قالسا ئىسلام نەزىرىدە ئەڭ ئۇلۇغ كۈندۇر، چۈنكى بۇ كۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرگە جەم بولۇپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق گۇناھلاردىن پاكلىنىدىغان كۈندۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى بۇكۈندە روزا تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:﴿ ئاللاھ تائالانىڭ ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئۆتكەن ۋە كېيىنكى يىلدىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن﴾(تىرمىزى رىۋايىتى).

يەنە ئۇ، ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىلىق سورالغاندا:«ئۆتكەن ۋە كېلىدىغان يىلدىكى (ئىككى يىللىق) گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن(مۇسلىم رىۋايىتى).

ئەرەفات كۈنىنىڭ روزىسىنى ئەرەفاتتا ھازىر بولمىغانلار يەنى ھاجىلاردىن باشقىلارنىڭ تۇتۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئەرەفاتتا بولغان كىشى ئۇچۇن بۇ كۈندە روزا تۇتۇش ھەققەتەن قىيىن كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن روزا تۇتۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. بەلكى تۇتماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:« مەن ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئەرەفاتتا تۇرغان ئادەمنىڭ روزا تۇتۇشى ھەققىدە سورىدىم، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتا بولغان كىشىنىڭ روزا تۇتۇشىنى مەنئى قىلغان، - دەپ جاۋاب بەردى» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

## ئەرەفات كۈنىنىڭ پەزىلىتى

ئەرەفات كۈنى بولسا، پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەڭ بۈيۈك بايرام كۈنىدۇر. بۇ كۈن زېمىن ئەھلى بىلەن ئاسمان ئەھلىنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) جەم بولىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىدىغان ئالاھىدە ئۇلۇغ بىر كۈنىدۇر. شۇڭا بۇكۈندە ئەرەفاتتا ھازىر بولغان كىشىنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ، خۇددى ئانىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىدىكىدەك پاك بولىدۇ. بۇ كۈندە ئەرەفاتتا بولالمىسىمۇ - روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىككى يىللىق گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم قەدىر كېچىسىدە چۈشۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئەرەفات كۈنىدە تاماملانغان. قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ ئاخىرىدا چۈشۈش بىلەن ئىسلام دىنى تاكامۇللاشقان ۋە قۇرئان كەرىم پۈتۈنلەنگەن ئايەت بۇ دۇر: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾(مائىدە سۈرىسى 3- ئايەت).

بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «يەھۇدىلاردىن بىر ئادەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، - ئەي مۆمىنلەرنىڭ سەردارى! سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردا بىرئايەت بار، ئەگەر ئۇ ئايەت بىز يەھۇدىلارغا چۈشكەن بولغان بولسا ئىدى، بىز شۇئايەت چۈشكەن كۈننى بايرام كۈنى دەپ ئېلان قىلغان بولاتتۇق،- دېگەندە، ئۆمەر- ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ ئايەتنىڭ رەسۇلۇللاغا چۈشكەن كۈننى ۋە سائىتىنى ياخشى بىلىمەن. بۇ ئايەت ئەرەفات كۈنى كەچ ۋاقتىدا چۈشكەن، ئۇ كۈن جۈمە كۈنلۈك ئىدى »(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

دېمەك، جۈمە كۈنلۈكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك بايرام كۈنى بولۇپ، بۇ كۈن كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر. ئەرەفات كۈنى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك بايرام

كۈنىدۇر. قۇرئان كەرىم مۇشۇنداق ئىككى بايرامنىڭ بىرلەشكەن كۈنىدە نازىل بولغاچقا، بۇكۈن بايرام ئۈستىگە بايرام بولغان ئەڭ شەرەپلىك ۋە قىممەتلىك بىر كۈندۇر. بۇ كۈننى قەدىرلەش ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

(2) ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسى

ئاشۇرا- قەمەرىيە ئايلىرىدىن مۇھەررەم ئايىنىڭ 10- كۈنى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كۈندە روزا تۇتاتتى ۋە باشقىلارنىمۇ تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلاتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگىنىدە، يەھۇدىلارنىڭ ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ كۈندە روزا تۇتىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇلار جاۋاب بېرىپ،- بۇ كۈن مۇبارەك كۈندۇر، بۇ كۈندە ئاللاھ تائالا مۇسا پەيغەمبەر بىلەن ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، پىرئەۋننى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ سۇدا غەرق قىلغان كۈندۇر. مۇسامۇ بۇ كۈندە روزا تۇتاتتى- دېيىشىدۇ. بۇۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام – مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئۈچۈن مەن سىلەردىن ھەقلىقمەن،- دەيدۇ ۋە بۇ كۈندە روزا تۇتىدىغان بولىدۇ. باشقىلارنىمۇ روزا تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ »(بۇخارى رىۋايىتى)

ئاشۇرا كۈندە روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ بۇكۈنگە ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىرەر كۈننى قوشۇپ تۇتۇشى سۈننەتتۇر. بۇ، ئىسلامىي روزىنى ئەھلى كىتابلارنىڭ روزىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى يەھۇدىلار ئاشۇرا كۈنىدىلا بىر كۈن روزا تۇتىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتماقچى بولسا، مۇھەررەمنىڭ 9-10- كۈنلىرى ياكى 10- 11-كۈنلىرى ئىككى كۈن تۇتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتۇڭلار، بىراق بۇ روزىنى يەھۇدىلارنىڭ روزىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاشۇرا كۈنىنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىر كۈننى قوشۇپ تۇتۇڭلار» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

شۇڭا ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتقان ئادەم مۇسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلغان بولۇپ، كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

(3) دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىنىڭ روزىسى

دۈشەنبە كۈنلۈكى بولسا، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنى، بۇ، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇبارەك كۈندۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى ئادەت قىلغان ۋە باشقىلارنىمۇ تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلغان. ئۇ، نېمە ئۈچۈن دۈشەنبە

كۈنـدە روزا تۇتـىدىغانلىقى توغرىلىـق سـورالغىنىدا مۇنـداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بـۇ كۈنـدە مەن دۇنياغا كۆز ئاچتىم، بۇ كۈندە ماڭا ۋەھىي كېلىشكە باشلىدى»(بۇخارى رىۋايىتى).

پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالام بـۇ هەدىـستە، دۈشـەنبە كۈنـدە روزا تۇتۇشـنىڭ غايىـسىنى ۋە سـەۋەبىنى ئوچـۇقلاپ، بـۇ كـۈن ئۆزىنىـڭ دۇنياغـا كەلـگەن ۋە ۋەھىنىـڭ باشـلانغان كـۈنى ئىكەنلىكىنـى بايـان قىلغـان. شۈبهىـسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيهىسـسالامنىڭ دۇنياغـا كېلىـشى، ئاللاھنىـڭ پۈتـۈن ئىنـسانىيەت ئۈچـۈن تەقـدىر قىلغـان كاتتـا نېمىتىنىـڭ ئەمەلـگە ئېشىـشى ئىـدى. "پۈتـۈن ئىنـسانىيەتنىڭ سـائادىتى" دېـگەن سـۆزلەرگە بەزىـلەر، پۈتـۈن ئىنـسانىيەتنىڭ هەممىـسى مۇسـۇلمان ئەمەسـقۇ؟ دەپ قايىـل بولماسـلىقى مـۇمكىن. ئۇلارغـا دەيمەنكـى: گەرچە پۈتـۈن ئىنـسانىيەتنىڭ هەممىـسى مۇسـۇلمان بولمىغـان بولـسىمۇ، ئىـسلام دىنـى پۈتـۈن ئىنـسانىيەتنى هەقىقەتـكە يېتەكلەش ئۈچـۈن كەلـگەن بىـر دىنـدۇر. ئۇلارنىـڭ هەممىـسى ئىـسلام دىنىنىـڭ ئادالەتلىـك قـانۇن، پرىنـسىپلىرى سايىـسىدا سـائادەتكە ئېرىـشىدۇ. چـۈنكى ئىـسلام دىنـى غەيرىـي دىنـدىكىلەرنىڭمۇ هەق-هوقـۇقلىرىنى، خـۇددى ئۆز تەۋەلىرىنـى قوغدىغانـدەك قوغـداپ، هىمـايە قىلىـدىغان، ئـادالەتتە چېكىگە يەتـكەن بىـرلا دىنـدۇر. تـارىخ بۇنىڭغـا شـاهىتتۇر.﴿ئـاللاھ تائـالا مـۆمىنلەرگە ئـاللاھ تائالانىـڭ ئـايەتلىرىنى تـىلاۋەت قىلىـدىغان، ئـۇلارنى گۇنـاهلاردىن پـاك قىلىـدىغان، ئۇلارغـا كىتـابنى ۋە هېكمەتنـى ئۆگىتىـدىغان، ئۆزلىرىـدىن بولغـان بىـر پەيغەمـبەر ئەۋەتىـپ، ئۇلارغـا چـوڭ ئېهـسان قىلـدى﴾(ئال ئىمران سۈرىسى 164- ئايەت).

گەرچە ئـاللاھ تائـالا بەنـدىلەرنىڭ ئەمەللىرىنـى بىۋاسـىتە كـۆرۈپ تۇرسـىمۇ، دۈشـەنبە ۋە پەيـشەنبە كـۈنلىرى بەنـدىلەرنىڭ ئەمەللىـرى ئـاللاھ تائالاغـا كۆرسـىتىلىدىغان كـۈنلەردۇر. ئەبـۇ هـۇرەيرە رەزىيەللاهـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى:« پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالام دۈشـەنبە ۋە پەيـشەنبە كۈنلىرىـدە روزا تۇتـاتتى، بـۇ ئىككـى كۈنـدە روزا تۇتۇشـنىڭ سـەۋەبى توغرىلىـق سـورالغىنىدا، ئـۇ- ئەمەلـلەر هەر دۈشـەنبە ۋە پەيـشەنبە كۈنلىرىـدە ئـاللاھ تائالاغـا كۆرسىتىلىدۇ. بـۇ كـۈنلەردە ئـاللاھ تائـالا پۈتـۈن مۇسـۇلمانلارنىڭ گۇنـاهلىرىنى ئەپـۇ قىلىـدۇ. پەقەت بـــۇ كـــۈنلەرنى قەدىرلىمىگەنلەرنىـــڭ گۇنـــاهلىرىنى ئەپـــۇ قىلىـــش ئىـــشى كېچىكتۈرىلىدۇ، - دېگەن»(ئەهمەد رىۋايىتى).

يەنە بىـر هەدىـستە، ئۇنىـڭ: «دۈشـەنبە ۋە پەيـشەنبە كۈنلىرىـدە ئەمەلـلەر ئـاللاھ تائالاغـا كۆرســـىتىلىدۇ. مېنىـــڭ ئەمەللىرىمنىـــڭ مەن روزىـــدار هالىتىمـــدە كۆرسـىتىلىـــشىنى ياقتۇرىمەن»دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان(تىرمىزى رىۋايىتى).

(4) هەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش

ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى. بۇ، يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋاب بولىدىغان ئەمەلدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان ۋە ھەر ئاينىڭ نەپلى روزا تۇتۇش ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل كۈنلىرى قەمەرىيە ئايلىرىنىڭ 13ـ 14ـ ۋە 15ـ كۈنلىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەر ئاينىڭ بۇ كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشنىڭ يىل بويى ئۈزمەستىن روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن»(نەسائىي رىۋايىتى).

ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن نەپلى روزا تۇتقان ئادەمنىڭ يىل بويى ئۈزمەستىن روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ «بىر ياخشى ئىشقا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىش» پرىنسىپى بويىچە: بىر كۈنلۈك نەپلى روزا 10 كۈنلۈك روزىغا ، ھەر بىر ئايدىن تۇتۇلغان ئۈچ كۈنلۈك روزا 30كۈنلۈك روزىغا تەڭ كېلىدۇ، يەنى ھەر ئايدىن تۇتقان 3كۈننى 10غا كۆپەيتكەندە،(30=3x10)كۈن بولىدۇ. ئاندىن بۇ 30 كۈننى 12ئايغا كۆپەيتكەندە،(360=30x12)كۈن بولىدۇ. شۇڭا ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتقان ئادەم يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋاب تاپىدۇ دەيمىز.

(5) شەۋۋال ئايدىن 6 كۈن روزا تۇتۇش

شەۋۋال- قەمەرىيە ئايلىرىدىن 10- ئاينىڭ ئىسمى. بۇ، رامىزاندىن كېيىنكى ئاي. بۇئايدا 6 كۈن روزا تۇتۇش سۈننەتتۇر. مەيلى ئارقا- ئارقىدىن ئۇلاپ تۇتسۇن، مەيلى پارچە- پارچە تۇتسۇن، شەۋۋال ئېيى ئىچىدە 6 كۈن روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋابلىقتۇر. چۈنكى «بىر ياخشى ئىشقا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىش» پرىنسىپى بويىچە: رامىزان ئېيى ئىچىدە تۇتقان 30 كۈن روزا 10غا كۆپەيتىلىپ 300 كۈنگە يەنى (300=30x10 ) گە تەڭ، شەۋۋال ئېيى ئىچىدە تۇتقان 6 كۈن روزا 10غا كۆپەيتىلىپ 60 كۈنگە يەنى (60 =6x10 ) گە تەڭ. ئىككىسىنى قوشقاندا، جەمى 360 كۈن بولىدۇ. شۇڭا رامىزان روزىسىنى تولۇق تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، شەۋۋال ئېيىدىن يەنە 6 كۈن روزا تۇتقان كىشى يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ دەيمىز. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تولۇق تۇتۇپ، يەنە شەۋۋال ئېيىدىن 6كۈن روزا تۇتىدىكەن، خۇددى ئۇ، يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ»(مۇسلىم رىۋايىتى).

(6) بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن ئارا بېرىش

نەپلى روزىلارنى بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن ئارا بېرىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر

ئەلەيھسسالام ساھابىلىرىنى يىل بويى روزا تۇتۇشتىن مەنئىي قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن:« ئۆزمەي يىل بويى روزا تۇتقان ئادەم روزا تۇتمىغانغا ئوخشاشتۇر»(بۇخارى رىۋايىتى). بۇھەدىسنىڭ مەنىسى: ئۆزمەي يىل بويى روزا تۇتقان كىشىگە روزا ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇكىشى ئۇچۇن روزىنىڭ ئالاھىدىلىكى قالمايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى ئاچ ھەم ئۇسسۇز قويغاندىن باشقا ھېچقانداق ساۋاب ياكى پەزىلەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر. ساھابىلاردىن بەزى كىشىلەر يىل بويى روزا تۇتماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنى بۇنداق روزا تۇتۇشتىن توسقان ۋە بىركۈن تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق كېلىدىغان روزا- داۋۇد ئەلەيھسسالامنىڭ روزىسىدۇركى، ئۇ، بىر كۈن تۇتۇپ بىر كۈن ئارا بېرەتتى (يەنى تۇتمايتتى)»(تىرمىزى رىۋايىتى).

(7) شەبان ئېيىنىڭ روزىسى

رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىدىن قالسا ئەڭ پەزىلەتلىك روزا شەبان ئېيىنىڭ روزىسىدۇر. چۈنكى بۇ ئاي بەندىلەرنىڭ بىر يىللىق ئەمەللىرى ئاللاھ تائالاغا كۆرسىتىلىدىغان ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئايدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ رامىزان ئېيىدىن باشقا ئايلاردا بىر ئاي تولۇق روزا تۇتقىنىنى ۋە شەبان ئېيىدىن باشقا بىر ئايدا بۇنچىلىك كۆپ روزا تۇتقىنىنى كۆرمىدىم »(بۇخارى رىۋايىتى).

يەنە بىر ھەدىستە، مۇنداق دەپ كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھېچ بىر ئايدا شەبان ئېيىدا تۇتقاندەك كۆپ روزا تۇتمايتتى. ئۇ، شەبان ئېيىنىڭ ھەممىسىنى روزا بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ھەمىشە:"كۈچۈڭلار يەتكەن ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ھەقىقەتەن، سىلەر ئىبادەت قىلىشتىن زېرىكىپ قالمىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ساۋاب بېرىشتىن زېرىكمەيدۇ" دەيتتى» (بۇخارى رىۋايىتى).

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ـ رامىزاننىڭ روزىسىدىن قالسا قايسى ئاينىڭ روزىسى ئەۋزەل؟ ـ دەپ سورالغىنىدا، ئۇ،- رامىزاننى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن شەبان ئېيىنىڭ روزىسى ئۇلۇغدۇر،- دەپ جاۋاب بەرگەن» (تىرمىزى رىۋايىتى).

### ھارام قىلىنغان روزا

ئىسلام شەرىئىتى تۆۋەندىكى كۈنلەردە روزا تۇتۇشنى ھارام (يەنى مەنئىي) قىلغان:

(1) روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى روزا تۇتۇش ھارامدۇر. چۈنكى بۇ كۈن رامىزاننىڭ شاراپىتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا بايرام قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن كۈنىدۇر. بۇ كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلەپ بەرگەن زىياپىتىنى قوبۇل قىلىپ، كەڭتاشا يەپ، ئىچىپ ۋە كۆڭۈل ئېچىپ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىش لازىم. بۇ كۈندە روزا تۇتقان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ.

(2) قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن 4 ـ كۈنگىچىلىك بولغان ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتۇش ھارامدۇر. پۈتۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى روزا ۋە قۇربان ھېيتلىرىدا روزا تۇتۇشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىدە ئىتتىپاقتۇر. ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشتىن مەنئى قىلغان. چۈنكى روزا ھېيت كۈنى رامىزاننى تۈگىتىپ، ئېغىز ئاچىدىغان كۈن‌ۈڭلار، قۇربان ھېيت كۈنلىرى بولسا، بايرام كۈنلىرىدۇر. بۇ كۈنلەردە قۇربانلىق قىلغان ماللىرىڭلارنىڭ گۆشلىرىدىن يەڭلار» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

ئەمما مالىكى مەزھىبىدە، ھەج قىلىپ قۇربانلىق قىلىشقا ئىقتىسادى يەتمىگەن كىشلەرنىڭ تەشرىق (قۇربان ھېيتنىڭ 2ـ3 ـ 4 ـ) كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشلىرىغا رۇخسەت قىلىنغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئىبنى ئۇمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: « تەشرىق كۈنلىرىدە روزا تۇتۇش، پەقەت ھەجدە قۇربانلىق قىلالمىغان ھاجىلار ئۈچۈنلا رۇخسەتتۇر»(بۇخارى رىۋايىتى).

ھەجدە قۇربانلىق قىلالمىغان كىشىنىڭ قۇربان ھېيتنىڭ 2ـ كۈنىدىن 4 ـ كۈنگىچىلىك بولغان تەشرىق كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشلىرى قىلالمىغان قۇربانلىقنىڭ ئورنىغا ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتكەن ئۇڭايلىقلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿(يولى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقتىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان كىشى ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ﴾(بەقەرە سۈرىسى 196ـ ئايەت).

## مەكرۇھ بولىدىغان روزا

(1) ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ، ئاشۇرا كۈننى يالغۇز تۇتۇشى مەكرۇھتۇر. سۈننەت ئۇنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىر كۈننى قوشۇپ تۇتۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسى يۇقىرىدا ئۆتتى.

(2) نەپلى ئۈچۈن روزا تۇتماقچى بولغان كىشىنىڭ جۈمە كۈنىنىلا ئايرىپ بۇ كۈندە

روزا تۇتۇشى مەكرۇھتۇر. جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك بايرام كۈنى. ئىسلام دىنى يالغۇز بۇ كۈندىلا نەپلى روزا تۇتۇشنى مەنئى قىلغان. سۈننەت شۇكى، جۈمە كۈندە روزا تۇتماقچى بولغان كىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىرەر كۈننى قوشۇپ تۇتۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار جۈمە كۈندە روزا تۇتمىسۇن. ئەگەر تۇتماقچى بولسا، جۈمەنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن بىر كۈننى قوشۇپ تۇتسۇن» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

بۇ ھەدىسقا ئاساسەن، جۈمە كۈندە روزا تۇتماقچى بولغان كىشى ئۇنىڭغا پەيشەنبىنى ياكى شەنبىنى قوشۇپ تۇتۇشى لازىم.

(3) شەنبە كۈننى ئايرىپ روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « شەنبە كۈندە نەپلى روزا تۇتماڭلار، پەقەت رامىزان روزىسىنى، كاپارەت روزىسىنى، قازا روزىلارنى شەنبە كۈنلىرىدە بولسىمۇ تۇتۇڭلار»(تىرمىزى رىۋايىتى). شەنبە كۈنلۈكتە روزا تۇتۇشنىڭ مەنئى قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، شەنبە كۈنلۈك يەھۇدىلارنىڭ بايرام كۈنىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلار بايرام قىلغان كۈنلەردە بايرام قىلىشى، ئۇلار ئۇلۇغلىغان كۈنلەرنى ئۇلۇغلىشى توغرا ئەمەس. بەلكى بىز ئۇلارغا ھېچبىر ئىشتا ئوخشىماسلىقىمىز بۇيرۇلغان. ئاشۇرا كۈندە بىر كۈن روزا تۇتۇشنىڭ مەنئى قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى.

(4) شەك كۈندە روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر. پەيغەمبەر ئۇنىڭدىن مەنئى قىلغان. شەك كۈنى- كىشىلەر ئۇنى شەبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنىمۇ ياكى رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنىمۇ دەپ شەك قىلىپ قالىدىغان كۈن بولۇپ، بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنىڭ مەنئى قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ رامىزان روزىسىنىڭ سانىنى ئۇزارتىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر دىنىمىز بۇنداق ھوشيارلىق بىلەن ئىش كۆرمىگەن بولسا ئىدى، كىشىلەر شەك كۈننى رامىزانغا قوشۇپ، روزىنىڭ سانىنى 30 كۈندىن ئاشۇرۇۋالغان بولار ئىدى. چۈنكى بۇرۇنقى ساماۋىي دىنلارمۇ شۇ سەۋەبتىن ئۆز ئەسلىنى يوقاتقان. بىز ئاي كۆرسەك روزا تۇتۇشقا، ئەگەر ئاي كۆرمىسەك روزا تۇتماسلىققا بۇيرۇلدۇق. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك كۈندە روزا تۇتقان كىشى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»( تىرمىزى رىۋايىتى).

(5) ئىپتارسىز ئۇلاپ روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر. ئەگەر بۇ ئىش روزا تۇتقۇچىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزسە ھارامدۇر. ئۇلاپ روزا تۇتۇش - روزا تۇتۇپ ئىپتار بولغاندىمۇ - ئېغىز ئاچماستىن ياكى سوھۇرلۇق يېمەستىن ئەتىسى ئاخشامغىچە روزىسىنى داۋام قىلدۇرۇش دېمەكتۇر. بۇنداق قىلىش تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولۇشتىن ئاۋۋال

دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاسانلىقنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۆزىنى بىھۇدە قىيىنغانلىق ئىبادەتكە ياتمايدۇ. بەلكى ئىبادەت دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن قىلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئۇلاپ روزا تۇتاتتى. چۈنكى ئۇلار تاقەت قىلالايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۇلاپ روزا تۇتقان ۋاقىتلىرىدا ساھابىلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنى مەنئى قىلاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن مەنئى قىلغاندا، ساھابىلار، - يارەسۇلۇللاھ! سىز ئۇلاپ تۇتىسىز ئەمەسمۇ؟ - دېيىشكەندە - ئۇ، مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، ئاللاھ تائالاھ مېنى(ئۇلاپ روزا تۇتقىنىمدا) ئوزۇقلاندۇرىدۇ ۋە سۇغىرىدۇ - دېگەن»( بۇخارى رىۋايىتى).

## نەپلىي روزىلار

نەپلىي( ئىختىيارىي) روزىلارنى تۇتۇشنىڭ بەلگىلىك ۋاقىتلىرى يوقتۇر. روزا تۇتۇش ھارام ۋە مەكرۇھ بولغان كۈنلەرنىڭ سىرتىدا، يىلنىڭ قايسى بىر كۈنلىرىدە نەپلى روزىسىنى تۇتۇش جائىزدۇر. نەپلى ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ رەھمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش مەقسىتىدە قىلىنىدىغان ئىختىيارىي ئىبادەتتۇر. نەپلى ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى كۆپتۇر.

# بەشنچی بۆلۆم

# رامزاندىكی پەزلەتلىك ۋاقتلار

## رامىزان ئېيى ئىبادەت ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئېيىدۇر

مۇسۇلمان كىشى رامىزان ئېيىنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئىبادەتلەرنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئورۇنلاش ۋە دىنى بىلىملەرنى كۆپلەپ ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە بىر دىنى مەدرىسە ھېسابلىشى لازىم. چۈنكى رامىزان ئېيى قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋە مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئاي بولغانلىقتىن، بۇ ئاي ئىبادەتكە بېرىلىش، قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىش ۋە ھەرتۈرلۈك دىنى بىلىملەرنى تەھسىل قىلىش ئېيىدۇر. بۇ ئايدا قىلىنغان ياخشىلىقلارغا نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بېرىلىدۇ. چۈنكى رامىزان ئېيى ئىچىدىكى قەدىر كېچىسى ساۋابتا ۋە پەزىلەتتە مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان ئىكەن، بۇ ئايدا قىلىنغان بىر ياخشىلىقنىڭ مىڭ ھەسسە بولۇپ يېزىلىشى تەبىئىيدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىغا ئاساسەن، قۇرئان كەرىمدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشىگە ئون ساۋاب يېزىلىدۇ. ئادەتتىكى كۈنلەردە قۇرئان كەرىمدىن بىر ھەرپ ئوقۇغانغا ئون ساۋاب يېزىلسا، رامىزان ئېيىدا ئوقۇلغان قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر ھەرپىگە ئون مىڭ ھەسسە يەنى (10x1000= 10000) ساۋاب يېزىلىشى ئېنىقتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايدا پۈتۈن ياخشىلىقلارغا ئالدىرايتتى ۋە كۆپ قىلاتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقەدە قىلىشتا ئەڭ سېخى زات ئىدى. بولۇپمۇ رامىزاندا جىبرىل بىلەن ئۇچراشقىنىدا تېخىمۇ سېخى بولۇپ كېتەتتى. جىبرىل ئۇنىڭغا رامىزاننىڭ ھەر كېچىسى ئۇچرىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدىن ئۆگىتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىل بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئەڭ سېخى بولۇپ كېتەتتى »(بۇخارى رىۋايىتى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « روزا بىلەن قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنى مۆمىن كىشىگە شاپائەتچى بولىدۇ: روزا دەيدۇ - ئى رەببىم! مەن ئۇنى يېيىشتىن، ئىچىشتىن ۋە جىنسىي ھەۋەستىن مەنئى قىلدىم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەت قىلدۇرغىن.- قۇرئان كەرىم دەيدۇ - مەن ئۇنى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن مەھرۇم قىلدىم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەت قىلدۇرغىن.- شۇنداق قىلىپ روزا بىلەن قۇرئان كەرىم مۆمىن كىشىگە شاپائەت قىلىدۇ »(ئەھمەد رىۋايىتى).

قۇرئــان كەرىــم ئوقــۇش، ئىبــادەتلەرنى ۋاقتىــدا ئــورۇنلاش ۋە دىنىــي بىلىملەرنــى ئــۆگىنىش ھەممە ۋاقىتتا تەلەپ قىلىنىــدىغان مۇھىم ئەمەللەردۇر. ئەمما رامىزان ئېيىــدا بــۇ ئەمەللەرنــى تېخىمــۇ كــۆپ، تېخىمــۇ تولــۇق ئــورۇنلاش ئالاھىــدە جىــددىي تەلەپ قىلىنىــدۇ. چــۈنكى رامىــزان ئېيــى ئاخىرەتلىــك ئۈچــۈن مــول ھوســۇلنىڭ پەيتىــدۇر. خــۇددى پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ئەيــسۇسلىنىش بىــلەن ئېيتقانــدەك، مۇشــۇنداق بىــر ئۇلــۇغ ئــاينى غەنىــمەت بىلــىپ، ئــاللاھ تائالانىــڭ رەھمىتىنــى ئىــزدىمىگەن، نەتىجىــدە ئۇنىڭــدىن مەھــرۇم قالغــان كىشىدىنمۇ بەختسىزرەك بىرسى يوقتۇر!

## تەراۋىھ نامىزى

تەراۋىــھ نــامىزى — رامىــزان ئېيىــدا ئاخــشاملىرى خۇپتەنــدىن كېــيىن ئوقۇلىــدىغان 20 رەكئەتلىك نامازدۇر.

تەراۋىــھ ـ ئــارام ئــېلىش، تەنەپپــۇس قىلىــش دېــگەن مەنىــدە بولــۇپ، ھەر تــۆت رەكــئەت نامازدىن كېيىنكى ئارام ئېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

رامىــزان ئېيىــدا تەراۋىــھ نــامىزى ئوقــۇش ســۈننەتتۇر. چــۈنكى پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام رامىــزان ئايلىرىــدا تەراۋىــھ نــامىزى ئوقۇشــنى ھــېچ تەرك ئەتمــگەن. تەراۋىــھ نــامىزى رامىــزان ئاخشاملىرى خۇپتەن نامىزىــدىن كېــيىن، ۋىتىــر نــامىزىنى ئوقۇشــتىن بــۇرۇن جامائەت بىــلەن ئوقىلىــدۇ. مەســجىدكە چىقالمىغــان كىــشىنىڭ ئۆيىــدە يــالغۇز ئوقۇشــىمۇ جــائىزدۇر. تەراۋىــھ نــامىزى 20 رەكئەتتــۇر. ئــۇنى تــۆت رەكئەتــتە بىرسالام بىرىپمــۇ، ئىككــى رەكئەتــتە بىــر ســالام بىرىپمــۇ ئوقــۇش مــۇمكىن. تەراۋىــھ نــامىزىنى كىچىنىــڭ يېرىمىغــا قەدەر كېچىكتــۈرۈش ياخــشىدۇر. بىــر ئــايلىق تەراۋىــھ نامىزىــدا قۇرئــان كەرىمنــى خەتــمە قىلىــش ئــايرىم بىــر ســۈننەتتۇر. بۇنامــازنى كىــشىلەرنى زېرىكتــۈرۈپ قويمايــدىغان شــەكىلدە يېنىــك ئوقــۇش ئەڭ ياخشىدۇر. تەراۋىھ نامىزىنىڭ ساۋابى كۆپتۇر.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېــگەن:« ئــاللاھ تائــالا رامىــزان روزىــسىنى پەرز قىلــدى. مەن مۇســۇلمانلارغا رامىــزان كېچىلىرىنــى ئىبــادەت بىــلەن ئۆتكۈزۈشــنى ســۈننەت قىلدىم»[1].

ئىمــام نەۋەۋىــي ھەدىــستىكى« رامىــزان كېچىلىرىنــى ئىبــادەت بىــلەن ئۆتكــۈزۈش»تىــن تەراۋىــھ نــامىزى مەقــسەت قىلىنىــدىغانلىقىغا پۈتــۈن ئىــسلام ئۆلىمالىرىنىــڭ بىــرلىككە كەلگەنلىكىنــى بايــان قىلغــان. بۇنىڭغــا بىنــائەن، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ:« كىمكــى

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

رامىزاننى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە بولغان چىن ئىشەنچ ۋە ساۋاب كۆزلىگەن ھالدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»دېگەن ھەدىستىكى رامىزاننى« ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش» تىن مەخسەت: رامىزاننى كۈندۈزىدە روزا تۇتۇش، كېچىسى تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە باشقا ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

## تەراۋىھ نامىزى توغرۇلۇق بەزى مەسلىلەر

1. تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بولۇپ، مەسجىدتە ئوقۇش سۈننەت كىفايەدۇر. بەنى بىر مەھەللىدىكى جامائەتنىڭ بىر قىسمى بۇ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، قالغانلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە ئوقۇسىمۇ ئۇلاردىن جامائەت بىلەن ئوقۇش سۈننىتى ساقىت بولىدۇ. ئەمما مەسجىدتە ئوقۇغانلار ھەم تەراۋىھ نامىزىنىڭ ھەم جامائەت بولۇپ ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ[1].

2. بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ تەراۋىھ نامىزىغا ئىمام بولۇشى توغرۇلۇق ئىسلام فىقھىشۇناسلىرى ئىختىلاپلاشقان. بەزىسى دۇرۇس ئەمەس دېگەن قاراشتا بولسا، كۆپ سانلىقى دۇرۇسلىقىنى سۆزلىگەن. بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ تەراۋىھ نامىزىغا ئىمام بولۇشىنى دۇرۇس دېگۈچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا( پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى)غا ئىمام بولۇپ تەراۋىھ نامىزى ئوقۇغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن. ئەمما پەرز نامازلاردا بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئىمام بولۇشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىدە ئىسلام فىقھىشۇناسلىرى بىرلىككە كەلگەن[2].

3. تەراۋىھ نامىزىنى خۇپتەندىن بۇرۇن ئوقۇسا ئۇ تەراۋىھ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇ خۇپتەندىن كېيىن ئوقۇش بەلگىلەنگەن نامازدۇر. ئەمما ۋىتىر نامىزىنى تەراۋىھتىن بۇرۇن ئوقۇش جائىزدۇر[3].

## رامىزان ئېيىدا جىبرىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىشى

ھەر رامىزان ئېيىدا جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرەتتى ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭغا ئوقۇتۇپ باشتىن ئاخىر بىر قېتىم تىڭشايتتى. پەيغەمبەر

---

(1) رد المحتار 2-توم55-بەت.

(2) الجوهرة النيرة شرح مختصر القدوري 1- توم 99-بەت.

(3) العناية شرح الهداية 268-بەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئالدىنقى رامىزاندا جىبرىل ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى ئىككى قېتىم ئوقۇتۇپ تىڭشىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى بىلەن ئولتۇراتتى،(رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى) فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ يېنىغا تەمكىن ھالدا مېڭىپ كەلدى. ئۇنىڭ مېڭىشى خۇددى رەسۇلۇللاھنىڭ مېڭىشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. رەسۇلۇللا- خوش كەپسىز قىزىم،- دەپ ئۇنى قارشى ئالدى ۋە سول يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ قولىقىغا مەخپى بىر نەرسە دېۋىدى، ھەزرىتى فاتىمە يىغلاشقا باشلىدى، ئاندىن يەنە ئۇنىڭ قولىقىغا بىر نەرسە دېۋىدى، ئۇ كۈلدى. مەن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن - مەن بۈگۈنكىدەك بىرئاندا غەمكىنلىك بىلەن خوشاللىقنى كۆرمىگەن ئىدىم، رەسۇلۇللا سىزگە نىمە دېگەندە يىغلىدىڭىز ۋە نېمە دېگەندە كۈلدىڭىز؟- دەپ سورىۋىدىم، ھەزرىتى فاتىمە - مەن رەسۇلۇللاھنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلمايمەن - دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن،- رەسۇلۇللاھ سىزگە شۇ ۋاقىتتا نېمە دېگەن ئىدى؟- دەپ سورىۋىدىم، - ئۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللا ماڭا،- جىبرىل ھەر يىلى مېنى بىر قېتىم قۇرئان كەرىمنى تامام قىلدۇراتتى، بۇيىل ئىككى قېتىم تامام قىلدۇردى، بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، ئائىلەم ئىچىدىن سىز ماڭا بىرىنچى بولۇپ يېتىشىسىز،- دېۋىدى يىغلىدىم، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم قولىقىمغا،- پۈتۈن مۆمىنە ئاياللارنىڭ سەردارى بولۇشقا رازى بولمامسىز؟!- دېۋىدى، بۇۋاقىتتا كۈلدۈم،- دېدى »(ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 6 ئايدىن كېيىن ھەزرىتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغان. بۇ ھەدىستىن رامىزاندا قۇرئان كەرىمنى خەتمە قىلىشنىڭ ۋە ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر ئەۋزەل ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

## رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا كۈنلەرگە نىسبەتەن، رامىزان ئايلىرىدا ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلەتتى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلاتتى. خۇسۇسەن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىبادەتكە قاتتىق بېرىلىشكە ۋە قەدىر كېچىسىنى تېپىشقا بۇيرۇيتتى. ئۆزىمۇ بۇ كۈنلەردە ئىبادەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنۇتاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا باشقا كۈنلەردىكىدىن بەك ئىبادەتكە بېرىلەتتى» (مۇسلىم رىۋايىتى).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى يېتىپ

كىلىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن ئۇزاقلىشىپ، ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولاتتى، كېچىلىرى ئۇخلىمايتتى، ئائىلىسىدىكىلەرنى كېچىلىرى ئىبادەت قىلىشقا ئۇيغىتاتتى» (بۇخارى رىۋايىتى).

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «رەسۇلۇللاھ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلاتتى ۋە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ تاق كېچىلىرىدە قەدىر كېچىسىنى ئىزدەشكە تىرىشىڭلار! دەپ مۇسۇلمانلارنى تەشەببۇس قىلاتتى» (بۇخارى رىۋايىتى).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللادىن،- ئەگەر مەن قەدىر كېچىسىنىڭ بولىدىغان ۋاقتىنى بايقىسام، بۇ كېچىدە نېمە دەپ دۇئا قىلسام بولىدۇ؟-دەپ سورىدىم، ئۇماڭا مۇنۇ دۇئانى ئۆگەتكەن: اَللَّهُمَّ اِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي﴾ يەنى « ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدىغان ۋە ئەپۇ قىلىشنى ياقتۇرىدىغان ئىلاھىمسەن، گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلغايسەن» (تىرمىزى رىۋايىتى).

## قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلەتلىرى

ئاللاھ تائالا قەدىر كېچىسىنى ئۇلۇغ قىلىپ، ئۇنى رامىزاننىڭ باشقا كېچىلىرىدىن ئالاھىدە شەرەپلىك ۋە خەيرلىك قىلىپ بەلگىلىدى. چۈنكى بۇ كېچە قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرى تۇنجى قېتىم يەرشارىدا پارلاشقا باشلىغان بىر كېچە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كېچىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى تاق كېچىلەرنىڭ بىرىدە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ۋە بۇ كېچىنى تېپىش ئۈچۈن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان ھەم ئۆزىمۇ شۇنداق قىلغان. چۈنكى بۇ كېچىدە قىلىنغان ئەمەل- ئىبادەتلەر پەزىلەتتە ۋە ساۋابتا مىڭ ئايلىق ئەمەل- ئىبادەتتىن ئارتۇقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿قەدىر كېچىسى (پەزىلەت ۋە ساۋابتا) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر﴾ دەيدۇ (قەدىر سۈرىسى 3- ئايەت).

دېمەك، قەدىر كېچىسى مىڭ ئايغا تەڭ بولغان ئىكەن، ئۇ بىر ئىنساننىڭ ئۆمرىدىن 83 يىلغا تەڭ بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىر ئىنسان 83 يىل ھەمىشە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان تەقدىردىمۇ، بىرىمىزنىڭ قەدىر كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگىنىمىزنىڭ ساۋابى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا 83 يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر، ئەلۋەتتە.

شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىمنىڭ پارلاق نۇرى ئىنسانىيەتنىڭ قەلبلىرىگە نۇر چېچىشقا باشلىغان بۇ كېچە، باشقا ھەرقانداق كېچىلەردىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىكتۇر. ھېچقانداق

كېچە ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدۇ. لېكىن شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق ئۇلۇغ ئاينىڭ، ھەرقانداق ئۇلۇغ كۈن ياكى كېچىنىڭ ۋە ھەرقانداق ئۇلۇغ سائەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ياخشىلىقلىرى، پەقەت ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىپ، ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. ئەمما بۇ كېچىنى قەدىرلىمەي، ئۆزىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا جىمىقىپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ كېچىنىڭ باشقا كېچىلەردىن ھېچبىر پەرقى يوقتۇر.

## قەدىر كېچىسى ئىسلام مىللىتىگە بېرىلگەن ئىمتىيازدۇر

ئىمام خەتتابىي قەدىر كېچىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىسلام مىللىتىگە مەخسۇس ئاتا قىلىنغان بىر كاتتا ئىمتىياز ئىكەنلىكىگە پۈتۈن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ كېچىنى قۇرئان كەرىم بىلەن شەرەپلەندۈردى. قۇرئان كەرىم بولسا، ئىسلام مىللىتىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر دەستۇرىدۇر. ئىمام مالىك ئۆزىنىڭ «ئەلمۇۋەتتۀ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ياشىغان ئۆمۈرلىرى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ ئۆمرىنىڭ بۇرۇنقىلارنىڭ ئۆمرىگە نىسبەتەن قىسقا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۈممەتلىرىنىڭ بۇ قىسقا ئۆمرىدە بۇرۇنقىلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى قىلالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈممىتىگە مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىنى ئاتا قىلغان »(« ئەلمۇۋەتتۀ» دىن).

ئاللاھ تائالا بۇ كېچىنىڭ قايسى كېچىدە ئىكەنلىك ۋاقتىنى بىزگە مەلۇم قىلمىغان. بۇ، كىشىلەر شۇ كېچىنى تېپىش مەقسىتى بىلەن رامىزان كېچىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىبادەتكە بېرىلسۇن ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەتنى ۋە قۇرئان كەرىمدىكى ئۇنى ئوقۇپ نېمە تىلىسە بېرىلىدىغان ئىسمۇلئەزەمنى بىزگە بىلدۈرمىگەن. بۇمۇ كىشىلەرنىڭ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەتنى ۋە ئىسمۇلئەزەمنى تېپىش ئۈچۈن ھەرۋاقىت دۇئا قىلسۇن ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇسۇن ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر قەدىر كېچىسىنىڭ ۋاقتى، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەت ۋە ئىسمۇلئەزەم ئېنىق بىلدۈرۈلگەن بولسا ئىدى، كىشىلەر قەدىر كېچىسىدىلا ئىبادەت قىلىشقا، شۇ سائەتتىلا دۇئا قىلىشقا، ئىسمۇلئەزەمنىلا ئوقۇشقا ئۆگىنىۋېلىپ، باشقىلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولاتتى.

ئىمام ئىبنى ھەجەر قەدىر كېچىسىدە بولىدىغان ئالامەتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق

دەيدۇ: « قەدىر كېچىسىنىڭ ئەتىگىنىدە قۇياش شولىسىز چىقىدۇ »(«فەتھۇلبارى» دىن).
ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: « قەدىر كېچىسىدە ئاسمان تىپ- تىنچ، سۈپ- سۈزۈك بولىدۇ، ھاۋا ئىسسىقمۇ ئەمەس سوغۇقمۇ ئەمەس نورمال بولىدۇ»(ئەھمەد رىۋايىتى).

« رۇھۇلبايان» ناملىق تەپسىرنىڭ ئاپتورى ئىبنى خۇزەيمەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ بىر ھەدىسنى بايان قىلىدۇ: « قەدىر كېچىسىدە يەر يۈزىگە تارقىلىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ سانى ئۇششاق تاشلارنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ » («فەتھۇلبارىي» دىن).

# فىتىر سەدىقىسى (سەدەقايى پىترى) ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

فىتىر سەدىقىسى (ياكى سەدىقايى فىترى) رامىزان روزىسى ۋە ھېيت خوشاللىقى سەۋەبى بىلەن پېقىرلارغا بېرىش بەلگىلەنگەن سەدىقە بولۇپ، خۇددى نامىزنىڭ نۇقسانلىرىنى سەجدە سەھۋى تولۇقلىغاندەك، فىتىر سەدىقىسمۇ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش جەريانىدىكى نۇقسانلارنى تولۇقلايدۇ.

## فىتىر سەدىقىسى بېرىش ۋاجىب بولغانلار

فىتىر سەدىقىسىنى بېرىش مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق بولسۇن، مەيلى باي بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ۋاجىبتۇر. مۇسۇلمان ئادەم بۇ سەدىقىنى ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ كاپالىتىدىكى ئائىلە ئەزالىرى، ئاتا ـ ئانىسى قاتارلىق ھەر بىر كىشى ئۈچۈن بېرىدۇ.

## فىتىر سەدىقىسىنى بېرىش ۋاقتى

فىتىر سەدىقىسى روزى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگىنى تاڭ ئېتىشى بىلەن ۋاجىب بولىدۇ. ئۇنى ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن بېرىش ئەۋزەل. ھېيت كۈنلىرى ئىچىدە بەرسىمۇ ياكى رامىزان ئىچىدە بەرسىمۇ بولىدۇ.

فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟

فىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى يېرىم سا[1] (بىر كىلو 625گرام) بۇغدايىنىڭ ئۆزى ياكى خەلق پۇلىدىكى قىممىتىدۇر.

## فىتىر سەدىقىسى بېرىلىدىغانلار

فىتىر سەدىقىسى زاكات ئېلىشى دۇرۇس بولغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

فىتىر سەدىقىسىنى بەرمىگەن كىشىنىڭ روزىسى قانداق بولىدۇ؟

فىتىر سەدىقىسى روزىدىن ئايرىم بىر ئىبادەت بولۇپ، فىتىر سەدىقىسى بەرمىگەن كىشىنىڭ تۇتقان روزىسى دۇرۇس، بىراق فىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلمىغىچە بۇ سەدىقە ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە قەرز بولۇپ قالىدۇ. روزىسىغا دەخلى يەتمەيدۇ.

---

(1) سا ـ قەدىمقى ئۆلچەكلەردىن بولۇپ، ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، بىر سا 3 كىلو 250 گراممىغا تەڭ.

# ئالتىنچى بۆلۈم

# ئېتىكاپ توغرىسىدا

## ئىتىكاپنىڭ ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى

ئىتىكاپ ـ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن مەسجىدتە ئولتۇرۇش دېمەكتۇر.

## ئىتىكاپنىڭ بۇيرۇلۇشى

ئىتىكاپ قىلىشنى دەسلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلىغان. ئۇ، ھەر يىلى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە مەسجىدتە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىتىكاپ قىلاتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرى، ئاندىن ساھابىلار ئىتىكاپ قىلىشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ، ئىتىكاپ ئىسلام دىنىدا ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بولۇپ ئورۇن ئالغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىتىكاپنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەپ ئۇنىڭ شەرتلىرى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «مەسجىدتە ئىتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا، (كۈندۈزى بولسۇن، كېچىسى بولسۇن) ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار»(بەقەرە سۈرىسى 187 ـ ئايەت).

ئىتىكاپ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن، پۈتۈن دۇنيالىق ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، مەسجىدتە ئولتۇرۇپ تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىبادەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىتىكاپ قىلاتتى. ئۇ، ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى يىلقى رامىزاندا 20 كۈن ئىتىكاپ قىلغان ئىدى»(بۇخارى رىۋايىتى).

ئىمام ئەتائىي مۇنداق دېگەن: «ئىتىكاپ قىلغان كىشى، خۇددى پادىشاھتىن سورايدىغان ھاجىتى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تەلمۈرۈپ، ھاجىتىم راۋا بولمىغىچىلىك ھېچ كەتمەيمەن دەپ تۇرىۋالغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرىدىن بىرى بولغان مەسجىدتە ئولتۇرىدۇ ۋە گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنىپ، ھاجەتلىرىم راۋا بولمىغىچىلىك مەسجىدتىن چىقمايمەن، دەپ ئىتىكاپقا داۋام قىلىدۇ»(«ئەلئىختىيار» دىن).

## ئىتىكاپنىڭ پەزىلەتلىرى

ئىتىكاپنىڭ پەزىلەتلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. شۇڭا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ھاياتنىڭ ئاخىرىغىچىلىك ھېچ تەرك قىلمىغان. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلى ئېتىكاپتا كۆپرەك ئولتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئېتىكاپنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلدۈرگەن. چۈنكى ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ تەلەبلىرى ۋە غەپلەتلەر سەۋەبى بىلەن گاھىدا ئاللاھ تائالادىن ئۇزاقلىشىپ قالىدۇ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئېتىكاپ قىلىش بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرەپكە قايتىشى ۋە دۇنيانىڭ تۈگىمەيدىغان مەشغۇلاتلىرىدىن بىرئاز بولسىمۇ ئازات بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۈچەيتىشى ھەم يۈكسەلدۈرۈشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر.

## ئېتىكاپنىڭ تۈرلىرى

ئېتىكاپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى: سۈننەت بولغان ئېتىكاپ. يەنە بىرى، ۋاجىب بولغان ئېتىكاپتۇر.

1. سۈننەت بولغان ئېتىكاپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن قىلىنىدىغان ئىختىيارى ئېتىكاپتۇر. بۇ ئېتىكاپ ئۇمۇمەن، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە قىلىنىدۇ. باشقا كۈنلەردە قىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاساسەن، رامىزاندا ئېتىكاپ قىلاتتى، ئۇنىڭ شەۋۋال ئېيىدا ئېتىكاپ قىلغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

2. ۋاجىب بولغان ئېتىكاپ. ئېتىكاپ قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئاتىۋاتقان سەۋەبتىن ۋاجىب بولىدىغان ئېتىكاپ دېمەكتۇر. مەسىلەن: كىشىنىڭ ئۆز ئۆزىگە :«ئەگەر مەن بۇ كېسەلدىن ساقايسام ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مانچە كۈن ئېتىكاپ قىلىمەن ياكى بۇ ئىشنى ھاندىن قازانسام ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مانچە كۈن ئېتىكاپ قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش ۋەدە بېرىشى ئارقىلىق بۇ ئېتىكاپنى ئورۇنلاش ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاجىب بولىدۇ. ۋاجىبنى تەرك ئەتكەن كىشى پەرزنى تەرك ئەتكەنگە ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئۇلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن﴾ دەپ ئەمىر قىلىدۇ (ھەج سۈرىسى 29. ئايەت).

## ئېتىكاپنىڭ شەرتلىرى

ئېتىكاپنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. مەسجىدتە ئولتۇرۇش

ئېتىكاپنى جامائەت توپلىشىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بولغان مەسجىدتە

قىلىش شەرتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿سىلەر مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا....﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئېتىكاپنىڭ مەسجىدلەردە قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئېتىكاپنى ھەمىشە مەسجىدتە قىلاتتى. شۇڭا ئېتىكاپنى ئەرلەرنىڭ مەسجىدلەردە قىلىشى شەرتتۇر، ئۇنى ئۆيدە قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئايال كىشىلەر ئېتىكاپنى ئۆز ئۆيلىرىدە قىلىدۇ. چۈنكى ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، ئاياللارنىڭ مەسجىدلەردە ئېتىكاپ قىلىشى مەكرۇھتۇر. ئەمما شافىئىي مەزھىبىگە كۆرە، ئايال كىشىمۇ مەسجىدتە قىلىدۇ. ھەنبەلى مەزھىبىگە كۆرە، ئايال كىشىنىڭ ئېرى بىلەن بىرگە مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلىشى جائىزدۇر. قانچىلىك ئۇلۇغ مەسجىدتە قىلىنغان ئېتىكاپنىڭ قەدرى شۇنچىلىك ئۇلۇغ بولىدۇ. مەسىلەن: مەسجىدى ھەرەمدە قىلىنغان ئېتىكاپ، باشقا ئادەتتىكى مەسجىدلەردە قىلىنغان ئېتىكاپلاردىن ئۇلۇغ ۋە پەزىلەتلىك بولىدۇ، ساۋابىمۇ كۆپ بولىدۇ.

2 ـ ئېتىكاپنى نىيەت قىلىش

ھەرقانداق ئەمەل- ئىبادەتلەردە نىيەت قىلىش شەرت بولغىنىدەك، ئېتىكاپ قىلىش ئۈچۈنمۇ نىيەت قىلىش شەرتتۇر. نىيەتنىڭ شەرت قىلىنىشى ئىبادەتلەرنى ئادەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى كىشىلەر ئادەتتە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈنمۇ مەسجىدلەردە ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنى مەسجىدتە ئولتۇرغىنى ئۈچۈنلا ئېتىكاپ قىلغۇچىلار دېيىشكە بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى پەقەت نىيەتلەر بىلەن بولىدۇ، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»(بۇخارى رىۋايىتى).

3 ـ ئېتىكاپتا روزا تۇتۇش

رامىزاندا ئېتىكاپ قىلغان كىشى زادى روزا تۇتماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئېتىكاپ قىلغان كىشىنىڭمۇ، ئەگەر قىلماقچى بولغان ئېتىكاپنىڭ تۈرى ۋاجىب بولغان ئېتىكاپلاردىن بولسا روزا تۇتۇشى شەرتتۇر. ئەگەر ئېتىكاپنىڭ تۈرى سۈننەت بولغان ئېتىكاپلاردىن بولغان بولسا، ئۇنىڭدا روزا تۇتۇش شەرت ئەمەس، بىراق تۇتۇش ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىسىز ئېتىكاپ قىلغان ئەمەس. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئېتىكاپتىكى كىشىنىڭ كېسەل يوقلىشى، جىنازە نامىزىغا بېرىشى، ئايالنى تۇتۇشى ياكى يېقىنچىلىق قىلىشى، تەبىئىي ئېھتىياجىدىن (يەنى تەرەتكە بېرىشتىن ياكى ئېھتىلام بولۇپ قالغان بولسا غۇسلە قىلىشتىن) باشقا ھاجەتلەر ئۈچۈن مەسجىدتىن چىقىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئېتىكاپ پەقەت روزا تۇتۇش بىلەن

بولىدۇ. ئېتىكاپ پەقەت چوڭ مەسجىدلەردە قىلىنىدۇ» (ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى).

4 ـ ئاياللارنىڭ ھەيز ۋە نەپاسلاردىن پاك بولۇشى

ئېتىكاپ قىلماقچى بولغان ئاياللارنىڭ ھەيز ۋە نەپاسلاردىن پاك بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر ئاياللار ئېتىكاپ ئەسناسىدا ھەيز كۆرۈپ قالسا ياكى تۇغسا، ئېتىكاپتىن ھامان چىقىپ كېتىدۇ ۋە كېيىن پاك بولغاندا خالىسا ئېتىكاپنى كەلگەن يېرىدىن داۋام قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى ئەگەر ئېھتىلام بولۇپ قېلىپ، مەسجىدتە غۇسلە قىلىدىغان جاي بولمىسا، مەسجىدتىن چىقىپ، يۇيۇنۇپ كېلىدۇ ۋە ئېتىكاپنى كەلگەن يېرىدىن داۋام قىلىدۇ.

## ئېتىكاپنى بۇزىدىغان ئامىللار

ئېتىكاپنى بۇزىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش

ئېتىكاپتا بولغان كىشىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئېتىكاپنى بۇزىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا، ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾(بەقەرە سۈرىسى 187ـ ئايەت).

2 ـ ئەقلىدىن ئايرىلىش

ساراڭ بولۇش، ئايلىنىش ياكى مەس بولۇش سەۋەبىدىن ئەقلىنى يوقاتقان كىشىنىڭ ئېتىكاپى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئېتىكاپ ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق ئىبادەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئەقىل ـ ھۇشنىڭ جايىدا بولۇشى شەرتتۇر.

3 ـ ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرۈشى ياكى تۇغۇشى

ئاياللارنىڭ ئېتىكاپ ئەسناسىدا ھەيز كۆرۈپ قېلىشى ياكى تۇغۇشى ئېتىكاپنى بۇزىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن پاكلىق شەرت بولغاندەك، ئېتىكاپنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئاياللارنىڭ پاك بولۇشى شەرتتۇر.

4 ـ ئېھتىلام

ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئايالىنى سۆيۈشى ياكى قۇچاقلىشى نەتىجىسىدە ئېھتىلام بولۇشى ئېتىكاپنى بۇزىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى مۇقەددىمىلەرنى ئىشلىمەستىن، ئىختىيارسىز ھالدا ئېھتىلام بولغان بولسا ئېتىكاپ بۇزۇلمايدۇ. شۇنىڭدەك گەرچە ئايالىنى قۇچاقلىغان بولسىمۇ ئېھتىلام بولمىغان بولسا يەنە ئېتىكاپ بۇزۇلمايدۇ.

5 ـ مەسجىدتىن چىقىش

تەبىئىيــي ئېھتىيــاجلاردىن تاشــقىرى ئــادەتتىكى ئېھتىيــاجلىرى ئۈچــۈن مەســجىدتىن ســىرتقا چىققــان كــىشىنىڭ ئېتىكــاپى بۇزۇلىــدۇ. چــۈنكى ئېتىكاپنىــڭ تەقەززاســى مەســجىدتە تۇرۇشــنى تەلەپ قىلىــدۇ. ئەممــا بىــرەر كــىشىنىڭ ھايــاتىنى ھــالاكەتتىن قۇتقــۇزۇش يــاكى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەسجىدتىن چىققان كىشىنىڭ ئېتىكاپى بۇزۇلمايــدۇ. شــۇنىڭدەك ئەگەر ئــۆزى ئولتۇرغــان مەســجىد جــۈمە نــامىزى ئوقۇلمايــدىغان مەسجىدلەردىن بولغــان بولــسا، ئېتىكــاپ قىلغــان كــىشىنىڭ مەســجىدتىن چىقىــپ، جــۈمە نــامىزىنى ئوقۇشــى بىــلەن قىلغــان ئېتىكــاپى بۇزۇلمايــدۇ. چــۈنكى جــۈمە نــامىزىنى ئوقــۇش پەرز، ئېتىكــاپ قىلىــش بولــسا ســۈننەتتۇر. پەرزنــى ئــورۇنلاش ســۈننەتنى ئورۇنلاشــتىن مۇھىمدۇر، ئەلۋەتتە.

## ئېتىكاپ قىلغان كىشى ئۈچۈن مۇستەھەب بولغان ئىشلار

ئېتىكــاپ قىلىــشتىن مەقــسەت ئــاللاھ تائالانىــڭ رازىلىقىغــا ئېرىــشىش ۋە ئــاللاھتىن ھــاجەتلىرىنى ســوراپ ھەل قىلىــش ئۈچــۈن ئــۆزىنى مەســجىدكە بەنــت قىلىــشتىن ئىبــارەت بولغــان ئىــكەن، ئېتىكــاپ قىلغــان كــىشىنىڭ بــۇ پۇرســەتنى غەنىــمەت بىلىــپ، نامــاز ئوقــۇش، قۇرئــان كەرىــم تىــلاۋەت قىلىــش، ئىــستىغفار ئېيتىــش (يەنــى تەۋبە قىلىــش)، پەيغەمــبەرگە دۇرۇد ئېيتىــش، بىلىــم ئــۆگىنىش قاتــارلىق ئىبــادەتلەر بىــلەن كــۆپ شۇغۇللىنىــشى مۇستەھەپتۇر.

## ئېتىكاپ قىلغان كىشى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلار

ئېتىكــاپ قىلغــان كــىشىنىڭ ئــېلىم- ســېتىم ئــىشلىرى بىــلەن شۇغۇللىنىــشى مەنئىــي قىلىنىــدۇ. شــۇنىڭدەك ئېتىكــاپ قىلغــان بولــسۇن يــاكى قىلمىغــان بولــسۇن ھەرقانــداق كــىشىنىڭ مەســجىدنىڭ ئىچىــدە ئــېلىم- ســېتىم ئــىشلىرىنى قىلىــشى مــۇتلەق ھارامــدۇر. چــۈنكى مەســجىدلەر ئــاللاھ تائالاغــا ئىبــادەت قىلىــش ئۈچــۈن بىنــا قىلىنغــان مۇبــارەك جــايلاردۇر. بــۇ جــايلاردا دۇنيــالىق ســودىلارنى قىلىــش خاتــادۇر. پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام بــۇ ھەقتە مۇنــداق دېــگەن: «مەسجىدتە بىــر نەرســە ئــېلىش يــاكى ســېتىش بىــلەن ســودا قىلغــان كــىشىنى كۆرســەڭلار، ئۇلارغــا "ســوداڭلارغا ئــاللاھ تائــالا بەرىــكەت بەرمىــسۇن!، مەســجىدلەر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان ئەمەس" دەڭلار»(تىرمىزى رىۋايىتى).

## ئاياللار نەدە ئېتىكاپ قىلىدۇ؟

ئاياللار ئېتىكاپ قىلماقچى بولسا، ئــۇنى نەدە ئولتــۇرۇپ قىلىــدۇ دېــگەن مەسىلە ھەققىــدە

ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى ئىختىلاپ قىلىشقان. ھەنەفىي مەزھىبىدىن باشقا مەزھەبلەرگە كۆرە، ئايال كىشىمۇ ئېتىكاپنى مەسجىدتە قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿سىلەر مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ۋاقتىڭلاردا...﴾ دېگەن سۆزى ئېتىكاپنى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ھەرقانداق كىشىنىڭ پەقەت مەسجىدتىلا قىلىشى لازىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، ئايال كىشى ئېتىكاپنى ئۆز ئۆيىدە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسجىدلەردە ئېتىكاپ قىلىشى مەكرۇھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىكاپتىن مۇھىم بولغان بەش ۋاخ نامازلارنىمۇ ئاياللارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە ئوقۇشىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ: «ئاياللار ئەگەر بىلسە، ئۇلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى (مەسجىدلەرگە بارغىنىدىن) ياخشىدۇر» دېگەن. بۇ مەسىلىدە ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرۈشى بويىچە ئەمەل قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىكاپ قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېتىكاپ قىلماقچى بولغىنى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۆۋەتتىكى ئېتىكاپنى تەرك قىلىپ، كېيىن شەۋۋال ئېيىدا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھەدىسمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارنىڭ مەسجىدلەردە ئېتىكاپ قىلىشىنى ياقتۇرمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

# روزا ھەققىدە كۆپرەك سورىلىدىغان

## سوئاللارغا جاۋابلار

1- روزا تۇتۇش ئۈچۈن كالىندار ئەمەس، بەلكى ئاي كۆرۈش ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

2- رامىزان روزىسىغا تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال نىيەت قىلىش شەرتتۇر.

3- نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەش شەرت ئەمەس، بەلكى دىلدا نىيەت قىلىش يېتەرلىكتۇر.

4- نەپلى روزا ئۈچۈن شۇ كۈنىنىڭ پېشىن ۋاقتىغىچىلىك نىيەت قىلسىمۇ يېتەرلىكتۇر.

5- ئاز مىقداردا بىرنەرسە يېيىش بىلەنمۇ، ھەتتا بىرەر دانە نوقۇت ياكى بىرتامچە يامغۇرنىڭ گالدىن ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنمۇ روزا بۇزۇلىدۇ.

6- روزا تۇتقىنى ئېسىدە يوق ھالدا بىرنەرسە يەپ، ئىچىپ قويغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

7- روزا تۇتقان كىشىنىڭ گېلىغا چىۋىن ياكى چاڭ- توزان كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

8- ئۆزىگە ئەتىر چېچىش ياكى گۈللەرنى پۇراش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

9- ئۇششاق تاش ياكى كىچىك چالما چاغلىق نەرسىلەرنى يۇتۇپ سالغان كىشىنىڭمۇ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر كۈنلۈك قازا لازىم كېلىدۇ.

10- ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار ئەگەر روزا تۇتسا ئۆزلىرىنىڭ ياكى بالىلىرىنىڭ ساقلىقىغا زىيانلىق بولۇشىدىن قورقسا روزا تۇتمايدۇ ۋە كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ.

11- رامىزان كۈندۈزىدە ئېھتىلام بولۇپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئۇنىڭغا غۇسۇل قىلىش پەرز بولىدۇ. شۇھامان غۇسۇل قىلسىمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

12- روزا تۇتۇش كۈنىنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى شەرت ئەمەس، بەلكى

ئاينى كۆرگەن كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى پەرزدۇر.

13- شەك كۈنىدە (يەنى كىشىلەر شەبانغا تەۋەمۇ ياكى رامىزانغىمۇ دەپ شەك قىلىپ قالىدىغان كۈن - شەباننىڭ 30 - كۈنىدە) روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر.

14- دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ روزا تۇتىدىغان كۈنى شەك كۈنىگە توغرا كېلىپ قالغان بولسا، بۇ كۈندە روزا تۇتۇشى مەكرۇھ سانالمايدۇ.

15- رامىزان كۈندۈزىدە ئىختىيارسىز قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ئەمما قەستەن قۇسقان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

16- رامىزان كۈندۈزىدە قان ئالدۇرغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

17- رامىزان كۈندۈزىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە تۆت مەزھەبنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە بۇنداق كىشىگە قازا بىلەن كاپارەت لازىم كېلىدۇ.

18 - كاپارەت- بىر قۇل ئازات قىلىش، ئەگەر تاپالمىسا ئىككى ئاي ئۇدا روزا تۇتۇش، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە ئاتمىش مىسكىنگە بىرۋاخ تاماق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

19 - رامىزان كۈندۈزىدە يېيىش ياكى ئىچىش ئارقىلىق روزىسىنى بۇزغان كىشىگە ھەنەفىي مەزھىبى بويىچە قازا بىلەن كاپارەت لازىم كېلىدۇ.

20 - ھەيز ياكى تۇغۇت سەۋەبى بىلەن رامىزان روزىسىنى تۇتالمىغان ئاياللار كېيىن روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. بىراق ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدۇ.

21 - ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇشى جائىز ئەمەس. تۇتقان تەقدىردىمۇ ھېسابلانمايدۇ.

22 - رامىزان كۈندۈزىدە ھەيز كۆرگەن ياكى تۇغقان ئاياللارنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. ئۇلار كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ.

23 - سۇھۇرلۇق يەۋاتقان ۋاقىتتا بامداتقا ئەزان ئوقۇلغان بولسا ھامان يېيىشنى توختىتىپ نىيەت قىلىش كېرەك. تۇتقان روزا دۇرۇستۇر.

24 - جىنابەتتىن پاك بولۇش ناماز ئوقۇش ئۈچۈن شەرتتۇر. ئەمما جىنابەت بىلەن روزا تۇتۇش دۇرۇستۇر.

25 - مۇساپىرلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت باردۇر. ئەمما تۇتقىنى ئەۋزەلدۇر.

26 - روزا تۇتماسلىق ئۈچۈن سەپەر مۇساپىسىنىڭ90 كىلومېتىردىن كۆپ بولۇشى شەرتتۇر.

27 - روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنغان كېسەلنىڭ ئادەتتىكى باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى ۋە كۆز ئاغرىقىغا ئوخشىغان يېنىك كېسەللەردىن بولماستىن، بەلكى روزا تۇتسا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغان ئېغىر كېسەللەردىن بولۇشى شەرتتۇر.

28 - زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغان سەپەرلەردە بولغان كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى مەكرۇھتۇر.

29 - رامىزان كۈندۈزىدە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلغان كىشى ئەگەر بۇ ئىشنى ئايالىنىڭ رازىلىقى بىلەن قىلغان بولسا، ئەر - ئايال ھەر ئىككىسىگە كاپارەت كېلىدۇ. ئەگەر ئايالىنىڭ ئىختىيارى بولماستىن مەجبۇرى قىلغان بولسا، ئەر كىشىگىلا كاپارەت لازىم كېلىدۇ.

30 - رامىزاننىڭ قازاسىنى تۇتۇشتا ئارقا - ئارقىدىن ئۈزمەي تۇتۇش شەرت ئەمەس. بەلكى پارچە - پارچە تۇتسىمۇ بولىدۇ.

31 - كاپارەت پەقەت رامىزاننىڭ روزىسىنى قەستەن بۇزغانلىق ئۈچۈنلا لازىم كېلىدۇ. ئەمما كاپارەت روزىسى قازا روزا ۋە نەپلى روزىلارنى بۇزغانغا كاپارەت لازىم كەلمەيدۇ.

32 - نەپلى ئۈچۈن روزا تۇتۇپ، ئۇنى بۇزغان كىشى ئۈچۈن ھەنەفىي مەزھىبىگە كۆرە، قازا لازىم كېلىدۇ. ئەمما باشقا ئۈچ مەزھەبكە كۆرە، بۇ روزا ئىختىيارى روزا بولغانلىقتىن قازا لازىم كەلمەيدۇ.

33 - روزا ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدە ۋە قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تۆتىنجى كۈنىگىچىلىك روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

34 - يالغۇز جۈمە كۈنىدە ۋە يالغۇز شەنبە كۈنىدە روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر.

35 - ئىپتار قىلماستىن ئۇلاپ روزا تۇتۇش مەكرۇھتۇر.

36 - روزىدار كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئايالىنى سۆيۈشى روزىنى بۇزمايدۇ. ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشىنىڭ ئايالىنى قۇچاقلىشى مەكرۇھتۇر.

37 - روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە ئۆز تۈكرۈكىنى يۇتۇشى بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

38 - روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈندۈزدە كۆزىگە سۈرمە تارتىشى ۋە دورا تېمىتىشى

بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ. شۇنىڭدەك داۋالىنىش مەقسىتى بىلەن بەدىنىگە ئۇكول سالدۇرۇشى بىلەنمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

39 - روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۆندۈزدە ئىغىزىغا، بۇرنىغا ۋە قۇلىقىغا دورا تېمىتىشى بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭدەك ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى ئەۋرەت ئەزاسىغا دورا قويۇشى بىلەنمۇ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

40 - روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۆندۈزدە قايسى بىر سەۋەب بىلەن يۇيۇنۇشى بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


`ئەرەبچە ئەسەرلەردىن:

1. الإختيار لتعليل المختار لإبن مودود الحنفي
2. التيسير في الفقه اللأحناف للأستاذ محمد صادق القمحاوي
3. المفتاح شرح نور الإيضاح للأستاذ أبو يزيد شلبي
4. أحكام الصيام للشيخ محمد علي الصابوني
5. يسئلونك في الدين والحياة للدكتور شرباصي

تۈركچە ئەسەرلەردىن:

1- ISLAM FIKHI ANSIKLOPEDISI

Prof. Dr. Vehbe Zuheyli

2- ISLAM ILMIHALI

Omer Nasuhi Bilmen

3- IBADETIN GETIRDIKLERI

Safvet Senih

مۇھەممەد يۇسۇف

# ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى

# بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

بارلىق ماختاشلار ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر بىزلەرنى ئىسلام نۇرىغا ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق بىزگە نېمىتىنى تاماملىغان، ھەج ئىبادىتىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرىدىن قىلىپ بېكىتىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنى ھەجنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدىن قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا »كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ«( ) دەپ بۇيرۇپ، خالىغان بەندىلىرىنى شۇ چاقىرىققا ئەگىشىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغۇچى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. دۇرۇد، دۇئا ۋە سالاملىرىمىز توغرا دىنىنىڭ يېتەكچىسى، ھەقىقەتنىڭ جاكارچىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى، مەنئى قىلغانلىرىنى ئىنسانىيەتكە تولۇق يەتكۈزۈش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلغان، ھەج توغرۇلۇق:«ئى خالايىق! ئاللاھ سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى، ھەج قىلىڭلار» دەپ بۇيرىغان، بۇيرۇپلا قالماستىن ھەج پائالىيەتلىرىنى ئەمەلى رەۋىشتە ئورۇنلاپ كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە: «مەندىن ھەج قائىدىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار» دەپ تەلىم بەرگەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن. تا قىيامەتكىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشكەن مۆمىنلەردىن ئاللاھ تائالا رازى بولغاي.

مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدا ئىبادەتلەرنىڭ دۇرۇس ئادا تېپىپ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئىككى چوڭ شەرت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھالدا خالىس نىيەت بىلەن قىلىش، ئىككىنچىسى، ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ئورۇنداشتۇر. بۇ ئىككى شەرتنىڭ بىرەرسى تولۇق بولمىغان ئىبادەت بىكاردۇر.

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشنىڭ سىستېمىلىرىنى ۋە قائىدە ـ تەرتىبلىرىنى ئۆگىنىش ئايرىم بىر پەرزدۇر. ھەج ئىبادىتىمۇ ئىسلام دىنىدىكى بەش چوڭ ئىبادەتنىڭ بىرى ۋە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش، ئۇنىڭ كەڭ مەغپىرىتىگە ھەم مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « قوبۇل بولغان ھەج جىھادتىن ئەۋزەلدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. قىلغان ھەجنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا

قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەج قائىدىلىرىنى پۇختا ئۆگىنىش، ئاندىن ئۇنى شۇ ئۆگەنگەن بويىچە ئادا قىلىش شەرتتۇر.

«ھەج پەرزىنى ئادا قىلىمەن» دەپ بىر ئۆمۈر ئارزۇ تىلەك بىلەن يۈرۈپ، تاپقان ـ تەرگىنىنى بۇ يولغا ئاتىغانىنىڭ سىرتىدا، پاسپورت ئالىمەن دەپ نەچچە يىل يۈگۈرۈش ئارقىسىدا مىڭبىر مۇشەققەتتە بۇ مۇقەددەس جايلارغا كېلىشكە مۇيەسسەر بولغان ھاجىلىرىمىزنىڭ ھەج قىلىش قائىدىلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا، "ھەرەمگە كەلدۇق، ھاجى بولدۇق" دەپ يۈرۈشى، قايسى پائالىيەتنى قانداق رەۋىشتە ئادا قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەسلىكى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىقتۇر. ھەرەمگە كەلگەنلىك ھاجى بولۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە «ھاجى» بولۇش ئۈچۈن ھەجنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنى جان ـ دىل بىلەن ئورۇنداش لازىم.

مەن بەزى ئۇيغۇرچە ھەج قوللانمىلىرىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىنتايىن چوڭ ھەجىملىك كىتاب بولغانلىقتىن، ھاجىلار ئۇنى كۆتۈرۈپ بولالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، تەلىماتلار ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، كىتابنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇپ بولغىچە بېشىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن، كېرەك بولغان مەسىلىلەرنى ئىنچام ھالدا چۈشىنەلمەيدىكەن. بەزىسى ئىنتايىن قىسقا بولغانلىقتىن، ھەج ۋە ئۆمرە قائىدىلىرىنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىكەن. شۇڭا مەن ئۇيغۇر ھاجىلىرىمىز ئۈچۈن چۈشىنىشلىك، ئاسان ھەم مۇناسىپ شەكىلدە بىر ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى يېزىپ چىقىش نىيىتىگە كەلدىم ۋە جانابى ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراپ بۇ ئىشقا باشلىدىم.

مۇھەممەد يۇسۇف

ھىجرىيە 1427 ـ يىل3 ـ رامىزان

مىلادىيە 2006 ـ يىل 25 ـ سىنتەبىر

# ھەجنىڭ پەزىلىتى

ھەج ئىبادىتى خۇددى ناماز، روزا، زاكاتقا ئوخشاش بۇرۇنقى ساماۋىي دىنلاردىمۇ بۇيرۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي ئىبادەتتۇر. ھەج پائالىيەتلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ ھازىرقى تەرتىپى بويىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا خۇراپات ۋە بۇتپەرەسلىك ئادەتلىرى ئارىلىشىپ بۇزۇلۇشى تۈپەيلى بۇددىست ئەرەبلەر ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ شەكلىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن. ھەتتا كەبىنىڭ ئىچىگە ھەر قەبىلە ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى تىزىۋالغان. ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 630 - يىلى) مەككە پەتھى قىلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، كەبىنىڭ ئىچىدىكى بۇتلار چىقىپ تاشلىنىپ كەبە تازىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن، ھىجرىيەنىڭ 9 - يىلى ھەج ئىسلام دىنىنىڭ 5 - پەرزى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ ۋە ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان ھەنىفى (ھەق) دىنىدىكى ئەسلى شەكلىگە قايتۇرۇلىدۇ. شۇندىن بىرى ھەج پائالىيەتلىرى شۇ بويىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئاللاھ تائالا ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشنى ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ، ھەج سەپىرىگە قادىر بولالىغان مۇسۇلمان كىشىلەرگە پەرز قىلىپ بەلگىلىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇلار: ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش». بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشى پەرزدۇر.

## ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشنىڭ پەزىلەتلىرى

ھەج بىلەن ئۆمرە ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. چۈنكى ھەج ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئىقتىسادىي ھەم جىسمانىي ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. ئۇ پۇل ـ مال سەرپ قىلىش، سەپەر ئۈستىدە رىيازەت چېكىش، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.

ھەج بىلەن ئۆمرە گۇناھلارنىڭ، خاتالىقلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى، ئاللاھ تائالانىڭ يېقىنلىقىغا، رازىلىقىغا ۋە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ھەم ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «كىمكى گۇناھ ئىشلىمەستىن ۋە يامان سۆز قىلماستىن ھەج قىلىدىكەن، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنىدىكىگە ئوخشاش بولۇپ قايتىدۇ». يەنە بىر ھەدىسىدە: «بىر ئۆمرەدىن يەنە بىر ئۆمرەگىچە بولغان ۋاقىت بۇ ئىككىسى ئارىسىدا ئىشلەنگەن گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. قوبۇل قىلىنغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

## ھەج كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟

ھەج قىلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ يۈكلىنىشى ۋە ھەج قىلىشقا لاياقەتلىك بولۇشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ مۇسۇلمان بولۇش مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە باشقا ئىبادەتلەرمۇ پەرز بولمىغاندەك، ھەجمۇ پەرز ئەمەستۇر. چۈنكى مۇسۇلمان بولمىغانلار ئىسلام ئىبادەتلىرىنى ئورۇنلاشقا لاياقەتلىك ئەمەس.

2 ـ ئەقىل ـ ھۇشى جايىدا بولۇش ساراڭلارغا، مەتولارغا ۋە ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولمىغان ھەر قانداق كىشىگە ھەج قىلىش پەرز ئەمەستۇر.

3 ـ بالىغ بولۇش بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارغا ھەج قىلىش پەرز ئەمەس. ئوغۇللار 12 ياش بىلەن 15 ياش ئارىسىدا، قىزلار 9 ياش بىلەن 15 ياش ئارىسىدا بالاغەتكە يېتىدۇ.

4 ـ ھەج قىلىشقا قادىر بولۇش بىراۋنىڭ ھەج قىلىشقا قادىر بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەجنىڭ پەرز بولۇپ بۇيرۇلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەج چىقىملىرىغا، ئۇ ھەجگە بېرىپ كەلگۈچە ئۆيىدە قالغان بالا ـ چاقىلىرىنىڭ يۈتۈن چىقىملىرىغا يەتكۈدەك ئىقتىسادقا ئىگە بولۇشى، تېنىنىڭ ساق بولۇشى، ھەج يولىنىڭ خاتىرجەم ۋە ئوچۇق بولۇشى، ئۆزى ھەم مال ـ مۈلكى زىيانغا ئۇچرىمايدىغان بولۇشى ۋە قەرزدار بولماسلىقى شەرتتۇر!

يۇقىرىقى شەرتلەر ئەر ـ ئايال ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىگە قارىتىلغان ئومۇمىي شەرتلەردۇر. ئەمما ئايال كىشى ئۈچۈن يەنە بىر شەرت بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ تا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېنىدا مەھرىمى(ئېرى ياكى ئاتىسى ياكى بېرەر ئەر قېرىندىشى ياكى نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى)نىڭ بىرگە بولىشىدۇر. ھەجدە بىرگە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى مەھرەملىرىدىن بىرەرسى بولمىغان ئايال كىشىگە ھەج پەرز ئەمەس. يات كىشىلەرنى يالغاندىن مەھرەم قىلىپ

ھەجگە كېلىش جائىز ئەمەس.

ھەج ئۆمــۈر ئىچىــدە پەقەت بىــر قېــتىملا قىلىــش بىــلەن ئــادا تاپىــدىغان پەرزدۇر. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېــگەن:«ھەج بىــر قېــتىملا قىلىنىــدۇ. ئۇنىڭــدىن ئــارتۇق قىلىنغىنى نەپلىدۇر».

## ھەج قاچان پەرز بولىدۇ؟

ھەج قىلىــش شــەرتلىرىگە توشــقان كىــشىنىڭ ھەجنــى كېچىكتۈرمەســتىن، دەرھــال ئــادا قىلىــشى پەرزدۇر. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ھەج قىلىــش شــەرتىگە توشــقان كىــشىنىڭ پەرز ھەجنى كېچىكتۈرۈشــىنىڭ جــائىز ئەمەسـلىكى ھەققىــدە مۇنــداق دېــگەن: «ھەج پەرزىنــى ئــادا قىلىــشقا ئالــدىراڭلار. چــۈنكى ســىلەر بېــشىڭلارغا كېلىــدىغانلارنى بىلمەيــسىلەر». ئەممــا بىــر قېتىم ھەج قىلىــپ بولغــان كىــشى ئۈچــۈن قايتــا ھەج قىلىــش پەرز ئەمەس، بەلكــى نەپــلە( ئىختىيــارىي ئىبــادەت)دۇر. قۇرئــان كەرىمــدىكى:﴿قــادىر بولالىغــان كىــشىلەرنىڭ ئــاللاھ ئۈچــۈن كەبىنــى زىيــارەت قىلىــشى ئۇلارغــا پەرز قىلىنــدى﴾دېــگەن ئايەتنىــڭ مەنىــسىمۇ، ھەج قىلىـــش شـــەرتلىرىگە توشـــقان كىـــشىلەرنىڭ بـــۇ پەرزنـــى كېچىكتۈرمەســـتىن دەرھـــال ئورۇنلىــشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنــى ئىپادىلەيــدۇ. چــۈنكى ئىنــسان بېــشىغا كېلىــدىغانلارنى ۋە ئەتە نــېمىلەر بولىــدىغانلىقىنى بىلمەيــدۇ. شــارائىت بىــلەن ئىمكــانىيەت ھەمــىشە شــۇنداق ھـــازىر بولـــۇپ تۇرماســـلىقى مـــۇمكىن. شـــۇڭا ھەج پەرزىنـــى ئـــادا قىلىـــشقا ئىمكـــانىيىتى تولۇقلىنىــپ، شــەرتلىرى ھــازىر بولغــان ئادەمنىــڭ بــۇ پەرزنــى شــۇ يىلــى ھامــان ئــادا قىلىــشى زۆرۈردۇر.

## ھەج قىلىش ۋاقتى

ئــاللاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە: «ھەج ۋاقتــى مەلــۇم بىرقــانچە ئايــدۇر» دەپ كۆرسـەتكەن. بــۇ مەلــۇم بىــر قــانچە ئــاي — شــەۋۋال، زۇلقەئــدە ۋە زۇلھەجــجە ئېيىنىــڭ 10 ـ كــۈنىگىچە بولغان ۋاقىتلاردۇر. ئەممــا ئــۆمرە قىلىــش ئۈچــۈن مەلــۇم ۋاقىــت بەلگىلەنــگەن ئەمەس، بەلكــى ئۇنى يىلنىڭ قايسىبىر ئايلىرى ۋە كۈنلىرىدە قىلسا بولىدۇ.

ھەج ياكى ئۆمرە سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار

ھەج يــاكى ئــۆمرە ســەپىرىگە ئاتلانمــاقچى بولغــان كىــشى ئۈچــۈن تۆۋەنــدىكىلەرنى ئورۇنلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

1 ـ ھەج يــاكى ئــۆمرە قىلمــاقچى بولغــان ئادەمنىــڭ بــۇ ئىبــادەتلەر بىــلەن پەقەت ئــاللاھ تائالانىــڭ رازىلىقىغــا ئېرىشــىشنى مەقــسەت ۋە غــايە قىلىــشى شــەرتتۇر. بــۇ دۇنيــادا »ھــاجى«

دىگەن ئاتاقنى ئىلىش ياكى دۇنيالىق مەنپەئەت كۆزلەشنى نىيەت قىلىپ بۇ سەپەرگە ئاتلانغانلار ئۆزلىرى مەقسەت قىلغان غايىسىگە يېتىشتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ زىنىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ﴾.

2 ـ بالا ـ چاقىلىرىغا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىش، ئاللاھ تائالا بۇيرىغانلارنى تولۇق ئورۇنلاش ۋە توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىش.

3 ـ ئۇستىدە تۆلەشكە تېگىشلىك قەرزلەر بولسا تۆلەش، بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن رازىلىشىش. باشقىلاردىن ئېلىشى بولسا بالا ـ چاقىلىرىغا يېزىپ ۋە گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قالدۇرۇش، ۋەسىيەتلىرى بولسا قىلىۋېلىش.

4 ـ ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش، ھەج قوللانمىسىدىن بىرنى پۈتۈن سەپىرى بويىچە ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش. بىلمىگەنلىرىنى بىلگەنلەردىن سوراپ ئۆگىنىش.

5 ـ پۈتۈن گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلىش. ھەقىقىي تەۋبە — گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش ۋە ئۆتكەن گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىش، شۇنداقلا گۇناھ ئىشلارنى قىلماسلىققا بەل باغلاشتۇر.

6 ـ ھەرەمگە بېرىپ كەلگۈچىلىك بارلىق چىقىملار ئۈچۈن ھالال پۇل ئىشلىتىش. چۈنكى ھەج ۋە ئۆمرە سەپىرى باشتىن ئاخىر ئىبادەتتۇر. ئىبادەتكە ھالال مالدىن باشقىسى يارىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«بىراۋ ھەج قىلىش ئۈچۈن ھالال مالدىن خەرج قىلىپ يولغا چىقىپ ﴿ لەببەيكەللاھۇممە لەببەيكە﴾ يەنى (ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئەمرىڭنى ئورۇنلاشقا ھازىرمەن»نى باشلىغىنىدا، ئاسماندىن بىر پەرىشتە نىدا قىلىپ «خوش كەلدىڭىز، بەختلىك بولدىڭىز، بۇ سەپەر ئۈچۈن ئاتىغانلىرىڭىز ھالالدىن، چىقىم قىلغانلىرىڭىز ھالالدىن، سىزنىڭ قىلغان ھەججىڭىز قوبۇل بولىدۇ» دەيدۇ. بىراۋ ھارامدىن تاپقان مالدىن خەرج قىلىپ يولغا چىقىپ ﴿لەببەيكەللاھۇممە لەببەيكە﴾ يەنى «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئەمرىڭنى ئورۇنلاشقا ھازىرمەن»نى باشلىغىنىدا، ئاسماندىن بىر پەرىشتە نىدا قىلىپ «خوش كەلمىدىڭ، بەختلىك بولمىدىڭ، تاپقانلىرىڭ ھارامدىن، بۇ

يولغا چىقىم قىلغانلىرىڭ ھارامدىن، سېنىڭ قىلغان ھەججىڭ قوبۇل ئەمەس»دەيدۇ».

7 ـ ھەج ياكى ئۆمرە سەپىرىگە چىققان كىشىنىڭ كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىكىسىگە كۆز تىكمەسلىكى، ئېھتىياجسىزلىقى، ئېپپەتلىك بولۇشى ۋە ئۆزىنىڭ ئابرويىنى ساقلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئېپپەتلىك بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئېپپىتىنى ساقلايدۇ، كىمكى كىشىلەردىن نەرسە سوراشتىن بىھاجەت بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز پەزلى بىلەن بىھاجەت قىلىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «كىشىلەردىن نەرسە سوراشنى كەسىپ قىلىۋالغان ئادەم قىيامەت كۈنى يۈزىنىڭ گۆشى يوق ھالدا قوپىدۇ» دېگەن. ھەج ياكى ئۆمرىگە بارغۇچىلارنىڭ زاكات ۋە سەدىقە يېيىشى ھالال ئەمەس. چۈنكى بۇ سەپەرگە يېتەرلىك ئىقتىسادقا ئىگە بولغان ئادەملا كېلىشى كېرەك. يېتەرلىك ئىقتىسادى بولمىغان ئادەمگە ھەجمۇ پەرز ئەمەس، ئۆمرە قىلىش مەسئۇلىيىتىمۇ يوق.

8 ـ تازىلىققا، پاكىزلىققا زور ئەھمىيەت بېرىش. ئۆمۈر ئىچىدە بىرلا قېتىم نەسىب بولىدىغان بۇ ئۇلۇغ سەپەرگە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى كىيىپ چىقىش، كىيىم كونا بولسىمۇ يۇيۇپ پاكىز قىلىپ كىيىش، خوشبۇي نەرسىلەرنى ئۆزىگە ۋە كىيىملىرىگە چېچىپ تۇرۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ. ئۇ پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياقتۇرىدۇ» دېگەن.

9 ـ ھەج ياكى ئۆمرە سەپىرىدە ئۇلۇما، تەقۋادار، ئەخلاقلىق كىشىلەر بىلەن ھەمسەپەر بولۇش. پاسىق، ئەخلاقسىز كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش.

10 ـ پۈتۈن سەپىرى جەريانىدا، نامازلارنى ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىش، قۇرئان تىلاۋىتى، ئىستىغفار (ئاللاھتىن مەغپىرەت سوراش)، زىكىر(ئاللاھنى ياد قىلىش)، تەسبىھ (ئاللاھنى مەدھىيىلەش)، تەكبىر(ئاللاھنى ئۇلۇغلاش) قاتارلىقلار بىلەن كۆپ مەشغۇل بولۇش ۋە بۇ تېپىلماس پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

## ئېھرام باغلاش ئورۇنلىرى (مىقات)

ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەلگۈچىلەرنىڭ شۇنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەخسۇس ئورۇنلار بولۇپ، ئۇلار «مىقات» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەج ياكى ئۆمرە ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلگۈچىلەرنىڭ بۇ ئورۇنلاردىن ئېھرامسىز ئۆتمەسلىكى شەرتتۇر. بۇ ئورۇنلار بەش بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### زۇلھەلىفە

زۇلھەلىفە: ھازىر «ئەبيار ئەلى»دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جاي مەدىنىدىن ۋە مەدىنە يولى ئارقىلىق ھەج ياكى ئۆمرىگە كەلگۈچىلەرنىڭ ئېھرام باغلىشى ئۈچۈن بېكىتىلگەن جايدۇر. بۇ جاي مەككىدىن 420 كىلومېتىر كېلىدۇ.

### جۇھفە

جۇھفە: ھازىر بۇ جاي خارابىگە ئايلىنىپ قالغان بىر يېزا بولۇپ، سۈرىيە، ئوردون، پەلەستىن، لىۋان، مىسىر ۋە ماراكەشتىن ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەلگۈچىلەر بوگۈنكى كۈندە بۇ يېزىغا يېقىن بولغان «رابىغ» دېگەن جايدىن ئېھرام باغلايدۇ. بۇ جاي مەككىدىن 186كىلومېتىر كېلىدۇ.

### قەرنۇل مەنازىل

قەرنۇل مەنازىل: ھازىر بۇ جاي «سەيلۇل كەبىر» دەپ ئاتىلىدۇ. نەجدە، تائىف ۋە بۇ ئىككى شەھەر ئارقىلىق ھەج ياكى ئۆمرىگە كەلگۈچىلەرنىڭ ئېھرام باغلايدىغان جايىدۇر. بۇ جاي مەككىدىن 78كىلومېتىر كېلىدۇ.

### يەلەملەم

يەلەملەم: يەمەندىن ياكى يەمەن يولى ئارقىلىق ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن كەلگۈچىلەرنىڭ ئېھرام باغلىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇن بولۇپ، مەككىدىن 120كىلومېتىر كېلىدۇ.

### زاتى ئىرق

زاتى ئىرق: ھازىر «زەرىبە»دەپ ئاتىلىدىغان بۇجاي، ئىراق ۋە ئىراق يولى ئارقىلىق ھەج ياكى ئۆمرىگە كەلگۈچىلەرنىڭ ئېھرام باغلىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇن. مەككىدىن 100كىلومېتىر كېلىدۇ.

### مىقات ھەققىدە مەسىلىلەر

1 ـ يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن ئورۇنلاردىن ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ ئېھرامسىز ئۆتۈپ كېتىشىگە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بېۋاستە بەلگىلەپ بەرگەن جايلاردۇر. ئەمما ھەج ياكى ئۆمرىنى نىيەت قىلماستىن، سودا، ئىش، زىيارەت ۋە باشقا قانداقلا بىر مەقسەت بىلەن مەككىگە كەلگۈچىلەر ئۈچۈن ئېھرام باغلاش

لازىم ئەمەس.

2 ـ ئۆپكە يۇقىرىقى جايلارنىڭ(مىقاتلىنىڭ) ئىچىدە بولغانلار ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن ئۆز ئۆيلىرىدىن ئېھرام باغلايدۇ. پەقەت ئۆيى مەككىدە بولغانلار ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاشقا ھەرەمنىڭ چېگرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئېھرام باغلاپ كېلىدۇ. ئەمما ھەج قىلماقچى بولسا ئۆز ئۆيىدىن ئېھرام باغلاپ چىقىدۇ.

3 ـ ھاۋا يولى ئارقىلىق ھەج ياكى ئۆمرىگە كەلگۈچىلەر ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئاۋۋال يۇيۇنۇپ تەييارلىق كۆرىدۇ. ئېھرام باغلايدىغان جاينىڭ ئۈستىگە كەلگەندىلا ئېھرام باغلاپ نىيەت قىلىدۇ (ئايروپىلان مەسئۇللىرى ئېھرام باغلايدىغان جاينىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، ئېھرام باغلايدىغانلارغا ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش بېرىدۇ). ئەگەر ئايروپىلاندا ئېھرام باغلاش قىيىن بولىدىغاندەك ئېھتىمال بولسا، ئايروپىلانغا چىقىشتىن بۇرۇن نىيەت قىلىپ ئېھرامنى باغلىۋالسىمۇ بولىدۇ.

4 ـ ئاياللارنىڭ ئېھرامدا كىيىشى ئۈچۈن مەخسۇس كىيىم بەلگىلەنگەن ئەمەس. شۇڭا ئۇلار خالىغان كىيىملەرنى كىيسە بولىدۇ. كەڭرەك، ئۇزۇن كىيىم كىيگىنى ياخشىدۇر.

5 ـ ئېھرام تاپالمىغان ياكى ئېھراملىقنى دىققەتسىزلىكتىن ئايروپىلانغا سومكىلىرى بىلەن ئۆتكۈزىۋەتكەن كىشىلەر (بۇنداق ئەھۋال كۆپ يۈز بېرىدۇ) ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جاينىڭ ئاسمىنىغا كەلگەندە، شىمنى كىيگەن پېتى يەشمەستىن، كۆڭلىكنى يېشىپ ھەج ياكى ئۆمرىنى نىيەت قىلغان ھالدا مۆرىسىگە ئارتىۋالسا ۋە ئايروپىلاندىن چۈشكەن ۋاقىتدا ئېھرامنى باغلىۋالسا بولىدۇ. ئەمما بىلىپ تۇرۇپ ئېھرام باغلاشنى جىددە ئايرودرومىغا چۈشكىچە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى جىددە ئېھرام باغلاشقا بەلگىلەنگەن ئورۇن (مىقات)ئەمەس.

6 ـ ئايال كىشى ئېھرام باغلايدىغان جايغا كەلگىنىدە ئايلىق ئادىتى كېلىپ قالسا ياكى تۇغۇپ سالسا، باشقىلارغا ئوخشاش غۇسلى قىلىپ ئېھرام باغلايدۇ ۋە ھەج ياكى ئۆمرىنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىنى قىلىۋېرىدۇ، پەقەت كەبىنى تاۋاپ قىلىشنىلا كېچىكتۈرىدۇ، ئېھرامدىن چىقمايدۇ. پاكلانغاندىن كېيىن تاۋاپ قىلىپ بولۇپ، ئېھرامدىن چىقىدۇ.

## ئېھرام باغلاش ئۇسۇلى

ھەج ياكى ئۆمرەگە ئېھرام باغلىماقچى بولغان كىشى تۆۋەندىكىچە ئىش كۆرۈشى لازىم:

1 ـ «مىقات»قا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن غۇسلى قىلىپ بەدىنىمىزنى پاك پاكىز تازىلايمىز، قولتۇق ۋە باشقا جايلاردىكى تۈكلەرنى، تىرناقلارنى كېيىن ئېھرام ئىچىدە ئېلىشقا ئېھتىياجلىق بولمايدىغان شەكىلدە تولۇق ۋە پاكىز ئالىمىز.

2 ـ بەدىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە مۇمكىن بولغان قەدەر خۇشبۇي بۇيۇملاردىن چاچىمىز. ئەمما ئېھرامغا چېچىلمايدۇ.

3 ـ ئەرلەر ئىككى پارچىدىن تەركىب تاپقان ئاق ئېھراملىقنى كىيىدۇ. ئەمما ئاياللار خالىغان كىيىملىرىنى كىيسە بولىدۇ. يۈزىدە چۈمبەل ياكى نىقاب بولسا، ئۇلارنى ئېلىپ تاشلايدۇ. يۈزى بىلەن ئىككى قولىنى ئوچۇق تۇتىدۇ.

4 ـ ھەيز ياكى تۇغۇتلۇق بولۇپ قالغان ئايالمۇ باشقا ئاياللارغا ئوخشاش غۇسلى قىلىپ پاكىز تازىلىنىپ ئېھرامغا كىرىدۇ ۋە كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا ھاجىلار قىلىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئېھرامنى ئۆمرەگە باغلىغان بولسا پاكلانغانغا قەدەر ئېھرامدىن چىقمايدۇ. پاكلانغاندىن كېيىن ئۆمرەنىڭ قالغان قىسمىنى تولۇقلاپ ئېھرامدىن چىقىدۇ.

5 ـ غۇسلى قىلىپ ئېھرامنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشنى (يەنى ھەج ياكى ئۆمرەنى) نىيەت قىلىمىز. ھەج ياكى ئۆمرەنى باشقىلار ئۈچۈن قىلماقچى بولغان كىشى نىيەتنى «پالانى ئۈچۈن»دەپ قىلىدۇ.

6 ـ ئىمكانىيەت بولسا «ئېھرامنىڭ سۈننىتىنى نىيەت قىلدىم» دەپ نىيەت قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمىز. ئەرلەر ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن تەلبىيە

(لَبَّيْكَ اَللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَشَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ، لاَشَرِيْكَ لَكَ)نى جاراڭلىق ئوقۇپ ماڭىدۇ. ئەمما ئاياللار ئاۋازسىز ئوقۇيدۇ.

## ھەجنىڭ تۈرلىرى

ھەج ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. 1 ـ ئىفراد، 2 ـ تەمەتتۇئ، 3 ـ قىران.

1 ـ ھەج ئىفراد (يەككە ھەج)

ھەج ئىفراد — ھەج ئايلىرىدا ھەجگە «ئى ئاللاھ! ھەج قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولدۇم» دەپ نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاپ كېلىپ، كەبىنى تاۋاپ قىلىش، سافا بىلەن مەرۋىنى سەئيى قىلىش ۋە قۇربان ھېيت كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغانغا قەدەر ئېھرامدىن چىقماي، شۇ ئېھرام بىلەن ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتۇر.

2 ـ ھەج تەمەتتۇئ (بەھرىمەن ھەج)

ھەج تەمەتتۇئ — ھەج ئايلىرىدا ئۆمرىگە «ئى ئاللاھ! ئۆمرە ئادا قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولدۇم» دەپ نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاپ كېلىپ، ئۆمرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىش ۋە زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى ھەجگە قايتىدىن ئېھرام باغلاپ، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتۇر. ھەج تەمەتتۇئ قىلغانلار ئۈچۈن قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن ئۈچىنچى كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە قۇربانلىق قىلىش ۋاجىبتۇر. قۇربانلىق مال تاپالمىغان ياكى سېتىپ ئېلىشقا قادىر بولالمىغان ھاجىلار ھەج كۈنلىرىدە ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن، جەمى 10 كۈن روزا تۇتسا بۇ ۋاجىب ئادا تاپىدۇ.

3 ـ ھەج قىران(ئۇلانما ھەج)

ھەج قىران — ھەج ئايلىرىدا ھەج بىلەن ئۆمرە ئىككىسىگە «ئى ئاللاھ! ئۆمرە ۋە ھەج قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولدۇم» دەپ بىرلا نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاپ كېلىپ، ئۆمرىنى ئادا قىلىش، ئاندىن ئېھرامدىن چىقماي، يەنە شۇ ئېھرام بىلەن ھەجنىمۇ قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقىشتۇر. ھەج قىران قىلغۇچىلار بىلەن ھەج ئىفراد قىلغۇچىلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئوخشاشتۇر. پەقەت ھەج قىران قىلغۇچىلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ەمما ھەج ئىفراد قىلغۇچىلار ئۈچۈن قۇربانلىق ۋاجىب ئەمەستۇر.

## ھەجنىڭ پەرزلىرى

ھەجنىڭ پەرزلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاش.

ئېھرام باغلاشتا نىيەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ھەج ياكى ئۆمرەنى نىيەت قىلماستىن ئېھراملىقنى كىيگەنلىك ئېھرام باغلىغانلىققا ياتمايدۇ.

2 ـ ئەرەفاتتا تۇرۇش.

ھەج قىلماقچى بولغان كىشلەرنىڭ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ ئەرەفاتتا تۇرۇشى پەرزدۇر. ئەمما شۇ كۈنى قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ تاكى قۇياش پاتقانغا قەدەر ئەرەفاتتا ھازىر بولۇشى ۋاجىبتۇر. كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئەرەفاتتىن كېتىپ قالغان كىشىگە ۋاجىبنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر قوي قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەججىسى تولۇقلىنىدۇ.

3 ـ كەبىنى تاۋاپ قىلىش (تاۋاپ ئىفادە).

كەبىنــى يەتــتە قېــتىم تــاۋاپ قىلىــش ھەجنىــڭ پەرزلىرىــدىن بىرىــدۇر. تــاۋاپ ھەجەرۇل ئەســۋەدنىڭ ئۇدۇلىــدىن باشــلىنىپ يەنە شــۇ جايغــا كەلگەنــدە ئاخىرلىــشىدۇ. پەرز تــاۋاپنى ھېيتنىــڭ بىرىنچــى كــۈنى ئەتىگەنــدىن ئــۈچىنچى كــۈنى نامــاز ئەســرىنىڭ ۋاقتىغىچىلىــك قىلىــسا بولىــدۇ. پەرز تــاۋاپنى قىلىــپ بولغانــدىن كېيىــن ئىھــرام ئىچىــدىكى چەكلىمىلەرنىــڭ ھەممىــسى، ھەتتــا جىنــسىي مۇناســىۋەت ئۆتكۈزمەســلىك چەكلىمىــسىمۇ ئەمەلــدىن قالغــان بولىدۇ.

كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا كەبىنى سول قول تەرەپتە قويۇپ ئايلىنىش كېرەك.

ئەسكەرتىش

پەرز ئىــسمىنى ئالغــان ئىــشلاردىن بىرەرســىنىڭ قەســتەن يــاكى ســەۋەنلىكتىن تەرك قىلىنىــشى بىــلەن قىلغــان ھەج بېكــار بولىــدۇ. يەنە بىــر يىلــى قايتىــدىن قىلىــشقا تــوغرا كېلىدۇ.

ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى

ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى يەتتە بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ «مىقات»تىن ئىھرام باغلاپ كېلىش.

2 ـ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلىش (مېڭىش).

ســافا بىــلەن مەرۋە ئارىــسىدا ســەئى قىلىــش ســافادىن باشــلىنىپ مەرۋىــدە ئاخىرلىــشىدۇ. ســافادىن مەرۋەگە يــاكى مەرۋەدىــن ســافاغا بىــر قېــتىم بېــرىش بىــر قېتىملىــق ســەئى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىــسىنىڭ ئارىــسىنى بىــر قېــتىم ئــايلىنىش بولــسا ئىككــى قېتىملىــق ســەئى ھېــسابلىنىدۇ. (ســافا بىــلەن مەرۋە ئارىــسىدا ســەئى قىلىــش ھەنەفــي مەزھىبىــدىن باشــقا مەزھەبلەردە پەرزدۇر).

3 ـ مۇزدەلىفەدە تۇرۇش. (ئەمما بىر كېچە قونۇش سۈننەت)

4 ـ قۇربانلىق قىلىش

5 ـ شەيتانغا تاش ئېتىش.

6 ـ باشنى چۈشۈرۈش ياكى چاچنى قىسقارتىش.

7 ـ ۋىدا تاۋىپىنى قىلىش.

ئەسكەرتىش

ۋاجىب ئىسمىنى ئالغان ئىشلاردىن بىرەرسى قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن تەرك قىلىنسا ھەج بۇزۇلمايدۇ. بىراق بىر قوي قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ گۆشىدىن يېمەستىن ھەممىسىنى مەككىدە كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىش، ئۇنىڭغا قۇدرىتى يەتمىسە ھەج كۈنلىرىدە (ھېيت كۈنىدىن بۇرۇن) ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن، جەمى 10 كۈن روزا تۇتۇش بىلەن نوقسان تولۇقلىنىدۇ.

ھەجنىڭ سۈننەتلىرى

ھەجنىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئېھرام باغلاشتىن ئاۋۋال يۇيۇنۇش.

2 ـ ئېھراملىق ئۈچۈن ئىككى پارچە ئاق، يېڭى ماتېرىيال ئىشلىتىش.

3 ـ ئېھرام باغلاپ بولۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش.

4 ـ ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن تەلبىيە

لَبَّيْكَ اَللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَشَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ، لاَ شَرِيْكَ لَكَ يەنى «مەن ھازىرمەن ئى ئاللاھ! مەن ھازىرمەن، مەن ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، بارلىق ھەمدۇ سانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق پەقەت ساڭا خاستۇر، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر»نى ئاۋازلىق ئېيتىش.

5 ـ مەككىگە يېتىپ كەلگەن ھامان كەبىنى تاۋاب قىلىش. (بۇ «تاۋاپ قۇدۇم»دەپ ئاتىلىدۇ.

6 ـ ئىمكانىيەت بولسا ھەجەرۇل ئەسۋەد(كەبىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بولۇڭغا ئورنىتىلغان قاراتاش)نى سۆيۈش. قىستىلاڭغۇ ۋاقىتلاردا يىراقتىن قول بىلەن ئىشارەت قىلىش يېتەرلىكتۇر.

7 ـ ئىمكانىيەت بولسا رۇكنى يەمانى (كەبىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بۇلۇڭ)نى سىلاش.

8 ـ ئىمكانىيەت بولسا تاۋاپتىن كېيىن مەقامۇ ئىبراھىيم (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسسەپ تۇرغان تاش. ئورنى كەبىنىڭ شەرق شىمال تەرىپىدىكى شىشە قۇتىنىڭ ئىچىدە)نىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش. ھەرەم قىستىلاڭغۇ بولغان

ۋاقىتلاردا بۇ نامازنى ھەرمەنىڭ قايسىبىر يېرىدە ئوقۇسىمۇ ئادا تاپىدۇ.

9 ـ تاۋاپ بىلەن سەئى ئوتتۇرىسىدا زۆرۈرىيەتسىز ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىن، بۇ ئىككىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىش.

10 ـ تېنى ساق بولسا تاۋاپ بىلەن سەئىنى مېڭىپ قىلىش.

11 ـ ئىمكانىيەت بولسا ئەرەفاتتا يويۇنۇش.

12 ـ شەيتانغا تاش ئېتىشنى ئاخشامغا قەدەر كېچىكتۈرمەسلىك.

13 ـ شەيتانغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش، باش چۈشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەرتىپ بىلەن (بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنى) قىلىش.

14 ـ پەرز تاۋاپ (تاۋاپ ئىفادە)نى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىنلا قىلىش.

15. زۇلھەججىنىڭ 11 ـ 12 ـ ۋە 13 ـ كۈنلىرى مىنادا قونۇش.

ئەسكەرتىش

ھەجنىڭ سۈننەتلىرى ھەجنىڭ كاماليىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىشلار بولۇپ، سۈننەت ئەمەللىرىگە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئەمما سۈننەت دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى ياكى ھەممىسىنى قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن تەرك ئېتىش بىلەن ھەجنىڭ ئادا تېپىشىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

## مۇلاھىزە

ھەجنىڭ قىستىلاڭغۇ كۈنلىرىدە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ئۈچۈن بېرىش، رۇكنى يەمانىنى تۇتۇش ۋە مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۈرتۈشۈش ئۆزىنى ھالاكەتكە ئاتقانلىقتۇر. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشلارنى ھەج كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلەردە قىلىشتۇر.

## ئۆمرەنىڭ بايانى

ئۆمرە — بەيتۇللاھنى مەخسۇس كەيپىيىتى بىلەن زىيارەت قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۆمرە قىلىش سۈننەتتۇر. ئۆمرەنى يىلنىڭ قايسىبىر ئايلىرى ۋە كۈنلىرىدە قىلىشقا بولىدۇ. پەقەت ئەرەفە(ھارپا) كۈنىدىن باشلاپ قۇربان ھېيتنىڭ 4 ـ كۈنىگىچە بولغان بەش كۈن ئىچىدە ئۆمرە قىلىش ياخشى ئەمەس. فىقھى ئىستىلاھىدا مەكرۇھ

تەھرىمى(ھارامغا يېقىن مەكرۇھ)دۇر.

## ئۆمرەنىڭ پەرزلىرى

ئۆمرەنىڭ پەرزلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئىھرام باغلاش.

2 ـ كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىش.

## ئۆمرەنىڭ ۋاجىبلىرى

ئۆمرەنىڭ ۋاجىبلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار:

1 ـ سافا بىلەن مەرۋەنى يەتتە قېتىم سەئى قىلىش. (ھەنەفىي مەزھەبىدىن باشقا مەزھەبلەردە پەرزدۇر).

2 ـ باشنى چۈشۈرۈش ياكى چاچنى قىسقارتىش.

ئۆمرەنىڭ سۈننەتلىرى ھەجنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ ئەينىسدۇر.

## ھەج بىلەن ئۆمرە پائالىيەتلىرىنىڭ پەرقى

ھەج بىلەن ئۆمرە پۈتۈن پائالىيەتلىرىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى ئىشلاردا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ:

1 ـ ئۆمرە قىلىش تەكىتلىك سۈننەت. ئەمما ھەج قىلىش پەرز.

2 ـ ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت يوق.

3 ـ ئۆمرە قىلغاندا ئەرەفاتتا تۇرۇش يوق.

4 ـ ئۆمرە قىلغاندا مۇزدەلىفەدە تۇرۇش يوق.

5 ـ ئۆمرە قىلغانداشەيتانغا تاش ئېتىش يوق.

6 ـ ئۆمرە قىلغاندا ئىككى نامازنى بىر ۋاقىتتا ئوقۇش يوق.

7 ـ ئۆمرە قىلغاندا تاۋاپ قۇدۇم قىلىش يوق.

8 ـ ئۆمرە قىلغاندا تاۋاپ ۋىدا قىلىش يوق.

9 ـ مەككىلىكلەر ئۆمرە قىلماقچى بولسا ھەرەمنىڭ چېگرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ

ئېھرام باغلاپ كىيىلىدۇ. ئەمما ھەجگە ئۆز ئۆيىدىن ئېھرام باغلاپ چىقىدۇ.

## ئېھرام ئىچىدە چەكلەنگەن ئىشلار

ئېھرام باغلىغان كىشىلەر ئۈچۈن مەنئىي قىلىنغان ئىشلار ئۈچ تۈرلۈكتۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەر ۋە ئايال ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن مەنئىي قىلىنغان ئىشلار.

2 ـ ئەرلەر ئۈچۈنلا مەنئىي قىلىنغان ئىشلار.

3 ـ ئاياللار ئۈچۈنلا مەنئىي قىلىنغان ئىشلار.

بىرىنچىسى، ئەر ۋە ئايال ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن مەنئىي قىلىنغان ئىشلار

1ـ ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن، چاچ ياكى قولتۇق تۈكلىرىنى ياكى تىرناقلىرىنى ئېلىش. ئەمما ئىختىيارسىز چۈشۈپ كەتسە ياكى ئېسىدە يوق ئېلىپ تاشلىسا ھېچ ۋەقەسى يوق. كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

2 ـ بەدىنىگە ياكى ئېھرامغا (ئاياللار كىيىملىرىگە) ھەر قانداق ئەتىر ۋە خۇشپۇراقلىق نەرسىلەرنى چېچىش ياكى ئىستېمال قىلىش.

3 ـ قوللىرىغا پەلەي كىيىۋېلىش.

4 ـ نىكاھلىنىش ياكى باشقىلارنىڭ نىكاھىنى قىلىش.

5 ـ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش.

6 ـ قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىدىن ھەر قانداق بىر جانلىقنى ئۆلتۈرۈش. (ھەرەمنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بىر نەرسە ئۆلتۈرۈش ئېھرام باغلىغان ۋە باغلىمىغان ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن ھارامدۇر.) ئەمما ئېھرام ئىچىدە بولسىمۇ، سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇپ يېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بېلىق تۇتۇپ يېگەنگە ئوخشاش.

شۇنىڭدەك، ئىلان ـ چايان، سېرىق چاشقان، قارغا، چىشلەيدىغان ئىت، چۇسا، پاشا، قوڭغۇز ۋە كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان ھەر قانداق ھايۋان ۋە ھاشارەتلەرنى ئېھرام ئىچىدە بولسىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ.

7 ـ باشقىلار بىلەن جېدەللىشىش، ئۇرۇشۇش، تىللىشىش ۋە ھەرقانداق بىر گۇناھنى سادىر قىلىش.

ئىككىنچىسى، ئەرلەر ئۈچۈنلا مەنئى قىلىنغان ئىشلار

1 ـ ئادەتتىكى كىيىم ـ كېچەك شەكلىدە تىكىلگەن ھەر قانداق نەرسىنى(كىيىملەرنى) كىيىش. ئەمما ئېھراملىق تاپالمىغانلىقتىن چارىسىز قالغاندا ئىشتان كىيىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، پۇتىغا كىيىش ئۈچۈن تىكىلمىگەن نەرسە تېپىلمىغاندا ئاياغ كىيىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ.

2 ـ بېشىغا بىر نەرسە كىيىۋېلىش.

ئۈچىنچىسى، ئاياللار ئۈچۈنلا مەنئى قىلىنغان ئىشلار

1 ـ ئاياللارنىڭ ئېھرام ئىچىدە يۈزىنى يۆرگىۋېلىشى(ئەگەر يات ئەرلەردىن جامالىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن يۈزىنى يۆرگىۋالسا بولىدۇ).

ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغان كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟

1 ـ ئېھرامدا مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغان كىشى ئۇنى بىلمىگەنلىكتىن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ياكى زورلانغانلىقتىن سادىر قىلغان بولسا، ئۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، گۇناھ بولمايدۇ، فىديە(ماددىي جازا)مۇ كەلمەيدۇ.

2 ـ ئەگەر يۇقىرىقىلاردىن بىرەرسىنى ئېھتىياج يۈزىسىدىن بىلىپ تۇرۇپ قىلغان بولسا، فىديە كېلىدۇ.

3 ـ ئەگەر يۇقىرىقىلاردىن بىرەرسىنى ئۆزۈرسىز ۋە ئېھتىياجسىز تۇرۇپ سادىر قىلغان بولسا، گۇناھكار بولىدۇ ۋە فىديەمۇ كېلىدۇ.

## جازا مىقدارى

ئېھرام ئىچىدە چەكلەنگەن ئىشلارنى سادىر قىلغانلىقنىڭ جازاسى

چاچ ياكى قولتۇقنىڭ تۈكلىرىنى ئېلىش، تىرناق ئېلىش، خۇشبۇي قوللىنىش، قوللىرىغا پەلەي كىيىش، ئەرلەرنىڭ تىكىلگەن نەرسە كىيىشى، بېشىنى يۆرگىشى، ئاياللارنىڭ يۈزىنى يۆرگىۋېلىشى ۋە ئەر ـ ئايالنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىشى قاتارلىق ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلغان كىشى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل جازانىڭ بىرىنى تاللايدۇ:

1 ـ ئارقا ـ ئارقىدىن ياكى ئارا بېرىپ ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش.

2 ـ ئالتە پېقىرنى بىر قېتىم غىزالاندۇرۇش.

3 ـ بىر قوي قۇربانلىق قىلىپ گۆشىدىن ئۆزى يېمەستىن مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بېرىش.

## ۋاجىبنى تەرك ئەتكەنىنىڭ جازاسى

ھەج ياكى ئۆمرەنىڭ ۋاجىبلىرىدىن يەنى «مىقات» تىن ئىھرام باغلاش كېلىش، شەيتانغا تاش ئېتىش، مۇزدەلىفەدە قونۇش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش قىلىش «ۋاجىب» دېيىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى تەرك قىلغان كىشى قۇربانلىق ئۈچۈن يارايدىغان ماللاردىن بىرەرسىنى قۇربانلىق قىلىپ ئۆزى يېمەستىن مەككىدىكى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ.

## ئىھرام ئىچىدە تۇرۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنىنىڭ جازاسى

ئىھرامدىن چىقماي تۇرۇپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ قىلغان ھەججىسى بۇزۇلىدۇ. ئۇنى كېيىنكى يىللاردا قايتا قىلىشى لازىم كېلىدۇ. ئەمما ئىھرامدىن چىقىپ بولغان بولسىمۇ، پەرز تاۋاپ بىلەن سەئى قىلىشتىن بۇرۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ھەججىسى بۇزۇلمايدۇ، پەقەت قۇربانلىققا يارايدىغان ماللاردىن بىرەر قوي ياكى بىرەر ئۆچكە قۇربانلىق قىلىش ياكى ھەج كۈنلىرىدە ئۈچ كۈن، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن، جەمئى 10 كۈن روزا تۇتۇش بىلەن ھەججىسى تولۇقلىنىدۇ.

## قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىدىن بىرەر جانلىقنى ئۆلتۈرگەنىنىڭ جازاسى

بۇنىڭ جازاسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1ـ ئۆلتۈرگەن نەرسىسى چارۋا ماللىرىغا ئوخشاش قىممىتىنى باھالىغىلى بولىدىغان نەرسە بولسا، جازاسى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش بىلەن ئادا تاپىدۇ:

(1) ئۆلتۈرگەن نەرسىسىنىڭ قىممىتىگە چۇشلۇق بىرەر مال(مەسىلەن، بىر كىيىكنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا بىر قوي، تۆگە قۇشىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا بىر كالا) ئېلىپ قۇربانلىق قىلىپ ھەرەمدىكى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىش.

(2) ياكى ئۆلتۈرگەن نەرسىسىنىڭ قىممىتىگە تائام ئېلىپ مەككىدىكى پېقىرلارنىڭ ھەر بىرىگە يېرىم «سا»( 3250 گرام)دىن تارقىتىپ بېرىش ياكى قىممىتىنى بېرىش.

(3) ياكى ھەر بىر پېقىرغا بېرىدىغان تائامنىڭ ئورنىغا بىر كۈندىن ھېسابلاپ روزا تۇتۇش.

2 ـ ئۆلتۈرگەن نەرسە چېكەتكىگە ئوخشاش ئوخشىشىنى تاپقىلى بولمايدىغان جانلىق بولسا، تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ:

(1) ئۆلتۈرگەن نەرسىسىنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ ئۇنىڭغا تائام (ياكى بۇغداي)ئېلىپ مەككىدىكى پېقىرلارنىڭ ھەر بىرىگە يېرىم «سا»دىن تارقىتىپ بېرىش ياكى قىممىتىنى بېرىش.

(2) ياكى ھەر بىر پېقىرغا بېرىدىغان تائام ئورنىغا بىر كۈندىن روزا تۇتۇش.

مۇلاھىزە

جانلىقنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەيلى قەسلەپ ئۆلتۈرگەن بولسۇن، مەيلى ئىسىدە يوق ياكى بىلمەستىن ئۆلتۈرگەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئۇنىڭ جازاسىنى تۆلەيدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنمۇ شۇنداق.

## ئېھرام ئىچىدە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار

1 ـ يۇيۇنۇش.

2 ـ ئېھرامنى ئالماشتۇرۇش ياكى يۇيۇش.

3 ـ پۇراقسىز سۈرمە تارتىش.

4 ـ قولغا سائەت سېلىش،

5 ـ بەلگە كەمەر ياكى ھەميان (تىكىلگەن بولسىمۇ) تاقاش.

6 ـ قولغا ئۈزۈك سېلىش.

7 ـ باشنى ياكى بەدەننىڭ قايسىبىر يېرىنى قاشلاش، تاتىلاش، ئۇۋۇلاش.

## ئۆمرە قىلىش ئۇسۇلى

1 ـ مەسجىدى ھەرەمگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئوڭ پۇتىمىز بىلەن كىرىمىز. كىرىشتە:

**بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ. اَلْحمْدُ للهِ رَبِّ العاَلَمِيْنَ والصَّلاَةُ والسَّلاَمُ عَلىَ رَسُولِ اللهِ**

**اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي ذُنُوبِي وَافْتَح لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ**

يەنى «ناھايىتى مېھرى ـ شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالاملارغا بولسۇن. ئى ئاللاھ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئاچقىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز. (بۇ جىمى مەسجىدلەرگە كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا).

2 ـ كەبىگە يېتىپ كەلگەندە، تەلبىيەنى توختىتىپ، تاۋاپ قىلىشنى باشلايمىز. تاۋاپنى ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىدىن ﴿اَللهُ أَكْبَرْ﴾دەپ باشلايمىز. ھەرەم قىستىلاڭغۇ بولمىغان ئەھۋالدا ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشكە بارىمىز. ئادەم كۆپ، قىستىلاڭغۇ ۋاقىتلاردا يىراقتىن قول ئىشارىتى قىلىپ سالام بېرىمىز. بۇنداق قىلىش ئەۋزەل. يەتتە قېتىملىق تاۋاپنى يەنە ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئاخىرلاشتۇرىمىز. تاۋاپنىڭ ئالدىنقى ئۈچىدە تېزرەك ماڭىمىز، كېيىنكى تۆتىدە تەمكىنلىك بىلەن ماڭىمىز. تاۋاپتا ئوڭ قولىمىزنى ئېھرامنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئوڭ مۈرىمىزنى ئوچۇق تۇتىمىز. پۈتۈن تاۋاپ جەريانىدا دۇئانى كۆپ قىلىمىز، بارلىق گۇناھلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمىز. تاۋاپتا ئوقۇش ئۈچۈن مەخسۇس دۇئا بەلگىلەنگەن ئەمەس، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە، خالىسا ئۆز تىلىدا دۇئا قىلسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغان: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ماڭا قانائەت بەرگىن، رىزقىمدا ماڭا بەرىكەت بەرگىن، قولۇمدىن كېتىپ، قايتا ئېرىشىشىم مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ۋە نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ماڭا ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇپ بەرگىن».

3 ـ «رۇكنى يەمانى »غا كەلگەندە ئىمكانىيەت بولسا

**بِسْمِ اللهِ وَاللهُ أَكْبَرْ**

دەپ ئوڭ قولىمىز بىلەن ئۇنى سىلايمىز ۋە

**رَبَّنَآ آتِنَا فِي ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي ٱلآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ**

يەنى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز.

4 ـ تاۋاپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوڭ قولىمىزنى ئېھرامنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئوڭ مۈرىمىزنى ئېھرام بىلەن يۆگەيمىز. ئاندىن ئىمكانىيەت بولسا «مەقامۇ ئىبراھىم»نىڭ

ئارقىسىدا (ھەرەم قىستىلاڭغۇلۇق بولسا ھەرەمنىڭ قايسىبىر يېرىدە) تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمىز( ). ئەمما «مەقامۇ ئىبراھىم»نىڭ ئارقىسىنى قىستىلاڭغۇ قىلىپ تۇرىۋېلىش ياخشى ئەمەس ۋە باشقىلارغا ئازار بەرگەنلىك بولىدۇ.

5 ـ ئاندىن زەمزەم سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن «زەمزەم سۈيى نېمە ئۈچۈن ئىچىلگەن بولسا شۇنىڭ ئۈچۈندۇر، يەنى سەن ئۇنى شىپالىق تەلەپ قىلىپ ئىچسەڭ ئاللاھ ساڭا شىپالىق ئاتا قىلىدۇ، قورسىقىڭنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئىچسەڭ ئاللاھ سېنى تويغۇزىدۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئىچسەڭ ئاللاھ سېنىڭ ئۇسسۇزلۇقىڭنى كېسىدۇ. ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قازغان، ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئۈچۈرۈلگەن»( ).

6 ـ ئاندىن سافا تەرەپكە قاراپ يول ئالىمىز ۋە سافاغا كەلگەندە:

﴿إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ اللّهِ﴾

يەنى ﴿سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇيمىز. ئاندىن قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ:

لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ. لَهُ الْمُلْكَ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ. أَنْجزَ وَعْدَهُ. وَنَصرَ عَبْدَهُ. وَهزَمَ الأَحْزَابَ وَحْدَهُ

يەنى«بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)گە مەدەت بەردى، ئىتتىپاقداش دۈشمەنلەرنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇب قىلدى» دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز. ئاندىن سافادىن مەرۋە تەرەپكە قاراپ يۈرىمىز. سەئى سافادىن باشلىنىپ مەرۋىدە ئاخىرلىشىدۇ.

7 ـ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدىكى ئىككى يېشىل چىراقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەرلەر قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. ئەمما ئاياللار يۈگۈرمەيدۇ.

8 ـ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلىش جەريانىدىمۇ زىكىر، تەسبىھ، تەكبىرلەرنى كۆپ ئوقۇيمىز ۋە دۇئانى كۆپ قىلىمىز.

9 ـ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلىش پائالىيىتىنى تاھارەتسىز ھالدا قىلسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئاياللار تاۋاپتىن كېيىن ھەيزدار بولۇپ قالغان تەقدىردە سافا بىلەن

مەرۋەنى تاھارەتسىز سەئىي قىلىسمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ پائالىيەت ئۈچۈن تاھارەت شەرت ئەمەس.

10 ـ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدىكى سەئىينى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، چېچىمىزنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىمىز. چاچنى قىسقارتىشتىن چۈشۈرۈش ئەۋزەل. ئەمما ھەج يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەر بولسا چۈشۈرۈشتىن قىسقارتىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ھەج كۈنلىرىدە چۈشۈرۈش ئەڭ ئەۋزەل. شۇنىڭ بىلەن ئۆمرە پائالىيىتى ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

ئۆمرەنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلغان ئادەم ئۆمرە ئادا قىلىشنىڭ پۈتۈن پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەت ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇندىغان بولىدۇ.

## ھەج قىلىش ئۇسۇلى

ھەج پائالىيەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئادا قىلىمىز:

1 ـ زۇلھەججىنىڭ 8 كۈنى(تەرۋىيە كۈنى) تۇرغان يېرىمىزدىن ئېھرام باغلايمىز (ئېھرام باغلاشنى 9 ـ كۈنى ئەرەفە (ئەرەفاتتا بولىدىغان)كۈنگىچە كېچىكتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بىراق بۇنداق قىلىش سۈننەتكە خىلاپ ئىش). ئېھرام باغلاشتىن ئاۋۋال غۇسلى قىلىمىز ۋە ئىمكانىيەت بولسا بەدىنىمىزگە خۇشبۇي بۇيۇملاردىن چاچىمىز. ئاندىن «ئى ئالللاھ! ھەج قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولدۇم» دەپ نىيەت قىلىپ، ئېھراملىقنى كىيىمىز.

2 ـ ئاندىن مىناغا چىقىمىز. مىنادا پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيمىز. پەقەت پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ پەرزلىرىنى قەسرى( تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت) قىلىپ ئوقۇيمىز. ئەمما شام ئەسلىدىكىسى بويىچە ئۈچ رەكئەت قىلىپ ئوقۇلىدۇ. چۈنكى ئۈچ رەكئەتلىك ناماز قەسرى قىلىنمايدۇ.

3 ـ زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن، ئەرەفاتقا قاراپ يۈرىمىز. ئەرەفاتقا يېتىپ بارغاندا، ئەرەفات چېگرىسىنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرىپ بولغان ياكى بولمىغانلىقىمىزنى ئېنىق بىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئەرەفاتنىڭ چېگرىسىنىڭ سىرتىدا تۇرغان كىشىنىڭ قىلغان ھەججىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى مۇنداق كىشى ئەرەفاتتا تۇرغان بولمايدۇ.

4 ـ ئەرەفاتتا قۇرئان ئوقۇش، دۇئا، تەكبىر(ئالللاھنى ئۇلۇغلاش)، تەسبىھ(ئالللاھنى پاك دەپ تەرىپلەش)، تەھلىل(ئالللاھنىڭ يېگانە ئىكەنلىكىنى ئېيتىش) ۋە ئىستىغفار (گۇناھلارغا تەۋبە قىلىپ ئالللاھتىن كەچۈرۈم سوراش) قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن كۆپ

مەشغۇل بولىمىز.

5 ـ ئەرەفاتتا پېشىن بىلەن ئەسىرنى پېشىن ۋاقتىدا ئىككى رەكئەتتىن قىلىپ بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن جامائەت بولۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ۋاقىتتا ئوقۇيمىز.

6 ـ قۇياش پاتقاندىن كېيىن، تەمكىنلىك بىلەن، يۈگۈرمەستىن تەلبىيە ئوقۇغان ھالدا مۇزدەلىفەگە قاراپ يول ئالىمىز. يولدا يۈرگەندە باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان، ئۇلارنى قىستاپ قويىدىغان، پۇتلىرىغا دەسسەپ قويىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت. ئىبادەت باشقىلارغا ئازار بېرىش بىلەن قىلىنمايدۇ.

7 ـ مۇزدەلىفەگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شام بىلەن خۇپتەن نامازلىرىنى بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن جامائەت بولۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ۋاقىتتا ئوقۇيمىز. خۇپتەن قەسرى قىلىنىپ ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ. ئەمما شام تولۇق ئوقۇلىدۇ.

8 ـ مۇزدەلىفەدە بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ تۇرۇش بىلەن ۋاجىب ئادا بولىدۇ. بىراق ئەتىسى قۇياش تولۇق چىقىپ بولغىچىلىك مۇزدەلىفەدە قونۇش سۈننەتتۇر. بۇ بىر كېچىلىك قونۇش جەريانىدا دۇئا ۋە باشقا ئىبادەتلەر بىلەن كۆپ مەشغۇل بولىمىز. شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلارنى مۇزدەلىفەدىن يىغىشقا بولغاندەك قايسىبىر جايدىن يىغىشمۇ جائىزدۇر. ئاجىز، ياشانغان ئاياللار بىلەن باللارنىڭ مۇزدەلىفەدە كېچىنىڭ يېرىمىغا قەدەر قونۇپ كېتىپ قېلىشىغا رۇخسەت باردۇر

9 ـ زۇلھەججىنىڭ 10 ـ كۈنى (ھېيت كۈنى) قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مىناغا تەلبىيە ئوقۇغان ھالدا يولغا چىقىمىز. مىناغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭ شەيتان ئۈچۈن نىشانە قىلىنغان جايغا بېرىپ، تەلبىيەنى توختىتىمىز ۋە شەيتانغا يەتتە تال تاش ئاتىمىز. ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا﴿ اَللهُ أَكْبَرُ﴾ (ئالللاھۇ ئەكبەر)دەپ تەكبىر ئېيتىمىز.

10 ـ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، قۇربانلىق قىلىمىز. قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن ئۆزىمىزمۇ يېسەك بولىدۇ. قالغانلىرىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىمىز.

### قۇربانلىق قىلىدىغانلار

ھەج تەمەتتۇئ ياكى ھەج قىران قىلغانلار قۇربانلىق قىلىدۇ. ئەمما ھەج ئىفراد قىلغانلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب ئەمەس.

قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى

قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى: ھېيتنىڭ 1 ـ كۈنى ئەتىگەندىن باشلىنىپ 3 ـ كۈنى ناماز

ئەسرىنىڭ ۋاقتىغىچە داۋام قىلىدۇ.

قۇربانلىق قىلىش ئورنى

قۇربانلىق قىلىش ئورنى: مەككە ۋە ھەج پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان باشقا ئورۇنلار.

قۇربانلىق قىلىدىغان ماللار

قۇربانلىق قىلىدىغان ماللار: قوي، ئۆچكە، كالا ۋە تۆگە.

قۇربانلىق ماللارنىڭ ياش ۋە سۈپەت ئۆلچىمى

قويدىن ئالتە ئايلىقتىن چوڭ بولغىنى، ئۆچكىدىن بىر ياشقا كىرگىنى، كالىدىن ئىككى ياشقا كىرگىنى، تۆگىدىن بەش ياشقا كىرگىنى قوبۇل قىلىنىدۇ.

قۇربانلىقتا بىر قوي ياكى بىر ئۆچكە بىر ئادەم ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. بىر كالا ياكى بىر تۆگە يەتتە ئادەم ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ.

11 ـ قۇربانلىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چېچىمىزنى چۈشۈرىمىز ياكى قىسقارتىمىز. چاچنى چۈشۈرۈش قىسقارتىشتىن ئەۋزەلدۇر. ئەمما ئاياللار ھەر بىر چېچىنىڭ ئۇچىدىن بىر سانتىمېتىر مىقدارىدا كېسىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ ئادەتتىكى كىيىملىرىمىزنى كىيىمىز. ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئېھرام ئىچىدە مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھەممىسىنى قىلىشقا بولىدۇ.

12 ـ ئېھرامدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، مەككىگە قاراپ يول ئالىمىز. مەسجىدى ھەرەمگە يېتىپ كەلگەندە كەبىنى تاۋاپ قىلىمىز (بۇ تاۋاپ «تاۋاف ئىفادە ـ پەرز تاۋاپ»دەپ ئاتىلىدۇ). تاۋاپتىن كېيىن، ئىمكانىيە بولسا «مەقامۇ ئىبراھىم»نىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيمىز. ئەگەر ھەرەم قىستىلاڭغۇ بولسا بۇ نامازنى ھەرەمنىڭ قايسىبىر يېرىدە تۇرۇپ ئوقۇساق بولىدۇ. بەلكى مۇنداق قىلىش ئۆزىمىزنىڭ سالامەتلىكى ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئازارغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەلدۇر. ئاندىن سافا بىلەن مەرۋەنى سەئى قىلىمىز. («ھەج تەمەتتۇئ» قىلغانلار ياكى «تاۋاف قۇدۇم» (ھەرەمگە قەدەم بېسىش تاۋپى)نى قىلمىغانلارنىڭ سەئىنى شۇ كۈنى(يەنى ھېيتنىڭ 1 ـ كۈنى) ۋاقتىدا قىلىشى لازىم. ئەمما «ھەج قىران»ياكى «ھەج ئىفراد» قىلغانلارنىڭ سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلىش ئىشنى كېيىنكى كۈنلەرگىچە كېچىكتۈرۈشى جائىزدۇر).

13 ـ ھەرەمدە تاۋاپ بىلەن سەئىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى مىناغا

قــايتىمىز ۋە مىنــادا زۇلھەججىنىــڭ 11 ــ 12 ـ ۋە 13 ـ كېچىلــرى قــونىمىز (بــۇ كــۈنلەر «تەشرىق كۈنلىرى»دەپ ئاتىلىدۇ). ئىشى ئالدىراش بولغانلار ئىككى كېچە قونۇپلا(12 ـ كۈنى كۈن پېتىشتىن ئاۋۋال) قايتىپ كەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما مىنادا ئۈچ كېچە قونۇش ئەۋزەلدۇر.

14 ـ مىنادا ئۈچ كۈن قونۇش جەريانىدا پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ پەرزلىرىنى قەسرى قىلىپ ئۆز ۋاقتىلىرىدا ئوقۇيمىز. ھەر كۈنى ئۈچ شەيتاننىڭ ھەر بىرىگە يەتتە تالدىن تاش ئاتىمىز. بۇ كۈنلەردىكى تاش ئېتىش كىچىك شەيتاندىن باشلىنىپ چوڭ شەيتاندا ئاخىرلىشىدۇ. ئۈچ شەيتاننىڭ ھەر بىرىگە تاش ئېتىشتا ﴿اللّٰهُ أَكْبَرُ﴾ دەپ تەكبىر ئېيتىلىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەيتانغا تاش ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمكانىيەت بولسا قىبلىگە ئالدىمىزنى قىلىپ، قولىمىزنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ تۇرىمىز. ئەمما چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقاندا، ھەر بىر تاش بىلەن تەكبىر ئېيتىپ توختىماستىن قايتىپ كېتىمىز.

مۇلاھىزە

فىقھى كىتابلىرىدا تاش ئېتىشنىڭ پېشىن ۋاقتىدىن كېيىن باشلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان. ئەمما ھازىرقى زاماندا ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن، تاش ئېتىش جەريانىدا ئادەم ئۆلۈش، ئېزىلىپ، يەنجىلىپ كېتىش ئىشلىرى ھەر يىلى دېگۈدەك بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ھازىرقى زامان ئىسلام ئۆلىمالىرى »كېچە ۋە كۈندۈزدىكى 24 سائەتنىڭ قايسىبىر ۋاقتىدا تاش ئېتىشقا بولىدۇ«دەپ پەتىۋا بەرگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ئادەم ئاز بولغانلىقتىن، ھازىرقىدەك قىستىلىش، ئېزىلىش ۋە يەنجىلىشلەر بولمايتتى. ئەمما ھازىر شارائىت باشقىچە. شۇڭا ھاجىلار 24 سائەتنىڭ قايسىبىر ۋاقتىدا شەيتانغا تاش ئاتسا بولىدۇ.

15 ـ ھەج پائالىيەتلىرى ئاخىرلىشىپ يۇرتىمىزغا قايتىشتىن ئاۋۋال كەبىنى تاۋاپ قىلىشىمىز ۋاجىبتۇر. بۇ «تاۋاف ۋىدا» (ھەرەم بىلەن ۋىدالىشىش تاۋىپى)دەپ ئاتىلىدۇ. پەقەت ھەيزدار ۋە توغۇتلۇق ئاياللاردىنلا بۇ ۋاجىب ساقىت بولىدۇ. ئۇلار تاۋاپ قىلماستىن يۇرتلىرىغا كەتسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ.

ھەج پائالىيتىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلغان كىشى ھەجنىڭ پەرز، ۋاجىب ۋە سۈننەت ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى جايىدا ئورۇندىغان بولىدۇ.

### ئاياللارغا خاس ئەھكاملار

ئاياللار تۆۋەندىكى ئىشلاردا ئەرلەردىن پەرقلىنىدۇ:

1 ـ ئاياللار ھەج سەپىرىدە ئېرى ياكى مەھرەم تۇغقىنىنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا ئېھتىياجلىقتۇر.

2 ـ ئاياللار ئېھرام باغلىغاندا ئەرلەرنىڭ ئەكسىچە تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدۇ.

3 ـ ئاياللار تاۋاپ ۋە سەئى قىلىش ئىشلىرىدا بىر خىل ماڭىدۇ (ئەرلەرگە ئوخشاش تاۋاپنىڭ ئالدىنقى ئۈچىدە ۋە سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى يېشىل چىراق ئارىسىدا يۈگۈرمەيدۇ.)

4 ـ ئاياللار ئېھرامدىن چىققاندا بېشىنى چۈشۈرمەيدۇ. بەلكى ھەر بىر چېچىنىڭ ئۇچىدىن ئاز بىر مىقدارنى كېسىدۇ.

5 ـ ئاياللار »لەببەيكە«نى ئاۋازلىق ئوقۇمايدۇ.

6 ـ ئاياللار ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىغا خالىغان ۋاقىتتا بارمايدۇ. پەقەت ئەرلەردىن خالىي بولغان مەخسۇس ۋاقىتلاردىلا بارسا بولىدۇ.

7 ـ ئاياللار ئېھرام باغلىغاندا ئەرلەرنىڭ ئەكسىچە بېشىنى يۆرگەيدۇ.

8 ـ ئايلىق ئادەت ياكى تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئېھرام باغلىشى ئۈچۈن توسقۇن بولالمايدۇ.

### ئەرەفات كۈنىنىڭ ئىسلام نەزەرىدىكى ئورنى

ئەرەفات كۈنى كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئەڭ شەرەپلىكىدۇر. ئەرەفات كۈنىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاللاھقا زىكىر ـ تەسبىھلەرنى كۆپ ئېيتىش ۋە كۆپلەپ دۇئا بىلەن مەشغۇل بولۇش كۈنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ياخشى دۇئا ئەرەفات كۈنى قىلىنغان دۇئادۇر. مەن ۋە مېنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئېيتقان زىكىرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى:

﴿لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ: لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

يەنى ”ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر“ دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىدۇر».

ھەج پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق ئىزدەنگەن كىشى ھەجنىڭ پەقەت ئىنسانلارنى گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان، تەقۋادارلىقنى ئاشۇرىدىغان ۋە ياخشىلىق سۆيەرلەردىن قىلىپ چىقىدىغان تەربىيە خاراكتېرلىق ئىبادەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم تونۇپ يېتىدۇ. ھاجى ئاللاھنىڭ بەيتىدە ۋە باشقا مۇقەددەس جايلاردا ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىش جەريانىدا، ئاللاھ مۇقەددەس قىلغان مۇبارەك جايلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلۇغ ھەج ئايلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمر ۋە مەنئىلىرىگە رىئايە قىلىشتەك ياخشى ئىشلارنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرىدۇ ۋە يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىنمۇ، ھەج جەريانىدا مۇقەددەس جايلاردا ئالغان تەربىيىسى بويىچە يېڭى بىر ھاياتقا قەدەم قويىدۇ، بۇرۇنقى يېتەرسىزلىكلىرىنى تاشلاپ يېڭى ئالغان تەربىيىسى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئىبادىتى، مۇئامىلىسى ۋە ئەخلاقىدا نامايان بولىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدا يەرلەشكەن ئېسىل پەزىلەتلەردىن تەسىرات ئالىدۇ. ھاجى ئىككى ھەرەم ۋە باشقا مۇقەددەس جايلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنى ئۆگىنىش جەريانىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە مەنپەئەتىنى قوغداشنىڭ خۇددى ئىككى ھەرەم بىلەن ئۇلۇغ ھەج ئايلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە مۇقەددەسلىكىنى قوغداشقا ئوخشاش دىنىي زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿كىمكى دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر﴾دەيدۇ. ئەرەفات كۈنى ئىسلام نەزەرىدە مىسلى بولمىغان ئەڭ ئۇلۇغ كۈندۇر. بىراق بۇ كۈننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلەلمىگەن ۋە ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلار ئۈچۈن بۇ كۈننىڭ باشقا كۈنلەردىن پەرقى يوقتۇر. ئەرەفات سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ تونۇش ۋە تونۇشۇش دېگەنلىك بولۇپ، ھەج قىلىشتىن بولغان مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش بولغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى، ئىنئاملىرىنى ۋە مەغپىرىتىنى تونۇش ۋە ئېرىشىش، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئۆز ئارا تونۇشۇش، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئادەت ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئۇلارغا نامايان قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئادەتلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش ھەم قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇ ئېنىقكى، ھەرەمگە كېلىپ ئەرەفاتتا تۇردۇق، ھەرەمنى تاۋاپ قىلدۇق، قۇربانلىق قىلدۇق ۋە باشقا ۋاجىبلارنى ئادا قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ ئۇنىڭ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولدۇق، دەپ مەغرۇرلىنىپ، كەلگەن يېتى كېتىش ناقىسلىق ۋە يېتەرسىزلىكتۇر.

ھەج ئىبادىتى مەنىۋي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش پۇرسىتى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھاجىلار بۇ ئىبادەت جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ روھىي مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلتىش، تەقۋادارلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

نېمە ئۈچۈن قىلغان ھەججىسى قوبۇل بولغان ئادەم پۈتۈن گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ، خۇددى مەسۇم بوۋاقتەك پاك بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقا ئىبادەتلەرنى قىلغانلارمۇ بىر كۈندىلا شۇنداق پاك بولمايدۇ؟ تەبىئىيكى، ھەج ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم قىلىنىدىغان ئىبادەت. ھەججىسى قوبۇل بولغان كىشىنىڭ ئېتىقادىدا، ئەخلاقىدا ۋە باشقا تەرەپلىرىدە جىددىي ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ھەج شۇنى تەقەززا قىلىدۇ. مۇنداق كىشىنىڭ ئىمانى يېڭىدىن جانلىنىدۇ، ئەخلاقى يېڭىدىن گۈزەللىشىدۇ، ئىخلاسى يېڭىدىن كۈچلىنىدۇ، مۇندىن باشقا ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، ھەرىكەتلىرى، كىشىلەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىلىرى، گەپ - سۆزلىرى ياخشىلىققا، تاكامۇللۇققا قاراپ ئۆزگىرىدۇ، خۇددى ئۇ ئانىسىدىن ئەمدى تۇغۇلغان مەسۇم بوۋاققا ئوخشاش يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەندەك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. مۇنداق كىشىنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىدىن پاك بولۇپ، مەسۇم بوۋاقتەك بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ھەججىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغان كىشىنىڭ خۇددى مەسۇم بوۋاقتەك گۇناھلاردىن پاك بولىدىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان شەكسىز ھەقىقەت.

ئەگەر ھاجىنىڭ قىلغان ھەججىسىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدا پەۋقۇلئاددە بىر ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىغان، ئۇنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرەلمىگەن، ئەخلاقىنى ياخشىلىيالمىغان ۋە باشقا تەرەپلىرىنى بۇرۇنقىسىدىن ياخشىلىققا ئۆزگەرتەلمىگەن بولسا، بۇنداق ھەجنىڭ ساياھەتتىن پەرقى بولماي قالىدۇ. ھەرەمگە كەلگەن ئادەم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھاجى بولىۋېرىدۇ. ئەمما كېرەك بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ھاجى بولۇشتۇر. ھەقىقىي ھاجى خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق مەنىۋى ھىدى بىلەن خەلققە گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ پۇراقلىرىنى چاچىدۇ. خەلقى ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىدۇ. ھەقىقىي ھاجى مۇسۇلمانلىقتا، ۋەتەنپەرۋەرلىكتە، گۈزەل ئەخلاقتا ۋە باشقا بارلىق ياخشىلىقلاردا خەلققە ئۈلگە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىنسانلىقنىڭ ئىپتىخارى، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ۋە بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ ئۈلگىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياقلىرى تەككەن مۇقەددەس جايلارغا ئاياق باسقان، ئۇنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى قىلىشقا، ئوقۇغان دۇئالىرىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغان بەختلىك كىشىدۇر.

خۇلاسە قىلغانـدا، ھاجىلىقنىـڭ ئىپادىـسى ۋە تەقەززاسـى تەقۋادارلىـق گـۈزەل ئەخـلاق، پـاكىزلىق ۋە ئۈلگىلىـك پەزىلەتلەرنـى ئۆگىنىـپ، ئـاۋۋال ئـۆزىگە، ئانـدىن مىللـەتكە ئـۇلارنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەھـۋال بۇنـداق ئىـكەن، مىللىتىمىـزگە ۋەكىللىـك قىلغـان ھالـدا بۇ مۇقەددەس جايلارغـا ھـازىر بولغـان ھاجىلىرىمىزنىـڭ ياخشى ئىـشلاردا باشـقىلارغا ئـۈلگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەرەفـات مەيـدانى قىيـامەت كۈنىـدە ھەمـمە خـالايىق ئاللاھنىـڭ ئالدىـدا ھـازىر بولـۇپ، ھېساب بېرىـدىغان ھەشـر مەيـدانىنىڭ كىچىكلىـتىلگەن كۆرۈنـىشى بولـۇپ، قىيـامەت كۈنىدىمۇ پۈتۈن خـالايىقلار ئاللاھنىـڭ ئالدىـدا ئوخشاش بىـرلا قىياپەتتە ھـازىر بولىـدۇ ۋە بـۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدۇ.

ھەج ئىبـادىتى مۇسـۇلمانلارنىڭ بىللـىق چـوڭ قۇرۇلتىيـدۇر. مۇسـۇلمانلار ھەجـدىن ئىبـارەت بـۇ چـوڭ قۇرۇلتايـدا، دۇنيانىـڭ ھەرقايـسى جايلىرىـدىن كەلـگەن مۇسـۇلمان قېرىنداشلىرى بىـلەن ئۇچرىشىش ئـارقىلىق بىـر ـ بىـرى بىـلەن تونۇشىـدۇ، ئىـسلامىي قائىـدە يوسـۇنلارنى، گـۈزەل ئەخلاقلارنـى بىـر ـ بىرىـدىن ئۆگىنىـدۇ. ئىـسلامىي قېرىنداشـلىقنىڭ كۈچلـۈك رىشتىـسىنى ھـېس قىلىـدۇ. دۇنيانىـڭ ھەر قايـسى جايلىرىـدىن كەلـگەن ھاجىلارنىڭ ئەقىدىسى بىر، ئىلاھـى بىـر، ئىبادەتلىرى بىـر، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» (سـىزگە ئاللاھنىـڭ ئامـانلىقى بولـسۇن)دىـن ئىبـارەت تىلـى بىـر ۋە ئاپئـاق ئېھرامـدىن ئىبـارەت كىيىنىـشى بىـر خىـل بولـۇپ، ئـۇلار ئىـسلام دىنىـدىكى بىرلىـك ۋە باراۋەرلىكنىـڭ ئەمەلـى ئۈلگىسىنى بـۇ جايـدا كۆرىـدۇ. بـۇ جايـدا بايـدىن گـادايىنى، پادىشاھتىن پـۇقرانى ئـايرىۋالغىلى بولمايـدۇ. ھەممىـسى بىرخىـل قىيـاپەتتە بولـۇپ، ئاللاھنىـڭ ئالدىـدا شـۇنداق ھەمـمە ئوخشاشلا بەندە ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قىلغـان خىتابىنى بايـان قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿كىـشىلەرنىڭ ئارىـسىدا ئـۇلارنى ھەجـگە چاقىرىـپ نىـدا قىلغىـن. ئـۇلار پىيـادە ۋە ئـۇرۇق تـۆگىلەرگە مىنىـپ كېلىـدۇ، ئـۇرۇق تـۆگىلەر يىـراق يـوللارنى بېسىـپ كېلىـدۇ. كىـشىلەر ئـۆزلىرىگە تېگىـشلىك بولغـان دىنىـي ۋە دۇنيـاۋى مەنپەئەتلەرنـى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كـۈنلەردە (يەنـى قۇربـانلىق كۈنلىرىـدە) ئـاللاھ ئۇلارغـا نېمەت قىلىـپ بەرگەن چـارۋا مـاللارنى ئاللاھنىـڭ نېمەتلىـرىگە شـۈكۈر قىلىـش يۈزىـسىدىن) ئاللاھنىـڭ ئىـسمىنى ئېيتىـپ قۇربـانلىق قىلـسۇن. سـىلەر قۇربانلىقلارنىـڭ گۆشـىدىن يەڭـلار، موھتاجغـا، پېقىرغـا بېـرىڭلار. ئانـدىن ئـۇلار كىرلىرىنـى تازىلىـسۇن (يەنـى ئېھرامـدىن چىققانـدىن كېيىن، چـاچ، تىرنـاقلىرىنى ئالـسۇن)، ئـۆز ئۈسـتىگە ئالغـان ئىبـادەتلەرنى ئـادا قىلـسۇن، قەدىمـي بەيـت بەيتـۇللاھنى تـاۋاپ قىلـسۇن﴾. ئـاللاھ تائـالا يـۇقىرىقى ئـايەتلەردە،

هاجىلارنىڭ بۇ ھەج كۈنلىرىدە ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مەلۇمكى بۇ كۈنلەر ئاللاھقا كۆپرەك ئىبادەت قىلىش، ئۇنى كۆپرەك ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت ھەم رەھمەت تىلەش كۈنلىرىدۇر.

يۇقىرىقى ئايەتتىكى: ﴿دىنىي ۋە دۇنياۋىي مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن﴾ دېگەن جۈملىدە ئىپادىلەنگەندەك، ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن بۇ مۇقەددەس جايلارغا كەلگەن كىشىلەر دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بولۇشى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىشى قاتارلىق دىنىي مەنپەئەتلەرگە ئېرىشكىنىدەك، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنى بىجىرىش ۋە تىجارەت قىلىپ پايدا تېپىش قاتارلىق دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگىمۇ ئېرىشىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئىنئامى ۋە چوڭ ئىلتىپاتىدۇر.

## بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بايانى

1 ـ مەككىگە ھەج ئايلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئىبادەت ئۈچۈن كەلگۈچىلەر مىقاتتىن يالغۇز ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ كېلىدۇ. ئەمما ھەج ئايلىرىدا كەلگۈچىلەر يالغۇز ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاش ياكى ئۆمرە ۋە ھەج ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ئېھرام باغلاش ياكى يالغۇز ھەج ئۈچۈنلا ئېھرام باغلاش ئىختىيارىغا ئىگىدۇر.

2 ـ بالاغەتكە يەتمىگەن باللار ھەج قىلسا ساۋاب بولىدۇ. بىراق ھەج پەرزى ئادا تاپمايدۇ. بالاغەتكە يەتكىنىدىن كېيىن قايتا ھەج قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3 ـ تاۋاپ ياكى سەئىينىڭ ساندا خاتالاشقان ئادەم ئاز سانىنى ھېسابقا ئالىدۇ. مەسىلەن، تاۋاپنى تۆت قېتىم قىلدىمۇ ياكى ئۈچ قېتىممۇ دەپ شەكلىنىپ قالسا ئۇنى ئۈچ دەپ ھېسابلايدۇ.

4 ـ تاۋاپ بىلەن سەئىينى ئارقا - ئارقىدىن قىلىش ئەۋزەل. ئەمما مۇنداق قىلىش شەرت ئەمەس، تاۋاپنى ئەتىگەندە قىلىپ سەئىينى ئاخشىمى قىلسىمۇ بولىدۇ.

5 ـ قۇربانلىق قىلالمايدىغان كىشىنىڭ ھەج كۈنلىرىدە تۇتىدىغان ئۈچ كۈنلۈك روزىسىنى ئەرەفات كۈنىدىن ئاۋۋال قىلىشى ئەۋزەل. چۈنكى ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتمىغان ياخشىدۇر.

6 ـ شەيتانغا كۈندۈزدە تاش ئاتالمىغانلار كېچىسى ئاتسا بولىدۇ. شۇنداقلا بۈگۈننىڭ تېشىنى ئاتالمىغان ئادەم ئۇنى ئەتىسىنىڭ تېشى بىلەن بىرگە ئېتىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

7 ـ شەيتانغا ئېتىلغان تاشنىڭ دۆگىلەك كاتەكنىڭ ئىچىدە قېلىشى شەرت ئەمەس. بەلكى كاتەككە چۈشكەن تاش سىرتقا چاچراپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ھېچ ۋەقەسى

يوقتۇر.

8 ـ ھېيت كۈنى قىلىنىدىغان شەيتانغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش، باش چۈشۈرۈش ۋە كەبىنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىق تۆت ئىشنى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە قىلىش ئەۋزەل بولسىمۇ، بۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن قىلىشتا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

9 ـ قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى ھېيتنىڭ 1 ـ كۈنى ئەتىگەندىن باشلىنىپ 3 ـ كۈنى ناماز ئەسىرنىڭ ۋاقتىغىچە داۋام قىلىدۇ.

10 ـ ئېھرام ئىچىدىكى كىشى باشقىلارنىڭ بېشىنى چۈشۈرسە ياكى چېچىنى قىسقارتسا بولىدۇ.

11 ـ پەرز تاۋاپنى مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدا قىلغان كىشىدىن ۋىدا تاۋاپى ساقىت بولىدۇ. بۇنىڭ شەرتى ھەر ئىككى تاۋاپنى نىيەت قىلىشتۇر.

## مەككىگە كەلگۈچىلەردە كۆرۈلىدىغان خاتالىقلار ۋە مەسىيەتلەر

1 ـ ئانا ۋەتەنىدىن مەككىگە ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر ئومۇمەن تازىلىققا رىئايە قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «پاكىزلىق دىننىڭ بىر پارچىسىدۇر»، «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» ۋە «ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پاكلىقنى ياقتۇرىدۇ. ئۇ پاكىزىدۇر، پاكىزلىقنى ياقتۇرىدۇ» دېگەن ھەدىسلىرىنى يادىسىغا بىلىپ تۇرۇپ، تازىلىق قىلمايدۇ، تىرناقلىرى قاپقارا كىر، كىيىملىرى تەر بىلەن كىردىن سارغىيىپ كەتكەن، بۇلار كىيىم ـ كېچەك شۇنچە ئەرزان ۋە يۇيۇنۇش شارائىتلىرى شۇنچە ئوڭشاي بۇ جايدا يېڭى كىيىم ئېلىپ كىيىشكە بېخىللىق قىلىدۇ ياكى يۇيۇپ پاكىز كىيمەيدۇ. ياتقان ياتاقلىرىغا كىرسىڭىز سۇپۇندىلەرنى يېنىغا يىغىۋالغان، رەتسىز، پاسكىنا خۇددى قوي ـ كالا باقىدىغان جايغا ئوخشايدۇ. كۆڭلىڭىز ئېلىشىدۇ. تەرەتخانىسىنىڭ يېنىدىن بۇرنىڭىزنى چىڭ تۇتۇپ ئاران ئۆتۈپ كېتەلەيسىز. ئەكسىچە بولغاندا بۇرنىڭىز سېسىق پۇراقتىن ئېچىشىپ كېتىدۇ. كىرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغىنىڭىزدا ئىشىڭىز تېخىمۇ تەس. ئۇلار «بىزنى كىم تونۇيتتى» دەپ ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ ـ دە، باشقىلارمۇ ئۇلارنى نەزەرلىرىدىن ساقىت قىلىۋېتىدۇ. بۇ خاتالىق ئۆزلىرى بىلەنلا كەتسە مەيلى ئىدىغۇ، بۇ خاتالىق مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەنىگە داغ يەتكۈزىدۇ ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئۇلار ئۇيغۇردە. بىزنىڭ مىللىتىمىز ئانا ۋەتەندە بۇنداق پاسكىنا ئەمەس. چۈشىنىكسىز يېرى شۇكى، ئانا ۋەتەندە ناھايىتى پاكىز، ئېسىل كىيىنىپ يۈرىدىغان مەدەنىيەتلىك ۋە سۆلەتلىك كىشىلەر چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنلا

ئـۆزىنى تاشـلىۋېتىدىكەن. بۇلارنىـڭ قايىسـى زىيالى، قايىسـى مەكـتەپ كـۆرمىگەن پـۇقرا ھېچقانــداق پەرقــى قالمايــدىكەن. ھەممــسى پاكىزلىقتـا ئەھمىــيەت بەرمەســلىكتە ۋە مەدەنىيەتــسىزلىكتە ئوخـشاش بولـۇپ قالــدىكەن. بۇنــداق ھاجىلارنىــڭ بــۇ قىلىقلىــرى نە ئىــسلامي ئەخلاقتـا، نە مىللــى ئەنئەنىمىــزگە ئويغــۇن كەلمەيــدۇ. چۈنكى ئىــسلام دىنــى تــازىلىقنى ئىمانىنىــڭ يېرىمــى ۋە ئىبادەتنىــڭ بىــر تــۈرى قىلىــپ بەلگىــلەش بىــلەن دۇنيــا تارىخىــدا كىــشلەرنى تازىلىققا تەشـەببۇس قىلغـان تـۇنجى دىـن بولـۇپ تونۇلغـان بولـسا، بىزنىـڭ ئۇيغـۇر خەلقىمىـز ئەزەلـدىن ئۆزىنىــڭ مەدەنىيەتلىـك، پـاكىز، ئېـسىل بىـر مىلـلەت ئىكەنلىكـى بىـلەن ئۆتمۈشـتە ۋە ھـازىردا تونۇلـۇپ كەلـگەن بىـر مۇنەۋۋەر مىلـلەت. ئۇلارنىـڭ مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ ۋە بۇ مىللەتنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزۈش ھەققى يوق!

2 ـ بەزى كىــشلەر ھەر قانــداق جايــدا نــامەھرەم (ئايــالى يــاكى ئېــرى ئەمەس، نىكــاھ چۈشــمەيدىغان يــېقىن تۇغقىنىمــۇ ئەمەس)كىــشلەر بىــلەن زۆرۈرىيەتــسىز سۆزلــششى ۋە يــالغۇز قېلىــشنىڭ شــەرىئەتتە دۇرۇس ئەمەســلىكىنى بىلىــپ تــۇرۇپ، بــۇ ئىــشلارنى ئــاددى سانىغانلىقتىن گۇنـاھ ئىـشلەيدۇ. ئـۇلار ئىبـادەت قىلىـش ۋە گۇنـاھلاردىن پـاكلىنىش ئۈچـۈن بۇ مۇقەددەس جايلارغا كەلگەنلىكىنــى ئۇنتۇغــان ھالــدا، نــامەھرەملەر بىــلەن بىــرگە ئولتــۇرۇپ قوپىــدۇ، ھەتتــا بىــر ئېغىزلىــق ئۆيــدە نــامەھرەملەر بىــلەن ئەر ـ ئايــاللار ھەممــسى بىــرگە ياتىــدۇ. بــۇ ھەقىــقەتەن ئېچىنىــشقا تېگىــشلىك بىــر ئىــش. مۇقەددەس جــايلاردا ئىــشلەنگەن چــوڭ نومۇســـسىزلىق. ھەج چىقىمىلىرىغــا پــۇلى يەتمەيــدىغان ئــادەمگە ھەج قىلىــش پەرز ئەمەس. ئەھــۋال بۇنــداق ئىــكەن، بــۇ جايغــا مۇســتەقىل ئــۆيلەرنى كىــرالاپ ئولتۇرۇشـقا پـۇلى يېتىــدىغان، باشقىلارنىڭ يــاردىمىگە ئېھتىــياجى بولمايــدىغان كىــشلەرلا كېلىــدۇ. ئــۇلار نــېمە ئۈچۈن پۇلغا چىداپ ئەر ـ خوتـۇن مۇسـتەقىل بىـر ئـۆينى كىـرالاپ ئولتۇرمايـدۇ؟ ئـۇلار ئـاللاھ تائــالا ھــارام قىلغــان ئىــشنى بــۇ مــۇقەددەس جايلارغــا كېلىــپ قىلىــشقا قانــداقمۇ جــۈرئەت قىلــدى؟ ئــۇلار بــۇ يەرگە نــېمە مەقــسەت بىــلەن كېلىــدۇ؟ بــۇ ســوئاللارنىڭ ھەممــسىنىڭ جــاۋابى بىــردۇر. ئــۇ بولــسىمۇ، ئىمانىنىــڭ ئاجىزلىقىــدۇر! ئىمــان ئــاجىز بولغانــدىن كېــيىن، بېخىللىق، نومۇسسىزلىق، بىغەملىك ۋە باشقا ناچارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىدۇ.

3 ـ بەزى كىــشلەر تاماكـا چېكىــشنىڭ تەن ســاقلىقىغا زىيــان يەتكــۈزۈش، پــۇل ـ مــالنى ئىــسراپ قىلىــش، كىــشلەرگە ئەزىــيەت بېرىــشكە ئوخــشاش ســەلبىي تەســىرى ســەۋەبلىك ئىــسلام شــەرىئىتىدە ھــارام ئىكەنلىكىنــى بىلىــپ تــۇرۇپ ۋە ئۆزلىرىنىــڭ مــۇقەددەس جــايلاردا تۇرىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا بـۇ زەھەرنـى مۇشـۇ ئۇلـۇغ جـايلاردا چېكىـدۇ. تاماكـا ھـازىرقى زامـان مېدىتسـنا ئىلمىنىــڭ يەكـۈنى بـويىچە «كىـشىنى ئـۆز رازىلىقـى بىـلەن ئالدىرىماسـتىن ئۆلتۈرىــدىغان قاتىــل» دەپ ئاگاھلانــدۇرۇلغان زەھەر. ھەج يــاكى ئــۆمرە قىلىــش ئۈچــۈن بــۇ

جايلارغا كېلىش پۇرسىتى تاماكا چېكىشنى ۋە باشقا ناچار ئادەتلەرنى تاشلاش ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى بىر پەيتتۇر. زادى ھەرەمگە كەلگەن كىشى گۇناھلاردىن پاكلىنىپ، ياخشى ئىشلارنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ۋە ساۋاب قازىنىش ئۈچۈن كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ يامان ئادەتلىرىنى بۇ چوڭ پۇرسەتتىن پايدىلىپ تاشلىيالماستىن، كەلگەن پېتى كەتكەن كىشىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن! بۇنىڭ كىمگە پايدىسى بولسۇن؟!

4 ـ بەزى كىشىلەر غەيۋەت قىلىشىش، يالغان سۆز قىلىش، كىشىلەرنى ئالداش، باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىش، جېدەل ـ ماجرا قىلىش ۋە باشقا ناچار ئىللەتلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتى بويىچە، مۇسۇلمان كىشىنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان گۇناھ، مەسىيەتلەر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىپ تۇرۇپ، مەككىدە ۋە باشقا مۇقەددەس جايلاردا بۇ ناچار ئىشلارنى قىلىشتىن ھايا قىلىشمايدۇ. ھالبۇكى، ھەج ياكى ئۆمرە سەپىرى ئىبادەت سەپىرى، ساۋاپ تېپىش سەپىرى، يامان ئىللەتلەرنى تاشلاپ ياخشى ئادەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىنىپ ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈش سەپىرى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىش سەپىرىدۇر. مۇشۇنداق ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلانغان ئادەم نەپسىگە ھاكىم بولۇپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، ئۇلار ھەجنىڭ پەزىلەتلىرىگە قانداقمۇ ئېرىشەلەيدۇ؟!

5 ـ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ھەركىم ياخشى بىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ، بەزى ھاجىلار مىنا ۋە ئەرەفاتتا چېدىرلارغا ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە پۇل تۆلىمىگەن بولسىمۇ، مەزكۇر چېدىرلاردا پۇل تۆلىگەنلەر بىلەن ئوخشاش يېتىپ قوپىشىدۇ، تاماقلىرىنى يەۋېرىدۇ، بەزىلەر شۇنداق قىلالىغانلىقلىرى (ھارامنى تالىشىپ يېگەنلىكلىرى) ئۈچۈن پەخىر قىلىشىدۇ. بۇ باشقىلارنىڭ ھەققى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئوپئوچۇق ھارام ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبادەت قىلىۋېتىپ، ئەڭ مۇقەددەس جايلاردا تۇرۇۋېتىپ، ئەڭ ئۇلۇغ بىر پەرزنى ئادا قىلىۋېتىپ ھارام يېيىش نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئىش ـ ھە!

ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەم ئۆز ۋىجدانىنىڭ چاقىرىقى بىلەن بۇ يەرگە كېلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھالال ـ ھارام ئىشلىرىدىمۇ ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشى لازىم.

6 ـ بەزى كىشىلەر سەدىقە ۋە نەزىر يېيىشكە شۇنچە ئامراق. ئۇلار مۇت تاماق بېرىدىغان جاينىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇپ نامازلىرىنىڭ قازا بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ. ھالبۇكى، كەمبەغەل، تاماق ئېلىپ يېيىشكە چامى يەتمەيدىغان

كىشىلەرنىڭ ھەرەمگە كېلىشىنى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئەمەس. بەزىلەر «بىز مۇساپىرمىز، گەرچە باي بولساقمۇ بىزگە زاكات ۋە سەدىقىلەرنى ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ» دەپ جۆيلۈيدۇ. قۇرئان كەرىمدە زاكات ئېلىشى دۇرۇس بولىدىغانلار قاتارىدا ﴿ئىبنى سەبىللەرگە ــ پۇل ــ مېلىدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان مۇساپىرلارغا﴾ دېگەن ئايەت ئۆتىدۇ. ئىبنى سەبىل قاتارىغا كىرىدىغانلار پۇلى ئوغۇرلانغانلىقتىن، ياردەمگە ھەقىقىي موھتاج بولۇپ قالغانلاردۇر. ئەمما باشقىلارغا بۇ يول يوقتۇر.

7 ـ بەزىلەر بەللىرىگە لىق دوللارنى تېڭىپ يۈرگەن تۇرۇپ، پۇلىدىن ئايرىلىپ قالغانلارغا پۇل تارقىتىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تىمسقلاپ يۈرىيدۇ. قاياقتىندۇر سەدىقە پۇل بېرىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپلا قالسا شۇ جايغا كېلىپ يېتىۋالىدۇ. ناماز ئوقۇش ۋە تاماقلىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. يانچۇقلىرىنى كېسىپ قويۇپ «پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى» دېگەننى يالغان كۆز ياشلىرى بىلەن ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، راستىنلا پۇلى ئوغۇرلانغانلىق سەۋەبلىك ياردەمگە ھەقىقىي موھتاج بولۇپ قالغان بىچارىلەر قايرىلىپ قېلىپ، سۆزگە ئۇستا، يالغاننى قاملاشتۇرالايدىغان بايلار بۇ ياردەملەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار بۇ جايغا تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنمىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن نەرسە سوراشتىن مەنئى قىلغان. ئىمام بۇخارى ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەرسە سورىۋىدىم، سورىغىنىمنى بەردى. يەنە سورىۋىدىم، يەنە بەردى. ئۈچىنچى قېتىم سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى ”ئەي ھەكىم! پۇل ـ مال دېگەن شۇنداق تاتلىق نەرسە، (ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقتىن) ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرگەننى ئالسا، ئۇنىڭ بەرىكىتى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ھاجەتمەن بولمىسىمۇ، ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئالسا، ئۇ بەرىكەت قىلمايدۇ. ئۇ خۇددى يېگەنسېرى تويمىغانغا ئوخشاش بىر ئىش. بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ياخشىدۇر“ دېدى. مەن ”ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىزدىن كېيىن تا ئۆلگىچە ھېچكىمدىن نەرسە سورىمايمەن“ دېدىم» دەيدۇ. ئىمام بۇخارى ھەكىم ئىبنى ھىزامنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن تا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ غەنىمەتتىن تەقسىم بولغان نەسىۋىلىرىنىمۇ قەتئىي ئالمىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

8 ـ بۇ يەرگە كەلگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز كىشىلەر بولغانلىقتىن، ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۇسۇللىرىنى كىتابلاردىن ئوقۇپ بىلىۋېلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى پەقەت ئۆلىمالاردىن ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپ ئۆگىنەلەيدۇ. ئەمما ئۇلار خۇددى

ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان كىشىلەردەك بىلگەنلەردىن ھېچ نەرسە سورىمايدۇ. بىلىدىغان ئوخشايدۇ دېسە، پائالىيەتلەرنىڭ تولىسىنى خاتا ياكى نۇقسانلىق بىلەن ئادا قىلىدۇ. ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن سورۇنلارغا كەلمەيدۇ. كەلگەنلىرى ئۆرە ئولتۇرۇپ چۇش كۆرىدۇ.

9 ـ بىزنىڭ خەلقىمىز ئومۇمەن كىتاب خومار ئەمەس. شۇڭا ئۇلار بوش ۋاقىتلىرىدا غەيۋەت قىلىشىپ ئولتۇرۇشنى كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئېلىشتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. مەككىگە كەلگۈچىلەر ئۆمرىدە بىرلا قېتىم نەسىپ بولغان ھەج پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىش يولىدا كىتاب سېتىپ ئېلىشقا بېخىللىق قىلىدۇ. مۇت تارقىتىپ بېرىلگەن كىتابلارنى بېكارغا كەلگەچكە ياراتمايدۇ. شۇنداق قىلىپ يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمىسىز قالىدۇ. قىلغان ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ تولۇق ئادا بولغان ياكى بولمىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماستىن كەلگەن پېتى كېتىپ قالىدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغارلىقلىرىدىن تەسىرات قوبۇل قىلىدىغان ۋە تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىل بىزنىڭ مىللەتكە بېرىلمىگەنمىدۇ؟

10 ـ بەزى ھاجىلار پەرز ھەجنى ئادا قىلىپ بولغان بولسىمۇ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قايرىپ قويۇپ، «ئىككى قېتىم ھاجى ـ ھەرەم بولغان كىشى»، «ئۈچ قېتىم ھاجى ـ ھەرەم بولۇپ كەلگەن كىشى»، ھەتتا بەزىلىرى «10 قېتىم ھاجى ـ ھەرەم بولۇپ كەلگەن كىشى» ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەككىگە كېلىدۇ. بىر قېتىمدىن ئارتۇق قىلىنغان ھەج نەپلە(ئىختىيارى ئىبادەت) بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ. نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىشنىڭ ساۋابىمۇ كۆپ. بۇغۇ ياخشى ئىش. ئەمما بۇ نەپلە ئىبادەتتىن ئەھمىيەتلىكرەك ھەتتا ئىنتايىن زۆرۈر بولغان ئىبادەتلەر بار. مەسىلەن: باللارنى پۇلغا چىداپ ئوقۇتۇش ئاتا ـ ئانا ئۈستىدىكى پەرز. ئوقۇش پۇلى ھەل قىلالمىغان باللارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن ماددى ياردەم قىلىش جەمئىيەتتىكى پۇلدارلار ئۈچۈن پەرز. ئورۇق ـ تۇغقانلاردىن يوقسۇللارغا ماددىي ياردەم قىلىش پۇلدار تۇغقانلار ئۈچۈن پەرز. كەمبەغەل خوشنىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پۇلدار خوشنىنىڭ ئۈستىگە پەرز. دېمەك، ئورۇنداشقا تېگىشلىك پەرزلەر شۇنچە كۆپ تۇرۇپ، خۇددى ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنداپ بولغان كىشىدەك نەپلە ھەج ئۈچۈنلا پۇل خەرج قىلغۇچىلارنىڭ مەقستى زادى نېمىدۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىمەكچى بولغان كىشى يۇقىرىقى پەرزلەرنى ئورۇنداش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋە چوڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە نەپلە ھەج قىلغان كىشى نەپلە ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى ۋە ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان پەرزلەرنى جايىدا ئورۇنىدىغان كىشى پەرز ئىبادەتلەرنىڭ

ساۋابىنى تاپىدۇ ئەمەسمۇ؟ نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىدىن پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە چوڭ ئەمەسمۇ؟

نەپلە ھەج قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭلا ھاجىتىنى راۋا قىلغان بولىدۇ. ئەمما يوقسۇل مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ئاز - تولا ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش بىلەن تەڭ ئىسلام جەمئىيىتىنى ئۈستۈن ئورۇنغا كۆتۈرىدۇ... ئەمما يۇقىرىقى پەرزلەرنى ئورۇندىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى تېخىمۇ كۆپ رازى ۋە مەمنۇن قىلالايدۇ ئەمەسمۇ؟ قايتا ـ قايتا ھاجى بولۇش ئۈيغۇر جەمئىيىتىدە مودا بولغان ئوخشىمامدۇ؟

11 ـ بەزى ئاياللار كىشىلەر ماڭىدىغان يوللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بازار قۇرۇپ ئولتۇرىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ يۈزلىرىنى يۆرگەپ يۈرىدىغان روپاچلار مال ساتقىنىدا بۇ يەرنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن ئاچكۆز ئەرەبلىرىگە كۆزلىرى بىلەن قاشلىرىنى ئوينىتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بولسا، بازار باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ ئارقىدا بۇ تاماشالارغا گۇۋاھ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلار بۇ رەسۋالىقلىرىنى ھەرەمگە كېلىپ تۈرۈپ قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلغاندۇ؟ مەلۇمكى پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى مەككە ۋە مەدىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇلۇغ شەھەردە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەر بىرىگە ھەسسىلەپ ساۋاب يېزىلغىنىدەك، بۇ ئىككى ئۇلۇغ شەھەردە ئىشلەنگەن يامانلىقلارغىمۇ ھەسسىلەپ گۇناھ يېزىلىدۇ، دېگەن پرىنسىپتا بىردەك ئىتتىپاقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە زولۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾دەيدۇ. ئايەتتىكى ﴿مەسجىدى ھەرەم﴾ ئىبارىسىدىن مەككە شەھىرى مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىدا ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. بۇ ئايەتتىن شۇ مەنە چىقىدۇكى، باشقا جايلاردا يامان ئىش قىلىشنى نىيەت قىلىش، ھەتتا ئۇنىڭغا بەل باغلاش بىلەن تاكى شۇ يامان ئىشنى قىلمىغىچە گۇناھ يېزىلمايدۇ. ئەمما مەككە شەھىرىدە گۇناھ قىلىشقا بەل باغلاشنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھتۇر.

## ھەج پائالىيىتى جەريانىدا سادىر بولىدىغان بەزى خاتالىقلار

ھاجىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامىي بىلىملەردىن خەۋەرسىز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەج ئىبادىتى ئۆمرۈر ئىچىدە بىر قېتىملا قىلىنىدىغان ئىبادەت بولغانلىقى تۈپەيلى كۆپىنچە كىشىلەر، ھەتتا دىنىي ئۆلىمالارمۇ ھەج پائالىيىتىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەج قىلىش جەريانىدا بەزى خاتالىقلار، يېتەرسىزلىكلەر ۋە كەمچىلىكلەر سادىر بولىدۇ. تۆۋەندە ھەج پائالىيىتىنى ئورۇنداش جەريانىدا بەزى ھاجىلاردىن سادىر بولىدىغان خاتالىقلاردىن بەزىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز:

## ئېھرامدا كۆرۈلىدىغان خاتالىقلار

1 ـ «مىقات»تىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كېتىش.

ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنىڭ »مىقات«تىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كېتىشى توغرا بولمايدۇ. بۇنداق قىلغانلار ئىمكانىيىتى بولسا قايتىپ بېرىپ مىقاتتىن ئېھرام باغلاپ كېلىشى كېرەك. قايتىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا، بۇ خاتالىقنى يۇيۇش ئۈچۈن بىر قوي قۇربانلىق قىلىپ گۆشىدىن ئۆزى يېمەستىن ھەممىسىنى مەككىدىكى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ (لازىم كېلىدۇ).

2 ـ بەزى كىشىلەر ئېھرام باغلىغانلىق ئىككى پارچە ئېھراملىق رەختنى كىيىش دەپلا چۈشىنىدۇ. بۇ خاتا چۈشەنچىدۇر. ئېھرام باغلىغانلىق دېگەن ھەج ياكى ئۆمرە ئىبادىتىنى باشلاشنى كۆڭلىدە نىيەت قىلىشتۇر. ئەمما ئېھراملىقنى كىيگەنلىك بولسا، شۇ ئىبادەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن تەييارلانغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر پائالىيەتتۇر.

3 ـ بەزى ئاياللار ئېھرامغا كىرىش ئۈچۈن ئاق ياكى يېشىل رەڭلىك مەخسۇس كىيىم كىيىش شەرت، دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ. بۇ خاتا ئېتىقادتۇر. توغرىسى، ئاياللار ئەرلەرنىڭ كىيىمىگە ئوخشاپ قالىدىغان ياكى جەلپ قىلارلىق كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلىنىش شەرتى بىلەن ئادەتتىكى كىيىملىرىدىن خالىغانلىرىنى كىيىشى دۇرۇستۇر.

4 ـ بەزى ئاياللار «مىقات»قا يېتىپ كەلگىنىدە ئايلىق ئادىتى (ھەيز) كېلىپ قالسا ياكى تۇغۇپ سالسا، «ئېھرام باغلاش ئۈچۈن تاھارەت شەرت» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئېھرام باغلاشنى تەرك ئېتىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. توغرىسى، ئايلىق ئادەت ياكى تۇغۇت ئاياللارنىڭ ئېھرام باغلىشى ئۈچۈن توسقۇن بولالمايدۇ، بەلكى قېنىدىن پاكلانمىغان بولسىمۇ ئېھرام باغلاپ كېلىپ باشقىلار قىلغان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. پەقەت كەبىنى تاۋاپ قىلىشنى پاكلانغىنىغا قەدەر كېچىكتۈرىدۇ. پاكلانغاندىن كېيىن «مىقات»تىن باغلاپ كەلگەن شۇ ئېھرام بىلەن تاۋاپنى ئادا قىلىدۇ. قايتا ئېھرام باغلاشقا ھاجەت يوق.

5 ـ بەزى ئەرلەر ئېھرامدا ئوڭ قولنى ئېھرامدىن چىقىرىپ، ئوڭ مۈرىسىنى ئېچىپ قويىدۇ. بۇ «تاۋاپ قۇدۇم» ياكى ئۆمرە ئۈچۈن كەبىنى تاۋاپ قىلغاندىلا شۇنداق قىلىنىدۇ (بۇنداق قىلىش سۈننەت). ئەمما باشقا ۋاقىتلاردا ئىككى مۈرە ئېھرام بىلەن يۆرگىلىپ تۇرىدۇ.

## كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا كۆرۈلىدىغان خاتالىقلار

1 ـ بەزى كىشىلەر تاۋاپنى خالىغان يېرىدىن باشلايدۇ. توغرىسى، ھەجەرۇل

ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىدىن باشلاشتۇر(مۇنداق قىلىش سۈننەتتۇر).

2 ـ بەزى كىشىلەر تاۋاپ قىلىۋېتىپ باشقىلار بىلەن زۆرۈرىيەتسىز سۆزلىشىدۇ، چاقچاق قىلىشىدۇ، تېلېفون بىلەن سۆزلىشىدۇ. ھالبۇكى، كەبىنى تاۋاپ قىلىش خۇددى ناماز ئوقۇغانغا ئوخشاش بىر ئىبادەتتۇر. كەبىنى ئايلىنىپ يۈرگەنلىك ھېساب ئەمەس، مۇھىم بولغىنى بۇ ئىبادەتنىڭ ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىنىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «تاۋاپ ــ نامازدۇر. تاۋاپ قىلغان ۋاقتىڭلاردا گەپنى ئاز قىلىڭلار»دەپ كۆرسەتكەن.

3 ـ بەزى كىشىلەر ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ئۈچۈن قىستىلاڭغۇغا ئۆزلىرىنى ئاتىدۇ، باشقىلارنى ئىتتىرىپ، قىستاپ ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ. ئۆزىمۇ ھاياتىنى خەتەرگە ئاتقان بولىدۇ. توغرىسى، ھەجەرۇل ئەسۋەدكە يىراقتىن قول ئىشارىتى بىلەن سالام بېرىشتۇر. چۈنكى ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش تاۋاپنىڭ شەرتى ئەمەس، بەلكى سۈننەت. سۈننەت ئەمەللىرىنى ئۆزۈرسىز تەرك قىلسا گۇناھ بولمىغان يەردە، بۇنداق قىستىلاڭغۇلۇق ۋاقىتلاردا تەرك ئېتىش ئەۋزەلدۇر.

4 ـ بەزى كىشىلەر «مەقامۇ ئىبراھىم»دا ناماز ئوقۇيمەن، دەپ يولدا تۇرىۋالىدۇ. تاۋاپ قىلىۋاتقانلارنىڭ قىستىلىپ كەتكىنى بىلەن ئۇلارنىڭ كارى بولمايدۇ، بەزىدە كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا قالىدۇ. بۇنداق خەتەرلىك ئىشنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتكە ئېتىشنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ. ھەرمەدە ئادەم ئاز بولۇپ، ئازادىلىك بولسا تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكئەت نامازنى «مەقامۇ ئىبراھىم»نىڭ كەينىدە ئوقۇش سۈننەت. ئەمما ئادەم كۆپ بولسا بۇ نامازنى خالىغان يەردە ئوقۇسا بولىدۇ، ھەتتا ئوقۇمىسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ.

5 ـ بەزى كىشىلەر تاۋاپنىڭ ھەممىنى يۈگرەپ يۈرۈپ قىلىدۇ. سۈننەت ئالدىنقى ئۈچىدە تېزرەك مېڭىش، قالغان تۆتىدە تەمكىنلىك بىلەن مېڭىشتۇر.

## سەئى قىلىشتا كۆرۈلىدىغان خاتالىقلار

1ـ بەزى ھاجىلار سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلغىنىدا سافا بىلەن مەرۋە تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغىچە بېرىشىدۇ، ھەتتا تامغىچە چاپلىشىدۇ، كىشىلەرنى قىستايدۇ ۋە ئۆزلىرىمۇ قىستىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ھاجەتسىز. سافا بىلەن مەرۋە ئىككى تاغقا ئۆرلەپ ھامان قايتىش يېتەرلىكتۇر. ئۇجايلاردا ئۇزۇن تۇرىۋېلىپ باشقىلارغا قىستىلاڭغۇ پەيدا قىلىش ياخشى ئەمەس. ئۇ جايلاردا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ تۇرىۋېلىپ باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇۋېلىش تېخىمۇ توغرا ئەمەس.

2 ـ بەزى ھاجىلار يەتتە قېتىم سەئيى قىلىش دېگەننى،يەتتە قېتىم ئايلىنىش دەپ چۈشىنىپ قالغانلىقتىن،14قېتىم سەئيى قىلىپ، سەئىنى سافادىن باشلاپ يەنە سافادا ئاخىرلاشتۇرىدۇ. توغرىسى، سافادىن مەرۋەگە بىر قېتىم بېرىش بىر سەئيى، مەرۋەدىن سافاغا قايتىپ كېلىش يەنە بىر سەئيى ھېسابلىنىدۇ. سەئيى سافادىن باشلىنىپ مەرۋەدە ئاخىرلىشىدۇ.

3 ـ بەزى ھاجىلار سافا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنىڭ ھەممىسىدە يۈگۈرۈپ ماڭىدۇ. توغرىسى، ئىككى يېشىل چىراق ئارىلىقىدىلا ئەرلەر قەدەملىرىنى تېزلىتىدۇ. ئەمما ئاياللار نورمال يۈرۈشىدە ماڭىدۇ.

4 ـ بەزى ھاجىلار ھەرەمدە پەرز ناماز ئوقۇلۇۋاتسىمۇ، نامازغا ئىقتىدا قىلماي سەئيى قىلىشنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. توغرىسى جامائەت نامىزى باشلانغاندا سەئىنى توختىتىپ نامازغا تۇرۇش، ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەئىنى كەلگەن يېرىدىن داۋام قىلدۇرۇشتۇر. تاۋاپمۇ شۇنداق.

### ئەرەفاتتا كۆرۈلىدىغان خاتالىقلار

1 ـ بەزى كىشىلەر، خۇسۇسەن گۇرۇپپىغا قوشۇلماستىن ئۆز ئالدىغا ھەج قىلىدىغان كىشىلەر ئەرەفاتقا چىقتۇق دەپ ئەرەفاتنىڭ چېگرىسىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ كۈننى كەچ قىلىدۇ. مۇنداق قىلغانلارنىڭ ھەججىسى قوبۇل ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلار ھەجنىڭ ئەرەفاتتا ھازىر بولۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ پەرزىنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ.

2 ـ بەزى ھاجىلار كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئەرەفاتتىن قوزغىلىپ بولىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى كۈن پاتماستىن ئەرەفات چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىش جائىز ئەمەس. مۇنداق قىلغان كىشى ئەگەر قايتىپ كەلمىسە، ئۇنىڭغا بىر قوي قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

3 ـ بەزى ھاجىلار ئەرەفاتتىكى «جەبەل رەھمە ـ رەھمەت تېغى»نىڭ ئەڭ چوققىسىغا چىقمىسىز دەپ ئۆزلىرىنى قىينايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ تاغقا چىقىش «ئەرەفاتتا تۇرۇش» نىڭ شەرتى ئەمەس. چۈنكى ئەرەفات چېگرىسىنىڭ ئىچىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇشقا بولىدىغان جايلاردۇر. قايسى جايدا تۇرسا بولىدۇ.

4 ـ بەزى ھاجىلار ئەرەفاتتا دۇئا قىلغاندا، دۇئانى «جەبەل رەھمە»گە قاراپ قىلىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. توغرىسى قىبلىگە قاراشتۇر. دۇئا ھەرقانداق يەردە قىبلىگە قاراپ قىلىنىدۇ.

5 ـ بەزى ھاجىلار ئەرەفاتتىن مۇزدەلىفەگە قاراپ يۈرۈشتە بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ، قىستاپ، پۇتلىشىپ يۈرىدۇ. بەزىلىرى يۈگۈرىدۇ. بۇلار ھەممىسى خاتا ئىشلاردۇر. توغرىسى، ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەن ھالدا تەمكىنلىك بىلەن، ئالدىرىماستىن، سىلىق مېڭىش، كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشتۇر.

## مۇزدەلىفەدە كۆرىلىدىغان خاتالىقلار

1 ـ بەزى كىشىلەر مۇزدەلىفەگە كېلەر ـ كەلمەستىنلا شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلارنى يىغىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. تاش مۇزدەلىفەدىنلا تېرىلىدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. توغرىسى، مۇزدەلىفەگە كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال نامىز شام بىلەن خۇپتەننى ئوقۇش، ئاندىن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش لازىم. تاشنى مۇزدەلىفەدىن تېرىشكە بولغىنىدەك قانداقلا بىر جايدىن تېرىشكىمۇ بولىدۇ.

2 ـ بەزى ھاجىلار مۇزدەلىفەدە بىر كېچە قونماستىن، ئۆزۈرسىز تۇرۇپ يېرىم كېچىدە كېتىپ قالىدۇ. ئىمكانىيىتى بولسا تاڭ ئاتقۇچە مۇزدەلىفەدە قونۇش ياخشىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلغان.

## شەيتانغا تاش ئېتىشتىكى خاتالىقلار

1ـ بەزى ھاجىلار شەيتانغا تاش ئاتىدىغان جايلاردا كىشىلەر بىلەن قىستىشىدۇ، جېدەل قىلىشىدۇ، تىللىشىدۇ، ھەتتا ئۇرۇشىدۇ. بۇنداق قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. توغرىسى ئەدەبلىك ۋە سىلىق بولۇش، كىشىلەرگە ئەزىيەت بەرمەسلىكتۇر.

2 ـ بەزى ھاجىلار خۇددى شەيتاننى كۆرىۋاتقاندەك ياكى شەيتان بىلەن ئۇرۇشىۋاتقاندەك، غەزەب ۋە چېچىلىش بىلەن تاش ئاتىدۇ. بەزىلىرى ئاچچىقتىن ئاياقلىرىنى، چالمىلارنى، چوڭ تاشلارنى ئاتىدۇ. بەزىلىرى شەيتاننى تىللاپ ئاغزى قۇرۇپ كېتىدۇ. بەزىلىرى قوللىرىنى چۆرىگەندە دىققەتسىزلىك قىلىپ باشقىلارنىڭ قاش ـ كۆزلىرىنى يېرىپ قويىدۇ. باشقىلارنى ئىتتىرىپ يىقىتىپ قويىدۇ. ئىبادەت دېگەن شۇنداق قىلىنامدۇ؟! بۇ ئەڭ ئۇچىغا چىققان جاھىللىق ۋە ھاماقەتلىكتۇر. شەيتانغا نىشانە قىلىنغان جايغا تاش ئېتىش ھەجنىڭ رەسمىيەتلىرىدىن بىر رەسمىيەت. ئۇنى ئادا قىلغاندا، سىلىقلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن، ئەتراپقا ياخشى قاراپ، دىققەت بىلەن تاش ئېتىش لازىم. ئۇ جايغا تىكلەنگەن نىشانە شەيتاننىڭ ئۆزى ئەمەس.

3 ـ بەزى ھاجىلار ئۆزى ياش، تېنى ساق تۇرۇپ شەيتانغا تاش ئېتىشتىكى قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ باشقىلارغا ئۆزى ئۈچۈن تاش ئېتىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىدۇ.

تاشـنى ئۆزۈرسـىز كـىشلەرنىڭ ئـۆزى ئېتىـشى شـەرت. ئەممـا ياشـىنىپ قالغـان يـاكى كېسەلچان كـىشلەر ئەگەر تـاش ئېتىـشتا قىيىنچىلىـق يـاكى خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقـدىن قورقسا، تاش ئېتىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

4 ـ بەزى ھـاجىلار ئـۈچ شـەيتانغا تـاش ئېتىـشتا تەرتىـپكە رىئـايە قىلمايـدۇ. تەرتىـپ مۇنـداق: زۇلھەججىنىـڭ 10 ـ كـۈنى(قۇربـان ھېيـت كـۈنى) بىـرلا شـەيتانغا تـاش ئاتىمىز. ئـۇ بولـسىمۇ، مەكـكە تەرەپـكە يـېقىن بولغـان چـوڭ شـەيتان (جەمـرە ئەقەبە)دۇر. زۇلھەججىنىـڭ 11 ـ 12 ـ 13 ـ كۈنلىرى مىنادا قونـۇش جەريانـدا شـەيتانغا تـاش ئاتقانـدا، تـاش ئېتىـشنى ئـاۋۋال كىچىـك شـەيتان (خەيـف مەسـجىدىگە يـېقىن بـولغىنى) دىـن باشـلايمىز، ئانـدىن ئوتتۇرانجى شەيتانغا، ئاندىن چوڭ شەيتانغا ئاتىمىز.

5 ـ بەزى ھـــاجىلار تـــاش ئاتقانـــدا، تاشـــنىڭ يومـــۇلاق كـــۆلچەككە چۈشـــكەن ـ چۈشـمىگەنلىكى بىـلەن ھېـسابلاشماستىن، تاملارغـا، موملارغـا ئاتىـدۇ. نەتىجىـدە، مەزكـۇر تاشـلار باشـقا ياقلارغـا ئۇچـۇپ كېتىـپ، مەخـسۇس كـۆلچەككە چۈشـمەيدۇ ۋە تـاش ئېـتىش ۋاجىبى ئـادا بولمـاي قالىـدۇ. شـۇڭا ئاتقـان تاشـنى كـۆلچەككە چۈشـۈرۈش شـەرتتۇر. چۈشـۈپ بولغاندىن كېيىن چاچراپ باشقا ياقلارغا چىقىپ كەتسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق.

6 ـ بەزى ھـاجىلار مىنـادا قونغـان ئـالدىنقى كـۈنلەردە كېيىنكـى كۈنلەرنىـڭ تاشـلىرىنى ئېتىۋېتىـپ، يـاكى كېيىنكـى كۈنلەرنىـڭ تاشـلىرىنى باشـقىلارنىڭ ئېتىـپ قويۇشـىغا ھـاۋالە قىلىـپ قويـۇپ يۇرتلىرىغـا كېتىـپ قالىـدۇ. بـۇ ھەج پائـالىيەتلىرىنى ئويۇنچـۇق ئورنىـدا كۆرگەنلىـك بولـۇپ، خاتـا ئىـشتۇر. ئىـشى قانچىلىـك ئـالدىراش بولـسىمۇ مىنـادا ئـاز دېگەنـدە (ھېيـت كۈنىـدىن باشـقا) ئىككـى كـۈن قونـۇپ، ئـۈچ شـەيتاننىڭ ھەر بىـرىگە ئىككـى كـۈن تاش ئېتىشى شەرتتۇر.

## مىنادا كۆرىلىدىغان خاتالىقلار

1 ـ بەزى كـىشلەر ھېيـت كـۈنى «تـاۋاپ ۋىـدا»نـى تۈگىتىـپ ھەرەم بىـلەن خوشلىـشىپ بولىـدۇ، ئانـدىن مىنـادا قونـۇپ، مىنـادىكى پائـالىيەتلەرنى تۈگىتىـپ، ھەرەمـگە كىرمەسـتىن مىنادىنلا يۇرتىغا كېتىـپ قالىـدۇ. توغرىـسى، ھاجىنىـڭ ئەڭ ئـاخىرقى ئەمەلـى ھەرەمنـى تـاۋاپ (ۋىـدا تـاۋاپىنى) قىلىـشتۇر. ۋىـدا تـاۋاپى ھەجنىـڭ پۈتـۈن ئەمەللىـرى تـۈگەپ بولغانـدىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا قىلىنىدۇ.

2 ـ بەزى كـىشلەر قۇرئـان كەرىمنىـڭ﴿(مىنـادىن) ئالـدىراپ ئىككـى كۈنـدە قايتقـان ئـادەمگە ھـېچ گۇنـاھ بولمايـدۇ﴾ دېگەن ئايىتىـدىكى ئىككـى كـۈننى ھېيـت كـۈنى بىـلەن ھېيتنىــڭ ئەتىــسكى كــۈنى دەپ خاتــا چۈشــىنىپ قېلىــپ، مىنــادا ئىككــى كۈننىمــۇ

تولدۇرماستىن كېتىپ قالىدۇ. ئايەتتىكى ئىككى كۈن — ھېيتنىڭ ئەتىسى ۋە ئۆگۈنىسى (زۇلھەججىنىڭ 11 ــ 12 ـ كۈنلىرى) نى كۆرسىتىدۇ. ئالدىرىغان كىشى 12 ـ كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەتسە بولىدۇ. ئالدىرىمىغانلار زۇلھەججىنىڭ 13 ــ كۈنى قايتىدۇ.

### ھەرەمدىن چىقىشتا كۆرۈلىدىغان خاتالىق

بەزى ھاجىلار ھەرەمدىن ئايرىلىش ئالدىدا ۋىدا تاۋاپىنى قىلىپ بولۇپ، ھەرەمدىن چىقىپ كېتىشتە ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ. مۇنداق قىلىشنى ئۇلار ھەرەمگە ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىك، دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن. لېكىن بىز بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەسمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنداق قىلمىغان.

## مەدىنە زىيارىتىنىڭ ئەدەپلىرى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە ناماز ئوقۇش ۋە مۇبارەك قەبرە شەرىپىنى زىيارەت قىلىش ياخشى ئەمەللەردىن سانىلىدۇ. ھەجدىن بۇرۇن ياكى كېيىن قايسىبىر ۋاقىتتا زىيارەت قىلىشقا بولىدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ — مەيلى ئۇنىڭ يولى مەدىنىدىن ئۆتسۇن، مەيلى ئۆتمىسۇن — مەدىنىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىشى ئەڭ پايدىلىق سەپەر ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە كىرىش ۋە مۇبارەك قەبرە شەرىپىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە خۇشبۇي قوللانغان ۋە چىرايلىق كىيىم كىيگەن ھالدا، تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماي مېڭىپ ئوڭ پۇتىمىز بىلەن كىرىمىز. كىرىشتە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيمىز:

أَعُوذُ بِاللهِ الْعَظِيْمِ، وَبِوَجْهِهِ الْكَرِيْمِ، وَسُلْطَانِهِ الْقَدِيْمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ . بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ. اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَسَلَّمَ. اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي ذُنُوبِي وَافْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ

يەنى «ئۇلۇغ ئاللاھقا، ئۇنىڭ تەڭداشسىز ماقامىغا، ئەزەلدىن مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ناھايىتى مېھرى ـ شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا دۇرۇد ۋە سالاملار يوللايمەن. ئى ئاللاھ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئاچقىن».

2 ـ مەسجىدكە كىرگەندىن كېيىن، ئىمكانىيەت بولسا «رەۋزە شەرىف»تە، ئەگەر ئادەم كۆپ بولۇپ ئورۇن تەگمىسە ياكى قىستىلاڭغۇ بولسا مەسجىدنىڭ قايسىبىر يېرىدە تۇرۇپ ئىككى رەكئەت «تەھىيەتۇل مەسجىد» نامىزى ئوقۇيمىز.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەبرە شەرىپىنى زىيارەت قىلغاندا «ئاللاھ تائالانىڭ سالامى ۋە ئامانلىقى سىزگە بولسۇن ئى سۆيۈملۈك پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ سالامى ۋە ئامانلىقى سىزگە بولسۇن ئى ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى! ئاللاھ تائالانىڭ سالامى ۋە ئامانلىقى سىزگە بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ سۆيگەن پەيغەمبىرى!» دەپ ئەدەپ بىلەن پەس ئاۋازدا سالام بېرىمىز. ئاندىن ئوڭ تەرەپكە بىر قەدەم يۆتكىلىپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئاندىن يەنە ئوڭ تەرەپكە بىر قەدەم يۆتكىلىپ ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سالام بېرىمىز. ئاندىن قىبلە تەرەپكە ئالدىمىزنى قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىزگە، ئائىلە ئەزالىرىمىزغا ۋە جىمى مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىمىز. ئاندىن چىقىپ كېتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەبرە شەرىپى ئالدىدا ئۈنلۈك سۆز قىلىش ۋە باشقىلار بىلەن پاراڭلىششقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياكى ۋاپات بولغان باشقىلاردىن ھاجەتلەرنى سوراشقا بولمايدۇ. چۈنكى دۇئا ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدۇ، ھاجەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا سورىلىدۇ. قەبرە شەرىپىنىڭ رېشاتكىلىرىنى ياكى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى تەۋەرۈك قىلىپ يۈزلىرىمىزگە سۈرتۈشكە ۋە سۆيۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش بىدئەتتۇر.

4 ـ بىراۋ ئۆزى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن بولسا، «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىزگە پالانىنىڭ سالامىنى يەتكۈزىمەن» دەپ سالام بېرىش لازىم.

5 ـ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى «بەقى قەبرىستانلىقى»نى ۋە «ئوھۇد شېھىدلىقى»نى زىيارەت قىلىش سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان ۋە

قەبرىلەرنــى زىيــارەت قىلىــشنىڭ ئــاخىرەتنى يادلاندۇرىــدىغانلىقى ســەۋەبلىك ياخــشى ئەمەللەردىن سانىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

5 ـ پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ مەســجىدىدە ئىمكــان قەدەر كــۆپرەك نامــاز ئوقۇشــقا تىرىــشىش لازىــم. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام مۇنــداق دېــگەن: «مېنىــڭ بــۇ مەســجىدىمدە بىــر ۋاخ نامــاز ئوقۇشــنىڭ ســاۋابى باشــقا مەســجىدلەردە مىــڭ ۋاخ نامــاز ئوقۇغانــدىن ئەۋزەلــدۇر. مەسجىدى ھەرەمــدە بىــر ۋاخ نامــاز ئوقۇشــنىڭ ســاۋابى باشــقا مەســجىدلەردە يۈزمىــڭ ۋاخ نامــاز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر».

6 ـ پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ مەســجىدىدە نامــاز ئوقۇشــنىڭ بەلگىلىــك ســانى يــوق. قانچە ۋاخ ۋە قــانچە رەكــئەت نامــاز ئوقۇســا بولىۋېرىــدۇ. قانچىلىــك كــۆپ نامــاز ئوقۇســا ســاۋابى شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ.

7 ـ پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ مەســجىدىنى ۋە قەبــرە شــەرىپىنى زىيــارەت قىلىــش ئۈچــۈن مەخــسۇس كــىيىم يــاكى مەلــۇم ۋاقــىت بەلگىلەنــگەن ئەمەس. قايــسى ۋاقىتتــا قانــداقلا بىر كىيىم بىلەن زىيارەت قىلىشقا بولىدۇ.

8 ـ «رەۋزە شــەرىف»تە ئولتــۇرۇپ كــۆپرەك ئىبــادەت قىلىــشقا تىرىــشىش لازىــم. ئىمــام بۇخــارى رىــۋايەت قىلغــان بىــر ھەدىــستە پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام مۇنــداق دېــگەن: »ئۆيــۈم بىلەن مۇنبىرىم ئوتتۇرىــسىدا جەننەتنىــڭ باغچىلىرىــدىن بىــر بــاغچە بــاردۇر«( ). بــۇ ھەدىــستە تىلغا ئېلىنغان «باغچە» رەۋزە شەرىفتۇر.

9 ـ مەدىــنە مــۇنەۋۋەرە شــەھىرىدىكى «قۇبــا مەســجىدى»نــى زىيــارەت قىلىــش ۋە ئۇجايــدا نامــــاز ئوقــــۇش ســــۈننەتتۇر. پەيغەمــــبەر ئەلەيهىســــسالامنىڭ ھەر شــــەنبە كۈنلــــۈكتە بــــۇ مەســجىدكە كېلىــپ نامــاز ئوقۇغــانلىقى رىــۋايەت قىلىنىــدۇ. ھەتتــا ئــۇ: «كىمكــى ئۆيىــدىن تاھــارەت بىــلەن چىقىــپ، مەســجىدى قۇباغــا كېلىــپ نامــاز ئوقۇيــدىكەن، ئــۇ ئــۆمرە ئــادا قىلغاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ»دېگەن.

10 ـ پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ مەســجىدى بىــلەن قەبــرە شــەرىپىنى زىيــارەت قىلىــشنىڭ ھەج پائــالىيەتلىرى بىــلەن ھېچقانــداق ئالاقىــسى يوقتــۇر. ھەج ئــايرىم ئىبــادەت، زىيارەت ئايرىم ئىبادەتتۇر.

## ھەج جەريانىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

ھەج يــاكى ئــۆمرە قىلىــش جەريانىــدا ئوقــۇش ئۈچــۈن مەخــسۇس دۇئــالار بەلگىلەنــگەن ئەمەس، بەلكــى قانــداق دۇئــانى قىلىــش ۋە قايــسى تىلــدا قىلىــش ھەركىمنىــڭ ئىختىيارىــدۇر.

ھەركىم ئۆزى بىلگەن دۇئالىرنى ئوقۇسا بولىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان دۇئالارنى ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكىدە شەك يوق.

تۆۋەندىكى دۇئالارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج قىلىش جەريانىدا ئوقۇغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغاندا ئوقۇلىدىغان تەلبىيە

لَبَّيْكَ اَللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَشَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ، لاَ شَرِيْكَ لَكَ.

تەرجىمىسى: «مەن ھازىرمەن ئى ئاللاھ! مەن ھازىرمەن، مەن ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، بارلىق ھەمدۇ سانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق پەقەت ساڭا خاستۇر، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر»[1].

مەككە ۋە مەسجىدى ھەرەمنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

اللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلاَمُ وَمِنْكَ السَّلاَمُ فَحَيِّنَا رَبَّنَا بِالسَّلاَمِ، اللَّهُمَّ زِدْ هَذَا الْبَيْتَ تَشْرِيفًا وَتَعْظِيمًا وَتَكْرِيما وَمَهَابَةً وَزِدْ مَنْ حَجَّهُ أَوِ اعْتَمَرَهُ تَكْرِيمًا وَتَشْرِيفًا وَتَعْظِيمًا وَبِرًّا.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن تىنچلىق بەرگۈچىسەن، تىنچلىق ـ ئامانلىق زادى سەندىن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى تىنچلىق ئىچىدە ياشاتقىن. ئى ئاللاھ! بۇ ئۇلۇغ ھەرەمنى تېخىمۇ ھۆرمەتلىك، تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە ھەيبەتلىكم قىلغىن، بۇ جايدا ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ شەرىپىنى، ھۆرمىتىنى، ياخشىلىقىنى ۋە ساۋابلىرىنى زىيادە قىلغىن»[2].

## كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

رَبِّ قَنِّعْنِي بِمَا رَزَقْتَنِي وَبَارِكْ لِي فِيْهِ وَاخْلُفْ عَلَيَّ كُلَّ غَائِبَةٍ لِي بِخَيْرٍ.

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ماڭا قانائەت بەرگىن، رىزقىمدا ماڭا بەرىكەت بەرگىن، قولۇمدىن كېتىپ، قايتا ئېرىشىشىم مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ۋە نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ماڭا ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇپ بەرگىن»[3].

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بەيھەقىي رىۋايىتى.

(3) ئىبنى خوزەيمە رىۋايىتى.

رۈكنى يەمانى بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەد ئارىلىقىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

﴿رَبَّنَآ آتِنَا فِي ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي ٱلآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ﴾

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1].

سافا ـ مەرۋىدە توختىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سافا تېغىغا كەلگىنىدە، ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿ إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ اللّهِ﴾

يەنى «سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغان ۋە «ئاللاھ باشلىغان تەرەپتىن باشلايمەن» دەپ سافا تېغىغا ئۆرلىگەن، ئاندىن قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتقان، ئاندىن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغان ئىدى:

﴿لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ. لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ. أَنْجَزَ وَعْدَهُ. وَنَصَرَ عَبْدَهُ. وَهَزَمَ الأَحْزَابَ وَحْدَهُ﴾

يەنى «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)گە مەدەت بەردى، ئىتتىپاقداش دۈشمەنلەرنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇب قىلدى». بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇغان ۋە مەرۋىدىمۇ سافادا ئوقۇغانلىرىنى ئوقۇغانلىقى قەيت قىلىنغان.

## ئەرەفاتتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

1 ـ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە كۈچى

(1) بەقەرە سۈرىسى 201 ـ ئايەت.

يەتكۈچىدۇر»[1].

2 ـ اَللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ كَالَّذِى نَقُولُ وَخَيْرًا مِمَّا نَقُولُ، اللَّهُمَّ لَكَ صَلاَتِى وَنُسُكِى وَمَحْيَاىَ وَمَمَاتِى وَإِلَيْكَ مَآبِى وَلَكَ رَبِّ تُرَاثِى، اللَّهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَوَسْوَسَةِ الصَّدْرِ وَشَتَاتِ الأَمْرِ اللَّهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا تَجِىءُ بِهِ الرِّيحُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئېيتقىنىمىز ۋە ئېيتقىنىمىزدىنمۇ ياخشىراق ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، ئى ئاللاھ! مېنىڭ نامىزىم، ئىبادەتلىرىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم سېنىڭ ئۈچۈندۇر. قايتىشىم سېنىڭ تەرىپىڭگىدۇر، بالا ـ چاقىلىرىم ساڭا ئامانەتتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، كۆڭۈلنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە ئىشلىرىمنىڭ چېچىلىپ كېتىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ شامال ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

## قۇرئان كەرىمدىن تاللانغان دۇئالار

1 ـ پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، بىزنى كەچۈرمىسەڭ بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز.(بەقەرە سۈرىسى23-ئايەت )

2 ـ پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن.(ھۇد سۈرىسى47-ئايەت )

3 ـ پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (ئەمەللىرىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن(بەقەرە سۈرىسى 127-ئايەت ).

4 ـ پەرۋەردىگارىمىز! تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن(بەقەرە سۈرىسى 128-ئايەت ).

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) بەيھەقىي رىۋايىتى.

5 ـ پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن! ھېساب ئالىدىغان كۈندە(يەنى قىيامەت كۈندە)ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن(ئىبراھىم سۈرىسى 40ـ41ـئايەتلەر ).

6 ـ پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. پەرۋەردىگارىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.(مۇمتەھىنە سۈرىسى4ـ5ـئايەتلەر )

7 ـ پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن.( قەسەس سۈرىسى16ـئايەت)

8 ـ پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن(كەھف سۈرىسى10ـئايەت )

9 ـ پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن.( نەمل سۈرىسى19ـئايەت)

10 ـ (پەرۋەردىگارىم!) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم.( )

11 ـ پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇ نېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن(ئەنبىيا سۈرىسى87ـئايەت ).

12 ـ پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن، جانلىقنى جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن؛ ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن( شۇئەرا سۈرىسى83ـ85ـئايەتلەر).

13 ـ پەرۋەردىگارىم! مېنى قەبرەمگە ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، قەبرەمدىن ئوڭۇشلۇق

چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەقىقەتكە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن.( ئال ئىمران26-27- ئايەتلەر)

14 - پەرۋەردىگارىم! ئاتا - ئانام مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن(ئىسرا سۈرىسى80-ئايەت ).

15 - پەرۋەردىگارىم!ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن(ئىسرا سۈرىسى24-ئايەت ).

16 - بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر( تاھا سۈرىسى114-ئايەت).

17 - پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنۇتساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن(بەقەرە سۈرىسى 285-ئايەتلەر).

18 - پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ(بەقەرە سۈرىسى 286-ئايەتلەر ).

19 - پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن( ئال ئىمران سۈرىسى8-9-ئايەتلەر).

20 - پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر(ئال ئىمران سۈرىسى16-ئايەت).

21 - ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن( فۇرقان سۈرىسى65-66-

ئايەتلەر).

22 ـ پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن(ئال ئىمران سۈرىسى147ـ ئايەت).

23 ـ پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايەتكە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن( ئال ئىمران سۈرىسى53ـ ئايەت).

ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز يارىتىقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن(يۇسۇپ سۈرىسى101ـ ئايەت ).

24 ـ پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر( غافىر سۈرىسى7ـ8ـ9ـ ئايەتلەر).

25 ـ ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن(بەقەرە سۈرىسى201ـ ئايەت ).

26 ـ پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ ( يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ)، رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار، دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن

ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن(ئال ئىمران سۈرىسى191-194-ئايەت ).

27 - پەرۋەردىگارىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن. بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن كاپىر قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن( يۇنۇس سۈرىسى85-86-ئايەتلەر).

28 - پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن(ھەشر سۈرىسى8-ئايەت ).

29 - پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن(ئەھقاف سۈرىسى 15-ئايەت).

30 - ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن( تەھرىم سۈرىسى 8-ئايەت ).

31 - پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن(مۇئمىنۇن سۈرىسى109-ئايەت).

32 - ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن(مۇئمىنۇن سۈرىسى29-ئايەت).

33 - پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا - ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن(ئىبراھىم سۈرىسى 41-ئايەت).

34 - ئاللاھ ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر(يۇسۇف سۈرىسى64-ئايەت ).

35 - پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن(ئەئراف سۈرىسى126-ئايەت).

# ھەدىسلەردىن تاللانغان دۇئالار

36 ـ ئـى ئـاللاھ! مەن ئـۆزۈمگە كـۆپ زۇلـۇم قىلـدىم، گۇنـاھلارنى پەقەت سـەنلا مەغپىـرەت قىلـسـەن، مەرھەمەت قىلـىپ، ماڭـا كەڭ مەغپىـرەت ۋە رەھـىم قىلغىـن، سـەن ھەقـىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە شەپقەت قىلغۇچىسەن(بۇخارى رىۋايىتى ).

37 ـ ئى ئاللاھ! سەندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئامانلىق تىلەيمەن(تىرمىزى رىۋايىتى ).

38 ـ ئـى ئـاللاھ! مېنـى ھـىدايەت قىلغىـن ۋە تـوغرا ئـادەم قىلغىـن. ئـى ئـاللاھ! سـەندىن ھىدايەت ۋە توغرىلىقنى سورايمە(مۇسلىم رىۋايىتى ).

39 ـ ئـى ئـاللاھ! سـېنى يـاد قىلىـشىمغا، سـاڭا شـۈكۈر قىلىـشىمغا ۋە سـاڭا ئۇبـدان بەندىچىلىك قىلىشىمغا يار ـ يۆلەك بولغىن( ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

40 ـ ئـى ئـاللاھ! سـېنىڭ رازىلىقىڭغـا سـېغىنىپ غەزىپىڭـدىن پانـاھ تىلەيـمەن، سـېنىڭ قوغدىـشىڭغا سـېغىنىپ ئازابىڭـدىن پانـاھ تىلەيـمەن، سـاڭا سـېغىنىپ سـېنىڭ دۈشمىنىڭـدىن پانـاھ تىلەيـمەن، ئـى پەرۋەردىگـارىم!سـەن ئـۆزۈڭگە سـانا ئېيتقانـدەك مـۇكەممەل رەۋىـشتە ۋە سېنىڭ لايىقىڭدا سانا ئېيتىشتىن ئاجىزمەن( مۇسلىم رىۋايىتى).

41 ـ ئـى دىللارنـى باشـقۇرغۇچى ئـاللاھ! دىلىمنـى دىنىڭغـا مۇسـتەھكەم قىلغىـن(ئىمـام ئەھمەد رىۋايىتى ).

42 ـ ئـى دىللارنـى ئۆزگەرتـىپ تۇرغـۇچى ئـاللاھ! دىللىرىمىزنـى سـېنىڭ تـائەت ـ ئىبادىتىڭگە ئۆزگەرتكىن(مۇسلىم رىۋايىتى).

43 ـ ئـى ئـاللاھ! رەھمىتىڭنـى ئۈمىـد قىلىـمەن، مېنـى كـۆز يۇمـۇپ ئـاچقۇچىلىكمۇ ئـۆز ھالىمغـا قويـۇۋەتمىگىن، بـارلىق ئىـشلىرىمنى ياخـشىلاپ بەرگىـن، سـەندىن باشـقا ھەقىقـي مەبۇد يوقتۇر(ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى ).

44 ـ ئـى ئـاللاھ بـارلىق ئىـشلىرىمىزدا ئـاقىۋىتىمىزنى ياخـشى قىلغىـن، بىزنـى دۇنيانىـڭ خارلىقىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن( ئىبنى ھەببان رىۋايىتى).

45 ـ ئـى ئـاللاھ! سـېنىڭدىن پەيغەمبىرىـڭ مـۇھەممەد ئەلەيھىـسسالام سـورىغان نەرسـىنىڭ ئەڭ ياخشـىسىنى سـورايمىز ۋە سـاڭا سـېغىنىپ پەيغەمبىرىـڭ مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پانـاھ تىلىـگەن نەرسـىنىڭ شـەررىدىن پانـاھ تىلەيمىـز. سـەن ئەڭ ياخـشى مەدەتكارسـەن، تولىمۇ شەپقەتلىكسەن. ئاللاھنىـڭ يـاردىمى بولمىـسا قـولىمىزدىن ھـېچ ئىـش كەلمەيدۇ( تىرمىزى رىۋايىتى).

46 ـ ئى ئاللاھ! بىزگە ئىمانىنى قىزغىن سۆيدۈرگىن، ئۇنى دىلىمىزدا كۆركەم قىلغىن. بىزگە كۇپرىنى، بۇزۇقچىلىقنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتكىن، بىزنى توغرا يولدا يۈرگۈچىلەردىن قىلغىن.

47 ـ ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن سېنى سۆيۈشنى، سېنى سۆيىدىغانلارنى سۆيۈشنى ۋە سېنى سۆيۈشكە تۈرتكە بولىدىغان ئەمەللەرنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭ سۆيگۈڭنى مېنىڭ ئۆچۈن ئۆزۈمدىن، ئەھلىمدىن ۋە تەشنالىقتىكى سوغۇق سۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن(تىرمىزى رىۋايىتى ).

48 ـ ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، سەندىن قورقماس دىلدىن، قوبۇل بولماس دۇئادىن، تويماس نەپستىن، پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن. مۇشۇ تۆتتىن پاناھ تىلەيمە(ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى ).

49 ـ ئى ئاللاھ! سېنىڭ غەيبىي ئىلمىڭ، چەكسىز قۇدرىتىڭگە سېغىنىپ ھاياتلىقىم مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدىغان بولسا ماڭا ھايات بېغىشلىشىڭنى، ۋاپاتىم مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولسا مېنى ۋاپات قىلدۇرۇشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ئادەم بار ـ يوق ھەرقانداق جايدا سەندىن قورقىدىغان تەقۋالىقنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! رازىمەنلىك ۋە غەزەبلىك ھەرقانداق ھالىتىمدە ھەق سۆزنى ئېيتىشمنى سەندىن سورايمەن. ئى ئاللاھ! سەندىن ئۈزۈلمەس ھۇزۇرنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن تۈگىمەس نېمەت سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ئۈزۈلمەس خۇرسەنلىك سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇشۇمنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ باياشات تۇرمۇشقا مۇيەسسەر قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماستىن سېنىڭ جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ساڭا ئۇچرىشىش ئىشتىياقىنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! بىزنى ئىمانىنىڭ زىننىتى بىلەن بېزىگىن. ئى ئاللاھ! بىزنى توغرا يولدا يۈرگۈچى ۋە ئۇنىڭغا باشلىغۇچىلاردىن قىلغىن(نەسائىي رىۋايىتى ).

50 ـ ئى ئاللاھ! ماڭا پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن، سەن ماڭا بىلدۈرگەنلىرىڭدىن مېنى پايدىلاندۇرغىن، ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن( تىرمىزى رىۋايىتى).

51 ـ ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان، مەغپىرىتىڭگە مۇيەسسەر قىلىدىغان ئەمەللەرنى، بارلىق گۇناھلاردىن ساقلىنىشنى، جىمى ياخشىلىقلارغا ئېرىششنى، جەننەتكە مۇيەسسەر بولۇشنى ۋە دوزاختىن قۇتۇلۇشنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! ھەر قانداق گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، ھەر قانداق قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلغايسەن ۋە سەن رازى بولىدىغان ھەر قانداق ھاجىتىمنى راۋا قىلغايسەن، ئى رەھىم

قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ!(ھاكىم رىۋايىتى )

52 ـ ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن قايتماس ئىمان، تۈگىمەس نېمەت ۋە مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قېتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى تىلەيمەن( ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

53 ـ ئى ئاللاھ! قىلغانلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە قىلمىغانلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمە(ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى ).

54 ـ ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمە ۋە بىلمەستىن قىلىپ سالغانلىرىمغا سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن(ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى ).

55 ـ ئى ئاللاھ! ماڭا ھەقنى ھەق كۆرسەتكىن، ماڭا ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى نەسىب ئەتكىن، ماڭا باتىلنى باتىل كۆرسەتكىن ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى ماڭا نەسىب ئەتكىن.

56 ـ ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن ۋە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرىسەن، ماڭا مەغپىرەت قىلغايسەن(تىرمىزى رىۋايىتى ).

57 ـ ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، ئېغىر ئەھۋالدا قېلىشتىن، بەختسىزلىككە يولۇقۇشتىن، بالا ـ قازاغا دۇچار بولۇشتىن ۋە دۈشمەنلەرنى خوش قىلىدىغان ئىشقا مۇپتىلا بولۇشتىن پاناھ تىلەيمەن(بۇخارى رىۋايىتى).

58 ـ ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، ماڭا ئاتا قىلغان نېمىتىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، بەرگەن ئامانلىقىڭنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە بارچە غەزەبلىرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن(مۇسلىم رىۋايىتى ).

59 ـ ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، قەبىر ئازابىدىن، بايلىقنىڭ پىتنىسىدىن، كەمبەغەللىكنىڭ يامانلىقىدىن ۋە دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن(مۇسلىم رىۋايىتى ).

60 ـ ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، ناچار ئەخلاقلاردىن، يامان ئەمەللەردىن ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن پاناھ تىلەيمە(تىرمىزى رىۋايىتى ).

61 ـ ئى ئاللاھ! ئىشىمنىڭ كاپالىتى بولغان دىنىمنى مەن ئۈچۈن تولۇقلاپ بەرگىن، مەئىشىتىم بولغان دۇنيالىقىمنى مەن ئۈچۈن ياخشىلاپ بەرگىن، قايتىدىغان جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى مەن ئۈچۈن ياخشىلاپ بەرگىن، بارلىق ياخشىلىقلاردا مەن ئۈچۈن ھاياتلىقنى زىيادە قىلغىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن ئۆلۈمنى مەن ئۈچۈن راھەتلىك

قىلغىن(مۇسلىم رىۋايىتى ).

62 ـ ئـى ئـاللاھ! سـاڭا سـېغىنىپ غەم ـ ئەندىـشىدىن، بېخىللىقـتىن، قورقۇنچـاقلىقتىن پانـاھ تىلەيـمەن ۋە ئـاجىزلىقتىن، ھورۇنلـۇقتىن، قەرزدارلىقـتىن، دۈشـمەنىنىڭ مېنـى مەغلـۇپ قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن(بۇخارى رىۋايىتى ).

63 ـ بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىـي ئىلاھ يـوق، ئۇنىـڭ شېرىكى يـوق. ئـۇ تىرىلدۈرىـدۇ ۋە ئۆلتۈرەلەيـدۇ، ئـۇ ھەمىــشە تىرىــك بولــۇپ، ھــېچ ئۆلمەيــدۇ، پۈتــۈن ياخــشىلىق ئۇنىـــڭ قولىدىدۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر( تىرمىزى رىۋايىتى).

64 ـ ئــى ئــاللاھ! ســاڭا ســېغىنىپ غەم ـ قــايغۇدىن، كۆڭــۈلــسىزلىكتىن، ئــاجىزلىقتىن، ھورۇنلـــۇقتىن، بېخىللىقـــتىن، قورقۇنچـــاقلىقتىن، قەرزدارلىقـــتىن ۋە كـــىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن(بۇخارى رىۋايىتى ).

65 ـ ئى ئاللاھ! مېنى ھـالال رىزقـىڭ بىـلەن ھارامـدىن بىھاجەت قىلغىـن، ئۇلـۇغ پەزلـىڭ بىلەن مېنى باشقىلارغا موھتاج بولۇشتىن بىھاجەت قىلغىن(تىرمىزى رىۋايىتى ).

66 ـ ئــى ئــاللاھ! مەن ســېنىڭ قۇلــۇڭمەن، قۇلۇڭنــىڭ ۋە دىــدىكىڭنىڭ ئــوغلىمەن، تەقدىرىم سېنىڭ قولۇڭدىـدۇر. مېنـىڭ ئۈچـۈن تەقـدىر قىلغانلىرىـڭ ھەر زامـان يۈرگـۈچى ۋە ئادالەتلىنىــڭ ئۆزىــدۇر. ئــى ئــاللاھ! ئــۆزۈڭ شــۇنداق ئاتىغــان يــاكى كىتابىــڭ ئــارقىلىق چۈشــۈرگەن يــاكى بەندىلىرىڭــدىن بىرەرســىگە بىلــدۈرگەن يــاكى ئــۆز دەرگاھىڭــدىكى غەيـبلەر قاتارىـدا بىـزلەرگە بىلـدۈرمىگەن بـارچە ئىـسىملىرىڭنى ۋاسـىتە قىلىـپ سـەندىن قۇرئـان كەرىمنـى كۆڭلۈمنــىڭ باھـارى، قەلبىمنــىڭ نـۇرى، قـايغۇلىرىمنى يـوق قىلغـۇچى ۋە ئەندىشىلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىشىڭنى سورايمەن( ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

67 ـ ئـى ئـاللاھ! مېنـى سـەن ھـىدايەت قىلغـانلار قاتارىـدا ھـىدايەتكە باشـلىغىن، ماڭـا سـەن سـاقلىق ئاتـا قىلغـانلار قاتارىـدا سـاقلىق ئاتـا قىلغىـن، مېنـى سـەن ھىمـايە قىلغـانلار قاتارىـدا ھىمـايە قىلغىـن، بەرگەن نېمەتلىرىڭـدە ماڭـا بەرىـكەت ئاتـا قىلغىـن، سـەن تەقـدىر قىلغـان ئىـشلارنىڭ شـەررىدىن مېنـى سـاقلىغىن. ھەقىـقەتەن سـەن مـۇتلەق خـاھىش ئېگىســسەن. ســاڭا شــېرىك بولغــۇچى يوقتــۇر. ســەن ئەزىــز قىلغــان خورلانمايــدۇ، ســەن خورلىغـــاننى ھـــېچكىم ئەزىـــز قىلالمايـــدۇ. ئـــى پەرۋەردىگـــارىمىز! ســـەن ئۇلۇغلارنىـــڭ ئۇلۇغىسەن(تىرمىزى رىۋايىتى ).

68 ـ ئـى ھەمىـشە تىرىـك بولغـۇچى ۋە ھەممىنـى ئىـدارە قىلىـپ تۇرغـۇچى پەرۋەردىگـارىم! مېنىـڭ ھـالىمنى پۈتـۈنلەي ياخـشىلىغىن ۋە مېنـى كـۆز يۇمـۇپ ئـاچقۇچىلىكمۇ ئـۆز ھالىمغـا قويۇپ بەرمىگىن(ئىمام ھاكىم رىۋايىتى ).

69 ـ ئــى ئــاللاھ! ئىبــراھىم ئەلەيھىســسالامغا ۋە ئۇنىــڭ ئــائىلە تاۋابىئاتلىرىغــا رەھــمەت قىلغانــدەك مۇھەممــەدە ئەلەيھىســسالامغا ۋە ئۇنىــڭ ئــائىلە تاۋابىئاتلىرىغــا رەھــمەت قىلغىــن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتسەن(بۇخارى رىۋايىتى ).

70 ـ ئــى ئــاللاھ! ئىبــراھىم ئەلەيھىســسالام ۋە ئۇنىــڭ ئــائىلە تاۋابىئاتلىرىنىــڭ نــام ـ نىشانىــسىنى مەڭگــۈ قىلغانــدەك، مۇھەممــدە ئەلەيھىســسالامنىڭ ۋە ئۇنىــڭ ئــائىلە تاۋابىئاتلىرىنىــڭ نــام ـ نىشانىــسىنى مەڭگــۈ قىلغىــن. ســەن ھەقىــقەتەن ماختاشــقا لايىــق ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتسەن(بۇخارى رىۋايىتى ).

71 ـ ئــى ئــاللاھ! مېنــى خاتــالىقلاردىن خــۇددى مەشــرىق بىــلەن مەغرىپنىــڭ ئارىــسىنى يىراق قىلغانــدەك يىــراق قىلغىــن. ئى ئــاللاھ! خــۇددى ئــاق كــىيىم پاسكىنىلىقتىن تازىلىنىپ پارلىغانــدەك مېنــى خاتالىقلىرىمــدىن پــاكلىغىن. ئــى ئــاللاھ! مېنىــڭ خاتــالىقلىرىمنى ســۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۇز بىلەن تازىلاپ يوق قىلغىن(بۇخارى رىۋايىتى ).

72 ـ قــۇدرەت ئىگىــسى بولغــان پەرۋەردىگارىــڭ كۇففارلارنىــڭ ســۈپەتلىگەنلىرىدىن پــاكتۇر. پەيغەمــبەرلەرگە ســالام بولــسۇن! جىمــى ھەمــدۇ ســانا ئالەملەرنىــڭ پەرۋەردىگــارى ئاللاھقا خاستۇر!(تىرمىزى رىۋايىتى )

## مەسجىدى ھەرەم ۋە مەسجىد نەبەۋىي ھەققىدە مەلۇمات

### مەسجىدى ھەرەم

مەســجىدى ھەرەم — يەر يۈزىــدىكى جىمــى مەســجىدلەرنىڭ ئەڭ شــەرەپلىكى ۋە ئەڭ ئۇلــۇغى بولــۇپ، مۇســۇلمانلارنىڭ قىبلىــسىدۇر. ئــاللاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە مەســجىدى ھەرەمنى تەرىپلەپ: ﴿ھەقىــقەتەن ئىنــسانلارغا (ئىبــادەت ئۈچــۈن) تــۇنجى ســېلىنغان ئــۆي مەككىدىــدۇر، مۇبــارەكتۇر، جاھــان ئەھلىــگە ھىــدايەتتۇر﴾[1] دېــگەن. مەســجىدى ھەرەم مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان

### مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھازىرقى كۆلىمى

مەســجىدى ھەرەمنىــڭ ھــازىرقى كــۆلىمى 190 مىــڭ كــۋادرات مېتىــر كېلىــدۇ. ئۇنىڭــدا بــۇرۇن 300 مىڭــدىن كــۆپرەك كىــشى بىــرلا ۋاقىتتــا نامــاز ئوقۇيــالايتتى. داۋاملىــق

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 96ـ ئايەت

كېڭەيتىلىپ كەلدى. 1960- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ مەسجىدى ھەرەمنى كېڭەيتىپ ياساپ چىقىپ، بىرلا ۋاقىتتا 600 مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىغان، ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارمۇ قىستالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. 1988- يىلى مەسجىدى ھەرەمنى كېڭەيتىش پىلانى بويىچە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 1994- يىلىنىڭ بېشىدا بۇ قۇرۇلۇش تاماملانغان. ھازىر مەسجىدى ھەرەمدە بىرلا ۋاقىتتا 900 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئازادە ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئاستىغا پۈتۈنلەي ئىسسىقنى ئۆتكۈزمەيدىغان مەرمەر تاش يېپىلغان. مەسجىدى ھەرەمنىڭ يەتتە جايدا ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 92 مېتىر كېلىدىغان يەتتە چوڭ مۇنارىسى بار.

## مەسجىدى ھەرەمنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى

مەسجىدى ھەرەمنىڭ تارىخى كەبە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا كەبە بىنا بولغاندىن بېرى مەسجىدى ھەرەم مەۋجۇدتۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر قانچە ئەسىرلەر جەريانىدا كەبە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبلىك يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئۇلىدىن باشقا پۈتۈن تاملىرى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالغان ۋە مەسجىدى ھەرەمنىڭمۇ ئىزى قالمىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق كەبىنىڭ ئورنىنى كۆرسەتكەن ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە كەبىنىڭ ئۇلىنى قايتا قوپۇرۇپ چىققاندا مەسجىدى ھەرەممۇ ئەسلىگە كەلگەن.

## ئىسلامدىن كېيىنكى مەسجىدى ھەرەم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا، مەسجىدى ھەرەم كېڭەيتىلمىگەن.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ھەرەمنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دەرۋازىلارنى بېكىتىدۇ. مەقامۇ ئىبراھىم ئەسلىدە كەبىنىڭ تېمىغا چاپلاشتۇرۇلغان ھالدا بولۇپ، خەلىپە ئۆمەر ھاجىلارنىڭ تاۋاپ قىلىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەقامۇ ئىبراھىمنى كەبە تېمىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ھازىرقى ئورنىغا بېكىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئۆمەر تارىختا مەقامۇ ئىبراھىمنى كەبىنىڭ تېمىدىن يىراقلاشتۇرغان ۋە مەسجىدى ھەرەمگە دەرۋازىلارنى بېكىتكەن تۇنجى كىشى بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە مەسجىدى ھەرەمنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئۇنىڭغا راۋاقلارنى بىنا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئوسمان مەسجىدى ھەرەمگە تۇنجى بولۇپ راۋاقلارنى بىنا قىلغان شەخس بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىنىدۇ.

## ھەرەمنىڭ چېگرىسى

ھەرەم توغرۇلۇق كەلگەن شەرىئەت دەلىللىرى تۈرلۈك مەنىدە كەلگەن. مەسجىدى ھەرەم سۆزىدىن گاھ مەككىدىكى ئوتتۇرىسىغا كەبە جايلاشقان مەسجىدنىڭ ئۆزىلا مەقسەت قىلىنىدۇ. گاھ ئۇنىڭدىن مەسجىدى ھەرەم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار مەقسەت قىلىنىدۇ. گاھ ئۇنىڭدىن مەككە شەھىرى مەقسەت قىلىنىدۇ. گاھ ئۇنىڭدىن مەككە شەھىرى بىلەن ھەرەمنىڭ ھەممىسى مەقسەت قىلىنىدۇ. ھەرەم بىلەن ئۇنىڭ چېگرىسىنىڭ ئىچىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ھەرەم ھېسابلىنىدۇ. ھەرەمنىڭ چېگرىسىنى تۇنجى بولۇپ سىزغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن سىزىپ چىققان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە ئازات بولغاندىن كېيىن تەمىم ئىبنى ئەسەد ئەل خۇزائىي دېگەن كىشىنى ئەۋەتىپ ھەرەمنىڭ چېگرىسىنى قايتىدىن يېڭىلاتقان. ھەرەمنىڭ ھازىرقى چېگرىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭىلاتقان چېگرىنىڭ ئۆزىدۇر.

## ھەرەمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئاللاھ تائالا ھەرەم ئۈچۈن مەخسۇس ئەھكاملار ۋە پرىنسىپلارنى بېكىتكەن. مەسىلەن: ھەرەمنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى جايلاردا ئۇرۇش قىلىش، ھايۋانلارنى، قۇشلارنى ئوۋلاش، ھەرەمنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىش، ئۆزى ئۈنگەن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈزۈش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ھەرەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەرىپى شۇكى، ھەرەمدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە بىر ۋاخ ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى باشقا مەسجىدلەردە مىڭ ۋاخ ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر. مەسجىدى ھەرەمدە بىر ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابى باشقا مەسجىدلەردە يۈزمىڭ ۋاخ ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر»(1). دېگەن.

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئۆلىمالار بىر ۋاخ نامازغا يۈزمىڭ ۋاخ نامازنىڭ ساۋابى يېزىلىش خۇسۇسىيىتى ھەرەمنىڭ ھەممىسىنى(مەككە شەھىرىنى) ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ ياكى مەسجىدى ھەرەمگىلا خاسمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان. ئەڭ توغرا ۋە دەلىل ـ ئىسپات جەھەتتىن ئەڭ كۈچلۈك قاراش مەككە شەھىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. شۇنداقتىمۇ مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئوقۇلغان نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە ھېچ ئىختىلاپ يوقتۇر. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى مەرھۇم ئابدۇللا ئىبنى باز مۇنداق دېگەن:«ھەرەم چېگرىسىنىڭ ئىچىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى مەسجىدى ھەرەمدىن سانىلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان نامازغا ۋەدە قىلىنغان ھەسسىلەپ ساۋاب ھەرەم چېگرىسىدىكى جايلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇلغان نامازلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيادا مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەم بىلەن مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسجىدىدىن باشقا ھەرەم يوق. پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقسا بىلەن ئۇلۇغ ۋە بەرىكەتلىك مەسجىد بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، ئۇ ھەرەم دېيىلمەيدۇ»

## كەبە ۋە ئۇنىڭ تارىخي باسقۇچلىرى

كەبە ـ مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى، ئەقىدىنىڭ مۇنارى ۋە ئىبادەتنىڭ رەمزىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ﴿ئاللاھ ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىنغان كەبىنى ئىنسانلار ئۈچۈن يۆكسىلىش ۋەسىلىسى قىلدى﴾(1) دېيىلگەن.

كەبە — كۇب شەكىللىك ئۆي دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كۈل رەڭ تاشتىن قۇرۇلغان ئەڭ قەدىمىي ئىبادەت ئۆيىدۇر. كەبە بەيتۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئۆيى)، بەيتۇل ئەتىق (قەدىمىي ئۆي) ۋە بەيتۇل ھەرەم ( قان تۆكۈش چەكلەنگەن ئۆي)دەپ ئاتىلىدۇ.

كەبىنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەبىنى بىنا قىلىپ، ئۇنىڭدا باللىرى بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن. بىر ھەدىستە، نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىگە بېرىپ ھەج قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. مەلۇمكى، نۇھ ۋە ھۇد ئەلەيھىسسالاملار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ئىدى. چوڭ بىر سەلنىڭ كېلىشى سەۋەبلىك كەبە يىقىلىپ يەر بىلەن تەڭ بولۇپ كەتكەن. پەقەت تاملىرىنىڭ ئۇلى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ

(1) مائىدە سۈرىسى 97ـ ئايەت

قالغان بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھىيگە ئاساسەن كەبىنىڭ ئۇلىنى قايتىدىن قوپۇرغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى تۈنجى بىنا قىلغان كىشى ئەمەس، بەلكى كەبىنىڭ ئۇلىنى قۇم بارخانلىرى ئاستىدىن قايتا قوپۇرۇپ چىققان كىشىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلىنى قوپۇرغان كەبىنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز گەز(تۆت مېتىر ئەتراپىدا)، كەڭلىكى 22 گەز (11مېتىر ئەتراپىدا) ۋە ئۇزۇنلىقى 32 گەز(15مېتىر ئەتراپىدا) ئىدى. كەبىنىڭ ئۈستى ئوچۇق، دەرۋازىسىز ئىككى ئىشىكى بار ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەجەرۇل ئەسۋەدنى كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا باشلايدىغان ئورۇن سۈپىتىدە ھازىرقى ئورنىغا بېكىتكەن.

## كەبىنىڭ رېمونت قىلىنىش باسقۇچلىرى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەمالىقەلەر، كېيىنچە جۇرھۇملار، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 5- بوۋىسى قۇسەي ئىبنى كىلاب كەبىنى بىر قانچە قېتىم رېمونت قىلىدۇ. مەككىنى سەل بېسىش سەۋەبلىك كەبىنىڭ بىر بۆلۈكى يىقىلىپ كەتكەندە، ئەرەبلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر قايتا رېمونت قىلىش قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، كەبىنى يىقىشتىن قورقىدۇ. كەبىنى يىقسا ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىشىدىن قورقۇپ ئىككىلىنىپ قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ۋەھب ئىبنى ئەمر دېگەن كىشى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ«ئاللاھ بىزنىڭ ياخشى نىيىتىمىزنى بىلىدۇ، بىز پەقەت ياخشى ئىشنى نىيەت قىلدۇق»دەيدۇ ۋە كەبىنىڭ بىر تەرىپىنى چېقىپ تاشلايدۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا بىر بالايى ـ ئايەت يېتىشىنى كۆزىتىپ تارقىلىپ كېتىدۇ. ئەتىسى قارىسا كەبىنى چاققان ۋەھب ئىبنى ئەمرگە ھېچ نەرسە بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممە بىرلىكتە كەبىنى يىقىتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەبىنى قايتا بىنا قىلىش سەپەرۋەرلىكى باشلىنىپ ھەر بىر قەبىلە كەبىنىڭ بىر تەرىپىنى بىنا قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەبىنى پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ.

## ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇش قىسسىسى

ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئۆز ئورنىغا قويۇش ۋاقتىدا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭگى ـ جېدەل يۈز بېرىدۇ، ھەر قەبىلە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئورنىغا ئۆزى قويۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ شەرەپنى تالىشىپ ھەتتا ئۇرۇش چىقىشقا ئاز قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىرە ئەل مەخزۇمىي دېگەن كىشى بۇ تالاش تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىشىكىدىن كىم دەسلەپ كىرسە شۇنىڭ

ھۆكۈم قىلىشى بويىچە ئىش قىلىشقا رازى بولۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بارچە قەبىلە ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ھەرەمگە كىم ئاۋۋال قەسەم باسىدۇ، دەپ كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. شۇ ئارىدا دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان ھەممىسى بىر ئاۋازدا «بۇ راستچىل كىشى، بۇ مۇھەممەد، بىز ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا رازىمىز»دەپ ۋارقىرىشىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلا نى بىر كىيىم ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار بىر كىيىم كەلگەندىن كېيىن، كىيىمنى يېيىپ سېلىپ ئوتتۇرىسىغا ھەجەرۇل ئەسۋەدنى قويىدۇ ۋە ھەممە قەبىلىنى چاقىرىپ:«كېلىڭلار ھەر قەبىلىدىن بىر كىشى بۇ كىيىمنىڭ بىردىن تەرىپىنى تۇتسۇن»دەيدۇ. ئۇلا ھەجەرۇلئەسۋەدنى كۆتۈرۈپ كەبىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئورنىغا ئېلىپ كېلىشكەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قوللىرى بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئېلىپ ئورنىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەبىنىڭ نۆۋەتتىكى بىناسى ئاخىرلىشىدۇ، جېدەل ـ ماجىرالارنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

## ھۇجرە قىسسىسى

قۇرەيش قەبىلىسى كەبىنى پەقەت ھالال تاپقان پۇل ـ مال بىلەنلا رېمونت قىلىشنى نىيەت قىلغان بولۇپ، ھالال پۇل يېتىشمىگەنلىكتىن كەبىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى «ھۇجرە»دەپ ئاتىلىدىغان جاينى كەبىدىن چىقىرىپ تاشلىغان ۋە ئۇنىڭ كەبىدىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەتراپىغا يېرىم دۈگىلەك تام سېلىپ قويغان. بۇ تام ھازىر «ھەتىم» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كەبىنىڭ ئېگىزلىكىنى 18 گەز(توققۇز مېتىر ئەتراپىدا) كۆتۈرىدۇ. كەڭلىكىدىن ئۈچ مېتىر قىسقارتىدۇ. ئۈستىنى ياغاچ بىلەن ياپىدۇ ۋە ئىككى ئىشىكنىڭ بىرىنى يېپىۋېتىپ بىر ئىشىكنىلا قالدۇرۇپ قويىدۇ.

## كەبىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېمونت قىلىنىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئۇلىنى قايتا تۇرغۇزۇپ رەمونت قىلىپ چىققان ئاشۇ ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا ئەمالىقە ۋە جۇرھۇملار بىر قانچە قېتىم كەبىنى رېمونت قىلغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن 5 يىل بۇرۇن قۇرەيش قەبىلىسى كەبىنى يىقىپ تاشلاپ قايتىدىن رېمونت قىلغان. شۇ ۋاقىتتىن بىرى داۋاملىق تۈردە رېمونت قىلىنىپ ئەڭ ئاخىرى 1979- يىلى ئەڭ ئاخىرقى رېمونتى ئەمەلگە ئاشقان. كەبىنىڭ ئىچى ھەر يىلى قەمەرىيە ئايلىرىدىن شەئبان(8- ئاي)دا

بىر قېتىم، زۇلھەججە(12ـ ئاي)دا يەنە بىر قېتىم جەمئىي ئىككى قېتىم يۇيۇلىدۇ. يۇيۇشتا زەمزەم سۈيى، گۈل سۈيى ۋە خۇشپۇراقلىق ئەتىرلەر ئىشلىتىلىدۇ. يۇيۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۈستىگە قىممەتلىك خۇشپۇراقلىق ماددىلار چېچىلىدۇ. كەبىنىڭ ئىچىنى تازىلاشقا ئىشلىتىلگەن سۈپۈرگە، چېلەك ۋە لۆڭگە قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشقان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا تەۋەررۈك قىلىپ ساقلىشى ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنىدۇ.

## كەبىنىڭ ئىشكى

كەبىنىڭ ئىشكى — كەبىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ۋە يەر يۈزىدىن 2½ (ئىككى يېرىم مېتىر) ئېگىزلىكتىكى ئالتۇن ئىشىكتۇر. ئىشىكنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئالتە سانتىمېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر 68 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىشىك ھىجرىيە 1399 ـ يىلى 22 ـ زۇلقەئدە (مىلادىيە 1979 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر)كۈنى 280 كىلو ساپ ئالتۇندىن ياسىلىپ ھازىرقى ئورنىغا قويۇلغان.

## مۇلتەزەم

مۇلتەزەم — كەبىنىڭ ئىشكى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەد ئوتتۇرىسىدىكى جاي. كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «مۇلتەزەم دۇئا ئىجابەت بولىدىغان جايدۇر. بۇ جايدا ئاللاھقا دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ»(1) دەپ كۆرسەتكەن.

## ھۇجرە

ھۇجرە — كەبىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يېرىم دۈگىلەك تام بىلەن كەبىنىڭ ئارىلىقىدىكى بوش جاي بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەردە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ جاينى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھاجەر ئىككىسىگە يېتىپ قوپۇش ئۈچۈن سېلىپ بەرگەن ئۆي ئىدى، شۇڭا ئۇ»ھۇجرە ئىسمائىل (ئىسمائىلنىڭ ئۆيى)دەپ ئاتالغان، دېيىلىدۇ. ئەمما توغرىسى بۇ جاي ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن، قۇرەيش قەبىلىسى كەبىنى رېمونت قىلغىنىدا، كەبىنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۈچ مېتىر جاينى چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى يېرىم دۈگىلەك تام بىلەن قورشىغان. شۇڭا بۇ جاي كەبىدىن ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئۆلىمالار ھۇجرەنىڭ ھەممىسى كەبىدىن ئەمەس، پەقەت كەبىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ئۈچ مېتىر جايلا

---

(1) تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان، مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىم ئالبانىي «بەك ئاجىز» دەپ باھالىغان.

كەبىدىن سانىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھۇجرەنىڭ ئىچىدىن تاۋاپ قىلغان كىشىنىڭ قىلغان تاۋىپى ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى ئۇ كەبىنىڭ ئىچىدىن تاۋاپ قىلغان بولىدۇ. ھۇجرەنىڭ ئىچىدە پەرز ناماز ئوقۇسا ئادا تاپمايدۇ.

## ھەتىم

ھەتىم — كەبىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ھۇجرەنىڭ ئەتراپىغا قوپۇرۇلغان يېرىم دۈگىلەك تام بولۇپ، تاۋاپ قىلغۇچىلار بۇ تامنىڭ سىرتىدىن قىلىدۇ. بۇ تام ئاق مەرمەردىن ياسالغان. ئېگىزلىكى بىر مېتىر 30 سانتىمېتىر، تام يۈزىدىكى كەڭلىكى بىر مېتىر بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ.

## كەبىنىڭ يوپۇغى

بەزى تارىخىي مەنبەلەر كەبىگە تۇنجى بولۇپ يوپۇق ياپقان كىشىنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى سۆزلىسە، بەزى مەنبەلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئەدنان دېگەن كىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپ كەبىگە يوپۇق ياپقانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئەمما ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر كەبىگە مىلادىيە350- يىلى تۇببە ئەبۇ كەرەب دېگەن كىشىنىڭ تۇنجى بولۇپ يوپۇق ياپقانلىقىنى سۆزلەيدۇ. شۇ تارىختىن بېرى كەبىگە يوپۇق يېپىش ئىشى داۋام قىلىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 5 ـ بوۋىسى قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كەبىگە ھەر يىلى بىر قېتىم يوپۇق يېپىش مۇراسىمى يولغا قويۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن كەبىگە يەمەندە توقۇلغان يوپۇق يېپىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەرنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كەبىگە ياپىدىغان يوپۇقنى مىسىردا توقۇتۇپ كېلىشكە باشلىغان. مىسىر شۇ زاماندىن تاكى 1962- يىلىغىچە ھەر يىلى كەبىگە يوپۇق يېپىش شەرىپىگە نائىل بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1962- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا «كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش فابرىكىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەبىگە يوپۇق يېپىش شەرىپى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. كەبىنىڭ يوپۇقى يىلدا بىر قېتىم يەڭگۈشلىنىدۇ. كەبىنىڭ ئالماشتۇرۇلغان كونا يوپۇقى پارچە- پارچە قىلىنىپ مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك كاتتا شەخسلەرگە ھەدىيە قىلىنىدۇ. ھەر يىلى ھىجرىيە زۇلھەججە (12- ئاي)نىڭ 1- كۈنى كەبىگە يوپۇق يېپىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ. مۇراسىمغا مەككە مۇكەررەمە رايونىنىڭ ئەمىرى مۇتلەق ئىشتىراك قىلىدۇ.

## كەبىنىڭ يوپۇغىنىڭ خىراجىتى

كەبىنىڭ يوپۇقى ئەزەلدىن مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ خىراجىتى بىلەن ئەمەس بەلكى كەبە ئۈچۈن ئاتالغان مەخسۇس ۋەقپىتىن خىراجەت قىلىناتتى. ئۆز ۋاقتىدا پادىشاھ ئىسمائىل قەلاۋۇن مىسىردىن ئۈچ يېزىنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ پۇلىنى كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش ئىشىغا ۋەقپ قىلغان. كېيىنچە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سەلىم يەنە يەتتە يېزىنى سېتىۋېلىپ ئۇنىمۇ كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش ئىشىغا ۋەقپ قىلغان ئىكەن. كېيىن مۇھەممەد ئەلى پاشا مىسىردا ھاكىمىيەت يۈزگۈزگەندە، مىسىر ھۆكۈمىتى تەركىبىدە كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش مۇئەسسەسەسى قۇرغان. شۇندىن بېرى كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش ۋە ئەۋەتىش ئىشلىرى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن.

## كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش فابرىكىسى

1962 ـ يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە «كەبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇس فابرىكىسى» قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇنجى قېتىم توقۇپ چىقىلغان يوپۇق كۆتۈلگەندىنمۇ ئالاھىدە ئېسىل ۋە كۆركەملىك بولۇپ چىققان. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ قارغىلىق ناھىيىسىدىن كەلگەن ئابدۇرېھىم ئەمىن دېگەن كىشى كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش فابرىكىسىدا خەتتات بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىنچە شۇ فابرىكىنىڭ باشلىقى بولغان ۋە كەبىنىڭ ئالتۇن ئىشىدىكى خۇشخەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن يازغان. فابرىكىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 240 كىشى بولۇپ، كەبىنىڭ يوپۇغىنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئىشچىلارنىڭ مائاشى ۋە كېرەكلىك خام ئەشيا چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا يىلىغا 17 مىليون رىيال(4.5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) سەرپ قىلىنىدۇ.

## كەبىنىڭ يوپۇغىنىڭ رەڭگى ۋەشەكلى

كەبىگە يوپۇق يېپىش پائالىيىتى باشلانغان ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىختىن بېرى ھەر يىلى كەبىگە يېپىلىپ كەلگەن يوپۇقلار يوپۇقلارنى تەييارلىغۇچىلارنىڭ خاھىشى بويىچە ھەرخىل شەكىلدە ۋە ھەرخىل رەڭدە ۋە ھەرخىل ماتېرىيالدا توقۇلۇپ كەلگەن. پەقەت ئابباسىيلار خەلىپىسى ناسىرنىڭ زامانىغا كەلگەندە كەبىگە يېپىلىدىغان يوپۇقنىڭ قارا رەڭلىك يىپەكتىن توقۇلۇشى قانۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇندىن بېرى تا ھازىرغىچە كەبىنىڭ يوپۇقى قارا رەڭلىك يىپەكتىن توقۇلۇپ كەلمەكتە.

## كەبىنىڭ هازىرقى يوپۇقى

مەسجىدى ھەرەمگە كىرگەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئەڭ ئالدى بىلەن ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتىرىپ تۇرغان كەبە چېقىلىدۇ. كەبىگە قارا رەڭلىك يىپەك يوپۇق يېپىلغان. يوپۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا 47 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 14 مېتىر كەڭلىكتە، 95 سانتىمېتىر كەڭلىكتە، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن 120 كىلوگرام كۈمۈش يىپ بىلەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى كەشتىلەنگەن.

## مەقامۇ ئىبراھىم

مەقامۇ ئىبراھىم — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلغان ۋاقتىدا دەسسەپ تۇرغان ئاق، قارا ۋە سېرىق ئۈچ خىل رەڭگە مايىل بولغان تۆت چاسىلىق يۇمشاق سۇ تېشى بولۇپ، ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن يېرىم مېتىر كېلىدۇ. ئورنى كەبىنىڭ شەرق شىمال تەرىپىگە جايلاشقان.

مەقامۇ ئىبراھىم دېيىلگەن بۇ تاشتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىمىنىڭ ئىزى چۈشۈرۈلگەن مۆجىزە باردۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىككى پۇتى دەسسەپ تۇرغان تاشنى يۇمشىتىپ بەرگەن. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تاشنىڭ ئىچىگە پېتىپ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى پۇتىنىڭ ئىزى ھەتتا بارماقلىرى بىلەن ناھايىتى ئوچۇق ھالدا تاشقا چۈشۈپ قالغان ۋە ھازىرغىچە شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ﴿ماقامۇ ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار﴾[1] دەپ ئەمر قىلىش ئارقىلىق ھەرەمگە كەلگۈچىلەرنى ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرىغان. شۇڭا كەبىنى تاۋاپ قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىككى رەكئەت تاۋاپ نامىزى ئوقۇشى مۇستەھەب (تەكىتلەنگەن سۈننەت)تۇر.

## مەقامۇ ئىبراھىمدىكى گۈمبەزنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى

مەقامۇ ئىبراھىم مىستىن ياسالغان تۆت چاسىلىق چوڭ بىر رېشاتكىنىڭ ئىچىدە ئىدى، ئۈستىدە تۆت تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان چوڭ گۈمبەز بار ئىدى. بۇ ئورۇن كەبىنىڭ يېنىدىن كۆپ يەرنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، ھاجىلار سانىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ بېرىشى بىلەن كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئىشلىرىدا تارچىلىق كۆرۈلۈشكە

(1) بەقەرە سۈرىسى 125ـ ئايەت

باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەقامۇ ئىبراھىمنى باشقا جايغا يۆتكىۋېتىپ كەبىنىڭ ئەتراپىنى ئازادىلاشتۇرۇش پىكرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ پىكىر دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ئۆلىمالار بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىدۇ. بەزىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلىدۇ. بەزىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ.

مەككە مۇكەررەمە شەھرىدىكى ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى ھىجرىيە 1384 يىلى 25 ـ زۇلھەججە (مىلادىيە 1965 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېل ) كۈنى مەقامۇ ئىبراھىمنى يۆتكىمەستىن ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىكى رېشاتكا، گۈمبەز ۋە باشقا ئارتۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، مەقامۇ ئىبراھىمنى نەپىس ئەينەكتىن ياسالغان چاققان شېشىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قويۇش ھەققىدە مەخسۇس قارار چىقىرىدۇ. ھىجرىيە 1387 ـ يىلى رەجەب (1967 ـ يىلى ئۆكتەبىر) ئېيىدا بۇ قارار ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھىجرىيە 1418 ـ يىلى (مىلادىيە 1997 ـ يىلى) غا كەلگەندە، مەقامۇ ئىبراھىم ھازىرقى شەكلىدە ئالتۇن يالىتىلغان مىس رېشاتكىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ، ئەتراپىغا خرۇستال ۋە ئىسسىققا ھەم چېقىلىشقا قارشى كۈچلۈك نەپىس ئەينەك بىلەن قورشىۋېتىلىدۇ.

## زەمزەم سۈيى

زەمزەم سۈيى — ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پۇتى ئاستىدىن چىقىرىپ بەرگەن مۇبارەك سۇدۇر.

مىلادىيىدىن تەخمىنەن 2000 يىللار ئىلگىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى شۇ ۋاقىتتىكى سۇسىز، گۈل ـ گىياھسىز، قاقاسلىق چۆل مەككىگە ئېلىپ كېلىپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. ھاجەر سۇ ئىزدەپ سافا بىلەن مەرۋە ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرگەن بولسىمۇ سۇ تاپالمايدۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن قىينالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىككى تاپىنىنىڭ ئاستىدىن بۇلاق چىقىدۇ. ئانىسى ھاجەر سۇنى كۆرۈپ قاتتىق خوشال بولىدۇ ۋە سۇنى بېكار ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ «زەمزەم» (توختا)دەيدۇ. شۇندىن بىرى بۇ سۇ «زەمزەم سۈيى»دەپ تونۇلىدۇ.

## زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قايتىدىن ئېچىلىشى ۋە ئورنى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب چۈشىدە بىر كىشىنىڭ ئۇنى زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئورنىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە ئۇجاينى ئېچىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتتەلىب زەمزەم

قۇدۇقنىڭ ئورنىنى كولاشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا زەمزەم سۈيىنى چىقىرىدۇ. شۇندىن بېرى زەمزەم سۈيى چىقىشقا داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

## زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئورنى

زەمزەم قۇدۇقى مەسجىدى ھەرەمنىڭ سەيناسىدىكى مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ جەنۇپ تەرىپى ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان. كەبىدىن 21 مېتىر ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەدتىن 18 مېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، چوڭقۇرلىقى 43 مېتىر كېلىدۇ. قۇدۇقنىڭ تېگىدە ئۈچ دانە بۇلاق بار. بۇلارنىڭ بىرى ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا، يەنە بىرى سافا تېغىنىڭ يېنىدا، ئۈچىنچىسى مەرۋەنىڭ يېنىدىدۇر.

بۇرۇن زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئىككى كۆلچىكى بار بولۇپ، بىرى زەمزەم قۇدۇقى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. كىشىلەر بۇ جايدىن زەمزەم ئىچەتتى. يەنە بىرى سافا تەرەپكە ئېقتىۋېتىلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تاھارەت ئالاتتى. كېيىنچە، كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارغا قىستىلاڭغۇ بولۇپ قالغانلىق سەۋەبتىن، زەمزەم كۆلچەكلىرى تاقىۋېتىلىپ، كەبىنىڭ ئەتراپىدىكى مەيدانىنىڭ ئاستىغا كىشىلەر پەلەمپەي بىلەن كىرىپ ئىچىدىغان قىلىپ كرانلار(جۈمەكلەر) بېكىتىلىدۇ. 2003 - مىلادىيە يىلىغا كەلگەندە ھەرەمنىڭ سەيناسىنى ئازادىلەشتۈرۈش مەقسىتى بىلەن زەمزەم قۇدۇقىغا چۈشىدىغان ئېغىز تاقىۋېتىلىپ، زەمزەم سۈيى سەينانىڭ يان تەرىپىدىن تۇرۇبىلار ئارقىلىق چىقىرىپ قويۇلدى.

## زەمزەم سۈيىنىڭ خاسىيتى

20- ئەسىرنىڭ بىيولوگىيە ئالىملىرى زەمزەم سۈيىنىڭ تا قىيامەتكىچە سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان مۆجىزىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيادا ھېچقانداق بىر سۇنىڭ پاكلىقتا ۋە سۈزۈكلۈكتە زەمزەم سۈيى ئېرىشكەن خۇسۇسىيەتلەرگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلىمەكتە. قىسقىسى، زەمزەم سۈيى مىڭلارچە يىللاردىن بىرى مىقدارى ئازىيىپ كەتمەستىن ياكى ئېتىلىپ چىقىپ پالاكەت تۇغدۇرماستىن بىر خىل چىقىپ كەلمەكتە.

## زەمزەم سۈيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئادەتتىكى سۇلارنى ئۇنىڭغا ساقلىغۇچى ماددىلارنى ئارىلاشتۇرماستىن ئۇزۇن مۇددەتلىك ساقلىغاندا ئۇنىڭ تەمى بۇزۇلىدۇ. ئەمما زەمزەم سۈيى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بىرخىل تەمى بىلەن داۋام قىلىدۇ. زەمزەم سۈيىنىڭ تەمى دۇنياۋى بىر تەم بولۇپ، بىرەر قېتىم زەمزەم سۈيى ئىچكەن ئادەم ئۇنىڭ تەمىنى بىلىۋالىدۇ- دە، قايتا

ئىچكىنى ھامان ئۇنى پەرق ئېتەلەيدۇ. زەمزەم سۈيىنى دۆلەتلەر ئارا يۆتكەش ۋە ئۇزۇن مۇددەت ساقلاش بىلەنمۇ ئۇنىڭ تەمى قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ دىگەنلىرىمىز نەزەرىيە ياكى قەدىمقى كىتابلارنىڭ خەۋىرى ئەمەس، بەلكى تەجرىبە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ يەكۈنىدۇر. زەمزەم سۈيى ئۇزاق ئۆتمۈشلەردىن بىرى بۇ قاقاسلىق چۆل رايونغا كەلگۈچىلەرنى ئۇسسۇزلۇقتا قاندۇرۇپ ۋە ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئۇزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. زەمزەم سۈيىنىڭ بەزى كېسەللىكلەرگە شىپا بولغانلىقى توغرۇلۇق يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلارمۇ ئاز ئەمەس. ھازىرغىچە زەمزەم سۈيى زىيان قىلغان بىرەر جانلىق كۆرۈلمىگەن.

## زەمزەم سۈيىنىڭ مۆجىزىسى

21- ئەسىرنىڭ بىئولوگىيە ئالىملىرى زەمزەم سۈيىنىڭ تا قىيامەتكىچە سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان مۆجىزىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيادا ھېچقانداق بىر سۇنىڭ پاكلىقتا ۋە سۈزۈكلۈكتە زەمزەم سۈيى ئېرىشكەن خۇسۇسىيەتلەرگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلىمەكتە. قىسقىسى، زەمزەم سۈيى مىڭلارچە يىللاردىن بىرى مىقدارى ئازىيىپ كەتمەستىن ياكى ئېتىلىپ چىقىپ پالاكەت تۇغدۇرماستىن بىر خىل چىقىپ كەلمەكتە.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى فەيسەلنىڭ زامانىدا 1971- يىلى تىببىي مۇتەخەسسىسلەردىن بىرى ياۋروپا نەشرىيات مەركىزىگە»زەمزەم سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدۇ. چۈنكى كەبىنىڭ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن ئورنىغا جايلاشقان ھەمدە مەككە شەھىرىنىڭ تۇربا سۇلىرىنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە توپلىنىدۇ ۋە زەمزەم سۈيىگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ»دېگەن مەزمۇندا بىر چارچە دوكلات يوللايدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ فەيسەل سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ زىرائەت ۋە سۇ ئىنشائات مىنىستىرلىكىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، زەمزەم سۈيىدىن ياۋروپا تەجرىبىخانىسىدا ئەۋەتىشنى بۇيرۇيدۇ. مۇتەخەسسىسلەر مەككىگە يېتىپ كېلىپ زەمزەم قۇدۇقىنىڭ تېگىدىكى بۇلاقلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. لېكىن ئۇلار زەمزەم قۇدۇقىنىڭ مەنبەئىنى تاپالمايدۇ. ئاخىرىدا، قۇدۇق سۈيىنى موتورنىڭ ياردىمى بىلەن سىرتقا شوراپ چىقارغاندىن كېيىن، قۇدۇق سۈيىنىڭ يان تەرەپلىرىدىن ئەمەس، بەلكى قۇدۇقنىڭ تېگىدىكى قۇملار ئاستىدىكى بۇلاقلاردىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنداقلا زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئەتراپى پەقەتلا قۇرۇق، قاقاسلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇلار زەمزەم سۈيىدىن نەمۇنە ئېلىپ ياۋروپا تەجرىبىخانىسىدا ئەۋەتىدۇ.

## تەتقىقاتچىلارنى ھەيران قالدۇرغان مۆجىزە

مۇتەخەسسىسلەر زەمزەم سۈيىنى ياۋروپا تەجرىبىخانىسىدا تەكشۈرگەندىن كېيىن، زەمزەم سۈيىنىڭ باشقا ئادەتتىكى سۇلار بىلەن بولغان پەرقى ئېنىقلاندى. ياۋروپا تەجرىبىخانىسى «زەمزەم سۈيى ئىچىشكە تامامەن بولىدىغان سۇ ئىكەن. زەمزەم سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدۇ، دەيدىغان دەۋا ئىلمىي ئاساسى بولمىغان قۇرۇق سەپسەتىدۇر» دېگەن نەتىجىنى ئېلان قىلدى. زەمزەم سۈيىدە كالسىيوم بىلەن مگنىسيوم ماددىلىرى ئادەتتىكى سۇلارنىڭكىدىن ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ چىققان. ھاۋانىڭ ئوتتەك ئىسسىق كۈنلىرىدە كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ زەمزەم سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن باشقىچە روھلىنىپ ۋە جانلىنىپ قالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بۇنىڭدىن بايقالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە زەمزەم سۈيىدە مىكروبلارغا قارشى ناھايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە فلورىدا ماددىسى بار ئىكەن. شۇڭا ھەر يىلى مەككىگە كېلىپ توپلىشىدىغان تەخمىنەن 3 مىليون ھاجىنىڭ ھەر خىل يوقۇملىنىشلاردىن ساقلىنىپ قېلىشى ۋە بەزى كېسەللەرنىڭ بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن شىپا تېپىپ قېلىشىنىڭ سىرى زەمزەم سۈيى ئىكەن.

## زەمزەم سۈيى ئىچىشنىڭ پايدىسى

ھەج قىلغۇچى، ئۆمرە قىلغۇچى ۋە شۇنداقلا ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ زەمزەم سۈيىدىن ئىچىشى مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەمزەم سۈيىدىن ئىچكەنلىكى توغرۇلۇق سەھىھ ھەدىسلەر كۆپ. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەمزەم سۈيىنى تەرىپلەپ: «ئۇ مۇبارەك سۇدۇر، ئۇ ئاچلىققا تائام، كېسەلگە شىپادۇر»[1] دېگەن. يەنە ئۇ: «زەمزەم سۈيىنى نېمە مەقسەت بىلەن ئىچسە شۇنىڭغا پايدا قىلىدۇ»[2] دېگەن.

19- يۈز يىلنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى ئىبنى قەييىم جەۋزىيە مۇنداق دېگەن:«مەن ۋە باشقىلار زەمزەم سۈيىنىڭ كېسەللەرگە قانداق شىپا بولىدىغانلىقىنى تەجرىبە قىلىپ كۆردۇق. مەن زەمزەم سۈيى ئىچىش بىلەن كۆپلىگەن كېسەللىكلەردىن شىپا تاپتىم. ئەتراپىمدا بەزى كىشىلەرنىڭ يېرىم ئاي، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىت ھېچ نەرسە يېمەستىن پەقەت زەمزەم سۈيى ئىچىش بىلەنلا ھېچقانداق ئاچلىق ھېس قىلماستىن

---

(1) مۇسلىم ۋە بەززاز رىۋايىتى

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

هايـــات كەچـــۈرگەنلىكىنى ۋە شـــۇنداق تۇرۇپمـــۇ باشـــقىلارغا ئوخـــشاشلا تـــاۋاپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم»[1]

## قىبلە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

قـــىبلە — مۇسـۇلمانلار نامـاز ئوقۇغانـدا، دۇئـا قىلغانـدا يۈزلىنىـدىغان تەرەپ. ئـۇ بولسىمۇ كەبىـدۇر. دۇنيانىـڭ ھەر قايـسى جايلىرىـدىكى مۇسـۇلمان خەلـق نامـاز، دۇئـا ۋە قـــىبلىگە قـاراپ تـۇرۇپ بىجىرىلـىدىغان بـارلىق ئىبـادەتلىرىنى شـۇ قـــىبلە تەرەپـكە يۈزلىنىــپ تـۇرۇپ ئـادا قىلىـدۇ. مۇنـدىن باشـقا مۇسـۇلمان ئۆلـۈكلەرنى يەرلەشـتىمۇ ئۆلارنىڭ يۈزلىرى قىبلىگە قارىتىپ قويىلىدۇ.

كەبىنـى كـۆرۈپ تۇرىـدىغان ۋە ئۇنىـڭ ئەتراپىـدا تۇرغـان كىـشىلەرنىڭ يـۈزىنى ۋە كۆكـسىنى كەبىـگە قارىتىـپ تۇرىـشى، كەبىنىـڭ ئـۆزىنى كۆرەلمەيـدىغان ۋە يىراقلاردىكـى كىــشىلەرنىڭ كەبىنىــڭ تەرىــپىگە يۈزلىنىــپ تۇرىــشى نامازنىــڭ دۇرۇس بولىــشىنىڭ شـەرتلىرىدىن بىرىـدۇر. ئـاللاھ تائـالا نامـاز ئوقۇغانـدا، قىـبلىگە يـۈز كەلتۈرۈشـنىڭ شـەرت ئىكەنلىكـى ھەققــدە مۇنـداق دەيـدۇ: ( ئـى مـۆمىنلەر!) قەيەردە بولمـاڭلار (نامــازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار»[2]

پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام مەككىــدىن مەدىــنىگە ھىجــرەت قىلىــپ كەلگەنــدىن كېيىنمـۇ ـ مەككىـدىكى ئـادىتى بـويىچە ـ ئـون يەتـتە ئـاي پەلەسـتىندىكى مەسـجىد ئەقـساغا غـا قـاراپ نامـاز ئوقۇغـان ئـىدى. يەھـۇدىيلار مـۇھەممەد ئەلەيهىسـسالامنى «ئـۇ بىــزگە ئەگىــشىدۇ. چـۈنكى ئـۇ بىزنىـڭ قىبلىمىـزگە(ئىرۇسـالىمغا) قـاراپ نامـاز ئوقۇيـدۇ» دەپ ئەيىبلەشـكە باشـلىغاندا، پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالام ناھـايىتى پەرىـشان بـولاتتى ۋە كېچىلىرى سىرتقا چىقىـپ ئۈزۈلۈقـا قـاراپ، قىـبلە ھەققىـدە ئـاللاھ تائـالادىن بىـرەر ۋەھيـى كۈتەتتى.

ھىجرىيىنىـــڭ ئىككىنچـــى يىلـــى (مىلادىـــيە 623 م) نـــىڭ بىـــر كـــۈنى پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســـسالام ســـاھابىلىرى بىـــلەن مەدىنىـــدىكى كېيىـــنچە «مەســـجىدى قـــىبلەتەين» (ئىككـى قىبلىلىـق مەسـجىد) دەپ تونۇلغـان بەنـى سـەلىمە مەسـجىدىدە پېشىن نامـازدىن ئىككـى رەكـئەت ئوقۇلـۇپ بولغـان ۋاقىتتـا، پەرىـشتە جىبرىئـىل ئەلەيهىسـسالام ئـاللاھ تائالانىـڭ ئەمـرى بىـلەن مـۇھەممەد ئەلەيهىسـسالامنىڭ يېنىغـا كېلىـپ ئۇنىڭغـا ئـاللاھ تائالانىــڭ: ﴿بىــز ســېنىڭ (كەبە قـــىبلەڭ بولۇشــنى تىــلەپ) قايتــا ـ قايتــا ئاســمانغا

(1) ئىبنى قەييىمنىڭ «پەيغەمبەرلىك تىبابىتى»ناملىق ئەسرى 244ـ بەت
(2) بەقەرە سۈرىسى 144ـ ئايەت.

قارىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز.(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن﴾[1] دېگەن ۋەھيىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نامازدا تۇرغان پېتى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە بۇراپ قويىدۇ. شۇندىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ناماز ۋە دۇئالىرىدا مەسجىدى ھەرەمدىكى قىبلىگە (كەبىگە) قارايدىغان بولىدۇ.

## نامازدا قىبلىگە يۈزلىنىشنىڭ سىرى

نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ سىرلىرىدىن:

(1) ناماز ئوقۇغان كىشى يۈزىنى كەبە تەرەپكە قارىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى كەبە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى يۈز بىلەن بەدەن مۇئەييەن بىر تەرەپكە يۈزلەنمەستىن، ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، ئىنساننىڭ بارچە ئورگانلىرى خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشى، جۈملىدىن كۆز ھەر تەرەپكە قارىشى بىلەن قەلبمۇ شۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، نامازنىڭ دۇرۇس يوسۇندا ئادا قىلىنىشىغا ئەلۋەتتە سەلبىي تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا قىبلىگە يۈزلىنىش پەرز قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

(2) نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش بىلەن ئىنساننىڭ قەلبى ئارام تاپىدۇ ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى يەر شارىدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار نامازدا شۇ كەبە تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. بۇ ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىنى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ۋە بۇ ئىبادەتتە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئورتاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

(3) قىبلىگە قاراش ئارقىلىق قەلبنى، ئەقلنى ۋە پۈتۈن ئەزالارنى ئاللاھقا قۇلچىلىق ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەقسەتكە قارىتىش بىلەن ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىخلاسنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

(4) قىبلىگە يۈزلىنىش مۇسۇلمانلارنى گەرچە ئۇلار مۇساپە جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن يىراقتا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مەقسەتتە بىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 144 ـ ئايەت

## ھەجەرۇل ئەسۋەد

ھەجەرۇل ئەسۋەد — كەبىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىدىكى بۇرجىكىگە ئورنىتىلغان، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1.5 (بىر يېرىم) مېتىر كېلىدىغان، كۆمۈش رامكا ئىچىگە ئېلىنغان تۇخۇم شەكىللىك، رەڭگى قىزىلغا مايىل، دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان قارا تاشتۇر.

ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئۇلىنى تۇرغۇزغان ۋاقتىدا، كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ تاۋاپنى باشلاپ ئاخىرلاشتۇرۇشى ئۈچۈن بىر نىشانە ئورنىدا، ھازىرقى ئورنىغا بېكىتكەن. شۇندىن بىرى بۇ تاش كەبىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ كەلمەكتە.

كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشى مۇستەھەب (يەنى تەكىتسىز) سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلغىنىدا ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيەتتى. بۇ ئادەم كۆپ بولمىغان ۋە قىستىلاڭغۇ بولمىغان ۋاقىتلاردا شۇنداق. بىر ھەدىستە:» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئۇزۇن ـ ئۇزۇنغىچە يىغلاپ كەتتى»[1] دەپ كەلگەن.

ئەمما ھەج ۋە رامىزان ئايلىرىغا ئوخشاش ھەرەمدە ئادەم كۆپ، قىستىلاڭغۇ بولغان ۋاقىتلاردا ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىغا بارماستىن، يىراقتىن قول ئىشارىتى قىلىپ سالام بېرىش يېتەرلىكتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلغان ۋاقتىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەي ئۆمەر! سەن كۈچلۈك ئادەمسەن، سەن بۇ جىسمىڭ بىلەن ئاجىزلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىسەن. ھەجەرۇل ئەسۋەدتە قىستىلاڭغۇ پەيدا قىلما. ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا بوشلۇق تاپالىساڭ سۆيگىن، بولمىسا تەكبىر ئېيتىپ كېتىۋەرگىن»[2]

## ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ئۈنىڭغا چوقۇنغانلىق ئەمەس

كەبىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ بۇ تاشنى سۆيۈشى پەقەت ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى كەبىگە ياكى ھەجەرۇل ئەسۋەدكە چوقۇنۇشنى بۇيرىغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىغان. كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿قەدىمى ئۆي كەبىنى تاۋاپ قىلسۇن﴾ ۋە ﴿بۇ كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇن﴾ دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن قىلىنىغاندەك،

(1) ھاكىم رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس

(2) ئىمام شافىئىي رىۋايىتى

ھەجەرۇل ئەسـۋەدنى سۆيۈشـمۇ پەيغەمـبەر ئەلەيھسـسالامغا ئەگەشـكەنلىك ۋە ئۇنـىڭ سۈننىتىنى جـارى قىلـدۇرغانلىق يۈزىـسىدىن قىلىنىـدۇ. بـۇ ئورۇنـدا ئىككىنچـى خەلىـپە ئـۆمەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ مۇنـۇ مەشـھۇر سـۆزى يېتەرلىـك. ئـۇ كەبىـدىكى قـارا تاشنى تۇتـۇپ تـۇرۇپ مۇنـداق دېـگەن:«مەن ئەلـۋەتتە بىلىمەنكـى، سـەن كـىشگە پايـدا ـ زىيـان يەتكۈزەلمەيـدىغان بىـر تاشـسەن. پەيغەمـبەر ئەلەيھسـسالامنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام ئىدى، سېنى سۆيمىگەن بولاتتىم»[1].

## ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر

مـۇھەممەد ئەلەيھسـسالام پەيغەمـبەر بولۇشـتىن 5 يىـل ئىلگـىرى مەككىـدىكى قـۇرەيش قەبىلىـسى كەبىنـى قايتـا رېمونـت قىلغـان ۋاقتىـدا، قەبىلىـلەر ھەجەرۇل ئەسـۋەدنى كەبىنىـڭ شـەرقى جەنـۇب تەرىپىـدىكى ئورنىغا كۆتـۈرۈپ ئاپىرىـدۇ. ئانـدىن مـۇھەممەد ئەلەيھسـسالام مۇبـارەك قـوللىرى بىـلەن ئـۇنى كۆتـۈرۈپ ھـازىرقى ئورنىغـا قويغان.

317ـ ھىجـرىيە(930م) يىلـى قەرامىـتە كۈپپـارلىرى ھەرەمـگە ھۇجـۇم قىلىـپ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ھـازىرقى سـەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئەل ئەھـسا شـەھىرىگە ئېلىـپ كېتىپ، 339ـ ھىجرىيە يىلى كەبىدىكى ئۆز ئورنىغا ئەكىلىپ قويغانلىقى ئىدى.

## ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ كۈمۈش بىلەن قاپلىنىشى

ھەجەرۇل ئەسـۋەدنى تـۇنجى بولـۇپ كۈمـۈش بىـلەن قاپلاتقـان كىـشى مىلادىيەنىـڭ 680 ـيىللىرىدىكى مەككە ھۆكۈمدارى ئابدۇللا ئىبنـى زۇبەيـر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بولـۇپ، شـۇنىڭدىن كېيىن خەلىـپىلەر ۋە بـايلار ئـۇنى ئـالتۇن ۋە كۈمۈشـتىن قاپلايـدىغان بولغـان. سـەئۇدى ئەرەبىـستانى ھۆكۈمىتىـدىن ئىلگـىرى ئەڭ ئـاخىرقى قېتىم 1331ـ ھىجـرىيە( 1903م) يىلـى ھەجەرۇل ئەسـۋەدنى خـالىس كۈمـۈش بىلەنـلا قاپلاتقـان كىـشى سـۇلتان مـۇھەممەد رىـشاد خـان ئىـدى. 1366ـ ھىجـرىيە(1946م) يىلـى ھـازىرقى سـەئۇدى ئەرەبىـستانىنىڭ قۇرغۇچىـسى پادىـشاھ ئابـدۇلئەزىز ھەجەرۇل ئەسـۋەدنى رېمونـت قىلـدۇرغان. ئانـدىن 1375ـ ھىجـرىيە(1955م) يىلـى پادىـشاھ سـۇئۇد ئـۇنى يېڭـى كۈمۈشتىن قايتا قاپلاپ چىققان.

---

(1)

## رۇكنى يەمانى

رۇكنى يەمانى — كەبىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى ھەجەرۇل ئەسۋەدكە قاراپ تۇرىدىغان بۇلۇڭى بولۇپ، يەمەن دۆلىتى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە بولغانلىقتىن ئەرەبلەر جەنۇپ تەرەپكە قاراپ تۇرغان ھەرقانداق نەرسىنى يەمەن (ياكى يەمان) دەپ ئاتايتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ بۇلۇڭ رۇكنى يەمانى(جەنۇپ تەرەپتىكى بۇلۇڭ) دەپ ئاتالغان. ھەجەرۇل ئەسۋەد بىلەن رۇكنى يەمانى ئىككىسىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئۇلىنى قۇپۇرغاندا بىرگە قوپۇرغان بولۇپ، قالغان شىمال ۋە غەرب تەرەپتىكى ئىككى بۇلۇڭ كېيىن تۇرغۇزۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم كەبىنى تاراپ قىلغىنىدا رۇكنى يەمانىنى مۇبارەك قوللىرى بىلەن سىلايتتى. شۇندىن بىرى ئۇنى سىلاش سۈننەت بولۇپ داۋام قىلغان. رۇكنى يەمانىنى سۆيۈش يوق، پەقەت قول بىلەن سىلىنىدۇ. قول بىلەن تۇتۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا قول ئىشارىتى قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلمىغان.

# مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى ھەققىدە مەلۇمات

## مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە ـ مۇقەددەس شەھىرى ئىككى ھەرەمنىڭ بىرى جايلاشقان، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ بېرىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تولۇق ئون يىل ياشىغان ۋە مۇبارەك قەبرە شەرىپى ئورۇن ئالغان جاي.

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ نامى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى «يەسرىب» دەپ ئاتىلاتتى. رىۋايەتلەرگە كۆرە، «يەسرىب» مەشھۇر تۇپان ۋەقەسىدىن كېيىن مەدىنىدە دەسلەپ يەرلەشكەن بىر ئەر كىشىنىڭ نامى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئىكەن. شەھەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدىن كېيىن «مەدىنە مۇنەۋۋەرە» ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇلغان نۇرلۇق شەھەر) دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر ئىسلام قۇدرەت تاپقان ۋە ئىسلام ئەھكاملىرى جاكارلانغان شەھەر. تۇنجى ئىسلام دۆلىتىمۇ بۇ شەھەردە دۇنياغا كەلگەن.

## مەسجىد نەبەۋى

مەسجىد نەبەۋى ـ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغىنىدا بىنا قىلغان تۇنجى مەسجىد، ئىككى ھەرەمنىڭ بىرى ۋە ئىبادەت ئۈچۈن يىرىقلاردىن سەپەر قىلىشقا بولىدىغان ئۈچ چوڭ مەسجىدنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ مەسجىدكىلا ئىبادەت ئۈچۈن سەپەر قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، مەسجىدى ھەرەم، يەنە بىرى، مېنىڭ بۇ مەسجىدىم، ئۈچىنچىسى مەسجىدى ئەقسادۇر»[1] مەدىنە مۇنەررە شەھىرىدىكى بۇ مەسجىد تارىختىن بىرى«مەسجىد نەبەۋى ـ پەيغەمبەر مەسجىدى»دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە بارغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى مەسجىد سېلىش بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان كۈنى ئۇنىڭ تۆگىسى شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى بىر ئورۇنغا بېرىپ تىز چۆكىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇننى ئېگىسىدىن سېتىپ ئېلىپ مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلار ۋە مەدىنىلىك ئەنسارلار ھەممە بىر قول بولۇپ بۇ

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئورۇنغا مەسجىد سېلىشقا كىرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ باشقىلار قاتارىدا مەسجىدنى سېلىش ئىشلىرىدا قاتتىق ئىشلەيدۇ. مەسجىد بىر قانچە ئاي ئىچىدە پۈتۈپ چىقىدۇ. مەسجىدنىڭ قىبلىسى پەلەستىندىكى مەسجىد ئەقساغا قارايتتى. مەسجىدنىڭ ئۈستى خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىلەن يېپىلغان. تۈۋرۈكلىرى خورما ياغاچلىرىدىن، تېگى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان. تاملىرى خام قىشلار بىلەن تۇرغۇزۇلغان. شۇ ۋاقىتتىكى مەسجىد نەبەۋىنىڭ كەڭلىكى 30 مېتىر، ئۇزۇنلىقى 35 مېتىر بولۇپ چىققان. ئۈچ تەرەپتىن دەرۋازىسى بار ئىدى. مەسجىد نەبەۋى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ ھەمىشە كېڭەيتىلىپ كەلدى، ئاۋۋالقى 4 خەلىپە، ئەمەۋىيلەر، ئابباسىيلار، ئوسمانىيلار ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كېڭەيتىلدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىد نەبەۋىدىكى مۇنبىرىنىڭ ئىسلام دىنىدا مۇقەددەس ئورنى بار. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«كىمكى مۇشۇ مۇنبەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يالغان ئىشقا قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ ئورنىنى دوزاختا كۆرسە بولىدۇ»[1] دېگەن.

## رەۋزە شەرىپ

مەسجىد نەبەۋىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىسىدا «رەۋزە شەرىپ» دېگەن جاي بار. بۇ جاينىڭ ئۇلۇغلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىم ئوتتۇرىسىدا جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن بىر باغچە باردۇر»[2] بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «باغچە» رەۋزە شەرىفتۇر.

## سۇففە

قىبلە كەبىگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدنىڭ ئاخىرىدىكى شىمال تەرىپىنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇندىن بېرى بۇ جاي ساھابىلاردىن ئۆي - ماكانى يوق، ئائىلىسىمۇ يوق، بەلكى ھېچنەرسىسى يوق پېقىرلارنىڭ يېتىپ قوپىدىغان ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ئورنى بولۇپ قالغان. بۇ جايدا تۇرغۇچىلار«ئەھلى سۇففە» دەپ ئاتىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قول

(1) ئىمام مالىك ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئىلكىدە بار ساھابىلار ئەھلى سۇففەنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدايتتى. بۇ جاي ھازىرمۇ ھەمىشە قىستىلاڭغۇ بولىدۇ، ھەركىم بۇ جايدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تالىشىدۇ، ھېچ ۋاقىتتا بىكار قالمايدۇ.

## ھۇجرە شەرىپ

ھۇجرە شەرىپ ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغىنىدا بۇ ئۆيگە دەپنە قىلىنغان. 13ـ ھىجرىيە (634م) يىلىغا كەلگەن بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغىنىدا، ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مۇشۇ ئۆيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ھىجرىيەنىڭ 24ـ يىلى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ، ئىلگىرى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىغىنىغا ئاساسەن، ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. خەلىپە ئۆمەر دەپنە قىلىنغان بۇ جاينى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزى ئۈچۈن ساقلىغان بولۇپ، خەلىپە ئۆمەر ئۇنى سورىغانلىقتىن ئۇنىڭغا بىرىۋەتكەن ئىكەن.

## ھازىرقى مەسجىد نەبەۋى

ئەڭ ئاخىرقى كېڭەيتىش پادىشاھ فەھىدنىڭ زامانىدا باشلانغان بولۇپ، مىلادىيە 1985ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان. بۇ قېتىمقى كېڭەيتىشتە 16500 كۋادرات مېتىر قوشۇلۇپ، مەسجىد نەبەۋىنىڭ ئومۇمى يەر مەيدانى 165مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتكەن. مەسجىد نەبەۋىنىڭ ئۆگزىسىنىمۇ ناماز ئوقۇيدىغان مەيدانغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن بۇ جايدا 90 مىڭ ئادەم ئازادە ناماز ئوقۇيالايدىغان بولغان.

بۇرۇن مەسجىد نەبەۋىنىڭ ھەر بىرى 72 مېتىر ئېگىزلىكتە 4 مۇنارىسى بار ئىدى. ئۇنىڭغا يەنە ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 104 مېتىردىن كېلىدىغان6 مۇنارە قوشۇلۇپ، جەمى 10 مۇنارە بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

شۇ كۈنگە كەلگىچىلىك مەسجىد نەبەۋىنىڭ 16 دەرۋازىسى بار ئىدى. پادىشاھ فەھىدنىڭ نۆۋەتتىكى كېڭەيتىشىدە 65 دەرۋازا يېڭىدىن بېكىتىلىپ، جەمى 81 دەرۋازا بولىدى. مەسجىد نەبەۋىنىڭ ئاستىغا گاراجلار ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ 8 تەرەپتىن كىرىش ئېغىزى بار. مەسجىد نەبەۋىنىڭ ئىچىدىن ئۆگزىسىگە چىقىش ئۈچۈن 16 جايدىن پەلەمپەي ياسالغان.

مەسـجىد نەبەۋىنىــڭ بىرىنچــى قەۋىتىنىــڭ ئېگىزلىكــى 4.10 مېتــر، يــۇقىرىقى قەۋىتىنىــڭ ئېگىزلىكــى 12,60 مېتــر، ئەممــا ئــۆگزىگە تۇتاشــقان ئەڭ ئۈســتى قەۋىتىنىــڭ ئېگىزلىكــى 4 مېتــر كېلىــدۇ. ئاپتوماتىــك ئېچىلىــدىغان، كۈنلــۈك لەردىــن 36 ســى ياسالغان بولۇپ بۇ تارىختا تۇنجى ئىش ئىدى. ھازىر يەنە بىر قانچىسى ياسىلىۋاتىدۇ.

مەسـجىد نەبەۋىنىــڭ شــىمال، جەنــۇب ۋە شــەرق تەرەپــكە ياســالغان مەيــدانىنىڭ ئومــۇمىي يەر مەيــدانى 135 مىــڭ كــۋادرات مېتــر كېلىــدۇ. مەسـجىد نەبەۋىــگە 4000 كۆپرەك چىراغ بېكىتىلگەن.

مەسـجىد نەبەۋىنىــڭ ئاســتىنقى قەۋەتــكە ياســالغان تاھارەتخــانىلىرىمۇ ئىنتــايىن مــۇكەممەل ھەم زامــانىۋى ياســالغان بولــۇپ، مەسـجىدى ھەرەمنىــڭ تاھارەتخــانىلىرىن نەچچە ھەسسە ئېشىل ھەم قۇلايلىق ياسالغان.

مەسـجىد نەبەۋىنىــڭ ئاسـتىنقى قەۋىـتىگە ياسـالغان ئاپتوموبىــل تــوختىتىش ئورنىغا ئېلىكترونلــۇق لىفىــتلەر بىــلەن چۈشــۈپ چىقىلىــدۇ. مەسـجىد نەبەۋىنىــڭ ئەتراپىــدا 560 دانە سۇ ئىچىش تۇرۇبىسى بار.

مەسـجىد نەبەۋى ئىــسلام تارىخىــدا تــۇنجى سـېلىنغان مەسـجىدلەردىن ئىككىنچــى مەسـجىد بولــۇپ ســانىلىدۇ. بىرىنچــى مەسـجىد مەدىنىــدىكى «قۇبــا مەسـجىدى» ئىــدى. ئــۇنى پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مەدىــنىگە ھىجــرەت قىلىــپ بارغىنىــدىن كېيىــنلا، تــۇنجى قىلىــپ بــۇ مەســجىدنى ســالغان ئىــدى. ئــاللاھ تائــالا «قۇبــا مەســجىدى» نــى تەرىــپلەپ قۇرئــان كەرىمــدە مۇنــداق دېــگەن: ﴿بىرىنچــى كۈنىــدىن تــارتىپلا تەقۋالــىق ئاساســىغا قۇرۇلغـــان مەســـجىد ھەقـــقەتەن ســـېنىڭ نامـــاز ئوقۇشـــۇڭغا لايىقتـــۇر. ئۇنىڭـــدا ( گۇنــاھلاردىن) پــاك بولۇشــنى ســۆيىدىغان كىــشىلەر بــار. ئــاللاھ ھەقــقەتەن پــاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

«قۇبا مەسـجىدى» مەدىــنە مۇنەۋۋەرە شــەھىرىنىڭ غەربــى جەنۇبىــدا بولــۇپ، مەسـجىد نەبەۋىدىن يىراقلىقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ قەبرىــسى مەســجىد نەبەۋىيــدىكى ھــۇجرە شــەرىپتە بولــۇپ، ئــۇ ئەينــى ۋاقىتتــا پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ئايــالى ئائىــشە رەزىيەللاھــۇ ئەنھانىــڭ ئــۆيى ئىــدى. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ۋاپــات بولغىنىــدا، ئۇنىــڭ مۇبــارەك جەســدى بــۇ ئــۆيگە دەپــنە قىلىنغــان. 634- يىلىغــا كەلــگەن بىرىنچــى خەلىــپە ئەبــۇ

(1) تەۋبە سۈرىسى 108- ئايەت

بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغىنىدا، ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مۇشۇ ئۆيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ھىجرىيەنىڭ 24- يىلى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىنغاندا، ئىلگىرى ئۆزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىغىنىغا ئاساسەن، ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. خەلىپە ئۆمەر دەپنە قىلىنغان بۇ جاينى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزى ئۈچۈن ساقلىغان بولۇپ، خەلىپە ئۆمەر ئۇنى سورىغانلىقتىن ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان ئىكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىدىن بىرىنچى قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرىنىڭ، ئاندىن ئۆمەرنىڭ قەبرىلىرى كېلىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسگە قىلىنغا سۇيىقەستلەر

ھۇجرە شەرىپىنىڭ تاملىرى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا بىر قېتىم ياسالغان بولۇپ، ئاباسىيلار خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ دەۋرىدە يەن بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. 710 يىلى ۋاپادار خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھۇجرە شەرىپىنىڭ تاملىرى قارا تاشتىن قوپۇرۇپ چىققان ۋە ئەتراپىغا 6,5 مېتىر ئېگىزلىكتە تام چۆرۈپ چىققان. ئۇنىڭدىن كېيىن 1476- يىلى قايتاباي، كېيىن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلمەجىدخان مەسجىد نەبەۋىنى رېمونت قىلىش ئەسناسىدا ھۇجرە شەرىپنىمۇ رېمەنت رېمونت قىلدۇرغان.

1162- يىلى بەزى رادىكال خرىستىئان پادىشاھلار ماراكەشلىك خرىستىئانلانى ئىشقا سېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك جەسىدىنى ئوغۇرلاشنى پىلانلىغاندا، شۇ ۋاقىتتىكى شام رايونىنىڭ سۇلتانى نۇرىددىن زەنكى[1] دېگەن كىشى

(1) نۇرىددىن زەنكى ئىمادۇددىن زەنكىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئىمادۇددىن زەنكى ئاۋۋال ھازىرقى ئىراقنىڭ مۇسىل شەھرىنى كېيىنچە باشقا جايلارنى بىرلەشتۈرۈپ 522- ھىجرىيە( 1128م) يىلى ھازىرقى شامنىڭ ھەلەب شەھرىنى قولىغا ئالغان، 538- ھىجرىيە(1144م) يىلى بىرىنچى سەلىب ئۇرۇشىدا غەربلىك خرىستىئانلار شەرقتە زورلۇق بىلەن قۇرغان تۇنجى دۆلەت رەھا شەھرىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئالغان، 541- ھىجرىيە( 1147م) يىلى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن شەھىد قىلىنغان مۇسۇلمان قوماندان ئىدى. نۇرىددىن زەنكى ھىجرىيە 511- يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 17- كۈنى (1118- يىلى 11- فېۋرال ) دۇنياغا كەلگەن، ئاتىسىنىن ۋاپاتىدىن كېيىن نۇرىددىن ئاكىسى سەيفۇددىن بىلەن ئاتىسىنىڭ دۆلىتىنى بۆلۈشكەن، نۇرىددىن ھەلەبنى، سەيفۇددىن مۇسىلنى ئالغان. 542- ھىجرىيە (1147م) يىلى غەربلىك خرىستىئانلار ئىككىنچى قېتىملىق سەلىب ئۇرۇشىنى قوزغاپ قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، نۇرىددىننىڭ مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئۇلارنى ئارقىغا قايتۇرغان. كېيىنچە شام بىلەن مىسىرنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇپ، دىمەشقنى پايتەخت قىلغان. 589ھ 11- شەۋۋال(1174م 15- ماي كۈنى) 59 يېشىدا دىمەشقتا ئالەمدىن ئۆتكەن، بولۇپ، قەبرىسى ھازىر دىمەشق شەھرىدە گۈمبەز ئىچىدا ساقلانماقتا. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ نۇرىددىن زەنكى ھەققىدە

چۈشــىدە پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنى كۆرىــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام ئۇنىــڭ چۈشــىدە، رەڭگــى سېرىق كەلــگەن ئىككــى ئــادەمنى كۆرســىتىپ:« بــۇ ئىككــى ئــادەمنى مەنــدىن يىراقلاشــتۇرغىن» دەيــدۇ. نۇرىــددىن زەنكــى بــۇ چۈشــنى كۆرگەنــدىن كېيىن 20 كىــشىنىڭ ھەمراھلىقىــدا نۇرغــۇن مىقــداردا پــۇل ـ مــال بىــلەن يولغــا چىقىــپ مەدىــنە مۇنەۋۋەرە شــەھىرىگە 16 كۈنــدە يېتىــپ كېلىــدۇ. چۈشــىدە كۆرســىتىلگەن مەزكــۇر ئىككى سېرىق ئــادەمنى تېپىش ئۈچــۈن شــەھەر ئەھلــىگە ھەر كــۈنى پــۇل تارقىتىــدۇ. پۈتــۈن مەدىنە مــۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ئۇنىــڭ يېنىغا كېلىــپ بولىــدۇ. لېكىن چۈشىدە كۆرســىتىلگەن ئىككــى ئــادەم كەلمەيــدۇ. شــۇنىڭ بىــلەن كىــشىلەردىن« ســىلەرنىڭ ئــــاراڭلاردىن مېنىــــڭ يېنىمغــــا كەلمىگەنلەرمــــۇ بــــارمۇ؟» دەپ ســــورىغاندا، كىــشىلەر:«ماراكەشــلىك ئىككــى نەپەر بــاي ئــادەم بــار، ئــۇلار ھەجــگە كەلــگەن ئىــكەن، ھــۇجرە شــەرىپىنىڭ يېنىــدىكى بىــر كىچىــك ئۆيــدە ئولتۇرىــدۇ. ئــۇلار بەك تەقــۋادار ئــادەملەر ئىكەن، كىشىلەرگە سەدىقە بېرىش ۋە ھەمىشە نامــاز ئوقــۇش بىــلەن بولىــدۇ»دېيىــشىدۇ. ئاندىن سۇلتان ئــۇلار بىــلەن ھېلىقــى ئــۆيگە بارىــدۇ. تەكشۈرىــسە ھېچقانــداق شــۈبھىلىك نەرسە كــۆرەلمىگەن سۇلتان ئۆيىنىــڭ ھەمــمە تەرىپىنــى ئىــنچىكىلەپ ئــاختۇرۇپ چىقىــش نەتىجىسىدە، ئۆيدىن ھــۇجرە شــەرىپكە كېتىــپ بارغــان كىچىككىــنە بىــر تــونەلنى كۆرىــدۇ. مەزكــۇر ئىككــى ئــادەم قــىيىن ـ قىــستاقتا ئېلىنىغانــدىن كېيىــن، ئۆزلىرىنىــڭ راســتىنلا پەيغەمــبەر ئەلەيهىــسسالامنىڭ مۇبــارەك جەســدىنى ئوغــۇرلاش ئۈچــۈن كەلگەنلىكلىرىنــى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

بــۇ ۋەقەدىــن كېيىــن ســۇلتان نۇرىــددىن زەنكــى ھــۇجرە شــەرىپىنىڭ تــۆت ئەتراپىنىــڭ ھەممىــسى ناھــايىتى چوڭقــۇر كــولاپ چىقىــپ، يەر ئاســتى چوڭقۇرلىقىــدىن باشــلاپ يەر يۈزىگىچە پۈتۈنلەي قوغۇشــۇن بىــلەن تــام ســېلىپ چىقىــشقا بۇيرۇيــدۇ. ھــۇجرە شــەرىپىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ قوغۇشۇن تام ھېلىھەم شۇ پېتىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.[1]

## الأدعية المختارة من القرآن الكريم

1ـــ رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِنْ لَمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَاسِرِيْنَ.

---

ئېيتقان مەدھىيە سۆزلىرى باردۇر. چۈنكى نۇرىــددىن زەنكى ئــادالەتپەرۋەر، ئېــسىل ـ پەزىلەتلىــك، تەقــۋادار كــشى ئىكەن.

(1) «ۋەفائۇل ۋەفا» ناملىق تارىخي مەنبەنىڭ 2ـ توم 648ـ بېتىدىن ئېلىندى.

2- رَبِّ إِنِّيٓ أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْأَلَكَ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَإِلاَّ تَغْفِرْ لِي وَتَرْحَمْنِيٓ أَكُن مِّنَ ٱلْخَاسِرِيْنَ.

3ــ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ.

4- وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيْمُ.

5ــ رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيْمَ الصَّلاَةِ وَمِن ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءَ. رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِيْنَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ.

6ــ رَّبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيْرُ. رَبَّنَا لاَتَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلَّذِيْنَ كَفَرُوا وَاغْفِرْ لَنَا رَبَّنَا إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيْزُ الْحَكِيْمُ.

7ــ رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْ لِي.

8- رَبَّنَآ آتِنَا مِنْ لَّدُنكَ رَحْمَةً وَهَيِّىءْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَداً.

9- رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحاً تَرْضَاهُ وَأَدْخِلْنِي بِرَحْمَتِكَ فِي عِبَادِكَ الصَّالِحِيْنَ.

10- لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِيْنَ.

11- رَبِّ هَبْ لِي حُكْماً وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِيْنَ. وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الآخِرِيْنَ وَاجْعَلْنِي مِنْ وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيْمِ.

12- قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّن تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَاءُ. بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. تُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَتُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَتُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَتُخْرِجُ المَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَتَرْزُقُ مَن تَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ.

13ــ رَّبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَلْ لِّي مِن لَّدُنكَ سُلْطَاناً نَّصِيْراً.

14ـ رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيراً.

15ـ رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا.

16ـ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيْرُ.

17ـ رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْراً كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنتَ مَوْلاَنَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِيْنَ.

18- رَبَّنَا لاَ تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنْكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ. رَبَّنَا إِنَّكَ جَامِعُ النَّاسِ لِيَوْمٍ لاَّ رَيْبَ فِيْهِ إِنَّ اللّهَ لاَ يُخْلِفُ الْمِيْعَادَ.

19- رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ.

20- رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَاماً. إِنَّهَا سَاءتْ مُسْتَقَرّاً وَمُقَاماً.

21- رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِيْنَ إِمَاماً.

22- رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِيْنَ.

23- رَبَّنَا آمَنَّا بِمَا أَنزَلَتْ وَاتَّبَعْنَا الرَّسُولَ فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّاهِدِيْنَ.

23- فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ أَنتَ وَلِيِّي فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ تَوَفَّنِي مُسْلِماً وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِيْنَ.

24- رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْماً فَاغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا وَاتَّبَعُوا سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيْمِ. رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّاتِ عَدْنٍ الَّتِي وَعَدتَّهُم وَمَن صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ إِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيْزُ الْحَكِيْمُ. وَقِهِمُ السَّيِّئَاتِ وَمَن تَقِ السَّيِّئَاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيْمُ.

25- رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ.

26- رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ. رَبَّنَا إِنَّكَ مَن تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِيْنَ مِنْ أَنصَارٍ. رَّبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِياً يُنَادِي لِلإِيْمَانِ أَنْ آمِنُواْ بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الأبْرَارِ.رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدتَّنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلاَ تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لاَ تُخْلِفُ الْمِيْعَادَ.

27- رَبَّنَا لاَ تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ..وَنَجِّنَا بِرَحْمَتِكَ مِنَ الْقَوْمِ الْكَافِرِيْنَ.

28- رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِاخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْاِيْمَانِ وَلاَ تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلّاً لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَؤُوفٌ رَّحِيْمٌ.

29- رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحاً تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ.

30- رَبَّنَا أَتْمِمْ لَنَا نُورَنَا وَاغْفِرْ لَنَا إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ.

31- رَبَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الرَّاحِمِيْنَ.

32- رَّبِّ أَنْزِلْنِي مُنْزَلاً مُّبَارَكًا وَأَنتَ خَيْرُ الْمُنْزِلِيْنَ.

33- رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ.

34- فَاللَّهُ خَيْرٌ حَافِظًا وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِيْنَ.

35- رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِيْنَ.

36ـ اَللّهمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْماً كَثِيْراً، وَلاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ، فَاغْفِرْ لِي مَغْفِرةً مِنْ عِنْدِكَ، وَارْحَمْنِي إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيْمُ.

37ـ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْمُعَافَاةَ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ .

38ـ اَللَّهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي.اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلْكَ الْهُدَى وَالسَّدَادَ.

39ـ اَللَّهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ.

40ـ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ، وَأَعُوذُ بِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ.

41ـ اَللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِيْنِكَ.

42ـ اَللَّهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوبِ صَرِّفْ قُلُوبَنَا عَلَىٰ طَاعَتِكَ.

43ـ اَللَّهُمَّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو، فَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ، وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ، لاَ إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ.

44ـ اَللَّهُمَّ أَحْسِنْ عَاقِبَتَنَا فِي الْأُمُورِ كُلِّهَا، وَأَجِرْنَا مِنْ خِزْيِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْآخِرَةِ.

45ـ اَللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ مِنْهُ نَبِيُّكَ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ، وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا اسْتَعَاذَ مِنْهُ نَبِيُّكَ مُحمدٌ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ وأَنْتَ الْمُسْتَعَانُ وعَلَيْكَ البَلاَغُ وَلاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إلاَّ بِاللهِ.

46ـ اَللَّهُمَّ حَبِّبْ اِلَيْنَا الإِيْمَانَ وَزَيِّنْهُ فِي قُلُوبِنَا وَكَرِّهْ اِلَيْنَا الْكُفرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ وجْعَلْنَا مِنَ الرَّاشِدِيْنَ.

47- اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ حُبَّكَ وَحُبَّ مَنْ يُحِبُّكَ والعَمَلَ الَّذِي يُبَلِّغُنِي حُبَّكَ. اَللَّهُمَّ أجْعَلْ حُبَّكَ أَحَبَّ إِلَيَّ مِنْ نَفْسِي وَأَهْلِي وَمِنْ الْمَاءِ البَارِدِ.

48ـ اَللَّهُمَّ إنّي أعُوذُ بكَ مِنْ علْمٍ لاَ يَنْفَعُ، وقَلْبٍ لاَ يَخْشَعُ، وَدُعاءٍ لاَ يُسْمَعُ، وَنَفْسٍ لاَ تَشْبَعُ، اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَؤُلاَءِ الْأَرْبَعِ.

49ـ اَللَّهُمَّ بعلْمكَ الْغَيْبَ وَقُدْرَتكَ عَلَى الْخَلْق، أَحْيِني مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْراً لِي، وَتَوَفِّني إِذَا كَانَت الْوَفَاةُ خَيْراً لِي، اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَشْيَتَكَ فِي الْغَيْب وَالشَّهَادَة، وَكَلمَةَ العَدْل وَالْحَقِّ فِي الْغَضَب وَالرِّضَا، وَأَسْأَلُكَ الْقَصْدَ فِي الفَقْرِ وَالْغنَا، وَأَسْأَلُكَ نَعِيماً لَا يَنْفَدُ، وَقُرَّةَ عَيْنٍ لَا تَنْقَطِعُ، وَأَسْأَلُكَ الرِّضَا بَعْدَ الْقَضَاء، وَأَسْأَلُكَ بَرْدَ الْعَيْشِ بَعْدَ الْمَوْت، وَأَسْأَلُكَ لَذَّةَ النَّظَرِ إِلَى وَجْهكَ، وَأَسْأَلُكَ الشَّوْقَ إِلَى لِقَائكَ فِي غَيْرِ ضَرَّاءَ مُضِرَّةٍ، وَلَا فتْنَةٍ مُضِلَّةٍ، اَللَّهُمَّ زَيِّنَّا بزِيْنَةِ الإِيْمَانِ، وَاجْعَلْنَا هُدَاةً مُهْتَديْنَ.

50- اَللَّهُمَّ عَلِّمْني مَا يَنْفَعُني وَأَنْفَعْني بمَا عَلَّمْتَني وَزِدْني علْمًا.

51ـ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مُوجبَات رَحْمَتكَ، وَعَزَائمَ مَغْفرَتكَ، وَالْغَنيْمَةَ منْ كُلِّ برٍّ، وَالسَّلاَمَةَ منْ كُلِّ إِثْمٍ. اَللَّهُمَّ لاَ تَدَعْ لِي ذَنْباً إِلاَّ غَفَرْتَهُ. وَلاَ هَمًّا إِلاَّ فَرَّجْتَهُ، وَلاَ حَاجَةً هِيَ لَكَ رِضاً إِلاَّ قَضَيْتَهَا يَا أَرْحَمَ الرَّاحِميْنَ.

52ـ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ إِيْمَاناً لَا يَرْتَدُّ، وَنَعِيماً لَا يَنْفَدُ، وَمُرَافَقَةَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي أَعْلَى جَنَّة الْخُلْد.

53ـ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا عَمِلْتُ وَمِنْ شَرِّ مَا لَمْ أَعْمَلْ.

54ـ اَللَّهُمَّ انِّي اَعُوذُ بِكَ أَنْ اُشْرِكَ بِكَ وَانَا اَعْلَمُهُ وَاَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لاَ اَعْلَمُ.

55ـ اَللَّهُمَّ أَرِني الْحَقَّ حَقًّا وَارْزُقْني اِتّبَاعَهُ وَأَرِني الْبَاطِلَ بَاطِلاً وَارْزُقْنِي اجْتنَابَهُ.

56ـ اَللَّهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ تُحبُّ العَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي.

57ـ اَللَّهُمَّ انِّي اعوذُبكَ مِنْ جَهْدِ الْبَلاَءِ، ودَرَكِ الشَّقَاءِ، وَسُوْءِ الْقَضَاءِ، وَشَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ.

58ـ اللَّهم إِنِّي أَعُوذُبِكَ مِنْ زَوَال نِعْمَتِكَ، وَمِنْ تَحَوُّلِ عَافِيَتِكَ، وَمِنْ فُجَائَةِ نَقْمَتِكَ، وَمِنْ جَمِيْعِ سَخَطِكَ.

59ـــ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ النَّارِ، وَعَذَابِ النَّارِ، وَفِتْنَةِ الْقَبْرِ، وَعَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْغِنىٰ، وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْفَقْرِ. وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيْحِ الدَّجَّالِ.

60ـــ اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ مُنْكَرَاتِ ٱلْأَخْلَاقِ وَٱلأَعْمَالِ وَٱلْأَهْوَاءِ.

61ـــ اَللَّهُمَّ اَصْلِحْ لِي دِيِنِي الَّذي هُوَ عِصْمَةُ اَمْرِي، وَاَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ الَّتِي فِيْهَا مَعَاشِي، وَ اَصْلِحْ لِي آخِرَتِي الَّتِي اِلَيْهَا مَعَادِي، وَجْعَلِ الْحَيَاةَ زِيَادَةً لِي فِي كُلِّ خَيْرٍ، وَالْمَوْتَ رَاحَةً لِي مِنْ كُلِّ شَرٍّ.

62- اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، والْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْهَرَمِ وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الْعَدُوِّ.

63- لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِ وَيُمِيْتُ وَهُوَ حَيٌّ لاَ يَمُوْتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ.

64- اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، وَالْعَجزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ.

65-ـــ اَللَّهُمَّ اكْفِني بِحَلاَلِكَ عَنْ حَرَامِكَ، وَاغْنِني بِفَضْلِكَ عَمَّنْ سِوَاكَ.

66- اَللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ وَابْنُ عَبْدِكَ وَابْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ، سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَداً مِنْ خَلْقِكَ، أَوْ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَلَ الْقرآن رَبِيْعَ قَلْبِي وَنُوْرَ صَدْرِي وَجَلاَءِ حُزْنِي وَذِهَابَ هَمِّي.

67- اَللَّهُمَّ اهْدِني فِيْمَنْ هَدَيْتَ ، وَعَافِنِي فِيْمَنْ عَافَيْتَ، وَتَوَلَّنِي فِيْمَنْ تَوَلَّيْتَ ،وَبَارِكْ لِي فِيْمَا أَعْطَيْتَ، وَقِنِي شَرَّ مَا قَضَيْتَ فَإِنَّكَ تَقْضِي وَلاَ يُقْضىٰ عَلَيْكَ ، إِنَّهُ لاَّ يَذِلُّ مَنْ وَالَيْتَ، وَلاَ يَعِزُّ مَنْ عَادَيْتَ، تَبَارَكْتَ رَبَّنَا وَتَعَالَيْتَ.

68- يَاحَيُّ يَا قَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيْثُ، أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلِّهِ وَلاَ تَكِلْنِي إِلىَ نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ.

69- اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلىَ مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلىَ إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ.

70- اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آل إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مجَيْدٌ.

71- اَللَّهُمَّ بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ، اَللَّهُمَّ نَقِّنِي مِنَ الْخَطَايَا كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الْاَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ، اَللَّهُمَّ اغْسِلْ خَطَايَايَ بِالْمَاءِ وَالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ.

72- سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ وَسَلاَمٌ عَلَى الْمُرْسَلِيْنَ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ.

# پايدلىننلغان ماتېرىياللار

1- فقة السنة

2- المفتاح شرح نور الإيضاح

3- اللباب شرح الكتاب

4- التسهيل الضروري لمسائل القدوري

5- العمدة في الحج والعمرة

6- صفة الحج والعمرة

7- الحج والعمرة وأدعيتهما

8- التحقيق والإيضاح لكثير من مسائل الحج والعمرة والزيارة

مۇھەممەد يۈسۈپ

# ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى

﴿ ئاياللار بىلەن ئۇنىسى ـ ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾.

(رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەت)

كىچىكىمدىن ياخشى تەربىيىلەپ، ئىسلامىي ئاڭدا يېتىشتۈرگەن ۋە ئوقۇشۇمغا شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىپ, ماڭا ئىلھام بەرگەن مەرھۇمە ئانامنىڭ مۇبارەك روھىغا بېغىشلايمەن.

- ئاپتور

# بىرىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

باچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى، ئىنسانلارنى ئەر - ئايال قىلىپ يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېھرى - مۇھەببەت ئادا قىلغان جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن ۋە ئۇلارغا ئىنسانى ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆگەتكەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە سالام يوللايمەن.

ئىسلام دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ھەرتۈرلۈك ئىللەتلەر ۋە خۇراپاتلاردىن ئازات قىلىپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ، تەرەققى قىلدۇرۇشقا چاقىرىدىغان ئەڭ ئىلغار، مەدەنىي ۋە ئىلمىي بىر دىندۇر. ئائىلە ھاياتىمۇ ئىجتىمائىي ھايات بولغاچقا، جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئىشنى ئائىلىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئائىلە ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىپتىدائى مەكتىپى بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق بولۇپ چىقىشى پەقەت ئۇنىڭ ئائىلىسىدە كۆرگەن تۈنجى تەربىيىسىگە باغلىقتۇر، ياخشى ئائىلە ياخشى ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ.

ئىسلام دىنى يۇقىرىسى دۆلەت تۆۋىنى ئائىلە ھاياتىغىچە بولغان ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھايات ئۈچۈن مەلۇم قانۇن - تۈزۈم ۋە پرىنسىپلەرنى بېكىتكەن. ئائىلە ھاياتىدىمۇ مەلۇم قانۇن - تۈزۈملەر ۋە پرىنسىپلار بار. ئائىلە ھاياتىنىڭ بەختلىك ھەم خاتىرجەم ھالدا داۋام قىلىشى ئۈچۈن دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ئائىلە تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز تولىمۇ مۇھىمدۇر.

مەملىكىتىمىزدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان دىنىي ئەسەرلەرنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئەسەرلەرگە بولغان

ئېھتىياجى ئىنتايىن كۆپ، بولۇپمۇ ئائىلە ھاياتى ھەققىدە نوپۇزلۇق بىرەر كىتابنىڭ بولمىغانلىقى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئائىلە مەسىلىلىرىدىكى بىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولغان قائىدە ـ تۈزۈملەردىن خەۋەرسىز قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ كەلمەكتە.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» ناملىق كىتابنى يۇقىرىقى بوشلۇقنى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇش نىيىتىدە، سەۋىيەمنىڭ يېتەرسىزلىكىگە قارىماي مۇسۇلمانلارغا پايدىسى بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىت بىلەن يېزىپ چىقتىم. بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتا قۇرئان كەرىم بىلەن سەھى ھەدىسلەرنى ۋە ئائىلە ھەققىدە يېزىلغان نوپۇزلۇق كىتابلارنى مەنبە قىلدىم. كىتابنىڭ ئىخچام ۋە سىستېمىلىق بولۇشى ئۈچۈن ماۋزۇلارنى مۇمكىن قەدەر ئىخچاملاشقا تىرىشتىم، شۇنداقلا ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەرەبچە تېكىستلىرىنى كەلتۈرمەستىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىلىرىگە كۇپايە قىلدىم. ،

سەۋىيەمنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە تەجرىبەمنىڭ يوقلىقىدىن بۇ كىتابنى تۈرلۈك سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلىرىمىزنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمەن.

# ئىككىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

بارچە ئىپسىل ماختاشلار ۋە مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ رەببى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا جىمى كەمچىلىك ۋە نوقسانلاردىن پاكتۇر. ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ۋە يولباشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولى ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مەڭگۈلۈك ئامانلىق تىلەيمەن.

ئائىلە ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئائىلىدىن سۆز ئاچقىنىمىزدا ئاياللارنىڭ ئائىلە ھاياتىدىكى رولى بىرىنچى بولۇپ كېلىدۇ. چۈنكى ئاياللار جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر. ئاتاقلىق ئالىملار، سىياسىيونلار، ئىجاتكارلار ۋە باشقا ئەربابلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال شۇ ئانىلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ. ئاياللار مەسىلىسى ھەرقانداق ئاتا ۋە بالىنىڭ مەسىلىسى بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئاتا ـ بالا مەۋجۇتلا ئىكەن، ئانىلارغا بولغان سانسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام مەۋجۇت دېمەكتۇر. دىن دۈشمەنلىرى مۇقەددەس دىنىي ئېتىقادىمىزغا ۋە ئىسلامىي ئەنئەنىلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بوشلۇقنى ئاياللاردىن تاپقان بولۇپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئارقىلىق كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان ياش نەسىللەرنى يولدىن چىقىرىشنى مەقسەت قىلماقتا. ئاياللار جەمئىيەت ھاياتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغاندىمۇ، ئۇلار ئەرلەرگە نىسبەتەن يەنىلا سالماقلىقنى ئىگىلەيدۇ. بالىلارمۇ ئانىلارنىڭ دىيانىتى ۋە ئەخلاقىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرىگە يەرلەشتۈرىدۇ. چۈنكى، ئانىلار بىرىنچى مۇئەللىملەردۇر.

«ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» ناملىق بۇ كىتاب 1996ـ يىلى ئىستانبۇلدا تۇنجى قېتىم نەشىر قىلىنغان بولۇپ، قولىڭىزدىكى ئىككىنچى قېتىملىق نەشرىگە 40 تىن كۆپرەك يېڭى مازۇلارنى كىرگۈزدۈم، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماۋزۇلارنى سەۋىيەمنىڭ يېتىشىچە كېڭەيتتىم. مەزكۇر كىتابىمنىڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقى ۋە قىزىقىشىنى ئاشۇرغانلىقى ماڭا زور ئىلھام بولدى ۋە كۈچ ئاتا قىلدى. كىتابىمنىڭ مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولۇپ، بۇ ئىشىمنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنى تىلەيمەن.

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنىڭ نەشرى ئۈچۈن ماددىي ياردىمىنى ئايىمىغان ئاتىمىز ئابدۇقادىر ئەھمەد ھاجىمغا رەھمەت ئېيتىمەن.

بىلگەنگە ئوخشايمەن، بىلگەنچە بىراق،
پاراسەت بابىدا ئەمەسمەن ئويغاق.
ئوقۇدۇم يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئۇزاق،
بىلمەيمەن يېزىشنى ھەرقاچان قايناپ.

ۋەلېكىن يازدىمەن، بىلگەننى تۇتۇپ،
ياشلىقىم كەتمىسۇن، مەنىسىز ئۆتۈپ.
بىلگىنىم ئاز بىراق، ھىممىتىم كۆپتۇر،
يازدىمەن ئاللاھتىن ياخشىلىق كۈتۈپ.

مۇھەممەد يۈسۈف م. تۇرسۇن
1999- يىل 30 - ئىيۇل
مەدىنە مۇنەۋۋەرە – ئەرەبىستان

# بىرىنچى بۆلۈم: ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ بەختلىك ھالدا داۋام قىلىشى ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تونۇشقا باغلىقتۇر.

ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ سائادىتى ئەر خوتۇن ـ ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىگە ۋە سەممىي مۇئامىلىسىگە باغلىقتۇر.

ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ كامالغا يېتىشى ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قانداق ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىشىگە باغلىقتۇر.

## ئۆيلىنىش

ئۆيلىنىش ــ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغان كىشىلەر ئۈچۈن سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئۆيلىنىش ـ مېنىڭ سۈننىتىم (يولۇم) دۇر. كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى ئەگەر باشقا بىر يولنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئەلا كۆرۈپ يۈز ئۆرۈگەن بولسا، ئۇ، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىق يۈزىسىدىن، ئۆيلەنمەي يالغۇز ئۆتۈپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشنى مەقسەت قىلىپ ئۆيلىنىشتىن يۈز ئۆرۈگەن بولسا، ئۇ كىشى بىدئەت (دىندا بولمىغان ئىش) نى سادىر قىلغان بولىدۇ، بۇ ھالەتتە ئۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ، بۇدۇنيادا بولسا بىھۇدە جاپا تارتىپ، ئاخىرەتتە ئازاپقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئۆزىنى قىيناشقا ئورۇن يوق. بۇ دىننى قىيىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان ھەر قانداق كىشى ئۆزىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلغان بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

ئىسلام دىنىدا ھەرقانداق ئىشنىڭ مەلۇم بىر سىستېمىسى بار. مۇسۇلمانلار شۇ سىستېما بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇلغان. كىشىلەر دىنغا قانچىلىك ئاكتىپ بولۇپ، ئىخلاسمەنلىك كۆرسەتمەن دېسىمۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەرگىزمۇ

ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پېشۋاسى ۋە پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى مەدھىيىلەپ «سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگە سەن» دەيدۇ. (نۇن سۈرىسى 4 ـ ئايەت)

ئاللاھ ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىسەن» (ياسىن سۈرىسى)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ـ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ـ دىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈچ زاھىد (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزلىرىنى ئاخىرەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتىۋاتقان) كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇنىڭ ئىبادىتى توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز، دەپ ھېس قىلغانلىقلىرىدىن « بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا نەدە؟ ئاللاھ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرىۋەتكەن تۇرسا دېيىشىدۇ » يەنى ئۇنداق بولغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازلا ئىبادەت قىلسىمۇ يېتەرلىك، ئەمما بىز ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ ـ دە، ئۇلاردىن بىرى «مەن يىل بويى كۈندە روزا تۇتىمەن» دەيدۇ. يەنە بىرى «مەن ئايال كىشىدىن يىراق تۇرىمەن، ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەيمەن» دەيدۇ، ئۈچىنچىسى «مەن كېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىمەن » دەيدۇ، بۇۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇلارغا: «سىلەر ئۇنى، بۇنى دېيىشىسىلەر، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتالايمەنكى، ئاراڭلاردا، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان، ئەڭ تەقۋا كىشىڭلارمەن. لېكىن مەن كېچىلىرىنىڭ بەزى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇيمەن، بەزى ۋاقىتلىرىدا بولسا ئۇخلايمەن، (رامىزاندىن باشقا كۈنلەردە) گاھىدا روزا تۇتىمەن، گاھىدا تۇتمايمەن. مەن ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ بۇ يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دەيدۇ. (بۇخارى رىۋايىتى)

دېمەك: ئۆيلىنىش ـ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۇنىڭغا قادىر بولالىغان كىشىلەر ئۈچۈن نورمال ھاللاردا يەنى ئۆيلەنمىسە زىنا ـ ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قالماسلىقىدىن خاتىرجەم بولالىغان، ئەگەر ئۆيلەنسىمۇ ئاياللىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولۇپ، ئىقتىسادىي شارائىتىمۇ ھازىر بولغان كىشىلەر ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

ئەگەر كىشى زادى ئۆيلەنمىسە ئۇنىڭ زىنا ـ ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆيلىنىشكىمۇ قۇدرىتى يېتىدىغان ۋە شەرت ـــ شارائىتى تولۇق بولغان

بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دەرھال ئۆيلىنىشى پەرزدۇر. بۇ ھالەتتە، ئەگەر ئۇ ئۆيلەنمىسە گۇناھكار بولىدۇ.

ئەگەر كىشى ئۆيلەنسە ئايالىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەقلىرىنى ئادا قىلالماسلىقىدىن، ياكى ئايالىغا زۇلۇم قىلىپ قويۇپ گۇناھكار بولىشىدىن قورقسا يەنى ئۆزىدە ئىشەنچ بولمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى ھارامدۇر. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالمايدىغان كىشى ئۆيلىنىشكە لايىق ئەمەستۇر.

## ئۆيلىنىشنىڭ غايىسى

ئۆيلىنىش ــ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېكىتىپ بېرىلگەن تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. ئۆيلىنىش كۆپلىگەن ئېسىل غايە ۋە ياخشى مەقسەتلەرنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئۆيلىنىشنىڭ ئەڭ بۈيۈك غايىسى ئىككى بولۇپ: بىرى، پەرزەنت كۆرۈش، يەنە بىرى، ئۆيلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى زىنا ـ ھارام ئىشلارغا بېرىلىشتىن قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت.

1.پەرزەنت كۆرۈش

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆيلىنىشتىكى بىرىنچى غايىسى پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنى دىن، مىللەت ۋە ۋەتەن ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان دىيانەتلىك، ياخشى ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ تۇغىدىغان، ئېسىل خىسلەتلىك ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىڭلار! مەن قىيامەت كۈنىدە باشقا ئۇممەتلەرنىڭ ئالدىدا، سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلاردىن پەخىرلىنىمەن. » (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدىمۇ پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇلايدۇ، ئەمما پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنى دىيانەتلىك، ئەلگە پايدىلىق ياخشى پەرزەنت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش مۇسۇلمانغا خاس بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر» (كەھف سۈرىسى46 ـ ئايەت)

2. ھارامدىن ساقلىنىش

مەلۇمكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆيلىنىشتىن بولغان مەقستى ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى ھالالدىن قاندۇرۇش ئارقىلىق ھارام ـ زىنا ئىشلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

جىنسىي ھەۋەسنى ئۆزىنىڭ ھالال ئايالى ئارقىلىق ئادا قىلىش كىشىنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ، لېكىن بۇنداق ئىپپەتنى ھاسىل قىلىش ئاۋۋال نىيەت بىلەن بولىدۇ، ئەگەر كىشى پۈتۈن ھىممىتىنى ۋە نىيىتىنى ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشقىلا بېغىشلىغان ھالدا ئۆيلىنىدىكەن، ئۇ باشقا مەخلۇقاتلاردىن قىلچە پەرقلەنمىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۆيلىنىشتىن مەقسەت ئالدى بىلەن ئۆزىنى ھارامدىن ساقلاش ئارقىلىق ئىپپەتلىك بولۇشنى غايە قىلىش ۋە جىنسىي ھەۋەسنى ھالالدىن قاندۇرىشنى نىيەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئى قۇرەيش جامائەسى! ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغىنىڭلار ئۆيلىنىڭلار! ئۆيلىنىش كۆزنى نامەھرەمدىن (يەنى ئۆزىنىڭ ئايالى بولمىغان بىرسىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قاراپ گۇناھكار بولۇشتىن) ساقلايدۇ. ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا تۇتۇش ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى پەسەيتىدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

دېمەك: ھارامدىن ساقلىنىپ ئىپپەتلىك بولۇش نىيىتىدە ئۆيلەنگەن كىشى، ئۆيلىنىشى ئارقىلىق چوقۇم ئىپپەتلىك بولالايدۇ. ئەمما، پەقەت ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش نىيىتى بىلەنلا ئۆيلەنگەن كىشى، ئۆيلىنىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ ھەۋەسنى قاندۇرالمايدۇ. نەتىجىدە، ھارام ئىشلاردىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھارامدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت بولغان ياخشى نىيەت بولمىغاچقا، ئۇنىڭدا قانائەتمۇ بولمايدۇ. ئىنساننىڭ نەپسى تويسىمۇ كۆزى تويمايدۇ. ئۇنى پەقەت قانائەتلا تويغۇزالايدۇ.

## ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئومۇمىي غايىلىرى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۆيلىنىشكە ئۈندەشتە، ئۆيلىنىشنى ئائىلە قورۇشنىڭ قانۇنلۇق بىر يولى، ياخشى پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ بىر ۋاستىسى، ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىشنىڭ بىر قالقىنى ۋە جىنسىي ھەۋەسنى ھالالدىن قاندۇرۇشنىڭ بىر چارىسى دەپ ھېسابلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئىنسانىيەتنى ئەڭ ھۆرمەتلىك، شەرەپلىك بىر ماقامغا كۆتۈرۈش يولىدىكى بىر ۋاستە دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، ئىسلام دىنى ئۆيلىنىش مەسىلىسىنى ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بەخت - سائادىتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۆلگىلىك ئىسلامىي بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ بىردىن - بىر قانۇنلۇق يولى، دەپ ھېسابلايدۇ.

## 1. ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرۇشقا ئۈندەش ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرى بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ۋە شەخسلەر، جامائەتلەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي قېرىنداشلىقنى كۈچلەندۈرۈش قاتارلىق ئىسىل غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇغايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، ئىسلام دىنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ مىللىتى، ئىرقى، رەڭگى ۋە تىلى بىلەن ھېسابلاشماستىن، بىر ئۈممەت دەپ سانىدى. ئەرەب بىلەن ئەجەمنىڭ، قارا تەنلىك بىلەن ئاق تەنلىكنىڭ، شەرقلىك بىلەن غەربلىكنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرۇشىغا يول قويدى. ئىسلام دىنى بۇ ئىلغارلىقى بىلەن ئىنسان جىنسىنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا دۇنيادىكى پۈتۈن دېموكراتىك قانۇنلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. غەرب دۇنياسىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپلىرى ۋە مۇتەپەككۇر ئالىملىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئىلغارلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا، ھەتتا ئۇلاردىن (بىرنادشۇ) مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى زوراۋانلىق دىنى ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىك دىنىدۇر. ئۇ، ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى بىر مىڭ تۆت يۈز يىلدىن بېرى قارار قىلىپ كەلمەكتە. بۇ، بۈگۈنكى رۇملۇقلاردا ياكى ياۋرۇپالىقلاردا ۋە ھازىرقى ئامېرىكىلىقلاردىمۇ بولمىغان بىر ئىلغار پرىنسىپتۇر.

ئەگەر سىز بىرەر ئەرەبتىن ياكى ھىندىستانلىقتىن ياكى پارستىن ياكى بىرەر تۈركىستانلىقتىن سەن كىم ؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن«مەن مۇسۇلمانمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما غەربلىكتىن سەن كىم؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇ «مەن ئېنگلىز» ياكى «ئىتالىيىلىك» ياكى «فرانسىيىلىك » دەپ جاۋاب بېرىدۇ. غەربلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنى بىلەن ھېسابلاشماستىن، مىللەت ئايرىمچىلىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويسا، ھەقىقىي مۇسۇلمانلار كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ مىللىتى، رەڭگى ۋە ئىرقى ئوخشىمىغانلىق سەۋەبتىن يەكلىمەيدۇ، ئۇلار ھەرنەرسىدىن قەتئىينەزەر ھالدا، ئەڭ ئاۋۋال دىنىي قېرىنداشلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مانا بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ مىللىتىنىڭ، رەڭگىنىڭ ۋە يۇرتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئايرىماي، ھەممىنى بىرلەشتۈرىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ كۆرنەرلىك دەلىلىدۇر. ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى ئۈلگىلىك ئىسلام دۆلىتى ئۇسامە ئىبنى زەيددىن ئىبارەت قارا تەنلىك ياشنى ئاق تەنلىك ئەرەب ئەسكەرلىرىگە قوماندان قىلىپ بەلگىلىگەن. دېمەك، ھەقىقىي دېموكراتىك ھۆكۈمەت پەقەت ئىسلام دىنىدىلا مەۋجۇتتۇر. ھازىر دېموكراتىيە دەۋاسىنى ئەڭ كۆپ ياغدۇرىدىغان غەرب دۇنياسىدا ھەقىقىي دېموكراتىيە بارمۇ ؟

ئـۇلار ئـاق تەنلىكـلەر بىـلەن قـارا تەنلىكلەرنىـڭ ئۆزئـارا ئۆيلىنىـشىنى، ئـاق تەنلىكـلەر كىـرگەن ئائىـلىلەرگە قـارا تەنلىكلەرنىـڭ كىرىـشىنى، ئـاق تەنلىكلەرنىـڭ بـالىلىرى ئوقۇيـدىغان مەكـتەپلەردە قـارا تەنلىكلەرنىـڭ بالىلىرىنىـڭ ئوقۇشـىنى ياقتۇرمايـدۇ. ئۆزلىرىـدىن ئېشىپ كەتكـۈچىلەردىن ئەڭ ۋەھـشىي ئۇسـۇل بىـلەن ئـۆچ ئالـدۇ. ئىـسلام دېمۇكراتىيەسـىدىكى مىلـلەت ئايرىماسـلىق پرىنـسىپى ئالدىـدا غەربلىكـلەر ۋە ئـامېرىكىلىقلار قايسى يۈزى بىلەن ئۆزلىرىنى دېمۇكراتچى دەپ ئېيتالىسۇن!؟

ئىسلام دىنـى مۇسـۇلمانلار ئارىـسىدىكى دىنىـي قېرىنداشـلىقنى جـارى قىلـدۇرۇش ئۈچـۈن مۇسـۇلمانلارنى ئـۆز تۇغقانلىرىـدىن بولمىغـان يـاتلاردىن ئۆيلىنىـشكە چـاقىردى. چـۈنكى ئـۇرۇق - تۇغقـانلار بىـر - بىـرى بىـلەن ئـۆيلىنىش ۋاسىتىـسى بىـلەن بىرلەشمىـسىمۇ، ئـۇلار ئـۇرۇق - تۇغقـانلىق ۋاسىتىـسى بىـلەن بىرلىـشىدۇ ۋە بىـر - بىـرىگە ياخـشىلىق قىلىـشىدۇ. ياتلاردىن، تۇنۇشمايدىغان قەبىلىلەردىن ئۆيلەنگەن كىشى ئۇلار بىلەن بۇ قـۇدا - باجىلىق ۋاسىتىـسى ئـارقىلىق تۇغقـانلىق مۇناسـۋىتى ئورنىتىـدۇ، بىـر - بىـرى بىـلەن تۇغقـان بولىـدۇ. شـۇڭا، ئۆزىنىـڭ تۇغقانلىرىـدىن بولمىغـان يـات قەبىلىـلەر، مىللەتـلەر ۋە ئىـرقلاردىن ئـۆيلىنىش مۇسـۇلمانلارنىڭ ئۆزئـارا قېرىنداشـلىق رىشتىـسىنى كۈچەيتىـدۇ، ئىـسلام دۇنياسـىنى بولـسا كۈچلەندۈرىـدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالام ئـائىلە قۇرۇشـنىڭ ئىجتىمـائىي غايىـسىنى ئەمەلـگە ئاشۇرۇشـتا بىـزگە ئەڭ ياخـشى ئـۈلگىنى كۆرسـەتكەن. ئـۇ ئاياللىرىنى بىـر قەبىلىدىنلا ئالماستىن، بەلكـى ئـۇ، ئوخشاشمىغان قەبىلىلەردىـن ئـۆيلەنگەن، بۇنىـڭ بىـلەن مۇسـۇلمانلارنىڭ قەبىلىـلەر ئارىـسىدىكى بىرلىكـى ۋە ھەقىقـي دىنىـي قېرىنداشـلىقى قـۇدا - بـاجىلىق ۋاسىتىـسى ئـارقىلىق ئەمەلـگە ئاشـقان. سـاھابىلار ۋە كېيىنكـى دەۋرلەردىكـى مۇسـۇلمانلارمۇ پەيغەمـبەر ئەلەيهىسـسالامنى ئـۈزلىرىگە ئـۈلگە قىلىـپ دىنىـي قېرىنداشـلىق مۇناسىۋىتىنى شۇنداق باغلاپ كەلدى.

## 2. ئائىلە قۇرۇشنىڭ سىياسىي غايىسى

ئىسلام دىنى ئائىلە قۇرۇشـنى، ئىـسلام مىللىتىنىـڭ قـۇدرەت تېپىـشى، تەرەققىي قىلىـشى ۋە رىقـابەتچى كۈچلەرنىـڭ ئالدىـدا قەد كۆتـۈرۈپ تۇرۇشـى يولىـدا ئالاھىـدە رول ئوينايـدىغان، مۇھىم بولغان سىياسىي غايىلەرنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارايدۇ.

ئىـسلام جامـائىتى مۇشـرىك ۋە زالالەت كـۈچلىرىگە نىـسبەتەن دېڭىـزدىن بىـر تـامچە بولغـان ھالـدا باشـلاندى. مۇشـرىكلەر سـان، بـايلىق ۋە كـۈچ جەھەتـتە مۇسـۇلمانلاردىن ئالاھىـدە ئـارتۇق ئىـدى. ئـۇلار ھەر پۇرسـەتتە بـۇ يېڭـى دىنىنـى بۇشـىكىدىلا بوغـۇپ قويـۇش پىلانىنـى ئىـشقا ئاشۇرۇشـقا تىرىشـاتتى. مۇسـۇلمانلارنىڭمۇ ئۇلارغـا قارشـى ئـۆزلىرىنى

ھەرجەھەتتىن يېتىشتۈرۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە. ئۇلار روھىي ۋە ماددىي تەرەپلەردىن كۈچلىنىشنىڭ ئۆز-ئۆزلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇھتاج ئىدى. ھەقىقەتەن روھىي قۇۋۋەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۇنسۇرى ئاللاھقا بولغان ئىماندا چىڭ تۇرۇش، ماددىي قۇۋۋەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۇنسۇرى دىنىنى، ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا غازاتلارغا چىداملىق بولغان ئەرلەر ئىدى. ئىسلام تارىخىنى ئوقۇغان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئىپتىدائى دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىدىن ھەسسىلەپ كۆپ ۋە كۈچلۈك بولغان مۇشرىك قەبىلىلىرىنىڭ ۋە شۇ ۋاقىتلاردا دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېراتورلۇقلىرىدىن سانىلىدىغان رۇم ۋە پارس ئىمپېراتورلۇقلىرىنىڭ ئالدىدا قانداق قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىغانلىقى ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنى قانداق يەڭگەنلىكىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغىنىدا، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ سانى - ئەر - ئايال بولۇپ، ئىمام شافىئىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئاتمىش مىڭ كىشى، ئىمام رازىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، بىر يۈز يىگىرمە مىڭ كىشى ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپلىرى مۆرتەد(دىندىن يېنىۋالغان) لەرگە قارشى ئۇرۇش، تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇشلار ۋە ئىبنى سەبە ئىسمىلىك يەھۇدىينىڭ پىتنىسى بىلەن باشلانغان «جەمەل» ۋە «سىففەيىن» ئۇرۇشلىرىدا شېھىت بولۇپ تۈگەشتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۇبارەك نەسىللىرى مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ كۆپىيىشى ۋە ئاتىلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى، قەيسەرلىكلىرىنى ئۆزلىرىگە مىراس قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار كۆپ سانلىق دۈشمەنلەر ئالدىدا ئاز سانلىق بولۇپ قالمىدى، كۈچەيدى ۋە ئاخىرىدا ئۇچ قىتئەدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزەلىدى. بۇ غەلىبىنىڭ سىرلىرىدىن بىرى شۇكى، يۇقىرىقى مۆمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « ئۆيلىنىڭلار! مەن قىيامەت كۈنىدە باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئالدىدا، سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلاردىن پەخىرلىنىمەن. سىلەر خرىستىئانلارنىڭ راھىبلىرىدەك (ئۆيلىنىشتىن باش تارتىدىغان) بولماڭلار» (بەيھەقىي رىۋايىتى) دېگەن مۇبارەك ھەدىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرگەن كىشىلەردۇر. مۇسۇلمانلاردىكى ئۆيلىنىش ئارقىلىق كۆپىيىش ئۇلارنى ئاز سانلىقتىن كۆپ سانلىققا، ئاجىزلىقتىن قۇدرەتكە، نامراتلىقتىن بايلىققا ئېلىپ چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ نەسىللىرىنىڭ تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھىدە رولىنى كۆرسەتتى. ھازىرقى كۈندە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بىر مىلياردتىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا باشقا دىندىكىلەرنىڭ سانىغا نىسبەتەن ئازدۇر، شۇڭا ئۇلار رىقابەتچى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلىق سۈپىتى بىلەن ھۆر ياشاشلىرى ئۈچۈن كۆپىيىشتە، كۈچلىنىشتە يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا ئىنتايىن مۇھتاجدۇر.

## 3. ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي غايىسى

شۈبھىسىزكى، ئائىلە قۇرۇش كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا ئەھمىيەتلىك بولغان ئىقتىسادىي غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۆيلەنمىگەن بويتاق كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى قانچىلىك كۆپ پۇل تاپقانىدەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پېقىرلىقتا ياشايدۇ. بويتاق ھاياتتا بەرىكەت بولمايدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا چىقىملىرى ئادەتتە ھەسسىلەپ كۆپ بولىدۇ. ئەمما ئائىلە قۇرغان كىشى ئائىلىسىدىكىلەرگە چىقىم قىلغان بولسىمۇ، ئۇ راھەت، بەرىكەت ۋە خوشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئائىلە قۇرغانلارغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ چىقىمىنى ئەر كىشى كۆتۈرگەنىدەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ، پۇل ـ مېلىنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ. دە، قىيىنچىلىق تارتمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ياراتقان ھەر قانداق بىر جانلىقنى رىزقى بىلەن ياراتقان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىغان كىشىمۇ بۇ سەۋەبتىن پېقىر بولۇپ قالمايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ يېتەرسىزلىكى ئۇلارنىڭ ئائىلە قۇرۇشتىن ۋە پەرزەنت كۆرۈشتىن باش تارتىشلىرى ئۈچۈن ئۆزرە بولالمايدۇ.

چۈنكى ئىسلام دىنى پاكلىق ۋە تەقۋالىق دىنىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئائىلە قۇرغان كىشىلەردىن قىسمەنلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەك ياخشى بولالمىسىمۇ، ئائىلە ھاياتى پاك ۋە شەرەپلىك ھايات بولغاچقا، ئۇنىڭ بەرىكىتى، ياخشىلىقلىرى كىشىگە سائادەت بېغىشلايدۇ. ئائىلە ھاياتىدىكى ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە باللار بىلەن بولغان مېھرى ـ شەپقەت، سۆيگۈ سايىسىدا دۇنيانىڭ بەزى غەم ـ قايغۇلىرى ۋە قىيىنچىلىقلىرى ھېس قىلىنمايدۇ. نەتىجىدە، كىشى بەختلىك ئۆمۈر سۈرىدۇ. بەخت ـ سائادەت دېگەن مانا مۇشۇ. بۇنىڭغا نېمە يەتسۇن. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلىنىشكە ماددىي جەھەتتىن ئاجىز كىشىلەرنىمۇ دەرھال ئۆيلىنىشكە چاقىرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆيلىنىڭلار، ئەلۋەتتە ئاياللار سىلەرگە مال ــ دۇنيا بىلەن كېلىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئۆيلىنىش بەرىكەت تېپىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. مۇسۇلمان كىشى بۇنى ئەلۋەتتە ياخشى چۈشىنىدۇ. چۈنكى، ئۆيلىنىش كۆپۈلنى يامان غەرەزلەردىن، ئۆزىنى ھارام ئىشلاردىن ساقلىغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئەر ـ ئايال ئىككىسىنى روھىي تەرەپتىن يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ تەقۋادار بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ. تەقۋادارلىق پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ تۈرتكىسى ۋە پۈتۈن پەزىلەتلەرنىڭ ئامىلىدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ» (تالاق سۈرىسى 2 ـ 3 ـ

ئايەتلەر)

## 4. ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئەخلاقىي غايىسى

ئىسلام دىنى ئۆيلىنىش ئىشىنى ياشلارنى بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلاش ۋە جەمئىيەتنى يامان ئاقىۋەتلەردىن قوغداش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قالقان دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ ياشلارنى بۇرۇنراق ئۆيلىنىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئەي ياشلار گۇرۇھى! سىلەردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغىنىڭلار ئۆيلىنىڭلار، ھەقىقەتەن، ئۆيلىنىش كۆزنى نا مەھرەملەرگە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قاراشتىن ۋە ئۆزنى ھارامدىن ساقلايدۇ. ئۆيلىنىشكە قۇدرىتى يەتمىگەنلەر روزا تۇتسۇن، ھەقىقەتەن روزا تۇتۇش ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى ئۆزايتىدۇ. » (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئۆيلىنىشكە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قۇدرىتى يېتىدىغان ياشلار ئۆيلەنسۇن. چۈنكى، ئۆيلىنىش كىشىنىڭ دىنىنىڭ يېرىمىنى تاماملايدۇ، كۆڭلىنى راھەتلەندۈرىدۇ، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلايدۇ. تويى قىلىشقا شەرت - شارائىتى ھازىر بولمىغانلار روزا تۇتسۇن. چۈنكى روزا جىنسىي ھەۋەسنى پەسەيتىدۇ ۋە ھارام ئىشلارغا يۈزلىنىشتىن توسىدۇ دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىدە، ياشلارغا خىتاب قىلىشىدىكى سىر شۇكى، ياشلاردىكى جىنسىي قۇۋۋەت كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلاردىكى ھەۋەس ئۇلارنى ئۆيلىنىشكە بەكمۇ ھاجەتمەن قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشتىن يۈز ئۆرۈشلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان دىنىي ۋە ئەخلاقىي زىيانلار باشقىسىغا نىسبەتەن چوڭ ۋە ئېغىر بولىدۇ. ئەمما ئائىلە قۇرغان كىشى ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە ئەخلاقىنى ھەرتۈرلۈك بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلاپ قالالايدۇ.

## 5. ئائىلە قۇرۇشنىڭ ساغلىق تەرەپتىن بولغان غايىسى

ئىسلام دىنى، ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇشقا ئۈندەشتە، ياشلارنىڭ ساغلىقنى ساقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەنلەرنىڭ ئۆيلىنىش ئىشىنى تېز ھەل قىلمىغاندا، ئۇلار زىنا - پاھىشە يوللىرىغا كىرىپ كېتىشتىن ھېچ ئىككىلەنمەيدۇ. چۈنكى كىشى قانچىلىك تەقۋا بولسىمۇ، بۇ تەقۋالىقنىڭ كۈچى جىنسىي شەيتانىنىڭ ئالدىدا گاھىدا ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ قانچە قىلىپ ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىيالىسىمۇ، پىكىر — خىيالىنى جىنسىي خىياللاردىن ساقلىيالمايدۇ. بۇنداق پىكىرلەر ۋە خىياللار كۆپ ھاللاردا كىشىنىڭ يامان يوللارغا كىرىپ كېتىشىگە شەرت ھازىرلايدۇ. زىنا - پاھىشە ئىشلارنى قىلغانلار ھەرخىل ئاغرىقلارغا دۇچار بولىدۇ. شىپاسى يوق ئەڭ ۋەھشىي ئاغرىق «ئېيدىز» كېسىلى بولسا پەقەت زىنا - پاھىشىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانداقلا بىر قەۋمدە پاھىشە بولىدىكەن، ئۇلارغا ئۇلاردىن بۇرۇنقىلىرىغا يەتمىگەن ئاغرىقلار يېتىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. (تەبەرانىي رىۋايىتى)

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى كۈنىمىزدە تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلانماقتا. چۈنكى ئۇ، ئۇز خاھىشىدىن سۆزلىمەيتتى، پەقەت ئاللاھتىن كەلگەن ئىلھام بىلەن سۆزلەيتتى. تەتقىقاتلار ۋە رەسمى ستاتىستىكىلار ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە داۋالىغىلى بولمايدىغان بىر خىل جىنسىي ئاغرىقلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ ئاغرىقلارنىڭ ئەر - خوتۇن بولمىغان قىز - ئوغۇللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇنداق دەپ ئېلان قىلىدۇ: «كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى ياشلاردا خۇسۇسەن 15 ۋە 19 ياشلار ئارىسىدىكى قىزلار ئارىسىدا جىنسىي ئاغرىقلار ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ۋابانىڭ باش ئامىلى ئائىلە ھاياتىدىكى ئەخلاقنىڭ يوقلىقى، جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ تەبىئىيلىكىنى ۋە ۋەزىپىسىنى بىلمەسلىك، دىنغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ كەملىكى ۋە ئاياللارنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ئەركىنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» (مىسىرنىڭ «ئەھرام» گېزىتى 1965 - يىل 10 - ئاپرېل سانىدىن).

زىنانى ئاللاھ قۇرئاندا: « يامان يول» دەپ سۈپەتلىگەن، چۈنكى زىنا كىشىنىڭ دىنىنى، ئەخلاقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى يوق قىلغاندىن كېيىن ئۇنى «ئېيدىز» كېسىلىگە دۇچار قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى يوق قىلىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ يامان يول بولامدۇ!؟ ئۆيلەنگەن كىشىلەر بۇنداق شاقاۋەتلەردىن خالىدۇر. چۈنكى، ئۇلار جىنسىي ھەۋىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئاياللىرى ئارقىلىق قاندۇرغاچقا، ئۇلار ھارام - زىنا ئىشلاردىن ساقلىنالايدۇ. نەتىجىدە، ئۆزلىرىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىرەر ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا كۆڭلى يۈگۈرۈپ قالسا، دەرھال ئۆيىگە قايتىپ، ئايالى بىلەن بىرگە بولسۇن، ئۇنىڭدىنمۇ شۇنى تاپىدۇ» (سۇيۇتىي رىۋايىتى)

ئايالى بولغانلارغۇ بۇنداق ئەھۋاللاردا ئايالغا بېرىپ شەيتانىي ۋەسۋەسىلىرىنى ئۇنۇتىدۇ ، ئەمما ئايالى بولمىغان بويتاقلار بىرەر ئايالغا كۆزى چۈشۈپ قالغاندا نېمە قىلىدۇ؟ ئىرادىسى ئاجىز، تەقۋالىقى زەئىپ بولسا ھارام ئىشلارغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر تەقۋا، ئىرادىلىك بولۇپ، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلاپ قالالىغاندىمۇ، پىكىر خىيالىنى جىنسىي خىياللاردىن ساقلىيالمايدۇ. بۇ ھالدا ئۇ كۆپ قىينىلىدۇ، بۇخىل ئەھۋال، ئۇنىڭ ئەمەل ئىبادەتلىرىنى ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى كامىل ئادا قىلىشىغا توسقۇن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە،

ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئۆيلىنىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ھەرقانداق كىشى دۇنيادا ئەڭ بەختسىز، بىچارە كىشىلەردۇر. ئۇلاردا بايلىق، ئەيشى ـ ئىشرەت، شۆھرەت ھەممىسى تولۇق بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار دۇنيانىڭ تۇرمۇشتىن ئىبارەت ئەڭ لەززەتلىك مەنپەئەتىدىن ۋە ئاللاھنىڭ بۇ ئەڭ كاتتا نېمىتىدىن مەھرۇمدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئائىلە قۇرمىغان كىشىنى « بىچارە» دەپ تەكىت بىلەن سۈپەتلىگىنىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى: « بىچارە، بىچارە ــ ئايالى بولمىغان ئەر بىچارە» دېدۇ، ساھابىلار ــ ئەگەر ئۇ، مال ـ دۇنيادا باي بولسىچۇ؟ـ دېيىشكەندە: «ھەر قانچە باي بولسىمۇ» دېدۇ، ئاندىن يەنە ئۇ: «بىچارە، بىچارە ـ ئېرى بولمىغان ئايال بىچارە» دېدۇ، ساھابىلار يەنە ــ ئەگەر ئۇ مال ـ دۇنيادا باي بولسىچۇ ؟ ــ، دېيىشكەندە:«ھەرقانچە باي بولسىمۇ» دېدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. (ئىبنى ئەسىر رىۋايىتى)

## 6. ئائىلە قۇرۇشنىڭ روھىي تەرەپتىن بولغان غايىسى

ئىسلام دىنى ئائىلە قۇرۇشنى تەقۋالىقنى كۈچەيتىش، كۆڭۈلنى روھلاندۇرۇش ۋە پەزىلەتلەرنى ئۆستۈرۈشنىڭ ۋاستىسى دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى، ئائىلە ھاياتى بىر ـ بىرىگە مېھىر ــ شەپقەت كۆرسىتىش، بىر ـ بىرى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىش قاتارلىق ئالىيجاناپلىقنىڭ ئۆستىگە قورۇلغان بىر ھەمكارلىششىش ھاياتىدۇر. ئائىلە ھاياتىدا ئائىلە ئەزالىرى مەسئۇلىيەتلەرنى ئورۇنلاشقا، پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا چېنىقىدۇ. ئەركىشىنىڭ ئائىلىسىدىكى ھاياتىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزدە تۇتۇشتىن ئىبارەت نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى، ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىشى، ئۇلارغا مېھىر ــ شەپقەت كۆرسىتىشى، ئايالىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشى قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىبادەت. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئادىللىقى ۋە ئىلغارلىقىدىن ئائىلە قۇرۇلىشى ئىشىدا، ئايال كىشىگە ئەر كىشىنىڭ ساۋابىدىن ئۆز بولمىغان ساۋابلارنى ۋەدە قىلىدى. چۈنكى، ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ھامىلدار بولۇپ بالا كۆتۈرۈش، ئۇنى ئېمىتىش، بېقىش تەربىيىلەش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا لايىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئىنىك ئانىسى سالامە

ئىسملىك ئايال ــ يا رەسۇلەللاھ! سىز ئەرلەرگە پۈتۈن ساۋابلاردىن خۇشخەۋەر بېرىسىز، ئاياللارغىمۇ بەرمەمسىز؟ ــ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئاياللارغىمۇ كۆپ ساۋاب بار،شۇنىڭغا رازى بولمامسىز، ئۇلاردىن بىرى شۇكى، ئېرىدىن هامىلدار بولۇپ، قورسىقىدا بالا كۆتۈرگەن ئايال كىشىگە ـ ئېرىمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولغان بولسا. كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ» دەيدۇ. (ئىبنى ئەسىر رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر ھەدىسىدە، «گۇناھلاردىن بەزىبىر گۇناھلار باركى، بۇ گۇناھلار ناماز ئوقۇش بىلەنمۇ، روزا تۇتۇش بىلەنمۇ، ياكى ھەج قىلىش بىلەنمۇ، ئەپۇ قىلىنمايدۇ، بەلكى پەقەت ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا ھەممەت كۆرسىتىش بىلەنلا ئەپۇ قىلىنىدۇ» (تەبەرانىي رىۋايىتى)

دېمەك، ئائىلە قۇرۇپ، شۇ ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىش، باللىرىنىڭ، ئايالىنىڭ ئېهتىياجلىرىنى ھەل قىلىش يولىدا ئىشلەش كاتتا ئىبادەتتۇر. ئىبادەت روھنى غىزالاندۇرىدۇ ۋە ئۇنى يۇقىرى ماقاملارغا كۆتۈرىدۇ. پەرزەنتلەرنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلەش كاتتا ئىبادەت بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ يۈزىسىدىن گوناھلار ئەپۇ قىلىنىدۇ. چۈنكى قۇرئاننىڭ تەلىماتى بويىچە، ياخشى ئەمەللەر يامان ئەمەللەرنى يوققا چىقىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بالا تەربىيىلەشنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئاتا ـ ئانىلارغا خۇشخەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى ئۇنىڭ بىر قىزى بولسىمۇ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياخشى ئوقۇتۇپ، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن ئۇنى بەھرىمەن قىلىپ، ياخشى يېتىشتۇرىدىكەن، بۇ قىزنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاتا ـ ئانىسى دوزاخ ئوتىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ» (قۇرتۇبى رىۋايىتى)

دېمەك، ئۆيلىنىشنىڭ پايدىلىرىنى ۋە دۇنيا ئاخىرەتلىك سائادەتلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۆيلەنمىگەن بويتاقلارنىڭ ھاياتى غايىسىز، ئۆزلىرى بولسا بەختسىز ئۆتىدۇ.

## ئۆيلىنىشنىڭ ھېكمىتى

بۇ ماۋزۇدا سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، ئىسلام شەرىئىتىدە بويرۇلغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى پەقەت ھېكمەتتىنلا ئىبارەت دېسەك مۇبالىغە قىلمىغان بولىمىز. چۈنكى ئۇلاردا مەنىسىز، پايدىسىز ھېچ نەرسە يوقتۇر. ئۇلار ھەر نەرسىنى تولۇق بىلگۈچى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئەھكاملاردۇر. لېكىن شەرىئەت ئەھكاملىرىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا مەلۇممۇ ؟ جاۋاب: ئىنسانلارنىڭ ئىلمى ۋە ئەقىل ئىدراكى چەكلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ

ھەممە نەرسىنىڭ ھېكمەتلىرىنى ۋە مەقسەت ـ غايىلىرىنى ئىدراك قىلىپ بىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئۇزلا ئىلىم بېرىلدىڭلار» (ئىسرا سۈرىسى 85 ـ ئايەت)

بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ ئىنسانلار ئۈچۈن چۈشۈرگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسىنى ـ مەيلى بىز ئۇلارنىڭ ھېكمەت ـ سىرلىرىنى بىلەيلى، مەيلى بىلمەيلى ـ رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىنىڭ ھېكمىتىنى بىلمىگەنلىكىمىز، ئۇنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىسى يوق دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھېكمىتىنى بىلىشكە بىزنىڭ ئەقىل، ئىدراكىمىزنىڭ يېتەرلىك ئەمەس ئىكەنلىكىدۇر.

شۇنداقتىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن، ئەر ـــ ئايالدىن ئىبارەت بۇ ئىككى جىنسنىڭ بىر ـــ بىرى بىلەن ئۆيلىنىشى ئارقىلىق جۈپلىشىشنى ئىلاھىي قانۇن قىلىپ بېكىتكەنلىكىنىڭ، بىزنىڭ چەكلىك بولغان ئىنساني ئەقلىمىز ئارقىلىق بىلەلىگەن بەزى ھېكمەتلىرىنى سۆزلىگىمىز كېلىدۇ.

1. ئۆيلىنىش ئارقىلىق كىشىلەر ئەر ـــ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقاندىن كېيىن، ئۇلار زىنا ـ پاھىشە ئىشلاردىن ساقلىنالايدۇ، تېگى پاك نەسىللەرنى تېرىيالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«ئى ياشلار جامائەسى! سىلەردىن ئۆيلىنىشكە قۇدرىتى يەتكەنلەر ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى نامەھرەمگە تىكىلىپ قاراشتىن، ئەۋرەتنى پاھىشەدىن ساقلايدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى)

2. ئۆيلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى يامان ئىشلاردىن، ئەخلاقسىزلىقلاردىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۆيلىنىش بولمايدىغان بولسا، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا رەزىللىكلەر ئورتاقلاشقان بولاتتى.

3. ئۆيلىنىش ئارقىلىق ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تېگىشلىك بولغان ھەق ـ ھوقۇقلاردىن ئورتاق مەنپەئەتلىنەلەيدۇ. ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقىلار قاتارلىق ھاياتتىكى بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاشنى ئۆز ـ ئۈستىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللىرىڭلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشىڭلار، ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەقلىرىدىندۇر»

ئۇنىڭ مۇقابىلىسىگە، ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ئېھتىياجلىرىدىن چىقىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىگە مەسئۇلدۇر، ئۇ، ئۆي ئىشلىرىدىكى مەسئۇلىيىتىدىن سورىلىدۇ»

(بۇخارى رىۋايىتى)

4. ئــۆيلىنىش ئــارقىلىق كىــشىلەر يــات ئــائىلىلەر، قەبىلىــلەر، ھەتتــا مىللەتــلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئـارا تۇغقانچىلىق رىشتىنى باغلايدۇ، بىر ـ بىرىنى تونۇمايدىغان ئائىلىلەر، ئۆزئـارا قۇدىلىشىش ئـارقىلىق بىر- بىرى بىلەن تونۇشۇپ تۇغقان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئاخىرى بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالىدۇ.

5. يەر يۈزىدە ئىنسان نەسلىنىڭ ساغلام ھالدا داۋام قىلىشى پەقەت ئەر بىلەن ئايال ئىككى جىنسنىڭ بىر- بىرى بىلەن ئۆيلىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئــاللاھ مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــى ئىنــسانلار ســىلەرنى بىرئىنــساندىن (يەنــى ئــادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتى (يەنى ھەۋۋا) نى ياراتقان ۋە ئـۇلاردىن نۇرغـۇن ئەر- ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار ». (نىسا سۈرىسى 1 ـ ئايەت)

ئەگەر ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئـارا ئـۆيلىنىش بولمايدىغان بولسا، تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرى بولاتتى، يـاكى ئىنسانىيەتنىڭ نەسلى تۈگەشكەن، ياكى زىنا ـ پاھىشە ئارقىلىق ئەسلى ـ پەسلى بىلىنمىگەن ئەخلاقسىز ئىنسانلار مەيدانغا كەلگەن بولاتتى.

## ئۆيلىنىشنىڭ پايدىلىرى

ئۆيلىنىشنىڭ پايدىلىرى ناھايىتى كۆپتۇر، ئۇلاردىن:

### پەرزەنت كۆرۈش

پەرزەنت كـۆرۈش ـ ئۆيلىنىشنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسىدۇر. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۆزئـارا ئــۆيلىنىش يەر يۈزىــدە ئىنــسان نەســلىنىڭ داۋام قىلىــشى ئۈچــۈن ئــاللاھ تەرىپىــدىن بېكىتىلگەن تەبىئىي قـانۇنىيەتتۇر. ئەر- ئاياللاردىكى جىنسىي ھەۋەسمۇ شـۇ مەقسەت ئۈچـۈن يارىتىلغـان. ئىنـسان نەسـلىنىڭ ئۈزۈلـۈپ قالماسـتىن، داۋام قىلىـشى ئـۆيلىنىش ئــارقىلىقلا ئەمەلــگە ئاشــىدۇ. ئــاللاھ ئەگەر ئىنــسان نەســلىنى كــۆپەيتىش ۋە داۋام قىلدۇرۇشـتىن ئىبـارەت بـۇ غايىـسىنى ئەمەلـگە ئاشـۇرۇش ئىـشىنى ئـۆيلىنىش قـانۇنىيىتىگە باغلىماسـتىن، باشـقا بىـر يـول بىلەنمـۇ يۈرگۈزۈشـكە قـادىر ئىـدى. لـېكىن ئـاللاھ نىـڭ ھېكمىتى دۇنيا ئىشلىرىنى سەۋەبلەر قانۇنىغا باغلاشنى تەقەززا قىلغاچقا، پەرزەنت كـۆرۈش ۋە بـۇ ئـارقىلىق ئىنـسان نەسـلىنى داۋام قىلـدۇرۇش ئىـشىنى ئەر بىـلەن ئايـال ئىككـى جىنــسنىڭ بىر- بــىرى بىــلەن ئۆيلىنىــشىگە باغلىغــان. پەرزەنــت كۆرۈشــنىڭ دۇنيــا ۋە

ئاخىرەتلىك پايدىلىرى ناھايىتى كۆپ.

**پەرزەنت كۆرۈشنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى:**

1. ئىنسان پەرزەنتلىرى بىلەن گۈللەپ ياشنايدۇ ۋە كۆكلەيدۇ.

2. پەرزەنتلەر ئائىلىنىڭ گۈللىرىدۇر. بۇ خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ پەرۋىشى بىلەن مەشغۇل بولغان ئاتا ـ ئانا بەختلىك ئاتا ـ ئانىلاردۇر.

3. پەرزەنتلىرى بار كىشىلەرنىڭ ئۆمرى خوشال ۋە سائادەتلىك ئۆتىدۇ.

4. پەرزەنتلىرى بار كىشىلەر ياشانغانلىرىدا، شۇ پەرزەنتلىرىنىڭ راھەتلىرىنى كۆرىدۇ، جاپا ـ مۇشەققەتلەردە ئۆزلىرىنى يالغۇز ھېس قىلمايدۇ.

5. پەرزەنتلىرى بار كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ كېلەچىكىگە ئۈمىت كۆزىنى تىكىپ، ئۇلارنىڭ غەلبىلىرى بىلەن كۆڭۈللىرىنى خوش قىلىپ ئۆتىدۇ. چۈنكى باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇگۈنى ۋە ئەتىسىدۇر.

6. پەرزەنتلىرى بار كىشىنىڭ نام ـ نىشانىسى ئۆچۈپ كەتمەيدۇ.

پەرزەنت كۆرۈشنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى:

1. ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش

پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيلەنگەن كىشى ئاللاھنىڭ ئىنسان نەسلىنى يەر يۈزىدە داۋام قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئاللاھ تامام قىلماقچى بولغان بۇ ئىشنى بېجىرگەن بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىپ ئۆيلەنگەن كىشى ئۇنىڭ «ئۆيلىنىڭلار، كۆپىيىڭلار! قىيامەت كۈنىدە مەن باشقا ئۇممەتلەرنىڭ ئالدىدا، سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلاردىن پەخىرلىنىمەن» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ.

3. ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ياخشى پەرزەنتنىڭ دۇئاسىدىن بەھرىمەن بولۇش.

ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭغا ساۋابى يېتىپ تۇرىدىغان ياخشىلىقلارنىڭ بىرى، پەرزەنت كۆرۈپ ئۇنى ياخشى تەربىيىلەشتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «ئادەم بالىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، پەقەت ئۈچ نەرسىنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ: مەنپەئەتلىك ئىلىم، ئومۇمغا پايدىلىق ياخشى ئىش، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت» (مۇسلىم رىۋايىتى)

بەزىلەر ئەگەر ئۇ بالا ئاتا - ئانىسىغا دۇئا قىلىدىغان ياخشى پەرزەنت بولماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىققان بولسا قانداق بولىدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن، بالىلارنىڭ مۇنداق بولۇپ چىقىشى ئۇ كىشىنىڭ ياخشى نىيىتىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئەمما ياخشى نىيەتنى كۆزلىگەن دىيانەتلىك كىشى ئەگەر پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلسا، پەرزەنتلىرىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىنى قايتۇرىدۇ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ.

4. ئەگەر پەرزەنتى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭغا شاپائەتچى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: « نارىسىدە باللار قىيامەت كۈنىدە ئاتا - ئانىسىنى جەننەتكە تارتىدۇ» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

## ھارامدىن ساقلىنىش

ئۆيلەنگەن كىشى جىنسىي ھەۋەسنى ھالال ئايالى بىلەن قاندۇرۇش ئارقىلىق شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ساقلىنىدۇ، كۆزىنى، ئەزايىنى ھارامدىن ساقلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «ئۆيلەنگەن كىشى دىنىنىڭ يېرىمىنى كامىللىغان بولىدۇ. قالغان يېرىمىنى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش ئارقىلىق تاماملايدۇ» (ئەھمەد رىۋايىتى)

ئۆيلىنىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ساقلىنىپ، گۇنا - يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى قوغداشقا ۋە ئىپپەتلىك بولۇشقا تۈرتكە بولىدىغان بىردىن - بىر قالقان بولغان ئىكەن، ئۇ، ئىسلام دىنىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن سانىلىدۇ. چۈنكى جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۈچىگە تەقۋالىقنىڭ كۈچىمۇ بەزىدە ئاجىز كېلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ قۇرئاندا، «ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ» دەيدۇ. (ئەنفال سۈرىسى 73 - ئايەت).

كىشى ھەرقانچە تەقۋا بولسىمۇ پەقەت كۆزىنى ۋە ئەزايىنى ھارامدىن ساقلىيالايدۇ، ئەمما كۆڭلىنى ۋە پىكىر ــ خىياللىرىنى جىنسىي خىياللاردىن ساقلىيالمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ

ئىختىيارىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىش بولغانلىقتىن، زادى ئۆيلەنمىگىچە ئۇنىڭ پىكىر - خىياللىرى جىنسىي پىكىرلەردىن ساقلىنالمايدۇ، ھەتتا نامازئەسنالىرىدىمۇ كۆڭلىنى خاتىرجەم تۇتالمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەردائىم«ئى ئاللاھ سېنىڭدىن قەلبىمنى پاك قىلىشىڭنى ۋە ئەزايىمنى ھارامدىن ساقلىشىڭنى تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.(بەيھەقىي رىۋايىتى)

بىر پەيغەمبەرنىڭ قەلبىنىڭ پاك بولماسلىقى ۋە ئەزايىنىڭ ھارامدىن ساقلىنالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئاسى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا شەيتاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى ۋە دۇئانىڭ قانداق قىلىنىشىنى كۆرسەتكەن.

## كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش

ئىنسانىنىڭ كۆڭلى كۆپىنچە، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشىدۇر. ئۇ، ھەقتىن قاچىدۇ، مەنئى قىلىنغان ئىشنى ياقتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنى بىرەر ئىشقا زورلىسا، شۇ ئىشقا ئادەتلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق چىداملىق بولىدۇ، ئۇنى لەززەتلەر بىلەن راھەتلەندۈرسە، ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئاشىدۇ. كىشى ئايالى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ئارقىلىق غەم ـــ قايغۇ ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنۇتىدۇ.

شۇڭا ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: «ئاياللار بىلەن ئۇنسى - ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھ) نىڭ ئولارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھىر ـــ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر» دەيدۇ. (رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەت)

## ئۆي ئىشلىرىدىن ئازات بولۇش

ئۆيلەنگەن كىشى تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش ۋە ئۆي سۈپۈرۈش قاتارلىق ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ئازات بولغان بولىدۇ. ئىنساندا ئەگەر جىنسىي ھەۋەس بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز تەنھا ئۆتۈشى ۋە ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى قىيىن ئىش. چۈنكى ئۇ، ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالسا، مەئىشەت ئۈچۈن ئىشلەشكە، دىن ۋە ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا سەرپ قىلىدىغان ۋاقتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى زايا بولۇپ كېتىدۇ. ياخشى ئايال بۇ ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئارقىلىق ئېرىنىڭ دىنىغا ۋە دۇنيالىقىغا ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولالايدۇ. يالغۇزلۇق كىشىنىڭ ۋاقتىنى ۋە كۆڭلىنى مەشغۇل قىلىدىغان بىر كەمچىلىكتۇر. شۇڭا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەلبىڭلار ئاللاھقا شۈكۈر قىلىدىغان، تىلىڭلار ئاللاھنى زىكىر قىلىدىغان ۋە ئاياللار سىلەرنىڭ ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن ياردەم بېرىدىغان مۆمىن ئاياللاردىن بولسۇن» (تىرمىزى رىۋايىتى)

ئەبۇ سۇلايمان دەرانىي بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئايال كىشى دۇنيالىق ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ سىزنى راھەتلەندۈرىدۇ»

## ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش

ئۆيلەنگەن ئەر كىشى شۇ ئائىلىنىڭ ئىگىسى ۋە باشلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئائىلىدىكىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، دىنىي تەلىماتلارنى ئۈگىنىشكە ئۈندەش، ئاياللىنىڭ قىسمەن يېتەرسىزلىكى ۋە ئۆزگىرىشچان مىجەزىگە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، ئۇلار ئۈچۈن ھالال كەسىپ قىلىپ ئىشلەش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنى كۆپلىگەن جاپالىق ۋە شەرەپلىك ئىشلار بىلەن چېنىقتۇرۇپ يېتىشتۈرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ئىشلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى! ھەممىڭلار خۇددى چوپانغا ئوخشاش مەسئۇلىيەت ئىگىسى، سىلەر ھەممىڭلار قول ئاستىڭلاردىكىلەردىن مەسئۇل» (بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

يەنى ھەركىشى ئۆز ئائىلىسىدىكىلەردىن، خۇددى چوپان پادىلىرىدىن مەسئۇل بولغاندەك مەسئۇلدۇر. پادىلارنى زايا قىلىۋەتمەستىن، ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇبدان بېقىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلغان چوپان خوجايىنىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندەك، ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىپ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئاتىمۇ ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ، ئەكسىچە ھالدا جازاغا يولۇقىدۇ دېگەنلىكتۇر.

## تۇرمۇش قۇرغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

قىز يىگىتلەر بالاغەتكە يېتىپ، كۆڭۈللىرىگە خىياللار كىرىشكە باشلىشى بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ زېھنى كېلىچەك تۇرمۇشىدىكى شېرىكى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە تەربىيە ئالغان مۇھىتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغىنىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن جۈر تاللاشتىكى قىزىقىشلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان جورىسىنىڭ شەكلى

گۈزەللىكنى كۆزدە تۇتسا، بەزىلەر ئۇنىڭ بايلىقنى ياكى جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقلا بىر جەمئىيەتتە بولمىسۇن، تۇرمۇش قۇرغۇچىلاردا ئومۇمەن كۆزدە تۇتىلىدىغان ئاساسلىق سۈپەتلەر. لېكىن يۇقىرىقى سۈپەتلەر ئىچىدە ھەممىدىن ئېسىل ۋە ئەڭ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەيدىغان سۈپەت قايسى دېگەندە، ئۇ دىيانەتتۇر. تۇرمۇش قۇرغۇچىنىڭ جورىسىدىن ئىزدەيدىغان ئەڭ ئالىي ئەۋۋەلقى نەرسىسى دىيانەت بولۇشى لازىم. ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتى كۆپلىگەن مەسئۇلىيەت ۋە مۇشەققەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھايات بولۇپ، شارائىتلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ ئاساسى ئەگەر پۇل - مالنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا، يەنى ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مال دۇنياسىنى كۆزلەپ ئۆيلەنگەن بولسا، پۇل - مال دېگەن بىرخىل تۇرمايدۇ. جاھان ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، تۈنۈگۈنكى باينىڭ بۈگۈن گاداي بولۇپ قېلىشى تەبئىي ئەھۋال. مال - دۇنيا قولدىن كەتكەن ۋاقىتتا، بۇ تۇرمۇشنىڭ ئاساسى يىقىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق تۇرمۇش مال - دۇنيانى كۆزلەپ، بايلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا قۇرۇلغان بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا نېمە بولماقچى ؟ ئەگەر بۇ تۇرمۇش گۈزەللىك ياكى مەنسەپنى ئاساس قىلغان ھالدا قورۇلغان بولسا، گۈزەللىك ھەممىشە بىر خىل تۇرمايدۇ. ئۇ، يىللار بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەنسەپ دېگەنمۇ بۈگۈن بار، ئەتە يوق بولۇپ تۇرىدۇ. ئەر - ئاياللىق ھاياتى ئۆز ئاساسىنى يوقاتقاندىن كېيىن نېمە بولماقچى؟

شۈبھىسىزكى: بۇنداق شارائىتتا، ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا چوقۇم جېدەل - ماجىرا چىقىدۇ، نەتىجىدە، ئۇلار ئاجرىشىدۇ ياكى بەختسىز ھالدا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى بۇ تۇرمۇش ئۆزگەرمەيدىغان سابىت نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلماستىن، بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شەخسىي مەنپەئەتلەرنى ئاساس قىلغان تۇرمۇشتۇر. ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتى ئەگەر دىيانەتنى ئاساس قىلىپ دىنىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدىكەن، دىن - مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ سابىت ۋە ئەڭ كۈچلۈك نەرسىدۇر. شۇڭا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بارلىق نەرسىسى يوقالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ دىنى قەتئىي يوقالمايدۇ، ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدىكىلىرىگە ئۆزىدىن باشقىسى ئىگە بولالمايدۇ.

مەلۇمكى، مۇسۇلمان كىشى مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئۇ باياشاتلىق، ياخشى كۈنلەردە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. قاتتىقچىلىق ۋە ئېغىر كۈنلەردە ئاللاھ تائالاغا سەۋر قىلىدۇ. رىئاللىققا ئىمانى ۋە سەۋرچانلىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئامەت كەلگەندە بىر - بىرىگە ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ، زىيان تارتقاندا بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلمايدۇ. دىيانەتنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئائىلىدىكى ئەر - ئايال مانا مۇشۇنداق

بولىدۇ. ئۇلار رىئاللىقتا قانائەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قارشى تەرەپنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تونۇيدۇ ۋە يولىدا ئادا قىلىدۇ.

## تۇرمۇش قۇرۇشتا ئەرلەرنىڭ جور تاللىشى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە، ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. (ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسنى ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە، مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار. ھۆر مۇشرىك ئەرلەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار) سىلەرنى دوزاخقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە سىلەرنى جەننەتكە ۋە مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ﴾. (بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەت)

ئىسلام دىنى نەزەرىدە، ئايال كىشىلەر سۈپەتلىنىدىغان ۋە زىننەتلىنىدىغان ئەڭ ئېسىل ۋە گۈزەل سۈپەتلەرنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان خىتابىدا مۇنداق بايان قىلىپ كۆرسىتىدۇ: ﴿ئەگەر ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرنى قويۇۋەتسە پەرۋەردىگارى (ئۇنىڭغا) سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى(ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ) ئەمرىگە بويسۇنغۇچى، (ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى بېرىشى مۇمكىن.﴾ (تەھرىم سۈرىسى 5 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت، خاتىرجەم، بەرىكەتلىك ۋە ئېسىل بىر ئائىلىنى تەسىس قىلىشتا ئايال كىشىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان بارلىق ئېسىل پەزىلەت ۋە گۈزەل سۈپەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ بېشىدا:

1. «بويسۇنغۇچى» دېگەن سۈپەت بايان قىلىنغان، چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغان ئايال ئېرىنىڭ خاھىشىغىمۇ چۇقۇم بويسۇنىدۇ ۋە ئۈستىدىكى ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تونۇيدۇ.

2. «ئىمان ئېيتقۇچى» دېگەن سۈپەت بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار ئايال كىشى ھەر قانداق ياخشى ئىشنى رىياسىز ھالدا، ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ. ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقلاردىن يىراق بولىدۇ. ئېرى ئۇنىڭ يېنىدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئېرىگە

ھەمىشە ۋاپا قىلىدۇ.

3. «تەۋبە قىلغۇچى »دېگەن سۈپەت بولۇپ، بۇرۇن قىلغان خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى بىلىدىغان ئايال كىشى ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك توغرا ئىشلىرىنى بىلىدۇ. ئېرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى بەختلىك قىلىشنى بىلىدۇ. ئېرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن توغرا ئىش قىلىشقا تىرىشىدۇ.

4. «ئىبادەت قىلغۇچى» دېگەن سۈپەت بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ئايال كىشى ئەلۋەتتە، ئېرىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ھەققىنى تونۇپ، قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى جايىدا ئورۇنلايدۇ. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ ئېرىنى ھۆرمەتلىشىنىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر.

5. «روزا تۇتقۇچى» دېگەن سۈپەت بولۇپ، روزا تۇتۇش بىلەن بولسۇن، مەيلى باشقا نەپلى (ئىختىيارى) ئىبادەتلەر بىلەن بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششنى خالىغان ئايال كىشى ھەر ھالدا ئېرىنىمۇ رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئېرىنىڭ رازىلىقى ئايالنىڭ ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىششىغا ۋاستە بولىدۇ.

يۇقىرىقى سۈپەتلەر ئىسلام نەزەرىدىكى ئەڭ ئۆلگىلىك ئايال كىشىنىڭ مىسالىدۇر. ئۆلگىلىك ئايال ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرـ پەرمانلىرىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن قورقىدىغان، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئايال دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «دۇنيا مەنپەئەتتۇر، دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتى ئۆلگىلىك ئايال كىشىدۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرمۇش قۇرغۇچىنىڭ ئۆز جورىسىنى قانداق تاللىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئايال كىشىلەرنى تۆت نەرسىگە قاراپ تاللايدۇ، ئۇنىڭ بايلىقىغا، چىرايىغا، نەسەبىگە ۋە ئۇنىڭ دىيانىتىگە. سەن ئەڭ ئاۋۋال دىيانەتلىك بولغىنىنى تاللىغىن ، ئەگەر ئانداق قىلمىساڭ چوقۇم زىيان تارتىسەن» (بۇخارى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەدىستە، كىشىلەرنىڭ بىرگە تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئاياللاردىن تەلەپ قىلىشىدا ئومۇمۇم بولغان تۆت خىل سۈپەتنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا، دىيانەتنى ئاۋۋال تاللاش، ئۇنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

بەزى كىشىلەر جورىسى بولىدىغان ئايالنىڭ دىيانىتى ۋە ئەخلاقىدىن قەتئىينەزەر ھالدا، دۇنيانىڭ قاتتىقچىلىقلىرىغا تاقابىل كېلىشتە ياردەمچى بولۇپ قالار دېگەن مەقسەت بىلەن ئۇنىڭ بايلىقىنىلا كۆزلەپ ئۇنى تاللايدۇ.

بەزى كىشىلەر ئايال كىشىنىڭ مەنسىپى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆزلەپ ئۇنىڭ دىيانىتىدىن ۋە ئەخلاقىدىن قەتئىينەزەر ھالدا، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال، ئايال كىشىنىڭ دىيانىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇنى تاللايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسى مانا مۇشۇ. «دىيانەتلىك» دېگەن سۈپەت يۇقىرىقى ئۈچ سۈپەت بىلەن بىرگە تېگىلسا تېخىمۇ ياخشى بولغىنى، ئەگەر باشقىسى بولمىسىمۇ، دىيانەت ئۆزى يالغۇزلا يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ئەلۋەتتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئايال كىشىنىڭ دىيانىتىدىن خەۋەرسىز ھالدا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىغا ياكى گۈزەللىكىگە ياكى نەسەبىگە ياكى جەمئىيەتتىكى ئابرويىغا بېرىلىپلا، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ پالاكىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئايال كىشىنى ئۇنىڭ ئابرويىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن، ئۇ خورلۇقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. كىمكى ئۇنى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن، ئۇ پېقىرلىقتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. كىمكى ئۇنىڭ نەسەبىنى كۆزلەپ تاللايدىكەن، ئۇ پەقەت رەزىللىكتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. كىمكى ئايال كىشىنى، كۆزىنى نامەھرەمگە تىكىلىپ قاراشتىن، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاشنى مەقسەت قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ دىيانىتىنى دەپ ئالىدىكەن، ئاللاھ ھەر ئىككىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ» (تەبەرانىي رىۋايىتى)

يەنەبىر ھەدىستا مۇنداق دېيىلگەن: «ئايال كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ چىرايىنىلا كۆزلەپ ئالماڭلار. ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، ئۇلارنىڭ سىلەرنى كۆزىگە ئىلماسلىقىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ بايلىقىنى كۆزلەپ ئالماڭلار، بايلىقى ئۇلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنى دىيانىتىنى كۆزلەپ ئېلىڭلار. دىيانەتلىك بولغان، قارا تەنلىك دېدەك، دىيانىتى بولمىغان ھۆر گۈزەلدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر». (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىدىن، بايلىقىدىن ۋە ئابرويىدىن پايدىلىنىشتىن توسمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى بەزى ئاياللاردىكى ئاقىۋەتسىز، ۋاقىتلىق گۈزەللىككە، مال - دۇنياغا ۋە ئابرۇيغا قىزىقىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ دىيانىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەرنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى، بەلكى ئەڭ ئاساسلىق ھەم مەڭگۈلۈك بولغان دىيانەتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئۆزلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئايال كىشىنىڭ ئىقتىسادىنى ياكى گۈزەللىكىنى ياكى جەمئىيەتتىكى ئابرۇيىنىلا كۆزلەپ، ئۇنىڭ دىيانىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماستىن، قۇرۇلغان تۇرمۇش كىشىنى داۋامسىز، ۋاقىتلىق نەرسىلەرگە قۇل قىلغان بولىدۇ. بۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ سائادىتىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى ۋاقىتلىق لەززەتلەر ئارىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ سىرتمىسىغا ئاسقان بولىدۇ. تۇرمۇشتا ئۇ ھەرگىزمۇ خاتىرجەملىك ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى، دىيانەتسىز گۈزەل ئايال مەغرۇر ۋە ھاكاۋۇر كېلىدۇ. دىيانەتسىز باي ئايال ھەددىنى بىلمەيدىغان، چوڭچى كېلىدۇ. دىيانەتسىز ئالىي نەسەبلىك ۋە ئابرۇيلۇق ئايال مۇتەكەببىر كېلىدۇ. ئەمما دىيانەتلىك ئايال كىشى كەمتەر، ئىتائەتچان، ئېسىل، ئەخلاقلىق، سەۋر ـ تاقەتلىك كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ، گۈزەل جامالغا، بايلىققا، ئابرويغا ئىگە ئايال بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزى دىيانەتلىك بولغاچقا، ئۆز ھەددىنى بىلىدىغان، ھەمىشە بىر خىل تۇرىدىغان، ئېسىل، پەزىلەتلىك كېلىدۇ. شۇڭا دىيانەت يۇقىرىقى ئۈچ خىل سۈپەتنى بېسىپ چۈشىدۇ.

11ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر دانىشمەن ۋە ئۇلۇغ پەيلاسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپ دۇنياغا داڭلىق ئەسىرى«قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇنداق دەپ يازغانىكەن:

دېسە كىم ئۆيلىنەي، ئەي ئەرلەر بېشى،
ئالار شۇ تۆت خىلدىن بىرىنى ئۇ كىشى،
بىرى باي خوتۇننى ئالماق ئىستەر ،
ئۇ بىرسى چىرايلىق ئۈچۈن كۆز تىكەر،
يەنە بىرسى ئېسىل نەسەبلىك تىلەر،
ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قوۋۋانىپ يۈرەر.
بىرسى ئىستەر نەپىس تەقۋادارنى،
ئۇنى تاپسا باغلار ئاڭا كارىنى،
بۇلارنىڭ ئۇبدىنىنى ئېيتاي مەن ساڭا،
ئالۇر بولساڭ قۇلاق سال ماڭا،
ئايا باي خوتۇنغا ئىنتىلگۈچى جان،
ئەسىر بولما ئاڭا ئى ئالىم ئىنسان،

گۈزەلنى تىلەگەن ئى ئەر ياخشىسى،

ئۇنى ئالساڭ ياغار ئەلنىڭ كۈلكىسى.

ئەي ئەسلى بۈيۈككە ئىنتىلگۈچى سەن،

ئۆمرۈڭنى خار ئەتمە بۇنىڭ بىلەن.

ئېرىغ تەقۋا بولسا ئۇ، ئېسىل بولۇر،

قالغان ئۈچ نەرسىمۇ ئۇندا تېپىلۇر.

ھېكىم سەن بىر تەقۋا خوتۇن ئىستىگىل،

ئۇ بولسا، بولۇر بۇ تۆت شەرتمۇ بىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ يۇقىرىقى بېيىتلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ توغرىدا ئېيتقان ھەدىسلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ توغرىدىكى پرىنسىپى كۈندىن كۈنگە ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە ھەقىقەتكە ئايلانماقتا. جەمئىيىتىمىز ۋە پۈتۈن ئىنسانلار جەمىيىتىدە تەكرارلىنىپ كەلگەن تەجرىبىلەرمۇ، بۇ پرىنسىپنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە.

ئىسلام نەزەرىدىكى ئۆلگىلىك ئايالنىڭ سۈرىتىنى تۆۋەندىكى ھەدىستا كۆرىمىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق ئايال كىشى ئەڭ ئۆلگىلىك ياخشى ئايال كىشى سانىلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: « ئېرى ئۇنىڭ چىرايىغا قارىسا ئۇنى مەمنۇن قىلالايدىغان، ئۇنى بىرەر ئىشقا بۇيرىسا ئورۇنلايدىغان، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشتىمۇ ئېرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشمايدىغان، ئېرىنىڭ ئامانىتىنى ھەر ھالەتتە ساقلىيالايدىغان ئايال، ئەڭ ئۆلگىلىك ياخشى ئايالدۇر» (نەسائىي رىۋايىتى)

ئىمام غازالى «دىنىي ئىلىملەرنى راۋاجلاندۇرۇش» ناملىق ئەسىرىدە، ئەسما ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ، قىزىنىڭ توي كۈنىدە ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەسما قىزىغا مۇنداق دېگەن: «ئەي قىزىم! سەن ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇۋاڭدىن ئايرىلىپ، ساڭا تونۇشلۇق بولمىغان ئۇۋىگە ۋە سەن بىرگە بولۇپ كۆرمىگەن دوستىنىڭ يېنىغا كېتىپ بارىسەن!

سەن ئۇنىڭغا زېمىن بولساڭ، ئۇ ساڭا ئاسمان بولىدۇ. سەن ئۇنىڭغا بىسات بولساڭ، ئۇ ساڭا تۈۋرۈك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسە سورىما، ئۇ سەندىن زېرىكىپ قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشما، ئۇ سېنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ساڭا يېقىنلاشسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىن. ئەگەر ئۇ سەندىن ئۇزاقلاشسا، سەنمۇ ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشقىن. ئۇنىڭ نومۇسىنى ۋە ئىپپىتىنى ساقلىغىن. ئۇ سەندىن پەقەت خوشپۇراقنىلا پۇرسۇن. ئۇ سەندىن پەقەت گۈزەل سۆزنىلا ئاڭلىسۇن. ئۇ سەندىن پەقەت گۈزەللىكنىلا كۆرسۇن» («دىنى ئىلىملەرنى راۋاجلاندۇرۇش» 4 ـ جىلد 163 ـ بەت)

## تۇرمۇش قۇرۇشتا ئاياللارنىڭ جور تاللىشى

ئىسلام نەزەرىدىكى ياخشى ئەر كىشى ـ ئۇنىڭدا پۈتۈن ئىنسانلىق پەزىلەتلەر ۋە ئەرلىك خىسلەتلەر مۇجەسسەملەنگەن، ھاياتلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان، دىيانەتلىك، راستچىل ئەركىشىدۇر.

ئەر كىشى قانچىلىك باي بولۇپ كەتسۇن ياكى چوڭ مەنسەپلىك بولسۇن، دىيانەتتىن ۋە گۈزەل ئەخلاقلاردىن خالىي بولىدىكەن، ئۇ، ئىسلام نەزەرىدىكى ياخشى ئەر كىشى سانالمايدۇ.

ئۆيلەنمەكچى بولغان قىز ــ چوكانلار ئەگەر تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلسا، ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام نەزەرىدىكى ياخشى ئەرنى تاللىشى، شۇنىڭدەك دىيانەتسىز ئەرلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە، مال دۇنياسىغا، يۈز ــ ئابرۇيىغا، ئالىي مەنسىپىگە ئالدىنىپ كەتمەسلىكى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام نەزەرىدىكى ياخشى ئەرنىڭ خىسلەتلىرىنى ئىخچاملىغان ۋە ئۇنى دىن بىلەن ئېسىل ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىگە مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «دىنى بىلەن ئەخلاقى سىلەرنى رازى قىلىدىغان، قانداقلا بىر كىشى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، ئۇلارنى قىز ئۆيلەندۈرۈڭلار! ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، يەر يۈزىدە چوڭ بۇزۇقچىلىقنى تېرىغان بولىسىلەر»، ساھابىلار ــ يا رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇنىڭدا (يەنى يېقىرلىك ياكى تېگى پەسلىك) بولسىچۇ ؟ ـ دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «دىنى ۋە ئەخلاقى سىلەرنى رازى قىلىدىغان، قانداقلا بىركىشى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، ئۇلارنى قىز ئۆيلەندۈرۈڭلار» دېگەن ئىبارىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. (تىرمىزى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى زەيد ئىبنى ھارىسەگە ياتلىق قىلماقچى بولغاندا، زەينەپ ئېسىل نەسەبلىك بولغىنىنىڭ ئۈستىگە، گۈزەل جامالغا ئىگە ئايال بولغاچقا، زەينەپ ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى زەيدنى ياقتۇرمىغان پۈزۈتسىيىدە بولىدۇ. شۇۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇنۇ ئايەت چۈشىدۇ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغاندا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ

(يەنى ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ) كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئۇزغان بولىدۇ» (ئەھزاپ سۈرىسى 36 ـ ئايەت)

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشىنىڭ مىقياسى تەقۋالىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پرىنسىپىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە تەتبىق قىلغانلىقىنىڭ بىر نەمۇنىسىدۇر. ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئارتۇقچىلىقىنىڭ مىقياسىنى ۋىجدانىنى ئىدارە قىلىدىغان، ھاياتلىققا سادىق نەزەر بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا توغرا موئامىلە قىلىدىغان، ئېسىل پرىنسىپلارغا باغلىق قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالدىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا ـ ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» (ھوجۇرات سۈرىسى 13 ـ ئايەت)

چۈنكى، دىيانەتلىك كىشى ئۈستىدىكى ئايالىغا مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلارنى تونۇيدۇ. ئايالىنى ياقتۇرغاندا ھۆرمىتىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ قالغاندا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئايالى ئەگەر ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەستىن ئايرىلىدۇ. چۈنكى، تەقۋا كىشى دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقىدىغان كىشى دېگەنلىكتۇر.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت ـ قەلبنىڭ مەھبۇبى تەرەپكە بولغان مايىللىقى دېمەكتۇر. مۇھەببەت پەقەت قەلبتە بولىدۇ. ئەر ـ ئاياللىق ھاياتى پەقەت ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان چىن مۇھەببىتى بولغاندىلا بەختلىك ۋە سائادەتلىك بولالايدۇ. ئەر ـ ئاياللىق ھاياتتا ئورتاق مۇھەببەت ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك نەرسىدۇر. مۇھەببەت ئەسلىدە، ھەر كىشى ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغان پاكىز، ئېسىل بىر ئەنئەنىدۇر. ئەمما ـ ئەپسۇسلىنارلىقكى ـ كۈنىمىزدە، مۇھەببەت سۆزى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قولاقلىرىغا چىرايلىق ئاڭلانمايدۇ. ئۇلار مۇھەببەت دېسە، ئۇنى بىر گۇناھ ئىش دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، پاك مۇھەببەت ـــ بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. كىشىلەرنىڭ

مۇھەببەت سۆزىنى بىر خىل گۇناھ ـ مەسىيەت دېگەن قاراش بىلەن چۈشىنىپ قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، زامانىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر مۇھەببەت شۇئارى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئايالى بولمىغان يات ئاياللار بىلەن يولسىز ئالاقە قىلىشىدۇ ــ ئۇلار بىلەن بىرگە تىياتىرغا بېرىشىدۇ، بىرگە تانسا ئوينايدۇ، ھاراق ـ شاراپ سورۇنلىرىغا بىرگە بېرىشىدۇ، بەزىلەر ئىش ئورۇنلىرىدا خىزمەت باھانىسى بىلەن يات ئاياللار بىلەن يولسىز ئالاقە باغلىشىدۇ، يۇقىرىقى يولسىز مۇناسىۋەتلەر تەرەققىي قىلىپ، ھەتتا پاھىشە ئىشلارنى قىلىشىدۇ.

دېمەك: بەزى كىشىلەر پۈتۈن بۇزۇقچىلىقلارنى مۇھەببەت شۇئارى ئاستىدا قىلىشىدۇ. بۇ خىل بۇزۇقچىلىقلارنى كۆرگەن خەلق مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولىدىكەن دەپ چۈشىنىپ، مۇھەببەت سۆزىنى يامان كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالغان.

ھەقىقىي پاك مۇھەببەت ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدىغان رەزىل نەرسە ئەمەس،بەلكى ئۇنى يولىدا قوللانسا ئېسىل ئەنئەنىدۇر. ئەمما بەزى كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت شۇئارى ئاستىدا قىلىۋاتقان بۇ يولسىزلىقلىرى ھەرگىزمۇ مۇھەببەت دېيىلمەيدۇ. بەلكى بۇنداق ئىشلار ئالدامچىلىق ۋە ئەدەپسىزلىكتۇر.

پاك مۇھەببەت ـ قەلبنى گۈللەندۈرىدۇ. كىشى بىرسىگە كۆڭلىنىڭ مايىل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. بەلكى مۇھەببەتنى يامان يولغا قوللىنىپ، يولسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئىنساننىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، قەلبىگە چۈشۈپ قالغان نەرسىلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ئەمما سەۋەبلەر ئارقىلىق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. سەۋەبلەر قايسى دېگەندە، ئۇلار: ئۆزىنىڭ ئايالى بولمىغان بىرسىگە، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش نىيىتى بىلەن تىكىلىپ قاراش، ھېچبىر زۆرۈرىيەتسىز ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن زورىغا پاراڭلىشىش قاتارلىق ئىشلاردۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇسۇلمانلارنى يات ئاياللارغا تىكىلىپ قارىماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

ئەڭ غەلىبىلىك مۇھەببەت تويدىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇھەببەتتۇر. ئەمما تېخى ئۆيلەنمەستىن ۋايىغا يەتكەن مۇھەببەت كارانتىسىز(كاپالەتسىز) مۇھەببەت بولۇپ، بۇنداق مۇھەببەت كۆپ ھاللاردا قىز ــ ئوغۇل ھەر ئىككىسىگە پۇشايمان ۋە شاقاۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت گىرداۋىغا چۈشۈپ قالغانلارنىڭ ئۆز قىسمى ئارمانلىرىغا ئېرىشەلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھاياتىنى بەختسىزلىككە دۇچار قىلىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى،

ئىنسان ئۆزىنىڭ قەلبىگە بىرسىنىڭ ئىشقىنى سىڭدۈرۈپ قويىدىغان پۈتۈن سەۋەبلەردىن يىراق تۇرۇشى ۋە ئۆز كۆڭلىگە ئۆزى ئىگە بولىشى زۆرۈردۇر. چۈنكى كۆڭۈل دېگەن ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىن، ئۇنى خالىغان يەرگە بېرىپ قويماسلىق لازىم. ئۇنىڭ پاللاكىتىدىن قۇتۇلۇش ئىنتايىن قىيىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى مەھبۇب ئۈچۈن نىكاھتىن ياخشى نەرسە يوقتۇر». (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

مۇھەببەتنىڭ غايىسى ھەرئىككىسىنىڭ بىرگە تۇرمۇش قۇرۇشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش قۇرالىغان مۇھەببەت مۇرادىغا يەتكەن غەلىبىلىك مۇھەببەتتۇر.

مۇھەببەتنىڭ غايىسى بىر - بىرىنى ۋاقىتلىق ئالداپ كۆڭۈل ئېچىشتىنلا ئىبارەت بولسا، بۇ، مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ئالدامچىلىق ۋە رەزىللىكتۇر. مۇھەببەتنىڭ غايىسى ھەر ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشىنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش قۇرالمىغان مۇھەببەت باشلىنىشى غەلىبە، ئاخىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشقان ئاۋارىچىلىقتۇر.

## ئىشق

ئىشق - قەلبنىڭ مەشۇق تەرەپكە بولغان چوڭقۇر مايىللىقى بولۇپ، ئۇ، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. ئىشقمۇ — مۇھەببەتكە ئوخشاش — ئىپپەت بىلەنمۇ بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى يولىدا ئىشلەتمىسە يولسىزلىق بىلەنمۇ بولىدۇ. ئەمما ئىپپەتلىك ئاشىق ئەگەر مۇرادىغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىپپىتى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ساۋاپ بېرىدۇ.

ھەدىسلەردە، كىشىنىڭ قەلبى ئىختىيارسىز بىرسىگە مايىل بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئىزھار قىلىشقا پېتىنالماي، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلاپ، سەۋرە قىلىپ، شۇ ئىشق يولىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى شېھىتلارنىڭ قاتارىدا ئەجرى - ساۋاپ بېرىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. چۈنكى ئەڭ چوڭ جىھاد نەپسى شەيتان بىلەن قىلغان جىھاتتۇر. نەپسى شەيتاننىڭ ھاۋايى - ھەۋەسىگە بېرىلمەستىن، ئىرادىسىدە چىڭ تۇرۇپ ئىپپىتى بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ شېھىدلار قاتارىدىن سانىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

## كۆنلەش

كۆنلەش - بىراۋنىڭ ھەققىگە باشقىلارنىڭ شېرىك بولۇۋېلىشىدىن قىزغىنىشى دېمەكتۇر. بۇ مەنىدىكى كۆنلەش مۇھەببەتنىڭ نەتىجىلىرىدىن سانىلىدۇ. كۆنلەش ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئايال كىشى ئېرىنىڭ باشقا ئاياللار بىلەن بىنورمال

ئــالاقە باغلــشنى ياقتۇرمايــدۇ. ئۇســتىگە باشــقا خوتــۇن ئېلــشىغا قارشــى تۇرىــدۇ. بــۇ ئاياللارنــڭ خــاراكتېرى بولــۇپ، يامــان كۆرىلــدىغان نەرســە ئەمەس، بەلكــى ئۆزىنىــڭ ھەققــدۇر. ئەر كــشمۇ ئايالىنىــڭ ئىككىنچــى شــەخس بــىلەن بىنورمــال مۇناســىۋەتتە بولۇشىغا ۋە ئالاقە باغلىشىغا قارشى تۇرىدۇ.

ئەركــشىنىڭ ئايــالنى باشــقا ئەرلەر (ئۆزىنىــڭ ۋە ئايالىنىــڭ بــۇ ئايــال بــىلەن نىكاھتــا باغلىنالمايــدىغان تۇغقانلىرىــدىن باشــقا يــات ئەرلەر) بــىلەن بىنورمــال ئارىلىشــشتىن، يولــسىز مۇناســىۋەت باغلاشــتىن مەنئــى قىلــشى، ھەتتــا ئۇنىڭغــا باشــقىلارنىڭ يامــان نــيەت بــىلەن سۆزقىلــشىدىن قىزغىنىــشى ئىــسلام شــەرىئىتىدە تەلەپ قىلىنغــان زۆرۈرىيەتتــۇر. غۇرۇرلــۇق، ديانەتلىــك ۋە ۋىجــدانلىق ئــادەم ئۆزىنىــڭ خوتــۇن - قىزلىرىنىــڭ يــات ئەرلەر بــىلەن يولــسىز ئارىلىششىنى ۋە ئــۇلار بــىلەن بىنورمــال چاقچاقلىششىنى قەتئىي ياقتۇرمايــدۇ. بــۇ ئىــشلارغا ئۇلار جېنى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەپــسۇسكى، كــۈنىمىزدە خوتــۇن - قىزلىرىنــى باشــقىلارنىڭ يامــان نىيەتلىــك كۆزلىرىــدىن مۇھــاپىزەت قىلــدىغان ۋە ئــۇلارنى يــات ئەرلەرگە ئارىلاشــتۇرمايدىغان، ئائىلــسىنىڭ ئــابرويىنى ۋە نومۇســنى ساقلاشــقا تىرىــشىدىغان، غۇرۇرلــۇق كــشىلەر«مۇتەئەســسىپ»،« قىزغــانچۇق» دەپ ئاتىلىــپ قالماقتــا. چــۈنكى زامــانىمىزدىكى كــۆپ كــشىلەر«شــەرمى - ھايــا»، «ئەدەپ» ۋە «نومــۇس» دېگەنلەرنــى لۇغەتلىرىــدىن ئۆچــۈرۈپ تاشــلىغان رەزىــل ياۋرۇپالىقلارنىــڭ نىجىــس ئــادەتلىرىگە ۋە ئەدەپــسىز مەدەنىيىــتىگە ئەســىر بولــۇپ قالغاچقــا، ياۋرۇپــا جەمئىيىتىنــى ئــۇلار ئــۆزلىرى ئۈچــۈن ئــۈلگە قىلىۋالغــان. يەنە بىــر تەرەپــتىن دىــن دۈشــمەنلىرىنىڭ دىنىــي ئەنــئەنىلەرگە قىلىــپ كەلــگەن ھۇجــۇملىرى تۈپەيلىــدىن كــشىلەر ئىلاھىــي تەلىمــاتلاردىن ئۇزاقلىــشىپ قالغــان. بــۇ ســەۋەبتىن ئــۇلار ئــۆزلىرى مۇســۇلمان بولــۇپ تــۇرۇپ، دىنىمىزدىكــى گــۈزەل ئەخلاقلارنــى كەمــستىدىغان، يامــان ئىــشلارغا كــۆز يۇمــدىغان بولــۇپ قالغــان. بــۇلار كــۈنىمىزدە مۇســۇلمانلارنىڭ بېــشىغا كەلــگەن ئېغىــر مۇســىبەتلەردىن بىرىدۇر.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام خوتــۇن - قىزلىرىنــى يــات ئەرلەر بــىلەن يولــسىز ئارىلىشــشتىن توسمايدىغان، ئۇلارنىــڭ ئىپپەت ـــ نومۇسلىرىنى قوغدىمايــدىغان ئــادەمنى «دەييۇس» دەپ ئاتىغــان. پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام بىــر ھەدىــسىدە مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــۈچ خىــل ئــادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ: ئۇلارنىــڭ بىــرى، ھــاراقنى بــاش ئالالمايــدىغان ئــادەم. يەنە بىــرى ، ئاتــا - ئانىسىنى قاخشاتقان ئادەم. يەنە بىرى، دەييۇس ئادەم»

## ئىسلام دىنىدىكى كۆڭلەشنىڭ مەنىسى

ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى يات ئەرلەرنىڭ يامان نىيەتلىك تەمەلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇلارغا يولسىز ئارىلىشىشتىن توسۇش ئىسلام دىنى نەزەرىدە ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزدە گۈزەل ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. مانابۇ ئەقىل بىلەن دىنىنىڭ بىردەك تەلىۋىدۇر. ئەمما ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك ۋە بىلىملىك دەپ سانايدىغان بەزى ئەبگالار بۇ گۈزەل ئەخلاقنى خاتا چۈشىنىپ، مەدەنىيەتلىك بولۇشقا ۋە ئىنسانىيەتچىلىككە زىت كېلىدىغان «قالاقلىق»، «قىزغانچۇقلۇق»، « مۇتەئەسسىبلىك» دەپ چۈشىنىدۇ. مۇنداق چۈشەنچىدىكى ئىنسانلار بىر تەرەپتىن دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆزدۇرغۇچى تەشۋىقاتلىرىغا ئالدىنىپ كېتىپ، ئەقىللىرىنى بولغىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋروپالىقلارنىڭ رەزىل ئەخلاقىدىن تەسىرات ئالغان ئىنسانلاردۇر. چۈنكى ياۋروپالىقلار ھېچبىر ۋاقىت ئىپپەت بىلەن نومۇسنى قەدىرلىگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ لۇغىتىدىمۇ «قىزلارنىڭ نومۇسى» نى ئىپادىلەيدىغان بىرەر سۆزمۇ يوقتۇر. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىسا ئۇلار مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ساپ تەبىئىتىنى يوقاتمىغان ئىنسانلاردا ئىپپەت ـــ نومۇس ۋە خوتۇن ـ قىزلىرىنى يۇللۇق ھالدا كۆڭلەش خىسلىتى بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەنلەرنى شېھىتلارنىڭ قاتارىدىن سانايدۇ. مانا بۇ ـ ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسلىرىنى نەقەدەر قەدىرلەيدىغانلىقىنىڭ بىرئىپادىسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ شېھىتتۇر. كىمكى مال ـ مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ شېھىتتۇر. كىمكى ئۆز ئەھلىنىڭ نومۇسنى قوغداش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ شېھىتتۇر». (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىپەرۋالىقى ياكى بۇ ھەقتىكى شەرئىئەت ھۆكمىنى بىلمىگەنلىكى تۈپەيلى، ئاياللىرىنى كۆڭلەشتە سەل قارىسا، بەزىلەر شەرئىئەت ھۆكمىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، كۆڭلەشتە ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىپ، ئاياللىرىغا ئاساسسىز تۆھمەت قىلىدىغان، ھەمىشە ئۇلاردىن يامان گۇمان قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغان. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى توغرا ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ نورمال بولغىنى توغرا بولغىنىغا ئوخشاش، كۆڭلەشتىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ئاياللارنى كۆڭلەش دېگەننى كۆپ كىشىلەر ئاياللاردىن ھەمىشە شەكلىنىش، يامان گۇمان قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن جاسۇسلۇق قىلىش دەپ چۈشەنسە كېرەك، شۇڭا ئۇلار ھەدەپ ئاياللىرىنى ئاساسسىز ھالدا، قارىلاشقا ئالدىرايدۇ. مۇنداق كۆڭلەش

مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. چۈنكى كۆڭلەشنىڭ مەنىسى ـ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ـ خوتۇن ـ قىزلىرىنى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تەمەلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش، ھەرقانداق يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ۋە شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئۇلارنى يىراق تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىسىدە كۆڭلەشنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى بايان قىلىدۇ: «كۆڭلەشتىن ئاللاھ ياقتۇرىدىغان كۆڭلەشمۇ، ئاللاھ يامان كۆرىدىغان كۆڭلەشمۇ بار، ئاللاھ ياقتۇرىدىغان كۆڭلەش ـ ئۆز ئەھلىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئاساسسىز ھالدا، يامان گۇمان قىلماسلىق؛ ئاللاھ يامان كۆرىدىغان كۆڭلەش بولسا، ئۆز ئەھلىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلماستىن، ئۇلارنى دەلىلسىز قارىلاشتۇر» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

## ئالدانغان ئىشەنچ

بىز موسۇلمانلار كېيىنكى دەۋرلەردە، ئۆزىمىزنى ئالداپ كەلگەن يالغان ئىشەنچلەرنىڭ بىرى، خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئىپپەت ــ نومۇسلىرىنى موھاپىزەت قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىش، بۇنداق بىپەرۋالىقتىن يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كەلمەسلىكىگە ئىشىنىپ كېتىش بولىدى. بۇ پەقەت، ئىمانىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى، ۋىجدانىنىڭ غەپلەت ئىچىدە كىرلەنگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ھېچقانداق كىشى خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. كىشى پەقەت يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ساقلىنىش ئارقىلىقلا خاتالىقلاردىن ساقلىنالايدۇ. ئايال كىشى ھەرقانچە ئىرادىلىك، دىيانەتلىك، جورىسىگە سادىق بولۇپ كەتكەندىمۇ، ئۇلار ھېچ ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىلىرى، ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەردە ئەڭ ياخشى ئۈلگىلەردۇر. شۇنىڭلىق بىلەنمۇ، ئاللاھ ئۇلارغا مۇنۇ تەۋسىيەلەرنى قىلغان: ﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچ بىرىگە ئوخشمايسىلەر، سىلەر (يات ئەرلەرگە) سۆز قىلغاندا نازاكەت بىلەن سۆزقىلماڭلار. (نازاكەت بىلەن سۆزقىلساڭلار) دىلىدا نىفاق (يامان نىيەت) بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ. (گۇماندىن خالىي) ياخشى سۆز قىلىڭلار.﴾ (ئەھزاپ سۈرىسى 32ـ ئايەت)

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىرنەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ پاك تۇتىدۇ، سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس﴾. (ئەھزاپ سۈرىسى 53ـ ئايەت)

كىتاب‮ــ‬خانىلارنىڭ چۈشىنىــشىگە ئــانچە يــراق ئەمەسـكى، يــۇقىرىقى ئــايەتلەردە خىتــاب قىلىنغــان كىــشىلەر يەر يۈزىــدىكى ئەڭ تەقــۋا، ئەڭ ئەخلاقلىــق زاتــلار بولغــان ســاھابىلەر (پەيغەمبەرنىــڭ زامانىــدىكى ئۇنىــڭ بىــلەن بىــر سەپتە بولغــان ئۆلگىلىــك مۇسـۇلمانلار)دۇر. ئــۇلار مۇئــامىلە قىلىــدىغان ئايــاللارمۇ يەر يۈزىــدىكى پۈتــۈن ئاياللارنىــڭ ئەڭ تەقــۋالىرى، ئەڭ ئەخلاقلىق ۋە ئەڭ ئۆلگىلىك ئانىلىرى بولغان ئاياللار ـ پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدۇر.

يــۇقىرىقى بايــانلاردىن كېيىنمــۇ، يەنە خوتــۇن - قىزلىرىنىــڭ ئىپــپەت ـــ نومۇسـلىرىنى مۇھــاپىزەت قىلىــش ئىــشىدا، يالغــان ئىــشەنچكە بېرىلىــپ ئالــدانغۇچىلارغا دېيەلەيمەنكــى: ســىلەر قانچىلىــك ياخشى بولــۇپ كەتــسەڭلارمۇ، پەيغەمــبەردىن كامىــل ئەمەســسىلەر. ئايــاللىرىڭلارمۇ قانچىلىــك پــاك ۋە ئىــشەنچلىك بولــۇپ كەتكەنــدىمۇ، ئــۇلار يەنىــلا پەيغەمبەرنىــڭ ئاياللىرىغــا يەتمەيــدۇ. ســىلەر ئارىلىــشىدىغان يــىقىن - يورۇقلىرىڭلارمــۇ ســاھابىلەردىن ۋاپــادار ئەمەس. سىلەر نېمەڭلەرگە بۇنچىۋالا ئىشەنچ قىلىپ كېتىسىلەر؟!

### غۇرۇرنىڭ يوقالغانلىقى ئەرلىكنىڭ ئۆلگەنلىكىدۇر

ئىنــسانىنىڭ دۇنيــادا ئەڭ شــەرەپلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىــك نەرســسى ئۇنىــڭ نومۇســىدۇر. بەلكــى ئىنــسانىنىڭ نومۇســى ئۇنىــڭ دىنىنىــڭ ئاساســلىق پارچىــسىدۇر. نومۇســنى ســاقلاش دىنىنىــڭ ئەڭ ئالــدىنقى تەلىپــى ۋە ئىمانىنىــڭ كۆرۈنەرلىــك ئالامەتلىرىــدىن بىرىــدۇر. بــۇ مەســـىلىدە پۈتــۈن دىــنلار ئىتتىپــاقتۇر. پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ ســاھابىلىرى ئــۆز ئەھلىنىــڭ نومۇســنى ساقلاشــتا، ئەڭ غۇرۇرلــۇق زاتــلار ئىــدى. مۇنــۇ ھەدىــس ئۇلارنىــڭ نەقەدەر غۇرۇرلــوق ۋە ئىپپەتلىــك كىــشىلەر ئىكەنلىكىنــى كۆرســىتىپ بېرىــدۇ: «بىــر كــۈنى پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام ســاھابىلىرىغا: «ســىلەرنىڭ بىــرىڭلار ئــۆز ئــۆيىگە كىرگەنــدە، ئايــالىنى بىــراۋ بىــلەن يامــان ئىــش ئۈســتىدە كۆرســە 4 كىــشىنى گۇۋاھلىققــا چاقىرســۇن» دېگەنــدە، ســەئىد ئىبنــى مۇئــۆز ئىــسمىلىك ساھابە ئورنىــدىن تــۇرۇپ ــ يــا رەسـۇلەللاھ! مەن ئايالىمنى يامان ئىــش ئۈســتىدە كۆرسـەم، ئۇنىڭغا 4 گۇۋاھچىنىــڭ گۇۋاھلىــق بېرشــىگە قــاراپ تۇرامــدىمەن ؟ يــاق! ئاللاھنىــڭ نــامى بىــلەن قەســەم قىلىمەنكــى، ئەگەر مەن ئايــالىمنى بىــراۋ بىلەن يامــان ئىــش ئۈســتىدە كۆرســەم ئــۇنى بېشىدىن ئــايغىنچە پــارچىلاپ، ئىزىــپ، ئۇنــدەك قىلىۋېتىمەن، ئاندىن كېيىن ئــاللاھ مېنــى قانــداق جازالىــسا، جازالىــسۇن، ـــ دەيــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام ئۇنىــڭ بــۇ غۇرۇرىغــا قايىــل بولغــانلىقىنى تەبەسـسۇم قىلىــپ، ـــ ھەقــقەتەن ســـەئىد بەكمـــۇ غورورلـــۇق، مەن ســـەئىدتىن، ئـــاللاھ ھەممىـــزدىن بەك غۇرۇرلۇقتـــۇر. ئاللاھنىڭ كۆڭلىشى ئۇ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىشتا، ـ دەيدۇ»

ھەر كىشى ئۆچۈن ئۆزىنىــڭ نومۇسى ۋە ئىپپىتى شۇنچىلىك مۇقەددەس بولغــان يەردە،

باشقىلارنىڭمۇ نومۇسى ۋە ئىپپىتىمۇ شۇنچىلىك مۇقەددەستۇر، ئۆزىنىڭ نومۇسىنى قوغداش يولىدا غۇرۇرلۇق بولغان كىشى، ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭمۇ ئىپپەت، نومۇسلىرنى قوغدىشى، دۈشمەنلىك ۋە خىيانەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ نومۇسلىرىنى ئاياق ئاستى قىلىشتىن ھەزەر قىلىشى كېرەك.

## يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان بوشلۇقلار

ئىپپەت-نومۇسنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ۋە يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ بۇزۇقچىلىق ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان بوشلۇقلار تۆۋەندىكىلەر:

1. ئائىلە مەسئۇلىنىڭ ئۆز ئەھلىنى يات ئەرلەرنىڭ يامان نىيەتلىك تەمەلىرىدىن قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى. بۇئاجىزلىق، ئائىلە مەسئۇلىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى يوقاتقانلىقى ياكى ئۆز ۋەزىپىسىنى تونۇمىغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ تەربىيە ساھەسىدە بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن ئاجىزلىقتۇر.

2. ئاياللارنىڭ ۋە قىزلارنىڭ كىيىنىشلىرى، سۆزلەشلىرى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىكى نازاكىتى ۋە جەلپكارلىقى. شۇڭا ئىسلام دىنى ھەرتۇرلۇك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاياللارنى ئۆزلىرىگە قارىتا ئەرلەرنىڭ ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىپ قويىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق بولۇشقا چاقىرغان. ئاللاھ پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار.﴾ (ئەھزاب سۈرىسى 33 - ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى خىتابتىن مەقسەت، ئاياللارنى گۈزەل، يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئېسىل يۇرۇشلىرىدىن مەنئى قىلىش ئەمەس. بەلكى ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئاياللارنىڭ ۋە كۈنىمىزدىكى مەدەنىيەت دەۋاسى قىلغۇچى ئاياللارنىڭ كىيىنگىنىدەك، يات ئەرلەر بار يەردە نېپىزلىكتىن بەدەنلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، قىسقىلىقتىن تىزىدىن ئاشمايدىغان، تارلىقتىن بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

گاۋھەر نەچچە قات تۈگۈنلەر ئىچىدە ساقلانغانلىقى ۋە ھەركىشىنىڭ ئۇنى كۆرەلمىگىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتكە سازاۋەر بولغان نەرسىدۇر. ئايال كىشىمۇ ئوزۇن، ئازادە، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسە، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە قىممىتى ئاشىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ. شۇڭا ئاياللار يات ئەرلەر بار جايدا سۆز قىلغاندا، ئىمكان قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى جەلىبكار ۋە نازاكەتلىكتە

سۈنئىيلەشتۈرۈۋالماستىن، بەلكى نورمال، تەبىئىي سۆزلەشكە تىرىششى كېرەك. چۈنكى نازاكەتلىك، سۈنئىي ئاۋازلار ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر. ئەرەب ماقالىلىرىدىمۇ « قۇلاق كۆزدىن بۇرۇن ئاشىق بولىدۇ» دەيدىغان سۆز بار.

3. ئەر ـ ئايال جىنسلىرىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى. ئىسلام شەرىئىتىدە، ئايال كىشىلەرنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىدىن بولمىغان، يات ئەرلەر بىلەن ئاممىۋى سورۇنلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشى، ئۇلارغا نازاكەتلىك ۋە سۈنئىي ئاۋازلىرى بىلەن، زۆرۈرىيەتسىز سۆز قىلىشى مەنئى قىلىنغان تۇرسىمۇ، كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئائىلىلىرى ئۆزئارا زىيارەت ياكى باشقا مۇناسىۋەتلەردىن تاشقىرى، ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ ئەر ـ ئاياللار بىر ئورۇندا ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىر ـــ بىرىگە چاقچاق قىلىشىدىغان ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ قالغان. بۇنداق ئىشلار دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ بولغىنىنىڭ سىرتىدا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگىمۇ يات كېلىدىغان ئەھۋالدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق بىنورمال ئارىلىششلارغا قارشى تۇرغان كىشىگە قالاقلىق قالپىقى كىيگۈزۈلىدۇ. مانا بۇخىل ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنى تەستىقلىماقتا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى ياخشىلىقتىن توسۇپ، يامانلىققا چاقىرىدىغان بىر زامان كېلىدۇ. يەنە بىر زامان كېلىدۇكى، زىنا ـــ پاھىشىلەر ئومۇملىشىپ، ھەتتا يوللارغىمۇ تارىلىپ كېتىدۇ. بۇنداق يامان ئىشلارنى قىلغۇچىغا «يولدىن چېكىنىپ كەتكەن بولسىڭىز» دېيەلەيدىغان كىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرگە ئوخشاش سانىلىدۇ» يەنى ئاخىر زاماندا، توغرىنى دادىل سۆزلىيەلەيدىغان ئادەم يوقنىڭ ھېسابىدا بولۇپ قالىدۇكى، ھەقىقەتنى ئېيتالىغان ئادەم شۇ زاماننىڭ ئەۋلىياسى سانىلىدۇ.

ھازىر بەزى مەملىكەتلەردە، خوسۇسەن غەرب ئەللىرىدە بۇ ئىشلار ھەدىستە سۆزلەنگەن بويىچە، ئەينەن يۈز بەرمەكتە. ئۇلارنى بۇ قەبىھ ئىشلاردىن توسقان كىشى ئەۋلىيا ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ دېگەنلىك ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ئادەم يوق دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۇلارنى ئەخلاقسىزلىقلىرىدىن توسقان كىشى ـــ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ـــ ئۇلارنىڭ دېموكراتىك ئەركىنلىكىنى مەنئى قىلغان سانىلىپ، خاتالاشقان بولىدۇ.

4. ئائىلىدە دىنىي تەربىيەنىڭ يوقلىقى ياكى كەملىكى. بىر ئائىلىدە ھەقىقىي دىنىي تەربىيە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پايدىسى شۇ ئائىلىدىن يېتىشىپ چىققان پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ياشىغان مەھەللە، يۇرت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ئومۇم

بولىدۇ. ئائىلىدىكى دىنىي تەربىيە، پەرزەنتلەرنىڭ ئىپتىدائىي تەربىيىسى بولۇپ، دىنىي تەربىيىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەن قىز - يىگىتلەر ئائىلىنىڭ شەرىپىنى ۋە نومۇسىنى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. نەتىجىدە، قۇرۇق سۆزلەردىن ۋە يالغان تۆھمەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ياتلار بىلەن بىنورمال ئالاقە قۇرمايدۇ، قىزلار ئائىلىسىدىن رۇخسەتسىز خالىغان جايغا كەتمەيدۇ، يات ئەرلەر بىلەن بىرگە يۈرمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام تەربىيىسىنىڭ تەقەززاسى بۇ خىل يولسىز ئالاقىلارنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە مەنئى قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! يۇقىرىقى كەمچىلىكلەرنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ياخشى چۈشىنىپ، شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىزگە يېتەرلىك دەپ ئويلايمەن: «مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە يەنى يات ئاياللارغا) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىسۇن. مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن. (كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلىرىدىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەردىن (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋەت يوقلاردىن)، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى بىلمەيدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياقلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن. ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار» (نۇر سۈرىسى 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر)

## ئاياللارنىڭ ئەۋرەت ئەزالىرى

ئەۋرەت ــ ئىنساننىڭ ئېچىلىپ قالسا ئېيىپ سانىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاراشتىن ھايا قىلىنىدىغان ئورگانلىرى دېمەكتۇر.

ئايال كىشىنىڭ ئەۋرەت ئەزالىرى - ئۇنىڭ يۈزى، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىدىن باشقا جايلىرىنىڭ ھەممىسىدۇر. ئايال كىشى ئۈچۈن بولۇپمۇ نامازدا تۇرغىنىدا، كەڭ،

ئۆزادە ۋە قىيام ، رۇكۇ، سەجدىلەردە ئىككى قەدىمنى يېيىپ تۇرغۇدەك ئوزۇن كىيىملەرنى كىيىشى، يۈزى ۋە قوللىرىدىن باشقا ئەزالىرىنى كۆرسەتمەسلىكى شەرتتۇر. ئەگەر ناماز ئەسناسىدا يۈزى، قوللىرى ۋە پۇتلىرىدىن باشقا ئەزالىرى ئېچىلىپ قالسا، ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلغان بولىدۇ. ئۇنى ۋاقتىدا قايتىلىشى كېرەك بولىدۇ.

ئەمما تېخى ئادەت كۆرۈش يېشىغا يەتمىگەن نارىسىدە قىزلارنىڭ نامازدا بولسۇن، ياكى نامازسىرتىدىكى نورمال ۋاقىتلاردا بولسۇن، بەزى ئەۋرەت ئەزالىرى ئېچىلىپ قالسىمۇ، ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ ۋە ئوقۇغان نامازلىرىمۇ بۇزۇلمايدۇ. بەلكى دۇرۇسلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ. ئەمما قىزلار كىچىك بولسىمۇ، ئەۋرەت ئەزالىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسە ياخشىدۇر. چۈنكى قىزلار كىچىكىدىن ئىسلامىي كىيىنىش ۋە باشقا ئىسلامىي قائىدىلەرگە ئۆزىنى كۆندۈرسە، كېيىن چوڭ بولغاندىمۇ، ئۇلارغا بوئىشلار قىيىن كۆرۈنمەيدۇ.

يۇقىرىقىلار ئاياللارنىڭ نامازدىكى ۋە نامازدىن سىرتقى نورمال ھاللاردىكى كىيىنىش تەرتىپى بولۇپ، يات ئەرلەرنىڭ يېنىدا شۇ بويىچە كىيىنىدۇ. ئەمما ئاياللارنىڭ ئايال جىنسلار بىلەن ئۆز مەھرەملىرىنىڭ يېنىدا كىيىنىش تەرتىپى بولسا، تىزى بىلەن كۆكسىنىڭ ئارىسىنىلا يۆگىشى بىلەن كۇپايە قىلىدۇ. باشقا پۈتۈن ئەزالىرى ئەۋرەت سانالمايدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئاياللارنىڭ ئايال جىنسلار ۋە ئۆز مەھرەملىرى ئارىسىدا بولسىمۇ، ئوزۇن ۋە تولۇق كىيىنىشلىرى ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، تۇغقانلىرى بولغان ئەرلەر ئۇنىڭ قانچىلىك يېقىن ئۇرۇق - تۇغقىنى بولسىمۇ، يەنىلا ئىنساندۇر. ئەگەر ئۇ دىيانىتى ئاجىز، ئەخلاقى ناچار، ۋىجدانى ئۆلگەن بىرى بولسا، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغىمۇ شەھۋانىي ھەۋەسى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭدىن لەززەت ئېلىشتىن ئىككىلەنمەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باللىرىڭلارنى يەتتە يېشىدا نامازغا كۆندۈرۈڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ئوقۇمىسا، ئۇلارنى ناماز ئوقۇتۇش ئۈچۈن يېنىك ئۇرۇڭلار، ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. (بۇخارى رىۋايىتى)

## مەھرەم دېگەن كىملەر ؟

مەھرەم — مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ئۆزىنىڭ جورىسى ۋە بىرگە نىكاھلىنىشى دۇرۇس بولمايدىغان تۇغقانلىرى دېمەكتۇر.

## ئاياللارنىڭ مەھرەملىرى

ئاياللارنىڭ مەھرەملىرى — ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن نىكاھلىنىشى دۇرۇس بولمايدىغان

يىقىن تۇغقانلىرىدۇر. ئۇلار: شۇ ئايالنىڭ ئاتىسى، بوۋىلىرى، تاغىلىرى، ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى، قېيىن ئاتىسى، ئۆگەي دادىسى، قىزلىرىنىڭ ئەرلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئەرلىرى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن باللار قاتارلىقلاردۇر. ئايال كىشى يۇقىرىقىلار بىلەن يالغۇز قالسا، ئارىلاشسا، ھەتتا باشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاچسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. ئايال كىشىنىڭ ئېرىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەۋرەت ئەزالىرىنى ئېچىشى دۇرۇس بولغانلىق جەھەتتىن ئۇنىڭغا مەھرەم سانىلىدۇ. ئەمما ئايال كىشى ئۈچۈن نامەھرەم سانىلىدىغانلار ـ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يات ئەرلەر دېمەكتۇر.

### ئەركىشىنىڭ مەھرەملىرى

ئەركىشىنىڭ مەھرەملىرى ــ ئۇنىڭ جورىسى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان ئايال تۇغقانلىرى دېمەكتۇر. بۇلاردىن باشقا يات ئاياللار ئەركىشى ئۈچۈن نامەھرەم سانىلىدۇ.

### ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس

بەزى ئالىملار ئاياللارنىڭ ئاۋازىدىكى نازاكەتلىكنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت دەپ قارىغان. ئەمما ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى ۋە پۈتۈن مەزھەپ پېشۋالىرى ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس دەپ قەيت قىلغان. بىراق ئاياللارنىڭ قايسى بىر نامازغا ئەزان ئېيتىشى، ئەرلەرگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى جائىز ئەمەستۇر. ئاياللارنىڭ ئەدەپ ــ ئەخلاق ئىچىدە يات ئەرلەرگىمۇ نورمال سۆزلەرنى سۆزلىشى، ئىلىم ـ سىتىم ئىشلىرىنى بېجىرىشى، ئۇلاردىن ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشى، ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىشى جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ياشىغان ساھابە ئاياللارمۇ ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۆمىن ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ھەدىس ۋە تارىخلارنى رىۋايەت قىلىپ، سۆزلەپ بەرگەن. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ جورىسىگە ۋە مەھرەملىرىگە ئەدەپلىك ناخشا ـ شېئىر ۋە قوشاقلارنى ئېيتىپ بېرىشى جائىزدۇر. ئەمما بۈگۈنكى كۈندىكى رادىئو دولقۇنلىرى ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىن بېرىلىۋاتقان ناخشىلار ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىنى كىرلەتسىدىغان، كۆڭۈللىرىنى مەشغۇل قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەرخىل ۋەسۋەسىلەرگە ئۈندەيدىغان، شەيتانىي ۋاستىلەردۇر. مۇمكىن قەدەر بۇلارغا بېرىلمەسلىك كېرەك.

# مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش مەسلىسىدىكى چەكلىمىلەر

## مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشى

مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ دىنسىز، مۇشرىك ۋە بۇددىست قاتارلىق ھېچبىر ساماۋىي دىنغا مەنسۇپ بولمىغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشى جائىز ئەمەس. بۇ پۈتۈن ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. (ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر، مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار. (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر.﴾ (بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەت)

ئىسلام نەزەرىدە، ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان دىنىدىكىلەر)دىن باشقا دىنسىزلار، مۇشرىكلار، بۇددىستلار ۋە باشقا دىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشتۇر.

ئەمما ئەھلى كىتابلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە پەرقلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ دىنلىرىمۇ ئەسلى ئېتىبارى بىلەن، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىنلار بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، دىندارلارنىڭ ئۆزدىنلىرىنى ھەرخىل ئۆزگەرتىلىشلەردىن، بۇرمىلىنىشلاردىن ۋە بۇزۇلۇشلاردىن ساقلاپ قالالمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇدىنلار (يەنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنلىرى) ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئەسلىدىكى ماھىيىتىنى، مەزمۇنىنى، روھىنى ۋە ساماۋىي دىنلىققا ئائىت بولغان بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى شەخسلەرگە چوقۇنىدىغان بىرخىل خۇراپات دىنغا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئاللاھ بۇ دىنلارنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا تاقىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان، مەڭگۈلۈك ھەق دىن — ئىسلام دىنىنى چۈشۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ دىنلىرىنىڭ ئاللاھقا قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇھەقتە ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) باشقا دىنىنى تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ دىنى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.﴾ (ئال ئىمران سۈرىسى 85 ـ ئايەت)

ئاللاھ ئۆزىنىڭ نەزەرىدە قوبۇل بولىدىغان دىن پەقەت ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزەرىدە قوبۇل قىلىنغان دىن

ئىسلام (دىنى)دۇر.﴾ (ئال ئىمران سۈرىسى 19 ـ ئايەت)

گەرچە ئەھلى كىتابلار ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە كاپىر بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئادىللىقىدىن ئۇلارنىڭ دىنلىرىنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا، ئۇلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە پرىنسىپىنى باشقا كاپىر قەۋملارغا قارىتا بەلگىلەنگەن پرىنسىپتىن پەرقلىق قىلىپ بېكىتكەن. بۇنىڭغا بىنائەن، ئەھلى كىتابلارنىڭ ھالال يېمەكلىرىنى يېيىش ۋە ئاياللىرى بىلەن ئۆيلىنىش جائىزدۇر. چۈنكى ئەھلى كىتابلار قانداقلا بولمىسۇن، ئاللاھقا ئىشىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشىنىڭ جائىزلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر. مۆمىنلەردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەن (يەھۇدىلار ۋە خرىستىئانلار)دىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى) ئالساڭلار) ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر.﴾ (مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت)

خرىستىئان ياكى يەھۇدىي دىنىدىكى ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ شەرتى، ئۇلارنىڭ ئۆز دىنلىرىدا مەھكەم بولۇپ، ئاللاھقا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولۇشىدۇر.

ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە ھەقىقىتىنى تونۇپ، ئۆزلىكىدىن ئىسلام دىنىغا كىرىشلىرى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان ئايالىنى ئۆز دىنىنى تەرك ئېتىپ ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلىشىغا بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام پرىنسىپىدا كىشىلەرنى ھېچ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلاش يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر. ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى.﴾ (بەقەرە سۈرىسى 256 ـ ئايەت)

ئۆز ۋاقتىدا، بەزى مەشھۇر ساھابىلار يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىدا بولغان ئاياللارغا ئۆيلەنگەن. ھۇزەيفە، تەلھە،كەئبەئىبنى مالىكلار موشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا، «ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللىرىڭلارنى

قويـۇۋېتىڭلار» دېـگەن مـاۋزۇدا خەت يازغانـدا، ھۆزەيفىـدىن باشـقىلار ئەھلـى كىتـابتىن بولغان ئاياللىرىنى قويۇۋېتىدۇ.

ھـۇزەيفە مەدائىـن دېـگەن شـەھەرنىڭ ۋالـىسى ئىـدى. ئـۇ شـۇ يەردە يەھـۇدىي دىنىـدىكى بىـر ئايالغـا ئۆيلىنىۋالغـان. ئـۇ، ئـۆمەر ئىبنـى خەتتابنىـڭ «ئاڭلىـسام سـەن ئەھلـى كىتـابتىن ئۆيلىنىۋاپسەن. ئـۇنى قويـۇۋەت!» دېـگەن خېتىغـا جـاۋاب بېرىـپ، ئۇنىڭغـا مۇنـداق دەپ خەت يازـدۇ: «سـىز ماڭـا ئەھلـى كىتـابتىن ئۆيلىنىـشنىڭ ھـالال يـاكى ھـارام ئىكەنلىكىنـى ئېيـتمىغىچە، مەن ئـۇنى قويـۇپ بەرمەيـمەن،» ئـۆمەر ئۇنىڭغـا جـاۋاب بېرىـپ: «ئەھلـى كىتـابتىن بولغـان ئايـاللار بىـلەن ئـۆيلىنىش ھـالال. لـېكىن ئەجەملەرنىـڭ ئاياللىرىـدا ئـۆزگىچىلىكلەر بـار. ئۇلارنىـڭ مۇسـۇلمان ئاياللارنىـڭ بـازىرىنى كاسـات قىلىـپ قويۇشـىدىن ئەنـسىرەيمەن،» دەپ يازـدۇ. ھـۇزەيفە بـۇ ۋاقىتتـا: «مەن ئەمـدى قانائەتلەنـدىم» دەيـدۇ ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان ئايالنى قويۇپ بېرىدۇ» (تارىخى تەبەرىي 3 ـ جىلد 558 ـ بەت)

ئەھلى كىتابتىن ئۆيلىنىش جائىز بولغـان بولـسىمۇ، مۇسـۇلمان كىـشىنىڭ ئـۆز ئـابرويىنى، دىنىنـى قوغـداش، ئەۋلادلىرىنـىڭ كېيىـنچە ئەھلـى كىتابلارنـىڭ دىنىغـا كىرىـپ كېـتىش خەۋپىـدىن سـاقلىنىش ئۈچـۈن بولـسىمۇ، ئـونى تەرك ئېتىـشى ناھـايىتى ئەۋزەلـدۇر. خوسۇسـەن، ھـازىرقى زامانـدىكى ئـۆزلىرىنى يەھـۇدىي، خرىـستىئان دەپ ئاتىۋالغـان، ئەمما سـاماۋىي دىنلارنىـڭ تەلىماتلىرىـدىن ھـېچ نەرسـە بىلمەيـدىغان، جىنـسىي ئەركىنلىكنـى شەخـسىي ئىـشىمىز دەپ تونـۇپ ئىنـسانىيەت قىلىپىـدىن چىقىـپ، شـەھۋانىي ھەۋەسـتىن باشقىـسىنى بىلمەيـدىغان بـۇ ئىنسانلار ئەھلـى كىتـابتىن سانىلىـشقا يارىمايـدۇ. بەلكـى ئـۇلار باشقا كۇففارلار بىلەن ئوخشاشتۇر.

شـۇڭا ئەھلـى كىتـابلار بىـلەن ئۆيلىنىـشتىن ئـالىملار توسـۇپ كەلـگەن. ئۇلارنىـڭ بـۇ توسـقانلىقى بـۇ ئىـشنى ھـارام دېگەنلىـك ئەمەس، بەلكـى ئـۇلار بىـلەن ئـۆيلىنىش ھـالال. قۇرئاننىـڭ ئـايىتى بـۇنى ئىـسپاتلايدۇ. شـۇنىڭغىمۇ دىقـقەت قىلىش كېرەككـى ، يەھـۇدىي يـاكى خرىـستىئان دىنىـدىكى ئاياللارغـا ئۆيلىنىـشنى ھـالال (يەنـى دۇرۇس) دەپ بېكىـتكەن ئايەت، ئەڭ ئالـدى بىـلەن ئۇلارنىـڭ ئارىـسىدىن «دىنـدار»، ئانـدىن «ئىپپەتلىـك» ئايـاللارنى (يەنـى ئـۆز دىنلىرىغـا سـادىق بولغـانلارنى) تاللاشـنى ئالاھىـدە شـەرت قىلغـان. ئاخىرىـدا، شـەرىئەتنىڭ بـۇ بەلگىلىمىـسىدىن چىققۇچىلارنىـڭ ئەمەللىرىنىـڭ بىكـار بولىـدىغانلىقىنى ۋە ئـاخىرەتتە زىيـان تارتىـدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بـۇ ئـايەتتىكى «دىنـدار» ۋە «ئىپپەتلىـك» ئاياللار دېگەن ئىككى شەرتكە ئەمەل قىلىش موھىمدۇر.

## مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئەرلەرگە ياتلىق بولالماسلىقى

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ غەيرى مۇسۇلمان ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشى قەتئىي جائىز ئەمەس. مەيلى ئۇلارنىڭ ياتلىق بولماقچى بولغان كىشىلىرى خرىستىئان بولسۇن، مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى ئاتېئىست بولسۇن، مەيلى بۇددىست ياكى مۇشرىك بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچبىرى مۇسۇلمان ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە لايىق ئەمەستۇر. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە پۈتۈن ئىسلام ئەللىرىدە بىردەك مەنئى قىلىنىپ كەلگەن مەسىلىدۇر. مۇسۇلمان ئاياللارنى غەيرى مۇسۇلمان ئەرلەرگە ياتلىق قىلىشنى جائىز دەپ ئېتىقاد قىلغان ياكى بۇ ئىشنى جائىز دەپ پەتىۋا بەرگەن ئادەم ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال سانىغان ياكى ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام سانىغان ئادەم كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ غەيرى مۇسۇلمان ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشى ئاللاھ ھارام قىلغان كەسكىن ھۆكۈمدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر!سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى سىنىغاندىن كېيىن مۆمىن دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار. ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس. كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس.﴾ (مۇمتەھىنە سۈرىسى 10 ـ ئايەت)

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارارىدا «مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھېچبىر ھالەتتە غەيرى مۇسۇلمان ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. مۇبادا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئەرلىرى ئىسلام دىنىدىن يېنىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دەرھال ئايرىۋېتىش لازىم. شۇنىڭدەك، غەيرى مۇسۇلمان ئايال غەيرى مۇسۇلمان ئەرگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن، غەيرى مۇسۇلمان ئايال ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولسا، بۇلارنىڭ ئارىسىنىمۇ دەرھال ئايرىۋېتىش لازىم»، دەپ قەيت قىلىنغان.

مۇسۇلمان ئاياللارنى غەيرى مۇسۇلمان ئەرلەرگەياتلىق قىلماسلىقتىكى ھېكمەت شۇكى، ئەرلەر ئەقىل، كۈچ ۋە ئائىلىنىڭ مەسئۇللۇقى جەھەتلەردە، ئاياللارغا نىسبەتەن ئارتۇقلۇققا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ تەقەززاسى، ئايال كىشىنىڭ ئېرىغا ـ ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ـ پۈتۈن ئىشلاردا بويسۇنۇشىنى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئارتۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر.﴾

ھالبۇكى مۇسۇلمان ئايال غەيرى مۇسۇلمان ئەرگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئېرىگە

بويسۇنۇشقا ۋە ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئارتۇقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئۆزىنىڭ دىنىنى ئېرىنىڭ دىنى ئالدىدا خورلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇنىدا غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ قانداقلا بىر مۇسۇلماننى باشقۇرۇش ۋە بويسۇندۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ.﴾ (نىسا سۈرىسى 141 ـ ئايەت)

## ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنىڭ ھاراملىقى

ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ـ ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشكە ئىتتىپاقلىشىشى نەتىجىسىدە نىكاھلىنىشى دېمەكتۇر. نىكاھلىنىشتا ۋاقىتنى ئېنىق سۆزلىمىسىمۇ، كۆڭلىدە ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنى مەقسەت قىلىپ ئۆيلەنگەن كىشىنىڭ نىكاھىمۇ مەيلى ئۇ ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ۋاقىتلىق نىكاھ سانىلىدۇ.

چۈنكى «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر» ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش كۆپىنچە قارشى تەرەپنى ئالداش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىككى ئۆز ئارا تەرەپ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشقا شۇنداق پۈتۈشكەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق نىكاھ پەرزەنتلەرنىڭ ھاياتىنى دەپسەندە قىلىشقا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەر ئىككى ھالەتتە يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ زىناغا ئوخشاشتۇر. ھەم بىر ـ بىرىنى ئالدىغانلىق بولۇپ، بۇنىڭ گۇناھى ئالاھىدە ئېغىردۇر.

### نىكاھلىنىشتا مەڭگۈلۈك بولۇش نىيىتى شەرت

نىكاھلىنىشتا مەڭگۈلۈك نىيىتى بولۇش كېرەك. ئەمما مەڭگۈلۈك نىكاھنى نىيەت قىلىپ كېيىن تۇرمۇش نورمال ھالدا داۋام قىلالمىغانلىق سەۋەبتىن ئايرىلىپ كەتسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇن قىلغان مەڭگۈلۈك بىرگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولغان ياخشى نىيىتىگە زىيىنى يوقتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ بۇرۇنقى نىكاھى دۇرۇستۇر. ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا، ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى. ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ باشلىنىش دەۋرلىرىدە، مۇجاھىدلار غازاتلاردا ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. چۈنكى، بۇ مەسىلە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقىتلىرىدا بىر مەزگىل يول قويۇلۇپ كېيىنچە، خەيبەر غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەسكىن جاكارلىشى بىلەن ھارام قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەي خالايىق! مەن سىلەرگە ئاياللاردىن ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش بىلەن پايدىلىنىشنى (زۆرۈرىيەت سەۋەبلىك

ۋاقىتلىق) يولغا قويغان ئىدىم. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھ ئۇنى تا قىيامەتكىچە ھارام قىلدى» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ۋە ئېشەك گۆشىنى يېيىش قەتئىي ھارامدۇر» (بۇخارى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە پەتھى قىلىنغان ۋە ۋىدالىشىش ھەججىسىنى ئادا قىلغان كۈنلىرىدىمۇ، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنىڭ تاقىيامەتكىچە ھارام ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرى، مەزھەپ ئالىملىرى ۋە باشقا ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھاراملىقىغا ئىتتىپاقتۇر.

پەقەت شىئەلەرنىڭ 12 ئىمام مەزھىبىدە، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ھالال دېيىلگەن. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىكى غازاتلاردا ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىنىلا دەلىل قىلىپ تۇتىدۇ. ھالبۇكى، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ھارام دېگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ ۋە كۈچلۈكتۇر ھەمدە ئۇنى مەنئى قىلغان بۇ ھەدىسلەر، ئۇنى جائىز دېگەن ھەدىستىن كېيىن ئېيتىلغان ھەدىسلەردۇر. ئىسلام قانۇنشۇناسلىق پرىنسىپى بويىچە، كېيىنكى ھۆكۈم بۇرۇنقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغاندىن كېيىن، مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: « ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتا كىشلەرنىڭ قىينىلىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنى ھالال قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەڭگۈلۈك ھارام قىلغان» (بەيھەقىي رىۋايىتى)

مەلۇمكى، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش كىشلەرنىڭ سائادەتلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر. خۇسۇسەن ئاياللارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغانلىقتۇر.

چۈنكى ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش نەسلىنى زايا قىلىدۇ، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنى جىنسىي ھەۋەس ئۈچۈنلا كىرالىغان بولىدۇ. بۇئىش خۇسۇسەن ئايال كىشلەرنى ھاقارەتلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بىرئىشنىڭ ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنىشى ئەقلىنىڭمۇ تەلىپىدۇر. ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش زىنا قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، نىكاھتا مەڭگۈلۈكنى نىيەت قىلىش شەرتتۇر. مەڭگۈلۈك ئەر ـ خوتۇن بولۇش نىيەت قىلىنمىغان ھەر قانداق نىكاھ باغلانمايدۇ.

# ئىسلام دىنى ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى زىنا ـ پاھىشە، ئاياللارنى مال ـ مۈلۈك ئورنىدا قوللىنىش، كۆپ ئاياللارنى نىكاھىدا تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرى بىلەن كارى بولماسلىق ۋە ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك قول قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسىنى مۇتلەق ھارام قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا مەلۇم قائىدە ـ پرىنسىپلارنى بەلگىلىدى. بۇ پرىنسىپلار بولسا، ئېھتىياج تېپىلغاندا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش. بىراق كۆپ بولغاندا تۆتتىن ئارتۇق بولماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئالساڭلار بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار بىر خوتۇن بىلەن كۇپايە قىلساڭلار بولىدۇ.﴾ (نىسا سۈرىسى 3 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىمكانىيىتى تولۇق بولۇپ، كۆپ خوتۇنلار ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرەلىشكە ئىشەنچىسى بار كىشىلەرنىڭ بىردىن تۆتكىچە خوتۇننى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىشىنىڭ جائىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىدىن، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامداپ بېرەلىشىدىن ئاجىز كېلىدىغان كىشى ئۈچۈن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھەممەد ئەلى سابۇنى «ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ھەرقانداق ئىنساننىڭ بىلىشى ۋە ئېتقادىرىنىڭ يېتىشچە ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان كەسكىن ھەقىقەت شۇكى، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىر ئەۋزەللىكتۇر. چۈنكى، بۈگۈنكى مىللەتلەر ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىشقا چارە تاپالمىغان ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇشۇ قانۇنلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا ئايال كىشىنىڭ تۇغماس چىقىپ قېلىشى ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئېرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قېلىشى قاتارلىق بەزى سەۋەبلەر بولىدۇ. مەن بۇ ماۋزۇدا بۇسەۋەبلەرنى بايان قىلىشنى ھاجەتسىز دەپ قارايمەن. بىراق ھەر ئىنسان ئوڭايلا چۈشىنىدىغان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، جەمئىيەت ئىسلام نەزەرىدە، تارازىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى باراۋەر، تەڭ ئۆلچەمدە بولۇشى كېرەك، تارازىنىڭ بىرتەرىپىنى ئەرلەر، يەنە بىر تەرىپىنى ئاياللار تەشكىل قىلىدۇ. تارازىنىڭ ھەر

ئىككى تەرىپى تەڭ، باراۋەر بولۇشى ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ نىسبىتى ئاياللارنىڭ نىسبىتى بىلەن ئوخشاش بولىشى كېرەك. مۇبادا، ئەرلەرنىڭ نىسبىتى ئاياللارنىڭ نىسبىتىدىن كۆپ ياكى ئۈنىڭ ئەكسىچە بولسا، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ يەنى ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئەرلەرنىڭ نىسبىتىدىن كۆپ بولۇپ، تارازىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغاندا نېمە قىلىش كېرەك؟ ئاياللارنى تۇرمۇشنىڭ ۋە ئائىلىقنىڭ نېمىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا ئاياللارنىڭ نىسبىتى كۆپىيىپ، ئەرلەرنىڭ نىسبىتى ئازىيىپ كەتكەنلىكى سەۋەبتىن يۈزبەرگەندەك، زىنا - پاھىشە ۋە رەزىللىك يوللىرىغا تاشلاپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ياكى ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىنى، ئائىلىنىڭ پاكلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىغان ھالدا، بۇ مەسىلىنى ئىسلام قانۇنى ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەكمۇ ؟ زادى بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسى ياخشى ۋە مەسىلىنى ھەل قىلغۇچ بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ قانۇنلۇق ھالدا بىر ئەركىشىنىڭ زىممىسىدا باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە مۇقەددەس نىكاھقا باغلىنىپ ھۆرمەتلى بىلەن ياشىغىنى ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇ كىشى بىلەن ئائىلىنى پارچىلايدىغان، باللارنى يېتىم قىلىدىغان، جەمئىيەتنى كىرلىتىدىغان يولسىز ئالاقە باغلىغىنىمۇ؟

ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان خرىستىئان دىنىنىڭ دەستۇرىغا ئاساسەن، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى مەنئى قىلىپ كەلگەن گېرمانىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاياللارنىڭ سان نىسبىتىنىڭ ئەرلەر نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان زىنا - پاھىشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھېچقانداق چارە تاپالمىغانلىقتىن، گېرمان ئاياللىرىنى زىنا - پاھىشلەردىن ساقلاپ قېلىش، ئاتىسىز باللارنى كوچىلارغا تاشلىۋېتىش ئېقىمىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئىسلام دىنىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسىگە يول قويۇش قانۇنىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان»

گېرمانىيە دۆلەت ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى g.h خانىم مۇنداق دەپ يازىدۇ: «گېرمانىيە ئاياللىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن - بىر يولى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇشتۇر. مەن يارىملىق بىر ئەرگە ئون ئايال بىلەن بىرلىكتە خوتۇن بولۇشنى يارامسىز بىر ئەرنىڭ بىرلا خوتۇنى بولۇشتىن ئەلۋەتتە ئەۋزەل كۆرىمەن. بۇ يالغۇز مېنىڭلا كۆز قارىشىم ئەمەس، بەلكى بۇ پۈتۈن گېرمان ئاياللىرىنىڭ ئورتاق پىكرىدۇر»

1948 - گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە ئېچىلغان «خەلقئارالىق ياشلار قۇرۇلتىيى» دا ئەرلەر نىسبىتىنىڭ ئازىيىپ، ئاياللار نىسبىتىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قانۇنىنىڭ

رەسمىي شەكىلدە يولغا قويۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان.

ئىسلام دىنى بۇ مەسىلىنى ئەڭ شەرەپلىك ۋە توغرا يول بىلەن ھەل قىلىپ كەلمەكتە. خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پرىنسىپلىرى ئىشقا يارىمىغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن - پرىنسىپلىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولماقتا. ئىسلام دىنى ئۆز تەۋەلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغانىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلمايدىغان مىللەتلەرنىڭمۇ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتا بىردىن - بىر چارە بولۇپ قالدى. بۇ نېمە دېگەن ئۇلۇغ دىن، ھە!

ئۇلۇغ ئىسلام مۇتەپەككۇرى، ئىسلام شېھىدى، مەرھۇم ئۇستاز سەييىد قۇتۇپ، «ئىسلامدىكى دۇنياۋى ئامانلىق» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسلام دىنىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى ئۇستىدە جەڭگى - جېدەل كۆپ بولۇۋاتىدۇ. ھەقىقەتتە بۇ ئىش ئىجتىمائىي ھايات ئۈچۈن خەتەرلىك ئىشمۇ؟ مېنىڭ كۆرۈشۈمچە، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىرەر قانۇن لايىھەسىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. پەقەت كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ بىرلا مەسىلە ئۆزلىكىدىن ھەل بولىدىغان مەسىلىدۇر. چۈنكى، ئۇ، نەزەرىيەلەر بىلەن ھېسابلاشماستىن، بەلكى نىسبەتلەرگە باغلىق بىر ئىش. ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە ئەر - ئاياldin ئىبارەت ئىككى جىنس بولىدۇ. قاچانكى سان جەھەتتە، ئەرلەرنىڭ نىسبىتى بىلەن ئاياللارنىڭ نىسبىتى تەڭپۇڭلىشىدىكەن، شۇ ۋاقىتتا بىر ئەرنىڭ بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلىشى جائىز بولمايدۇ. ئەمما جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئەرلەرنىڭ نىسبىتىدىن كۆپىيىپ قالغان ۋاقىتتا، بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى جائىزدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، تۆۋەندە بىز گېرمانىيەنى مىسالغا ئېلىپ كۆرەيلى:

ھازىر گېرمانىيىدە بىر ئەرگە ئۈچتىن ئايال توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ، تەڭپۇڭلۇقنىڭ يوقالغانلىقى. مانا بۇ، ئىجتىمائىي كرىزىس. بۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟

بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل يولنىڭ بىرى بىلەن ھەل قىلىشتىن باشقا چارە يوق:

1. ھەر ئەر كىشىنىڭ بىرلا ئايالغا ئۆيلىنىشى، قالغان ئىككىسى ئەردىن، ئائىلىدىن، بالىدىن مەھرۇم ھالدا ئۆمۈر سۈرۈشى.

2. ھەر ئەر كىشىنىڭ بىردىن ئايالغا رەسمىي نىكاھ بىلەن قانۇنلۇق ئۆيلىنىشى، قالغان ئىككىسى بىلەن ياكى بىرسى بىلەن ئائىلىسىز، نىكاھسىز، قانۇنسىز ھالدا يولسىز ئالاقە باغلىشى.

3. ھەر ئەر كىشىنىڭ قانۇنلۇق ھالدا بىردىن ئارتۇق ئايالغا ئۆيلىنىشى ئارقىلىق ئۇلارنى ۋە ئۆزىنى ھارام ئىشلاردىن ساقلىشى، جەمئىيەتنى بۇزۇقچىلىقلاردىن پاكلىشى، ئەلۋەتتە ئۇچىنچى چارە ئەۋزەلدۇر، بەلكى لازىمدۇر»

ئىسلام دىنى بۇنداق ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى بېكىتتى:

بىرىنچىدىن، ئالدى بىلەن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ چەكلىمىسىنى بەلگىلەپ، ئەڭ كۆپ سانىنى تۆتكە بېكىتتى.

ئىككىنچىدىن، كۆپ خوتۇنلۇق بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشنى شەرت قىلىدى ۋە ئاياللارنىڭ بىرەرسىنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىغان ئەھۋالدا ئۇ ئايالنىڭ مەھكىمىگە ئەرىز قىلىش ياكى ئاجرىشىش ھوقۇقىنى بېكىتتى.

ئۈچىنچىدىن، كۆپ ھاللاردا ئىككىنچى ئايال بىرىنچى ئايالنىڭ رازىلىقىسىز ھالدا ئۆيگە كىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىرىنچى ئايالنىڭ ــ ئەگەر ئۇ ياتلىق بولۇش ئالدىدا ئۇستىگە خوتۇن ئالماسلىقنى شەرت قىلغان بولسا ــ شەرتنى يۇرگۈزۈش ياكى ئاجرىشىش ھوقۇقىنى بەلگىلىدى.

## كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ چەكلىمىسى ۋە شەرتى

ئاۋۋال شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى ھاياتلىقنىڭ قىيىنچىلىقلىرى تەقەززا قىلغان بىر مەسىلىدۇر. ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى باشقىلار ھەل قىلالمىغان ئەڭ مۇرەككەپ بىر مەسىلىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇش قانۇنى ئارقىلىق ھەل قىلدى. باشقا دىندىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ئىسلام دىنىدىكى بۇ قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كىرىشمەكتە. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قانۇنى ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى ساماۋى دىنلاردىمۇ بار ئىدى. ئەمما ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، بۇ قانۇننى ئىسلاھ قىلىپ ئۇنىڭ چەكلىمىسىنى ۋە شەرتىنى بەلگىلىدى. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ چەكلىمىسى، ئېھتىياج تېپىلىپ بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاشقا توغرا كەلگەندە، ئاياللىرىنىڭ سانى تۆتتىن زىيادە بولماسلىقىدۇر. تۆتتىن ئارتۇقى ھارامدۇر. ئۇنىڭ شەرتى، بىردىن ئارتۇق ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى ئادىللىق بىلەن تولۇق ئادا قىلىشقا ئىشەنچىسى بولۇشى شەرتتۇر. كىشى ئەگەر بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلاپ ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى جايىدا ئادا قىلالمىسا ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ.

ئـاللاھ بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ئـۆزۈڭلار ياقتۇرىـدىغان ئاياللاردىن ئىككىنـى، ئـۈچنى ۋە تـۆتنى ئالـساڭلار بولـىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىـڭ ئارىـسىدا ئادىـل بولالماسـلىقىڭلاردىن قورقـساڭلار بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ.﴾ (نىسا سۈرىسى 3 ـ ئايەت)

## كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى

شــەرىئەت ئەھكاملىرىنىــڭ ھېچبىــرى ھــېكمەتلەردىن ۋە ئېــسىل غــايىلەردىن خــالىي ئەمەس. ئەركىشىگە بىـردىن ئـارتۇق ئايالنى بىـرلا ۋاقىتتـا نىكاھىـدا ساقلىـشىغا رۇخـسەت قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىنــسان بەزى ۋاقىــتلاردا بىــردىن ئــارتۇق ئايــالنى نىكاھىــدا ساقلاشــقا ھەقىقىــي ئېھتىيـاجلىق بولـۇپ قالـىدۇ. مەسـىلەن: ئۇنىـڭ ئايـالى تۇغمـاس چىقىـپ قېلىـپ، ئـۆزى بولـسا پەرزەنــت كۆرۈشـنى ئــارزۇ قىلىــدۇ، يـاكى ئايـالى ياشـىنىپ قالغـانلىقتىن يـاكى كېـسەللىكتىن ئۇنىــڭ مەنىــۋى ئېھتىياجلىرىــدىن چىقالمايــدىغان بولــۇپ قالغــانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ باشقا بىر ئايال كىشىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ.

(2) كىـشى بىـردىن ئـارتۇق ئايـالنى نىكاھىـدا سـاقلاش ئـارقىلىق، ئۇلارنىــڭ مـاددىي ۋە مەنىــۋى ئېھتىياجلىرىـــدىن چىقىـــدۇ. جەمئىيەتتىكــى تــۇل ئايـــاللارمۇ تۇرمۇشـــتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

(3) ئـۆيلىنىش ئـائىلىلەر ۋە قەبىلـىلەر ئوتتۇرىـسىدا ئورتـاق باغلىنىـشنى ھاسـىل قىلـىدۇ. يــات ئــائىلىلەر ئارىــسىدا تۇغقــانلىقنى كەلتــۈرۈپ چىقىــپ، كىــشىلەر ئوتتۇرىــسىدىكى يېقىنلىـــق ۋە تۇغقـــانچىلىق مۇناســـىۋەتلىرى كۈچلىنىـــدۇ. مانـــا بـــۇ ـــ پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ بىــردىن ئــارتۇق ئايــاللارنى نىكاھىــدا ساقلىــشىغا تــۈرتكە بولغــان سـەۋەبلەرنىڭ بىـرى بولـسا كېـرەك. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالامدىكى بـۇ ئېـسىل ئەخـلاق بىلەن ئىزگۈ نىيەت ھازىر نەدە ۋە كىمدە بولسۇن؟!

كىــشىلەردە ئەخــلاق سۇســلاشــقان، ئىمــان ئاجىزلاشــقان ۋە ئىنــساپ ئازىيىــپ كەتــكەن ھــازىرقى زامانــدا كــۆپ خوتــۇن ئــالىمەن دېگــۈچىلەرنىــڭ تولــسى ئۆزلىرىنىــڭ شــەھۋانىي ئىستەكلىرى ئۈچۈنلا ئالسا كېرەك.

(4) بەزى ۋاقىــتلاردا دۆلەتــتە يــۈز بەرگەن ئــۇرۇش ســەۋەبلىك ئەرلەر كــۆپ ئۆلــۈپ كېتىــپ، ئاياللارنىــڭ ســانى ئەرلەرنىڭكىــدىن كــۆپ بولــۇپ قالــدىغان ئەھۋاللارمــۇ كۆرۈلــىدۇ. بــۇ خــۇددى ئىككىنچــى دۇنيــا ئۇرۇشــىدىن كېــيىن گېرمانىيــىدە يــۈز بەرگەنــدەك. بۇنــداق ئەھۋالــدا، شــارائىتى ياخــشى بولغــان ئەرلەرنىــڭ بىــر تەرەپــتىن جەمئىيەتتىكـى تـۇل ئاياللارنىـڭ مـاددىي ۋە مەنىـۋىي ئېھتىياجلىرىـدىن چىقىـش، يەنە بىـر تەرەپـتىن ئـۇلارنى يامـان يوللارغـا كىرىـپ قېلىـشتىن سـاقلاپ قـېلىش نىيىتـى بىـلەن

بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىشلار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ باشلىرىغا كېلىدىغانلارنى ئالدىن بىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئەڭ توغرا ئىش قىلىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر دىن بولغانلىقتىن ئىنسانلارنىڭ بۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىغىمۇ چارە تېپىپ بەرگەن.

## ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن قىز - ئوغۇللارنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈشى

ئەسلىدە، ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنى بويىچە، ئەرلەرنىڭ نامەھرەم ئاياللارغا تىكىلىپ قارىشى ۋە ئاياللارنىڭمۇ نامەھرەم ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىشى مەنئى قىلىنغان مەسىلىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ زېمىندىكى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن)ساقلىسۇن. مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر. مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن. ئەۋرەت (ئەزالىرىنى) ياپسۇن. كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن. لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن.﴾ (نۇر سۈرىسى - 30 - 31 - ئايەتلەر)

ئەمما بىرگە تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئوغۇل - قىزلار بىر - بىرىنى كۆرۈشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان بىر ئادەمدىن، ــ سەن ئۇنى (يەنى ئۆيلەنمەكچى بولغان ئايالنى) كۆردۈڭمۇ؟ ــ دەپ سورىغاندا، ئۇ ئادەم ــ ياق، كۆرمىدىم ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا، ــ ئاۋۋال بېرىپ ئۇنى كۆرگىن ــ دەپ بۇيرۇيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام» (مۇسلىم رىۋايىتى)

يەنە بىر ھەدىستە: «بىرىڭلار ئۆيلەنمەكچى بولغىنىدا، ئالماقچى بولغان ئايالنى ئىمكان قەدەر كۆرسۇن» دېيىلگەن. (ئەھمەد رىۋايىتى)

### تويدىن بۇرۇنقى ئۇچرىشىشنىڭ چەكلىمىلىرى

1. شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنغان قاراش ۋە كۆرۈش ئايال كىشىنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولى بىلەن چەكلىنىدۇ. يەنى ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشى ئالماقچى بولغان ئايالنىڭ يۈزىگە ۋە ئىككى قولىغا تىكىلىپ قارىسا بولىدۇ. چۈنكى، يۈزگە قاراش ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ئىككى قولىغا قاراش ئارقىلىق ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. ئەمما ئالماقچى بولغان ئايال ھەققىدە ئۇنىڭدىن كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل

قىلىشنى خالىغان كىشى تاغا ئاچىسىنى ياكى قىز قېرىنداشلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى ئۇلاردىن بىلسە بولىدۇ.

2. بۇئىككىسى ئۇچراشماقچى بولغاندا يالغۇز ئۇچراشماسلىقى، بەلكى قىزنىڭ ئاتا - سىڭىللىرىدىن ياكى ئىشەنچلىك دوستلىرىدىن بىرەرسى بۇلار بىلەن بىرگە بولۇشى كېرەك. ئەمما توي قىلىشتىن بۇرۇن قىز - ئوغۇل ئىككىسىنىڭ يالغۇز ئۇچرىشىشىغا ۋە بىر يەردە يالغۇز قېلىشىغا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يات ئەر كىشى بىلەن يات ئايال يالغۇز قالمىسۇن. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى)

گەرچە ئۆيلەنمەكچى بولغان ئىككى جىنس، بىر- بىرى بىلەن توي قىلىشقا كېلىشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلمىغىچىلىك ئۇلار بىر- بىرىگە يات سانىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، كۈنىمىزدىكى كۆپىنچە كىشىلەر بۇ ئىشلارنى ئاددىي ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرىگە دىققەت قىلىشمايدۇ. بۇ سەۋەبلىكلەرنىڭ تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن قىزلار قوللىرىنى چىشلەپ قالىدۇ. ئاتا - ئانىلارمۇ پۇشايمان چېكىدۇ. چۈنكى كۈنىمىزدە، ئۆيلىنىمىز دەپ پەش تارتىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئاز قىسمىلا بۇ نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسىمۇ، كۆپ قىسمى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى يېرىم يولدا ئايرىلىدۇ.

## قىز - ئوغۇللارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلىماسلىق

ئىسلام دىنى قىز- ئوغۇللارنى ئۇلارنىڭ رازىلىقى بولمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ رايىنى ۋە ئىختىيارىنى نىكاھنىڭ ئاۋۋالقى شەرتلىرىدىن قىلىپ بېكىتتى. ئايال كىشىلەرنى مەيلى ئۇلار قىز بولسۇن، مەيلى چوكان بولسۇن ھېچبىر ۋاقىتتا ئۇلار خالىمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار» ساھابىلار يا رەسۇلەللاھ! قىزلار ئۇياتچان كېلىدۇ، ئۇلار ئۆز رايىنى سۆزلىيەلمىسە قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قارشىلىق بىلدۈرمەستىن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئىختىيار قىلىپ رازى بولغانلىقىدۇر» دەيدۇ. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

يەنە بىر ھەدىستە: «چوكان ئۆزىنىڭ توي ئىشىدا ئەركىندۇر. قىزنىڭ رايىنى سوراش لازىم. ئۇنىڭ رازىلىق بىلدۈرگىنى جىم تورغانلىقىدۇر» دېيىلگەن. (مۇسلىم رىۋايىتى)

بۇ ھەدىستىن شۇ مەنا چىقىدۇكى ، چوكان ئۆزىنىڭ توي ئىشىنى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى

ۋە باشقا ئەگە چاقىلىرى قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزى يالغۇز بېجىرىش ھوقۇقىغا ئەگە. ئەمما قىز ئۆزىنىڭ تويىنى ئۆزى قىلالمايدۇ. بەلكى ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن باشقۇرىلىدۇ. لېكىن ئاتا ـ ئانىلار قىز ـ ئوغۇللىرىنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرى بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلىيالمايدۇ. قىزنىڭ رايى نىكاھنىڭ ئاۋۋالقى شەرتلىرىدىندۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇلار قىز- ئوغۇللىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىق سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ.

ئەمما قىز بولسۇن ياكى چوكان بولسۇن دىيانەتسىز، ئەخلاقسىز بىرىگە ياتلىق بولىمەن دەپ تورىۋالسا، شۇنىڭدەك ئوغۇلمۇ ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز بىرىنى ئالىمەن دەپ تۇرىۋالسا، بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقالايدۇ ۋە بۇ ئىشنى رەت قىلالايدۇ. ئەگەر قىز كىچىك بولۇپ، ئۆزىنىڭ كېلەچىكىنى ياخشى تاللىيالمايدىغان ياشتا بولسا، ئاتا ـ ئانىسى ياكى تۇغقانلىرى ئۇنى ئۆزلىرى خالىغان يەرگە ياتلىق قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە، بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر رىۋايەت سابىت بولغان: «خەنسا ئىسىملىك بىر چوكان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ـ ئى رەسۇلەللاھ! ئاتام مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلدى. ھالبۇكى، مەن ئۇنى ياقتۇرمايمەن ــ دەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «خالىسىڭىز ئاتىڭىزنىڭ بۇ تەسەررۇپىنى قوبۇل قىلىڭ، خالىسىڭىز ئۇنى رەت قىلىڭ ــ دەيدۇ. خەنسا ـ ئى رەسۇلەللاھ! ئاتامنىڭ بۇ ئىشىغا مېنىڭ ھېچ رىغبىتىم يوق ــ دېگەندە، ـ ئانداقتا بۇ نىكاھ توغرا ئەمەس، سىز كېتىپ، ئۆزىڭىز خالىغان بىرسىگە ياتلىق بولۇڭ ـ دەيدۇ پەيغەبەر ئەلەيھىسسالام. بۇ ۋاقىتتا خەنسا، ــ بولدى، مەن ئاتامنىڭ بۇ رىغبىتىنى يۈرگۈزىمەن. ئەمما مەن سىزدىن بۇ مەسىلىنى سوراشتا، ئاتىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ توي ئىشلىرىدا ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرسىگە ياتلىق بولۇشقا زورلاش ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەكچى ئىدىم ـ دەيدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى)

## ئۆيلىنىشتىكى قىيىنچىلىقلار

مەلۇمكى، زامان ئىلگىرىلىگەنسېرى بەزى چوڭ شەھەرلەردە توي سىلىقلىرى ھەددىدىن ئارتۇق ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىنسانلار يارىتىلىشىدىنلا ئۆز تەبىئىتىدىمۇ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇنىسى ــ ئۇلپەت ۋە مۇھەببەت ئىچىدە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئايال كىشى ئۆز ئالدىغا يالغۇز ياشىغاندا، ھاياتلىقنىڭ نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان، تۇرمۇشتىكى ئېھتىياجلىرىنى قامدايدىغان بىرەر ئەر كىشىگە مۇھتاجدۇر. ئەر كىشىمۇ ئۆزى يالغۇز ئۆتۈشكە ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ سىرتتا

تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىشلەش بىلەن بىرگە ئۆي ئىشلىرىنى جايىدا ئاققۇزۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەخلاق تەرەپتىنمۇ ئۆز نومۇسىنى ساقلاپ، ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى، جىنسىي ھەۋەس كىشىلەرنى تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ۋە يارامىلىق نەسىللەر ئەر بىلەن ئايالنىڭ نىكاھتا بىرلىشىشى ئارقىلىقلا مەيدانغا چىقالايدۇ. پەرزەنت كۆرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نام - نىشانىنى داۋام قىلدۇرۇش ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن چوڭ ئارماندۇر. بۇنداق ئىكەن، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىنىش ئىشلىرىغا توسقۇن بولىدىغان ياكى ئۇنى كېچىكتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق ئامىل ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن قەتئىي ھارامدۇر.

جەمئىيەتتىكى بەزى ياشلارنىڭ ئۆيلىنىش ياكى ياتلىق بولۇشتىن باش تارتىشلىرى، «سىناشتۇق» شۇئارى ئاستىدا بىر - بىرى بىلەن ئايالارچە، ھەتتا يىللارچە نىكاھسىز، تۇرمۇشسىز سۆرۈشۈپ يۈرۈشلىرى، بەزى قىزلارنىڭ نومۇستىن بۇۋاقلارنى كوچىلارغا ئېتىشلىرى قاتارلىق ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، بەلكى چوڭ سەۋەبى توي چىقىملىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى، قىزلىق مېھرىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كىشىلەر ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىماستىن، پەقەت باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىش ياكى بۇ ئارقىلىق بايلىق توپلىۋېلىش نىيىتى بىلەن توي چىقىملىرىنى ھەدەپ ئۆرلىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياش، ئوغۇل - قىزلارنى نۇۋەتتىكى ئۆيلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. نىشانلىنىپ بولغان قىزلارمۇ كەلمىگەن ئامەتنى كۈتۈپ ياكى ئۇ، بايلىقتىن مىليونلاپ تۆكۈپ بېرىدىغان بىرەر باينى تاپالماي ئۆيلىنىش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەتتا قېرىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۆيلىنىش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قىزلار تېزلا قېرى چىرايىغا كىرىپ قالىدۇ- دە، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئوغۇللار بولسا، ۋاقتىدا ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلىقى سەۋەبتىن، ئۆيلىنەلمەي، خالىغان يامان يوللارغا كىرىپ كېتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ۋە ئەخلاقىنى دەپسەندە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

ئوغۇل - قىزلارنىڭ ۋاقتىدا ئۆيلىنەلمەي نۆۋەتتىكى تۇرمۇشتىن مەھرۇم قېلىشلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك رەزىل يوللارغا كىرىپ كېتىشلىرىغا سەۋەبكار ئاتا - ئانىلاردۇر، ئەلۋەتتە. بۇ خىل بالالارغا دۇچار بولماسلىقنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى توي چىقىملىرىنى ۋە قىزلارنىڭ مەھرىلىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، ئېھتىياجىغا قاراپ ئازغا كۇپايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىنسان شۇنداق ھۆرمەتلىك مەۋجۇداتكى، ئۇ، پۇلغا سېتىپ ئېلىنمايدۇ. قىزلار دۇنيانىڭ ھەرقانداق بايلىقلىرىدىن ئەلۋەتتە قىممەتلىكتۇر. باشقىلار بىلەن

رىقابەتلىشىش ياكى باشقىلارنىڭ نارازى بولۇشلىرىدىن قورقۇپ ياكى مال ـ دۇنيا تەمەسى بىلەن تويى چىقىملىرىنى ئۆستۈرۈۋېتىش خاتادۇر. ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ كېلەچىكىنى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئويلاپ ئىش كۆرۈش كېرەك. پۇل ـ مال كىشىنى كۆپ ھاللاردا بەختلىك قىلالمايدۇ. ئائىلىنى پەقەت قانائەت، ئازغا رازى بولۇش، ئوتتۇراھال مۇھەببەتلا بىيتالايدۇ ۋە بەختلىك قىلالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئەڭ ياخشى ئايال كىشى ئۇنىڭ مېھرىنىڭ يېنىك بولغىنىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. (ئىبنى ھاببان رىۋايىتى)

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەڭ بەرىكەتلىك ئايال ئۆيلىنىشنىڭ تېز بولغىنى، تۇغۇتىنىڭ تېز بولغىنى ۋە مېھرىنىڭ يېنىك بولغىنىدۇر» (ئەھمەد رىۋايىتى)

جەمئىيەتتىكى بەزى ئاڭسىز ۋە ديانەتسىز كىشىلەرنىڭ ئېيىپلىشىدىن ياكى «قىزىنى بېكارغا بېرىۋەتتى» دېگەنگە ئوخشاش تېتىقسىز سۆزلەرنى تارقىتىشىدىن قورقماستىن، بەلكى ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھتىن قورقىشىمىز كېرەك. ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتقان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېيىپلانمايدۇ ۋە خورلانمايدۇ.

## نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئاللاھ پەرزلەرنى بۇيرىدى، ئۇلارنى زايا قىلىۋەتمەڭلار. ھالال ـ ھارامنىڭ ئارىسىدا چەك ـ چېگرىلارنى بېكىتتى، ئۇلاردىن تاجاۋۇز قىلىپ كەتمەڭلار»

مانا بۇ ھەدىستە ئېيتىلغان چەك ـ چېگرىلارنىڭ ئىچىدە، نىكاھقا تەئەللۇق بولغان بەزى چەك چېگرىلارمۇ باردۇر. نىكاھتىكى چەك ــ چېگرالار بولسا، ئەر كىشىنىڭ قانداق ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە بولىدىغانلىقى ۋە قانداق ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

ئۇلارنىڭ بىرى، مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار، يەنە بىرى مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللاردۇر.

### مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

مەڭگۈلۈك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

## نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

بۇلار تۆۋەندىكى يەتتە خىل ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىسى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىلىرى ۋە چوڭ ئانىلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئۆيلەنگۈچىنىڭ قىزلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئۆز قىزلىرى، ئوغۇل ــ قىزلىرىنىڭ قىزلىرى ۋە ئۇنىڭ نەۋرە، چەۋرە قىزلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. ئۆيلەنگۈچىنىڭ ھەمشىرىلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ بىر ئاتا بىر ئانىدىن بولغان ۋە ئانا تەرىپىدىن ياكى ئاتا تەرىپىدىن بولغان قىز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاتىسىنىڭ قىز قېرىنداشلىرى ۋە ئاتا تەرىپىدىن بولغان ئەجدادلىرىنىڭ قىز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىسىنىڭ ھەمشىرىلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئانىسىنىڭ قىز قېرىنداشلىرى ۋە ئانا تەرىپىدىن بولغان ئەجدادلىرىنىڭ قىز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6. ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئوغۇل قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ بىر ئاتا ، بىر ئانىدىن بولغان ۋە ئانا تەرىپىدىن ياكى ئاتا تەرىپىدىن بولغان ئوغۇل قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7. ئۆيلەنگۈچىنىڭ ھەمشىرلىرىنىڭ قىزلىرى. بۇ ئىبارە، ئۆيلەنگۈچىنىڭ بىر ئانا، بىر ئاتىدىن بولغان ۋە ئانا تەرىپىدىن ياكى ئاتا تەرىپىدىن بولغان قىز قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىڭلارنى ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى﴾ (نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

## ئېمىلداشلىق سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

يۇقىرىقى نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان يەتتە خىل ئايالدىن باشقا،

ئىملداشلىق سەۋەبى بىلەنمۇ بەزى ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، قانداقلا بالا بىر ئايالنى ئەمگەندىن كېيىن، بۇ ئايال ئەمگۈچىنىڭ سۈت ئانىسى، ئۇنىڭ بارلىق پەرزەنتلىرى ئەمگۈچىنىڭ سۈت قېرىنداشلىرى بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا سۈت ئىمىتكۈچى ئايالنىڭ ئۆگەي (شۇ ۋاقىتتىكى ئېرىنىڭ) پەرزەنتلىرىمۇ سۈت ئەمگۈچىنىڭ ئىملداش قېرىنداشلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمگۈچىنىڭ يۇقىرىقى سۈت قېرىنداشلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن نىكاھلىنىشى خۇددى نەسەبتىكى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن نىكاھلانغىنىغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇ بۇلار بىلەن نىكاھلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە سۈت ئانىلىرىڭلار ۋە ئىملداش ھەمشىرىڭلارنى ئېلىش ھارام قىلىندى.﴾ (نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « ئىملداشلىق سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغانلار، نەسەب سەۋەبى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدىغانلارنىڭ ئۆزىدۇر».

## ئىملداشلىق سابىت بولۇشنىڭ شەرتلىرى

ئىملداشلىق سابىت بولۇشنىڭ شەرتلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. سۈتنىڭ ئۇنى ئەمگۈچىنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كېتىشى. ئەگەر ئەمگۈچى سۈتنى ئېغىزىغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى يۇتمىغان بولسا ئىملداشلىق سابىت بولمايدۇ.

2. ئەمگۈچىنىڭ سۈتنى ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئەمگەن بولىشى. ئەگەر ئۇ ئەمچەكتىن ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەمگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئىملداشلىق سابىت بولمايدۇ. بۇۋاقلارنىڭ ئەمچەكتىن ئايرىلىش ۋاقتىنىڭ ئەڭ كۆپ مۇددىتى ئىككى يىلدۇر. ئىككى يىلدىن كېيىن ئەمگەن سۈت بىلەن ئىملداشلىق سابىت بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئەمگۈچى ئىمىتكۈچى ئايالنىڭ سۈت بالىسى بولۇپ قالمايدۇ، ئىمىتكۈچىنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىملداش قېرىنداشلىرىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. يۇقىرىقى ئىككى شەرتنىڭ تېپىلىشى بىلەن ئەمگۈچى ئىمىتكۈچى ئايالنىڭ سۈت بالىسىغا، ئۇنىڭ بارلىق پەرزەنتلىرى ئەمگۈچىنىڭ ئىملداش قېرىنداشلىرىغا ئايلىنىدۇ.

ئەمما ئەمگۈچىنىڭ ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرىدىن باشقا، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بۇ ئىملداشلىق بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ.

مەسىلەن: ئەمگۈچىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئىملداشلىق تەرەپتىن بولغان سۈت قېرىنداشلىرى بىلەن ئۆزئارا نىكاھلىنالايدۇ.

## قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن ئۆيلىنىشكە بولمايدىغان ئاياللار

ئۇلار تۆۋەندىكى تۆت خىل ئايالنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئاتىسىنىڭ (قويۇپ بەرگەن)ئاياللىرى ۋە بوۋىلىرىنىڭ (قويۇپ بەرگەن) ئاياللىرى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار.﴾ (نىسا سۈرىسى 22 ـ ئايەت)

يەنى بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن، بۇ ئايال ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ۋە پۈتۈن پەرزەنتلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ھارام بولىدۇ. ئۇلاردىن ھېچبىرى بۇ ئايالنى نىكاھىغا ئالالمايدۇ.

2. ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ (قويۇپ بەرگەن) ئاياللىرى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار سىلەرگەھارام قىلىندى.﴾ (نىسا سۈرىسى 22 ـ ئايەت)

يەنى بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن بۇ ئايال ئۇنىڭ دادىسىغا ۋە پۈتۈن بوۋىلىرىغا ھارام بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇ ئايال بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ.

3. ئۆيلەنگۈچىنىڭ (قولىدىكى) ئايالىنىڭ ئانىسى ۋە ئۇ ئايالنىڭ چوڭ ئانىلىرى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قېيىن ئاناڭلارنى ئېلىشىڭلار سىلەرگە ھارام قىلىندى.﴾(نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

يەنى بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن بۇ ئايالنىڭ ئانىسى ۋە چوڭ ئانىلىرى ئۇ كىشىگە ھارام بولىدۇ.

4. ئۆيلەنگۈچىنىڭ ئايالىنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) قىزلىرى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇچاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ گۇناھ يوق.﴾(نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

يەنى مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغان كىشى ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ قىزلىرى ۋە پۈتۈن نەۋرىلىرى ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بۇ ئايالغا نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلمىغان بولسا (يەنى يېقىنچىلىق قىلماستىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا) بۇ چاغدا، ئۇ ئايالنىڭ قىزلىرى ئۇ كىشىگە ھالالدۇر. يەنى ئۇلار بىلەن نىكاھلىنالايدۇ. دېمەك، بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئايالغا نىكاھلىنىپ ئۇنىڭغا

يېقىنچىلىق قىلىشى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ باشقا ئەردىن بولغان قىزلىرى بۇ كىشىگە ھارام بولىدۇ.

## مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار

مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللار ئۈچ قىسىم بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆيلەنگۈچىنىڭ (قولىدىكى) ئايالنىڭ ھەمشىرىلىرى ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئاتا تەرەپتىن ياكى ئانا تەرەپتىن بولغان تاغا ئاچىلىرى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى.﴾ (نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئايال كىشى ئۆزىنىڭ تاغا ئاچىلىرى بىلەن نىكاھتا بىرلەشتۈرۈلمەيدۇ.﴾ (بۇخارى رىۋايىتى)

يەنى، بىراۋ ئايالىدىن ئاجراشماي تۇرۇپ، ئۇ ئايالنىڭ ھەمشىرىلىرى بىلەن ياكى تاغا ئاچىلىرى بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ. بەلكى ئايالىدىن ئاجراشقاندىن كېيىنلا يۇقىرىدىكىلەر بىلەن نىكاھلىنالايدۇ.

2. باشقىسىنىڭ ئىددىتىدە بولغان ئايالالر. باشقا بىر ئەرنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولمىغان ئايال كىشى شۇ ئەرنىڭ زىممىسىدا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئاجراشقان ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئىددىتى ئىچىدىكى ئايالالر بىلەن، ئۇلارنىڭ شۇ ئىددىتى توشمىغىچە نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىددىتى توشمىغان ئايالالرغا ئۇالرنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرۇتتۇپ ئۆتتۈسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭالردا يوشۇرۇن تۇتساڭالر سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇالرغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭالر ئاللاھقا مەلۇمدۇر. لېكىن ئۇالر بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭالر. پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزنى قىلساڭالر بولىدۇ. ئىددىتى توشمىغىچە ئۇالرنى نىكاھىڭالرغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭالر. بىلىڭالركى، ئاللاھ دىلىڭالردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ.﴾ (بەقەرە سۈرىسى 235 ـ ئايەت)

3. ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ئايالالر يەنى ئېھرام مۇددىتى ئىچىدىكى ئايالالر بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. ئېھرام مۇددىتى تۈگەپ، ئۇالر ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئۇالر بىلەن نىكاھلىنىشقا بولىدۇ.

## سۆز سېلىش

سۆزسېلىش ــ يىگىت تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە، ئۇلاردىن ئوغلىغا قىزىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتىشى دېمەكتۇر. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي شانلىق ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرىدۇر. سۆز سېلىش يىگىت تەرەپتىن قىز تەرەپكە بولغىنىدەك، بەزى ھاللاردا، قىز تەرەپتىن يىگىت تەرەپكىمۇ بولىدۇ. بۇ، بەزى ئاڭسىز كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، ئەيىب سانىلىدىغان ئىش ئەمەس. قۇرئان كەرىم بۇ ئىشنىڭ (يەنى قىز تەرەپنىڭ يىگىتنى تەلەپ قىلىشىنىڭ) جائىزلىقىغا ئىشارەت قىلغان ھالدا، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ ئىككى قىزىنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: « (قويلىرىمىزنى) سوغۇرۇپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سىنى راستىنلا چاقىرىدۇ» دېدى. مۇسا شۇئەيبنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى. شۇئەيب: «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى. شۇئەيب ئېيتتى: «ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن.﴾ (قەسەس سۈرىسى 25 ـ 27 ـ ئايەت).

بۇ قىسسىدە، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىكى دىيانەت ۋە ئەخلاقنى كۆرگەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قايىل بولۇپ، ئىككى قىزىنىڭ بىرىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىشنى خالايدىغانلىقى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قىزىغا ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

## نىشانلىنىش (گۈل قويۇش)

نىشانلىنىش ـ «چاي ئۈچۈرۈپ قويۇش» ياكى «باركاللا قىلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قىز تەرەپنىڭ يىگىت تەرەپنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە تويىنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۆيلەپ قويۇشقا رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دېمەكتۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، يىگىت بىلەن قىز تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن نىشاننى بىر ـ بىرىگە قاراتقان بولىدۇ. «گۈل قويۇش» نامى بىلەن يىگىت تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە سوۋغا ــ سالام تەقدىم قىلىشىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە نىشانلانغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. چاي ئىچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ ئۇ قىزغا خېرىدار بولۇشى ۋە تويى تەكلىپىنى قويۇشى دۇرۇس ئەمەس.

نىشانلىق دەۋرى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تويىدىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقى

ئۈچۈن پايدىلىق بىر دەۋردۇر. بۇ دەۋردە قىز - يىگىتلەر بىر - بىرى بىلەن ياخشى تونۇشۇش ئارقىلىق ئۆيلىنىش ياكى ۋازكېچىش قارارىنى بېرىدۇر. بىراق بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆيلىنىش ئالدىدىكى نىكاھ ئوقۇلۇشىدىن بۇرۇن بىرەر جايدا يالغۇز ئۇچرىشىشى دىنىمىزغا ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزگە خىلاپتۇر. شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئېيتقاندا، ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «يات ئەر بىلەن يات ئايال يالغۇز قالمىسۇن، بۇ ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ» دەيدۇ.

كۈنىمىزدىكى ئېچىنىشلىق ھادىسىلەر، ۋەقەلىكلەر بۇ ھەدىسنىڭ نەقەدەر توغرا ۋە ھەق ئېيتىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. نۇرغۇنلىغان گۈزەل قىزلارنىڭ «سىناشتۇق» شۇئارى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەكلىرىنى نابۇت قىلىپ، پۇشايماندىن قوللىرىنى چىشلەپ قالغانلىقى ، يىگىتلىرىنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنىڭ ئۇستىگە، ئاتا - ئانىسىغا نومۇس ۋە شەرمەندىلىك ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە باشقا ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار بىزنىڭ ئۆز دىنىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا مىللىي ئەنئەنىمىزنىڭ ئەخلاق دەستۇرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىقماقتا.

دىنىمىزغا ئەمەل قىلساق بىز ھەرتۈرلۈك پۇشايمانلاردىن ۋە بالايى — ئاپەتلەردىن ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز. ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ يىگىتى بىلەن نىكاھتىن بۇرۇن يالغۇز ئۇچرىشىشىغا يول قويۇشى، «دوستلار زىيارىتى» باھانىسى بىلەن ئۆيىدىن كۈنلەپ، ھەتتا كېچىلەپ يوق بولۇپ كېتىشىنى نورمال ئەھۋال دەپ چۈشىنىشى ئىنتايىن بىغەملىك ۋە پەرزەنتلىرىگە قارىتا ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر.

## ئىددەت ئىچىدىكى ئاياللارغا نىشانلىنىش مەسىلىسى

ئىددەت تۇتقۇچى ئاياللار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. بىر تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئاياللار

2. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار

3. ئۈچ تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئاياللار

1. بىر تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال كىشى

بىر تالاق بىلەن ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال كىشى گەرچە تالاق قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ، ئىددەت ۋاقتى توشقىچە ئېرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئىددەت توشقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئېرى ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا نىكاھسىز قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ئىددەت ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىققان بولىدۇ. بۇ

ۋاقىتتا ئۇنىڭغا سۆز سالدۇرۇش، نىشانلىنىش ۋە ئۆيلىنىش جائىزدۇر. ئەمما ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولمىغىچە ئۇنىڭغا نىشانلىنىش ياكى رەسمىي نىشانلانمىسىمۇ سۆز سېلىش قەتئىي جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ ئايال ئېرىنىڭ ئىددىتىدىن چىقىپ بولمىغان ئىكەن، ئۇ ئېرىنىڭ زىممىسىدا بولغان بولىدۇ. بۇ نىڭدا ئېرى بىلەن يارىشىپ قېلىشى ئۈچۈن پۇرسەتمۇ بار دېگەنلىكتۇر.

2.ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال كىشى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئادەتتە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال كىشىگە ھامان بىراۋ خېرىدار بولسا، ئېرىنىڭ تۇغقانلىرى بىئارام بولىدۇ، باللىرى بولسا پەرىشان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئايال كىشىنىڭ ھەرقانداق كىشىگە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ماتەم تۇتۇشىنى قەتئىي چەكلىگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئېرى ئۈچۈن 4 ئاي 10 كۈن ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇغان. چۈنكى، ئەر ـ خوتۇنلۇق رىشتىسى ئالاھىدە مۇقەددەس بىر باغلىنىشتۇر. ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلماستىن، ئىددىتىنى توشقۇزماي تۇرۇپ ياتلىق بولۇش كويىدا بولۇشى نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىگە پەرۋا قىلمىغانلىقىدۇر. بۇ ئىنسانىيەتچىلىككىمۇ ياتمايدۇ. شۇڭا ئايال كىشىنىڭ بۇ مۇددەت ئىچىدە (يەنى 4 ئاي 10 كۈنلۈك ئىددىتى ئىچىدە) باشقا ئەرلەر بىلەن نىشانلىنىشى ھارام قىلىنغان. ئەمما بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭغا سۆز سالدۇرۇشقا بولىدۇ.ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا رەسمىي نىشانلانماستىن سۆز سالدۇرۇش باشقىلارنىڭمۇ كۆڭۈللىرىنى رەنجىتىشنىڭ قويمايدۇ، چۈنكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئىددەتتىن كېيىن بەرىبىر ياتلىق بولماي قالمايدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە ئورتاقلاشقان بىر قالاق ئادەت بار. ئۇ بولسىمۇ، بىر ئائىلىدىن بىرەرسى ۋاپات بولغان بولسا، ئۇنىڭ يىلى توشمىغىچە بۇ ئۆيدە ئۆيلىنىش ياكى ياتلىق بولۇش ئىشلىرى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا بۇنداق قىلىش ئۆلگۈچى مەرھۇمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىقمىش. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇئادەت ئۆزىنى بەھۇدە ئاۋارە قىلغانلىق، ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ بەختلىرىنى كېچىكتۈرگەنلىك ياكى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر. كۆپلىگەن قىز ـ يىگىتلەر بۇ قالاق ئادەت تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا ئۆيلىنەلمەي، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن بىر ـ بىرىدىن ۋازكېچىشىدۇ ياكى ئەخلاقىا خىلاپ كېلىدىغان بىنورمال ئىشلارنى ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى بۇزىدۇ. نەتىجىدە، سائادەتلىرىنى كېچىكتۈرىدۇ، كۆپ ھاللاردا بەربات قىلىدۇ. ئۆلۈكلەرگە ھۆرمەت قىلىش ـ ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈش، ھەققىدە دۇئا قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يىلىنى كۈتۈپ قىز ـ ئوغۇللىرىنى ئۆيلەش ياكى ياتلىق

قىلىش ئىشلىرىنى كىچىكتۈرۈش ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئازار قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئۇلار خاتا ئىشلارغا رازى بولمايدۇ. شۇڭا بىز پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا ئاللاھ قۇرئاندا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرسەك ئەڭ توغرىسىنى قىلغان بولىمىز. ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەنلىرى بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3. ئۈچ تالاق بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال كىشى

ئۈچ تالاق بىلەن ئېرىدىن ئايرىلغان ئايال كىشىنىڭ ئىددىتى توشقىچىلىك بولغان ئارىلىقتا، باشقا ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا سۆز سېلىشى ياكى نىشانلىنىشى جائىزدۇر. چۈنكى، ئۈچ تالاق بىلەن ئايرىلغان ئايال، ئېرى تالاق قىلغان ھامان ئۇنىڭ زىممىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ پەقەت ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاكلىنىشىلا قالغان بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئېرى ئۇنى يېڭىدىن نىكاھ قىلىش بىلەنمۇ ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. پەقەت ئۇ ئايال باشقا بىرىگە ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتىدە نىكاھلىنىپ، كېيىن ئېرى ئۆلگەن ياكى ئايرىلغانغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن ئىككىنچى ئېرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، بىرىنچى ئېرىگە يېڭى نىكاھ بىلەن قايتالايدۇ. شۇڭا ئۈچ تالاقنىڭ ئىددىتى ئىچىدىكى ئايال كىشىگە باشقىلارنىڭ سۆز سېلىشى ياكى نىشانلىنىشى جائىزدۇر.

**بىراۋنىڭ نىشانلىغىنىغا نىشانلىنىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكى**

ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەت، سۆيگۈ، ۋە ۋاپادارلىقنىڭ ھەممىگە ئورتاق بولغان ھالدا داۋام قىلىشىنى، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكلەرنىڭ جەمئىيەتتىن يوقۇلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىراۋنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلىشىنى، بىراۋنىڭ نىشانلىغىنى ئۈستىگە نىشانلىنىشىنى قەتئىي مەنئى قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: «مۆمىن مۆمىننىڭ قېرىندىشى، مۆمىن كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلىشى، ئۇ نىشانلانغان بىرىگە — ئۇ ئۆزى ۋازكەچمىگىچىلىك — نىشانلىنىشى ھارامدۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى)

ئەمما بىراۋ بىر ئايالغا سۆز سالدۇرۇپ تېخى نىشانلانمىغان بولسا، ئۇ ئايالمۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقنى بىلدۈرۈپ ئېنىق جاۋاب قايتۇرمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە، ئۇ ئايالغا باشقا بىرسىنىڭ سۆز سالدۇرۇشى جائىزدۇر. چۈنكى بۇئايال بۇرۇنقىسى بىلەن تېخى نىشانلانمىغان ۋە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر باغلىنىش ھاسىل بولمىغان

ئىكەن، باشقىسىنىڭ ئۇنىڭغا سۆز سالدۇرۇشىغا ۋە نىشانلىنىشىغا يول بار دېمەكتۇر. شۇنىڭدەك، بۇ ئايال بىرىنچىسى بىلەن نىشانلىنىش جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇشى ئارقىلىق ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش قورۇپ بەختلىك بولۇشىغا ئىشەنچ ھاسىل بولمىغانلىق سەۋەبتىن ئۇلار بىر - بىرىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا باشقا بىرىنىڭ بۇ ئايالغا نىشانلىنىشى، ئۇنىڭمۇ قوبۇل قىلىشى جائىزدۇر.

ئەگەر ئىككىنچىسى (يەنى ئىككىنچى بولۇپ سۆز سالدۇرغۇچى) بۇ ئايالنى تەھدىد قىلىپ قورقۇتۇش ياكى ئۇنىڭغا بىرىنچىسىنى (يەنى بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا سۆز سالدۇرغان كىشىنى) يامان كۆرسىتىش ياكى باشقا چارىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ۋازكەچكۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى نىشانلىنىش، ئاندىن ئۆيلىنىش مەقستى بىلەن سۆز سالدۇرغان بولسا، بۇ نە شەرئەتكە، نە ئىنسانىيەتچىلىككە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان رەزىللىك ھەمدە مەككارلىقتۇر. شەرئەت تارازىسى بويىچە ئېيتقاندا، ھارامدۇر. چۈنكى، بۇ ھالەتتە ئىككىنچىسى بىرىنچىسىنىڭ نېسىۋىسىگە قول سالغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەقسىزلىكتۇر. بۇ ماۋزۇدىكى ھارامدىن مەقسەت نىكاھنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى نىكاھ ئۇنىڭ شەرتلىرىنىڭ تولۇق بولۇشى شەرتى بىلەن جائىزدۇر. بىراق ئىككىنچىسى بىرىنچىسىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. سەۋەبسىز ھالدا، ئىككىنچىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ بىرىنچىسىدىن ۋازكەچكەن ئايالمۇ ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ نىشانىسى ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىشتۇر. ئاللاھ قۇرئاندا مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.﴾ (مۆمىنۇن سۈرىسى 8 - ئايەت).

## تويدىكى خۇشاللىق تەنتەنىسى

ئاۋۋال شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي ھاياتقا ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر دىن بولۇپ، باشقا دىنلارغا ئوخشاش تەركىيدۇنيالىقنى ۋە قاتتىقچىلىقنى تەرغىب قىلمايدۇ. بەلكى ئىسلام دىنى ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ھەرقانداق ئىجابىي پائالىيەتلەرنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەھكاملارنى بەلگىلەيدۇ. توي ۋە باشقا ئىسلامىي بايرام كۈنلىرى بولسا خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان كۈنلەردۇر. بۇ باشقا غەم — قايغۇلۇق ۋە ماتەم كۈنلىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ماتەم كۈنلىرىدە كىشىلەرنى خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىشنىڭ مۇناسىپ بولمىغىنىدەك، توي كۈنلىرىدىمۇ كىشىلەرنى ئۆلۈمنى ياد ئېتىشكە، دوزاخ ئازابىدىن

قورقۇشقا تەرغىب قىلىشمۇ ھەرگىز ھېكمەتلىك ئىش ئەمەستۇر. ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق قائىدە ــ يوسۇنلىرى باردۇر. توي كۈنلىرىدە خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلىش، ھەممە بىردەك شادلىقنى ئىزھار قىلىش توي كۈنلىرىگە خاس قائىدە ـ يوسۇندۇر.

## توينى نامايان قىلىش

ئىسلام دىنى بىزگە توينى نامايان قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئېلان قىلىشنى بويرۇيدۇ. مانا بۇ ـ ئىسلام دىنىدا مەنئى قىلىنغان يولسىز نىكاھ بىلەن ئاللاھ ھالال قىلغان ھەقىقىي يوللۇق نىكاھنىڭ پەرقىنى ئايرىش ۋە ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتىگە شۈكۈر ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

خەلقى ئالەمگە نامايان قىلىپ، ئېلان قىلىنمىغان نىكاھ باشقىلارنىڭ سۆز تارقىتىشىدىن ۋە يامان گۇمانلارنى قىلىشىدىن خالىي بولالمايدۇ.

مەسىلەن: جەمئىيەتتىكى بەزى پىتنە ــ پاساتچىلار ۋە غەيۋەتچىلەر نىكاھى ئېلان قىلىنمىغان بىراۋنى ئايالى بىلەن كۆرگىنىدە، ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ھەرخىل پىتنىلەرنى ۋە تۆھمەتلەرنى تارقىتىشقا، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئابرۇيلىرىنى تۆكۈشكە ئالدىرايدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ھەر تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلاردىن ۋە يامان ئاقىۋەتلەردىن ھىمايە قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت، ئابرۇيلىرىنى قوغداش ئۈچۈن توينى خەلقى ئالەمگە نامايان قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىكاھنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ نىكاھنى ئېلان قىلىڭلار. ئۇنى مەسجىدلەردە قىلىڭلار، توينىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن داپ چېلىڭلار» (تىرمىزي رىۋايىتى)

بۇھەدىستىن نىكاھنى ئېلان قىلىشنىڭ، توينىڭ تەنتەنىسىنى توي بولغان ئۆيدىكى سورۇندا چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئېلان قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما نىكاھنى مەسجىدلەردە قىلىشنى ئىسلام ئۆلىمالىرى سۈننەت قاتارىدىن سانىمىسىمۇ، قىلسا گۇناھ بولمايدىغان ئىش.چۈنكى ھەرقانداق ھەدىستىن سۈننەت ھۆكۈمى ئېلىنمايدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە: «ھالال نىكاھ بىلەن ھارام نىكاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئېلاندۇر» دەپ كۆرسەتكەن. (جامئۇل ئۇسۇل11 ــ جىلد 44 ــ بەت)

يەنە بىر ھەدىستە: «ھالال نىكاھ بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق داپ ئاۋازىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. (تىرمىزي رىۋايىتى)

يەنى، هالال نىكاھ بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىدىكى پەرق چالغۇ ئەسۋاپلارنى چېلىش، خۇشاللىقنىڭ ۋە شادلىقنىڭ تەنتەنىلىرىنى نامايان قىلىدىغان ناخشا ئاۋازلىرىنى ياڭرىتىش ئارقىلىق ئۇنى خەلقى ئالەمگە ئېلان قىلىش بىلەن تونۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستىكى «نىكاھنى مەسجىدلەردە قىلىڭلار» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىككى مەقسەتنى كۆزلىگەن: ئۇنىڭ بىرى، نىكاھنى مەسجىدنىڭ روھانىيلىقى بىلەن باغلاشتۇرۇش. چۈنكى مەسجىدلەر ئىبادەت گاھلىرىدۇر. مۇسۇلمانلار مەسجىدتە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئىبادەت قىلغاندەك، ئاللاھ بۇيرىغان ھالال نىكاھلىرىنىمۇ مەسجىدلەردە قىلىشى ئارقىلىق (نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن) ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. ئىككىنچىسى، كىشىلەر نىكاھنى مەسجىدلەردە قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ نامايان قىلىش ۋە ئېلان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى مەسجىدلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا توپلىنىدىغان ئورۇنلىرى. مۇسۇلمانلار ھېيت، جۈمە نامازلىرى ۋە بەش ۋاقىت نامازلار ئۈچۈن مەسجىدكە توپلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم كۆپ توپلىنىدىغان ئورۇنلاردا نىكاھنى ئېلان قىلىش بىر تەرەپتىن نىكاھنى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئېلان قىلىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا ياشلارنىمۇ ئۆيلىنىشكە تەشەببۇس قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

تويلاردا ئاياللار ئايرىم، ئەرلەر ئايرىم ئورۇنلاردا بولغان ھالدا تەنتەنە قىلىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئايال جىنسلىرى ئارىسىدا ئەدەپ، ئەخلاققا ئويغۇن شەكىلدە ناخشا، غەزەل ۋە شېئىرلارنى ئوقۇشلىرى ياخشى بولغاندەك، ئەرلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەر جىنسلىرى ئارىسىدا شۇنداق قىلىشلىرى ياخشىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ تويىدىن قايتىپ كەلگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، — ئەي ئائىشە! سىلەر تويدا ئويۇن — تاماشا قىلمىدىڭلارمۇ ؟ ئەنسارلار ئويۇن تاماشانى ياقتۇرىدىغان خەلقتۇر ـ دەيدۇ»(بۇخارى رىۋايىتى)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر جايدىن ئۆتكىنىدە، قىزلار داپ چېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇلار مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتاتتى:

خوشال بىزلەر كۆككە يەتسۇن ناخشىمىز،

ئارىمىزدا مۇھەممەدتۇر ياخشىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇۋاقىتتا ئۇلارغا قاراپ «ئاللاھ بىلىدۇكى، ھەقىقەتەن، مەن

سلەرنى ياخشى كۆرمەن» دېدى. (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇۋىلاردا ناخشا ئېيتىش، چالغۇئەسۋاپلىرىنى چېلىش ئارقىلىق تويىنى نامايان قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان ھەدىسلىرى كۆپتۇر.

بۇ ھەدىسلەرگە بىنائەن، تويىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىش جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەۋزەلدۇر.

بۇنىڭ شەرتى، ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن ھالدا، پەزىلەتلىك بولۇشى ۋە كىشىلەرنى يامان ئوي ــ خىياللارغا تاشلايدىغان ئەدەپسىز سۆزلەردىن، ئەخلاقسىز ھەرىكەتلەردىن خالىي بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمما كۈنىمىزدىكى توي سورۇنلىرىدىكى ئەخلاقسىز ناخشىلار، ئەدەپسىز تاماشالار ۋە كىيىمنى ئاز كىيىپ ئوينايدىغان ھاياسىز ئۇسسۇللار نە ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپىغا نە بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزگە ئويغۇن كەلمەيدۇ. بۇلا پەقەت ياۋروپالىقلارنىڭ ۋە خۇداسىزلارنىڭ رەزىل مەدەنىيەتلىرىدۇر. ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرىغا، مىللىي ئەنئەنىمىزگە ئەگىشىشى ۋە باشقىلارنىڭ رەزىل مەدەنىيىتىنى دوراپ ئەخلاقلىرىنى كىرلەتمەسلىكى لازىم.

## تويدا ناخشا ئېيتىش ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىش

تويدا بولسۇن ياكى باشقا مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن، ناخشا ئېيتىش، ئۇنى ئاڭلاش ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى چېلىش جائىزدۇر. خۇسۇسەن، تويىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن توي سورۇنلىرىدا ناخشا ئېيتىش ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى چېلىش ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى تويدا تەنتەنە قىلىشقا بۇيرىغانلىقى توغرۇلۇق ھەدىسلەر سابىت بولغان. ئەمما ئېيتىشقا ۋە ئاڭلاشقا رۇخسەت قىلىنغان ناخشىلارنىڭ مەزمۇنى كىشىلەرنى يامان ھەۋەسلەرگە چاقىرىدىغان، ئەدەپ ئەخلاققا تەسىر يەتكۈزىدىغان، ھاياسىز، ئەدەپسىز سۆزلەردىن خالىي ھالدا، ۋەتەننى، دىننى، مەرتلىكنى، پەزىلەتنى، ئاتا - ئانىنى ۋە مىللەتنى كۈيلەيدىغان ئېسىل سۆزلەردىن بولۇشى شەرتتۇر. چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى چېلىشمۇ جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە تويلاردا داپ چېلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ساھابىلىرىنى ئۇنىڭدىن توسمايتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بىر قېتىم ئۆز ئۆيىدە (ئۇنىڭ ئايالى) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا داپ چېلىپ ئولتۇرغان قىزلارنىمۇ ئۇنىڭدىن مەنئىي قىلمىغانلىقى، بەلكى ئۇلارنى تەشەببۇس قىلغانلىقى توغرىسىدا كۈچلۈك ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. ناخشا ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى

ئۆز يولىدا قوللانسا نەتىجىسىمۇ ياخشى بولغىنىدەك، ئۇنى يامانلىققا يەنى كىشىلەرنى ئازدۇرغۇچى ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە مۇپتىلا قىلىدىغان شەكىلدە قوللانسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى زىيانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئىسلام نەزەرىدىمۇ جائىز بولمايدۇ.

# نىكاھ ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

نىكاھ — ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر - بىرىدىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىش مەقسىتىدە بەختلىك بىر ئائىلىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتىنىڭ باغلىنىشى دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللار بىلەن ئۇنىسى - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاراڭلاردا (يەنى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر باردۇر.﴾ (رۇم سۈرىسى 21 - ئايەت)

## نىكاھنىڭ شەرتلىرى

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كامىللىقىنىڭ بىر مىسالى شۇكى، ئۇنىڭدا، مەيلى ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان سودا - سېتىق مۇئامىلىلىرى بولسۇن، مەيلى ئامانەت قويۇش، قەرز بېرىش ۋە ئېلىش مۇئامىلىلىرى بولسۇن، ھەمدە باشقا مۇئامىلىلار بولسۇن، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغان ھەرقانداق بىر مۇئامىلە ئۈچۈن مۇئەييەن قانۇن - پرىنسىپلار بېكىتىلگەن. نىكاھمۇ يۇقىرىقى مۇئامىلىلارنىڭ بىر تۈرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىمۇ مۇئەييەن قانۇن - پرىنسىپلار بار. نىكاھنىڭ ئىسلام نەزەرىدە، قانۇنلۇق ھالدا دۇرۇس باغلىنىشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ رازىلىقى

نىكاھنىڭ دۇرۇس باغلىنىشى ئۈچۈن نىكاھلانماقچى بولغان ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ رىغبىتى ۋە ئۇلارنىڭ رازىلىقى شەرتتۇر. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ھېچكىمنى ئۆزى خالىمىغان بىرسى بىلەن نىكاھلىنىشقا زورلاشقا بولمايدۇ. ئىنسانلار تۇرمۇش قورۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە جور تاللاشتا مۇتلەق ئەركىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «چوكان ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇشتا ئاتا - ئانىسىدىن ھەقلىقتۇر. قىزنىڭ رايى سورىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈكۈت قىلغىنى ماقۇل كۆرگەنلىكىدۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى)

2. گۇۋاھچىلارنىڭ ھازىر بولۇشى

نىكاھنىڭ دۇرۇس باغلىنىشى ئۈچۈن نىكاھ ئوقۇلغان ئورۇندا ئىككى مۇسۇلمان ئەر

گۇۋاھچىنىڭ ھازىر بولۇشى شەرتتۇر. ئىككى ئەر گۇۋاھچى تولۇق تېپىلمىغان شارائىتتا، بىر ئەر، ئىككى ئايال بىرلىكتە گۇۋاھلىققا ھازىر بولۇشى لازىم. چۈنكى بۇ تۈرلۈك مۇئامىلىلەردە ئىككى ئايال گۇۋاھچى بىر ئەر گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. گۇۋاھچىلار ھازىر بولمىغان نىكاھ نىكاھ بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالەتلىك، دىيانەتلىك) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار.﴾ (بەقەرە سۈرىسى 282 ـ ئايەت)

## نىكاھنىڭ لەۋزىلىرى

نىكاھنىڭ لەۋزىلىرى ـ ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن تۇرمۇش قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرقانداق سۆز ئىبارىلەردۇر. ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ نىكاھلىنىش تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەر كىشىمۇ ئۇنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئايال كىشىنىڭ قوبۇل قىلغانلىقىنى ئۆزى ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئەركىشى ئۇنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى ئۆزى بىۋاستە بىلدۈرىدۇ. نىكاھنىڭ ئىبارىلىرى ئۆتكەن زامان پېئىللىرى (يەنى ئالدىم، تەگدىم دېگەنگە ئوخشاش پېئىللار) بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك، تەلەپ بىلەن قوبۇل بىر ئورۇندا بولۇشى، ئىككى سۆزنىڭ (ئوتتۇرىدا كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ) ئارىسىغا باشقا گەپلەر ئارىلىشىپ قالماسلىقى لازىم.

## نىكاھتىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلار

نىكاھتىن كېيىن تۆۋەندىكى ئۈچ ھەق-ھوقۇق بەلگىلىنىدۇ:

1. مەھرى

مەھرى ـ نىكاھ سەۋەبى بىلەن ئەرنىڭ ئايالىغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مەلۇم مىقداردىكى ماددىي ھەق (پۇل) دېمەكتۇر.

مەھرى بېرىشنى ئەر ـ ئايال ئىككىسى تويدىن بۇرۇن شەرت قىلغان بولسۇن، ياكى شەرت قىلمىغان بولسۇن ھەر ھالەتتە ئەر كىشىنىڭ ئۇنى نىكاھتىن كېيىنلا ئايالىغا نەق ياكى يېرىمىنى نەق، يېرىمىنى نىسى بېرىشى لازىم.

مەھرىنىڭ مىقدارى:

مەھرى مىقدارىنىڭ ئاز كۆپلىكىنىڭ چېكى يوقتۇر. مەھرى پەقەت ئەرنىڭ

ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ بولىدۇ. تويدىن بۇرۇن ئەر تەرەپ بىلەن ئايال تەرەپ ئۆزئارا پۈتۈشكەن مەھرى مىقدارى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ئەگەر تويدىن بۇرۇن ئايال كىشىگە مەھرى بېرىشنى پۈتۈشمىگەن بولسا، ياكى پۈتۈشكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ مىقدارىنى تەيىنلىمىگەن بولسا، بۇ ھالەتلەردە ئەر كىشى ئايالىغا شۇ شەھەردە ئادەت بولۇپ ئېقىۋاتقان مەھرى مىقدارىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە مەھرى بېرىدۇ. چۈنكى مەھرى — ئايال كىشىنىڭ نىكاھ سەۋەبى بىلەن بەلگىلەنگەن تەبىئىي ھەققىدۇر. مەھرى مىقدارىنىڭ ئاددى، يېنىك بولغىنى ياخشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسىمۇ مەھرىنى ئېغىر قىلىۋېتىپ تويىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويماسلىقتۇر. مەھرى - پۇل - مال بېرىش بىلەن ئادا تاپقىنىدەك، مەنىۋى مەنپەئەت بىلەنمۇ ئادا تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ساھابىنى ئۇ كەمبەغەل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئايالىغا بېرىدىغان مەھرىسى بەدىلىگە، ئايالىغا قۇرئان ئۆگىتىشنى شەرت قىلىش بىلەن ئۆيلەندۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

2. نەفەقە

نەفەقە - ئەركىشىنىڭ تويدىن كېيىن ئايالىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشى دېمەكتۇر.

ئەر كىشى ئەگەر ئايالىنىڭ يۇقىرىقى چىقىملىرىغا بېخىللىق قىلىپ ئۇنى جايىدا ئادا قىلمىسا، ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئەگەر ئايالى ئۇنىڭ ئىقتىسادىدىن ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە يېتەرلىك مىقدارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەستىن ئالسىمۇ، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ بارلىق چىقىملىرى ئېرىنىڭ زىممىسىدىدۇر. بۇھەقتە، ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا، ئېرىنىڭ باي تۇرۇپ بېخىللىق قىلىپ ئۇنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ چىقىملىرىنى تولۇق ئورۇنلاپ بەرمىگەنلىكىدىن شىكايەت قىلغان ھالدا، قانداق قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا، «ئانداقتا، ئۆزىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ ئېھتىياجىغا يېتەرلىكىنى ئېرىڭىزگە كۆرسەتمەستىن ئالسىڭىز بولىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

3. مىراس

مىراس - بىراۋ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مال — دۇنياسى ۋە باشقا ماددىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا يۆتكىلىشى دېمەكتۇر. قانداقلا بىر كىشى بىر ئايالغا نىكاھلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىدىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى

بەلگىلەنگەن بولىدۇ. مىراس ـ بىراۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئېلىنىدۇ. يەنى ئەر ـ ئاياللاردىن قايسىسى بۇرۇن ۋاپات بولسا، كېيىنكىسى ئۇنىڭ مىراسىنى ئالىدۇ. ھەتتا نىكاھلىنىپ بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشماستىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىنكىسى ئۇنىڭ مىراسىنى ئالىدۇ.

## ئەر-خوتۇنلۇق ھاياتى

### ئاۋۋالقى ئۇچرىشىش

بۇ ماۋزۇدىكى ئاۋۋالقى ئۇچرىشىش ـ ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىدىكى دەسلەپكى ئۇچرىشىش كېچىسى دېمەكتۇر. بۇ كېچە يىگىت ئەر ـ خوتۇنلار ئۇچۇن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك كېچىدۇر.

مەلۇمكى، قىز بىلەن يىگىت بۇ كېچىگە كۆپلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان يىگى ھەم مەڭگۈلۈك بىر ھاياتقا قەدەم قويۇش ئۈستىكى ئېچىدە، كۆپلىگەن شېرىن خىياللار بىلەن كىرىدۇ. بۇ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن قىسمەن ھاللاردا، تۇيۇقسىزدىن ئەمەلىيەت تەسەۋۋۇر قىلغاندەك چىقماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىدىن نەپرەتلىنىش كەيپىياتلىرى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش ۋە رىغبەتلىنىشنىڭ ئورتاق بولۇشى ۋە مۇھەببەتنىڭ تۈنجى داستانىنىڭ يېزىلىشى ئۇچۇن، بۇ كېچىدە ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى، ئۆزئارا ئىللىق، يۇمشاق ۋە ئاقىلانە مۇئامىلىدە بولۇشى ئۇنىڭدىن بەھاجەت بولغىلى بولمايدىغان تولىمۇ مۇھىم ئىشلاردۇر.

بۇ كېچە توغرۇلۇق يېزىلغان كىتابلارنىڭ بىرىدەك تەۋسىيەسى تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى تەكىتلىمەكتە:

1. يىگىتنىڭ ئالدىراپ كەتمەسلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنىلا كۆزلىمەستىن، قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىغا قاراپ ئىش كۆرۈشى ۋە يۇمشاق، سىلىق، ئاقىلانە مۇئامىلىدە بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

2. قىزنىڭ يىگىتكە قارشى ھېسسىياتسىز ۋە ھەۋەسسىز بولىۋالماسلىقى. بەلكى، ئۇنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى مۇھىمدۇر. چۈنكى قىزنىڭ ھېسسىياتسىز بولۇۋېلىشى يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ۋە ھەۋىسىنى سوغۇتۇپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مانا بۇ ئىش كۆپ ھاللاردا ئۇلارنى ئاجرىشىش ياكى بەختسىز ھالدا ياشاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. چۈنكى بۇ كېچە ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ باشلىنىش كېچىسى. باشلىنىشى كۆڭۈللۈك بولغان ھەرقانداق بىر

ئىش ئومۇمەن، ئاخىرىغىچە كۆڭۈللۈك بولىدۇ. باشلىنىشتا كۆڭۈلسىزلىك بىلەن باشلانغان ئىش كۆپ ھاللاردا ئاخىرىغىچە كۆڭۈللۈك بولمايدۇ. چۈنكى دەسلەپكى كۆڭۈلسىزلىكلەر كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ بەختلىك ئۆتۈشىگە قىسمەن نۇقسان يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

3. يىگىتنىڭ قىزنىڭ ئۆز رىغبىتى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىنى كۈتمەسلىكى لازىم. ئۇلار گەرچە بىر - بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان تەقدىردىمۇ، قىز ھەرگىزمۇ ئۆزىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدۇ. چۈنكى قىزلار ئۇياتچان كېلىدۇ. شۇڭا يىگىتنىڭ ئۆزى يېقىنلىشىشى ۋە خىجىل بولماسلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

## جىنسىي ئالاقە

جىنسىي ئالاقە - ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشى دېمەكتۇر.

جىنسىي ئالاقە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى ھالال قىلىنغان جىنسىي ئالاقە، يەنە بىرى ھارام قىلىنغان جىنسىي ئالاقىدۇر.

1. ھالال قىلىنغان جىنسىي ئالاقە

ھالال قىلىنغان جىنسىي ئالاقە — ئۆزىنىڭ نىكاھلاپ ئالغان ھالال ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشى دېمەكتۇر. ئۆزىنىڭ ھالال ئايالى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش ياخشى ھەم ساۋاپلىق ئىشتۇر. بۇ مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر. ئاللاھ مۆمىنلەرنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ئۆز ئاياللىرىدىن باشقا) ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر» (مۆمىنۇن سۈرىسى 5 - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالاغا ئېيتىلغان ھەربىر تەسبىھ ، ھەربىر تەھلىل، ھەربىر ھەمدۇ سانا، ھەربىر تەكبىر سەدىقىدۇر. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش سەدىقىدۇر. ھەتتا، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىشىڭلارمۇ سەدىقىدۇر» ساھابىلار — يا رەسۇلەللاھ! بىز ئۆزىمىزنىڭ جىنسىي ھەۋەسىمىزنى قاندۇرغىنىمىز ئۈچۈنمۇ ساۋاپ بېرىلەمدۇ؟ — دەپ ئەجەبلىنىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىڭلارچۇ؟ ئەگەر سىلەر جىنسىي ھەۋەسلىرىڭلارنى ھارامدىن قاندۇرساڭلار گۇناھ بولمامدۇ؟(يەنى گۇناھ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟) خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سىلەر جىنسىي ھەۋەسلىرىڭلارنى ھالالدىن قاندۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ساۋاپ بېرىلىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى)

2. هارام قىلىنغان جىنسىي ئالاقە

هارام قىلىنغان جىنسىي ئالاقە ـ ئۆزىگە هالال بولمىغان بىرى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش دېمەكتۇر. بۇ ئىش شەرىئەت ئىستىلاھىدا «زىنا» دەپ ئاتىلىدۇ. مەلۇمكى، زىنا ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن قەتئىي مەنئى قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيدۇ: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار. چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر» (ئىسرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېيدۇ: «زىنا قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيدۇ: «كىشى زىنا قىلغان چېغىدا، ئۇنىڭدىن ئىمان چىقىپ كېتىپ ئۇنىڭ بېشىدا كۆلەڭگىدەك ئوخشاش تۇرىدۇ. ئۇ كىشى گۇناھىغا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئىمانى ئۇنىڭغا قايتىدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

يەنە بىر ھەدىستە: «قاندىقلا بىر مىللەتتە زىنا ياكى جازانىخورلۇق ئومۇملىشىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ»(ھاكىم رىۋايىتى)

ئاللاھ تائالا شۇڭا زىنانى «يامان يول » دەپ تەرىپلىگەن.

## يېقىنچىلىقنىڭ مۇقەددىمىلىرى

دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ. نەتىجىلەرنىڭ غەلىبىلىك بولۇپ چىقىشى مۇقەددىمىلەرنىڭ توغرا بولۇشىغا باغلىقتۇر. شۇنداق ئىكەن، ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىدىكى جىنسىي ئالاقىنىڭمۇ مەلۇم مۇقەددىمىلىرى باردۇر.

ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىدىكى سائادەتنىڭ ئاساسى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ جىنسىي ئالاقىدا بىر ـ بىرىدىن تېگىشلىك نېسىۋىلىرىنى ئالالىشىغا باغلىقتۇر. كۆپلىگەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۆيلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر ـ بىرىدىن نەپرەتلىنىپ ئاجرىشىشى، بەزىلىرىنىڭ چارىسىزلىكتىن بەختسىزھالدا، بۇ تۇرمۇشنى داۋام قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشىنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە، جىنسىي ئالاقىدا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىش ھاسىل قىلالمىغانلىقى، نەتىجىدە تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئالالمىغانلىقىدىن بولىدۇ. شۇڭا، جىنسىي ئالاقىنىڭ ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىگە رىئايە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. زىننەتلىنىش ۋە خۇشبۇي قوللىنىش

خۇشبۇي قـوللىنىش بىـلەن زىننەتلىـنىش ھەرقانـداق كـىشىنىڭ كامالـتى ۋە گـۈزەللىكى، بولۇپمـۇ ئەر - خوتـۇن ئىككىـسىڭ بەخـت - سـائادىتى ئۈچـۈن ئۇنىڭـدىن بىھاجەت بولۇشقا بولمايـدىغان مـۇھىم ئىـشتۇر. زىنـنەت كـۆز ئۈچـۈن سـائادەت بېغىـشلايدۇ، چـۈنكى كـۆز زىننەتلىك، گۈزەل شەيئىلەرگە باققىنىدا سائادەت ھېس قىلىدۇ.

خۇشـبۇي بۇيـۇملىرى ئىنـساننىڭ مەنىـۋىيىتى ئۈچـۈن سـائادەت بېغىـشلايدۇ، چـۈنكى كىشىلەر خۇشـبۇيلارنى پۇرىغانـدا بىـر خىـل راھەت ۋە سـائادەت ھـېس قىلىـدۇ. شـۇڭا ئىـسلام دىنـى مۇسـۇلمانلارنى جـۈمە، ھېيـت نامـازلىرى ۋە ئـۇلاردىن باشـقا توپلىـشىش ئـاممىۋى ھالـدا قىلىنىـدىغان پائـالىيەتلەرگە بېرىـشتىن بـۇرۇن خۇشـبۇي قوللىنىـشقا بۇيرۇيـدۇ. مانـا بۇـــ مۇسـۇلمانلارنىڭ بىـر - بىرىنىـڭ نەزەرىـدە چىرايلىـق، ئېـسىل، پـاكىز، يېقىملىـق كۆرۈنۈشـى ۋە بىر - بىرىنى يېقىمسىز ھىدلىرى بىلەن نەپرەتلەندۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئىدى.

خوتـۇن كىـشى ئىـرى ئۈچـۈن ھەر ۋاقىـت زىننەتلىنىـشكە ۋە خۇشـبۇي قوللىنىـشقا ئالاھىـدە ئەھمىـيەت بېرىـشى لازىـم. بولۇپمـۇ ئەر - خوتـۇن يېقىنچىلىـق قىلىـشتىن بـۇرۇن زىننەتلىـنىش ۋە خۇشـبۇي قوللىنىـشنى قەتئىـي ئۇنۇتماسـلىقى كېـرەك. ئايـال كىـشىنىڭ زىننەتلىنىشى ۋە خۇشبۇي قوللىنىشى ئېرىنىـڭ كـۆڭلىنى ئـۆزىگە جەلـب قىلىـشى ۋە ئۇنىـڭ ھەۋىـسىنى قوزغىتىـشى ئۈچـۈن ئالاھىـدە ياردەمچىـدۇر. زىنـنەتلەنمىگەن، خۇشـبۇي قوللانمىغـان ۋە يۇيۇنـۇپ بەدىنىنـى پـاكىز تۇتمىغـان ئايـال كىـشى تېـزلا ئېرىنىـڭ نەپـرىتىگە ئۇچرايدۇ. ئەر كىشىمۇ شۇنداق.

## ئايال كىشلەرنىڭ زىننەتلىرى توۋەندىكىچە:

ئايـال كىـشلەرنىڭ ئـالتۇن ۋە باشـقا قىممەتلىـك مەدەنلەردىـن ياسـالغان ئېـسىل زىنـنەت بۇيـۇملىرى بىـلەن ياسىنىـشى، ئۇپـا، ئەڭلىـك، ئەتىـر، ئوسـما قاتـارلىق بۇيـۇملارنى قوللىنىـشى، چـاچلىرىنى گـۈزەل، يارىـشىملىق تارىـشى، بېقىنلىرىـدىكى ۋە پۇتلىرىـدىكى تۈكلەرنى يوقىتىپ تۇرۇشـى ۋە بـۇ ئەزالارنـى خۇشـبۇي تۇتۇشـى، بەدەنلىرىنـى پـاكىز تۇتۇشـى، بولۇپمـۇ ئېغىزلىرىنـى ئالاھىـدە پـاكىز تـازىلاپ تۇرۇشـى، چىـشلىرىدا پۇراقنىـڭ ھىـدىنى قويماسـلىقى ۋە سـەمرىپ قېلىـشىنىڭ ئالـدىنى ئېلىـپ، بەدەن لاياقىتىگە ئەھمىـيەت بېرىـشى قاتارلىقلاردۇر.

ئايـال كىـشى يـۇقىرىقى زىنـنەت ۋە خۇشـبۇيلارنى پەقەت ئېـرى ئۈچۈنلا قوللىنىـشى لازىـم. ئۆزىنىڭ ئېرىدىن باشقىسى ئۈچـۈن زىنـنەتلەنگەن ئايـال كىـشى گۇناھكـار ئايالـدۇر. چـۈنكى ئايـال كىـشىنىڭ زىننەتلىنىـشى ۋە خۇشـبۇي قوللىنىـشى ئېـرى ئۈچـۈن مەنىـۋى مەنپەئەت ۋە

سائادەت بېغىشلايدۇ. بۇنداق مەنپەئەت بىلەن سائادەتنى ئۆزىنىڭ ئېرىدىن باشقىسى ئۇچۇن بېغىشلايدىغان ئايال كىشى ئىنساپسىز، رەزىل ئايالدۇر. ئايال كىشى ئەڭ ئاۋۋال ئېرىنىڭ كۆزىگە گۈزەل، ئېسىل ۋە يارىشىملىق كۆرۈنۈشى ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇنداق قىلمىغاندا، ئاخىرقى ھېسابتا زىيانىنى ئۆزى تارتىدۇ. ئەر كىشىلەرمۇ ئاياللىرى ئۈچۈن زىننەتلىنىشى ۋە خۇشبۇي قوللىنىشى مۇھىمدۇر.

## ئەر كىشىنىڭ زىننىتى

ئەركىشىنىڭ زىننىتى ــ چېچىنى پاكىز تۇتۇشى، بۇرۇتلىرىنى تەڭشەپ تەكشى تۇتۇش، ساقلى بولسا ئۇنى پاكىز، ئېسىل تۇتۇشى، ئېغىزىنى ۋە ئىككى قولتۇقىنى پاكىز، خۇشبۇي تۇتۇشى، ئۆزىنىڭ ئەرلىككە يارىشا لاياقەتلىك بولۇشقا تىرىششى ۋە باشقىلار قاتارلىقلاردۇر.

2. بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى جەلپ قىلىش

ئەر ـ خوتۇنلار يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى جەلپ قىلىشقا تىرىششى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر. ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان ھەرىكەتلىرى ۋە گۈزەل سۆزلىرى ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىش دېگىنىمىز: ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان رىغبىتىنى ۋە سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىدىغان ھەرىكەتلەردە بىر ـ بىرىگە ماسلىششى دېمەكتۇر.

سۆز ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىش دېگىنىمىز: ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشتىياقىنى ۋە مۇھەببىتىنى سۆز ئارقىلىق ئېيتىشىش بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى دېمەكتۇر.

يۇقىرىقى مۇقەددىمىلەردىن مەقسەت، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىش بولۇپ، نەتىجىدە ئورتاق لەززەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈندۇر.

## يېقىنچىلىقنىڭ ئەدەپلىرى

يېقىنچىلىقنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. بىسمىللا دېيىش

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن «بىسمىللاھىر رەھما نىر

رەھىم» دېيىشى ۋە دۇئا قىلىشى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار ئۆزىنىڭ ئەھلىگە كېلىشتىن بۇرۇن، «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم ، ئى ئاللاھ بىزدىن ۋە بىزگە بېرىدىغان رىزىقىڭدىن (يەنى پەرزەنتىمىزدىن) شەيتاننى يىراق قىلغىن، دەپ دۇئا قىلسا، ئەگەر ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بالا بولۇپ قالسا، بۇ بالىغا شەيتان ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

2. تەييارلىنىش

جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن بۇرۇن ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ تەييارلىنىشى ئالاھىدە مۇھىم ئىشتۇر. ئەركىشىنىڭ ئايالىغا مۇقەددىمىسىز ھالدا، تۇيۇقسىز كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىگە باقماستىن، ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش نىيىتى بىلەنلا ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشى تولىمۇ ئاڭسىزلىق ۋە ئىنساپسىزلىقتۇر. ئەر كىشى ئىستىگەننى ئايال كىشىمۇ ئىستەيدۇ. بىراق، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئەكسىچە، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تەييار بولالمايدۇ. چۈنكى ئايال كىشىلەرنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرى ئىنتايىن ئاستا قوزغىلىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئايال كىشىلەرگە مۇقەددىمىسىز يېقىنچىلىق قىلىش ئۇلارنى نەپرەتلەندۇرۇش كەيپىياتىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئەر كىشى ئۆزىنىلا ئويلىماستىن، ئايالىنىمۇ ئويلىشى، ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن يېقىنلىششى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ نەرسە ئەر كىشىدىكى ئاجىزلىقلاردىندۇر، بىرى بىراۋ بىلەن تونۇشۇپ ئىسمى ۋە نەسەبىنى سورىۋالماستىن ئايرىلىش، ئىككىنچىسى بىراۋ ئۇنى ھۆرمەتلىسە ئۇنىڭ ئىززىتىنى چۈشۈرۈش، ئۈچىنچىسى ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىتىپ ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا تۇيۇقسىزدىن يېقىنچىلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەۋىسگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، ئۆزىنىڭلا ھەۋىسىنى قاندۇرىۋېلىش» (دىلمىي رىۋايىتى)

يەنە بىر ھەدىستە: «ئاياللىرىڭلارغا ھايۋانلار بىر - بىرىگە ئېتىلغاندەك ئېتىلماڭلار. ئۇنىڭ ئالدىنقى مۇقەددىمىلىرىگە رىئايە قىلىڭلار» (دىلمىي رىۋايىتى)

3. يۆگىنىش

يېقىنچىلىق ئەسناسىدا، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئېچىلماستىن ئۇستىنى بولۇشمۇ، يۆرگىۋېلىشى ئىسلامىي ئەدەپ ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىپ: «ئاياللىرىڭلارغا كەلگىنىڭلاردا ھەر ئىككىلىڭلار ئۇستۇڭلارنى يېپىڭلار، چاھار پايلاردەك يالىڭاچ بولىۋالماڭلار» دېگەن. (بۇخارى رىۋايىتى)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭدىن كۆرمىگەن، مەنمۇ ئۇنىڭدىن كۆرمىگەنتىم». (يەنى ئۇياتلىق جايلىرىمىزغا قاراشمايتتۇق) (بۇخارى رىۋايىتى)

بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرگىنىشكە بۇيرىغانلىقى پەقەت ئەدەپ ئۈچۈندۇر. ھەدىسلەردە كەلگەن بۇھەقتىكى بۇيرۇق رايى، پەقەت ئەۋزەللىك ئۈچۈن بۇيرۇلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، يۈرگەنمىگەن كىشى ئەدەپ ئەخلاققا تەسىر يەتكۈزگەن سانالسىمۇ، ئۇ گۇناھكار بولمايدۇ. چۈنكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىغا قارىشى ھارام ئەمەس، بەلكى جائىزدۇر.

4. سىر ساقلاش

ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنى سىرتقا يايماسلىق، بولۇپمۇ يېقىنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ ئىماننىڭ تەلەپلىرىدىن سانىلىدۇ.

ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى ساقلىيالماسلىق ئىماننىڭ ئاجىزلىقىغا، ۋىجداننىڭ يوقلىقىغا ۋە ئەخلاقنىڭ ناچارلىقىغا ئىشارەتتۇر. مۇنداق سىرلارنى ساقلىيالماسلىق ئەر ـ خوتۇنلۇق رىشتىسىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ھاقارەت، بىر ـ بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىن ئىشەنچكە پەسكەشلەرچە خىيانەت قىلغانلىق ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر. بۇ ئىشنىڭ گۇناھىنىڭ شۇنچىلىك ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇئىش ھەدىسلەردە قاتتىق سۆكۈلگەن ۋە ئاگاھلاندۇرۇلغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يامان كىشى ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ سىرىنى سىرتقا يايغان كىشىدۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى)

ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر﴾. دەيدۇ. (بەقەرە سۈرىسى187 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، كىيىممۇ ئىنسانىنىڭ بەدىنىنى سوغۇقتىن ۋە ئىسسىقتىن مۇداپىئە قىلىپ ساقلىغاندەك، سىلەرمۇ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ سىرلىرىنى، ئېيىپلىرىنى ۋە نۇقسانلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ ساقلىشىڭلار كېرەك دېگەنلىكتۇر.

## ئاياللارنىڭ ئاياللىق ھاللىرى

ئاياللاردا ئۆزلىرىگە خاس تۆت ھال بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## ئايالّلارنىڭ ئايلىق ھالى

ئايالّلارنىڭ ئايلىق ھالى — ئايلىق ئادەتنىڭ قېنىنى كۆرۈش يېشىدىكى ئايال كىشىنىڭ كېسەلّلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئايلىق ئادىتى بويىچە، بالا ياتقۇسىدىن ئايلىق قېنىنىڭ كېلىشى دېمەكتۇر.

ئايلىق ئادەتنىڭ مۇددىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ئايالّلاردىكى ئايلىق ئادەت كۆرۈش مۇددىتىنىڭ ئېزى ئۈچ كۈن،كۆپى ئون كۈن بولۇپ، نورمال بولغىنى بەش بىلەن يەتتە كۈننىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئايالّلار ئايلىق ئادىتىنى كۆرگەن مۇددىتى ئىچىدە ناماز ئوقۇشتىن، روزا تۇتۇشتىن، مەسجىدكە كىرىشتىن، قۇرئان ئوقۇشتىن ۋە ئۇنى تۇتۇشتىن چەكلىنىدۇ. ئادىتىدىن پاكلانغاندىن كېيىن غۇسلە قىلىشى پەرزدۇر. ئايال كىشى ئادىتىدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئادەت كۆرگەن كۈنلىرىدە تۇتالمىغان رامازان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ. ئەمما ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدۇ. چۈنكى بۇ، كەچۈرۈم قىلىنغان ئىبادەتتۇر. ئايال كىشىلەر ئۆزلىرىدىن كەلگەن قىزىل، سېرىق قانىنى كۆرگىنىدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئادەت كۆرگەنلىكىنى، ئاق سۇنى كۆرگىنىدىن كېيىن، ئادەتتىن پاكلانغانلىقىنى بىلىدۇ.

## ئايالّلارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالى

ئايالّلارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالى - ئۇلارنىڭ تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلانغىچىلىك بولغان جەريانى دېمەكتۇر.

تۇغۇتلۇق ھالىنىڭ مۇددىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

ئايالّلارنىڭ تۇغۇتلۇق ھالىدىكى مۇددىتىنىڭ ئېزى بىر قانچە مىنۇتلا، كۆپى 40 كۈن بولىدۇ. تۇغۇتلۇق ئايالمۇ قاندىن پاكلانغىچىلىك، ئادەت كۆرگەن ئايالغا ئوخشاش، ناماز ئوقۇشتىن، روزا تۇتۇشتىن، مەسجىدكە كىرىشتىن، قۇرئان ئوقۇشتىن ۋە ئۇنى تۇتۇشتىن چەكلىنىدۇ.

## ئايالّلارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالى

ئايالّلارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالى — ئايلىق ئادەت كۆرۈش مۇددىتىدە، ئۈچ كۈندىن ئاز ياكى ئون كۈندىن كۆپ، تۇغۇتلۇق مۇددىتىدە،40 كۈندىن كۆپ، قىزلاردا توققۇز ياشقا تولۇشتىن بۇرۇن، چوڭلاردا ئادەت كۆرۈش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بالا ياتقۇلىرىدىن قان كېلىشى دېمەكتۇر. كۆپ ھالّلاردا بۇخىل قان بىرقانچە

كۈن، ھەتتا بىرقانچە ئاي داۋام قىلىدۇ. بۇخىل ھالەت ئايال كىشىنىڭ كېسەللىكىدىن بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئۆزۈرلۈك ھاللىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر:

ئاياللار ئۆزۈرلۈك ھاللىرىدا، يۇقىرىقى ئىككى ھالىدا چەكلەنگەن ئىبادەتلەردىن چەكلەنمەيدۇ. بەلكى قان توختىماي ئېقىپ تۇرغان ھالىدىمۇ، ھەر ناماز ئۈچۈن يېڭى تاھارەت ئېلىپ نامازلىرىنى تولۇق ئوقۇيالايدۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ. غۇسلە قىلىشى لازىم كەلمەيدۇ. نامازدىن كېيىنلا تاھارىتى سۇنغان بولىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق ھالى

ھامىلدارلىق ھالى — ئاياللارنىڭ ئېغىر ئاياق بولغان (بالا كۆتۈرگەن) ئايلىرى دېمەكتۇر. ئاياللار بۇ ھاللىرىدا، نورمال چاغلىرىدا قىلىدىغان ئىبادەت ۋە باشقا پۈتۈن ئىشلىرىدىن چەكلەنمەيدۇ.

## ئاياللارغا ئاياللىق ھاللىرىدا يېقىنچىلىق قىلىش مەسىلىسى

بۇ ماۋزۇ تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئايلىق ۋە تۇغۇتلۇق ھالىدىكى ئاياللارنىڭ قېنى توختاپ، تولۇق پاكلانمىغىچىلىك، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قەتئىي ھارامدۇر. بۇھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى (مۇھەممەد) ئۇلار سەندىن ئادەت توغرۇلۇق سورايدۇ (يەنى ئادەت كۆرگەن ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق سورايدۇ) ، ئېيتقىنكى، ئۇ زىيانلىقتۇر (يەنى ئادەت كۆرىۋاتقان مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر) ، ئادەت مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار(ئادەتتىن) پاك بولغىچە ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. پاك بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرىغان جايدىن يېقىنلىشىڭلار.﴾ (بەقەرە سۈرىسى 222ـ ئايەت)

بۇئايەت، تۇغۇتلۇق ھالىدىكى ئايال كىشىنىڭ مەسىلىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن مەنئى قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇنىڭدىن كەلگەن قاندىن ئىبارەتتۇر.

سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى مەشھۇر ئالىم دوكتور مۇھەممەد ئەلى بار «ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە قۇرئان بىلەن زامانىۋى تىببىياتنىڭ

ئىتتىپاقى» نـاملىق ئەسـىرىدە، ئـادەت كـۆرۈش مەزگىلـى ئىچىـدىكى ئايـال كـىشى بىـلەن جىنـسىي مۇناسـىۋەت ئۆتكۈزۈشـىنىڭ ھەر ئىككـى تەرەپـكە بولغـان زىيىنـى ھەققـىدە توختىلىپ مۇنـداق دەيـدۇ: «ئايـال كـىشى ئـادەت كـۆرگەن كۈنلىرىـدە، ئۇنىـڭ بـالا ياتقۇسـى پۈتـۈنلەي ئـېچىلىش نەتىجىـسىدە، ئۇنىـڭ ئـايلىق قېنـى ئېقىـپ تۇرىـدۇ. تىببـى تەرەپـتىن مەلـۇمكى، قـان مىكروبلارنـى يېتىـشتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇناسـىپ مۇھىتىـدۇر. ئايـال كـىشى سـاق ۋاقتىـدا ئۇنىـڭ جىنـسىي ئورگىنىـدىن مىكروبلارنـى ئۆلتۈرىـدىغان بىرخىـل سـۇ ماددىـسى چىقىـپ تۇرغـانلىقتىن، ئـۆزى ۋە ئۇنىڭغـا يېقىنلاشـقان كـىشى مىكروپنىـڭ زىيىنىـدىن سـاقلىنىپ قالالايـدۇ. ھـالبۇكى، ئايـال كـىشى ئـادەت كـۆرگەن ۋاقتىـدا، ئۇنىـڭ مىكروپلىنىـشتىن مـۇداپىئەلىنىش جىھـازلىرى ئىـشلىمەي قالىـدۇ. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە بـالا يـاتقۇدىن كەلـگەن توختاۋسـىز قـان مىكروپلارنىـڭ تېـز كۆپىيىـشىگە پۇرسـەت يارىتىـپ بېرىـدۇ. قـان كېلىۋاتقـان ۋاقىتتـا مىكروپلىنىـشقا قارشـى جىنـسىي ئورگانـدىن كېلىـدىغان سۇمۇ قان دولقـۇنى ئىچىـدە ئـۆز ۋەزىپىـسىنى ئۆتىيەلمەيـدۇ. مەلـۇمكى، ئەركـىشىنىڭ جىنسىي ئورگىنىـدا كـۆپلىگەن مىكـروپلار بولىـدۇ. ئـۇ ئايـالى سـاق ۋاقىتتـا ئۇنىڭغـا يېقىنلاشـقىنىدا، ئايالىنىـڭ جىنـسىي ئـور گىنىـدىن كېلىـدىغان مىكروپقا قارشـى سـۇيۇق مـاددا ئەر تەرەپـتىن كىرگەن مىكروپلارنى ھامـان ئۆلتـۈرۈپ تۇرىـدۇ. ئەممـا ئايـال كـىشى ئـادەت كـۆرگەن ۋاقىتتـا، ئۇنىـڭ مىكــروپلاردىن مــۇداپىئەلىنىش جىھــازلىرى پۈتــۈنلەي ئىــشتىن توختىغاچقــا، ئەركــشىنىڭ جىنــسىي ئــورگىنى پەقەت مىكــروپلار بىــلەن قاپلانغــان قــان دېڭىزىغــا شـۇڭغۇغان بولىـدۇ. نەتىجىـدە، مىكـروپلىنىش ئەر ـــ ئايـال ھەر ئىككىـسىگە بولىـدۇ. بۇنىـڭ زىيـانلىرىنى بىلەمـسىز؟ بۇنىـڭ زىيىنـى ئايـال كـىشىنىڭ ماتكىـسى بىـلەن بـالا ياتقۇسـىدا مىكروپلارنىـڭ يېتىـشكەنلىكى سـەۋەبتىن ئۇنىـڭ بـۇ ئىككـى ئورگىنىـدا داۋالاش قىـيىن بولغـان، سـوزۇلما خاراكتېرلىـك ئـاغرىقنى پەيـدا قىلغـان، ئەر كـىشىنىڭ جىنـسىي ئورگىنىـدا مىكروپلارنىـڭ ئــورۇن تۇتۇشــى بىــلەن ئۇنىــڭ سـۈيدۈك يولىرىــدا ئۇزۇنغــا سـوزۇلما خاراكتېرلىـك ئـاغرىقنى پەيـدا قىلغاننىـڭ سـىرتىدا تۆۋەنـدىكى كېـسەللىكلەرنى كەلتـۈرۈپ چىقىدۇ:

(1) ئايال كىشىنىڭ بـالا ياتقۇسـىنىڭ مىكروپلىنىـشى بىـلەن، نورمالـدا ئەردىـن تۆكـۈلگەن ئـۇرۇقچىلارنى بـالا ياتقۇغـا ئىتتىـرىش ۋەزىپىـسىنى ئۆتەشـتە ئالاھىـدە ئەھمىيەتلىـك رول ئوينايـدىغان بـالا يـاتقۇ قانـاللىرى ۋە باشـقا جىھـازلار يېپىلىـپ قـېلىش نەتىجىـسىدە ئـۆز ۋەزىپىلىرىـدىن قالىـدۇ. بۇھـال ئايـال كـىشىنىڭ تۇغمـاس بولـۇپ قېلىـشىغا، بويىـدا قالغـان تەقدىردىمۇ بالا بـالا ياتقۇنىـڭ سـىرتىدا بولـۇپ قېلىـشىغا سـەۋەب بولىـدۇ. مانـا بـۇ ـــ قۇرسـاق كۆتۈرۈشـىنىڭ ئەڭ خەتەرلىـك بولغـان تـۈرى. بـۇ ۋاقىتتـا بـالا بـالا يـاتقۇ قانـاللىرىـدا (تۇرۇبىلىرىدا) تـۆرەلگەن بولىـدۇ، بالىنىـڭ تېـز چوڭىيىـشى بىـلەن ئـاخىرى بـالا يـاتقۇ پـارتلاش

پـاجىئەلىرى كۆرۈلـىدۇ. ئايـال كـىشى ئەگەر ۋاقتىـدا ئوپىراتـسىيە قىلىنمىغانـدا، قـان ئۇنـىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا تاراپ كېتىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ.

(2) مېكروپلىنىـشتىن كېلىـپ چىققـان بـۇ ئـاغرىق سـۈيدۈك يـوللىرى، تۇخـۇملار، بـۆرەك قاتارلىقلارغـا ئارقـا ـ ئارقــدىن يېتىـپ بارىـدۇ. مەلـۇمكى، سـۈيدۈك يوللىرىـدىكى كېـسەللىك كېسەللىكلەرنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى ۋە يامىنىدۇر.

(3) ئايــال كــىشى ئــادەت كــۆرگەن ۋاقتىــدا، ئۇنــىڭ بىــلەن ئۆتكــۈزۈلگەن جىنــسىي ئالاقىــدىن قەتئىــي بــالا بولمايــدۇ. چـۈنكى بـۇ ۋاقىتتــا، ئايــال كــىشىنىڭ ئەردىــن كەلــگەن سـپېرمىنى قوبـۇل قىلىــش ئۈچـۈن بــالا ياتقۇسـىدىن كېلىــدىغان تۇخـۇمچىلىرى پۈتـۈنلەي ئـىشتىن چىققـان بولىـدۇ. شـۇڭا ئايـال كـىشى ئـادەتتىن سـاقىيىپ ئىككـى ھەپـتە ئۆتكەنـدىن كېـيىن، ئۆتكــۈزۈلگەن جىنــسىي ئالاقىــدىن بــالا تــۇرىلىش نــسىبىتى باشــقا ۋاقىتلارغــا نـسبەتەن كـۆپ بولىـدۇ. چـۈنكى بـۇ ۋاقىتتـا ئايـال كـىشىنىڭ قوبـۇل قىلىـش جىھـازلىرى قايتىدىن تولۇق ئىشقا چۈشكەن بولىدۇ.

(4) ئايـال كـىشى ئـادەت كـۆرگەن كۈنلىرىـدە، ئۇنـىڭ نەسىـل ئورگـانلىرى يېرىمجـان ۋە ئــاجىز بىــر ھالغــا چۈشـۈپ قالىــدۇ. بۇنـداق ۋاقىتتـا ئۇنـىڭ بىـلەن جىنـسىي مۇناسـىۋەت ئۆتكـۈزۈش تەبىئــي ئەھــۋال ئەمەس، بۇنىڭـدىن ھېچقانـداق ئىجـابىي نەتـىجە كەلمەيـدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ئەزىيەت ئېلىپ كېلىدۇ.

(5) ئەر ـــ ئايــال ئىككــىسىنىڭ جىنــسىي ئورگانلىرىــدا يېتىــشكەن مېكــروپلار ســۈيدۈك تــۇربىلىرى ئــارقىلىق تــارىلىش نەتىجىــسىدە، ئــاخىرى بــۆرەككە بېرىــپ يېتىــدۇ ۋە ئۇنىڭــدا تەدرىجى ھالدا كېسەل پەيـدا قىلىـدۇ. بـۆرەك كېـسىلى سوزۇلما خاراكتېرلىـك كېـسەل بولـۇپ، ھــازىرغىچە ئــۈنى ئــۈزۈل ـ كېــسىل ســاقايتىدىغان داۋا يــوق. سـۈيدۈك خالتىـسىدىن سـپېرما قاناللىرىغـا ئـۆتكەن مېكـروپلار ئۇنىڭـدىن تۇخـۇملارغـا ئۆتىـشى بىـلەن ئۇجايـدا ئـاغرىق پەيـدا قىلىدۇ ۋە سپېرما قاناللىرىنىڭ يېپىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

(6) پروفېــسسور ئابــدۇللا باســالامەنىڭ ئىلمـــي تەتقىقاتىغــا ئاساســلانغاندا، ئايـــال كــىشىنىڭ ئــادەت كــۆرگەن كۈنلىرىــدە جىنــسىي مۇناســىۋەت ئۆتكۈزۈشــى بــالا يــاتقۇدا راك كېـسىلىنى پەيـدا قىلىـدۇ. لـېكىن بۇتەتقىقاتنىــڭ تــوغرا ئىكەنلىكىنــى تەكــتلەش ئۈچـۈن كۆپرەك ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

(دوكتـۇر مـۇھەممەد ئەلـى بارىنـىڭ «ئىنـسانىنىڭ يارىتىلىــشى ھەققىــدە قۇرئـان بىـلەن زامــانىۋى تىببىياتنىــڭ ئىتتىپــاقى» نــاملىق ئەســرىنىڭ 100 ـ 104 ـ بەتلىرىــدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

يۇقىرىقىلار ھازىرقى زامان تىببى تەتقىقاتىنىڭ ئادەت كۆرىۋاتقان ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ زىيىنى ھەققىدە چىقارغان ئىلمىي يەكۈنلىرى بولۇپ، قۇرئان كەرىم بۇ مەسىلىنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىلا ئوچۇقلىغان ۋە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئاياللارنىڭ ئايلىق ئادىتى (يەنى ئادەت كۆرگەن ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى) توغرۇلۇق سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇ زىيانلىقتۇر(يەنى ئادەت مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ــ ئايال ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ئادەت مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار، ئۇلار پاك بولغىچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار.﴾ (بەقەرە سۈرىسى 222 ـ ئايەت)

بۇنىڭ ئادەت كۆرۈش مەزگىلىدىكى ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ ئەر ــ ئايال ھەر ئىككىسى ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ۋە كىشىلەرنى بۇنداق قىلىشتىن مەنئى قىلغان. ھازىرقى تىببىي تەتقىقاتنىڭ ئىلمىي يەكۈنى بۇنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زىيانلىرىنى ئىسپاتلاپ چىققان. قۇرئان ئىنسانلارنى پايدىسىز ئىشلارغا بۇيرىغان ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان بولسا، ئۇلار ھەر تۈرلۈك زىيانلىقلاردىن ئامان قالىدۇ.

ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن، كۆپلىگەن مىللەتلەردە، ھەتتا ساماۋىي دىنلاردىمۇ ئايلىق ئادىتى ئەسناسىدىكى ئاياللار نىجىس، پاسكىنا دەپ قارىلاتتى. ئۇلار پاك بولمىغىچە، ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرۇش، بىرگە يېمەك يېيىش، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن بىر نەرسە ئېلىش مەنئى قىلىناتتى. يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى تەۋراتتا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «ئايال كىشى ئادەت كۆرگىنىدە، ئۇ، يەتتە كۈن داۋام قىلىدۇ. بۇ ئەسنادا ئۇنى تۇتقان كىشىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش نىجىس بولىدۇ. ئۇنىڭ ياتقىنى تۇتۇپ سالغان كىشىمۇ كېيىمىنى، ئۆزىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ پاكلىشى كېرەك، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتىپ قويغان كىشى يەتتە كۈنگىچە نىجىسلىقتىن پاك بولمايدۇ» (تەۋرات «لېۋى:15 »)

ئەمما ئىسلام دىنى ئاياللارنى بۇنداق ھاقارەتتىن ئازات قىلىپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىدى ۋە ئۇلارنى بۇنداق تەبىئىي ھالەتلىرى تۈپەيلىدى خورلاشنى قەتئىي مەنئى قىلدى. ئۇلار بىلەن جىنسىي ئالاقىدىن باشقا بارلىق يېقىنچىلىقلارنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ بۇ مېھنەتلىك كۈنلىرىدە ئۇلارنى ئۆز بېشىغا تاشلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ: «ئاياللار ئادەت كۆرگەن ۋاقىتلاردا، ئۇلار بىلەن جىنسىي ئالاقىدىن باشقا يېقىنچىلىقلارنىڭ

ھەممىنى قىلىڭلار»، دەپ كۆرسەتكەن. (مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئۆلگە بولغان ھالدا، ئاياللىرى ئادەت كۆرۈپ قالغان كۈنلىرىدىمۇ ئۇلارغا جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا بارلىق يېقىنچىلىقلارنى قىلاتتى. ھەتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) بىر ھەدىسىدە: «مەن ئادەت كۆرۈپ قالغان كۈنلىرىمدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى، مەن ئۇنىڭ بېشىنى تاراپ قوياتتىم»، دەيدۇ. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

2. ئۆزۈرلۈك ۋە ھامىلدارلىق ھالىدىكى ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش مۇتلەق جائىزدۇر. ئاياللارنىڭ بۇخىلدىكى ھاللىرى ئۇلارنى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ۋە ئىبادەتلەرگە داۋام قىلىشتىن توسالمايدۇ. لېكىن ھامىلدار ئاياللار تۇغۇتىغا يېقىنلاشقان ئايلاردا ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلمىغان ياخشىدۇر.

## ئىنساننىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن چىقىدىغان سۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى

ئەر - ئايال ھەرقانداق كىشىنىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن چىقىدىغان سۇلار تۆتكە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### سپېرما

سپېرما — بالاغەتكە يەتكەن ئەر - ئايال ھەرقانداق كىشىنىڭ جىنسىي ئورگىنىدىن چىقىدىغان قويۇق سۇ دېمەكتۇر. مەنىنىڭ چىقىشى كېچىك ئوغۇل - قىزلاردا بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. مەنى جىنسىي ئالاقە قىلىش، ئىھتىلام (ئۇخلىغاندا چۈش كۆرۈش نەتىجىسىدە، ئىختىيارسىز ھالدا قوزغىلىشى) ئارقىلىق چىقىدۇ.

ئەر كىشىنىڭ مەنىسى — كۆپىنچە ھاللاردا تۇخۇمنىڭ ئېقىغا ئوخشاش رەڭگى ئاق، قويۇق كېلىدۇ. ئۇ، شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

ئەمما ئايال كىشىنىڭ مەنىسى — رەڭگى سېرىق، سۇيۇق كېلىدۇ. ئەگەر ئايال كىشى كۈچلۈك ۋە پائالىيەتچان بولسا ئۇنىڭ مەنىسى ئېقىش كېلىدۇ. مەنى ھۆللۈك ھالىتىدە يۇيۇلىدۇ.كىيىمنى ۋە بەدەننى يۇيۇپ پاكىزىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر قۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇ تېگىپ قالغان جاينى ئۇۋۇلاپ(يۇماستىن) ئۇنىڭ ئەسىرىنى يوقىتىش ئارقىلىق پاك بولىدۇ. چۈنكى مەنى ئەسلىدە نىجىس نەرسە سانالمايدۇ، پەقەت ئۇ، جىنسىي ئورگاندىن چىققىنى ئۈچۈنلا قىسمەن نىجىسلىق شۇبھىسى بىلەن ئۇنى تازىلاشقا

بۇيرۇلغان. مەنىنىڭ ئەر ـ ئايال ھەرقانداق بىركىشىدىن قايسى بىر ھالەت بىلەن چىقىشى غۇسلە قىلىشنى لازىم قىلىدۇ.

### مەزى

مەزى ـ چوڭ ئەر ـ ئاياللاردىن چىقىدىغان سىېرىق، سۇيۇق سۇ دېمەكتۇر. ئۇ، جىنسىي ھەۋەس قوزغالغان چاغدا، ئېتىلماستىن چىقىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ چىققىنىنى تۇيمايلا قالىدۇ. ئۇ، ئايال كىشىلەردىن كۆپرەك كېلىدۇ. مەزى — نىجىستۇر. بەدەننى، كىيىمنى ئۇنىڭدىن يۇيۇپ پاكىزىلاش لازىم بولىدۇ. مەزى — تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. ئەمما غۇسلە قىلىشنى لازىم قىلمايدۇ.

### ۋەدى

ۋەدى ـ سۈيدۈكتىن كېيىن چىقىدىغان دۇغا، ئاق، قويۇقراق سۇ دېمەكتۇر. ۋەدى — ئېغىر نەرسە كۆتۈرگەندە، ئىنجىقلىغاندا چىقىدۇ. ئۇ، چوڭ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك چىقىدۇ. ئۇمۇ مەزىگە ئوخشاش نىجىستۇر. ۋەدى — تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. غۇسلىنى لازىم قىلمايدۇ. كىيىمنى، بەدەننى ئۇنىڭدىن يۇيۇپ پاكىزىلاش لازىم كېلىدۇ.

### سۈيدۈك

مەلۇمكى، سۈيدۈك نىجىس سۇدۇر. ئۇ، تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. بەدەننى، كىيىمنى ئۇنىڭدىن پاكىزىلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەزى ، ۋەدى ، ۋە سۈيدۈك پەقەت سۇ بىلەن يۇيۇش ئارقىلىقلا پاكلىنىدۇ.

## جىنسىي ھەۋەسنىڭ نورمالسىزلىقى ۋە ئېھتىلام

### جىنسىي ھەۋەسنىڭ نورمالسىزلىقى

كىشىلەرنىڭ جىنسىي كۈچى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ جىنسىي شەھۋىتى ئارتۇق بولىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ نورمال ۋە بەزىلەرنىڭ كەم كېلىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشىسى نورمال بولغىنىدۇر. نورمال جىنسىي كۈچكە ئىگە كىشى — ئايالغا ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم يېقىنلاشسا ھېچقانداق چارچاش ھېس قىلمايدىغان كىشىدۇر. مەنى ـ ئىنساننىڭ جىسمى ۋە ئەقلى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ماددىدۇر. ئۇنى ئاسراش كېرەك. ئايال كىشىلەرمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش جىنسىي ھەۋەستە بىر خىل ئەمەستۇر. بەلكى ئاياللارنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرى ئەرلەرگە نىسبەتەن قىسمەن ئاز

بولىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ جىنسىي كۈچى ۋە ھەۋىسى ئادەت كۆرۈش، تۇغۇت، بالا ئېمىتىش ۋە قاتتىق چارچاشلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاجىزلىشىپ، كۈچىيىپ تۇرىدۇ. ئەر كىشىلەر ئاياللىرىنىڭ بۇ خىل نورمالسىز مىجەزلىرىنى ئاڭلىق چۈشىنىشى ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ مىجەزى ياخشى بولالماي قالغان ۋاقىتلاردا ئېرىنىڭ ھەۋەسكە قىزىقمايدۇ. ئەمما مىجەزى ياخشى بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا ئېرىنىڭ ھەۋەسكە تىزلا ماسلىشىدۇ. ئايالىنىڭ بۇخىل ئۆزگىرىشچان مىجەزىنى توغرا چۈشەنمىگەن كىشى ئايالىنى يامان گۇمان قىلىدىغان ياكى ئايالىدىن رەنجىپ قالىدىغان كەيپىياتلاردا بولۇپ قالىدۇ. بۇ، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە ئەلۋەتتە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

ئەرلەرمۇ بەزىدە، ئايالىغا قارىتا ھەۋەسسىز ۋە ھېسسىياتسىز بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئۆزلىرىنى جىنسىي ئالاقىنى بېجىرىشتىن ئاجىز كەلگەندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال كېسەللىكتىن ياكى جىنسىي ئاجىزلىقتىن بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ئەر كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، كۆڭۈلسىزلىك، غەم - قايغۇ، خاتىرجەمسىزلىك قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. ئەمما بۇخىل ئەھۋال ئۇزۇن دۋام قىلمايدۇ. بەلكى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئەر كىشى ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا، ئەر كىشى تۇيۇقسىزلا جىنسىي ئالاقىنى بېجىرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭدىكى جىنسىي ئاجىزلىق ياكى جىنسىي كېسەللىك ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بېجىرىشتىن ئاجىز كېلىشى يېڭى ئايالىدىن خىجىل بولغانلىقتىن ياكى ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقتىن ياكى بۇ ئايالى بىلەن ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ ھىد - بويىدىن ياكى باشقا تەرەپلىرىدىن نەپرەتلەنگەنلىكىدىن ياكى ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا ماسلاشماستىن، ھېسسىياتسىز بولىۋالغانلىقىدىن ياكى ئايالى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنى بىئارام قىلىپ قويغانلىقتىن بولىدۇ. دېمەك، بۇ خىل ئەھۋال پەقەت ئايال كىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئەر كىشىنى جىنسىي تەرەپتىن ئاجىز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ ئاجىزلىق ئەمەس. بەلكى بۇ شۇنداق ۋاقىتلىق ئۆزگىرىش بولۇپ، كېيىن ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

## ئېھتىلام

ئېھتىلام - ئەر - ئايال كىشىلەردىن ئىختىيارسىز ھالدا مەنى (سپېرم) نىڭ شەھۋەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىشى دېمەكتۇر. ئېھتىلام كۆپىنچە، ئۇخلاۋاتقاندا چۈش كۆرۈش ئارقىلىق، گاھىدا چۈش كۆرمەستىنمۇ يۈز بېرىدۇ. گاھىدا ئويغاق ۋاقىتتىمۇ قايسى بىر

سەۋەب بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىھتىلام — كىچىك ئوغۇل ـ قىزلاردا بالاغەتكە يەتكەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئىھتىلام بولغان كىشى ئۈچۈن غۇسلە قىلىش پەرز بولىدۇ. كىشى ئەگەر چۈشىدە ئىھتىلام بولغىنىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئويغانغاندىن كېيىن، كىيىمىدە ياكى ئەۋرەت جايلىرىدا مەنىينىڭ ئەسىرىنى كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا غۇسلە قىلىش لازىم كەلمەيدۇ. ئىھتىلام ئاساسەن، ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى جىنسىي خىياللارنىڭ سەۋەبىدىن، ياكى دۈم يېتىپ قالغانلىقتىن ياكى قاتتىق توڭۇپ كەتكەنلىكتىن، گاھىدا سوغۇق ئېشىپ، مىجەز ئۆزگىرىپ قالغانلىقتىن بولىدۇ.

## ئائىلىنىڭ مەسئۇللۇقى

ئائىلە بىر مەسئۇلدىن بىھاجەت يولالمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئائىلىدە، ئائىلە ئەزالىرىنى باشقۇرۇش، ئۇلارغا يول كۆرسىتىش، نەسىھەت قىلىش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا بىر مەسئۇلنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئىنسانلار ئىجتىمائىي مەۋجۇدات بولۇپ، ئۇلار ھەر ۋاقىت توپلۇم (يەنى جامائەت) ھاياتىدا ياشاشقا مۇھتاجدۇر. ئىنسانلار جەمئىيىتى يۇقىرىسى دۆلەت، كىچىكى ئائىلىدىن ئىبارەت چوڭ ـ كىچىك مۇئەسسەسەلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ مۇئەسسەسەلەر چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، بولارغا يولباشچى بولىدىغان بىر مەسئۇل رەئىسنىڭ بولۇشى تەبىئىي زۆرۈرىيەت ۋە ئىلاھىي پرىنسىپتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئۈچ كىشى بىرگە سەپەرگە چىقسا، ئۇلاردىن بىرى ئۇلارغا مەسئۇل بولسۇن» دەپ كۆرسەتكەن. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

قۇرئان كەرىم ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان رەئىس توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾ (نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت).

چۈنكى، ئەر كىشى ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش، ئائىلە ئەزالىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە تەربىيىلەش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئايەت، ئەر كىشىنىڭ يارىتىلىشىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئۇنى ئائىلىنىڭ رەئىسى بولۇشقا تاللايدۇ. بىراق بۇ ئايەت، ئەر كىشىنىڭ ئائىلە باشلىقى بولۇپ تاللىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئايال كىشىدىن پەرقلىق بولغان تەرەپلىرىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلمىغان. بىز بۇ ئايەتكە ئاساسلانغان ۋە ئۇنىڭ روھىغا ئەگەشكەن ھالدا، ئەركىشى بىلەن ئايال كىشىنىڭ يارىتىلىشىدىكى تەبىئىي سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئەركىشىدە تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرىمىز:

1. ئەر كىشى ھاياتلىق كۈرۈشىگە كىرىشتە، ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئايال كىشىگە نىسبەتەن، تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن كۈچلۈك ۋە ئىقتىدارلىقتۇر.

2. ئەر كىشى ئايال كىشىگە نىسبەتەن، ئەقىل - ئىدراكلىق، سوغۇق قانلىق ۋە سەۋرچان كېلىدۇ. ئۇمۇمەن، ئايال جىنسىنىڭ ئەر جىنسىغا نىسبەتەن ئەقىل - ئىدراك، چىدام ۋە كۈچ جەھەتتە يېتەرسىز ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بىر رېئاللىقتۇر. بەزى ئاياللارنىڭ بەزى ئەرلەرگە نىسبەتەن، ئەقىللىق ۋە ئىدراكلىق بولۇشى قىسمەن بىر ھالەت بولۇپ، بۇ يۇقىرىقى سۆزىمىزگە زىت كەلمەيدۇ.

3. يالغۇز بىر ئايال كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى ئۆتمەيدۇ. بەلكى ئىككى ئايال بىر ئەرنىڭ ئورنىدا گۇۋاھلىقتا تۇرىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالەتتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ.﴾ (بەقەرە سۈرىسى 282 - ئايەت)

4. ئاياللار بەش ۋاقىت نامازلىرىنى مەسجىدتە ئوقۇشقا بۇيرۇلمىغان. بۇھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدە ناماز ئوقۇغىنى، مەسجىدتە ئوقۇغىنىدىن ئەۋزەلدۇر» (ئەھمەد ۋە تەبەراني رىۋايىتى)

بۇ ھەدىس، ئاياللارنىڭ مەسجىدتە ناماز ئوقۇشلىرىنى مەنئى قىلىشنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكى ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى مەشغۇلاتلىرىنىڭ كۆپلىكىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن، ئۇلارغا ئەرلەرگە ئوخشاش كۆپ ئىبادەتلەرنى بۇيرىمىغان. چۈنكى ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئۆي ئىشلىرىمۇ ئىبادەتتۇر. ئەگەر ئۇلارغا ئەرلەرگە ئوخشاش جۈمە ئوقۇشنى پەرز قىلغان ۋە بەش ۋاقىت نامازنى مەسجىدتە ئوقۇشقا بۇيرۇلغان بولسا ئىدى، كۆپىنچە ئاياللار بۇلارنى ئىجرا قىلالماي گۇناھكار بولغان بولاتتى. مانابۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئادىللىقى ۋە ئاياللارغا كۆرسەتكەن شەپقىتىدۇر.

5. ئايال كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز ئەمەستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «جۈمە نامىزى ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە جامائەت بىلەن ئادا قىلىش پەرزدۇر. پەقەت قۇل، ئايال كىشى، كىچىك بالا ۋە كېسەل كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا دۇر. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئاياللارغا جۈمە ئوقۇشنىڭ پەرز بولمىغانلىقى ئۇلارنى جۈمە ئوقۇشتىن مەنئى قىلىش دېگەننى ئىپادىلىمەيدۇ. گەرچە ئاياللارغا جۈمە نامىزى پەرز قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن جۈمە نامازلىرىنى ئوقۇسا، بۇنىڭ ساۋابى ئەرلەرنىڭكىدىن ھېچ كەم

بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

6. ئەر كىشى ئادىل بولۇش شەرتى بىلەن بىردىن ئارتۇق ئايالنى نىكاھىدا ساقلىيالايدۇ. ئەمما ئايال كىشى ئانداق ئەمەس، ئۇ پەقەت بىر ئەر كىشىنىڭ نىكاھىدا بولىدۇ.

7. ئايالنى تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەر كىشىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئايال كىشىدە تالاق ھوقۇقى يوقتۇر. ئەمما ئەر كىشى بۇھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئايالىغا زۇلۇم قىلسا، ياكى ئايالى ئايرىلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئۇنى تالاق قىلمىسا شەرئەت مەھكىمىسى ئۇنى مەجبۇرى تالاق قىلدۇرىدۇ ۋە ئەر كىشىنىڭ زوراۋانلىقىغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

8. ئايال كىشى مەھرەمسىز (يەنى ئېرى ياكى بىر تۇققانلىرىدىن بىرەرسى ھەمرا بولماستىن) ئۆزى يالغۇز ھالدا، ئۈچ كۈنلۈكتىن كۆپ مەساپىلىك بولغان سەپەرگە چىقالمايدۇ.

## ئەرلەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئارتۇقچىلىقى

ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئۇنى باشقۇرۇپ، ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان بىرەر باشلىقنىڭ بولۇشى تەبىئىي زۆرۈرىيەتتۇر. ئائىلىمۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ بىر تەركىبى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىگە مەسئۇللۇق قىلىدىغان بىرەر مەسئۇلنىڭ شۇ ئائىلىدە بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. تەبىئىيكى، بۇ مەسئۇللۇققا ئەر كىشىلەر ئايال كىشىلەرگە نىسبەتەن لاياقەتلىكتۇر. چۈنكى، ئەر كىشىلەر ئەقلىدا ئارتۇق، جىسمەن جەھەتتە كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلار ئائىلە ئىشلىرىنى تەمكىنلىك بىلەن باشقۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە﴾ (بەقەرە سۈرىسى228ـ ئايەت)

يەنە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾ (نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت)

دېمەك، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن بىر دەرىجە ئارتۇق ئىكەنلىكىگە ۋە ئائىلىنى ھىمايە قىلىپ، ئىدارە قىلىشتىكى مەسئۇلىيىتىگە ھېچ كىشى ئىنكار قىلالمايدۇ. ھەقىقەت شۇنداق ئىكەن، ئاياللارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان پۈتۈن ئىشلاردا ئەرلىرىنىڭ خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى خوجايىن، ئاياللىرىنى بولسا، خىزمەتچى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارنى ھەدەپ خارلايدىغان، ئۇرۇپ تىللايدىغان ئەرلەر ھەقىقەتەن، نادان ھەم ئاڭسىز كىشىلەردۇر.

ئۇلار ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەن، ئاللاھنىڭ جازاسىغا يولۇقىدۇ. چۈنكى ئايال كىشىلەرگە قارشى ھوقۇقلىرىنى ئۆز يولىدا توغرا ئىشلەتمىگەن ئەر كىشى ئايالىغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. ئەرلەرنى ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇق دېگەنلىك، ئۇلارنى ھۆرمەت ۋە خوجايىنلىق جەھەتتە ئارتۇق دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئادەم بالىلىرى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىدا، ئىنسانىي ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەتتە ئورتاقلىشىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ھۆرمەتتە، خوجايىنلىقتا ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئورتاقلىشىدۇ. پەقەت ئەرلەر يارىتىلىشىدىكى بەزىبىر پەرقلىق تەرەپلىرى، ئەقىل ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىر قەدەر ئارتۇقچىلىقى تۈپەيلىدىن مەسئۇلىيەتلەرنى كۆتۈرۈشتە ئاياللاردىن ئارتۇق دېگەنلىكتۇر. بۇ ئارتۇقچىلىقنىڭ يۈزىسىدىن ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرى دېيىلگەن ۋە ئائىلىنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيەتلىرى ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان. شۇڭدەك، ئەركىشىنى ئائىلىنىڭ مەسئۇلى ۋە باشلىقى دېگەنلىكمۇ ئۇنىڭ ھاكىممۇتلەق بولۇۋېلىشىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئەر ئائىلىدە ھاكىممۇتلەق ئەمەس، بەلكى ئائىلە ئەزالىرىغا يول كۆرسەتكۈچى رەئىس، بەس. شۇنداقتىمۇ ئۇ، ئاياللىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ توغرا پىكىر ۋە مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتالمايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئائىلە گۈللىنىدۇ. ئاياللارغىمۇ ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا مەسئۇلىيەتلەر بەلگىلەنگەن. لېكىن ئەرلەرنىڭ يۈكى ئېغىردۇر، ئەلۋەتتە.

## ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە ھۆرمەت قىلىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتىن مۇھىم

ئايال كىشى تۇرمۇشقا چىقىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدە ۋە ئۇلارنىڭ ئىگدارچىلىقىدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەر ئىشتا ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشى لازىم. ئەمما تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىن، ئۇنى پەرۋىش قىلىش، قوغداش ۋە ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭ ئېرىنىڭ زىممىسىغا ئۆتكەن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئاتا ـ ئانىسىغا بويسۇنۇشىدىن زۆرۈر ۋە ئەۋزەلدۇر. ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ پەتىۋاسىدا «ئەر كىشىنىڭ توغرا ئىشىغا ياكى ھەق سۆزىگە، ئاياللىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قارشى چىقىپ، قىزىنى ئېرىنىڭ سۆزىگە كىرمەستىن، ئۆزلىرىگە بويسۇنۇشقا زورلىسا، ئايال كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئېرىنىڭ توغرا سۆزىگە كىرىشى لازىم» دەپ قەيت قىلىنغان. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ ھەق ئىشتا ئېرىگە بويسۇنغانلىقى ئاللاھ نىڭ ئەمرىنى تۇتقانلىقىدۇر. بۇ ماۋزۇدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، «ئەگەر مەن بىراۋنى بىرەر شەخسكە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولسام ، ئەلۋەتتە، ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بويرىغان بولاتتىم» دېگەن ھەدىسنى

ياد ئېتىش يېتەرلىك.(ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

قۇرئـان كەرىمنىـڭ ئـايەتلىرى ۋە سـەھىي ھەدىـسلەر، ھەقىقـىي ياخـشى ئاياللارنىـڭ سۈپەتلىرىنى بايـان قىلىـپ، ئۇلارنىـڭ ئاللاھقـا ئىتـائەت قىلىـدىغان، ئاللاھقـا ئاسـىيلىق بولمايـدىغان ئىـشلاردا ئېرىنىـڭ سـۆزىگە كىرىـدىغان، ئۇنىـڭ ئـابرويىنى، مـال ـ دۇنياسـىنى، بـالىلىرىنى ياخـشى مۇھـاپىزەت قىلىـدىغان ئايـاللار ئىكەنلىكىـگە ئىـشارەت قىلماقتـا. قۇرئـان ئــۇلارنى تەرىــپلەپ ۋە مەدھىــيلەپ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ياخــشى ئايــاللار ئىتــائەت قىلغـۇچىلاردۇر، ئەرلىـرى يېنىـدا بولمىغـان چـاغلاردىمۇ، ئاللاھنىـڭ پاناھىـدا ئەرلىرىنىـڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر﴾ (نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت)

ياخـشى ئايـال كىـشى ئېرىنـى ۋە ئۇنىـڭ مەنپەئەتىنـى، ئۆزىـدىن ۋە ئـۆز مەنپەئەتىـدىن ئۈسـتۈن بىلىـدۇ. بـۇ مـاۋزۇدا، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالامنىڭ ئايـاللىرى بىـزگە ياخـشى ئۈلگـىدۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام ئائىلىـسىدىكى بىـر كۆڭۈلـسىزلىك سـەۋەبلىك ئايـالى ئائىـشە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ پەيغەمبەرنـى يـاكى ئاتـا ـ ئانىـسىنى تاللىـشى مەسىلىـسىدە، ئۇنى ئاتا ـ ئانىـسى بىـلەن مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرىغانـدا، ئـۇ «يا رەسۇلەللاھ! سىز توغرۇلـۇق مەن ئاتـا ـ ئانامـدىن مەسـلىھەت سـورامدىمەن؟ سـىز مېنىـڭ كـۆز قـارىچۇغۇم تۇرغـان يەردە، مەن ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تاللىدىم» دەيدۇ.

بىـر كـۈنى ئەبـۇ سـۇفيان قىـزى (پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالامنىڭ ئايـالى) ئـۇممە ھەبىـبە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـانى ئـۇزاق ئايرىلىـشتىن كېيىـن، كـۆرۈش ئۈچـۈن كېلىـدۇ ۋە پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشكى ئالـدىغا كېلىـپ تەلمـۈرۈپ تۇرىـدۇ، لېكىن قىـزى ئۇنىڭغـا ئـۆيىگە كىرىــشكە ئىجــازەت بەرمەيــدۇ. بۇۋاقىتتــا، ئەبــۇ ســۇفيان ئــۆزىچە كىرىــپ پەيغەمــبەر ئەلەيھىسـسالام ئولتۇرىـدىغان مەخـسۇس كۆرپىـدە ئولتورۇشـقا ئىنتىلگىنىـدە، ئـۇممە ھەبىـبە كـۆرپىنى دەرھـال ئۇنىڭـدىن تارتىۋېلىـپ، ئۇنىـڭ كـۆرپە ئۈسـتىدە ئولتۇرۇشـىغا رۇخـسەت قىلمايــدو. بۇۋاقىتتـــا ئەبوســـوفيان ئەجەبلىنىـــپ: «ئەي قىـــزىم، كـــۆرپىنى مەنـــدىن تارتىۋېلىـشىڭ مېنىـڭ ئۇنىـڭ ئۈسـتىدە ئولتۇرۇشـۇمغا لايىـق بولمىغانلىقىمـدىنمۇ يـاكى كۆرپىنىــڭ ماڭــا لايىــق ئەمەســلىكىدىنمۇ؟» دەپ ســورىغاندا، ئــوممە ھەبىــبە: »ســىز ـــ موشرىك(بۇتپەرەست) ئادەمسىز، بـو پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالامنىڭ كۆرپىـسى، شـوڭا سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشىڭىزنى ياقتۇرمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئىـسلام دىنـى مۇنـدىن باشـقا يەنە، ئاياللارغـا ئۇلارنىـڭ ئەرلىـرى ئۆيلىرىـدە بـار ۋاقىـتلاردا ئۇلارنىـڭ رۇخستىـسىز نەپلـى روزا (يەنـى پەرز، ۋاجىـب بولمىغـان، بەلكـى قىلـسا سـاۋاپ بولىـدىغان ئىختىيـارى روزا) ۋە باشـقا نەپلـى ئىبـادەتلەر بىـلەن مەشـغۇل بولۇشـىنىڭ جـائىز ئەمەسلىكىنى ئۆگەتتى. چۈنكى ئۇنىـڭ (ئاللاھقـا ئاسـىيلىق بولمايـدىغان ئىـشلاردا) ئېرىنىـڭ

تـوغرا خاھـشىغا ھـۆرمەت قىلىـشىمۇ ئىبـادەتتۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام بىـر ھەدىـسىدە مۇنــداق دېــگەن: «قانــداقلا بىــر ئايــال كــىشى، ئېــرى ئۇنىڭــدىن رازى بولغــان ھالــدا ئۆلىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

ئەنەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنغـان بىـر ھەدىـستە مۇنـداق كەلـگەن: «بىـر ئـادەم سـەپەرگە چىقىـشتىن بـۇرۇن ئايالىغـا، ئۇنىـڭ ئۆيـدىن چىقمـاي ئۈلتۈرۈشـنى تەۋسـىيە قىلىــپ كېتىــپ قالــدۇ، بــۇ ئــادەم ســەپەردىن قايتىــپ كەلگىــچە، ئايالىنىــڭ دادىــسىنىڭ كېسەللى ئېغىرلىـشىپ قالـدۇ، بـۇ ئايـال ئېرىنـى كۆتـۈپ باقـدۇيۇ، ئېـرى يېتىـپ كەلمەيـدۇ. شـۇڭا ئـۇ، رەسـۇلۇللاھتىن دادىـسىنى يـوقلاپ كېلىـشى ئۈچـۈن رۇخـسەت سـورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغـا، ئـاللاھتىن قورقـۇڭ، ئېرىڭىزنىـڭ تەۋسىيەسـىگە خىلاپلىـق قىلمـاڭ، دەپ رۇخـسەت بەرمەيـدۇ. ئايـال يەنە ئېرىنـى كۈتىـدۇ. بـۇ ئارىـدا دادىـسىنىڭ ئۆلـۈپ كەتكەنلىـك خەۋىـرى كېلىـدۇ. ئايـال يەنە رەسۇلۇللاھتىن دادىـسىنىڭ ئۆلـۈم مۇراسـىمىگە بېرىـپ كېلىـشى ئۈچــۈن رۇخــسەت ســوراپ كېلىــدۇ، رەســۇلۇللاھ يەنە ئۇنىڭغــا «ئــاللاھتىن قورقــۇڭ، ئېرىڭىزنىـڭ تەۋسىيەسـىگە خىلاپلىـق قىلمـاڭ» دەپ تەسـەللى بېرىـدۇ. ئايـال رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىغـا ئىتـائەت قىلىـپ دادىـسىنىڭ ئۆلـۈم مۇراسـىمىگە بارمايـدۇ. شـۇ ئەسـنادا ئـاللاھتىن پەيغەمـبەرگە، «بـۇ ئايالنىــڭ ئېرىنىــڭ ســۆزىدىن چىقمىغــانلىقى يۈزىــسىدىن، ئۇنىــڭ دادىسىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىندى» دەپ ۋەھى كېلىدۇ.

بۇھەدىـستىن بىلىمىزكـى، ئايـال كـىشىنىڭ ئېـرىگە ھـۆرمەت قىلىـشىنىڭ نەقەدەر ئۇلـۇغ ئىبـادەت سـانىلىدىغانلىقى ۋە قىزلىرىنـى ئىتائەتچـان، ياخـشى قىلىـپ تەربىـيىلىگەن ئاتـا - ئانىلارنىــڭ بــۇ مېھنەتلىرىنىــڭ مۇكاپـاتىنى چوقـۇم كۆرىــدىغانلىقى شۈبھىــسىزدۇر. بۇنـداق ئاتىلار نېمە دېگەن بەختلىك ئاتىلار، ھە!

شـۇنىمۇ ئەسـكەرتىش كېرەككـى. ئايـال كـىشىنىڭ ئېـرىگە بويـسۇنۇشى ئاللاھقـا ئاسـىيلىق بولمايـدىغان ئىـشلار دائىرىـسىدە بولىـدۇ. ئەگەر ئـۇنى ئېـرى يامـان ئىـشلارنى قىلىـشقا يـاكى پەرز، ۋاجىـب قاتـارلىق ئەمەللەرنـى تەرك ئېتىـشكە بۇيرىـسا، ئۇنىڭغـا قەتئىـي بويـسۇنماسلىقى لازىـم. قىلىـسا سـاۋاب بولىـدىغان، قىلمىـسىمۇ گۇنـاھ بولمايـدىغان نەپلـى ئىبـادەتلەرنى ئېرىنىڭ يۈز ـــ خاتىرىـسى ئۈچـۈن تەرك ئەتـسە بولىـدۇ. چـۈنكى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دېـگەن: «ئاللاھقـا ئاسـىيلىق بولىـدىغان ئىـشلاردا بەنـدىگە بويـسۇنۇشقا بولمايـدۇ» نەپلـى ئىبـادەتلەرنى ئـۆز ئىختىيـارى يـاكى بىراۋنىـڭ خاتىرىـسى ئۈچـۈن تەرك قىلغـان كـىشى ھەرگىزمـۇ ئاللاھقـا ئاسـىيلىق قىلغـان ھېـسابلانمايدۇ. نەتىجىـدە گۇناھكـار بولمايدۇ.

بــۇ مــاۋزۇدىن يىرتىكلىــشتىن ئــاۋۋال شــۇنى تەكىــتلەش كېرەككــى، ئەركــىشى گەرچە

ئائىلىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا يول كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بىر ئائىلە رەئىسى بولغان بولسىمۇ، ئائىلە ئىشلىرى ھەققىدە، ئايالىنىڭ كۆز قارىشىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەر ئىشنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭ توغرا پىكرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆز ئارا بىر- بىرىنى چۈشىنىشتىن باش تارتالمايدۇ. چۈنكى ئائىلە - ئەر- ئايال ئىككىسىنىڭ مېھنىتى بىلەن قۇرۇلغان بىر مۇئەسسەسە. ئەر بۇ مۇئەسسەسەنىڭ باشلىقى بولغان بولسا، ئايال كىشىمۇ ئۇنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باشلىقنىڭ سىردىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياردەمچىسىز باشلىق قاناتسىز قۇشقا ئوخشىسا، باشلىقسىز مۇئەسسەسە چوپانسىز پادىغا ئوخشايدۇ. قاناتسىز قۇش ئۇچالمىغاندەك، چوپانسىز پادىمۇ تۈلكىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ۋەيران بولىدۇ. دېمەك، ئائىلە ئىشىدا ئەر - ئايال بىر - بىرىنىڭ ياردىمىدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ئەرنىڭمۇ ئايالىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە پىكرىنى ئېلىشى زۆرۈردۇر.

## ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەرلىكى

بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنى ھەق يولدىن ئازدۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاۋارە قىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئەقىدە ــ ئىخلاسى ئاجىزلىشىپ قايمۇقۇپ قالماقتا. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىپلەردە چۈشىنىشلىك ھالدا، تولۇق ئىزاھلانغان. بىز بۇ مەسىلىنى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىرئاز تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى يوقتىن بار قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان بىر ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىن بولغاچقا، ئۇنىڭ قانۇن - پرىنسىپلىرىدا ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى تەبىئىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا ئىسلام دىنىنى ئەقىلغا مۇۋاپىق، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان ھەق دىن دەپ تونۇيمىز. ئاللاھ ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئىنسان ۋە باشقا مەخلۇقاتنى ئەركەك - چىشى قىلىپ ياراتتى. ئەر - ئايال ئىككى جىنسىنىڭ تەبىئىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغىنىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر بىر جىنسىنىڭ ئۆزىگە لايىق خۇسۇسىيىتى ۋە ھاياتلىقتا ئوينايدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رولى بار. شۇنداق ئىكەن، ئىسلام قانۇن ــ پرىنسىپلىرىدىمۇ ئەر - ئايال ئىككى

جىنسنىڭ باراۋەر بولىدىغان ۋە باراۋەر بولالمايدىغان يەرلىرىمۇ باردۇر.

## ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولىدىغان مەسىلىلەر

تۆۋەندە، ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولىدىغان مەسىلىلەردىن ئىخچاملىغان ھالدا 9 مەسىلە بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1. ئەر بىلەن ئايال ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتلىرىدە ۋە ئىنسانلىق ھۆرمەتتە ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا ئەر - ئايال پۈتۈن ئىنسانلارنى ھۆرمەتلىك ياراتقانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شەك شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق» (ئىسرا سۈرىسى 70 - ئايەت)

2. ئەر بىلەن ئايال ئىسلام شەرئىتىدە بۇيرۇلغان ئەمەل - ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنىشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئەر كىشىگە پەرز بولغان بەش ۋاقىت ناماز، روزا، زاكات ، ھەج، بىلىم ئېلىش ۋە باشقا ئىبادەتلەر ئايال كىشىگىمۇ ئوخشاشلا پەرزدۇر. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قىلغان - ئەمەل - ئىبادەتلىرىگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلارمۇ ئوخشاش بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن ، ئايال بولسۇن ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن﴾ (ئال ئىمران سۈرىسى195- ئايەت)

3. ئەر بىلەن ئايال ئىسلام شەرئىتىدە مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن توسۇلۇشتا ئوخشاشتۇر. يەنى قۇرئاندا ۋە سەھى (ئىشەنچلىك ئەڭ توغرا) ھەدىسلەردە مەنئى قىلىنغان ئىشلاردا ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەممىسى بىردەك مەنئى قىلىنغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى (يەنى ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن) يامان ئىش قىلىدىكەن، يامان ئىش قىلغانلارغا پەقەت قىلغان ئىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ﴾. (قەسەس سۈرىسى 84 - ئايەت)

4. ئەر بىلەن ئايال قىساستا ئوخشاشتۇر. يەنى بىر ئەر بىر ئايالنى ھەقسىز ئۆلتۈرگەن بولسا بۇ ئەر ئۆلتۈرۈلگەن ئايال ئۈچۈن ئۆلتۈرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر بىر ئايال بىر ئەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇ ئايالمۇ شۇ ئەر ئۈچۈن ئۆلتۈرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەرئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ﴾ (بەقەرە سۈرىسى 178 - ئايەت)

يۇقۇرىقى ئايەتتە بايان قىلىنغان «مۆمىنلەر» دېگەن سۆز - ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن،

ھەرقانداق مۆمىن كىشىلەرگە قارىتىلغان.

5. ئەر بىلەن ئايال ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە بۇيرۇلۇشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇغاندا، ئەر بىلەن ئايالنى ئايرىماستىن، ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش بۇيرۇغان. بۇ مەسىلە، قۇرئان كەرىمدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرغان ئايەتلەردە ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىش ئەر بولسۇن ، ئايال بولسۇن ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر» (بۇخارى رىۋايىتى)

ئەلۋەتتە، بۇ ئورۇندىكى «ئۆگىنىش» دىنىي ئىلىملەرگىلا قارىتىلماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنىڭ ھەممىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

6. ئەر بىلەن ئايال مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدا ئوخشاشتۇر. يەنى ئەر كىشى مال - مۈلۈككە قانداق ئىگە بولالىسا، ئاياللارمۇ ئۇلارغا ئوخشاش مال - مۈلۈك ساھىبى بولۇشقا ھوقۇقلۇقتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ﴾ (نىسا سۈرىسى 32 - ئايەت)

7. ئەر بىلەن ئايال مىراس ئېلىش ھوقۇقىدا ئوخشاشتۇر. يەنى ئەرلەر مىراس ئالغانىدەك، ئاياللارمۇ مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق: ﴿ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار﴾ (نىسا سۈرىسى 7 - ئايەت)

8. ئەر بىلەن ئايال ئۆزلىرىگە ئائىت بولغان مال - مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئۆز مۈلكىنى خالىغانچە قوللىنىش، ئېلىش ۋە سېتىش ئىشلىرىدا ئەر بىلەن ئايال ئوخشاش ھوقۇققا ئىگىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سودا - سېتىقنى ھالال قىلدى﴾ (بەقەرە سۈرىسى 275 - ئايەت)

يۇقىرىقى ئايەت ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا سودا - سېتىقنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

9. ئەر بىلەن ئايال نىكاھلىنىش ھوقۇقىدا ئوخشاشتۇر. يەنى ئەرلەر ئۆزلىرى خالاپ، ياخشى كۆرگەن ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغانىدەك، ئاياللارمۇ ئۆزلىرى خالاپ، ياخشى كۆرگەن ئەرلەرگە ياتلىق بولۇش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

ئىسلام شەرىئىتىدە ئوغۇل - قىزلارنى ئۆزلىرى خالىمىغان بىرسى بىلەن ئۆيلىنىشكە

زورلاش يوقتۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار». (بۇخارى رىۋايىتى)

## ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولالمايدىغان مەسىلىلەر

تۆۋەندە، ئەر بىلەن ئايال باراۋەر بولالمايدىغان مەسىلىلەردىن ئىخچاملىغان ھالدا، 4 مەسىلە بايان قىلىنىدۇ:

1. ئىدراه قىلىش

ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇقاتتۇر. يەنى ئۇلار ئۆزى يالغۇز يېگانە ياشىيالمايدىغان، بەلكى مەلۇم مىقداردىكى ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان جىنىستۇر. ئىنسانلار بىرگە تۇپلىشىپ ئىجتىمائىي ھالدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، بىر - بىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش ئىشلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، چوڭى دۆلەت - ھۆكۈمەت، ئەڭ كىچىكى ئائىلە قاتارلىق ھەرخىل ئىداره، ئورگانلارنى قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنسانلارنى ئىداره قىلىپ باشقۇرۇش ئىشى ئادەتتە ئەڭ قىيىن ۋە ئېغىر مەسىلىدۇر. ئىنسانلارنى ئىداره قىلغۇچىلارنىڭ ئەقىللىق، مۇستەھكەم ئىرادىلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك بولۇشى تەقەززا قىلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ سۈپەتلەر ئاياللاردا ئىنتايىن ئاز تېپىلىدۇ. چۈنكى، ئاياللار يارىتىلىشىدىنلا مېھرىبان، رەھىمدىل، كۆڭلى يۇمشاق، ھېسسىياتچان خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئادەم باشقۇرۇشنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىدىن چىقىشتىن كۆپ ھاللاردا ئاجىز كېلىدۇ. شۇڭا ئىسلامدا ئاياللارنى ئاسرىغانلىقتىن، بۇنداق ئېغىر يۈكلەرنى ئەرلەرگە تاپشۇرىدۇ. ھەتتا ئاياللار ئائىلىسىنىمۇ مۇستەقىل ئىداره قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. گەرچە بەزى ئاياللار ۋاقتىلىق ئىداره قىلالىسىمۇ، ئۇلار قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇ مەسىلە كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر زامان كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر رېئاللىقتۇر.

2. گۇۋاھلىق

گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر مەسىلىدە ئىككى ئايال كىشىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىر ئەر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر كېلىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ناھەقچىلىككە يول قويماسلىق ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتنى تورغۇزۇش ئۈچۈن ئىدى.

چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىدە ھەر كىشىنىڭ ئۆز ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن

گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەرقانداق ھەقسىزلىك يۈزبەرسە ، ئۇنىڭ قانداق يۈزبەرگەنلىكىنى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىكنىڭ پۈتۈن جەريانى گۇۋاھچىلاردىن سورىلىدۇ. بۇنداق ئىنچىكە مەسىلىلەردە بىر ئەر كىشىنىڭ ئورنىغا ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى كېرەك بولۇشىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاياللار جىسمانىي جەھەتتىن ئەرلەرگە نىسبەتەن ئاجىز بولغانلىقتىن ۋەقەلىكنى ئۇزاقتىن كۆزىتىدۇ. شۇڭا بىر ئايالنىڭ پۈتۈن ۋەقەلىكنى تەپسىلى كۆرەلىشى ۋە ئۇنى باشتىن ئاخىر تولۇق بايان قىلىپ بېرەلىشى قىيىن مەسىلە. ئەمما ئىككى ئايال بولسا، بىرىنىڭ كۆرمىگىنىنى ئىككىنچى بىرسى كۆرىدۇ، بىرىنىڭ ئۇنتۇپ قالغىنىنى ئىككىنچى بىرسى خاتىرلىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ئايال گۇۋاھچى بىر ئەرنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

(2) ناھەق ئىش قىلغۇچىغا جازا بېرىشتە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشقا بولمايدۇ. جىنايەتچىگە تېگىشلىك جازاسىنى قەتئىيلىك بىلەن قوللانمىغاندا، جەمئىيەتتە ئامانلىق، دۆلەتتە ئادالەت بولمايدۇ. شۇڭا جىنايەتچىنى جازالاشتا قەتئىيلىك كېرەك. ئايال كىشىلەر رەھىمدىل، كۆڭلى يۇمشاق ۋە ھېسسىياتچان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر بىر ئايال يالغۇز گۇۋاھلىق بەرگەندە جىنايەتچىگە ئىچ ئاغرىتىپ يالغان سۆزلىشى ياكى ۋەقەلىكنى مەجھۇل قىلىپ قويۇشى ئېھتىمال. ئەگەر ئىككى ئايال كىشى گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلارنىڭ بىرى كۆڭۈلچەكلىككە تەشەببۇس قىلغاندىمۇ، ئىككىنچىسى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ئايال كىشىلەردە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئەھۋاللاردۇر. شۇڭلاشقا، ئاياللار ھەرقانداق ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىدىكەن، ئىككى ئايال بىر ئەر كىشىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايال كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ﴾ (بەقەرە سۈرىسى 282 ـ ئايەت)

3. مىراس

ساماۋىي دىنلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئادالەتنىڭ مەنبىئى بولغان ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگىچىلىك، مەيلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بولسۇن، مەيلى باشقا ئەللەردە بولسۇن ھېچبىر يەردە ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلار ئۆزلىرى ئەرلەر تەرىپىدىن مىراس ئورنىدا قوللىنىلاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ

شەرىئەت ئەھكاملىرى نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇ ھەقسىزلىكلەر يوقىتىلىپ، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش مىراس ئېلىش ھوقۇقى دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئىسلام دىنىنىڭ مىراس قانۇنىدا بېكىتىلدى.كىشىلەرگە مىراس بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئاللاھ بىۋاستە ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، مىراس مەسىلىسى قۇرئاننىڭ نىسا سۈرىسىدە ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىنغان. ئاللاھ مىراس مىقدارى ھەققىدە ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىغا، ھەتتا پەيغەمبەرگىمۇ ئىجتىھاد قىلىش ھوقۇقىنى بەرمىگەن ھالدا ،ئۇنى ئۆزى تەپسىلى بەلگىلەپ بەرگەن. شۇڭا مىراس مىقدارى مەسىلىسى توغرۇلۇق ئىسلام مەزھەپلىرىدىن ھېچقانداق بىر مەزھەپتە ئىختىلاپ يوقتۇر. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بەزى كىشىلەر «ئىسلامدا ئاياللارغا ئەركىشىنىڭ مىراسىنىڭ يېرىم ھەسسىسى بېرىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئەر-ئايالغا ئوخشاش بېرىلمەيدۇ؟ بۇ، ئاياللارنى كەمسىتكەنلىك ئەمەسمۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش ئاخماقانە تۆھمەتلەرنى بۇ ئىلغار دىنغا توقۇپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، ئىسلام شەرىئىتىدىكى مىراس قانۇنىنى ئازراق ئويلاپ كۆرۈپ، توغرا پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەڭ ئادالەتلىك ۋە ئەڭ توغرا قانۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىسلامدىكى مىراس مەسىلىسى ئائىلە نىزامىغا باغلىق بىر مەسىلە. بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. بىر ئائىلىدىكى ئايال كىشى، ياكى شۇ ئائىلىدىكى ئەرنىڭ ئايالى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ قىزى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئانىسى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بولىدۇ. زادى ئۇ، بۇ تۆت خىل ئايالنىڭ بىرى بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇئائىلىنىڭ قىزى بولسا، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەك ، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا پۈتۈن چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىنىڭ ئايالى(يەنى شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقىنىڭ ئايالى بولسا، ئۇنىڭ چىقىملىرى «نەفەقە» دەپ ئاتىلىپ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ نەفەقەسىنى ئۆز لايىقىدا تولۇقلاپ بەرمىسە، ئايال كىشىنىڭ مەھكىمىگە بېرىپ ئېرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ھوقۇقى بار.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلە ئىچىدە ئانا بولۇپ يەنى شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەر كىشىنىڭ ئانىسى بولۇپ ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن چىقىملىرى ئوغلىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ ئايال شۇ ئائىلىدىكى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرنىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ياكى چورىسى ياكى بالىسى بولمىغانلىقتىن، شۇ كىشىنىڭ رىئايىتى

ئاستىدا تۇرغان بولسا، بۇ ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرى ئۇنىڭ شۇ ئوغۇل قېرىندىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئېرى يوق، ئوغلىمۇ يوق، ئاتىسىمۇ يوق، قېرىندىشى ھەم يوق ئايال كىشىنىڭ چىقىملىرى ئۇنىڭ تاغا ئاكىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تاغا ئاكىلىرىمۇ بولمىسا، بۇ ئايالنىڭ ھاياتى ئىسلام دۆلىتى تەرىپىدىن كاپالەتكە ئېلىنىدۇ.

بۇ يەردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاياللارنىڭ تۇرمۇشتىكى پۈتۈن چىقىملىرى ئەرلەر تەرىپىدىن تەمىن ئېتىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۈستىگە باشقىلار ئۈچۈن چىقىم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈنمۇ چىقىم قىلىشلىرى لازىم كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنى ئەرلەر قامدايدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئەقلىمىز بىلەن ھۆكۈم قىلىمىز دېسەك ئاياللار مىراس ئېلىشقا تېگىشلىك ئەمەس. لېكىن ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ قەدىر- قىممىتىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، ئۇلارغا مەلۇم مىقداردا مىراس بەلگىلىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسى ياكى تۇغقانلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق چىقىم قىلىشنى بۇيرىمىدى.

ئەمدى ئەرلەرگە كەلسەك، ئوغۇل بالا قولى ئىشقا تەككەندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا ئاتىسىغا ياردەملىشىدۇ. ئېغىر ئىشلار ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئۇ ئۆيلىنىپ بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالى ۋە باللىرىنىڭ نەفەقىلىرى(چىقىملىرى) يۈكلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئۆينىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىشى لازىم كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئاتىسى بولمىسا، ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى بېقىشى، ئاتا - ئانىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ياشىنىپ قالغان، كىرىمى يوق ھالەتتە بولسا، بۇلارنى ياخشى بېقىشى، بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى لازىم كېلىدۇ. دېمەك، ئائىلە ھاياتىدىكى بارلىق چىقىم - خىراجەتلەر قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، پەقەتلا ئەر كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ھەقىقەت بۇ ئىكەن، قايسى ئەقىل ۋە قايسى مەنتىق بىلەن، ئاياللار بىلەن ئەرلەر تەڭ مىراس ئېلىشى كېرەك دېيەلەيمىز؟ قايسى ئادالەتلىك قانۇن ئۇلارنى تەڭ مىراس ئېلىشى كېرەك دېيەلەيدۇ؟ قايسى ئادالەتلىك بولىدۇ؟ — تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىرى ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئەر كىشىگە ئىككى قىزلىق مىراس بېرىشمۇ ؟ ياكى ئۇنىڭ زىممىسىغا ئاياللارنىڭ چىقىملىرىنى يۈكلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا ئايال كىشى بىلەن تەڭ مىراس بېرىشمۇ ؟

مەسىلەن: بىراۋنىڭ بىرقىز، بىر ئوغۇل ئىككى پەرزەنتى بولغان بولسا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا 3000 يۈەن نەق پۇل مىراس قالدۇرغان بولسا، ئۇنىڭ 2000 نى ئوغۇلغا،

1000نى قىزغا بېرىلىدۇ. 2000 يۈەننى ئالغان ئوغۇل، ئۇنى ئائىلىسىنىڭ ــ ئۆزى، ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن قوللىنىدۇ. مۇبادا ئايالى بىلەن ئاجراشماقچى بولسا، قولىدىكى بۇ 2000 يۈەننىڭ 1000نى ئايالىغا نەق بېرىدۇ، چۈنكى ئەرنىڭ مۈلكىنىڭ يېرىمى ئايالىنىڭ ھەققىدۇر. ئۇمۇ ئاتىسىدىن 1000 يۈەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپرەكنى مىراس ئالغان بولسا، ئېرىدىن ئالغان 1000 يۈەن بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ قولىغا 2000 ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ياكى كۆپرەك نەق پۇل كىرگەن بولىدۇ. ئەمدى، ئاتىسىدىن 1000 يۈەن مىراس ئالغان قىزغا كەلسەك، ئۇمۇ ئېرىدىن 1000 ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ياكى كۆپرەك مىقداردا نەق پۇل ئالغان بولسا، ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئومۇمى نەق پۇلى 2000 ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللار ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس ئالغان نەق پۇللىرىنى ۋە باشقا بايلىقلىرىنى ئائىلىسى ئۈچۈن چىقىم قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەس، ئېرىنىڭ ئۇنى چىقىم قىلىشقا زورلاش ھەققى يوق، ئەلۋەتتە. ئەگەر ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېرىگە ھەمكارلىشىمەن دېگەن نىيەت بىلەن بىر قىسىم ئىقتىسادىنى ئائىلىسىگە چىقىم قىلسا بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئاياللار مىراس ئالغان پۇلنى ئۆز يېنىدا بېسىپ ياتالايدۇ، ئەمما ئەرلەر ئانداق قىلالمايدۇ. بەلكى ئائىلىسىگە چىقىم قىلىشى لازىم كېلىدۇ. ئەمدى ئويلاپ باقايلى، ئەمەلىيەتتە قايسىسى كۆپ ئالغان بولىدۇ؟ ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟

4. تالاق

ساغلام ئائىلە ئەمنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولغاچقا، ئۇ، ئائىلە قورۇپ جامائەت تەركىبىدە ياشاشقا ئېھتىياجلىقتۇر. ئىنسانلار تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا ھەمىشە بىر خىل تۇرمايدۇ. گاھىدا ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل ــ ماجىرالار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار ئازراق ئاچچىقلىرىغا ھاي بېرىپ، سەۋرچانلىق بىلەن تۇرمۇش ھاياتىنى خاتىرجەم ھالدا داۋام قىلدۇرۇشقا مۇھتاجدۇر. ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جېدەل ــ ماجىرالاردا بىرىنىڭ ئاچچىقى يېنىپ، ئۆزھالىغا كەلگۈچىلىك قارشى تەرەپنىڭ سەۋر قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، بىر دەملىك ئاچچىق تۈپەيلىدىن ئائىلە بۇزۇلىدۇ. ئاياللار ئادەتتە سەۋرسىز، ھېسسىياتچان كېلىدۇ. ئۇلار بەزىدە ئۆز ھېسسىياتلىرىنى باشقۇرالماي قالىدۇ. ئۇلار ئاچچىقى كەلگەندە، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىشىغا قارىماستىن، ئېغىزىنى قويۇۋېتىدۇ. ئەمما ئەر كىشىلەر ئاياللارغا قارىغاندا، سەۋرچان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلار ئاچچىقى كەلگەندە، ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشنى بىلىدۇ ۋە ئېغىزىنى قويۇۋەتمەيدۇ. سەۋرى بىلەن ئاچچىقنى يۇتۇۋالالايدۇ. نەتىجىدە، ئەر ــ خوتۇنلار

ئوتتۇرىسىدا جېدەل ــــ ماجىرالار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۇلار ئۆزئارا يارىشىۋالالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلە پارچىلانماستىن داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئائىلە ئۇچىقى داۋام قىلغاچقا باللارمۇ يېتىم بولمايدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ پەرىشان بولمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەرلەرگە بېرىلگەن.

شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، ئائىلىنىڭ باشلانغۇچى بولغان نىكاھتا ھوقۇق ئايال كىشىنىڭ قولىدىدۇر. ئەگەر ئايال كىشى ئۆزى بىلەن تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئەرگە رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشنى «قوبۇل قىلدىم» دېمەيدىكەن، ئەرنىڭ ئۇنى «ئالدىم» دېگىنى بىكاردۇر. بۇ مەسىلىنى مۇشۇنداق كەڭ دائىرىدە چۈشەنگىنىمىزدە، ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر ئەقىلغا مۇۋاپىق، ئىنسانىنىڭ فىترىتى «تەبىئىتى» گە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىنى توغرا چۈشەنمىگەن ياكى چۈشىنىشنى خالىمايدىغان بەزى كىشلەر، مەسىلىنى بىر تەرەپتىنلا تۇتۇۋېلىپ، ھەدەپ ئىسلام دىنىغا تۆھمەتلەرنى توقۇشقا ئورۇنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بۇ دىنىنى ياخشى چۈشەنمىگەن، بەزى بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن كىشلەرنىڭ قايمۇقۇپ قېلىپ، دىندىن ئېزىپ كېتىش گىرداۋىغا چۈشۈپ قېلىشىدەك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. بۇ ماۋزۇنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئىدى. ئەمما ھەقىقەتنى سۆيىدىغان كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇ قەدەر ئىزاھقا كۇپايە قىلىپ بۇنى توغرا چۈشىنىپ كېتىشلىرىگە ئىشەنجىم كامىل.

## غەرب يازغۇچىلىرىدىن بەزى ھەقىقەتپەرۋەرلەرنىڭ ئېتىراپلىرى

غەربنىڭ ئاتاغلىق مۇتەپەككۇر ئالىملىرى ۋە مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن نۇرغۇن كىشلەر ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى قەدىر ـ قىممىتىنى ۋە ئۇلارغا ئىسلام سايىسىدا بېرىلگەن ئىمتىيازلارنى ئېتىراپ قىلماقتا. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى غەربنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ئىسلامي نىزاملار بىلەن ھەل قىلىشقا ئۈتمەكتە. مەسىلەن: ئىتالىيە ئەمدىلىكتە رىئاللىققا بويسۇنۇپ، كىشلەرنىڭ ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش يولىدا، ئىسلام دىنىدىكى تالاق قانۇنىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىش ھەققىدە مەخسۇس قانۇن چىقارغان. چۈنكى خرىستىئان دىنىدا تالاق قىلىش بولمىغاچقا، ئۇلارھازىرغىچە تالاقنى ئېتىراپ قىلماي كەلگەن ئىدى.

1. فرانسىيىلىك مەشھۇر ئالىم گوستاف لىبۇن مۇنداق دەيدۇ «بىزنىڭ ياۋروپا قانۇنىمىزغا قارىغاندا، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى كۆتۈرۈشتە ئالاھىدە

ئۆلگە كۆرسەتتى ۋە ياخشى تەسىراتلارنى بەردى. شەرق ئاياللىرىنىڭ ھالىنىڭ شۇنچىلىك ياخشىلىنىشىدا ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى قەدىرلىشىمىز ئۈچۈن قۇرئان نازىل بولۇشتىن بۇرۇنقى ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىمىز بىزگە يېتەرلىكتۇر» («ئەرەب مەدەنىيتى» گوستاف لېبۇن)

2. ئىرلاندىيىلىك پەيلاسوپ بىرناردشۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مۇتەپەككۇر ئالىملار پەزىلەتنى ساقلايدىغان، جەمئىيەتنى قوغدايدىغان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە كېپىللىك قىلىدىغان بىرەر دىننى ئىزدىمەكچى بولسا، ئۇلار ھامان ئىسلام دىنىنى تاپىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ۋە بەختكە ئېرىشىشىگە كېپىللىك قىلالايدىغان بىرلا دىندۇر» («ئەتىكى كېلەچەكتە» بىرناردشۇ)

3. غەربلىك مەشھۇر يازغۇچى مىس ئېنىرۇد مۇنداق دەيدۇ: «كاشكى، بىزنىڭ مەملىكەتلىرىمىزدىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەتلىرىدىكىدەك، ئاياللارنىڭ شەرىپى ۋە قەدرى - قىممىتى بولغان بولسا ئىدى. ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدە، ئۆي خىزمەتچىلىرىمۇ شۇ ئۆينىڭ ئوغۇل - قىزلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە كۆرىدۇ، خورلانمايدۇ، نومۇسلىرىغا تېگىلمەيدۇ. غەرب مەملىكەتلىرىگە نومۇسكى، ئۇلار قىزلىرىنى يات ئەرلەر بىلەن يولسىز ئارىلىشىشتىن ھېچ توسمايدۇ. نەتىجىدە، بۇ قىزلار ئەڭ خار، ئەڭ قىممەتسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. قىزلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىق تەبىئىتىگە مۇناسىپ بولغان ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولماي، ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆز شەرەپلىرىنى تۆكۈپ يۈرسە، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى جاۋىكار ھېس قىلمايمىز» («ئېستىرنىجىل گېزىتى» 1990 - يىل 5 - ئوكتەبىر)

4. «ھىندىستاندىكى دىنلار» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ن. بىزنېت مۇنداق يازىدۇ: «ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش قانۇنىنى ئەڭ بۇرۇن بېكىتتى. بۇ قانۇن مۇندىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ئېنگلىز خرىستىئانلىرى قوللانغان خرىستىئان قانۇنىغا نىسبەتەن ئەڭ ئادىل، ئەڭ توغرا ۋە ئاياللارغا بېرىلگەن ئەركىنلىك جەھەتتە ئەڭ ئىلغار قانۇندۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بېكىتكەن قانۇنى ئۆلگىلىك قانۇن بولۇپ، ئۇ، ئاياللارنى ھىمايە قىلىشتا ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە باشقىلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ بوزەك قىلالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇكەممەل قانۇندۇر» («ئەزھەر ژۇرنىلى» 1990 - يىل 8 - سان)

5. مەشھۇر يازغۇچى لورافشىياۋا «ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىش» ناملىق كىتابىنىڭ 106 - بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ياۋروپادىكى ئاياللار ئىجتىمائىي جەھەتتە بۇرۇنقىدىن

يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ناھايىتى ئازدۇر. يېقىنقى يىللاردا ئۇلارغا بېرىلگەن بۇنچىلىك قانۇنىي ھوقۇقمۇ ئۇلار ئۈچۈن يوق دېيەرلىك ئىدى. ياۋروپانىڭ بەزى مەملىكەتلىرى ھازىرمۇ بۇرۇنقى ھالىدا داۋام قىلماقتا، ئاياللار يەنىلا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاياللار ئېرىشكەن ھۆرمەتكە ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشەلىگىنى يوق» («ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىش» تىن)

6. گوستاق لېبون «ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغارلىقى ئاياللارنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەنلىكى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئۇ، ئاياللار ئۈچۈن ھەق - ھوقۇقلارنى بېكىتكەن ۋە ئۇلارنى قەدىرلىگەن بىرىنچى دىندۇر. بۇنى ئىسپاتلاش بىزگە ناھايىتى ئاسان. ئىسلام دىنىدىن بۇرۇن كەلگەن پۈتۈن دىنلار ۋە مىللەتلەر ئاياللارنى خورلىغان! قۇرئاندا بېكىتىلگەن ئەر - ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرى ياۋروپا قانۇنلىرىدىكى ئەر - ئايال ھوقۇقلىرىدىن ئەلۋەتتە كۆپتۇر» («ئەرەب مەدەنىيىنى» 489 - 490 - بەتلەر)

7. مەشھۇر يازغۇچى دۇ ئېمىسپىس شەرق ئاياللىرى توغرۇلۇق سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دەپ سۆزلىگەن« ئاياللار شەرقتە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. يوللاردىمۇ ئۇلارغا ھېچ كىشى قول كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھەتتا ساقچىلارمۇ ئۇلارنى ئاختۇرالمايدۇ. ئەرلەر ئاياللىرىنى كۆز قارچۇغىسىدەك ئاسراپ مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئانىلارغا بولغان ھۆرمەت ناھايىتى چوڭ، ھەتتا ئۇلار چوقۇنۇش دەرىجىسىگە يەتكىلى ئاز قالىدۇ. ئەرلەر ئاياللارنىڭ كەسپىدىن پايدىلانمايدۇ (يەنى ئاياللارنى پۇل تېپىشقا سالمايدۇ). (قانۇن ۋە فىقھى ئوتتۇرىسىدا ئايال كىشى 217 - بەت)

8. گوستاق لېبۇن ئىسلام دىنىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قانۇنىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ:« شەرقلىقلاردىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قانۇنى ياۋروپادىكى زىنادىن تۇغۇلغان باللارنى يېتىشتۈرىدىغان كۆپ ئاشىنىلىق، يولسىز تۇرمۇشتىن ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەۋزەل قانۇندۇر. مۇسۇلمان ئانىلار تارىختىن بويان يېتىشتۈرۈپ چىققات شەرەپلىك ئاياللار، بۈگۈنكى كۈندە غەرب مەكتەپلىرىدە يېتىشىپ چىققان ئاياللاردىن شەرەپلىكتۇر. (ئەرەب مەدەنىيىتى 1 - جىلت 83 - بەت)

9. «غەرب قانۇنىدا بىرلا ئايال بىلەن تۇرۇش دەپ قەيىت قىلىنغان. ئەمما ئەخلاقتا بۇ قانۇنغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئىنتايىن ئاز» (يۇقىرىقى مەنبەدىن)

10. فرانسىيىنىڭ «مۇنىتۇر» ناملىق گېزىتىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، «ئەزھەر» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ــ يىل، 11 - سانىدا نەشر قىلىنغان مۇنۇ ماقالىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ئىسلاھ ئېلىپ كەلدى. شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئىسلام دىنىنىڭ ئايال كىشىگە بەرگەن قانۇنلۇق ھوقۇقلىرى فرانسىيە ئاياللىرىغا بېرىلگەن ھوقۇقلاردىن ئالاھىدە كۆپتۇر»

يۇقىرىقىلار، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتپەرۋەرلىكى يۈزىسىدىن ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتالمىغان غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىراپلىرىدۇر.

## ئەر ـ ئاياللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبلەر

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئەرلەرنى ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار ، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلارمۇ (سەۋر قىلىڭلار) چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾ (نىسا سۈرىسى 19 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى بولغانلىرىدۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى بولغان كىشىڭلار مەن» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. ئاياللار قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ قىڭغىر يېرى ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىدۇر. ئەگەر سىز ئۇنى بىراقلا تۈزلىمەكچى بولسىڭىز ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسىز. ئەگەر ئۇنى ئۆز ھالى بويىچە قويۇۋەتسىڭىز قىڭغىرلىقتىن تۈزەلمەيدۇ. شۇڭا ئاياللارغا سىلىق، ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار. (بۇخارى رىۋايىتى)

ئىسلامدىكى ئەر ـ ئاياللىق مۇئامىلىسىنىڭ ئەدەپلىرىدىن، ئەرنىڭ ئايالى تەرىپىدىن كەلگەن ئازارلارغا، جاپالارغا ۋە كەمچىلىكلەرگە سەۋر قىلىپ، ئۇنى سىلىق، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىسلاھ قىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ جەۋر ـ جاپالىرىغا، بەدەۋى ئەرەبلەرنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىگە سەۋرچانلىق بىلەن، يومشاق، سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئۈلگىلىك زات ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ساھابىلارنىڭ: «ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىرىنى كۆرمىدۇق» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا ۋە كىچىك باللارغا ئەڭ مېھرىبان

زات ئىدى». (تارىخ ئىبنى ئەساكىر)

ئەرنىڭ ئايالىغا قىلىدىغان ياخشىلىقلىرىنىڭ جۈملىسىدىن، ئەدەپلىك، ياخشى كۆلكىلەر، خۇش چاقچاقلار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشى. ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىش ھەر ئىككىسىنىڭ قەلبىنى راھەتلەندۈرىدۇ، مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئايالمۇ ئېرىنى رازى قىلىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە پائالىيەتچان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئاياللىرىنىڭ ئەقلىلىرىغا ئويغۇنلىشىپ، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىدىغانلىقى ۋە بىرگە كۆڭۈل ئاچىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ بىلەن ئۇزاقتا يۈگۈرۈشتە مۇسابىقە قىلىشاتتى، بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلەپ كەتسەم ، يەنە بىركۈنى ئۇ، مېنىڭدىن ئىلگىرىلەپ كېتەتتى» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمانى ئەڭ كامىل كىشى ئۆز ئەھلىگە ئەڭ يومشاق ۋە ئەخلاقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر» (تىرمىزىي رىۋايىتى)

ئۆز ئەھلى بىلەن بىرگە كۆڭۈل ئېچىش ياخشى ئەمەللەردىندۇر. ئەمما چاقچاقلاشقاندا، چاقچاق، دەپ يالغان سۆز قىلماسلىق ۋە ئەدەپ ــ ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، ئەر ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

## ئايالنىڭ ئېرىگە قىلىدىغان ياخشىلىقلىرى

1. ئېرىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماسلىقى، ئېھتىياجىدىن ئارتۇق نەرسىنى سورىماسلىقى. مانا بۇلار، ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە ئىقتىساتتا ھەمكارلاشقانلىقىدۇر. قانائەت ئائىلىنى گۈللەندۈرىدۇ، مۇھەببەتنى كۈچلەندۈرىدۇ. قانائەتسىزلىك ئەر ــ ئاياللىق مۇناسىۋەتنى سوغۇقلاشتۇرىدۇ.

2. ئېرىگە ۋە ئېرىنىڭ ئۇستىدىن باشقىلارغا شىكايەتچى بولماسلىقى، بالاغا ـ قازاغا رازى بولۇپ، سەۋرچان بولۇشى، ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا جورىسىنىڭ رايىغا ماسلىششى. ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە ھۆرمەت قىلىشى كاتتا ئىبادەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مونۇ ھەدىسى رىۋايەت قىلىنغان: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ــ يا رسۇلەللا، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئاياللارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كەلدىم. سىز ئەرلەرگە جىھاد قىلىشتىن كېلىدىغان ساۋاپ ۋە غەنىمەتلەرنى بايان قىلدىڭىز، بىز قانداق قىلغاندا ئەرلەرگە ئوخشاش جىھادنىڭ

ساۋابىنى تاپالايمىز؟ ــ دېگەنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ــ سىزگە ئوچرىغان ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق يەتكۈزۈڭكى، ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشى ئەرلەرنىڭ جىھاد قىلغىنىغا ئوخشاش ساۋاپلىقتۇر. ئەمما، شۇنداق قىلىدىغان ئاياللار تولىمۇ ئاز، ــ دىدى. (تەبەرانى رىۋايىتى)

3. ئېرىنىڭ روخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىقى. ئاياللار سىرتقا چىققانلىرىدا ئىسلامىي قىياپەت بىلەن ئېسىل، كۆركەملىك بولۇپ چىقىشى لازىم. مانا بۇ ــ دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزدۇر.

## ئەرنىڭ ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر

ئەركىشىنىڭ ئۈستىدىكى ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەردىن:

1. ئەرنىڭ ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىكى، پۈتۈن مۇھەببىتى ۋە سۆيگۈسىنى بېغىشلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا ھەر ئىشتا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن ياخشى بولغانلاردۇر.(ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

يەنى سىرتتا ناھايىتى ياخشى ئەخلاقلىق بولۇپ، ئايالىغا قاتتىقلىق، قوپاللىق قىلىدىغان كىشى ياخشى كىشى دېيىلمەيدۇ. بەلكى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئايالىغا، پەرزەنتلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇلارغا ئەڭ مېھرىبان بولغان كىشىلا ياخشى كىشى بولالايدۇ.

2. ئايالىنىڭ ئازارلىرىغا، بولۇپمۇ ئايالىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالغان چاغلاردىكى ئۇنىڭ بەزى يېقىمسىز مۇئامىلىسىگە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىشى، دەردىنى ئاڭلاپ ھالىغا يېتىشى ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە مېھىر ــ شەپقەتلىك بولۇشى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك مېھرى ـ شەپقەتلىك كىشىنى كۆرمىدىم»

3. ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى، ئايالىغا بولغان سۆيگۈسىنى ھەرۋاقىت سۆز ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ئىزھار قىلىپ تۇرۇشى.

4. ئايالىنى باشقىلارنىڭ يامان نىيەتلىك كۆزلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىشتا غورۇرلۇق

بولۇشى. ئايالنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇنى قەدىرلىشى، ئائىلىنىڭ بوزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن غاپىل بولۇپ قالماسلىقى. لېكىن ئايال كىشىنى كۆنىلىدىم دەپ ئارقىسىدىن جاسۇسلۇق قىلماسلىقى، بەدنىيەتلىك بىلەن ئايالنى ئاساسسىز قارىلىماسلىقى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا، كىشىلەرنى يامان گۇمان قىلىشتىن مەنئى قىلغان.

5. ئايالنى ئىمكان قەدەر ئاتا - ئانىلاردىن ئايرىم ئۆيدە تورغۇزۇشى، ئۆينىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىق نەرسە - كېرەكلىرىنى ھازىرلاپ بېرىشى، ئايالغا قېيىن ئاتا ۋە قېيىن ئانىسىنىڭ پۈتۈن يۈكلىرىنى يۈكلىمەسلىكى لازىم. چۈنكى كېلىن ئۇلارنىڭ خىزمەتچىسى ئەمەس، بەلكى شۇ ئائىلىنىڭ ھۆر ئەزاسىدۇر.

بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلاردا بالىلارنى ئۆيلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئايرىم ئۆيگە چىقىرىپ، مۇستەقىل تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئادىتى بەكمۇ ئاز. بەزىلەر بۇ ئىشتا ئىمكانىيەتنىڭ يوقلىقىنى ــ ئىقتىسادىي تەرەپتىن قولىنىڭ قىسقىلىقىنى باھانە قىلىشى مۇمكىن. بۇمۇ ئۆزۈر بولالمايدۇ. ھازىر دۇنيا تەرەققى قىلدى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىمۇ بۇرۇنقىدىن بېيىدى. ئۆيلەنگەن يىگىتلەر ئەگەر مۇستەقىل تۇرمۇش قۇرىمەن دېسە بۇنى قىلالايدۇ. بالىلار مۇستەقىل ئۆي تۇتمىغاندا كېلىن بىلەن قېيىن ئانا ۋە يەڭگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار ئەر - ئاياللىق تۇرمۇشقا ئەلۋەتتە زىيان يەتكۈزمەي قالمايدۇ. كۆپىنچە قېيىن ئانىلار ۋە بەزى يەڭگىلەر كېلىننى ياقتۇرمايدۇ، بەزى ئاڭسىز قېيىن ئانىلار ئۇنىڭ بالىسى بىلەن بولغان مۇھەببىتىگە ۋە يېقىنلىقىغا قىزغىنىدۇ، ھەدەپ كېلىندىن كەمچىلىك ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. ئۇلار كېلىندىن ئازراق ئېيىبنى تاپقان ھامان ئۇنى بالىسىغا مۇبالىغە بىلەن چېقىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرلۇق ئۆۋىسىنى بۇزۇشقا ئورۇنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئوپچى ئۆيدىكى ھايات ھۇزۇرسىز بولىدۇ. قىسقىسى، يىڭى توي قىلغان بىر جۈپلار ھەرۋاقىتتا بىر - بىرى بىلەن ئەركىن كۆڭۈل ئېچىشىپ، ئازادە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشالمايدۇ. پەقەت كېچىدىلا بىر - بىرىنى كۆرىدۇ. بۇ نېمە دېگەن ئۇڭايسىزلىق؟

تەبىئىيكى، ئايال كىشىنى كىشىلەر كېچىسى بىرگە بولۇش ئۈچۈنلا ئالمايدۇ. مۇھەببەتنىڭ كۆچىيىشى ئارقىلىق ئائىلىنىڭ رۇناق تېپىشى ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە بولغان ئىخلاسىنى ۋە سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىشىپ تۇرۇشى لازىم. ئۆيلەنگەنلەر ئايرىم تۇرمۇش قۇرۇپ مۇستەقىل بولمىغاندا، ئۇلار ھەرۋاقىت ئازادىلىك ھېس قىلالمايدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ كېچىك رايونلىرى ۋە يېزىلىرىدىكى كۆپىنچە ئۆيلەردە ئايرىم مۇنچا

بولمغاچقا كىشىلەر بىر چىلەك سۇنى بېشىدىن قۇيۇپلا ئالدىراپ يۇيۇنىدۇ. چېچى ھۆل بولۇپ قالغان ئايال كىشىنى كۆرسە، ئۇنى ئېيىپلايدىغان ئادەتمۇ بار. چۈنكى بىز ئۇيغۇرلار بۇرۇنقىلىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە ئىسلامىي ھەم مىللىي قائىدە ــ يوسۇنلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، پاسكىنا بىر مىللەتنىڭ چىركىن مەدەنىيىتى ئاستىدا كىرلەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئادەتتە يۇيۇنۇپ، پاكىز يۈرۈشنى ئۆزىمىزگە ئادەت قىلالمايۋاتىمىز.

بىزدە «پەقەت جۇنۇپ بولغان ئادەملا يۇيۇنىدۇ» دەيدىغان قالاق ئېتىقاد بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە پاكىزلىق ۋە تازىلىق ئۈچۈن يۇيۇنغان قىزلارنى، كېلىنلارنى يامان ئىش قىلغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ ئۇلارغا گۇناھ ئارتىشقا ئېزدىنىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئېرى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن بەزى كېلىنلار ئايلىق ئادىتىدىن پاكلانغانلىقى ياكى پاكىز، خۇشپۇراق بولۇشى ئۈچۈن يۇيۇنسا، ئۇلارنى چوقۇم يامان ئىش قىلغان ئوخشايدۇ، ئۇنداق بولمىسا يۇيۇنمىغان بولاتتى دەپ چۈشىنىپ، ئۇلارغا گۇناھ ئارتىشقا ۋە ئەرلىرىگە يالغان ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى چېقىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرلۇق تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىشقا ئورۇنىدىغانلارمۇ بار. بۇ سەۋەبتىن، جۇنۇپ بولغانلارمۇ يۇيۇنۇشتىن قورقىدىغان، ھەتتا بالاغەتكە يېتىپ قالغان قىز ـ ئوغۇللار ئېھتىلام سەۋەبى بىلەن گاھىدا يۇيۇنۇشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغانلىرىدىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ھايا قىلىپ يۇيۇنالمايدىغان ئادەتلەرمۇ بار.

بىز ئۇيغۇرلار ئۆي سالدۇق دەپ ئىسراپخورلۇق بىلەن چوڭ ئاسماق ئايۋانلىق ئۆيلەرنى سېلىشقا شۇنچىلىك زىيادە چىقىملارنى قىلىمىزكى، ئوغۇل ــ قىزلار ئايرىم ياتىدىغان، ئايرىم ئىشكىلىك ئۆيلەرنى كۆپرەك سېلىشقا ۋە پاكىزلىقنىڭ ھەم ساغلاملىقنىڭ ۋاستىسى بولغان ــ تەرەتخانا بىلەن مۇنچا سېلىشقا كۆڭۈل بۆلمەيمىز. رۇسلار كاپىر مىللەت تۇرۇپ، ئۇلار ئۆي سالسا ئەڭ ئاۋۋال مۇنچىسىنى ۋە تەرەتخانىسىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۆينىڭ باشقا سارايلىرىنى سېلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار ئۆي سېتىۋالماقچى بولغاندىمۇ ئەڭ ئاۋۋال مۇنچىسى بىلەن تەرەتخانىسىنى تاللايدۇ. بىز مۇسۇلمانلار «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى»، «پاكىزلىق ئىماندىن» ۋە «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ، پەقەت پاكلىق بىلەن قىلغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ» دەيدىغان ئىسلامىي قائىدە ـ پرىنسىپلارنى ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆگەنگەن تۇرۇپ، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىشتە غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتىمىز. مۇنچىسى ۋە تەرەتخانىسى پاكىز ۋە جايىدا بولمىغان ھەرقانداق ئۆي ــ يېتەرسىز ئۆيدۇر. تەرەتخانا بىلەن مۇنچا پاكىز بولمىسا ئادەم خالىغان ۋاقىتتا تازىلىق قىلالمايدۇ. جۇنۇپ بولغان كۆڭلەردە بىر چوگۇن ياكى بىر چىلەك سۇ بىلەن ئالدىراپ يۇيۇنغانلىق تولۇق پاكىزلىققا ياتمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەدەندىكى

كىرلار چىقمايدۇ. ئادەم جۇنۇپ بولغان ۋاقىتىدا يۇيۇنۇشى پەرز. ئەمما جۇنۇپ بولمىغان بولسىمۇ، سىرتتا ئىشلەپ كىرىپ تەرىنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىش ياكى كىيىمىنى ئالماشتۇرۇشتا پاكىز بولۇش مەقسىتى بىلەنمۇ، ئاز دېگەندە، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىرەر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر. جۈمە، ھېيت ۋە مېيىت نامازلىرىغا، توي ــ تۆكۈنلەرگە، نەزىر - چىراغلارغا ۋە باشقا ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە يۇيۇنۇپ، پاكىز كىيىم كىيىپ، ئۆزىگە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملارنى چېچىپ بېرىش سۈننەتتۇر. ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھقا قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى قەلبىنىڭ پاكلىقى ۋە بەدەن بىلەن كىيىمىنىڭ پاكىزلىقىغا باغلىقتۇر. پاكىز بولمىغان كىشىنىڭ ئىبادەتلىرىمۇ ۋە دۇئالىرىمۇ قوبۇل بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى مەدەنىي ۋە تەرەققىياتپەرۋەر بىر دىندۇر. ئۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرۋاقىت گۈزەل، كۆركەملىك، خۇشپۇراق يۈرۈشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئايال كىشىنىڭمۇ ئېرىنىڭ تۆشەكىگە كېلىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ ، ئۆزىگە خۇشپۇراق چېچىپ كېلىشى بەكمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى ئاياللار كۈندۈزى تاماق ئېتىش، ئۆي سۈپۈرۈش ۋە بالىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى، تەرەتلىرىنى تازىلاش جەريانىدا كىرلىشىدۇ، قازان بېشىدا تۇرۇپ تەرلەيدۇ. بەزى ئاياللار سىرتتا ئىشلەپ تەرلەيدۇ ۋە چاڭ تۇزانلىشىدۇ. بۇلار يۇيۇنماستىن شۇ پېتى بىلەن ئەرلىرىنىڭ قوينىغا كىرسە، ئەرلىرى ئۇلاردىن سەسكىنىدۇ، ھەتتا نەپرەتلىنىپ قالىدۇ. ئاياللىدىن كۆڭلى ئېچىلمىغان ئەر تالاغا قاراپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئېپپىتىنى بۇزىدۇ.

ئاياللار ئەگەر ھەر ئاخشىمى يېتىشتىن بۇرۇن پاكىز يۇيۇنۇپ، ئۆزلىرىگە خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى چېچىپ ياتىدىغان بولسا، ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا ھەۋىسى كېلىدۇ. ئۇلارنى ياقتۇرىدۇ. ساغلاملىق جەھەتتىنمۇ ھەر ئىككىسىگە پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭا - ئەر ئاياللارغا ۋە باللارغا يۇيۇنۇپ پاكىز يۈرۈش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئۆيدە ئايرىم مۇنچا بولىشى شەرتتۇر. تەرەتخانىنى ئىمكان قەدەر سۇ بىلەن تازىلىنىدىغان قىلىپ ياساش كېرەك. تەرەتخانىدا سۇ بولسا ھەم تازىلىق ھەم ئىستىنجا ئىككى ئىش بىر ۋاقىتتا ھەل بولىدۇ. مەلۇمكى، سۇ پاكلىغۇچى ماددىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

6. ئايالنىڭ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مېھرىنى تولۇق ئادا قىلىشى. چۈنكى بۇ، ئايال كىشىنىڭ نىكاھ سەۋەبى بىلەن بەلگىلەنگەن ھەققىدۇر.

7. ئايالنىڭ نەفەقىسىنى كېمەيتمەستىن ۋە ئىسراپ قىلماستىن ياخشى ئادا قىلىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ئەھلىگە ساۋابىنى كۆزلەپ نەفەقە قىلغان كىشى سەدەقىنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ» (تەبەرانىي رىۋايىتى)

8. ئايالىغا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشى ــ ناماز، روزا، زىكىر، دۇئا ۋە باشقىلار قاتارلىق پۈتۈن ئىبادەتلەرنى ئۆگىتىشى ھەم ۋاقتىدا ئورۇنلىشىغا ئۈندىشى، ياردەم بېرىشى.

9. ئايالى ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۇرماستىن نەسىھەت قىلىپ ئۆزگەرتىشى، ئىمكان قەدەر ئايالىنى ئۇرماسلىقى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىنى ئۇرمايدىغانلاردۇر» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

ئايال كىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى چارە ۋە ئەڭ قاتتىق جازا ۋاقىتلىق ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلماسلىقتۇر.

10. ئايالى تۇغۇشنى ئارزۇ قىلسا ئۇنى تۇغماسلىققا مەجبۇرلىماسلىقى.

11. ئايالىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى. ئەگەر ئايالى ئۇنى ھاجىتىگە رىغبەتلەندۇرسە رەت قىلماسلىقى.

12. ئايالىنى ھېچقىر كۆرمەسلىكى، ھاقارەتلىمەسلىكى، ئۇنى ياكى تۇغقانلىرىنى مەسخىرە قىلماسلىقى.

13. ئايالىغا ئۆي ئىشلىرىدا ياردەملىشىشى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئاياللىرىغا ياردەملىشەتتى.

14. بىردىن ئارتۇق ئايالى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پۈتۈن ئىشلاردا ئادالەتلىك بولۇشى، ھەممىنىڭ ھەققىنى ئوخشاش ئادا قىلىشى.

15. ئايالى ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەستىن، ئازار بەرمەستىن چىرايلىقچە ئاجرىششى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان 15 تۈرلۈك ھەق ئەر كىشىنىڭ ئۈستىدىكى ئايالىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ھەقلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم مۇھىملىرىدىن ئىبارەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىسىدە سۆزلىگەن خۇتبىسىدا مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دەپ تەۋسىيە قىلغان: «بىلىڭلاركى! ئاياللارنىڭ ئۈستىدە سىلەرنىڭ ھەققىڭلار باردۇر. سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىمۇ ئاياللىرىڭلارنىڭ ھەقلىرى باردۇر. سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىكى ھەققىڭلار ئۇلارنىڭ سىلەرگە خىيانەت قىلماسلىقى

ۋە سىلەر يامان كۆرىدىغان بىرسىنىڭ ئۆيۈڭلارغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقى. بىلىڭلاركى، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەقلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىنى (ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىنى) تولۇقلاپ بېرىشىڭلاردۇر (مۇسلىم رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەدىسدە، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەرنى ئىجمالىي ھالدا بايان قىلغان. بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولغاندەك، ئەر كىشىنىڭ ئايالىدىكى ئەڭ چوڭ ھەققى، ئېرىنىڭ ئىپپىتىنى ۋە نومۇسىنى ساقلىشى، ئېرىگە خىيانەت قىلىپ ئىككىنچى شەخس بىلەن ئالاقە قۇرماسلىقىدۇر. ئېرىگە خىيانەت قىلغان ئايال ئېرىنىڭ ھەققىگە خىيانەت، دىنىمىزغا جىنايەت قىلغان بولۇپ، ئۆزىنى نابۇت قىلغان بولىدۇ. بۇنداق ئايالنىڭ ئېرىدىكى ھەقلىرى پۈتۈنلەي ئۆزۈلگەن بولىدۇ.

ئىسلام دىنى ئايال كىشىنىڭ ئېرى ياقتۇرمايدىغان بىرسىنى ئۆيىگە كىرىشكە يول قويۇشىنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. ئېرى بولمىغان ۋاقىتتا قانداقلا بىر يات ئەركىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگە يول قويماسلىقى ئايرىم بىر قائىدە، ئەمما ئېرى بولمىغان ۋاقىتتا ئېرى ياقتۇرمايدىغان ياكى ئېرى بىلەن ئاداۋىتى بولغان بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگە يول قويۇشى ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىغا ئەڭ زىيانلىق بىر ئىشتۇر. چۈنكى مۇنداق ئەھۋاللاردا، ئەر كىشى كۆپىنچە، ئايالىدىن شۈبھىلىنىدىغان ۋە يامان گۇمان قىلىدىغان كەيپىياتلاردا بولىدۇ. ھەتتا ئىنسان بەزىدە ئايالنى ئۇ ئايالنىڭ تاغىسىنىڭ ياكى ھاممىسىنىڭ باللىرىدىنمۇ كۈنلەپ، ئۇلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىدىن شۈبھىلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەر ئۆزى بولمىغان ۋاقىتتا، مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئايالى بىلەن يالغۇز قېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئەرنىڭ ئايالنى ھەر ۋاقىت مۇھاپىزەت قىلىشى، شۈبھىلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئايالىغا مەھرەم بولالمايدىغان يات ئەرلەردىن ئۇنى ئوزاقلاشتۇرۇشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھوقۇقىدۇر.

مۇنداق ئىشلارغا كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. كۆپىنچە ئائىلە جېدەللىرى، ئۇرۇش - ماجىرالار، ئايرىلىشلار مۇشۇنداق كۆڭۈلمىگەن سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

### ئايالنىڭ ئېرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا مەنپەئەتتۇر. دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتى ئۆلگىلىك خوتۇندۇر»

ئۆلگىلىك خوتۇن دېگەن قانداق خوتۇن؟

ئۆلگىلىك خوتۇن ـ ئاۋۋال ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىگە، ئاندىن ئېرىنىڭ ھەقلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ئۇلارنى كامىل ئادا قىلىدىغان خوتۇن دېمەكتۇر. ئۆلگىلىك خوتۇننىڭ سۈپىتى ــ ئېرىگە چىن ساداقەت باغلاش، ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا كۆيۈنۈش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، ئېرىنى قەدىرلەش، ئېرىگە ئۆتەشكە تېگىشلىكلىرىنى بىلىش، ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ بەرگەن قىسمىتىگە رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش قاتارلىقلارغا ئىخچاملىنىدۇ.

ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئېرىنىڭ ھەققىنى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ ۋە جىمى تۇغقانلىرىنىڭ ھەققىدىن ۋە مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىشى ۋە ئۇلارنى قوغدىشى.

2. ئايلىق ئادەت، تۇغۇتلۇق ۋاقىتلىرىدىن باشقا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېرىنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى. چۈنكى ئېرىنىڭ تەلىپىنى ئۆزۈرسىز تۇرۇپ رەت قىلغان ئايال كىشى گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرمۇ لەنەت ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئېرى تۆشەككە چاقىرسا، ئۆزۈرسىز تۇرۇپ كەلمىگەن ئايالغا پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى)

ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنىڭ رىغبىتىگە ماسلىشىشى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر. كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى ئومۇمەن، مۇشۇ سەۋەبتىن بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ باشقا ئاياللارغا بۇزۇلىشىنىڭ ئالدىنقى سەۋەبلىرىنىڭ بىرىمۇ، ئايالىنىڭ ئۇنىڭ رىغبىتىگە ماسلاشماي ئۇنى رەنجىتكەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

3. ئېرىنىڭ ھاجىتىنى قايرىپ قويۇپ نەپلى ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىۋالماسلىقى.

4. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارغا ئۆيىدىن بىر نەرسە بەرمەسلىكى. ئەمما يېمەك ـ ئىچمەكتىن باشقىلارغا سەدىقە بەرسە بولىدۇ.

5. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىقى، ئېرى رازى بولمىغان ئاياللار بىلەن ئارىلاشماسلىقى.

6. ئاللاھ بەرگەن رىزىققا قانائەتلىك بولۇشى، قاتتىقچىلىق كۈنلىرىدە ئېرىدىن شىكايەت قىلماسلىقى، ياخشى كۈنلەردە ئاللاھنى ئۇنۇتماسلىقى، ئېرىنىڭ مېھنىتىنى ھەر ۋاقىت قەدىرلىشى. ئەڭ ياخشى خوتۇن ئېرىغا ھەمىشە: «ھارام كەسىپتىن ساقلانغىن،

ھالالـدىن كەسـىپ قىلغىـن، بىـز قاتتىقچىلىقتا بەرداشـلىق بىرەلەيمىـز، ئەممـا دوۋزاخ ئوتىغـا بەرداشلىق بىرەلمەيمىز» دەيدىغان خوتۇندۇر.

7. ئېرىـــدىن باشـــقىلار ئۇچـــۇن زىننەتلەنمەســـلىكى، باشـــقىلارغا يـــۈز، قـــوللىرى ۋە پۇتلىرىـــدىن باشـقا ئەزالىرىنـى نامايـان قىلماسـلىقى، قىـسقا، نېپىـز كىيىملەرنـى كېيـشتىن ساقلىنىشى.

8. ئېرىنىــڭ دوســتلىرى بىــلەن ئېرى بولمىغـان جايلاردا پاراڭلاشماسـلىقى، ئېـرى يـوق ۋاقىتتـا كەلـگەن يـالغۇز، ئەرمىھمـاننى يـالغۇز قارشـى ئالماسـلىقى. ئـۆزى يـالغوز بولـسا، ئـۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلماسلىقى كېرەك.

9. ئېـرىگە ھۆسـىن ـ جامـالى، بـايلىقى ۋە مەنـسىپى بىـلەن پەخىرلەنمەسـلىكى يەنـى ئايـال كـشى ئېرىــدىن بىــرقەدەر ئــارتۇق جامالغــا، بايلىقتــا، مەنــسەپكە يــاكى ئېــسىل نەســەبكە ئــىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ چوڭلۇق قىلماسلىقى.

10. پەرزەنتلىـــرىگە مېھرىبـــان بولۇشـــى، ئـــۇلارنى ئـــورۇپ تىللىماســـتىن ياخـــشى تەربىيىلىـشى، ئېـرىگە تىـل ئۇزارتماسـلىقى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالام دوزاخ ئەھلىنىـڭ كـۆپ قىـسمى ئايـاللاردىن بولغانلىقىنىــڭ سـەۋەبىدىن سـورالغىنىدا مۇنــداق دەپ جـاۋاپ بەرگـەن: «ئـۇلار پەرزەنتلىرىنــى ھاقارەتلەيــدۇ، ئــۇلارنى ياخــشى باقمايــدۇ. ئېرىنىــڭ ياخــشىلىقلىرىغا ئىنكـار قىلىـدۇ. چـۈنكى، ئۇلارنىــڭ بىــرىگە (يەنــى ئايالنىــڭ بىــرىگە) ئېـرى بىـر ئەسـىر ياخــشىلىق قىلىــپ، ئانــدىن ئۇنىڭــدىن بىــرەر يامــانلىق كۆرۈلــسە، ســەندىن ھېچقاچــان ياخشىلىق كۆرمىدىم دەيـدۇ» مانـا بـۇلار دوزاخ ئەھلـى بولغـان ئاياللارنىـڭ سـۈپىتىدۇر. ئەممـا ئاياللارنىــڭ ھەممىــسى يــۇقىرىقىلەردەك ئەمەس. بەلكــى ياخــشى ئايــاللا ئىنتــايىن كۆپتــۇر. ياخــشى ئاياللارنىــڭ ســەۋەبى بىــلەن ئــائىلىلەر گۈللىنىــدۇ، ھايــاتلىق ئۆزىنىــڭ ھۇزۇرــ ھــالاۋىتىنى تاپىــدۇ. دۇنيــادىكى مەشــھۇر ئەربــابلارمۇ ئەنە شــۇنداق ياخــشى ئانىلارنىــڭ قوللىرىدىن يېتىشىپ ئۆسكەن كۆچەتلەردۇر.

## تۇغۇت چەكلەش مەسىلىسى

قىـسمەن كىـشىلەر بەزى دۆلەتـلەردە پرىنـسىپ سـۈپىتىدە تەشـۋىق قىلىنىۋاتقـان تۇغـۇت چەكـلەش مەسىلىـسى بىـلەن، ئەر ـ ئايـال ئىككىـسىنىڭ شەخـسىي زۆرۈرىيىتىـدىن كېلىـپ چىققــان ھامىلــدارلىقنىڭ ئالــدىنى ئــېلىش مەسىلــسىنىڭ پەرقىنــى ئايرىيالمايــدۇ. ئالــدى بىلەن شۇنى كەسكىن ئېيتىمىزكـى، ئاياللارنى تۇغـۇتتىن چەكـلەش يـاكى «پىلانلىـق تۇغـۇت » دېـگەن نـاملار بىـلەن تۇغۇشـقا چەك قويـوش پىكـرى يەھۇدىيلارنىـڭ باشـقا مىللەتلەرنـى

نابۇت قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقارغان سىياسىتىدۇر. مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ۋە ماتېرىيالىزم ئېقىمىدىكى گۇرۇھلار يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بۇ پىكىرنى ئۆزلىرىنىڭ دەستۇرىغا ئايلاندۇرىۋالغان.

ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ قىلىۋالغان بەزى كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن قارىتىلغان بۇ سىياسەتلەرنىڭ مەپتۇنلىرى بولغان. بۇلارنىڭ ئېتىقادىدا جەمئىيەتتىكى پېقىرلىق، كېسەللىك، بىلىمسىزلىك ۋە ئىشسىزلىق قاتارلىق بەختسىزلىكلەر نوپۇسنىڭ كۆپلىكىدىن كېلىپ چىقارمىش. شۇڭا جەمئىيەتنى بۇ ۋابالاردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تۇغماسلىق كېرەكمىش. ئەمەلىيەتتە بولسا، جەمئىيەتنى بۇ نىداق ۋابالاردىن ۋە بەختسىزلىكلەردىن ساقلاش ئۈچۈن تۇغۇشنى چەكلەشكە ھاجەت يوق. بۇ ئوپئۇچۇق جاھىللىق، ئاخماقلىق ۋە ئاجىزلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانغا ھەرقانداق بالايي - ئاپەتلەرنىڭ ۋە بەختسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەقىل - ئىدراك، ئىلىم - پەن ئاتا قىلدى. يوللۇق ۋە ئىلمىيلىك بىلەن جەمئىيەتتىكى ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشماستىن، تۇغۇتنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇش بولسا، ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىك ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا يېڭىلگەنلىكتۇر.

جەمئىيەتنى ئاغرىق - سىلاقلاردىن، پېقىرلىقلاردىن، بىلىمسىزلىكلەردىن ۋە ئىشسىزلىقلاردىن ساقلاشنىڭ ئىلمىي يولى مەكتەپلەرنى كۆپ ئېچىش، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا قەتئىي تۈردە تەشەببۇس قىلىش، دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن بويىچە ھەركىشى ئاممىۋى ۋە شەخسىي تازىلىقلارغا رىئايە قىلىشى كېرەك. چۈنكى دىنىمىزدا پاكىزىلىق ئىماننىڭ يېرىمى سانىلىدۇ. ھەر قانداق ئاغرىق ـ سىلاقلار ئومۇمەن، پاكىزلىققا رىئايە قىلمىغانلىقتىن بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى كاپىتالىستلارنى ۋە پول - مال ئىگىلىرىنى جەمئىيەتكە، خەلققە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشقا ئۈندەش، ئۇلارغا دۆلەت تەرەپتىن قۇلايلىق ۋە كەڭچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىشى ئىشسىزلارنى ئىشتىن بەھرىمەن قىلىشنىڭ توغرا يولىدۇر.

رىئاللىق شۇكى، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان تۇغۇت چەكلەش ياكى پىلانلىق تۇغۇت پىكرى ئىنسانىيەتنى بەختلىك قىلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ پىكىرنى تارقاتقۇچىلار باشقىلارنىڭ سانىنى بۇ ئارقىلىق ئازايتىپ، تەدرىجى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ يامان غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىلا مەقسەت قىلماقتا. ئامېرىكا، ياۋرۇپا ۋە باشقا خرىستىئان، يەھۇدىي دۆلەتلىرىدە پىلانلىق تۇغۇت تەشەببۇسى دېيىدىغان نەرسە ئەسلا يوق. پەقەت مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ۋە كۇففارلارنىڭ قول ئاستىدا قالغان مۇسۇلمان مىللەتلەردە تۇغۇتنى چەكلەش ئارقىلىق

ئـائىلە پىلانـلاش دولقـۇنى ئەۋجـگە چىقماقتـا. ئەقلـى بـار كـىشى چۈشـىنىدۇكى، بـۇ، مۇسـۇلمانلارغا قارىتىلغـان بىـر سۇيىقەسـتتىن باشـقا نەرسـە ئەمەس. بـۇ، مۇسـۇلمانلار سـانىنىڭ كۆپىيىـشىنى تىـزگىنلەش ئۈچـۈن قوللىنىلغـان بىرئادالەتـسىز سىياسـەتتۇر. ئـۆزلىرىنى ئـىسلام دىنىغـا مەنـسۇپ قىلىۋالغـان، ئـۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىـك دەپ دەۋا قىلىۋاتقـان بەزى مۇسـۇلمانلار ئـۆز دۈشـمەنلىرىنىڭ بـۇ يامـان غەرەزلىرىنـى تونۇماسـتىن، ئۇلارنىـڭ بـۇ تەشەببۇسلىرىغا ئاۋاز قوشماقتا. كاشكى، ئۇلار ئالدانغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى.

بەزى مۇسـتەملىكىچى دۆلەتـلەر ئۆزلىرىنىـڭ قـول ئاسـتىدىكى، زورلـۇق بىـلەن مۇستەملىكە قىلىنغـان مىللەتلەرنىـڭ تۇغـۇش ئـارقىلىق كـۆپ سـانلىقنى ئىگىلىـشىنى مەنئـى قىلىـش پىلانـى بىـلەن ئـۇلارنى كۆپىيىـشتىن توسـۇش سىياسـىتىنى ئىلىـپ بارماقتـا. بـۇ سىياسـەتنىڭ غايىـسى مۇسـتەملىكە ئاسـتىدىكى مىللەتلەرنـى ئـاز سـانلىق مىلـلەت قاتارىغـا چۈشـۈرۈش، ئانـدىن تەدرىجـى ھالـدا، ئۇلارنىـڭ نەسـىللىرىنى قۇرۇتـۇپ تاشـلاش ئـارقىلىق ئـۇلارنى يەر يۈزىـدىن پۈتـۈنلەي يـوق قىلىـشتىن ئىبـارەت ۋەھـشىي سۇيىقەسـت ئىكەنلىكـى ھەممىـگە ئايـان بولماقتـا. شـۇڭا بـۇ نـداق شـارائىتلاردا، زورلـۇق بىـلەن تۇغـۇت چەكـلەش سىياسـىتىگە قۇربـان بولـۇش ئالدىـدا تورىۋاتقـان خەلقلەرنىـڭ ئـۆز نەسـىللىرىنى يېتىشـتۈرۈش ئـارقىلىق ئـاز مەۋجـۇدىيىتىنى ئـاخىرىغىچە سـاقلاپ قېلىش يولىـدا ھارمـاي كۈرەش قىلىشى پەرزدۇر.

تۇغـۇت چەكـلەش سىياسـىتى مۇسـتەملىكىچىلەر ئۈچـۈن خىـزمەت قىلىـدىغان بىـر ۋەھـشىي چارىـدۇر. تۇغـۇت چەكـلەش پرىنـسىپىنىڭ مۇسـتەملىكىچىلەرنىڭ يـوق قىلىـش سىياسـىتى ئىكەنلىكىنىـڭ بىـر دەلىلـى شـۇكى، ئـامېرىكىلىق سىياسـىيۇن پېرتـرام مۇنـداق دېـگەن: «قـول ئاسـتىمىزدىكى مۇسـتەملىكە قىلىنغـان رايـونلاردىكى نوپـۇس سـانىنىڭ ئېشىش نـسبىتى توختىمايـدىغان بولـسا، بـۇ مەسـىلە دۇنيـانى تەھدىـد ئاسـتىغا سـالىدىغان بىـر مەسـىلە بولـۇپ قالىـدۇ. مۇسـتەملىكە قىلىنغـان رايـونلاردىكى نوپۇسـنىڭ كـۆپىيىش مەسىلىسى تۆۋەنلىمەيدىغان بولسا، ئۇلارغا زورلۇق قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ».

مـىسرنىڭ جۇمھـۇرىيەت گېزىتـى 1957 - يىلـى 22 - يـانۋار سـانىدا، ئامېرىكـا سـابىق دىپلومـاتىيە مىنىـستىرىنىڭ مۇنـۇ سـۆزى ئېلان قىلىنغـان: «مـىسر ۋە سـۇرىيىدە پىلانلىـق تۇغـۇت چـاقىرىقىنى قانـات يايـدۇرۇش يەھۇدىيلارنىـڭ كېڭـىشى ئۈچـۈن ئالاھىـدە خىـزمەت قىلىدۇ».

بـۇ دېگەنلىـك مەنىـسى، مـىسر ۋە سـۇرىيەدىكى نوپۇسـنىڭ ئېشىـشى يەھۇدىيلارنىـڭ ئەرەب زېمىنلىرىغـا كېڭىيىـشىدىن ئىبـارەت پىلانىغـا تەھدىـد سـالماقتا. يەھۇدىيلارنىـڭ پىلانلىرىنىـڭ ئەمەلـگە ئېشىـشى ئۈچـۈن ئەرەبلەرنىـڭ كۆپەيمەسـلىكى ۋە پىلانلىـق تۇغـۇت

ئـارقىلىق ئـاز سـانلىقتا تۇرۇشـى لازىـم ئـىدى. شـۇڭا پۈتـۈن ئەرەب مەملىكەتلىرىـدە، خۇسۇسـەن مـىسىر بىـلەن سـۈرىيەدە پىلانلىـق تۇغـۇت چـاقىرىقىنى قانـات يايـدۇرۇش يەھۇدىيلارنىڭ پىلانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن خىـزمەت قىلىـدۇ، دېمەكچى. مانـا بـۇ ـ دۇنيا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئورتاق سىياستى.

## شەخسي سەۋەبلەر تۈپەيلى تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى

ئەممـا ئائىلىـدىكى ئـايرىم سـەۋەبلەر تۈپەيلىـدىن ئەر ـ ئايـال ئىككىـسىنىڭ ئـۆز ئـارا ئىتتىپـاقى بىـلەن ھامىلـدار بولۇشـنىڭ ئالـدىنى ئېلىـشى جـائىزدۇر. بۇنـداق شـارائىتلاردا تۇغۇش ياكى تۇغماسلىق مەسىلىسى ئەر ـ ئايـال ئىككىـسىنىڭ رايىغا بېرىلگەن مەسـىلىدۇر. مـۇھىمى، تۇغـۇت چەكـلەش مەسىلـسىنىڭ دۆلەتلەرنىـڭ پرىنـسىپلىرىدىن بىـرەر پرىنـسىپقا يـاكى كىـشىلەرنى ئۇنىڭغـا تەشـەببۇس قىلىـدىغان بىـرەر چاقىرىققـا ئايلىنىـپ قالماسـلىقى كېرەك. چـۈنكى، كىـشىلەرنى ئـاز تۇغۇشـقا يـاكى تۇغماسـلىققا تەشـەببۇس قىلغـۇچىلار يـاكى زورلىغـۇچىلار بىـرەر يامـان غەرەزنىـڭ تەشەببۇسـى بىـلەن ئـىش ئېلىـپ بېرىۋاتقـان مەككـارلاردۇر. تۇغـۇش ـ تۇغماسـلىق مەسىلىـسى ئەر ـ ئايـال ئىككىـسىنىڭ قارارىغـا بـاغلىق ئىـشتۇر. باشـقىلارنىڭ ئـۇلارنى تۇغۇشـقا يـاكى تۇغماسـلىققا زورلاش ھوقـۇقى بولماسـلىقى كېرەك. شـۇڭا ئەر ـ ئايـال ئىككىـسىنىڭ ئوتتۇرىـسىدىكى مەلـۇم سـەۋەبلەر يـاكى زۆرۈرىـيەتلەر تۈپەيلىـدىن كېلىـپ چىققـان ھامىلـدارلىقنىڭ ئالـدىنى ئـېلىش مەسىلىـسى جـائىز بولغـان ئىـكەن، ئۇلارنىـڭ ھامىلـدارلىقنىڭ ئالـدىنى ئالـدىغان دورا، ئوكـۇل ۋە باشـقا چـارىلەرنى قوللىنىـشى جـائىزدۇر. بـۇ دېگەنلىرىمىزنىـڭ تـوغرا ئىكەنلىكىنـى كۆپچىلەندۈرىـدىغان ھەدىسلەرمۇ كۆپتۇر.

ئـۇلاردىن، جـابىر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالامنىڭ يېنىغـا بىـر ئـادەم كېلىـپ مۇنـداق دېـدى «يـا رەسـۇلەللاھ، مېنىـڭ قـول ئاسـتىمدا بىـر چـۆرە بـار ئـىدى. ئۇنىڭغـا يېقىنچىلىـق قىلىـمەن. بىـراق ئۇنىـڭ مەنـدىن ھامىلـدار بولـۇپ قېلىـشىنى ياقتۇرمـايمەن، پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام ئۇنىڭغـا، ئەگەر خالىـساڭ ئەزلە قىـل (يەنـى سـپېرمنى بەچچىـدانىغا تۆكمەسـتىن سـىرتقا تۆكـۈۋەت)، ھەقىقەتـتە ئـاللاھ ئۇنىڭغـا تەقـدىر قىلغىنـى بولىـدۇ» دېـدى. بـۇ ئـادەم كېيىـن يەنە پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالامغا كېلىـپ «يا رەسۇلەللاھ، مەزكـۇر چـۆرە مېنىڭـدىن ھامىلـدار بولـۇپ قـاپتۇ» دېگەنـدە پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام «مەن سـاڭا ئـاللاھ ئۇنىڭغـا تەقـدىر قىلغىنـى بولىـدۇ، دېـگەن ئەمەسـمىدىم؟» دەيدۇ» (تاھاۋىي رىۋايىتى)

سـەمرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بىـر ھەدىـستە، سـاھابىلار پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالامدىن ئەزلە

توغرۇلۇق سورىغىنىدا، ئۇنىڭ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەزلە قىلىشلار ياكى قىلماشلار ، ئاللاھ تەقدىر قىلىپ، بولۇشىنى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق نەرسە تاقىيامەتكىچە بولماي قالمايدۇ»

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ئاللاھتىن نازىل بولىۋاتقان كۈنلەردىمۇ بىز ئەزلە قىلاتتۇق، ئەگەر ئۇ، دىنىدا مەنئى قىلىنىدىغان ئىش بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە قۇرئان ئۇنى مەنئى قىلار ئىدى»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: « ھەرقانداق سۇدىن بالا بولمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ بالا بولۇشىنى خالىغان بولسا ھېچ نەرسە ئۇنى توسالمايدۇ» دېگەن.

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقى بىلەن ھامىلدار بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چارە قوللىنىشلىرىنىڭ جائىز ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

## تۇغۇشنىڭ ۋاقتىلىق ئالدى ئېلىش ھەققىدە پەتىۋا

بۇ ئۇرۇندا سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا ھەيئىتىدىكى بۈيۈك ئالىملارنىڭ 1974 - يىلى13 - ئاپرېل(ھىجرىيە 1394 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) چىقارغان 42 - نومۇرلۇق مۇنۇ پەتىۋاسىنى نەقىل كەلتۈرىمەن: « ئىسلام شەرىئىتىنىڭ نەسىللەرنى كۆپەيتىشكە تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى، پەرزەنتلەر ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا - ئانىلارغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ كاتتا نېمەت دەپ ئېتىبار قىلىنىدىغانلىقى ۋە نەسىل يېتىشتۈرۈش ئىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ كۆپلىكىگە ئاساسلىنىپ ۋە تۇغۇت چەكلەش ياكى پىلانلاش مەسلىسىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە، ئاللاھنىڭ كائىناتتا بېكىتكەن ئىلاھىي قانۇنىيىتىگە زىت كېلىدىغانلىقى، تۇغۇت چەكلەش پىكىرلىرىنى تارقىتىپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ ئومۇمەن، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا؛ خۇسۇسەن، ئەرەب دۇنياسىغا پىلانلىق ھالدا سۇيىقەست قىلىۋاتقان بىر تۈركۈم مەككار گورۇپپا ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىنى مۇستەملىكە قىلىشتىن ئىبارەت نىجىس غەرەزلىرىگە يېتىشنى پىلانلىغانلىقىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكى ۋە نامراتلىقتىن قورقۇپ تۇغۇتنى چەكلەشنىڭ «ئاللاھنىڭ ھەرقانداق جان ئىگىسىگە رىزىق بېرىمەن» دېگەن ۋەدىسىگە ئىشەنچ قىلمىغانلىق بولۇپ، چوڭ گۇناھ سانىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەيئىتىمىز تۆۋەندىكىچە قارار چىقاردى:

تۇغۇت چەكلەش مۇتلەق خاتادۇر. پېقىرلىقتىن قورقۇپ ھامىلدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دورا - ئوكۇل ۋە باشقا چارىلەرنى قوللىنىش جائىز ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ھەرقانداق جانلىقنى ئۆز رىزقى بىلەن يارىتىدۇ. ئەمما ئائىلىۋي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن،

مەسىلەن: ئانىنىڭ نورمال تۇغۇتتا تۇغالماستىن، بالىنى ھەرقېتىمدا ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئېلىشقا مەجبۇ ر بولۇپ قالغانلىقى ياكى ئەر ـ ئايال ئىككىسى تۇغۇشنى بىر زامان كېچىكتۈرۈشتە ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشىراق بولىدىغانلىقىنى مەسلىھەتلەشكەنلىكى قاتارلىق ھاللاردا ئۇلارنىڭ ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا، ئوكۇل ۋە باشقا چارىلەرنى قوللىنىشى جائىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزلە ھەققىدىكى ھەدىسلىرى ۋە ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ تۆرەلگىنىگە قىرىق كۈن بولمىغان نۇتفە (ئابىمەنى) نى دورا ياكى ئوكۇللار ئارقىلىق زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن چۈشۈرىۋېتىشنىڭ جائىزلىقى ھەققىدىكى پەتىۋالىرى بىزنىڭ بۇ قارارىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ»

## بالىنى چۈشۈرىۋېتىش مەسىلىسى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا يۇقىرىقىدەك، ئۆزرلۈك ۋە زۆرۈرىيەت ھاللىرىدا ھامىلە بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چارە قوللىنىشقا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، قۇرساقتىكى بالىغا جان كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى چۈشۈرىۋېتىش ئارقىلىق جىنايەت ئىشلەشنى قەتئىي مەنئى قىلغان. پۈتۈن ئىسلام فىقھىشۇناس ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى بالىغا جان كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىۋېتىشنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقتۇر. شۇڭا قۇرساقتىكى بالىغا زىيان يەتكۈزۈش ئەڭ ئېغىر قاتىللىق جىنايەتلەردىن سانىلىدۇ. شەرىئەت جازا قانۇنى بويىچە، چۈشۈرىۋېتىلگەن بالا تىرىك چۈشكەن بولسا (يەنى تىرىك چۈشۈپ ئاندىن ئۆلگەن بولسا) ئۇنىڭ چۈشۈرىۋەتكۈچىسىنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمنىڭ دىيىتى (يەنى بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرىۋەتكەن كىشىگە كېلىدىغان ماددىي جازا) كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ بالا ئۆلۈك چۈشكەن بولسا، چۈشۈرىۋەتكۈچىسى ئۇنىڭ ئانىسىغا ئالدىنقىسىدىن يېنىكرەك بولغان ماددىي جازا تۆلەيدۇ. بۇ ئانىنىڭ قۇرسىقىدىكى بىر جان ئىگىسىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرىۋەتكەنلىكىنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى، بەس. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى بىر ئىش بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ جىنايەت ئىشلىگەن ۋاقتىتىكى نىيىتىگە قاراپ خالىسا ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ. لېكىن ئانىنىڭ قۇرسىقىدا بولۇپ، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بولسىمۇ بىر بوۋاقنى قەستەن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ جازاسى قۇرئاندا ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ، دوزاخ!

ئەگەر ئانىنىڭ قۇرسىقىدىكى بالىنى ئېلىۋاتمىغاندا، ئانىنىڭ چوقۇم ئۆلىدىغانلىقى ھەققىي ئىشەنچلىك دوختۇر تەرىپىدىن پەرەز قىلىنغان بولسا، بۇ ھالەتتە شەرىئەتنىڭ: «ئىككى زىياننىڭ يېنىكرەكىنى تاللاش كېرەك» دەيدىغان ئومۇمى پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئانىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بالىسىنى ئېلىۋىتىش جائىز بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى زۆرۇردۇر. چۈنكى، تېخى ھاياتقا كۆز ئاچمىغان، ساغلام تۇغۇلىشى ياكى ئۆلۈك تۇغۇلىشى ئېھتىمال بولغان، بەچچىدانىدىكى بىر بوۋاق ئۈچۈن، ھاياتلىقتىن ئورۇن ئالغان، ئائىلە قورۇلۇشىنىڭ بىر ئاساسى بولغان، بالىلاردىن مەسئۇل بولغان، ئۈستىگە شەرىئەت ئەھكاملىرى بۇيرۇلغان ۋە شۇ بوۋاقنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدىغان ساغلام بىر ئانىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىش شەرىئەت ۋە ئەقىلنىڭ بىردەك تەقەززاسى بىلەن جائىز ئەمەستۇر.

ئىمام غازالى ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى بىلەن تۆرەلگەن بالىنى چۈشۈرىۋېتىشنىڭ پەرقىنى ئايرىپ مۇنداق دەيدۇ:« ھامىلىدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى تۆرۈلۈپ، جان كىرگەن بالىنى ئېلىۋېتىش ياكى تۇغۇلغان بوۋاقنى تىرىك كۆمۈشلەرگە ئوخشمايدۇ. چۈنكى بۇ (يەنى جان كىرگەن بالىنى ئېلىۋېتىش ياكى تىرىك كۆمۈش) ۋۇجۇتقا كەلگەن بىر جانغا جىنايەت ئىشلىگەنلىكتۇر. ۋۇجۇدنىڭ بىر قانچە مەرتىۋىلىرى باردۇر. ۋۇجۇدنىڭ بىرىنچى باسقۇچى - سپېرمىنىڭ بەچچىدانىغا تۆكۈلۈپ، ئايالنىڭ سپېرمى بىلەن ئارىلىشىشى ۋە ھاياتنى قوبۇل قىلىشقا ھازىر بولۇشىدۇر. بۇ نداق بىر سپېرمىنى زۆرۈرىيەتسىز ھالدا بۇزۇپ تاشلاش بىر جىنايەتتۇر. سپېرم ئۇيۇل قانغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنى بۇ زۇش تېخمۇ ئېغىر جىنايەتتۇر. ئۇنىڭغا جان كىرىپ، ئادەم شەكلىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى بۇزۇپ تاشلاش جىنايەت ئۈستىگە جىنايەتتۇر. ئەڭ ۋەھشىي جىنايەت بولسا، بالىنىڭ ئەزالىرى تولۇقلىنىپ، ئانىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئىشلەنگەن جىنايەتتۇر». («دىنىي ئىلىملەرنى راۋاجلاندۇرۇش» كىتابىدىن)

## ئانا-بالا ھەقلىرى

### بالا ئېمىتىش مەسىلىسى

ھەرقانداق ھايات ئىگىسىنىڭ ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇشى ۋە ساغلىقىنى ساقلىشى ئۈچۈن غىزالىنىشى كېرەك. غىزالارمۇ ئۆز تەركىبلىرىگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. بىرىگە پايدىلىق بولغان نەرسە، باشقا بىرسىگە زىيانلىق بولۇشى ئېھتىمال. بوۋاقلارنىڭ ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ پايدىلىق غىزاسى سۈتتۇر. سۈتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ پايدىلىق بولغىنى ساغلام ئانىنىڭ سۈتى بولۇپ، ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاققا ئەڭ ئاز دېگەندە 24 سائەت ئانا سۈتىنى ئەمدۈرۈش ئۇنىڭ ساغلىقى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى تىببىي يەكۈنلەرگە ئاساسلانغاندا، ئانا سۈتىنىڭ تەركىبلىرى بوۋاقنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ياسالغان سۈت تۈرلىرىنىڭ تەركىبلىرىدە يوقتۇر.

ئانىنىڭ بالىسىنى ئېمىتىشكە باشلىغان ئاۋۋالقى كۈنلىرىدىكى سۈتىنىڭ تەركىبىدە كۆپ ساندىكى پىروتېين (ئاقسىل) ۋە مەدەن ئۇنسۇرلىرىغا باي بولغان (Colostrum)ماددىسى بار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭدا ماي ۋە شېكەر ئاز بولىدۇ. چۈنكى بوۋاقنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە بۇلارغا ھاجىتى بولمايدۇ. مۇندىن باشقا، ئانا سۈتىنىڭ تەركىبىدە بوۋاقنى تۇرلۇك كېسەللىكلەرگە قارشى قوغدىغۇچى ماددىلار باردۇر. سىل كېسىلى ۋە باشقا ئىرسىي كېسەللىكلىرى بولغان ئانىنىڭ سۈتىنى بوۋاققا ئېمىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بوۋاقتا، ئېمىتكۈچىدىكى بۇ ئىرسىي كېسەللىك بوۋاققا ئۆتىدۇ - دە ، ئۇنىڭ بېجىرىم ئۆسۈشىگە توسقۇن بولىدۇ. بوۋاقنى ئۆز ئانىسىنىڭ ئېمىتكىنىگە ھېچ نەرسە تەڭ بولالمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئانا ئۆز بالىسىغا ئۆز جېنىدىنمۇ بەك كۆيۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىدۇ. ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغان بالىلار، باشقا ئاياللاردىن ياكى ھايۋانلاردىن سۈت ئەمگەن بالىلارغا قارىغاندا ساغلىق ۋە باشقا تەرەپلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئۆسىدىغانلىقىمۇ تىببىي ۋە پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىردەك يەكۈنىدۇر. چۈنكى، ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ يېتىلگەن بوۋاق ئەڭ ئاۋۋال ئۇ، ئانىلىقنىڭ تېپىلماس شەپقىتىگە قانىدۇ، ئانىسىغا كۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئامراقلىقىنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. كېلەچەكتىمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. تىببىي تەرەپتىن ئانىغا بالىسىنى ئېمىتىشكە بىرەر توسقۇنلۇق كۆرۈلگەن ۋاقىتتا، بالىنى ساغلام ھايۋانىنىڭ سۈتىنى ئەمدۈرۈشكە بولىدۇ. بوۋاقنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئەڭ كۆپ ئىككى يىل ئېمىش ھەققى باردۇر. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئانىلار(بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾ (بەقەرە سۈرىسى 233 - ئايەت)

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەنلىك سەۋەبتىن ئوتتۇرىدا قالغان بوۋاقلارنى ئۆز ئانىسى ئېمىتىدۇ. ئۇنىڭ ئېمىتكىنى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ھەق تۆلىشى لازىم كەلمەيدۇ. بىراق ھەق بەرسە ياخشىدۇر.

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاتىلار - ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تورۇشى كېرەك. پەقەت كىشى قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارغىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم﴾ (بەقەرە سۈرىسى 233 - ئايەت)

بالىنى ئۆزى تەرەپكە ئېلىۋالغان ئاتىنىڭ ئانىنى بالىسىنى ئېمىتىش توغرۇلۇق زورلاش ھەققى يوقتۇر. ئانا خالىسا ئۆزى ئېمىتىدۇ، خالىسا باشقا ئىشەنچلىك ئانىنىڭ ئېمىتىشىگە رازى بولىدۇ. بالىلار ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل بالىلار ئاتىلىرىنىڭ

ئىشلىرىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ يېنىدا، قىزلار ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۆي ئىشلىرىغا پىشىشى ئۈچۈن ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇشى ياخشىدۇر. ئەپسۇسكى، ھازىرقى جەمئىيەتتە، كۆپلىگەن كىشىلەر ئائىلە دەۋالىرى تۈپەيلىدىن زالىم ھاكىملارنىڭ، ھەتتا كاپىر ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى خار ۋە رەزىل قىلغانلىقى ئۈستىگە، ئۆز ئارىسىدىكى مۇھەببەت، ھۆرمەتلەرنىمۇ يوقىتىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئۇنۇتىدۇ: ﴿بىر - بىرىڭلارغا ئۆز ئارا ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار! ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ (بەقەرە سۈرىسى 236 ـ ئايەت)

## ھەزانە (يەسلى)

بالىلارنىڭ يەسلى ۋاقتى - بۇۋاق چوڭ بولۇپ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ئۆزى يەپ، ئىچەلەيدىغان، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيەلەيدىغان بولغىچىلىك ئارىلىقتىكى ۋاقىت دېمەكتۇر.

بالىلارنىڭ يەسلى ۋاقتىدا ئۇلارغا ياخشى قاراش ئاتا - ئانىنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرىدۇر. يەسلى ئىشىغا بالىنىڭ ئانىسى دادىسىدىنمۇ ھەقلىقتۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى بالىنى بۇ ۋاقىتتا ئىچىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ھەققىنى ئانىلارغا بەرگەن. ھەر بۇۋاق ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى ئەڭ كۆيۈمچان ۋە ئەڭ مېھرىبان كىشىسىدۇر. ھازىرقى ئەسىرىمىزدە، يەسلى دەپ ئاتىلىدىغان مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇپ كىچىك بالىلارنى ئەتىگەندىن - ئاخشامغىچە بېقىش ۋەزىپىسىنى ئېلىپ بارماقتا. بۇ مۇئەسسەسەلەر ھەقىقىي مەنىدىكى يەسلىلەر ئەمەستۇر. ھەقىقىي يەسلى ئانىنىڭ ئىسسىق قوينىدۇر. ياۋروپانىڭ يالغان - ياۋۇداق، ساختا، رەڭلىك ئېلانلىرىغا ئالدىنىپ قالغان بەزى كىشىلەر، ھەرقايسى جەمئىيەتلەردىكى يەسلى ئاتالغان مۇئەسسەسەلەرنى ماختاپ، ئۇلار بالىلارنى ئۆز ئانىسىدەك ياخشى قاراپ بېقىپ، ساغلام چوڭ قىلىدۇ دېيىشىدۇ. بۇ خاتادۇر. چۈنكى ئۇلار بالىلارنى ياخشى بېقىپ، قۇرسىقىنى ياخشى تويغۇزۇپ چوڭ قىلغان بىلەن، ئۇلارنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالمايدۇ، ئۇلارغا ئانىنىڭ بەرگەن مېھرىنى بېرەلمەيدۇ، ئۇلارغا ئىمان، ئىسلام ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، تىللىرىنى ئىسلام كەلىمىلىرى بىلەن ئاچالمايدۇ. بالىلارنى باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش قۇرسىقىنى توق، كۆڭلىنى خوش قىلىپ بېقىش بىلەن، ئۇلارغا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچلارنى ئۆتىگەن بولمايدۇ. ھازىرقى كۈنىمىزدىكى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا كۆيمەسلىكى، ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەسلىكى، ئۈستىدىكى ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى تونۇماسلىقى ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ ئانىلار قوللىرىدا ئەمەس، بەلكى

يەسلى دېگەن مۇئەسسەسەلەردە ھېسسىياتسىز، سۆيگۈسىز، ئېتىقادسىز ھالدا، باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش جوپ بولغانلىقى سەۋەبتىن بولسا كېرەك. باللار ئانىسىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ياشلىرىدا، يەسلى دېگەن يەرلەردە سولۇلۇپ يۇرۇپ ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولغاچقا، ئۇلار سۆيگۈ ـ ۋاپادىن خەۋەرسىز چوڭ بولىدۇ.

باللارنى يەسلى ياشلىرىدا ئانىسىنىڭ بېقىشى ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولغىلى بولمايدىغان مۇھىم ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ، بالىسىنى تالىشىپ قالغان بىر ئايالغا «سەن ياتلىق بولغانغا قەدەر بالاڭنى ئۆزۈڭ بېقىشقا ھەقلىقسەن» دېگەن. ئىسلام شەرىئەت ئالىملىرى باللارنى يەسلى ياشلىرىدا بېقىشقا، تەربىيلەشكە ئانىسىنىڭ ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

بالىنىڭ چىقىملىرىنى ئاتىسى تۆلەيدۇ. چۈنكى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە ئانىنى ۋە بالىنى بېقىش پەرزدۇر. بالا تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ھەققىدە 3 ھوقۇق بەلگىلەنگەن بولىدۇ:

1. ئۇنى تەربىيلەش ھوقۇقى

2. ئۇنىڭ جېنىنى قوغداش ھوقۇقى

3. ئەگەر ئۇنىڭغا ئاتاپ قويۇلغان مال بولسا، ئۇنى قوغداش ھوقۇقى

بالىنى تەربىيلەش ھوقۇقى «يەسلى» نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇنىڭ ئانىسىغا بېرىلگەن ھوقۇقتۇر. ئانىدىن قالسا، ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ ئايال تۇغقانلىرى ھەقلىقتۇر. بۇ ھوقۇق ئۈچۈن ئانىسىنىڭ ھەقلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، بۇۋاق ئۆزىنىڭ يېمەكلىكىنى ئۆزى يەپ، ئىچەلەيدىغان بولغىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئانىسىغا قاتتىق ئېھتىياجلىقتۇر.

ئىككىنچىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سابىت بولغان ھەدىسلەردە يەسلى يېشىدىكى بۇۋاقلارنى ئۆز ئانىسى بېقىپ، تەربىيلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى تەكىتلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئانىسى ئۆز بالىسى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلالايدۇ ۋە بالىسىغا بېرىشكە تېگىشلىك ئانىلىقنىڭ تېپىلماس مېھرىنى بېرەلەيدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، يەسلى ھەققى ئۈچۈن ئانا ئاتىدىن ھەقلىقتۇر.

ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالغان بۇۋاقنى ئانىسىنىڭ ئانىسى بېقىشقا ھەقلىقتۇر. ئەگەر ئانىسىنىڭ ئانىسىمۇ بولمىسا ياكى ئۇ، باقمىسا، ئۆز ئاتىسى باقىدۇ. ئۇمۇ بولمىسا، ئانىسىنىڭ ھەمشىرىلىرى باقىدۇ. ئۇلارمۇ باقمىسا ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىلىرى باقىدۇ.

### باللارنى يەسلى يېشىدا تەربىيىلەشكە ھەقلىق بولۇشنىڭ شەرتلىرى

باللارنى يەسلى يېشىدا تەربىيىلەشكە ھەقلىق بولۇشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بالىنى باققۇچى ئايالنىڭ ئاقىل، بالىغ ۋە مۇسۇلمان بولۇشى،

2. بالىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا كۆڭۈل بۆلەلەيدىغان، ياشىراق، تېنى ساق ئايال بولۇشى. ئۆزى ياشىنىپ قالغان ياكى كېسەلچان ياكى سىرتتا ئىشلەيدىغان ئايال بالىنى بېقىش مەسئۇلىيىتىدىن چىقالمايدۇ.

3. ئەخلاقىي، دىنىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك بولۇشى. ئەگەر ئەكسىچە بولسا، بالىنى بۇزۇپ قويىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى

### ئاياللارنىڭ بىلىم ئېلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى

ئىسلام دىنى ئۆگىنىشكە چاقىرغان ئىلىملەر، ئەر - ئايال ھەر ئىككى جىنسقا ئورتاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.(بۇخارى رىۋايىتى)

بۇ ھەدىستىكى بۇيرۇق ئەر - ئايال ھەر ئىككى جىنسقا ئوخشاش قارىتىلغان. ئىسلام تارىخىدا، ئاياللار ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ھوقۇقىدىن ھېچ ۋاقىت چەكلەنگەن ئەمەس. لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ دىنىنى كەمسىتىپ، كىشىلەرنىڭ رايىنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى توقۇپ كەلدى. «ئىسلام دىنى ئاياللارنى كەمسىتىدۇ»، «ئۇلارنى ئىلىم ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ» دەيدىغان ئاساسسىز دەۋالارمۇ بۇ تۆھمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئىسلام دىنىنى ياخشى چۈشەنمىگەن بەزى كىشىلەرمۇ بۇنداق يالغان دەۋالارغا ئىشىنىپ قالماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ ئۆز دىنىمىزنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىر كۈنى ساھابىلارنىڭ ئاياللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، — يا رەسۇلەللاھ، ئەرلەر سىزنىڭ دەرىسىڭىزگە ھازىر بولۇپ دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆگىنىدۇ، بىزلەرگىمۇ ئايرىم بىر كۈننى بەلگىلەپ بەرسىڭىز، شۇ كۈندە ئاللاھ سىزگە بىلدۈرگەنلەرنى بىزلەرگە ئۆگەتسىڭىز، — دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى: «پالانى كۈنى، پالانى يەردە توپلىشىڭلار» دەپ بۇيرۇپ، شۇ بەلگىلەنگەن كۈنلەردە ئاياللارغا مەخسۇس تەلىم بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشىگە قىلغان ئەمەلىدىن ئارتۇق ئىككى ھەسسە ساۋاپ بېرىلىدۇ: بىرى، ئۆزى ئەھلى كىتابتىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، ئۆز خوجايىنىنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغان قۇل؛ ئۈچىنچىسى، قول ئاستىدىكى چۆرىسىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئىلىم ئۆگىتىپ، ئاندىن ئازات قىلىۋېتىپ، كېيىن، ئۇنى نىكاھ بىلەن ئالغان كىشى».

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ئاياللىرى ياخشى ئۈلگە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ئاياللىرى ئىچىدىن قۇرئاننى، كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى يادلىغان، شېئىر، نەسىر ۋە تارىخلارنى يازىدىغان ئاياللار كۆپ بولۇپ، ھەتتا مەشھۇر ساھابىلار ۋە بۈيۈك ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە سوراپ ئۆگىنەلمىگەن ئائىلە بىلىملىرىنى، ئاياللارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىلەرنىڭ قائىدىلىرىنى، ئاياللارغا مەخسۇس بولغان ئايلىق ئادەت، قۇرساق كۆتىرىش، تۇغۇت ۋە بالا ئېمىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن سوراپ ئۆگەنگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 1210 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ، ئۆزى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈملەرنى چىقىرالايتتى، ئۆزىدىن ياشتا چوڭ بولغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىك جاۋابلارنى بېرىپ، ئۇلارنى دىنىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار قىلاتتى. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېزىش ــ ئوقۇشتا ماھىر بولغانلىقى سىرتىدا، ئۇستا خەتتات ئىدى. كۆپلىگەن ئالىملار ۋە مەزھەب پېشۋالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى ۋە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرنى شۇ ئاياللاردىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەن. تارىختا ئېيتىلىشىچە 700 دىن ئارتۇق ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. ئۇلاردىن ئالىملار ئۆگەنگەن. مەسىلەن: مەشھۇر ئالىم ئىبنى ئەساكىر ئىراق ۋە سۈرىيە ئەتراپىدا 500دىن ئارتۇق ئايال كىشىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىپ رىۋايەت قىلغان. مىسىر، شام، ئىراق، يەمەن، ماراكەش، ھەبەش، ئىسپانىيە قاتارلىق ئىسلام شەھەرلىرىدە، تارىخ، ئەدەبىيات، شېئىر، تەپسىر، ھەدىس قاتارلىق ئىلىملەردە تونۇلغان مەشھۇر ئاياللار كۆپ ئۆتكەن ئىكەن.

## بىلىمسىزلىك ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىش دەۋرى

مۇسۇلمانلار 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ھەرخىل قالاق پىكىرلەر ۋە خۇراپىي

ئېقىملارغا ئەگىشىپ كېتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ۋە ئىسلامنىڭ بۇرۇنقى پارلاق دەۋرلىرىدە ياشاپ، ھاكىمىيىتىنى ئۈچ قىتئەدە سۈردۈرگەن ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن، ئۇلاردا تەركىيدۇنيالىق، چەكتىن ئاشقان شۆكۈرۋازلىق، ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىشتىنمۇ ئۆز - ئارىسىدىكى كىرەكسىز تالاش - تارتىشلارنى ئەۋزەل كۆرۈش قاتارلىق ئىللەتلەر قانات يايغان. شۇڭا بىزدىكى بەزى قالاق مولللار ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، مەدەنىيەتلىك ، پاكىز ۋە ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇشقا چاقىرىدىغان، ھەتتا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەر ساھە ئىلىملىرىنى ئوقۇپ ئۆگىنىشنى ئەڭ ئالدىنقى پەرزلەردىن قىلىپ بېكىتكەن ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ھەرخىل پەتىۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇ دىننى ھاياتلىقتىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ كەلدى. مىللىتىمىزنىڭ ئانىلىرى بولغان ئاياللارنى مەسجىدلەردىن ۋە باشقا ئىجابىي ئاممۇۋى پائالىيەتلەردىن، دىنىي سورۇنلاردىن چەكلەپ كەلدى. ھەتتا ئاۋامنىڭ ئېتىقادىدا «قىزلار كۆپ ئوقۇسا تەلەيسىز بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان قالاق چۈشەنچە شەكىللەنگەن. كىشىلەرگە شۇنداق دەپ پەتىۋا بەرگەنلەر شەيتاننىڭ مولللىرىدۇر، ئەلۋەتتە. نەتىجىدە، بۇلار ئۆزلىرى بىلمىسىز قالغانىنى ئاز دەپ، ئاياللارنىمۇ بىلىمسىز، نادان قىلىشقا سەۋەب بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاشۇ بىلىمسىز ئانىلارنىڭ قولىدىن ئۆسۈپ چىققان نەسىللەر دىنىنىڭ ۋە مىللىي ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان، ھەدەپ ئۇنى قارىلايدىغان بولۇپ چىقتى. ئاخىرىدا، ئىسلامىي ۋە مىللىي ئەخلاقىمىزدىن نېسىۋە ئالالمىغان بۇ نەسىل ياۋرۇپالىقلارنى ۋە ئىلاھسىزلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلدى.

## ئانىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشى ئاتىلارنىڭكىدىن مۇھىم

ئانىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشى ئاتىلارنىڭ بىلىملىك بولۇشىدىنمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى ئائىلە بالىلارنىڭ ئىپتىدائى مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئاتىنىڭ رولىدىنمۇ ئانىنىڭ رولى ئەلۋەتتە چوڭ. بالىلار كۆپرەك ئانىسى بىلەن بولىدۇ. كۆپ نەرسىلەرنى ئانىسىدىن ئۆگىنىدۇ. بالىلار كېيىن، رەسمىي مەكتەپكە بېرىپ، ئائىلىدە قوبۇل قىلغىنىغا زىت كېلىدىغان، ھەرخىل پىكىرلەرنى قىسمەن قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە دەسلەپ قوبۇل قىلغان ئەقىدىسى، پىكرى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭغا زىت پىكىرلەر ئۇنى ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دەسلەپكى قەلبى ئاق قەرغەزگە ئوخشاش ساپ بولىدۇ. مانا بۇلار تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر.

## ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى

ئايـال كـىشىنىڭ هايـاتلىقتىكى ۋەزىپىـسىگە نەزەرسـالىدىغان بولـساق، ئۇنىــڭ نەقەدەر ئەهمىيەتلىك ۋە شـەرەپلىك بىـر ۋەزىـپە ئىكەنلىكىنـى، ئاياللارنـىڭ بـۇ ۋەزىـپىگە ئەڭ ئويغـۇن يارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنـسان نەسـلىنىڭ يەر شـارىدا مەۋجـۇت بولـۇپ تۇرۇشـى ئانىلارغـا مۇهتاجــدۇر. پــسىخولوگىيە، تەربــيە ئــالىملىرى ۋە بىيولــوگىيە مۇتەخەســسىلىرى ئايـــال كــىشىنىڭ يارىتىلــىشىدىن ئانىلىققـــا هازىرلانغـــانلىقىنى يەكۈنلەيـــدۇ. ئايـــال كــىشى ئۆتەيـدىغان ئـانىلىق ۋەزىپىـسىنى ئەرلەردىــن بىرەرسـىمۇ ئۆتىيەلمەيـدۇ. هەتتـا پۈتـۈن ئەرلەر جىنـسى بىرلىــشىپمۇ بــۇ ۋەزىپىنــى ئۇرۇنلىيالمايــدۇ. ئانىنىـــڭ بـــالىلارنى تەربىـــيىلەپ يېتىـــشتۈرۈش ئىـــشلىرى بىـــلەن بولۇشـــى ئانـــا ـ بـــالا هەر ئىككىلىـــسى ئۈچـــۈن چـــوڭ ئەهمىيەتلىكتـۇر. ئانـا هەردائىـم ئـۆز بالـىسىنىڭ يېنىـدا بولۇشـىنى، ئـۇنى ئۆزقـولى بىـلەن بېقىـپ، باغرىغـا بېسىـشنى ئـارقىلىق ئانىلىقنىــڭ هۇزۇرىــدىن بەهــرىمەن بولۇشـنى ئـارزۇ قىلىدۇ. بـالىمۇ ئانىنىـڭ مېهرى ـ شـەپقىتىگە موهتاجـدۇر. ئۇنىـڭ ئـۆز ئانىـسىنىڭ تەربىيىسى ۋە پەرۋىـشى ئاسـتىدا بولۇشـقا، ئانىـسىنىڭ تەبىئىـي تـاتلىق سـۈتىدىن هۇزۇرلىنىـشقا بولغـان ئېهتىيـاجى چوڭـدۇر. ئانـا سـۈتىدىن باشـقا هەرتۈرلـۈك سـۈتلەرنىڭ هـېچ بىـرى ئاناسـوتىگە تەڭ بولالمايــدۇ. ئەممــا بالىنىـــڭ ئـــۆز ئانىـــسىنىڭ تەربىيىـــسىگە ۋە پەرۋىـــشىگە بولغـــان ئېهتىياجى ئۇنىڭ ئاق سۈتىگە بولغان هاجىتىدىن چوڭدۇر، ئەلۋەتتە.

ئانىلارنىــڭ يــۈرەك پارىــسى، ئۇلارنىــڭ بۈگـــۈنى ۋە ئەتــسى ، ئـــۆز ۋۇجۇدىنىـــڭ بىـــر پارچىـسى بولغـان، ئەڭ قىممەتلىـك بـالىلىرىنى ئـۆزلىرى هەر ۋاقىـت باغرىغـا باسـماي، باشـقا بىرسـىنىڭ تەربىـيە قىلىـشىغا تاشـلاپ قويۇشـى ئەپـسۇسلىنارلىق ئىـش. ئەلـۋەتتە ئايـاللار ئۈچۈن ئىـشتىن ۋە پۈتـۈن دۇنيـا بايلىقلىرىـدىن ئۇلارنـىڭ بـالىلىرى قەدىرلىـك ۋە ئەۋزەلـدۇر. تــوغرا، ئائىلىنىـــڭ بەزى قىيىنچىلىقلىـــرى ســـەۋەبىدىن بەزى ئايـــاللار ســـىرتتا ئىـــشلەشكە مەجبـۇر بولىـدۇ. لېكىن، ئاتـا بولغـان ئادەمنىـڭ قانـداقلا شـارائىتتا بولمىـسۇن، ئائىلىـسىنىڭ يـــۈكىنى ئـــۆزى يـــالغۇز كۆتـــۈرۈش بـــۇرچى بـــاردۇر. شـــۇڭا ئەرلەر جىـــسمانىي جەهەتـــتە ئاياللاردىن كۈچلـۈك يارىتىلغـان. ئـائىلە ئېهتىيـاجلىرىنى ئـاتىلار جايىـدا تولۇقلىـسا، ئـانىلارمۇ ئـۆز ئۆيىـدە ئارامـدا ئولتـۇرۇپ بـالىلىرىنى تەربىـيىلەش، يېتىـشتۈرۈش ئىـشلىرى بىـلەن مەشغۇل بولىدۇ.

## ئايال كىشى ۋە ئىشلەش

ئالدى بىلەن شۇنى ئېنىـق ئېيتالايمىزكى، ئىـسلام شـەرىئەت قانۇنىـدا ئاياللارنىـڭ سـىرتتا ئىشلىـشى هـارام دەيـدىغان بىـرەر چەكلىـمە يـوق. ئايـاللار ئىـسلام دىنىنىــڭ گـۈللەنگەن

شـانلىق ئەسـىرلىرىدىمۇ ئىـشلەشتىن ۋە جەمئىيەتتىكـى ۋەزىپىـسىدىن مەھـرۇم قىلىنغـان ئەمەس. ئاياللارنىــڭ ئائىلىــسىنىڭ ئېھتىيــاجلىرىنى قامــداش يولــدا ئــۆزلىرىگە لايــىق كېلىــدىغان شــەرەپلىك ئــورۇنلاردا ئىشلىــشى جــائىزدۇر. شــۇنداقتىمۇ، ئەگەر بىــز ئايــال كىــشىنىڭ قىلىــشقا تېگىــشلىك بولغــان ۋەزىپىــسىگە ۋە ئۈســتىدىكى مەسـئۇلىيەتلىرىگە قارايـدىغان بولـساق، بـۇ ۋەزىپىنىــڭ ئىنـسانىيەت نەسـلىنىڭ يەر ـ يۈزىــدە داۋام قىلىــشىغا بـاغلىق بولغـان ئالاھىـدە ئۇلـۇغ، مـۇھىم بىـر ۋەزىـپە ئىكەنلىكىنـى كـۆرىمىز. بـۇ ۋەزىـپە قايىسى دېگەنــدە، «ئــانىلىق» ۋەزىپىــسىدۇر. ئايــال كىــشىنىڭ يــارىتىلىش تەبىئىتــى، ئۇنىــڭ ئانــا قارنىــدا تــۆرەلگەن ئــاۋۋالقى ۋاقتىــدىن باشـلاپ ئــۇنى بــۇ ۋەزىـپىگە تەييارلايـدۇ. ئانـا ـ بـالا سـاغلىقى مۇتەخەسسىــسلىرى شــۇنداق يەكــۈنلەرنى چىقىرىــدۇكى، ســېپىرم تۇخـۇمچىلىرى ئانىنىــڭ بەچچىدانىــدا ئانىنىــڭ ســېپىرمى بىــلەن بىرلەشـكەندىن كېــيىن، ئوغــۇل ـ قىــز دانچىلىرىنىڭ پەرقلىرى ئايرىلىشقا باشلايدۇ.

دوكتــۇر كېــسس كــارل مۇنــداق دەيــدۇ: «ئاتىنىــڭ ســېپىرمى ئانىنىــڭ بەچچىــدانىغا تۆكـۈلگەن ۋاقتــتىن باشـلاپ تــۆرەلمەكچى بولغـان بوۋاقنىــڭ جىنـسى تەيىنلىنىــدۇ. ئوغـۇل بوۋاقنىـڭ تۇخـۇمچىلىرى ئـاز مىقـداردىكى كورومۇسـوم ماددىـسىنى ئـۆز ئىچىـگە ئالىـدۇ. يەنە بىــر تەرەپــتىن ئوغــۇل بوۋاقنىــڭ ئىــچ قورۇلۇشــلىرى، قىــز بوۋاقنىــڭ قورۇلمىــسىغا ئوخـشىمايدۇ» بىـز ئايــال كىــشىنىڭ يارىتىلىــشىنىڭ ئەر كىــشىگە ئوخـشىمايدىغانلىقىنى ئىـسپاتلاشتا تىببىــي ۋە پىــسخولوگىيە مۇتەخەسسىــسلىرىنىڭ سـۆزلىرىنى ھېكـايە قىلىــپ ئولتۇرۇشــقا ئېھتىيــاجلىق ئەمەســمىز. چــۈنكى ئايــال كىــشىنىڭ تەركىبلىنىــشىدىكى ئۆزگىچىلىكىنىـڭ ئـۆزى ئۇنىـڭ كـۈچ ـ قـۇۋۋەت، خـاراكتېر ۋە باشـقا تەرەپلىرىـدە ئەر كىـشىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

پىــسخولوگىيە ۋە تەربىــيە مۇتەخەسسىــسلىرى ئانىنىــڭ ئــۆز بــوۋىقى بىــلەن مەشــغۇل بولۇشىنىڭ ئانـا ـ بـالا ھەرئىككىـسى ئۈچـۈن تەبىئىـي زۆرۈرىـيەت ئىكەنلىكىنـى قـارار قىلىـدۇ. ئانـا ئـۆز بوۋىقىنىـڭ رىئـايىتىگە ئـۆزى مەسـئۇل بولـۇپ، ئۇنىـڭ ئېھتىياجلىرىـدىن چىقىـشى ئــارقىلىق ئــانىلىقتىن ھۇزۇرلىنىــشقا بولغــان ھــاجىتىنى ھەمىــشە ھــېس قىلغۇچىــدۇر. يەرشــارىدا ئــۆز بالىــسىنى باغرىغــا بېــسىپ، كــېچە كۈنــدۈز ئۇنىــڭ يېنىــدا بولۇشــنى خالىمايـدىغان، ئائىلىنىــڭ ئېھتىيــاجى يۈزىــسىدىن بالىــسىنى ئۆيىــدە تەرك ئېتىــپ يــاكى باشـقىلارنىڭ تەربىيىـسىگە تاپشۇرۇپ قويـۇپ ئىـشقا كەتكىـنىگە كـۆڭلى بىئـارام بولمايـدىغان ۋە تۇرمۇشـىنىڭ تەلـۋى مەجبـۇر قىلمىـسا، ئـۆز ئۆيىـدە ئولتـۇرۇپ بالىـسىنى باغرىغـا بېسىـشنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئانا بارمىدۇ؟!

شـونىڭدەك، بـالىمۇ ئانىـسىنىڭ يېنىـدا بولۇشـقا، ئانىـسىنىڭ ئىـسسىق قوينىـدىن ھـۇزۇر ـ

ھالاۋەت ئېلىشقا تولىمۇ مۇھتاجدۇر. ئانىلار ئىشەنچ قىلىپ بالىلىرىنى تاشلاپ قويىدىغان يەسلىلەر بالىلارنى باشقا جانلىقلارنى باققاندەك، ياخشى باقالىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئىنسانىي خىسلەتتە، ئىنسانىي ئەخلاقتا يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەلۋەتتە ئاجىزدۇر.

ئايال كىشىنىڭ ئىشلەش ئۈچۈن ئۆيىدىن سىرتقا چىقىشى ئائىلىسىدىكى مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئېھمال قىلغانلىقىدۇر. بۇ بىر تەرەپتىن كېلىدىغان نەسىللەرنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىسىگە بولغان تەھدىد بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز مىللىتىگە، خەلقىگە ۋە ۋەتىنىگە ياخشى ئىجادىيەتلەرنى يارىتالايدىغان، يارامىلىق كىشىلەرنىڭ ئىشلەش يوللىرىنى توسقانلىق، نەتىجىدە ئۆز جەمئىيىتىنى ياخشى ئىشلەيدىغان ئەرلەردىن مەھرۇم قىلغانلىقتۇر. بۇ ئىشلار ئىسلام دۇنياسىدىكى بىر مۇشكىلاتلا ئەمەس، بەلكى بۇ، ئامېرىكا، ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاۋارە قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئامېرىكىلىق ئىجتىمائىي ئىشلار مۇتەخەسسىسى پروفېسسور دوكتۇر ئېبدالىن خانىم مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەجرىبىلەر ئانىنىڭ ئۆز ئۆيىدە بولۇشىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە بالىلىرىنىڭ تەربىيە ئىشلىرىغا ئۆزلىرى ئىگە بولۇشىنىڭ نەقەدەر كېرەكلىك بولغان زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرقى زامان نەسىللىرىدىكى ئەخلاق سەۋىيىسى بىلەن ئۆتمۈشتىكى نەسىللەرنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئانىلار سىرتتىكى ئىشلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئۆيلىرىنى تاشلاپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىنى تەرك ئەتتى ۋە ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان بىرسىگە تەربىيە ئىشىنى تاپشۇردى»

مانابۇ، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان بىر ئايال مۇتەخەسسىسنىڭ يەكۈنى. بىز مۇسۇلمانلار ئەلۋەتتە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بىزنىڭ دىنىمىز، ئانىلارنىڭ بالىلارنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆز قوللىرى بىلەن باقماسلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى 14 ئەسىر بۇرۇن ئېلان قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە تەجرىبىلەر ۋە ئاچچىق ساۋاقلارنى كۆرگەندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى قايتا ئىسپاتلىماقتا. ئۆزى باقماي باشقىلارنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ چوڭ قىلغان بالىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن يېتەرسىز بولۇپ چىقىشىنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنىڭ ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئاجىز بولىدىغانلىقىمۇ ھەممىگە مەلۇم.

بالىلار يۈرەك پارىمىز، جېنىمىز ۋە ھاياتلىقتىكى ھەرنەرسىمىزدۇر. سىرتتىكى ئىشلار، ئابرۇي ـ شۆھرەتلەر يۈرەك پارىمىز، بۇگۈنىمىز ۋە ئەتىمىز بولغان شۇ پەرزەنتلىرىمىزدىن

ئەزىز ئەمەس،ئەلۋەتتە. توغرا، باققۇچىسى يوق ، تۇل ۋە چارىسىزلىقتىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىۋاتقان ئانىلارمۇ جەمئىيەتتە ئاز ئەمەس. ئۇلار ئىشلەشكە ھەقىقەتەن مەجبۇر بولۇپ قالغانلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۇڭاي قىلسۇن. ئۇلاردىن باشقا ئىشلىمىسىمۇ بولىدىغان ۋە ئېرىنىڭ كىرىمى بىلەن كۇپايە قىلسىمۇ تۇرمۇشىنى نورمال ھالدا ئېلىپ كېتەلەيدىغان ئانىلار ئەقىللىرىنى ئىشلىتىپ، پەرزەنت قەدرىنى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى تونۇيدىغان بولسا، ھازىرقى زامان يېڭى نەسىللىرىنىڭ تەربىيىسىدە ئالاھىدە ئىجتىمائىي يېڭىلىقلار بولار ئىدى. بۇلارنىڭ مۇكاپاتى مۇشۇ دۇنيادىلا شۇ ئانىلارغا قايتقان بولار ئىدى. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ دەسلەپكى مۇئەللىملىرى. ئائىلىدىكى تۇنجى تەربىيە ناھايىتى مۇھىمدۇر. تەربىيىسى ياخشى بولغان بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئېلىپ كېلىدىغان ياخشىلىقلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھېسابسىزدۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، كۆپىنچە ئەرەب مەملىكەتلىرىدىكى ئاياللارغا قارىتىلغان بەزى ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

## ئەر ـ ئايال ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى

ئايال كىشى ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ئىختىيارى بىلەن ھېچبىر زورلۇقسىز ھالدا، ئەر كىشىنىڭ زىممىسىغا ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ ئېرىگە ئىتائەتلىك بولغان ھەقلەرنى ئادا قىلىشى ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان پۈتۈن ئىشلاردا ئۇنىڭ توغرا پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئېرىنىڭ ھەقلىرىنى تونۇغان، ديانەتلىك ئايال كىشى ئۇنىڭغا ھېچ ۋاقىت زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلە تېخىمۇ گۈللىنىدۇ. ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن رازى بولغان ھالدا ھايات سۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەندەك، ئاياللار يارىتىلىشىدىن ئەقلىي جەھەتتە چەكلىك ۋە ھېسسىياتىنى باشقۇرۇشتا ئاجىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، گاھىدا ئۆستىدىكى ئېرىگە ئائىت ھەق ـ ھوقۇقلارنى تونۇمايدىغان، تونۇغاندىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان كەيپىياتلاردا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئاياللارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: ﴿ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر. ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ، ئاللاھنىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر. سىلەر باشتۇگلۇق قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار. (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار. (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق، يۇمشاق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەردىن

ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (ئاللاھ ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ.)﴾ (نىسا سۈرىسى 34 - ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى قورقۇشتىن مەقسەت، بۇ ئايالنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە زىيان - زەخمەت كېلىشىدىن قورقۇشى دېمەكتۇر. ئاللاھ بۇ ئايەتتە، سۆزگە كىرمەيدىغان خوتۇننى ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن ئىسلاھ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاۋۋال نەسىھەت قىلىش، بۇ ئۈنۈم بەرمىگەندە، ئىككىنچى ئۇسۇل بويىچە، ۋاقىتلىق بىر تۆشەكتە بىرگە بولماسلىق، بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىگەندە، ئۈچىنچى ئۇسۇل بويىچە، يېنىك ئۇرۇش. بۇلارنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

## نەسىھەت قىلىش

ئېرىنىڭ ياخشى پىكرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغان ۋە ئۈستىدىكى ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تونۇمىغان ئايال كىشىنى تەربىيىلەشتە، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىش، قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىقىنى ۋە مۇنداق قىلىشنىڭ خاتالىقىنى چۈشەندۈرۈش، تارىخلاردىكى ياخشى، ئۈلگىلىك ئاياللارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قانداقلا ئايال كىشى ئېرىنىڭ يۈزىگە چىراينى تۈرىدىكەن، ئۇ قىيامەت كۈنىدە چىرايى تۈرتۈلگەن ھالدا قوپىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى يادلاندۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلارنى قوللىنىش كېرەك. بۇ ۋەز - نەسىھەتلەر ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، ئۇ ياخشىلىققا قايتسا، ئىشنىڭ ھەل بولغىنى شۇ. ئەگەر ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بويۇنتاۋلىقىدا داۋام قىلىۋەرسە، ئىككىنچى ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## بىر تۆشەكتە ياتماسلىق

سۆزگە كىرمىگەن ئايال كىشىنى بىر تۆشەكتە بىرگە ياتماستىن، ۋاقىتلىق، يوتقاندىن قوغلاش ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى جازادۇر. چۈنكى ئايال كىشى يېمەك - ئىچمەككە، كىيىم - كېچەككە ھاجەت بولغانلىقتىن ياتلىق بولمايدۇ. كۆپلىگەن ئاياللار ئۆزلىرى شۇنچىلىك باياشات تۇرمۇشتا تۇرۇپ، پېقىر، يوقسۇل ۋە ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە ياتلىق بولۇشقا رازى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ياقتۇرغان جورىسى بىلەن كېچە - كۈندۈز بىللە بولۇپ، ئەر - ئاياللىقنىڭ سائادەتلىرىدىن ئورتاق ھۇزۇرلىنىشنى ئارزۇ قىلىپ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلارنى ۋاقىتلىق يالغۇز يېتىشقا مەجبۇر قىلىش، ئۇلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېغىر كېلىدۇكى، تۈنلىرى ئۇزۇن، ياتقان جايلىرى قاتتىق، كۆزلىرى ئۇيقۇسىز ئاتىدۇ. ئەمما ئايال كىشى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمايمەن دەپ، ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، مۇنداق قىلىش جازالىغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

بەلكى ئۇنى ئۆز ئۆيىدە تورغۇزۇشى شەرتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئايال كىشىنى تۆشەكتىن قوغلاش (يەنى ۋاقتلىق بىرگە يېتىشتىن مەھرۇم قىلىش) ئۆز ئۆيىدە بولىدۇ» دېگەن. (نەيلۇل ئەۋتار 6 ـ توم 364 ـ بەت)

ئايال كىشى ئېرىنىڭ تۆشىكىدىن مەھرۇم بولغان مۇددەت ئىچىدە، ئەگەر ئۇ ئۆز ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال بولسا، چوقۇم ئەقلىگە كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇلمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ئۈچىنچى ئۇسۇلنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

## يېنىك ئۇرۇش

يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەنمۇ تۈزەلمىگەن ئايال كىشى بۇ باشتۇقلۇقنى قەستەن ھالدا، ئېرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاشتىن زېرىكتۈرۈش ياكى ۋازكېچىشكە زورلاش ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئايال كىشى راستىنلا ئېرىدىن ئايرىلىش مەقستى بىلەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك بويۇنتاۋلىق قىلغان بولسا، بۇلارنىڭ چىرايلىقچە ئايرىلىپ كەتكىنى ياخشى.

ئەمما ئايال كىشى ئېرىدىن ئايرىلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكى ياكى ئېرىنى خاتا چۈشىنىپ يۈرگەنلىكىدىن شۇنداق قىلغان بولسا، ئېرىنىڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆزگەرمىگەن ئايالنى ئېرىنىڭ يۈمشاق، يېنىك ئۇرۇش بىلەن ئەدەپلەش ھوقۇقى باردۇر. ئايال كىشىنى ئۇرۇشتىن مەقسەت، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش ياكى ئۇنىڭدىن ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ تەكەببۇرلىقىنى، ھاكاۋۇرلۇقىنى يەرگە ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇتۇۇ قويۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئاياللارنى ئۇرۇش يۇقىرىقى ئىككى باسقۇچلۇق نەسىھەت بىلەن ئىبرەت كارغا كەلمىگەندە، ئاخىرقى چارە بولۇپ قوللىنىلىدىغان بىر ئۇسۇلدۇر.

## ئاياللىرىنى ئۇرىدىغانلار ياخشى ئادەملەر ئەمەس

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى باسقۇچلار سىرتىدا، ئاياللارنى ئۇرۇشتىن توسقان. چۈنكى ھەدەپ ئاياللىرىنى ئۇرۇش ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئاياللارنى ئۇرىدىغان كىشىلەر ياخشى كىشىلەر ئەمەستۇر» دېگەن. (ئىبنى ماجە ۋە نەسائىي رىۋايىتى).

يەنە بىر ھەدىستە: «ئۇلار بىلەن كېچىسى بىرگە بولۇپ، كۈندۈزى ئۇرامسىلەر؟! دېيىش ئارقىلىق ھەدەپ ئاياللىرىنى ئۇرىدىغان قوپال ئادەملەرنىڭ بۇ قىلىقىنى

ئېيىپلىغان.

تــارىخلاردا يــاكى ھەدىــسلەردە، پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالامنىڭ يــاكى ســاھابىلىرىنىڭ ئايــاللىرىنى ئۇرغــانلىقى توغرىــسىدا بىرەرمــۇ رىــۋايەت يــوق. بەلكــى پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالامنىڭ ئايــالى ئائىــشە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا مۇنــداق دېــگەن: «پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام بىــرەر خــادىمنى يــاكى بىــرەر ئايــالنى ئۇرغــان ئەمەس، پەقەت ئــۇ، ئاللاھنىــڭ دىنىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغان»

ئايــاللىرىنى ھەدەپ ئۇرىــدىغانلار بــۇ ئايەتنىــڭ مەنىــسىنى سۇيىيىــستېمال قىلغــۇچى ئەبگــالاردۇر. ئايــاللار جىــسمانىي جەھەتــتىن ئــاجىز ۋە نــازۇك بولغــانلىقى ئۈچــۈن ئــۇلارنى ئاســراش ۋە ئىمكــان قەدەر ئۇرماســلىق كېــرەك. ھەدەپ ئايــاللىرىنى ئۇرىــدىغان بــۇ ئەبگــا ئەرلەر ئــادەتتە ئــۆزلىرىگە ئوخــشاش جىــسمانى كــۈچكە ئىــگە ئەرلەرنــى بۇنــداق ئۇرالمايــدۇ، ھەتتــا ئــۇلار بىــلەن جېدەللىشىــشتىن قورقىــدۇ. ئۆزلىرىــدىن كۈچلــۈكرەك بىــرى بىــلەن جېدەللەشــكىنىدە قويــدەك مــۆلايىم بولــۇپ قالىــدۇ. چــۈنكى ئــۇلار ئــۆزلىرىگە تاقابىــل تۇرالمايــدىغان چارىــسىز ئايــاللىرىنى بــوزەك ئەتكەنــدەك، باشــقىلارنى بــوزەك ئېتەلمەيــدۇ ۋە ئۇرالمايــدۇ ـ دە، شــۇڭا ئــاجىزلارنى بــوزەك ئېتىــدۇ، كۈچلــۈكلەردىن قورقىــدۇ. مۇنــداقلار كۈچىنى كۈچلۈكلەرگە كۆرسىتىشى كېرەك.

ئايــاللىرىنى تايــاق بىلەنــلا باشقۇرۇشــقا ئادەتلىنىــپ قالغــانلار دىيــانىتى ئــاجىز، ئەخلاقــى ناچار، كاللىــسى ئۆتمــۈش زامانلارنىــڭ ئەقلىيىتىــدىكى قــالاق ئــادەملەردۇر. ئۆزىنىــڭ كــۈچىگە ئىــشىنىپ ئايــاللىرىنى خالىغــانچە ئۇرىــدىغانلار بۇقىلمىــشلىرىنىڭ جازاســىنى ئــاۋال مۇشــۇ دۇنيــادا، ئانــدىن ئــاخىرەتتە چوقــۇم كۆرىــدۇ. چــۈنكى، ئــاللاھ ھەرقانــداق گۇنــاھلارنى ئەپــۇ قىلــسىمۇ، كىــشىلەرگە زورلــۇق قىلغاننىــڭ گۇنــاھىنى ھەرگىــز كەچۈرمەيــدۇ. بەلكــى ئۇنىــڭ جازاسىنى ھامان كۆرسىتىدۇ.

بىراۋنىــڭ بىلىــم ـ سەۋىيىــسىنىڭ يــۇقىرىلىقى، يــۈز ـ ئابرويىنىــڭ چــوڭلىقى، مەنــسىپىنىڭ كــاتتىلىقى ئۇنىــڭ ياخــشى ئــادەم ئىكەنلىكــى ۋە ئەخلاقىنىــڭ ئېــسىللىكى ئۈچــۈن ئــۆلچەم بولالمايــدۇ. بەلكــى ئەخــلاق باشــقا نەرســە، بــۇلار باشــقا نەرســىلەردۇر. شــەيتان ئــالىم ئىــدى، پىرئەۋن چــوڭ مەنــسەپلىك ۋە يەرشــارىدا ئەڭ ئــابرويلۇق يىگــانە پادىــشا ئىــدى، لېكىن ئــاللاھ بــۇلارنى خەلقــى ئــالەم ئۈچــۈن ئىبرەتلىــك ھالــدا جازالىــدى. ئەمــدىلىكتە بــۇ ئىككىــسى بــارلىق ســـاماۋىي دىـــنلاردا لەنەتـــكەردى بولـــۇپ، ئىنـــسانلارنىڭ تىللىرىـــدا قىيـــامەتكە قەدەر سۆكۈلۈشكە مەھكۇم بولدى.

ئىمــان ئەخلاقنىــڭ جورىــسىدۇر. ئەخلاقنىــڭ ئېــسىللىكى ئىمانىنىــڭ كامىللىقىــدىن

دىرەك بىرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئىمانى ئەڭ كامىل كىشى ئەڭ ئەخلاقلىق بولغان كىشىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

بىراۋنىڭ ياخشى - يامانلىقى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىگە قىلىدىغان مۇئامىلىسىگە قاراپ ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: « سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر» دەپ كۆرسەتكەن.(بۇخارى رىۋايىتى)

### ئاياللارنى ئۇرۇش سەلبىي نەتىجىگە سەۋەب بولىدۇ

بەزىبىر ئاياللارنى ھەمىشە تاياقتا ئادەتلەنىدۇرۇپ قويسا، ئۇلار تاياقتىن ئازاپلىنىش ئەمەس، بەلكى ھۇزۇرلىنىدىغان ۋە ئۇلار ئۇچۇن تاياقنىڭمۇ ئۇنۇمى بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەزىبىر ئاياللار ئەرلىرىدىن تاياق يېگەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۇرۇش ئەرلىكنىڭ نىشانىسى، دەپ بىلىدۇ. بۇنداقلار نادىر ئاياللاردۇر.

شۇڭا دەيمىزكى، تاياق بىلەنلا ئىش ھەل بولمايدۇ. بەلكى — بىز باشتا دېگەنىدەك — يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇل ئۈنۈم بەرمىگەنىدە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئەمەس، بەلكى بەدەنلىرىنىڭ نازۇك بولمىغان جايلىرىغا؛ تاياق بىلەن ئەمەس، بەلكى قول بىلەن يۇمشاق ئۇرۇش ئەڭ ئاخىرقى ئۆزگەرتىش چارىسىدۇر.

شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى ، ئاياللار قانچىلىك چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇش ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئېغىر جىنايەتتۇر.

## ئاياللارنىڭ كىيىنىش ئۆلچىمى

### ئاياللارنىڭ رومال ئارتىشى (ھىجاب)

مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ باشلىرىغا رومال ئارتىپ چاچلىرىنى، بويۇنلىرىدىكى ۋە قۇلاقلىرىدىكى زىننەتلىرىنى يېپىپ يۈرۈشى ئىسلامىيەتنىڭ شۇئارى، تەقۋالىقنىڭ كىيىمى، ئالىيجاناپلىقنىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت - ئىززەتنىڭ نىشانىسى ۋە ئەخلاقنىڭ دەلىلىدۇر. ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان رومال ئارتىش مۇسۇلمان ئاياللىرىنى ھەرتۈرلۈك ئازارلاردىن، پەسكەشلىكلەردىن قوغدىغانىدەك، خۇسۇسەن، مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ ھايا، نومۇس ۋە ئىپپەت ئىچىدە تېخىمۇ قەدىر - قىممەتلىك ھەم كۆركەملىك بولۇشىنى تەمىن ئېتىش بىلەن بىرۋاقتتا، ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

رومال ئاياللارنى ھۆرمەتلىك، ئېتىبارلىق، ئېسىل مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر. ئىسلام دىنى ئاياللارغا رومال ئارتىشنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا

قـارىغۇلارچە دورامچىلىـق قىلىـشتىن توسـىدىغان ئىلمـىي ۋە مەدەنـىي بىـر دىننـى ئـۆگەتتى. ئاللاھقـا ئىتـائەت قىلىـدىغان، ئىنـسانىيەتكە پايـدىلىق بولغـان پەزىلەتلىـك بىـر جەمئىيەتنـى تەسـس قىلىـش ئۈچـۈن، ئاياللارنىـڭ تـۆھپىلىرى ئـاز بولمايـدۇ. چـۈنكى ئايـاللار جەمئىيەتتىكىلەرنىـڭ ھەممىـسىنىڭ ئـانىلىرى. بـالىلار ئانىلارنىـڭ تەربىيىـسىنى ئەڭ ئـاۋۋال قوبۇل قىلغۇچىلاردۇر.

ئـاللاھ ئاياللارنىـڭ رومـال ئارتىـشىنى ھىجرىيىنىـڭ 5 - يىلـى پەرز قىلىـپ بۇيرۇغـان. قۇرئاننىـڭ كـۆپ ئـايەتلىرى بـۇ ھۆكـۈمنى تەكىتلىمەكـتە: ﴿مـۆمىن ئاياللارغـا ئېيتقىنكـى، نـامەھرەملەرگە تىكىلىـپ قارىمىـسۇن، ئەۋرەتلىرىنـى ياپـسۇن، كۆرۈنـۈپ تۇرىـدىغان قىـسمىدىن باشـقا زىننەتلىرىنـى ئاشكارىلىمـسۇن. لىچەكلىـرى بىـلەن كـۆكرەكلىرىنى ياپسۇن.﴾ (نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت).

بـۇ ئايەتلەرنىـڭ چۈشـشى ئـارقىلىق مۇسـۇلمان ئايـاللار بىـلەن جـاھىلىيەت (ئىسلامىيەتتىن بـۇرۇنقى دەۋر) ئاياللىرىنىـڭ پەرقـى ئېنىـق ئوتتۇرىغـا چىقتـى. رومـال ئارتقان ئاياللارنىڭ دىندار، تەقـۋا ۋە پەزىلەتـلەرگە ئـۆلگە ئايـاللار بولغـانلىقى ھەممىـگە ئايـان بولـدى. رومـال ئارتىـشنىڭ پەرز بولۇشـى مۇسـۇلمان ئاياللارنىـڭ ئىبـادەت، ئەخـلاق، مۇئـاملات ۋە باشـقا پۈتـۈن پائالىيەتلىرىـدە ئالاھىـدە يېگـى تەسىرلەرنى كۆرسـەتتى. پۈتـۈن مۇسـۇلمانلار بـۇ ئـايەتلەردىن رومـال ئارتىـشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنـى ئۆگىنىـپ، ئۆزلىرىنىـڭ خوتـۇن - قىزلىرىغـا رومـال ئارتىـشنى تەۋسـيە قىلىـپ كەلـدى. ئـۇممە سـەلىمە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـادىن رىـۋايەت قىلىنـدۇكى، ئـۇ مۇنـداق دېـگەن: «ئاللاھنىـڭ ئاياللارغـا رومـال ئارتىـشنىڭ پەرزلىكىنـى ئېلان قىلغـان ئـايىتى چۈشـكەندىن كېيىن، مۇسـۇلمان ئايـاللار باشـلىرىغا رومال ئارتىپ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى جان دىل بىلەن بەجا كەلتۈردى»

بـۇرۇنقى مۇسـۇلمانلار ئەنە شـۇنداق قىلاتتـى. ئـۇلار قانـداقلا بىـر مـاۋزۇدا ئـايەت چۈشـۈپ ھۆكـۈم بۇيرۇلـسا، ئـۇنى ھـېچ كېچىكتۈرمەسـتىن، ھاياجـان بىـلەن ئـورۇنلايتتى. ئاللاھنىـڭ بۇيرىغـانلىرىنى خـۇددى، ئـۇرۇش مەيدانىـدىكى جەڭچىلەرنىـڭ قوماندانىنىڭ بـۇيرۇقىنى تاپـشۇرۇۋېلىپ ئـۇنى دەرھـال ئىجـرا قىلغىنىـدەك، ۋاقتىـدا ئـورۇنلايتتى. چـۈنكى ھەقىقـي مۇسـۇلمانچىلىق شـۇنى تەقەززا قىلىـدۇ. ئىـسلام دىنـى رومـال ئـارتىش ئەمرىنـى بـويرۇش ئـارقىلىق ئىنـسانلارنى ھـايۋانىي گـۈزەللىكلەردىن ھۆرمەتلىـك ئىنـسانىي گـۈزەللىككە كۆتـۈردى. چـۈنكى ئوچوقلـۇقتىكى گـۈزەللىكلەر ھـايۋانى گۈزەللىـك بولـۇپ، ئۇنىڭغـا ئەخلاقـتىن نېسىۋىـسى بولمىغـان بەزى ئىنـسانلار ھـايۋانىي ھەۋەسـى ۋە ئىـشتىھاسى بىـلەن قارايـدۇ. ئۇنىڭغـا قـاراپ ھۇزۇرلىنىـدۇ. ھەتتـا خىيالىـدا، ئـۇنى يالىڭـاچلاپ، ئۇنىـڭ ھەرتەرىـپىگە بېقىـشتىن ھـۇزۇر ئالىـدۇ. ئەممـا پەردە ئىچىـدىكى گۈزەللىـك بولـسا، پـاك، تـازا،

قىممەتلىك ۋە ئېتىبارلىق گۈزەللىك بولۇپ، ئىنسانىي روھقا ئىگە بولغان ھەرقانداق كىشى ھېسسىياتىدا، پىكىر - خىيالىدا ئۇنى ئەڭ گۈزەل دەپ بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدۇ. چۈنكى، گۆھەرنى ھەركىم كۆرەلمىگىنى ئۈچۈن، دۇنيادا ئۇ شۇنچىلىك قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك سانىلىدۇ.

## رومالنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئۆلچىمى

رومالنىڭ ئۆلچىمى ــ ئۇنىڭ چاچنى، ئىككى قۇلاق بىلەن بويۇننى زىننەت بويۇملىرى بىلەن قوشۇپ يۆرگەپ تۇرىدىغان كەڭرەك، ئېسىل بولغان ياغلىقتىن ئىبارەتتۇر.

ئاياللارنىڭ يۈزىنى يۆرگىشى شەرت ئەمەس. شۇنىڭدەك، يۈزىگە نىقاپ ياكى چۈمبەل كىيىۋېلىشىغىمۇ ھاجەت يوق. چۈنكى بۇلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئاياللارغا خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەتتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق مەنبەئى بولغان قۇرئاندا، ئاللاھ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يۆرگىنىشىنىڭ قانۇنلۇق سىستېمىسىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئاياللار) كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىمدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن. لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾. تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ پېشىۋاسى بولغان ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، ئاياللارنىڭ «كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمى» دىن مەقسەت: ئۇلارنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولى دېمەكتۇر، دەيدۇ. فىقھەشۇناس ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان: ئىمام ئەزەم بىلەن ئىمام شافىئى ئىبنى ئابباسقا ئەگىشىپ ئاياللارنىڭ يۈزى بىلەن ئىككى قولى ئەۋرەت ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەھمەدمۇ بىر رىۋايەتكە كۆرە، يۇقىرىقى ئىككى مەزھەپنىڭ رايىنى كۈچلەندۈرگەن.

تۆۋەندىكى مۇنۇ ھەدىسمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىنى كۈچلەندۈرىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى ئەسما (ئائىشەنىڭ ھەدىسى) رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە نېپىز كىيىم كىيگەن ھالدا كىرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ تۇرۇپ: «ئى ئەسما! قىزلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يۈزى بىلەن ئىككى قولىدىن باشقا ئەزالىرىنى ئوچۇق قويماسلىقى كېرەك» دېگەن. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئەڭ موھىمى، رومالنىڭ چاچنى قۇلاق ۋە بويۇننى پۈتۈن زىننەتلىرى بىلەن يېپىپ تۇرىدىغان بولىشىدۇر. ئەگەر رومال بىز سۆيەتلىگەندەك بولماستىن، ئاياللارنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىنىلا ياپىدىغان رومال بولسا، ئۇنى بىز ئادەتتىكى ياغلىق دەيمىز. ئۇ، شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن ئىسلامىي رومال قاتارىغا كىرمەيدۇ.

## رومال ئارتىش قالاقلىق ئەمەس

بەزى جاھىل كىشىلەر ئىسلام دىنىدىكى رومال ئارتىش مەسىلىسىنى چۈشەنمەستىن، «ئۇنى ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنلىك، ئىغىر تۇزۇم»، «قەدىمىي ئادەت» دەپ ئىپىپلاشقا ئالدىرايدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا بۇنىداق خاتا چۈشەنچىلەر ۋە تۆھمەتلەر تۇپەيلىدىن قىسمەن پىتنە ـ پاساتلار يۈز بىرىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ قەدىر- قىممىتىنى ۋە ئىززەت ـ ئابرويىنى كۆتۈرگەن بىرلا دىندۇر.

ئىسلام دىنى كىلىشتىن بۇرۇن ئاياللارنىڭ ھالى خاراپ، قىممىتى يوق، ئۆزلىرى شاقاۋەتتە ئىدى. ھىندىلارنىڭ دىنىدا: ۋابا، ئالۇم ، زەھەر، دۇزاخ ئايال كىشىدىن ياخشىراق دەپ قەيىت قىلىنىدۇ. فرانسىيەدە مىلادىنىڭ 6 ـ ئەسىرىدە، فرانسۇز ئالىملىرى ئايال كىشى ئىنسانمۇ؟ ياكى ئىنسان ئەمەسمۇ؟ دىگەن ماۋزۇدا تەتقىقات ئىلىپ بىرىپ نەتىجىدە، «ئايال كىشىمۇ ئىنسان، بىراق ئۇلار ئەرلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈنلا يارىتىلغان مەخلۇقلار» دىگەن قارارنى چىقارغان بولسا، ئەنگلىيە پادىشاھى ھىنرى XII ئاياللارنىڭ مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشىنى مەنئى قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش رەسمىي گىراژدان ئەمەسلىكى ۋە مال ـ دۇنياغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغانلىقى توغرىسىدا رەسمىي قارار چىقارغانىكەن.

ئەمما ئىسلام دىنى دۇنياغا كىلىشى بىلەن ئاياللارنىڭ قەدرى كۆتىرىلدى. ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئىتىراپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ داۋام قىلىشىدىكى ئىككى ئۇنسۇرنىڭ بىرى ۋە ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدىكى ئىككى چوڭ تەركىبنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسلام دىنى بىرىنچى بولۇپ ئىبلان قىلدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار.﴾ (نىسا سۈرىسى 1 ـ ئايەت)

ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا ھەدىيەلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كارامىتىنى، ھۆرمەت ـ ئىززىتىنى، قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلايدىغان، ئاياللىقىغا لايىق، ئىسىل، كۆركەملىك ئىسلامىي رومالنى پەرز قىلدى. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ رومال ئارتىشلىرى ھەرگىزمۇ قالاقلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس. بەلكى ئەزىزلىقنىڭ، ھۆرمەت ئىتىبارنىڭ نىشانىسىدۇر. ئىسلامىي رومالنىڭ مەدەنىيەتلىك بولۇشقا ھىچقانداق توسقۇنلىقى يوقتۇر. بەلكى بۇ ئۆزى ئەڭ ئىسىل ۋە كۆركەملىك بىر مەدەنىيەت بولۇپلا قالماستىن، ئاياللارنىڭ زىننىتى ھەم ھۆرمىتىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئىسلام

دىنىــدىكى رومــال ئــارتىش مەسىلىــسىگە بەزى غەرب يــازغۇچىلىرىمۇ قايىــل بولــۇپ، ئــۇنى ماختاپ مۇنداق يازىــدۇ: «ئىــسلام دىنىــدىكى ئاياللارنىــڭ رومال ئــارتىش مەسىلىــسى ئاياللارغا بولغــان ئىشەنچىــسىزلىكتىن ئەمەس، بەلكــى بــۇ، ئايــاللارنى ئۇلارغــا تېگىــشلىك بولغــان ئىززەت، ئېھتىرام بىلەن قوغداشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر».

# ئىككىنچى بۆلۈم: ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى

## ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار

بۇ ماۋزۇغا كىرىشتىن ئاۋۋال شۇنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىردىندۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس شەرىئەت ـ قانۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئائىلە ھاياتىنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى ۋە ھەرتۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىنى قەتئىي ھالدا ھارام قىلدى ۋە كىشىلەرنى ئۇلاردىن مەنئى قىلدى. چۈنكى، ھەممىگە ئېنىقكى، نەتىجىلەرنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى مۇقەددىمىلەرگە باغلىق بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىشىمۇ، يەنە شۇ مۇقەددىمىلەرگە باغلىقتۇر. ئاغرىق ـ سىلاقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن ساقلىنىش زۆرۈر بولغاندەك، ئائىلە ھاياتىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان شاقاۋەتلەردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى بەختلىك ھالدا، ئاخىرىغىچە داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئائىلە ھاياتىدا ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مۇقەددىمىلەردىن ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان بەزى ئامىللاردىن ساقلىنىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش

نامەھرەملەردىن كۆزنى ساقلاش مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ياخشىدۇر ۋە يامان نەتىجىلەردىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى نامەھرەملەردىن كۆزلىرىنى ساقلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى،(نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى(ھارامدىن) ساقلىسۇن. مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر. مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن. لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾ (نۇر سۈرىسى 30 ـ 31 ـ ئايەتلەر)

ئەمەلىيەتتە، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش كۆپىنچە ھاللاردا، ئائىلىنى بۇزىدىغان يامان نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ بىرەرگە كۆزەلنى ئۇچراتقىنىدا، ئۇنىڭغا ھەۋەسى بىلەن تىكىلىپ قارىشى ۋە ئۇنىڭمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق ھالدا ئىنكاس بىلدۈرىشى نەتىجىسىدە، كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ

ئارقىسىدىن چىپىشى، ئاندىن ئىككىسى بىنورمال ئالاقە باغلىشى ئارقىلىق ئۇنىڭغا بوزۇلۇپ، ئۆيلىرىدىكى ئاياللىرىغا ھەۋەسسىز بولۇپ قالغانلىقتىن، ئاددى بىر باھانىلەر بىلەن ئاياللىرىنى ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى، نەتىجىدە، باللىرىنى يېتىم قىلغانلىقى ياكى ئاياللىرى بىلەن موھەببەتسىز، بەختسىز ھالدا ياشاشقا مەجبور بولغانلىقى،كوپلىگەن ئاياللارنىڭمۇ بىرەر ئەركىشىگە ھەۋىسى بىلەن تىكىلىپ قارىشى، ئەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا مەيلىنى بىلدۈرىدىغان ئىشارەتلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرىشى ۋە ئىشەنچ بىلدۈرىشى، ئاندىن ئىككىسى بىنورمال، يولسىز ئالاقە باغلىشى، نەتىجىسىدە، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، گاھ ئاشىق بولۇپ قالغان، ئۆز ئېرىگە بولسا ھەۋەسسىز، مۇھەببەتسىز بولۇپ قالغان سەۋەبتىن، ئېرىگە ئۆچ بولۇپ، ئونىڭ ئۆيىدىن ئازغىنا باھانىلەر بىلەن چىقىپ كېتىشى ئارقىلىق ئائىلىنى ۋەيران، باللىرىنى يېتىم قىلغانلىقى قاتارلىق ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلەرنىڭ نامەھرەملەردىن كۆزلىرىنى ساقلىمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقماقتا.

2.ئاياللار نىڭ نامەھرەملەر گە ئەۋرەت ئەزالىرىنى ئېچىشى

ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى - ئىككى قولى، يۈزى ۋە ئىككى پۇتىدىن باشقا پۈتۈن ئازالىرى دېمەكتۇر. ئاياللارنىڭ نامەھرەملەر بار يەرلەردە نېپىز، قىسقا ۋە تار كىيىملەرنى كىيىشى ۋە ئەۋرەت سانالغان ئەزالىرىنى ئۇلارغا ئاشكارىلىشى ئىسلام شەرىئىتىدە توسۇلغان ئىشتۇر. شۈبھىسىزكى، ئاياللارنىڭ ئېچىشتىن توسۇلغان ئەزالىرىنى ئېچىپ يۈرۈشلىرى، ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان بەزى كىشىلەرنىڭ يامان غەرەزلىرىنى ئۇيلىشى بىلەن جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا يامان ئاقىۋەت يۈز بېرىپ قېلىشى ئېھتىمال. غەيرى نورمال ئەھۋال يۈز بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن ۋە نىيىتى بۇزۇلغان بىرسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدۇ. نەتىجىدە، ئەل ئارىسىدا سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىگە ئەلۋەتتە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئاياللارنىڭ ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈملىرىدە ئايال دوختۇر بار ھالدا، ئەر دوختۇرلارغا بارماسلىقى لازىم. بۇ، دىنىمىزغا خىلاپ ئىشتۇر. چۈنكى دوختۇرمۇ جىنسىي ھەۋەسكە ئىگە بولغان ئەردۇر. تۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئېھتىمال. غەيرى ئەھۋال يۈزبەرمىگەن تەقدىردىمۇ، ئېيىپەتلىك، ھايالىق بىر ئايال كىشى ئۈچۈن بۇ ياخشى ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئايال دوختۇر بولمىغانلىقتىن، ئامالسىز قالغاندا، ئەر دوختۇرغا بېرىشقا بولىدۇ. بارغاندىمۇ يالغۇز بارماسلىقى لازىم.

3. نامەھرەم بىلەن يالغۇز قېلىش

مەيلى ئەر بولسۇن ، مەيلى ئايال بولسۇن، قايسى بىرىنىڭ ئۆزىگە نامەھرەم بولغان بىرسى بىلەن يالغۇز قېلىشى توغرا ئەمەس. بۇ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مەھرىمى يېنىدا بولمىغان ئايال كىشى بىلەن يالغۇز قالمىسۇن» (بۇخارى رىۋايىتى)

ئاياللار ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىنى قوغداپ ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇشى ئۈچۈن، بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك، كۆپلىگەن ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بېرىدىغان جېدەل - ماجىرالارنىڭ كۆپىنچىسى بۇسەۋەبتىن بولىدۇ.

4. ئاياللارنىڭ ئىش ئۇرۇنلىرىدىكى ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى

ئەسلىدە ئاياللارنىڭ ئىش ئۇرۇنلىرى ئەرلەرنىڭ ئىش ئۇرۇنلىرىدىن ئايرىم بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىدىمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ. ئەمما مەملىكىتىمىزنىڭ شارائىتىدا ئاياللارنى ئەرلەرگە ئارىلىشىپ ئىشلەشتىن مۇتلەق توسقىلى بولمايدۇ. چۈنكى شارائىت شۇنىڭغا قىستايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاياللار ئىش ئۇرۇنلىرىدا باشقا ئەرلەر بىلەن ئىشلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىزمەتداشلىق شۇئارى ئاستىدا باشقا بىنورمال مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىلماسلىقى لازىم.

مەسىلەن: ئايال كىشى ئىش ئورنىدىكى بىرسى بىلەن خىزمەتداشلىق شۇئارى ئاستىدا، بىنورمال، يولسىز مۇناسىۋەت باغلىغاندىن كېيىن، بۇ مۇناسىۋەت كۈندىن - كۈنگە قويۇقلىشىپ، ھەتتا بىرگە كۆڭۈل ئېچىشلارغا چىقىدىغان، تىياتىرلارغا بارىدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. ئايال كىشى ئېرى بىلەن ھەمىشە بىرخىل خوشال ئۆتەلمەيدۇ، بەزىدە بىر - بىرىدىن رەنجىپ قالىدۇ. بۇ ھالەتلەردە ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى ئېرىدىن ئېچىلمىغاچقا، ئۇ تەدرىجى ھالدا، ئۆزىنىڭ خىزمەتداش دوستى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ھەر ئىككىسى ئائىلىسىنى پارچىلاشقا ۋە پەرزەنتلىرىنى يېتىم قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مانا بۇ ئائىلە بۇزۇلدى، دېگەنلىك. بۇنداق بۇزۇلغان ئائىلىلەر كۆپ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىمكان قەدەر، ئەر خىزمەتداشلىرى بىلەن لۇزۇمسىز، كۆپ سۆزلەشمەسلىكى، ئىشتىن تاشقىرى بىرگە ئارىلىشىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. بۇ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

5. نامەھرەم كىشىلەر بىلەن چاقچاقلىشىش

مەلۇمكى، ئايال كىشىنىڭ نامەھرەم ئەرلەر بىلەن جورىسى بار يەردە بولسۇن، ياكى يوق

يەردە بولسۇن چاقچاقلىشىشى ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىگە سەلبىي تەسىرلىرىنى يەتكۈزمەي قويمايدۇ. شۇنىڭدەك، مېھماندارچىلىقلاردا، ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ۋە باشقا ئەر - ئاياللار توپلاشقان ئورۇنلاردا ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تولا پاراڭ قىلىشى ياكى باشقىلار بىلەن چاقچاق قىلىشىشى بەكمۇ ئېيىپتۇر. ئايال كىشى ئۈچۈن كەمسۆزلىكتىن ياخشى خۇلۇق يوقتۇر.

6. تانسا ۋە باشقا ئويۇن - تاماشالارغا بېرىش

ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر ئىككىسىنىڭ تانسىغا ۋە باشقا ئەر- ئايال جىنسلار توپلاشقان ئويۇن - تاماشا سورۇنلىرىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە تاماشا قىلىشى ياخشى ئەمەس. ئىسلام نەزەرىدە، ھارامدۇر. ئايال كىشىنىڭ مەيلى ئېرى بىلەن بولسۇن، مەيلى يالغۇز بولسۇن تانسىغا بېرىشى قاتتىق ئېغىر قاباھەتتۇر. ئايالىنى تانسىغا ئېلىپ بارغان ئەر كىشى غورۇرسىز ۋە ۋىجدانسىز كىشىدۇر. ئايالىنى تانسىغا ئەۋەتىپ قويۇپ خاتىرجەم ئولتۇرغان ئەر كىشى دەييۇس (يەنى ئايالى باشقىلار بىلەن قۇچاقلىشىپ تانسا ئوينىسا، ھەتتا باشقىلارنىڭ قۇچىقىدا ياتسىمۇ، «ئۇنى توغرا چۈشىنىمىز، چۈنكى بىز مەدەنىيەتلىك كىشىلەرمىز» دەيدىغان، ۋىجدانسىز ئەبگا،) ئەركىشىدۇر.

7. ئاياللارنىڭ تىجارەت قىلىشى

بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەڭ كۆپىيىپ كەتكەن بىر سەلبى ئېقىم ئاياللارنىڭ ئۆزى يالغۇز شەھەرلەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىشى ۋە زۆرۈرىيەتسىز ھالدا، رەستىگە چىقىپ دوكان ئېچىشى بولدى. شۈبھىسىزكى، ئايال كىشىلەرنىڭ مەھرەمسىز ھالدا، شەھەردىن شەھەرگە سەپەر قىلىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىشى ۋە رەستىگە چىقىپ دوكان ئېچىپ ئولتۇرۇشى ئىنتايىن خاتادۇر. بۇ ئىشلار ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە ئەلۋەتتە دەخلى يەتكۈزمەي قالمايدۇ. ئايالىنى باشقا شەھەرلەرگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىپ قويۇپ، ئۆزى بىغەم ئولتۇرىدىغان ئەر كىشى، ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، ئاللاھتىن قورقسا بولىدۇ. كۆپلىگەن ئاياللارنىڭ تىجارەت يولىدا چىقىشىپ قالغان كىشىلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ، ئائىلىلىرىنى پارچىلىغانلىقى نەتىجىسىدە، پەرزەنتلىرىنى يېتىم قىلغانلىقى، ئائىلە پارچىلانمىغان تەقدىردىمۇ، ئەرلىرىگە خىيانەت قىلىشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئابروىلىرىنى يەرگە ئۇرغانلىقى قاتارلىق بىز ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئېچىنىشلىق ھادىسىلەر يۇقىرىقى خاتالىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟

8. ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى يېيىش

كۆپىنچە، ئاياللار ئەر - خوتۇنلۇق ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى سىرتقا يېيىشنىڭ

قانچىلىك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. بەزى ئاياللار ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى بىر - بىرى بىلەن ئېيتىشىدۇ، ئاڭلىغان ئاياللار ئەرلىرىگە ئېيتىدۇ، ئاخىرىدا بېرىپ بۇ سىرلار، ئۇنى ئاۋۋال سۆزلىگۈچى ئايالنىڭ ئېرىگە ئاڭلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجىرالار يۈز بېرىدۇ. بەزى ھاللاردا، ئائىلە پارچىلىنىدۇ ياكى بەختسىز، سۆيگۈسىز ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ نەزەرىدىكى ئەڭ يامان كىشى ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ سىرلىرىنى يايغان كىشىدۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى)

## زىنا ئائىلە بۇزۇلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى

زىنا - كۇفرىدىن قالسا ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ بىرىدۇر. زىنا - شەرەپلىك ئائىلىلەرنى يەرگە قارىتىدىغان، ئابرويلۇق كىشىلەرنى يەرگە ئۇرىدىغان، شىجائەتلىك كىشىلەرنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدىغان بىر رەزىل ئىشتۇر.

زىنانىڭ دەرىجىلىرى ئېغىرلىق جەھەتتىن ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھلىرى قانداق رەۋىشتە بولمىسۇن، يۇقىرىقىلاردىن يېنىك بولمايدۇ، بەلكى ئېغىرلىشىدۇ.

مەسىلەن: ئۆزىگە دۈشمەنلىك كۆرسەتمىگەن باشقا دىنىدىكى ئايال بىلەن زىنا قىلىشتىن، مۇسۇلمان ئايال بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر. ناتونۇش مۇسۇلماننىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن، خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر. يىراق خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن، يېقىن خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر. يېقىن خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىن مۇجاھىد(ئاللاھ يولىدا جەڭگە چىقىپ كەتكەن كىشى)نىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر، ئەلۋەتتە. ئېرى يوق ئايال بىلەن زىنا قىلىشتىن، ئېرى بار ئايال بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن، باشقا دىنىدىكى ئاياللار بىلەن زىنا قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھى يېنىكرەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپ قېلىش ئىنتايىن خاتادۇر. يۇقىرىقى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان زىنانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى جازاسى، زىنا دەرىجىلىرىدىن ئەڭ يېنىك بولغىنىنىڭ جازاسىدۇر. چۈنكى بۇ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغانلار مۇتلەق زىنانىڭ جازاسى بولۇپ، بۇ مۇتلەقلىق ئادەتتە زىنا دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يېنىك بولغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ باشقىلارغا ھارام بولۇشى، خۇددى بۇ ئاياللارنىڭ ئۆز ئاتىلىرىغا ھارام بولغىنىغا ئوخشاشتۇر. قانداقلا

بىر كىشى مۇجاھىدلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ، بىرەر مۇجاھىدنىڭ ئايالىغا كېلىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنىدە، بۇ مۇجاھىد ئۇچۈن ئۇنىڭ خىيانەت قىلغۇچىسىدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ساۋابلىرى بولسا، مەزكۇر مۇجاھىد ئۇنىڭ ساۋابلىرىدىن خالىغانچە ئالىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىراۋنىڭ خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغىنى، باشقا يات ئاياللاردىن 10 ئايال بىلەن زىنا قىلغىنىدىن ئېغىر گۇناھتۇر» (ئەھمەد رىۋايىتى)

يۇقىرىقى، زىنانىڭ ئادەمنى دەھشەتكە سالىدىغان گۇناھىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇرۇن زىنا ئىشلارنى قىلىپ قويغانلارنىڭ ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىدىن ئۈمىتسىز بولۇشلىرى خاتادۇر. چۈنكى، ئاللاھ كىچىك گۇناھلارنى ياخشى ئەمەللەرنىڭ يۈزىسىدىن تەۋبەسىزمۇ كەچۈرىدۇ، ئەمما گۇناھى كەبىرىلەر(زىنا قىلىش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش چوڭ گۇناھلار) نى، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىش، ئۇنىڭغا قايتا قايتماسلىق ئىرادىسى بىلەن قىلىنغان ھەقىقىي تەۋبە ئارقىلىق كەچۈرىدۇ.

زىنانىڭ ئىناق ئائىلىلەرنى قانداق پارچىلىغانلىقى، ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنى نەپرەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، قانچىلىغان گۇناھسىز باللارنى يېتىم قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغان، تەجرىبىلەرمۇ ئۇنى يەكۈنلىگەن بىر بالايى ـ ئاپەت ئىكەنلىكى ئوچۇق بىر رىئاللىقتۇر. شۇڭا زىنا ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى دېيىلىدۇ.

## تالاق ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

تالاق ــ ئەرنىڭ ئايالىدىن ۋازكەچكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى دېمەكتۇر.

بەزى كىشىلەر تالاقنى ئىنتايىن ئاددى مەسىلە دەپ قارايدۇ. ئۇلار تالاقنى ئاچچىقلىرىغا تەسەللى تېپىش ياكى ئايالىنى قورقۇتۇش ئورنىدا قوللىنىدۇ، ئۇلار ئاياللىرىغا ئاچچىقى كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ جاھىللىقى ۋە ئاخماقلىقىدىن ھەدەپ كېيىنكى ئاقىۋەتنى ئويلىماستىن ئۇلارنى تالاق قىلىۋېتىدۇ، ئارقىدىنلا تالاق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ چىقىش يولى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. تالاق ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىغا ھېچ ئۈمىت قالمىغان، ياخشى ئۆتۈشكە ئامال بولمىغاندا ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ يېڭىدىن

هايات باشلىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى بىر چارىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ھالال ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش تالاقتۇر» دېگەن. (بۇخارى رىۋايىتى)

تالاق قىلىش ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئۈچۈن پۇشايمان كەلتۈرىدۇ. ئەر كىشى ئۆز ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشتا ئايال كىشىگە نىسبەتەن سەۋرلىك، سوغۇق قان بولغانلىقى ئۈچۈن، تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەرگە بېرىلگەن، ئەر كىشى بۇ ھوقۇقنى جايىدا ئىشلىتىشى لازىم. ئايالنى تالاق قىلغاندىمۇ، ئۇنى ئايلىق ئىددىتى داۋام قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا تالاق قىلماسلىقى لازىم.

## تالاق ئالدىرايدىغان مەسىلە ئەمەس

تالاق ـ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ــ ئاللاھ رۇخسەت قىلغان ئىشلارنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغىنى ۋە ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ بىرگە ئۆتۈشىگە ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالمىغاندا، ئاندىن يول قويۇلغان ئاخىرقى بىر چارە. تالاق ئائىلىنى پارچىلىغاندىن كېيىن، ئىناقلىق ئاداۋەتكە، سائادەت شاقاۋەتكە، مۇھەببەت نەپرەتكە ئۆزگىرىدۇ. ئۆرۈلگەن بولىدۇ. گۇناھسىز باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسسىق مېھرىدىن كېلىدىغان نېمەتتىن ئايرىلىپ، ۋەيرانچىلىققا يۈز تۇتىدۇ. راھەت جاپاغا ئۆزگىرىدۇ. تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەرلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، ئاللاھ ئەرلەرنى تالاقتىن نەپرەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئاياللىرىنى يامان كۆرۈپ قالغىنىدا، ھامان تالاق قىلىۋەتمەسلىككە، ئاياللىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئويلاپ بولسىمۇ، ئۇلارنى تالاق قىلىشتىن ۋازكېچىشكە ئۈندەپ ﴿ئۆزئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار﴾ دەيدۇ. (بەقەرە سۈرىسى 236 ـ ئايەت)

ئەر كىشى ئايالىنىڭ مۇئامىلىسىدىن، ئەخلاقىدىن ۋە باشقا كەمچىلىكلىرىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنى قويۇۋېتىش خىيالىغا كەلگەندە، ئايالىنىڭ ئۆي ئىچىدىكى خىزمەتلىرىنى، ئېرىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى، باللىرىنى بېقىشىدىكى ئەجىرلىرىنى ۋە باللارنى ئىسسىق ئۇۋىدىن ئايرىۋېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلارنى ياد ئېتىشى ئارقىلىق ئايالىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۇنتۇيالايدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئاياللارنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى ياد ئېتىشكە ئەمر قىلماقتا. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئايال كىشىنىڭ سەلبىي ۋە ئىجابىي تەرەپلىرى بولىدۇ. ئەر كىشى ئايالىدىن نەپرەتلەنگەن ۋاقتىدا، ھېچ بولمىغاندا بۇ ئايالىنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى ياد ئېتىش ئارقىلىق ئايرىلىشنىڭ ئاچچىقىنى، باللارنى يېتىم قىلىشنىڭ يامانلىقىنى، قودىلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك تۇغدۇرۇشنىڭ زىيىنىنى ۋە كۆڭۈللەرنى بىئارام قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى ئويلاش ئارقىلىق ئۆزىنى بېسىۋالالايدۇ

ۋە تالاقتىن ۋاز كېچىدۇ.

تالاقنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكى ۋە ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە پۇشايمان كەلتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئەر ـ ئاياللارنى ئالدىراپ ئاجرىشىشتىن توسىدۇ ۋە تالاقنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچى، ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە ئاجرىشىشنىڭ ئاچچىقلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان ـ زەخمەتلەرنى تونۇتۇش بولسا، ئىككىنچى باسقۇچى، ئۇلارنى غاپىللىقتىن ۋە قاراملىقتىن ئويغىتىپ، تالاقتىن كېيىنكى ھەسرەتلىك ئاقىۋەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، ئۈچىنچى باسقۇچى، ئاخىرقى ئايرىلىش يەنى رەسمى ئاجرىشىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەركىشى بىر ياكى ئىككى تالاقتىن كېيىن، تالاق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغان بولسا، ئايالىنى قايتۇرىۋالالايدۇ. چۈنكى بۇلار ئاخىرقى تالاق ئەمەس. ئەمما ئۈچىنچى قېتىملىق تالاقتىن كېيىن، ئۇلار مەڭگۈ ئايرىلغان بولىدۇ. بۇلار نىكاھ بىلەنمۇ بىر ـ بىرىگە قايتالمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇ خوتۇنىنى (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلغان بولسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ. كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ) بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.﴾ (بەقەرە سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

بەزى كىشىلەر تالاقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىن، ئېغىزلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئاياللىرىنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىدۇ. ئارقىدىن پۇشايمان قىلىپ، قايتىش ئۈچۈن يول تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ. بەزىلىرى ئۆلىمالار ئالدىدا ئۈچ تالاق قىلغانلىقلىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ، ئايالىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن يول ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. بەزىلەر بولسا، ئۈچ تالاقتىن كېيىن ئايالىنى ۋاقىتلىق ئۆيلەندۈرۈپ، ئاندىن ئاجراشتۇرۇپ قايتا ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئالدىغانلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ نىيەتلەردىكىنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر. ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلغانلىقىغا ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلار ۋە باشقىسىغا ۋاقىتلىق نىكاھلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئايال كىشى ئۈچ تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ، باشقا بىرسىگە ئۆمۈرلۈك خوتۇن بولۇش ئۈچۈن تەگكەن بولسا، كېيىن ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ياكى ئاجرىشىپ كېتىپ، تۇل بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىرىنچى ئېرىگە ھالال بولىدۇ. چۈنكى نىكاھ ۋاقىتلىق بولمايدۇ. نىكاھتا مەڭگۈلۈك بولۇشنى نىيەت قىلىش شەرتتۇر. بۇنداق بولمىغان نىكاھ ـ زىنادۇر.

ئەمدى، ئايال كىشىنى ئۇنىڭ ئادەت ئىچىدىكى ۋاقتىدا تالاق قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتىگە كەلسەك، بۇنداق تالاقتا ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە چوڭ

زىيانلار باردۇر. ئايال كىشى ئادەت كۆرگەن ۋاقتىدا تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىددىتى ئۇزىراپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تالاق قىلىنغان ۋاقتىدىكى ئايلىق ئادەت ئىچىدىكى ھالىتى، ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىشىغا بەلگىلەنگەن ئۈچ پاكلىقنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ. ئۇ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاكلانغاندىن كېيىن، ئىددەتتىن يەنى ئەرنىڭ زىممىسىدىن چىققان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىددىتى 4 قېتىملىق پاكلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنى پاكلىق ھالىتىدە، ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلىپ بولۇپ، ئاندىن تالاق قىلغان بولسا، بۇ ئايالنىڭ شۇ ۋاقىتتا ھامىلدار بولۇپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئەر كىشى بۇنى بىلمەستىن ئۇنى تالاق قىلىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئايال كىشىنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر ئۇزىراپ كېتىدۇ دە، ئەر كىشى گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئەر كىشى بۇ ۋاقىتتا ئايالىغا ئۇۋال قىلغان بولىدۇ. ماددىي تەرەپتىنمۇ ئۇ، ئايالىنىڭ توققۇز ئايلىق نەفەقىسىنى (چىقىمىنى) تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر ئۇ، ئايالى ھامىلدار بولمىغان بولسا، ئۇنى ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلمىغان پاكلىقىدا قويۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ پەقەت 3 ئايلىق نەفەقىسىنىلا تۆلىگەن بولاتتى. چۈنكى ئايال كىشى بۇھالەتتە، ئۈچ قېتىملىق پاكلىقتىن كېيىنلا ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىققىپ كەتكەن بولىدۇ.نەتىجىدە، ياتلىق بولالايدۇ.

ھامىلدار ئايالنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ، ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان پەرزەنتىدىن ئۇزاقلىقىنىڭ ئاچچىقىنى ۋە پەرزەنتىنى زايا قىلغانلىقىنىڭ گۇناھىنى ئەر كىشى تارتىدۇ. ئايال كىشى بولسا بالىنى يالغۇز بېقىشنىڭ دەردىنى تارتىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ، ئايالنى يېقىنچىلىق قىلىشقان پاكلىقىدا (يەنى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئايالى بىر قېتىم ئادەت كۆرۈپ پاك بولماستىن، شۇۋاقىتتىكى پاكلىقىدا) تالاق قىلغىنىنى ئاڭلاپ، ئۆمەرگە «ئوغلۇڭغا ئېيتىقىن! ئايالىنى قايتۇرىۋالسۇن، ئۇنى ئۇ، ئىككى قېتىم ئادەت كۆرۈپ، يەنە ئىككى قېتىم پاك بولغىچىلىك ئۆيىدە ساقلىسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەگەر تالاق قىلىشنى خالىسا، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماستىن تالاق قىلسۇن» دەپ ئەمر قىلغان.

## تالاق قىلىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ئەر كىشى ئايالىنى تالاق قىلىشتا، تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشى لازىم:

1. ئايالنى ئۇنىڭ ئايلىق ئادىتى ئىچىدىكى ۋاقتىدا تالاق قىلماسلىقى لازىم. ئايالنى تالاق قىلىشنى خالىغان كىشى ئۇنى ئايلىق ئادەت ۋاختىدا تالاق قىلماسلىقى، بەلكى

ئۇنىڭدىن پاكلانغاندىن كېيىن، پاكلىق ھالىتىدە ئۇنىڭغا جىنسىي تەرەپتىن يېقىنلاشماستىن، تالاق قىلىشى لازىم. بۇنىڭغا رىئايە قىلمىغان كىشى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

2. ئايالىنى تالاق قىلىشتا، بىردىن ئارتۇق تالاق قىلماسلىقى لازىم. ئايال كىشىنى بىردىن ئارتۇق ــ ئىككى ياكى ئۈچ تالاق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپتۇر.

## تالاقنىڭ تۈرلىرى

تالاق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، تالاق رەجئى، يەنە بىرى، تالاق بائىندۇر.

1. تالاق رەجئى

تالاق رەجئى ـ ئىددەت ئىچىدە نىكاھسىز قايتۇرىۋېلىشقا بولىدىغان تالاق دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ.

تالاق رەجئى ـ تالاق لەۋزىلىرى بىلەن بىر قېتىم تالاق قىلىش دېمەكتۇر. تالاق رەجئىدە، تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىشقا ھاجەت يوق. يەنى تالاق لەۋزىلىرى بىلەن: «مەن سېنى قويۇۋپ بەردىم» ياكى «بىز ئىككىمىز ئايرىلدۇق» دېيىش بىلەنلا ئايالى تالاق بولىدۇ. تالاق قىلغۇچى راستىنلا تالاق قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسۇن، ياكى چاقچاق قىلغان بولسۇن ياكى ئايالىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن تالاق دېگەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئايالى ئۇنىڭدىن تالاق بولىدۇ.

تالاق رەجئى بىلەن تالاق قىلىنغان ئايال ئۇنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، يەنى بۇنداق ئايال كىشى تالاق قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ بولغانغا قەدەر ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئېرى خالىسا، ئۇنىڭ ئىددىتى توشۇپ بولغىچىلىك مۇددەت ئىچىدە، ئۇنى ئۆزىگە قايتا نىكاھ قىلماستىنلا قايتۇرىۋالالايدۇ. چۈنكى، «رەجئى» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىمۇ، قايتۇرۇش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

تالاق رەجئى ئۈچ قېتىمغا يېتىپ قالغاندا، تالاق قىلغۇچى ئايالىنى ئۇ، باشقا بىر ئەرگە تېگىپ ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ ئىددىتى توشمىغىچە ئۆزىگە قايتۇرالمايدۇ. چۈنكى تالاق رەجئى ئۈچ قېتىمغا يېتىش بىلەنلا تالاق بائىن (ئاخىرقى رەسمى ئايرىلىش تالىقى)غا ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن ئۈچ تالاق بولغان ئايال ئىككىنچى تەككەن ئېرىگە، بىرىنچى ئېرىگە قايتىش ئۈچۈن يول ئېچىش مەقسىتىدە تەگسە، ئۇنىڭ نىكاھى قوبۇل قىلىنمايدۇ،

يەنى نىكاھى چۈشمەيدۇ. ئۇ پەقەت زىناغا ئوخشاش بولىدۇ.

2. تالاق بائىن

تالاق بائىن ــ قايتىشقا بولمايدىغان، رەسمى ئايرىلىش تالىقى دېمەكتۇر. تالاق بائىن ئىككى قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، تالاق بائىن سۇغرا، يەنە بىرى تالاق بائىن كۇبرادۇر.

تالاق بائىن سۇغرا ـ كىنايە لەۋزى بىلەن بىر ياكى ئىككى تالاق قىلىش دېمەكتۇر. كىنايە لەۋزى بىلەن تالاق قىلىشتىن مەقسەت، تالاق قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، ئايالىغا «ئۆيۈڭگە كەت» ياكى «كۆزۈمدىن يوقال» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىش دېمەكتۇر. ئەر كىشى ئەگەر ئايالىنى تالاق قىلىش مەقسىتى بىلەن يۇقىرىقى كىنايە لەۋزىلىرىنى قىلسا، شۇ هامان ئايالى تالاق بولىدۇ. ئايالىنى ئۆزىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، يېڭىدىن نىكاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئەر كىشى يۇقىرىقى كىنايە سۆزلىرىنى چاقچاق قىلىپ ياكى ئايالىنى قورقۇتۇش مەقسىتىدە، تالاقنى نىيەت قىلمىغان هالدا، سۆزلىگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزى تالاق سانالمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نىيىتىگە قاراپ بولىدۇ.

تالاق بائىن كۇبرا ــ بىرلا ۋاقىتتا ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىش ياكى بىردىن تالاق قىلىپ، ئۈچ قېتىمغا يېتىشى دېمەكتۇر.

ئۈچ تالاقتىن كېيىن، ئايالى ئۇنىڭ نىكاھىدىن مەڭگۈلۈك چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنى يېڭىدىن نىكاھ قىلىش ئارقىلىقمۇ قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. پەقەت، ئۈچ تالاق بولغان ئايال باشقا بىر ئەرگە ئۆمۈرلۈك جور بولۇش نىيىتى بىلەن ياتلىق بولۇپ، كېيىن قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرى ئۇنىڭ ئىددىتىنى توشقۇزۇپ، يېڭىدىن نىكاھ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىگە قايتۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇ خوتۇننى (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا ، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگۈچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ) بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا ئۇلارغا هېچ گۇناھ بولمايدۇ.﴾ (بەقەرە سۈرىسى)

## ئۈچ تالاقنى تەھلىل قىلىش

ئۈچ تالاقنى تەھلىل قىلىش ـ ئۈچ تالاق بولغان ئايالنىڭ ئېرىگە قايتىشى ئۈچۈن يول ئېچىش دېمەكتۇر.

يۇقىرىقى ئايەتكە ئاساسەن، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

لېكىن ئۇنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەك؟

بۇنىڭ جاۋابى ـ بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ــ مۇنداق: ئۈچ تالاق بولغان ئايال ئىككىنچى تەككەن ئېرىگە ئۆزىنى باشتىكى ئېرى ئۈچۈن تەھلىل قىلىش مەقستى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى ئېرىگە مەڭگۈلۈك خوتۇن بولۇش نىيىتىدە تەگكەندىن كېيىن، بۇلار قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرى ئۇنى يېڭى نىكاھ بىلەن ئۆزىگە قايتۇرالايدۇ. شەرئەتنىڭ بەلگىلىمىسى مانا مۇشۇ. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ بەزى جاھىل كىشىلەر «ھىيلە شەرئىي» دېگەن نام بىلەن ئۈچ تالاق بولغان خوتۇننى تەھلىل قىلىش نىيىتى بىلەن ئەرگە بىرىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرىگە نىكاھ قىلىپ قويۇشتەك شەرئەتتە بولمىغان ئىشنى پەيدا قىلغان. بۇ ئەلۋەتتە خاتا. چۈنكى شەرئەتكە بۇنداق ھىيلە ئىشلىتىش قۇرئاننىڭ كەسكىن ھۆكۈملىرىگە خىلاپتۇر.

### بىر لەۋز بىلەن ئۈچ تالاق قىلىش

بىر لەۋزى بىلەن ئۈچ تالاق قىلىش ـ بىرلا ۋاقىتتا ئايالغا بىر سۆز بىلەنلا «سەن ئۈچ تالاق» دېيىش دېمەكتۇر. بۇ مەسىلە، كېيىنكى يۈز يىلنىڭ ئىختىلاپ ماۋزۇسىغا ئايلىنىپ قالغان بىر مەسىلىدۇر. مۇنداق تالاق بىر تالاققا ھېسابلىنىدۇ.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا، بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق بىر تالاق ھەسابلىناتتى. ئۈچىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىغا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ تالاق ئىشىنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈپ، ئاياللىرىنى ھە دەپ ئۈچ تالاق قىلىۋېتىش ئەھۋالى كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقتىن، بۇ سەلبىي ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقستى بىلەن، خەلىپە ئۆمەر مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن "بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق" نى ئۈچ تالاققا ھېساپ قىلىشقا ئىجما قىلىشقان. مەلۇمكى ئىجما ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى مەنبەئى ھېسابلىنىدۇ. مەشھۇر تۆت مەزھەپ ــ ھەنەفىي، شافىئى، ھەنبەلى ۋە مالىكى مەزھەپلىرىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىجما بويىچە "بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق" نى ئۈچ تالاققا ھېساب قىلغان. ئەمما شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەسلى ھۆكۈمگە قايتۇرۇپ، "بىر لەۋزى بىلەن قىلىنغان ئۈچ تالاق"نى بىر تالاققا ھېساب قىلىشنى تاللىغان. ھازىر دۇنيادىكى

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى بۇ قاراشنى قوللايدۇ. مىسىر، سۈرىيە ئىجتىمائىي قانۇنلىرىمۇ بۇلارنىڭ رايىغا ئەمەل قىلماقتا. بۇلارنىڭ دەلىللىرى كۈچلۈك ئۇرۇندا تۇرىدۇ.

### مەسىنىڭ، زورلانغۇچىنىڭ ۋە بىھۇشنىڭ تالىقى

ھەر قانداق كىشىنىڭ تەسەررۇپىنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سالاھىيەتلىك بولىشى شەرتتۇر. تەسەررۇپقا سالاھىيەتلىك بولۇش ــ ئەقىل ئىگىسى بولۇش، بالىغ بولۇش، تەسەررۇپىدا ئىختىيار ئىگىسى بولۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ قائىدىگە ئاساسەن، مەسىنىڭ، زورلانغۇچىنىڭ قىلغان تالىقى ھېسابقا ئېلىنماسلىقى كېرەك. چۈنكى مەس ئەقلىنى يوقاتقانلىقتىن نېمە سۆزلىگىنىنى ھېس قىلماستىن تالاق قىلغىنى ئۈچۈن، زورلانغۇچى بولسا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى زورلانغانلىقى سەۋەبلىك مەجبۇرى تالاق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئەقىل ۋە ئۆز رازىلىقىدىن ئىبارەت سالاھىيىتى تالاق قىلغان ۋاقتتا بولمىغان بولىدۇ. بۇنداق ئىكەن، بۇلارنىڭ قىلغان تالىقى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.

ئەمما ھەنەپىي مەزھىبىدە، مەسىنىڭ قىلغان تالىقىنى تالاق دەپ ھېسابلايدۇ. بۇلار مۇنداق دەپ دەلىل كۆرسىتىدۇ: مەس بولىۋالغان ئادەم ئۆزلىگىدىن مەس بولۇپ ھارام ئىشنى سادىر قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تالىقىنى تالاق دەپ، ھېسابلاش ئۇنىڭ مەس بولغىنىغا بېرىلگەن جازا بولىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە، بۇ جازانى مەس بولغان ئادەملا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىگۇنا ئايالى كۆپرەكىنى چېكىدۇ. بۇ ئايالنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ مەسنى بۇ ئۇسۇل بىلەن جازالاش ھەرگىز ئاقىلانىلىق سانالمايدۇ. شۇڭا ئەڭ توغرىسى مەسىنىڭ مەسلىك ھالىتىدە قىلغان تالىقىنى ئېتىبارغا ئالماسلىقتۇر. شافىئى ھەنبەلى ۋە مالىكى مەزھەبلىرىمۇ مەسىنىڭ تالىقىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. سۈرىيە ئىجتىمائىي قانۇنىمۇ بۇ ئۈچ مەزھەپنىڭ رايىنى تۇتۇپ كەلمەكتە. ئەمما زورلانغۇچىنىڭ تالىقىنى يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپ ئېتىبارغا ئالمايدۇ. پەقەت ھەنەپىي مەزھىبىدە، زورلانغۇچىنىڭ تالىقىنى تالاق دەپ سانايدۇ. مىسىر ۋە سۈرىيە ئىجتىمائىي قانۇنلىرىمۇ بۇ ئۈچ مەزھەپنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرمەكتە.

بىھۇش ــ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىك ياكى كېسەللىك سەۋەبلىرى بىلەن ئەقلىنى يوقاتقان بولۇپ، نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزى بىلمەيدىغان ئادەم دېمەكتۇر.

ھەنەپىي مەزھىبى بىھۇشنىڭ تالىقىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. چۈنكى بىھۇش ئەقلىنى يوقاتقان. ئەمما باشقا ئۈچ مەزھەپتە بىھۇشنىڭ تالىقى تالاق ھېسابلىنىدۇ. مىسىر، سۈرىيە

ئىجتىمائىي قانۇنلىرى ھەنەپىي مەزھىبىنىڭ رايى بويىچە ئەمەل قىلماقتا.

## غائىبنىڭ تالىقى

بىراۋ ئايالىنى تاشلاپ قويۇپ يوق بولۇپ كەتسە،ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىسا، ئايالى نېمە قىلىدۇ؟ ھەنەپىي ۋە شافىئى مەزھەبلىرىگە كۆرە، ئايال كىشى ئېرى قايتىپ كەلگۈچىلىك ياكى ئىسلام مەھكىمىسى ئېرىنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقارغۇچىلىك ئېرىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ.

مەھكىمە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن، ئايالغا ئېرىنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىدۇ، دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئىختىلاپلار بار. ھەنەپىلەرنىڭ مەشھۇر سۆزى ئېرى ئىز- دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئايال كىشى 80 يىل كۈتىدۇ، ئاندىن كەلمىسە، مەھكىمە ئۇنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ دېيىشىدۇر. ئەمما مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەپلىرىگە كۆرە، يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ ئايالىنى ئۇنىڭ نىكاھىدىن ئاز مۇددەتتىن كېيىنلا ئايرىۋېتىشتۇر. شۈبھىسىزكى، ھەنەپىي ۋە شافىئى مەزھەپلىرىگە كۆرە ئىش كۆرۈش بۇ مەسىلىدە ئايال كىشىنى كۆپ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كەلمىگەن ئېرىنى 80 يىل كۈتۈشكە ئۆمرى يېتەمدۇ؟ بۇ ئايال ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ نىكاھىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ئالىدۇ؟ بۇ ئەقىلغا ھەرگىزمۇ سىغمايدىغان بىر گەپ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ توغرىسى بۇ مەسىلىدە، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ رايى بويىچە ئەمەل قىلىش ياخشىدۇر. مىسىر ۋە سۇرىيىنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي قانۇنلىرىمۇ، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەپلىرىنىڭ كۆزقارىشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «ئەگەر ئېرى ئۆزۈرسىز ھالدا، يوقاپ كەتسە ياكى ئۈچ يىللىقتىن كۆپ مۇددەتلىك تۈرمىگە قامىلىپ قالسا، ئايالىنىڭ ئېرى غايىپ بولغان ياكى تۈرمىگە ئېلىنغان ۋاقىتتىن بىر يىل كېيىنلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ھەققىدە مەھكىمىگە ئەرز بېرىش ھوقۇقى بار. ئەگەر ئايالىنىڭ ئىددىتى توشقىچىلىك بولغان ئارىدا (ھامىلدار بولسا تۇغقىچە، ھامىلدار بولمىسا ئۈچ ئاي توشقىچە)، ئېرى قايتىپ كەلسە ياكى تۈرمىدىن چىقسا ئايالىنى نىكاھسىزلا قايتۇرىۋالالايدۇ. ئەگەر ئېرىنىڭ يوقاپ كېتىشى بىرەر ئۆزرە سەۋەبىدىن بولغان بولسا، مەسىلەن: ئىلىم تەھسىل قىلىش، جىھاد قىلىش، ھەج قىلىش ۋە تىجارەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن كېتىپ قېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئايالى ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ھەققىدە ئەرز سۇنالمايدۇ. مەھكىمىمۇ ئايرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا، مۇنداق كىشىنىڭ كەتكەن يېرى ئېنىق، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىمۇ ئېنىق بولغان بولىدۇ»

## ئايا ئېرىدىن خېتىنى ئالماستىن ياتلىق بولمايدۇ

كـۈنىمىزدە، ئالاقىلىــشىش قورالللىرىمــۇ تەرەققــى قىلــدى. شــۇڭا ئايــال كــشى خەت ئــارقىلىق يــاكى تېلېفــون ئــارقىلىق يــاكى ئادرېــسىنى بىلمــسە باشــقىلارنىڭ ۋاستىــسى ئــارقىلىق ئېــرى بىــلەن خەۋەرلىــشەلەيدۇ. ئەگەر ئېــرى تــېز كەلمەيــدىغان هــالەتتە بولــسا، ئۇنىڭدىن تــالىقنى سورايدۇ. رۇخسەت خېتىنــى بەرسە، ئۇنىــڭ نىكاهــدىن چىققان بولىدۇ ۋە يــاتلىق بولالايــدۇ. ئەرلــرى ئىچكــرىگە يــاكى چەتــئەللەرگە تىجــارەت قىلغىلــى كېتىــپ قېلىــپ، قايتىــپ كەلمــگەن ئاياللارمۇ شــۇنداق خەۋەرلىشــشى كېــرەك. ئــۇلاردىن خېتىنــى ئالماي تۇرۇپ توي قىلماسلىقى كېرەك.

## بېخىلنىڭ تالىقى

بىــراۋ ئايالىنىــڭ هالىــدىن خەۋەر ئالمــاي، ئۇنىــڭ كــيىم ـ كــېچەك، يــېمەك ـ ئىچــمەك ۋە باشــقا ئېهتىيــاجلىرىنى هــېچ قامــدىماي يــاكى ئــۇنى قويــۇپ بەرمەي ئازاپلىــسا، نــېمە قىلىــش كېرەك؟

هــالبۇكى، ئايــال كــشىنىڭ پۇتــۈن چىقىملىرىنــى كــۆتىرىش ئەر كــشىنىڭ بۇرچــىدۇر. شــافىئى، مــالىكى ۋە هەنبەلــى مەزهەپلىــرىگە كــۆرە، بــۇ ئىككــسىنىڭ ئارىــسىنى ئــايرىۋېتىش كېــرەك. ئــاللاھ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ئايــاللارنى زۇلــۇم قىلىــش مەقــستىدە زىيــان يەتكــۈزۈپ تۇتۇۋالماڭلار﴾ (بەقەرە سۈرىسى 231 ـ ئايەت)

ئايــال كــشىنى ئۇنىــڭ ئېهتىيــاجلىرىنى قامــداپ بەرمەســتىن، يــاكى قويۇۋەتمەســتىن، تۇتۇۋېلىش ئۇنىڭغا قاتتىق زىيان يەتكۈزگەنلىكتۇر.

هەنەپــى مەزهــبىگە كــۆرە، ئايالىنىــڭ ئېهتىيــاجىنى قامدىمــدى دەپلا ئۇلارنىــڭ ئارىــسىنى ئايرىۋەتمەســلىك كېـــرەك. بەلكـــى ئەر كـــشى قىيىنچىلىقتــا بولغــان ســەۋەب بىــلەن قامدىيالمىغان بولۇشــى مۇمكىن. ئەگەر ئــۇ، قولىــدا بــار تــۇرۇپ چىقىــم قىلمىغــان بولــسا، ئــۇ زالىمــدۇر. لــېكىن بۇنــداق زۇلــۇمنى تــالاق بىــلەن هەل قىلىــشقا بولمايــدۇ. ئــۇنى باشــقا چــارە بىــلەن ـــ مەســىلەن: ئۇنىــڭ مــال دۇنياســىنى ئايالىنىــڭ ئېهتىيــاجىنى هەل قىلىــش ئۈچــۈن مەجبــۇرى ســاتقۇزۇش يــاكى ئــۇنى باشــقا جــازالار بىــلەن تەهدىــد قىلىــش ئــارقىلىق هەل قىلىش كېرەك.

ئىــسلام دۆلەتلىــرى قەدىمــدە، هەنەپــى مەزهــبىگە كــۆرە ئىــش كــۆرەتتى.ئەممــا هــازىرقى ئىجتىمائىي قــانۇن يــۇقىرىقى ئــۈچ مەزهەپنىــڭ رايــى بــويىچە ئىــش كــۆرمەكتە. بــۇ بولــسىمۇ، ئايــال كــشىنى ئــازاپتىن قۇتۇلــدۇرۇش ۋە ئۇنىــڭ ئېهتىيــاج ســەۋەبى بىــلەن بۇزۇلــۇپ، يامــان

يولغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەگەر ئايالى ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشتۇر.

## شەرت بىلەن تالاق قىلىش

شەرت بىلەن تالاق قىلىش ــ ئايالىغا «ئەگەر سەن ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بارساڭ، سەن تالاق، ياكى پالانى كەلسە، سەن تالاق» دېيىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا تالاق ئىشىنى قانداقلا بىر شەرتكە باغلاش دېمەكتۇر. بۇنداق تالاق ــ ئەگەر ئېرى راستىنلا تالاقنى نىيەت قىلىپ شۇنداق شەرتنى قىلغان بولسا ــ شەرتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن تەڭلا چۈشىدۇ، يەنى ئايال كىشى، ئېرى ئېيتقان شەرت ئەمەلگە ئاشقان ھامان ئۇنىڭدىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. شەرت بىلەن تالاق قىلىش ئاياللىرىنى باشقۇرالمايدىغان ياكى ئۇلارنى گېپىگە كىرگۈزەلمەيدىغان ئەبگا، ئاخماق،جاھىل ۋە قالاق ئادەملەرنىڭ قوللىنىدىغان تالىقىدۇر. بۇنداق تالاقنى قوللانغۇچىلار پەقەت خوتۇنلىرىنى گەپلىرىگە كىرگۈزۈش ياكى قورقۇتۇش ئۈچۈنلا قوللانسا كېرەك. ئەگەر ئۇ ئەمەلىيەتتە تالاقنى نىيەت قىلماستىن، بەلكى ئايالنى قورقۇتۇش ياكى گېپىگە كىرگۈزۈشنى نىيەت قىلىپ شۇنداق شەرتنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ شەرت قىلغىنى تالاق ئەمەس، بەلكى قەسەمنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، شەرت ئەگەر ئەمەلگە ئاشسا، ئېرى بۇ ئاخماقلىقى ئۈچۈن، قەسەمنى بۇزغاننىڭ كاپارىتى (ماددىي جازاسى) بويىچە، ماددىي جازا تۆلەشكە تېگىشلىك بولىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قەسەمنى بۇزغان ئادەم ئۇنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن ئائىلىسىگە بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرىدۇ، ياكى ئون مىسكىنگە، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى يېپىپ تۇرغىدەك بىرقۇر كىيىم بېرىدۇ، بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن رۇزا تۇتىدۇ.

## مۇرتەد بولۇش بىلەن نىكاھنىڭ بۇزۇلىشى

مۇرتەد ـ مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ، كاپىر بولغان كىشى دېمەكتۇر.

ئاللاھقا، ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىگە، ياكى قۇرئان ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلەر بىلەن بەلگىلەنگەن ئەقىدە ۋە ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىپ، مۇسۇلمانلىقتىن يېنىۋالغان ئادەم مۇرتەد دېيىلىدۇ.

ئەر ياكى ئايال ئىككىسىنىڭ بىرى مۇرتەد بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلىدۇ. مۇرتەد بولغان كىشى گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، قايتا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئايالىنى قايتا نىكاھ بىلەن قايتۇرالايدۇ. مۇرتەد بولغان ئايال كىشىمۇ شۇنداق

قىلىدۇ.

### بەدەللىك تالاق

بەدەللىك تالاق ـ ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بەرگەننىڭ بەدىلىگە مال ـ دۇنياسىدىن خالىغىنىنى ئېرىگە بىرىشى دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال ) نىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىرىمگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇننىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىككىسىگە(يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ﴾ (بەقەرە سۈرىسى 229 ـ ئايەت)

ئەمما ئاياللار تالاق خېتىنى تەلەپ قىلغاندا، ئەرلەرنىڭ ئۇلارنى مال ـ دۇنيا بېرىشكە قىستاش هوقۇقى يوقتۇر. بۇنداق قىلغان كىشى قاتتىق گۇناهكار بولىدۇ. ئايال كىشى ئۆز رازىلىقى بىلەن، ئۆزى خالاپ مال ـ دۇنيا بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. ئايال كىشىنى سۆزىنى بەرمەستىن، مال ـ دۇنيا بېرىشكە قىستاش بەكمۇ نامەرتلىكتۇر. بۇنداق ئالغان مال ـ دۇنيا هارامدۇر. بۇنى ۋىجدانلىق كىشىلەر قىلمايدۇ.

### تالاقتىن كېيىنكى ئىشلار

تالاقتىن كېيىن مۇنداق ئىككى ئىش بەلگىلىنىدۇ:

1. نەفەقە

تالاق قىلىنغان ئايال كىشى ئىددىتى توشۇپ پاكلانغىچە ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش هوقۇقىغا ئىگە. ئايالنى تالاق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە، ئۇنى ئۆيىدىن قوغلىغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناهكار بولىدۇ. ئەمما ئايال كىشى ئۆزى تۇرۇشنى خالىماستىن، بۇ ئۆيدىن كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىددەتتىن چىققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى نەفەقىسى (يەنى چىقىملىرى) ئەر كىشىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. ئەگەرئۇ، ئايالنىڭ تېگىشلىك نەفەقىسىنى بەرمىسە، ئايال كىشىنىڭ هەققىنى يېگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناهكار بولىدۇ.

2. ئىددەت

ئىددەت ــ ئاجراشقان ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىقىپ كەتكىنىگە قەدەر بولغان مەزگىل دېمەكتۇر. تالاق قىلىنغان ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم كېلىدۇ. ئىددەت تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

(1) ئادەت كۆرىدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى 3 پاكلىق، يەنى ئېرى تالاق قىلغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئادەت كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن 3 قېتىم پاكلىنىشى ئارقىلىق ئىددەتتىن چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ، ئېرىنىڭ زىممىسىدىن چىققان بولىدۇ.

(2) ئادەت كۆرمەيدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى 3 ئايدۇر. يەنى ئادەت كۆرۈشتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئاياللارنىڭ ئىددىتى ئەرلىرىدىن ئايرىلغىنىدىن باشلاپ تولۇق 3 ئاي بولىدۇ.

(3) ھامىلىدار ئايالنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولۇپ، ھامىلىدار ئايال بالىسىنى تۇغۇپ بولۇپ، تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئىددەتتىن چىققان بولىدۇ.

(4) ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى 4 ئاي 10 كۈندۇر. ئەگەر بۇ ئايال ھامىلىدار بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر بولىدۇ.

بىراۋ بىر ئايال بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلماستىن، ياكى ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالماستىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ھايات قالغان بۇ ئايال ئۈچۈن ئىددەت تۇتۇش لازىم كەلمەيدۇ.

ئايال كىشىنىڭ ئىددەتتىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. ئىددەتتىن چىقمىغان ئايالغا نىكاھ چۈشمەيدۇ.

# ئۈچىنچى بۆلۈم: ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە

## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. بالىلار ئاتا ـ ئانىلارغا قانچىلىك كۆپ ياخشىلىق قىلسىمۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىزمۇ قايتۇرۇپ بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاتا، ئائىلىنىڭ يېتەرلىك ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاش يولىدا ھارماي ـ تالماي ئىشلەيدۇ، چارچايدۇ. ئانا بولسا، پەرزەنتىم دەپ، توققۇز ئاي قورساق كۆتىرىپ، ئاندىن ئۇنى تۇغۇش جەريانىدا ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان تولغاقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئۇنى تۇغىدۇ. ئاندىن ئۇنى يىللار بويى ئېمىتىپ، ئاسراپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇنى چوڭ قىلىش جەريانىدا كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئۆزىگە ھارام قىلغان ھالدا، بالىسىنى ئاسراش ۋە ھىمايە قىلىش يولىدا ئۆزىنىڭ راھەتىنى ئۇنۇتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ خوشاللىقى ئۈچۈن خوشال بولىدۇ. ئۇلارنىڭ غەمكىنلىكلىرى ئۈچۈن غەمكىن بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ ئادەم بولغىنىنى كۆرگىنىدە، قانچىلىك ھاياجانغا تولۇپ، ئۆزلىرىنى قانچىلىك سائادەتلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بولۇش قىيىن. پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇگۈنى ھەم ئەتىسىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا پەرزەنتلىرى ئۈچۈنلا ياشايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ـ بالىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشلىرىدىن ئىبارەت بىر جۈملە سۆزگە قىسقىرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن بۇ بىرجۈملە ــ ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تەمىنلەپ تۇرۇش، ئۇلارنى ئاسراش، ئۇلارغا ۋاپا قىلىش، ئۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنى ھەمىشە ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق كۆپلىگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بالىلارنى ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ بىر جۈملە سۆزگە بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن، (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ﴿ئى پەرۋەردىگارىم ! ئۇلار

مىنــى كىچىكلىكىمــدىن تەربىيىلىگىنىــدەك، ئۇلارغــا مەرھەمەت قىلغىــن» دېگىــن. پەرۋەردىگــارىڭلار دىلىڭلاردىكىنــى ئوبــدان بىلگۈچىــدۇر. ئەگەر ســىلەر ياخــشى بولــساڭلار (يەنــى ئاتــا ـ ئانــاڭلارنى قاخــشاتقۇچى بولمــساڭلار، ئــاللاھ تائــالا ســىلەرنىڭ خاتــالىقىڭلارنى كەچۈرىــدۇ) ئــاللاھ ھەقىــقەتەن، تەۋبە قىلىــپ تۇرغــۇچىلارنى مەغپىــرەت قىلغۇچىــدۇر﴾ (ئىــسرا سۈرىسى 23 ـ 25 ـ ئايەتلەر)

يۇقىرىقى ئــايەتلەر، بــالىلار قانــداقلا شــارائىتتا بولمــسۇن، يەنــى ئــۇلار مەيلــى بــاي بولــسۇن، مەيلــى كەمــبەغەل بولــسۇن، مەيلــى كۆڭــۈللىرى خــاتىرجەم بولــسۇن، مەيلــى غەم ـ قــايغۇ ئىچىــدە بولــسۇن، ھەر ھـــالەتتە، ئاتـــا ـ ئانىلارغـــا ياخـــشىلىق قىلىـــشنىڭ لازىملىقىنـــى ئىپادىلەيــدۇ. ھەتتــا قۇرئــان كەرىــم، بەزى ۋاقىــتلاردا بالىلارنىــڭ ئاچچىقىــدىن ئــۆزلىرىنى تۇتالمىغـــان ھـــالەتلەردىمۇ ئۇلارغـــا مـــالاللىقنى بىلدۈرىـــدىغان ئـــاددى ســـۆزلەرنىمۇ قىلماســلىقنى تەۋســىيە قىلىــدۇ. خوسۇســەن، ئاتــا ـ ئــانىلار قېرىــپ قالغانــدا، ئۇلارنىــڭ كۆڭــۈللىرى ئىــنچىكە، گەپ كۆتىرەلمەيــدىغان بولــۇپ قالغاچقــا، ئۇلارغــا ئىنتــايىن يۇمــشاق ۋە سىلىق مۇئامىلىــدە بولۇشــنى ئالاھىــدە تەۋســىيە قىلىــدۇ. ئۇنىڭــدىن كېيىــن، بــالىلار ئاتــا ـ ئانىلارغـــا قولىرىـــدىن كېلىـــدىغان پۈتـــۈن ياخـــشىلىقلارنى قىلغانىنـــىڭ ســـىرتىدا ئـــاللاھ تائـــالادىن ئۇلارغــا مەرھەمەت ۋە رەھــمەت تىلەشــنى تەۋســىيە قىلىــدۇ. ئەڭ ئاخىرىــدا ئــاللاھ تائـــالا ئۇلارنىـــڭ دىللىرىـــدىكى پۈتـــۈن ئويلىغـــانلىرىنى بىلىـــدىغانلىقىنى ۋە ئاتـــا ـ ئانىـــسىغا بولغـــان ســـەمىمى ئىخلاســـى ۋە مـــۇھەببىتىگە قـــاراپ مۇكاپـــات بېرىـــدىغانلىقىنى بايـــان قىلىـــش بىلەن بۇ تەۋسىيەلەرنى تاماملايدۇ.

ئـــاللاھ تائـــالا ئاتـــا ـ ئانـــا ھەققىـــدە تەۋســـىيە قىلىـــپ يەنە مۇنـــداق دەيـــدۇ: ﴿ئىنــسانىنى ئاتــا ـ ئانىــسىغا ياخــشىلىق قىلىــشقا بــۇيرۇدۇق، ئانىــسى ئــۇنى (قورســىقىدا) ئۈســتى ـ ئۈســتىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى، ئىككــى يىلــدا ئــۇنى ئەمچەكــتىن ئايرىــدى، (ئــى ئىنسان!) ماڭــا ۋە ئاتــا ـ ئاناڭغــا شــۈكۈر قىلغىــن، ئــاخىرى قايتىــدىغان جــاي مېنىــڭ دەرگاھىمــدۇر.﴾ (لوقمــان سۈرىسى 14 ـ ئايەت)

## ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى

ئاتا ـ ئانىغــا ياخــشىلىق قىلىــش پەيغەمبەرلەرنىــڭ ئەخلاقــى ۋە ھەقىقىــي مۇســۇلمانلىقنىڭ نىشانىسىدۇر

ئـــاللاھ تائـــالا ئىبـــراھىم ئەلەيھىـــسسالامنىڭ ئـــازغۇن دادىـــسى (ئـــازەر) نـــى تـــوغرا يولغـــا باشــلاش ئۈچــۈن دادىــسىغا مېھرىبــانلىق بــىلەن نەســىھەت قىلغــانلىقى ۋە دادىــسى ئۇنىــڭ نەسىھىتىنى قوبــۇل قىلمىغانــدىمۇ، ئۇنىڭغــا ئامــانلىق تىــلەپ چىــرايلىقچە قايتقــانلىقىنى بايــان

قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن. ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر بېرىلدى، ماڭا ئەگەشكىن سېنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى. ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن قورقىمەن» ئۇ (يەنى ئازەر) ئېيتتى: «ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن، ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ چوقۇم سېنى تاش كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن. ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن» ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ماڭا مېھرىباندۇر»﴾ (سۈرە مەريەم 42 ـ 47 ـ ئايەتلەر).

ئاللاھ تائالا يەھيا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمچان قىلدۇق، ئۇ مۇتەكەببىر (يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقۇچى)، ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى﴾ (سۈرە مەريەم 14 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە يېتىپ سۆزلىگەن سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنى ئاللاھ تائالا ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر شەقى قىلمىدى.﴾ (سۈرە مەريەم 32 ـ ئايەت)

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارغا پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، ئېغىر ئىشلىرى بولسۇن، يېنىك ئىشلىرى بولسۇن ھەممىدە ئۇلارغا ئىتائەتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىش قاتارلىقلار ماددىي تەرەپتىن ياخشىلىق قىلغانلىق بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خوشال قىلىش، دەرتلىرىگە قۇلاق سېلىش، مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بېرىش، بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش قاتارلىقلار مەنىۋى جەھەتتىن ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئاتىنىڭ رازىلىقىدا، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ئاتىنىڭ غەزىپىدە» (تىرمىزى رىۋايىتى)

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ ئانىسىنى يۈدۈپ كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇ. بۇ ئادەم ئىبنى ئۆمەرگە يېقىنلىشىپ: «ئى ئىبنى ئۆمەر! مەن بۇنىڭ بىلەن ئانامنىڭ مېنىڭدىكى ھەقلىرىنى ئادا قىلغان بولدۇممۇ؟» دەپ سورىغاندا،

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، سەن تېخى ئاناڭنىڭ ئەجرلىرىدىن مىڭدىن بىرىنىمۇ ئادا قىلمىدىڭ. لېكىن سەن ياخشى قىلدىڭ. ئاللاھ سېنىڭ ئازلا خىزمىتىڭگە كۆپ ساۋاپ بەرگۈسى» دەپ جاۋاب بىرىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئۈچ نەپەر كىشى كېتىپ باراتتى، توساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلار بىر تاغنىڭ تېگىدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تاغدىن چوڭ بىر تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى توسىۋالىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە، ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان ئەمەللىرىڭلار بولسا شۇ ئەمەللىرىڭلارنى ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، بەلكى ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىسىدىن بىزگە بىر چىقىش يولى بىرىپ قالار، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دەپ دۇئا قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانام بىلەن بىر نارىسىدە بالام بار ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن قوي باقاتتىم، ھەر كۈنى ئۇلارغا سۈت ئىچكۈزەتتىم. بىر كۈنى كەچ كېلىپ قالدىم. كەلسەم ئاتا - ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. مەن سۈتنى سېغىپ ئەكىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىدا تۇتۇپ تۇردۇم ئۇلارنى ئويغىتىشقا كۆزۈم قىيمىدى. كىچىك نارىسىدە بالام ئايىغىمدا ئاچلىقتىن زارلىنىپ، سۈت ئىچىمەن دەپ يىغلاپ تۇراتتى، مەن ھەمىشە ئاۋۋال ئاتا - ئانامغا ئىچكۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن بالامغا ئىچكۈزەتتىم. ئاتا - ئانامنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ شۇنداق تۇرۇپ تاڭ ئاتتى. ئەگەر مېنىڭ بۇ قىلغىنىم سېنىڭ دەرگاھىڭدا ياخشى ئەمەللەر قاتارىدىن بولۇپ قوبۇل قىلىنغان بولسا، بۇ ئەمەلىمنىڭ يۈز - خاتىرىسى بىلەن بىزگە بىر يوچۇق ئېچىپ بەرگىنكى بىز يورۇقلۇقنى كۆرەيلى، ئاللاھ ئۇلارغا بىر يوچۇق ئېچىپ بەردى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاسماننى كۆرەلىدى.........» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يا رەسۇلەللاھ! دادام مېنىڭ مال - مۈلكۈمنى مەندىن سوراۋاتىدۇ، قانداق قىلىمەن» دېگەندە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، «سەن ۋە مال - مۈلكۈڭ داداڭنىڭدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ»

## ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش جىھاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلدۇر

ئاللاھ تائالانىڭ دىننى ھىمايە قىلىش يولىدا جىھاد قىلىش ئىسلامدىكى ھەرقانداق ئىبادەتلەردىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىكتۇر. جىھادتا شېھىت بولغان شېھىتلارنىڭ ھېسابسىز، سوئالسىز، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرمۇ كۆپ. ئەمما ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش جىھاد قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى،

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئىسلام دىنى نەزەرىدە نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت ئىكەنلىكى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، جىھادقا چىقىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رۇخسەت سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمدىن «سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ ئادەم «ھەئە، ھايات» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنى، سەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئارقىلىق جىھادنىڭ ساۋابىنى تاقىن، دەپ قايتۇرىۋېتىدۇ» (نەسائىي رىۋايىتى)

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: يەمەنلىك بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «يەمەندە بىرەر كىشىڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ ئادەم «ئاتا ـ ئانام بار» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئۇلار ساڭا بۇ يەرگە كېلىشىڭگە رۇخسەت بەرگەنمۇ؟» دەپ سورايدۇ، بۇ ئادەم، «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ رۇخسەت سورىغىن، ئەگەرئۇلار رۇخسەت بەرمىسە، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن» دەيدۇ» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، يا رەسۇلەللاھ! مەن جىھاد قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭغا قادىر بولالمايمەن، قانداق قىلسام جىھاد قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيمەن؟ دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن «ئاتا ـ ئاناڭدىن بىرەرسى ھاياتمۇ؟» دەپ سورىغاندا، بۇ ئادەم «ئانام بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمگە «ئاللاھ تائالا سېنى ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن، ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، ھەج قىلغانىنىڭ ،ئۆمرە قىلغانىنىڭ ۋە جىھاد قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئالىسەن» دەيدۇ» (تەبەرانىي رىۋايىتى)

ئىسلام دىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەدرىنى شۇنچىلىك كۆتىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى شۇنچىلىك قەدىرلەيدۇكى، ھەتتا ئۇلار كاپىر، مۇشرىك بولغان تەقدىردىمۇ، باللارنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن،

ئۇلارغا دۇنيادا ياخشىلىق قىلغىن.﴾ (لۇقمان سۈرىسى 15 ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەگەر كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، ـ ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان بارلىق ئىشلاردا ــ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى، خىزمەتلىرىنى قىلىشى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان قەرزدۇر.

## ئاتا ـ ئانىغا ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىش

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتۇق، سەلىمە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم كېلىپ «يارەسۇلەللاھ! ئاتا ـ ئانامغا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقلاردىن ئۇلار ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئەلۋەتتە بار، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلەش، ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرىنى يۈرگۈزۈش، ئۇلار ئارقىلىق قىلىنىپ كەلگەن سىلە ـ رەھىملەرنى داۋام قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ بىللە ئۆتكەن دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ھۆرمەت قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىي)

بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قىلغان مېھنەتلىرىنى ئۇلارغا قانچىلىك ياخشىلىق قىلىپمۇ ئادا قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ باللارنىڭ گەردەنلىرىدە ئۇلارغا دۇئا قىلىش، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەتلىكىنى تىلەش، ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا دوست بولۇپ ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق ھەقلەرنىڭ قالىدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى ئېنىق بىر ھەقىقەتتۇر.

## ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىدىن چوڭدۇر

ئانىلارنىڭ باللار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئاتىنىڭ ھەقلىرىدىن كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلارنىڭ ھەقلىرى ئۇلارنى ئادا قىلىش جەھەتتە، ئاتىلارنىڭ ھەقلىرىدىن ئەۋزەل ۋە ئالاۋۇالقى ئورۇندا تۇرۇشقا تېگىشلىك. چۈنكى ئانىنىڭ بالىسىنى قورسىقىدا كۆتىرىپ، تۇغۇپ، ئېمىتىپ، چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش جەريانىدا چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرى، ئاتىنىڭ ئائىلىنىڭ كەملىرىنى بار قىلىپ، ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىش يولىدا چەككەن مېھنەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ئېغىر ۋە كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئانىلارنىڭ بالا تۇغۇپ چوڭ قىلىش يولىدىكى مېھنەتلىرىنى ئالاھىدە قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ

ھەقلىرىنى ئاتىلارنىڭ ھەقلىرىدىن ئاۋۋالقى ئورۇندا قويىدى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ بۇ ھەقلەرنى ئۆز يولىدا، تولۇق ئورۇنلىشىنى تەۋسىيە قىلدى.

بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى رىۋايەت قىلىنغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، «يا رەسۇلەللاھ! ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىم كىم؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، «ئاناڭ» (يەنى ياخشىلىق قىلىشىڭغا ئەڭ ھەقلىق كىشىڭ ئاناڭ) دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئادەم، «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە، «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇ ئادەم يەنە، «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇ ئادەم يەنە، «ئۇنىڭدىن قالساكىم؟» سورايدۇ، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بىرىدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

## ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە تەۋسىيەلەر

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئەگەر سىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قولغاكەلتۈرمەكچى بولسىڭىز مۇنۇ تەۋسىيەلەرگە ئەمەل قىلغايسىز، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. ئاتا ـ ئانىغا ھەرۋاقىت ئەدەپ بىلەن سۆز قىلىش.

2. ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش.

3. ئۇلارغا مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىش، ھېچ ۋاقىت ئۇلارغا غەزەب بىلەن قارىماسلىق،بەلكى ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن قاراش.

4. ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە ئالماسلىق.

5. ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ھەمىشە دۇئالىرىنى ئېلىپ تۇرۇش.

6. ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاشتا ئاۋۋال ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراش.

7. ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ھەرۋاقىت «خوش ئاتا ـ خوش ئانا» دەپ تەبەسسۇم بىلەن ھازىر بولۇش.

8. ئۇلارنىڭ دوست ـ يارانلىرىنى ھۆرمەتلەش، دۈشمەنلىرىگە ساداقەت باغلىماسلىق.

9. ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشماسلىق، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى بولسا، سىلىق يول بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش.

10. ئۇلارغا سۆز قىلغاندا، ئاۋازىنى كۆتىرىپ ئۇلارنى راھەتسىز قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەدەپ بىلەن قولاق سېلىپ ئاڭلاش.

11. ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ۋە سىرتتىكى ئىشلىرىغا ياردەملىشىش.

12. ئۇلارنىڭ روخسەتسىز سەپەرگە چىقماسلىق، ئەگەر ئالدىراش يۈزىسىدىن كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن ھامان كەچۈرۈم سوراش.

13 ـ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە خوسۇسەن، ئۇلار ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئىزنىسىز كىرمەسلىك.

14. ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى كەلگەندە، قول باغلاپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىش، زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ قويۇپ، ئۇلارنى مېھمانلىرى ئالدىدا يالغۇز تەرك ئەتمەسلىك.

15. ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يىگەندە، ئۇلاردىن بۇرۇن داستىخانغا قول ئۇزاتماسلىق.

16. ئۇلارغا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەسلىك.

17. ئايالىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرمەسلىك.

18. بىرگە يول يۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرمەسلىك، بىرگە ئولتۇرغاندا ئۇلاردىن يۇقىرى ئولتۇرماسلىق.

19. ئۆزى قانچىلىك چوڭ مەنسەپلىك كىشى بولسىمۇ، ياكى كاتتا ئالىم بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا مەنسۇپ بولۇشتىن تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، ئۇلار ئالدىدا ھەمىشە كەمتەر بولۇش.

20. ئۇلارغا ماددىي ياردەمدىن بېخىللىق قىلماسلىق، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۇنۇتۇش.

21. ئۇلارنىڭ مېھنەتلىرىنى قەدىرلەپ تۇرۇش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش ، ھەدىيە ۋە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇش.

22. ئۇلارنى غەزەپلەندۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىش، كۆڭۈللىرىنى ئاسراش.

23. ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنى تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن قوبۇل قىلىش.

24. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىنى تەبرىكلەپ بىرگە خۇشال بولۇش، ئۇلارنىڭ

مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بېرىش.

25. ئۇلارنىڭ يۈز- خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرۈش.

26. ئايالى ئۇلار بىلەن جىدەللىشىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش.

27. ئاتا ـ ئانا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش. ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈش.

28. ئۇلارنىڭ ھەققىدە سەدەقەلەرنى قىلىپ تۇرۇش.

29. ئاتا ـ ئانا ھايات بولسۇن، مەيلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەققىدە، «**رب اغفرلي ولوالدي** » يەنى (ئى ئاللاھ! مېنى ۋە ئاتا ـ ئانامنى كەچۈرگىن) دەپ ھەمىشە دۇئا قىلىپ تورۇش.

30. ھەرقانداق كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ ئوخشىشىنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىن چوقۇم كۆرىدۇ. يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقانلارنى ئۇلارنىڭ باللىرىمۇ قاخشىتىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ باللىرىمۇ رازى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالەم، «ئۆتنە ئالەم» دېيىلىدۇ. بۇ، جەمئىيەتىمىزدە ۋە ئۇزۇن يىللىق تارىخىمىزدا كۆپ تەجرىبە قىلىنىپ، ھەركىشىنىڭ نەزەرىدە رېئاللىققا ئايلانغان بىر ھەقىقەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا ـ ئانىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار سىلەرگىمۇ پەرزەنتلىرىڭلار ياخشىلىق قىلىدۇ»

## ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشنىڭ گۇناھى

پەرزەنتلەر تەرىپىدىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قويىدىغان ياكى ئۇلارنى رەنجىتىپ قويىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ سادىر بولۇشى ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتقانلىقتۇر.

ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. شەرىئەت ئىستېمالى بويىچە ئېيتقاندا، پەرزدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاتا ـ ئانىلار ئېھتىياج ياكى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن باللىرىنى نەپلى (ئىختىيارى) ياكى پەرز كېپايە بولغان ئەمەللەرنى تەرك ئېتىشكە زورلىغان ھالدىمۇ،

ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش لازىم. ئەمما پەرزئەيىن بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن توسسا ياكى هارام ئىشلارنى قىلىشقا زورلىسا، بۇ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلارغا بۇ ئىشلاردا ئىتائەت قىلماسلىق لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا، بەندىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى)

## ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشىتىش كەچۈرۈلمەس گۇناھ

ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. كىشى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كېتىپ، ئاللاھقا شۇنچە سادىق بولسىمۇ، ئاتىسىنى ياكى ئانىسىنى قاخشاتقان ئىكەن، ئۇ، ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يەنى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «جەننەت ئانىلارنىڭ تاگىنى ئاستىدا» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشىتىشنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ نەزەرىدە، ئەڭ قەبىھ ، يامان ئادەم ئۈچتۇر: ئۇلارنىڭ بىرى، ئاتا ـ ئانىسىغا مۇتەكەببىرلىك قىلىپ، ئۇلارنى ھېقىر كۆرگەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يالغان ئىغۋالارنى تارقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلغان ئادەم؛ ئۈچىنچىسى، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا يالغاندىن گەپ تارقىتىپ يۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بوزۇپ، ئۇنىڭ ئايالىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ئادەم» (ئەبۇ نەئىم رىۋايىتى)

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام گۇناھى كەبىرىلەر توغرۇلۇق سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: «گۇناھى كەبىرىلەر: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ئانىسىنى قاخشىتىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغاندىن قەسەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر»(بۇخارى رىۋايىتى)

يەنە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەمگە ئاللاھ جەننەتنى ھارام قىلدى: ئۇلارنىڭ بىرى، ھاراقتىن باش ئالالمايدىغان ئادەم؛ يەنە بىرى ، ئاتا ــ ئانىسىنى قاخشاتقان ئادەم؛ يەنە بىرى، دەييۇس ئادەم»(ئەھمەد رىۋايىتى)

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ پايدىسى يوقتۇر: ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقان ئادەم؛ يەنە بىرى جىهاد مەيدانىدىن قاچقان ئادەم»(تەبەرانى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ تائالا پۈتۈن چوڭ گۇناھلارنىڭ جازاسىدىن خالىغىنىنى قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ، پەقەت ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقانلىقنىڭ جازاسىنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن، مۇشۇ دۇنيادىلا ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ» (بەيھەقىي رىۋايىتى)

ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقانلىقنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئىسلام نەزەرىدە ئەڭ كەچۈرۈلمەس، ئېغىر گۇناھ شېرىك بولسا، شېرىكتىن كېيىنلا ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىشنىڭ گۇناھى كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ( يەنى شېرىك كەلتۈرمەستىن) ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى» يەنى ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئەڭ ئاۋۋالقى ئىش ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەستىن، ئۇنى بىر بىلىپ ئىبادەت قىلىش بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنلا بۇيرۇلغان تەكلىپ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت سانالسا، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشمۇ شۇنچىلىك ئېغىر گۇناھى كەبىرىدۇر.

## ئاللاھ زۇلۇمنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرمەيدۇ

ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئېغىر گۇناھلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ، زۇلۇم (يەنى ھەقسىزلىق) نىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگىنى يوق. ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش ئۇلارغا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا زۇلۇمنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆرسىتىپ كەلدى. ھاياتلىقتىكى تەجرىبىلەر ۋە ياشاۋاتقان جەمئىيىتىمىزدىكى ئاتا ـ ئانىسىدىن قارغىش ئالغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە كۆرگەن، بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز بىزگە ئاچچىق ساۋاق بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. ھەتتا خەلق ماقاللىرىمىزدا: «ئىككى خىل ئادەم ئىشلىمىسىمۇ بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئادەم؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقان ئادەم» دېيىلىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ سۆز توغرا ئېيتىلغان. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان كىشى گەرچە ئاز ئىشلىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىدىن قارغىش ئالغان كىشى قانچىلىك ئىشلىسىمۇ، ئۇ بەرىكەتتىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىشى ئالدىغا ماڭمايدۇ ۋە تاپقانلىرى راۋاج قىلمايدۇ. مانا بۇ رىئاللىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتىنىڭ رازىلىقىدا» دەيدۇ.

دېمەك ئاللاھ تائالانىڭ رىزاسىغا ئېرىشەلمىگەن بىر كىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ياردىمى،

رەھىمتى ۋە مەرھەمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلار ئۈچۈن قىلغان ھەرقانداق دۇئاسى تېز ئىجاۋەت بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « ئۈچ خىل ئادەمنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجاۋەت بولۇشىدا ھېچ شەك يوق: ئۇلارنىڭ بىرى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى؛ يەنە بىرى ، مۇساپىر كىشىنىڭ دۇئاسى؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى»

ئاللاھ تەۋراتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «ئى مۇسا! ئاتا ـ ئاناڭنى ھۆرمەتلىگىن. كىمكى ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان پەرزەنت ئاتا قىلىنىدۇ، كىمكى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقىرىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى قاخشىتىدىغان شەقى بالا ئاتا قىلىنىدۇ» (تەۋرات)

بۇ ماۋزۇدىكى ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىن مەقسەت، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى دېمەكتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا قىلغان كىشىلەر، گەرچە ئاز ئۆمۈر كۆرسىمۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەر ھاسىل قىلالمىغان ياخشىلىقلارغا ۋە دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە دۇنيادىن ئارمىنى قالمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا ـ قىلمىغان كىشىلەر، گەرچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇئۆمرىگە لايىق دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىغا ۋە ئارمانلىرىغا ئېرىشەلمەستىن، بەلكى ھەسرەتتە كېتىدۇ. ئۆمرى قىسقا بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ـ ئۆمرى بەرىكەتسىز بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۆمۈر ئۆزى ياخشىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇزىراپ يامانلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن قىسقىراپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىنسان تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن پۈتۈلۈپ بولغان تەقدىردۇر. پەقەت ئۇنىڭ بەرىكىتى ئۆزگىرىدۇ.

## ئائىلىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ تاشقىرىدىكىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسلامىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

### ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ـ ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم(ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم) قىلىش، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋاللىرىنى سوراش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ تۇرۇش، ئۇلار چاقىرسا قەدەم تەشرىپ قىلىش، ئېھتىياجلىق ھالدا قالسا ماددىي ياردەم بېرىش، مەسلىھەت سورسا يول كۆرسىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «چوڭلىرىڭلاردىن ئۇرۇق - تۇغقانلارغا قانداق سىلە ــ رەھىم قىلىش كېرەك ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. (تىرمىزىي رىۋايىتى)

## ئائىلىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ مۇناسىۋەت، ئۇلارغا سىلىق، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشنى، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقنى، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋاللىرىدىن ياخشى خەۋەر تېپىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتكارلىرى توغرۇلۇق تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار سىلەرنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا خىزمەتكار قىلدى. سىلەر نېمە يېسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇنىڭدىن يېگۈزۈڭلار، نېمە كىيسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇنداق كىيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى كۈچلىرى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماڭلار». بەزى ئائىلىلەردىكى بالا باققۇچى قىزلار ۋە ئاياللارمۇ شۇ ئائىلىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىستىكى تەۋسىيەلەر بۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئائىلىنىڭ خوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ خوشنىلىرى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتى - خوشنىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ئۇلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئازار بەرمەسلىك، ئىناق ۋە مېھرىبان بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «خوشنىلىرىغا ئازار بېرىدىغان ئادەم ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى)

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، خوشنىسىنى ھۆرمەت قىلسۇن!» دەپ كۆرسەتكەن.

## كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىكى ئەدەپ ئەخلاقلار

كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتە ئىشىكنى قېقىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىندۇر. بىر قېتىم ئىشىكنى چېكىشتە ئاچمىسا، ئۈچ قېتىم چېكىش كېرەك. چۈنكى، بىرىنچى قېتىملىق چېكىشتە ئاڭلىماي قالغان بولسا، ئىككىنچى

قىتمىلىق چېكىشتە ئاڭلايدۇ. ئىشىكنى ئېچىشنى خالىغان كىشى ئۇچىنچى قېتىملىق چېكىشتە ئاچىدۇ. ئۇچىنچى قېتىملىق چېكىشتىمۇ ئاچمىسا، ياكى ئۇ ئۆي ساھىبى ئۆيىدە يوق، ياكى ئېچىشنى خالىمىغان بولۇشى ئېھتىمال. شۇڭا ئۈچ قېتىم چېكىشتە ئىشىكنى ئاچمىسا قايتىپ كېتىش لازىم.

ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿ئەي مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەكچى بولساڭلار، ئىشىكنى قېقىپ (ئۆي ئىگىسىدىن) رۇخسەت سوراپ ۋە ئۇلارغا سالام بېرىپ ئاندىن كىرىڭلار.﴾(نۇر سۈرىسى 27 ـ ئايەت)

## ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىشىدىكى ئەدەپلەر

ئىسلام شەرىئىتى ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققاندا، باشلىرىنى، كۆكرەكلىرىنى، بويۇنلىرىنى يېپىپ، ئوزۇن، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ چىقىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ، ئاياللارنىڭ ئىپپەت، نومۇسلىرىنى قوغداش ۋە ھۆرمىتىنى كۆتىرىش يولىدىكى ئەڭ ئېسىل مەدەنىيەتتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ (ئاياللار سىرتقا چىققانلىرىدا) لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن.﴾(نۇرسۈرىسى 31 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە، ئاياللارنىڭ سىرتقا چىققانلىرىدا بولسۇن، ياكى ئۆي ئىچىدە بولسۇن، نامەھرەم ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىقنى ۋە زىننەتلىرىنى ئۇلارغا ئاشكارا قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنە ئاياللارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار نامەھرەم ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن. ئەۋرەت ئەزالىرىنى ياپسۇن. كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن.﴾ (نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت)

ئاللاھنىڭ بۇ ئەمرى ئاياللارنى ھەرتۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلاردىن مۇھاپىزەت قىلىش، شەيتانىي ھەۋەسلەرگە يول بەرمەسلىك ۋە بۇنداق شەيتانى ھەۋەسلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولۇپ، نەتىجىدە ئىسلامىي ئائىلىنى يامان ئاقىۋەت ۋە پىتنەلەردىن قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئەرلەرنى يات ئاياللارغا ئارىلىشىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ:﴿سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار. مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ.﴾ (ئەھزاب سۈرىسى 53 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاياللارغا تەلىم بېرىشتە، ئۇلارغا ئايرىم بىر كۈن، ئەرلەرگە ئايرىم بىر كۈن بەلگۈلەيتتى. ئۇلارنى ئارىلىشىشتىن مەنئى قىلاتتى.

# سىلە ـ رەھىم ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى

سىلە رەھىم ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىشىش ئارقىلىق ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشى دېمەكتۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشمۇ سىلە ـ رەھىمنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىناق شەكىلدە داۋام ئېتىشكە ۋە ھېچبىر زامان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقنى ئۈزۈپ قويماسلىققا چاقىرىدۇ. ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى ساماۋىي دىنلارمۇ كىشىلەرنى ئۆزئارا سىلە ـ رەھىم قىلىششقا بۇيرىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئەھدە ئالغان ئىدۇق﴾ (ئىسرا سۈرىسى 82 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇرۇق ـ تۇغقانغا، مىسكىنگە (يەنى ئاجىز ـ ئۇرۇق كەمبەغەلگە) ، ئىبنى سەبىلگە (يەنى يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرگە) خەير ـ ساخاۋەتتىن ھەققىنى بەرگىن.﴾ (ئىسرا سۈرىسى 26 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى ـ ئابرۇيىنىڭ مەڭگۈ قېلىشىنى ياقتۇرىدىكەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلسۇن» (ھاكىم رىۋايىتى)

ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى جەھەتنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: ماددىي جەھەتتىن سىلە ـ رەھىم قىلىش دېگەنلىك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن بىرەرسى ماددىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، قەرىزدار بولسا، ئۇنى ئۆزۈشكە ياردەم قىلىش، كېسەل بولسا، ئۇنى داۋالىتىش ۋە ئۇلاردىن بىرەرسى ئاجىز بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۈچى بىلەن ياردەم قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن سىلە ـ رەھىم قىلىش دېگەنلىك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى زىيارەت قىلىش، كېسەل بولسا يوقلاش، چاقىرسا ئۇلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىش، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە تەزىيە بىلدۈرۈش، خوشاللىقلىرىنى تەنتەنە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىلە ـ رەھىم قىلىش كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، سۆز بىلەن، قۇرۇق

سالام بىلەن ياكى ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ قويۇش بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى ئورۇق ـ تۇغقانلارغا ئۆز نەپسىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن كېچىپ قوللىرىدىن كېلىشچە ياردىمنى يەتكۈزۈش بىلەن بولىدۇ.

### سىلە ـ رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ مەرتىۋىلىرى

ئىمام نەۋەۋى سىلە ـ رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ تەرتىۋىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلە ـ رەھىمنى ئەڭ ئاۋۋال ئانىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قىز ـ ئوغۇل قېرىنداشلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن تاغا ئاكىلار ۋە تاغا ئاچىلارغا ئۇنىڭدىن كېيىن قىز ـ ئوغۇل قېرىنداشلارنىڭ ۋە تاغىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن خوشنىلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قېيىن ئاتا ۋە قېيىن ئانا قاتارلىق قودىلىقتىكى تۇغقانلىرىغا قىلىش كېرەك. خوشنىلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتا، ئۇلارنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلغۇچىنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولۇش ۋە ئۇزاق بولۇشىدىكى تەرتىپ بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يېنىدىكى خوشنىغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ئۇزاقتىكى قوشنىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئاۋۋال يېقىنىدىكىگە، ئاندىن ئۇزاقتىكىگە قىلىش كېرەك...

ئەمما كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە يەنى ئايالىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە قىلىدىغان چىقىملىرى «سىلە ـ رەھىم» نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى «نەفەقە» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. نەفەقە ـ سىلە ـ رەھىمدىن ئاۋۋالقى ئورۇندا تۇرىدۇ. كىشى ئۆز ئائىلىسىنىڭ نەفەقىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن سىلە ـ رەھىمنى ئادا قىلىشى كېرەك.

### سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ ھۆكمى

سىلە ـ رەھىم قىلىش ھەرقانداق مۇسۇلمان، بالىغ، ئاقىل بولغان كىشىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇش گۇناھى كەبىرلەردىن سانىلىدۇ. سىلە ـ رەھىمنىڭ يۇقىرىسى، ئورۇق ـ تۇغقانلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مال دۇنياسى، يۈز ـ ئابرۇيىنى ۋە ماددىي ھەم مەنىۋى كۈچىنى ئايىماسلىق. سىلە ـ رەھىمنىڭ ئەدناسى، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراشتىن ئىبارەتتۇر. كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراش ھەم ئىبادەت ھەم سەدەقىدۇر.

## سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ پەزىلىتى

سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ پەزىلىتى ئىنتايىن كۆپتۇر. تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سىلە ـ رەھىم قىلىشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق كۈچىيىدۇ. چۈنكى دۇنيادا، يېقىن بولسۇن، يىراق بولسۇن ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولمىغان ئادەم يوقتۇر. پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىدىغان بولسا، جەمئىيەتتە سىلە ـ رەھىم قىلىنمىغان ئاجىز، كەمبەغەل قالمايدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ھەقىقەتەن مۆمىنلەر قېرىنداشلاردۇر﴾ دېگەن مۇبارەك سۆزى رېئاللىقتا تەتبىق قىلىنغان بولىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، سىلە ـ رەھىم قىلسۇن. كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن» (بۇخارى رىۋايىتى)

ئەقەبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، «يا رەسۇلەللاھ! ماڭا ئەڭ ئۇلۇغ ئەمەللەرنى ئېيتىپ بەرسىڭىز» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سەندىن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەنلەرگە سىلە ـ رەھىم قىلغىن، ساڭا بەرمىگەنلەرگە سەن بەرگىن، ساڭا زۇلۇم قىلغانلاردىن يۈز ئۆرىگىن»، دېدى» (تەبەرانىي رىۋايىتى)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بىر قەۋمنىڭ يۇرتىسىدىن شەھەرلەرنى گۈللەندۈرىدۇ، پۇل ـ ماللارنى كۆپەيتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا، ئۇلار يارىتىلغاندىن بېرى غەزەپ قىلىپ باققان ئەمەس، دېگەندە، ساھابىلار «يا رە سۇلەللاھ! ئۇلارنىڭ قانداق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن شۇنداق بولىدۇ؟» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇلارنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلغانلىقىدىن» دەپ جاۋاب بىرىدۇ. (تەبەرانىي رىۋايىتى)

خەسئەم قەبىلىسىدىن بىر ئادەم مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان، ئۇمۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ بىر قانچە نەپەر ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، مەن ئۇنىڭدىن، «ئۆزۈڭنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇمان قىلىۋاتقان ئادەم سەنمۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھە، مەن» دەپ جاۋاب بەردى، مەن بۇ ۋاقىتتا، يا رەسۇلەللاھ! «ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرىلىدىغان ئەمەللەر

قايسىلار؟» دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ، «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش» دېدى، مەن «يا رەسۇلەللاھ! ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سىلە - رەھىم قىلىش» دېدى، مەن «يا رەسۇلەللاھ! ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئەمەللەر قايسىلار؟» دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش» دېدى، مەن «يارەسۇلەللاھ! ئاندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سىلە - رەھىم قىلىشنى تەرك ئېتىشش» دېدى، مەن «يا رەسۇلەللاھ! ئاندىن كېيىن ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىش قايسى؟» دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش» دەپ جاۋاب بەردى» (ئەبۇ يەئلا رىۋايىتى)

ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانغا بەرگەن سەدىقە». بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەتتە ھەرقانداق كىشى سەدىقىسىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە يېقىن بولغان، ئامراق كىشىسىگە بېرىشنى ياقتۇرىدۇ، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن بىرسىگە بىر نەرسە بېرىشنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن كىشى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىگەنلىكتىن، ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەببەتنى ئورنىدۇرۇش نىيىتىدە، ئۆز كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى يېڭىپ، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن، كۆڭلىگە ياقمىغان بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنىغا سەدىقە قىلسا، ئۇكىشى بۇ قىلغىنى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان سەدىقىسى شۇڭا ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

سالمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مىسكىنلەرگە قىلغان خەير - ساخاۋەت سەدىقەدۇر، ئەمما ئۇرۇق — تۇغقانلارغا قىلغان خەير - ساخاۋەت ھەم سەدىقە ھەم سىلە - رەھىمدۇر» (تىرمىزىي رىۋايىتى)

بۇھەدىستىن شۇنى بىلىۋالايمىزكى، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا قىلغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يات كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابىدىن كۆپتۇر. زاكاتنىمۇ ئاۋۋال ئېھتىياجلىق ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، ئاندىن باشقا مۇسۇلمانلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر.

مەلۇمكى، ئىسلام مىللىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۇيۇشمىسىدىن تەركىب بولغان بىر چوڭ ئىسلامىي ئائىلىدۇر. ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرى ئۆز ئائىلىسىگە سىلە - رەھىم قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئائىلىلەرمۇ ئۆز ئارا، ئائىلىۋى سىلە - رەھىم قىلىشىدىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتا ئىسلام مىللىتى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق ھالدا،

ھەقىقىي دىنىي قېرىنداشلاردىن بولىدۇ ۋە ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۈممەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئۈممەت بولۇپ بىرلىك ۋە ئىناقلىق ئىچىدە بەختلىك ياشىشى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزئارا سىلە - رەھىملەرنى جارى قىلدۇرۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىرلىك ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقىدۇر. ئاللاھ قۇرئاندا: «ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئايرىلماڭلار» دەپ بۇيرۇيدۇ.

سىلە - رەھىم ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، ئومۇمىي سىلە - رەھىم؛ يەنە بىرى، خۇسۇسىي سىلە - رەھىمدۇر.

## ئومۇمىي سىلە - رەھىم

ئومۇمىي سىلە ـ رەھىم ـــ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرمىللەت مۇسۇلمانلارنى بىر - بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك بىر دىنىي باغلىنىش بولۇپ، بۇ باغلىنىش ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمىتىدۇر. مۇسۇلمانلار مۇشۇ باغلىنىشنىڭ يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ تىلىنىڭ، ئىرقىنىڭ، رەڭگىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ ھەرخىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن ھەقىقىي قېرىنداشلاردۇر. « ھەقىقەتەن مۆمىنلەر قېرىنداشلاردۇر» (ھۇجىرات سۈرىسى)

بۇ ئومۇمىي سىلە - رەھىمنى مۇسۇلمانلار بىر - بىرىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، بىر - بىرىنى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش، پەندە - نەسىھەت قىلىشىش، بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش؛ زىيانلاردىن، خەتەرلەردىن، بالالاردىن بىر - بىرىنى مۇداپىئە قىلىش؛ بىر - بىرىگە ياخشى دۇئا قىلىش، ئاددىسى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» (سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن)، دەپ قىزغىن سالام بېرىشىش ئارقىلىق ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

## خۇسۇسىي سىلە ـــ رەھىم

خۇسۇسىي سىلە - رەھىم ـــ ئائىلىدىكى ئەزالارنى بىر - بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدۇر. مەسىلەن: ئاتا - ئانىلارغا، تاغا ئاكا - تاغا ئاچىلارغا، قېرىنداشلارغا ۋە پەرزەنتلەرگە قىلىنغان سىلە - رەھىم خۇسۇسىي سىلە - رەھىمگە كىرىدۇ. خۇسۇسىي سىلە - رەھىمنىمۇ ئومۇمىي سىلە - رەھىمنى ئادا قىلغاندەك ئادا قىلىمىز. بۇنىڭ سىرتىدا، خۇسۇسىي سىلە ـــ رەھىم ئۈچۈن بىر - بىرىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش، زىيارەت قىلىپ يوقلاپ تۇرۇش، ھال - ئەھۋاللىرىنى سوراش قاتارلىق ھەقلەر سابىتتۇر.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەرئىككى تۈرلۈك سىلە - رەھىم ھەركىشىنىڭ قولىدىن كېلىشىچە،

ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى زىيان - زەخمەتلەردىن قوغداش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى خالىسا سىلە - رەھىم قىلسۇن» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

## سىلە - رەھىمنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

سىلە - رەھىمنى داۋام قىلدۇرۇشنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر. چۈنكى سىلە - رەھىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بۇيرۇلغان بىر ئىلاھىي پەرماندۇر. كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە سىلە - رەھىم قىلىشى ئارقىلىق جەمئىيەتتە ياخشىلىق ۋە بەرىكەت داۋام قىلىدۇ. سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، ئۇنى بۇزغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلە - رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ» (رەئد سۈرىسى 25 - ئايەت)

بۇ ئايەتتىن شۇنى بىلىشىمىز مۇمكىنكى، سىلە - رەھىم قىلىشنى تەرك ئەتكۈچىلەر ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزغان خائىنلار قاتارىدا جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنلا يۈكلەنگەن بىر پەرزدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئەمەللىرى ھەرجۈمە كېچىسى ئاللاھقا كۆرسىتىلىدۇ (كۆرسىتىشتىن بۇرۇنمۇ ئاللاھ ئۇنى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە) سىلە - رەھىمنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ ئەمەلى ئاللاھقا قوبۇل بولمايدۇ»(ئەھمەد رىۋايىتى)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ تېز ساۋاپ بېرىلىدىغان ياخشىلىق ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇرۇق — تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىشتۇر. ئەڭ تېز جازا بېرىلىدىغان يامانلىق (ئاتا - ئانىسىنى قاخشىتىپ) ھەقسىزلىق قىلىش ۋە سىلە - رەھىمنى تەرك ئېتىشتۇر» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

سىلە - رەھىمنى تەرك ئېتىپ، ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ قاتتىق ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ھەققىدە جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «سىلە - رەھىمنى تەرك ئەتكەن كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن

ھەدىسنى رىۋايەت قىلدۇ[1].

بۇھەدىستىكى «جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن ئىبارە، سىلە - رەھىمنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ جەننەتكە، ئۇنىڭغا كىرىدىغان بىرىنچى قېتىملىق گۇرۇپپا بىلەن كىرەلمەستىن، بەلكى گۇناھىغا لايىق ئازاپلىنىپ بولۇپ، ئاندىن كىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس قۇدسىيدا، ئاللاھنىڭ: «مەن شەپقەتلىك ئىلاھمەن، سىلە - رەھىمنى ئۆزۈمنىڭ «رەھىم» دېگەن ئىسمىم بىلەن ئاتىدىم، كىمكى ئۇنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، مەنمۇ رەھمىتىمنى ئۇنىڭغا داۋام قىلدۇرىمەن، كىمكى ئۇنى تەرك ئېتىدىكەن، مەنمۇ ئۇنى رەھمىتىمدىن مەھرۇم قىلىمەن» دېگەن سۆزىنى رىۋايەت قىلغان.

بىرئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلەللاھ! مېنىڭ تۇغقانلىرىم بار ئىدى، مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلدۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق تىلىسەم، ئۇلار ماڭا يامانلىق تىلەيدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئەگەر ئىش سەن دېگەندەك بولغان بولسا، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەمىشە ساڭا بولىدۇ، ئەگەر شۇنىڭغا داۋام قىلساڭ» دەيدۇ.

## خوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىڭ پرىنسىپلىرى

### خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش زۆرۈر

خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، خوشنىدارلىقنىڭ ھەقلىرى بەكمۇ چوڭدۇر. ئىسلام تارىخىدىكى ئۆلگىلىك زاتلار بىرەر كىشىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ خوشنىدارچىلىقىغا قاراپ باھالايتتى. ئۇلار ئاۋۋال خوشنىلىرىدىن ئۇ كىشى ھەققىدە سورايتتى، خوشنىلىرى ئۇنى ياخشى ئائىلە دەپ تەرىپلىسە، ئۇنىڭغا دىيانەتلىك، ياخشى ئائىلە دەپ باھا بېرەتتى. ئەگەر خوشنىلىرى ئۇنىڭدىن زارلانسا، ئەخلاقىدىن شىكايەت قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن قودا بولۇش، خوشنا بولۇش ۋە مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن ۋازكېچەتتى. بىزنىڭ مىللىتىمىزدىمۇ بۇ ئادەت بار. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «خوشنىسىغا قاراپ ئۆي ئال» دېگەن ھېكمەتنى بىكارغا ئېيتمىغان.

---

(1) ئەھمەد رىۋايىتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرائىل پەرىشتە ماڭا خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشىم توغرۇلۇق تولىمۇ كۆپ تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇنى بۇنداق تەۋسىيە قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالامدىغاندۇ، دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم»[1].

## خوشندارچىلىقنىڭ ھەقلىرى

خوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقلىرى ھەرتۈرلۈك بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ كاپىر خوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىرلا ھەق بولۇپ، بۇ بولسىمۇ خوشنىدارلىق ھەققى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان خوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىككى ھەق بولۇپ: ئۇنىڭ بىرى، خوشنىدارلىق ھەققى؛ يەنە بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق - تۇغقان خوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئۈچ ھەق بولۇپ: بۇلارنىڭ بىرى، خوشنىدارلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىق ھەققىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن (يەنى ئۆيى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەڭ يېقىن بولغان) خوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك تۆت ھەق بولۇپ: بۇلارنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققى؛ ئىككىنچىسى، تۇغقانلىق ھەققى؛ ئۈچىنچىسى، خوشنىدارلىق ھەققى؛ تۆتىنچىسى يېقىن خوشنىلىق ھەققىدۇر. يېقىن خوشنا يىراق خوشنىسىدىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر. دەرھال ياردىمىگە ئۈلگۈرىدىغان، باشقىلارغىمۇ ياخشى تەرىپىڭىزنى قىلىپ بېرىدىغان ۋە سىرىڭىزنى يالغۇز قىلمايدىغان كىشى ئەلۋەتتە سىزنىڭ يېقىن خوشنىڭىزدۇر. شۇڭا خوشنىدارلىقنىڭ سىرتىدا، يېقىن خوشنا بولغانلىقنىڭ ھەققى ئالاھىدە ئايرىم بىر ھەق بولۇپ بېكىتىلگەن. ئەجدادلىرىمىزمۇ «يىراقتىكى تۇغقىنىڭدىن يېقىندىكى خوشناڭ ياخشى» دەپ بېكار ئېيتمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققىنىڭ چوڭلىقى توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھەدىس كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن زىنا توغرۇلۇق سورايدۇ، ساھابىلار، «زىنا ھارامدۇر، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « بىراۋنىڭ خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغىنى، باشقا 10 ئايال بىلەن زىنا قىلغىنىنىڭ گۇناھىدىن ئېغىردۇر» دەيدۇ. يەنە ئۇ ئوغۇرلۇق توغرۇلۇق سورايدۇ، ئۇلار «ئوغۇرلۇق ھارامدۇر، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ.

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا: « بىراۋنىڭ خوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئوغۇرلۇق قىلغىنى ، باشقا 10 ئۆيني بولاپ چىقىپ كەتكىنىنىڭ گۇناھىدىن ئېغىردۇر» دەيدۇ[1].

بۇ ھەدىستىن خوشنىسىنىڭ ئايالى بولمىغان بىرسى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ ۋە خوشنىسى بولمىغان بىرىنىڭ ئۆيىدىن ئوغۇرلۇق قىلىشنىڭ گۇناھىنىڭ يېنىك ئىكەنلىكى ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بەلكى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ ۋە خوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئوغۇرلۇق قىلىشنىڭ گۇناھىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكى ۋە كەچۈرۈلمەس خىيانەت ھەم جىنايەت ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. زىنا ۋە ئوغۇرلۇقنىڭ گۇناھ جەھەتتىكى دەرىجىلىرى يېنىكلەشمەيدۇ، بەلكى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

## خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ تەرتىپى

خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆيگە مۇساپە جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولغىنىدىن باشلاش كېرەك. ئۆيگە ئەڭ يېقىن بولغان خوشنىنىڭ ھەققى، يىراق بولغان خوشنىنىڭكىدىن ئەھمىيەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال ئادا قىلىنىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھتىن ئىككى خوشنامنىڭ قايسىسىغا ھەدىيەلىرىمنى ئاۋۋال بەرسەم بولىدۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ، ماڭا «ئىشىكى سېنىڭ ئىشىكىڭگە ئەڭ يېقىن بولغىنىغا ئاۋۋال بەرسەڭ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «خوشنىسىنىڭ ئاچ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، (ئۇنى تويغۇزماستىن،) ئۆزى توق ياتقان كىشى ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان[2].

---

(1) ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) بۇخارى رىۋايىتى

# تۆتىنچى بۆلۈم: پەرزەنتلەر ھەققىدە

## پەرزەنتلەر ئائىلىنىڭ زىننىتىدۇر

تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ بىرغايىسى كىشى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۆزىنىڭ هالال ئايالى بىلەن تەمىن ئېتىشى ئارقىلىق، هارام، پاهىشە ئىشلاردىن ساقلىنىش بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق غايىسى ۋە مەقسىتى نەسىل يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. تۇرمۇش قۇرغان هەرقانداق ئەر ـ ئايالنىڭ قەلبىدە پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت بولغان بۇ ئارزۇ ئورتاق تەلپۈنىدۇ. هەر قانداق ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نام ـ نىشانىسىنى داۋام قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئاللاھ تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ غايىسىنىڭ نەسىل يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر) ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار﴾[1].

ئاللاھ نەسلىنىڭ هاياتلىقنى گۈللەندۈرىدىغان ۋە كىشىگە بەخت ـ سائادەت بېغىشلايدىغان ئەڭ چوڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر﴾[2].

پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرەك پارىلىرى، ئائىلىنىڭ گۈللىرىدۇر. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرەكلىرى شۇ گۈللەر بىلەن ياشىرىپ تۇرىدۇ. دۇنيادا پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلاردىنمۇ كۆيۈمچان كىشىلەر بارمىدۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ئاتا ـ ئانىلارغا بالىلار هەققىدە قىلىنغان تەۋسىيەلەردىن بالىلارغا ئاتا ـ ئانىلار هەققىدە قىلىنغان تەۋسىيە ئىنتايىن كۆپتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئەزەلدىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەلبلىرىگە بالىلارغا كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن چوڭقۇر مۇھەببەتنى سېلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلارغا بالىلار هەققىدە تەۋسىيە قىلمىسىمۇ، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ كېلىچىكى ئۈچۈن هەر نەرسىنى، هەتتا جانلىرىنى پىدا قىلىشقا هازىر.

ئەمما بالىلار ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، كۆپىنچە هاللاردا ئۆز ئائىلىسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدا چەككەن مېھنەت ـ جاپالىرىنى ئۇنۇتۇپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بالىلارغا، ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش هەققىدە

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 223ـ ئايەت

(2) كەهف سۈرىسى 46ـ ئايەت

كــۆپلىگەن تەۋســيەلەرنى قىلــدى ۋە ئــۇلارنى ئاتــا ـ ئــانىنى قاخشىتىــشنىڭ يامــان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى.

پەرزەنــتلەر بىــلەن زىنــنەتلەنگەن ئــائىلە ھۇزۇرلــۇق ئائىلىــدۇر. ئــۇ خــۇددى مېۋىلىــك باغــدەك بەرىكەتلىــك، گــۈل باغچىــسىدەك خۇشــپۇراق بولىــدۇ. پەرزەنــتلەر يۈزىــسىدىن ئــاللاھ ئۇنىڭغا كــۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى ئاتــا قىلىــدۇ ۋە بــالا ـ قــازالاردىن ھىمــايە قىلىــدۇ. شــۇنداق ئىكەن، ئەلۋەتتە ، ئاتــا ـ ئــانىلار ئاللاھنىــڭ بــۇ ســان ـ ساناقسىز نېمەتلىرىنــى تونــۇپ، ئاللاھقــا شۈكۈر قىلىشى ۋە نېمەت بولۇپ بېرىلگەن بۇ ئەزىز پەرزەنتلەرنى قەدىرلىشى لازىم.

## پەرزەنتلەر ئاللاھنىڭ ئامانەتلىرىدۇر

ئىــسلام دىنــى نەســىل يېتىــشتۈرۈشكە ۋە نەســىللەرنىڭ ســاغلام ئۆســۈپ يېتىلىــشىگە توســقۇنلۇق قىلىــدىغان تۈرلــۈك ئــامىللار ۋە ئاپەتلەرنىــڭ ئالــدىنى ئېلىــشقا ئالاھىـــدە ئەھمىــيەت بەردى. پەرزەنتلەرئاتــا ـ ئانىلارغــا ئــاللاھ تەرىپىــدىن تاپشۇرۇلغان ھەم شــەرەپلىك ھەم خەتەرلىــك بىــر ئامــانەتلەردۇر. ئاتــا ـ ئــانىلار قىيــامەت كۈنىــدە ئاللاھنىــڭ ئالدىــدا بــۇ ئامانەتلەرنىــڭ جاۋابكارلىقىغــا تارتىلىــدۇ. شــۇڭا ئــاللاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە مۇســۇلمانلارنى بــۇ جاۋابكــارلىقتىن ئاگاھلانــدۇرۇپ مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــۆزۈڭلارنى ۋە بــالا ـ چاقــاڭلارنى، ئىنــسان ۋە تاشــلار يېقىلغــۇ بولىــدىغان، رەھىــم قىلمايــدىغان قــاتتىق قــول پەرىــشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار»[1].

ئۇلارنىــڭ ئــۆزلىرىنى ۋە بــالا ـ چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىــدىن ساقلىــشنىڭ بىــردىن ـ بىــر چارىــسى ئۇستىدىكى پەرزەنــت ھەقلىرىنــى تولــۇق ئــادا قىلىــش يولىــدا، باللارغــا كىچىكىــدىن باشــلاپلا ئىمــان، ئىــسلامنى ئۆگىتىــپ، ياخــشى ـ يامــاننى بىلــدۈرۈپ، ئىلىــم ـ مەرىــپەت ئۆگىتىــپ بــۇ ئامــانەتنى ئــادا قىلىــشدىن ئىبــارەتتۇر. ئاتــا ـ ئــانىلار يــۇقىرىقىلارنى ئــاللاھ بۇيرىغــان بــويىچە ئــادا قىلغانــدىن كېيىن،ئۇلارنىــڭ مەســئۇلىيىتى تۈگەيــدۇ. كېيىنكــى ئىــشلارغا بــالىلار ئــۆزلىرى جاۋابكــار بولىــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىــسسالام مۇنــداق دەيــدۇ: «ھەرقانداق بــالا ئىــسلام دىنىنــى ئېتىــراپ قىلىــشقا ھــازىر بولغــان تەبىئىتــى بىــلەن تۇغۇلىــدۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خرىستىئان قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ»[2].

دېــمەك، ئاتــا ـ ئــانىلار باللارنىــڭ قانــداق يېتىــشىپ چىقىــشىدىن مەســئۇلدۇر. ئــۇلار بــالىلىرىنى ئىــسلام نــۇرى ئاســتىدا، ياخــشى تەربىــيىلەپ چىققــان بولــسا، ئۇنىــڭ مۇكاپــاتىنى

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت

(2) بۇخارى رىۋايىتى

ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چۈقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر بالىلىرىنى ئۆز هاۋايى - ھەۋەسلىرىگە قويۇپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېتىشتۈرەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تارتىدۇ. يامان بالىنىڭ ئاپىتى ئاتا - ئانىلارنى تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلمايدۇ. ئامانەتنى زايا قىلغان كىشى قانداق جاۋابكارلىققا تارتىلسا، پەرزەنتلىرىنىڭ كېلىچىكىنى زايا قىلىۋەتكەن ئاتا - ئانىلارمۇ، ئۇنىڭدىن ئېغىرراق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى پەرزەنتلەر ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرغان ئامانەتلىرىدۇر.

## ئاتا ـ بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئاتا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكى نوقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

1.بالىلارغا ئىسلامىي ئىسىملارنى قويۇش

بالىلارنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇشتا ئىسلامىي گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش كېرەك. ئەجەپلىنەرلىككى، كۆنىمىزدىكى بەزى مۇسۇلمانلار ئىسلامىي ۋە مىللىي گۈزەل ئىسىملارنى قايرىپ قويۇپ، بالىلىرىغا غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇۋالىدۇ. بەزىلەر، تېلېۋىزىيەدىن ئاڭلىغانلىكى ئىسىملارنى ئۆزلىرى ئۇچۇن پەخىر بىلىپ بالىلىرىغا قويۇۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئوخشىتىۋالغانىنىڭ سىرتىدا، ئىسىم قويۇشتىمۇ غەيرى مۇسۇلمانلارنى دورىۋالغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى باشقا قەۋملەرگە (يەنى غەيرى مۇسۇلمانلارغا) ئۆزىنى ئوخشىتىۋالىدىكەن، ئۇ، شۇقەۋملەردىن بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئېسىگىمۇ ئالمايدۇ.

بىز ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ بىر دىنغا مەنسۇپ بولغان بەختلىك مىللەتمىز. بىزنىڭ دىنىمىز ئەڭ كامىل دىن. بۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن دىنىمىزغا ئەگىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنىمىز بويىچە ئىش كۆرىشىمىز لازىم. ئىسلامىي ئىسىملار بىلەن بالىلىرىمىزنى ئاتاش بىز ئۈچۈن شەرەپ ھەم پەخىردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئاتىنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ياخشى تاللاش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش» دەپ كۆرسەتكەن[1].

2. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن سەدەقە قىلىش

ئىسلامىي ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ

---

(1) بەيھەقىي رىۋايىتى

بېشنى چۈشۈرۈش، ئوغۇل بولسا ئىككى قوي، قىز بولسا بىر قوينى سويۇپ، پېقىرلارغا سەدىقە قىلىشتۇر. مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەرزەنت ئاتا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نېمەتكە شۈكۈر ئادا قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. بۇنداق قىلغان كىشى بىر سۈننەت ئىشنى ئادا قىلغانلىقىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. قىلالمىغان تەقدىردە ھېچ گۇناھكار بولمايدۇ.

3. باللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش

باللارنىڭ ئاتىلارغا ئىتائەت قىلىشى ۋە سۆزىگە كىرىشى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ۋە شەپقىتىنى بېغىشلىشى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىشى كېرەك. باللارغا ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئاچچىقلىماسلىق، ئۇلارغا كەمچىلىكلىرىنى تونۇتۇشتا، مۇناسىپ ئۇرۇندا بىرگە يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ئاندىن كەمچىلىكلىرىنى سىلىق، مەنتىقلىق ئۇسۇلدا ئېيتىپ بېرىپ، ئاندىن توغرا نەسىھەت قىلىش، تەربىيە كۆرگەن ئاتا ـ ئانىلارغا خاس ئالىيجانابلىقتۇر.

4. باللارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش

باللار ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلىش كېرەك. بىرىنى ـ بىرىدىن ئارتۇق كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە شەپقەت ئىزھار قىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنى رەنجىتمەسلىك لازىم. باللارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلماسلىق ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىر قوزغايدۇ. ئاتا ـ ئانىغىمۇ بۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە كەلمەيدۇ. بۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدىمۇ گۇناھ سانىلىدىغان يامان ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: « ئاللاھتىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، يېنىغا ئۇنىڭ ئوغلى كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ پىشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ قىزى كەلگەن ئىدى، ئۇنى سۆيمەيلا يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئادەمگە، «سەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلمىدىڭ!» دېدى»

5.باللارغا بەددۇئا قىلماسلىق[1].

باللار ھەققىدە بەددۇئا قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە يامان ئىشتۇر. بولۇپمۇ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنىڭ ئاز ـ تولا نادانلىقلىرىغا ئاچچىقلانغانلىقتىن ئۆزلىرىنى تۇتالماي،

---

(1) يەنى ئۇلارنى قارغىماسلىق

ئىغىزلىرىنى قويۇۋېتىشكە ئالدىرايدۇ ـــ بالىلىرىغا بەددۇئا قىلىدۇ، ئۇلارنى ھاقارەتلەپ سۆكىدۇ. بۇ ئىسلام نەزەرىدە خاتا ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئۆزۈڭلارنىڭ، ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ۋە ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھنىڭ نېمە سورالسا بېرىدىغان بىر سائىتى بار، سىلەرنىڭ بەددۇئايىڭلار شۇ سائەتكە ئۇدۇل كېلىپ قالمىسۇن»[1].

6. بالىلارنى ئەپۇ قىلىش

بالىلارنىڭ تەنتەكلىكىنى ۋە قوپال مۇئامىلىلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئاتا ـ ئانىلارغا خاس ئالىيجانابلىق ۋە كەڭ قورساقلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «باشقىلارغا رەھىم قىلمىغانلارغا رەھىم قىلىنمايدۇ»

## بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى

بالىلارنىڭ ئۈستىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەلۇم ھەق ـ ھوقۇقلىرى بولغىنىدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىمۇ بالىلارغا ئائىت مەلۇم ھەقلەر باردۇر. ئاتا ـ ئانىلار بۇ ھەقلەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۈستىدىكى بۇ ھەقلەردىن مەسئۇلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەممىڭلار خۇددى چوپانغا ئوخشاش مەسئۇلىيەت ئىگىسىلەر، ھەركىم ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن مەسئۇلدۇر»[2].

يەنى مەيلى ئاتا ـ ئانا بولسۇن، مەيلى دۆلەت باشلىقى بولسۇن، ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولغان كىشى، خۇددى پادا باقىدىغان چوپان قول ئاستىدىكى پادىلىرىدىن مەسئۇل بولغاندەك، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن مەسئۇلدۇر. ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى زايا قىلىۋېتىش بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

(2) بۇخارى رىۋايىتى

## باللارنىڭ ئانىسىنى تاللاش

بۇ ماۋزۇ ئاتىلارغا خاس بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئالىيجاناپ، ئېسىل، پەزىلەتلىك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، ئاتىلارنىڭ كېلەچەكتە باللىرىنىڭ ئانىلىرى بولىدىغان ئاياللارنى ديانەت ۋە ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، ياخشى تاللىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «نەسلىڭلار ئۈچۈن ياخشى ئاياللارنى تاللاڭلار، ھەقىقەتەن، ئاياللار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئوخشاشلىرىنى تۇغىدۇ»[1].

يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسى ئارقىلىق شۇنى ئوچۇقلايدۇكى، دىنغا، جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق، ياخشى نەسىل يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، شۇ نەسىلگە ئانا بولغۇچى ئايالنى ياخشى تاللاپ، ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭدۇر. چۈنكى نەسىللەر ئانا تەرىپىمۇ قىسمەن دورايدۇ. ئانا تەرىپىنىڭ ئېسىل، ديانەتلىك ياخشى بولىشى، ئۇنىڭ باللىرىنىڭمۇ شۇنداق بولىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، ئەگەر ئانا تەرىپى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، تۇغۇلغان باللارمۇ كۆپ ھاللاردا شۇلارغا ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا مەدەنلەرگە ئوخشاشتۇر، جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى ئەگەر ئالىم بولسا ئىسلام دىنىدىمۇ ياخشى بولىدۇ»

يەنى ئىنسانلار ياخشى بولۇش ۋە يامان بولۇشتا، خۇددى مەدەنلەرگە ئوخشاشتۇر، مەدەنلەرمۇ بىر خىل بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇقىرىسى ئالماس ۋە ئالتۇندىن باشلاپ تۆۋىنى كۆمۈرگە قەدەر ھەرخىل مەدەنلەر بار. ئادەملەرمۇ شۇنداقتۇر. ئىنسانلار ئارىسىدا بىر دۇۋە ئالتۇنغا تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان، قەدىر - قىممەتلىك زاتلارمۇ بار بولغىنىدەك، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىنى يوقاتقانلىقتىن، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، پەقەت ئادەم سۈرىتىدىلا يەپ - ئىچىپ يۈرۈشنى بىلىدىغان ئىنسانلارمۇ باردۇر. تەلىم - تەربىيە كىشىلەرنىڭ ئەخلاقنى ئۆزگەرتەلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشتىن ئاجىزدۇر، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئىنساننىڭ خۇي - پەيلى، مىجەز - خاراكتېرى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر نەرسە، ئۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. تېگى - تەكتىدە ناچارلىق بولغان كىشىلەر قانچىلىك تەلىم - تەربىيە ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئەسلىنىڭ بەزى تەسىرلىرىدىن ئۆزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنىدەك، تېگى - تەكتىدىن ياخشى بولغان، ئېسىل ئەسىللىك كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ، شۇ ياخشىلىقنىڭ تەسىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرىدۇ. بۇ ئۇرۇندىكى تېگى - تەكتى ياخشى بولغان كىشىلەردىن

---

(1) ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى

مەقسەت، ئەجدادلىرىدىن باشلاپ ئاللاھتىن قورقىدىغان، دىيانەتلىك، ئادالەتلىك ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەر دېمەكتۇر. ئېسىللىك، ياخشىلىق پەقەت دىيانەت بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ. بىراۋنىڭ دىيانىتى بولماستىن، قانچىلىك ئېسىل، شەرەپلىك ئائىلە بولۇپ كەتسۇن، بەربىر ئۇ، ياخشى قاتارغا كىرەلمەيدۇ. شۇڭا ھەرقانداق كىشى نەسىل يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىگە جور تاللاشتا ياخشى، دىيانەتلىك ئايالنى تاللىشى، ئايال كىشلەرمۇ كېلەچەكتىكى پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتىسى بولىدىغان جورىسىنى دىيانەت بىلەن ئەخلاقنى ئاساس قىلغان ھالدا، ياخشى تاللىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

### باللارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش

باللارغا گۈزەل - چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇش ئائىلىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كامىل بىردىن بولغانلىقتىن، ئۇ، بۇ ماۋزۇدىمۇ ئىنسانلارغا بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىشنى ئۇنۇتمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرزەنتلەرگە چىرايلىق، گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر قىيامەت كۈنىدە ئىسمىڭلار بىلەن چاقىرىلىسىلەر، شۇڭا باللىرىڭلارغا چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇشنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇ ھەممىشە، يېقىمسىز، سەت ئىسىملارنى گۈزەل، يېقىملىق ئىسىملارغا ئۆزگەرتىپ قوياتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئاسىيە» ئىسىملىك قىزىنىڭ ئىسمىنى «جەمىلە» دېگەن ئىسمغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. يەنە بىرقېتىم بىر ساھابىنىڭ «ئاسى» دېگەن ئىسمىنى «ئەزىز» دېگەن ئىسمغا ئۆزگەرتىۋەتكەن.

### ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش

ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش پۈتۈن ساماۋى دىنلاردا بۇيرۇلۇپ كەلگەن بىر ھۆكۈمدۇر. يەھۇدىي دىنىدىكىلەر - گەرچە ئەسلىدىكى يەھۇدىي دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ — ھازىرمۇ ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئىشىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. ئەمما خرىستىئانلار، - گەرچە ئۆز ۋاقتىدا ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇھەقتە تەۋسىيەلىرى بولغان بولسىمۇ - بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي كەلمەكتە. ئىسلام دىنىدىكى بارلىق مەزھەپلەردە ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ ھۆكمى ۋاجىب(پەرزدىن قالسا ئەڭ ئېتىبارلىق ھۆكۈم) بولۇپ، پەقەت ھەنەپىي مەزھىبىدە سۈننەت (پەيغەمبەرنىڭ مەسلىكى) دۇر.

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغۇللارنى خەتنە قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش سۈننەتتۇ يەنى ساماۋىي دىنلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن يولىدۇر»[1].

ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرىدۇر.

## باللارنى بېقىش

ئاتىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرزەنتلىرىنى بېقىش پەرزدۇر. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجىدىن چىقىش پەقەت ئاتىنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلەنگەن پەرزدۇر. ئاتا بولغان كىشى ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا نەفەقە(چىقىم) قىلىش ئارقىلىق ئائىلىسىنى تەمىن ئېتىدۇ. ئائىلىنىڭ نەفەقىسى سىلە ـ رەھىم قىلىش، سەدىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ياخشىلىقلاردىن ئەھمىيەتلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلە نەفەقىسىنىڭ ـــ ئاداقىلىنىشتا ـــ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئائىلەڭدىن باشلىغىن، بالا مېنى كىمگە تاشلاپ قويىسەن، ماڭا ئاش ـ نان بەرگىن! دەيدۇ»[2].

بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتا بولغان ئادەم ھەرقانداق ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆز ئەھلىگە قىلىشى، ئاندىن كېيىن باشقىلارغا قىلىشى كېرەك. ئائىلىسىدىكىلەر قىيىنچىلىقتا تۇرغان ۋاقىتتا باشقىلارغا ياردەم قىلاتتىم دېمەستىن، ئاۋۋال ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى ئەڭ مۇھىمدۇر.

بالىلىرىنى ياخشى باقماي، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى زايا قىلىۋەتكەن ئاتا ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ.چۈنكى باللارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماي، ئۇلارنى ئۆز ھاللىرىغا تاشلىۋېتىش ئەڭ ئېغىر گۇناھى كەبىرىلەردىن سانىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلماي، زايا قىلىۋېتىشى، ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر»[3].

---

(1) ئىمام ئەھمەت رىۋايىتى

(2) بۇخارى راۋايىتى

(3) ئەبۇ داۋۇت راۋايىتى

## باللارنى تەربىيىلەش

ئاللاھ ئىنسانىيەتنى، ئۆزىنىڭ يەرشارىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشىدا ئۆزىدىن خەلىپە (ئورۇن باسار) قىلىپ ياراتتى. دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى پەقەت ئىنسانلار بىلەن بولىدۇ. ئىنسانلار پۈتۈن كائىناتنىڭ خوجايىنى. شۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىنسان نەسلىنىڭ ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىشى پەقەت بىر ئەر، بىر ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاساستىن قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە. ئائىلە ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىپتىدائىي مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ مەسئۇل مۇئەللىملىرى ئاتا بىلەن ئانا ئىككىسىدۇر. ئىنساننىڭ جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق بولۇپ يېتىلىپ چىقىشى، پەقەت ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى تۇنجى قېتىم ئالغان تەلىم - تەربىيىسىگە باغلىقتۇر. شۇڭا ئائىلە تەربىيىسى ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

باللارنى كىچىكىدىن ئىمان ئىسلام ئۆگىتىپ ۋە ياخشى - يامانني بىلدۈرۈپ، راست سۆزلەيدىغان ۋە توغرا ئىش قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەزەنت ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئاتا - ئانىلار ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىرى شۇكى، باللار ئالدىدا ئەخلاق - پەزىلەتكە نوقسان يەتكۈزىدىغان ئەڭ ئاددى ئىشلارنىمۇ قىلىپ سالماسلىقى ۋە يالغان سۆز قىلماسلىقى لازىم. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر باللىرىنىڭ كۆزىدە تاماكا، ھاراق ۋە باشقا ئەخلاققا تەسىر يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ھېچ ھەزەر قىلىشمايدۇ. بەزىلەر باللىرى ئالدىدا يالغان سۆز قىلىدۇ. ئاددىسى، بىراۋ ئۇلارنىڭ بىرىنى ئىزدەپ كېلىپ، ئىشىكنى قاقسا، باللىرىغا: «مېنى ئۆيدە يوق دەڭلار» دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن يالغانلارنى ھېچبىر ئېھتىيات قىلماستىن سۆزلەيدۇ. يۇقىرىقى يامان ئىشلار ئاتا - ئانىلارغا نىسبەتەن ئاددى ۋە ھېچ ۋەقەسى يوقتەكلا كۆرۈنگەن بىلەن، باللارغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىدە كۆپلىگەن سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى باللار ئاتا - ئانىلارنىڭ پۈتۈن سۆز - ھەرىكەتلىرىنى دورايدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى يالغان سۆزلەپ، ئۆزلىرى يامان ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ باللىرىنى راست سۆزلەشكە ۋە ياخشى، توغرا ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇغانلىقلىرى پايدىسىز ۋە ئۈنۈمسىز ئىشتۇر.

كىچىك باللار ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن ئىشلارنى ئاتا - ئانىسىغا قاراپ ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەخلاقى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى ئۇلارنىڭ

تەبئىتىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلايدۇ. كىچىك باللار يۇمران كۆچەتكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدا خالىغان رەۋىشتە تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ. مانا بۇ ۋاقىت، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزلىرى خالىغان بويىچە يېتىشتۈرۈپ چىقىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەتتۇر. بالىلىرىنى كىچىكىدىن ئوبدان تەربىيىلىمەي، ئۇلارنى خالىغانچە يامان ئەخلاقلارغا كۆنىدۈرۈپ قويۇپ، كېيىن ئۇلار چوڭ بولغاندا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە كىرمىسە، ئۇلارنى قارغاپ قاخشىغان ئاتا ـ ئانىلار كەمچىلىكنى ئۆزلىرىدىن كۆرۈشى لازىم. چۈنكى ئۇلار بالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئىقتىدارىغا ۋە پۇرسەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى. بۇنداق ئىكەن، كەمچىلىك كىمدە؟ تەبئىيكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزىدە! ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى راستچىللىققا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بۇنداق تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى يوقتۇر. باللارنى ياخشى تەربىيىلەشتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ھەرىكەتلىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. باللارغا يۇقىرىسى ئىماندىن باشلاپ، تۆۋىنى ئۆيگە كىرىشتە ئىشىكنى قېقىپ، ئىزىن سوراپ كىرىشكە قەدەر بولغان پۈتۈن ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇنىڭدىن باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر.

باللارنى كىچىكىدىن ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈشمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۇھەممەد ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن. ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە ئۈممىتىنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇشقا ۋە ئۆزىنىمۇ نامازنى چىداملىق بىلەن ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇئايەتتىن شۇنى بىلىۋېلىشىمىزغا بولىدۇكى، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇغان ئادەم، شۇ ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئۆزى قىلىشى؛ يامان ئىشلاردىن توسقان ئادەم، ئاۋۋال ئۆزى ئۇنىڭدىن قول ئۈزىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى سۆزىگە مۇۋاپىق كەلگەن بولىدۇ. ئەمەلىيىتى سۆزىگە مۇۋاپىق كەلگەن كىشىنىڭ قىلغان تەربىيىسى ئۈنۈملۈك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بالىلىرىڭلارنى ئۇلار يەتتە يېشىغا كىرىشى بىلەن نامازغا بۇيرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ئۇلارنى نامازغا كۆندۈرۈش يۈزىسىدىن يېنىك ئۇرۇڭلار ، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى

(1) تاھا سۈرىسى 132 ـ ئايەت

بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىڭلار»[1].

بۇ ھەدىستىن كىچىك بالىلارنى ئۇلار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇنلا ناماز ئوقۇشقا ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە كۆندۈرۈشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى ئىسلام دىنىدا نامازدىن باشقا ئىش ئۈچۈن بالىلارنى ئۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسىدىكى: «ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار» دېگەن سۆزى ئارقىلىق، بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرمىگەن بىر يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىزغا كۆزىمىزنى ئاچماقتا. ئۇ بولسىمۇ قىز - ئوغۇللارنى بىر ئۆيدە ياتقۇزۇشنىڭ خەتىرىدۇر. بولۇپمۇ، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلاردا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىلمەي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ئوغۇل - قىزلارنى ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن ياشلىرىدىمۇ بىر ئۆيدە ياتقۇزۇش بولۇپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئوبدان بىلىدىغان ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان بىر زات تەرىپىدىن كەلگەن ۋە مۇكەممەل قانۇن - پرىنسىپقا ئىگە بىر دىندۇر. ئىنسان شۇنداق ئاجايىپ يارىتىلغان بىر مەۋجۇداتكى، ئۇنىڭدا پەرىشتىلەردە بولىدىغان روھانىيلىق ۋە ئېسىل پەزىلەتمۇ بار؛ ئۇنىڭدا ھايۋانلاردا بولىدىغان شەھۋانى كۈچمۇ بار. شۇڭا ئىنساننىڭ روھانىيلىقى ۋە پەزىلىتى ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋاقتىدا، بۇنداق ئىنسان پەرىشتىلەر بىلەن تەڭ، بەلكى پەرىشتىلەردىنمۇ يۇقىرى پەزىلەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ۋە شەھۋانىي كۈچى ئۇنىڭ روھانىيلىقىغا ۋە ئەقلىگە غالىپ كېلىپ قالسا ، بۇنداق ئىنسان ھايۋانلارغا ئوخشاش، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

شۇڭا ئاللاھ قۇرئاندا ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ئەسىر بولغانلارنى: «ئۇلار ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇنلاردۇر» دەپ سۈپەتلەيدۇ. بىرەر ھاياسىزلىقنى كۆرسەك ئۇنى: «ھايۋانىي قىلىق» دەيمىز. ئەمەلىيەتتە بىز، بۇ سۆزىمىزدە ھايۋانلارغا ناھەق ھاقارەت قىلغان بولىمىز. چۈنكى بەزى ئىنسانلار قىلغان ئىشلارنى ھايۋانلارمۇ قىلمايدۇ. مەسىلەن: ئەركەك ھايۋان بوغاز بولۇپ قالغان چىشى ھايۋانغا ئېتىلمايدۇ. بەلكى ھەۋىسىنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرۇپ بۇ ئىشتىن يانىدۇ. ئەمما ئىنسانلارچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ئەقىل ئىدراكقا، ۋىجدان — غۇرۇرغا ئىگە بىر مەۋجۇدات، ھايۋان بولسا، نە ئەقىل - ئىدراكتىن، نە ۋىجدان - غۇرۇردىن مەھرۇم ھايۋان!

(1) ئەھمەد رىۋايىتى

ئىنسان ئەقىل ـ پاراسەتكە، ۋىجدان ـ غۇرۇرغا ئىگە بولغان ئېسىل مەۋجۇدات بولسىمۇ، ئۇنىڭ دىيانىتى ۋە ئەخلاقى ناچار، ياكى يوق بولسا، ئۇ، ھايۋاندىن بەتتەر ئىشلارنى قىلىشتىن ھېچ ئۆكۈنمەيدۇ. 10 ياشتىكى باللار بۇرۇنقى ئەسىرلەردە جىنسىي ھەۋەسنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ھازىرقى كۈندە ئۇلار 7 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ئۇنى بىلىپ بولىدۇ. ئۇلار تېلېۋىزىيەدىن بېرىلىۋاتقان چەتئەل فىلىملىرىكى ئەدەپسىز، ھاياسىز ھەرىكەتلەرنى كۆرۈپ ئۆسۈش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ جىنسىي قابىلىيىتى يېتىلىشتىن بۇرۇنلا، ئۇلارنىڭ جىنسىي ئىشلارغا بولغان ئەقلىي جەھەتتىكى قابىلىيىتى ۋە پىكرى ئەلۋەتتە يېتىلىپ بولىدۇ. شۇڭا، ئوغۇل باللار بىلەن قىز باللارنىڭ ياتىدىغان جايلىرىنى ئۇلار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇنلا ئايرىۋېتىش، بالاغەتكە يەتكەن ۋە يېتىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ياشلىرىدا، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىش — ئوغۇللارنى ئايرىم ئۆيدە، قىزلارنى ئايرىم ئۆيدە ياتقۇزۇش ناھايىتى زۆرۈردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىستىكى كۆرسەتمىسىنىڭ روھى مانا مۇشۇ.

قىش كۈنلىرىدىكى سوغۇقنى — ھەممىلا ئۆينى ئىسسىتالماسلىقنى باھانە قىلىپ، ئاتا ـ ئانا، ئوغۇل ـ قىز ھەممىسى بىر ئۆيدە يېتىۋېلىش ئىسلام ئەخلاقىغا ۋە پرىنسىپىغا دۇرۇس كەلمەيدۇ. بەزى كىشلەر ئۆيلىرىنىڭ ئاز، ئۆزلىرىنىڭ چارىسىز ئىكەنلىكىنى ئۆزۈر قىلىپ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنداق ئۆزۈرمۇ قوبۇل ئەمەس. چۈنكى كىشى قانچىلىك كەمبەغەل، قانچىلىك چارىسىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشنىلا نىيەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن (يەنى ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىپ، ئەمرىنى تۇتىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾ دەيدۇ[1].

كىشىلەردە دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا ئازراق بولسىمۇ ھىممەت بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار قىلالايدۇ. كەمبەغەللىك، كېسەللىك، چارىسىزلىك ۋە باشقا سەۋەبلەر ئۇنىڭغا توسقۇن بولالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ كىشىلەرنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇغان ئەمەس. كىچىكلەرنىڭ جايلىرىنى، چوڭلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋەتمىگەندە، قىز ـ ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ھايا ـ ئەدەپ، ئېپەت ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىمانى ئاجىزلاشقان، ئەخلاقى ئۆزگەرگەن سەۋەبتىن باللارمۇ دىنىي ۋە مىللىي ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرىدىن تېگىشلىك نېسىۋىلىرىنى ئالالمىغان، تېلېۋىزىيەلەردىن بېرىلىۋاتقان ئەدەپسىز چەتئەل فىلىملىرىنىڭ

---

(1) تالاق سۈرىسى 2 ـ ئايەت

مىللىتىمىزگە ئاتا قىلغان «ساخاۋەتنى» بىلەن قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىلار بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىمۇ ھايا پەردىلەر ئېچىلىپ كەتكەن، ھەتتا قىسمەن ئائىلە ئەزالىرى تېلېۋىزىيەدىكى ئەخلاقسىز جىنسىي فىلىملارغا بىرلىكتە قاراشتىنمۇ ئاستا ــ ئاستا ئويۇلمايدىغان بولۇپ قالغان مۇشۇ كۈنىمىزدە، ئىنسانلىرىمىزدىن ھەممىنى كۆتۈشكە بولىدۇ. قىز ـ ئوغۇللار بالاغەت ياشلىرىغا يېقىنلاشقان چاغلىرىدىمۇ ياتاقلىرىنى ئايرىماستىن، ھەممە بىر ئۆيدە ياتقاندا، ئۇلار گەرچە بىر تۇغقان بولسىمۇ يەنىلا ئىنسان بولغاچقا، شەيتانىي ھاۋايى ـ ھەۋەسى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىغا بىرقاراپ، ئىككى قاراپ ھوزۇرلىنىدىغان، ئەگەر ۋىجدانى ئاجىز، ياكى ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭدىن چوڭراقنىمۇ قىلىدىغان ئىشلارغا بېرىپ يېتىدۇ. ئۇلارنى يامان نىيەتتە بولمايدۇ، دېگەن تەقدىردىمۇ، قىز ـ ئوغۇل ئارىلىشىپ ياتقاندا، ئۇيقۇنىڭ مەستانىلىكى بىلەن گاھىدا بىرەرسىنىڭ بەدىنى ئېچىلىپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇلار ئۇيقۇدا بىر ـ بىرىنى تۇتۇپ سالىدۇ... چۈنكى ئۇيقۇ دېگەن يېرىم ئۆلۈمدۇر. ئۇخلىغان ئادەم نېمە قىلغىنىنى بىلمەيدۇ. مانا بۇنداق ئىشلار ئەلۋەتتە، بىر تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېپپەت ـ نومۇسقا، ھايا ـ ئەخلاققا زىيان يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

1994 ـ يىلى مەن ئۆرۈمچىدە ئىشەنچلىك بىر دوستۇمدىن، ئۆرۈمچىگە قاراشلىق باگاڭ دېگەن رايوندا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئاڭلىغانىدىم: ئاتا ـ ئانىسى، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنى ئۆيدە تەرك ئېتىپ، ئۆزلىرى جەنۇپقا كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئاكا ــ سىڭىل ئىككىسى بىر ئۆيدە يالغۇز يېتىش جەريانىدا جىنسىي جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. قىز ھامىلە بولۇپ قېلىپ، قورسىقى ئاستا ـ ئاستا يوغۇناشقا باشلايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى قايتىپ كېلىپ قىزىدىن بالا كىمنىڭ، دەپ سورىغىنىدا، قىزى «بالا ئاكامنىڭ» دەپ، جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋەقەلىككە ئۆزۈممۇ ئىشىنەلمەي قالغان بولسامۇ، ئەپسۇسكى، بۇ ھەقىقەت.

دېمەك ، دىنىمىزغا ئەمەل قىلساق، ئەمەلىمىزنىڭ پايدىسىنى، مېۋىسىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىمىز.

### باللارنى ئوقۇتۇش

باللارنى قايسى يەنىلەردە بولمىسۇن، ئوقۇتۇش ياكى ئۇلارغا تىرىكچىلىكنىڭ كەسىپلىرىدىن بىرەر كەسىپ ئۆگىتىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىندۇر. باللارغا دىنىي بىلىملەردىن ئالدى بىلەن ئىمان ۋە ئىسلامنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ياخشىلىق ـ يامانلىقنى ، ھارام ـ ھالالنى،

ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى ۋە باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش قائىدىلىرىنى بىلگەنگە قەدەر ئوقۇتۇش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرز ئەينىدۇر. ئەمما باللارنى دىنىي ئىلىملەردە بولامدۇ، ياكى پەن بىلىملىرىدە — دوختۇرلۇق، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، پەلسەپە ۋە باشقىلار قاتارلىق پەنلەرنىڭ قايسى بىرىدە ئوقۇتۇپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش پەرز كىپايە بولۇپ سانىلىدۇ.

پەرز ئەيىن - ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزى بىۋاستە ئىجرا قىلىشىغا بۇيرۇلغان كەسكىن ئەمر دېمەكتۇر. مەسىلەن: بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، جىھاد قىلىش، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە باشقىلار.

پەرز كىپايە — پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ زىممىسىغا بويرۇلغان بولۇپ، بەزىسىنىڭ ئادا قىلىشى بىلەن باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان ئەمر دېمەكتۇر. مەسىلەن: مېيىت نامىزى ئوقۇش، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى پەنلەردە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ۋە باشقىلار.

بۇ ماۋزۇدىكى پەرز كىپايىدىن مەقسەت، مەلۇم بىر مەھەللىدە بىرەر كىشىنىڭ مەلۇم بىر پەننى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا مۇتەخەسسىس بولۇپ چىقىشى بىلەن، شۇ مەھەللىدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىدىكى شۇ پەننى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت پەرز ساقىت بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ پەننى ئوقۇمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىقتا تارتىلمايدۇ. ئەگەر شۇ مەھەللىدىن شۇ پەننى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا مۇتەخەسسىس بولىدىغان بىرەر ئادەممۇ چىقمىسا، شۇ مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنى ئوقۇش، ئۆگىنىش مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ئىسلام دىنى مەدەنىي ۋە ئىلمىي بىر دىندۇر. ئۇ، ئىلىم - پەندىن ئايرىلالمايدۇ. بۇددىننى ئىلىم - پەندىن ئايرىغۇچىلار، ئەمەلىيەتتە، بۇددىننى ھاياتلىقتىن ئايرىماقچى بولغان يامان نىيەتلىك مەخلۇقلاردۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپ كەلگەن ۋەھى « ئوقۇ» دېگەن بۇيرۇق رايى بىلەن باشلانغان. بۇ دېمەك، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈشكە باشلىنىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئوقۇشقا بۇيرىغان دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەرقانداق مۇسۇلمانغا پەرزدۇر»[1].

(1) بۇخارى رىۋايىتى

ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقى بولغان ۋە مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن «ئوقۇش، ئۆگىنىش» بۇيرۇقى، دىنىي ئىلىملەرگىلا ياكى مەخسۇس بىرەر پەنگىلا قارىتىلغان بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ ، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتماي ياكى ئۇلارغا بىرەر ھۈنەر ئۆگەتمەي ئائىلىنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا، بەزى بىر قىيىنچىلىقلىرىنى باھانە قىلىپ، ئۆزلىرىگە ياردەمچى قىلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. ئۇلار بالىلىرىنىڭ بۈگۈنىنىلا ئويلىماستىن، ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىشى لازىم. ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش يالغۇز ئاتىنىڭ ۋەزىپىسى. بالىلىرىنى ۋە ئايالىنى بېقىش ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان پەرزدۇر. بۇ مەسئۇلىيەتكە بالىلىرىنىمۇ قوشۇۋېلىپ ئۇلارنى ئوقۇشتىن ياكى كەسىپ ئۆگىنىشتىن توسۇپ قويغان ھەرقانداق ئاتا ئاللاھنىڭ ئالدىدا چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇنداق كىشى بالىلىرىنىڭ كېلەچىكىنى زايا قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن گۇناھكار بولىدۇ.

## بالىلارنىڭ تويلىرىنى قىلىش

ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئوغۇللارنى دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ياخشى يەردىن ئۆيلەپ قويۇش، قىزلارنىمۇ دىيانەتلىك ئەخلاقلىق ياخشى يەرلەرگە ياتلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ياكى بالىلارنىڭ بەزىبىر تەنتەكلىكىدىن نارازى بولغانلىقنى باھا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىش ياكى ياتلىق بولۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ھەر قانداق ئاتا - ئانا ئىسلام نەزەرىدە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. بالىلارنىڭ توي ئىشلىرىنى بېجىرىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۇنۇتقان ئاتا - ئانىلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا پەرزەنت ھەقلىرىنى زايا قىلغانلىق گۇناھى بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

قىز - ئوغۇللارنىڭ توي ئىشلىرىنى بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق ئىجرا قىلىش شۇنچىلىك كۆپ ياخشىدۇر. چۈنكى قىز - ئوغۇللار تۇرمۇش قۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى يامان ئىشلارغا بېرىلىشتىن تىزگىنلەپ قالالايدۇ. ھەمدە ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قەدرىگە بۇرۇنراق يېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سىڭدۇرگەن ئەجىر - مېھنەتلىرىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

# تەربىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئاتا - ئانىلار ئەڭ ئاۋۋال بالىلىرىنىڭ تۆۋەندىكى 4 تۈرلۈك تەربىيىسىدىن مەسئۇلدۇر.

1. بالىلارنى ئېتىقادىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

2. بالىلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

3. بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

4. بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەسئۇل.

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

## بالىلارنى ئېتىقادىي جەھەتتىن تەربىيىلەش

بالىلارنى ئېتىقادىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقىشتىن مەقسەت: ئۇلار ئەقىل ئىدراكقا ئىگە بولغىنىدىن باشلاپ، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، قەلبلىرىگە ئورنىتىش، ئىسلام دىنى شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە باشقا ئەمەللەرگە كۆندۈرۈش، مەنئى قىلىنغان بارلىق هارام ئىشلاردىن ئۇلارنى ئۇزاقلاشتۇرۇش ۋە ئىسلام پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرۈش دېمەكتۇر.

ئىسلامنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى دېگىنىمىز:

ئاللاهقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىگە، ئۇ چۈشۈرگەن كىتابلارغا، ياخشىلىق - يامانلىق ئاللاهنىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللەردىن هېساب ئېلىنىدىغانلىقىغا، جەننەت - دوزاخنىڭ راستلىقىغا ۋە بۇلاردىن باشقا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان پۈتۈن مەسىلىلەرنىڭ هەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش (يەنى ئىشىنىش) دېگەنلىكتۇر. ئېتىقاد ئەڭ مۇهىم مەسىلىدۇر. شۇڭا ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان پۈتۈن ئىبادەتلىرى ۋە ياخشى ئەمەللىرى پايدىسىزدۇر. بالىلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆگىنىدىغان نەرسىسى توغرا ئېتىقاد بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «بۇۋاقلىرىڭلارنىڭ تىلىنى ﴿لا ئىلاهە ئىللەللاهۇ، مۇهەممەدۇن رەسۇلۇللاه﴾ دېگەن كەلىمە بىلەن ئېچىڭلار»[1].

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى

بۈنىڭدىكى سىر شۇكى، بۇۋاقلارنىڭ پاك قەلبلىرى ۋە تازا تىللىرى ئەڭ ئاۋۋال ئىمان بىلەن بېزەلسۇن ۋە پارلىسۇن، كېيىنمۇ ئۇلار چوڭ بولغانلىرىدا، ئەڭ ئاۋۋال تىلى ۋە دىلى ئېچىلغان شۇ ئىمان بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت يولىدا داۋام قىلسۇن ئۈچۈن ئىدى.

ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەت ئەمەللىرى دېگىنىمىز:

دىنىمىزدىكى ناماز، روزا، زاكات، ھەج، بىلىم ئېلىش، جىھاد قىلىش، سىلە ـ رەھىم قىلىش ۋە باشقىلار قاتارلىق ئىبادەتلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلارنى ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنلاشقا، ئاللاھ مەنئىي قىلغان ئىشلاردىن قېچىشقا بۇيرۇڭلار، بۇ سىلەرنى ۋە بالىلىرىڭلارنى دوزاختىن ساقلاپ قالىدىغان قالقاندۇر»[1].

بۈنىڭدىكى سىر شۇكى، بالىلارنىڭ كۆزلىرى كىچىكىدىنلا ئاللاھنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا ئېچىلىشى، خۇددى كۆندىلىك يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە تەبىئىي ئىشتىھاسى بولغاندەك، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشقىمۇ شۇنداق تەبىئىي ھېرىسمەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى غىزالىرىنى ئاللاھقا مۇناجات قىلىشتىن تاپىدىغان، گۇناھ ـ يامان ئىشلاردىن خۇددى ئوتتىن قاچقاندەك قاچىدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى، كېيىن ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ، شەرىئەتنىڭ بارلىق تەكلىپلىرىنى ھېچ ئېغىر كۆرمەستىن، تولۇق ئادا قىلىدىغان، گۇناھ ـ يامان ئىشلارغا يېقىنلاشمايدىغان بولۇپ ئادەتلىنىشلىرى ئۈچۈن ئىدى.

ئىسلام پرىنسىپلىرى دېگىنىمىز:

ئىسلام دىنىدىكى ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، قانۇن ۋە باشقىلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلارنى كىچىكىدىن ئۈچ خىسلەتكە ئۆگىتىڭلار: پەيغەمبىرىڭلارنى سۆيۈش، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى سۆيۈش، قۇرئان ئوقۇش. ھەقىقەتەن قۇرئاننى يادلىغان ۋە ئوقۇغان كىشى قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەر بىلەن ئەرشنىڭ سايىسىدا بىرگە بولىدۇ»[2].

بۈنىڭدىكى سىر شۇكى، بالىلارنى كىچىكىدىن پەيغەمبەرنى سۆيۈشكە، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىشقا ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشقا كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەقىقىي

(1) ئىبنى جەرىر رىۋايىتى

(2) تەبەرانىي رىۋايىتى

دىيانەتلىك، ۋاپادار، ئىتائەتچان مۇسۇلمان ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرگە ئىخلاس قىلغان كىشى ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يانىدۇ. مانا بۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق ۋە ئاللاھقا ئىخلاس قىلغانلىقتۇر. چۈنكى پەرمان قىلغۇچى ئاللاھتۇر. قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش ئارقىلىق كىشى ئىلىم - ھېكمەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتلىرىنى تاپىدۇ.

ئىمانلىق بولۇپ يېتىشكەن باللار ئەڭ ئاۋۋال ھەرئىشتا ئاللاھقا ئىتائەتچان بولىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان كىشى ئاتا - ئانىسىغىمۇ ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرىدۇ، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشنى ئاللاھنى رەنجىتكەنلىك، دەپ بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ، ئىككى ئالەمدە بەختلىك بولىدۇ.

## باللارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەش

باللارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەش دېگەندىن مەقسەت: ئۇلارنى كىچىكىدىن ئەخلاق - پەزىلەتلىك ۋە ۋىجدانلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دەيدۇ[1].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۆمىن ئەڭ ئەخلاقلىق بولغىنىدۇر» دەيدۇ[2].

دېمەك، ئەخلاق - پەزىلەت ئىماننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى ۋە مېۋىسىدۇر. ئەخلاق بىلەن ئىمان ئىككىسى بىر - بىرىگە ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىدۇر.

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ روھى بويىچە، ئەخلاقنىڭ كامىللىقى ئىماننىڭ كامىللىقىغا ۋە ئەخلاقنىڭ ئاجىزلىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىغا دەلىلدۇر. كۆپىنچە ئىبادەتلەر ئۇنى قىلغۇچىسىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولسا، گۈزەل ئەخلاق باشقىلارغىمۇ پايدىلىقتۇر. بىراۋنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن ئومۇم خەلق مەنپەئەتلىنىدۇ. مىللەتلەر گۈزەل ئەخلاقى بىلەن يۇقىرى كۆتىرىلىدۇ ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلىشى بىلەن ئۇلارمۇ چۆكىدۇ.

قەدىمدە بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

(2) مۇسلىم رىۋايىتى

ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت، راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر.

ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن، زاۋاللىققا ھامان كېتەر.

## ئەخلاق دېگەن نېمە؟

ئەخلاق سۆزى ــ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، باشقىلارنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراش، ئۇلارغا ئازار بەرمەستىن يۇمشاق، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش دېگەنلىكلا ئەمەس. گەرچە بۇ ئىشلارمۇ گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىن سانالسىمۇ، لېكىن ئەخلاقنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن چوڭدۇر، ئەلۋەتتە. گۈزەل ئەخلاق ــ ھەر ئىشتا توغرا بولۇش، ئادىل بولۇش، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ساقلاش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاش، خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەبىي جاسارەتلىك بولۇش، ھەرئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى كۈتمەستىن ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

شۈبھىسىزكى، ئەخلاقلىق بالىلار ئاتا - ئانىسىغا ۋە باشقىلارغا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ياخشىلىقلارنى ئايىمايدۇ. ئاتا - ئانىسىنى ۋە جەمئىيەتنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ.

## بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەش

بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلەشتىن مەقسەت:

بالىلارنى كىچىكىدىن شەرىئەت ئىلىملىرى، پەن - مەدەنىيەت ۋە ھەرخىل پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تەرغىپ قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پىكىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى كېلەچەكتە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىلمىي، مەدەنىي ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش دېمەكتۇر. بالىلارنى كىچىكىدىنلا ئوقۇتۇش ناھايىتى مۇھىمدۇر.

مەلۇمكى، ئوقۇش، ئۆگىنىش ھەر ياخشىلىقنىڭ بېشىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى چاقىرىقىمۇ كىشىلەرنى ئوقۇشقا چاقىرىشتۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلىق ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. بىلىم تۈرلۈك كەشپىياتلارنى ئاچىدۇ. بىلىم قاراڭغۇلارنى يورۇتىدۇ. بىلىملىك كىشىلەر ئۆلمەيدۇ. ئاللاھ شۇڭا: «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار

تەڭ بولالامدۇ؟» دەيدۇ[1].

جەننەتنى قازىنىشمۇ بىلىم بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىلىم ئېلىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئۇڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[2].

ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئاندىن ئالىم بولۇش پەقەت ئەقىل بىلەن بولىدۇ. شۇڭا ئەقىلنى بىلىم ئېلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قورالى دەيمىز.

ئەقىل ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەتىۋارلىق بىر بايلىقتۇر. ئىنسانلار شۇ ئەقىل بىلەن ئۆزىنىڭ رەببىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچلىرىنى ئۆتەيدۇ. نەتىجىدە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئىنسانلار شۇ ئەقىل بىلەن ئىلىم - پەن ساھەسىدە تۈرلۈك يېڭىلىقلارنى، كەشپىياتلارنى ۋە ئىجادىيەتلەرنى يارىتىش ۋە ئېچىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ھاياتلىقتا ئۇڭايلىقلارنى يارىتىپ بېرەلەيدۇ. زامانىمىزدىكى پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىمۇ ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ئەقىلنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىنى قالدۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى قەتئىي ھارام قىلىدۇ. ئاللاھ ئەقىل ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ قۇرئاندىكى كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىنى ﴿بۇ ئېيتقانلىرىمىزدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار﴾، ﴿ئىبرەت ئېلىڭلار ئەي ئەقىل ئىگىلىرى!﴾، ﴿بۇلارنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنەلەيدۇ﴾ دېگەن جۈملىلەر بىلەن ئاياقلاشتۇرغان. ئەقىل شۇنچىلىك ئەزىز ۋە قىممەتلىك بىر بايلىق بولغان ئىكەن، ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن قالدۇرۇشقا ياكى ئاجىزلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان بارلىق ئامىللار شەرىئەت ۋە ئەقلىنىڭ بىردەك تەقەززاسى بىلەن قەتئىي ھارامدۇر!

ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بالىلار ئاتا - ئانىسىنى قەدىرلەيدۇ، ئاللاھنى، ئۆزىنى، ئاتا - ئانىسىنى ۋە جەمئىيەتنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ.

## بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيلەش

بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيلەشتىن مەقسەت: بالىلارنى كىچىكىدىن يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىكى ساغلىقنى ساقلاش ئۇسۇللىرىغا ۋە تەن

(1) زۇمەر سۈرىسى9 - ئايەت
(2) بۇخارى رىۋايىتى

ساغلىقىغا پايدىلىق بولغان ھەرخىل تەنتەربىيە ئويۇنلىرىغا ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ساغلام، كۈچلۈك ۋە ئەل ئىشلىرىغا يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

باللار بالاغەت ياشلىرىغا (قىزلار 12، ئوغۇللار 14 ياشقا) يېتىشى بىلەن ئۇلار ھەرخىل ئويۇن - تاماشالار ۋە كۆڭۈل ئېچىشلار ئارقىلىق بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇ دەۋر ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەڭ دىققەتلىك بولۇشىغا تېگىشلىك بولغان ئەھمىيەتلىك بىر دەۋرىدۇر. باللارنى بۇ ياشلىرىدا، تەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولغان پاكىز، تەن - تەربىيە ۋە باشقا ئىجابىي پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل قىلمىغاندا، ئۇلار جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك يامان ئادەتلەرگە ئۆگىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئەسلىگە قايتۇرۇش قىيىن بولىدۇ، ھەتتا مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئورۇنلاش بىلەن بىرگە باللىرىنى ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز يامان دوستلاردىن ئوزاقلاشتۇرۇشى، جىنسىي ھەۋەسنى ئۆرلىتىدىغان ھاياسىز فىلىملارنى، ئەدەپسىز سۈرەتلىك ژۇرناللارنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىشى ۋە باللىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئەڭ زىيانلىق بولغان تاماكا، ھاراق، زىنا - پاھىشە قاتارلىق يامان ئىشلاردىن ئۇلارنى قەتئىي چەكلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

تاماكا — دوختۇرلارنىڭ ئىسپاتلىشى بويىچە، — ئۆپكە ياللۇغى، ئاشقازان ياللۇغى، راك، سىل، نەپەسنىڭ سىقىلىشى ۋە جىسمىنىڭ ئاجىزلىشىشى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولغىنىنىڭ سىرتىدا، ئەخلاقتا ۋە ئىقتىسادتا زىيانلىقتۇر.

ھاراق — ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، — پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ باشلامچىسى - ئوغۇرلۇق، ئالدامچىلىق، پاسىكىنىلىق، قاتىللىق، ئاتا - ئانىسىنى قاخشىتىش، باللىرىنى زاياقىلىۋېتىش، ئۆزىنى خار قىلىش، جامائەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان رەزىل قىلىقلارنىڭ بىردىن - بىر باش رولچىسى ۋە گۇۋاھچىسىدۇر.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنى: «پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ۋە پاسىكىنىچىلىقلارنىڭ ئانىسى» دەپ سۈپەتلىگەن. ھاراق پۈتۈن تۈرلىرى بىلەن ھارامدۇر. پىۋا، شامپانىيەلەرمۇ ھاراقنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ھاراق پۈتۈن تۈرلىرى بىلەن ئەر كىشىنىڭ جىنسىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، سپېرمىنى سۇيىتىدۇ، جىسمىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر كىشىنى تەدرىجى ئەرلىكتىن قالدۇرىدۇ. مۇندىن باشقا، ھاراق ئادەمنى ئۆز غايىسىدىن ئاداشتۇرىدۇ، ئەقلىنى بۇلغايدۇ. مانا بۇلار تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي ۋە ئەمىلىي يەكۈنلىرىدىندۇر.

زىنا - پاھىشە بولسا ، كىشىنى «ئېيدىز» دىن ئىبارەت ئىپلاس كېسەللىككە گىرىپتار قىلىدۇ، سىل كېسىلى، نەسىل ئەزالىرىدا راك قاتارلىق داۋاسىز يامان كېسەللىكلەرگە

دۇچـار قىلىـدۇ، جەمئىيەتنـى كىرلىتـىدۇ، ئېـپەت - نومۇسـنى بۇزىـدۇ، ئـۆزىنى ۋە ئاتـا - ئانىـسىنى يەرگە قارىتىـدۇ، مۇنـدىن باشـقا، تۈرلـۈك رەزىللىكلەرگە ۋە بەختسىزلىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. زىنا - پاھىشە ئائىلىلىكلەرنىڭ ئائىلىسىنى پارچىلايدۇ، بالىلىرىنى يېتىم قىلىدۇ، بەختنى شاقاۋەتكە، مۇھەببەتنى نەپرەتكە ئايلاندۇرىدۇ. شەرىئەت ھۆكمى بىلەنمۇ زىنا - پاھىشە ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ زىنا - پاھىشىنى «يامان يول» دەپ سۈپەتلىگەن. كىشىنىڭ دۇنيا ۋەئاخىرەتلىك سائادىتىنى نابۇت قىلىدىغان زىنا - پاھىشىدىن باشقا يامان يول بارمۇ!؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «قانداقلا بىر مىللەتتە زىنا پاھىشە ياكى جازانىخورلۇق ئورتاقلىشىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ» دېگەن[1].

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، زىنا - پاھىشە ئورتاقلاشقان ھەر قانداق مىللەت زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ! پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھىي كەلگەن چاغلاردا، پارسلار بىلەن رۇملۇقلار دۇنياغا ھاكىم ئىدى. يەر يۈزى ئۇلارنىڭ سايىسىدىن قورقۇپ تۇراتتى. شۇۋاقىتتا، بۈيۈككى ئىمپېراتورلۇقنىڭ موكەممەل، بىلىم - ھۈنەرلىك ،چېنىققان، كۈچلۈك ئەسكەرلىرى مەككە تاغلىرىدىن چىققان، ئەسكەر كۈچى تايىنلىق، بىلىم - ھۈنەردە يېتەرسىز ئەرەبلەرگە تەڭ كېلەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، روملۇقلاردا ۋە پارسلاردا زىنا - پاھىشە ئورتاقلىشىش نەتىجىسىدە ئەخلاق بۇزۇلغان، ئەمما ئەرەبلەردە ۋەھىينىڭ تەربىيىسى بىلەن ئەخلاق تۈزەلگەن ئىدى.

تاماكا، ھاراق ۋە زىنا- پاھىشەنى ماختايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك.كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامي ئەخلاق ۋە ھەقىقىي ديانەتتىن ئايرىلىپ قىلىپ باشقىلارنىڭ تەھدىدى ئاستىدا باش كۆتىرەلمەسلىكىنىڭ، مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ تۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرگە ۋە تار كوچىلارغا كىرىپ قىلىپ ھاياتلىرىنى نابۇت قىلىشىنىڭ، ئۇيغۇر تارىخىمىزدىكى ئىقتىدارلىق زىيالىيلارنىڭ ئۆز غايىلىرىدىن ئادىشىپ ھالاك بولۇشلىرىنىڭ قاتىلى ۋە سەۋەبى تاماكا، ھاراق، زىنا - پاھىشە ۋە باشقا ئەخلاقسىزلىقلارغا بېرىلىش بولۇپ چىققانلىقى بىزگە مەلۇم.

شۇڭا ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى تاماكا، ھاراق ۋە زىنا - پاھىشە قاتارلىق ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە ۋە جىسماني ساغلاملىقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەردىن مەنئى قىلىشتا: ﴿ئۆزۈڭلارنى

---

(1) ھاكىم رىۋايىتى

هالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾[1].

﴿ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار﴾[2].

دېگەن ئىبارىلەرنى سۆرۈش ئارقىلىق يۇقىرىقى يامان ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئۆزىنىڭ هالاك بولىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئېنىق قىلغان.

هازىرقى زامان تىببىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرىدىمۇ: «تاماكا، هاراق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش كىشىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ»، «تاماكا، هاراق كىشىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆلتۈرىدىغان قاتىلى» ۋە «زىنا ـ پاهىشە كىشىنى ئاخىرى ئۆلۈم بىلەن تۈگىشىدىغان داۋاسىز كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىقى يامان ئادەتلەر بالىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زىيانلىق بولۇش بىلەن بىرگە جەمئىيەتكىمۇ زىيانلىقتۇر. شۇڭا پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن باغرىنى كاۋاپ قىلىۋاتقان، كۈيۈمچان ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى بۇ ئىشلاردىن قەتئىي توسۇشى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن بۇرۇنراق ئۇلارنى ئۇزاقلاشتۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا بارلىق يامان ئادەتلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاددى بىرەر يامان ئىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا هۇشيار بولمىغاندا، ئۇلار بۇ ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەربىيىلەيمەن، ئەسلىگە قايتۇرىمەن دېگەنلىك ئۆنۈمسىزدۇر، ئەلۋەتتە.

بالىلارنى بۇ خىل يامان ئىشلاردىن توسۇشنىڭ بىر چارىسى، ئاتا ـ ئانىلار ئەڭ ئاۋۋال بۇ ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزلىرىنى تارتىشى، هېچ بولمىغاندا، تاماكىغا ئوخشاش، يالغان سۆزگە ئوخشاش يامان ئەخلاقلارنى تاشلىيالمىغان ئاتا ـ ئانىلار — بۇ ئىشلارنى بالىلىرىنىڭ كۆزىدە قىلماسلىقى لازىم. دۇنيادا هېچكىم بالىلىرىنىڭ يامان ئەخلاقلارغا ئۆگىنىپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. بۇنداق ئىكەن، بالىلىرىنى بۇ ئىشلاردىن توسۇشتا، ئۇلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىغا، بارىدىغان سورۇنلىرىغا ۋە ئارىلىشىدىغان دوستلىرىغا ئالاهىدە نازارەتچى بولۇشلىرى كېرەك. ساغلام تەنلىك كىشلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان پايدىلىرى ناهايىتى كۆپتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «كۈچلۈك مۇسۇلمان ئاجىز مۇسۇلماندىن ياخشى ۋە ئاللاهقا ئەڭ يېقىملىقتۇر» دەپ

---

(1) بەقەرە 195 ـ ئايەت

(2) نىسا29 ـ ئايەت

كۆرسەتكەن[1].

خەلقىمىزدىمۇ «ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دېگەن ھېكمەت بار. ئەقىللىق، ساغلام تەنلىك بولغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ دىنىغا، خەلقىگە ۋە ۋەتىنىگە ئەڭ كېرەكلىك كىشىلەردۇر. ساغلام تەنلىك كىشىلەر ئىبادەتلەرنىمۇ تولۇق ئورۇنلىيالايدۇ، دۇنيالىق ئىشلىرىنىمۇ ياخشى ئېلىپ بارالايدۇ.

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

# ئائىلە ھاياتى ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار

1. سوئال: ناماز ئوقۇيدىغان، دىيانەتلىك ئۆسكەن قىزلارنى ناماز ئوقۇمايدىغان، دىيانەتتىن يىراق ئۆسكەن ئەرلەرگە ياتلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنى تونۇپ، دىيانەت بىلە ئەخلاقلانغان ۋە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان قىزلارنى دىيانەتسىز، ناماز ئوقۇمايدىغان ئەرلەرنىڭ بايلىقىنى ياكى ئابرۇيىنى ياكى مەنسىپىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۇلارغا ياتلىق قىلىش خاتادۇر. چۈنكى ئايال كىشىلەر ئومۇمەن ئېرىنىڭ مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئاۋامنىڭ «ئايال كىشىنىڭ مەزھىبى يوق» دېگەن سۆزىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئېيتىلغان بولسا كېرەك. مۇسۇلمان ئاياللىرىنى غەيرى مۇسۇلمان ئەرلەرگە ياتلىق قىلماسلىقنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ ئىدى. ئوغۇللارنىمۇ ئائىلە تەربىيىسى ياخشى بولمىغان ئۆزى پارقىراق، كۆڭلى قارا، دىيانەتسىز گۈزەللەرگە ئۆيلەندۈرمەسلىك كېرەك. بۇنداق قىلغان ئاتا ـ ئانا بۇ خاتالىقنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر قىز- ئوغۇللار شۇنداقلارنى تاللىغان بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا قارشى چىقىشى ۋە رەت قىلىشى لازىم. گەرچە باللار ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن ئوقۇمۇشلۇق ۋە بىلىم سەۋىيەلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەجرىبىسىگە ۋە يول كۆرسىتىشىگە ھەر زامان مۇھتاجدۇر. چۈنكى ياشلار كۆپرەك ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىلار سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ ئىش كۆرىدۇ. قىز ـ ئوغۇللار بۇ ماۋزۇدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى كۆپرەك ئاڭلىشى كېرەك. چۈنكى دۇنيادا ھېچ قانداق بىر ئاتا ياكى ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ بەختسىز بولۇشىنى خالىمايدۇ. بەلكى ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. باللارغا نىسبەتەن، ئاتا ـ ئانىلار كۆپنى بىلىدۇ ۋە ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش كېرەك.

2. سوئال: ئاۋامنىڭ ئېتىقادىدا: بىراۋ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئىككىسى ئۆيلەنمەكچى بولسا، بۇ ئىككىسىنىڭ قىلماقچى بولغان نىكاھى چۈشمەيدۇ ، دەيدىغان چۈشەنچە بار، بۇنىڭ دىنىمىزدا ئاساسى بارمۇ؟

جاۋاب: ئاز ساندىكى بەزى ئالىملار بۇنداق نىكاھنى دۇرۇس ئەمەس دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى ۋە باشقا ئالىملار نىكاھلىنىشنىڭ شەرتلىرى (يەنى قىز ـ يىگىتنىڭ رازىلىقى، گۇۋاھچىلارنىڭ ھازىر بولۇشى قاتارلىق شەرتلىرى) تولۇق

بولغان ئىكەن، بۇنداق نىكاھ دۇرۇس ۋە چۈشىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ قۇرئاندا: «زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ. زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ» دېگەن[1].

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، زىنا قىلغۇچى ئەر بىلەن زىنا قىلغۇچى ئايال بىر ـ بىرى بىلەن بولسۇن ياكى باشقىسى بىلەن بولسۇن نىكاھنىڭ شەرتلىرىنىڭ تولۇق بولۇش شەرتى بىلەن نىكاھلىنالايدۇ. بەلكى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى، بىر ـ بىرى بىلەن زىنا قىلغان ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەنلا ئۆيلىنىشى كېرەكلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەمما زىنا قىلغۇچى ئەر ياكى ئايال ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ مۇشرىك (بۇتپەرەس) بىلەن ئۆيلىنىشى ياكى ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشى دۇرۇس ئەمەستۇر.

3. ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن بىر ـ بىرى بىلەن زىنا قىلغان ئەر ـ ئايالنىڭ بۇ ئۆيلىنىشى ئۇلارنىڭ قىلغان زىنالىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كاپارەت (يەنى كەچۈرۈم) سانىلامدۇ؟

جاۋاب: ياق، ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىشى ئۇلارنىڭ بۇرۇن قىلغان زىنالىرىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن كاپارەت سانالمايدۇ. بەلكى ئۇلار گۇناھلىرى ئۈچۈن ئايرىم تەۋبە قىلىشى لازىم. ئۇلار زىنادىن ساقلىنىش نىيىتى بىلەن ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئايرىم ساۋاب تاپىدۇ. چۈنكى، هارامدىن ساقلىنىش ساۋاپلىق ئىشتۇر.

4.سوئال: ئايال ئۆزىنىڭ مەشغۇلىيتى ياكى هارغىنلىقى سەۋەبىدىن ئېرىنىڭ رىغبىتىگە ئۇنىمسا توغرا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئايال كىشىنىڭ مەشغۇلىيتى قانچىلىك مۇهىم بولىشىدىن، قانچىلىك هارغىن بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئېرىنىڭ تەلىپىگە ماسلىششى مۇهىمدۇر. ئەگەر ئايال ئۇنداق قىلمىغاندا، ئېرىنىڭ سىرتقا قاراپ قېلىشىغا سەۋەبكار بولىدۇ. نەتىجىدە، زىيانى ئايال كىشى تارتقان بولىدۇ. ئەگەر ئايال كىشى ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتنىڭ قېنىدىن پاك بولمىغان هالەتتە بولسا، ئېرىنىڭ ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەتكە زورلىشى توغرا ئەمەس. بۇنداق ئەركىشمۇ گۇناهكار بولىدۇ.

5. سوئال: ئادەت ياكى تۇغۇتنىڭ ئۆزرىسىنى باهانە قىلىپ ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن يىراقلىشىپ، ئايرىم يېتىۋېلىشى توغرىمۇ؟

جاۋاب: توغرا ئەمەس، چۈنكى ئەر كىشىنىڭ، ئايالى ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتلۇق بولغان هاللىرىدىمۇ، (كىيىمنى يەشمەستىن) ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتىشى، كۆڭۈل

(1) نۇر سۈرىسى 3 ـ ئايەت

ئېچىشى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا يېقىنچىلىقلارنى قىلىشى ھەققىدۇر. مۇنداق قىلىش ئەر - ئايال ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ياخشى. ئەمما ئەركىشى ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى ئىدارە قىلالماستىن، مەنئى قىلىنغان ئىشنى ئىشلەپ قويۇشىدىن قورقسا بىرگە ياتمىغىنى ۋە ئايالىغا ئارتۇقچە يېقىنلاشمىغىنى ياخشىدۇر.

6. سوئال: ئايالى ئادەت كۆرگەن ياكى تۇغۇتلۇق بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشى ئۈچۈن كاپارەت كېلەمدۇ؟

جاۋاب: ئەر - ئايال ھەرئىككىسى بۇ ھالەتتە گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر ئېرى ئايالىنىڭ ئىختىيارىسىز ھالدا بۇئىشنى زورلۇق بىلەن قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئېرىلا گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىشى لازىم كېلىدۇ. ئەمما كاپارەت(ماددىي جازا) توغرۇلۇق بەزى ئالىملار ئۇنىڭغا كاپارەت يوق، پەقەت تەۋبە قىلىشى لازىم كېلىدۇ، دىسە، بەزى ئالىملار تەۋبە بىلەن كاپارەت بىرگە لازىم كېلىدۇ، دەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ گۇناھنى ئىشلىگەن كىشى تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە مال دۇنياسىدىن مەلۇم مىقداردا سەدەقە بېرىپ كاپارىتىنى ئادا قىلسا بولىدۇ.

7.سوئال: ئەر خوتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىش ئۈچۈن جىنسىي فىلىملەرنى كۆرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: قەتئىي بولمايدۇ، چۈنكى ئەر - ئايال بولمىغان ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە تىكىلىپ قارىشى قۇرئاننىڭ ھۆكمى بىلەن قەتئىي ھارام بولغان يەردە، فىلىملاردا بولسىمۇ باشقىلارنىڭ ئۇچۇق بەدەنلىرىگە قاراش قانداقمۇ جائىز بولسۇن؟! بەزىلەر فىلىم دېگەن رەسىم ۋە خىيالدىن ئىبارەت نەرسە بولغاچقا، ئۇنى كۆرسە بولمامدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن ، لېكىن فىلىم رەسىم بولسىمۇ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆز سۈرىتىدۇر. ئۇنى كۆرۈش ھارامدۇر. ئۇ خىيالمۇ ئەمەس، بەلكى ئەينەن سۈرەتتۇر.

8. سوئال: ئۆيلىنىشكە پۈتۈشكەن قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلمىگىنى ئۈچۈن قىزنى ئېلىپ قېچىش توغرا بولامدۇ؟

جاۋاب: توغرا بولمايدۇ، چۈنكى مۇنداق قىلىش گەرچە نىكاھنىڭ شەرتلىرىگە نوقسان يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ، ئىسلام ئەخلاقىغا ۋە تەلىماتىغا خىلاپ ئىشتۇر. قىزلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ئېلىش دىنىمىزنىڭ ئەخلاقىدىندۇر.

9. سوئال: ئاتا - ئانىسى مۇۋاپىق كەلمەسلىكتە چىڭ تۇرىۋالسا نېمە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: يۇرتىنىڭ موتىۋەرلىرىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى، ئۆلىمالارنى

ئاربغا سېلش ئارقىلىق ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت ئېيتقۇزۇش — ئەگەر ئىككىسى تىوي قىلمىغاندا، بىر - بىرىدىن ۋازكېچەلمىگەنلىكتىن يولسىز، بىنورمال ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن، ئاتا - ئانىنىڭ ئاخىرى پۇشايمان تارتىپ قالىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىش، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

10.سوئال: بەزى كىشىلەر تېز مەنىي تۆكۈلۈشتىن شىكايەت قىلىدۇ. ئۇلار قانداق قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئۇلار جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان ۋاقتىدا خىيالىنى باشقا يەرگە بېرىشى، ھەرىكەتنى كۆپ قىلماسلىقى، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ھاياجانلانماسلىقى ۋە ئالدىراپ كەتمەسلىكى ئارقىلىق بۇ ھالەتكە تاقابىل تۇرالايدۇ.

11.جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ئېھتىلامدىن باشقا ھاللاردا تۆكۈلگەن مەنىنىڭ زىيىنى بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە زىيىنى بار. ئۇ، كىشىنىڭ جىسمىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ھالەتنىڭ ئىنسانىنىڭ ساغلاملىقىغا زىيىنى بارلىقىنى تىببىي مۇتەخەسسىسلەر ئېيتماقتا.

12.سوئال: ئۆيلىنىشكە شەرت - شارائىتى يار بەرمىگەنلەر ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلاش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، روزا تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى روزا تۇتۇش جىنسىي شەھۋەتنى ئازايتىدۇ. مۇندىن باشقا چارىلەرمۇ بار، مەسىلەن: نامەھرەم ئاياللارغا تىكىلىپ قارىماسلىق، قۇرئان ئوقۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىش، جىنسىي ھېكايە، ژۇرناللارنى ئوقۇماسلىق ۋە جىنسىي فىلىملارنى كۆرمەسلىك، ئەڭ مۇھىمى پىكىر - خىيالىنى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىش، ئاياللار توغرۇلۇق ئويلانماسلىق قاتارلىقلار ئۇلارغا سەۋىر - تاقەت ئاتا قىلىدۇ.

13.سوئال: تۇغۇت جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئايال كىشى شەھىدلىق دەرىجىسىدە ئۆلگەن بولىدۇ، دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئاساسى بارمۇ؟

جاۋاب: تۇغۇت جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنى كۆپلىگەن ئالىملار شەھىدلار قاتارىدىن سانايدۇ. بۇمۇ ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن بولىدۇ.

14. سوئال: قىز - يىگىتلەر ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ ئېملىداش

ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپسا ئۇلار نېمە قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئىككىسىنىڭ ئېمىلداش ئىكەنلىكىنى بىلگەن هامان نىكاھتىن ئايرىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ ئېمىلداش ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئۆتكۈزگەن ئەر - خوتۇنچىلىقى ئۇچۇن گۇناھ بولمىسىمۇ ، بىلگەندىن كېيىن نىكاھى بۇزۇلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېمىلداش ئىكەنلىكىنى ئىشەنچلىك دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىنمۇ، نىكاھتىن ئايرىلماي داۋام قىلىۋەرسە، ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى زىنا قىلغان بولىدۇ. ئەمما ئىككىسىنىڭ ئېمىلداش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋاقىتلىرىدىكى تاپقان باللىرى زىنا باللىرى هېسابلانمايدۇ. بەلكى ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىبىگە قوشۇلىدۇ.

15.سوئال: ئەر كىشىنىڭ ئايالىنى سىرتتا ئىشلەشتىن مەنئى قىلىش هوقۇقى بارمۇ؟

جاۋاب: ئەلۋەتتە بار. ئائىلىسىنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلىگەن ئەر كىشى ئايالىنى سىرتتا ئىشلەشكە چىقارماستىن، بەلكى ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئېهتىياجلىرىنى ئۆزى هەل قىلىدۇ. ئېرى ئەگەر ئايالىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ ئېهتىياجلىرىنى نورمال دەرىجىدە قامداپ بېرەلمىگەن بولسا، بۇۋاقىتتا ئايالىنى سىرتتا، ئۆزىگە مۇناسىپ، شەرەپلىك ئىشتا ئىشلەشتىن توسالمايدۇ.

16.سوئال: بەزى ئاياللار تىرناقلىرىنى بويىۋالىدۇ، بۇ بوياق ئۇلارنىڭ تاهارەت ئېلىش ۋە غۇسلە قىلىشىغا توسقۇن بولامدۇ؟

جاۋاڭ: ئەلۋەتتە توسقۇن بولىدۇ. چۈنكى تاهارەت ۋە غوسۇلدا سۇنى يۇيۇلغان ئەزالارغا ئۆتكۈزۈش شەرتتۇر. هالبۇكى، تىرناقلىرىنى بويىۋالغان ئايال كىشى تاهارەت ئالسا ياكى يۇيۇنسا سۇ ئۇنىڭ تىرناقلىرىغا ئۆتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار تاهارەت ئېلىش ياكى غوسلە قىلىشتىن بۇرۇن تىرناقلىرىدىكى بوياقلىرىنى تازىلاپ چىقىرىپ بولۇپ، ئاندىن تاهارەت ئېلىشى ياكى يۇيۇنۇشى كېرەك.

17. سوئال: تۇغۇلماقچى بولغان بالىنىڭ ساغلىق تەرەپتىن كەمتۈك تۇغۇلىدىغانلىقى دوختۇرلار تەرىپىدىن بىلىنسە، ئۇنى چۈشۈرىۋېتىشقا بولامدۇ؟ « «» »«

جاۋاب: توغرا بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش بىر جانغا جىنايەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇنى خۇددى بېجىرىم تۇغۇلىدىغان بالىنى كۈتىۋالغاندەك، كۈتىۋېلىش، قالغىنىنى ئاللاهقا تاپشۇرۇش كېرەك.

18. سوئال: نىكاھنى يۇرتنىڭ موتىۋەر ئۆلىماسى ياكى مەسجىدنىڭ ئىمامى قىلىشى

شەرتمۇ؟

جاۋاب: نىكاھنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولۇشى شەرتى بىلەن نىكاھنى ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان، ئاقىل، بالىغ كىشى ئوقۇسا بولىدۇ. ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھچىنى ھازىرقىلىپ تۇرۇپ ئەر - خوتۇن بولماقچى بولغان ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ نىكاھلىرىنى «ئالدىم» ۋە «تەگدىم» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئۇرۇندىسىمۇ بولىدۇ. نىكاھنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى دېگىنىمىز يۇقۇرىدا «نىكاھنىڭ شەرتلىرى» دېگەن باتتا ئېيتىلغاندەك، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ رازىلىقى ۋە مۇسۇلمان ئىككى ئەر گۇۋاھچىنىڭ ھازىر بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

19. سوئال: ئەر - ئاياللار تۇرمۇشتا بەختلىك بولالمىغانلىق ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئاجراشقاندا، ئەرنىڭ ئايالىغا بۇرۇن بەرگەن تويلۇقى ياكى مەھرىدىن بىر قىسمىنى ئېلىۋېلىشى ياكى تەلەپ قىلىشى دۇرۇسمۇ؟ »

جاۋاب: ئەرنىڭ ئايالىغا بەرگەن نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىشى ياكى ئۇنى تەلەپ قىلىشى جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى ئايالىغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۇنىڭغا نىكاھنىڭ سەۋەبى بىلەن بەلگىلەنگەن ھەقتۇر. ئاجراشقان سەۋەبتىن ئۇنى ئېلىۋېلىش ياكى ئېلىشنى تەلەپ قىلىش توغرا ئەمەس. بەرگەن نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە زورلاپ ئايالنىڭ خېتىنى بەرمەي ئارقىغا سۇرۇشمۇ ھەددىدىن ئاشقان نامەرتلىك ۋە چۈپەيلىكتۇر. ئاياللار ئاجىز ۋە شەپقەتكە ئېھتىياجلىق بىر جىنس. ئۇلارغا شەپقەتلىك ۋە كەڭ قۇرساق بولۇش كېرەك. ئەگەر ئايال كىشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھېچبىر زورلۇقسىز ھالدا، تويلاقتىن ياكى مەھرىدىن بىر قىسىم نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى خالىسا، ئۇنى ئالسا بولىدۇ. چۈنكى ئايال كىشى بۇ ۋاقىتتا ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆز ھەققىدىن كەچكەن بولىدۇ. ئەمما ئەخلاقلىق، ئېسىل كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئۇنى قوبۇل قىلىشمۇ ئۇڭايغا توختىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

20. سوئال: ئايال كىشى بېشىنى يۆرگەش نىيىتىدە چېچىنىڭ ئۇستىگە ياسما چاچ كىيىۋالسا، بۇ ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئىسلامىي قىياپەتتىكى رومال قاتارىغا كىرەمدۇ؟

جاۋاب: ئاياللارنىڭ بېشىغا چاچ كىيىۋېلىشى رومال قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسلامىي قىياپەتتىكى رومال ئارتىپ بېشىنى ئۇنىڭ بىلەن يۆرگىسە، بۇ ۋاقىتتا ئۇ، ئىسلامىي رومال ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بېشى ئوچۇقلا تۇرىدىكەن، ئۇ، ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1- القرآن الكريم (وترجمة معانيه باللغة الأويغورية والتركية)

2- الأحاديث الصحيحة

3- أدب اسلامي في نظام الأسرة

4- يسألونك في الدين والحياة

5- أصول التشريع الآسلامي

6- - الدر المختار

7- فتح القدير

8 ــ الإختيار لتعليل المختار

9- الهداية

10 ــ بدايةت المجتهد

11 ــ قدوري